# ﴿ ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرى ﴾

[uyghur - ئۇيغۇرچە - الأويغورية ]


شەيخ ئەھمەد بەھجەت

تەرجىمە قىلغۇچى: سابىرجان

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: مۇھەممەد ئابدۇللاھ

مۆمىن جان سىدىق

مىنەۋۋەر نىياز

كوررېكتورى: ئا. روزى توختى



نەشر ھوقۇقى مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ

Uyghur@islamhouse.com

2011 - 1432

IslamHouse.com

# ﴿ أنبياء الله ﴾

«باللغة الأويغورية»

شيخ أحمد بهجت

ترجمة: سابر جان

مراجعة: محمد عبد الله

مؤمن جان صديق

منورة نياز

تصميم: ع. روزي طوختي

حقوق الطبع والنشر لكل مسلم

2011 – 1432

IslamHouse.com

# مۇندەرىجە

ئۇلۇغ ئاللاھتىن بۇ كىتابنىڭ ئوقۇرمىنى، نەشر قىلغۇچىسى ۋە يازغۇچىسىنى ئەپۇ قىلىشىنى تىلەيمەن! .......... 7
كونا فەيەكۇن .......... 8
ياخشىلىقنىڭ سىمۋولى .......... 11
يامانلىقنىڭ سىمۋولى .......... 13
ئاللاھنىڭ ئادەملىرى .......... 14
قۇرئاندىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرى .......... 21
ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالام .......... 37
ھەزرىتى نۇھ ئەلەيھىسسالام .......... 57
ھەزرىتى ھۇد ئەلەيھىسسالام .......... 74
ھەزرىتى سالىھ ئەلەيھىسسالام .......... 83
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام .......... 92
لۇت ئەلەيھىسسالام .......... 127
ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام .......... 136
بەيتۇللاھ .......... 140
(ئاللاھنىڭ ئۆيى) .......... 140
ئىسھاق ئەلەيھىسسالام ۋە يەئقۇب ئەلەيھىسسلام .......... 146
يۇسۇف ئەلەيھىسسالام .......... 148
شۇئەيب ئەلەيھىسسالام .......... 197
ھەزرىتى ئىلياس ئەلەيھىسسالام .......... 207
ئىدرىس ئەلەيھىسسالام .......... 209
ئىليەسەئ ئەلەيھىسسالام .......... 210
زۇلكىفل ئەلەيھىسسالام .......... 211
ياسىن سۈرىسىدە ئىسمى تىلغا ئېلىنغان پەيغەمبەرلەر .......... 212
ئەييۇب ئەلەيھىسسالام .......... 214
ئەييۇبنىڭ بۇ سۆزىنىڭ مەنىسى نېمە ئىدى؟ .......... 220
يۇنۇس ئەلەيھىسسالام .......... 222
مۇسا ۋە ھارۇن ئەلەيھىسسالاملار .......... 231
خىزىر ئەلەيھىسسالام .......... 318
مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن كەلگەن ئىسرائىل ئەۋلادىغا مەنسۇپ پەيغەمبەرلەر .......... 330
داۋۇد ئەلەيھىسسالام .......... 333
سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام .......... 346
سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبادەتخانىسى .......... 370
ئۇزەير ئەلەيھىسسالام .......... 375
زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام .......... 382
يەھيا ئەلەيھىسسالام .......... 389
ئىسا ئەلەيھىسسالام .......... 396
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام .......... 467

## ناھايىتى مېھرىبان اللە نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن!

### كىرىش سۆز

بارلىق ھەمدۇ سانا اللە قا خاستۇر.........

ھۆرمەتلىك كىتابخان! اللە ئىنسانني ياراتتى. شۇنىڭ بىلەن تەڭلا پەيغەمبەرنى ياراتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھەربىر قەۋم ۋە ھەر بىر يۇرتقا ئېھتىياجقا قارىتا پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتى. شۇ ئارقىلىق ئىنسانلارغا دىنىنى، دۇنيادىكى ياشاش (ئىنساندەك ياشاش) قانۇنىيەتلىرىنى ئۆگەتتى. شۇڭا پەيغەمبەرلەرنى شۇ ئىنسانلار ئىچىدىن چىقىرىپ يەنە شۇ ئىنسانلارغا ئۈلگە قىلدى. ئىنسانلار شۇ پەيغەمبەرلەرنى ئۆزلىرىگە ئۈلگە قىلىش جەريانىدا يەنە نۇرغۇن مەسىلىلەرگە يولۇقۇپ، بۇلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن شۇ پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق ياراتقان ئىگىسى اللە تىن يوليورۇق ئالدى. بۇ جەرياندا بىز ئۈچۈن قىممەتلىك تارىخى ئىبرەتلەر مىراس قالدى. بىزنىڭ ۋەزىپىمىز شۇ قىممەتلىك تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى توغرا بولغان مەنبەلەردىن توغرا شەكىلدە قوبۇل قىلىش بولۇپ، ئەكسىچە بولغاندا يا ئۇ پايدىلاردىن مەھرۇم قالىمىز ياكى ئۇنى خاتا مەنبەلەردىن ئېلىپ ئۆز ئىمان ـ ئەقىدىمىزگە شەك كەلتۈرىۋالىمىز. ھەتتا ئىماندىن چىقىش تەھلىكىسىگە دۇچ كېلىمىز.بۇنىڭ مىسالى دىيارىمىزدا نەشىر قىلىنغان رەبغۇزىنىڭ قىسەسۇل ئەنبىيا ناملىق كىتابىدەك يەھۇدىلارنىڭ قىسسىلىرىنى ئايرىماستىن پەيغەمبەرلەر قىسسىسى قىلىپ كۆرسەتكەن. مەسىلەن: شۇ كىتابنىڭ **371** ـ بېتىدە داۋۇد ئەلەيھىسسالام قىسسىسىدە داۋۇد ئەلەيھىسسالام قول ئاستىدىكى بىر ئەسكەر باشلىقىنىڭ ئايالىغا كۆزى چۈشۈپ قېلىپ، ئۇنىڭغا يېتىش ئۈچۈن ئۇ ئادەمنى ئۆلىشى ئېنىق بولغان بىر يەرگە بۇيرۇپ ئۆلتۈرىۋاتىدۇ. ئەھلى سۈننە ۋەلجەمائەنىڭ ئەقىدىسى بويىچە پەيغەمبەر گۇناھى كەبىر ئىشلىدى دېسە ئۇنىڭ ئىمانىغا دەخلى يېتىدۇ......

يۇقىرىقى سەۋەبلەر تۈپەيلى ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى ئىسلام دۇنياسىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەن، پەقەت ئەرەبچە نۇسخىسىلا **12** قېتىم بېسىلىپ **120** مىڭ نۇسخىدىن كۆپ بېسىلغان شەيخ ئەھمەد بەھجەتنىڭ اللە نىڭ پەيغەمبەرلىرى ناملىق ئەسىرىنى تۈركچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلدى. تەرجىمىسى ئەرەبچە نۇسخىسى بىلەن قايتا سېلىشتۇرۇلدى. بۇ ئەسەر ۋە پەيغەمبەرلەر ھەققىدە ئاپتۇر يېتەرلىك چۈشەنچە بەرگەن شۇڭا بۇ يەردە تەپسىلى توختالمايمىز.

ئاخىردا ئۇلۇغ اللە تائالادىن ھەممىزگە توغرا يول توغرا چۈشەنچە ۋە شۇنىڭغا لايىق ئەمەل ـ ئىخلاس ئاتا قىلىشىنى، شۇ ئارقىلىق دۇنيا ئاخىرەتنىڭ بەخت سائادىتىگە ئېرىششىمىزنى تىلەيمەن!

ھۆرمەت بىلەن : ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى

## پەرسىچە نەشرىگە كىرىش سۆز

ئى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى! سۇبھانەكە (سەن ھەر تۈرلۈك كەمچىلىكلەردىن خالىي سەن)!

ئى ئاسمان ۋە زېمىننىڭ ياراتقۇچىسى! سۇبھانەكە!

ئى ئاسمان ۋە زېمىننىڭ نۇرى! سۇبھانەكە!

ئى ئەڭ ئالىي مەرتىۋىلىك زات! سۇبھانەكە!

ئى ئۇلۇغ ئەرشنىڭ ئىگىسى! سۇبھانەكە! ھەمدى، ئۇلۇغلۇق ۋە شەرەپ ساڭىلا ئائىتتۇر.

ئى غەيبنى ۋە غەيب سىرتىدىكىنى بىلگۈچى! سۇبھانەكە!

ئى مەخپىي ۋە يوشۇرۇن ئىشلارنى بىلىپ تۇرغۇچى زات! سۇبھانەكە!

ئى بىر نەرسىنى ئىرادە قىلغاندا، ئۇنىڭغا: ”ۋۇجۇدقا كەل“ دېگۈچى ۋە ئۇنى دەرھال ۋۇجۇدقا كەلتۈرگۈچى زات! سۇبھانەكە!

ئى ھەممىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئۆز ئىلكىدە تۇتقۇچى ۋە ھەممە ئۇنىڭغا قايتقۇچى زات! سۇبھانەكە!

ئى ئۆزى ۋە پەرىشتىلىرى قاراڭغۇ زۇلمەتتىن يورۇقلۇققا چىقىرىش ئۈچۈن بىزگە رەھمەت يوللىغۇچى! سۇبھانەكە!

ئى ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكىلەرنىڭ پەرۋەردىگارى! سۇبھانەكە!

ئى يۇلتۇزلارنىڭ، ئاسماندىكى جىسىملارنىڭ ۋە يىراقتىكى ماكانلارنىڭ پەرۋەردىگارى! سۇبھانەكە!

ئى ئىككى شەرقنىڭ ۋە ئىككى مەغرىبنىڭ پەرۋەردىگارى! سۇبھانەكە!

ئى يەتتە قات ئاسماننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ كۆلەڭگىسىدىكى نەرسىلەرنىڭ پەرۋەردىگارى! سۇبھانەكە!

ئى يەتتە قات زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى نەرسىلەرنىڭ پەرۋەردىگارى! سۇبھانەكە!

ئى تەۋرات، زەبۇر، ئىنجىل ۋە قۇرئاننىڭ پەرۋەردىگارى! سۇبھانەكە!

ئى مۇسا بىلەن ھارۇننىڭ پەرۋەردىگارى! سۇبھانەكە!

ئى داۋاد بىلەن سۇلايماننىڭ پەرۋەردىگارى! سۇبھانەكە!

ئى يەھيا بىلەن ئىسانىڭ پەرۋەردىگارى! سۇبھانەكە!

ئى مۇھەممەد بىلەن ئىبراھىمنىڭ پەرۋەردىگارى! سۇبھانەكە!

ئى ئادەم، نۇھ، ئىبراھىمنىڭ ئائىلىسى ۋە ئالى ئىمران (ئىمران ئائىلىسى)نىڭ پەرۋەردىگارى! سۇبھانەكە!

ئى پەرىشتىلەرنىڭ ۋە روھنىڭ پەرۋەردىگارى! سۇبھانەكە!

ئى جىبرائىل ۋە مىكائىلنىڭ پەرۋەردىگارى! سۇبھانەكە!

ئى سىدرەتۇل مۇنتەھانىڭ پەرۋەردىگارى! سۇبھانەكە!

ئى جەننەتۇل مەئۋانىڭ پەرۋەردىگارى! سۇبھانەكە!

ئى فىردەۋسۇل ئەلانىڭ پەرۋەردىگارى! سۇبھانەكە!

ئى جەھەننەمنىڭ پەرۋەردىگارى سۇبھانەكە! مەرھەمەت قىلغىن، مەرھەمىتىڭ بىلەن بىزنى دوزاخ ئوتىدىن ساقلىغىن! ئى مەرھەمەتلىكلەرنىڭ ئەڭ مەرھەمەتلىكى!

ئى قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسى! سۇبھانەكە!

ئى ئەسمائۇل ھۇسنا (گۈزەل ئىسىملار) نىڭ ئىگىسى! سۇبھانەكە!

ئى پەرۋەردىگارىمىز! سەن ئۇلۇغ سەن، ساڭا بولغان ھەمدۇسانايىمىز چەكسىزدۇر. سەن ئۆزەڭنى مەدھىيەلىگىنىڭدەكتۇرسەن. سۇبھانەكە!

ئى پەرۋەردىگارىمىز! ئەڭ پاك، چىرايلىق ۋە پۈتمەس ـ تۈگىمەس مەدھىيەلەرنى ساڭىلا ئېيتىمىز! سەن مۇبارەك ۋە كاتتا زات سەن!

ئى پەرۋەردىگارىمىز! گەرچە سېنىڭ بىزگە ئاتا قىلغان نېئمەتلىرىڭگە توغرا كەلگۈدەك ھەمدۇ سانا بولمىسىمۇ، تاقىتىمىزنىڭ يېتىشىچە ھەمدى ئېيتىشقا تىرىشىمىز.

ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ئاتا قىلغان سانى چەكسىز ۋە ھەر تۈرلۈك نېئمەتلىرىڭ ئۈچۈن، ساڭا سانى ۋە تۈرىنى ئۆزىمىز بىلەلمىگۈدەك دەرىجىدە ھەمدى ئېيتىمىز.

ئى پەرۋەردىگارىمىز! ساڭا زاتىڭنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا، كۈچ ـ قۇدرىتىڭنىڭ بۈيۈكلۈكىگە، لۇتفىڭنىڭ چەكسىزلىكىگە مۇۋاپىق شەكىلدە ھەمدى ئېيتىمىز.

ئى پەرۋەردىگارىمىز! مەخلۇقاتلىرىڭنىڭ سانى، ئەرشىڭنىڭ ئېغىرلىقى، كەلىمىلىرىڭنىڭ سىياھى، رەھمىتىڭنىڭ كەڭلىكى ۋە نەپسىڭنىڭ خۇشلۇقى بىلەن تەڭ نىسبەتتە ھەمدى ئېيتىمىز.

ئى پەرۋەردىگارىمىز! سەن رازى بولغىدەك دەرىجىدە ھەمدى ئېيتىمىز. ئى ئۇلۇغلارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى! ئى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى!

سۇبھانە رەببىكە رەببىل ئىززەتى ئەممايەسىفۇن، ۋە سەلامۇن ئەلەل مۇرسەلىين، ۋەلھەمدۇلىللاھى رەببىل ئالەمىين (سېنىڭ كۈچ ـ قۇدرەتلىك رەببىڭ ئۇلارنىڭ نېئمەتلىرىدىن بىھاجەتتۇر. پەيغەمبەرلەرگە سالاملار بولسۇن! ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا ھەمدۇ سانالار بولسۇن)!

## ئون ئىككىنچى نەشرىگە كىرىش سۆز

بەزى كىتابلار باركى، يازغۇچى ئۇنى قەلىمى بىلەن يازغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ.

يەنە بەزى كىتابلار باركى، يازغۇچى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە قەلبىنىڭ ئەڭ پاك يەرلىرىدىن يازدۇرۇلغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ھەقتە ئوتتۇرىدا ۋاسىتىچى بولۇشتىن باشقا رولى بولمايدۇ.

بۇنىڭ مەدھىيىلىگۈدەك بىر تەرىپى يوق. چۈنكى دەسلەپتە قەلبنى پاكلىغۇچى ئاللاھتۇر، نەتىجىدە ئۇنىڭ ۋاسىتىچى بولۇشىنى ئىرادە قىلغانمۇ ئاللاھتۇر.

مېنىڭچە، بۇ كىتاب كېيىنكى تۈرگە كىرىشى مۇمكىن.

مەن خۇددى يۇرەك سۆزلىرىنى قۇرلارغا تۆكۈۋاتقان ئادەمدەك يازماقتا ئىدىم. كىتابنى يېزىش جەريانىدا رامىزان ئېيىنىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە كەئبىدە سەجدە قىلىۋاتقاندەك ھېسسىياتقا چۆمۈلدۈم.

ئىبراھىم مۇئەللىم مەن بىلەن ئالاقىلىشىپ: «كىتابنى ئون ئىككىنچى نەشرگە تەييارلىدۇق. شۇنىڭغا كىرىش سۆز يېزىپ بەرگەن بولساڭ» دېدى.

ئۆز ــ ئۆزەمگە: «ئاللاھقا شۈكرى! ئۇنىڭغا مەخلۇقاتلىرىنىڭ سانى، ئەرشىنىڭ ئېغىرلىقى، كەلىمىلىرىنىڭ سىياھى، رەھمىتىنىڭ كەڭلىكى ۋە نەپسىنىڭ خۇشلۇقى بىلەن تەڭ نىسبەتتە ھەمدى ئېيتىمەن» دېدىم.

پەرۋەردىگارىمىز! ساڭا چەكسىز ھەمدى ئېيتىمىز!

سەن ئۆزەڭنى مەدھىيىلىگەندەكتۇرسەن، سۇبھانەكە! ...

ئىچىمدە مەغرۇرلۇق، مۇتەكەببىرلىك تۇيغۇسى ھېس قىلمىدىم.

ئەكسىچە، بىردىنلا ئەندىشە ھېسسىياتى تۇغۇلدى.

كېيىنچە، كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشى بىلەن ئۆزەمگە كەلگەندەك بولدۇم. كىتاب تىراژىنىڭ **120** مىڭدىن ئېشىشى، كىتاب تېمىسىنىڭ قىممەت ــ ئېتىبارى، يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاللاھنىڭ نەزىرىدىكى ئورنىنىڭ يۇقىرىلىقىغا مۇناسىۋەتلىكتۇر.

ئۇنداق بولغانىكەن، ئەندىشە قىلىشىمنىڭ ئورنى يوق ئىدى.

بۇ كىتابنىڭ نەشر قىلىنىش ياكى قىلىنماسلىقىمۇ مۇھىم ئەمەس ئىدى.

**ئۇلۇغ ئاللاھتىن بۇ كىتابنىڭ ئوقۇرمىنى، نەشر قىلغۇچىسى ۋە يازغۇچىسىنى ئەپۇ قىلىشىنى تىلەيمەن!**

# كۇن فەيەكۇن

﴿ۋۇجۇدقا كەل دەيدۇ - دە، ئۇ ۋۇجۇدقا كېلىدۇ﴾

ئۇلۇغ ئاللاھ كائىناتنى، ئۇنىڭدىكى يۇلتۇزلارنى، قۇياشنى، پىلانېتلارنى، يەر - زېمىننى ۋە باشقا بىز بىلىدىغان - بىلمەيدىغان بارلىق شەيئىلەرنى يارىتىشنى ئىرادە قىلغاندا، ئۇلارغا: «ۋۇجۇدقا كەل!» دەپ ئەمر بېرىدۇ - دە، ئۇلار ۋۇجۇدقا كېلىدۇ.

ئۇلۇغ ئاللاھ ئۆزىنىڭ بىر نەرسىنى ياراتماقچى بولغاندا، ئۇنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ئۈچۈن ئەمر بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دېدى: ﴿ئاللاھ بىرەر شەيئىنى (يارىتىشنى) ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭغا «ۋۇجۇدقا كەل» دەيدۇ - دە، ئۇ ۋۇجۇدقا كېلىدۇ﴾[4]

بۇ، تەكۋىن (ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش، پەيدا قىلىش، يارىتىش) بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەمردۇر.

ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ئەمرى ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى تەكۋىن بىلەن مۇناسىۋەتلىك، يەنە بىرى تەشرىئ (شەرىئەت ئورنىتىش) بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر.

تەكۋىن بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەمرى بولسا، مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋە تەرەققىي قىلىۋاتقان كائىنات بويسۇنىدىغان (ئاللاھنىڭ) ئىلمى، كەسكىن ۋە نۇقسانسىز قانۇنىيەتلىرى دېمەكتۇر. تەشرىئ بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەمرى بولسا، ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ئىنسانلارغا تەبلىغ قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبەرلىرىگە ۋەھيى ئارقىلىق بىلدۈرگەن ۋە ئىنسانلارنىڭ ئۇنىڭغا مەھكەم ئېسىلىشى ۋە ئىتائەت قىلىشى كېرەك بولغان قانۇنلىرىدۇر.

ئاللاھنىڭ تەكۋىن بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەمرلىرى تەشرىئ بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەمرلىرىدىن بۇرۇن كېلىدۇ ھەم ئۇ «مۇتلەق» بولىدۇ. مەسىلەن، ئاسمانغا مەۋجۇت بولۇش ياكى بولماسلىق ئىختىيارلىقى بېرىلمىگەن، زېمىنغىمۇ ھەم شۇنداق.

تەشرىئ بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەمرلىرىدە بولسا، ئىنسان ئىرادىسىگە ئىختىيارلىق بېرىلگەن. شۇنداقلا، ئۇنىڭدا مەسئۇلىيەت ۋە ئۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان جاۋابكارلىققا تارتىلىش خۇسۇسىيىتى، تاللاش ھوقۇقى قاتارلىقلارمۇ بېرىلگەن.

ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ تەكۋىن بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەمرى ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟

[4] سۈرە ياسىن 82 - ئايەت.

﴿ئاندىن ئۇ ئاسماننى (يارىتىشقا) يۈزلەندى، ھالبۇكى، ئۇ تۇمان ھالىتىدە ئىدى، ئاسمان بىلەن زېمىنغا: «ئىختىيارىي ياكى ئىختىيارسىز ھالدا كېلىڭلار (يەنى ئەمرىمنى قوبۇل قىلىڭلار)» دېدى. ئىككىلىسى: «ئىختىيارىي كەلدۇق» دېدى﴾.

ئاللاھ تەشرىئ بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەمرى ھەققىدە مۇنداق دېدى: ﴿دىندا (ئۇنىڭغا كىرىشكە) زورلاش يوقتۇر﴾. ﴿خالىغان ئادەم ئىمان ئېيتسۇن، خالىغان ئادەم كاپىر بولسۇن﴾.

«ئىختىيارلىق» تەشرىئ بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەمرگە ھاكىم بولسىمۇ، تەكۇين بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەمردىن پۈتۈنلەي مەھرۇمدۇر. بەلكى بۇ، ئۇلۇغ رەببىمىزنىڭ تۆۋەندىكى ئايىتىدە كۆزدە تۇتۇلغان نەرسە بولسا كېرەك: ﴿شۈبھىسىزكى، بىز ئامانەتنى (يەنى پەرزلەرنى ۋە شەرىئەت تەكلىپلىرىنى) ئاسمانلارغا، زېمىنغا ۋە تاغلارغا تەڭلىدۇق، ئۇلار ئۇنى ئۈستىگە ئالمىدى، ئۇنىڭ (ئېغىرلىقىدىن) قورقتى، ئۇنى ئىنسان ئۈستىگە ئالدى، ئىنسان ھەقىقەتەن (ئۆزىگە) زۇلۇم قىلغۇچىدۇر، ھەقىقەتەن ناداندۇر﴾.

ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ بۇ مەسئۇلىيەتتىن قورقۇپ، ئۇنى ئۆز ئۈستىگە ئالماسلىقى، پەقەت ئۇلارنىڭ ئەسلىي تەكۇين ۋە ئەزەلىي تەقدىر پۈتى يۈكلەنمەيدىغان نەرسىنى رەت قىلغانلىقىنى تەسۋىرلەپ بەرگەن ئەڭ ئۈلگىلىك مىسالدۇر.

بۇ يەردە، ئاسمان ـ زېمىننىڭ مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشنى رەت قىلىشى، ئۇلارنىڭ ئىختىيارلىقىغا قويۇلغانلىقى تۈپەيلىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ مەجبۇرى بولماي، ئىختىيارىي يارىتىلغانلىقى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققانىدى. ئايەتتىكى مىسال ۋە تەشبىھ (ئوخشىتىش)، پەقەت ئۇنى ئىنسانلارغا چۈشىنەلىگۈدەك ھالغا كەلتۈرۈپ بايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

تەكۇين بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەمر بىز ئۈچۈن غەيبتۇر.

ئۇلۇغ ئاللاھ ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە بىز كۆرۈپ تۇرغان شەيئىلەرنى ياراتتى. ئەمما بىز ئۇلارنىڭ قاچان، قانداق ئۇسۇل ۋە قانداق ۋاستە بىلەن يارىتىلغانلىقىنى بىلمەيمىز.

شۇنداقلا، ئاسمان ـ زېمىننىڭ يارىتىلىش نۆۋىتىنى، يەنى قايسىسىنىڭ بۇرۇن، قايسىسىنىڭ كېيىن يارىتىلغانلىقىنى بىلمەيمىز. يارىتىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى، قانداق مەيدانغا كەلگەنلىكى ۋە يارىتىلىش شەكلى بىز ئۈچۈن نامەلۇم بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا خاس سىرلاردۇر. لېكىن بىز بۇ سىرلارنىڭ تېگىگە يېتىش ئۈچۈن، يەر يۈزىدىكى

سۈرە فۇسسىلەت 11 ـ ئايەت.
سۈرە بەقەرە 256 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
سۈرە كەھف 29 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
سۈرە ئەھزاب 72 ـ ئايەت.

مىڭلارچە ئىلىم ۋە تېمىلارنى ئۆزىمىز خالىغان شەكىلدە تەتقىق قىلماقتىمىز. ئەمما بىز بۇ ھەقتە ئاللاھنىڭ بىزگە بىلدۈرگىنىدىن باشقا ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىدۇق.

ئۇلۇغ ئاللاھ بىزگە ئۆزىنىڭ ئاسمان ـ زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى شەيئىلەرنى ئالتە كۈن ئىچىدە ياراتقانلىقىنى بىلدۈرمەكتە: ﴿ئاللاھ ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى ئالتە كۈندە ياراتتى. ئاندىن ئەرش ئۈستىدە (ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە) قارار ئالدى﴾.

يەنى ئاللاھ ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنىڭ ئالتە كۈندە يارىتىلىشىنى ئەمر قىلدى، ئۇلارمۇ ئالتە كۈن ئىچىدىلا بارلىققا كەلدى.

بۇ ئالتە كۈن، ئاللاھنىڭ كۈنلىرى بولۇپ، ئۇلار بىز ھازىر ياشاۋاتقان كۈنلەرگە ئوخشىمايدۇ. چۈنكى بىز قۇياش ئەتراپىدا ئايلىنىۋاتقان يەر شارىنىڭ ئۆز ئوقىنى بىر ئايلىنىپ چىقىشىنى ‹بىر كۈن› دەپ قارايمىز. ئەمما ئاللاھ تىلغا ئالغان كۈنلەر بولسا، ئاسمان ـ زېمىن يارىتىلىشتىن بۇرۇنقى كۈنلەردۇر.

شۇڭا ھېساب ۋە كۈنلەرنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى پەرقلىق بولىدۇ ـ ئەلۋەتتە! بۇ ئالتە كۈن، بەلكىم ھازىرقى ھېسابىمىزدىكى مىڭلارچە يىل ياكى مىليونلارچە ئەسىرلەرگە تەڭ كېلىشى مۇمكىن. ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ياكى ئاز بولۇشىمۇ مۇمكىن. بەلكىم ئاللاھنىڭ ھېسابىغا كۆرە، پۈتۈنلەي باشقا بىر نەرسىدۇر.

شۇڭا بۇ، بىز تەبىر بېرەلمەيدىغان ۋە قارىغۇلارچە جۆيلۈشكە بولمايدىغان، غەيبكە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىدۇر.

غەيبتىن پەقەت ئاللاھ بىزگە بىلدۈرگەن مەلۇماتلار ئارقىلىق خەۋەردار بولالايمىز. چۈنكى غەيب بىزنىڭ ئەقلىمىز ۋە زامانىمىزدىن يىراق نەرسە بولغاچقا، بىز ئۇنى ئۆز تەپەككۇرىمىز ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى پەقەت ئاللاھنىڭ بىلدۈرۈشى ئارقىلىقلا بىلەلەيمىز.

ئاللاھ ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى ئالتە كۈندە ياراتقاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئەرش ئۈستىدە قارار ئالغانلىقىنى بىلدۈردى. ھەممە نەرسە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلدى، ئۇنىڭغا سەجدە قىلدى ۋە ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى قوبۇل قىلدى. ئۇلۇغ ئاللاھ ھەممە نەرسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئۆز قولىدا تۇتىدۇ، ھەممە نەرسە ئۇنىڭغا موھتاجدۇر، ئەمما ئۇ ھېچنېمىگە موھتاج ئەمەس.

ئەمر ئاخىرلاشتى ۋە ئاللاھنىڭ ئىرادىسى ئورۇندالدى. كائىنات يارىتىلدى، ئۇ يارىتىلغاندىن كېيىن، ياراتقۇچىغا سەجدە قىلىندى. ئۇنىڭغا موھتاج بولغانلىقىغا ۋە ئۇنىڭدىن ياردەم تەلەپ قىلغانلىقىغا دائىر سەجدە قىلىندى.

سۈرە سەجدە 4 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

## ياخشىلىقنىڭ سىمۋولى

پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ بەندىلىرى، ئەسكەرلىرى، ياراتقان مەخلۇقلىرىنىڭ ئەڭ كاتتىلىرى ۋە ئەڭ ياخشىلىرىدۇر. ئۇلارمۇ مەۋجۇدىيەت بولۇپ، ھەر بىرىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا، كىچىكتۇرمەي ئىجرا قىلىدىغان ۋەزىپىلىرى بار. مەسىلەن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا، ئاللاھنىڭ ئىنسانلارغا ئەۋەتىدىغان ۋەھيىلىرىنى پەيغەمبەرلەرگە يەتكۈزۈش ۋەزىپىسى ۋە ئۇنىدىن باشقا تۈرلۈك ۋەزىپە تاپشۇرۇلغان پەرىشتىلەر بار بولۇپ، بۇ پەرىشتىلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى (ئاللاھنىڭ مەخلۇقلىرىنىڭ ئەڭ شەرەپلىكى ۋە ياخشىلىقنىڭ سىمۋولى بولغان) جىبرىئىلدۇر.

ئۇلۇغ ئاللاھ ئۇنى «روھۇل ئەمىن (ئىشەنچلىك)» دەپ ئاتىدى: ﴿ئاگاھلاندۇرغۇچىلاردىن بولۇشۇڭ ئۈچۈن، ئىشەنچلىك جىبرىئىل ئۇنى سېنىڭ قەلبىڭگە ئېلىپ چۈشتى﴾.

ئۇلۇغ ئاللاھ ئۇنى يەنە «روھۇل قۇددۇس» دەپمۇ ئاتىدى: ﴿ئېيتقىنكى، قۇرئاننى جىبرىئىل (روھۇل قۇددۇس) مۆئمىنلەرنىڭ (ئىمانىنى) مۇستەھكەم قىلىش ئۈچۈن، مۇسۇلمانلارغا ھىدايەت ۋە خۇشخەۋەر قىلىپ، پەرۋەردىگارىڭ ھوزۇرىدىن راستچىللىق بىلەن نازىل قىلدى﴾.

ئاللاھ ئۇنىڭغا ‹روھ› ئىسمىدىن باشقا «ئىززەتلىك ئەلچى» ئىسمىنى بەرگەندى: ﴿قۇرئان ھەقىقەتەن (ئاللاھنىڭ) ئىززەتلىك بىر ئەلچى (ئارقىلىق نازىل قىلىنغان) سۆزىدۇر. ئۇ (ئەلچى) كۈچلۈكتۇر، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا مەرتىۋىلىكتۇر. پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغۇچىدۇر. بۇ يەردە (يەنى ئاسماندا) ئۇ ئىشەنچلىكتۇر﴾.

ئۇلۇغ ئاللاھ سۈرە قەدىردە مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەرىشتىلەر ۋە جىبرىئىل (روھ) شۇ كېچىدە پەرۋەردىگارىنىڭنىڭ ئەمرى بىلەن، (زېمىنغا ئاللاھ تەقدىر قىلغان) بارلىق ئىش ئۈچۈن چۈشىدۇ﴾.

ئۇلۇغ ئاللاھ ئۇنى يەنە «كۈچلۈك پەرىشتە» دەپمۇ ئاتىغانىدى: ﴿ساقىغان يۇلتۇزلار بىلەن قەسەمكى، سىلەرنىڭ ھەمراھىڭلار (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) گۇمراھ بولمىدى ۋە يولدىن ئاداشمىدى. (ئۇ) ئۆز نەپسى خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ. پەقەت ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىنىلا سۆزلەيدۇ. ۋەھيىنى ئۇنىڭغا كۈچلۈك پەرىشتە (جىبرىئىل) تەلىم بەردى. ئۇنىڭ (يەنى جىبرىئىلنىڭ) كۆرۈنۈشى چىرايلىق بولۇپ، يۇقىرى ئۇپۇقتا (ئۆز شەكلىدە) تۇردى. ئاندىن ئۇ ئاستا ـ ئاستا (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) يېقىنلىشىپ، تۆۋەنگە ساڭگىلىدى. ئۇ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا)

سۈرە شۇئەرا 193 ـ ۋە 194 ـ ئايەتلەر.
سۈرسۈرە نەھل 102 ـ ئايەت.
سۈرە تەكۋىر 19 ـ دىن 21 ـ ئايەتكىچە.
سۈرە قەدىر 4 ـ ئايەت.

ئىككى ياچاق مىقدارى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ يېقىنراق يېقىنلاشتى. ئاللاھ بەندىسىگە (جىبرىئىل ئارقىلىق) تېگىشلىك ۋەھيىلەرنى ۋەھيى قىلدى. ئۇنىڭ كۆرگىنىنى دىلى ئىنكار قىلمىدى (يەنى راست كۆردى)﴾. [1]

مانا بۇلار جىبرىئىلنىڭ ئىسىملىرىدۇر.

جىبرىئىلغا «روھ» ئىسمى بېرىلىپ، «قۇددۇس» قا نىسبەت قىلىنغان بولۇپ، «قۇددۇس» ـ ئۇلۇغ ۋە ئەزىز ئاللاھتۇر. ئۇلۇغ ئاللاھ ئۇنى خۇددى ئادەمنى ياراتقاندەك، ئاتا ـ ئانىسىز ۋە ئۆزگىچە (يەنى ئوخشىشى يوق بىر شەكىلدە) ياراتتى. ئەمما جىبرىئىل «خاتالىق ۋە گۇناھ ئۆتكۈزۈشى جائىز بولغان جەسەت» ئەمەسلىكى بىلەن ھەزرىتى ئادەمدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. جىبرىئىل ـ ئىسمى ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن تەڭ زىكىر قىلىنغان، ئىتائەتكار ۋە ئىشەنچلىك روھتۇر. ئۇلۇغ ئاللاھ ئۇنىڭ ئىسمىنى ئۆز ئىسمى بىلەن بىللە زىكىر قىلىش ئارقىلىق، ئۇنىڭغا ئىلاھىي شەرەپ ئاتا قىلغانىدى.

يەھۇدىيلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: «ساڭا ۋەھيىنى كىم يەتكۈزدى؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «جىبرىئىل» دەپ جاۋاب بەردى. يەھۇدىلار: «جىبرىئىل بىزنىڭ دۈشمىنىمىزدۇر. ئەگەر ساڭا پەيغەمبەرلىكنى مىكائىل يەتكۈزگەن بولسا، ساڭا ئىشەنگەن ۋە ئىتائەت قىلغان بولاتتۇق» دېيىشتى.

ئاللاھ پەرىشتىلىرىنىڭ دۈشمەنلىرىگە بولغان پوزىتسىيىسىنى ئېنىق بىر ئىپادە بىلەن مۇنداق دەپ بايان قىلغانىدى: ﴿ئېيتقىنكى، جىبرىئىلغا دۈشمەن بولغان ئادەم (ئاللاھقا دۈشمەندۇر)، چۈنكى ئۇ (يەنى جىبرىئىل) ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن ئۆزىدىن ئىلگىرىكىنى (يەنى ساماۋىي كىتابلارنى) تەستىق قىلغۇچى، توغرا يول كۆرسەتكۈچى، مۆمىنلەرگە بىشارەت بەرگۈچى قۇرئاننى سېنىڭ قەلبىڭگە نازىل قىلدى. كىمكى ئاللاھنى، ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىنى، پەيغەمبەرلىرىنى، جىبرىئىلنى، مىكائىلنى دۈشمەن تۇتىدىكەن (ئاللاھنى دۈشمەن تۇتقان بولىدۇ)، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ كاپىرلارنى دۈشمەن تۇتىدۇ﴾. [2]

ئاللاھ نېمە ئۈچۈن جىبرىئىل بىلەن مىكائىلنىڭ نامىنى ئالاھىدە تىلغا ئالدى؟ چۈنكى، ئۇلارنىڭ شەرەپلىك ۋە كاتتا پەرىشتىلەر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر.

ئالدىمىزدىكى بابلاردا، جىبرىئىلنىڭ ئىسمىنى پات ـ پات تىلغا ئېلىپ ئۆتىمىز. ئۇ، ئەرشتىن كەلگەن ۋەھيىنى يەرگە يەتكۈزۈپ بەرگۈچى «روھۇل ئەمىين» دۇر. ئۇ، بەزى ـ بەزىدە غايىب بولىدۇ. ئۇ پەيدا بولغان ۋاقىتتا، ئاللاھنىڭ رەھمىتىمۇ بىللە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ ۋە بىر پەيغەمبەر ئۆز مىللىتىگە ئەۋەتىلىدۇ. ئاللاھنىڭ كىتابلىرىدىن بىرى ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلىدۇ.

[1] سۈرە نەجم 1 ـ ئايەتتىن 11 ـ ئايەتكىچە.
[2] سۈرە بەقەرە 97 ـ ۋە 98 ـ ئايەتلەر.

## يامانلىقنىڭ سىمۋولى

ئۇلۇغ ئاللاھ پەرىشتىلەر بىلەن بىرگە «جىن» ئىسىملىك باشقا مەخلۇقلارنىمۇ ياراتتى.

جىنلار كۆرۈنمەيدىغان مەخلۇقلار بولۇپ، بىز كۆرەلەيدىغان تەنلەرگە (جىسىملارغا) ئوخشىمايدۇ. مانا بۇ، جىنلار بىلەن پەرىشتىلەر ئارىسىدىكى بىردىنبىر ئوخشىتىش ئۇسۇلىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، پەرىشتىلەر بىلەن جىنلارنىڭ يارىتىلىشىمۇ پەرقلىق بولۇپ، جىنلار ئوتتىن، پەرىشتىلەر نۇردىن يارىتىلغان. پەرىشتىلەر ـ ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ۋە ئۇنىڭ كائىناتتىكى ئەمر ـ پەرمانلىرىنى بەجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يارىتىلغان ئەسكەرلەردۇر. يەنى پەرىشتىلەر ياخشىلىق ۋە خەير ئۈچۈنلا يارىتىلغان.

جىنلار ھەر تۈرلۈك بولۇپ، ئارىلىرىدا ياخشىلىرىمۇ ۋە يامانلىرىمۇ بار. ئۇلۇغ ئاللاھ جىن سۈرىسىدە (جىنلارنىڭ تىلى بىلەن) مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىزنىڭ ئىچىمىزدە ياخشىلارمۇ، ئۇنىڭدىن تۆۋەن تۇرىدىغانلارمۇ بار. بىز تۈرلۈك يوللارغا بۆلۈنگەنمىز﴾.

﴿بىزدىن مۇسۇلمانلار ۋە ھەق يولدىن چىققۇچىلارمۇ بار. مۇسۇلمان بولغانلار توغرا يولنى ئىزدىگەن بولىدۇ. توغرا يولدىن چىققۇچىلار جەھەننەمگە ئوتۇن بولىدۇ﴾.

جىنلار داۋاملىق تۇردە كۆپىيىدۇ. ئۇلۇغ ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەر مېنى قويۇپ ئۇنى (ئىبلىسنى) ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىنى دوست قىلىۋالامسىلەر؟﴾.

جىنلارنىڭ ئىچىدە توغرا يولغا ئەگىشىپ، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدىغانلار ۋە بەندىلىككە مۇناسىپ بولمىغان ھالدا كىبىرلىكنى يوشۇرۇپ ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدىغانلارمۇ بار.

ئىبلىس ـ جىنلارنىڭ ئەڭ مەشھۇرى بولۇپ، ئۇ پەرىشتىلەرنىڭ ئارىسىدا تۇرغاندا، ئاللاھ ئۇلارنى «ئادەم»گە سەجدە قىلىشقا بۇيرىدى. ئەمما ئۇ سەجدىنى رەت قىلدى ۋە كائىناتتىكى يامانلىقلارنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالدى.

بەزىلەر: «ئىبلىس پەرىشتىلەر بىلەن بىللە تۇرغاچقا، ئۇمۇ پەرىشتىدۇر» دەپ قارايدۇ. توغرىسى، ئۇ جىندۇر. چۈنكى ئۇلۇغ ئاللاھ كەھف سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۆز ۋاقتىدا بىز پەرىشتىلەرگە: «ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار» دېدۇق، ئىبلىستىن باشقا ھەممىسى سەجدە قىلدى، ئىبلىس جىنلاردىن ئىدى. شۇڭا ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ ئىتائىتىدىن چىقتى﴾.

سۈرە جىن 11 ـ ئايەت.
سۈرە جىن 14 ـ ۋە 15 ـ ئايەتلەر.
سۈرە كەھف 50 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
سۈرە كەھف 50 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇنداقتا. پەرىشتىلەرنىڭ ئارىسىدا ئىبلىسنىڭ نېمە ئىشى بار ئىدى؟ ئۇ نېمە ئۈچۈن پەرىشتىلەر بىلەن بىللە تۇرۇش شەرىپىگە نائىل بولغانىدى؟

بۇلارنىڭ ھەممىسى غەيب بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردۇر. بەزى ئالىملار مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئاللاھقا مىڭلارچە يىل ئىبادەت قىلغانىدى. ئىنسان يارىتىلىشتىن بۇرۇن، ئىبلىس كىبىرلىك ۋە پۇرسەتپەرەسلىكنىڭ رەھبىرى ئىدى.»

ئۇ ئاللاھقا ئۇنى (يەنى ئاللاھنى) ئۇلۇغلىغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى شان - شەرەپكە بولغان ھېرىسىدىن ئىبادەت قىلغانىدى. ئۇ، يامانلىق روھىنىڭ سىمۋولى ئىدى. قۇللۇق بولسا، يۈكسىلىش ۋە ئىلگىرىلەش يولى ئىدى. ئۇ بۇ يولدا كۆپ يۈردى. پەرىشتىلەرگە: «ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار!» دېگەن ئەمر بېرىلگەندە، ئۇنىڭمۇ دەرھال سەجدە قىلىشى كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ قۇللۇق قىلىشىغا تۈرتكە بولغان ھېس - تۇيغۇلىرى، بىردەمدىلا كىبىرلىك قىلىشقا كۈشكۈرتتى. ئۇ شان - شەرەپ يولىدىكى غايە ۋە نىشانىنىڭ بىردىنلا كۆپۈككە ئايلانغانلىقىنى كۆردى. ئۆزىگە لايدىن يارىتىلغان ئادەمگە سەجدە قىلىش ئەمرى بېرىلگەنلىكىنى ئويلاپ ھاكاۋۇرلۇق قىلدى ۋە سەجدىدىن باش تارتتى.

شۇنىڭ بىلەن، ئىبلىس ئۆزىنىڭ يەر يۈزىدە يامانلىقنىڭ سىمۋولى بولىدىغان (ئاللاھ ئۇنىڭ شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى) كۈننى تاللىدى.

شۇ كۈندىن ئېتىبارەن، ئىبلىس يەر يۈزىدىكى ئەڭ مەشھۇر مەخلۇققا ئايلاندى. شان - شەرەپ غايىسىنى يوقىتىپ قويغان بولسىمۇ، دۇنيادا نام - شۆھرەت قازاندى. ئۇنىڭ روھى يەر يۈزىدىكى بارلىق يامانلىق، زۇلۇم ۋە گۇناھلارغا ياردەم قىلىشقا باشلىدى. ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدا ئۇنى ئۆزىنىڭ ئەينىكى دەپ قارايدىغانلار، ئۇنى مەخلۇقلارنىڭ تومۇرلىرىدا ئاقىدىغان قان دەپ بىلىدىغانلار ۋە ئۇنىڭغا سەل قارايدىغانلار يوق ئەمەس - ئەلۋەتتە! نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ مەخلۇق - يامانلىقنىڭ ئەڭ قارا دەرىجىسىدۇر.

## ئاللاھنىڭ ئەلچىلىرى

ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرى تەشرىئ (شەرىئەت ھۆكۈملىرى) بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەمرىدۇر.

ئۇلار ئاللاھنىڭ ئىنسانلارغا ئەۋەتكەن ئەلچىلىرى بولۇپ، ئەسلىدە ئۇلارمۇ ئىنساندۇر. ئەمما ئىنسانلارنىڭ ئەڭ پاكلىرىدۇر.

ئەگەر ئاللاھ ئىنسانلارغا پەيغەمبەرلىرىنى ئەۋەتمىگەن بولسا، ئۇلارغا (ئۆزىنىڭ بار ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) ھۆججىتىنى (يەنى دەلىلىنى) مەجبۇرى بىلدۈرەتتى ۋە بۇ ئاللاھ ئۈچۈن توغرا بولاتتى.

يەنى ئاللاھ پەيغەمبەرلىرىنى ئەۋەتىشتىن بۇرۇن ئىنساننىڭ ئەقلىگە كەلمىلىرىنى ئەۋەتەتتى ۋە ئۇنىڭغا دەلىلىنى مەجبۇرى بىلدۈرەتتى.

پۈتۈن كائىنات ئاللاھنىڭ ئىچىپ قويغان كىتابىدۇر ۋە ئۇ ئاللاھنىڭ بارلىقنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان، مۆجىزە خاراكتېرلىك كەلىمىلەرگە تولغان كىتابتۇر.

ئىنساننىڭ ئۆزىمۇ ئۆزىگە نىسبەتەن ئاللاھنىڭ بارلىقنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بىر دەلىلدۇر ۋە ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ بارلىقنى مەجبۇرى تېخىشقا دەلىل بولىدىغان كەلىمىلىرىدىن بىرىدۇر.

ئىنسان ئۆز ئىچىدە ئايلىنالىغان بولسا ياكى زېھنى بىلەن كائىناتنىڭ ئۇپۇقلىرىغىچە كېزەلىگەن بولسا، ئاللاھنىڭ بارلىقىغا دالالەت قىلىدىغان ھەر تۈرلۈك كەلىمىلىرىنى چوقۇم كۆرەلىگەن بولاتتى. شۇنداقلا، ئىنسان ئىچكى پاكلىقنى بىر يەرگە يىغىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئەسلەش كۈچىنى ھەرىكەتلەندۈرسىلا، ئاللاھنىڭ ھەزرىتى ئادەم ۋە ئۇنىڭ نەسىللىرىدىن ئەھدە ئالغان كۈندىكى كەلىمىلىرىنى كۆرەلەيتتى.

ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ ئادەم باللىرىنى (يەنى نەسلىنى) ئۇلارنىڭ (ئاتىلىرىنىڭ) پۇشتىدىن چىقاردى ۋە ئۇلارنى ئۆزلىرىگە گۇۋاھ قىلىپ: «مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار ئەمەسمۇ؟» دېدى (يەنى ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى ئىكەنلىكىگە ۋە بىرلىكىگە ئادەم باللىرىنى ئىقرار قىلدۇردى، ئۇلار ئىقرار قىلىپ بۇنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى). ئۇلار: «ھەئە، سەن بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىزدۇرسەن، گۇۋاھلىق بەردۇق» دېدى﴾. [4]

شۇ ئارقىلىق ئىنسانغا دەلىلنى مەجبۇرىي بىلدۈردى.

ئاللاھ ئىنسانلارغا دەلىلنى مەجبۇرى بىلدۈرگەن تۇرۇقلۇق، يەنە نېمە ئۈچۈن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتى؟ ئۇنىڭ جاۋابى مۇنداق: ئاللاھنىڭ بارلىق پەيغەمبىرى رەھمەتتۇر. ئاللاھ بەندىلىرىگە ئادىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇلارغا رەھمەت بىلەنمۇ مۇئامىلە قىلىدۇ.

پەيغەمبەرلەر رەھمەتتۇر.

ھەربىر پەيغەمبەر قەۋمى ياكى زامانىغا رەھمەت سۈپىتىدە ئەۋەتىلىدۇ.

پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسىمۇ ئالەملەرگە رەھمەت بولۇپ كەلگەنىدى.

﴿(ئى مۇھەممەد!) بىز سېنى پۈتۈن ئەھلى جاھان ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق﴾. [5]

---

[4] سۈرە ئەئراف 172 ـ ئايەت.
[5] سۈرە ئەنبىيا 107 ـ ئايەت.

ئابدۇللاھنىڭ ئوغلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بولمىغان بولسا، پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرىنى ھەققىي تۈردە بىلەلمىگەن بولاتتۇق.

چۈنكى، پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەۋەتىلىشتىن بۇرۇن ھېچبىر پەيغەمبەر ساق قالمىغۇدەك دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ئىدى.

بۇزغۇنچىلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ھاياتىغىچە يېتىپ بارغان بولۇپ، قىسسىلەر پەيغەمبەرلەرنىڭ ئالىيجاناپلىقىنى ۋە پاكلىقىنى قوغدىيالمايدىغان شەكىلگە كىرىپ قالغانىدى.

بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان «يەھۇدىي سەھىپىلىرى»دە، ھاراق ئىچىپ ئۆز قىزى بىلەن زىنا قىلغان پەيغەمبەرنىڭ؛ خوتۇنىنى ئىندەككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن قوماندانىنى ئۇرۇشقا ئەۋەتكەن پەيغەمبەرنىڭ؛ ياشىنىپ قالغاندىن كېيىن، بۇتپەرەس، چىرايلىق بىر سەبى قىزغا ئۆيلەنگەن ۋە بۇتقا چوقۇنۇشقا مايىل بولغان، ئايالىنىڭ بۇتىغا چوقۇنۇش ئارقىلىق ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشنى ياراتقۇچىسىنى رازى قىلىشتىن ئەۋزەل كۆرگەن پەيغەمبەرنىڭ قىسسىلىرى بايان قىلىنماقتا.

ئۆزگەرتىۋېتىلگەن ياكى بۇرمىلانغان بۇ سەھىپىلەرنى ئوقۇغان ۋاقتىڭىزدا، كۆز ئالدىڭىزغا (سىزگە نامەلۇم مەقسەتلەر بىلەن) ئاللاھ ۋە پەيغەمبەرلىرى ھەققىدە يالغان توقۇيدىغان، پەسكەش، يامان غەرەزلىك، پارىخور ئىنسانلار كېلىدۇ. ئەسلىدە، بۇنىڭدىن يەھۇدىلارنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى ماددىي مەنپەئەت ئۈچۈن قىلغان پەسكەشلىكلەرنىمۇ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

«خرىستىئان سەھىپىلىرى»گە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقسىڭىز، ئۇنىڭدىمۇ «يەھۇدىي سەھىپىلىرى»گە قارىمۇقارشى مەزمۇندىكى قىسسىلەرنى بايقايسىز. ئۇلارمۇ پەيغەمبەرلىرى ئىسانى «ئاللاھنىڭ ئوغلى» دېگەن نۇقتىغىچە ئېلىپ بارىدۇ.

ئۇلۇغ ئاللاھ بۇنىڭدىن قەتئىي پاكتۇر.

بەزىلەرنىڭ كۆپەيتىشى، يەنە بەزىلەرنىڭ ئازايتىۋېتىشى تۈپەيلىدىن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەققىي سانى ھازىرغىچە ئېنىق ئەمەس. قۇرئان بولمىغان بولسا، پەيغەمبەرلەر ھەققىدىكى ھەققىي مەلۇماتلارنى بىلەلمىگەن بولاتتۇق.

...

ئەسلىدە، پەيغەمبەرلەر ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىدۇر. ئەمما ئۇلارمۇ بازار - رەستىلەرگە چىقىدىغان، تاماق يەيدىغان، ياشايدىغان ۋە ئۆلىدىغان ئىنسانلاردۇر.

ئۇلار ئۆزلىرىنى پەيغەمبەر قىلىپ تاللىۋالمايدۇ. پەيغەمبەرلىك مەرتىۋىسىگە شەخسىي مەنپەئەت، مەلۇم مەقسەت ئۈچۈن غەيرەت قىلىش ياكى سايلام ئارقىلىق چىقمايدۇ. ئۇلارنى پەقەت ئاللاھلا تاللايدۇ.

ئاللاھ ئۇلارنى ئىنسانلار ئىچىدىكى ئەڭ پاك، ئەڭ ياخشىلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن پەيغەمبەرلىككە تاللايدۇ. بۇ ھەقتە ئەقىل ۋە يۈرەك ئوخشاش ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئاندىن ئۇلارغا ۋەھيىسىنى ئەۋەتىدۇ.

ئاللاھ ئۇلارنىڭ شەرەپلىك ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، ئۇلارنى ئۆز ئىسمى بىلەن قوشۇپ ئاتىغاندى. يەنى ئۇلارغا ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرى دەپ نام بەرگەندى.

ئۇلار ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن نەرسە ھەققىدە خاتالاشمايدۇ. ئۇلار پاكلىق ساھىبىدۇر. پەيغەمبەرلەرنىڭ پاكلىقى ــ ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلىك كېلىشتىن بۇرۇن ۋە كېيىن چوڭ ـ كىچىك ھېچقانداق گۇناھ ئۆتكۈزمەسلىكى دېگەنلىكتۇر.

ئۇلار ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەلىك ئىنسانلاردۇر. ئۇلارنىڭ سەۋىيىسى يۇقىرىلاپ بارىدۇكى، ھەرگىز تۆۋەنلىمەيدۇ. ئۇلۇغ ئاللاھ پەيغەمبەرلىرىنى تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن بەزىدە ئۇلارنى تەنبىھلىگەن ۋە ئەيىبلىگەندى.

پەيغەمبەرلەر ئىنسانلار ئىچىدە ئاللاھنى ئەڭ ياخشى بىلىدىغان ۋە تونۇيدىغان كىشىلەردۇر. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ئۆزلىرىدە ئاللاھ ھەققىدە بىپەرۋالىق قىلغۇچى ھېسسىياتى پەيدا قىلىشتۇر. چۈنكى ئىنسان پەرۋەردىگارىغا مىليونلارچە يىل ئىبادەت قىلسىمۇ، بۇ، ئاللاھنىڭ نېئمەتلىرىگە يېرىم سائەت شۈكرى ئېيتقانغا يەتمەيدۇ.

شۇڭا پەيغەمبەرلەر توختىماي ئىستىغفار ئېيتىدۇ.

مانا بۇ، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىدۇر ۋە بۇ ئۇلارنىڭ ئىستىغفارىدۇر. ئىنساننىڭ ئۆتنۈپ قالغان نەرسە ئۈچۈن جازالانمايدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم. ھەزرىتى ئادەم ئۇنۇتتى، ئاللاھ ئۇنى جەننەتتىن چىقاردى. ئەگەر ئۇ پەيغەمبەر بولمىغان بولسا، ئاللاھ ئۇنى ئۆتنۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن جازالىمىغان بولاتتى.

پەيغەمبەرلەرنىڭ دەرىجىلىرى بىر ـ بىرىدىن پەرقلىقتۇر.

ئۇلۇغ ئاللاھ بەقەرە سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ئەنە شۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن ئۈستۈن قىلدۇق: ئاللاھ ئۇلارنىڭ بەزىسى (يەنى مۇسا ئەلەيھىسسالام) بىلەن سۆزلەشتى ۋە بەزىسىنىڭ (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ) دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈردى. مەريەم ئوغلى ئىساغا (ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈش، گاچىلارنى، بەرەس كېلىسىنى ساقايتىشقا ئوخشاش) روشەن مۆجىزىلەرنى ئاتا قىلدۇق. ئۇنى روھۇلقۇدۇس (يەنى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام) بىلەن كۈچلەندۈردۇق﴾.

ئىسرا سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

---

سۈرە بەقەرە 253 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

﴿بىز ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن ئۈستۈن قىلدۇق، داۋۇدقا زەبۇرنى ئاتا قىلدۇق﴾.

ئاللاھ يەنە ئەھزاب سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ئۆز ۋاقتىدا بىز پەيغەمبەرلەردىن ئەھدە ئالدۇق. سەندىن، نۇھتىن، ئىبراھىمدىن، مۇسادىن، مەريەم ئوغلى ئىسادىن مەھكەم ئەھدە ئالدۇق﴾.

ئاللاھنىڭ نەزىرىدە پەيغەمبەرلەرنىڭ دەرىجىلىرى پەرقلىق بولسىمۇ (بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەشى، يەنى ھەزرىتى مۇھەممەد، ھەزرىتى نۇھ، ھەزرىتى ئىبراھىم، ھەزرىتى مۇسا ۋە ھەزرىتى ئىسا قاتارلىقلار ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەر دەپ قارالسىمۇ)، مۆئمىنلەرنىڭ ھەممە پەيغەمبەرگە ئەدەبلىك مۇئامىلە قىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئايرىمچىلىق قىلماسلىقى ئەمر قىلىنغان.

ئۇلۇغ ئاللاھ: ﴿مۆئمىنلەرمۇ ئىمان كەلتۈردى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈردى. ئۇلار: «ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز (يەنى ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىگە ئىمان ئېيتماي قالمايمىز) دەيدۇ»﴾. دېگەندى.

ئاللاھ پەيغەمبەرلىرىگە روشەن مۆجىزىلەر ۋە پەۋقۇلئاددە ئىشلار بىلەن ياردەم قىلدى. پەيغەمبەرلەرنىڭ ئارىسىدا توپان بالاسى، قۇرام تاشتىن چىققان تۆگە، دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن ۋە كاپىرلارنى ھالاك قىلغان ئاۋاز، يىلانغا ئايلانغان ھاسا، ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈش ۋە ئۇلار بىلەن سۆزلىشىش، كىتاب (يەنى قۇرئان) قاتارلىق مۆجىزىگە ساھىب بولغانلار بار.

ھەزرىتى مۇھەممەدتىن باشقا ھەممىسىنىڭ مۆجىزىسى ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلىكىدىن پەرقلىقتۇر.

مەسىلەن، ھەزرىتى ئىسانىڭ كېسەللەرنى داۋالاش مۆجىزىسى ئىنجىلدىن تامامەن پەرقلىق بىر ئىش.

ھەزرىتى مۇسانىڭ يىلانغا ئايلىنىدىغان ھاسىسى تەۋراتتىن پەرقلىقتۇر.

ئاللاھ ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەرنىڭ مۆجىزىسىنى بۇ پەيغەمبەرلىكنىڭ ئۆزى قىلىشنى ئىرادە قىلدى. يەنى ئاللاھ پەيغەمبەرلىك بىلەن مۆجىزىنى بىر كىتابتا، يەنى قۇرئاندا بىرلەشتۈردى.

ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە مەرھەمەت ۋە سېپايىلىق بىلەن مۇئامىلە قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، ئىنسانلار بالىلىق

سۈرە ئىسرا 55 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
سۈرە ئەھزاب 7 ـ ئايەت.
سۈرە بەقەرە 285 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

باسقۇچنى بېشىدىن ئۆتكۈزىۋاتاتتى. بۇ باسقۇچتا باللار پەقەت پەۋقۇلئاددە ۋە غەلىتە نەرسىلەرگە ئىشىنىدۇ. يەنى ئىنسانلار ئەقىللىرىدىن بۇرۇن كۆزلىرى تەئەججۇبلەنگەن ۋە ئېڭىدىن بۇرۇن ھېس - تۇيغۇلىرىغا تەسىر قىلغان نەرسىلەرگە ئىشىنىدۇ.

ئاللاھ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھېسسىي مۆجىزىلىرىنى ئىنسانلارغا ئەۋەتتى. ئىنسانلار مۆجىزە ۋە پەۋقۇلئاددە نەرسىلەرنى تەلەپ قىلاتتى. ئۇلۇغ ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ تېخىچە باللىق دەۋرىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى بىلگەنلىكى ۋە ئۇلارغا بەكمۇ مەرھەمەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلاتتى.

ئىنسانلار بالاغەتكە يەتكەنسېرى، پەيغەمبەرلەرمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ مۆجىزىلەر بىلەن ئەۋەتىلدى. ئۇلۇغ ئاللاھ ھەر بىر پەيغەمبەرگە قەۋمىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىغا ۋە زامانىنىڭ ئىلىملىرىگە مۇناسىپ كېلىدىغان مۆجىزىلەرنى ئەۋەتەتتى. ياكى ھەر پەيغەمبەرگە ئىنسانلارغا ئىسپاتلىماقچى بولغان نەرسىلەرگە مۇناسىۋەتلىك مۆجىزىلەرنى ئاتا قىلاتتى.

پىرئەۋننىڭ قەۋمى ئىلىم - پەن، ماتېماتىكا، تەبىئەت ۋە ئاسمان بىلىملىرىدە كۆپ تەرەققىي قىلغانىدى. شۇنداقلا، ئۇلار سېھىرگەرلىككىمۇ ئۇستا بولۇپ، زامانىنىڭ ئەڭ ماھىر سېھىرگەرلىرى ھېسابلىناتتى. شۇڭا ئاللاھ ھەزرىتى مۇساغا ئىلىم ۋە سېھىرگەرلىككە ئۇيغۇن مۆجىزىلەرنى ئاتا قىلدى. گەرچە ئۇلار ئىلىم ۋە سېھىردەك كۆرۈنسىمۇ، ئەسلىدە مۆجىزىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن كېلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاش مەقسەت قىلىنغانىدى.

ھەزرىتى ئىسا دەۋرىدە، رىملىقلار يۇقىرى ئىمتىيازغا ئىگە خەلق بولۇپ، ئۇلار تىببى ۋە قانۇن ئىلىملىرىدا بەكمۇ ئىلغار ئىدى. ھەزرىتى ئىسانىڭ مۆجىزىسىمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ بولۇپ، ھەم تىببى ھەم قانۇن ساھەسىنى دەھشەتلىك ھالغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى. ئۆلۈك بىر ئىنسان ھەزرىتى ئىسا بىلەن سۆزلىشىش ئۈچۈن تىرىلدۈرۈلەتتى. ھەم تىببى ئىلىم ھەم قانۇن ئىلمى بۇ مۆجىزە ئالدىدا پۈتۈنلەي يوققا چىقىرىلغانىدى.

ئۇ زامانلاردا ياشىغانلار شۇنى تەلەپ قىلغانىدى.

ئىنسانلار تەرەققىي قىلىپ، ئەقلى بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن، تىل ئۇلارنىڭ ھاياتىنىڭ ئاچقۇچىغا، ئىلىم كائىناتنىڭ رەئىسىگە ئايلاندى. شۇنداقلا، كىتابمۇ ئۇلارنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم نەرسىلەردىن بىرى بولۇپ قالدى.

ئۇلۇغ ئاللاھ ئىنسانلارنى مۆجىزە بىلەن قايىل قىلىشنى خالىمىدى. ئۇلارغا ئۆزى، ھەر بىر سۈرە - ئايىتى مۆجىزە بولغان بىر كىتاب ئەۋەتتى.

ئۇ كىتابنىڭ ئۇسلۇبى، ئېتىبارى، شەرىئەت ئەھكاملىرى، قىسسىلىرى ۋە ھۆكۈملىرى، يەنى ئىچىدىكى ھەممە نەرسىسى (ئىنسانلار خەت يېزىپ، ئوقۇيدىغان بىر مەخلۇق سۈپىتىدە ھاياتىنى داۋاملاشتۇرغان ۋاقىتقىچە) مەڭگۈ ئۆلمەيدىغان، تىرىك

مۆجىزىدۇر. ئاللاھ بۇ كىتاب بىلەن بىرلىكتە، ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان باشقا بىر مۆجىزە ئەۋەتمىدى.

ئىنسان ئەقلىنىڭ تەرەققىياتىنىڭ مۇھىملىقى بىزنى ئۇنىڭغا بېسىم ئىشلەتمەسلىككە ئۈندەيدۇ.

بىز كىچىك بالىلارغا بېسىم ئىشلىتىش ئارقىلىق ئۇلارنى قورقۇتىمىز ياكى ئۆزىمىزگە مايىل قىلىمىز. ئەمما چوڭلارنى قايىل قىلىشقا تىرىشىمىز.

مانا بۇ، ئەڭ ئاخىرقى دىنىنىڭ ئالاھىدىلىكى بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ (يەنى دىنىنىڭ) پەيغەمبىرىنىڭ ئۈستۈنلۈكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئۇ، ئىنسانىيەتنىڭ (ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ نۇقتىسى دەپ تەرىپلەشكە ئەرزىيدىغان) كامىللىقنىڭ ئۇپۇق سىزىقلىرىنى سىزىپ بەردى.

بىز، ئاللاھنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەرگە ئەۋەتكەن كىتابىتىن، يەنى قۇرئان كەرىمدىن بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرىنى ھەققىي تۈردە ئۆگىنەلىدۇق.

* * * * *

## قۇرئاندىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرى

قۇرئاندا نۇرغۇنلىغان قىسسىلەر بار بولۇپ، بۇلارنىڭ ئەڭ مۇھىمى پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرىدۇر.

قۇرئاندا پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرى دىنىي ئۇسلۇبنىڭ بىر پارچىسى بولۇپ كەلگەن. يەنى قۇرئاندىكى قىسسىلەر، يۈز بەرگەن ۋەقەلىكلەرنى تېمىسى بويىچە ئىختىيارى ھالدا بايان قىلغان شەكىلدىكى مۇستەقىل بىر سەنئەت ئەسىرى ئەمەس. بەلكى ئۇلار دىنىي مەقسەت شەرت قىلىنغان ۋە بۇ دىنىي مەقسەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان دەۋەت ياكى تەشۋىقاتلاردىن ئىبارەتتۇر. مۇشۇ شەرتكە ئاساسەن، بۇ قىسسىلەر ئەسلىدە سەنئەت خاراكتېرىدىن خالىي ھالدا كېلىشى كېرەك ئىدى. بىزگە شۇ نەرسە ئايانكى، بىر يازغۇچى ئۆزىنىڭ ئەسىرىنى بىرلا ۋاقىتتا ھەم مەلۇم بىر نەرسىنىڭ تەشۋىقاتى ئۈچۈن ھەم سەنئەت ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرالمايدۇ.

ئەمما بىز قۇرئان قىسسىلىرىدە بۇ ئىككىسىنىڭ بىرلا ۋاقىتتا قوللىنىلغانلىقىغا ھەيران بولماقتىمىز. بىر قارىساق، كۆز ئالدىمىزغا بىزنى بىر نەرسىگە دەۋەت قىلىۋاتقان قىسسە چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرلا ۋاقىتتا، ئۇنىڭ ھېچقانداق ئوخشىشى بولمىغان بىر سەنئەت ئەسىرى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز.

بەلكى بۇ، قۇرئاننىڭ مۆجىزە ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەنلىكىنىڭ ئەڭ روشەن دەلىلى بولسا كېرەك.

ئىنساننىڭ قابىلىيىتى نەقەدەر ئۈستۈن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ بىرلا ۋاقىتتا ھەم سەنئەت ئەسىرى ھەم تەشۋىقات ئەسىرى يارىتالىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇنداقلا، بىرلا ۋاقىتتا باشقىلارنى ھەيران قالدۇرىدىغان سەنئەت ئەسىرى يارىتىشى ۋە بىر نەرسىگە بىۋاستە دەۋەت قىلالىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئەمما قۇرئان قىسسىلىرىنىڭ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ناھايىتى ئۈستىلىق بىلەن بەجا كەلتۈرۈشى ئىنساننى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرىدۇ.

بۇ بىرىنچىسى...

يەنە بىر مەسىلە شۇكى، بىر يازغۇچى ھەرقانچە قابىلىيەتلىك بولۇپ كەتسىمۇ، بىر ۋەقەنى سىزگە ئۈچ، بەش، ھەتتا ئون قېتىم شەكىل ئۆزگەرتمەستىن تۇرۇپ چۈشەندۈرەلىشى مۇمكىن ئەمەس. بەلكى ئۇ، بىر قېتىم چۈشەندۈرگەن نەرسىسىنى ئىككىنچى قېتىم چوقۇم باشقىچە ئىپادىلىشى ياكى سەۋىيەسىنى ئۆزگەرتىشى لازىم. ئەمما بىر قېتىم چۈشەندۈرۈلگەن ۋەقەنىڭ تەسىرى ئىككىنچى قېتىمدا چوقۇم يوقاپ كېتىدۇ.

بۇ ھەممىگە ئايان مەسىلىدۇر. ئەمما قۇرئان قىسسىلىرىگە قارايدىغان بولساق، بىر قىسسىنىڭ ئون قېتىم چۈشەندۈرۈلۈشىگە ھەيران بولماي قالمايمىز. چۈنكى ئاللاھ

ئوخشاش بىر قىسسىنى ئوخشاش سەۋىيەدە ۋە ئۆزگىچە تەسىرچانلىقتا ئىگە قىلىپ، ئون ـ ئون بەش قېتىم چۈشەندۈرمەكتە.

قىسسە قايتا ـ قايتا تەكرارلانسىمۇ، بايان قىلىنىش سەۋىيەسى ھەمىشە ئوخشاش ۋە ئەڭ يۇقىرى پەللىدە... ئۇنىڭ تەسىرى قوشۇپ قويۇلغان بىر كەلىمە، چىقىرىۋېتىلگەن بىر بۆلۈم، يېڭى بىر ئىبارە، ئالدىنقى قېتىمقىسىدا بولمىغان بىر جۈملە، بۇرۇنقىلىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان پىكىرنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىنى خىيال قىلىش ئىنسانغا يېڭىچە ئىلھام بېرىدۇ.

قۇرئان ـ ساھىبىنىڭ ئىنسانلار ئارىسىدىن تاللانغان بىر پەيغەمبەر ئەمەسلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغۇچىلارنى ئاجىز ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان مۆجىزە بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ، پەقەت ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ تائالادۇر. ئەدەبىي تەنقىدچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى قۇرئان قىسسىلىرى ئالدىدا تىلى تۇتۇلۇپ، ئۇسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالماقتا.

مەن قۇرئان قىسسىلىرىنى بىر نەرسىلەرنى دېيىش ئۈچۈن قۇسۇر ئىزدەۋاتقان تەنقىدچىدەك ئوقۇۋاتاتتىم.

قىسسىلەرنى كونا ـ يېڭى تەنقىد ئۇسلۇبلىرىغا سالماقتا ئىدىم. نەتىجىدە، مۇقەررەر ھالدا سەجدە قىلىش تۇيغۇلىرى بىلەن ئۆزەمگە قايتتىم.

بۇ قىسسىلەر بىر ئىنساننىڭ ئويدۇرمىسى ئەمەس، شۇنداقلا، ئىنسانغا ئائىت ئەسەرمۇ ئەمەس. ئۇنىڭ باش قەھرىمانلىرى ئىنساندۇر، سۆزلىرى ئىنسان تەرىپىدىن ئېيتىلغان، ۋەقەلىرى ئىنسانىيەت تارىخىدا مەيدانغا كەلگەن ۋەقەلەر بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ھەممە نەرسە ئىنسان بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. لېكىن ئۇلاردىكى بەزى نەرسىلەر ئىنسان بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەمەس. ئۇلار بولسىمۇ، تەسۋىرلەنگەن تېما، بايان قىلىنىش مېتودى، قىسسىدىكى ئۇسلۇب، بۇ ئۇسلۇبنىڭ تەركىبى ۋە يۇغۇرۇلۇشى... ئۇلاردىكى ئىلاھىي نەرسىلەر مانا بۇلاردىن ئىبارەت.

شۇڭا ئاللاھ بىر قىسسىنى بىر، ئىككى، ئون ھەتتا يىگىرمە قېتىم بايان قىلغان بولۇپ، ھەر قېتىمدا ئىنساندا باشقىچە ۋە بۇرۇنقىدىن پەرقلىق، ئالاھىدە بىر تۇيغۇ پەيدا قىلماقتا.

بۇ، يېزىقچىلىقتىكى بىر مۆجىزىدۇر. دۇنيادىكى ھېچبىر كىتابتىن ئۇنىڭ ئوخشىشىنى تاپالمايسىز. ئەمما بۇ كىتابنى بىزگە ئوقۇش ۋە يېزىشتىن ھېچقانداق مەلۇماتى بولمىغان (يەنى ساۋاتسىز) ھەزرىتى مۇھەممەد ئېلىپ كەلدى.

ھەزرىتى مۇسانىڭ قىسسىگە قاراڭ!

ھەزرىتى مۇسانىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ سۆزلىرىگە دۇچ كېلىشىنى ۋە تۇۋا ۋادىسىدىكى مۇقەددەس ئوت ئالدىدا تۇرۇشىنى ئويلاپ كۆرۈڭ!

ئاللاھ بۇ ۋەقەنى بىر نەچچە قېتىم بايان قىلماقتا.

بۇ ۋەقە بىرىنچى قېتىم سىزدە قورقۇش ھېسسىياتى پەيدا قىلىدۇ.

ئاللاھ ئۇنى يەنە بىر قېتىم بايان قىلىدۇ، بۇ قېتىم سىزگە سۆيگۈ، مەرھەمەت ۋە ئۈمىد بېرىدۇ.

قىسسە ئوخشاش... باش قەھرىمانلىرى مۇسا بىلەن ھاسىسى، يەنى باش قەھرىماندا ھېچقانداق ئۆزگىرىش يوق. بۇ يەردە بولغان پۈتۈن ۋەقە شۇ: باش قەھرىمانلىرى ئۆزگەرمىگەن ۋە ھېچقانداق قوشۇمچە پىرسۇناژ قېتىلمىغان بولسىمۇ، ئىلاھىي تەسۋىر ئۇسلۇبىنىڭ بىزدە ھەرخىل تەسىرات پەيدا قىلىشىدىن ئىبارەتتۇر.

بۇنىدىن بۇرۇن، نۇرغۇنلىغان كىشىلەر قۇرئاننىڭ مۆجىزە ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ چوڭقۇر تەسىرى ھەققىدە ھەرخىل پىكىرلەرنى بايان قىلدى. مەيلى بۇرۇنقى ياكى ھازىرقى كىشىلەر بولسۇن، ھەممىسى بىزگە قۇرئان كەلىمىلىرىدە كۆپ ئۇچرايدىغان ۋە ئىنسان قەلبىنى سەجدىگە مەجبۇرلايدىغان بۇ پەرقلىق نەرسە توغرۇلۇق ئەسەرلەر يېزىپ قالدۇردى. ئۇنىڭ سۆزلىرى مۆجىزە، مەنىسى ئاجايىپ، بايان قىلىنىشى ھەيران قالارلىق، ـ دېيىلگەندى. دېمەك، ئۇنىڭ ھەققىدە كۆپ پىكىرلەر بايان قىلىندى، تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلدى، نۇرغۇنلىغان ماقالە ـ ئەسەرلەر يېزىلىپ، ئېلان قىلىندى. ئەمما ھېچقايسىسى قۇرئاننىڭ بالاغەت، لەۋزى (سۆز) ۋە مەنە جەھەتتىن ئەمەس، بەلكى سەنئەتلىك تەسۋىر ئۇسلۇبىنى «ئەتتەسۋىرۇل فەننىي فىل قۇرئان» ناملىق كىتابتەك روشەن ئېچىپ بېرەلمىدى.

«ئەتتەسۋىرۇل فەننىي ــ سەنئەتلىك تەسۋىر» دەپ ئاتالغان بۇ ئۇسلۇب، قۇرئان قىسسىلىرىدىكى مۆجىزىلىك ئەھۋاللارغا مۇناسىۋەتلىك سىرلارنىڭ سىرىدۇر. مەسىلەن، سىز قۇرئاندىكى قىسسىلەرنى ئوقۇشقا باشلايسىز، بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن، غەلىتە بىر ھېسسىياتقا چۆمۈپ كېتىسىز.

قولىڭىزدىكى كىتابنى ئۇنتۇپ كېتىسىز، كۆزلىرىڭىزگە كىتاب قۇرلىرى كۆرۈنمەيدۇ، كىتاب ۋە كەلىمىلەر كۆز ئالدىڭىزدىن غايىب بولىدۇ. ئەتراپىڭىزدا مەۋجۇتلۇقتىن ئەسەر قالمايدۇ، ھەممە نەرسە مەۋھۇملۇققا ئايلىنىپ كېتىدۇ. ۋە كۆز ئالدىڭىزغا قىسسە قەھرىمانلىرى ھەرىكەت قىلىۋاتقان بىر سەھنە پەيدا بولىدۇ.

ئەنە. نۇھ ئۆز قەۋمىنىڭ كاتتىلىرى ۋە مۇشتۇمزورلىرى توپلاشقان يەرگە تاشلاندى. ئۇلار ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن سۆزلەر يېزىق ھالەتتە كۆز ئالدىڭىزدىن ئۆتمەكتە. ھەر بىر جۈملىنىڭ تەسىرى (خۇددى سۆزلىگۈچىنىڭ بارماق ئىزى باشقىلارنىڭكىگە ئوخشىمىغاندەك) بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق.

سەھنە ئۇدۇلىڭىزغا قۇرۇلغان بولۇپ، سۆھبەت داۋاملاشماقتا ۋە مۇجادىلە بارغانسېرى يۇقىرى پەللىگە چىقماقتا. سىز ھەيرانلىق ئىلكىدە كۆرۈپ، ئاڭلاپ ئولتۇرىسىز.

بىردىنلا، كەلىمە يېزىقلىرى كۆز ئالدىڭىزدىن غايىب بولۇپ، زېھنىڭىزدە سۆھبەتكە، كۆرەشكە ۋە ھېس - تۇيغۇلارغا خىتاب قىلىدىغان ياڭراق ئاۋاز پەيدا بولىدۇ.

قۇرئاننىڭ مۆجىزىلىك ئالاھىدىلىكى مانا بۇنىڭغا مۇجەسسەملەنگەن. سۆزلەر سىزگە بىر نەرسىلەرنى چۈشەندۈرۈپلا قالماستىن، ئىچىڭىزدە بۇرۇنقى سەھنىلەردە رول ئالغان ئىنسان قىياپىتىدىكى شەخسلەرگە ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلىدۇ. سىز ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ھەرىكەتلىرىنى كۆرىسىز ۋە ئۇلارنىڭ پەقەت كونا تىياتىرلا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ كۈندىلىك ھايات سەھنىسىدە باشقىچە ئۇسلۇب ۋە يېڭى ئارتىسلار بىلەن يېڭىلىنىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىسىز.

قىسسىنى تۈگىتىسىز...

پەلەك چاقى سىزنى ھەرىكەتلەندۈرىدۇ... ئاندىن قۇرئان قىسسىلىرىدىن باشقا بىرىنى ئوقۇشقا باشلايسىز.

ئوقۇشنى ئەمدىلا باشلاپ تۇرۇشىڭىزغا تېخمۇ غەلىتە بىر ۋەقە يۈز بېرىدۇ. بىرىنچى قىسسىدىكى سەھنە قايتا قۇرۇلىدۇ، ئەمما بۇ قېتىم كىنو پەردىسى ئېچىلىدۇ.

كەلىمە يېزىقلىرى غايىب بولۇپ، كىنو پەردىسى يورۇيدۇ. كۆز ئالدىڭىزدا فىلىم لېنتىسى مۆجىزىلىك بىر شەكىلدە ھەرىكەت قىلىشقا باشلايدۇ. فىلىم كەلىمىلىرىنىڭ تىلى رەسىمدۇر. سىز تىمتاس ئولتۇرۇپ رەسىملەر بىر - بىرلەپ ئۆتۈۋاتقان فىلىمنى كۆرىسىز. بۇ ئارىدا، تەبىرى يوق چۈش بارلىققا كېلىدۇ. رەسىملەرنىڭ پارچە - پارچە، سىنارىيەنىڭ زەنجىرسىمان بولۇشى ۋە سەھنىلەرنىڭ تەركىبى سىزنى بۇ چۈشنىڭ تەبىرىگە ئېلىپ بارىدۇ.

قۇرئاننىڭ تىياتىر ئۇسلۇبىدا تەسۋىرلەنگەن قىسسىلىرى ئارىسىدا ھەزرىتى ھۇد بىلەن ھەزرىتى سالىھنىڭ قىسسىلىرى بار.

قۇرئاننىڭ كىنو ئۇسلۇبىدا تەسۋىرلەنگەن قىسسىلىرى ئارىسىدا ھەزرىتى يۇسۇف بىلەن ھەزرىتى مۇسانىڭ قىسسىلىرى بار.

قۇرئان 14 ئەسىر بۇرۇن نازىل بولدى.

ئەدەبىيات ئالەمى تېخى قىسقا قىسسىلەرنىڭ قائىدىلىرىنى، درامىمىنىڭ ئۇسلۇبىنى ياكى كىنو سەنئىتىنى كەشپ قىلمىغانىدى.

ئەرەبلەر (ئانا تىلىدا قۇرئان نازىل قىلىنغانلار) شېئىر ۋە ئەپسانىلەردىن باشقا سەنئەتلىك ئىپادە شەكىللىرىنى بىلمەيتتى. شۇڭا ئۇلار ھەزرىتى مۇھەممەدكە تۆھمەت چاپلاپ «شائىر» دېدى. ئاندىن ئۇنى بۇرۇنقىلارنىڭ قىسسىلىرىنى سۆزلەيدىغان «مەدداھ» دېدى. ھەر ئىككى تۆھمەتى كارغا كەلمىگەندىن كېيىن، ئۇنى «سېھىرگەر» دەپ باقتى. بۇ تۆھمەتنىڭ مەلۇم ئاساسي بار ئىدى. ئەمما بىزنىڭ «سېھىرگەر»لەر ھەققىدىكى چۈشەنچىمىز ئۇلارنىڭ ئىپتىدائىي ۋە كەمتۈك چۈشەنچىسىدىن كۆپ پەرقلىق -

ئەلۋەتتە! ئۇلارنىڭ چۈشەنچىسىدىكى «سېھىر» ــ ساختىپەزلىك ۋە كۆز بويامچىلىقتىن ئىبارەت. بىزنىڭ چۈشەنچىمىزدىكى «سېھىر» بولسا، ئىلھام بەرگۈچى سەنئەت سېھرىدىن ئىبارەت. قۇرئاندىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرى ئىلھام بەرگۈچى سەنئەت سېھرىنىڭ مەلۇم بىر قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالماقتا. ئۇنىڭ ئۈستىدىن ھاپىلا ـ شاپىلا پىكىر يۈرگۈزۈش ياكى بىر ـ ئىككى كىتاب بىلەن چۈشەندۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. بۇ، كېلەچەكتە نۇرغۇنلىغان سەنئەتكار ۋە ئەدىبلەرنىڭ قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىشى نەتىجىسىدە تەدرىجىي شەكىللىنىدىغان بىر مەسىلە. ئاللاھ ئۇلارنىڭ قابىلىيىتى ۋە غەيرەت ـ شىجائىتىگە كۆرە قۇرئان قىسسىلىرىنىڭ سىرىدىن بىرنى يېشىپ بېرىشى مۇمكىن.

ئەمدى، دىنىي غايىنىڭ سەنئەت غايىسى ئىچىدە قانداق ئېرىپ كەتكەنلىكىگە ياكى سەنئەت غايىسىنىڭ دىنىي غايە ئىچىدە قانداق ئېرىپ كەتكەنلىكىگە قاراپ باقايلى! شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، گۈزەللىك ــ ھەم نىشانلانغان غايە ھەم قوللىنىلغان ۋاستىدۇر. ئەنە شۇ چاغدا، ياراتقۇچى ۋە پەرىشتىلەردىن باشقىسى شەكىللەندۈرەلمەيدىغان ئاجايىپ مۇكەممەل بىر ئارىلاشما ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

ئاۋۋال، قۇرئاندىكى پەيغەمبەرلەر قىسسىلىرىنىڭ غايىسىگە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقايلى! پەيغەمبەرلەر قىسسىلىرىنىڭ ساناپ تۈگەتكۈسىز دەرىجىدە كۆپ غايىنى ئۆزىنىڭ نىشانى قىلغانلىقىنى بەكمۇ ئاسان بىلىۋالالايمىز. بۇ غايىلار ـ ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى، يەنى يامانلىقنىڭ ئوبدان تەربىيىلەنگەن، سىستېمىلىق ۋە سان ـ ساناقسىز ئەسكەرلىرى بىلەن ياخشىلىقنىڭ ئاز، تارقاق ۋە مەزلۇم قوللىرى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشتۇر. بۇلار ئىنسانىنىڭ شەرت ـ شارائىتى بىلەن ئارزۇ ـ ھەۋىسى ئوتتۇرىسىدىكى: بۇلار لاي بىلەن روھ ئارىسىدىكى: پەيغەمبەر بىلەن ئۇنى ئىنكار قىلغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى: پەيغەمبەر بىلەن ئائىلىسى، يەنى بەزىدە ئايالى (لۇت)، بەزىدە ئوغلى (نۇھ) ۋە بەزىدە دادىسى (ئىبراھىم) ئارىسىدىكى كۈرەشتۇر.

بىر تال يىپ پەيغەمبەرلەر قىسسىلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىر ـ بىرىگە باغلاپ تۇرىدۇ ۋە ئۇ پۇختا، مۆجىزىلىك، نەپىس توقۇلمىسىدا ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

بىر تال يىپ...

بۇ بىر كۈرەشتۇر.

پەيغەمبەر داۋاسىنى باشلىغان كۈندىن ئېتىبارەن پۈتۈن دۇنيا ئۇنىڭغا قارشى چىقىشقا باشلايدۇ. ئۇنىڭ ھۇزۇر ۋە خاتىرجەملىكى يوقىلىپ، رىزقى تۈگەيدۇ. ئۇنىڭغا قارشى ھۇجۇملار كۆپىيىدۇ.

پەيغەمبەرلىك كېلىشتىن بۇرۇن، ھەزرىتى مۇھەممەد سىرتقى جەھەتتىن ھۇزۇر ـ ھالاۋەتتە، ئەمما ئىچكى جەھەتتە بۇرۇختۇرمىلىق ئىچىدە ياشايتتى. ۋەھيى كېلىشكە باشلىغاندىن كېيىن، ئىچكى ھۇزۇرىنىڭ بايراقلىرى يۇقىرى ئۆرلەپ، روھىنىڭ ئىچىدە

لەپىلدەيدۇ. ئەمما سىرتقى جەھەتتىكى ھۇزۇر، راھەت ۋە ئىشەنچنىڭ مەنبەسى قۇرۇپ كېتىدۇ.

ھەزرىتى شۇئەيب ــ ۋەھيى كېلىشتىن بۇرۇن، مىللىتىنىڭ ھۆرمەت ـ ئېتىبارىغا سازاۋەر بىرى ئىدى. ۋەھيي كەلگەندىن كېيىن، مىللىتى ئۇنى مەسخىرە قىلىشقا باشلىدى. بۇرۇنقى مۇلايىم ۋە راستچىل بىرى، ئەمدى يالغانچى ۋە تۆھمەتخور دەپ قارىلاندى.

ھەزرىتى مۇھەممەد قۇرەيشلەرنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ ئىشەنچلىك ۋە ئەڭ ھۆرمەتلىك بىرى ئىدى. ھەتتا ئۇ «ئەلئەمىين» دەپ ئاتالغانىدى. ئەمما ۋەھيى كەلگەن كۈندىن ئېتىبارەن ئۇنىڭ ھەققىدە «ساراڭ» بىلەن باشلىنىپ، «يالغانچى» بىلەن ئاخىرلاشقان مىڭلارچە بەتنام پەيدا بولدى. بۇرۇن، يىغلىپ ئولتۇرغان يەرلىرىدە ئۇنى كۆرسە ئورۇنلىرىدىن دەس تۇرۇپ، ھۆرمىتىنى بىلدۈرىدىغان، ئارىلىرىدا چىققان تالاش ـ تارتىشلاردا ئۇنى ھاكىم قىلىپ سايلايدىغان، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلايدىغان ئادەملەر، ۋەھيي كەلگەندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنىڭ ۋە جىبرىئىلنىڭ رەببىگە (ناماز ئوقۇپ) سەجدە قىلىۋاتقان پەيتتە، ئۆلتۈرۈلگەن تۆگىنىڭ سېسىق ئۈچەيلىرىنى ئۈستى ـ بېشىغا قارىتىپ ئېتىشقا باشلىدى. ئەنە شۇ كۈنلەردە، ئۇنىڭ قىزى فاتىمەدىن باشقا قوغدىغۇچىسى يوق ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايسىز. ھەزرىتى مۇھەممەد رەببىنىڭ يولىدا ئۇرغۇنلىغان ھاقارەت ۋە بالا ـ قازاغا دۇچار بولدى.

ھېچبىر پەيغەمبەر، گەرچە ئۇ ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەردىن بولسىمۇ، بالا ـ قازادىن قۇتۇلالمايدۇ. ئەكسىچە، ئىرادىسى چىڭغانسېرى بالا ـ قازاغا تېخىمۇ كۆپ مۇپتىلا بولىدۇ.

پەيغەمبەرلەر دۇچار بولىدىغان بالا ـ قازالار ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ يېنىدىكى دەرىجىلىرىگە ئاساسەن پەرقلىق بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەڭ يۇكسەك دەرىجىلىكى ــ بېشىغا ئەڭ كۆپ بالا ـ قازا كەلگىنىدۇر.

950 يىل ئىنكار قىلىنغان نۇھقا قاراڭ!

دادىسىنىڭ ئۆيىدىن قوغلىنىپ، ئوتقا تاشلانغان ئىبراھىمغا قاراڭ!

تۇتۇلۇپ قېلىشتىن ئەندىشە قىلغان ۋە ئۆلۈم بىلەن تەھدىت سېلىنغان، ساراڭ ۋە يالغانچىغا چىقىرىلغان مۇساغا قاراڭ!

ئانىسى ۋە ئۆزىگە بەتنام چاپلانغان ئىساغا قاراڭ!

ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قاراڭ! بارلىق پەيغەمبەرلەر دۇچ كەلگەن بالا ـ قازالارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ بېشىغا كەلدى. شۇ قەدەر ئىدىكى، ھاياتىنىڭ ئەڭ نەۋقىران يىللىرىدا ھەر تۈرلۈك قىيىن ـ قىستاق، ئازاب ـ ئوقۇبەت، تۆھمەت، سۇيىقەست ۋە ئۇرۇش ـ جېدەلنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا مەركەزلەشكەنىدى.

مانا بۇ، ئۆزگەرمەس ئىلاھىي قانۇندۇر.

پەيغەمبەرنىڭ دەرىجىسى قانچە يۇقىرى بولسا، دەۋا مۇجادىلىسى شۇنچە شىددەتلىك بولىدۇ.

چۈنكى ئۇنىڭ دەۋاسى ھاياتنىڭ نىزامىنى ئۆزگەرتىش، ھەق دەۋانى ئۆز ئەرشىگە قايتۇرۇش، گۈزەللىكنى، خەير ـ ئېھسان ۋە پەزىلەتنى ئەسلىگە قايتۇرۇش دېمەكتۇر. ئەمما بۇ قىممەتلىك ئامىللارنىڭ ھەممىسى ئاساسەن ھاياتنىڭ ئىچىدە ياشايدۇ ۋە تەڭداشسىز پىكىر لىباسىنى كىيىدۇ. باتىل بولسا، ئۆزىنى قوشۇن قۇرۇش، ئۇنى رەتكە سېلىش ۋە قوراللاندۇرۇش ئارقىلىق قوغدايدۇ.

ھەق ـ تەڭداشسىز ۋە يۇمشاق لىباسقا پۈركۈنۈپ ئالغا ئىلگىرىلىسە، باتىل ـ ئۆزىنىڭ ئەسكەرلىرى ئارىسىدا ياشايدۇ. پەيغەمبەر ئاغزىنى ئېچىپ، رەببىگە دۇئا قىلىشقا باشلىسىلا، قاراڭغۇ زۇلمەتنىڭ بارلىق قوشۇنلىرى ئۇنىڭغا قارشى ھەرىكەتلىنىدۇ.

پەيغەمبەر ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ: ﴿ئاللاھنىڭ ياردىمى قاچان كېلىدۇ؟﴾ دەيدىغان ۋاقتى كەلدى.

جاۋاب شەخسەن ئاللاھتىن كەلدى: ﴿ئاللاھنىڭ ياردىمى ھەقىقەتەن يېقىندۇر﴾.

قۇرئان بۇ مۇجادىلىنى پەقەت سەنئەتلىك ۋە مۆجىزىلىك شەكىلدىلا تەسۋىرلىمەيدۇ. بۇ يەردە مەنە (روھنىڭ جانلىق بەدەن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدەك) شەكىل بىلەن ئورگانىك ھالدا باغلىنىشلىقتۇر.

بۇ شىددەتلىك ۋە قانلىق مۇجادىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ئۇلارنى نىشانىغا ئالماقچى ۋە قوللىماقچى بولغان غايىلەرنى بايقايسىز.

ۋەھيى ۋە ئەلچىلىكنى ئىسپاتلاش: بارلىق دىنلارنىڭ ۋە ئادەمدىن تارتىپ مۇھەممەدكىچە بولغان ھەممە پەيغەمبەرنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەنلىكىنى، پۈتۈن مۆئمىنلەرنىڭ بىر ئۇممەت ئىكەنلىكىنى، ئاللاھنىڭ بارلىق مەۋجۇداتنىڭ رەببى ۋە ياراتقۇچىسى ئىكەنلىكىنى، يەر يۈزىگە ئەۋەتىلگەن بارلىق دىنلارنىڭ ئەسلىدە يۈز ۋە قەلبنىڭ ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشى كېرەك ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدىغان بىرلا دىن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش ـ بۇ غايىلەرنىڭ بەزى شاخچىلىرىدۇر.

پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋەت مېتودلىرى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئاۋازلىرى، مىللەتلىرى بىلەن سۆزلەشكەن تىللىرىمۇ ئوخشىمايدۇ.

ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا مۇناسىۋەتلىك بىرلا كەلىمىنى سۆزلەيدۇ: «لا ئىلاھە ئىللاھۇ ۋەھدەھۇ لا شەرىيكەلەھ (ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ يالغۇزدۇر، شېرىكى يوقتۇر)».

سۈرە بەقەرە 214 ـ ئايەت.

﴿ئى قەۋمىم! ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار! سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر﴾.

مال ـ مۈلۈك، ئارزۇ ـ ھەۋەس، ئەمەل ـ مەنسەپ، راھەت ـ پاراغەت، نازۇ ـ نېمەت، مال ـ دۇنيانىڭ ھېچقايسىسىغا قۇللۇق (بەندىچىلىك) قىلغىلى بولمايدۇ. يالغۇز ئاللاھتىن باشقا مەبۇد يوقتۇر، ئۇنىڭ شېرىكى يوقتۇر.

قىسسىلەر بىزگە، پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋەت مېتودلىرىنىڭ بىرلا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىش بىلەن بىرگە، مىللەتلىرىنىڭ ئۇلارغا قارشى بەرگەن ئىنكاسىنىڭمۇ ئاساسەن بىر ـ بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەرمەكتە.

ئىنكار، تۆھمەت، زۇلۇم، ئەزىيەت، ئەسكىلىك...

بۇلارغا سەۋر ـ تاقەت قىلالمىغان ۋە بەرداشلىق بېرەلمىگەن بىرمۇ پەيغەمبەر يوق.

﴿سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ، ئەتىگەن ـ ئاخشامدا ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىدىغانلار (يەنى ئاجىز، كەمبەغەل مۇسۇلمانلار) بىلەن سەۋرچان بولغان ھالدا بىللە بولغىن! ﴾

سەۋرچان بول!

﴿(ئى مۇھەممەد!) (ئاللاھنىڭ يولىدا ساڭا يەتكەن ئەزىيەتلەرگە) سەۋر قىلغىن، سەۋرەڭ پەقەت ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەنلا قولغا كېلىدۇ﴾.

قۇرئاندىكى قىسسىلەرنىڭ غايىلىرى ئارىسىدا ئاللاھقا دەۋەت قىلىش، ئاخىرەت كۈنىنى ئىسپاتلاش، مۆئمىنلەرگە خۇشخەۋەر يەتكۈزۈش، كاپىرلارنى ئاگاھلاندۇرۇش، دىننى ئىنكار قىلغۇچىلارنى يوقىتىش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ قانۇنىنى تەتبىقلاش قاتارلىقلارمۇ بار. ئۇنىڭدىن باشقا، قىسسىلەر بىزگە ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇلار بىزگە ئاللاھنىڭ يەتتە قات ئاسماننىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ ئۇلارنى كۆرگىنىدەك، ئىنسانىي مۇناسىۋەتلىرىنىڭ شەكىللىرىنى سىزىپ بېرىدۇ. بىزگە ئاتا ـ بالىلىق، قان ـ قېرىنداشلىق ياكى ئۇيلىنىش ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن تۇغقان، يۇرتداش، بىر مىللەت ۋە بىر رەڭدىن بولۇشنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدىكى ھەقىقىي مۇناسىۋەت ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ھەقىقىي مۇناسىۋەت ئاللاھقا ئىمان ئېيتىشتۇر، ئاللاھ سۆيگۈسىدۇر.

مانا بۇ، ئەرشنىڭ رەببىگە كۆرە ئىشەنچ باغلاپ، بىر ـ بىرىگە باغلانغان مۇناسىۋەتتۇر.

---

سۈرە ئەئراف 65 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
سۈرە كەھف 28 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
سۈرە نەھل 127 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

باشقا مۇناسىۋەتلەر بولسا، خۇيپەيل ۋە تۇغقاندارچىلىقتىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئاللاھقا ئىمان ئېيتقۇچى ۋە ئىتائەت قىلغۇچى ئۇنىڭ ئۈستىدىن غالىپ كېلىدۇ.

قىسسىلەر بىزگە ئاللاھنىڭ مۆجىزىلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈشىدىكى كۈچ ـ قۇدرىتىنى نامايان قىلىپ بەرمەكتە. چۈنكى، بىزگە قانۇن دەپ بىلىنگەن قانۇن، بىز ئىنسانلارنىڭ قانۇنىدۇر. مەسىلەن، دېڭىز ئوتتۇرىدىن بۆلۈنمەيدۇ. هاسا باشقا هاسىلارنى يەۋېتىدىغان يىلانغا ئايلانمايدۇ. بۇ بىزگە نىسبەتەن قانۇندۇر. ئەمما ئاللاھقا نىسبەتەن، ئۇ پەقەت يارىتىلغان قۇل (بەندە) دۇر.

قانۇن ـ ئاللاھقا نىسبەتەن قانۇن ئەمەستۇر.

ئەمما ئۇ بىزگە نىسبەتەن قانۇندۇر. بىز ئۇنىڭغا ئوخشاش يارالغۇچى، ئاللاھ بولسا ياراتقۇچىدۇر.

قانۇنغا بويسۇنۇش ـ ئۇنىڭ بىز بىلەلمىگەن ۋە چۈشىنەلمىگەن ئەمرىدۇر. شۇڭا بىز ئۇنى مۆجىزە ياكى كارامەت دەپ ئاتايمىز. هالبۇكى، ئەھۋال بۇنداق ئەمەس.

قۇرئان قىسسىلىرى بىزگە بۇ غايىلارنىڭ ئارىسىدا، ئاللاھنىڭ ئادەمنى يوقتىن قانداق بارلىققا كەلتۈرگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە. كائىنات بۇرۇن يوق ئىدى. ئاللاھ ئۇنى كەلىمىسى (ئەمرى) بىلەن بارلىققا كەلتۈردى. يەر يۈزىمۇ يوق ئىدى، ئاللاھنىڭ كەلىمىسى بىلەن مەيدانغا كەلدى. زېمىننىڭ تۇپرىقىدىن ئادەمنى ياراتتى. ئاللاھ بۇ مەخلۇقى ھەققىدىكى قانۇنلىرىغا ئاساسەن، ئادەم نەسلىنىڭ ھەۋۋا بىلەن بىرلىشىشىدىن، يەنى بىر ئەر بىلەن بىر ئايالنىڭ بىرلىشىشىدىن مەيدانغا كېلىشىنى ئىرادە قىلدى.

ئاندىن، ئاللاھ ئەر كىشى يېقىن يولمىغان ئايالدىن بىر ئەرنىڭ تۇغۇلۇشىنى ئىرادە قىلدى. ئاللاھنىڭ ئىرادە قىلغىنى بىر كەلىمە بولۇپ، ئۇ كەلىمە مەريەم ئوغلى ئىسا ئىدى.

بۇ بىر مۆجىزىمۇ ياكى كارامەتمۇ ۋەياكى ياراتقۇچىسىغا ئىتائەت قىلغان ۋە ئۇنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىز بىلمەيدىغان ھەقىقىي قانۇنمۇ؟

ئەسلى قانۇن ئاللاھنىڭ بۇرۇن ھېچقانداق ئىزناسى بولمىغان ئىنساننى ئاتا ـ ئانىسىز يارىتىشىدۇر.

ئىستىسنا ياكى مۆجىزە، ئىنساننىڭ بىر ئەر بىلەن بىر ئايالنىڭ بىرلىشىشىدىن كېلىشىدۇر، بۇ كارامەتتۇر.

قانۇن ئىستىسنادىن نورمال ھالەتكە ئۆزگەرگەندىن كېيىن، بىز ئۇنى كارامەت، ئىستىسنا ياكى مۆجىزە دەپ ئاتىۋالدۇقمۇ؟

بۇ غەلىتىلىك ئەمەسمۇ؟!

قۇرئاندىكى قىسسىلەرنىڭ غايىلىرىنى ساناپ ئۆتمەي بولمايدۇ. بىز قىسسىنىڭ دىنىي غايىگە قانداق ماسلاشتۇرۇلغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ غايىنى سەنئەت بىلەن قانداق ئىپادىلىيەلىگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتمەكچىمىز.

«ئەتتەسۋىرۇل فەننىي فىل قۇرئان» ناملىق كىتاب بۇ نۇقتىنى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ بەرمەكتە.

قۇرئان قىسسىلىرىنىڭ دىنىي غايىگە ماسلىشىشى ئۇنىڭ ئىپادىلىنىش مېتودى، تېمىسى ۋە تەسىرچانلىقىغا چوڭقۇر تەسىر قىلدى.

بىر قىسسىنىڭ بىر نەچچە يەردە، بىر نەچچە خىل ئەھۋالدا قايتا - قايتا كېلىشى دىنىي غايىگە ماسلىشىشىنىڭ تۈنجى تەسىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەمما بۇ تەكرارلىنىش كۆپىنچە ھاللاردا بىر قىسسىنى پۈتۈنلەي ئەمەس، بەلكى بەزى قىسىملىرىنىڭ تەكرارلىنىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تەكرارلانغان قىسىملارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇنىڭدىكى ئىبرەتلىك يەرلەرگە دەل ۋاقىتدا قويۇلغان ئىشارەتلەردۇر. قىسسىنىڭ تولۇق قىسمى ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تەكرارلىنىدۇ. ئەمما بۇ ئەھۋال بەكمۇ ئاز كۆرۈلىدۇ. ئىنسان تەكرارلانغان بۇ قىسىملارنى ئوقۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن تەھلىل يۈرگۈزسە، ئۇنىڭ بۇ ئۇسلۇبقا تامامەن ئۇيغۇن كەلگەنلىكىنى، بەرمەكچى بولغان ئىلھامنى بەرگەنلىكىنى، ئىپادىلىمەكچى بولغان مەزمۇنغا ماس ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇلارنى كۆرسىتىپ بېرەلىگەنلىكىنى ھېس قىلالايدۇ. بۇ سەنئەت ئالاھىدىلىكى دەخلى - تەرۇزغا ئۇچرىماي تۇرۇپ مەيدانغا كېلىدۇ. ھەتتا، مەيدانغا كەلگەن نەرسە ئۇنىڭدىكى مەخپىي سەنئەت قىممىتىگە بېرىپ تاقىلىدۇ ۋە بۇ سەنئەت قىممەتلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ.

ھەزرىتى مۇسانىڭ قىسسىسى قۇرئاندا تەخمىنەن ئوتتۇز يەردە كەلگەن.

ئۇنىڭ قىسسىسى قۇرئاندا ئەڭ كۆپ تەكرارلانغان، شۇنداقلا ۋەقەلىككە ئەڭ باي قىسسىدۇر.

ئۇنىڭ قىسسىسىنى قايتا - قايتا تەكرارلاشقا توغرا كەلدى. ئالتە يەردىن باشقا يەرلەردە، قىسسىنىڭ پۈتۈنلەي تەكرارلانمىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. قىسسىنىڭ بىر قىسمى تەكرارلانغان ۋاقىتتا، تەكرارلانغانلىقى تۈپەيلىدىن يېڭى بىر نەرسىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. بىز «خىيال» دەپ ئويلىغان بىر نەرسىنى... ئۇنى تەسەۋۋۇر قىلغان ۋاقتىڭىزدا، يېپيېڭى، ھەيران قالارلىق ۋە ئىلھاملاندۇرغۇچى ھېسسىياتقا چۆمىسىز.

بۇ، ئۇلۇغ ھېكمەت ۋە مۇھىم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تەكرارلانغان پەيغەمبەرلەر قىسسىلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئۇيغۇن كەلگەندەك، ھەزرىتى مۇسانىڭ قىسسىگە ۋە ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ تەخمىنەن يىگىرمە يەردە تەكرارلانغان قىسسىگىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ.

تەكرارىدىن باشقا...

قۇرئاندىكى قىسسە دىنىي مەقسەتكە ماس كەلگەن بولۇپ، بۇنىڭ تەسىرى بىلەن، بۇ مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا يېتەرلىك مىقدارى بېرىلمەكتە ۋە شۇنىڭغا ماس شەكىلدە تەسۋىرلەنمەكتە. شۇڭا، بىرىدە قىسسىنىڭ باش تەرىپى، يەنە بىرىدە ئوتتۇرا قىسمى ۋە باشقا بىرىدە ئاخىرقى قىسمى بايان قىلىنماقتا. بەزىدە تولۇق بايان قىلىنسا، بەزىدە مەلۇم بىر قىسمى بىلەن چەكلەنمەكتە ۋە بەزىدە ئۇ يەردىن - بۇيەردىن ئۈزۈندە ئېلىنماقتا. يەنى ئىبرەت بولىدىغان ۋە بۇ تارىخىي مەقسەتكە يەتكۈدەك شەكىلدە...

ئەمما قۇرئان كەرىم تارىخ كىتابى ئەمەس. ئۇنىڭدا، بىرئاز تارىخىي ۋەقەلەر بولسىمۇ، ئۇ تارىخ ئەمەس. ئۇ پەقەت ئاللاھقا دەۋەت قىلىدىغان كىتابتۇر.

پەيغەمبەرلەرنىڭ تۇغۇلۇشىنى بايان قىلىش بىلەن باشلانغان قىسسىلەر بار. بۇ تۇغۇلۇشىنىڭ مۇھىملىقى ۋە ئىلھام بەرگۈچى تەسىرى تۈپەيلىدىن قىسسىلەر ئۇلارنىڭ تۇغۇلۇشىنى چۆرىدىگەن ھالدا بايان قىلىنغان. مەسىلەن، ھەزرىتى ئادەمنىڭ يارىتىلىشى بۇيرۇق ۋە ئاللاھنىڭ روھقا پۈۋلىشى بىلەن ۋۇجۇدقا چىققان.

مەسىلەن، ھەزرىتى ئىسا ــ ئانىسىغا ھېچقانداق ئەر كىشى يېقىنلاشماي تۇرۇپ تۇغۇلغان. ھەزرىتى مۇسا بولسا، فىرئەۋن بەنى ئىسرائىل قەۋمىدە تۇغۇلغان ئوغۇل بوۋاقلارنى قەتلى قىلىۋاتقان ۋاقىتلاردا تۇغۇلغان. ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن، ھەزرىتى مۇسا بۇ قەتلىئامنىڭ مەنبەسى بولغان فىرئەۋننىڭ خان سارىيىغا بوۋاق چېغىدا كىلىش ئارقىلىق بۇ خەتەردىن قۇتۇلۇپ قالغان. شۇنداق قىلىپ، خەتەرنىڭ خادىسىغا بىخەتەرلىك بايرىقى ئېسىلىدۇ. ئاللاھ تەدبىرىنى تاماملايدۇ ۋە ئۇنىڭ ئىرادىسى ئورۇندىلىدۇ.

بەزى قىسسىلەردە، پەيغەمبەرنىڭ تۇغۇلۇشى ھەققىدە مەلۇمات يوق بولۇپ، قىسسە ئۇنىڭ بالىلىق ياكى ياشلىق دەۋرىدىن باشلىنىدۇ. چۈنكى بۇ مەسىلىنىڭ قىسسە بىلەن ئانچە بەك ئالاقىسى يوق.

ھەزرىتى يۈسۈفنىڭ قىسسىسى ــ ئۇنىڭ كىچىك ۋاقتىدا كۆرگەن چۈشى بىلەن باشلىنىدۇ. ئۇندىن كېيىنكى ھاياتىدا چۈشلەر ئاساسلىق رول ئوينايدۇ. نىھايەت، چۈشىگە ئۇنىڭغا سۈيىقەست قىلغان ۋە ئۆلتۈرۈۋېتىشكە ئاز قالغان قېرىنداشلىرىنىڭ سەجدە قىلىش تەبىرى بېرىلىدۇ.

ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ قىسسىسى ــ ئاسمانغا بېقىپ، ئىنسانلارنىڭ ئاۋۋال پەيدا بولۇپ، كەينىدىن يوقاپ كېتىدىغان جىسىملار ــ يۇلتۇزلارغا چوقۇنۇشى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈۋاتقان نەۋقىران ۋاقتىدىن باشلىنىدۇ.

ھەزرىتى داۋۇدنىڭ قىسسىسى ـ جەڭ ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇماتى بولمىغان، ئەمما ھايات ئۇنى زاماندىكى ئەڭ خەتەرلىك ئۇرۇش قەھرىمانى جالۇت بىلەن ئېلىشىشقا ئۈندىگەن ياش ۋاقتىدىن باشلىنىدۇ. مۇلايىم پادىچى ياۋۇز دۈشمىنىنى يېڭىدۇ. چۈنكى ئاللاھ رەھىم - شەپقەتسىز جالۇتنىڭ ئەمەس، بەلكى يۇۋاش، مۇلايىم داۋۇتنىڭ يېنىدا ئىدى.

ئوتتۇرا ياشتىن ھالقىغان پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرى بار. نۇھ، ھۇد، سالىھ، شۇئەيب ۋە ئۇلاردىن باشقا كۆپلىگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرى شۇنداق. قۇرئان بىزگە ئۇلارنىڭ تۇغۇلۇپ ـ يېتىلىشى ۋە ياشلىق ھاياتى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات بەرمەيدۇ. شۇڭا كۆز ئالدىمىزغا، تۇيۇقسىزلا رەببىنىڭ ئەلچىلىكىگە تاللانغان، بىردىنلا سەھنىدە پەيدا بولۇپ قالغان ۋە ئۇ سەھنىدە ئاساسلىق رول ئويناشقا باشلىغان پەيغەمبەرلەر كېلىدۇ.

قۇرئاندا بەزى قىسسىلەرنىڭ ۋەقەلىكلىرى تولۇق ۋە تەپسىلىي بايان قىلىنغان: بەزىلىرىنىڭ مەلۇم قىسمىلىرى تەسۋىرلەنگەن. ھەزرىتى مۇسا، ئىبراھىم ۋە نۇھنىڭكىدەك ئۇزۇندىن ئۇزۇن بايان قىلىنغان قىسسىلەر بار. ھەزرىتى ھۇد، سالىھ، لۇت ۋە شۇئەيبنىڭكىدەك قىسقا قىسسىلەر: ھەزرىتى زەكەرىيا، ئەييۇب ۋە يۇنۇسنىڭكىدەك ناھايىتى قىسقا قىسسىلەرمۇ بار. ئۇندىن باشقا، ھەزرىتى ياقۇبنىڭكىدەك باشقىلارنىڭ قىسسىسىگە قىستۇرۇلۇپ ئۆتۈپ كەتكەن قىسسىلەرمۇ بار. ئۇنىڭ قىسسىسى ھەزرىتى يۇسۇف قىسسىسىنىڭ باش ـ ئاخىرىغا قىستۇرۇلۇپ ئۆتۈپ كەتكەن. ياقۇب ئەلەيھىسسالام ئۆلۈش ئالدىدا ئوغۇللىرىدىن: «مەندىن كېيىن قالساڭلار، كىمگە ئىبادەت قىلىسىلەر؟» دەپ سورىدى.

قۇرئاندا ئىسمى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن، ئەمما قىسسىسى بايان قىلىنمىغان پەيغەمبەرلەرمۇ بار. مەسىلەن: ھەزرىتى ئىدرىس، ئەليەسەﺋ ۋە زۇلكىفىل قاتارلىقلار. ئۆڭكۈر ئەھلى (ئەسھابۇل كەھف) نىڭ قىسسىسى بايان قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىسملىرى ۋە قانچە كىشى ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنمىغان. پەقەت ئۇلارنىڭ بىر ئىت بىلەن بىللە ئۆڭكۈردە (309 يىل) تۇرغانلىقىلا تەسۋىرلەنگەن.

پەيغەمبەر، ئەۋلىيا ۋە سالىھ كىشىلەرنىڭ قىسسىلىرىنى بايان قىلغان قۇرئاننىڭ ئۇسلۇبى مانا مۇشۇنداق ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇسلۇبى ھەرخىل بولغاندىن سىرت، ھەم سەنئەت خاراكتېرىغا ھەم تارىخىي تۈسكە ئىگە. بۇ ئىككى غايە دىن ياكى دەۋەت يۈنىلىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. مۇنداق دېيىلگەندى: قۇرئان سەنئەت گۈزەللىكىنى پسىخولوگىيىلىك تەسىر ئۈچۈن ۋاستە قىلغاندى. ئۇ، سەنئەت گۈزەللىكى تىلى بىلەن نەپسنىڭ دىنىي تۇيغۇسىغا قىلىنغان خىتابتۇر.

قىسسىلەرنى بايان قىلىش ئۇسلۇبىنىڭ خىلمۇخىللىقىغا قاراڭ! بەزىدە ئاۋۋال قىسسىنىڭ خۇلاسە قىسمى، كېيىندىن تەپسىلاتى بايان قىلىنىدۇ. ‹ئەسھابۇل كەھف› نىڭ قىسسىسى ئەنە شۇنداق بايان قىلىنغان. بەزىدە قىسسىنىڭ ئاقىۋىتى، مەقسىدى ۋە نەتىجىسى بېرىلىپ، ئاندىن بېشىدىن تارتىپ تەپسىلىي چۈشەندۈرۈلىدۇ. ھەزرىتى مۇسانىڭ «قەسەس سۈرىسى» دىكى قىسسىسى ئەنە شۇ شەكىلدە چۈشەندۈرۈلگەن. بەزىدە قىسسە بىر چۈش بىلەن باشلىنىدۇ. كېيىندىن ۋەقەلىك خۇددى شۇ چۈشنىڭ تەبىرىدەك، ئۇنىڭغا ئۇلىنىپ داۋاملىشىدۇ. چۈش ئەمەلىيەتكە ئايلانغان ۋاقىتتا، قىسسە ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇلىدۇ. بەزىدە قىسسە مۇقەددىمىسىز (قاق

ئوتتۇرىدىنلا) باشلىنىپ، يەنە خۇلاسىسىز ئاياغلىشىدۇ. بەزىدە قىسسە بىر چۇش بىلەن باشلىنىپ، ئۇنىڭ تەبىرى بىلەن ئاياغلىشىدىغان كىنو فىلىمگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. ھەزرىتى يۇسۇفنىڭ **28** كۆرۈنۈشكە بۆلۈنگەن قىسسىسى بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر. ھەربىر كۆرۈنۈش ئىنچىكە ۋە ئىلھام بەخش ئەتكۈچى نۇرغۇنلىغان تەپسىلاتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. كۆرۈنۈشلەرنىڭ ئارىسىدا پەردىلەر يېپىلىدۇ. ئىككى كۆرۈنۈش ئارىسىدىكى بۇ پەردىلەر تاماشىبىن تەسەۋۋۇرىنىڭ ھەرىكەتكە ئۆتۈشى ئۈچۈن پايدىلىقتۇر. ئارىدا ھەرخىل تاسادىپىيلىقلار بار. بەزىدە بۇ تاسادىپىيلىقلار باش قەھرىمان ۋە تاماشىبىندىن ساقلىنىدۇ. بۇنىڭدىكى مەقسەت، تاسادىپىيلىققا ھەر ئىككىسىنىڭ بىرلا ۋاقىتتا دۇچ كېلىشى ئۈچۈندۇر. «كەھف سۈرىسى» دە ھەزرىتى مۇسا بىلەن سالىھ بەندە ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەر بۇنىڭ مىسالىدۇر. ھەزرىتى مۇسا قۇرئاندا ئىسمى بىلدۈرۈلمىگەن بىرى بىلەن ئۇچرىشىدۇ. ئۇنىڭ خىزىر ئىكەنلىكى پەرەز قىلىنماقتا. ئەمما قۇرئان ئۇنىڭ ئىسمىنى بەرمەيلا، ھەزرىتى مۇسانىڭ ياش ھەمراھى بىلەن بىللە يولغا چىققانلىقىنى بايان قىلىش بىلەن كۇپايىلەنگەن.

﴿ئۇ ئىككىسى (بېلىقنى ئۇنتۇغان چوڭ تاشنىڭ يېنىدا) بىزنىڭ بەندىلىرىمىزدىن چوڭ مەرھەمەتىمىزگە ئېرىشكەن ۋە بىزنىڭ ئۆزىمىزگە خاس ئىلمىمىزنى (يەنى ئىلمى غەيبنى) بىز بىلدۈرگەن بىر بەندىنى ئۇچراتتى﴾. [4]

بۇ، ئاللاھ تەسۋىرلەپ ئۆتكەندەك، ئاللاھنىڭ بەندىلىرىدىن بىرىنىڭ كۆرۈنۈشىدۇر.

ئۇنىڭ ئىسمى ئەسلى ماھىيىتىگە ئۆتۈپ كەتتى...

بىز ئەسلىنى بىلمىگەن بولساق، ئۇنىڭ ئىسمى ۋە سىرتقى كۆرۈنۈشى قايسى شەيئىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيتتى؟

ھەزرىتى مۇسا ۋە مەرھەمەتلىك، ئىلىملىك بەندە بىلەن يولغا چىقتۇق. تۇساتتىنلا بىر تاسادىپىيلىققا دۇچ كەلدۇق.

بۇ مەرھەمەتلىك بەندە دېڭىزدا جان باقىدىغان يوقسۇللارنىڭ كېمىسىنى تېشىۋەتتى، يولدا ئۇچرىغان كىچىك بىر بالىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، ئۇلارغا يېمەك - ئىچمەك بېرىش، قونۇدۇرۇش ۋە مېھمان قىلىشنى رەت قىلغان پېخسىقلار شەھىرىدە ئۆرۈلۈپ چۈشەي دەپ قالغان تامنى تۈزەپ قويدى. بۇ نېمىدېگەن زىتلىق؟!...

ھەزرىتى مۇسا بۇنىڭغا سەۋر قىلالمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ھەزرىتى مۇسا، ھەمراھى ۋە بىزگە نامەلۇم بولغان سىر ئاشكارىلاندى.

بەزىدە، قۇرئان دەل بۇنىڭ ئەكسىچە بىر ئۇسلۇب قوللىنىپ، ئىشنىڭ سىرىنى ئوقۇرمەن ياكى تاماشىبىنغا ئاشكارىلايدۇ. ئەمما باش قەھرىماندىن يوشۇرىدۇ. ھەزرىتى لۇتنىڭ قىسسىسىگە قاراڭ!

[4] سۈرە كەھف 65 ـ ئايەت.

پەرىشتىلەر ئۇنىڭ يېنىغا باردى. بىز (ئوقۇرمەنلەر) ئۇلارنىڭ لۇتنى قۇتۇلدۇرماقچى بولغانلىقىنى بىلىپ تۇرىمىز. ئەمما لۇت بۇ ئىشنىڭ سىرىنى بىلمىگەچكە، ئۇلارنىڭ زىيارىتىگە ئىچى پۇشتى ۋە ئۆز - ئۆزىگە: «بۈگۈن دىشۋارچىلىق بىر كۈن» دېدى.

بىز ئۇنىڭ مېھمانلىرىدىن ئەنسىرەپ، ئەيمىنىپ تۇرغانلىقىغا كۆلمەكتىمىز.

بىز ئۇلارنىڭ پەرىشتىلەر ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. بۇخىل (سەنئەت شەكلىدە) تەسۋىرلەش كۆپىنچە هاللاردا مەسخىرە شەكلىدە بولىدۇ. بىز لۇتقا ئىچ ئاغرىتىش بىلەن بىرگە، مىللەتنى مەسخىرە قىلماقتىمىز.

سىز ئۇنىڭ مىللىتىنىڭ ئەھۋالىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ! ئۇلار لۇتنىڭ ئۆيىگە ياش يىگىتلەرنىڭ كەلگەنلىكىگە دائىر خۇشخەۋەرنى ئاڭلاپ، دەرھال ئۇ يەرگە يېتىپ كېلىشتى. سىز (ئوقۇرمەن بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن) ئۇلارنىڭ بېشىغا كېلىدىغان ئېغىر ئازابنىڭ بۇ كېلىشكەن، ياش يىگىتلەر قىياپىتىگە كىرىۋالغانلار تەرىپىدىن كېلىدىغانلىقىنى بىلىسىز.

سىز كۆڭلىڭىزدە لۇتنىڭ مىللىتىنى زاڭلىق قىلمامسىز؟ قۇرئان ئۇلار ۋە لۇت ھەققىدىكى سىرنى ۋاقتىلىق يوشۇردى ۋە سىزگە ئاشكارىلىدى.

قۇرئان قىسسىلىرىدە سەنئەتلىك تەسۋىرلەرگە سەنئەتلىك ئىپادىلەر قوشۇمچە قىلىنغان. بىر چوتكا (جانلىق) رەسىم تاختىسىغا تېگىشى بىلەنلا ھايات باشلىنىپ كېتىدۇ. ۋەقە كۆز ئالدىڭىزدا ھەقىقي رەۋىشتە نامايان بولۇشقا باشلايدۇ. ئاندىن تىياتىر ساھەسىدە ئېيتىلغاندەك، ئىلھام بەخش ئەتكۈچى تۈرتكە، يەنى تازىلاش تۈرتكىسى كېلىدۇ.

ئاندىن قىسسىلەردىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ شەخسىيەتلىرى كۆز ئالدىڭىزدىن بىر - بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلايدۇ. ھەر بىر شەخسىيەت، ئۆزى تەۋە بولغان پەيغەمبەرنىڭ پسىخولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى ۋە روھىي قۇرۇلمىسىنى باشقا - باشقا شەكىللەر بىلەن، ئۇنى ھەر تۈرلۈك ھايات يوللىرىنىڭ مەركىزى قىلغان ئاساستا تەسۋىرلەپ بېرىدۇ.

ئەنە ئۇ. ھەمىشە شۈكرى ئېيتقان ۋە داۋاملىق سەۋر - تاقەت قىلغان نۇھتۇر. قەۋمىنى ھەق دىنغا 950 يىل دەۋەت قىلغان بولسىمۇ، مۆئمىنلەرنىڭ سانى كۆپەيمەيدۇ، كاپىرلارنىڭ سانى كۆپىيىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ دەۋىتىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. بۇ قانداق سەۋر - تاقەت، بۇ نېمىدېگەن چىدامچانلىق؟!

مانا بۇ بولسا، غەيرەت - شىجائەتلىك، كۈچلۈك، تەۋەككۈلچى ۋە قەھرىلىك مۇسادۇر.

ئۇ. مىسىر كوچىلىرىدا كېتىۋاتىدۇ. قەۋمىدىن بىرى بىر مىسىرلىق بىلەن جېدەللىشىۋاتقان ئىكەن. ئۇ ئۇنىڭدىن ياردەم تەلەپ قىلدى. مۇسا مىسىرلىققا قاراپ ئېتىلدى.

﴿مۇسا ئۇنى مۇشت بىلەن بىرنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويدى﴾.

شەخسىيىتىدىكى تەۋەككۈلچىلىك ۋە ئەسەبىيلىك، ئۇنىڭ روھىي قۇرۇلمىسىنىڭ بىر پارچىسىدۇر. ئەنە ئۇ، ئون يىلدىن كېيىن سىنادا كېتىۋاتىدۇ. ئاللاھ ئۇنى ھاسىسىنى يەرگە تاشلاشقا بۇيرىدى. ئۇ ھاسىسىنى تاشلىدى. نېمە كۆرسۇن؟ ـ دېمەمسىز. ھاسا ئەجدىھاغا ئايلاندى. مۇسا ئۇنى كۆرۈپلا ئارقىسىغا داجىدى...

ئۇلۇغ ئاللاھ ئۇنى قورقماسلىققا بۇيرۇدى.

﴿ئى مۇسا! قورقمىغىن، مېنىڭ ھۇزۇرۇمدا پەيغەمبەرلەر ئەلۋەتتە قورقمايدۇ﴾.

ئارىدىن بىر نەچچە يىل ئۆتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ تەۋەككۈلچى ئىكەنلىكىنى ئېپادىلىگەن ھالدا، ئاللاھتىن بىر نەرسە تەلەپ قىلدى:

﴿پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئۆزەڭنى كۆرسەتكىن، سېنى بىر كۆرۈپ ئالاي، ـ دېدى﴾.

ئۇلۇغ ئاللاھ ئۇنىڭغا ھەرقانداق ئىنسانىنىڭ، ھەتتا تاغلارنىڭمۇ بۇنىڭغا تاقەت قىلىپ تۇرالمايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

﴿« مېنى (بۇ دۇنيادا) ھەرگىز كۆرەلمەيسەن (چۈنكى ئىنسانىنىڭ ئاجىز تېنى بۇنىڭغا تاقەت قىلالمايدۇ). لېكىن تاغقا قارىغىن، ئەگەر تاغ ئورنىدا مەھكەم تۇرالىسا، مېنى كۆرەلەيسەن» دېدى. پەرۋەردىگارى تاغقا تەجەللى قىلىش بىلەن، تاغنى تۈپتۈز قىلىۋەتتى، مۇسا بىھوش بولۇپ يىقىلدى. ئۇ ھوشىغا كېلىپ: «(پەرۋەردىگارىم!) سەن پاكتۇرسەن، ساڭا تەۋبە قىلدىم، مەن (سېنىڭ ئۇلۇغلۇقۇڭغا) ئىشەنگۈچىلەرنىڭ ئەۋۋىلىمەن»﴾.

ئاندىن ئۇ قەۋمىنىڭ يېنىغا قايتىپ باردى ۋە ئۇلارنىڭ ئالتۇندىن ياسالغان موزاي ھەيكىلىگە چوقۇنۇۋاتقانلىقىنى كۆردى.

ھارۇننى ئۇلار بىلەن بىرگە قويۇپ كەتكەنىدى ۋە تەۋرات تاختىلىرىنى كۆتۈرگەن پېتى قايتىپ كەلگەنىدى. قەۋمىنىڭ قىلىقىنى ئۇقۇپ، قولىدىكى تاختىلارنى چۆرۈپ تاشلىۋەتتى.

دەرغەزەپ بولغان مۇسا ئۆزىنىڭ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى ۋە قېرىندىشى ھارۇننىڭ چاچ ـ ساقىلىدىن تۇتۇپ، كۈچەپ تۇرۇپ ئۆزىگە تارتتى.

ھارۇن ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

﴿ئى قېرىندىشىم! مېنىڭ ساقىلىمنى ۋە چېچىمنى تارتمىغىن، مەن ھەقىقەتەن سېنىڭ، ئىسرائىل ئەۋلادىنى بۆلۈۋېتىپسەن، سۆزۈمگە دىققەت قىلماپسەن، دېيىشىڭدىن قورقتۇم﴾.

---

سۈرە قەسەس 15 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
سۈرە نەمل 10 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
سۈرە ئەئراف 143 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
سۈرە ئەئراف 143 ـ ئايەت.
سۈرە تاھا 94 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ھارۇن مۇسانى بىزدىنمۇ ياخشىراق چۈشىنەتتى. ئەگەر ھارۇن مۇسا يوق ۋاقىتدا بۇ ئىشقا ئارىلىشىپ، قەۋمنى ئىككىگە بۆلگەن بولسا، مۇسا ئۇنىڭ چاچ ۋە ساقاللىرىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ: «نېمە ئۈچۈن مېنىڭ قايتىپ كېلىشىمنى ساقلاپ تۇرماي، ئىسرائىل ئەۋلادىنى بۆلۈۋەتتىڭ؟» دەيتتى.

بۇ، ئاللاھنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدىغان ۋە ئۇنى باشقىلاردىن قىزغىنىدىغان ئىنساننىڭ ئەسەبىيلىكىدىن بىر كۆرۈنۈشتۇر.

ھەققە ئاشىق، ئىنسانلارغا مۇلايىم، مەخلۇقاتلارغا كۆيۈمچان، ئاللاھنىڭ ئەمرىنى ئاتىلىق ھېس ـ تۇيغۇلىرىدىن ئۈستۈن كۆرىدىغان، ھەتتا ئۇيقۇسىدا ئوغلىنى بوغۇزلاپ چۈش كۆرگەن ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ چۈشى راست بولغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ئەمرىنى ئۆزىنىڭ ئاتىلىق ھېس ـ تۇيغۇلىرىدىن ئەۋزەل بىلگەن ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ شەخسىيىتى كۆز ئالدىمىزدىن ئۆتىدۇ.

كۆتۈرەڭگۈ روھ، شەپقەتلىك خاراكتېر، مۇلايىملىق ۋە مەرھەمەت پۈتۈن ھاياتىغا سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، خۇددى ۋۇجۇدتىكى قاندەك ئۇرغۇپ تۇرىدۇ ۋە ئاخىرىدا ئۇ، شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ: ﴿ئاللاھ ئىبراھىمنى دوست تۇتتى﴾ دېگەن سۆزىگە نائىل بولىدۇ.

بىز، ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلەر قىسسىلىرىنى بايان قىلىش، تەسۋىرلەش ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ شەخسىيەتلىرىنى ئىپادىلەش ئۇسلۇبىدىكى مۆجىزىلەر ھەققىدە كۆپ توختالمايمىز. چۈنكى بۇ، بەكمۇ چوڭ ھەجىملىك تېما بولۇپ، پات ئارىدا تۈگىتەلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا بىز پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرىنى بىرلىكتە ئوقۇش ۋاقتى كەلدى دەپ ئويلايمىز.

[8] سۈرە نىسا 125 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

## ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالام

ئۇلۇغ ئاللاھ ھەزرىتى ئادەمنى يارىتىشنى ئىرادە قىلدى.

پەرىشتىلەرگە: ﴿مەن يەر يۈزىدە خەلىپە (يەنى ئورۇنباسار) يارىتىمەن﴾ دېدى.

ئىنسانلار، ئادەمنىڭ خەلىپىلىكىنىڭ مەنىسى ھەققىدە تالاش ـ تارتىش قىلدى. بەزىلەر ئۇنىڭ يەر يۈزىدىكى مەلۇم بىر مەخلۇقاتنىڭ خەلىپىسى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ مەخلۇقات يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلاتتى ۋە قان تۆكەتتى. بەزىلىرى بولسا، ئۇنىڭ ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ خەلىپىسى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. يەنى، ئۇ ئاللاھنىڭ ھۆكۈم ۋە ئەمىرلىرىنى بەجا كەلتۈرىدىغان خەلىپىسى دەپ قارىدى. چۈنكى ئۇ، يەر يۈزىگە ئەۋەتىلگەن تۇنجى ئەلچىدۇر. بىز بۇنىڭغا ئىشىنىمىز.

ئەبۇزەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن: «ئۇ پەيغەمبەرمۇ؟» دەپ سورىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ھەئە» دەپ جاۋاب بەردى.

«يەر يۈزىدە ھېچكىم بولمىسا، كىمگە ئەۋەتىلگەندى؟» دېگەن سوئال ئوتتۇرىغا قويۇلدى. «ئائىلىسى، يەنى بالا ـ چاقىسىغا ئەۋەتىلگەن ئەلچى ئىدى» دەپ جاۋاب بېرىلدى.

ئاللاھ بىلەن پەرىشتىلىرى ئارىسىدىكى سەھنىدە مەخلۇقاتلارنىڭ پەردىسى ئېچىۋېتىلدى.

ئۇلۇغ ئاللاھ بەقەرە سۈرىسىدە مۇنداق دېگەنىدى:

﴿ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە: «مەن يەر يۈزىدە خەلىپە (يەنى ئورۇنباسار) يارىتىمەن» دېدى. پەرىشتىلەرمۇ: «يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ۋە قان تۆكىدىغان (شەخسنى) خەلىپە قىلامسەن؟ ھالبۇكى، بىز بولساق سېنى پاك دەپ مەدھىيىلەيمىز، مۇقەددەس دەپ مەدھىيىلەيمىز» دېدى. ئاللاھ: «مەن ھەقىقەتەن سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىمەن» دېدى﴾ .

تەپسىرشۇناسلار بۇ ئايەت ھەققىدە ناھايىتى كۆپ مۇلاھىزە يۈرگۈزدى.

«ئەلمەنار» ناملىق تەپسىردە مۇنداق دېيىلگەن: «بۇ ئايەتلەر، زاھىرى مەنىسىگە قاراپلا تەبىر بېرىش مۇمكىن بولمايدىغان مۇتەشابىھ (مەنىلىرى ئوخشىشىپ قالىدىغان) ئايەتلەردۇر. چۈنكى ئۇلار، دىئالوگ قائىدىسىگە كۆرە، يا ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ مەسلىھەتى بولۇپ، بۇ ئاللاھ ئۈچۈن مۇمكىن بولمايدىغان بىر ئىش؛ يا ئاللاھنىڭ پەرىشتىلەرگە خەۋەر بېرىشى، پەرىشتىلەرنىڭ قارشى چىقىشى ۋە تالاش ـ تارتىشلىرى بولۇپ، بۇمۇ ئۇلۇغ

سۈرە بەقەرە 30 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

سۈرە بەقەرە 30 ـ ئايەت.

ئاللاھقا ۋە پەرىشتىلىرىگە مۇناسىپ ئەمەس. شۇڭا قىسسىنىڭ مەنىسىنىڭ باشقا بىر نەرسىگە يۈزلەندۈرۈلۈشىنى تەكلىپ قىلىمەن».

«ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىردە مۇنداق دېيىلگەن: «ئۇلۇغ ئاللاھ يەر يۈزىدە مەخلۇقاتلارنى ياراتقاندا، ئۇلارنىڭ بۇزۇقچىلىق قىلىدىغانلىقىنى ۋە قان تۆكىدىغانلىقىنى ئىلگىرى پەرىشتىلەرگە ئېيتقان ئىدى. ئاندىن: ﴿مەن يەر يۈزىدە خەلىپە (يەنى ئورۇنباسار) يارىتىمەن﴾ دېگەن ۋاقتىدا، ئۇلار (يەنى پەرىشتىلەر): بۇ، سېنىڭ بىزگە يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ۋە قان تۆكىدىغانلىقىنى ئېيتقان خەلىپىمۇ ياكى باشقا بىر خەلىپىمۇ؟ ـ دېيىشتى.»

«فى زىلالىل قۇرئان» ناملىق تەپسىردە مۇنداق دېيىلگەن: «پاك يارىتىلغانلىقى ئۈچۈن ياخشىلىق ۋە پاكلىقنىلا ئويلىيالايدىغان پەرىشتىلەر، ئاللاھنى ئۇلۇغلاش ۋە مەدھىيىلەشنىڭ مەۋجۇدلۇق ئۈچۈن مۇتلەق غايە ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ غايىنىڭ ئۆزلىرىنىڭلا مەۋجۇتلۇقى بىلەن ئەمەلىيەتتە ئەمەلىيەتتە ئايلانغانلىقىنى پەرەز قىلغانىدى. ئۇلارنىڭ سوئال سورىشى ھەيرانلىقنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، ھېچبىر شەكىلدىكى ئېتىراز ئىپادىسىنى بىلدۈرمەيدۇ.»

...

تەپسىرشۇناسلارنىڭ بۇ ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن نەقەدەر تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. ئاللاھ ئۇ تەبىرلەرگە ھەقىقي چوڭقۇر مەنە ئاتا قىلدى. قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ مەزمۇنىنىڭ كىشىنى ھەيران قالارلىق دەرىجىدە تېرەنلىكى قىسسىنىڭ تەسىر كۈچى ئەڭ زور بولغان دىئالوگ ئۇسلۇبىدا بايان قىلىنىشى ئارقىلىق ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

ئۇلۇغ ئاللاھ قىسسىلەرنى بىزگە دىئالوگ ئۇسلۇبى بىلەن بايان قىلىپ بەردى. ئۇنىڭ ئەينى ئۇسلۇبتا ئەمەلىيەتتە ئايلانغانلىقى زۆرۈر ئەمەس.

ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ فۇسسىلەت سۈرىسىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟

﴿ئاندىن ئۇ ئاسماننى (يارىتىشقا) يۈزلەندى، ھالبۇكى، ئۇ تۇمان ھالىتىدە ئىدى، ئاسمان بىلەن زېمىنغا: «ئىختىيارىي ياكى ئىختىيارسىز ھالدا كېلىڭلار (يەنى ئەمرىمنى قوبۇل قىلىڭلار)!» دېدى. ئىككىلىسى: «ئىختىيارىي كەلدۇق» دېدى﴾[4].

كىم بۇ ئايەتنى: «ئۇلۇغ ئاللاھ ئاسمان ـ زېمىنغا گەپ قىلدى، ئاسمان ـ زېمىن ئۇنىڭغا جاۋاب بەردى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سۆھبەت بولۇپ ئۆتتى» دەپ چۈشىنىدۇ؟ ھەقىقەت شۇكى، ئاللاھ ئاسمان ـ زېمىنغا ئەمىر قىلدى، ئۇلار دەرھال ئەمرىگە ئىتائەت قىلدى.

[4] سۈرە فۇسسىلەت 11 ـ ئايەت.

ئاللاھ ئىنسانىنىڭ چۈشىنىشىگە قولايلىق يارىتىپ بېرىش، زېھنىگە سىڭدۈرۈش ۋە ئىزاھلاپ بېرىش ئۈچۈن، بولغان ۋەقەلەرنى دىئالوگ ئۇسلۇبى بىلەن تەسۋىرلەپ بەرگەندى. ھەزرىتى ئادەمنىڭ قىسسىسىدە بۇ خىل ئۇسلۇبنىڭ قوللىنىلىشى ۋەقەلىكنى تېخىمۇ چوڭقۇر مەنىگە ئىگە قىلماقتا. چۈنكى ئىنسان تۈرى ۋۇجۇدقا كېلىش ئالدىدا ئىدى...

بىز ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ئادەمنى يارىتىشنى ئىرادە قىلغان ۋاقتىدا، پەرىشتىلەرنىڭ پىكرىنى ئېلىش ياكى مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ قارارىنى ئۇلارغا بىلدۈرۈش ئۈچۈن شۇنداق دېگەنلىكىنى پەرەز قىلماقتىمىز. ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ پەرىشتىلەرگە مەسلىھەت سېلىشى ۋە ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئېلىشىنىڭ مۇمكىنچىلىكى يوق. ئۇلۇغ ئاللاھ ئۇلارغا ئۆزىنىڭ يەر يۈزىدە بىر خەلىپە يارىتىدىغانلىقىنى، بۇ خەلىپىنىڭ نەسلى كۆپىيىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ نەسلىدىن كەلگەنلەردىن بەزىلىرىنىڭ يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىدىغانلىقىنى، بەزىلىرىنىڭ قان تۆكىدىغانلىقىنى ئېيتتى. پاك پەرىشتىلەر ھاڭ ـ تاڭ بولۇشتى. ئۆزلىرى ئاللاھنى توختىماي مەدھىيىلەيتتى، ئۇلۇغلايتتى. يارىتىلىدىغان خەلىپە بولسا، ئۇلاردەك قىلمايتتى. ئۇنداقتا، بۇنىڭ سىرى نېمە؟ ئاللاھنىڭ بۇ ھەقتىكى ھېكمىتى نېمە ئىدى؟ پەرىشتىلەرنىڭ ھەيرانلىقى، يەر يۈزىدىكى خەلىپىنىڭ شەرىپىگە بولغان تەقەززاسى، ئادەمنىڭ بۇ شەرەپكە نائىل قىلىنغانلىقى تۈپەيلىدىن پەيدا بولغان دەھشەتلىك تۇيغۇلىرى ئىنتايىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا پەسكويىغا چۈشتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى دىئالوگ سېكۇنتنىڭ مىليوندىن بىرى ئارىلىقىدىلا بولۇپ ئۆتتى. ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ مۇنۇ سۆزلىرى ئۇلارنى مۇتلەق ئىمان ۋە ئىتائەتكە باشلىدى:

﴿مەن ھەقىقەتەن سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىمەن﴾ .

ئاللاھنىڭ چەكسىز كەتكەن ئىلمى ئالدىدا ئۆزلىرىنىڭ ناھايىتى ئاز ئىلىمگە ساھىب ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن پەرىشتىلەر، ئاللاھقا قايتىدىن تەسلىم بولۇپ، مۇتلەق ئىمان ۋە ئىتائەتكە يۈزلەندى.

ئۇلۇغ ئاللاھ بىلەن پەرىشتىلىرى ئارىسىدا مۇنداق بىر دىئالوگنىڭ بولۇپ ئۆتۈش ئېھتىماللىقى يوق دەپ قارايمىز. بىزچە، بۇ دىئالوگ يەر يۈزىگە ئۆزلىرىنىڭ خەلىپە بولىدىغانلىقىنى پەرەز قىلغان پەرىشتىلەرنىڭ ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن. ئەمما ئاللاھ ئۇلارغا يارىتىلىش خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ بۇنىڭغا ماس كەلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئاللاھنى مەدھىيىلەش، ئۇلۇغلاش مەۋجۇدلۇق ئالىمىدىكى ئەڭ شەرەپلىك نەرسىدۇر. ئەمما خەلىپىلىك بۇنىڭ بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، باشقا بىر تەبىئەت (خۇسۇسىيەت) تەلەپ قىلىدۇ. يەنى ئىلىم تەلەپ قىلىدىغان ۋە خاتالىقلارنى قوبۇل قىلىدىغان تەبىئەت...

بۇ ھەيرانلىق، بۇ دەھشەتلىك تۇيغۇ ۋە بۇ شەرەپ ئارزۇسى، ئادەمنىڭ يارىتىلىش خەۋىرىنى ئۇققاندىن كېيىن، پەرىشتىلەرنىڭ ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن بۇ سۆھبەت، يەنى بۇلارنىڭ ھەممىسى پەرىشتىلەر ئۈچۈن جايىزدۇر. بۇ، ئۇلارنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرمەيدۇ.

[4] سۈرە بەقەرە 30 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

چۈنكى، ئۇلار ئاللاھقا شۇنچە يېقىن بولسىمۇ، ئاللاھقا ئىبادەت قىلسىمۇ ۋە ئاللاھمۇ ئۇلارنى شۇنچە ئەتىۋارلىسىمۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھنىڭ مەخلۇقلىرى (بەندىلىرى ياكى قۇللىرى) بولغانلىقىدىن ئارتۇق نەرسىنى بىلمەيدۇ. ئاللاھنىڭ ئىلمىگە ئارىلاشمايدۇ. مەخپىي ھېكمەتلىرىنى، غەيبنى ۋە مەخپىي ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىنى بىلمەيدۇ. ئۇلۇغ ھېكمەتنى ۋە بۇ ھېكمەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش سەۋەبلىرىنى بىلمەيدۇ...

كۆپ ئۆتمەي، پەرىشتىلەر ئادەمنىڭ يېڭى بىر مەخلۇق تۈرى ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. ئادەم يارىتىلىش سەۋەبىنىڭ ئاللاھنى زىكىر قىلىش ۋە تەستىقلاش ئەمەس. بەلكى يەر يۈزىدىكى ھايۋانلار ۋە باشقا مەخلۇقلارنىڭكىگە ئوخشاشلىقى جەھەتتىن پەرىشتىلەردىن تۈپتىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ يارىتىلىش سەۋەبى يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىش ۋە قان تۆكۈشتىن ئىبارەتلا ئەمەس ـ ئەلۋەتتە!

ئادەم مەخلۇقاتلارنىڭ يېڭى بىر تۈرى بولۇپ يارىتىلدۇ ۋە ئۇنىڭ يارىتىلىشى بىلەن ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغان بىر ئۇلۇغ ھېكمەت ئوتتۇرىغا چىقىدۇ...

بۇ، مەرىپەت (بىلىش، تونۇش) ھېكمىتىدۇر.

ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈنلا ياراتتىم﴾ .

ئىبنى ئابباس بۇ ئايەتنى: «ماڭا ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈنلا» دەپ ئوقۇماي: «مېنى تونۇشى ئۈچۈنلا» دەپ ئوقۇغان.

ھەقىقىي مەنىدە تونۇش ـ ئىنسان تۈرىنىڭ نىشانى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ غايىسىدۇر. ئاللاھ بىزگە بۇنىڭ قانداق بولغانلىقىنى دىئالوگ ئۇسلۇبى ئارقىلىق بىلدۈرىدۇ.

شەيخ مۇھەممەد ئابدۇھنىڭ سۆزلىرى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىگە ئەڭ ئۇيغۇن بېرىلگەن تەپسىر بولۇشى مۇمكىن. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئايەتلەردىكى دىئالوگ ئۇلۇغ ئاللاھ بىلەن پەرىشتىلىرىنىڭ ئارىسىدىكى ئەھۋاللاردىن بىرىدۇر. بۇ قىسسە ئۇنى بىزگە دىئالوگ ۋە سوئال ـ جاۋاب شەكلى ئارقىلىق تەسۋىرلەپ بەردى. بىز بۇ دىئالوگنىڭ ئەسلى شەكلىنى بىلمەيمىز. ئەمما، بىز ئىنسانلارنىڭ دىئالوگقا ئوخشمايدىغانلىقىنى بىلىمىز.»

پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ يەر يۈزىدە بىر خەلىپە يارىتىدىغانلىقىنى ئۇقتى.

ئۇلۇغ ئاللاھ ئۇلارنىڭ چۈشىنىشى ئۈچۈن تەپسىلىي ئەمر بەردى. ئۆزىنىڭ لايدىن بىر ئىنسان يارىتىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا شەكىل بېرىپ جان كىرگۈزگەندىن كېيىن، پەرىشتىلەرنىڭ ئۇنىڭغا سەجدە قىلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى.

[8] سۈرە زارىيات 56 ـ ئايەت.

بۇنىڭدىن چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ، ئۇنىڭ شەرىپىنى قوبۇل قىلىش سەجدىسى بولۇپ، ھەرگىز ئۇنىڭغا قۇللۇق بىلدۈرۈش سەجدىسى ئەمەس ئىدى. چۈنكى، قۇللۇق (يەنى بەندىچىلىك) سەجدىسى پەقەت يالغۇز بولغان ئاللاھقىلا خاستۇر.

ئۇلۇغ ئاللاھ ساد سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە ئېيتتى: «مەن ھەقىقەتەن لايدىن بىر ئادەم يارىتىمەن. ئۇنى مەن راۋۇرۇس ياراتقان (يەنى ئۇنى يارىتىپ سۈرەتكە كۆزگۆزۈپ، ئەزالىرىنى تولۇق، مۇكەممەل ئىنسان ھالىتىگە كەلتۈرگەن) ۋە ئۇنىڭغا جان كىرگۈزگەن ۋاقتىمدا ئۇنىڭغا سەجدە قىلىڭلار!» پەرىشتىلەرنىڭ بىرىمۇ قالماي، ھەممىسى (ئادەم ئەلەيھىسسالامغا) سەجدە قىلدى. پەقەت ئىبلىسلا بويۇنتاۋلىق قىلدى، ئۇ كاپىرلاردىن بولۇپ كەتتى﴾ .

...

ئۇلۇغ ئاللاھ ئاق، قارا، سېرىق ۋە قىزىل رەڭلىك توپىلارنىڭ ئارىلاشمىسىدىن بىر ئوچۇم ئالدى. شۇڭا ئىنسانلار ھەرخىل رەڭلەردە يارىتىلدى. ئاللاھ توپىغا سۇ ئارىلاشتۇردى. توپا سېغىز لايغا ئۆزگەردى ۋە ئەتراپقا لايىنىڭ پۇرىقى تارالدى. شۇ ئەسنادا، ئۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئىبلىس: «بۇ لاي نېمىگە ئايلىنار؟» دەپ تەئەججۈپلەندى. ئاللاھ ئادەمنى بۇ لايدىن ياراتتى.

ئاللاھ قولى بىلەن ئادەمنى شەكىللەندۈرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئۆز روھىدىن جان بەردى. ئادەمنىڭ ۋۇجۇدى ھەرىكەتلەندى ۋە ھاياتى باشلاندى...

ئادەم كۆزلىرىنى ئاچتى، ئالدىدا تۇرغانلارنىڭ ئىچىدە بىرىدىن باشقا ھەممە پەرىشتىنىڭ ئۆزىگە سەجدە قىلغانلىقىنى كۆردى.

ئادەم ئۆزىگە سەجدە قىلمىغاننىڭ كىم (يەنى قايسى تۈردىن) ئىكەنلىكىنى بىلەلمىگەندى. ئۇنىڭ ئىسمىنىمۇ بىلمەيتتى. ئىبلىس گەرچە پەرىشتىلەرنىڭ ئارىسىدا بولسىمۇ، ئۇ پەرىشتە ئەمەس، جىن ئىدى. ئۇ پەرىشتىلەرگە نىسبەتەن ئازسانلىق بولغاچقا، پەرىشتىلەرگە بېرىلگەن ئەمر ئۇنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

...

ئۇلۇغ ئاللاھ ئىبلىسنىڭ ئادەمگە سەجدە قىلمىغانلىقىنى كۆپلىگەن سۈرىلەردە قايتا ـ قايتا بايان قىلدى. مەسىلەن، ساد سۈرىسىدە مۇنداق دېيىلگەن:

﴿ئاللاھ ئېيتتى: «ئى ئىبلىس! مەن ئۆز قولۇم بىلەن ياراتقان ئىنسانغا سەجدە قىلىشتىن ساڭا نېمە توسقۇنلۇق قىلدى (ئۇنىڭغا سەجدە قىلماسلىقىڭ تەكەببۇرلۇق قىلغانلىقىڭدىنمۇ ياكى يۇقىرى مەرتىۋىلىكلەردىن بولغانلىقىڭدىنمۇ؟» ئىبلىس: «مەن

[8] سۈرە ساد 71 ـ 74 ـ ئايەتكىچە.

ئۆنىڭدىن ئارتۇق، مېنى ئوتتىن ياراتتىڭ، ئۇنى لايدىن ياراتتىڭ» دېدى. ئاللاھ: «سەن جەننەتتىن يوقال! سەن ھەقىقەتەن قوغلاندى بولدۇڭ. ساڭا ھەقىقەتەن قىيامەتكىچە مېنىڭ لەنىتىم بولسۇن» دېدى. ئىبلىس: «پەرۋەردىگارىم! ماڭا (خالايىق) تىرىلدۈرۈلىدىغان كۈن (يەنى قىيامەت) گىچە مۆھلەت بەرسەڭ (يەنى مېنى ھايات قالدۇرساڭ)» دېدى. ئاللاھ: «جەزمەن ساڭا مەلۇم ۋاقىتقىچە مۆھلەت بېرىلدى» دېدى. ئىبلىس ئېيتتى: «ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى چوقۇم ئازدۇرىمەن. ئۇلاردىن پەقەت تاللانغان بەندىلىرىڭلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا (يەنى ئۇلارنى ئازدۇرالمايمەن)»﴿[1]

ئادەم ئەتراپىدا بولۇۋاتقان ئىشلارنى كۆرۈپ تۇراتتى، ئىچىدە سۆيگۈ، ئەندىشە ۋە قورقۇنچلۇق تۇيغۇلار پەيدا بولدى.

ئۆزىنى ياراتقان، شەرەپلىك قىلغان ۋە پەرىشتىلەرنى ئۆزىگە سەجدە قىلدۇرغان ئاللاھقا سۆيگۈ...

ياراتقۇچىسىنىڭ ئىبلىسنى مەرھەمىتىدىن قوغلىغان پەيتتىكى غەزىپىدىن ھېس قىلغان قورقۇنچلۇق ھېس - تۇيغۇ...

سىناش ۋە سىلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئىككىسىدىن قايسىسىنىڭ تېخىمۇ ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى بىلىشكە ھېچقانداق پۇرسەت بېرىلمەيلا، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭدىن تېخىمۇ ئۈستۈن دەپ بىلىدىغان ۋە تېخى تونۇشۇپ، بىلىشمەي تۇرۇپ ئۆزىنى مەڭگىستىمگەن بۇ مەخلۇقتىن قىلىنغان ئەندىشە...

ئىبلىسنىڭ دەلىلى نېمىدېگەن غەلىتە؟! ئۇ ئوتنى لايدىن تېخىمۇ ئۈستۈن دەپ بىلەتتى. بۇ مەلۇمات ئۇنىڭغا قەيەردىن كەلگەندى؟ بۇ مەلۇمات ئاللاھتا بولۇشى كېرەك ئىدى. چۈنكى، ئوتنى ھەم لاينى ياراتقۇچى ئاللاھتۇر، ئۇ ئىككىسىدىن قايسىسىنىڭ تېخىمۇ ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى بىلىدىغانمۇ ئاللاھتۇر.

ئادەم بۇ دىئالوگلاردىن ئىبلىسنىڭ ئىنكار قىلغۇچى، پەسكەش ۋە شەرمەندە خۇسۇسىيەتكە ئىگە بىر مەخلۇق ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. ئۇ ئاللاھتىن ئۆزىگە جازا كۈنىگىچە مۆھلەت بېرىشىنى تەلەپ قىلىۋاتاتتى. يەنى ئۇ ئۆلۈشنى خالىمايتتى. ئاللاھ ئۇنىڭغا شۇ كۈنگىچە مۆھلەت بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ ئەجىلى كەلگەنگە قەدەر ياشاپ، ئاندىن ئۆلەتتى.

ئادەم ئاللاھنىڭ ئىبلىسقا لەنەت قىلغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ سەۋەبى بىلەن ئۇنى رەھمىتىدىن قوغلىغانلىقىنى چۈشەندى. شۇنداقلا، ئىبلىسنىڭ ئۆزىگە بېرىلگەن بۇ جازانى مەڭگۈ ئۇنتۇمايدىغانلىقىنىمۇ چۈشەندى.

ئىش تۈگىدى. ئادەم ئەبەدىي دۈشمىنىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئۇقتى.

[1] سۈرە ساد 75 ــ 83 ـ ئايەتكىچە.

دۈشمىنىنىڭ جاسارىتى ۋە ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا سىلىق مۇئامىلە قىلىشى ئادەمنى سەل ئەندىشىگە سېلىپ قويىدۇ.

بىرى ماڭا: «نېمە ئۈچۈن ئاللاھ بىلەن پەرىشتىلەر ئارىسىدا يۈز بەرگەن بۇ دىئالوگنىڭ بولۇپ ئۆتكەن ئېھتىماللىقىنى قوبۇل قىلماي، ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى باشقا تەرەپكە بۇرمىلايسەن؟ ھالبۇكى، سەن ئاللاھ بىلەن ئىبلىسنىڭ ئارىسىدا دىئالوگ بولۇپ ئۆتكەن ئېھتىماللىقىنى قوبۇل قىلدىڭمۇ؟» دېيىشى مۇمكىن.

بۇنىڭغا شۇنداق دەپ جاۋاب بېرىمەنكى، ئەقىل مۇشۇ نەتىجىنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا.

ئاللاھ بىلەن پەرىشتىلەر ئارىسىدا دىئالوگ بولۇپ ئۆتۈشى ـ ئىنساننىڭ ئەقلىگە سىغمايدىغان ئىشتۇر. چۈنكى، پەرىشتىلەر خاتا، قۇسۇر ۋە ئىلىم ئىزدەشتەك ئىنسانغا خاس خۇسۇسىيەتلەردىن يىراق جانلىقلار بولۇپ، يارىتىلىش خۇسۇسىيەتلىرىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇلار ئىتائەتكار ۋە شەرەپلىك ئەسكەرلەردۇر.

ئىبلىس تەكلىپكە مۇكەللەپتۇر (مۇكەللەپ ـ تەكلىپنى قوبۇل قىلىش ياكى قىلماسلىق ئىختىيارلىقى بېرىلگۈچى)، ئۇ، يارىتىلىش تەبىئىتى (خۇسۇسىيىتى) جەھەتتىن ئىنسانغا يېقىندۇر.

يەنى جىنلارنىڭ ئىمان ئېيتىش ياكى ئېيتماسلىقى ئۇلارنىڭ ئىختىيارلىقىغا بېرىلگەن. دىنىي چۈشەنچىلىرى ئۇلارنى يالغان بويۇنتاۋلىققا تايانغان خاتا چۈشەنچىگە باشلايدۇ. ئۇلارنىڭ يارىتىلىش خۇسۇسىيىتى سەۋەبىدىن ۋە مانا مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، يۈز بېرىدىغان دىئالوگ ئوتتۇرىغا چىقىشى مۇمكىن. سۆزلەش ـ ھۆرلۈك دېمەكتۇر. ئىنسان ۋە جىنلارنىڭ تەبىئىتى ئۇلارنىڭ ھۆر بولۇشىغا مۇناسىپ كېلىدىغان شەكىلدە يارىتىلغان. ئەمما پەرىشتىلەرنىڭ يارىتىلىشى باشقىچە بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەبىئىتىدە ھۆرلۈك ئۇقۇمى يوقتۇر.

ئادەم يارىتىلىپ كۆپ ئۆتمەي، ئاللاھنىڭ جانلىقلارغا ئاتا قىلغان ھۆرلۈكنىڭ قىممىتىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. ئادەمنىڭ ئالدىدا بۇ ساۋاقنىڭ بېرىلىشى، چوڭقۇر مەنە ئىپادە قىلماقتا. پەردە ئىنسان يارىتىلغاندىن كېيىن، ئاللاھ بىلەن ئۇنى ئىنكار قىلغۇچى قۇل (بەندە) ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن دىئالوگ بىلەن ئېچىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا ھۆرلۈك ئاتا قىلىدۇ. نىھايەت، ئۇ بىر قۇل (بەندە) ۋە ئىنكار قىلغۇچىدۇر.

ئىبلىس ئادەمگە سەجدە قىلىشتىن باش تارتتى.

ئۇلۇغ ئاللاھ ئۇنىڭ (ئادەمگە سەجدە قىلىشنى) رەت قىلىدىغانلىقىنى ۋە ئۆزىگە قارشى چىقىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئاللاھ ئۇنى پارچە ـ پارچە قىلىۋېتەلەيتتى ياكى ئۇنى بىر ئۇچۇم توپىغا ئايلاندۇرۇۋېتەلەيتتى، كۈچ ـ قۇۋۋىتى بىلەن ئۇنىڭ ئاغزىدىكى «رەت» كەلىمىسىنى گېلىغا ياندۇرۇپ تىقىۋېتەلەيتتى. ئەمما ئۇلۇغ ئاللاھ مۇكەللەپ

مەخلۇقاتلىرىغا مەلۇم دەرىجىدە (يەنى ئۆزىنىڭ ئەمرىنى رەت قىلالىغۇدەك دەرىجىدە) ھۆرلۈك بەرگەن. يەنى ئۇلارغا ئىنكار، ئىسيان ۋە ئىختىيار بىلدۈرۈش ھۆرلۈكى بېرىلگەن.

كاپىرلارنىڭ ئۇنى ئىنكار قىلىشى ئۇنىڭغا قىلچە زىيان - زەخمەت ئېلىپ كېلەلمەيدۇ. مۆئمىنلەرنىڭ ئىمان ئېيتىشىمۇ ئۇنىڭغا قىلچە پايدا - مەنپەئەت بېرەلمەيدۇ. بۇ پەقەت كاپىرلارغا زىيان - زەخمەت ۋە مۆئمىنلەرگە پايدا - مەنپەئەت ئېلىپ كېلىدۇ. - خالاس! ئاللاھ بولسا، بۇلاردىن مۇستەسنادۇر (يەنى پاكتۇر).

ئادەم ھۆرلۈكنىڭ ئاللاھ ياراتقان جانلىقتىكى ئەڭ ئاساسلىق ئۇنسۇر ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. ئاللاھ مۇكەللەپ قۇللىرى (بەندىلىرى) غا ھۆرلۈك بەرگەندىن سىرت، شۇنىڭغا لايىق، ئادىل جازاسىنىمۇ بېرىدۇ.

ھۆرلۈك دەرسىدىن كېيىن...

ئادەم ئاللاھتىن ئىككىنچى دەرسنى يەنى ئىلىمنى ئۆگەندى.

ئادەم، مەۋجۇداتلار ئىچىدە پەرىشتىلەرنىڭ ياخشىلىقنىڭ سىمۋولى، ئىبلىسنىڭ بولسا، يامانلىقنىڭ سىمۋولى ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەندى. ئەمما ئۆزىنى تېخى تونۇمايتتى. ئاندىن ئاللاھ ئۇنىڭغا، ئۇنىڭ ئەسلىنى (يەنى قانداق شەكىللەنگەنلىكىنى)، ئۇنى يارىتىشىدىكى ھېكمىتىنى ۋە ئۇنىڭغا شەرەپ ئاتا قىلىشىنىڭ سىرىنى ئۆگەتتى.

ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دېگەندى:

﴿ئاللاھ پۈتۈن شەيئىلەرنىڭ ناملىرىنى ئادەمگە ئۆگەتتى﴾[8].

ئۇلۇغ ئاللاھ ئۇنىڭغا شەيئىلەرنى سىمۋوللۇق شەكىلدە ئاتاشنىڭ سىرىنى بەردى.

ئۇنىڭغا شەيئىلەرگە ئىسىم قويۇشنى ئۆگەتتى. بۇ قۇشقاچتۇر، بۇ يۇلتۇزلاردۇر، بۇ دەرەختۇر، بۇ بۇلۇتتۇر، بۇ قۇشتۇر، بۇ ھۆپۈپتۇر. بۇ... بۇ... بۇ... ۋاھاكازالار.

ئادەم پۈتۈن ئىسىملارنى ئۆگەندى.

بۇ يەردىكى ئىسىملار ئىلىم، يەنى مەرىپەت دېگەنلىكتۇر.

شەيئىلەرنى ئىسىم بىلەن سىمۋوللاشتۇرۇش كۈچىدۇر.

ئاللاھ ئادەمنىڭ قەلبىگە چەكسىز مەرىپەت، چەكسىز مەرىپەت سەۋداسى، ئەۋلادلىرىغا ئۆگىنىشكە بولغان تەشنالىقنى مىراس قالدۇرۇش ئىستىكى سىڭدۈردى.

ھەزرىتى ئادەمنىڭ يارىتىلىشىدىكى غايە مانا بۇدۇر.

[8] سۈرە بەقەرە 31 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئادەم شەيئىلەرنىڭ نام ـ ئاتالغۇلىرىنى، ئۇلارنىڭ پايدىلىرىنى ۋە ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك باشقا ئىلىملەرنى ئۆگەنگەندىن كېيىن، ئاللاھ بۇ شەيئىلەرنى پەرىشتىلەرگە كۆرسىتىپ:

﴿(خەلىپە بولۇشقا ئادەمگە قارىغاندا بىز ھەقلىق دەيدىغان قارىشىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، بۇ شەيئىلەرنىڭناملىرىنى ماڭا ئېيتىپ بېرىڭلار! ـ دېدى﴾.

("راستچىل بولساڭلار" دېگەن سۆزى ئارقىلىق پەرىشتىلەرنىڭ خەلىپىنى خالايدىغان ياكى خالىمايدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتقاندى).

پەرىشتىلەر ئۇزلىرىگە كۆرسىتىلگەن شەيئىلەرگە قارىدى، ئەمما ئىسىملىرىنى بىلەلمىدى. ئاندىن ئەشياغا ئىسىم قويۇش ۋە ئۇلارغا سىمۋوللۇق ئىپادىلەرنى قوللىنىش جەھەتتىكى ئاجىزلىقلىرىنى ئېتىراپ قىلغانلىقلىرىنى ئاللاھقا بىلدۈردى.

﴿پەرىشتىلەر: «سېنى (پۈتۈن كەمچىلىكلەردىن) پاك دەپ تونۇيمىز. بىز سەن بىلدۈرگەندىن باشقىنى بىلمەيمىز، ھەقىقەتەن سەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇرسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇرسەن»﴾ دېدى.

ئاللاھ ئادەمگە:

﴿ئى ئادەم! ئۇلارغا بۇ نەرسىلەرنىڭ ناملىرىنى ئېيتىپ بەرگىن!﴾ دېدى.

ئادەم، ئاللاھ پەرىشتىلەرگە كۆرسەتكەن، ئەمما ئۇلار ئىسىملىرىنى بىلەلمىگەن بارلىق شەيئىنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بەردى.

ئاللاھ بەقەرە سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ئاللاھ پۈتۈن شەيئىلەرنىڭ نامىنى ئادەمگە ئۆگەتتى، ئاندىن ئۇلارنى پەرىشتىلەرگە كۆرسىتىپ: «(خەلىپە بولۇشقا ئادەمگە قارىغاندا بىز ھەقلىق دەيدىغان قارىشىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، بۇ شەيئىلەرنىڭ ناملىرىنى ماڭا ئېيتىپ بېرىڭلار!» دېدى. پەرىشتىلەر: «سېنى (پۈتۈن كەمچىلىكلەردىن) پاك دەپ تونۇيمىز. بىز سەن بىلدۈرگەندىن باشقىنى بىلمەيمىز، ھەقىقەتەن سەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇرسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇرسەن» دېدى. ئاللاھ: «ئى ئادەم! ئۇلارغا بۇ نەرسىلەرنىڭ ناملىرىنى ئېيتىپ بەرگىن!» دېدى. ئادەم ئۇلارغا بۇ نەرسىلەرنىڭ ناملىرىنى ئېيتىپ بەرگەن چاغدا، ئاللاھ: «مەن سىلەرگە، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى غەيبلەرنى ھەقىقەتەن بىلىپ تۇرىمەن، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئىشلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىمەن، دېمىگەنمىدىم» دېدى﴾

سۈرە بەقەرە 31 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
سۈرە بەقەرە 32 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
سۈرە بەقەرە 33 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
سۈرە بەقەرە 31 ـ 33 ـ ئايەتكىچە.

ئۇلۇغ ئاللاھ پەرىشتىلەرگە ئۆزىنىڭ ئادەمنى يارىتىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ ئىچلىرىدە ھەيران قالغانلىقىنى، شەيتاننىڭمۇ ئۆز ئىچىدە ئاللاھقا نارازىلىق بىلدۈرگەنلىكىنى ۋە ئىنكار قىلغانلىقىنى، شۇنداقلا، ھەممىسىنىڭ دەھشەتلىك ھېس - تۇيغۇغا چۆمگەنلىكىنى بىلىپ تۇرغانلىقىنى ئىپادىلىمەكچى بولغانىدى.

پەرىشتىلەر ئادەمنىڭ ئالىم (يەنى بىلگۈچى) مەخلۇق ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. بۇ، يەنى ئۆگىنىش ۋە بىلىش كۈچىگە ساھىب بولۇش ئەڭ شەرەپلىك ئىش ئىدى.

پەرىشتىلەر يەنە ئاللاھنىڭ ئۆزلىرىگە نېمە ئۈچۈن ئادەمگە سەجدە قىلىش ئەمرىنى بەرگەنلىكىنى ۋە ئادەمنىڭ يەر يۈزىگە خەلىپە بولۇشىنىڭ سىرىنى چۈشەندى. ئۇ خەلىپە يەر يۈزىدە ئىلىم ۋە مەرىپەت بىلەن ھەرىكەت ئېلىپ باراتتى ۋە ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى.

يـاراتقۇچىنى بىلىـش - ئىمـان يـاكى ئىسـلامنىڭ دەل ئـۆزى بولـۇپ، يـەر يۈزىـنى گۈللەندۈرۈش، ئۆزگەرتىش، ئىدارە قىلىش، ھۆكۈمرانلىق قىلىشنى بىلىش ۋە يەر يۈزىدىكى پۈتۈن ماددىي بىلىملەر بۇنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ.

بۇنىڭدىـن بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىنسـاننىڭ بالاغەتكـە يېتىشى ئۇنىـڭ پـەقەت ياراتقۇچىسـىنى تونـۇش ۋە يـەر يۈزىدىكـى ئىلىملـەرنى كۈچىنىـڭ يېتىشـچە ئۆگىـنىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

...

ئادەم ھەممە شەيئىنىڭ نامىنى بىلەتتى. بەزىدە پەرىشتىلەر بىلەن سۆھبەتلىشەتتى. ئـەمما پەرىشـتىلەر پـەقەت ئاللاھقـا سـەجدە قىلىـش بىلـەن مەشـغۇل بولغاچقـا، ئـادەم يالغۇزسىراشقا باشلىدى.

ئادەم بىر كۈنى ئۇخلاپ قالدى. ئويغانغان ۋاقتىدا، باش تەرىپىدە ئىنتايىن گۈزەل ۋە ئوماق كۆزلىرى بىلەن ئۆزىگە قاراپ تۇرغان بىر ئايالنى كۆردى. بەلكىم ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مۇنداق دىئالوگ بولۇپ ئۆتتى.

ئادەم: مەن ئۇخلاشتىن بۇرۇن سەن بۇ يەردە يوق ئىدىڭغۇ؟

ئايال: شۇنداق.

ئادەم: ئۇنداقتا، مەن ئۇخلاۋاتقاندا كەلدىڭمۇ؟

ئايال: شۇنداق.

ئادەم: نەدىن كەلدىڭ؟

ئايـال: سـەندىن كـەلدىم. سـەن ئۇخلاۋاتقـاندا، ئـاللاھ مېـنى سـەندىن يـاراتتى. سـەن ئويغاق ۋاقتىڭدا مېنى ئۆزەڭگە قايتۇرۇشنى خالىمامسەن؟

ئادەم: ئاللاھ سېنى نېمە ئۈچۈن ياراتتى؟

ئايال: سېنىڭ مەن بىلەن ھوزۇرغا ئېرىششىڭ ئۈچۈن.

ئادەم:- ئاللاھقا ھەمدۇسانالار ئېيتىمەن. مەن يالغۇزسىراپ قالغانىدىم.

پەرىشتىلەر ئادەمدىن ئايالنىڭ ئىسمىنى سورىدى. ئۇ: ئۇنىڭ ئىسمى ھەۋۋا، - دېدى. پەرىشتىلەر ئۇنىڭدىن: نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىسمىنى ھەۋۋا قويدۇڭ؟ - دەپ سورىدى. ئادەم: چۈنكى ئۇ مەندىن يارىتىلدى. مەن ھايات بىرى بولىمەن، - دەپ جاۋاب بەردى.

ئادەم مەرىپەت (ئىلىم) سۆيەر مىجەزلىك مەخلۇق ئىدى ۋە مەرىپەتنى ھەۋۋاغا ئۆگەتتى. ئۆزى بىلىدىغان، ئەمما ھەۋۋا بىلمەيدىغان ئىلىملەرنى ھەۋۋاغا ئۆگەتتى. ھەۋۋا ئۇنى ياقتۇرۇپ قالدى.

ئۇلۇغ ئاللاھ ئادەمگە جەننەتكە ماكانلىششنى بۇيرۇدى:

﴿بىز (ئادەمگە): «ئى ئادەم! سەن خوتۇنۇڭ (يەنى ھەۋۋا) بىلەن جەننەتتە تۇرۇڭلار! جەننەتتىكى نەرسىلەردىن خالىغىنىڭلارچە كەڭتاشا يەپ - ئىچىڭلار، بۇ دەرەخكە يېقىنلاشماڭلار (يەنى مېۋىسىدىن يېمەڭلار)، بولمىسا (ئۆزەڭلارغا) زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولۇپ قالىسىلەر» دېدۇق﴾

بىز بۇ جەننەتنىڭ ئورنىنى بىلمەيمىز.

قۇرئاندا جەننەتنىڭ ئورنى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات يوق. تەپسىرشۇناسلار بۇ ھەقتە بەش خىل كۆز - قاراشقا ئىگە. بەزىلىرى: «ئۇ جەننەتۇل مەئۋا بولۇپ، يېرى ئاسماندۇر» دېگەن. بەزىلىرى بۇنى رەت قىلغان. چۈنكى، ئەگەر ئۇ يەر جەننەتۇل مەئۋا بولغان بولسا، ئىبلىسنىڭ ئۇ يەرگە كىرىشى ھارام قىلىنغان (يەنى چەكلەنگەن) بولاتتى ۋە ئۇ يەردە ئىسيان ۋەقەسى جايىز بولمايتتى. بەزىلىرى مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ باشقا بىر جەننەت بولۇپ، ئاللاھ ئۇنى ئادەم بىلەن ھەۋۋا ئۈچۈن ياراتقان ئىدى». يەنە بەزىلىرى مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ يەر تۆپىلىككە جايلاشقان يەريۈزى جەننەتلىرىدىن بىرىدۇر». يەنە بەزىلىرى ئۇنى قەيەر ئىكەنلىكىنى ئېغىزغا ئالماستىن قوبۇل قىلىشنى ئەۋزەل كۆرگەن. بىزمۇ بۇ قاراشقا قوشۇلىمىز. جەننەتنىڭ ئورنىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكى ھەققىدە ئېرىشكەن نەتىجە ئۇنىڭدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەردىن ئېرىشكەن نەتىجىگە قىياس قىلىنغاندا ھېچ نەرسىگە توغرا كەلمەيدۇ.

...

ئادەم بىلەن ھەۋۋا جەننەتكە كىردى ۋە ئۇ يەردە پۈتۈن ئىنسان تۇرنىڭ چۈشىدىكىدەك ھايات كەچۈردى.

شۇنداقلا، ئۇلار ئۇ يەردە ئەڭ ئېغىر سىناقتىن ئۆتتى.

---

[4] سۈرە بەقەرە 35 - ئايەت.

ئادەم بىلەن ھەۋۋانىڭ جەننەتتىكى ھاياتى مۇتلەق پاكلىق ۋە تەرىپلەش قىيىن بولغان سىناق ئىچىدە ئۆتەتتى.

ئادەم ھەۋۋا بىلەن جەننەتتە ياشاش جەريانىدا ئىچكى ھۇزۇرنىڭ مەنىسىنى ئۆگەندى. ئۇ ئەمدى يالغۇزسىراپ قالمايتتى. ھەۋۋا بىلەن توختىماي سۆھبەتلىشەتتى. مەخلۇقاتلار چىقارغان نەغمىلەرگە ۋە دەريالارنىڭ تەسبىھىگە، مەۋجۇدات قايغۇ ۋە ئازابنىڭ مەنىسىنى بىلىشتىن بۇرۇن، ئىپتىدائى مەۋجۇداتنىڭ ناۋاسىغا قۇلاق سالدى.

ئاللاھ ئۇلارنىڭ بىر دەرەختىن باشقا، ھەممە نەرسىگە يېقىنلىششىغا ۋە ھەممە نەرسىدىن پايدىلىنىشىغا يول قويغاندى. بەلكى بۇ، ئازاب ياكى مەرىپەت دەرىخى ئىدى.

ئاللاھ ئۇلارنى جەننەتكە كىرگۈزۈشتىن بۇرۇن:

﴿بۇ دەرەخكە يېقىنلاشماڭلار (يەنى مېۋىسىدىن يېمەڭلار)، بولمىسا (ئۆزەڭلارغا) زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولۇپ قالىسىلەر﴾ دېگەنىدى.[8]

ئادەم بىلەن ھەۋۋا بۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنىڭ چەكلەنگەنلىكىنى چۈشەندى. ئەمما ھەزرىتى ئادەم بىر ئىنسان ئىدى. ئىنسان ئۇنتۇغاقتۇر، بەزىدە ئۇنىڭ قەلبى ئۆزگىرىدۇ، ئىرادىسى بوشايدۇ. ئىبلىس ھەزرىتى ئادەمنىڭ ئىنسانلىقىنى سۈيىئىستېمال قىلدى. پۈتۈن ئۆچىنى يىغىپ، ئادەمنىڭ پسخولوگىيىلىك قۇرۇلمىسىنى سۈيىئىستېمال قىلدى.

ئۇنىڭغا بولغان ئۆچمەنلىكى كۈنسېرى كۈچىيىپ باراتتى. ئۇنى ھەركۈنى ۋەسۋەسىگە سالاتتى:

- ساڭا ئەبەدىيلىك دەرىخىنى ۋە مەڭگۈ زاۋال تاپماس سەلتەنەتنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟ - دەيتتى.

ئادەم ئۆز - ئۆزىگە سورىدى: دەرەختىن يەپ باقسام نېمە بولار؟ بەلكى ئەبەدىيلىك دەرىخى ھەقىقەتكە ئايلىنار. ئادەمنىڭ ئەس - يادى جەننەتتە ئۆزى ياشاۋاتقان مۇتلەق پاكلىق بىلەن ئەبەدىيلىشىشتە ئىدى.

ئادەم بىلەن ھەۋۋا بىر نەچچە كۈنىنى بۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىدىن يەپ بېقىشنى ئويلاش بىلەن ئۆتكۈزدى. نىھايەت بىر كۈنى، يەپ بېقىش قارارىغا كەلدى. ئاللاھنىڭ ئۇلارنى ئۇ دەرەخكە يېقىنلاشماسلىق توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرغانلىقىنى ۋە ئىبلىسنىڭ ئۇلارنىڭ كونا دۈشمىنى ئىكەنلىكىنى ئۇنۇتتى.

ئادەم قولىنى دەرەخكە ئۇزىتىپ، مېۋىسىدىن بىر تال ئالدى ۋە ھەۋۋاغا بەردى. ئىككىسى چەكلەنگەن مېۋىدىن يېدى.

ئۇلۇغ ئاللاھ تاھا سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئادەم پەرۋەردىگارىنىڭ (ئەمرىگە) خىلاپلىق قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئازدى﴾ .

[8] سۈرە بەقەرە 35 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

يەھۇدىي سەھىپىلىرىنىڭ ئادەمنى ھەۋۋانىڭ ئازدۇرغانلىقى ۋە چەكلەنگەن مېۋىدىن يېيىش جىنايىتىنىڭ ئۇنىڭغا ئارتىلىشى ھەققىدىكى تەسۋىرلىرى توغرا ئەمەس. قۇرئاندا ھەۋۋا زىكىر قىلىنمىغان. بۇ ۋەقەنىڭ جاۋابكارلىقى سۆيپىتىدە پەقەت ئادەمنىڭ ئىسمىلا زىكىر قىلىنغان. شەيتان ئەنە شۇنداق خاتالىق ئۆتكۈزدى. ئادەممۇ تەكەببۇرلۇقى يۈزىدىن خاتالىق ئۆتكۈزدى. ئۇلاردىن بىرى ئىنسانىنى ياراتمىدى (ياقتۇرمىدى). يەنە بىرى ئەبەدىيلىك ھەققىدە ئۆزىنى ئاللاھ بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويدى.

ئادەم مېۋىنى يەپ بولۇپلا، كۆكسىنىڭ سىقىلغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئازاب، قايغۇ ۋە ھايا تۇيغۇلىرى پەيدا بولدى. ئەتراپىدىكى مۇھىت بىردىنلا ئۆزگەردى. ئىچىدىن كېلىۋاتقان خۇشنەغمە توختاپ قالدى. ئۆزى ۋە ئايالىنىڭ قىپيالىڭاچ ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ئەر، ئۇنىڭ ئايال ئىكەنلىكىنى كۆردى. ئىككىسى يالىڭاچ ئەۋرەتلىرىنى يېپىش ئۈچۈن دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى يۇلۇشقا باشلىدى. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا جەننەتتىن چۈشۈش (چىقىش) ئەمرىنى بەردى.

ئادەم بىلەن ھەۋۋا يەريۈزىگە چۈشتى. يەنى جەننەتتىن چىقتى. ئادەم كۆپ قايغۇردى. ھەۋۋا بولسا، توختىماي يىغلايتتى. تەۋبىلىرى بەكمۇ سەممىي ئىدى. ئاللاھ ئۇلارنىڭ تەۋبىلىرىنى قوبۇل قىلدى. ئۇلارنىڭ ئەسلى ماكانىنىڭ يەر يۈزى ئىكەنلىكىنى، بۇندىن كېيىن يەر يۈزىدە ياشاپ، شۇ يەردە ئۆلىدىغانلىقىنى، قايتا تىرىلىش كۈنى (يەنى قىيامەت كۈنى) ئۇ يەردىن چىقىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دېگەندى:

﴿يەر يۈزىدە ياشايسىلەر، يەر يۈزىدە ئۆلۈسىلەر، (قىيامەت كۈنى) يەنە يەر ئاستىدىن چىقىرىلىسىلەر﴾ .

ئاللاھ ئادەمنىڭ جەننەتتىن چىقىپ، يەرگە چۈشكەندىن كېيىن ئۆگەنگەن ئۈچىنچى دەرسىنىڭ (ساۋاقنىڭ) قىسسىسىنى مۇنداق بايان قىلغاندى:

﴿بىز ئىلگىرى ئادەمگە (دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېمەسلىكنى) تەۋسىيە قىلدۇق، ئۇ (بۇ تەۋسىيەنى) يادىدىن چىقاردى، ئۇنىڭدا ھېچقانداق چىڭ ئىرادە كۆرمىدۇق. ئۆز ۋاقتىدا بىز پەرىشتىلەرگە: «ئادەمگە (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا) سەجدە قىلىڭلار» دېدۇق، ئىبلىستىن باشقىسى سەجدە قىلدى، ئۇ (سەجدە قىلىشتىن) باش تارتتى. بىز دېدۇق: «ئى ئادەم! بۇ ھەقىقەتەن سېنىڭ دۈشمىنىڭدۇر، خوتۇنىڭنىڭ دۈشمىنىدۇر، ئۇ سىلەر ئىككىڭلارنىڭ جەننەتتىن چىقىپ كېتىشىڭلارغا سەۋەبچى بولۇپ قالمىسۇن، (ئۇ چاغدا) سىلەر جاپا ـ مۇشەققەتتە قالىسىلەر. جەننەتتە سەن ھەقىقەتەن ئاچ قالمايسەن ۋە يالىڭاچ قالمايسەن. ھەمدە ئۇنىڭدا ھەقىقەتەن ئۇسساپ كەتمەيسەن، ئىسسىپ كەتمەيسەن». شەيتان ئۇنىڭغا ۋەسۋەسە قىلىپ: «ئى ئادەم! ساڭا مەن (يېگەن ئادەم)

---

[a] سۈرە تاھا 121 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[b] سۈرە ئەئراف 25 ـ ئايەت.

ئۆلمەيدىغان دەرەخنى ۋە زاۋال تاپماس پادىشاھلىقنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟» دېدى. ئۇلار ئۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئەۋرەتلىرى ئېچىلىپ قالدى. ئۇلار جەننەت (دەرەخلىرىنىڭ) يوپۇرماقلىرى بىلەن سەترى ئەۋرەت قىلىشقا كىرىشتى. ئادەم پەرۋەردىگارىنىڭ (ئەمرىگە) خىلاپلىق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئازدى. ئاندىن پەرۋەردىگارى ئۇنى تاللىدى. ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى ۋە ئۇنى ھىدايەت قىلدى. ئاللاھ (ئادەم بىلەن ھەۋۋاغا) ئېيتتى: «سىلەر ھەممىڭلار جەننەتتىن بەزىڭلار بەزىڭلارغا دۈشمەن بولغان ھالدا چۈشۈڭلار. ئەگەر سىلەرگە مېنىڭ تەرىپىمدىن ھىدايەت كەلسە، كىمكى مېنىڭ ھىدايىتىمگە ئەگەشسە، ئۇ ئازمايدۇ ۋە ئاخىرەتتە شەقى بولمايدۇ»﴾ [4].

بەزىلەر: «ھەزرىتى ئادەمنىڭ خىلاپلىق قىلىپ خاتالىق ئۆتكۈزۈشى بىزنى (ئىنسانلارنى) جەننەتتىن چىقاردى. ئەگەر ئۇ بۇ خاتالىقنى ئۆتكۈزمىگەن بولسا، بىز بۈگۈن جەزمەن جەننەتتە بولغان بولاتتۇق» دېيىشىدۇ.

بۇ بەكمۇ يۈزەكى چۈشەنچىدۇر. چۈنكى، ئاللاھ ئادەمنى يارىتىشنى ئىرادە قىلغان ۋاقىتتا پەرىشتىلەرگە: «مەن جەننەتتە خەلىپە يارىتىمەن» دېمىگەن، بەلكى: «مەن يەر يۈزىدە خەلىپە يارىتىمەن» دېگەنىدى.

ئادەمنىڭ يەر يۈزىگە چۈشۈرۈلۈشى ھاقارەتلىك ئىش ئەمەس، بەلكى سۈپىرىم ئېقىمدىكىلەر ئېيتقاندەك، شەرەپلىك ئىش ئىدى. ئۇلۇغ ئاللاھ ئادەم بىلەن ھەۋۋانىڭ ئۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يەيدىغانلىقىنى ۋە يەر يۈزىگە چۈشىدىغانلىقىنى: شۇنداقلا، شەيتاننىڭ ئۇلاردىن پاكلىق، ساپلىق ۋە گۇناھسىزلىقنى تارتىۋالىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

ئاللاھنىڭ بۇنى بىلىشى، ئۇ ئىككىسىنىڭ يەر يۈزىدە ياشىشى ئۈچۈن كېرەكلىك ئىدى.

ئادەم بىلەن ھەۋۋانىڭ بۇنى بىلىشى ئۈچۈن سىناقلارغا دۇچ كېلىشى يەر يۈزىدىكى خەلىپىلىكنىڭ ئاساسلىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇلاردىن كېيىنكى نەسىللەر، شەيتاننىڭ ئۆز ئەجداتلىرىنى جەننەتتىن قوغلاتقانلىقىنى، جەننەتكە دەرۋازىلىرىدىن كىرىش ئۈچۈن ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش ۋە شەيتان بىلەن دۈشمەنلىشىش كېرەكلىكىنى ئۆگىنەتتى.

ئۇنداقتا: «ئىنسانغا ئىختىيارلىق بېرىلمىگەن ئىدى، شۇنداقلا ھەزرىتى ئادەم خاتالىق ئۆتكۈزۈشكە ۋە جەننەتتىن چىقىپ يەر يۈزىگە چۈشۈشكە مەجبۇر ئىدى» دەپ قاراشقا بولامدۇ؟

ھەقىقەتەن بۇ پىكىر يۈزەكىلىكتە ئالدىنقىسىدىن قېلىشمايدۇ. ئادەم پۈتۈنلەي ھۆر ئىدى، شۇڭا قىلمىشىنىڭ جاۋابكارلىقى ئۇنىڭغا ئارتىلدى.

خاتالىق ئۆتكۈزۈپ، دەرەخنىڭ مېۋىسىدىن يېدى، ئاللاھ ئۇنى جەننەتتىن چىقاردى.

[4] سۈرە تاھا 115 ــ 123 ـ ئايەتكىچە.

خاتالىق ئۆتكۈزۈش ئۇنىڭ ھۆرلۈكىگە خىلاپ ئەمەس. ئەكسىچە، خاتالىق ئۇنىڭ ھۆرلۈكىدىن كېلىپ چىققان.

ئاللاھ ۋەقەنى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا ئەمەس، بەلكى ئۇ ۋەقەدىكى شەيئىلەرنى يارىتىشتىن بۇرۇنلا بىلەتتى. بۇ يەردىكى ئىلىم ـ ئوتتۇرىغا چىققان نۇردىن ئىبارەت بولۇپ، مەجبۇرىي قىلدۇرۇش كۈچى ئەمەس ئىدى. يەنى ئاللاھ ئۇنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى بىلىدۇ، ئەمما ئۇنى شۇنداق بولۇشقا مەجبۇرلىمايدۇ. چۈنكى ئاللاھ بەندىلىرىگە ۋە مەخلۇقاتلىرىغا ھۆرلۈك بېرىدۇ.

ئەنە شۇ سەۋەبتىن، ئاللاھ يەر يۈزىنى ئاۋاتلاشتۇرۇش ۋە ئۇ يەرگە خەلىپە ئەۋەتىش مەقسىتىدىكى ھېكمىتىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ.

...

ئادەم ئۈچىنچى دەرسنى (ساۋاقنى) چۈشەندى.

ئىبلىسنىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. ھەمدە ئىبلىسنىڭ جەننەتتىن چىقىرىلىشىغا ۋە جاپا ـ مۇشەققەتكە قېلىشىغا سەۋەبچى بولغانلىقىنى ئىلمىي بىر شەكىلدە چۈشەندى.

ئاللاھنىڭ (ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغانلارنى) جازالايدىغانلىقىنى ۋە جەننەتكە كىرىش ئۈچۈن ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش كېرەكلىكىنى چۈشەندى.

ئاللاھنىڭ تەۋبىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى، ئەپۇ قىلىدىغانلىقىنى، مەرھەمەت قىلىدىغانلىقىنى ۋە تاللايدىغانلىقىنى چۈشەندى.

ئۇلۇغ ئاللاھ ئۇلارغا مۇنداق دەپ ئىستىغفار ئېيتىشنى ئۆگەتتى:

﴿پەرۋەردىگارىمىز! بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىلدۇق. ئەگەر سەن بىزگە مەغپىرەت قىلمىساڭ، بىز چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمىز﴾ . (سۈرە ئەئراف 23 ـ ئايەت)

ئاللاھ ئۇلارنىڭ تەۋبىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئەپۇ قىلدى ۋە ئۇلارنى يەر يۈزىگە ئەۋەتتى.

ھەزرىتى ئادەمنى ئۆز نەسلىگە تۇنجى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى.

ئادەمنىڭ يەر يۈزىدىكى ھاياتى باشلاندى.

يەر يۈزىگە چۈشۈش ئۈچۈن جەننەتتىن چىقتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئۆزىدىن كېيىن كېلىدىغان پەيغەمبەرلەرگە چىقىش (خۇرۇج) ئۇسلۇبىنى باشلاپ بەرگەن بولدى.

[8] سۈرە ئەئراف 23 ـ ئايەت.

ھەرقانداق بىر پەيغەمبەر ئۆز قەۋمىنى ئاللاھ يولىغا دەۋەت قىلىشقا باشلىغان ھامان، قەۋمى ئۇنى چىقىش (خۇرۇج) قا ۋە كۆچۈش (ھىجرەت) كە زورلىدى.

ئادەم ئۇ يەردىن، يەنى جەننەتتىن پەيغەمبەر بولۇشتىن بۇرۇن چىقتى. بۇ يەردە، يەنى يەر يۈزىدە بولسا، پەيغەمبەرلەر ئاساسەن پەيغەمبەرلىكى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن قوغلاپ چىقىرىلىدۇ.

ئادەم جەننەتتىن چىققاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ھۇزۇر ۋە تىنچلىقتىن ئايرىلغانلىقىنى چۈشەندى...

ئۇنىڭ بۇ يەردە، يەنى زېمىندا، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۇلىشىپ كېلىدىغان جاپا - مۇشەققەت ۋە جەڭ - جېدەلگە دۇچ كېلىشى لازىم ئىدى. يېمەك - ئىچمىكى ئۈچۈن جاپا - مۇشەققەت تارتىشى؛ ئۆزىنى كىيىم - كېچەك ۋە قورال - ياراقلار بىلەن قوغدىشى؛ بالا - چاقىلىرىنى يەر يۈزىدە ياشايدىغان يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن قوغدىشى؛ ھەممىدىن مۇھىمى، ئىبلىسقا قارشى مۇجادىلە ئېلىپ بېرىشى لازىم ئىدى. چۈنكى، ئىبلىس ئۇنىڭ جەننەتتىن چىقىشىغا سەۋەبچى بولغانىدى. ئۇ يەر يۈزىدىمۇ ئادەمنى ۋە باللىرىنى جەھەننەمگە كىرىش ئۈچۈن داۋاملىق ۋەسۋەسگە سېلىۋاتاتتى. ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئارىسىدىكى مۇجادىلە توختىماي داۋاملىشىۋاتاتتى. ئاللاھنىڭ ئەمرلىرىگە ئىتائەت قىلغانلار ئۈچۈن غەم - قايغۇ يوق ئىدى. ئاللاھنىڭ ئەمرلىرىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئوتتىن يارىتىلغان ئىبلىسقا ئىتائەت قىلغانلار بولسا، ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە جەھەننەم ئوتىدا كۆيەتتى.

ئادەم بۇ جاپا - مۇشەققەتلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ھاياتى بىلەن بىرلىكتە باشلانغانلىقىنى چۈشەندى. ئۇنىڭ قايغۇسىغا تەسەللي بولىدىغان بىردىنبىر نەرسە، ئۆزىنىڭ يەر يۈزىنىڭ ھۆكۈمدارى سۈپىتىدە ئەۋەتىلىشى ئىدى. ئۇنىڭ يەر يۈزىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشى، ئۇنى ئاۋاتلاشتۇرۇشى، تىرىكچىلىك قىلىشى، ئۇ يەردە يېتىشىپ ھاياتنىڭ شەكلىنى ئۆزگەرتىدىغان ۋە تېخىمۇ ياخشى ھالغا كەلتۈرىدىغان نەسلىگە ساھىب بولۇشى لازىم ئىدى.

ھەۋۋا بىر قېتىمدا بىر ئوغۇل، بىر قىز؛ يەنە بىر قېتىمدىمۇ بىر ئوغۇل، بىر قىز دۇنياغا كەلتۈرگەنىدى. بىرىنچى قېتىمدا تۇغۇلغان ئوغۇل بىلەن ئىككىنچى قېتىمدا تۇغۇلغان قىزنىڭ ئۆيلىنىشى ھالال ئىدى.

ئادەمنىڭ باللىرى چوڭ بولۇپ، بىر - بىرىگە ئۆيلەندى ۋە يەر يۈزىنى ئاۋاتلاشتۇردى. ئادەم ئۇلارنى ئاللاھ يولىغا دەۋەت قىلدى.

ئادەمنىڭ تەقدىرىگە باللىرىدىن بىرىنىڭ ئىبلىسقا ئىتائەت قىلىشىغا گۇۋاھچى بولىدىغانلىقى ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. يەر يۈزىدە تۇنجى قاتىللىق ۋەقەسى مەيدانغا كەلدى.

ئادەمنىڭ ئوغۇللىرىدىن بىرى ئۆزىنىڭ قېرىندىشىنى ئۆلتۈردى.

ئەسكىسى ئۆزىنىڭ ياخشى قېرىندىشىنى ئۆلتۈردى.

ئۇلۇغ ئاللاھ مائىدە سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارغا (يەنى ئەھلى كىتابقا ۋە قەۋمىڭگە) ئادەمنىڭ ئىككى ئوغلى (يەنى ھابىل بىلەن قابىل) نىڭ ھېكايىسىنى راستلىق بىلەن ئوقۇپ بەرگىن، ئۆز ۋاقتىدا ئۇ ئىككىيلەن (يەنى ھابىل بىلەن قابىل) قۇربانلىق قىلغان ئىدى. بىرسى (يەنى ھابىل) نىڭ قوبۇل بولدى، يەنە بىرسى (يەنى قابىل) نىڭ قوبۇل بولمىدى﴾ .

بەزىلەر: «قابىل ھابىلغا ياتلىق بولغان قىز قېرىندىشىنى ئۆزىگە ياتلىق قىلىنىشىنى تەلەپ قىلغانىدى» دېيىشىدۇ. ئادەم ئۇلارغا قۇربانلىق قىلىش ئەمرى بەردى. ئۇلار قۇربانلىق قىلغانىدى. ئاللاھ بىرىنىڭ قۇربانلىقىنى قوبۇل قىلىپ، يەنە بىرىنىڭكىنى (قوبۇل) قىلمىدى.

﴿(قابىل ھابىلغا): «مەن سېنى چوقۇم ئۆلتۈرىمەن» دېدى، (ھابىل) ئېيتتى: «ئاللاھ پەقەت تەقۋادارلارنىڭ (قۇربانلىقىنى) قوبۇل قىلىدۇ. ئەگەر سەن مېنى ئۆلتۈرۈشكە قولۇڭنى سوزىدىغان بولساڭ، مەن سېنى ئۆلتۈرۈشكە قولۇمنى سوزمايمەن، مەن ھەقىقەتەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھتىن قورقىمەن»﴾[1].

ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ سۆزلىرىنى بىزگە قانداق بايان قىلىپ بەرگەنلىكىگە، قاتىلنىڭ سۆزلىرىدىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز قويغانلىقىغا دىققەت قىلىڭ! قاتىل تەھدىت سېلىش ئۈچۈن قولىنى قايتا يۇقىرى كۆتۈردى.

ئۆلتۈرۈلگۈچى (ھابىل) تەمكىن ھالدا: ﴿مەن ھەقىقەتەن سەن بىلەن بولغان گۇناھنى (يەنى مېنى ئۆلتۈرگەنلىك گۇناھىڭنى) ۋە سېنىڭ (ئىلگىرىكى) گۇناھىڭنى (يەنى ئاتاڭ ئادەمنىڭ ئەمرىگە ئاسىيلىق قىلغانلىق گۇناھىڭنى) ئۈستۈڭگە ئېلىپ ئەھلى دوزاخلاردىن بولۇشۇڭنى تىلەيمەن، (كىشىلەرگە) زۇلۇم قىلغۇچىلارنىڭ جازاسى شۇدۇر﴾ دېدى.

ھابىلنىڭ سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن، قابىل ھابىلنى تاشلاپ كەتتى.

بىر نەچچە كۈن ئۆتتى... ھابىل قويۇق ئورمانلىقتا ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇ ئورماندا قېرى ئېشەكتىن بىرى ئۆلگەن بولۇپ، جەسىدى قۇزغۇنلار تەرىپىدىن پارچىلانغان، قېنى يەرگە سىڭىپ كەتكەنىدى. ئېشەكنىڭ پەقەت باش قىسمىلا قالغانىدى. قابىل ئۇنى قولىغا ئېلىپ، ھابىل تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئېشەكنىڭ بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ قاتتىق كۈچەپ ھابىلغا ئۇردى.

---

[1] سۈرە مائىدە 27 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
سۈرە مائىدە 27 ـ 28 ـ ئايەتلەر.
سۈرە مائىدە 29 ـ ئايەت.

قان ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىدى، ھابىل چوڭچوپ ئويغاندى. ئۇ ئۇيقۇسىدا چۈش كۆرۈۋاتاتتى. لەۋلىرى كۆلۈمسىرەۋاتاتتى. قان ئۇنىڭ كۆلۈمسىرىگەن لەۋلىرىگە ئېقىپ چۈشتى. قابىل قېرىندىشىغا يەنە بىر قېتىم قارىغاندىن كېيىن، پەسكويغا چۈشتى. قېرىندىشى بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالاشقانىدى.

قابىل يۈزلىرى تاتىرىپ كەتكەن ھالدا لام ـ جىم دېمەي، ئۆلۈكنىڭ ئالدىدا ئولتۇردى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەنىدى:

«زۇلۇم بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن ھەر ئىنساننىڭ گۇناھىنىڭ بىر ئۈلۈشى ھەزرىتى ئادەمنىڭ تۇنجى ئوغلى قابىلنىڭ ھېسابىغا ئۆتىدۇ. چۈنكى ئۇ، ئادەم ئۆلتۈرۈشنى تۇنجى بولۇپ باشلاپ بەرگەن.» [ئىبنى ماجە رىۋايىتى]

قاتىل قان ئىچىدە ياتقان قېرىندىشىنىڭ ئالدىدا ئولتۇردى. ئەگەر ئاتىسى سوراپ قالسا، نېمە دەپ جاۋاب بېرەتتى؟

ئادەم ئىككىسىنىڭ بىللە چىقىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەنىدى. ئەمدى ئۇ يالغۇز قايتاتتى. ئەگەر قېرىندىشىنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئىنكار قىلسا، ئۇنىڭ جەسىدىنى نەگە يوشۇرىدۇ؟ نەگە ئېلىپ بارىدۇ؟

ئۆلتۈرۈلگەن بۇ قېرىنداش، يەر يۈزىدە ئۆلتۈرۈلگەن تۇنجى ئىنسان بولغاچقا، ئۆلۈكلەرنى يەر ئاستىغا كۆمۈش دېگەن ئۇقۇم تېخى پەيدا بولمىغانىدى. قابىل ھابىلنىڭ جەسىدىنى ئېلىپ، بىر تەرەپكە قاراپ مېڭىشقا باشلىدى.

شامال بىر قۇشنىڭ ئېچىنىشلىق چىقىرىغان ئاۋازىنى ئېلىپ كەلدى. قابىل بۇ ئاۋازدىن چوڭچوپ كەتتى. ئىچىدە بەكمۇ قورقۇنچلۇق ھېس ـ تۇيغۇلار پەيدا بولدى. قابىل ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىدى. بىر قارغا يەنە بىر ئۆلۈك قارغىنىڭ ئۈستىگە قونۇۋېلىپ قاقىلداۋاتاتتى. تىرىك قارغا تۇمشۇق ۋە تىرناقلىرى بىلەن يەرنى قېزىشقا باشلىدى.

تىرىك قارغا ئۆلۈك قارغىنى سۆرەپ كېلىپ، كولانغان ئازگالغا ياتقۇزدى، ئاندىن ئىككى قېتىم قاقىلدىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە توپا تاشلىدى. كۆمۈپ بولغاندىن كېيىن، بىر نەچچىنى قاقىلدىۋېتىپ، ئۇچۇپ كەتتى.

قابىل ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ قالدى. قېرىندىشىنىڭ جەسىدىگە ئېگىلىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: ﴿ۋاي مەن قېرىندىشىمنىڭ جەسىدىنى كۆمۈشتە مۇشۇ قارغىچىلىك بولۇشتىن ئاجىز كەلدىممۇ؟﴾ (سۈرە مائىدە 31 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئۇ ئۆزىنىڭ قىلمىشىغا قاتتىق پۇشايمان قىلدى. نادامەت ئوتى ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىدە لاۋۇلداپ يېنىشقا باشلىدى.

---

[8] سۈرە مائىدە 31 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

شۇندىلا، ئۆزىنىڭ بەكمۇ نادان ۋە زەئىپ ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. ئۇ ئۆزىدىن ئاقىل ۋە كۈچلۈك بولغان قېرىندىشىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى. ئۇ ھەزرىتى ئادەمنىڭ بالىلىرىدىن بىرنى يوق قىلدى. شەيتان ئادەم بالىلىرىدىن بىرىگە ئېرىشكەنىدى.

قاتتىق يىغلىغان قاتىلنىڭ ۋۇجۇدى توختىماي تىترەيتتى. ئۇ تىرناقلىرى بىلەن يەرنى قېزىپ، قېرىندىشى ئۈچۈن قەبرە كولاشقا باشلىدى.

...

بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تاپقان ھەزرىتى ئادەم: «بۇ شەيتاننىڭ ئىشىدۇر، شۈبھىسىزكى، شەيتان ئازدۇرغۇچى ئاشكارا دۈشمەندۇر»[8] دېدى.

ئادەم ئىككى ئوغلىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن كۆپ قايغۇردى.

بىرى ئۆلگەن، يەنە بىرى شەيتانغا ئەگىشىپ كەتكەنىدى.

ئادەم ئۆلگەن ئوغلى ئۈچۈن دۇئا قىلدى ۋە ھاياتىنى داۋاملاشتۇردى.

ئۇ ئەمگەكچان ۋە مېھنەتكەش ئىنسان ئىدى.

بالىلىرى ۋە نەۋرىلىرىگە ۋەز - نەسىھەت قىلىدىغان پەيغەمبەر ئىدى. ئۇلارغا ئاللاھ توغرۇلۇق ۋەز ئېيتاتتى ۋە ئاللاھقا دەۋەت قىلاتتى. ئاندىن، ئىبلىسنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرەتتى ۋە ئۇنىڭغا يېقىنلاشماسلىققا ئاگاھلاندۇراتتى. ئۇلارغا ئىبلىسنىڭ ئۆزى ۋە قاتىل ئوغلى بىلەن بولغان قىسسىسىنى سۆزلەپ بېرەتتى.

ئارىدىن نۇرغۇن يىللار ئۆتتى، ئادەم ياشىنىپ قالدى. ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى يەر يۈزىگە تارالدى.

بىر كېچىسى، قاتتىق بوران چىقىپ كەتتى.

ھەزرىتى ئادەم تىككەن قېرى دەرەخنىڭ يوپۇرماقلىرى شىلدىرلاشقا باشلىدى.

دەرەخنىڭ شاخلىرى يېنىدىكى كۆلگە قاراپ ئېگىلدى. ھەتتا مېۋىلىرى كۆلنىڭ سۈيىگە چىلىشىپ قالدى. بوران توختىغاندىن كېيىن، دەرەخ تۈزلىنىپ، بۇرۇنقى ھالىتىگە كەلدى. شاخلىرىدىن توختىماي سۇ تامچىپ تۇراتتى. دەرەخ يىراقتىن خۇددى چېچى چۇۋۇلۇپ كەتكەن ئادەمدەك، سۇغا ئېگىلگەن ۋە يىغلاۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

دەرەخ قايغۇراتتى، شاخلىرى تىترىمەكتە ئىدى، ئاسماندىكى يۇلتۇزلارمۇ تىترەۋاتاتتى.

ئاي نۇرى ھەزرىتى ئادەمنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ، ئادەمنىڭ يۈزىگە چۈشتى. ھەزرىتى ئادەمنىڭ يۈزى ئاي يۈزىدىنمۇ خۇنۇك ۋە سۇلغۇن كۆرۈنەتتى.

[8] سۈرە قەسەس 15 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ھەزرىتى ئادەمنىڭ ھۇجرىسى بەكمۇ ئاددىي ـ ساددا ئىدى.

ئاپئاق ساقال ۋە نۇر يۈزلۈك ھەزرىتى ئادەم دەرەخنىڭ شاخ ۋە يوپۇرماقلىرىدىن قىلىنغان تۆشكىدە (كارىۋىتىدا) ياتاتتى. بالا ـ چاقىلىرى ئەتراپىغا ئولاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ ۋەسىيىتىنى كۈتمەكتە ئىدى. ھەزرىتى ئادەم ئېغىز ئاچتى. بالىلىرىغا ئىنسانىنى قۇتۇلدۇرىدىغان بىر كېمە ۋە ئۇنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرىدىغان بىرلا ياراق (قورال) بار ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. كېمە ـ ئاللاھنىڭ يولى؛ ياراق بولسا، ئاللاھنىڭ كەلىمىلىرى ئىدى.

ھەزرىتى ئادەم بالىلىرىنىڭ كۆڭلىگە تەسەللىي بېرىش ئۈچۈن مۇنداق دېدى: «ئاللاھ ئىنسانىنى يەر يۈزىگە يالغۇز تاشلاپ قويمايدۇ. ئىنسانىنى توغرا يولغا باشلاش ۋە ھىدايەتكە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىدۇ. پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىسىملىرى، سۈپەتلىرى ۋە مۆجىزىلىرى پەرقلىق بولسىمۇ، ھەممىسىنىڭ ئورتاق بىر نۇقتىسى بولىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، ئىنسانىنى يالغۇز ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشقا دەۋەت قىلىش.»

ھەزرىتى ئادەمنىڭ بالىلىرىغا قىلغان ۋەسىيىتى مانا بۇنىڭدىن ئىبارەت ئىدى.

ھەزرىتى ئادەم ۋەسىيىتىنى تۈگىتىپ، كۆزلىرىنى يۇمدى. پەرىشتىلەر ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ، ئەتراپىنى ئورىدى. ھەزرىتى ئادەم ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئۆلۈم پەرىشتىسىنى تونۇپ، قەلبى مەڭگۈلۈك راھەت ۋە ھۇزۇرغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى. روھىغا جەننەت گۈل ـ چېچەكلىرىنىڭ خۇش ھىدى سىڭدى.

* * * * *

## ھەزرىتى نۇھ ئەلەيھىسسالام

ھەزرىتى ئادەمنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، خېلى يىللار ئۆتۈپ كەتتى.

قەبرىنىڭ ئەتراپىدىكى گۈل - چېچەكلەر توزۇپ، دەل - دەرەخ ۋە تاش - تۇپراقلار چىرىپ كەتتى. يۇلتۇزلارنىڭ يېشىغا نۇرغۇن ياش قېتىلدى، يەر يۈزىدە نۇرغۇنلىغان نەرسە ئۆزگىرىش ھاسىل قىلدى.

ئادەمنىڭ ۋەسىيىتى ئۇنتۇلۇپ، كونا خاتالىق يەنە ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ قېتىمقىنىڭ شەكلى باشقىچە بولسىمۇ، ئۇنتۇش خاتاسى يەنە تەكرارلانغانىدى.

نۇھنىڭ قەۋمى دۇنياغا كېلىشتىن بۇرۇن، نۇھنىڭ ئەجدادى ئىچىدە بەش سالىھ كىشى ياشاپ ئۆتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى: ۋەد، سۇۋائ، يەغۇس، يەئۇق ۋە نەسرى ئىدى.

بۇلار ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئىنسانلار ئۇلارنىڭ شەرىپى ۋە يۈز خاتىرىسى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ھەيكەللىرىنى تىكلىدى. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، بۇ ھەيكەللەرنى تىكلىگەنلەر ئۆلۈپ تۈگىدى. ئۇلارنىڭ باللىرى ياشىدى، ئۇلاردىن كېيىن نەۋرىلىرى كەلدى. ئەپسانىلەر بۇ ھەيكەللەرنى بىرمۇنچىلىغان غايىۋىي كۈچلەرگە نىسبەتلەشتۈرۈپ، ئۇلار ھەققىدە ھەرخىل ھېكايىلەر توقۇلۇپ چىقتى. بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلگەن ئىبلىس، ئۇلارغا بۇ ھەيكەللەرنىڭ پايدا - مەنپەئەت يەتكۈزىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ يامانلىققا قارشى تۇرىدىغان كۈچلۈك ئىلاھلارنىڭ ھەيكەللىرى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۇلارنى ئېزىقتۇردى... شۇنىڭ بىلەن، ئىنسانلار بۇ ھەيكەللەرگە چوقۇنۇشقا باشلىدى.

بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئىشەنچلىك مەنبەلەردە، ئىنسانلار بۇتلارغا چوقۇنۇشقا باشلىغاندا، ئۇلارنىڭ ھايات شەكلىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىگە دائىر ھېچقانداق مەلۇماتقا ئېرىشەلمىدۇق. ئەمما ھېچ ئۆزگەرمەس بىر قائىدىنى ئۇقۇۋېلىشقا مۇۋەپپەق بولدۇق. ئۇ بولسىمۇ، ئىنسانلار بۇتلارغا چوقۇنۇشقا باشلىغان ھامان، مۇشرىكلىك پاتقىقىغا پاتاتتى.

ئىنسانلار ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشنى تاشلاپ، بۇتلارغا چوقۇنۇشقا باشلىغاندا، يەر يۈزىدىكى گۈزەللىك روھى ئۆلىدۇ. بۇزۇقچىلىق ئەۋج ئالىدۇ. ئىنسان ئىچ - ئىچىدىن تۈگىشىدۇ. ئەقلى كاردىن چىقىدۇ. يوقسۇللارنىڭ پېقىرلىقى ۋە بايلارنىڭ مال - دۇنياسى داۋاملىق ئېشىپ بارغاندەك، زالىملارنىڭ زۇلمى بىلەن مەزلۇملارنىڭ زىللەتتىمۇ (ئازاپ - ئوقۇبەت) ئېشىپ بارىدۇ. ئىنسانىيەت دۇنياسى جەھەننەمگە ئايلىنىدۇ.

ئىنسانلار ئاللاھتىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلىشقا باشلىغاندا، مانا مۇشۇنداق ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ مەبۇدى مەيلى تاشتىن ياسالغان بۇت بولسۇن، مەيلى ئالتۇندىن ياسالغان موزاي بولسۇن، مەيلى ئىنسانلار ئارىسىدىكى بىر ھۆكۈمران بولسۇن، مەيلى سىياسەتچى، مەزھەب رەئىسى ياكى دىنىي ئەۋلىيا بولسۇن، ھەممىسىنىڭ ئاقىۋىتى ئوخشاش.

چۈنكى، ئىنسانلار ئارىسىدىكى باراۋەرلىكنىڭ بىردىنبىر كاپالىتى ـ ھەممىسىنىڭ بىر ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشىغا باغلىق بولۇپ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ياراتقۇچىسى، دىن ۋە قانۇننى يولغا قويغۇچىسىدۇر. بۇ كاپالەت يوقىلىپ، ئىنسانلاردىن بىرى ياكى بىر ھۆكۈمەت ئۆزىنى ئىلاھ دەپ ئوتتۇرىغا چىقسا، ئىنسانلارمۇ شۇنىڭ بىلەن تەڭ يوقىلىدۇ. ئۇلاردا ھۆرلۈك دېگەن نەرسە مەۋجۇت بولمايدۇ.

ئاللاھتىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلىش، پەقەت ئىنسان ھۆرلۈكىنىڭ يوقۇلىشىدىلا ئوتتۇرىغا چىقىدىغان تراگېدىيە ئەمەس. ئۇنىڭ خەتەرلىك تەسىرى ئىنساننىڭ ئەقلىگىچە يېتىپ بارىدۇ ۋە ئۇنى كىرلىتىدۇ، چۈشكۈنلەشتۈرىدۇ، ئاخىرىدا پۈتۈنلەي يوقىتىدۇ.

چۈنكى، ئۇلۇغ ئاللاھ ئىنساننى بىلسۇن ئۈچۈن ياراتتى. ئۇنىڭ ئەقلىنى ئىلىم ئىگەللەش ۋە ئۆگىنىشنى مەقسەت قىلغان جەۋھەر سۈپىتىدە ياراتتى. ئىلىمنىڭ ئەڭ مۇھىمى ـ يالغۇز ئاللاھنىڭ ياراتقۇچى ئىكەنلىكىنى، ئۇندىن باشقىلىرىنىڭ بولسا، ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرى ئىكەنلىكىنى بىلمەكتۇر.

بۇ، خەلىپىلىكنىڭ مۇۋەپپىقىيەتلىك ھالدا ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان باشلانغۇچ نۇقتىسىدۇر. ئىنسان گەرچە ئىمانسىز بولسىمۇ، ئالغا ئىلگىرىلەش سەۋەبلىرىگە چېڭ ئېسىلغانلىقى ئۈچۈن ماددىي جەھەتتىن تەرەققىي قىلالىشى مۇمكىن. ‹ئاللاھنى تونۇش› ئۇقۇمىنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان بۇ ماددىي تەرەققىيات دۇنيادىكى ھەرقانداق زۇلۇمدىنمۇ ئېغىر زۇلۇمغا ئايلىنىدۇ. چۈنكى بۇ، ئىنساننىڭ ئۆزىنى پۈتۈنلەي تۈگەشتۈرۈشى بىلەن نەتىجىلىنىدۇ. ئىنسانلار ئاللاھتىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلغان ۋاقىتتا، ھاياتىدىكى جەبىر ـ جاپا ۋە يوقسۇللۇق تېخىمۇ ئاشىدۇ. ئىنسان ھاياتىدىكى جاپا، پېقىرلىق، ئىمانسىزلىق ۋە تەقۋاسىزلىق بىر ـ بىرىگە چەمبەرچاس باغلانغان.

ئۇلۇغ ئاللاھ ئەئراف سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلىقتىن ھالاك قىلىنغان) شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى ئىمان ئېيتقان ۋە (كۇفرىدىن، گۇناھلاردىن) ساقلانغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە، ئۇلارنى ئاسمان ـ زېمىننىڭ پاراۋانلىقلىرىغا مۇيەسسەر قىلاتتۇق﴾[4] .

ئاللاھنى ئىنكار قىلىش ۋە ئۇنىڭغا شېرىك قوشۇش، مانا مۇشۇنداق، ھۆرلۈكنىڭ قولدىن كېتىشىگە، ئەقلنىڭ زەئىپلىشىشىگە، پېقىرلىقنىڭ ئېشىشىغا ۋە ھاياتنىڭ شەرەپلىك غايىدىن مەھرۇم قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ... مانا بۇ ئەھۋال ئاستىدا، ئاللاھ نۇھنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، قەۋمىگە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى.

نۇھ ـ ئاللاھتىن باشقىغا ئىبادەت قىلىشنىڭ سىمۋولى بولغان خارابە دۇۋىسىنىڭ ئۈستىدە قېلىپ قالغان بىردىنبىر ئاقىل ئىدى.

ئاللاھ بەندىسى نۇھنى تاللاپ، ئۇنى قەۋمىگە ئەۋەتتى.

[4] سۈرە ئەئراف 96 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

نۇھ ـ پىكىر ئۆلچىمىدىن ھالقىغان، ئەقىل ئۆلچىمىنىڭ ئەڭ يۈكسەك پەللىسىگە چىققان، پاكلىق ۋە كۈچ ـ قۇدرەتنىڭ جىسىملاشقان ھالى ئىدى.

قىسقىسى، بۈيۈكلۈك ئۆلچىمى بويىچە ئېلىپ ئېيتقاندا، نۇھ ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ بۈيۈك ئىنسانى ئىدى. ئۇ نە قەۋمىنىڭ ھۆكۈمرانى، نە رەئىسى، نە ئەڭ باي كىشىسى ئەمەس ئىدى. بىزگە شۇ ئايانكى، بۈيۈكلۈك بولسا ھۆكۈمرانلىق، رەئىسلىك ۋە بايلىقتىن پەرقلىق ئۇقۇم بولۇپ، بۇ ئۇچى ئومۇمەن تۆۋەن تەبىقىدىكى كىشىلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۈيۈكلۈك بولسا، قەلب ۋە ۋىجداننىڭ پاكلىقىدا، ئەقىل ـ پىكىردە ۋە بۇ ئەقىلنىڭ ئەتراپىدىكى ھايات ئۆزگىرىشلىرىدە تېپىلىدۇ (كۆرۈلىدۇ).

نۇھ ئاللاھنىڭ ھەزرىتى ئادەم ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنى ياراتقان ۋاقتتا، ئۇلاردىن ئالغان ئەھدىنى يادىدىن چىقارمىغان بىرى بولۇپ، ئۇ تۇغۇلۇشتىنلا ئاللاھقا ئىمان ئېيتاتتى. بارلىق پەيغەمبەرلەرمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش، پەيغەمبەر بولماي تۇرۇپلا ئاللاھقا ئىمان ئېيتقۇچىلاردۇر.

ئۇلارنىڭ ئارىسىدا، ئىبراھىمغا ئوخشاش ئاللاھنى ئىزدىگەنلەر، مۇساغا ئوخشاش ئۇنىڭغا چىن ئىخلاسى بىلەن ئىشەنگەنلەر، ھەزرىتى مۇھەممەدكە ئوخشاش ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلغانلار ۋە ھىرا غارىدا ئىستىقامەتتە ئولتۇرغانلارمۇ بار. نۇھنىڭ بۈيۈكلۈكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان باشقا بىر سەۋەبمۇ بار ئىدى. ئۇ يېتىپ ـ قوپقاندا، يەپ ـ ئىچكەندە، كىيىم كىيگەندە ۋە ئۆيىگە كىرىپ ـ چىققاندا، ئاللاھقا شۈكرى ئېيتاتتى، ھەمدۇسانا ئوقۇيتتى، نېئمەتلىرىنى ئەسلەپ، قايتا ـ قايتا ھەمدى ئېيتاتتى. شۇڭا، ئۇلۇغ ئاللاھ نۇھ ھەققىدە مۇنداق دېگەنىدى:

﴿نۇھ ھەقىقەتەن كۆپ شۈكۈر قىلغۇچى بەندە ئىدى﴾ .

ئاللاھ شۈكۈر قىلغۇچى بەندىسىنى تاللاپ، ئۇنى قەۋمىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى. نۇھ قەۋمىنى ئاللاھقا دەۋەت قىلىشقا باشلىدى:

﴿ئى قەۋمىم! ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار! سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ بۈيۈك كۈننىڭ (يەنى قىيامەت كۈنىنىڭ) ئازابىغا قېلىشىڭلاردىن قورقىمەن﴾ .

نۇھ بۇ مېغىزلىق جۈملە ئارقىلىق ھەقىقىي ئىلاھنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ۋە ‹قايتا تىرىلىش ھەقىقىتى›نى ئېيادىلىدى. ئۇلۇم، ئۆلۈمدىن كېيىن قايتا تىرىلىش ۋە قىيامەت كۈنىنى بىلدۈردى. بۈيۈك بىر كۈن ۋە بۇ بۈيۈك كۈننىڭ ئازابى بار ئىدى.

نۇھ قەۋمىگە ياراتقۇچى بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى، شەيتاننىڭ ئۇزۇندىن بۇيان ئۇلارنى ئالداپ كېلىۋاتقانلىقىنى ۋە بۇ ئالدىنىشنىڭ ئاخىرلىشىش ۋاقتى

سۈرە ئىسرا 3 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
سۈرە ئەئراف 59 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

كەلگەنلىكىنى، ئاللاھنىڭ ئىنساننى شەرەپلىك قىلغانلىقىنى، ئۇنى قانداق ياراتقانلىقىنى، ئۇنىڭغا رىزىق، ئەقىل نېئمىتى ئاتا قىلغانلىقىنى، بۇتلارغا چوقۇنۇشنىڭ ئەقىلنى بۇزۇپ، ئۆز ـ ئۆزىگە زۇلۇم قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى ئۇچۇق چۈشەندۈردى.

ئىنسانلار ئۇنىڭ سۆزلىرىنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلىدى. ئۇنىڭ سۆزلىرى ئۇلارغا تۇساتتىنلا پەيدا بولغان گۈلدۈرمامىدەك تۇيۇلغان ئىدى. بۇ، خۇددى ئۆرۈلەي دەپ قالغان تامنىڭ تۈۋىدە ئۇخلاۋاتقان بىر ئادەمنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنى تويۇقسىز نوقۇپ ئويغاتساڭ، سېنىڭ ئۇنى قۇتۇلدۇرۇلماقچى بولغىنىڭغا قارىماي، بەلكىم قورقۇپ كەتكەنلىكتىن، ساڭا غەزەپلەنگەن ئادەمنىڭ مىسالىغا ئوخشايتتى.

يەر يۈزىدە مەۋجۇت بولغان شەيتانلارمۇ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى تىڭشىماقتا ۋە قورقماقتا ئىدى. پەيغەمبەرنىڭ سۆزلىرىدىن كەلگەن بۇ سۆيگۈ ئىبلىسنىڭ تەختىگە تەھدىت سالماقتا ئىدى.

نۇھنىڭ قەۋمى، ئۇنىڭ دەۋىتىدىن كېيىن ئىككىگە بۆلۈندى. دەۋەت ئاجىزلار، پېقىرلار ۋە يوقسۇللارنىڭ يۈرەكلىرىگە چوڭقۇر تەسىر قىلدى. ئۇلارنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىگە تەسەللى، جاراھەتلىرىگە مەلھەم بولدى. بايلار، كۈچلۈكلەر، كاتتىلار ۋە ھۆكۈمدارلار دەۋەتتىن شۈبھىلەندى. ھەممە نەرسىنىڭ بۇزۇلۇشىدەك قېلىشى ئۇلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن پايدىلىق بولغاچقا، نۇھقا قارشى تۇرماقچى بولۇشتى.

دەسلەپتە، نۇھنى ئۆزلىرىگە ئوخشاش ئىنسان دەپ قاراپ، تۆھمەت چاپلىدى.

﴿ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ كاپىر كاتتىلىرى: «بىزنىڭچە، سەن پەقەت بىزگە ئوخشاش بىر ئادەمسەن» دېدى﴾[8] .

يەنى نۇھ ئۆزىنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلمىغان بولسىمۇ، ئۇلار: «بىزچە سەن پەقەت بىزگە ئوخشاش بىر ئادەمسەن» دېيىشتى. ئاللاھ يەر يۈزىگە ئىنساندىن ئەلچى ئەۋەتىدۇ. چۈنكى يەر يۈزىدە ئىنسان ياشايدۇ. ئەگەر يەر يۈزىدە پەرىشتىلەر ياشىغان بولسا ئىدى، ئاللاھ پەرىشتىلەردىن ئەلچى ئەۋەتكەن بولاتتى ـ ئەلۋەتتە!

كاپىرلار بىلەن نۇھنىڭ ئارىسىدىكى كۈرەش داۋاملاشتى.

دەسلىپىدە، ئۇ دەۋردىكى ھاكىمىيەت نۇھنىڭ دەۋاسىنىڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يوقىغا چىقىدىغانلىقىنى خىيال قىلدى. دەۋانىڭ پېقىرلارنى، ئاجىزلارنى ۋە ئاددىي قول ھۈنەرۋەنلەرنى ئۆزىگە تارتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا بۇ تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى.

ئۇلۇغ ئاللاھ ھۇد سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

---

[8] سۈرە ھۇد 27 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

﴿شۇبھىسىزكى، بىز نۇھنى قەۋمىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق، ئۇ: «مەن
ھەقىقەتەن سىلەرگە ئوچۇق ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن. بىر ئاللاھتىن باشقىغا ئىبادەت
قىلماڭلار، سىلەرنىڭ قاتتىق كۈننىڭ ئازابىغا ئۇچرىشىڭلاردىن قورقىمەن» دېدى. ئۇنىڭ
قەۋمىنىڭ كاپىر كاتتىلىرى: «بىزنىڭچە، سەن پەقەت بىزگە ئوخشاش بىر ئادەمسەن،
بىزنىڭچە، ئارىمىزدىكى پەس كىشىلەر يەڭگىلتەكلىك بىلەن ساڭا ئەگەشكەن، بىزنىڭچە،
سىلەرنىڭ بىزدىن ھېچقانداق ئارتۇقچىلىقىڭلار يوق، بەلكى بىز سىلەرنى يالغانچى دەپ
ئويلايمىز» دېدى﴾ .

شۇنداق قىلىپ، نۇھ بىلەن قەۋمىنىڭ كاتتىلىرى ئارىسىدىكى كۈرەش رەسمىي
باشلاندى.

كاپىرلار نۇھقا سالا قىلىشقا باشلىدى: «ئى نۇھ! سۆزلىرىمىزگە قۇلاق سالغىن!
بىزنىڭ ساڭا ئىشىنىشىمىزنى خالىساڭ، بىزدىن بۇرۇن ساڭا ئىشەنگەنلەرنى
قوغلىۋەتكىن! چۈنكى ئۇلار پېقىر، ئاجىز كىشىلەر؛ بىز بولساق، باي ھەم كاتتا
كىشىلەرمىز. بۇ دەۋانىڭ بىز بىلەن ئۇلارنى بىر يەرگە قويۇشى مۇمكىن ئەمەس.»

نۇھ قەۋمىنىڭ كاپىرلىرىنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالدى ۋە ئۇلارنىڭ جاھىللىق
قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەندى. شۇنداقتىمۇ، ئۇلارغا مۇلايىملىق بىلەن جاۋاب قايتۇردى.
ئۇلارغا ئىمان ئېيتقانلارنى قوغلىيالمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. چۈنكى، ئۇلار ئۇنىڭ ئەمەس،
بەلكى ئاللاھنىڭ مېھمانلىرى ئىدى. مەرھەمەت ئۇنىڭ خالىغىنىنى ئىچىگە ئېلىپ،
خالىغىنىنى سىرتتا قويىدىغان ئۆيى ئەمەس، بەلكى ئۇ، ئاللاھنىڭ خالىغان كىشىنى قوبۇل
قىلىدىغان ئۆيى ئىدى.

ئۇلۇغ ئاللاھ ھۇد سۈرىسىدە مۇنداق دېگەنىدى:

﴿نۇھ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! ئېيتىڭلارچۇ، ئەگەر مەن پەرۋەردىگارىم تەرىپىدىن
نازىل بولغان (دەۋىتىمنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدىغان) ئېنىق دەلىلگە ئاساسلانسام ۋە
ئۇنىڭ رەھمىتىگە (يەنى پەيغەمبەرلىككە) سازاۋەر بولغان بولسام، ئۇ دەلىل سىلەر ئۈچۈن
مەخپىي بولسا، سىلەر ئۇنى يامان كۆرسەڭلار، ئۇنى قوبۇل قىلىشقا سىلەرنى
مەجبۇرلامدۇق؟ ئى قەۋمىم! سىلەرگە (دىنني) تەبلىغ قىلغانلىقىم ئۈچۈن سىلەردىن پۇل -
مال تەلەپ قىلمايمەن، ماڭا ئەجىر بېرىشنى پەقەت ئاللاھ ئۆز ئۈستىگە ئالغان، مەن
ئىمان ئېيتقان كىشىلەرنى (يېنىمدىن) قوغلىۋەتمەيمەن، (چۈنكى) ئۇلار، شۈبھىسىزكى،
پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولىدۇ، لېكىن مەن سىلەرنى نادان قەۋم كۆرىمەن. ئى قەۋمىم!
ئەگەر مەن ئۇلارنى قوغلىۋەتسەم، ئاللاھنىڭ ئازابىدىن مېنى كىم قۇتقۇزالايدۇ؟ ئويلىنىپ
باقمامسىلەر؟ مەن سىلەرگە: مەندە ئاللاھنىڭ خەزىنىلىرى بار، - دېمەيمەن، غەيبنى
بىلىمەن، - دېمەيمەن، مەن ئەلۋەتتە (ئۆزەمنى) پەرىشتە دەپمۇ ئېيتمايمەن ھەمدە سىلەر
كۆزگە ئىلمايدىغان كىشىلەرنى: ئاللاھ ئۇلارغا ياخشىلىق بەرمەيدۇ، - دېمەيمەن، ئاللاھ

[1] سۈرە ھۇد 25 ـــ 27 ـ ئايەتكىچە.

ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكىنى ئوبدان بىلىدۇ. بولمىسا مەن چوقۇم زالىملاردىن بولۇپ قالىمەن»﴾ ▯.

نۇھ ئىنكارچىلارنىڭ دەلىللىرىگە پەيغەمبەرلەرنىڭ مەنتىقى بىلەن جاۋاب بېرەتتى.

بۇ، ئۇنى شەخسىي غورۇر ۋە مەنپەئەتتىن يىراق تۇتىدىغان پىكىر مەنتىقى ئىدى.

نۇھ ئۇلارغا ئاللاھنىڭ ئۆزىگە پەيغەمبەرلىك ۋە رەھمەت ئاتا قىلغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇلار ئاللاھنىڭ ئۆزلىرىگە ئاتا قىلغانلىرىنى كۆرمىدى. ئۇندىن باشقا، نۇھ ئۇلارنى ئۆزىنىڭ دەۋىتىگە ئىشىنىشكە مەجبۇرلىمىدى. «ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر» كەلىمىسىنى ھېچكىمگە زورلاپ تاڭمىدى. ئۇلاردىن ئۆزىنىڭ دەۋىتى ئۈچۈن پۇل - مال تەلەپ قىلمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇنىڭ ئۇلار ئۈچۈن ئېغىر كېلىدىغان ھېچبىر تەرىپى يوق ئىدى. ئۇنىڭ بەدىلى، يەنى ئۇ ئالىدىغان ئەجىر پەقەت ئاللاھقىلا ئائىت ئىدى. ئۇلارغا ئۆزىگە بۇرۇن ئىمان ئېيتقانلارنى قوغلىۋېتەلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بىر پەيغەمبەر بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە لايىق ھوقۇق ۋە مەسئۇلىيىتى بار ئىدى. ئۇ ئىككى سەۋەب تۈپەيلىدىن مۆئمىنلەرنى يېنىدىن قوغلاش ھەققىگە ئىگە ئەمەس ئىدى. ئۇلار ئاللاھقا ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقان ھالدا مۇلاقات بولاتتى. ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان بىرىنى يېنىدىن قانداق قوغلىۋېتەلەيتتى؟ ئەگەر ئۇلارنى قوغلىۋەتسە، ئۇلار ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا ئۇنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلاتتى. ئاللاھ ئۇلارغا ئىمان ئېيتقانلىقى ئۈچۈن ساۋاب، ئۇلارنى قوغلىۋەتكەن نۇھقا جازا بېرەتتى. ئۇلارنى قوغلىۋەتسە، نۇھنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن كىم قوغداپ قالالايتتى؟ شۇڭا، نۇھ ئۆزىگە ئىمان ئېيتقانلارنى قوغلىۋېتىشنى تەلەپ قىلىشنىڭ نادانلىقتىن كېلىپ چىققانلىقىغا چىنپۈتتى. نۇھ ئۇلارغا ئۆزىگە تېگىشلىك بولغاننىلا ئېيتقانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ئاللاھقا ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى ۋە تەقۋا ساھىبى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. چۈنكى، ئۆزىگە ئائىت بولمىغان نەرسىنى (يەنى ئاللاھنىڭ خەزىنىلىرىنى) ئۆزىنىڭ دەپ قارىمايتتى. ئۇلار ئاللاھنىڭ ئۆزى خالىغان بەندىسىگە ئاتا قىلغان نېئمەتلىرى ئىدى. ئۇ غەيبنىمۇ بىلمەيتتى، چۈنكى، غەيب ئاللاھنىڭ ئۆزىگە خاس ئىلمى ئىدى. يەنە ئۇلارغا ئۆزىنىڭ پەرىشتە ئەمەسلىكىنى ئېيتتى. يەنى ئۇنىڭ دەرىجىسى پەرىشتىلەرنىڭ دەرىجىسى بىلەن ئوخشىمايتتى. بەزى ئالىملار بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن: «پەرىشتىلەر پەيغەمبەرلەردىن ئۈستۈن» دەپ قارىغان (قۇرتۇبى تەفسىرىگە قاراڭ!).

سىلەر پەس كۆرۈپ، مەنسىتمىگەن ئۇ كىشىلەرنىڭ، يەنى مۆئمىنلەرنىڭ مۇكاپاتى (سىلەر كۆزگە ئىلمىغانلىقىڭلار ئۈچۈنلا) بېرىلمەي قالمايدۇ. ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئۇلارنى مۇكاپاتلايدىغان ۋە جازالايدىغان ئاللاھتۇر. مەن: «ئاللاھ ئۇلارغا ياخشىلىق بەرمەيدۇ» دېسەم ئۆزەمگە زۇلۇم قىلغان بولىمەن.

نۇھنىڭ قەۋمى ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلىشىشتىن زېرىكتى.

▯ سۈرە ھۇد 28 — 31 - ئايەتكىچە.

ئاللاھ ئۇلارنىڭ نۇھقا قىلغان مۇئامىلىسىنى ھۇد سۈرىسىدە مۇنداق بايان قىلماقتا:

﴿ئۇلار (يەنى نۇھنىڭ قەۋمى): «ئى نۇھ! بىز بىلەن مۇنازىرىلەشتىڭ، ناھايىتى كۆپ مۇنازىرىلەشتىڭ. ئەگەر راست سۆزلىگۈچىلەردىن بولساڭ، بىزنى قورقۇتقان ئازابىنى چۈشۈرۈپ باققىن» دېدى. نۇھ ئېيتتى: «ئۇنى (يەنى ئازابنى) ئەگەر خالىسا پەقەت ئاللاھلا چۈشۈرەلەيدۇ، سىلەر ھەرگىز قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر. مەن سىلەرگە نەسىھەت قىلماقچى بولسام، ئاللاھ سىلەرنى گۇمراھ قىلماقچى بولسا، ئۇ چاغدا مېنىڭ سىلەرگە قىلغان نەسىھىتىمنىڭ سىلەرگە پايدىسى بولمايدۇ. ئاللاھ سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر. سىلەر ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر»﴾.

نۇھ ھەرقانداق قارارنى ئاللاھنىڭ بېرىدىغانلىقىنى قوبۇل قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئازغۇنلۇقىنى ئاللاھقا ھاۋالە قىلدى (يەنى ئاللاھنىڭ ئىختىيارلىقىغا قويدى). ئەمما ئۇلار قالايمىغان سۆز - ھەرىكەتلىرى، ھۆرلۈك ۋە ھۆكۈمرانلىقى بىلەن ئازغۇنلۇققا تېگىشلىك بولدى. ئۇندىن بۇرۇن ئىبلىس مۇنداق دېگەنىدى:

﴿سېنىڭ مېنى ئازدۇرغانلىقىڭ ئۈچۈن...﴾

بۇ ئىبارىنىڭ مەنىسىدىن ئاللاھنىڭ ئۇنى ئازدۇرغانلىقى كۆرۈلمەكتە. ھەقىقەت شۇدۇر: ئۇلۇغ ئاللاھ ئۇنىڭغا ھۆرلۈك بەردى ۋە بۇ سەۋەبتىن ئۇنى جاۋابكارلىققا تارتتى. بىز قەدەرىيە، مۇئتەزىلە ۋە ئىمامىيەنىڭ كۆز - قارىشىدا ئەمەسمىز. ئۇلار: «ئىنساننىڭ ئىرادىسى، مەيلى ئىتائەت قىلغان بولسۇن ياكى ئىنكار قىلغان بولسۇن، ئۆز مەيلىچە ھەرىكەت قىلىش قۇدرىتىگە ئىگە» دەپ قارايدۇ. چۈنكى، ئۇلارغا كۆرە ئىنسان ئۆز ھەرىكىتىنىڭ ياراتقۇچىسى بولۇپ، ھەرىكەت قىلىش ئۈچۈن پەرۋەردىگارىغا مۇھتاج ئەمەس. بىز ئۇلارنىڭ بۇ قارىشىغا قەتئىي قوشۇلمايمىز. ۋە بىز: «ئىنسان ئۆز ھەرىكىتىنىڭ ئورۇنلىغۇچىسى بولۇپ، ئۇ ھەرىكەتلىنىش ئۈچۈن ئاللاھقا مۇھتاج» دەپ قارايمىز. بۇنى: «ئىنسان ئۆز ھەرىكىتىنىڭ مەسئۇلىدۇر» دەپ چۈشەنسەك، تېخىمۇ توغرا بولۇشى مۇمكىن.

ئۇندىن باشقا، ئاللاھ ھەر بىر مەخلۇقنى ئۇنىڭ ئۈچۈن ياراتقان نەرسىگە يۈزلەندۈرىدۇ. مەيلى ئۇ ياخشىلىق بولسۇن ياكى يامانلىق بولسۇن، شۇنىڭغا يۈزلەندۈرىدۇ. مانا بۇ تولۇق ۋە مۇكەممەل ھۆرلۈكتۇر.

ئىنسان ھۆرلۈكنى تاللايدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا ھۆرلۈكنىڭ يولىنى تەييارلاپ بېرىدۇ ۋە ئۇنى ھۆرلۈككە يۈزلەندۈرىدۇ.

ئىبلىس ئازغۇنلۇقنى تاللىدى، ئاللاھ ئۇنىڭغا ئازغۇنلۇقنىڭ يولىنى تەييارلاپ بەردى ۋە ئۇنى شۇنىڭغا يۈزلەندۈردى.

---

سۈرە ھۇد 32 ــ 34 ـ ئايەتكىچە.

سۈرە ئەئراف 16 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

نۇھنىڭ قەۋمىدىن بولغان كاپىرلارمۇ ئۇ يولنى تاللىدى. ئاللاھمۇ ئۇلارغا شۇ يولنى تەييارلاپ بەردى.

كۈرەش داۋاملىشىدۇ. نۇھ بىلەن ئۇنىڭ قەۋمىدىن بولغان كاپىرلار ئارىسىدىكى مۇنازىرە ئۇزىراپ كەتتى. نىھايەت، كاپىرلارنىڭ پۈتۈن دەلىللىرى يىخىلىپ، ئېيتقۇدەك باشقا نەرسە قالمىغاچقا، ئۇلار ھەددىدىن ئېشىشقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى ھاقارەتلەشكە باشلىدى.

﴿قەۋمىنىڭ چوڭلىرى: «بىز سېنى ھەققەتەن روشەن گۇمراھلىقتا كۆرىمىز» دېدى﴾ .

نۇھ ئۇلارغا پەيغەمبەرلەرگە خاس ئەدەب بىلەن مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:

﴿ئى قەۋمىم! مەن قىلچىمۇ گۇمراھ ئەمەسمەن، لېكىن مەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرمەن. سىلەرگە پەرۋەردىگارىمنىڭ ئەلچىلىكىنى يەتكۈزىمەن، سىلەرگە نەسىھەت قىلىمەن، مەن ئاللاھنىڭ ۋەھيى قىلىشى بىلەن سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىمەن﴾ .

نۇھ قەۋمىنى ئاللاھقا دەۋەت قىلىشنى ھەر سائەت، ھەر كۈن ۋە ھەر يىل داۋاملاشتۇردى ۋە شۇ تەرىقىدە بىر نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى. كېچە ـ كۈندۈز، ئاشكارا ـ مەخپىي ھالدا ئۇلارغا تەبلىغ قىلاتتى ۋە مىساللار كەلتۈرەتتى. ئاللاھنىڭ بارلىقىغا دالالەت قىلىدىغان نەرسىلەرنى ۋە ئۇنىڭ كائىناتتىكى كۈچ ـ قۇدرىتىنى چۈشەندۈرەتتى. ئۇلار ھەر قېتىم نۇھتىن قاچاتتى. ئاللاھنىڭ ئۇلارنى ئەپۇ قىلىشى ئۈچۈن دەۋەت ئېلىپ بارغاندا، بارماقلىرى بىلەن قۇلاقلىرىنى ئېتىۋالاتت ۋە ھەقنى ئاڭلاشتىن قاچاتتى.

ئۇلۇغ ئاللاھ نۇھ سۈرىسىدە ھەزرىتى نۇھنىڭ بېشىغا كەلگەن پىشكەللىكلەر ھەققىدە مۇنداق دېگەنىدى:

﴿نۇھ ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! مەن ھەققەتەن قەۋمىمنى كېچە ـ كۈندۈز (ئىمانغا) دەۋەت قىلدىم. مېنىڭ دەۋىتىم ئۇلارنى تېخىمۇ قاچۇرۇۋەتتى. مەن ئۇلارنى سېنىڭ مەغپىرىتىڭگە ئېرىشسۇن دەپ، ھەرقاچان دەۋەت قىلسام، (دەۋىتىمنى ئاڭلىماسلىق ئۈچۈن) بارماقلىرىنى قۇلاقلىرىغا تىقىۋالدى، (سۆزۈمنى ئاڭلىماسلىق ياكى مېنى كۆرمەسلىك ئۈچۈن) كىيىملىرى بىلەن باشلىرىنى چۆمكىۋالدى، (كۇفرىدا) چىڭ تۇردى، چوڭچىلىق قىلىپ (ئىماندىن) تېخىمۇ باش تارتتى. ئاندىن مەن ئۇلارنى توۋلاپ دەۋەت قىلدىم. ئاندىن ئۇلارنى ئاشكارا دەۋەت قىلدىم ۋە يوشۇرۇن دەۋەت قىلدىم. (ئۇلارغا) ئېيتتىم: پەرۋەردىگارىڭلاردىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئۇ ھەققەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر.

[1] سۈرە ئەئراف 60 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئەئراف 61 ـ 62 ـ ئايەتكىچە.

ئۇ سىلەرگە مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدۇ، سىلەرنىڭ ماللىرىڭلارنى ۋە ئوغۇللىرىڭلارنى كۆپەيتىپ بېرىدۇ، سىلەرگە باغلارنى، ئۆستەڭلەرنى ئاتا قىلىدۇ»﴾.

قەۋمى ئۇنىڭغا نېمە دەپ جاۋاب بەرگەن بولغىيدى؟

﴿نۇھ ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! ئۇلار ھەقىقەتەن ماڭا ئاسىيلىق قىلدى، مېلىغا، بالىسىغا ۋە ئۆزلىرىگە زىياندىن باشقىنى زىيادە قىلمىغان كىشىلەرگە (يەنى بايلىرىغا، كاتتىباشلىرىغا) ئەگەشتى. ئۇلار (يەنى كاتتىباشلار) (ماڭا چىنپۇتمىدى، ماڭا ۋە ماڭا ئەگەشكەنلەرگە ئەزىيەت يەتكۈزۈپ)، چوڭ ھىيلە تۈزدى. ئۇلار: مەبۇدلىرىڭلارنى ھەرگىز تەرك ئەتمەڭلار، ۋەددنى، سۇۋائنى، يەغۇسنى، يەئۇقنى ۋە نەسرىنى ھەرگىز تەرك ئەتمەڭلار! - دېدى. ئۇلار ھەقىقەتەن نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازدۇردى، زالىملارنى تېخىمۇ گۇمراھ قىلغىن!»﴾

نۇھ قەۋمىنى تەۋھىدكە 950 يىل دەۋەت قىلدى. ئاللاھ ئەنكەبۇت سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿بىز ھەقىقەتەن نۇھنى قەۋمىگە (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق، نۇھ (قەۋمىنى تەۋھىدكە دەۋەت قىلىپ) ئۇلارنىڭ ئىچىدە 50 يىل كەم 1000 يىل تۇردى (نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى بۇتپەرەس بولۇپ، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە چىنپۇتمىدى). ئۇلار زالىم بولغانلىقلىرى (يەنى كۇفرىدا ۋە گۇمراھلىقتا چىڭ تۇرۇپ ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغانلىقى) ئۈچۈن، ئاللاھ ئۇلارنى توپان (بالاسى) بىلەن ھالاك قىلدى﴾ .

ئۇ، كاپىرلارنىڭ سانى كۆنسېرى ئېشىۋاتقانلىقىنى، ئەمما مۇئمىنلەرنىڭ كۆپەيمەيۋاتقانلىقىنى كۆردى. نۇھ بۇ ئەھۋالغا بەكمۇ قايغۇرغان بولسىمۇ، ئۈمىدىنى يوقاتمىدى. قەۋمىنى داۋاملىق دەۋەت قىلاتتى ۋە ئۇلار بىلەن مۇنازىرىلىشەتتى. قەۋممۇ ئۆز گېپىدە، كاپىرلىق ۋە گۇمراھلىقتا چىڭ تۇرۇشنى قەتئىي داۋاملاشتۇردى.

ھەزرىتى نۇھ قەۋمىنىڭ ھالىغا ئېچىندى، ئەمما ئۈمىدسىزلەنمىدى. 950 يىل بويىچە ئۈمىد بىلەن ياشىدى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، توپان (بالاسى) دىن بۇرۇن ئىنسانلارنىڭ ھاياتى بەكمۇ ئۇزۇن ئىدى. بەلكىم، نۇھقا بېرىلگەن بۇ ئۇزۇن ئۆمۈر ئۇنىڭغا خاس مۆجىزە بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا قەۋمىدىن بۇرۇن ئىمان ئېيتقانلاردىن باشقىسىنىڭ ئىمان ئېيتمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان كۈن يېتىپ كەلدى.

ئاللاھ ئۇنىڭغا قەۋمىنىڭ قىلمىشى يۈزىسىدىن قايغۇرماسلىقنى ۋەھيى قىلدى. نۇھ ئاللاھنىڭ كاپىرلارنى ھالاك قىلىشىنى تىلەپ دۇئا قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى:

﴿پەرۋەردىگارىم! يەر يۈزىدە كاپىرلارنىڭ بىرىنىمۇ قويمىغىن!﴾

---

سۈرە نۇھ 5 ــ 12 ـ ئايەتكىچە.

سۈرە نۇھ 21 ــ 24 ـ ئايەتكىچە.

سۈرە ئەنكەبۇت 14 ـ ئايەت.

سۈرە نۇھ 26 ـ ئايەت.

نۇھ ئۆزىنىڭ دۇئاسىنى شۇ سۆزلىرى ئارقىلىق تەستىقلىدى:

﴿ئەگەر ئۇلارنى قويساڭ، شۈبھىسىزكى، بەندىلىرىڭنى ئازدۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ تاپقان باللىرىمۇ كاپىر، فاجىر بولىدۇ﴾ .

ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿قەۋمىڭدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقانلاردىن باشقا يەنە ئىمان ئېيتقۇچىلار بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن قايغۇرمىغىن! بىزنىڭ كۆز ئۇڭىمىزدا ۋەھيىمىز بويىچە كېمە ياسىغىن، (ئۆزلىرىگە) زۇلۇم قىلغانلار توغرىسىدا ماڭا سۆز ئاچمىغىن (يەنى ئۇلارغا شاپائەت قىلمىغىن)، ئۇلار چوقۇم (توپان بالاسىدا) غەرق قىلىنىدۇ﴾ .

...

ئەمر بېرىلدى. ئۇلۇغ ئاللاھ كاپىرلارغا توپان بالاسى ئەۋەتىلىشىنى ئەمر قىلدى.

ئاللاھ بەندىسى نۇھقا كېمىنى كۆز ئۇڭىدا ۋە ۋەھيى بويىچە ياسىشىنى بۇيرىدى. يەنى نۇھ كېمىنى پەرىشتىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن، ئاللاھنىڭ ئىلمى ۋە تەلىماتى بويىچە، ئۇنىڭ كۆز ئۇڭىدا ۋە ۋەھيىدە بىلدۈرۈلگىنىدەك ياسايتتى.

ئاللاھ نۇھقا ئەمر بەردى:

﴿(ئۆزلىرىگە) زۇلۇم قىلغانلار توغرىسىدا ماڭا سۆز ئاچمىغىن (يەنى ئۇلارغا شاپائەت قىلمىغىن)، ئۇلار چوقۇم (توپان بالاسىدا) غەرق قىلىنىدۇ﴾ .

ئاللاھ ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغانلارنى، مەيلى ئۇلار نەقەدەر كاتتا ياكى پەيغەمبەرگە نەقەدەر يېقىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسىنى سۇدا غەرق قىلاتتى. ئاللاھ پەيغەمبەرلەرنى ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار توغرىسىدا سۆز ئېچىش ۋە ئۇلارغا شاپائەت تىلەشتىن توستى.

نۇھ كېمە ياساش ئۈچۈن دەرەخ تىكتى. بىر نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، تىككەن دەرەخلىرىنى كېسىپ، ياغاچچىلىق قىلىشقا باشلىدى.

ئۇنىڭ كېمىسى چوڭ، ئېگىز ۋە ناھايىتى پۇختا ئىدى. تەپسىرشۇناسلار كېمىنىڭ ھەجمى، شەكلى، قەۋەت سانى، ياسىلىش مۇددىتى، ياسالغان يېرى، ئۇزۇنلۇقى ۋە كەڭلىكى ھەققىدە ھەممىسى ناتوغرا، مۇجمەل بولغان ھەرخىل ئىپادىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى.

فەخرۇددىن رازى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «شۇنى بىلىپ قېلىڭلاركى، بۇ تېمىلارنىڭ مەن ئۈچۈن قىلچە ئەھمىيىتى يوق. چۈنكى بۇلار چوقۇم بىلىنىشى كېرەك بولغان نەرسىلەر ئەمەس. ئۇلارنى بىلگەنىنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق».

---

سۈرە نۇھ 27 ـ ئايەت.

سۈرە ھۇد 36 ـ 37 ـ ئايەتلەر.

سۈرە ھۇد 37 ـ ئايەت.

ئاللاھ پەخىرۇددىن رازىغا رەھمەت قىلسۇن!

ئۇنىڭ پىكرى نېمىدېگەن توغرا؟!

بىز بۇ كېمە ھەققىدە پەقەت ئاللاھنىڭ بىزگە بىلدۈرگىنىنىلا بىلەلەيمىز. مەسىلەن، ئۇنىڭ قەيەردە ياسالغانلىقى، ئۇزۇنلۇقى ۋە كەڭلىكىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز. كېمىنىڭ نەگە بېرىپ توختىغانلىقىدىن باشقا ھېچقانداق مەلۇماتىمىز يوق.

ئۇ كېمىدىن ھېچبىر ئەسەر قالمىدى. كېمە تاختىلىرىنىڭ چىرىپ، پارچە - پارچە بولۇپ كەتكەنلىكىدە ھېچ شۈبھە يوق. چۈنكى، توپان ئۇزۇن زامانلار بۇرۇن مەيدانغا كەلدى. ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئىزنانىڭمۇ پايدىسى يوق، ئۇنى بىلىشنىڭمۇ كېرىكى يوق.

ئاللاھ مۇھىم بولمىغان بۇ تېمىلارنى تىلغا ئالمىدى ۋە قىسسىنىڭ مۇھىم قىسمىغا ئەھمىيەت بەردى.

نۇھ كېمىنى ياساشقا باشلىدى.

كاپىرلار ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتكەچ، ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن ياسىلىۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلىشاتتى. قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بەرگەچكە، ئۇ ئەتراپتا دەريا ياكى دېڭىز يوق ئىدى. شۇڭا ئۇلار: «ئى نۇھ! بۇ كېمەڭ قانداق ئۈزىدۇ؟ زېمىنىنىڭ ئۈستىدە ماڭامدۇ يا؟ سېنىڭ كېمەڭنى ماڭغۇزغۇدەك سۇ نەدە؟ سەن ئالجىپسەن» دېيىشتى.

كاپىرلار نۇھنى مەسخىرە قىلىپ، قاقاھلاپ كۈلۈشتى.

نۇھنىڭ قىسسىسىدىكى كۆرەشنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى مانا بۇ ۋاقىتتا تەجەللى قىلىدۇ. باتىل ھەقنى مەسخىرە قىلىدۇ، توختىماي زاڭلىق قىلىدۇ. دۇنيانىڭ ئۆز مېلى ئىكەنلىكىنى خىيال قىلىپ، ئۇزۇن مەزگىلگىچە كەمسىتىدۇ. خاتىرجەملىك ۋە ھۇزۇر - ھالاۋەت ئۇنىڭ نېسىۋىسى، ئازاب ئۇنىڭغا تېگىشلىك ئەمەس ئىدى. ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسى توپان بالاسىنىڭ ئۈستىدىكى پەردىنىڭ قايرىلىشىغا مۇناسىۋەتلىك ئىدى. مۇئمىنلەرمۇ ئۇلارنى مەسخىرە قىلىشقا باشلىدى، ئۇلارنىڭ مەسخىرىسى ھەققەتكە ئايلاندى.

ئۇلۇغ ئاللاھ ھۇد سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿نۇھ كېمە ياسىدى، قەۋمىنىڭ چوڭلىرى ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە ئۇنى مەسخىرە قىلىشتى، نۇھ ئېيتتى: «ئەگەر سىلەر (بۈگۈن) بىزنى مەسخىرە قىلساڭلار (كېلەچەكتە سىلەر غەرق قىلىنغاندا)، سىلەر بىزنى مەسخىرە قىلغاندەك بىزمۇ سىلەرنى مەسخىرە قىلىمىز. خار قىلغۇچى ئازاب (يەنى توپان بالاسى بىلەن غەرق بولۇش)نىڭ كىمنىڭ

ئۇستىگە كېلىدىغانلىقىنى، دائىمىي ئازاب (يەنى جەھەننەم ئازابى)نىڭ كىمگە چۈشىدىغانلىقىنى كېلەچەكتە بىلىسىلەر»﴾ [1].

كېمە ياسىلىپ بولدى.

نۇھ ئاللاھنىڭ ئەمرىنى كۈتۈشكە باشلىدى.

ئاللاھ نۇھقا تونۇردىن ئېتىلىپ چىققان سۇنىڭ توپاننىڭ باشلىنىشىنىڭ بېشارىتى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

قورقۇنچلۇق كۈن يېتىپ كەلدى.

نۇھنىڭ ئۆيىدىكى تونۇردىن سۇ ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىدى.

نۇھ كېمىنى ئېچىش ۋە ئۆزىگە ئىشەنگەنلەرنى كېمىگە چىقىرىش ئۈچۈن يۈگۈردى.

جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام يەر يۈزىگە چۈشتى. كېمىگە ھەر بىر جانلىقتىن بىر جۈپ سالدى. مەسىلەن، بىر سىيىر بىلەن بىر بۇقا؛ بىر ئەركەك، بىر چىشى پىل؛ بىر ئەركەك، بىر چىشى قۇشقاچ؛ بىر ئەركەك، بىر چىشى يىلپىز... ۋاھاكازالار.

نۇھ كېمىنىڭ ئىچىگە يىرتقۇچ ھايۋانلارنى سولايدىغان قەپەزلەرنىمۇ ياسىغانىدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام يەر يۈزىدىكى ھايۋان ۋە قۇشلارنىڭ ھەممە تۈرىدىن بىر جۈپتىن ھەيدەپ كەلگەنىدى. بۇ، توپان سۈيىنىڭ پۈتۈن يەر يۈزىگە يېيىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيتتى. ئەگەر ئۇنداق بولمىغان بولسا، بۇ تۈر قۇش ۋە ھايۋانلارنىڭ كېمىگە چىقىرىلىشىنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق ئىدى.

كېمە يۈقىرى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى.

ھايۋانلار، قۇشلار ۋە ھەزرىتى نۇھقا ئىمان ئېيتقان مۇئمىنلەرمۇ كۆتۈرۈلدى. مۇئمىنلەرنىڭ سانى ئاز ئىدى.

ئۇلۇغ ئاللاھ ھۇد سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿(توپان بالاسى توغرىسىدىكى) بۇيرۇقىمىز يېتىپ كەلگەن ۋە يەر يۈزىدىن سۇ ئېتىلىپ چىققان چاغدا: «كېمىگە ھايۋاناتلاردىن (ئەركەك، چىشى بولۇپ) بىر جۈپتىن ئېلىۋالغىن، ئائىلەڭدىكىلەر بىلەن ـ ھالاك بولۇشى ھۆكۈم قىلىنغانلار (يەنى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ۋائىلە بىلەن ئوغلى كەنئان) بۇنىڭ سىرتىدا ـ ۋە ئىمان ئېيتقانلار بىلەن كېمىگە چىققىن!» دېدۇق، ئۇنىڭ بىلەن پەقەت ئازغىنا كىشىلەر ئىمان ئېيتتى﴾ [2].

نۇھنىڭ ئايالى ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتمىغانىدى، شۇڭا ئۇ كېمىگە چىقمىدى. ئوغۇللىرىدىن بىرى كۆرۈنۈشتە ئىمان ئېيتقاندەك قىلغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە كاپىر ئىدى ۋە

[1] سۈرە ھۇد 38 ـ 39 ـ ئايەتلەر.
[2] سۈرە ھۇد 40 ـ ئايەت.

بۇنى ئاتىسىدىن يوشۇرۇپ كەلگەنىدى. ئۇمۇ كېمىگە چىقمىدى. قەۋمىنىڭ كۆپىنچىسى ئىمان ئېيتمىغاچقا، ئۇلارمۇ چىقمىدى. كېمىگە پەقەت ئازغىنا مۆئمىنلا چىقتى.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: «نۇھنىڭ قەۋمىدىن سەكسەن ئادەم كېمىگە چىققانىدى» دەيدۇ.

...

زېمىننىڭ يېرىقلىرىدىن سۇلار ئېتىلىپ چىقتى. سۇ چىقمىغان يېرىق قالمىدى. ئاسماندىن بۇرۇن كۆرۈلۈپ باقمىغان ۋە بۇندىن كېيىنمۇ كۆرۈلمەيدىغان دەرىجىدە شىددەتلىك يامغۇر ياغدى. سۇ ھەم ئاسماندىن ياغاتتى ھەم يەر ئاستىدىن چىقاتتى ۋە پەيدىنپەي يۈكسىلەتتى. دېڭىزلارنىڭ جىمجىتلىقى بۇزۇلدى، شاۋقۇن ـ سۈرەن سېلىپ، دولقۇنلىرىنى قىرغاقلارغا ئۇراتتى. يەرنىڭ ئىچى بىنورمال بىر شەكىلدە ھەرىكەتلىنەتتى. ئوكيانلارنىڭ چوڭقۇر چۆكمىلىرى بىردىنلا يۇقىرى ئۆرلەشكە باشلىدى. زېمىن ئاستا ـ ئاستا دېڭىز دولقۇنلىرىنىڭ ئاستىدا قېلىۋاتاتتى.

يەرشارى تۈنجى قېتىم پۈتۈنلەي سۇ ئاستىدا قالدى.

يەرشارى توپان بالاسى ۋاقتىدا سۇ شارىغا ئايلانغانىدى.

ئۇلۇغ ئاللاھ قەمەر سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ئاسماننىڭ دەرۋازىلىرىنى قۇيۇلۇپ ياغقۇچى يامغۇر بىلەن ئېچىۋەتتۇق. زېمىندىن بۇلاقلارنى ئېتىلدۇرۇپ چىقاردۇق، (ئاللاھ تەقدىر قىلغان ئۇلارنى غەرق قىلىپ ھالاك قىلىش) ئىشىغا بىنائەن، يامغۇر سۈيى بىلەن بۇلاق سۈيى (بىر ـ بىرىگە) قوشۇلدى. نۇھنى تاختا ۋە مىخلار بىلەن ياسالغان كېمىگە سالدۇق﴾ .[1]

سۇلار ئىنسانلارنى يۈتۈپ كەتكۈدەك دەرىجىدە يۈكسەلدى. ئاستا ـ ئاستا دەل ـ دەرەخ ۋە تاغلارمۇ سۇلارنىڭ ئاستىدا قېلىشقا باشلىدى. توپان بالاسى باشلانغان ۋاقىتتا، نۇھ ئوغلىنى چاقىردى.

ئوغلى ئۇنىڭدىن يىراقتا ئىدى. نۇھ مۇنداق دېدى:

﴿ئى ئوغلۇم! بىز بىلەن كېمىگە چىققىن، كاپىرلار بىلەن بىللە بولمىغىن!﴾ [2]

ئوغلى ئاتىسىغا مۇنداق دەپ جاۋاب قايتۇردى:

﴿مېنى سۇدا غەرق بولۇشتىن ساقلاپ قالىدىغان بىر تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالىمەن﴾ .[3]

نۇھ ئۇنى قايتا چاقىرىپ مۇنداق دېدى:

---

[1] سۈرە قەمەر 11 ـ 13 ـ ئايەتكىچە.

[2] سۈرە ھۇد 42 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] سۈرە ھۇد 43 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

﴿بۈگۈن ئاللاھ رەھىم قىلغان ئادەمدىن باشقا ھېچ ئادەم ئۇنىڭ جازالىشىدىن قۇتۇلۇپ قالالمايدۇ﴾ .

ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئاۋاز ئۈزۈلۈپ قالدى:

﴿ئۇلارنىڭ ئارىسىنى دولقۇن ئايرىۋەتتى ـ دە، ئۇ غەرق بولۇپ كەتتى﴾ [].

قۇرئان كەرىمدىكى ئىپادىگە قاراڭ: «ئۇلارنىڭ ئارىسىنى دولقۇن ئايرىۋەتتى» . دولقۇن ئۇلارنىڭ ئاۋازلىرىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. نۇھ ئوغلىنى تاپالمىدى. بارغانسېرى يۇقىرى ئۆرلەۋاتقان تاغدەك دولقۇنلاردىن باشقا ھېچنېمە كۆرەلمىدى. ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى قايغۇلۇق ئاتىنىڭ ھالىغا ئېچىنغانلىقى ئۈچۈن، ئوغلىنى ئۇنىڭدىن يىراق بىر يەردە بوغماقچى بولغانىدى. ھەزرىتى نۇھنىڭ كۆرۈنۈشتە مۇسۇلمان ئوغلى ئۆزىنىڭ تاغ چوققىسىغا چىقىۋالسا، قۇتۇلۇپ قالىدىغانلىقىنى خىيال قىلغانىدى. ئەمما ئۇ سۇغا غەرق بولدى.

...

توپان داۋاملاشتى.

نۇھنىڭ كېمىسى لەيلەپ كېتىۋەردى.

توپان باشلىنىپ كۆپ ئۆتمەي، بارلىق كۆزلەر يەرنىڭ سۇ ئاستىغا چۆكۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەنىدى. نۇھنىڭ كېمىسىدىكىلەردىن باشقا جانلىق قالمىغانىدى. يەر يۈزىدىكى مۆئمىنلەرنىڭ ھەممىسى ۋە ئاللاھدە ئېلىۋېلىنغان ھايۋان ۋە قۇش تۈرلىرى نۇھنىڭ كېمىسىدە ئىدى.

بۈگۈن، توپاننىڭ قورقۇنچى ياكى ھەجمىنى تەسەۋۋۇر قىلالىشىمىز بەكمۇ قىيىن. بۇ، ياراتقۇچىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان بىر نەرسە ئىدى. كېمە ئۇلارنى تاغدەك ئېگىز دولقۇنلارنىڭ ئارىسىدا ئېلىپ كېتىۋاتاتتى. زامانىمىزدىكى بەزى ئالىملار، قىتئەلەرنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىشى ۋە يەر يۈزىنىڭ بۈگۈنكى ھالغا كېلىشىنىڭ، ئەينى ۋاقىتتا، سۇلار تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە يۇقىرى ئۆرلىگەن بۈيۈك توپان بالاسى نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. شۇنداق بولغاندا، بۇ سۇلار دۇنيانىڭ زېمىن قىسمىنى بېسىۋالغان ۋە ئوكيان چۆكمىلىرى يۇقىرى ئۆرلەپ، قىتئەلەر شەكىللەنگەن بولىدۇ.

توپاننىڭ قانچىلىك داۋاملاشقانلىقىنى بىلمەيمىز. ئاللاھ بۇلۇتنىڭ تارقىلىپ كېتىشىنى، زېمىننىڭ سۇنى يۇتۇشىنى ۋە كېمىنىڭ جۇدى تېغىنىڭ ئۈستىدە توختىشىنى بۇيرىدى. جۇدى كونا يەر نامى بولۇپ، ھازىرقى ئىراقتا دەپ قارالماقتا.

---

[] سۈرە ھۇد 43 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[] سۈرە ھۇد 43 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن يەر سىلكىنىشتىن توختىدى. سۇلار يۇتۇلدى. زېمىن قۇياش نۇرى ئاستىدا قايتىدىن پارقىراپ كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

توپان زېمىننى يۇيۇپ، تازىلىۋەتكەنىدى.

ئۇلۇغ ئاللاھ ھۇد سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ئى زېمىن! سۈيىڭنى يۇتقىن! ئى بۇلۇت! تارقىغىن! ـ دېيىلدى، سۇ سوغۇلدى، ئاللاھنىڭ (كاپىرلارنى غەرق قىلىشتىن ئىبارەت) ھۆكمى ئىجرا قىلىندى، كېمە جۇدى تېغىنىڭ ئۈستىدە توختىدى. «زالىم قەۋم ھالاك بولسۇن!» دېيىلدى﴾ .

ئاللاھنىڭ توپان بالاسىدىن قىرىق يىل بۇرۇن ئۇلارنى تۇغماس قىلىۋەتكەچكە، سۇغا غەرق قىلىنغۇچىلارنىڭ ئارىسىدا بوۋاق ياكى نارەسىدە باللارنىڭ يوق ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلماقتا.

كېمە جۇدى تېغىنىڭ ئۈستىدە توختىغان كۈننىڭ ئاشۇرا كۈنى ئىكەنلىكى، ھەزرىتى نۇھنىڭ ئۇ كۈنى روزا تۇتقانلىقى ۋە يېنىدىكىلەرنىمۇ روزا تۇتۇشقا بۇيرىغانلىقىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى.

توپاننىڭ توختىشى بىلەن قورقۇنچ، ئەندىشىمۇ بېسىقتى.

نەچچە ۋاقىتتىن بېرى دولقۇنلار بىلەن قىلىنغان كۈرەش، نۇھنىڭ ئۆزى بىلەن قىلىدىغان كۈرەشكە ئايلاندى.

ئۇنىڭ يادىغا غەرق بولغان ئوغلى كېلىۋالدى.

نۇھ ئوغلىنىڭ كاپىر ئىكەنلىكىنى تېخى بىلمەيتتى. ئۇنى بىر تاغنىڭ چوققىسىغا چىقىۋېلىپ، قۇتۇلماقچى بولغان، جاھىل مۇئمىن دەپ ئويلايتتى. ئۇلارنىڭ سۆزى تۈگىمەي تۇرۇپلا، دولقۇن تەرىپىدىن ئايرىۋېتىلگەنىدى.

ئاتىنىڭ يۈرىكىدىكى ئاتىلىق ھېس ـ تۇيغۇلىرى ھەرىكەتكە ئۆتتى.

ئۇلۇغ ئاللاھ ھۇد سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿نۇھ پەرۋەردىگارىغا دۇئا قىلىپ: «پەرۋەردىگارىم! ئوغلۇم مېنىڭ ئائىلەمدىكىلەردىن ئىدى (سەن ماڭا ئۇلارنىڭ نىجات تېپىشىنى ۋەدە قىلغان ئىدىڭ)، سېنىڭ ۋەدەڭ ئەلۋەتتە ھەقتۇر، سەن ھەققەتەن توغرا ھۆكۈم قىلغۇچىسەن» دېدى﴾ .

ھەزرىتى نۇھ ئاللاھقا ئوغلىنىڭ مۇئمىن ئائىلىسىدىن ئىكەنلىكىنى ئېيتماقچى ئىدى. ئاللاھ ئۇنىڭغا مۇئمىن ئائىلىسىنى نىجاتلىققا ئېرىشتۈرىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەرگەنىدى.

[1] سۈرە ھۇد 44 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ھۇد 45 ـ ئايەت.

ئۇلۇغ ئاللاھ ئۇنىڭغا ئوغلىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن مۇنداق دېدى:

﴿ئى نۇھ! ئۇ (مەن نىجات تېپىشنى ۋەدە قىلغان) ئائىلەڭدىكىلەردىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئەمەلى يامانىدۇر. سەن ئېنىق بىلمىگەن نەرسەڭنى مەندىن سورىمىغىن. مەن سېنىڭ جاھىللاردىن بولماسلىقىڭنى نەسىھەت قىلىمەن﴾ .

قۇرتۇبى ئۇستازلىرىدىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «نۇھ ئوغلىنى مۆئمىن دەپ ئويلايتتى. نۇھ پەرۋەردىگارىغا: "ئوغلۇم مېنىڭ ئائىلەمدىكىلەردىندۇر" دېمىدى. ئۇنىڭچە، ئەھۋال شۇنداق ئىدى. چۈنكى كاپىرلارنىڭ ھالاك بولۇشىنى تەلەپ قىلىپ، كەينىدىن بەزىلىرىنىڭ نىجات تېپىشىنى تەلەپ قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئوغلى ئۆزىنىڭ كاپىر ئىكەنلىكىنى يوشۇرۇپ، مۆئمىن قىياپىتىگە كىرىۋالغانىدى.»

ئۇلۇغ ئاللاھ غەيب ئىلمىنى پەقەت ئۆزىنىڭلا بىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. يەنى: سېنىڭ ئوغلۇڭ ھەققىدە بىلمىگەنلىرىڭنى مەن بىلىمەن، - دېدى.

ئاللاھ ئۇنىڭغا "جاھىللاردىن بولما!" دېيىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ ئوغلى ھەققىدە: «مۆئمىن ئىدى، ئاندىن كاپىرلار بىلەن بىللە ھالاك بولۇپ كەتتى» دەپ ئويلاشتىن ۋاز كېچىشكە تەۋسىيە قىلغانىدى.

ھەزرىتى نۇھنىڭ قىسسىسىدىكى ئايەتلەردە ناھايىتى مۇھىم بىر ساۋاق بار.

ئاللاھ پەيغەمبەرگە ئوغلىنىڭ ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەردىن ئەمەسلىكىنى ئېيتماقچى بولدى. چۈنكى، ئۇ ئاللاھقا ئىمان ئېيتمىغانىدى. قان - ئىنسانلار ئارىسىدىكى ھەقىقىي ئالاقە ئەمەس ئىدى.

پەيغەمبەرنىڭ ئوغلى ئېتىقادتىمۇ ئۇنىڭ ئوغلىدۇر. ئوغۇلمۇ ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىشى كېرەك. ئۆز پۇشتىدىن بولسىمۇ، ئۆزىنى ئىنكار قىلغان بىرى ئۇنىڭ ئوغلى ھېسابلانمايدۇ.

قان، مىللەت، ئىرق ۋە يۇرت دېگەندەك نەرسىلەر ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ.

نۇھ پەرۋەردىگارىنىڭ مەغپىرىتىنى تەلەپ قىلدى ۋە تۆۋبە ئېيتتى. ئاللاھ ئۇنىڭغا مەرھەمەت قىلدى ۋە ئۇنى ئاللاھنىڭ بەرىكىتى ۋە ئامانلىقى ئاستىدا كېمىدىن چۈشۈشكە بۇيرىدى.

﴿نۇھ ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! مەن بىلمىگەن نەرسىنى سوراشتىن سېنىڭ پاناھىڭغا سىغىنىمەن. ئەگەر ماڭا مەغپىرەت قىلمىساڭ ۋە رەھىم قىلمىساڭ، زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمەن». ئېيتىلدى (يەنى ئاللاھ ئېيتتى): «ئى نۇھ! ساڭا، سەن بىلەن

[8] سۈرە ھۇد 46 - ئايەت.

(كېمىدە) بىللە بولغانلارنىڭ بىر قىسىم ئەۋلادىغا بىز تەرەپتىن نازىل بولغان ئامانلىق ۋە بەرىكەتلەر بىلەن (كېمىدىن) چۈشكىن!»

...

نۇھ كېمىدىن چۈشتى.

قۇش ۋە ھايۋانلارنى قويۇپ بەردى، ئۇلار يەر يۈزىگە تارقىلىپ كەتتى.

ئۇندىن كېيىن، مۆئمىنلەر چۈشتى.

زېمىن (توپان سەۋەبىدىن) تېخىچە نەم ئىدى.

نۇھ ناماز ۋە دۇئاسىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇرۇپ ئاللاھ ئۇچۇن بۈيۈك بىر ئىبادەتخانا بەرپا قىلىش مەقسىتىدە ئۇل كولىدى.

مۆئمىنلەر گۈلخان يېقىپ، ئەتراپىدا ئولتۇرۇشتى. كېمىدە ئوت يېقىلىشى چەكلەنگەنىدى. چۈنكى كېمىنىڭ كۆيۈپ كېتىشىدىن ساقلانغىلى بولمايتتى.

شۇڭا، توپان تۈگىگىچە ئىسسىق تائام يېيىلمىگەنىدى.

توپان توختىغان بىرىنچى كۈن بولسا، ئاللاھقا شۈكۈر ئېيتىش يۈزىسىدىن روزا تۇتۇلغانىدى.

...

قۇرئانى كەرىم توپان (بالاسى)دىن كېيىن، نۇھ قىسسىسىنىڭ پەردىسىنى چۈشۈردى.

ئۇنىڭ قەۋمى بىلەن بولغان ئەھۋالىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىز بىلمەيمىز.

بىزنىڭ بىلىدىغىنىمىز (ياكى تەخمىن قىلالايدىغىنىمىز)، نۇھنىڭ ئۆلۈش ئالدىدا ئەۋلادلىرىغا يالغۇز ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ھەققىدە ۋەسىيەت قىلىشى ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن، ھەزرىتى نۇھ ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا كەتتى.

* * * * *

سۈرە ھۇد 47 ـ 48 ـ ئايەتلەر.

## ھەزرىتى ھۇد ئەلەيھىسسالام

ھەزرىتى نۇھنىڭ قەۋمى تارىخقا ئايلاندى.

توپان سەھىپىلىرى يالغانچىلارنىڭ ئۈستىگە يېپىلدى. ئۇلار ھاياتتىن، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن، ئىنسانلارنىڭ ھېسابىدىن ۋە ئۇلارنىڭ ئېتىبارىدىن يىراقلاشتۇرۇلدى.

قۇتۇلغانلار (يەنى ئاز ساندىكىلەر) ئاللاھنىڭ قانۇنىنى ۋە: ﴿(ياخشى) ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپتۇر﴾ دېگەن سۆزنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن يەر يۈزىدە قالدى.

ئاللاھنىڭ نۇھقا ۋەدە قىلغىنى شۇ ئىدى:

﴿ئى نۇھ! ساڭا، سەن بىلەن (كېمىدە) بىللە بولغانلارنىڭ بىر قىسىم ئەۋلادىغا بىز تەرەپتىن نازىل بولغان ئامانلىق ۋە بەرىكەتلەر بىلەن (كېمىدىن) چۈشكىن، ئۇلارنىڭ يەنە بىر قىسىم ئەۋلادىنى (ھاياتىي دۇنيادىن) بەھرىمەن قىلىمىز، ئاندىن ئۇلار بىزنىڭ قاتتىق ئازابىمىزغا دۇچار بولىدۇ﴾ .

ۋاقىت ئۆتتى... ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ئەمەلگە ئاشتى.

توپاندىن كېيىن، يەر يۈزىدە مۇئمىنلەردىن باشقا ئىنسان قالمىدى. دۇنيادا ئاللاھنى ئىنكار قىلىدىغان پەقەت بىرلا قەلب بار ئىدى. ئۇ بولسىمۇ، ‹ئىشسىزلىقتىن قايغۇرۇشقا باشلىغان› شەيتان ئىدى.

نۇرغۇنلىغان يىللار ئۆتتى، ئاتىلار ۋە بالىلار ئۆلدى. ئوغۇللارنىڭ ئوغۇللىرى كەلدى. ئىنسانلار نۇھنىڭ ۋەسىيىتىنى ئۇنتۇپ، يەنە بۇتلارغا چوقۇندى ۋە بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشنى تەرك ئەتتى. ‹ئىش› يەنە ئالدىنقى قېتىمقى ھىيلە بىلەن مەيدانغا چىقتى. نۇھ قەۋمىنىڭ نەۋرىلىرى: «ئاللاھ توپان بالاسىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنى ئۇنتۇپ قېلىشنى خالىمايمىز» دېيىشتى ۋە قۇتۇلۇپ قالغانلارنىڭ خاتىرىلىنىشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ھەيكەللىرىنى ياسىدى. ھەيكەللەرگە بولغان ھۆرمەت نەسىلدىن ـ نەسىلگە ئېشىپ باردى ۋە ‹ئىش› ئۇلارغا چوقۇنۇشقا ئۆزگەردى. نىھايەت، ‹شەيتاننىڭ سايىسى›دە ھەيكەللەر ئاللاھ بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرىدىغان ئىلاھلارغا ئايلىنىپ قالدى. يەر يۈزى يەنە زۇلمەت قاراڭغۇلۇقتىن ئېغىراشقا باشلىدى. ئاللاھ سەييىدىمىز ھۇدنى قەۋمىگە ئەۋەتتى.

شۇنىڭ بىلەن، ھۇدنىڭ قەۋمىگە پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلگەنلىكى ھەققىدىكى قىسسە باشلاندى.

ھەزرىتى ھۇد «ئاد» ئىسىملىك قەۋمدىن ئىدى. بۇ قەبىلە ئەھقاف دېگەن يەرگە جايلاشقان بولۇپ، ئۇ يەر دېڭىز ساھىلىدىكى قۇم بارخانلىق چۆل ئىدى. ئۇلار ناھايىتى

سۈرە قەسەس 83 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
سۈرە ھۇد 48 ـ ئايەت.

يوغـان ۋە ئېگـىز تۇۋرۇكلـەر بىلـەن ياسـالغان چېدىـرلاردا ئولتۇراتـتى. «ئـاد» قـەۋمى زامـانىدىكى ئـەڭ بەسـتلىك، ئـەڭ ئېگـىز، ئـەڭ ساغلام ۋە ئـەڭ كۈچلـۈك ئىنسـانلار ئـىدى. دەرۋەقە، ئاللاھ ئۇلار ھەققىدە مۇنداق دېگەنىدى:

﴿ئۇلار: «كۈچ ـ قۇۋۋەتتە بىزدىن كىم ئارتۇق؟» دېدى﴾ .

ئۇ زامـانلاردا، ئۇلاردەك كۈچلـۈك باشقا قـەۋم يـوق ئـىدى. شۇنچە تەمـبەل ۋۇجـۇدلىـرى بولسـىمۇ، ئـەقلى بۇلغانغـانىدى. ئـۇلار بۇتلارغـا چوقۇنـاتتى، ئۇلارنـى قوغدايتـتى ۋە ئـۇلار ئۇچـۇن ئـۇرۇش قىلاتـتى. پەيغەمـبىرىگـە تۆھمـەت چاپـلاپ، ئۇنـى مەسـخىرە قىلاتـتى. ئـۇلار ئـۆزلىـرىنىـڭ ئـەڭ كۈچلـۈك ئىكـەنلىكىنى ئويتتۇرىغـا قويغـان ئىكـەن، ئەسـلىدە، ئـۆزلىـرىنى ياراتقـان ئـاللاھنىـڭ ئـۆزلىـرىدىنمۇ كۈچلـۈك ئىكـەنلىكـكە ئىشـىنىشى كېـرەك ئـىدى. ئـەمما ئۇلاردا ئىنكار قىلغۇچى تەكەببۇرلۇقتىـن باشقا بىر نەرسە كۆرۈنمەيتتى.

ھەزرىتى ھۇد ئۇلارغا:

﴿ئى قەۋمىم! ئاللاھقا ئىبادەت قىلىـڭلار! سىلەرگە ئاللاھتىـن باشقا مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر﴾ دېدى.

بـارلىق پـەيغەمبەرلەر ئۆزگـەرتمەي، قىسـقارتماي، ئىككىلەنمـەي، قورقمـاي ۋە ۋاز كەچمەي ئېيتىـدىغان بىر جۈملە سۆز... بۇ سۆز جاسارەت دېمەكتۇر، ھەق دېمەكتۇر. قەۋمى ئۇنىڭدىـن: «سـەن دەۋتىـڭ ئـارقىلىق بىـزنىـڭ كـاتتىلىرىمىزدىن بولماقچىمۇ؟ قـانچىلىك ھەق تەلەپ قىلىسەن؟» دەپ سوراشتى.

ھۇد ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ئەجرىنى ئاللاھ بېرىدىغانلىقىنى، ئۇلاردىن ئەقىللىرىنى ھەققەت نۇرلىرى بىلەن تازىلاشتىن باشقا نەرسە تەلەپ قىلمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇلارغا يەنە ئاللاھنىڭ ئۇلارغا بەرگەن نېئمەتلىرىنى، نۇھتىن كېيىن، ئۆزلىرىنى يەر يۈزىنىڭ خەلىپىسى قىلغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدلىرىغا ئۈستۈنلۈك ۋە ھەددىدىن زىيادە كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاتا قىلغـانلىقىنى، ئۇلارغـا مـول رىـزىق چىقىدىغـان يەرگـە قـانداق ئېرىشتۈرگـەنلىكىنى ۋە تۇپراقنى ياشارتىدىغان يامغۇرنى قانداق ئەۋەتكەنلىكىنى چۈشەندۈردى. ھۇدنىـڭ قـەۋمى ئۆزلىرىنىڭ ئەتراپىغا نەزەر سالدى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك كىشىلەر ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن، تەكەببۇرلۇقى تۇتۇپ، جاھىللىق قىلىشقا باشلىدى.

ئـۇلار ھۇدتىـن: «سـەن ئاتـا ـ بوۋىلىرىمىـز چوقۇنغـان ئىلاھلىرىمىـزنى قانداقلاچـە ئىنكار قىلىسەن؟» دەپ سورىدى.

ھۇد: «ئاتا ـ بوۋاڭلار خاتا قىلغانىدى» دېدى.

قەۋمى: «ئى ھۇد! سەن بىزنى ئۆلۈپ، سۆڭەكلىرىمىز توپىغا ئايلىنىپ كەتكەندىن كېيىن، قايتا تىرىلدۇ دەپ ئويلامسەن؟» دېدى.

---

سۈرە فۇسسىلەت 15 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

سۈرە ھۇد 50 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ھـۇد: «سـىلەر قىيامـەت كۈنـى قايتـا تىرىلدۈرۈلىسـىلەر. پەرۋەردىگـارىڭلار ھەممىڭلاردىن ھېساب ئالىدۇ» دېدى.

بۇنى ئاڭلىغان قەۋمى قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.

ھۇدنىڭ سۆزلىرىدىن غەلىتىلىك ھېس قىلغان كاپىرلار ئۆزئارا مۇنداق دېيىشتى: «ئىنسان ئۆلىدۇ، ئۆلگەندىن كېيىن جەسىدى چىرىيدۇ ۋە توپىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئاندىن شامالدا ھەر تەرەپكە قاراپ ئۇچىدۇ. بۇ جەسەت قانداقلارچە ئەسلىگە قايتىدۇ؟!»

ئۇندىن باشقا، قىيامەت كۈنى دېگەن قانداق گەپ؟ ئۆلگەنلەر نېمە ئۈچۈن قايتا تىرىلدۈرۈلىدۇ؟

ھۇد بۇ سوئاللارنىڭ ھەممىسىگە سەۋر ـ تاقەت كۆرسەتتى. ئاندىن قەۋمىگە قىيامەت كۈنىنى چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى. ئۇلارغا: «ئىنسانلارنىڭ ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتىشى، ئىنسانلارنىڭ ھاياتى ۋە ئاللاھنىڭ ئادالىتىگە مۇناسىۋەتلىك شەرتتۇر» دېدى ۋە ھەربىر پەيغەمبەرنىڭ قىيامەت ھەققىدىكى سۆزلىرىنى بىر ـ بىرلەپ ئېيتىپ بەردى.

ھەر ئىشنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەرتىپكە سالغان ياراتقۇچىنىڭ ھېكمىتى، پەقەت يارىتىشنىڭ باشلىنىشى بىلەنلا توگەپ قالمايدۇ. بۇ دۇنيادىكى مەخلۇقاتلارنىڭ ھاياتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، پەردە يېپىلمايدۇ. يەنى ھەممە ئىش ئاخىرلاشقان بولمايدۇ. بۇ، ئىمتىھاننىڭ بىرىنچى پەردىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئىمتىھان، جاۋاب قەغەزلىرىنىڭ تاپشۇرۇلۇشى بىلەنلا توگىگەن بولمايدۇ. بۇ قەغەزلەر ئوقۇلۇپ، باھا بېرىلىشى (نومۇر قويۇلۇشى)، ئىمتىھاندىن ئۆتكەن ـ ئۆتمىگەنلەرنىڭ ئېلان قىلىنىشى لازىم. چۈنكى، دۇنيا ئىنسانلىرىنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتى ئوخشاش بولمايدۇ.

ئۇلارنىڭ ئارىسىدا زۇلۇم قىلغۇچىلار، قاتىللىق قىلغانلار ۋە دۈشمەنچە مۇئامىلە قىلغانلار بار. كۆپىنچە ھاللاردا، زالىملارغا جازا بېرىلمىگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادا ھۆرمەت ـ ئېتىبارغا ئېرىشكەنلىكىنى كۆرىمىز. مەزلۇملارنىڭ ئەرز ـ شىكايەتلىرى نەگە بارىدۇ؟ زۇلۇمغا ئۇچرىغانلارنىڭ كۆز ـ ياشلىرى نەگە كېتىدۇ؟ ئۇلار ئۆلگەندە، جەسەتلىرى بىلەن تۇپراققا كۆمۈلۈپ كېتەمدۇ؟

ئادالەت ـ قىيامەت كۈنىنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى شەرت قىلىدۇ.

بۇ ھاياتتا خەير ـ ئېھسان ھەردائىم غالىب كەلمەيدۇ. بەزىدە يامانلار قوشۇن تارتىپ، ياخشىلارنى يوق قىلىدۇ.

بۇ جىنايەت جازاسىز قالامدۇ؟

قىيامەت كۈنى كەلمەيدۇ دەپ پەرەز قىلىدىغان بولساق، زۇلۇمنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى تەڭداشسىز ھالغا كېلىدۇ. ئۇلۇغ ئاللاھ زۇلۇمنى ئۆزى ۋە بەندىلىرىگە ھارام قىلدى.

قىيامەتنىڭ جازا ۋە ھېساب كۈنى قىلىپ بەلگىلىنىشى، ئاللاھنىڭ ئادالىتىنىڭ مۇكەممەللىكى دېگەنلىكتۇر.

چۈنكى، قىيامەت بارلىق داۋا ـ دەستۇرلار ئاللاھنىڭ ھوزۇرىغا قايتا كەلتۈرۈلىدىغان ۋە ئۇلۇغ ئاللاھ ھۆكۈم چىقىرىدىغان كۈندۇر.

بۇ، قىيامەت كۈنى ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ئادالىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك تۇنجى شەرتتۇر.

قىيامەت كۈنى ئۈچۈن باشقا بىر شەرتمۇ بار بولۇپ، ئۇ ئىنسانىنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. دىن كۈنىگە (يەنى قىيامەت كۈنىگە) ئېتىقاد قىلىش، جەسەتلەرنىڭ قايتا تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقىغا ئىشىنىش، ھېساب ئۈچۈن تۇرۇش، ساۋاب ۋە جازاغا نائىل بولۇش، جەننەت ياكى جەھەننەمگە كىرىش قاتارلىق ئىشلار ئىنسانىنىڭ كۆزى ۋە قەلبىنى دۇنيا ھاياتىدىن كېيىن باشقا بىر ھاياتقا بۇرايدىغان ئامىل بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارغا بۇ دۇنيانىڭلا ھۆكۈمرانلىق قىلماسلىقى. ئۇلارنىڭ مەنپەئەتپەرەسلىك ۋە شەخسىيەتچىلىككە بېرىلىپ كەتمەسلىكى، قىسقا ۋە چەكلىك ئۆمرىدىكى غايىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغانلىقى ئۈچۈن ئاھ ئۇرۇپ، پەرىشان بولماسلىقى ئۈچۈندۇر. شۇ ئارقىلىق، ئىنسان ئۆزى يارىتىلغان لايىدىن ئۈستۈن ھالغا كېلىدۇ.

بەلكىم دۇنيا كۆز ـ قارىشى، قىممەت ـ ئۆلچەملىرىگە بويسۇنۇش، ئاللاھنىڭ ئۇلۇغ ھېكمەتلىرىگە چەك ئېسىلىش ۋە ئىنسانغا لايىق ھايات كەچۈرۈش ئارىسىدىكى پەرق قىيامەت كۈنىگە ئىشىنىش ياكى ئىشەنمەسلىك ئارقىلىق ئوتتۇرىغا چىقىشى مۇمكىن.

ھۇد قەۋمىگە بۇلارنىڭ ھەممىسىنى چۈشەندۈردى. ئەمما ئۇلار ئۇنى ئىنكار قىلدى.

ئۇلۇغ ئاللاھ مۇئمىنۇن سۈرىسىدە ئاد قەۋمىنىڭ قىيامەت كۈنىنى ئىنكار قىلغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ كاپىر بولغان، ئاخىرەت مۇلاقاتىنى يالغانغا چىقارغان ۋە بۇ دۇنيادا بىز تەرەپتىن باياشات تۇرمۇشقا ئىگە قىلىنغان كاتتىلىرى ئېيتتى: «بۇ پەقەت سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنساندۇر، ئۇ سىلەر يېگەننى يەيدۇ، سىلەر ئىچكەننى ئىچىدۇ. ئەگەر سىلەر ئۆزەڭلارغا ئوخشاش بىر ئىنسانغا ئىتائەت قىلساڭلار، شۈبھىسىزكى، ئۇ چاغدا سىلەر چوقۇم زىيان تارتقۇچىلارسىلەر. ئۇ سىلەرنى: «سىلەر ئۆلۈپ توپىغا ۋە قۇرۇق ئۇستىخانغا ئايلانغاندىن كېيىن تىرىلىسىلەر» دەپ ئاگاھلاندۇرامدۇ؟ سىلەرگە ئاگاھلاندۇرۇلغان ئىش تولىمۇ يىراقتۇر. بىزنىڭ مۇشۇ دۇنيادىكى ھاياتىمىزدىن باشقا ھايات يوقتۇر، بىز ئۆلىمىز ۋە تىرىلىمىز (يەنى بىر تەرەپتىن ئۆلۈپ تۇرىمىز ۋە بىر تەرەپتىن تۇغۇلۇپ تۇرىمىز)، بىز قايتا تىرىلمەيمىز»﴾.

ھۇدنىڭ قەۋمى پەيغەمبىرىنى ئەنە شۇنداق يالغانغا چىقاردى. ئۇلار ھۇدقا: «تولىمۇ يىراق، تولىمۇ يىراق!» دېيىشتى. ئاللاھنىڭ قەبرىدىكىلەرنى تىرىلدۈرىدىغانلىقى ئۇلارغا

سۈرە مۇئمىنۇن 33 ـ 37 ـ ئايەتكىچە.

بەكمۇ غەلىتىلىك تۇيۇلىدۇ. ئۇنىدىن بۇرۇن، ئاللاھ ئىنسانىنى تۇپىراقتىن ياراتقان بولسىمۇ، ئىنسان ئۆلۈپ تۇپىراققا ئايلىنىپ كەتكەندىن كېيىن، قايتا يارىتىشى ئۇلارغا بەكمۇ غەلىتىلىك تۇيۇلىدۇ. ئىنسانىي ئۆلچەملەرگە كۆرە، بۇ يالغانچىلار قايتا تىرىلدۈرۈشنىڭ ئىنسانىنى يوقتىن بارلىققا كەلتۈرۈشتىن ئاسان ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشى لازىم ئىدى. مەخلۇقاتلارنى يوقتىن بار قىلغان ئاللاھ ئۈچۈن ئۇلارنى قايتا يارىتىش تەسكە چۈشەرمۇ؟ ئىنسانىي ئۆلچەملەرگە ئاساسلانغاندا، ئىشنىڭ ئەڭ قىيىن يېرى يارىتىش، يەنى يوقتىن بار قىلىش ئىدى. ئىنسانىي ئۆلچەملەر پەقەت ئىنسانلارغا خاس ئۆلچەملەر بولۇپ، ئاللاھ ئۈچۈن ئاسان ياكى قىيىن ئىش يوق. ئاللاھقا كۆرە ئىشلار ئەمر ئارقىلىقلا ئىجرا قىلىنىدۇ.

﴿ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى يوقتىن بار قىلغۇچىدۇر. بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشنى ئىرادە قىلسا، «ۋۇجۇدقا كەل» دەيدۇ ـ دە، ئۇ ۋۇجۇدقا كېلىدۇ﴾ .

ئاللاھنىڭ شۇ سۆزلىرى ھەققىدە بىر ئاز توختىلىپ ئۆتەيلى:

﴿ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ كاپىر بولغان، ئاخىرەت مۇلاقاتىنى يالغانغا چىقارغان ۋە بۇ دۇنيادا بىز تەرەپتىن باياشات تۇرمۇشقا ئىگە قىلىنغان كاتتىلىرى ئېيتتى...﴾

قەۋمىنىڭ كاتتىلىرى، باي ۋە زالىم كىشىلىرىنىڭ پەيغەمبەرگە قارشى چىققانلىقى كۆرۈلمەكتە.

بايلىق ۋە راھەت ـ پاراغەتلىك ھاياتتىن شەخسىي مەنپەئەتلەرنىڭ توختىماي داۋاملىشىش ھېرىسى ۋە تەكەببۇرلۇق تۇغۇلىدۇ. قەۋمىنىڭ كاتتىلىرى ئۆزلىرىگە بىر قارىۋېتىپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ پەيغەمبەر بىز يېگەننى يەيدىغان، بىز ئىچكەننى ئىچىدىغان پەيغەمبەر ئىكەنغۇ؟ بەلكىم ئۇ پېقىر بولغانلىقى ئۈچۈن بىزدىن ئاز يېيىشى ۋە داتلىشىپ كەتكەن قاچىلاردا (سۇ) ئىچىشى مۇمكىن. بىز بولساق، ئالتۇن ۋە كۈمۈش قاچىلاردا ئىچىمىز. ئۇ نېمىگە ئاساسەن ئۆزىنى ھەق يولدا، بىزنى باتىل يولدا دەپ قارايدۇ؟ ئۇ بىر ئىنسان تۇرسا، بىز قانداقلارچە ئۆزىمىزگە ئوخشاش ئىنسانغا ئىتائەت قىلىمىز؟ ھەم ئاللاھ بىزگە ۋەھيى قىلىش ئۈچۈن نېمىشقا ئۆز ئىچىمىزدىن بىرىنى تاللىدى؟»

يەنى ئۇلار ئاللاھنىڭ ئۆز ئارىلىرىدىن بىرىنى تاللاپ، ۋەھيىسىنى ئۇنىڭغا بىلدۈرۈشكە ئەجەپلەندى.

ھۇد ئۇلاردىن سورىدى: «بۇنىڭ ئەجەپلەنگۈدەك نېمىسى بار؟ ئاللاھ سىلەرگە كۆيۈنگەچكە، سىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن مېنى ئەۋەتتى. نۇھنىڭ كېمىسى، نۇھنىڭ قىسسىسى سىلەرگە بەك يىراق ئەمەس. ئۇلارنى ئۇنۇتماڭلار! ئاللاھنى ئىنكار قىلغانلار ھالاك بولدى. ئاللاھنى ئىنكار قىلغۇچىلار، مەيلى ئۇلار نەقەدەر كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە بولسۇن، چوقۇم ھالاك بولىدۇ».

سۈرە بەقەرە 117 ـ ئايەت.
سۈرە بەقەرە 33 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئاد قەۋمىنىڭ كاتتىلىرى سورىدى: «بىزنى كىم ھالاك قىلىدۇ؟»

ھۇد: «ئاللاھ» دېدى.

كاتتىلار: «بىزنى ئىلاھلىرىمىز قۇتۇلدۇرىدۇ» دېيىشتى.

ھۇد ئۇلارغا: «سىلەر (ئاللاھقا يېقىنلىشىش ئۈچۈن) چوقۇنۇۋاتقان بۇتلار سىلەرنى ئاللاھتىن يىراقلاشتۇرىدۇ. سىلەرنى پەقەت ئاللاھلا قۇتۇلدۇرۇپ قالالايدۇ. يەريۈزىدىكى ھېچبىر كۈچ پايدا ـ زىيان ئېلىپ كېلەلمەيدۇ» دېدى.

ھۇد بىلەن قەۋمى ئارىسىدىكى مۇنازىرە داۋاملاشتى.

كۈنلەر ئۆتۈپ، مۇنازىرە كۈچەيگەنسېرى ئاد قەۋمىنىڭ تەكەببۇرلۇقى، جاھىللىقى، ئازغۇنلۇقى ۋە تۆھمەتخورلۇقى ئېشىپ باردى. ھۇدقا: «ئەقىلسىز، ساراڭ» دېگەن بەدناملار چاپلاندى. بىر كۈنى ئۇنىڭغا: «بىز سېنىڭ نېمە ئۈچۈن ساراڭ بولۇپ قالغانلىقىڭنى چۈشەندۇق. سەن بىزنىڭ ئىلاھلىرىمىزنى ھاقارەتلىدىڭ. ئىلاھلىرىمىز ساڭا غەزەپلەندى ۋە سەن ساراڭ بولۇپ قالدىڭ» دېيىشتى.

ئاللاھ ئۇلارنىڭ بەدناملىرىنى ھۇد سۈرىسىدە مۇنداق بايان قىلغاندى:

﴿ئۇلار ئېيتتى: «ئى ھۇد! سەن بىزگە (ئۆزەڭنىڭ راستلىقىڭنى كۆرسىتىدىغان) ھېچقانداق روشەن دەلىل كەلتۈرمىدىڭ. سېنىڭ سۆزۈڭ بىلەن بىز ئىلاھلىرىمىزنى تاشلىۋەتمەيمىز ۋە سېنىڭ (پەيغەمبەرلىكىڭگە) ئىشەنمەيمىز. بىز پەقەت سېنى بەزى ئىلاھلىرىمىز ساراڭ قىلىپ قويۇپتۇ دەيمىز»﴾.

ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى ئازغۇنلۇق ھۇدنى ساراڭغا چىقارغۇدەك دەرىجىدە كۈچىيىپ كەتكەنىدى.

چۈنكى ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدا، ھاقارەت قىلىنغان ئىلاھلاردىن بىرى غەزەپلىنىپ، ھۇدقا چېپىلىپ قويغانىدى.

ھۇد ئۇلارنىڭ بىلجىرلاشلىرىغا قۇلاق سالمىدى. ئۇلارنىڭ سەپسەتىلىرى ۋە بەدناملىرىغا قايغۇرۇپ يۈرمىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ شۇ سۆزلىرى ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلايتتى:

﴿سېنىڭ سۆزۈڭ بىلەن بىز ئىلاھلىرىمىزنى تاشلىۋەتمەيمىز﴾.

ھۇدنىڭ بۇ سۆزلەرگە لايىق جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن ئاللاھقا تايىنىش ۋە بۇ يالغانچىلارغا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم تەھدىت خاراكتېرلىك ئاگاھلاندۇرۇش بېرىشتىن باشقا چارىسى قالمىدى. ھۇد مۇنداق دېدى:

سۈرە ھۇد 53 ـ 54 ـ ئايەتلەر.
سۈرە ھۇد 53 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

﴿مەن ھەقىقەتەن ئاللاھنى گۇۋاھ قىلىمەن، سىلەرمۇ گۇۋاھ بولۇڭلاركى، مەن سىلەرنىڭ ئاللاھنى قويۇپ شېرىك كەلتۈرگەن بۇتلىرىڭلاردىن ئادا ـ جۇدامەن، ھەممىڭلار ماڭا سۇيىقەست قىلىڭلار، ماڭا مۆھلەت بەرمەڭلار. شۈبھىسىزكى، مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ۋە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار بولغان ئاللاھقا مەن تەۋەككۇل قىلدىم، ئاللاھنىڭ باشقۇرۇشىدا بولمىغان بىرمۇ مەخلۇق يوقتۇر؛ پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن توغرا يولدىدۇر (يەنى ئادىل بولۇپ ھېچ كىشىگە قىلچە زۇلۇم قىلمايدۇ). ئەگەر سىلەر (مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلىشتىن) يۈز ئۆرۈسەڭلار (يۈز ئۆرۈگىنىڭلارنىڭ ماڭا زىيىنى يوق)، سىلەرگە مەن پەرۋەردىگارىمنىڭ ئەلچىلىكىنى يەتكۈزدۈم (پەيغەمبەرنىڭ ۋەزىپىسى پەقەت تەبلىغ قىلىشتۇر)، پەرۋەردىگارىم (سىلەرنى ھالاك قىلىپ) ئورنۇڭلارغا باشقا بىر قەۋمنى كەلتۈرىدۇ، (شېرىك كەلتۈرۈش بىلەن) ئاللاھقا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيسىلەر. پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن ھەر بىر نەرسىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر»﴾.

ئىنسان ھەق يولىدىكى بۇ جاسارەت ئالدىدا ھەيران بولماي قالمايدۇ.

بىر كىشى، تاشتىن ياسالغان بۇتلارنىڭ يامانلىق ئېلىپ كېلەلەيدىغانلىقىنى خىيال قىلىدىغان قوپال، تاش يۈرەك ۋە ئەخمەق قەۋمگە قارشى كۈرەش قىلماقتا.

ئۆزى يالغۇز بىر كىشى، زالىملارنىڭ قارشىسىغا چىقماقتا ۋە ئۇلارنىڭ ئېتىقادىنى باتىل ئېتىقادقا چىقارماقتا، ئۇلاردىن ۋە چوقۇنغۇچىلىرىدىن يىراقلاشماقتا، كۆكرەپ كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۆزىگە دەرھال سۇيىقەست قىلىنىشىنى ئېيتماقتا. ئۆزى ئۇلارنىڭ سۇيىقەستىگە ۋە ئۇلارغا قارشى كۈرەش قىلىشقا تەييار بولۇپ، ھەقىقەتەن ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغان ئىدى. ئاللاھ قۇدرەت ئىگىسى بولۇپ، يەر يۈزىدىكى بارلىق مەخلۇقات ئۇنىڭ ئىلكىدە ئىدى. ئاللاھنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى يەتمەيدىغان ھېچقانداق نەرسە يوق.

ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان، ئۇنىڭ ۋەدىسىگە، ياردىمىگە ئىشەنگەن ھۇد، ئىنكارچىلارغا قارشى خىتاب قىلماقتا. ئۇ ئۆزىنىڭ يالغۇز ۋە ئاجىز بولۇشىغا باقماي شۇنداق قىلدى. چۈنكى، ئۇ ھەقىقىي ئىشەنچ بىلەن كۆكرەك كېرىپ چىقماقتا ۋە ئاللاھنىڭ ئەمرلىرىنى تەبلىغ قىلماقتا.

ئۇ سۆزلىرىدە ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغانلىقىنى ۋە ئۇلارغا پەيغەمبەرلىكنى يەتكۈزگەنلىكىنى، ئەگەر ئۇلار ئۆزىنى ئىنكار قىلسا، ئاللاھنىڭ ئۇلارنىڭ ئورنىغا باشقا بىر قەۋمنى كەلتۈرىدىغانلىقىنى ئېيتتى ۋە بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە كېلىدىغان ئازابنى كۈتۈشى كېرەكلىكىنى بىلدۈردى.

شۇنداق قىلىپ، ھۇد ئۆزىنىڭ ئۇلاردىن ۋە ئۇلارنىڭ ئىلاھلىرىدىن يىراق تۇرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ئۆزىنى ياراتقان ئاللاھقا ئىشەندى. ئازابنىڭ ئۆز قەۋمى ئىچىدىكى ئىنكارچىلارغا كېلىدىغانلىقىنى چۈشەندى. بۇ، ھايات قانۇنلىرىدىن بىرى ئىدى.

سۈرە ھۇد 54 ـ 57 ـ ئايەتكىچە.

نەقەدەر كۈچ ـ قۇدرەتلىك، باي ياكى زالىم بولسا بولسۇن، ئاللاھ ئىنكار قىلغۇچىلارنى ئازابلايدۇ.

ئاد قەۋمى ئاللاھنىڭ ۋەدىسىنى كۈتمەكتە ئىدى.

يەر يۈزىدە قۇرغاقچىلىق ئاپىتى باشلاندى. بىر تامچىمۇ يامغۇر ياغمايۋاتاتتى. قۇياش چۆل قۇملىرىنى قىزدۇرماقتا ۋە ئىنسانلارنىڭ باشلىرى ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇلغان ئوت پارچىسىدەك كۆرۈنمەكتە ئىدى. ئاد قەۋمى دەرھال ھۇدنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈشتى: «ئى ھۇد! بۇ قۇرغاقچىلىقنىڭ سەۋەبى نېمە؟» ھۇد: «ئاللاھ سىلەرگە غەزەبلەندى. ئەگەر سىلەر ئىمان ئېيتقان بولساڭلار، ئاللاھ سىلەردىن مەمنۇن بولاتتى ۋە يامغۇر ياغدۇرۇپ، كۈچۈڭلارغا كۈچ قاتاتتى». ئاد قەۋمى يەنە ھۇدنى زاڭلىق قىلىشتى. جاھىللىق، مەسخىرە ۋە ئىنكاردا چىڭ تۇرۇشتى. قۇرغاقچىلىق تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى. يېشىل دەرەخلەر سارغايدى، زىرائەتلەر سولاشتى. بىر كۈنى، ئاسماندا بىردىنلا قاپقارا بۇلۇت كۆرۈندى. ئاد قەۋمى چېدىرلىرىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ: «بۇ بۇلۇت بىزگە يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدۇ» دېيىشتى.

ھاۋا بىردىنلا ئۆزگىرىشكە باشلىدى.

ئوتتەك قىزىق ۋە قۇرغاق ھاۋا قەھرىتان سوغۇققا ئايلىنىپ، شىۋىرغان چىقىشقا باشلىدى. ھەممە نەرسە تەۋرەپ كەتتى. دەرەخلەر، ئۆسۈملۈكلەر، ئەرلەر، ئاياللار، چېدىرلار، تېرە، گۆش، سۆڭەك ۋە يىلىكلەر جالاقلاپ تىترىدى. شىۋىرغان كېچە ـ كۈندۈز توختىمىدى. ھاۋا بارغانسېرى سوۋۇپ كېتىۋاتاتتى.

ئاد قەۋمى ئارقىغا قاراپ قاچتى ۋە چېدىرلىرىغا كىرىۋالدى. شىۋىرغان تېخىمۇ كۈچىيىپ، چېدىرلارنى ئۆرۈپ تاشلىدى. ئۇلار چېدىر يوپۇقلىرىغا يۆگىنىۋالدى. شىۋىرغان تېخىمۇ كۈچىيىپ، چېدىر يوپۇقلىرىنى ئۇچۇرتۇپ كەتتى، كىيىم ـ كېچەكلەرنى يىرتىپ، تېرىنى پارچىلاپ، ۋۇجۇدنى چاك ـ چاك ئېتىۋەتتى.

شىۋىرغان يېتىپ بارغانلا يېرىنى ۋەيران قىلىپ، ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈپ، يۈرەكلەرنى يېرىپ، ئۇلارنى قۇرۇق ئۇستىخانغا ئايلاندۇرۇپ قوياتتى.

دۇنيادا ئوخشىشى كۆرۈلۈپ باقمىغان بۇ شىۋىرغان سەككىز كۈن، يەتتە كېچىگىچە داۋاملاشقاندىن كېيىن، پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرى بىلەن توختىدى.

ئۇلۇغ ئاللاھ ئەھقاف سۈرىسىدە مۇنداق دېگەنىدى:

﴿ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ۋادىسىغا سۈرۈلۈۋاتقان بۇلۇتنى كۆرۈپ: «مانا بۇ بىزگە يامغۇر ياغدۇرغۇچى بۇلۇتتۇر» دېيىشتى. (ھۇد ئېيتتى) «ئۇنداق ئەمەس، ئۇ سىلەر بالدۇرراق ئېلىشنى تەلەپ قىلغان نەرسىدۇر، ئۇ بىر بوران بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە قاتتىق ئازاب بار. ئۇ پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەمرى بىلەن ھەممە نەرسىنى ھالاك قىلىدۇ». (يەنى بوران كېلىپ، ئۇلارنى ھالاك قىلدى)، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ جايلىرىنىڭ (يەنى تۇرغان

ماكانلىرىنىڭ) ئىزىدىن باشقا نەرسە كۆرۈنمەيدىغان بولۇپ قالدى. گۇناھكار قەۋمنى مۇشۇنداق جازالايمىز﴾ .

ئاللاھ يەنە ھاققە سۈرىسىدە مۇنداق دېگەندى:

﴿ئاللاھ ئۇلارغا بوراننى يەتتە كېچە، سەككىز كۈندۈز ئۈزۈلدۈرمەي ئاپىرىدە قىلدى، (ئاد) قەۋمىنىڭ (ئۆز ماكانلىرىدا ھالاك بولۇپ) خورما دەرەخلىرىنىڭ پور كۆتەكلىرىدەك ياتقانلىقىنى كۆرىسەن﴾ .

دېمەك، ئاد قەۋمىدىن ھېچقانداق ئەسەر قالمىغانىدى.

ھۇد ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقانلار قۇتۇلۇپ قېلىپ، زالىملار ۋە ئازغۇنلار ھالاك بولدى.

ۋە ھۇد قەۋمى توغرىسىدىكى قىسسە ئاياغلاشتى.

* * * * *

---

سۈرە ئەھقاف 24 ــ 25 ــ ئايەتلەر.

سۈرە ھاققە 7 ـ ئايەت.

## ھەزرىتى سالىھ ئەلەيھىسسالام

ئارىدىن ئۇزۇن يىللار ئۆتتى، بەزىلەر ئۆلۈپ، بەزىلەر تۇغۇلدى.

ئاد قەۋمىدىن كېيىن، سەمۇد قەۋمى كەلدى. ئازاب ھېكايىسى سەمۇد قەۋمىدە باشقا بىر شەكىلدە تەكرارلاندى.

سەمۇدمۇ بۇتلارغا چوقۇنىدىغان بىر قەۋم ئىدى. ئاللاھ ئۇلارغا ھەزرىتى سالىھنى ئەۋەتتى. سالىھ قەۋمىگە:

﴿ئى قەۋمىم! ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار. سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر﴾ دېدى.

ھەق ئۆزگەرمىگەندەك، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاساسلىق جۈملىسىمۇ ئۆزگەرمىگەنىدى. سالىھنىڭ ئېيتقانلىرى، سەمۇد قەۋمىنىڭ كاتتىلىرى ئۈچۈن يېڭىلىق بولۇپ تۇيۇلدى. ئۇ، قەۋمىنىڭ ئىلاھلىرىغا: «كېرەكسىز نەرسىلەر» دەپ بەدنام چاپلىغانىدى ۋە قەۋمىنى ئىلاھلارغا چوقۇنۇشتىن توسۇپ، بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرغانىدى. ئۇنىڭ دەۋىتى سەمۇد قەۋمى ئىچىدە غۇلغۇلا پەيدا قىلدى. سالىھ ئىلمى، پاكلىقى ۋە ياخشىلىقى بىلەن تونۇلغان بىرى ئىدى. قەۋمى ئۇنى، الله ئۇنىڭغا ۋەھيى قىلىشتىن ۋە ئۇلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىشتىن بۇرۇن ھۆرمەتلەيتتى.

سەمۇد قەۋمى ئۇنىڭغا:

﴿ئى سالىھ! بۇنىڭدىن بۇرۇن سەن ئارىمىزدا ئۈمىد قىلىنغان كىشى ئىدىڭ (يەنى بۇ سۆزنى ئېيتىشىڭدىن بۇرۇن ئارىمىزدا چوڭ ئادەم بولۇپ قېلىشىڭنى ئۈمىد قىلاتتۇق)، بىزنى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئىبادەت قىلىپ كەلگەن بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشتىن توسامسەن؟ شەك ـ شۈبھىسىزكى، ھەققەتەن بىز سەن دەۋەت قىلغان ئىشقا زور گۇماندىمىز﴾ [1] دېيىشتى.

سەمۇد قەۋمىدىكى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ پىكىر شەكلىگە قاراڭ!

ئۇلار سالىھقا شەخسي تەرەپتىن يېقىنلاشماقتا ئىدى. بىزنىڭ سەندىن ئۈمىد كۈتكەن بەزى تەرەپلىمىز بار ئىدى. ئىلمىڭ، پاكلىقىڭ، ئەقلىڭ، دۇرۇستلۇقۇڭ تۈپەيلىدىن ئارىمىزدا ئۈمىد قىلىنغان كىشى ئىدىڭ. ئەمما سەندىكى ئۈمىدلىرىمىز كۆپۈككە ئايلاندى. سەن بىزنى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئىبادەت قىلىپ كەلگەن بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشتىن توسامسەن؟

---

سۈرە ھۇد 61 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[1] سۈرە ھۇد 62 ـ ئايەت.

بۇ نېمە دېگەن قاباھەت؟! ئى سالىھ! بىز سېنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئىبادەت قىلىپ كەلگەن بۇتلىرىمىزنى ھاقارەتلىشىڭنى كۈتمىگەنىدۇق.

مانا مۇشۇنداق، نورمال نەرسىلەر سەمۇد قەۋمىگە غەلىتە تۇيۇلدى.

لازىملىق ۋە بەرھەق نەرسىنى قوبۇل قىلماي، قېرىنداشلىرى ئۇزلىرىنى سالىھنىڭ ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىشىغا ھاڭ - تاڭ بولغانىدى.

نېمە ئۈچۈن؟

ئۇلارنىڭ دەلىل، ئىسپات ۋە ئەقىدىلىرى يوق بولۇپ، پەقەت ئاتا - بوۋىلىرى ئىبادەت قىلىپ كېلىۋاتقانلىقى ئۈچۈنلا ئىدى.

ئادەت - ئىنساندا شۇنداق كۈچلۈك تەسىر قالدۇرىدۇ.

ئەنئەنىنىڭ تەسىرىمۇ شۇنداق كۈچلۈكتۇر. پەيغەمبەر كېلىپ، ئۇ مەنىسىز ئەنئەنىلەرگە قارشى چىقىدۇ ۋە ئىنساننى ھالاكەتكە سۆرەيدىغان قالاقلىقلارنى سۈپۈرۈپ تاشلايدۇ.

شۇنىڭ بىلەن، تەۋھىد ئېتىقادى (يەنى بىر ئاللاھقا ئىمان ئېيتىش) ئۆزىنى ھەممىدىن ئاۋۋال پىكىر ھۆرلۈكىگە، ئىنسان ئەقلىنى ئەنئەنە بېسىمىدىن، ئۆتمۈش زاماندىكىلەرنىڭ خۇراپاتلىقلىرىدىن، ئادەتلەرنىڭ زىيان ۋە قورقۇنچلىرىدىن قۇتۇلۇشقا دەۋەت قىلغۇچى سۈپىتىدە ئېلان قىلىدۇ.

مانا بۇ، ھەقىقي تەۋھىد دەۋىتى بولۇپ، ئەقلي ھۆرلۈك ۋە ئۇنىدىن باشقا ھەر تۈرلۈك ھۆرلۈكلەرنىڭ شەكىللىنىشىنىڭ ئېلانى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ، ئەقلى ئۆتمۈشتىكىلەرنىڭ پىكىرلىرى، ئۆلگەنلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى، ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ سەپسەتىلىرى بىلەن ئۇيۇل تاشقا ئايلىنىپ كەتكەنلەردىن باشقىلىرى قارشى چىقالمايدىغان دەۋەت ئىدى.

ھەزرىتى سالىھ ئۈچۈق - ئاشكارا دەۋەت قىلغان بولسىمۇ، قەۋمىنىڭ ئۇنىڭغا ئىشەنمىگەنلىكى كۆرۈلمەكتە. ئۇلار ھەزرىتى سالىھنىڭ دەۋىتىدىن نارازى بولۇشتى ۋە ئۇنىڭ سېھىرلەنگەنلىكىنى پەرەز قىلىشتى. ئۇنىڭدىن ئاللاھنىڭ ئۇنى ئۇزلىرىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەنلىكىگە ئىسپات كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلدى. ئاللاھ ئۇلارنىڭ تەلىپىگە جاۋاب بەرمەكچى بولدى.

سەمۇدلۇقلار تاغلارنى تېشىپ، ئۆيلەرنى ياسايتتى. تاغدىن چىققان قۇرام تاشلاردىن پايدىلىناتتى. ئۇلار ناھايىتى كۈچتۈڭگۈر ئادەملەر ئىدى. ھەرقانداق ئىشتىن ئۆزلىرىنىڭ رىزقىنى تېپىپ يېيەلەيتتى. ئۇلار ئاد قەۋمىدىن كېيىن، ئۇ يەرگە ماكانلىشىپ ئاۋاتلاشتۇرغانىدى.

ئۇلار بىر مۆجىزە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلغاندا، ھەزرىتى سالىھ ئۇلارغا:

﴿ئى قەۋمىم! بۇ ئاللاھ (بىۋاستە) ياراتقان چىشى تۆگە سىلەرگە مىنىڭ مۆجىزەمدۇر، ئۇنى ئاللاھنىڭ زېمىنىدا قويۇۋېتىڭلار، ئىختىيارى ئوتلىسۇن، ئۇنىڭغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەڭلار، بولمىسا سىلەرنى پات ئارىدا كېلىدىغان ئازاب ھالاك قىلىدۇ﴾ دېدى.

بۇ ھەقتە ھەرخىل مۇلاھىزىلەر يۈرگۈزۈلگەن بولۇپ، بەزىلىرى: «تۆگە ئاللاھنىڭ مۆجىزىسى ئىدى. چۈنكى، بىر كۈنى تاغدىكى قۇرام تاشلاردىن بىرى يېرىلىپ، ئىچىدىن بىر تۆگە چىقتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىر بوتىلىقى چىقتى. تۆگە بوتىلىقىنى ئىنسانغا بىلىنمىگەن بىر ئۇسۇلدا تۇغقان» دېسە: بەزىلىرى: «ئۇ ئاللاھنىڭ مۆجىزىسى ئىدى. چۈنكى، ئۇ بىر كۈندە كۆل سۈيىنىڭ ھەممىسىنى ئىچىۋېتەتتى ۋە باشقا ھايۋانلارنى كۆل بويىغا يېقىنلاشتۇرمايتتى» دېدى. يەنە بەزىلىرى مۇنداق دېدى: «ئۇ بىر مۆجىزە ئىدى. چۈنكى، ئۇ كۆل سۈيىنى ئىچىپ، خەلق ئىچكۈدەك سۇ قالمىغان ۋاقىتتا، پۈتۈن خەلققە يەتكۈدەك سۈت بېرەتتى.»

ئۇلۇغ ئاللاھ ئۇ تۆگىنىڭ بىر مۆجىزە ئىكەنلىكىنى مۇنۇ سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىمەكتە:

﴿بۇ ئاللاھ ياراتقان چىشى تۆگە...﴾

ئۇ نورمال تۆگە بولمىغاچقا، ئاللاھ ئۇنى : «ئاللاھ ياراتقان تۆگە» دېگەنىدى. يەنى ئۇ ئاللاھنىڭ مۆجىزىسى ئىدى.

ئاللاھ سالىھقا قەۋمىنى تۆگىگە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەسلىك، چېقىلماسلىق ياكى ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويماسلىققا ۋە ئۇنى ئاللاھنىڭ زېمىنىدا ئىختىيارى ئوتلاشقا قويۇپ بېرىشكە بۇيرۇشقا ئەمر قىلدى. ئاندىن، ئەگەر ئۇلار تۆگىگە بىرەر زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ پات ئارىدا يېتىپ كېلىدىغان ئازابتىن ھالاك بولىدىغانلىقىنى ئاگاھلاندۇردى.

تۆگە تاغدىكى قۇرام تاشنىڭ ئىچىدىن چىققاندا، سەمۇد قەۋمى ھاڭ ـ تاڭ قالدى.

ئۇ بىر خاسىيەتلىك تۆگە بولۇپ، سۈتى مىڭلارچە ئەر ـ ئايال ۋە بالىلارغا يېتىپ ئاشاتتى. ئۇ بىر يەردە ياتسا، باشقا ھايۋانلار ئۇنىڭدىن نېرى قاچاتتى. ئۇنىڭ نورمال تۆگە ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ مۆجىزىسى ئىكەنلىكى مانا مەن دەپ بىلىنىپلا تۇراتتى. سالىھنىڭ قەۋمىنىڭ بەزىلىرى ئۇنىڭغا ئىشەندى، ئەمما كۆپىنچىسى جاھىللىق ۋە ئىنكار قىلىشتا چىڭ تۇردى. ئۇلار سالىھنى تاشلاپ، تۆگىگە كىرىشىپلا قالدى. ئۇنى يوقىتىشنىڭ پىلانلىرىنى سوقۇشقا باشلىدى.

سۈرە ھۇد 64 ـ ئايەت.
سۈرە ھۇد 64 ـ ئايەت.

سۈيىقەستىنىڭ ھەر زامان قەۋمىنىڭ كاتتىلىرى تەرىپىدىن پىلانلىنىشى ناھايىتى نورمال ئەھۋال ئىدى. بۇ قېتىممۇ، سەمۇد قەۋمىنىڭ تەكەببۇر كاتتىلىرى ئالدىمىزغا چىقماقتا.

ئۇلۇغ ئاللاھ ئەئراف سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿سەمۇدقا ئۇلارنىڭ قېرىندىشى سالىھنى (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق. سالىھ ئۇلارغا: «ياد ئېتىڭلاركى، ئۇز ۋاقتىدا ئاللاھ سىلەرنى ئاد قەۋمىدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئورۇنباسارلىرى قىلدى، سىلەرنى (ھىجر) زېمىنىغا ئورۇنلاشتۇردى، ئۇنىڭ تۈزلەڭلىكلىرىگە ئىمارەتلەر سالدىڭلار، تاغلارنى تېشىپ ئۆيلەر ياسىدىڭلار. ئاللاھنىڭ نېئمەتلىرىنى ياد ئېتىڭلار، زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلماڭلار!» دېدى. ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ تەكەببۇر چوڭلىرى بوزەك قىلىنغانلارغا يەنى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى مۆئمىنلەرگە: «سىلەر سالىھنى ئۇنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر دەپ بىلەمسىلەر؟» دېدى. ئۇلار: «بىز ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئەلۋەتتە ئىشىنىمىز» دېدى. ھېلىقى تەكەببۇرلار: «سىلەر ئىشەنگەنگە بىز ھەرگىز ئىشەنمەيمىز» دېدى﴾[8].

سالىھ مىللىتىگە بەكمۇ مۇلايىملىق بىلەن خىتاب قىلاتتى. ئۇلارنى يالغۇز ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا: ئاللاھنىڭ ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ۋە دەۋاسىنىڭ دەلىلى بولسۇن ئۈچۈن مۆجىزە، يەنى چىشى تۆگە يارىتىلىشىنى ئويلاپ كۆرۈشكە چاقىراتتى. ئۇلاردىن تۆگىنىڭ ئاللاھنىڭ زېمىنىدا ئىختىيارى ئوتلىشىغا قويۇۋېتىشىنى ئۆتۈندى. ئەسلىدە پۈتۈن دۇنيا ئاللاھنىڭ ئەمەسمۇ؟ ئۇلارنى ئۆزلىرىگە ئاللاھنىڭ ئازابى كەلمەسلىكى ئۈچۈن تۆگىگە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەسلىكىنى ئاگاھلاندۇردى. ئاندىن ئۇلارنىڭ دىققىتىنى ئاللاھنىڭ ئۇلارغا بەرگەن نېئمەتلىرى ئۈستىگە تارتىپ، ئاد قەۋمىدىن كېيىن ھىجر ۋادىسىغا ئۇلارنى ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى، تاغلارنى ئويۇپ ئۆي ياساش قۇدرىتىگە ئىگە قىلغانلىقىنى، نېئمەت، رىزىق ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاتا قىلغانلىقىنى چۈشەندۈردى.

سالىھ شۇنچە كۆپ چۈشەندۈرگەن بولسىمۇ، قەۋمى يەنىلا ئاجايىپ ـ غارايىپ جاۋابلارنى بەردى.

ئۇلار سالىھنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالماي، ئۇنى تەرك ئەتتى.

سالىھقا ئىشەنگەنلەرگە يۈزلىنىپ، ئۇلارنى مەسخىرە قىلغان ھالدا مۇنداق دەپ سورىدى: «سىلەر سالىھنى ئۇنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر دەپ بىلەمسىلەر؟»

---

[8] سۈرە ئەئراف 73 ـ 76 ـ ئايەتكىچە.

ئۇلار تۆگە مۆجىزىسىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، مەسخىرىلىك سۆزلىرى بىلەن شۇنداق تۈترۇقسىز سوئال سورىدى. سالىھقا ئىشەنگەن ئاجىز كىشىلەر: «بىز ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئەلۋەتتە ئىشىنىمىز» دەپ جاۋاب بەردى.

مۆئمىنلەر ئۇلارغا ئىككى بىسلىق جاۋاب بەردى.

مۆئمىنلەرنىڭ جاۋابى قەۋم چوڭلىرىنى تېخىمۇ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. كاتتىلار سالىھنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەنلىكىدىن شۈبھىلىنەتتى. ئەمما مۆئمىنلەر ئۆزلىرىنىڭ سالىھ ئېلىپ كەلگەن ‹ھەق دەۋاسى›غا ئىشىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

سالىھ ئېلىپ كەلگەن ‹ھەق دەۋا› بىلەن تۆگىنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق باغلىنىشلىق مۇناسىۋىتى يوق ئىدى. مۆجىزە پەقەت ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكى ۋە دەۋىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. مۆئمىنلەر: «بىز ئۇ ئېلىپ كەلگەن ‹ھەق دەۋا›غا ئىشىنىمىز» دېدى، ئەمما: «بىز ئۇنىڭ تۆگىسىگە ئىشىنىمىز» دېمىدى. ئۇلارغا تۆگىنىڭ ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ دەلىلى ئىكەنلىكىنى ئېيتمىدى. مۆئمىنلەر سالىھنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى بۇ مۆجىزىدىنمۇ ئەۋزەل كۆرگەنىدى.

دەل شۇ يەرگە كەلگەندە، قەۋم چوڭلىرى تەكەببۇرلۇق قىلدى ۋە ئۆزلىرىنىڭ گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىكى بىلەن ماختاندى. ئۆتكۈزگەن گۇناھى بىلەن ماختىنىش كاپىر ۋە تەكەببۇرلارغا خاستۇر.

﴿تەكەببۇرلار: «سىلەر ئىشەنگەنگە بىز ھەرگىز ئىشەنمەيمىز» دېدى﴾ .

تەكەببۇرلارنىڭ بۇنىڭغا ئوخشاش مەسخىرە، مەغرۇرلۇق ۋە غەزەپ ئارىلاشقان سۆزلىرىدىن ئوبيېكتىپ دەلىل ئىزدەش مۇمكىن ئەمەس. ئۇلار پەقەت ئىمان ئېيتىشنى رەت قىلماقتا، چۈنكى، بۇ ھەقتە ئۇلارغا تولۇق ھۆرلۈك بېرىلگەن.

...

سەمۇد شەھىرىنى قاراڭغۇلۇق باستى.

تاغلار ئىچىگە ئويۇلغان ئۆيلەرنى قۇچاقلىغان ھالدا قەد كۆتۈرۈپ تىك تۇراتتى. كۆرۈنۈشتە، ھېچكىم ئۇلارغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزەلمەيتتى. تاغ ئىچىگە ئويۇلغان ئەڭ چوڭ ئۆيلەردىن بىرىگە مەشئەللەر يېقىلدى. ھالقىسىمان بولۇپ ئولتۇرغانلارغا شاراب تارتىلدى.

بۇ مۇھىم يىغىلىشقا قەۋم كاتتىلىرىنىڭ ھەممىسى ئىشتىراك قىلغانىدى. يىغىلىش باشلاندى. ئىنكار قىلغۇچى كاتتىلاردىن بىرى سۆز باشلاپ مۇنداق دېدى:

﴿ئارىمىزدىكى (بىزگە ئوخشاش) بىر ئادەمگە ئەگىشەمدۇق؟ (ئۇنداق قىلساق) ئۇ چاغدا بىز ھەقىقەتەن گۇمراھلىققا ۋە ساراڭلىققا مۇپتىلا بولىمىز﴾ .

سۈرە ئەئراف 76 ـ ئايەت.

يەنە بىرى مۇنداق دېدى:

﴿ئارىمىزدىن ئۇنىڭغا ۋەھيى نازىل قىلىندىمۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئۇ يالغانچىدۇر، مۇتەكەببىردۇر﴾ .

شاراب قەدەھلىرى يەنە بىر قېتىم ئايلاندى. ئۇلارنىڭ سۆزلىرى سالىھتىن تۆگىگە يۆتكەلدى.

بىرى مۇنداق دېدى: «ياز كەلسە، ئۇ تۆگە ئەڭ سالقىن يەرنى تاللاپ ياتىدۇ. باشقا ھايۋانلار ئۇنىڭدىن قورقۇپ، ئىسسىق يەرلەرگە قاچىدۇ».

يەنە بىرى: «قىش بولسا، بۇ تۆگە ئەڭ ئىسسىق يەردە ياتىدۇ. بىزنىڭ ھايۋانلىرىمىز ئۇنىڭدىن قورقۇپ، سوغۇق يەرلەرگە قاچىدۇ ۋە كېسەل بولىدۇ» دېدى.

شاراب قەدەھلىرى ئايلىنىۋەردى. قەدەھلەر ئۇلارنىڭ قوللىرىدا پۇلاڭلاپ تۇراتتى. ئارىلىرىدىن ئەقلىگە پىكىر كەلگەن بىرى ناخشىچىنى توختاشقا بۇيرىدى. ئەتراپنى جىمجىتلىق باستى. ئۇ بېشىنى ئالدىغا ئېگىپ چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزگەن قىياپەتتە بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككى قەدەھ كۆتۈرۈۋەتتى ۋە مۇنداق دەپ كۇسۇلدىدى: «بۇنىڭ بىرلا چارىسى بار».

ئەتراپىدىكىلەر ئۇ چارىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سورىدى. ئۇ: «سالىھنى كۆزىمىزدىن يوق قىلىمىز. ئاۋۋال تۆگىسىنى، ئاندىن ئۇنى ئۆلتۈرىمىز» دېدى. بۇ، كاپىرلارنىڭ بۇرۇندىن تارتىپ قىلىپ كېلىۋاتقان ‹كلاسسىك قىلمىش›ى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىنسانلار يارىتىلغان دەسلەپكى مەزگىللەردىن بېرى قوللىنىپ كېلىۋاتقان قورالى ئىدى. ئەلمىساقتىن بېرى، ئۇلار ئەقىل، پىكىر، مۇنازىرە، دەلىللەرگە ئېھتىلماي، دەرھال قورالغا ئېسىلىپ، كۆزىگە سىغمىغاننى ئۆلتۈرۈپ كەلگەن.

بۇ، ئۇلارغا نىسبەتەن ئەڭ ئىشەنچلىك چارە بولۇپ، ئۆلتۈرۈش ـ مەسىلىنى تۈپ يىلتىزىدىن ھەل قىلىپ، ئۇنى تۈپراققا كۆمۈۋېتەتتى.

سالىھ ۋە ئۇنىڭ تۆگىسى ھەققىدىكى پاراڭ قىزىپ كەتتى. ئارىلىرىدىن مەست بولغۇدەك دەرىجىدە شاراب ئىچمىگەن بىرى: «سالىھ بىزنى: تۆگىگە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەڭلار. بولمىسا ئازابقا دۇچار بولىسىلەر! ـ دەپ ئاگاھلاندۇرغانىدى» دېدى.

ئەتراپىدىكىلەر ئۇنىڭغا يەنە ئىككى قەدەھ سۇنۇپ، ئىشىنى تۈگەتتى. سالىھ ھەققىدىكى پاراڭ تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى:

ـ سالىھنىڭ كاساپىتىدىن ھەممىمىز بالاغا قالدۇق.

ـ ئۇ ۋە ئۇنىڭ تۆگىسى...

---

[1] سۈرە قەمەر 24 ـ ئايەت.
[2] سۈرە قەمەر 25 ـ ئايەت.

ـ ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەر...

ـ ئەڭ ياخشى چارە ئۇنى ئۆلتۈرۈش.

ـ ئاۋۋال تۆگىنى، ئاندىن ئۇنى ئۆلتۈرىمىز.

ـ ئۇنى كىم ئۆلتۈرىدۇ؟

بۇ سوئال ئۇلارنىڭ ئارىلىرىدا باشسىز جەسەتتەك بولۇپ قالدى (يەنى جاۋابسىز قالدى). بىر پەس جىمجىتلىقتىن كېيىن ئارىدىن بىرى: «مەن ئۇنى ئۆلتۈرەلەيدىغان ئادەمنى بىلىمەن» دېدى.

سورۇن ئەھلى قاتتىق خۇشال بولۇشتى ۋە ئۇنىڭ ئىسمىنى قايتا ـ قايتا ئېغىزغا ئېلىشتى. ئۇ، شەھەرنىڭ ئەڭ مۇشتۇمزورى بولۇپ، هاراق ـ شارابسىز كۈنى ئۆتمەيدىغان بىرى ئىدى. ئۇ مەست بولۇپ قالغاندا، ئالدىغا ئۇچراپ قالغاننىڭ جېنىغا ئۇۋال! كاتتىلار ئۇنىڭ ياردەمچىلىرى (ئادەم ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن) بار ـ يوقلۇقىنى سۈرۈشتە قىلدى ۋە ئۇنىڭ شەھەردە بىر قانچە ھەقەمسايىسى بارلىقىنى ئۇقتى.

﴿شەھەردە (يەنى ھىجرىدە) يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، ئىسلاھ قىلمايدىغان توققۇز نەپەر كىشى بار ئىدى﴾ .

بۇلارنىڭ ھەممىسى قانخور لۈكچەكلەر بولۇپ، شەھەرنىڭ ئەڭ مەشھۇر جىنايەتچىلىرى ئىدى.

جىنايەتنىڭ ۋاقتى ۋە ئورنى بېكىتىلدى. كېچە قازاننى دۈم كۆمتۈرۈپ قويغاندەك قاراڭغۇ ئىدى.

تراگېدىيە كېچىسى يېتىپ كەلدى.

...

خاسىيەتلىك تۆگە بوتىلىقىنى باغرىغا باسقان ھالدا ياتاتتى. بوتىلاق تۇغۇپ كەتكەچكە، ئانىسىنىڭ تېنىغا يېپىشىپ ئىسسىنۋاتاتتى.

توققۇز نەپەر لۈكچەك قىلىچ ۋە ئوقلىرىنى تەييارلاپ، كېچە قاراڭغۇلۇقىدا يولغا چىقتى. باشلىقى شارابنى كۆپ ئىچىۋەتكەچكە، يېنىدىكىنى تونۇيالمىغۇدەك دەرىجىدە مەست ئىدى.

﴿ئۇلار بۇرادىرىنى (تۆگىنى ئۆلتۈرۈشكە) چاقىردى. ئۇ قىلىچىنى ئېلىپ تۆگىنى بوغۇزلىدى﴾ .

[1] سۈرە نەمل 48 ـ ئايەت.
[2] سۈرە قەمەر 29 ـ ئايەت.

توققۇز لوكچەك تۆگىگە ئېتىلدى. تۆگە ئورنىدىن تۇردى. بوتىلاقمۇ قورقۇپ كېتىپ ئورنىدىن تۇردى.

تۆگىنىڭ قانلىرى ئاقتى، بوتىلىقمۇ ئۆلتۈرۈلدى.

هەزرىتى سالىھ بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، دەرغەزەپ هالدا قەۋمىنىڭ يېنىغا باردى. ئۇلارغا: «مەن سىلەرنىڭ تۆگىگە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەسلىكىڭلارنى ئېيتمىغانمىدىم؟» دەپ سورىدى. ئۇلار: «بىز تۆگىنى ئۆلتۈردۇق. بىزگە كېلىدىغان ئازابنى دەرهال كەلتۈرگىن! بۇنىڭغا كۈچۈڭ يەتسە، ـ ئەلۋەتتە! سەن ئۆزەڭنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭنى ئېيتمىغانمىدىڭ؟» دېدى.

سالىھ قەۋمىگە:

﴿ئۆيۈڭلاردا (هاياتلىقتىن) ئۈچ كۈن بەهرىمەن بولۇۋېلىڭلار. بۇ ۋەدە يالغان ئەمەس﴾ دېدى.

سالىھ قەۋمىنىڭ يېنىدىن ئايرىلدى، ئىش تۈگىدى. ئاللاھ ئۇنىڭغا قەۋمىنىڭ ئۈچ كۈندىن كېيىن هالاك بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

تۆگە ئۆلتۈرۈلگەن ۋاقىتتا، ئۈچ قېتىم چوڭقۇر نەپەس ئالغانىدى.

سەمۇد قەۋمى سالىھنىڭ سۆزلىرىنى مەسخىرە قىلغان ۋە ئازابنى كۈتكەن هالدا ئۈچ كۈننى ئۆتكۈزدى. تۆتىنچى كۈنى سەھەردە، ئاسمان يېرىلىپ، تاغلارنىڭ ئۈستىگە قاتتىق چىرقىرىغان بىر ئاۋاز چۈشتى. ئۇ يەردىكى هەممە نەرسە هالاك بولدى. يەر قاتتىق تەۋرەپ، ئۈستىدىكى هەممە نەرسە قېتىپ قالدى.

بۇ بىر قاتتىق ئاۋاز ئىدى. ئاۋاز باشلىنىپ ئاخىرلاشقىچە، سەمۇد قەۋمى پۈتۈنلەي هالاك بولغانىدى.

ئۇلۇغ ئاللاھ قەمەر سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿بىز هەقىقەتەن سىناش ئۈچۈن ئۇلارغا چىشى تۆگىنى ئەۋەتىمىز، (ئى سالىھ!) ئۇلارنى (يەنى ئۇلارنىڭ نېمە قىلارىنى) كۈتكىن، (ئۇلارنىڭ ئەزىيەتلىرىگە) سەۋر قىلغىن! سۇنىڭ ئۇلار بىلەن تۆگىنىڭ ئارىسىدا بۆلۈنگەنلىكىنى، قايسىسىنىڭ نۆۋىتى كەلسە، شۇنىڭ هازىر بولىدىغانلىقىنى ئۇلارغا ئۇقتۇرۇپ قويغىن. ئۇلار بۇرادىرىنى (تۆگىنى ئۆلتۈرۈشكە) چاقىردى. ئۇ قىلىچىنى ئېلىپ تۆگىنى بوغۇزلىدى. مېنىڭ ئازابىم ۋە ئاگاهلاندۇرۇشلىرىم قانداق ئىكەن! شۈبهىسىزكى، بىز ئۇلارغا قاتتىق بىر ئاۋازنى ئەۋەتىپ (هالاك قىلىش بىلەن) ئۇلارنى قوتان ياسىغۇچىنىڭ تاشلاندۇق شاخ ـ شۇمبىلىرىدەك قىلىۋەتتۇق﴾ .

---

[a] سۈرە هۇد 65 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[b] سۈرە قەمەر 27 ـ 31 ـ ئايەتكىچە.

ئۇلار نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرالمايلا هالاك بولدى.

هەزرىتى سالىھقا ئىمان ئېيتقانلار بولسا، ئۇنىڭ بىلەن ئۇ يەردىن ئايرىلدى ۋە قۇتۇلۇپ قالدى.

* * * * *

# ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام

ھەزرىتى ئىبراھىم بارلىق مەۋجۇدىيەتكە كۆڭۈلمىدى ۋە ئاللاھقا يېقىن بولۇش مەرتىۋىسىگە ئېرىشتى. شۇڭا ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرى ئارىسىدا ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ ئالاھىدە ئورنى بار.

ئۇ، (يارىتىلىش كۇنىدە) ئاللاھنىڭ ئۆزلىرىدىن ئەھدە ئالغان ئىرادىلىك بەش چوڭ پەيغەمبەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇلار (پەيغەمبەرلىك نۆۋىتى بىلەن): نۇھ، ئىبراھىم، مۇسا، ئىسا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قاتارلىقلار.

ئاللاھ ئۇنى ئوچۇق - ئاشكارا ھالدا ئىنسان كۈچى يەتمەيدىغان ئىشلار بىلەن سىنىدى. ھەزرىتى ئىبراھىم ناھايىتى قىيىن سىناقلارغا دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىش بىلەن بىرگە ياخشىلىق قىلىشنى ھېچقاچان قولدىن بەرمىگەن بەندە ئىدى.

ئۇلۇغ ئاللاھ نەجم سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ئىبراھىم ۋاپادار كىشى ئىدى﴾

ئۇلۇغ ئاللاھ ھەزرىتى ئىبراھىمنى بەكمۇ قەدىرلىگەنىدى. ئۇنىڭ دىنىنى شۈبھىلەردىن يىراق، پاك تەۋھىد دىنى قىلغانىدى. ئۇنىڭ دىنىغا ئىمان ئېيتقانلارغا بەكمۇ كۆڭۈل بۆلەتتى. ئاللاھ بەقەرە سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ئۆزىنى ئەخمەق قىلغانلاردىن باشقا كىم ئىبراھىمنىڭ دىنىدىن يۈز ئۆرۈيدۇ؟ ھەقىقەتەن بىز ئۇنى بۇ دۇنيادا (پەيغەمبەرلىككە) تاللىدۇق. شەك - شۈبھىسىزكى، ئاخىرەتتە ئۇ ياخشىلار قاتارىدا بولىدۇ﴾ .

ئاللاھ ئۇنىڭغا ئىلتىپات قىلىپ، ئۇنى ئىنسانلارنىڭ رەھبىرى قىلىش بىلەن بىرگە، پەيغەمبەرلىكنى ۋە كىتابنى ئۇنىڭ نەسەبىگە چۈشۈرگەنىدى. ھەزرىتى ئىبراھىمدىن كېيىن كەلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ باللىرى ۋە نەۋرىلىرى ۋە ئۇنىڭ نەسلىدىن بولغانلار ئىدى. ئاللاھ ئۇنىڭغا بەرگەن ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغانىدى.

ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام - ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ ئۇممىلەر (ساۋاتسىزلار) ئارىسىدىن بىر پەيغەمبەر ئەۋەتىشى ئۈچۈن قىلغان دۇئاسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەنىدى.

ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ شان - شەرىپى ۋە ئاللاھنىڭ نەزىرىدىكى قەدىر - قىممىتىنى داۋاملىق تۈردە تەتقىق قىلىدىغان بولساق، ھاياجان ئىلكىدە ئۆزىمىزنى بېسىۋالالماي قېلىشىمىز مۇمكىن.

---

سۈرە نەجم 37 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

سۈرە بەقەرە 130 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بىز رەببىگە پاك قەلب بىلەن تەسلىم بولغان پەيغەمبەرنىڭ ئالدىدا تۇرماقتىمىز. ئاللاھ ئۇنىڭغا: «ئىتائەت قىل!» دېيىشىگىلا ئۇ: «مەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىتائەت قىلدىم» دېگەن ئىنساندۇر. بىزگە: ‹مۇسۇلمان› ئىسمىنى مۇيەسسەر قىلغان تۇنجى پەيغەمبەر: دۇئاسى قوبۇل بولۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋەتىلىشى بىلەن نەتىجىلەنگەن پەيغەمبەر...

ئۇزىدىن كېيىن كەلگەن بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاتىسى ۋە بوۋىسى...

مۇلايىم، دىلى يۇمشاق ۋە ھەممە ئىشتا ئاللاھقا مۇراجىئەت قىلىدىغان پەيغەمبەر...

ئۇلۇغ ئاللاھ ھۇد سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ئىبراھىم بولسا ھەقىقەتەن كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ، كۆپ ئاھ چەككۈچى (يەنى دىلى يۇمشاق)، (ھەممە ئىشتا) ئاللاھقا مۇراجىئەت قىلغۇچى زاتتۇر﴾[1].

ساففات سۈرىسىدە مۇنداق دېگەنىدى:

﴿ئىبراھىمغا سالام بولسۇن!﴾[2]

ھەممىنى ياراتقۇچى ئۇلۇغ ئاللاھ بەندىسى ئىبراھىم ھەققىدە شۇنداق دېگەنىدى.

ئۇندىن بۇرۇنقىلىرىنىڭ ھەممىسى تارازىنىڭ بىر تەرىپىدە...

ئاللاھنىڭ ئۇنىڭ ھەققىدە ئېيتقانلىرى تارازىنىڭ ئېغىر باسقان يەنە بىر تەرىپىدە...

ئاللاھنىڭ كىتابىدا، ئاللاھنىڭ ئىبراھىمدىن باشقا ھېچبىر پەيغەمبەرنى ئۆزىگە دوست تۇتىمىغانلىقى كۆرۈلمەكتە.

بۇ جەھەتتىن ئۇ بىردىنبىر پەيغەمبەردۇر. ئاللاھ نىسا سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ئاللاھ ئىبراھىمنى دوست تۇتتى﴾[3]

مەنتىق ئېزىقىپ، بۇ پەللىگە يامىشىشقا باشلايدۇ.

كۆزنى ئۇ يۇكسەك پەللىگىلا تىكىش باشنى قايدۇرىدۇ.

ئەنە شۇ يۇكسەك پەللىنىڭ تۆپىسىدە ھەزرىتى ئىبراھىم ئولتۇرماقتا.

نېمە؟

ئۇ بۇ ھەققە قانداق تېگىل بولدى؟

ئۇنىڭ قەلبى قانداق ئىدى؟

---

[1] سۈرە ھۇد 75 ـ ئايەت.
[2] سۈرە سافقات 109 ـ ئايەت.
[3] سۈرە نىسا 125 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇ قايسى مەرھەمەت بىلەن يارىتىلغانىدى؟ قايسى شەرەپكە نائىل بولدى؟ ئۇنىڭ دىلىدا قايسى سۆيگۈ بار ئىدى؟

ئىبادەت قىلغۇچىلارنىڭ ئۈمىدىنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى. مۇتەسەۋۋۇپلارنىڭ ئەڭ ئالىي نىشانى ـ ئاللاھنى سۆيۈشتۇر.

ئۇلاردىن بىرىنىڭ ئاللاھنىڭ ئۆزىنى قەدىرلىگەنلىكىنى، پەقەتلا ئۇنى قەدىرلىگەنلىكىنى ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ دوستى قىلغانلىقىنى (بۇ سۆيگۈنىڭ ئەڭ ئۈستۈنىدۇر) خىيال قىلىشى، تەسەۋۋۇر ئۇپۇقلىرىنىڭ نېرىسىدىكى بىر ئىشتۇر.

ئىبراھىم ئاللاھنىڭ دوستى بولۇشقا نائىل بولغان بەندە ئىدى.

بۇ، پەيغەمبەرلەرنىڭ دەرىجىلىرى ئارىسىدا بىز بىلەلمەيدىغان ئۈستۈن دەرىجە بولۇپ، ئۇنى قانداق تەرىپلەشنى بىلمەيمىز. ئۇ دەرىجە ھەققىدە ئېيتىلغان ھەرقانداق بىر ئىنساننىڭ سۆزىنى، ئۇنىڭغا قىلىنغان ھەقسىزلىق ۋە زىيانكەشلىك دەپ بىلىمىز. بىز، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ نۇرىدىن مەيدانغا كەلگەن ئىلاھىي ھۇزۇرغا دۇچ كەلمەكتىمىز.

بىز، سەدەپ قۇلۇلىسىنىڭ غەلىتە بىر جىسىم ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا تاجاۋۇز قىلغاندا مەرۋايىت ئىشلەپچىقىرىدىغانلىقىنى بىلىمىز. يەنى، دىل يارىسى ئۇنىڭ مەرۋايىت ئىشلەپچىقىرىشىغا تۈرتكە بولىدىغان ئامىلدۇر.

بىز يەنە شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمىزكى، ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ قەلبىمۇ ئەنە شۇ مەرۋايىت ئىشلەپچىقىرىدىغان قۇلۇلىلەرگە ئوخشايتتى. ئۇنىڭ قەلبى بۇ ئالەمگە تاشلانغان بىر قۇلۇلە بولۇپ، دىلى يارىلانغانسېرى، شۇنچە كۆپ مەرۋايىت ئىشلەپچىقىراتتى.

بۇ قەلبنىڭ كىچىكىدىن تارتىپ توغرا يولغا ئىنتىلگەنلىكى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

قۇرئاندا ئۇنىڭ تۇغۇلۇشى، بالىلىق دەۋرى ۋە قايسى دەۋردە ياشاپ ئۆتكەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەلۇمات يوق بولۇپ، پەقەت ئۇنىڭ دەۋرىدىكى ھاياتىي ئاتموسفېرانى تەسۋىرلەپ بەرگەن. ھايات ئۇنىڭ دەۋرىدە باشلايدۇ. بۇ دەۋردە ئىنسانلارنىڭ ئۈچ خىل گۇرۇپپىغا ئايرىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ياغاچ ۋە تاشتىن ياسالغان بۇتلارغا چوقۇنىدىغانلار.

قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلارغا چوقۇنىدىغانلار.

پادىشاھ ۋە ھۆكۈمدارلارغا چوقۇنىدىغانلار.

يەر يۈزىنىڭ ھەر تەرىپىدە ئەقىل نۇرلىرى ئۆچكەن، ھەممە يەرنى قاراڭغۇ زۇلمەت قاپلىغان، يەر يۈزى مەرھەمەتكە چاڭقىغان ئىدى.

ئىبراھىم ئەنە شۇنداق مۇھىتتا، بۇتقا چوقۇنىدىغان ئائىلىلەرنىڭ بىرىدە تۇغۇلدى. ئۇنىڭ ئائىلىسى ئۆز قولى بىلەن بۇت ياساپ، ئۇنىڭغا چوقۇنىدىغان كاپىرلاردىن ئىدى.

رىۋايەتلەردە مۇنداق دېيىلگەن: ئىبراھىمنىڭ ئاتىسى ئۇ (يەنى ئىبراھىم) تۇغۇلمىغان چاغدىلا ئۆلگەن بولۇپ، ئۇنى تاغىسى بېقىپ چوڭ قىلغان. تاغىسى ئۇنىڭ ئاتىسى ئورنىدىكى ئادەم ئىدى. ئىبراھىم ئۇنى: ''ئاتا'' دەپ چاقىراتتى. بەزى رىۋايەتلەردە ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ ئۆلمىگەنلىكى ۋە ''ئازەر''نىڭ ئۇنىڭ ئۆز ئاتىسى ئىكەنلىكى ئېيتىلغان.

يەنە بەزى رىۋايەتلەردە مۇنداق دېيىلگەن: ''ئازەر'' بىر بۇتنىڭ ئىسمى بولۇپ، ئىبراھىمنىڭ ئاتىسى ئۇنى ياساش ئارقىلىق نام چىقارغان.

مەيلى نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىبراھىم ئەنە شۇنداق ئائىلىدە تۇغۇلغانىدى.

ئائىلىنىڭ باشلىقى ئەڭ چوڭ بۇتنى ياسىغۇچى بولۇپ، ئۇ ئۆزىنى پۈتۈنلەي بۇت ياساشقا ئاتىۋەتكەن سەنئەتكار (ھەيكەلتاراش) ئىدى. ئاتىنىڭ كەسپى مىللىتى ئارىسىدا ئۆزىگە ئابروي، ئائىلىگە يۇقىرى ئىناۋەت ئېلىپ كەلگەنىدى.

شۇ دەۋرنىڭ تەبىرى بىلەن ئېيتقاندا، ئۇ ئائىلە ئەڭ كۆزگە كۆرۈنگەن سەنئەتكار ئائىلىلەردىن ئىدى.

بۇ يۇقىرى ئىناۋەتلىك ئائىلىدە ئۆز ئائىلىسىگە، جەمئىيەت نىزامىغا، قەۋمىنىڭ ئازغۇنلۇقىغا، كاھىنلارنىڭ سەپسەتىلىرىگە، مەۋجۇت ھۆكۈمرانلىققا، يۇلتۇزلارغا چوقۇنغۇچىلارغا، قىسقىسى، شېرىك ئەقىدىنىڭ ھەرقانداقىغا قارشى چىقىدىغان بىر بالا تۇغۇلدى.

ئۇنىڭ تىرىك پېتى ئوتقا تاشلىنىشى نورمال ئەھۋال ئىدى.

ئۇنىڭ ھاياتىنى باللىقىدىن تارتىپ باشلايلى!

ئۇنىڭ زېھنى كىچىكىدىنلا ئۆتكۈر ئىدى.

ئاللاھ ئۇنىڭ قەلبى ۋە ئەقلىنى ئويغاق قىلغانىدى. ئۇنىڭغا توغرىغا ئېرىشىش كۈچى ۋە ھېكمەت (ئىلىم، ئاڭ) ئاتا قىلغانىدى.

ئىبراھىم كىچىكىدە ئاتىسىنىڭ غەلىتە بۇتلارنى ياساۋاتقانلىقىنى كۆردى.

بىر كۈنى، ئۇ ئاتىسىنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى سورىدى. ئاتىسى ئۇلارنىڭ ئىلاھ ھەيكەللىرى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. كىچىك ئىبراھىمنىڭ ئەقلى بۇ سۆزلەرگە ھەيران بولدى ۋە قوبۇل قىلالمىدى. ئۇ ھەركۈنى ھەيكەللەرنى ئويناق ـ بۇيىقىدا چۆرۈپ ئويناپتتى، چوڭلار ئېشەك ـ قېچىر مىنگەندەك ئۇلارنىڭ ئۈستىگە مىنىۋالاتتى. بىر كۈنى، ئاتىسى ئۇنىڭ ‹مەردۇخ ھەيكىلى› نىڭ ئۈستىگە مىنىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ ئاچچىقلاندى ۋە بۇ ھەيكەلنى ئويناسلىق ھەققىدە تەنبىھلىدى.

ئىبراھىم سورىدى:

ـ ئاتا! بۇ قايسى ھەيكەل؟ ئۇنىڭ قۇلاقلىرى نېمە ئۈچۈن بىزنىڭكىدىن چوڭ؟

ئاتىسى ئېيتتى:

- ئوغلۇم! بۇ پەرۋەردىگارلارنىڭ پەرۋەردىگارى مەردۇختۇر. بۇ چوڭ قۇلاقلار ئۇنىڭ ھېكمەت ئىگىسى ئىكەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

ئىبراھىم ئۆز - ئۆزىگە كۈلۈپ قويدى. ئۇ تېخى يەتتە يېشىدا ئىدى.

بەرنابا ئىنجىلىدە ھەزرىتى ئىسانىڭ تىلى ئارقىلىق مۇنداق دېيىلگەن:

ئىبراھىم كىچىككىنە بالا تۇرۇپ، ئاتىسىنى قانداق زاڭلىق قىلالايدۇ؟ ئىبراھىم بىر كۈنى ئاتىسىدىن:

- ئاتا! ئىنسانىنى كىم ياراتقان؟ - دەپ سورىدى. ئاتىسى:

- ئىنسانىنى ئىنسان ياراتقان. مەسىلەن، سېنى مەن ياراتتىم، مېنى ئاتام ياراتتى، - دېدى. ئىبراھىم مۇنداق دېدى:

- ئۇنداق ئەمەس ئاتا. مەن بىر قېرى ئادەمنىڭ:

- تەڭرىم! ماڭا نېمە ئۈچۈن مۇنداق كۆپ بالا بەردىڭ؟ - دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. ئاتىسى مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:

- ئوغلۇم! ئەسلىدە ئاللاھ ئىنسانغا بالا تېپىشى ئۈچۈن ياردەم قىلىدۇ. ئەمما ئاللاھ ئۆزى ئۇ ئىشقا ئارىلاشمايدۇ. ئۇ پەقەت ئىنسانىنى ئىلاھلارغا يالۋۇرۇشقا، قوي ياكى قوزا قۇربانلىق قىلىشقا مەجبۇرلايدۇ. ئەگەر ئىنسان شۇنداق قىلسا، ئۇنىڭغا ياردەم قىلىدۇ.

ئىبراھىم سورىدى:

- ئاتا! نەچچە ئىلاھ بار؟

ئاتىسى ئېيتتى:

- ئۇلارنىڭ سانى ئېنىق ئەمەس، ئوغلۇم!

ئىبراھىم سورىدى:

- ئاتا! مەن بىر ئىلاھقا قۇربانلىق قىلسام، يەنە بىر ئىلاھ (مەن ئۇنىڭغا قۇربانلىق قىلمىغانلىقىم ئۈچۈن) ماڭا زىيانكەشلىك قىلسا، مەن قانداق قىلىمەن؟ ئىلاھلارنىڭ ئارىسىدا ئايرىمچىلىق ياكى دۈشمەنلىك بولۇپ قالسا، مەن قانداق قىلىمەن؟ مەن قۇربانلىقىمنى ئاتىغان ئىلاھ ماڭا زىيانكەشلىك قىلماقچى بولغان ئىلاھنى ئۆلتۈرۈۋەتسە، مەن قانداق قىلىمەن؟ مەن قانداق قىلىمەن؟ ئۇ مېنى چوقۇم ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ.

ئاتىسى كۈلۈمسىرىگەن ھالدا مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:

- ئوغلۇم! قورقمىغىن، چۈنكى بىر ئىلاھ يەنە بىر ئىلاھقا دۈشمەنلىك قىلمايدۇ. چوڭ ھەيكەلدە مىڭلارچە ئىلاھ بار. چوڭ ئىلاھنىڭ يېنىدا «بائال» بار. ھازىر ئۇلارنىڭ يېشى

يەتمىشكە بېرىپ قالدى. شۇ چاغقىچە، مەن ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە دۈشمەنلىك قىلغانلىقىنى كۆرۈپ باقمىدىم.

ئىبراھىم سورىدى:

ـ ئۇنداقتا، ئارىلىرىدا بىر خۇسۇمەت يوق ئىكەندە؟

ئاتىسى ئېيتتى:

ـ ھەئە، شۇنداق.

ئىبراھىم سورىدى:

ـ ئىلاھلار نېمىدىن ياسىلىدۇ؟

ئاتىسى ئېيتتى:

ـ بۇ، خورما دەرىخىدىن ياسالدى، ئۇ، زەيتۇن دەرىخىدىن، ئاۋۇ كىچىكى پىل چىشىدىن ياسالدى. قارا! نېمە دېگەن گۈزەل؟! پەقەت نەپەس ئالمايدۇ ـ شۇ.

ئىبراھىم سورىدى:

ـ ئىلاھلارنىڭ جېنى بولمىسا، باشقىلارغا قانداق جان بېرىدۇ؟ ئۆزىنىڭ جېنى بولماي تۇرۇپ، باشقىلارغا قانداق ھايات بېرەلەيدۇ؟ ئى ئاتا! بۇلار چوقۇم ئاللاھ ئەمەس.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان ئاتىسى ئۇنىڭغا قاتتىق كايىپ مۇنداق دېدى:

ـ سەن بۇ سۆزلەرنى چۈشەنگۈدەك ھالغا كەلگەندە، ئىلاھلار شۇ پالتا بىلەن بېشىڭنى يېرىۋېتىدۇ.

ئىبراھىم يەنە سوراشقا باشلىدى:

ـ ئاتا! ئىلاھلار ئىنسانلارنىڭ ئىنسان يارىتىشىغا ياردەم قىلىۋاتسا، ئىنسانلار قانداق قىلىپ ئىلاھلارنى ياسىيالايدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىلاھلار ياغاچتىن ياسىلىدىكەن، بۇ چوڭ گۇناھ ئەمەسمۇ؟ ئى ئاتا! شۇنى ئويلاپ باق! سەن ھازىرغىچە نۇرغۇنلىغان ئىلاھلارنى ياسىدىڭ. ئەمما ئۇلار نېمە ئۈچۈن سېنىڭ جىق بالا تېپىپ، دۇنيادا ئەڭ كۈچلۈك ئائىلىلەردىن بولۇشۇڭغا ياردەم قىلمايدۇ؟

ئۇنىڭغا گەپ تېپىپ بېرەلمىگەن ئاتا قولىنى بالىغا ئۇزاتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى سۆھبەت ئۈزۈلۈپ قالدى.

يىللار ئۆتتى. ئىبراھىم قۇرامىغا يېتىپ قالدى. ئاتىسىنىڭ ئەخمەقلىقلىرى ئۇنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر تەسىر قىلغانىدى. ھۇش ـ كاللىسى جايىدا بىر ئىنساننىڭ تاش ـ ياغاچتىن بۇت ياساپ، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشىغا ئەقلى يەتمەيۋاتاتتى. ئىبراھىم بۇ بۇتلارنىڭ يېمەيدىغان، ئىچمەيدىغانلىقىنى، سۆزلىيەلمەيدىغانلىقىنى ۋە بىرى ئۇلارنى يان

ياتقۇزۇپ قويسا، ئۇقۇشسالمايدىغانلىقىنى چۈشەنگەنىدى. بۇ بۇتلارنىڭ پايدا - زىيان يەتكۈزەلەيدىغانلىقى ئىنسانلارنىڭ ئەقلىگە قانداقمۇ سىغقاندۇ؟

بۇ خىيال ئىبراھىمنىڭ كاللىسىنى خېلى بىر ۋاقىتقىچە چۇلغىۋالدى.

يالغۇز ئۇ ئۆزىلا ھەق يولدا، قەۋمىنىڭ قالغان قىسمى پۈتۈنلەي خاتا يولدىمىدۇ؟

بۇ قانداق ئىش؟

...

ئىبراھىمنىڭ قەۋمىنىڭ بۇتلار بىلەن لىق تولدۇرۇلغان ناھايىتى چوڭ ئىبادەتخانىسى بار ئىدى. ئىبادەتخانىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا ئەڭ چوڭ بۇت ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، قالغانلىرى رەت - رەتى ۋە خىلى بىلەن ئۇنىڭ ئەتراپىغا تىزىلغانىدى. ئىبراھىم كىچىك ۋاقتىدا، ئاتىسى بىلەن بۇ ئىبادەتخانىغا پات - پات كېلەتتى. ئەمما ئۇ تاش ۋە ياغاچتىن ياسالغان بۇ نەرسىلەرنى پەقەتلا كۆزگە ئىلمايتتى. ئەمما ئەڭ قورقۇنچلۇق تەرىپى ئادەملەر، يەنى قەۋمى بولۇپ، ئۇلار ئىبادەتخانىغا كىرگەندە، بېشىنى ئالدىغا ساڭگىلىتىپ، بېلىنى دۈمچەيتىپ ماڭاتتى. يىغا - زارە قىلىشىپ، خۇددى بۇتلار ئۆزلىرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاۋاتقاندەك يالۋۇرۇپ كېتىشەتتى.

دەسلەپتە، بۇ مەنزىرە ئىبراھىمغا كۈلكىلىك تۇيۇلدى. ئەمما ئاستا - ئاستا غەزەبلىنىشكە باشلىدى. پۈتۈن قەۋمىنىڭ ئالدىنىپ يۈرىشى ئۇنىڭغا بەكمۇ غەلىتە تۇيۇلدى. ئىش تېخىمۇ چىڭىغا چىقتى. ئىبراھىمنىڭ ئاتىسى ئوغلى (يەنى ئىبراھىم) چوڭ بولغاندا، ئۇنىڭ كاھىن بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى. ئاتىسى ئوغلىنىڭ بۇ بۇتلارغا بىھۆرمەتلىك قىلماسلىقىنى تەلەپ قىلاتتى. ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ بۇتلارنى مەڭگۈستىمەيدىغانلىقىنى ۋە ئۇلاردىن نەپرەتلىنىدىغانلىقىنى ئوچۇق - ئاشكارا ئېلان قىلاتتى.

بىر كۈنى، ئىبراھىم ئاتىسى بىلەن بىللە ئىبادەتخانىغا باردى.

بۇتلارنى ھۆرمەتلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈۋاتاتتى. مۇراسىم ۋاقتىدا، كاھىنلارنىڭ ئەڭ چوڭى بۇتلارنىڭ ئەڭ چوڭىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ناھايىتى مۇڭلۇق بىر ئاۋاز بىلەن ئۇنىڭغا يالۋۇردى ۋە بۇتتىن قەۋمىگە رەھىم - شەپقەت قىلىشىنى، مول رىزىق بېرىشىنى تەلەپ قىلدى.

ھەممە تىمتاس ئىدى. ئىبراھىمنىڭ ئاۋازى بۇ تىمتاسلىقنى بۇزدى. ئۇ ئەڭ چوڭ كاھىنغا مۇنداق دېدى:

- ئەي كاھىن! ئۇ سېنىڭ ئاۋازىڭنى ئاڭلىيالمايدۇ. سەن بۇنى بىلمەمسەن؟

ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا قارىدى ۋە ئىبراھىم ئىكەنلىكىنى بىلدى. چوڭ كاھىن تېرىكىپ كەتتى. ئىبراھىمنىڭ ئاتىسى يالغاندىن ئوغلىنىڭ ئاغرىپ قالغاچقا،

ئۆزىنىڭ نېمە دېگەنلىكىنىمۇ بىلمەيدىغانلىقىنى باھانە كۆرسىتىپ، كۆپچىلىكتىن ئەپۇ سورىدى. ئاندىن ئوغلىنى ئېلىپ ئىبادەتخانىدىن چىقتى ۋە ئۇدۇل ئۆيگە ئەكىلىپ، ياتقۇزۇپ قويغاندىن كېيىن، چىقىپ كەتتى.

...

ئىبراھىم بىر پەس ياتقاندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقتى. ئۇ ئاغرىپ قالمىغانىدى. ئىبراھىم ئۆزىنىڭ ناھايىتى چوڭ بىر ئىشقا تۇتۇش قىلغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئاللاھ ـ قەۋمى ياسىۋالغان بۇ ياغاچ ۋە تاش ھەيكەللەر ئەمەس ئىدى.

ئىبراھىم ئۆيدىن چىقىپ، تاغ تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. تاغ ئۆڭكۈرلىرىدىن بىرىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، ئاسمانغا باقتى.

ئۇ بۇتپەرەسلىك ئەۋج ئالغان يەر يۈزىگە قاراشتىن بەكمۇ تويۇپ كەتكەنىدى. ئاسمانغا قارىشى بىلەنلا، يەردە ئىنسانلار چوقۇنۇۋاتقان يۇلتۇزلارغا قارىغانلىقىنى چۈشەندى. ئاي ۋە يۇلتۇزلارنىڭ نېرىسىغا قارىدى. ئىنسانلارنىڭ ياراتقۇچىسىنىڭ رۇخسىتى بىلەن پەيدا بولۇپ، يەنە ياراتقۇچىسىنىڭ رۇخسىتى بىلەن يوقىلىدىغان بۇ نەرسىلەرگە ئىبادەت قىلىشى ئۇنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇراتتى.

ئىبراھىم توختىماي ئۆز ـ ئۆزىگە بىر نەرسىلەرنى دەيتتى. كۆپ ئۆتمەي، ئۇنىڭ ئىچىدىكى سۆزلىرى يۇلتۇزلارغا چوقۇنىدىغان كىشىلەرگە قىلغان خىتابىغا ئايلاندى.

ئۇلۇغ ئاللاھ سۈرە ئەنئامدا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم ئۆز ئاتىسى ئازەرگە: «(سەن ئۆزەڭنى ياراتقان ئاللاھنى قويۇپ) بۇتلارنى مەبۇد قىلىۋالامسەن؟ مەن سېنى ۋە قەۋمىڭنى ئېنىق گۇمراھلىقتا كۆرىمەن» دېدى. ئىبراھىمنىڭ (تەۋھىد بارىسىدا) قەتئىي ئىشەنگۈچىلەردىن بولۇشى ئۈچۈن، (ئۇنىڭ ئاتىسى بىلەن قەۋمىنىڭ گۇمراھلىقتا ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكىنىمىزدەك) بىز ئىبراھىمغا ئاسمانلارنىڭ، زېمىنىنىڭ ئاجايىپلىرىنى كۆرسەتتۇق. ئىبراھىم كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى باسقاندا بىر يۇلتۇزنى كۆرۈپ (قەۋمىنىڭ سۆزلىرىنى دەلىل كەلتۈرۈپ، ئۇلارنى مات قىلىش ئۈچۈن): «بۇ مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر» دېدى﴾[1].

قۇرئاندا، ئىبراھىمنىڭ بۇ سۆزلەرنى قانداق ۋەزىيەتتە تۇرۇپ ئېيتقانلىقى ھەققىدە مەلۇمات بېرىلمىگەن. ئەمما بۇ سۆزلەرنىڭ ئورامىدىن، ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ ئېيتقانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، قەۋمى ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەندى. چۈنكى، ئۇلار: «ئىبراھىم بۇتلارغا چوقۇنۇشنى رەت قىلىپ، يۇلتۇزلارغا چوقۇنۇشنى قوبۇل قىلدى» دەپ ئويلاپ قالدى. خەلق ئۈچ چوقۇنۇش (يەنى بۇتلارغا، يۇلتۇزلارغا ياكى ھۆكۈمرانلارغا چوقۇنۇش)تىن بىرىنى تاللىۋالسا بولاتتى.

[1] سۈرە ئەنئام 74 ـ 76 ـ ئايەتكىچە.

ئەتىسى سەھەر، ئىبراھىم قەۋمىگە تېخىمۇ ھەيران قالارلىق سۆز قىلدى. تۈنۈگۈن چوقۇنغان يۇلتۇزلار سەھەردە يوقاپ كەتكەندى. ئىبراھىم يوقاپ كەتكەن نەرسىنى ياقتۇرمايتتى.

ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿يۇلتۇز پېتىپ كېتىۋىدى، «مەن پېتىپ كەتكۈچىلەرنى (يەنى يۇلتۇزلارغا ئىبادەت قىلىشنى) ياقتۇرمايمەن» دېدى. ئۇ ئاينىڭ تۇغقانلىقىنى كۆرۈپ (يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە): «بۇ مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر» دېدى﴾.

ئىككىنچى كۈنى كەچتە، ئىبراھىم ئاينى ئۆزىنىڭ پەرۋەردىگارى دەپ ئېلان قىلدى. قەۋمى ئۇنىڭ ئۆزلىرىنى مەسخىرە قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەنگۈدەك ئەقىلگە ساھىب ئەمەس ئىدى.

ئۇلار نېمە ئۈچۈن ئاۋۋال يوقىلىپ، كېيىن پەيدا بولىدىغان: باشتا پېتىپ، كېيىن چىقىدىغان بىر پەرۋەردىگارغا ئىبادەت قىلىدۇ؟

قەۋمى بۇ ئىشنىڭ سىرىغا يېتەلمىدى. ئىبراھىم ئايغا ئىبادەت قىلىشنىمۇ رەت قىلدى. چۈنكى، ئايمۇ باشقا يۇلتۇزلارغا ئوخشاش كېچىسى پەيدا بولۇپ، كۈندۈزى يوقاپ كېتەتتى.

ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ئاي پېتىپ كېتىۋىدى، «ئەگەر پەرۋەردىگارىم مېنى ھىدايەت قىلمىغان بولسا، مەن چوقۇم ئازغۇچى قەۋمنىڭ قاتارىدىن بولىدىكەنمەن» دېدى﴾.

بۇ يەردە، ئۇنىڭ قەۋمىگە ئاينىڭ ئىلاھ ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئۇ ناھايىتى مۇلايىم ۋە تەمكىنلىك بىلەن ئايغا چوقۇنۇشنى ئەمەلدىن قالدۇرماقچى بولدى. يوقاپ كېتىدىغان ۋە كۈندۈزى كۆرۈنمەيدىغان بىر نەرسىگە ئىنسانلار قانداق ئىبادەت قىلسۇن؟ ئۇلارغا پەرۋەردىگارنىڭ بۇ نەرسىلەر ئەمەسلىكىنى بىلدۈردى.

ئەمما قەۋمى ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئىبراھىم پىلانىنى داۋاملاشتۇردى.

ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ئۇ قۇياشنىڭ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ (يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە): «بۇ مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر. بۇ ھەممىدىن (يەنى يۇلتۇز بىلەن ئايدىن) چوڭدۇر» دېدى. قۇياش پېتىپ كېتىۋىدى، ئۇ ئېيتتىكى: «ئى قەۋمىم! مەن ھەقىقەتەن سىلەر شېرىك كەلتۈرگەن

---

سۈرە ئەنئام 76 ـ 77 ـ ئايەتلەر.
سۈرە ئەنئام 77 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

مەبۇدلاردىن ئادا ــ جۇدامەن. مەن ھەقىقەتەن، باتىل دىنلاردىن ھەق دىنغا بۇرۇلۇپ، ئاسمانلارنى، زېمىننى ياراتقان زاتقا يۈزلەندىم. مەن مۇشرىكلاردىن ئەمەسمەن»﴾ ▯.

قۇياش توغرىسىدىكى سۆزلىرى، ئۇنىڭ يۇلتۇزلارغا چوقۇنغۇچىلارغا قارشى تۈزگەن ئەڭ ئاخىرقى پىلانى ئىدى. قۇياش ئەڭ چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئۆزىنىڭ پەرۋەردىگارى دەپ ئېلان قىلغانىدى.

قۇياشقا چوقۇنغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ بىر مەخلۇققا ئىبادەت قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەنمىدى. ئۇنىڭ چوڭلۇقى ھېچنېمىگە ئەرزىمەيتتى. چۈنكى، ئاللاھ ئەڭ بۈيۈكتۇر.

ئىبراھىم قۇياشنى ئۆزىنىڭ پەرۋەردىگارى دەپ ئېلان قىلغاندىن كېيىن، قۇياش پاتقىچە كۈتۈپ تۇردى. قۇياش پاتتى، ئۇمۇ باشقا مەخلۇقلارغا ئوخشاش كۆزدىن غايىب بولدى.

شۇنىڭ بىلەن، ئىبراھىم ئۆزىنىڭ يۇلتۇزلارغا چوقۇنۇشتىن يىراق ئىكەنلىكىنى ۋە ئاسمان ــ زېمىننى يوقتىن بار قىلغان بىر ئاللاھقا يۈزلەنگەنلىكىنى ئېلان قىلدى. ئۇ باشقىلارغا ئوخشاش مۇشرىك ئەمەس ئىدى.

ئىبراھىمنىڭ دەلىلى ھەقنى ئوتتۇرىغا چىقىرالىشى مۇمكىن ئىدى. قەۋمى ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلىشىشكە باشلىدى. يۇلتۇزلارغا چوقۇنغۇچىلار ئۇنىڭ پېيىگە چۈشتى. ئۇلارنىڭ ‹ھەققانىي كۈرىشى› قورقۇتۇش ۋە تەھدىت سېلىش بىلەن باشلاندى.

ئىبراھىم ئۇلارغا مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:

﴿«مېنى ئاللاھ ھىدايەت قىلغان تۇرسا، مەن بىلەن ئاللاھنىڭ (مەۋجۇتلۇقى ۋە بىرلىكى) توغرۇلۇق مۇنازىرىلىشەمسىلەر؟ مەن سىلەرنىڭ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن بۇتلىرىڭلاردىن قورقمايمەن، پەقەت پەرۋەردىگارىمنىڭلا خالىغان نەرسىسى بولىدۇ، پەرۋەردىگارىمنىڭ بىلىمى ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، (مەبۇدلىرىڭلارنىڭ ماڭا ھېچبىر زىيان يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىنى) ئويلىمامسىلەر؟! ئاللاھنىڭ شېرىكى بولۇش ھەققىدە ئاللاھنىڭ سىلەرگە ھېچقانداق دەلىل چۈشۈرمىگەن بۇتلارنى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشتىن قورقمايۋاتساڭلار، سىلەرنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن بۇتلىرىڭلاردىن مەن قانداقمۇ قورقاتتىم! ئەگەر سىلەر بىلسەڭلار (ئېيتىڭلارچۇ)، بىز بۇ ئىككى گۇرۇھ ئادەمدىن زادى قايسىمىز ئەڭ قورقماسلىققا تېگىشلىك؟»﴾ ▯

ئۇنىڭغا سېلىنغان تەھدىت، قورقۇتۇش ۋە قىلىنغان ھۇجۇملارنىڭ دەرىجىسى، شەكلى، مېتودىنى بىلمەيمىز.

قۇرئاندا بۇلار بايان قىلىنمىغان ۋە ئۇدۇللا ئىبراھىمنىڭ ئۇلارغا بەرگەن جاۋابىغا ئۆتۈپ كەتكەن. چۈنكى، ئۇلارنىڭ تەھدىت، قورقۇتۇشلىرى ئەھمىيەتسىز ئىدى. شۇڭا ئۇلار

---

▯ سۈرە ئەنئام 78 ــ 79 ـ ئايەتلەر.

▯ سۈرە ئەنئام 80 ــ 81 ـ ئايەتلەر.

قۇرئاندا تەسۋىرلەنمەي، ئىبراھىمنىڭ ئەقلىي ۋە مەنتىقىلىق جاۋابى زىكىر قىلىنغان. ئۇلار ئىبراھىمنى قورقۇتقان بىلەن ئۇزلىرى ھېچنېمىدىن قورقمىغانىدى. ھالبۇكى، ئۇلار تېخىمۇ قورقۇشى كېرەك ئىدى.

﴿ئازابتىن ئەمىن بولۇش ئىمان ئېيتقان، ئىمانىغان مۇشرىكلىكنى ئارىلاشتۇرمىغان ئادەملەرگە مەنسۇپتۇر. ئۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر﴾

ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ يۇلتۇزلارغا چوقۇنغۇچىلارغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرىشى شۇنىڭ بىلەن ئاياغلىشىپ، بۇتلارغا چوقۇنغۇچىلارغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرىشى باشلاندى. ئاللاھ (ھەر قېتىمقىدەك) ئۇنىڭغا يەنە ئۇزىنىڭ دەلىلىنى بىلدۈرگەنىدى:

﴿ئۇز قەۋمىگە رەددىيە بېرىش ئۇچۇن ئىبراھىمغا بەرگەن دەلىلىمىز ئەنە شۇدۇر. خالىغان كىشىمىزنى بىر قانچە دەرىجە كۆتۈرىمىز، پەرۋەردىگارىڭ ھەققەتەن ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر﴾

ئاللاھ ھەزرىتى ئىبراھىمنى قوللاپ، ئۇنىڭغا ئاسمان ـ زېمىننىڭ ھۆكۈمدارلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەنىدى. بۇتپەرەسلەرگە قارشى ئېلىپ بارغان كۈرىشىنىڭ دەسلىپىدە، ئۇلارغا تەسلىم بولۇشتىن باشقا چارىسى يوق ئىدى. بۇ قېتىم، ئۇ سەل ئېغىرراق قارشىلىق بىلدۈردى. بۇ كۈرەشنىڭ ئىچىدە ئاتىسىمۇ بار ئىدى. بۇ ئاتىسىنىڭ كەسپى بولۇپ، ئۇنىڭ ماكان ۋە مەرتىۋىسىنىڭ ھېكمىتى قەۋمىنىڭ ئېتىقاد سەۋەبى ئىدى. شۇنداقلا بۇ، كۆپچىلىككە ئەگىشىپ ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىبادەت ئىدى.

ئىبراھىم قەۋمىنىڭ قارشىسىغا دەۋەت بىلەن چىقتى. ‹ئىلاھ مەسىلىسى› ھەققىدە قاتتىق غەزەپلەنگەن ئىبراھىم:

﴿«سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇ بۇتلار نېمە؟ (يەنى نېمە ئۇچۇن بۇ بۇتلارغا چوقۇنىسىلەر)» دېدى. ئۇلار: «ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ ئۇلارغا ئىبادەت قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىمىز (يەنى ئۇلارغا ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزغا تەقلىت قىلىپ چوقۇنىمىز)» دېدى. ئىبراھىم: «سىلەرمۇ، ئاتا ـ بوۋاڭلارمۇ (پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان، ئاڭلىمايدىغان جانسىز بۇتلارغا چوقۇنغانلىقىڭلار ئۇچۇن) ھەققەتەن روشەن گۇمراھلىقتا سىلەر» دېدى. ئۇلار: «سەن راست دەۋاتامسەن ياكى چاقچاق قىلىۋاتامسەن؟» دېدى. ئىبراھىم ئېيتتى: «ئۇنداق ئەمەس، سىلەرنىڭ (ئىبادەت قىلىشىڭلارغا لايىق) پەرۋەردىگارىڭلار ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پەرۋەردىگارىدۇر، ئۇلارنى ئۇ ياراتقان، مەنمۇ ئۇنىڭغا (قەتئىي دەلىللەر بىلەن) گۇۋاھلىق قىلغۇچىلاردىنمەن»﴾ [3]

---

[1] سۈرە ئەنئام 82 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئەنئام 83 ـ ئايەت.
[3] سۈرە ئەنبىيا 52 ـ 56 ـ ئايەتلەر.

سۆز توگىدى. ئىبراھىم بىلەن قەۋمى ئارىسىدىكى كۈرەش باشلاندى. ئۇنىڭغا ئەڭ ئەشەددىي قارشىلىق كۆرسەتكىنى ئاتىسى ياكى ئاتىسى ئورنىدىكى تاغىسى ئىدى.

ئاتا بىلەن ئوغۇل جېدەل قىلىشقا باشلىدى. پرىنسىپ ۋە ئاساسلار ئۇلارنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىدى. ئوغۇل ئاللاھنىڭ يېنىدا، ئاتا بولسا باتىللىقنىڭ يېنىدا يەر ئالدى.

ئاتا ئوغۇلغا مۇنداق دېدى: «ئىبراھىم! سېنىڭ كاساپىتىڭدىن بېشىمغا بالا ـ قازا يېغىشقا باشلىدى. مېنى خەلقى ـ ئالەم ئالدىدا رەسۋا قىلدىڭ. سەن ماڭا ئەسكىلىك قىلدىڭ.»

ئىبراھىم ئاتىسىغا مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:

﴿ئى ئاتا! نېمىشقا ئاڭلىمايدىغان، كۆرمەيدىغان ۋە ساڭا ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنىسەن؟ ئى ئاتا! ماڭا سەن بىلمەيدىغان ئىلىملەر نازىل بولدى، ماڭا ئەگەشكىن، سېنى توغرا يولغا باشلايمەن. ئى ئاتا! شەيتانغا چوقۇنمىغىن، شەيتان مەرھەمەتلىك ئاللاھقا ھەقىقەتەن ئاسىيلىق قىلدى. ئى ئاتا! سېنىڭ مەرھەمەتلىك ئاللاھنىڭ ئازابىغا قېلىشىڭدىن، شەيتاننىڭ ھەمراھىغا ئايلىنىپ قېلىشىڭدىن قورقىمەن﴾

ئاتا غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولدى ۋە ئۇنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ كېلىپ مۇنداق دېدى:

﴿ئى ئىبراھىم! سەن مېنىڭ ئىلاھلىرىمدىن يۈز ئۆرۈمەكچىمۇسەن؟ ئەگەر سەن (مۇنداق قىلىشتىن) يانمىساڭ، چوقۇم سېنى تاش ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرىمەن، ئۇزاق زامان مەندىن يىراق تۇرغىن!﴾

ئەگەر بۇ دەۋادىن ۋاز كەچمىسەڭ، سېنى چالما ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرىمەن. بۇتلارغا قارشى چىقاننىڭ بەدىلى شۇ ئىدى. ئۆيۈمدىن چىق! سېنى كۆرۈشنى خالىمايمەن، چىق!..

...

سۆز توگىدى. ئىبراھىم چالما ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈلۈش تەھدىتى ئالغاندىن سىرت، ئۆيدىن قوغلاندى. شۇنداق بولسىمۇ، ئىبراھىم ئاتىسىغا ئىتائەتكار ئوغۇل ۋە بۈيۈك پەيغەمبەرلىك پوزىتسىيىسى بىلەن مۇئامىلە قىلدى. ئۇ ئاتىسىغا پەيغەمبەرلىك ئەخلاقى بىلەن خىتاب قىلدى. ئۆزىگە قىلىنغان ھاقارەتلەر، تەنقىد، تەھدىتلەر ۋە ئۆيدىن قوغلانغانلىقىغا قارىماي، ئاتىسىغا مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:

﴿ساڭا ئامانلىق بولسۇن، پەرۋەردىگارىمدىن ساڭا مەغپىرەت تىلەيمەن، ئاللاھ ماڭا ھەقىقەتەن مېھرىباندۇر. سىلەردىن ۋە سىلەر ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلەردىن

---

سۈرە مەريەم 42 ـ 45 ـ ئايەتكىچە.

سۈرە مەريەم 46 ـ ئايەت.

يىراق بولىمەن، پەرۋەردىگارىمغا ئىبادەت قىلىمەن، پەرۋەردىگارىمنىڭ ئىبادىتىدىن مەھرۇم بولۇپ قالماسلىقنى ئۈمىد قىلىمەن》 . (سۈرە مەريەم 47 ـ ۋە 48 ـ ئايەتلەر)

ئىبراھىم ئاتىسىنىڭ ئۆيىدىن چىقتى. قەۋمىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىلاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىنى تەرك ئەتتى. بىردىنلا، كاللىسىغا بىر خىيال كەلدى. ئۇ، دەريانىڭ قارشى ياقىسىدا بايرام مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقىنى ۋە ھەممە ئادەمنىڭ ئۇ تەرەپكە كېتىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ بىر مەزگىل كۈتتى. ئاخىرى مۇراسىم كۈنى يېتىپ كېلىپ، خەلق ياشاۋاتقان شەھەر بوش قالدى.

...

ئىبراھىم ئىبادەتخانىغا قاراپ، ئاستا ـ ئاستا يۈرۈپ كەتتى.

ئىبادەتخانىغا بارىدىغان يوللاردا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. ئىبادەتخانىدىمۇ ھېچكىم قالمىغانىدى. كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دەريانىڭ قارشى قىرغىقىدىكى بايرام مۇراسىمىغا كەتكەنىدى. ئىبراھىم ئىبادەتخانىغا كىردى، يېنىدا ناھايىتى ئۆتكۈر بىر پالتا بار ئىدى.

ئۇ تاش ۋە ياغاچلاردىن ئويۇپ ياسالغان ھەيكەللەرگە ۋە خەلقنىڭ ئۇلارنىڭ ئالدىغا (نەزىر قىلىپ) تىزىپ قويغان يېمەك ـ ئىچمەكلەرگە قارىدى.

ئىبراھىم ھەيكەللەردىن بىرىگە يېقىنلىشىپ:

ـ ئالدىڭدىكى تاماق سوۋۇپ كېتىپتۇ. نېمە ئۈچۈن يېمىدىڭ؟ ـ دەپ سورىدى.

ھەيكەلدىن ئۈن ـ تىن چىقمىدى، قىمىر قىلماي تۇراتتى.

ئىبراھىم ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى باشقا بۇتلاردىن سورىدى:

《بۇ تاماقتىن يېمەمسىلەر؟》

ئۇ بۇتلارنىڭ تاماق يېيەلمەيدىغانلىقىنى بىلىسىمۇ، ئۇلارنى مەسخىرە قىلىش ئۈچۈن شۇنداق سوراۋاتاتتى. بۇتلاردىن يەنە سوراشقا باشلىدى:

《نېمىشقا گەپ قىلمايسىلەر؟》

ئىبراھىم قولىدىكى پالتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، بۇتلارنىڭ ھەممىسىنى پاچاقلاپ تاشلىۋەتتى. ئەڭ ئاخىرىدا بىر بۇتنىڭ بوينىغا پالتىنى ئېسىپ قويدى. ئۆز قەسىمنى ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقىغا چىنپۈتۈپ، تاغقا قايتتى. ئۇ مۇشۇنداق ئەمىلي يوللار ئارقىلىق قەۋمىگە ئاللاھتىن باشقىسىغا چوقۇنۇشنىڭ ئەخمەقلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويماقچى بولغانىدى. دەريا بويىدىكى بايرام مۇراسىمى ئاياغلاشتى، خەلق شەھەرگە قايتتى. ئىبادەتخانىغا كىرگەن تۇنجى كىشى چىقىراپ تاشلىدى. ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغانلار

---

سۈرە مەريەم 47 ـ 48 ـ ئايەتلەر.

سۈرە ساففات 91 ـ ئايەت.

سۈرە ساففات 92 ـ ئايەت.

ئىبادەتخانىغا يىغىلدى. بىر بۇتتىن باشقا ھەممىسى چېقىپ تاشلانغانىدى. بۇنى كىمنىڭ قىلغانلىقىنى ئويلاشقا باشلىدى.

ئۇلارنىڭ ئەقلىگە ئىبراھىم كەلدى، چۈنكى ئۇ ئۆزلىرىگە بۇ ئىشنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلىۋاتاتتى.

﴿ئۇلارنىڭ بەزىسى: «ئىبراھىم ئاتلىق بىر يىگىتنىڭ ئۇلارنى ئەيىبلىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدۇق (يەنى شۇ قىلغان بولۇشى مۇمكىن)» دېدى﴾ [1]

باش كاھىن:

- ئىبراھىمنى نەدىن بولمىسۇن تېپىپ كېلىپ، سوراق قىلىڭلار! - دېدى.

ئىبراھىم كەلتۈرۈلۈپ سوراق قىلىنىشقا باشلىدى:

﴿ئى ئىبراھىم! بۇتلىرىمىزنى مۇشۇنداق قىلغان سەنمۇ؟﴾

ئىبراھىم كۈلۈمسىرىدى ۋە بويىنىغا پالتا ئېسىغلىق چوڭ بۇتنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

﴿(ياق) بەلكى ئۇلارنىڭ مۇشۇ چوڭى شۇنداق قىلدى، ئەگەر ئۇلار سۆزلىيەلىسە، (كىمنىڭ چاققانلىقىنى) ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدىن سوراپ بېقىڭلار!﴾ [2] دېدى. باش كاھىن:

- كىمدىن سورايمىز؟ - دېدى. ئىبراھىم:

- ئىلاھلىرىڭلاردىن سوراڭلار. سوراقتا تارتقۇچى:

- سەن بىزنىڭ ئىلاھلىرىمىزنىڭ سۆزلىيەلمەيدىغانلىقىنى بىلىسەن، - دېدى. ئىبراھىم:

- سۆزلىيەلمەيدىغان، پايدا - زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىگە قانداق ئىبادەت قىلىۋاتىسىلەر؟ ئويلاپ باقتىڭلارمۇ؟ ئەقلىڭلار نەگە كەتتى؟ ئىلاھلىرىڭلارنىڭ ئەڭ چوڭىنى قارىتىپ قويۇپ، قالغانلىرىنى پاقاچلاپ تاشلىدىم. بۇ ئىلاھلار ئۆزلىرىنى زىيان - زەخمەتتىن ساقلاپ قالالمىدى. سىلەرگە قانداق ياخشىلىق قىلالىسۇن؟ ئويلاپ باقتىڭلارمۇ؟ پالتىنى ئەڭ چوڭ بۇتنىڭ بويىنىغا ئېسىپ قويدۇم. بۇت: نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلىسەن؟ - دېيەلمىدى.

ئۇ سۆزلىيەلمەيدۇ، ئاڭلىيالمايدۇ، ھەرىكەتلىنەلمەيدۇ، پايدا - زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ.

ئۇ، ئىلاھ ئەمەستۇر، پەقەتلا تاشتۇر،

كۆزى كور، تىلى يوق، قۇلىقى گاستۇر.

ئۇنىڭغا چوقۇنغان ئەقىلسىزلەرنىڭ،

---

[1] سۈرە ئەنبىيا 60 - ئايەت.
[2] سۈرە ئەنبىيا 62 - ئايەت.
[3] سۈرە ئەنبىيا 63 - ئايەت.

بېشىغا نېمە كۈن كەلسىمۇ ئازدۇر.

...

ئۇلۇغ ئاللاھ سۈرە ئەنبىيادا مۇنداق دەيدۇ:

﴿(مۇسا، ھارۇنلاردىن بۇرۇن) بىز ئىبراھىمغا ھەقىقەتەن (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياخشىلىق يوللىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان) ھىدايەت ئاتا قىلغان ئىدۇق. بىز ئۇنىڭ (پەيغەمبەرلىكنىڭ ئەھلى) ئىكەنلىكىنى بىلەتتۇق. ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم (كۇففارلار چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارنى مەنسىتمەي) ئاتىسىغا ۋە قەۋمىگە: «سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇ بۇتلار نېمە؟ (يەنى سىلەر نېمە ئۈچۈن بۇ بۇتلارغا چوقۇنىسىلەر؟)» دېدى. ئۇلار: «ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ئۇلارغا ئىبادەت قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىمىز (يەنى ئۇلارغا ئاتا - بوۋىلىرىمىزغا تەقلىت قىلىپ چوقۇنىمىز)» دېدى. ئىبراھىم: «سىلەرمۇ، ئاتا - بوۋاڭلارمۇ (پايدا - زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان، ئاڭلىمايدىغان جانسىز بۇتلارغا چوقۇنغانلىقىڭلار ئۈچۈن) ھەقىقەتەن روشەن گۇمراھلىقتا سىلەر» دېدى. ئۇلار: «سەن راست دەۋاتامسەن ياكى چاقچاق قىلىۋاتامسەن؟» دېدى. ئىبراھىم ئېيتتى: «ئۇنداق ئەمەس، سىلەرنىڭ (ئىبادەت قىلىشىڭلارغا لايىق) پەرۋەردىگارىڭلار ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پەرۋەردىگارىدۇر، ئۇلارنى ئۇ ياراتقان، مەنمۇ ئۇنىڭغا (قەتئىي دەلىللەر بىلەن) گۇۋاھلىق قىلغۇچىلاردىنمەن. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىلەر قايتىپ كەتكەندىن كېيىن چوقۇم بۇتلىرىڭلارنى (چېقىۋېتىشنىڭ) ئامالىنى قىلىمەن.» ئىبراھىم بۇتلارنى چېقىپ پارچە - پارچە قىلىۋەتتى، ئۇلارنىڭ قايتىپ كېلىپ (بۇتلارنى كىمنىڭ چاققانلىقىنى سورىشى ئۈچۈن) پەقەت چوڭ بۇتنى (چاقماي) قالدۇردى. (ئۇلار بايرامدىن قايتىپ كېلىپ بۇتلىرىنىڭ چېقىۋېتىلگەنلىكىنى كۆرۈپ): «بۇتلىرىمىزنى مۇنداق قىلغان كىم؟ ئۇ ھەقىقەتەن زالىم ئىكەن» دېدى. (ئۇلارنىڭ بەزىسى): «ئىبراھىم ئاتلىق بىر يىگىتنىڭ ئۇلارنى ئەيىبلىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدۇق (يەنى شۇ قىلغان بولۇشى مۇمكىن)» دېدى. ئۇلار (نەمرۇد بىلەن ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ چوڭلىرى): «ئىبراھىمنى كىشىلەرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىڭلار، (ئىبراھىمنىڭ بۇتلارنى ئەيىبلىگەنلىكىگە) ئۇلار گۇۋاھلىق بەرسۇن» دېدى. ئۇلار: «ئى ئىبراھىم! بۇتلىرىمىزنى مۇشۇنداق قىلغان سەنمۇ؟» دېدى. ئىبراھىم: «(ياق) بەلكى ئۇلارنىڭ مۇنۇ چوڭى شۇنداق قىلدى، ئەگەر ئۇلار سۆزلىيەلىسە، (كىمنىڭ چاققانلىقىنى) ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدىن سوراپ بېقىڭلار!» دېدى. ئۇلار بىر - بىرىنى ئەيىبلەپ: «(سىلەر بۇتلارغا چوقۇنۇشتا) ھەقىقەتەن زالىمسىلەر» دېدى. ئاندىن ئۇلار (خىجالەتچىلىكتىن) باشلىرىنى تۆۋەن سېلىپ: «بۇلارنىڭ گەپ قىلالمايدىغانلىقىنى سەن ئوبدان بىلىسەنغۇ؟» دېدى. ئىبراھىم ئېيتتى: «سىلەر ئاللاھنى قويۇپ سىلەرگە ھېچ پايدا يەتكۈزەلمەيدىغان ۋە زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان بۇتلارغا چوقۇنامسىلەر؟ سىلەرگە ۋە ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارغا تۇفى! سىلەر چۈشەنمەمسىلەر؟» ئۇلار ئېيتتى:

« ئىبراھىمنى كۆيدۈرۈڭلار، ئىلاھلىرىڭلارغا ياردەم بېرىڭلار، ئەگەر ئۇلارغا ھەقىقىي ياردەم بەرمەكچى بولساڭلار »[□]

ئىبراھىم مەنتىقلىق پىكىرلەر ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلىدى. ئۇلار بولسا، ئۇنى ئوتقا تاشلاپ، كۆزدىن يوقاتماقچى بولدى.

سوراقچىلار ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن دەرغەزەب بولدى. سوراقتىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۈستىدىن (ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىشى كېرەك بولغان) بىرمۇنچە تۆھمەت توقۇپ چىقىلدى.

ئۇلار پىكىر، پرىنسىپ ۋە دەلىل ـ ئىسپات كۈرىشىدە ئىبراھىمغا يېڭىلىپ قالدى.

ئىبراھىم ئۇلارنى (مەسخىرە قىلغان ھالدا) چوڭ بۇتنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى ۋە باشقا بۇتلارنى چېقىۋېتىش قىلمىشىنى ئۇنىڭ بوينىغا ئارتىپ قويدى. ئاندىن ئۇلارغا ئىلاھلاردىن ئۇلارنى كىمنىڭ پارچىلىۋەتكەنلىكىنى سورىشىنى ئېيتتى. ئەمما ئۇ ‹ئىلاھ›لار سۆزلىيەلمەيتتى. ئىنسانلار سۆزلىيەلمەيدىغان، ئاڭلىيالمايدىغان نەرسىلەرنى قانداقسىگە ئۆزلىرىنىڭ ئىلاھى قىلىۋالىدى؟... دەلىل مات بولسا، زوراۋانلىق ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئۇلارنىڭمۇ دەلىلى مات بولۇۋىدى، ھەقنى قوبۇل قىلماسلىق ئوتتۇرىغا چىقتى ۋە ئۇنىڭ (يەنى ئىبراھىمنىڭ) كۆيدۈرۈپ يوقىتىلىشىغا قارار بېرىلدى.

ھەزرىتى ئىبراھىم قولغا ئېلىندى، يېقىلغۇ تەييارلىقى باشلاندى.

ناھەق قارارنىڭ سەۋەبلىرى شۇ جۈملىگە مۇجەسسەملەنگەنىدى: « ئىبراھىمنى كۆيدۈرۈڭلار، ئىلاھلىرىڭلارغا ياردەم بېرىڭلار، ئەگەر ئۇلارغا ھەقىقىي ياردەم بەرمەكچى بولساڭلار ».

...

ھەممەيلەن ئىشقا كىرىشتى.

ئىبراھىمنى كۆيدۈرۈش تەييارلىقى باشلاندى. پۈتۈن مەملىكەتكە خەۋەر بېرىلدى.

ئىنسانلار ئىلاھلىرىغا ھۆرمەتسىزلىك قىلىپ، ئۇلارنى چېقىپ تاشلىغان ۋە گۇناھىنى بوينىغا ئېلىپ، كاھىنلارنى مەسخىرە قىلغان ئادەمنىڭ جازاغا تارتىلىشىنى كۆرۈش ئۈچۈن يېزا ـ قىشلاق، تاغ ـ بوستان ۋە باشقا شەھەرلەردىن كېلىشكە باشلىدى.

خەلق بىر يەرنى چوڭقۇر كولاپ، ئىچىگە دەرەخ، تاختاي، ئوتۇنلارنى تاشلاپ تولدۇردى. ئاندىن ئازگالغا ئوت ياقتى. ئىبراھىمنى ئوتنىڭ ئۈستىگە تاشلاش ئۈچۈن مەنجانىق تەييارلاپ قويۇلغانىدى. ئىبراھىمنىڭ پۇت ـ قولىنى باغلاپ، مەنجانىققا ياتقۇزدى. ئوت تۇتۇشۇپ، يالقۇنى ئاسمان ـ پەلەك ئۆرلەشكە باشلىدى. خەلق ئوتنىڭ تەپتىگە چىدىيالماي، ئازگالدىن نېرى بېرىپ تۇرۇشتى. چوڭ كاھىن ئىبراھىمنى ئوتقا تاشلاش ئەمرىنى بەردى.

---

[□] سۈرە ئەنبىيا 51 ـــ 68 ـ ئايەتكىچە.

جىبرىئىل كەلدى ۋە ئىبراھىمنىڭ باش تەرىپىدە تۇرۇپ ئۇنىڭدىن:

- ئىبراھىم! ياردەم كېرەكمۇ؟ - دەپ سورىدى. ئىبراھىم:

- ياق، سېنىڭ ياردىمىڭ كېرەك ئەمەس، - دېدى.

مەنچاناق كېرىلىپ ئېتىلدى. ئىبراھىم پۇلاڭلاپ بېرىپ ئوتنىڭ ئۈستىگە چۈشتى. ئىبراھىم ئوتنىڭ ئىچىگە خۇددى پەشتاقلارنى دەسسەپ نەمخۇش بىر باغنىڭ ئىچىگە چۈشكەندەك چۈشتى. ئوت لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتاتتى، ئەمما ئۇنى كۆيدۈرمەيتتى. ئۇلۇغ ئاللاھ ئوتقا ئەمر قىلغانىدى.

ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿بىز ئوتقا: «ئى ئوت! ئىبراھىمغا سالقىن ۋە ئامانلىق (بەخش ئېتىدىغان) بولۇپ بەرگىن!» دېدۇق﴾ □.

ئوت ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن ئىبراھىمغا سالقىن ۋە ئامانلىق بەخش ئەتتى. پەقەتلا ئۇنىڭ پۇت - قولى باغلانغان يىپلارنى كۆيدۈرۈۋەتتى. ئىبراھىم ئوتنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا، خۇددى باغدا ئولتۇرغاندەك ئولتۇرۇپ، پەرۋەردىگارىغا ھەمدۇسانا ئېيتاتتى. قەلبىدە ئاللاھ سۆيگۈسىدىن باشقا نەرسە يوق ئىدى.

ئۇنىڭ قەلبىدە قورقۇنچتىن ئەسەر قالمىغانىدى. ئوت ئىسسىق ھاۋانى سالقىنلىتىدىغان سۆرۈن شامالغا ئايلانغانىدى. ئۇنىڭغا ئوخشاش ئاللاھنى سۆيىدىغانلار ھېچنېمىدىن قورقمايدۇ. چۈنكى، قورقۇش كەلمىسى ئۇنىڭ لۇغىتىدىن چىقىرىۋېتىلگەن.

...

خەلق توپى، قەۋم چوڭلىرى ۋە كاھىنلار ئوتنى كۆزىتىپ نېرىدا ئولتۇراتتى. ئوتنىڭ تەپتىدىن يۈزلىرى لاۋۇلداپ يېنىۋاتاتتى. ئوت خېلى ئۇزۇن ۋاقىتقىچە چاراسلاپ كۆيدى. ھەتتا بەزى مۇشرىكلارغا ئوت مەڭگۈ ئۆچمەيدىغاندەك بىلىنىپ كەتتى. ئوت ئۆچكەندىن كېيىن، ئىبراھىمنىڭ كىرىپ كەتكەن پېتى يېنىپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردى. مۇشرىكلارنىڭ يۈزلىرى ئىس - تۈتەكتىن قاپقارا بولۇپ كەتكەنىدى، ئەمما ئىبراھىمنىڭ يۈزىدىن نۇر چاقناپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ كىيىملىرىنىڭ يېرىمى ئۈستىگە چۈشكەن ئوت ئۇچقۇنلىرىدا كۆيۈپ كەتكەنىدى، ئەمما ئىبراھىمنىڭ كىيىمى ئۆز پېتى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۈستى - بېشىنى كۈل باسقانىدى، ئەمما ئىبراھىمنىڭ ئۈستى - بېشىدا كۈل ياكى ئىس - تۈتەكتىن ئەسەر يوق ئىدى.

ئىبراھىم ئوتنىڭ ئىچىدىن خۇددى باغنىڭ ئىچىدىن چىققاندەكلا يېنىپ چىققانىدى.

مۇشرىكلار ھاياجىنىنى باسالماي ۋار - جۇر قىلىشتى.

ئۇلارنىڭ قىلمىشى مەسخىرىلىك ھالدا مەغلۇپ بولدى.

□ سۈرە ئەنبىيا 69 - ئايەت.

﴿ئۇلار ئىبراھىمغا زىيانكەشلىك قىلماقچى بولدى، بىز ئۇلارنى ئەڭ زىيان تارتقۇچى قىلدۇق﴾ .

ئىبراھىمنىڭ بۇ ۋاقىتتا نەچچە ياشتا ئىكەنلىكى ھەققىدە مەلۇمات يوق. قۇرئاندا، ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىك بېرىلگەن يېشىمۇ بايان قىلىنمىغان.

كونا مەنبەلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قەۋمىنىڭ ئۇنىڭ ھەققىدە قىلغان شۇ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنسا، ھەزرىتى ئىبراھىم ئۇ ۋاقىتلاردا تېخى ياش يىگىت ئىدى:

﴿ئىبراھىم ئاتلىق بىر يىگىتنىڭ ئۇلارنى ئەيىبلىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدۇق (يەنى شۇ قىلغان بولۇشى مۇمكىن)﴾ [].

«ئەزىز بەرنابا ئىنجىلى»دا، ئىبراھىمنىڭ بۇتلارنى ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسى بېرىلىشتىن بۇرۇن چاققانلىقى تەسۋىرلەنگەن. «بەرنابا ئىنجىلى»نىڭ **29** ـ بابىدا مۇنداق دېيىلگەن:

ئىبراھىم ئۆزىنى چاقىرىۋاتقان بىر ئاۋاز تۇيدى.

ئىبراھىم: مېنى چاقىرغان كىم؟ ـ دەپ سورىدى.

بىرى: مەن ئاللاھنىڭ پەرىشتىسى جىبرىئىل بولىمەن، ـ دېدى. ئىبراھىم قورقۇپ كەتتى. پەرىشتە: ئىبراھىم، قورقمىغىن! چۈنكى سەن ئاللاھنىڭ دوستى سەن. سەن بۇتپەرەسلەرنىڭ ئىلاھلىرىنى چېقىپ تاشلىغاندىن كېيىن، پەرىشتە ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ پەرۋەردىگارى سېنى تاللىدى ۋە سەن ھايات كىتابىغا كىرگۈزۈلدۈڭ، ـ دەپ ئۇنىڭغا تەسەللىي بەردى.

«بەرنابا ئىنجىلى»نىڭ بايانلىرى داۋاملىشىدۇ: ئىبراھىم پەرىشتە ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىتائەت قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ نېمە قىلىشى كېرەكلىكىنى سورىدى.

جىبرىئىل ئۇنىڭغا: ئاۋۇ بۇلاققا بېرىپ يۇيۇنغىن (تاھارەت ئالغىن)، ئاندىن پەرۋەردىگارىڭ بىلەن سۆزلىشىش ئۈچۈن تاغقا چىققىن! ـ دېدى.

ئىبراھىم تاغقا چىقتى. بىر يەردە تىزلىنىپ ئولتۇردى. پەرۋەردىگارى ئۇنىڭغا نىدا قىلدى.

ئىبراھىم: ماڭا گەپ قىلىۋاتقان كىم؟ ـ دەپ سورىدى.

ئۇلۇغ ئاللاھ: ئى ئىبراھىم! مەن سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ بولىمەن، ـ دېدى.

[] سۈرە ئەنبىيا 70 ـ ئايەت.
[] سۈرە ئەنئام 60 ـ ئايەت.

ئىبراھىم ھاياجاندىن يۈزىنى يەرگە سۈرۈپ سەجدە قىلدى ۋە مۇنداق دېدى: ئى پەرۋەردىگارىم! بەندەڭ (ھاياجاندىن) كۆل ـ تۈپراق بولۇپ كەتكەن تۇرسا، سۆزلىرىڭ ئۇنىڭ قۇلىقىغا قانداق كىرسۇن؟!

ئۇلۇغ ئاللاھ ئۇنى ئورنىدىن تۇرۇشقا بۇيرىدى. چۈنكى، ئاللاھ ئۇنى ئۆزىنىڭ بەندىسى قىلىپ تاللىغانىدى. ئۇنى ۋە ئۇندىن كېيىنكىلەرنى مۇبارەك قىلدى.

...

بۇ رىۋايەتتە ئىبراھىمنىڭ تاللانغان ۋاقتى ۋە ئۇ بۇتلارنى پاچاقلاپ تاشلىغاندىن كېيىن، پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلغانلىقى ئىزاھلاپ بېرىلمەكتە.

بەلكى قۇرئاننىڭ بەقەرە سۈرىسىدە تەسۋىرلەنگەن شۇ دەقىقىلەر ئاللاھنىڭ بەندىسى ئىبراھىمغا تەجەللى قىلغان نۇرلۇق دەقىقىلەرنىڭ تەسۋىرى بولۇشى مۇمكىن:

﴿ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارى ئۇنىڭغا: «(پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەمرىگە) ئىتائەت قىلغىن» دېدى. ئۇ: «ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىتائەت قىلدىم» دېدى.﴾[*]

قۇرئاندا، ئاللاھنىڭ ئىبراھىمنى قاچان پەيغەمبەرلىككە تاللىغانلىقى بايان قىلىنمىغان. شۇڭا بۇ ھەقتە ئېنىق بىر نەرسە دېيەلمەيمىز.

بىز پەقەت ئىبراھىمنىڭ يۇلتۇزلارغا ۋە بۇتلارغا چوقۇنغۇچىلارغا ئۇچۇق دەلىل كەلتۈرگەنلىكىنى ۋە نۇبۇۋەتنىڭ تەكەببۇرلۇق قىلىپ خۇدالىق داۋاسى قىلغان پادىشاھلارغا كەلگەنلىكىنى بىلىمىز.

ھەزرىتى ئىبراھىم ئۆزىنىڭ خۇدا ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدىغان بىر پادىشاھ بىلەن مۇنازىرىلىشىشكە باشلىدى. بىز بۇ يەردە «ئىشىنىدىغان» تەبىرىنى قوللاندۇق، قالغىنىنى ئاللاھ تېخىمۇ ياخشى بىلىدۇ. بەلكى خەلق پادىشاھقا چوقۇنغان بولسا، پادىشاھمۇ ئۇلارنى ئەخمەق كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ مەنپەئەتلىرىنى قوغداش نامىدا ئۆزىگە چوقۇنۇشىنى قوبۇل قىلغان بولۇشى مۇمكىن. ياكى ئاللاھ ئۇنىڭغا سەلتەنەت ئاتا قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ كۆرەڭلەپ كېتىپ، خۇدالىقنى ئۆزىنىڭ ھەققى دەپ قارىۋالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

قانداقلا بولمىسۇن، ئۇ پادىشاھ ئۆزىنىڭ بىر ئاجىز بەندە ئىكەنلىكىنى ئۇنۇتقان بولۇپ، ئىچىدىكى ھېس ـ تۇيغۇ غايىب بولغانىدى. شۇنداق، ئىنسان ئۆزىنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكىنى ئۇنۇتقانىدى. ھەزرىتى ئىبراھىم ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلەشتى. ئۇ ئىبراھىمنىڭ مۆجىزىسىدىن خەۋەر تاپقان بولۇپ، ئۇنى مۇنازىرىلىشىشكە چاقىرغان ئىدى. ئەمما بۇ پادىشاھنىڭ ئىبراھىمنىڭ قەۋمىدىن ياكى باشقا بىر قەۋمدىن ئىكەنلىكى بىزگە نامەلۇم. بۇ مۇنازىرىدىن كېيىن، شېرىك ئەقىدە قورغىنىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قەلئەسى (يەنى ھۆكۈمدارلارغا چوقۇنىدىغانلارنىڭ قەلئەسى) مۇ چۈۋۈپ تاشلاندى.

[*] سۈرە بەقەرە 131 ـ ئايەت.

ئۇلۇغ ئاللاھ بەقەرە سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿پەرۋەردىگارى توغرىسىدا ئىبراھىم بىلەن مۇنازىرىلەشكەن، ئاللاھنىڭ ئاتا قىلغان پادىشاھلىقى ئۇنى ئىبراھىم بىلەن مۇنازىرىلىششكە ئېلىپ كەلگەن ئادەم (يەنى نەمرۇد)نى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئەينى ۋاقىتتا ئىبراھىم (ئاللاھنىڭ بارلىقىغا دەلىل كۆرسىتىپ): «مېنىڭ پەرۋەردىگارىم (ئۆلۈكنى) تىرىلدۈرەلەيدۇ، (تىرىكنى) ئۆلتۈرەلەيدۇ» دېدى. ئۇ: «مەنمۇ (ئۆلۈكنى) تىرىلدۈرەلەيمەن، (تىرىكنى) ئۆلتۈرەلەيمەن» دېدى (نەمرۇد ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان ئىككى ئادەمنى چاقىرتىپ كېلىپ بىرىنى ئۆلتۈردى، يەنە بىرىنى قويۇپ بەردى). ئىبراھىم (نەمرۇدنىڭ بۇنداق ھاماقەتلىكىنى كۆرۈپ): «ئاللاھ ھەقىقەتەن كۈننى شەرقتىن چىقىرالايدۇ، (خۇدالىق داۋاسى قىلىدىغان بولساڭ) سەن ئۇنى غەربتىن چىقىرىپ باققىن» دېدى. (بۇنداق پاكىت ئالدىدا) كاپىر ئېغىز ئاچالماي قالدى. ئاللاھ زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ﴾ .

ئۇلۇغ ئاللاھ بۇ پادىشاھنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالمىدى. چۈنكى ئۇنى تىلغا ئېلىش ئەھمىيەتسىز ئىدى. ئۇنىڭ ھېس - تۇيغۇلىرىنىمۇ تىلغا ئالمىدى. شۇنداقلا، ئىبراھىم بىلەن ئۇنىڭ ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ئۇزۇن سۆھبەتنىمۇ تىلغا ئالمىدى. ئېھتىمال پادىشاھ ئىبراھىمغا:

- سېنىڭ يېڭى بىر ئىلاھقا دەۋەت قىلىۋاتقانلىقىڭنى ئاڭلىدىم. - دېدى. ئىبراھىم:

- دۇنيادا يېڭى ئىلاھ، كونا ئىلاھ دەپ ئاتىلىدىغان گەپ يوق. ئى پادىشاھ! يالغۇز ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر. - دېدى. پادىشاھ:

- سېنىڭ رەببىڭ مەن قىلالمايدىغان قايسى ئىشنى قىلالايدۇ؟ - دەپ سورىدى. پادىشاھ مەغرۇرلۇق ۋە تەكەببۇرلۇق كېسىلىگە گىرىپتار بولغانىدى. خەلقنىڭ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشى، ئۇنىڭ تەكەببۇرلۇقىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتتى. ئىبراھىم پادىشاھنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇردى ۋە ئىشنىڭ تېگىگە يەتتى. ئۇ سالماقلىق بىلەن:

﴿پەرۋەردىگارىم (ئۆلۈكنى) تىرىلدۈرەلەيدۇ، (تىرىكنى) ئۆلتۈرەلەيدۇ﴾ دېدى.

پادىشاھ: ﴿مەنمۇ (ئۆلۈكنى) تىرىلدۈرەلەيمەن، (تىرىكنى) ئۆلتۈرەلەيمەن﴾ دېدى.

ئىبراھىم پادىشاھتىن قانداق تىرىلدۈرۈپ، قانداق ئۆلتۈرىدىغانلىقىنى سورىمىدى، چۈنكى ئۇنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. پادىشاھ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان ئىككى ئادەمنى چاقىرتىپ بىرىنى ئۆلتۈردى، يەنە بىرىنى قويۇۋەتتى. بۇ ئۇنىڭ تىرىكنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆلۈكنى تىرىلدۈرەلەيدىغانلىقىنىڭ ئىسپاتى ئىدى. ئىبراھىم ئۆز ئىچىدە پادىشاھنىڭ ھاماقەتلىكىگە كۈلۈپ تاشلىدى. ئەمما ئۇ پادىشاھنىڭ ئاجىزلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن:

---

[4] سۈرە بەقەرە 285 ـ ئايەت.
[5] سۈرە بەقەرە 258 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[6] سۈرە بەقەرە 258 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

﴿ئـاللاھ ھەقىقەتـەن كۈنـنى شـەرقتىن چىقىـرالايدۇ، (خۇدالىـق داۋاسـى قىلىدىغـان بولساڭ) سەن ئۇنى غەربتىن چىقىرىپ باققىن﴾ دېدى.

پادىشـاھ ئىبـراھىمنىڭ سـۆزلىرىنى قـۇلاق سـېلىپ ئاڭلاۋاتـاتتى. ئىبـراھىمنىڭ ئـەڭ ئاخىرقى سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تىلى تۇتۇلۇپ قالدى. ئۆزىنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ ھـەيران قالغـان پادىشـاھ، ئىبراھىمغـا جـاۋاب بېـرەلمىدى. ئىبـراھىم ئۇنـىڭ يالغـانچى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغانىدى. ئىبراھىم ئاللاھنىڭ قۇياشنى شەرقتىن چىقىرىدىغانلىقىنى ئېيتتـى. ئـۇ (يـەنى پادىشـاھ) كۈنـنى غـەربتىن چىقىـرالامدۇ؟ كائىنـاتنىڭ (ئـاللاھنىڭ يارىتىشىغا ئۇيغۇن شەكىلدە) ھەرىكەتلىنىش قانۇنىيەتلىرى بار. ھېچبىـر مـەخلۇقنىڭ بۇ قانۇنىيەتكە كۈچى يەتمەيدۇ. ئەگەر پادىشاھ ئۆزىنىڭ خۇدالىق داۋاسىدا راستچىل بولسا، كائىناتنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئۆزگەرتىپ باقسۇن!

شۇنىڭ بىلەن، پادىشـاھ ئۆزىنىڭ ئـاجىز ئىكـەنلىكىنى چۈشـەندى. ئـۇ ئىبـراھىمنىڭ سۆزلىرى ئالدىدا داڭقېتىپ قالغانىدى. ئۆزىنىڭ قويغان ـ تۇتقىنىنى بىلەلمەيتتى. مۇشرىك پادىشاھنىڭ يالغانچىلىقىنى پاش قىلغان ئىبراھىم سارايدىن چىقىپ كەتتى.

...

ئىبـراھىمنىڭ نـامى پۈتۈن مەملىكەتكە پۇر كـەتتى. ئىنسانلار ئۇنـىڭ مۆجىزىسى ۋە ئوتتىن قۇتۇلۇپ چىققانلىقىنى ئېغىزدىن ئېغىزغا سۆزلەپ يۈرەتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يەنە پادىشـاھ بىلـەن ئۇنـىڭ ئارىسـىدا بولـۇپ ئۆتكـەن مۇنـازىرىدە، ئۇنـىڭ پادىشـاھنى مـات قىلغـانلىقى، پادىشـاھنىڭ نېمـە دېيىشـنى بىلەلمـەي قالغـانلىقى ھـەققىدىكى سـۆز ـ چۆچەكلـەر تارقـالدى. ئىبـراھىم خـەلقنى تـەۋھىد يولىغـا دەۋەت قىلىشـنى داۋاملاشتۇردى. قەۋمىنى ھىدايەتكە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ھەرخىل ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئۇلارنى قايىل قىلىشقا تىرىشاتتى. ئۇ قەۋمىگە قانچە يېقىنچىلىق قىلغانسېرى، قەۋمى ئۇنىڭدىن شۇنچە بىزار بولاتتى. قەۋمىدىن ئۇنىڭغا پەقەت بىر ئەر، بىر ئاياللا ئىمان ئېيتتى. ئايالنىڭ ئىسمى سارە بولۇپ، كېيىنكى يىللىرى ئىبراھىمغا ياتلىق بولدى. ئـەر بولسـا، لـۇت ئـىدى. كېيىـنكى يىللـىرى ئۇمـۇ پـەيغەمبەر بولـدى. ئىبـراھىم ئـۇ ئىككىسـىدىن باشقىسىنىڭ ئىمـان ئېيتمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىپ، ھىجرەت قىلىش قارارىغا كەلدى.

ھىجرەت قىلىشـتىن بۇرۇن، ئاتىسـىنى ئىمانغـا دەۋەت قىلـدى. ئـەمما ئـۇ ئاتىسـىنىڭ ئاللاھنىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ئىمان ئېيتىش نىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ، ئۇنىڭدىن يىراقلاشتى ۋە مۇناسىۋىتىنى پۈتۈنلەي ئۈزدى.

بۇ خىل ئەھۋال پەيغەمبەرلەر قىسسىلىرىدە ئىككىنچى قېتىم كۆرۈلدى.

[8] سۈرە بەقەرە 258 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ھەزرىتى نۇھنىڭ قىسسىسىدە، ئاتىسى پەيغەمبەر، ئوغلى مۇشرىك ئىدى. ئىبراھىمنىڭ قىسسىسىدە، ئوغلى پەيغەمبەر، ئاتىسى مۇشرىك چىقتى. ھەر ئىككى قىسسىدە، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاتا ـ ئوغۇللۇقتىن كېچىپ، مۇشرىكتىن يىراق تۇرغانلىقى ئېلان قىلىنماقتا. ئاللاھ بۇ ئارقىلىق ئىنسانلار ئارىسىدىكى ھەقىقىي مۇناسىۋەتنىڭ قانداشلىق مۇناسىۋىتى ئەمەس، بەلكى ئېتىقادىي مۇناسىۋەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەكتە.

ئۇلۇغ ئاللاھ تەۋبە سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ئىبراھىمنىڭ ئاتىسىغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىشى ئۇنىڭغا ئىلگىرى قىلغان ۋەدىسىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ئىدى. ئۇنىڭغا ئاتىسىنىڭ ئاللاھنىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكى ئېنىق مەلۇم بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئاتىسى بىلەن ئادا ـ جۇدا بولدى. ئىبراھىم ھەقىقەتەن كۆپ ئاھ چەككۈچى (يەنى كۆڭلى يۇمشاق)، (يەتكەن ئەزىيەتلەرگە) چىداملىق ئىدى﴾ .

ھەزرىتى ئىبراھىم يۇرتىدىن ئايرىلىپ، ھىجرەت يولىغا چۈشتى. ئالدى بىلەن، ئۇر ۋە ھاران دېگەن شەھەرلەرگە باردى. ئاندىن ئايالى بىلەن بىللە پەلەستىن تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. ئايالى ئۇنىڭغا ئەگەشكەن بىردىنبىر ئايال ئىدى. ئۇنىڭغا ئەگەشكەن بىردىنبىر ئەر لۇت ئۇنىڭغا ھەمراھ بولدى.

ئۇلۇغ ئاللاھ ئەنكەبۇت سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿لۇت ئىبراھىمغا ئىمان ئېيتتى. ئىبراھىم ئېيتتى: «مەن چوقۇم پەرۋەردىگارىم تەرىپىگە ھىجرەت قىلىمەن (يەنى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەش يۈزىسىدىن ۋەتىنىمنى تەرك ئېتىپ، ئاللاھ ئەمر قىلغان جايغا ھىجرەت قىلىپ بارىمەن). ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر»﴾ [1].

...

ئىبراھىم پەلەستىندىن كېيىن، مىسىرغا باردى. ئۇ يول بويى ئىنسانلارنى ئاللاھقا ئىمان ئېيتىشقا دەۋەت قىلاتتى، بۇ يولدا تىرىشچانلىق كۆرسىتەتتى، زەئىپ ۋە مىسكىنلەرگە ياردەم بېرەتتى، ئىنسانلارغا ئادىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى، ئۇلارنى ھەق ۋە ھەقىقەتكە يۈزلەندۈرەتتى.

ئايالى سارەدىن پەرزەنتلىك بولالمىدى. مىسىر پادىشاھى ئۇنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن مىسىرلىق چۆرىدىن بىرنى بەرگەنىدى. ئىبراھىم ياشىنىپ قالغانىدى. ئاللاھ يولدا ئۆتكەن ئۆمرى چاچلىرىنى ئاقارتىپ، بېلىنى مۈكچەيتىپ قويغانىدى. سارە مۇنداق دەپ ئويلىدى: «بىز قېرىپ قالغان بولساقمۇ، تېخىچە يالغۇز ياشاۋاتىمىز. مەن پەرزەنتلىك بولالمىدىم. مىسىرلىق چۆرىنى ئېرىمگە ئېلىپ بەرسەم قانداق بولار؟» مىسىرلىق

سۈرە تەۋبە 114 ـ ئايەت.
سۈرە ئەنكەبۇت 26 ـ ئايەت.

چۆرىنىڭ ئىسمى ھاجەر ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، سارە ئىبراھىمنى ھاجەرگە ئۆيلەپ قويىدى. ھاجەر بىر ئوغۇل پەرزەنتلىك بولدى. ئاتىسى ئۇنىڭغا ئىسمائىل دەپ ئات قويىدى.

ھاجەر ئىسمائىلنى تۇغقان چاغدا ئىبراھىم ياشىنىپ قالغانىدى.

...

ھەزرىتى ئىبراھىم بۇ دۇنيادا ئاللاھقا ئىبادەت قىلىپ، ھەمدۇسانا ئېيتىپ ۋە ئۇنى ئۇلۇغلاپ ئۆتتى.

ئىبراھىمنىڭ ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ماڭغان مۇساپىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى بىلمەيمىز. ئۇ داۋاملىق تۇردە ئاللاھ تەرەپكە قاراپ ماڭاتتى.

مەيلى ئۆيدە ئولتۇرسۇن ياكى قەدەملىرى ئۇنى دۇنيادا كەزدۇرسۇن، ئۇ داۋاملىق ئاللاھ تەرەپكە ماڭاتتى. چۈنكى ئۇ دۇنيادىكى بۇ كۈنلەردىن كېيىن، ئۆلۈمنىڭ كېلىدىغانلىقىنى، ئاندىن سۇرنىڭ چېلىنىدىغانلىقىنى، قىيامەتنىڭ قايىم بولىدىغانلىقىنى ۋە ئۆلۈكلەرنىڭ قايتا تىرىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

ھاياتىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە، ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ قەلبى ھۇزۇر، سۆيگۈ ۋە ئىمان بىلەن تولدى. بىر كۈنى، ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ قولىنىڭ قانداق ئىشلەيدىغانلىقىنى ۋە قىيامەت قايىم بولۇشتىن ئىلگىرى ئۇ كۈننى (يەنى قىيامەت كۈننى) كۆرۈشنى ئارزۇ قىلدى. ئاللاھ بۇ ئەھۋال ھەققىدە سۈرە بەقەرەدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم: «پەرۋەردىگارىم! ئۆلۈكلەرنى قانداق تىرىلدۈرىدىغانلىقىڭنى ماڭا كۆرسەتكىن» دېدى. ئاللاھ: «(ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرەلەيدىغانلىقىمغا) ئىشەنمىدىڭمۇ؟» دېدى. ئىبراھىم: «ئىشەندىم، لېكىن كۆڭلۈم (تېخىمۇ) قارار تاپسۇن ئۈچۈن (كۆرۈشنى خالايمەن)» دېدى﴾[□].

ئىمان ئېيتىش بىلەن بىرلىكتە، قەلبنىڭ ئەمىن تېپىشىنى تەلەپ قىلىش، پەقەت ئاللاھ سۆيگۈسىنىڭ دەرىجىلىرىدىن بىرىدۇر.

﴿ئاللاھ ئېيتتى: «قۇشتىن تۆتنى ئالغىن، ئۇلارنى ئۆزەڭگە توپلىغىن (يەنى ئۇلارنى پارچىلاپ گۆشلىرى بىلەن پەيلىرىنى ئارىلاشتۇرغىن)، ئاندىن ھەر بىر تاغقا ئۇلاردىن بىر بۆلۈكىنى قويغىن، ئاندىن ئۇلارنى چاقىرغىن، سېنىڭ ئالدىڭغا ئۇلار چاپسان كېلىدۇ.» بىلگىنكى، ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾.

ئىبراھىم ئاللاھنىڭ ئەمرى بويىچە قىلدى.

قۇشتىن تۆتنى پارچىلاپ، تاغلارغا قويىدى. ئاللاھنىڭ نامى بىلەن ئۇلارنى ئۆزىگە چاقىردى. پەيلەر ئۇچۇپ كېلىپ، قاناتلارغا يەرلەشتى. پوكانلار باشلارنى ئىزدىدى.

[□] سۈرە بەقەرە 260 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[□] سۈرە بەقەرە 260 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قۇشلارنىڭ پارچىلانغان بەدەنلىرى ئەنە شۇ تەرىقىدە بىر - بىرىنى ئىزدەپ ھەر تەرەپكە ئۇچۇشقا باشلىدى. قوۋۇرغا سۆڭەكلىرى يۈرەكلەر بىلەن خۇددى ئاشىق - مەشۇقلاردەك، بىر - بىرىنى ئوڭايلا تېپىشتى. پارچىلانغان يەرلەر بىر - بىرىگە يېپىشتى. بىر قۇش ناھايىتى تېزلىك بىلەن ئۇچۇپ كېلىپ، ئۆزىنى ئىبراھىمنىڭ قۇچىقىغا ئاتتى. بەزى تەپسىرشۇناسلار بۇ ۋەقەنىڭ ئىبراھىمنىڭ ھەۋەسى تۈپەيلىدىن مەيدانغا كەلگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويسا، بەزىلىرى ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ قۇلىنى قانداق ئىشلىتىدىغانلىقىنى كۆرمەكچى بولغانلىقىدىن مەيدانغا كەلگەن دەپ قارايدۇ. يەنە بەزى تەپسىرشۇناسلار ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بولدى قىلغانلىقىنى ۋە قۇشلارنى پارچىلىمىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويماقتا.

بىز: «بۇ ۋەقە ئاللاھ رازىلىقىنى ئۈمىد قىلىدىغان ئىبراھىمنىڭ ھايات مۇساپىسىدە بېسىپ ئۆتكەن سۆيگۈ دەرىجىلىرىدىن بىرىدۇر» دەپ قارايمىز.

چۈنكى ئىبراھىم ھەمىشە ئارزۇ - ھەۋەسلىك، ئىتائەتمەن، بىر ئىشنى ۋايىغا يەتكۈزمىگۈچە نىيىتىدىن يانمايدىغان بىرى ئىدى.

ئاللاھ كۆزگە كۆرۈنمىگەنلىكى ئۈچۈن، سەپەر ئۇنىڭ دەلىللىرىنى ۋە كۈچ - قۇدرىتىنى ئويلاش شەكلىدە بولۇشى كېرەك.

ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ بېسىپ ئۆتكەن سەپەرلىرى شۇنداق ئىدى. ئاللاھقا بولغان سۆيگۈسىمۇ ھەم شۇنداق ئىدى. ئۇ سۇغا قانچە قانغانسېرى، شۇنچە كۆپ چاڭقاپ تۇراتتى.

...

بىر كۈنى، ھەزرىتى ئىبراھىم سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ، ئايالى ھاجەرگە ئوغلى ئىسمائىلنى ئېلىپ ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلىنىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشنى بۇيرىدى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، ئىبراھىم ئايالى ھاجەر بىلەن ئوغلى ئىسمائىلنى ئېلىپ، ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلاندى. ئىسمائىل تېخى سۈتتىن ئايرىلمىغان بوۋاق ئىدى.

ئىبراھىم ئېكىنزارلىقلارنى ئارىلاپ توختىماي ماڭدى، ئاندىن چۆلگە چىقتى، ئۇندىن كېيىن تاغنى ھالقىپ ئۆتۈپ، ئەرەب يېرىم ئارىلى چۆللۈكىگە كىردى. چۆللۈكتە يېمەك - ئىچمەك، دەل - دەرەخ، سۇ، مېۋە دېگەن نەرسىلەردىن ھېچقايسىسى كۆرۈنمەيتتى. يەنى چۆللۈكتە ھاياتتىن ئەسەر يوق ئىدى. ئىبراھىم بىر ۋادىغا يېتىپ كەلدى. شۇ يەردە ئۇلاغلىرىدىن يەرگە چۈشتى. ئىبراھىم ئايالى بىلەن ئوغلىنىڭ يېنىغا ئازراق سۇ بىلەن بىر خالتىدا يېمەكلىك قويۇپ، ئۆزى ئەتراپىنى بىر نەچچە قېتىم چۆرگىلىۋەتكەندىن كېيىن، بىر تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ قويۇپ قويغان يېمەك - ئىچمەك ئىككى كۈنگىمۇ يەتمەيتتى.

ئايالى ئۇنىڭ كەينىدىن يۈگۈرگەن پېتى: «ئىبراھىم! نەگە ماڭدىڭ؟ بىزنى ھېچنەرسە يوق مۇشۇ يەرگە تاشلاپ قويامسەن؟» دەپ ۋارقىرىدى.

ھەزرىتى ئىبراھىم ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمەي، ئالدىغا قاراپ كېتىۋەردى. ئايالى قايتا ۋارقىرىدى. ئۇ يەنە جاۋاب بەرمىدى. كېيىن، ئۇ بۇنىڭ ئىبراھىمنىڭ ئىلكىدىكى ئىش ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ ئەمرى ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. ئايالى ئۇنىڭدىن: «ئاللاھ ساڭا شۇنداق قىلىشنى بۇيرىدىمۇ؟» دەپ سورىدى. ئىبراھىم: «ھەئە» دېدى. ئىماندار ئايالى: «ئاللاھ سېنى مۇشۇنداق قىلىشقا بۇيرۇغان بولسا، ئۇ بىز بىلەن بىللىدۇر. بىز ھەرگىز زىيان تارتمايمىز» دېدى.

ئىبراھىم يولىنى داۋاملاشتۇردى. ئۇ بىر تاغنىڭ ئېتىكىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، قوللىرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ئاللاھقا مۇنداق دەپ دۇئا قىلدى:

﴿پەرۋەردىگارىمىز! ئەۋلادىمنىڭ بىر قىسمىنى (يەنى بالام ئىسمائىل بىلەن ئايالىم ھاجەرنى) ناماز ئۆتەشلىرى (يەنى ساڭا ئىبادەت قىلىشلىرى) ئۈچۈن سېنىڭ ھۆرمەتلىك ئۆيۈڭنىڭ قېشىدىكى ئېكىنسىز بىر ۋادىغا (يەنى مەككىگە) ئورۇنلاشتۇردۇم﴾ [8].

ئاللاھنىڭ ئۆيى تېخى قايتا ياسالمىغانىدى. يەنى كەئبە تېخى ياسالمىغانىدى. بۇ چۈشىنىكسىز ئىشلاردا ئاللاھنىڭ ناھايىتى بۈيۈك ھېكمىتى بار ئىدى. ئىسمائىل كېيىن ئاتىسى بىلەن بىللە كەئبىنى ياساشقا مەسئۇل بولاتتى. ئاللاھنىڭ ھېكمىتى ئىنسانلارنىڭ ئاستا ـ ئاستا بۇ يەرگە كېلىپ ماكانلىششى ۋە بۇ يەردە (مۇسۇلمانلارنىڭ ئىبادەتلىرىدە يۈزنى شۇ تەرەپكە قىلىدىغان) كەئبىنىڭ ياسىلىشىدىن ئىبارەت ئىدى.

ھەزرىتى ئىبراھىم ئايالى بىلەن ئوغلىنى ئۇ يەرگە تاشلاپ قويۇپ، ئىنسانلارنى تەۋھىدكە دەۋەت قىلىش ئۈچۈن قايتىپ كەتتى. ھاجەر ئىسمائىلنى ئەمگۈزدى ۋە ئۇسسىدى. قۇياشنىڭ ئوتتەك قىزىقى جاننى قاتتىق قىينايتتى. ئىككى كۈندىن كېيىن، سۇ ۋە يېمەكلىك پۈتۈنلەي تۈگىدى. ھاجەرنىڭ سۈتى قۇرىدى. ھەر ئىككىسى ئۇسسۇزلۇقتىن قىينىلىشقا باشلىدى. ئەھۋال بەكمۇ چاتاق ئىدى.

ئىسمائىل ئۇسسۇزلۇقتىن يىغلاشقا باشلىدى. ھاجەر ئۇنى قويۇپ، سۇ ئىزدەشكە باشلىدى. يۈگۈرگەن پېتى سەفا تۆپىلىكىگە چىقتى. ئۇ يەردە قوللىرىنى پېشانىسىگە تۇتۇپ، ئەتراپتىن قۇدۇق، ئادەم ياكى كارۋاندەك نەرسىلەرنى ئىزدىدى.

لېكىن ۋادىدا ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى.

ھاجەر سەفا تۆپىلىكىدىن چۈشۈپ، ۋادىنى كېسىپ ئۆتۈپ، قارشى تەرەپتىكى مەرۋە تۆپىلىكىگە چىقتى. ئۇ يەردىمۇ ئەتراپقا قارىدى، ئەمما يەنىلا ھېچنېمە يوق ئىدى.

ئۇ يەردىن قايتىپ، ئوغلىنىڭ يېنىغا باردى. ئوغلى قاتتىق ئۇسساپ كەتكەچكە، توختىماي يىغلايتتى. ھاجەر يەنە سەفا تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. تۆپىلىكتە ئەتراپقا بىر

[8] سۈرە ئىبراھىم 37 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قارىۋەتكەندىن كېيىن، مەرۋەگە قاراپ يۈگۈردى. ئىككى تۆپىلىك ئارىسىدا يەتتە قېتىم يۈگۈرۈپ بېرىپ كەلدى. يەتتە قېتىم...

شۇڭا، ھاجىلار ھاجەر ئانا بىلەن بۈيۈك پەيغەمبەر ئىسمائىلنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن ئىككى تۆپىلىك ئارىسىدا يەتتە قېتىم بېرىپ كېلىدۇ.

ھاجەر يەتتىنچى قېتىمدا ھارغىن ۋە سولغۇن ھالەتتە قايتىپ كەلدى. يۈرىكى ئاغزىغا كەپلىشىپ قالاي دەپ قالغانىدى. يىغا ۋە ئۇسسۇزلۇق دەردىدە ئىسمائىلنىڭ ئۈنىمۇ پۈتۈپ كەتكەنىدى. ھاجەر ئوغلىنىڭ يېنىدا ئولتۇردى.

ئەنە شۇ ئۈمىدسىز پەيتتە، ئۇلارغا ئاللاھنىڭ رەھمىتى يېتىپ كەلدى. ئىسمائىل يىغلاپ پۇتىنى يەرگە ئۇرۇۋىدى، يەردىن زەمزەم سۈيى ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىدى.

شۇنىڭ بىلەن، ئىككىسىنىڭ ھاياتى خەتەردىن قۇتۇلدى.

ھاجەر ئاللاھقا شۈكۈر ئېيتقاندىن كېيىن، سۇنى ئوچۇملاپ ئىچتى ۋە ئىسمائىلغا ئىچۈردى.

ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا ھاياتلىق ھەرىكەتلىنىشكە باشلىدى.

ھاجەرنىڭ: «ئاللاھ سېنى مۇشۇنداق قىلىشقا بۇيرۇغان بولسا، ئۇ بىز بىلەن بىللىدۇر. بىز ھەرگىز زىيان تارتمايمىز» دېگەن سۆزى ئەمەلىيەتكە ئايلانغانىدى.

بەزى كارۋانلار بۇ يەرگە كېلىپ ماكانلىششقا باشلىدى. زەمزەم سۈيى نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنى بۇ يەرگە جەلپ قىلغانىدى.

ئىسمائىل قۇرامىغا يېتىپ قالدى.

ئىبراھىمنىڭ ئەس - يادى ئوغلىدا ئىدى. ئۇ ياشىنىپ قالغان ۋاقتتا پەرزەنت يۈزى كۆرگەن بولسىمۇ، ئوغلىنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ ئوغلىغا بولغان سۆيگۈسى يۈزىسىدىن، ئاللاھ ئىبراھىمنى ناھايىتى چوڭ سىناق بىلەن سىنىغانىدى.

ئۇلۇغ ئاللاھ ساففات سۈرىسىدە ئىبراھىمنىڭ سىناقتىن ئۆتكۈزۈلگەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ئىبراھىم ئېيتتى: «مەن ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىم مېنى بۇيرۇغان جايغا ھىجرەت قىلىمەن، ئۇ مېنى يېتەكلەيدۇ. پەرۋەردىگارىم! ماڭا بىر ياخشى پەرزەنت ئاتا قىلغىن!» بىز ئىبراھىمغا ناھايىتى مۇلايىم بىر ئوغۇل بىلەن خۇش خەۋەر بەردۇق. ئۇ ئىبراھىمنىڭ ئىش - كۈشلىرىگە يارىغۇدەك بولغان چاغدا، ئىبراھىم: «ئى ئوغلۇم! مەن سېنى بوغۇزلاپ قۇربانلىق قىلىشقا (ئەمر قىلىنىپ) چۈشەپتىمەن (پەيغەمبەرلەرنىڭ چۈشى ھەقىقەتتۇر ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىرى ئاللاھنىڭ ئەمرى بويىچە بولىدۇ)، ئويلاپ باققىنا! سېنىڭ قانداق پىكرىڭ بار؟» دېدى. ئۇ ئېيتتى: «ئى ئاتا! نېمىگە بۇيرۇلغان بولساڭ، شۇنى ئىجرا قىلغىن، خۇدا خالىسا (ئۇنىڭغا) مېنى سەۋر قىلغۇچى تاپىسەن». ئىككىسى (ئاللاھنىڭ

ئەمرىگە) بويسۇندى. ئىبراھىم ئۇنى (يەنى ئوغلىنى بوغۇزلاش ئۈچۈن) يېنى ياتقۇزدى. بىز ئۇنىڭغا: «ئى ئىبراھىم! (ھېلىقى) چۈشنى ئىشقا ئاشۇردۇڭ (يەنى چۈشۈڭدە بۇيرۇلغاننى بەجا كەلتۈردۇڭ)» دەپ نىدا قىلدۇق. بىز ھەقىقەتەن ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز. بۇ ھەقىقەتەن روشەن سىناقتۇر. بىز ئۇنىڭ ئورنىغا چوڭ بىر قۇربانلىقنى (يەنى جەننەتتىن چىققان قوچقارنى) بەردۇق. كېيىنكىلەر ئىچىدە ئۇنىڭغا ياخشى نام قالدۇردۇق. ئىبراھىمغا سالام بولسۇن! بىز ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز. ئۇ ھەقىقەتەن بىزنىڭ مۆئمىن بەندىلىرىمىزدىندۇر﴾ .

قاراڭ! ئاللاھ بەندىلىرىنى قانداق سىنايدىكەن؟

سىناق تۈرلىرىنى ئويلاپ بېقىڭ!

ھەزرىتى ئىبراھىم يەر يۈزىدىكى ئەڭ مەرھەمەتلىك قەلبنىڭ ئىگىسى بولۇپ، ئۇنىڭ قەلبى ئاللاھ سۆيگۈسى ۋە ئۇ ياراتقان بەندىلەرنىڭ سۆيگۈسى بىلەن تولغانىدى. ئۇ ياشىنىپ قالغان ۋە پەرزەنتتىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن پەيتتە بىر ئوغۇل پەرزەنتلىك بولدى. ئەنە ئۇ ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇيقۇسىدا، يېگانە ۋە ياپياش ئوغلىنى بوغۇزلاپ چۈشىدى.

يەنى ئۆز نەپسى بىلەن قىلغان كۈرەش.

يەنى ئۆز نەپسى بىلەن قىلغان كۈرەشنىڭ بىر تۈرى.

بۇ كۈرەشنىڭ يۈز بەرمىگەنلىكىنى ئويلىغانلار خاتالاشقان بولىدۇ. كۈرەشسىز سىناق بولمايدۇ. كۈرەش ـ ئىبراھىمنىڭ ئىچىدە ئىدى. بۇ، ئاتىلىق شەپقىتىدىن كېلىپ چىققان كۈرەش ئىدى. ئىبراھىم نېمىشقا شۇنداق بولغانلىقىنى ئويلىدى. بۇنىڭ جاۋابى شۇ بولدىكى، ئاللاھ ئۇنىڭغا شۇنداق چۈش كۆرسەتكەنىدى. پەيغەمبەرلەرنىڭ چۈشى ھەقىقەتتۇر. ئۇ ئۆز چۈشىدە يېگانە ئوغلىنى بوغۇزلىغانىدى. ئوغلىنى بوغۇزلىشى ئاللاھتىن كەلگەن ۋەھيى ئىدى.

نېمە ئۈچۈن؟

ھەزرىتى ئىبراھىم بۇنى كاللىسىدىن چىقىرىپ تاشلىدى. ئىبراھىم ئاللاھتىن: «نېمە ئۈچۈن؟» ياكى «نېمە سەۋەبتىن» دەپ سورىيالمايتتى. چۈنكى ئاشىق «نېمە ئۈچۈن»نى ئۇنتۇپ كېتىدۇ.

ئىبراھىم «ئاشىق» لارنىڭ رەئىسىدۇر.

ئىبراھىم ئوغلىنى ئويلىدى. ئوغلىنى بوغۇزلاش ئۈچۈن يەرگە ياتقۇزغاندا، ئۇنىڭغا نېمە دەيتتى؟ ئەڭ ياخشىسى، ئۇنىڭغا ئەھۋالنىڭ راستىنى ئېيتىش ئىدى. شۇنداق قىلىش، ئۇنى مەجبۇرى بېسىپ بوغۇزلىغاندىن ياخشىراق ئىدى.

[8] سۈرە سافقا 99 ــ 111 ـ ئايەتكىچە.

شۇڭا ئۇ ئوغلىنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

﴿ئى ئوغلۇم! مەن سېنى بوغۇزلاپ قۇربانلىق قىلىشقا (ئەمر قىلىنىپ) چۈشەپتىمەن، ئويلاپ باققىنا! سېنىڭ قانداق پىكرىڭ بار؟﴾ دېدى.

ئۇنىڭ ئوغلىغا ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلدۈرگەن ۋاقىتتىكى ئاقكۆڭۈللۈكى ۋە مۇلايىملىقىغا قاراڭ! ئۇ ئوغلىنىڭ بۇنى ئىتائەتچانلىق بىلەن قوبۇل قىلىشىنى ئۈمىد قىلىپ، ئەمر تەلەپپۇزىدا خىتاب قىلمىدى. ئىبراھىمغا نىسبەتەن بۇ ئىش چوقۇم بەجا كەلتۈرۈلۈشى كېرەك ئىدى. چۈنكى، ئۇ ئاللاھتىن كەلگەن ۋەھىيدۇر. ئەمما ئۇ ئۆزى ئۈچۈن ئەڭ سۆيۈملۈك بولغان ئوغلىنىڭ بۇ ھەقتە قانداق ئويلايدىغانلىقىنى بىلىپ باقماقچى بولغانىدى. ئوغلى ئىسمائىل ئۇنىڭ (يەنى ئىبراھىمنىڭ) كۆڭلىدىكىدەك جاۋاب بەردى: «بۇ بىر ئەمردۇر، ئۇنى دەرھال بەجا كەلتۈرگىن!»

﴿ئى ئاتا! نېمىگە بۇيرۇلغان بولساڭ، شۇنى ئىجرا قىلغىن، خۇدا خالىسا (ئۇنىڭغا) مېنى سەۋر قىلغۇچى تاپىسەن﴾ .

ئوغلىنىڭ بەرگەن جاۋابىنى ئويلاپ بېقىڭ! ئۇ ئۆزىنىڭ بوغۇزلىنىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئىلاھىي ئەمرنىڭ ئىجرا قىلىنىشى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ سەۋر قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ھالدا ئاتىسىغا تەسەللىي بەرمەكتە.

ھەرقانداق ۋەزىيەتتە سەۋر ـ تاقەت.

بەلكىم، ئۇ ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن ئۆزىنىڭ بوغۇزلىنىشىنى ياقتۇرغانىدى. ئەنە شۇ چاغدا، ھەزرىتى ئىبراھىم ئوغلىنىڭ (ئاللاھ سۆيگۈسى ئۈچۈن) ئۆزى بىلەن بەسلىشۋاتقانلىقىنى چۈشەندى.

ئوغلى ئۆزىنىڭ سەۋر قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن چاغدا، ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا قانداق ھېس ـ تۇيغۇلارنىڭ پەيدا بولغانلىقى بىزگە نامەلۇم.

نامەلۇم.

ئاللاھ بىزگە شۇنى سۆرەتلەپ بەرمەكتە: ئىسمائىل يەردە ياتماقتا. ئۆزىنىڭ بوغۇزلىنىشىنى كۆرمەسلىك ئۈچۈن يۈزىنى يەرگە قارىتىۋالغانىدى.

ھەزرىتى ئىبراھىم پىچاقنى قولىغا ئالدى. ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىنغانىدى.

﴿ئىككىسى (ئاللاھنىڭ ئەمرىگە) بويسۇندى﴾

مانا بۇ، ھەقىقىي ئىتائەتتۇر.

ھەممە نەرسىڭىزنى پىدا قىلىسىز. سىزگە سىزدىن ھېچنېمە قالمايدۇ.

---

[1] سۈرە سافات 102 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە سافات 102 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە سافات 103 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

دەل شۇ پەيتتە، يەنى ھەزرىتى ئىبراھىم ئەمرنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن قولىغا پىچاقنى ئالغان ۋاقىتتا، ئاللاھ ئىبراھىمغا نىدا قىلدى.

ھەزرىتى ئىبراھىمغا ئېلىپ بېرىلغان سىناق ئاخىرلاشتى. ئاللاھ چوڭ بىر قۇربانلىقنى بېرىش ئارقىلىق ئىسمائىلنى قۇتۇلدۇردى. ئۇ كۈنى، تېخى مەيدانغا كەلمىگەن بىر مىللەتنىڭ، يەنى مۇسۇلمانلارنىڭ بايرام كۈنى قىلىندى.

بۇ پەيتلەر، بۇ دەقىقىلەر مۇسۇلمانلارنىڭ بايرىمى قىلىندى.

ھەزرىتى ئىبراھىم بىلەن ئوغلى ئىسمائىل ماڭغان ھەقىقي ئىسلامنىڭ مەنىسى بىلەن ئۇلارنى خاتىرىلەيدىغان بايرام قىلىندى.

ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ قىسسىسى داۋاملاشماقتا.

ئوغلى ئىسمائىلنى تاشلاپ قويۇپ، ئىنسانلارنى دوستى (ئاللاھ) غا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن يەر يۈزىدە ئايلىنىشقا باشلىدى. كۈنلەر ئۆتتى. ھەزرىتى ئىبراھىم تۇغۇلغان يۇرتى بابىلدىن ئىراققا ھىجرەت قىلدى. ئىئوردانىيەدىن ئۆتۈپ، چۆلدىكى كەنئان مەملىكىتىگە ماكانلاشتى. ئىبراھىم بىر تەرەپتىن دەۋەت ئېلىپ بارسا، يەنە بىر تەرەپتىن لۇت بىلەن قەۋمى ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى سۈرۈشتە قىلاتتى. لۇت ئۇنىڭغا تۇنجى بولۇپ ئىمان ئېيتقان كىشى ئىدى. ئاللاھ ئۇنى گۇناھكار ۋە ئىسيانكار بىر قەۋمگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىش ئارقىلىق مۇكاپاتلىغانىدى.

بىر كۈنى، چاشكا مەزگىلى ئىدى.

ئىبراھىم چېدىرىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، ئوغلى ئىسمائىل بىلەن كۆرگەن چۈشىنى ئويلاۋاتاتتى. ئاللاھ ئۇنى (يەنى ئوغلىنى) چوڭ بىر قۇربانلىق بېرىپ قۇتۇلدۇرۇۋالغانىدى. ئۇنىڭ قەلبى بىردىنلا ئېرىپ، كۆزلىرى نەملەندى. پەرۋەردىگارىغا قانداق شۈكۈر ئېيتىشىنمۇ بىلەلمەي قالغانىدى. كۆزلىرىدىن دوملاپ چۈشكەن ئىككى تامچە ياش ئۇنىڭغا ئوغلى ئىسمائىلغا بولغان سېغىنىشىنى ۋە يولنىڭ ئۇزۇن مۇساپىسىنى ئەسلەتتى.

دەل شۇ ۋاقىتتا، ئۈچ پەرىشتە يەر يۈزىگە چۈشتى. ئۇلار جىبرىئىل، ئىسرافىل ۋە مىكائىل قاتارلىقلار ئىدى.

ئۇلار ناھايىتى كېلىشكەن ئۈچ ئادەمنىڭ شەكلىگە كىرگەنىدى. ئۇلارنىڭ يەر يۈزىدە ئىككى ۋەزىپىسى بار ئىدى. بىرى، ھەزرىتى ئىبراھىمنى يوقلاپ، ئۇنىڭغا پەرزەنت خەۋىرىنى يەتكۈزۈش. يەنە بىرى، لۇتنى يوقلاپ، ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ گۇناھلىرىغا چەكلىمە قويۇش.

ئۈچ پەرىشتە تىۋىش چىقارماي بىر ئاز ماڭدى. ئارىدىن بىرى ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ ئالدىغا بىر نەچچە تال شېغىل تاش ئاتتى. ھەزرىتى ئىبراھىم بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ يۈزىگە قارىدى. ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى تونۇمايتتى.

پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا سالام بەردى. ئىبراھىممۇ سالام قايتۇردى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇلارنى قارشى ئالدى. ئۇلارنى يات ئەللەردىن كەلگەن مېھمان دەپ ئويلاپ، چېدىرىغا باشلىدى ۋە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئۇلارنىڭ چىرايىدىكى راھەت ۋە مەمنۇنلۇقنى كۆرۈپ، كۆڭلى ئەمىن تاپتى ۋە ئۇلاردىن رۇخسەت سوراپ، چېدىردىن چىقىپ ئائىلىسىنىڭ يېنىغا ماڭدى.

سارە ئىبراھىمنىڭ كېلۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى. سارە ياشىنىپ، چاچلىرى ئاقىرىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى ئىمان نۇرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ياشلىقتا ئائىت ھېچقانداق ئەسەر قالمىغانىدى. ئىبراھىم ئايالىغا:

- ئۈچ كىشى بىزگە مېھمان بولۇپ كەلدى، - دېدى. ئايالى:

- كىملەر ئۇ؟ - دەپ سورىدى. ئىبراھىم:

- يات كىشىلەر ئىكەن، ھېچقايسىسىنى تونۇيالمىدىم. يىراق يەرلەردىن كەلگەندەك تۇرىدۇ. لېكىن ئۇستى - بېشىدىن ئۇلارنىڭ يولۇچى ئەمەسلىكى چىقىپ تۇرىدۇ. ئۆيدە يېگۈدەك نېمە بار؟ - دېدى. سارە:

- قويىنىڭ يېرىم گۆشى بار، - دېدى. سارەنىڭ يېنىدىن قايتماقچى بولۇپ تۇرغان ئىبراھىم:

- يېرىم قويمۇ؟ بوداقتىكى موزايىنى بوغۇزلايلى. ئۇلار مېھمان ھەم يات كىشىلەر. يېنىدا يا ئۇلاقلىرى، يا يۈك - تاقلىرى. يېمەك - ئىچمىكىمۇ يوق ئىكەن. قورساقلىرى ئېچىپ كەتكەندۇ. بەلكىم پېقىر كىشىلەردۇر، - دېدى.

ئىبراھىم سېمىز بىر موزايىنى تۇتۇپ، ئۇنى سويۇشقا بۇيرۇدى. موزاي ئاللاھنىڭ نامى تىلغا ئېلىنىپ بوغۇزلاندى. گۆشى قىزدۇرۇلغان تاشنىڭ ئۈستىدە پىشۇرۇلۇشقا باشلىدى. داستىخان تەييارلاندى. ئىبراھىم مېھمانلارنى تاماققا تەكلىپ قىلدى. ئايالى ئۇلارنى ئوبدانراق مېھمان قىلىش ئۈچۈن كۆپ پايپېتەك بولدى. پىشۇرۇلغان كالا گۆشلىرى مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قويۇلدى.

ئىبراھىم قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ، ئۇلارنى داستىخانغا تەكلىپ قىلدى. ئۇلارنىڭ تارتىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن تاماقنى ئۆزى ئېلىپ باشلاپ بەردى. ئىبراھىم ئاللاھنىڭ سېخىي كىشىلەرنى يالغۇز قويمايدىغانلىقىنى بىلىدىغان، قولى ئوچۇق، مەرت ئادەم ئىدى. بەلكىم ئۇنىڭ ئۆيىدە مۇشۇ موزايدىن باشقا ھايۋان يوق ئىدى. مېھمان ئاران ئۈچ كىشى بولغاچقا، يېرىم قويىنىڭ گۆشىمۇ ئۇلارغا يېتىپ ئاشاتتى. لېكىن ئىبراھىم بەكمۇ سېخىي كىشى ئىدى.

ئىبراھىم كۆزىنىڭ قىرىدا مېھمانلارغا قارىدى. ئۇلار داستىخانغا قول ئۇزاتماي ئولتۇراتتى. تاماقنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ: «يېمەمسىلەر؟» دېدى ۋە ئۆزى يەنە

يېيىشكە باشلىدى. بىرئازدىن كېيىن ئۇلارغا تەكرار قاراپ، ئۇلارنىڭ يەنە يېمەي ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇلار قوللىرىنى ئۇزاتماي جىم ئولتۇراتتى.

شۇ چاغدا، ئىبراھىم ئۇلاردىن ئەنسىرىدى. چۈنكى چۆل ئەنئەنىسى بويىچە، مېھمانىنىڭ تاماق يېمەسلىكى ئۇلارنىڭ ئۇي ئىگىسىگە بىرەر يامانلىق قىلماقچى بولغانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئىدى.

ئىبراھىم ئۆز ئىچىدە بۇ مېھمانلاردىكى غەلىتىلىكلەرنى ئويلاشقا باشلىدى. ئۇلار ئىبراھىمنىڭ يېنىدا تۇيۇقسىزلا پەيدا بولۇپ قالغانىدى. ئىبراھىم ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئاندىن كۆرگەنىدى. ئۇلارنىڭ نە ئات - ئۇلاغلىرى، نە يۈك - تاقلىرى يوق ئىدى. ئىبراھىمغا پۈتۈنلەي ناتونۇش بۇ كىشىلەر سەپەردىن كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئۈستى - بېشىدا سەپەرنىڭ ئىزناسى كۆرۈنمەيتتى. ئىبراھىم ئۇلارنى تاماققا تەكلىپ قىلغاندا، ئۇلار داستىخانغا ئولتۇردى. ئەمما تاماققا قول ئۇزاتمايۋاتاتتى.

ئىبراھىم تېخىمۇ قورقۇشقا باشلىدى. بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپقا قارىدى ۋە چېدىرنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئايالى سارەنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

ئىبراھىم كۆز ئىشارەتلىرى ئارقىلىق ئايالىغا ئۆزىنىڭ مېھمانلاردىن ئەندىشە قىلغانلىقىنى ئىپادىلىدى. ئەمما ئايالى ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشەنمىدى. ئىبراھىم ئۆزىنىڭ ئادەملىرىنى، خىزمەتچىلىرىنى ۋە قەۋمىنى ئويلىدى. مېھمانلار ئاران ئۈچ كىشى ئىدى.

ئۇلار ئەمدى قۇرامىغا يەتكەن ياش يىگىتلەر ئىدى. ئىبراھىم بولسا، قېرى بوۋاي ئىدى.

پەرىشتىلەر ئۇنىڭ يۈز ئىپادىلىرى ئارقىلىق كۆڭلىدىن كەچكەنلەرنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇردى. پەرىشتىلەردىن بىرى ئىبراھىمغا: «قورقمىغىن!» دېدى.

ئىبراھىم بېشىنى كۆتۈرۈپ، راستچىللىق بىلەن: «سىلەردىن راستىنلا قورقۇۋاتىمەن. سىلەرنى تاماققا تەكلىپ قىلدىم، ئەمما سىلەر قولۇڭلارنى ئۇزاتماي ئولتۇرىسىلەر. ماڭا يامانلىق قىلىشنى ئويلاۋاتامسىلەر؟» دېدى.

پەرىشتىلەردىن بىرى كۈلۈمسىرىگەن ھالدا: «ئى ئىبراھىم! بىز تائام يېمەيمىز. بىز ئاللاھنىڭ (لۇتنىڭ قەۋمىگە ئەۋەتكەن) پەرىشتىلىرى بولىمىز» دېدى.

سارە كۈلۈپ كەتتى، بىر چەتتە ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرغانىدى. پەرىشتىلەردىن بىرى ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ، ئىسھاق بىلەن خۇشخەۋەر بەردى: «ئاللاھ ساڭا ئىسھاق بىلەن خۇش خەۋەر بەردى» دېدى. بۇ سۆزلەردىن ھەيران بولغان سارە: ﴿ۋىيەي!

مەن بىر موماي تۇرسام، ئېرىم بىر بوۋاي تۇرسا، تۇغامدىمەن؟ بۇ ھەقىقەتەن قىزىق ئىشقۇ!﴾ دېدى.

پەرىشتىلەردىن بىرى ئۇنىڭغا يەنە: ﴿ئىسھاقتىن كېيىن يەئقۇب بىلەنمۇ خۇشخەۋەر بېرىمىز﴾ دېدى.

يەنى ئۇلار ئوغۇل پەرزەنتتىن كېيىن، نەۋرە يۈزىمۇ كۆرەتتى.

ئىبراھىم بىلەن ئايالى سارەنىڭ قەلبىدىكى ھېس - تۇيغۇلار دولقۇنلىنىشقا باشلىدى. چېھىرىنىڭ ئىچى بىردەمدىلا باشقىچە تۇسكە كىردى. ئىبراھىمنىڭ يۈرىكىدىكى قورقۇنچىنىڭ ئورنىنى غەلىتە ھېسسىياتلار ئالغانىدى. تۇغماس ئايالمۇ بىر بۆلۈڭدا تىترىگەن ھالدا ئۆرە تۇراتتى. پەرىشتىلەرنىڭ خۇشخەۋىرى ئۇنىڭ ئىچىنى ئاجايىپ قىلىپ قويغانىدى. سارە تۇغماس ئىدى، ئېرى ئىبراھىم بولسا، قېرىپ كەتكەنىدى. بۇ... بۇ قانداق مۇمكىن بولسۇن؟ ھەممىسى بىر پەس تېڭىرقاپ قالغانىدى.

ھەزرىتى ئىبراھىم ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ:

﴿مەن قېرىغان تۇرسام، ماڭا (بالا بىلەن) خۇشخەۋەر بەردىڭلارمۇ؟ ماڭا نېمە بىلەن خۇشخەۋەر بېرىۋاتىسىلەر؟﴾ دەپ سورىدى.

ئۇ خۇشخەۋەرنى قايتا ئاڭلىماقچى بولدىمۇ ياكى كۆڭلىنى ئەمىن تاپقۇزۇش ۋە ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتىنى قايتا ئاڭلىماقچى بولۇپ شۇنداق قىلدىمۇ؟

پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا راستىنلا خۇشخەۋەر ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ:

﴿بىز ساڭا راست خۇشخەۋەر بەردۇق، نائۈمىد بولمىغىن﴾ دېدى.

ئىبراھىم: ﴿پەرۋەردىگارىنىڭ رەھمىتىدىن گۇمراھلاردىن باشقا كىممۇ نائۈمىد بولار؟﴾ دېدى.

پەرىشتىلەر ئۇنىڭ ئىنسانغا خاس ھېس - تۇيغۇلىرىنى چۈشەنمىگەچكە، ئۇنى ئۈمىدسىزلىنىشتىن چەكلىدى. ئۇمۇ ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ئۈمىدسىز ئەمەسلىكىنى بىلدۈردى. بۇ پەقەت ئۇنىڭ سۆيگۈسىدىن كېلىپ چىققان بىر ئىپادە ئىدى. سارەنىڭ چىرايى دەھشەتلىك تۇسكە كىردى. ئۇ سۆزگە قايتا ئارىلىشىپ: « مەن بىر موماي تۇرسام تۇغامدىمەن؟ قىزىق ئىشقۇ بۇ! » دېدى.

پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:

سۈرە ھۇد 72 ـ ئايەت.
سۈرە ھۇد 71 ـ ئايەت.
سۈرە ھىجر 54 ـ ئايەت.
سۈرە ھىجر 55 ـ ئايەت.
سۈرە ھىجر 56 ـ ئايەت.

﴿ئاللاھنىڭ ئەمرىدىن (يەنى قۇدرىتىدىن) ئەجەبلىنەمسەن؟ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە بەرىكەتلىرى سىلەرنىڭ ئائىلەڭلارغا (يەنى ئىبراھىمنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە) نازىل بولسۇن. ئاللاھ ھەقىقەتەن مەدھىيىلەشكە لايىقتۇر، ئۇلۇغلاشقا لايىقتۇر﴾ .

خۇشخەۋەر ـ ئىبراھىم بىلەن ئايالى سارەنىڭ ھاياتى ئۈچۈن ئاددىي ئىش ئەمەس ئىدى. ئىبراھىمنىڭ بىرلا ئوغلى (يەنى ئىسمائىل) بار ئىدى. ئەمما ئۇنى بەكمۇ يىراققا (يەنى ئەرەب يېرىم ئارىلىغا) قويۇپ قويغانىدى.

سارە ئىبراھىم بىلەن ئۇزۇن يىللاردىن بېرى بىللە ياشاپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، پەرزەنت يۈزى كۆرەلمىگەنىدى. شۇڭا ئىبراھىمغا چۆرىسى ھاجەرنى ئېلىپ بەرگەنىدى. ھاجەر ئىسمائىلنى دۇنياغا كەلتۈرگەنىدى. سارەنىڭ بولسا، بالىسى يوق ئىدى. ئەمما بالىسى بولۇشىنى شۇنداق ئۈمىد قىلغانىدى. ئۇ ئۇزۇن يىللارغىچە بۇ ئۈمىد بىلەن ياشىدى. كېيىنچە، ئۇ قېرىپ موماي بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، بۇ خىيالدىن ۋاز كەچكەنىدى.

ئۇ، ئاللاھنىڭ تەقدىرىگە بويسۇنۇشتىن باشقا ئامال يوق ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئاللاھ ئىبراھىم بىلەن ھاجەرنىڭ ھاياتىنى مۇشۇنداق ئورۇنلاشتۇرغانىدى. مانا ئەمدى، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئۇلارغا خۇشخەۋەر بېرىلىۋاتاتتى.

ئۇ بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرەتتى. بۇ، نورمال ئوغۇل ئەمەس بولۇپ، پەرىشتىلەر: «ئۇ ئىلىملىك ئوغۇل بولىدۇ» دېگەنىدى.

پەرىشتىلەر پەقەت ئوغلىنىڭلا ئەمەس، بەلكى ئوغلىنىڭمۇ ئوغلى بولىدىغانلىقىنى ۋە سارەنىڭ نەۋرىسىنىڭ ھاياتىغىمۇ گۇۋاھچى بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەسلىدە ئۇ ئۇزۇن يىللارغىچە سەۋر قىلىپ، ئاخىرى ئۈمىدىنى ئۈزگەنىدى.

ئەمما ئاللاھنىڭ ئىرادىسى ئۇنىڭدىكى ئۈمىدسىزلىكنى سۈپۈرۈپ تاشلىدى. سارە خۇشاللىقتىن كۆز يېشى تۆكۈشكە باشلىدى. مېھمانلارنىڭ ئالدىدا چاندۇرماسلىق ئۈچۈن شۇنچە تىرىشقان بولسىمۇ، ئۆزىگە ھاي بېرەلمىدى.

ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرىمۇ داۋالغۇپ كەتتى. ئۆزىنىڭ قانداق شۈكۈر ئېيتىشنى بىلەلمەيدىغان يەنە بىر نېئمەتكە نائىل قىلىنغانلىقىنى ھېس قىلغانىدى.

ئىبراھىم سەجدە قىلدى.

ئوغلى ئىسمائىل يىراقتا بولغاچقا، ئۇنى كۆرەلمەيتتى. ئۇ ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن ئۇ يەردە (يەنى ئەرەب يېرىم ئارىلىدا) ئىدى. ئاللاھ ئىبراھىمغا (ئۇنىڭ) ھاجەر بىلەن ئىسمائىلنى ئېلىپ بېرىپ، سۇسىز ۋە ئېكىنسىز بىر ۋادىغا قويۇپ قويۇشنى بۇيرىغانىدى.

[4] سۈرە ھۇد 73 ـ ئايەت.

بۇ، تەبىرى يوق ئەمر ئىدى.

ئىبراھىم ئەمرنى ئىجرا قىلدى. ئۇ ھاياتى بويىچە ئىنسانلارنى ئاللاھقا دەۋەت قىلىپ ئۆتتى. ئاللاھ ئۇنىڭغا قېرىپ قالغاندا سارەدىن ئىسھاقنىڭ، ئىسھاقتىن يەئقۇبنىڭ خۇش خەۋىرىنى بەرگەنىدى.

ئىش تۈگىدى. خۇشخەۋەر ئۇلارغا يەتكۈزۈلدى. ئىبراھىم سەجدىدىن تۇردى. كۆزى تاماققا چۈشتى. ھاياجاندىن تاماق يېيەلمەيدىغانلىقىنى چۈشىنىپ، خىزمەتچىلىرىگە داستىخاننى يىغىۋېتىشكە بۇيرۇپ، پەرىشتىلەرگە بۇرالدى.

ئىچىدىكى قورقۇنچ ھېسسىياتلىرى يوقىلىپ، ھاياجىنى بېسىلغان ئىدى. پەرىشتىلەر بەرگەن خۇشخەۋەر ئۇنى پەسكويىغا چۈشۈردى. ئۇلارنىڭ قېرىندىشى لۇتنىڭ قەۋمى ئۈچۈن ئەۋەتىلگەنلىكىنى يادىغا ئالدى. ئىبراھىم ئۇلارنىڭ لۇتنىڭ قەۋمىگە نېمە ئۈچۈن ئەۋەتىلدىغانلىقىنى بىلەتتى. دېمەك، لۇتنىڭ قەۋمىگە قورقۇنچلۇق ئازاب كېلەتتى. ئىبراھىمنىڭ مەرھەمەتلىك ۋە شەپقەتكار تەبىئىتى بىر قەۋمنى ئىتائەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارنى ھالاك قىلىۋېتىشكە يار بەرمەيتتى. بەلكىم لۇتنىڭ قەۋمى نىيىتىدىن يانغان بولۇشى ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئىتائەت قىلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

ئىبراھىم پەرىشتىلەر بىلەن لۇتنىڭ قەۋمى ھەققىدە مۇنازىرىلىشىشكە باشلىدى. ئۇ پەرىشتىلەرگە لۇتنىڭ قەۋمىنىڭ پەيغەمبەرگە ئىمان ئېيتىش ۋە گۇناھتىن ۋاز كېچىش ئېھتىماللىقى بارلىقىنى ئېيتتى. پەرىشتىلەرمۇ ئۇنىڭغا ئۇلارنىڭ گۇناھكار قەۋم ئىكەنلىكىنى. ئاللاھنىڭ ئۇلار ئۈچۈن مەخسۇس ساپال تاشلارنى چۈشۈرىدىغانلىقىنى ۋە بۇ ۋەزىپىنىڭ ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغانلىقىنى ئېيتتى. پەرىشتىلەرنىڭ سۆزلىرىدىن كېيىن، ئىبراھىم لۇتنىڭ قەۋمىدىكى مۆئمىنلەر توغرىسىدا ئېغىز ئاچتى ۋە مۇنداق دەپ سورىدى: «ئىچىدە ئۈچ يۈزگە يېقىن مۆئمىن بار بىر يېزىنى پۈتۈنلەي ھالاك قىلىۋېتەمسىلەر؟» پەرىشتىلەر: «ياق!» دېدى. ئىبراھىم بىرئاز راھەتلىدى ۋە مۆئمىنلەرنىڭ سانىنى ئازايتىپ، ئۇلاردىن شۇ قەدەر مۆئمىن بار يېزىنىڭ قانداقلارچە ھالاك قىلىنىدىغانلىقىنى سورىغانىدى.

پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا: «بىز ئۇ يەردىكى مۆئمىنلەرنىڭ ئەھۋالىنى تېخىمۇ ياخشى بىلىمىز» دەپ جاۋاب بېرىشتى. ئاندىن ئۇلار ئىبراھىمغا ئۆز ۋەزىپىلىرىنىڭ ئورۇندالغانلىقىنى، ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ئەمرىنىڭ بەجا كەلتۈرۈلۈشى ۋە لۇتنىڭ قەۋمىنىڭ ھالاك بولۇشى كېرەكلىكىنى چۈشەندۈردى. ئۇنىڭ بۇنداق مەرھەمەتلىك ۋە شەپقەتلىك بولماسلىقىنى، ئۆزلىرىگە رەت قىلىنمايدىغان ۋەزىپە تاپشۇرۇلغانلىقىنى، ئۇنىڭ مۇنازىرىسىنىڭ لۇتنىڭ قەۋمىنى ھالاك قىلىش قارارىنى ئۆزگەرتەلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئىبراھىم ھەقىقەتەن كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ، دىلى يۇمشاق، ھەممە ئىشتا ئاللاھقا مۇراجىئەت قىلىدىغان پەيغەمبەر ئىدى.

ئۇلۇغ ئاللاھ ھۇد سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئەلچىلىرىمىز (يەنى پەرىشتىلەر) ئىبراھىمغا خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلدى. ئۇلار: «ساڭا ئامانلىق تىلەيمىز» دېدى. ئىبراھىم: «سىلەرگە ئامانلىق تىلەيمەن» دېدى. ئۇ ئۇزاققا قالماي بىر موزاينى كاۋاپ قىلىپ ئېلىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ (يەنى پەرىشتىلەرنىڭ) ئۇنىڭغا قول ئۇزاتمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارنى خۇش كۆرمىدى، ئۇلاردىن قورقۇنچ ھېس قىلدى، ئۇلار: «قورقمىغىن (بىز رەببىڭنىڭ پەرىشتىلىرى، تاماق يېمەيمىز)، بىز ھەقىقەتەن لۇتنىڭ قەۋمىنى (ھالاك قىلىش ئۈچۈن) ئەۋەتىلدۇق» دېدى. ئۇنىڭ ئايالى (يەنى سارە) بىر تەرەپتە تۇرۇپ (لۇت قەۋمىنىڭ ھالاك بولىدىغانلىقىدىن خۇشاللىنىپ) كۈلدى، بىز ئۇنىڭغا (يەنى سارەگە) ئىسھاق (ئاتلىق بالىسى بولىدىغانلىقى) بىلەن ۋە ئىسھاقتىن كېيىن كېلىدىغان يەئقۇب (ئاتلىق نەۋرىسى بولىدىغانلىقى) بىلەن خۇش خەۋەر بەردۇق. ئۇ (يەنى سارە): «ۋىيەي! مەن بىر موماي تۇرسام، ئېرىم بىر بوۋاي تۇرسا، تۇغامدىمەن؟ بۇ ھەقىقەتەن قىزىق ئىشقۇ!» دېدى. ئۇلار: «ئاللاھنىڭ ئەمرىدىن (يەنى قۇدرىتىدىن) ئەجەبلىنەمسەن؟ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە بەرىكەتلىرى سىلەرنىڭ ئائىلەڭلارغا (يەنى ئىبراھىمنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە) نازىل بولسۇن. ئاللاھ ھەقىقەتەن مەدھىيىلەشكە لايىقتۇر، ئۇلۇغلاشقا لايىقتۇر» دېدى. ئىبراھىمدىن قورقۇنچ يوقالغان ھەمدە خۇش خەۋەر ئۇنىڭغا يەتكەن چاغدا، ئۇ بىز بىلەن لۇتنىڭ قەۋمى توغرىسىدا مۇنازىرىلىشىشكە كىرىشتى. ئىبراھىم بولسا ھەقىقەتەن كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ، كۆپ ئاھ چەككۈچى (يەنى دىلى يۇمشاق)، (ھەممە ئىشتا) ئاللاھقا مۇراجىئەت قىلغۇچى زاتتۇر. (پەرىشتىلەر ئېيتتى): «ئى ئىبراھىم! بۇنى (يەنى لۇت قەۋمى توغرىسىدا مۇنازىرىلىشىشنى) قويغىن، شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭنىڭ (ئۇلارنى ھالاك قىلىش توغرىسىدىكى) ئەمرى ئاللىقاچان چۈشتى. ئۇلارغا چوقۇم (مۇنازىرىلىشىش ياكى شاپائەت قىلىش بىلەن) قايتۇرغىلى بولمايدىغان ئازاب چۈشىدۇ»﴾[4].

پەرىشتىلەرنىڭ سۆزى مۇنازىرىلىشىشنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئىبراھىم جىمىدى.

قىسسىسىنى ۋاقىتنچە توختىتىپ تۇرۇش ئۈچۈن، ھەزرىتى ئىبراھىمدىن رۇخسەت ئالىمىز.

قالغىنىنى لۇتنىڭ قىسسىسىدىن كېيىن داۋاملاشتۇرىمىز.

* * * * *

[4] سۈرە ھۇد 69 ــ 76 ـ ئايەتكىچە.

## لۇت ئەلەيھىسسالام

ئۇلۇغ ئاللاھ شۇئەرا سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿لۇتنىڭ قەۋمى پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلدى. ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارغا قېرىندىشى لۇت ئېيتتى: «سىلەر (ئاللاھتىن) قورقمامسىلەر؟ مەن ھەقىقەتەن سىلەرگە سادىق پەيغەمبەرمەن. سىلەر ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار»﴾ [4].

لۇت قەۋمىنى ئاللاھقا ئەنە شۇنداق مۇلايىملىق ۋە مېھرى - شەپقەت بىلەن دەۋەت قىلغانىدى.

لۇت ئۇلارنى يالغۇز، شېرىكى بولمىغان ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇلارنى يامان ئىشلارنى قىلىشتىن ۋە گۇناھ ئىشلەشتىن توسقانىدى. ئۇنىڭ دەۋىتى تاش يۈرەك، قاتتىق قول، قوپال مۇئامىلە ۋە پەسكەش ئارزۇ - ھەۋەسلەرگە دۇچ كەلدى. لۇتنىڭ قەۋمى ناھايىتى قەبىھ گۇناھلارنى ئۆتكۈزەتتى. بۇلاڭچىلىق قىلاتتى، دوستىغا خىيانەت قىلاتتى، بىر - بىرىگە گۇناھ ئۆتكۈزۈشنى تەۋسىيە قىلاتتى، ھەر قانداق جىنايەتتىن يانمايتتى. ئۇلارنىڭ جىنايەتلىرىگە دۇنيادا ھېچ كۆرۈلۈپ باقمىغان، يېڭى - يېڭى جىنايەتلەر قېتىلىپ تۇراتتى. ئۇلار ئىنسانىي كۈچ - قۇۋۋەتلىرىنى ۋە تەبىئەتلىرىدىكى يېڭىلىق يارىتىش روھىنى ئىنسانلار بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغان، يېڭى جىنايەتلەرنى تېپىپ چىقىشقا خىزمەت قىلدۇراتتى.

ئۇلار ئاياللارنى قويۇپ، جىنسىي تەلۋىنى ئەرلەر بىلەن قاندۇراتتى.

ئاللاھ تائالا نەمل سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ئەينى ۋاقىتتا لۇت ئۆزىنىڭ قەۋمىگە ئېيتتى: «سىلەر بىلىپ تۇرۇپ قەبىھ ئىشلارنى قىلامسىلەر؟ سىلەر ئاياللارنى قويۇپ، جىنسىي تەلۋىڭلارنى ئەرلەر بىلەن قاندۇرامسىلەر؟ بەلكى سىلەر نادان قەۋمسىلەر»﴾ □.

ئەجىبا، قەۋمى ئۇنىڭ سەمىمىي تەۋسىيەسىگە قانداق جاۋاب قايتۇرغانىدى؟ ئۇلارنىڭ جاۋابى ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىغا ئوخشاشلا غەلىتە ئىدى:

﴿ئۇلارنىڭ بىردىنبىر جاۋابى: «لۇتنىڭ تەۋەلىرىنى شەھىرىڭلاردىن ھەيدەپ چىقىرىڭلار، ئۇلار پاك كىشىلەردۇر» دېيىشتىن ئىبارەت بولدى﴾ .

ئۇلارنىڭ ئاۋۋال قوغلىماقچى بولغانلىقى، ئاندىن ماختىغانلىقى غەلىتىلىك ئەمەسمۇ؟

---

[4] سۈرە شۇئەرا 160 ـ 163 ـ ئايەتكىچە.
□ سۈرە نەمل 54 ـ 55 ـ ئايەتلەر.
□ سۈرە نەمل 56 ـ ئايەت.

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، لۇتنىڭ قەۋمىنىڭ ئاك ـ چۈشەنچىسى پۈتۈنلەي تەتۈر بۇرمىلىنىپ كەتكەنىدى. يەنە كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلىشى ۋە ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىشى كۆز ئالدىدىكى ھەممە نەرسىنى تەتۈرىگە بۇرىۋەتكەنىدى. شۇڭا، ئاياللارنىڭ ئورنىغا ئەرلەرنى تەلەپ قىلىش، پاك بولغانلارنى شەھەردىن قوغلاش دېگەندەك ئىشلار ئۇلار ئۈچۈن نورمال ئەھۋال ئىدى. ئۇلار شىپاغا قارشى تۇرىدىغان ۋە ئۇنى رەت قىلىدىغان كېسەل كىشىلەر ئىدى.

لۇت، قەۋمىنىڭ بۇ قىلمىشلىرىغا بەكمۇ قايغۇراتتى. ئۇلار ھەممە ئىشنى ئوچۇق ـ ئاشكارا قىلاتتى. شەھەرگە يات كىشى، يولۇچى ياكى مېھمان كېلىپ قالسا، ئۇ كىشىنى ئۇلارنىڭ قولىدىن ھېچكىم قۇتۇلدۇرۇپ قالالمايتتى. ئۇلار لۇتقا مۇنداق دەيتتى: «سەن ئاياللارنى مېھمان قىل، ئەرلەرنى بىزگە قويۇۋەت!» ئۇلارنىڭ سېسىق نامى ھەر يەرگە پۇر كەتتى. لۇت ئۇلار بىلەن كۆپ ئېلىشتى، ئۇلارغا دەلىل كەلتۈردى. كۈنلەر، ئايلار، يىللار ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ھېچكىم ئىشەنمىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ دەۋىتىنى داۋاملاشتۇردى. ئۇنىڭغا ئائىلىسىدىن باشقا ھېچكىم ئىمان ئېيتمىغانىدى. ھەتتا ئائىلىسىدىنمۇ ھەممىسى ئىمان ئېيتمىغانىدى. مەسىلەن، لۇتنىڭ ئايالى نۇھنىڭ ئايالىغا ئوخشاش پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلغانىدى.

﴿ئاللاھ كۇففارلارغا (ئۇلارنىڭ مۇئمىنلەر بىلەن تۇغقانچىلىقىنىڭ پايدا بەرمەسلىكىدە) نۇھنىڭ ئايالى ۋە لۇتنىڭ ئايالىنى مىسال قىلىپ كۆرسەتتى، ئۇلار بولسا بىزنىڭ بەندىلىرىمىزدىن ئىككى ياخشى بەندىمىزنىڭ ئەمرىدە ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىككىلىسى ئەرلىرىگە (ئىمان ئېيتماسلىق بىلەن) خىيانەت قىلدى، ئۇلارنىڭ ئەرلىرى (يەنى نۇھ بىلەن لۇت) (پەيغەمبەر تۇرۇقلۇق) ئۇلاردىن ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ھېچ نەرسىنى دەپئى قىلالمىدى. (ئۇ ئىككىسىگە) «دوزاخقا كىرگۈچىلەر بىلەن بىللە كىرىڭلار» دېيىلدى﴾ .

ئۆي ـ ئىنسان ئارام ئالىدىغان ۋە راھەتلىنىدىغان يەردۇر. ئەمما لۇت ئۆيىنىڭ ئىچىدىمۇ، سىرتىدىمۇ راھەت كۆرمەيتتى. ھاياتى داۋاملىق زۇلۇم ۋە مۇشكۇللۇك ئىچىدە ئۆتەتتى. قەۋمىنىڭ قىلمىشلىرىغا سەۋرچانلىق قىلاتتى. ئارىدىن شۇنچە يىل ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ھېچكىم ئىشەنمىگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قەۋمى ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى مەسخىرە قىلىپ، مۇنداق دېيىشەتتى:

﴿ئەگەر سەن راستچىللاردىن بولساڭ، بىزگە ئاللاھنىڭ ئازابىنى كەلتۈرگىن!﴾

شۇنىڭ بىلەن، لۇت ئۇلاردىن ئۈمىدىنى ئۈزدى ۋە ئاللاھنىڭ ئۇلارنى ھالاك قىلىپ، ئۆزىگە ياردەم بېرىشى ئۈچۈن يالۋۇرۇپ دۇئا قىلدى.

...

سۈرە تەھرىم 10 ـ ئايەت.

سۈرە ئەنكەبۇت 29 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

پەرىشتىلەر ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ يېنىدىن ئايرىلىپ، لۇتنىڭ قەۋمى تەرەپكە يۈزلەندى ۋە ئەسىر ۋاقتى بىلەن ئۇ يەرگە يېتىپ كەلدى.

سەدۇمنىڭ سېپىللىرىغا يېقىنلاپ كەلدى. بوستانلىق بىر يەرنىڭ ئوتتۇرىدىن بىر ئۆستەڭ ئېقىپ ئۆتەتتى. لۇتنىڭ قىزى تۇلۇمغا سۇ ئېلىش ئۈچۈن ئۆستەڭ بويىدا تۇراتتى.

لۇتنىڭ قىزى بېشىنى كۆتۈرۈپ پەرىشتىلەرنى كۆردى. يەر يۈزىدە بۇنداق كېلىشكەن ئەرلەرنىڭمۇ بارلىقىنى كۆرۈپ ھاڭ ـ تاڭ قالدى.

ئۇچىدىن بىرى قىزدىن سورىدى: «ئى قىزچاق! بۇ ئۆي سىلەرنىڭمۇ؟»

قىز (قەۋمىنى يادىغا ئېلىپ): «سىلەر شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرۇڭلار. مەن ئاتامغا خەۋەر بېرىپ كەلگىچە، بۇ تەرەپكە يېقىنلاشماڭلار!» دېدى. ئاندىن تۇلۇمنى ئۆستەڭ بويىدا قويۇپ، ئاتىسى تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى.

«ئاتا! شەھەرنىڭ كىرىش ئېغىزىدا بىر نەچچە يىگىت سېنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. ھازىرغىچە ئۇلاردەك ئادەملەرنى كۆرۈپ باقمىدىم» دېدى.

لۇت ئۆز ـ ئۆزىگە: «بۈگۈن دىشۋارچىلىق كۈنىدۇر» دېدى ۋە يۈگۈرگەن پېتى مېھمانلارنىڭ يېنىغا باردى. ئۇلارنى كۆرۈپلا جېنى سىقىلدى ۋە: «بۈگۈن دىشۋارچىلىق كۈنىدۇر» دېدى. ئۇلاردىن نەدىن كەلگەنلىكىنى، كېلىش مەقسىتىنى سورىدى. ئۇلار جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا، ئۇنىڭدىن ئۆزلىرىنى مېھمان قىلىشنى تەلەپ قىلدى. لۇت ئۇلاردىن ئەيمەندى ۋە ئالدىغا چۈشۈپ ماڭدى. بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن توختاپ، ئۇلارغا قارىدى ۋە: «يەر يۈزىدە بۇ قەۋمدىنمۇ ئەسكى خەلقنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمەن» دېدى.

ئۇ، بۇ سۆزنى ئۇلارنى كېچىدە شەھەردە قېلىشتىن ۋاز كەچكۈزۈش ئۈچۈن ئېيتقانىدى. ئەمما ئۇلار لۇتنىڭ سۆزىگە پىسەنت قىلىپ كەتمىدى، جاۋابمۇ بەرمىدى.

لۇت يولىنى داۋاملاشتۇردى. سۆزىنى ئايلاندۇرۇپ بۇ شەھەر خەلقىنىڭ قەبىھلىكىگە بۇرايتتى. ئۇلارغا شەھەر خەلقىنىڭ پەسكەش ۋە ئەخلاقسىز ئىكەنلىكىنى، مېھمانلارنى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ زېھنىدە ئىككى ئاساسلىق مەسىلە بار ئىدى. بىرى، مېھمانلىرىنى لايىقىدا، چىرايلىقچە كۈتۈۋېلىش. يەنە بىرى، ئۇلارنى كېچىدە بۇ شەھەردە قالماي، يولىنى داۋاملاشتۇرۇشقا قايىل قىلىش. شۇڭا ئۇ كۈچىنىڭ بېرىچە سۆزلىرىنى شۇ تەرەپكە تارتىشقا تىرىشتى.

ئەمما مېھمانلار بەكمۇ يوچۇن كىشىلەر بولۇپ، ئاساسەن گەپ ـ سۆز قىلماي ماڭاتتى. لۇت ئۇلارنىڭ بۇ كېچىنى مۇشۇ شەھەردە ئۆتكۈزۈش نىيىتى بارلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇلارنى كۈن پېتىپ، شەھەرگە قاراڭغۇلۇق چۈشكىچە مۇشۇ بوستانلىقتا تۇتۇپ تۇرماقچى بولدى. كەچ كىرگەندە، ئۇلارنى شەھەر خەلقىگە بىلدۈرمەيلا ئۆيىگە

ئەكىرىۋېلىپ، ئەتىسى سەھەر يەنە چاندۇرماي شەھەر سىرتىغا ئەچىقىپ قويۇشنى ئويلىدى.

لۇت تولىمۇ غەمكىن كۆرۈنەتتى. ئۇ ئىچىدىكى قورقۇنچ ۋە قايغۇدىن مېھمانلارنى تاماققا تەكلىپ قىلىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالغانىدى.

كۈن پېتىپ، قاراڭغۇ چۈشتى. لۇت ئۈچ مېھمىنىنى ئۆيىگە باشلاپ كىردى. ئۇلارنى ھېچكىم كۆرمىگەنىدى. ئايالى مېھمانلارنى كۆرۈپ، لۇتقا دەپ قويمايلا سىرتقا چىقىپ كەتتى.

ئايال دەرھال قەۋمىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇلارنى خەۋەرلەندۈردى. خەۋەر خۇددى توك ئېقىمىدەك بىردەمدىلا پۈتۈن شەھەرگە تارقالدى. خەلق توپلىنىپ، لۇتنىڭ ئۆيىگە سەلدەك ئېقىپ كەلدى.

ئۇلۇغ ئاللاھ ھۇد سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿بىزنىڭ ئەلچىلىرىمىز (يەنى پەرىشتىلەر) لۇتنىڭ يېنىغا كەلگەن چاغدا (لۇت ئۇز قەۋمىنىڭ ئۇلارغا چېقىلىپ قويۇشىدىن قورقۇپ) قىيىن ئەھۋالدا قالدى، ئۇلار توغرىسىدا يۈرىكى سىقىلدى ۋە: «بۇ دىشۋار كۈندۇر» دېدى. لۇتنىڭ قەۋمى ئۇنىڭ قېشىغا ئالدىراپ كېلىشتى، ئۇلار بۇرۇنلا يامان ئىشلارنى قىلاتتى (يەنى لىۋاتە قىلاتتى)﴾[1].

لۇت خەۋەر بەرگەن كۈن يېتىپ كەلگەنىدى.

دىشۋارچىلىق كۈنى باشلاندى. قەۋمى يۈگۈرگەن پېتى ئۇنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كېلىشتى. لۇت ھەيران قالدى. ئۇلارغا كىم خەۋەر بەرگەندۇ؟ ئايالىنى ئىزدىدى. ئەمما تاپالمىدى. لۇتنىڭ قايغۇسى تېخىمۇ ئاشتى. قەۋمى ئىشىك ئالدىغىچە دېۋەيلەپ كېلىۋالغانىدى. لۇت ياخشىراق چۈشەنچە بېرىش ئۈمىدى بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى. ئۇلارغا نېمە دەيدۇ؟ ئۇلاردىن دۇرۇست بولۇشنى تەلەپ قىلامدۇ؟ ئۇلارغا ئىنسانىي خۇلق ھەققىدە چۈشەنچە بېرەمدۇ ياكى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئاللاھ ياراتقان نورمال جىنسىي ئاڭنى ئويغىتامدۇ؟ ... ئۇنىڭ چىرايلىق قىزلىرى بار بولۇپ، ئۇلار پۈتۈن دۇنيادىكى ئاياللارنىڭ سىمۋولى ئىدى. ئاياللار ئەرلەر ئۈچۈن ئەرلەردىن پاك ھېسابلىنىدۇ.

﴿لۇت ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! مېنىڭ بۇ قىزلىرىم (قەۋمىدىكى ئاياللارنى دېمەكچى، چۈنكى پەيغەمبەر دېگەن ئۈممىتىنىڭ ئاتىسى ئورنىدا بولىدۇ) سىلەرگە ئەڭ پاكتۇر، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، مېھمانلىرىم ئۈستىدە مېنى رەسۋا قىلماڭلار، ئاراڭلاردا قەبىھ ئىشتىن توسىدىغان بىرەر كاللىسى جايىدا ئادەم يوقمۇ؟»﴾[2]

"مېنىڭ بۇ قىزلىرىم سىلەرگە ئەڭ پاكتۇر" - ئەجەبا لۇت بۇ سۆزلىرى ئارقىلىق نېمە دېمەكچى؟

---

[1] سۈرە ھۇد 77 ــ 78 ـ ئايەتلەر.

[2] سۈرە ھۇد 78 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

لۇت مۇنداق دېمەكچى ئىدى: مانا سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا دۇنيانىڭ ئاياللىرى تۇرۇپتۇ. ئۇلار روھىي ۋە ھېسسىي پاكلىق جەھەتتىن تېخىمۇ پاكتۇر. ئۇلار نورمال خۇلققا مۇناسىپ كېلىدۇ ۋە ئەرلەرنىڭ ۋۇجۇدىدا پاك ھېس ـ تۇيغۇ ئويغىتىدۇ. شۇنداقلا، ئۇلار ھېسسىيات جەھەتتىنمۇ ئەڭ پاكتۇر.

"ئاللاھتىن قورقۇڭلار" ـ لۇت ئۇلارغا ئىنسانىي خۇلق ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەندىن كېيىن، ئۇلارنى تەقۋا بولۇشقا ئۈندىدى. ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاللاھنىڭ كۆرۈپ، ئاڭلاپ تۇرىدىغانلىقىنى، غەزەبلىنىدىغانلىقىنى ۋە جازالايدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماڭلار. ئۇنىڭ غەزىپىدىن قورقۇش ئاقىل ئىنسانلار ئۈچۈن تېخىمۇ پايدىلىقتۇر.

"مېھمانلىرىم ئۈستىدە مېنى رەسۋا قىلماڭلار" ـ بۇمۇ ئۇلارنىڭ ئەنئەنىلىرىگە مۇناسىۋەتلىك سۆز بولۇپ، كۆچمەن خەلق مېھمانلىرىغا ئىززەت ـ ئىكرام كۆرسىتىشى ۋە ئۇلارنىڭ ئالدىدا رەسۋا بولماسلىقى لازىم ئىدى.

"ئاراڭلاردا قەبىھ ئىشتىن توسىدىغان بىرەر كاللىسى جايىدا ئادەم يوقمۇ؟" ـ يەنى ئاراڭلاردا ئەقلى ـ ھوشى جايىدا بىرى يوقمۇ؟ سىلەرنىڭ تەلىپىڭلار (ئەگەر ئورۇنلانسا) ساراڭلىقنىڭ ئۆزى ئەمەسمۇ؟ ئاقىل بولۇش سىلەر ئۈچۈن تېخىمۇ مۇۋاپىق، تېخىمۇ پايدىلىقتۇر. بۇ مەسىلە ـ ئاقىل ۋە ساراڭلىق مەسىلىسى، ئۇندىن باشقا، دىن، ئەخلاق، خۇلق ۋە شەرەپ مەسىلىسىدۇر.

قەۋمى ئۇنىڭ سۆزلىرى تۈگىگىچە ئاڭلاپ تۇردى ۋە كەينىدىن قاقاھلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. ئۇلار پەقەت ئارىلىرىدا كۈلكىلىك گەپ چىققاندىلا شۇنداق كۈلۈشۈپ كېتەتتى. لۇتنىڭ سۆزلىرى بۇزۇق ۋە كېسەل خۇلققا، ئۇلۇك ۋە قاتمال يۈرەككە، قاساۋەت بېسىپ كەتكەن ئەخمەق ئەقىلگە تەسىر قىلمىدى. ئۇنىڭ ئۈمىدى پۈتۈنلەي سۇغا چىلاشتى.

﴿ئۇلار (لۇتقا) ئېيتتى: «قىزلىرىڭغا بىزنىڭ ھاجىتىمىز يوق ئىكەنلىكىنى سەن ئوبدان بىلىسەن، شۇنىڭدەك بىزنىڭ مەقسىتىمىزنىمۇ ئوبدان بىلىسەن»﴾[1].

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پۈتۈن دۇنيا بىلىدىغان، ئەمما لۇت بىلمەس بولۇۋالغان مەقسىتىنى ئوچۇق ئېيتالمىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ مەقسىتىنى خەلقى ئالەم، شۇنداقلا، بۇ ئىما ـ ئىشارەتلىك سۆزلەرنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى لۇتمۇ ئوبدان بىلەتتى.

لۇت ھاڭ ـ تاڭ قالدى.

ئۆزىنىڭ قەۋمى ئىچىدە يالغۇز ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنى قوغدىغۇدەك ئۇرۇق ـ تۇغقىنى ياكى ئوغۇل ئەۋلاتلىرى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بەكمۇ ئاجىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. لۇت ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى جالاقلىتىپ يېپىپ كىرىپ كەتتى. ئىشىك ئالدىدىكى كۆلكە ئاۋازلىرى ۋە ئىشىك قاققان ئاۋازلار بارغانسېرى ئەۋجىگە چىققىلى تۇردى. كونىراپ كەتكەن تاختاي ئىشىك ئۆزىنىڭ بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈۋاتقاندەك،

[1] سۈرە ھۇد 79 ـ ئايەت.

غىرىسلاپ تۇراتتى. لۇت ھەم خىجىللىق ھەم غەزەپتىن لاغىلداپ تىترىگەن ھالدا ئىشىك ئارقىسىدا تۇراتتى.

لۇتنىڭ مېھمانلىرى ناھايىتى تەمكىنلىك بىلەن بىخارامان ئولتۇراتتى. لۇت ئۇلارنىڭ بىخاراماندىقىغا قاراپ ھەيران قالدى ۋە ئەنسىزچىسى تېخىمۇ ئارتىشقا باشلىدى. چۈنكى ئۇلار لۇتقا ئىشىنىپ، ئۇنىڭ پاناھلىقىغا سىغىنغانىدى. ئۇنىڭ ئۇلارنى قوغدىيالمايدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. قاتتىق ئۈمىدسىزلەنگەن لۇت، بوغۇق ئاۋازى بىلەن ۋارقىراشقا باشلىدى:

﴿كاشكى مېنىڭ (سىلەرگە قارشى تۇرىدىغان) كۈچ ـ قۇۋۋىتىم بولسا ئىدى، ياكى ئىلتىجا قىلىدىغان كۈچلۈك جەمەتىم بولسا ئىدى (چوقۇم سىلەرگە زەربە بەرگەن بولاتتىم)﴾ [1].

لۇت قەۋمىنى مېھمانلىرىدىن قوغدىيالىغۇدەك كۈچ ـ قۇۋۋىتى ۋە ئۆزى ياردەم تەلەپ قىلغۇدەك يېقىن ئادەملىرى بولۇشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلدى. ئۇ ئۆز بېشىغا كەلگەن بۇنچە قايغۇ ۋە جاپا ـ مۇشەققەت تۈپەيلىدىن ئۆزىنىڭ ناھايىتى كۈچلۈك باشپاناھى بار ئىكەنلىكىنى، يەنى پەيغەمبەرلىرى ۋە ۋەلىيلىرىنى (دوستلىرىنى) تەرك ئەتمەيدىغان ئاللاھنىڭ يار ـ يۆلىكىنى ئۇنۇتقانىدى. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يۇقىرىقى ئايەتنى ئوقۇغان ۋاقىتلىرىدا: «ئالاھ لۇتقا مەرھەمەت قىلسۇن! ئۇنىڭ ئارقا تىرىكى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى» دەيتتى.

ئىش چىڭىغا چىقتى، پەيغەمبەرنىڭ سۆزلىرى خۇددى تۇزغاقتەك تۇزۇپ كەتتى. لۇت ئۈمىدسىزلىكتە نېمە قىلارىنى بىلمەي گاڭگىراپ قالغان بىر پەيتتە، مېھمانلار ئورۇنلىرىدىن تۇردى ۋە ئۇنىڭغا باشپاناھلىق قىلغۇچى زاتنىڭ بەكمۇ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ئېيتتى:

﴿ئۇلار (يەنى پەرىشتىلەر): «ئى لۇت! شۈبھىسىزكى، بىز پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەلچىلىرىدۇرمىز، ئۇلار ھەرگىزمۇ ساڭا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ...» دېدى﴾ [2].

ئى لۇت، قورقمىغىن! بىز پەرىشتىلەرمىز. قەۋمىڭ ساڭا ھەرگىزمۇ زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ.

بىردىنلا ئىشىك ئېچىلىپ گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈپ، قەۋم خەلقى ئۆي ئىچىگە يوپۇرۇلۇپ كىرىشكە باشلىدى.

جىبرىئىل ئورنىدىن تۇرۇپ، قولىنى بىر شىلتىۋىدى، قەۋمىنىڭ كۆزلىرى كور بولۇپ كەتتى. ئۇلار تاملارنىڭ ئارىسىدا نىشاننى پەرق ئېتەلمەي، قالايمىقان مېڭىۋەردى ۋە

---

[1] سۈرە ھۇد 80 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ھۇد 81 ـ ئايەت.

ئۆيگە كىردۇق، ـ دەپ ئۇيلاپ، سىرتقا چىقىپ كەتتى. جىبرىئىلنىڭ ئىشارىتى ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى پۈتۈنلەي كور قىلىۋەتكەنىدى.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ئۇلار لۇتتىن مېھمانلىرىنى (يەنى ئادەمزات شەكلىدە كەلگەن پەرىشتىلەرنى) (ئۇلار بىلەن لىۋاتە قىلىش ئۈچۈن) قوغدىماسلىقنى سورىدى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى كور قىلىۋەتتۇق، ئۇلارغا: «ئازابىمنى ۋە ئاگاھلاندۇرۇشۇمنى تېتىڭلار» (دېيىلدى). ھەقىقەتەن ئۇلارغا ئەتىگەندە دائىمىي (يەنى ئاخىرەتنىڭ ئازابىغا ئۇلىنىپ كېتىدىغان) ئازاب نازىل بولدى﴾ .

پەرىشتىلەر لۇتقا بۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا كېچىدىن قالماي ئائىلىسىنى ئېلىپ شەھەردىن چىقىپ كېتىشىنى بۇيرىدى. چۈنكى قەۋمىگە قورقۇنچلۇق ئازاب چۈشەتتى. ئۇلارغا تاغلارنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋېتىدىغان قورقۇنچلۇق ئاۋازلار ئاڭلىناتتى. ئەمما قەۋمىنىڭ بېشىغا چۈشكەن ئازابنىڭ ئۆزلىرىگىمۇ چۈشۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئارقىغا قاراشقا بولمايتتى. بۇمۇ بىر خىل غەلىتە ئازاب ئىدى. كىم ئارقىغا قاراپ قويسا، قەۋمى بىلەن تەڭ ھالاك بولاتتى. لۇتقا ئايالىنىڭمۇ ھالاك بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. چۈنكى ئۇنىڭ ئايالى قەۋمىگە ئوخشاش كاپىر ئىدى. ئۇ كاپىرلىقىدىن ۋاز كەچمەيتتى ۋە قەۋمى بىلەن تەڭ ھالاك بولاتتى.

ئى لۇت، شەھەردىن چىق! رەببىڭنىڭ ئەمرى يېتىپ كەلدى.

لۇت پەرىشتىلەردىن سورىدى: «ئازاب ھازىر چۈشەمدۇ؟» پەرىشتىلەر ئازابنىڭ تاڭ يورۇغان ۋاقىتتا چۈشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە: «تاڭ يېقىن ئەمەسمۇ؟» دېدى.

ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿پەرىشتىلەر لۇتقا: «ئائىلەڭدىكىلەرنى ئېلىپ كېچىنىڭ ئاخىرىدا (ئۇلارنىڭ ئىچىدىن) چىقىپ كەتكىن، ئايالىڭدىن باشقا، سىلەردىن ھېچ كىشى ئارقىسىغا قارىمىسۇن، ئۇ (يەنى ئايالىڭ) ئۇلار بىلەن بىرگە ھالاك بولغۇچىدۇر، شۈبھىسىزكى، ئۇلارغا ئازاب چۈشىدىغان چاغ تاڭ ۋاقتىدۇر، تاڭ يېقىن ئەمەسمۇ؟» دېدى﴾ .

لۇت قىزلىرى ۋە ئايالىنى ئېلىپ، كېچىدە ناھايىتى تېزلىك بىلەن قەۋمىدىن ئايرىلىپ چىقتى. سەھەر ۋاقتى يېقىنلاپ قالغانىدى. لۇت قەۋمىدىن خېلىلا يىراقلاپ كەتكەندىن كېيىن، ئاللاھنىڭ ئەمرى كەلدى.

...

﴿بىزنىڭ (جازالاش) ئەمرىمىز چۈشكەندە، ئۇلارنىڭ يۇرتلىرىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتتۇق (يەنى كۆمتۈرۈۋەتتۇق)، ئۇ يۇرتلارغا بىز ئۈستى ـ ئۈستىلەپ ساپال

سۈرە قەمەر 37 ـ 38 ـ ئايەتلەر.
سۈرە ھۇد 81 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

تاشلارنى ياغدۇردۇق. ئۇ ساپال تاشلارغا پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدا بەلگە سېلىنغان ئىدى. ئۇ يۇرتلار زالىملار (يەنى قۇرەيش كاپىرلىرىدىن) يىراق ئەمەس》 .

ئالىملار مۇنداق دەيدۇ: جىبرىئىل قاناتلىرىنىڭ ئۇچى بىلەن يەتتە شەھەرنى يەردىن بىراقلا يۇلۇپ ئېلىپ، ئاسماننىڭ قەرىگىچە ئېلىپ چىقتى (پەرىشتىلەر خورازلارنىڭ چىللىغىنىنى ۋە ئىتلارنىڭ ھاۋشىغىنىنى ئاڭلىغانىدى). ئاندىن يەتتە شەھەرنى دۈم كۆمتۈرۈپ، يەرگە قارىتىپ ئاتتى.

شەھەرلەر يەرگە چۈشۈۋاتقاندا، ئاسماندىن (ئۇلارنىڭ ئۈستىگە) ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا بەلگە سېلىنغان ساپال تاشلار ئۈستى ـ ئۈستىلەپ ياغدى. يېغىش خېلى ئۇزۇنغىچە داۋاملاشتى.

لۇتنىڭ قەۋمى پۈتۈنلەي ھالاك بولدى، ئۇلاردىن ھېچكىم ساق قالمىغانىدى. شەھەر تەتۈر ئۆرۈلۈپ، يەرگە پاتۇرۇۋېتىلگەنىدى. يەردىن ئېتىلىپ چىققان سۇ ئەتراپىنى بېسىپ، لۇت قەۋمىنىڭ شەھىرى كۆلگە ئايلىنىپ كەتتى.

لۇتنىڭ قۇلىقىغا قورقۇنچلۇق ئاۋازلار كېلىشكە باشلىدى. ئارقا تەرەپتىكى ھاۋانىڭ يېرىلغانلىقىنى ھېس قىلدى، ئەمما ئارقىغا قاراپ سېلىشتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلىدى.

ئايالى ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە بۇرۇلۇپ قارىدى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدى بىردىنلا پارچىلىنىپ، توپىدەك توزۇپ كەتتى.

ئۇلۇغ ئاللاھ لۇتنىڭ شەھەرلىرى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

《(ھالاك بولمىسۇن دەپ لۇتنىڭ) شەھىرىدىكى مۇئمىنلەرنى (سىرتقا) چىقىرىۋەتتۇق. بىز ئۇ شەھەردىن مۇسۇلمان بولغان پەقەت بىر ئائىلىنىلا تاپتۇق. ئۇ شەھەردە قاتتىق ئازابتىن قورقىدىغانلار ئۈچۈن نىشان قالدۇردۇق》 .

بۇ، پۈتۈنلەي يوقاپ كەتمىگەن نىشان بولۇپ، ئاللاھنىڭ سۆزلىرى بۇنى ئىسپاتلىماقتا:

《ئۇ شەھەر (قۇرەيشلەر شامغا بارىدىغان) يول ئۈستىدە ھەقىقەتەن ھېلىمۇ مەۋجۇت تۇرماقتا》 .

ئاللاھ سافات سۈرىسىدىمۇ مۇنداق دەيدۇ:

《(ئى ئەھلى مەككە!) سىلەر ئۇلارنىڭ يەرلىرىدىن ئەتىگەن ـ ئاخشامدا ئۆتۈپ تۇرىسىلەر، سىلەر چۈشەنمەمسىلەر؟》

---

سۈرە ھۇد 82 ـ 83 ـ ئايەتلەر.
سۈرە زارىيات 35 ـ 37 ـ ئايەتكىچە.
سۈرە ھىجر 76 ـ ئايەت.
سۈرە سافات 137 ـ 138 ـ ئايەتلەر.

يەنى بۇ ئۇچۇق ئىشارەتتۇر. ئالىملار مۇنداق دەيدۇ: يەتتە شەھەرنىڭ ئورنى سۈيى ئاچچىق ۋە دېڭىز سۇلىرىدىنمۇ قويۇق بولغان غەلىتە بىر كۆل بولۇپ، بۇ كۆلدىن ئۇتتا ئېرىيدىغان مەدەن تاشلىرى كۆپلەپ چىقىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، لۇتنىڭ قەۋمىگە ياغدۇرۇلغان ساپال تاشلار كۆيۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ئىدى.

ھازىر «ئۆلۈك دېڭىز» (ياكى لۇت كۆلى) دەپ ئاتالغان بۇ كۆلنىڭ پەلەستىن زېمىنىدا ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلماقتا. ئەنە شۇ يەرلەر، لۇت مىللىتىنىڭ شەھەرلىرى ئىدى.

...

لۇتنىڭ قەۋمىنىڭ سەھىپىلىرى يېپىلدى. ئۇلارنىڭ شەھەرلىرى ۋە نام ـ ئاتاقلىرى يەر يۈزىدىن ئۆچۈرۈپ تاشلاندى، ھاياتىنىڭ ۋە جانلىقلارنىڭ زېھنىدىن چىقىرىۋېتىلدى. پىتنە ـ پاسات سەھىپىلىرىدىن يەنە بىرى يىرتىپ تاشلانغان بولدى.

لۇت تۈنجى بولۇپ يۈزلەنگەن كىشىگە، يەنى ئىبراھىمغا يۈزلەندى. ئىبراھىم بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا مىللىتى ھەققىدىكى ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بەردى. ئىبراھىمنىڭ بۇ ۋەقەلەرنى ئالدىن بىلىدىغانلىقى ئۇنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇردى.

كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ، دىلى يۇمشاق، ھەر ئىشتا ئاللاھقا مۇراجىئەت قىلىدىغان ئىبراھىم ۋە لۇت ئىككىسى كىشىلەرنى ئاللاھقا، تەۋھىد ئەقىدىسىگە، ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىشنى داۋاملاشتۇردى.

* * * * *

# ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام

ھەزرىتى ئىسمائىلنىڭ ئاللاھ يولىدىكى سەرگۈزەشتىسى بوۋاق ۋاقتىدىن تارتىپلا باشلانغانىدى.

ئانىسى ئۇنى يەرگە (ھازىرقى كەبىدىكى زەمزەم بۇلىقىنىڭ ئورنىغا) ياتقۇزدى. ئۇ كۈنلەردە زەمزەم بولىقى تېخى يوق بولۇپ، كېيىن ئىسمائىلنىڭ ئىككى ئايىقى ئاستىدىن بۇلدۇقلاپ ئېتىلىپ چىققان ئىدى. ئۇ يەر پۈتۈنلەي چۆل بولۇپ، ھاۋاسى تونۇردەك ئىسسىق، چەكسىز كەتكەن قۇملۇق، سۇسىز ماكان ئىدى.

ھەزرىتى ئىبراھىم ئايالى ھاجەر بىلەن ئوغلى ئىسمائىلنى ئۇ يەرگە تاشلاپ قويۇپ قايتقاندا، ئايالى ھاجەر ئۇنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ:

— ئى ئىبراھىم! بىزنى بۇ چۆلنىڭ ئوتتۇرىسىغا تاشلاپ قويۇپ نەگە ماڭىدىڭ؟ ئىبراھىم! بىزنى تاشلاپ نەگە ماڭىدىڭ؟ ئىبراھىم! نەگە ماڭىدىڭ؟ — دەپ يالۋۇراتتى.

ھاجەر سۆزلىرىنى تەكرارلايتتى، ئىبراھىم بولسا، ھېچقانداق جاۋاب بەرمەي، قاراپ تۇراتتى.

ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ ئۇلارنى سۇسىز ۋە ئېكىنسىز ۋادىغا تاشلاپ ماڭغان ۋاقتىتىكى ئىچكى ھېسسىياتى بىزگە نامەلۇم.

ئاللاھ ئۇنىڭغا شۇنداق قىلىشنى بۇيرىغانىدى. ئۇ قىلچە ئىككىلەنمىگەن ھالدا ئاللاھنىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈۋاتاتتى. ئىسرائىلىيەتتە (يەنى يەھۇدىي مەنبەلىرىدە) مۇنداق دېيىلمەكتە: ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ بىرىنچى ئايالى سارە (توقال ئايال) ھاجەرگە كۈندەشلىك قىلغاچقا، ئىبراھىمنى ھاجەر بىلەن ئىسمائىلنى ئۆزىدىن نېرى قىلىشقا مەجبۇرلىغانىدى.

بىز بۇ ھېكايىنىڭ ئويدۇرما ئىكەنلىكىنى جەزىملەشتۈردۇق. چۈنكى، ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ كىشىلىك خۇسۇسىيىتى ھەققىدە ئويدانىراق ئىزدەنسەكلا، ئۇنىڭ ئەمرلەرنى ئاللاھتىنلا ئالىدىغانلىقىنى ۋە ئاللاھنىڭ ئەمرى بويىچە ئىش قىلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئاياللارنىڭ كۈندەشلىك ھېسسىياتلىرىنى ئېتىبارغا ئالمايدىغانلىقىنى، بۇ خىل ھېسسىياتلارغا پىسەنت قىلمايدىغانلىقىنى ۋە سارەنىڭمۇ شەخسىيەتچىلىك قىلمايدىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز. سارە ئىبراھىمنىڭ پەرزەنت يۈزى كۆرۈشى ئۈچۈن چۆرىسى ھاجەرنى ئۇنىڭغا ئېلىپ بەرگەنىدى. چۈنكى ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقىنى ھەم تۇغماس ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. شۇڭا ھەزرىتى ئىبراھىمنى ئۆز رازىلىقى بىلەن ئۆيلەندۈرۈپ، داۋاملىق ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولغانىدى. ئۇ بارلىقىنى قەلبىدە ئاللاھ سۆيگۈسىدىن باشقا سۆيگۈ بولمىغان بىر ئادەمگە بېغىشلىغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن،

سارەنىڭ ھەزرىتى ئىسمائىل بىلەن ئانىسىنىڭ ئەرەب يېرىم ئارىلىغا كېتىشىگە سەۋەبچى ئىكەنلىكىنى بىز قوبۇل قىلمايمىز.

ئۇلۇغ ئاللاھ سارە بىلەن ھاجەر ھەققىدە مۇنداق دېگەنىدى:

﴿ئاللاھنىڭ ئەمرىدىن (يەنى قۇدرىتىدىن) ئەجەبلىنەمسەن؟ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە بەرىكەتلىرى سىلەرنىڭ ئائىلەڭلارغا (يەنى ئىبراھىمنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە) نازىل بولسۇن. ئاللاھ ھەقىقەتەن مەدھىيىلەشكە لايىقتۇر، ھەقىقەتەن ئۇلۇغلاشقا لايىقتۇر﴾[1].

مەسىلە ـ ئاياللارنىڭ مەخسۇس كۈندەشلىك مەسىلىسى ئەمەس بولۇپ، ھېكمىتى يوشۇرۇن ئىلاھىي تەكلىپ ئىدى. ئىبراھىم ھاجەرگە ئوغلى ئىسمائىلنى ئېلىپ يولغا چىقىشنى ئەمىر قىلغاندا، سارە ھاجەردىنمۇ بەكرەك ئەجەبلەنگەن بولۇشى مۇمكىن.

«ئىبراھىم! نەگە؟» دېگەن سوئالنى تۈنجى بولۇپ ھاجەر سورىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن سارەمۇ سورىغانىدى.

ئىبراھىم ئۈن ـ تىن چىقارمىدى، ئاياللارمۇ جىمىقتى.

بۇ يەردە ھەزرىتى ئىبراھىم ئۇلارغا ئېيتمىغان، ئاللاھمۇ ئىبراھىمغا بىلدۈرمىگەن بىر ھېكمەت بار ئىدى. يەنى ھەزرىتى ئىبراھىممۇ بۇ ھېكمەتنى بىلمەيتتى. شۇڭا ئۇلارمۇ پەيغەمبەر ئاياللىرىغا خاس نازاكەت بىلەن ئاستا جىمىقىپ قالدى.

...

ھاجەر قۇپقۇرۇق، ئادەمزاتسىز، گىياھسىز ۋادىدا ئوغلى بىلەن يالغۇز قالغانىدى.

ئىسمائىلنىڭ ئاللاھ يولىدىكى تۈنجى ھىجرىتى مانا مۇشۇنداق باشلاندى. تېخى بوۋاق تۇرۇپلا سىناققا دۇچ كەلدى. ئاتىسىمۇ ياشىنىپ، بىر پۈتى گۆرگە ساڭگىلاپ قالغان ۋاقىتتا بۇ ئېغىر سىناق بىلەن سىنالدى.

ئى ئىبراھىم! سەن ئىنسانىنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭغا ئائىت بىر نەرسىنىڭ يوقلۇقىنى بىلىسەن. ئاللاھنى سۆيگەن ئادەم بارلىقىنى ئاللاھقا بېغىشلايدۇ. ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان نەرسىنى سوئال ـ سوراقسىز ئاللاھقا ئاتايدۇ. مانا بۇ، ھەقىقىي سۆيگۈنىڭ قانۇنىيىتى بولۇپ، چىن سۆيگۈدە سوئال ـ سوراق پۈتۈنلەي يوققا چىقىپ، پەقەت ئىتائەت بايراقلىرىلا لەپىلدەيدۇ.

بىزچە، ھەزرىتى ئىبراھىم ئايالى ھاجەر بىلەن ئوغلى ئىسمائىلنى نېمە ئۈچۈن ئۇ يەرگە تاشلاپ قويغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى، ئاللاھمۇ ئۇنىڭغا خەۋەر قىلمىغانىدى.

ئاللاھ پەقەت ئۇنىڭغا ئەمر بەرگەن، ئۇ ئەمرنى ئورۇنلىغانىدى. مانا بۇ يەردە سىناقنىڭ ئېغىرلىقى ۋە قىيىنلىقى: شۇنداقلا، سۆيگۈنىڭ نەقەدەر ساپ ۋە ھەقىقىي ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا چىقماقتا.

---

[1] سۈرە ھۇد 73 ـ ئايەت.

ئاللاھ دوستى ئىبراھىمنى ئەڭ ئامراق كىشىسى، يەنى ئوغلى بىلەن سىناق قىلماقتا ئىدى.

ئاللاھنىڭ ئىبراھىمنى، ئىبراھىمنىڭمۇ ئاللاھنى شۇنچە ياخشى كۆرۈشى ئىبراھىمدا ئىنسانغا خاس ھېس ـ تۇيغۇنىڭ يوقلۇقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ ئىلاھىي سۆيگۈدە شۇنچىلىك دەرىجىگە يېتىشى، ئۇنىڭ ئىنسانغا خاس ھېس ـ تۇيغۇسىنىڭ دېڭىزدەك چەكسىز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە.

ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ ئوغلى ئىسمائىلغا بولغان ھېسسىياتى ھەرقانداق ئاتىنىڭ ئۆز ئوغلىغا بولغان ھېسسىياتىدىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈك، نازۇك ۋە شەپقەتلىك ئىدى. ئەنە شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇنى ھالاكەتلىك زېمىننىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا تاشلاپ قويغانىدى. چۈنكى ئاللاھ ئۇنىڭغا شۇنداق ئەمر بەرگەنىدى.

ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا كەسكىن كۆرەش مەيدانغا كەلدى. نىھايەت، پەرۋەردىگارىنى ئوغلىدىن ئەۋزەل كۆرگەنلىكى ئۈچۈن بۇ سىناقتىن مۇۋەپپىقىيەتلىك ئۆتتى.

ھەزرىتى ئىبراھىم ئوغلىنى بەكمۇ ياخشى كۆرگەچكە، ئاللاھ ئۇنىڭغا ئوغلىنى بوغۇزلاشنى بۇيرىدى. ئاللاھ پەيغەمبەرلىرىنىڭ قەلبىدە ئۆزىدىن باشقىسىنىڭ بولۇشىنى خالىمايدۇ. كىم ئاللاھنى سۆيسە، ئۇنى چىن ئەقىدىسى بىلەن سۆيۈشى كېرەك. ھەقىقىي سۆيگۈچى قەلبىنى پەقەت پەرۋەردىگارىنىڭ سۆيگۈسى بىلەن تولدۇرىدۇ.

ئىبراھىمنىڭ ئاقكۆڭۈل مىجەزى ئوغلى ئىسمائىلغىمۇ مىراس قالغانىدى. ئىبراھىم بۇرۇن پەرۋەردىگارىغا مۇنداق دەپ دۇئا قىلغانىدى:

﴿پەرۋەردىگارىم! ماڭا بىر ياخشى پەرزەنت ئاتا قىلغىن﴾[4] .

ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿بىز ئىبراھىمغا ناھايىتى مۇلايىم بىر ئوغۇل بىلەن خۇشخەۋەر بەردۇق﴾[5] .

ئىسمائىلنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكى، مۇلايىملىقى، تەقۋالىقى ۋە پەيغەمبەرلىك ئەدەب ـ ئەخلاقى ئاتىسىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى.

ئىسمائىل بوۋاق ۋاقتىدىلا ئاللاھنىڭ تۇنجى سىنىقىغا دۇچ كەلدى. بۇ سىناق ئانىسى ۋە ئۆزىنىڭ ئىچىشى ئۈچۈن ئاياقلىرى ئاستىدىن ئېتىلىپ چىققان زەمزەم سۈيى بىلەن نەتىجىلەنگەنىدى.

ئىككىنچى سىناق، ئۇ قۇرامىغا يەتكەن چاغدا يېتىپ كەلدى.

﴿ئۇ ئىبراھىمنىڭ ئىش ـ كۈشلىرىگە يارىغۇدەك بولغان چاغدا، ئىبراھىم: «ئى ئوغلۇم! مەن سېنى بوغۇزلاپ قۇربانلىق قىلىشقا (ئەمر قىلىنىپ) چۈشەپتىمەن

---

[4] سۈرە سافات 100 ـ ئايەت.

[5] سۈرە سافات 101 ـ ئايەت.

(پەيغەمبەرلەرنىڭ چۈشى ھەقىقەتتۇر ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىرى ئاللاھنىڭ ئەمرى بويىچە بولىدۇ)، ئويلاپ باققىنا! سېنىڭ قانداق پىكرىڭ بار؟» دېدى﴿ .

ئەجىبا، ئوغۇل نېمە دەپ جاۋاب بەرگەندۇ؟

ئىسمائىل ئاتىسىنىڭ چۈشىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى سورىمىدى. ئاتىسى بىلەن بۇ چۈش توغرۇلۇق مۇنازىرىلەشمىدى. ھەتتا ئۇنىڭ راستىنلا چۈش ياكى خىيال ئىكەنلىكىنى بىلىشنىمۇ خالىمىدى ۋە مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:

﴿ئى ئاتا! نېمىگە بۇيرۇلغان بولساڭ، شۇنى ئىجرا قىلغىن﴾ .

مەندىن ئەندىشە قىلمىغىن!

﴿خۇدا خالىسا، (ئۇنىڭغا) مېنى سەۋر قىلغۇچى تاپىسەن﴾ .

ياخشى پەرزەنت ئاتىسىغا ئەنە شۇنداق سۆزلەر بىلەن تەسەللىي بېرەتتى. قۇربانلىق قىلىنىدىغان كىشى سەۋر قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئاتىغا يارىشىدىغىنىمۇ سەۋر قىلىش ئىدى ـ ئەلۋەتتە!

ئۇلار خۇددى بىر ـ بىرى بىلەن بەسلىشىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئاللاھ يولىدا قايسىسى بەكرەك سەۋر قىلالايدىكىن؟

ئۇلۇغ ئاللاھ مەريەم سۈرىسىدە مۇنداق دېگەنىدى:

﴿(ئى مۇھەممەد!) كىتابتا (يەنى قۇرئاندا) ئىسمائىل (نىڭ قىسسىسى) نى بايان قىلغىن، ئۇ ھەقىقەتەن ۋەدىسىدە راستچىل، ھەم رەسۇل ھەم پەيغەمبەر ئىدى. ئۇ ئائىلىسىدىكىلەرنى نامازغا ئوقۇشقا، زاكات بېرىشكە بۇيرۇيتتى. پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكەن ئىدى﴾ .

سۈرە سافقات 102 ـ ئايەت.
سۈرە سافقات 102 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
سۈرە سافقات 102 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
سۈرە مەريەم 54 ـ 55 ـ ئايەتلەر.

## بېيتۇللاھ
## (ئاللاھنىڭ ئۆيى)

ئىسمائىل ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ياشىدى. ئاتلارنى كۆندۈرۈپ ئىشلەتتى. زەمزەم سۈيى ئۇ يەرنىڭ ئولتۇراق جايغا ئايلىنىشىنىڭ ۋە ئاۋاتلىشىشىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق سەۋەبى ئىدى.

بەزى كارۋانلار ۋە قەبىلىلەر بۇ يەرگە ماكانلاشتى. ئىسمائىل بالاغەتكە يېتىپ ئۆيلەندى. ھەزرىتى ئىبراھىم ئۇنى يوقلاپ كەلدى. ئەمما ئىسمائىل ئۆيدە يوق ئىدى. ئىبراھىم ئۇنىڭ ئايالىدىن ھال ـ كۈنلىرىنىڭ قانداقلىقىنى سورىدى. ئىسمائىلنىڭ ئايالى ئۆزلىرىنىڭ يوقسۇللۇق ۋە قىيىنچىلىقتا ياشاۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ زارلاندى. ھەزرىتى ئىبراھىم ئۇنىڭغا: «ئېرىڭ كەلگەندە ئېيتىپ قويغىن، ئۇ ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى ئالماشتۇرۇۋەتسۇن!» دېدى. ئىسمائىل قايتىپ كەلدى، ئايالى ئۇنىڭغا بولغان ئىشنى ۋە كەلگەن ئادەمنىڭ چىراي ـ شەكلىنى ئېيتىپ بەردى. ئىسمائىل: «ئۇ مېنىڭ ئاتام. ئۇ مېنىڭ سەندىن ئايرىلىشىمنى بۇيرۇپتۇ. سەن ئائىلەڭگە قايتىپ كەتكىن!» دېدى.

ئىسمائىل قايتا ئۆيلەندى. ئىبراھىم ئۇنى يوقلاپ كەلدى ۋە ئۇنىڭ ئايالىدىن ھال ـ ئەھۋالىنى سورىدى. ئىسمائىلنىڭ ئايالى ئۆزلىرىنىڭ مول ۋە باياشاتچىلىق ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، شۈكرى ـ قانائەت بىلدۈردى. ئىبراھىم بۇ كېلىنىدىن مەمنۇن بولدى.

بەلكى ئىبراھىم ئىچكى سېزىملىرىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن شۇنداق قىلغاندى. چۈنكى ئىبراھىم ئوغلى ئىسمائىلنى ناھايىتى چوڭ ۋەزىپە ئۈچۈن تەييارلاۋاتاتتى. بۇ، ئىنساننىڭ پۈتۈن غەيرەت ـ شىجائەت، ھۇزۇر ـ ھالاۋەت ۋە ۋاقتىنى ئالىدىغان ۋەزىپە ئىدى. ئىسمائىل ئۆيدە غەم ـ غۇسسە ئىچىدە ئۆتۈۋېرىدىغان بولسا، تېخى سىر پەردىسى ئېچىلمىغان بۇ مۇقەددەس ۋەزىپە ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان كۈچ ـ قۇۋۋىتىنىڭ يېرىمىنى يوقىتىپ قوياتتى.

ئىسمائىل راۋۇرۇس پىشىپ يېتىلدى. ئىبراھىم ئۇنى يوقلاپ كەلدى. ئاللاھنىڭ مەيدانىغا كېلىۋاتقان چۈشىنىكسىز ۋەقەلەردىكى ھېكمەتنى ئىسپاتلاشنىڭ دەل ۋاقتى يېتىپ كەلگەندى.

ئىبراھىم ئېيتتى: «ئى ئىسمائىل! ئاللاھ مېنى بىر ئىشقا بۇيرۇدى...»

ھەزرىتى ئىبراھىم ئۆزىگە ئوغلىنى بوغۇزلاش ئەمرى بېرىلگەندە، بۇ ئىشنى ئوغلىغا ئوچۇق ئېيتقاندى. ئەمما ھازىر ئوغلىنىڭ ئۆزىگە ياردەم قىلىشىنى جەزىملەشتۈرۈش ئۈچۈن گەپنى ئەگىتىپ باشلىدى. چۈنكى بۇ ۋەزىپە، ئوغلىنى بوغۇزلاش ۋە قۇربانلىق قىلىشتىنمۇ چوڭ. پەيغەمبەرنىڭ ئۆزىگىلا مۇناسىۋەتلىك ئەمەس، بەلكى مىليارلارچە مۇسۇلمانغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ۋەزىپە ئىدى.

ئىسمائىل: ئاللاھ ساڭا نېمىنى بۇيرىغان بولسا، شۇنى قىلغىن! ـ دېدى.

ئىبراھىم: ماڭا ياردەم قىلامسەن؟ ـ دېدى.

ئىسمائىل: ياردەم قىلىمەن، قىلىمەن.

ئىبراھىم قولى بىلەن نېرىدىكى تۆپىلىكنى ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ: ئاللاھ ماڭا بۇ يەردە بىر ئۆي ياساشنى بۇيرىدى، ـ دېدى.

شۇنىڭ بىلەن، ئاللاھنىڭ مۇقەددەس ئۆيىنى ياساش ئەمرى بېرىلدى. ئۇ، يەر يۈزىدە ئىنسانلارنىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈن ياسالغان تۇنجى ئۆي ئىدى.

ھەزرىتى ئادەم يەر يۈزىدىكى تۇنجى ئىنسان بولغاچقا، تۇنجى ئۆيىنى ياساش شەرىپى ئۇنىڭغا ئائىتتۇر. ئالىملار بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ئادەم ئۇنى ياساپ، خۇددى پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ ئەرشى ئەتراپىدا ئايلانغاندەك ئايلىنىشقا باشلىدى.

ئادەم ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن بىر چېدىر قۇردى. ھەزرىتى ئادەمنىڭ پەيغەمبەر بولۇش سۈپىتى بىلەن پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ئۆي ياسىشى نورمال ئەھۋال ئىدى. ئۇ يەرگە ئاللاھنىڭ رەھمىتى ياغدى. كېيىن ھەزرىتى ئادەم ۋاپات بولدى. ئارىدىن ئەسىرلەر، ئۇزۇن زامانلار ئۆتتى. ئۇ ئۆيدىن ئەسەر قالمىدى.

ھەزرىتى ئىبراھىم ئۇ ئۆينىڭ ئىككىنچى قېتىم ياسىلىشى ئۈچۈن ئەمر ئالدى. بۇ قېتىم، ئىنشائاللاھ، تاكى قىيامەت كۈنىگىچە تىك تۇرىدىغان بىر ئۆي ياسالاتتى.

كەئبىنىڭ ئىنشائاتى باشلىدى. كەئبە پايدا ـ زىيىنى يوق، باشقا تاشلاردىن ئارتۇق ـ كېمى بولمىغان بىر مۇنچىلىغان تاشلاردىن قۇرۇلغانىدى. لېكىن ئۇ تاشلار ئىسلام تەۋھىدىنىڭ ۋە ئاللاھنى پاكلاش ئېتىقادىنىڭ سىمۋولى ئىدى.

ھەزرىتى ئادەم يۈكسەك تەۋھىد، ئىسلام ۋە مۇتلەق پاك ئېتىقاد ئۈستىدە ئىدى.

ھەزرىتى ئىبراھىم بولسا، توغرا يولدا ماڭغان مۇسۇلمان ئىدى، مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى.

كەئبىنىڭ تاشلىرى ھەزرىتى ئادەمنىڭ قەلب ھوزۇرىدىن، ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ سەۋرچانلىقى ۋە سۆيگۈسىدىن، ھەزرىتى ئىسمائىلنىڭ مۇلايىملىقى ۋە دۇرۇسلۇقىدىن شەكىللەنگەنىدى. بىز مەسجىدى ھەرەمگە كىرگىنىمىزدە، ئىچىمىز خاتىرجەملىك ۋە ئېسەنلىك تۇيغۇلىرىغا، قەلبىمىز ھېسسىياتقا لىق تولىدۇ. بىز كەئبىنىڭ ئەتراپىدا خۇددى مەركىزى نۇقتىغا قاراپ ھەرىكەتلىنىۋاتقان زەررىچىلەرنىڭ ھەرىكىتىدەك ئايلىنىشقا باشلايمىز.

زامان ۋە ماكاننى چەكسىز ئاسايىشلىق قاپلىغان، سىز زامان ۋە ماكاننىڭ بىر پارچىسىغا ئايلانغاندەك چەكسىز خۇشاللىق... تۇنجى قېتىم كەئبىنى ۋە ئاللاھنى كۆرەلمىسىڭىزمۇ، ئۆزىڭىزنى كۆرىشىڭىز مۇمكىن. ئىككىنچى قېتىم ئۆزىڭىزنى ۋە

ئاللاھنى كۆرەلمىسىڭىزمۇ، كەئبىنى كۆرۈشىڭىز مۇمكىن. ئەمما ھەجگە بارغان ۋاقتىڭىزدا، نە ئۆزىڭىزنى، نە كەئبىنى كۆرەلمەيسىز. بەلكى كەئبىنىڭ پەرۋەردىگارىنى كۆرىسىز. مانا بۇ، ھەقىقىي ھەجدۇر ۋە كەئبىنىڭ ياسىلىشىنىڭ تۈنجى ھېكمىتىدۇر.

ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىل كەئبىنىڭ ئۇلىنى قوپۇرۇۋېتىپ: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزنىڭ (خىزمىتىمىزنى) قوبۇل قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن (دۇئايىمىزنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن، (نىيىتىمىزنى) بىلىپ تۇرغۇچىسەن. پەرۋەردىگارىمىز! ئىككىمىزنى ئۆزەڭگە ئىتائەتمەن قىلغىن، بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىزدىنمۇ ئۆزەڭگە ئىتائەتمەن ئۈممەت چىقارغىن، بىزگە ھەججىمىزنىڭ قائىدىلىرىنى ئۆگەتكىن، تەۋبىمىزنى قوبۇل قىلغىن، چۈنكى سەن تەۋبىنى ناھايىتى قوبۇل قىلغۇچىسەن، ناھايىتى مېھرىبانسەن. پەرۋەردىگارىمىز! ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئايەتلىرىڭنى ئۇلارغا تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىغان، كىتابىڭنى (يەنى قۇرئاننى)، ھېكمەتنى (يەنى پاك سۈننەتنى) ئۇلارغا ئۆگىتىدىغان، ئۇلارنى (مۇشرىكلىك ۋە گۇناھلاردىن) پاك قىلىدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتكىن، ھەقىقەتەن سەن غالىبسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن» دېدى﴾[8].

كەئبە ـ تاشتىن ياسالغان مۇستەھكەم ھۇجرا بولۇپ، ئۇ ھەزرىتى ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىل قازغان كونا ئۇلنىڭ چوڭقۇرلۇقى تۇپەيلىدىن يەر يۈزىدە مەزمۇت تۇرىدۇ. تارىختا بىر قانچە قېتىم ئۆرۈلگەن بولسىمۇ، يەنە قايتا ئىنشا قىلىندى ۋە ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ زامانىدىن تاكى كۈنىمىزگىچە يەر يۈزىدىن يوقاپ كەتمىدى. مۇھەممەد ئەلەيھسسالام ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ دۇئاسى بىلەن يەر يۈزىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن ۋاقىتتا، كەئبىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ياسالغانلىقىنى كۆرگەنىدى. ئۇلار كەئبە ئۈچۈن كۆپ كۈچ چىقارمىدى ۋە ئۇلىنى ھەزرىتى ئىبراھىمدەك چوڭقۇر كولىمىدى.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھەزرىتى ئىبراھىم بىلەن ھەزرىتى ئىسمائىل كەئبىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئۆزلىرى يالغۇز ھالدا (بۈگۈندىن كېيىن مىڭلارچە كىشىنىڭ ماغدۇرى يەتمىگۈدەك دەرىجىدە) كۆپ كۈچ سەرپ قىلغانىدى. مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قەۋمىنىڭ ئىسلامغا كىرىش دەۋرى جاھىلىيەت دەۋرىگە يېقىن بولغانلىقى، شۇ سەۋەبتىن كەئبىنى يىقىتىپ، يېڭىدىن سېلىش داۋامىدا ئىنسانلارنىڭ پىتنە ـ پاسات چىقىرىش خەۋپى بولمىسا ئىدى، ئۆزىنىڭ كەئبىنىڭ پۈتۈنلەي ئۆرۈلۈپ، ھەزرىتى ئىبراھىم قويغان ئۇلغىچە يېڭىدىن ياسىلىشىنى ئۈمىد قىلغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى.

كەئبىنىڭ بىناسى ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىل سالغان ئۇل بويىچە سېلىنىشى كېرەك ئىدى.

ھەزرىتى ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىل بۇ قۇرۇلۇش ئۈچۈن ھەقىقەتەن كۆپ غەيرەت ـ شىجائەت كۆرسەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ زېمىننى چوڭقۇر كولىشى، يىراق ـ يېقىندىكى

---

[8] سۈرە بەقەرە 127 ــ 129 ـ ئايەتكىچە.

تاغلاردىن تاشلارنى كېسىپ چىقىرىشى، تاشلارنى توشۇشى ۋە يونتۇپ تۈزلىشى لازىم ئىدى. يەنى بۇ ئىشنى بىرمۇنچىلىغان ئەر كىشىنىڭ قىلىشى كېرەك ئىدى، ئەمما ئۇ ئىككىسى يالغۇز قىلىپ تۈگەتتى.

نۇھنىڭ كېمىسىگە ئوخشاش، كەئبىنىڭ قانچىلىك ۋاقىتتا ياسىلىپ بولغانلىقى ھەققىدە مەلۇماتىمىز يوق. بىز پەقەت نۇھنىڭ كېمىسى بىلەن كەئبىنىڭ ئىنسانلار پاناھلىنىدىغان بىخەتەر يەر ئىكەنلىكىنىلا بىلىمىز. كەئبە نۇھنىڭ يەر يۈزىدە ئەبەدىي تۇرىدىغان كېمىسىدۇر ۋە ئۇ ھەرقاچان توپان بالاسىنىڭ دەھشىتىدىن قۇتۇلماقچى بولغانلارنى كۈتۈۋاتماقتا.

ئاللاھ بىزگە كەئبىنىڭ ياسالغان ۋاقتىنى بىلدۈرمىدى. ئۇنىڭ ئورنىغا بىز ئۈچۈن تېخىمۇ پايدىلىق بىر نەرسىنى، يەنى ئۇنى ياسىغۇچىلارنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرى ۋە ئۇنى ياسىغۇچە ئوقۇغان دۇئالىرىنى بىلدۈردى.

﴿پەرۋەردىگارىمىز! بىزنىڭ (خىزمىتىمىزنى) قوبۇل قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن (دۇئايىمىزنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن، (نىيىتىمىزنى) بىلىپ تۇرغۇچىسەن﴾ .

مانا بۇ، سىمۇول ئارقىسىدىكى ئەبەدىي ھەقىقەتنىڭ يۈزىنى كۆرۈشىمىز ئۈچۈن چۈمپەردىنى قايرىۋەتتى. ئەسلى مەقسەت ئاللاھقا سىغىنىش بولۇپ، ھەم ئاڭلاپ تۇرغۇچى ۋە بىلىپ تۇرغۇچى ئاللاھنىڭ قوبۇل قىلىشىدۇر.

مانا بۇ، سەممىي بولغانلارنىڭ سەممىيىتىنىڭ، ئىتائەت قىلغۇچىلارنىڭ ئىتائىتىنىڭ، قورققۇچىلارنىڭ قورقۇنچىنىڭ ۋە ئاشىقلارنىڭ ئاشىقىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىدۇر.

﴿پەرۋەردىگارىمىز! ئىككىمىزنى ئۆزەڭگە ئىتائەتمەن قىلغىن، بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىزدىنمۇ ئۆزەڭگە ئىتائەتمەن ئۈممەت چىقارغىن!﴾

ئۇ كۈنى، يەر يۈزىدىكى ئەڭ بۈيۈك ئىككى مۇسۇلمان ئاللاھقا ئۆزلىرىنى ئىتائەتمەنلەردىن قىلىشى ئۈچۈن دۇئا قىلماقتا. ئاللاھقا چىن ئىخلاسى بىلەن ئىبادەت قىلماقتا. ئاللاھنىڭ ئۆيىنى ياسىماقتا. ئۇنىڭدىن ئۆزلىرىنىڭ قىلغان خىزمىتىنى قوبۇل قىلىشنى ئۆتۈنمەكتە ئىدى. ئۇندىن باشقا، ئۆزلىرىنىڭ ئىتائەتلىرىنى قوبۇل قىلىشنى ۋە ئەۋلادلىرىدىنمۇ ئىتائەتمەن ئۈممەت چىقىرىپ بېرىشىنى، كەئبىنى تاۋاپ قىلىدىغان، رۇكۇ ۋە سەجدىگە بارىدىغان بەندىلەرنى كۆپەيتىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلماقتا ئىدى.

ھەزرىتى ئىبراھىم بىلەن ھەزرىتى ئىسمائىلنىڭ دۇئالىرى مۇئمىنلەرنىڭ قەلبىدىكى قايغۇلارنى ئىپادىلەپ بەرمەكتە. ئۇلار بىر تەرەپتىن، ئاللاھنىڭ ئۆيىنى ياسىسا، يەنە بىر

---

سۈرە بەقەرە 127 ـ ئايەت.

سۈرە بەقەرە 128 ـ ئايەت.

تەرەپتىن، ئېتىقاد مەسىلىسى بىلەن مەشغۇل ئىدى. بۇمۇ كەئبىنىڭ ئېتىقادنىڭ سىمۋولى ئىكەنلىكىنى كۆرستىپ بەرمەكتە.

﴿بىزگە ھەججىمىزنىڭ قائىدىلىرىنى ئۆگەتكىن، تەۋبىمىزنى قوبۇل قىلغىن، چۈنكى سەن تەۋبىنى ناھايىتى قوبۇل قىلغۇچىسەن، ناھايىتى مېھرىبانسەن﴾ .

يەنى بىزگە سەن ياقتۇرىدىغان ئىبادەت شەكىللىرىنى ئۆگەتكىن. يەر يۈزىدە ساڭا قانداق ئىبادەت قىلىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرگىن. تەۋبىمىزنى، ئىبادەتلىرىمىزنى قوبۇل قىلغىن. چۈنكى سەن تەۋبىنى قوبۇل قىلغۇچىسەن، ناھايىتى مېھرىبانسەن.

ئۇندىن كېيىن، ئۇلار ئۆزلىرىدىن كېيىن كېلىدىغان ئەۋلادلىرىنىڭ غېمىنى يېمەكتە ۋە بۇ ھەقتە ئاللاھقا دۇئا قىلماقتا:

﴿پەرۋەردىگارىمىز! ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئايەتلىرىڭنى ئۇلارغا تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىغان، كىتابىڭنى (يەنى قۇرئاننى)، ھېكمەتنى (يەنى پاك سۈننەتنى) ئۇلارغا ئۆگىتىدىغان، ئۇلارنى (مۇشرىكلىك ۋە گۇناھلاردىن) پاك قىلىدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتكىن، ھەقىقەتەن سەن غالىبسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن﴾ .

ئۇلارنىڭ ئاخىرقى دۇئاسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋەتىلىشى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشتى. ئاردىن خېلى ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتكەندى.

كەئبىنىڭ ئىنشائاتى پۈتتى. ھەزرىتى ئىبراھىم تاۋاپنىڭ نەدىن باشلاپ، نەدە ئاياغلاشقانلىقىنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن ھەزرىتى ئىسمائىلنى كەئبە تاشلىرىدىن باشقا رەڭلىك تاش تېپىپ كېلىشكە بۇيرىدى.

ھەزرىتى ئىسمائىل ئىنسان بەرداشلىق بېرەلمىگۈدەك دەرىجىدە كۈچ سەرپ قىلغان بولۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى ئېغىر ئەمگەكتىن پارچە ـ پارچە بولۇپ كەتكەندى. شۇنداقتىمۇ، ئاتىسىنىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈچى يەتكەن يەرگىچە بارغاندى. قايتىپ كېلىپ، ئاتىسىنىڭ ھەجەر ئەسۋەد (قارا تاش)نى تېپىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغانلىقىنى كۆردى. تەئەججۈپلەنگەن ھالدا:

ـ ئاتا! بۇنى ساڭا كىم ئەكىلىپ بەردى؟ ـ دەپ سورىدى. ئىبراھىم:

ـ ئۇنى جىبرىئىل ئېلىپ كەلدى، ـ دېدى.

شۇنىڭ بىلەن، كەئبىنىڭ ئىنشائاتى ئاخىرلىشىپ، بىر ئاللاھقا ئېتىقاد قىلغۇچى مۇسۇلمانلارنىڭ تاۋىپى باشلاندى. ھەزرىتى ئىبراھىم بۇرۇن قىلغان دۇئاسىنى تەكرارلاش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى.

---

سۈرە بەقەرە 128 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
سۈرە بەقەرە 129 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

﴿بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ دىللىرىنى ئۇلارغا مايىل قىلغىن!﴾

شۇ ئىبارىگە قاراڭ! سۆيگۈ بىر نەرسىگە قارشىلىق كۆرسىتەلمەيدىغان مايىللىقنى سىمۋول قىلىنماقتا. بۇنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى كەئبە سۆيگۈسىدۇر.

بۇ دۇئا، مۇقەددەس كەئبىنى زىيارەت قىلىش ئارزۇسىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ كۆڭلىنى سەۋداغا سالماقتا.

مەسجىدى ھەرەمنى زىيارەت قىلىپ، يۇرتلىرىغا قايتقان ھەر بىر كىشى ئۆزىنىڭ سۇ ئىچكەنسېرى چاڭقاپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. ئۇ يەردىن قانچە يىراقلاشقانسېرى ۋە ھەر يىلى ھەج مەۋسۇمى يېقىنلاشقانسېرى، ئۇ يەرگە بولغان سېغىنىش، تەلپۈنۈش ھېسسىياتى تېخىمۇ داۋالغۇماقتا. كەئبىنى كۆرۈش ئارزۇسى ۋە زەمزەم سۈيىگە بولغان ئىنتىلىشى... دېمەك، ئۇلارنىڭ يۈرىكىگە مەخپىي سۆيگۈ ئورناپ كەتمەكتە.

ھەممىدىن مۇھىمى، كەئبە ۋە زەمزەم بۇلىقىنىڭ پەرۋەردىگارى، ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا بولغان ئىنتىلىشى...

...

ئۇلۇغ ئاللاھ ھەزرىتى ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىل ھەققىدە تالاش ـ تارتىش قىلىنغان ۋاقىتتا مۇنداق دېگەنىدى:

﴿ئىبراھىم يەھۇدىيمۇ ئەمەس، ناسارامۇ ئەمەس ۋە لېكىن توغرا دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى، ئاللاھقا بويسۇنغۇچى ئىدى، مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى﴾ .

ئاللاھ ئۇنىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىلدى. ھەزرىتى ئىبراھىم "مۇسۇلمان" دەپ ئاتالغانلارنىڭ تۇنجىسى ئىدى.

ئۇلۇغ ئاللاھ ھەج سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ئاللاھ سىلەرگە دىندا ھېچقانداق مۇشكۈللۈكنى قىلمىدى (سىلەرنى سىلەر تاقەت قىلالمايدىغان ئىشلارنى قىلىشقا تەكلىپ قىلمىدى). (بۇ) ئاتاڭلار ئىبراھىمنىڭ دىنىدۇر (بۇ توغرا دىن بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى مەھكەم ئۇچلاڭلار). ئاللاھ سىلەرنى ئىلگىرى (يەنى قۇرئاندىن ئىلگىرىكى كىتابلاردا) مۇسۇلمان دەپ ئاتىدى. قۇرئاندىمۇ شۇنداق ئاتىدى﴾ .

* * * * *

---

سۈرە ئىبراھىم 137 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

سۈرە ئال ئىمران 67 ـ ئايەت.

سۈرە ھەج 78 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

# ئىسھاق ئەلەيھىسسالام ۋە يەئقۇب ئەلەيھىسسالام

قۇرئان كەرىم ھەزرىتى ئىسھاق قىسسىسىنىڭ ئاز بىر قىسمىغىلا ئىشارەت قىلىپ ئۆتكەن.

ئۇنىڭ تۇغۇلۇشى بىر مۆجىزە بولۇپ، ئۇنىڭ دۇنياغا كېلىدىغانلىقى ۋە يەئقۇب ئىسىملىك بىر ئوغلى بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى خۇشخەۋەرنى پەرىشتىلەر ئېلىپ كەلگەنىدى.

ئۇ، كىچىكىدىن تارتىپلا ئاتىسىدىن ئايرىم ياشاشقا مەجبۇر بولغان ئاكىسى ئىسمائىلدىن بىر نەچچە يىل كېيىن تۇغۇلغانىدى.

سارە ئوغلى ئىسھاق ۋە نەۋرىسى يەئقۇب دۇنياغا كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئالەمچە خۇشال بولدى. ئەمما ئىسھاقنىڭ ھاياتى، قەۋمىنىڭ ئۇنىڭغا تۇتقان پوزىتسىيىسى ھەققىدە مەلۇماتىمىز يوق. ئاللاھ سالىھ (ياخشى) پەيغەمبەرلەر قاتارىدا ئۇنىمۇ ماختاپ ئۆتكەنىدى. يەئقۇب بولسا، ئۇنىڭ نەسلىدىن بولغان تۇنجى پەيغەمبەردۇر.

ئۇ ئىبراھىمنىڭ ئوغلى ئىسھاقنىڭ ئوغلى يەئقۇبتۇر. ئىسمى ئىسرائىل بولۇپ، قەۋمىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەنىدى. ئاللاھ ئۇنىڭ قىسسىسىدىن ئۈچىلا بۆلۈمنى تىلغا ئالغان. ئاللاھ ئۇنى ھەزرىتى يۇسۇفنىڭ قىسسىسىدە ئىسمىنى تىلغا ئالماي تۇرۇپ زىكىر قىلىدۇ.

يەئقۇبنىڭ سەكراتتىكى تەسۋىرلىرىدىن ئۇنىڭ نەقەدەر تەقۋا ئىنسان ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ھەممىگە مەلۇمكى، ئۆلۈم ئىنساننى قايغۇلاندۇرىدىغان، ھەتتا ئۆز ئىسمىنى ئۇنۇتتۇرىدىغان پالاكەتتۇر. ئەمما يەئقۇب سەكراتتىكى ۋاقتىدا، پەرۋەردىگارىغا دۇئا قىلىشنى ھەرگىز ئۇنۇتمىغانىدى.

ئۇلۇغ ئاللاھ بەقەرە سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿يەئقۇب جان ئۈزۈۋاتقان ۋاقىتتا سىلەر يېنىدا بارمىدىڭلار؟ شۇ چاغدا يەئقۇب ئوغۇللىرىدىن: «مەن ئۆلگەندىن كېيىن سىلەر كىمگە ئىبادەت قىلىسىلەر؟» دەپ سورىدى. ئۇلار: «سېنىڭ ئىلاھىڭ ۋە ئاتا ـ بوۋىلىرىڭ ـ ئىبراھىم، ئىسمائىل، ئىسھاقلارنىڭ ئىلاھى بولغان ئاللاھقا ئىبادەت قىلىمىز. بىز ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغۇچىمىز» دېدى﴾ .

سەكراتتا ياتقان يەئقۇب بىلەن ئوغۇللىرى ئارىسىدىكى بۇ سەھنە ناھايىتى چوڭ سەھنىدۇر. كۆز ئالدىمىزدا جان تالىشىۋاتقان بىرى ياتماقتا.

سۈرە بەقەرە 133 ـ ئايەت.

ئۆلۈم ئالدىدا ئۇنىڭ زېھنىگە كىرىۋالغان بىر مەسىلە بار. ئۇ نېمە؟ سەكراتتا تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ زېھنىنى شۇنچە مەشغۇل قىلغان زادى قانداق مەسىلە ئۇ؟ ئۆلۈشتىن بۇرۇن ھەل قىلماقچى بولغان مەسىلە نېمە؟ بالا ـ چاقىلىرىغا قالدۇرۇپ قويماقچى بولغان مىراسى نېمە؟ ئۆزىنىڭ ئۆلۈمىدىن بۇرۇن، پۈتۈن ئىنسانلارغا يەتكۈزۈلۈشىنى ئارزۇ قىلغان نەرسىسى نېمە؟

بۇ سوئاللارنىڭ جاۋابىنى مۇنۇ سوئالدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

﴿مەن ئۆلگەندىن كېيىن سىلەر كىمگە ئىبادەت قىلىسىلەر؟﴾

سەكرات ئالدىدا ئۇنى ئەندىشىگە سالغان، خاتىرجەملىكىنى بۇزغان، زېھنىنى چۇلغىۋالغان مەسىلە مانا مۇشۇنىڭدىن ئىبارەت ئىدى.

يەنى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش مەسىلىسى. بۇ، بىرىنچى ۋە بىردىنبىر مەسىلىدۇر.

بۇ، ھېچكىم كېمەيتىۋېتەلمەيدىغان ۋە زىيانكەشلىك قىلالمايدىغان مىراستۇر، كېلەچەك ئۈچۈن تەييارلانغان پاناھ جايدۇر.

يەئقۇبنىڭ ئوغۇللىرى: بىز سېنىڭ ئىلاھىڭ ۋە ئاتا ـ بوۋىلىرىڭ ـ ئىبراھىم، ئىسمائىل، ئىسھاقلارنىڭ ئىلاھى بولغان ئاللاھقا ئىبادەت قىلىمىز، بىز ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغۇچىمىز، ـ دېدى.

ئۇلارنىڭ ئىسلام ئۈچۈن ئەۋەتىلگەنلىكى ھەققىدىكى ھۆكۈم ئېنىقتۇر. ئەگەر ئۇنىڭدىن باش تارتسا، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن چىقىدۇ. ئەگەر ئۇ يولدا داۋاملىق ماڭسا، ئاللاھنىڭ رەھمىتى داۋاملىق تۈردە ئۇلارغا كېلىپ تۇرىدۇ.

...

ھەزرىتى يەئقۇب ئوغۇللىرىدىن ئېتىقادلىرى ھەققىدىكى جاۋابىنى ئېلىپ، خاتىرجەم بولغان ھالدا كۆز يۇمدى.

ئۇ ئۆلۈمىدىن بۇرۇن ئوغلى يۇسۇف ئارقىلىق ئېغىر سىناققا دۇچ كەلگەنىدى.

يۇسۇفمۇ ئاتىسى يەئقۇبقا ئوخشاش پەيغەمبەر بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇنى مىسىر خەلقىگە ئەۋەتكەنىدى.

[8] سۈرە بەقەرە 133 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

# يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام

ھەزرىتى يۈسۈفنىڭ قىسسىسى قۇرئاننىڭ تولۇق بىر سۈرىسىدە يۈسۈف ئىسمى بىلەن چۈشۈرۈلگەن.

ئۇنىڭ چۈشۈرۈلۈش سەۋەبلىرى توغرىسىدا مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ. يەھۇدىيلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلىرىدىن بىرى بولغان يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ھەققىدە ئۆزلىرىگە سۆزلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇنىڭ قىسسىسى قۇرئاندا نازۇك ۋە ئىنچىكە تەپسىلاتلىرى بىلەن تولۇق چۈشۈرۈلگەن. ئۇلۇغ الله سۈرە يۈسۈفتە مۇنداق دېگەندى:

﴿بۇ قۇرئاننى ساڭا ۋەھيى قىلىش ئارقىلىق ئەڭ چىرايلىق قىسسىنى ساڭا بايان قىلىپ بېرىمىز، بۇنىڭدىن بۇرۇن بۇ قىسسىدىن ھەقىقەتەن بىخەۋەر ئىدىڭ﴾.

ئالىملار بۇ قىسسىنىڭ نېمە ئۈچۈن «ئەڭ گۈزەل قىسسە» دەپ ئاتالغانلىقى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشتى.

ئۇ بىر ئىبرەت ۋە ھېكمەت دۇنياسىغا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن قۇرئاندىكى باشقا رىۋايەتلەردىن پەرقلىق ئىكەنلىكى ئۈتتۈرىغا قويۇلماقتا.

يۈسۈف ئۆز قېرىنداشلىرىنى كەچۈرگەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىغا سەۋر - تاقەت قىلغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق دېيىلگەندى.

ئۇنىڭدا پەيغەمبەرلەر، سالىھلار، پاكلىق، ئازغۇنلۇق، ھۆكۈمدارلارنىڭ ھاياتى، دۆلەتلەر، ئەرلەر، ئاياللار، ئاياللارنىڭ ھىيلە - مىكىرلىرى، تەۋھىد (بىر اللهغا ئىشىنىش)، فىقھە ۋە چۈش تەبىرى قاتارلىقلار بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق دېيىلگەندى. ئۇ سەھنە، ھېس - تۇيغۇ ۋە تەسىراتلارغا تولغان سۈرىدۇر.

مۇنداقمۇ دېيىلگەندى: «ئۇ قىسسىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى دەپ ئاتالدى. چۈنكى قىسسىدىكى كىشىلەرنىڭ ھاياتى سائادەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. بۇ سەۋەبلەرنىڭ ھەممىسىگە ھۆرمەت بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە، بۇ رىۋايەتنى باشقىلىرىدىن پەرقلىق قىلغان مۇھىم بىر سەۋەبنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىمىز.»

ئۇ قىسسە، مەنىسى، شەكلى باشتىن ئاخىرىغىچە ماسلاشقان، اللە نىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى ۋە ھۆكۈملىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇرۇشقا ئېلىپ بارىدىغان بىر سىزىق ئۈستىدە داۋاملاشتۇرىدۇ.

---

سۈرە يۈسۈف 3 - ئايەت.

﴿الله (خالىغان) ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا قادىردۇر. لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇنى) ئۇقمايدۇ﴾.

مانا بۇ، يۈسۈفنىڭ قىسسىسىدە ئېنىق ئىسپاتلانغان ھەقىقەتتۇر.

يۈسۈف ھاياتى بويىچە ئۆزىگە ئەڭ يېقىن كىشىلەرنىڭ سۈيىقەستلىرىگە ئۇچراپ ئۆتتى.

قېرىنداشلىرى... قېرىنداشلىرى يۈسۈفتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇشتى. كېيىنچە ئۆلتۈرۈشتىن ۋاز كېچىپ، ئۆزلىرىدىن يىراقلاشتۇرماقچى بولۇشتى.

بۇ ۋەقە، يۈسۈف تېخى كىچىك چاغدىلا يۈز بەرگەنىدى. ئۇ، مىسىردىكى قۇل بازىرىدا ئەرزان باھادا سېتىلدى. ئاندىن ئۇ مۇھىم بىر شەخسنىڭ ئايالىنىڭ نامۇۋاپىق تەكلىپىگە دۇچ كەلدى. ئۇنى قوبۇل قىلمىغانلىقى ئۈچۈن زىندانغا تاشلاندى ۋە زىنداندا بىر مەزگىل ياتتى. بۇنچىۋالا ھاقارەتلەرگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئاخىرىدا مىسىر ئوردىسىنىڭ يۇقىرى مەرتىۋىسىگىچە يۈكسەلدى. تەختكە چىقىپ ھۆكۈمدارنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى بولۇپ سايلاندى ۋە بۇ ۋاقىتتىن باشلاپ كىشىلەرنى اللە قا ئىمان ئېيتىشقا دەۋەت قىلىشقا باشلىدى.

اللە نىڭ تەدبىرى يولغا قويۇلدى ۋە ئۇنىڭ ئەمرى ئورۇندالدى. قىسسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مانا مۇشۇنىڭدىن ئىبارەت. قىسسىنىڭ تەقدىم قىلىنىش شەكلى بەكمۇ پەرقلىق بولۇپ، ئۇ خۇددى ھېچ تەڭدىشى يوق كىنو فىلىمىدەك ئارقا ـ ئارقىدىن كەلگەن كۆرۈنۈشلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

كۆرۈنۈش ۋە كۆرۈنۈش ئارىلىرى كىشىگە ئىلھام بېرىپ، ئۇستىلىق بىلەن ۋە ئىنسان خىيالىنى قانائەتلەندۈرىدىغان ھالدا ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭدا نەتىجىسى تاماشىبىنلارنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچىگە تاشلاپ قويۇلغان سەنئەت خاراكتېرلىك پەردە كۆرۈنۈشلىرى بار. بۇ سەھنىدە يەنە ھەر قانداق بىر سەنئەتكارنىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرەلمەيدىغان دەرىجىدە چوڭقۇر مەزمۇنلار بار.

قىسسە بىر چۈش بىلەن باشلىنىپ، بۇ چۈشنىڭ ئەمەلىيلىشى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

پەيغەمبەرلەرنىڭ چۈشلىرى ھەقىقەتتۇر. اللە چۈشلەردە ئۇلارغا كېلەچەكتە يۈز بېرىدىغان ۋەقەلەرنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن بىز قىسسىنىڭ بېشىدا يۈسۈفنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيمىز. ئەقىل پەردىسى تۇنجى بولۇپ بىر چۈش سەھنىسى بىلەن ئېچىلىدۇ. بىر چۈش بىلەن باشلانغان فىلىمنىڭ كۆرۈنۈشلىرىگە قاراڭ! قۇرئان كەرىم بۇ چۈشنى يۈسۈفنىڭ سەھنىسىگە ئېلىپ چىقىدۇ. چۈش ئەسلى ئۇخلىغاندا كۆرىلىدىغان ئىشتۇر. ئۇيقۇ بىلەن باشلانغان قىسسىنىڭ باشلىنىشى مۇگىدەش ئارىلىقىدا بىلدۈرۈلگەن ئىلھامدۇر. لېكىن بۇ چۈشنى بايان قىلدۇرۇشتىن ئېھتىيات قىلدۇرۇش بولسا، بۇ قىسسىنى

---

سۈرە يۈسۈف 21 ـ ئايەت.

جەلبكارلىققا ئىگە قىلىدىغان ئامىللارنىڭ بىرىدۇر. يۈسۈفنىڭ كىچىك ۋاقتىدا دادىسىغا سۆزلەپ بەرگەن چۈشى قۇرئاندا مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ:

﴿ئۆز ۋاقتىدا يۈسۈف ئۆز ئاتىسىغا: «ئى ئاتا! مەن ھەقىقەتەن چۈشۈمدە 11 يۇلتۇزنىڭ ۋە ئاي بىلەن كۈننىڭ ماڭا سەجدە قىلغانلىقىنى كۆردۈم» دېدى﴾.

چۈشنىڭ مەۋجۇدىيىتىنىڭ ئىدراك كۈچىنى شەرت قىلغان ھالدا ئۇتتۇرىغا چىققىنىنى ۋە ئۇنى تەسەۋۋۇر قىلىشى ئۈچۈن خىيال كۈچىنىڭ قانداق ھەرىكەتلەنگەنلىكىنى ئويلاپ كۆرۈڭ! ئىنسان زېھنى قىسسىنىڭ ئىچىدىن ئورۇن ئېلىشى ئۈچۈن قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلارنىڭ سەجدىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر كۆرۈنۈشنىڭ يارىتىلىشىنى تەلەپ قىلماقتا.

يۈسۈفنىڭ قىسسىسى كىنو ئارتىسلىرىنىڭ ئەڭ مەشھۇر خىيالىغا مەيدان ئېلان قىلغان، باشقىلىرىنى زەئىپ ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان بۇنداق كۆرۈنۈش بىلەن باشلىنىدۇ. ياكى اللە نىڭ كىتابىدا تەسۋىرلەنگىنىدەك يۈسۈفنىڭ ھايات لېنتىسى باشلىنىدۇ.

يۈسۈف بىر چۈش كۆرىدۇ ۋە بۇ چۈشنى دادىسىغا سۆزلەپ بېرىدۇ.

﴿ئاتىسى (يەنى يەئقۇب ئەلەيھىسسالام): «ئى ئوغلۇم! چۈشۈڭنى قېرىنداشلىرىڭغا ئېيتمىغىن، ساڭا سۇيىقەست قىلىپ سالمىسۇن. شەيتان ئىنسانغا ھەقىقەتەن ئاشكارا دۈشمەندۇر» دېدى﴾.

دادىسى ئوغلىغا بۇ چۈشنى ئاكىلىرىغا ئېيتماسلىقنى تاپىلايدۇ. چۈنكى ئاكىلىرى يۈسۈفتىن ۋە ئۇنىڭ دادىلىرىغا يېقىنلىقىدىن نەپرەتلىنەتتى. دادىلىرىنىڭ قەلبىنىڭ يۈسۈفنىڭ سۆيگۈسى بىلەن تولغانلىقىغا ھەسەت قىلىشاتتى. يۈسۈف ئۇلارنىڭ بىر تۇغقان ئۇكىلىرى ئەمەس بولۇپ، يۈسۈفنىڭ ئانىسى ئۇلارغا ئۆگەي ئىدى. ئۇ ئايالدىن يۈسۈف ۋە ئۇنىڭ بىر قېرىندىشى تۇغۇلغانىدى.

يۈسۈف يەئقۇبنىڭ ئوغلى، يەئقۇب ئىسھاقنىڭ ئوغلى، ئىسھاق بولسا ئىبراھىمنىڭ ئوغلى بولۇپ، بۇلار بىر پاك زەنجىرنىڭ پاك ھالقىلىرى ئىدى.

يەئقۇب ئوغلىنىڭ چۈشىدىن ئۇنىڭ ئۆزىگە ھازىرلانغان پەيغەمبەرلىك شارائىتىنى، ئۇنىڭ قەلبىنىڭ پاكلىقى ۋە ساپلىقى سەۋەبى بىلەن ئۇنىڭ كەلگۈسىدە ئالاھىدە بىر شەخسكە ئايلىنىدىغانلىقىنى چۈشەنگەنىدى.

بەزى ئالىملار مۇنداق دەيدۇ:

يەئقۇب ئەلەيھىسسالام بۇ چۈش ئارقىلىق اللە نىڭ يۈسۈفنى پەيغەمبەرلىككە تاللايدىغانلىقىنى چۈشەنىدى.

---

سۈرە يۈسۈف 4 ـ ئايەت.
سۈرە يۈسۈف 5 ـ ئايەت.

﴿شۇنىڭغا (يەنى ساڭا ئۇلۇغ چۈش كۆرسەتكىنىگە) ئوخشاش، پەرۋەردىگارىڭ سېنى (پەيغەمبەرلىككە) تاللايدۇ﴾.[4]

رەببىڭ سېنى مۇشۇنداق تاللايدۇ.

﴿ساڭا چۈش تەبىرىنى بىلدۈرىدۇ﴾.[5]

تەبىر دېمەك، بىر ئىشنىڭ ئاخىرىنى، نەتىجىسىنى بىلىپ يېتىش، تېخى بولمىغان، مەخپىي نەرسىلەرنى بىلىشتۇر.

يۈسۈف كېيىنچە چۈشلەرگە تەبىر بېرەلەيدىغان، كېلەچەكتە يۈز بېرىدىغان ۋەقەلەرنى مەخپىي بەلگىلىرىدىن كۆرەلەيدىغان، شۇنداقلا، الله ئۇنىڭغا بىلىشنى، تونۇشنى ئىلھام قىلماقچى ئىدى.

﴿شۈبھىسىزكى پەرۋەردىگارىڭ (ئۆز مەرھەمىتىگە كىمنىڭ لايىق ئىكەنلىكىنى) ئوبدان بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾.[6]

پەيغەمبەر نۇتقىنىڭ ئاخىرىدا ئىلىم ۋە ھېكمەتنى الله قا مەنسۇپ قىلدى. بۇ، باشلىنىش ئۈچۈن ئۈيغۇن ئىدى.

ئالىم ـ ئۆلىمالارنىڭ ئىچىدە يۇقىرىدىكى ئايەتنىڭ يەئقۇب بىلەن ئوغلى يۈسۈفنىڭ سۆھبىتىنىڭ بىر قىسمى ئەمەسلىكىنى، بەلكى الله نىڭ بۇ ئارقىلىق پەقەت يۈسۈفنى ماختىغانلىقىنى ئېيتقانلارمۇ بار. ئۇ باشتىن ئېتىبارەن قىسسىنىڭ ئىچىدىن يەر ئالغاندى. ئەسلى ئۇنداق ئەمەس، بەلكى يۈسۈف ۋە يەئقۇبنىڭ چۈش تەبىرىنى دەسلەپتە بىلمىگەنلىكلىرى ئۈچۈندۇر. بىز مۇشۇنداق دەپ قارايمىز. (قۇرتۇبىمۇ: «تەفسىرى ئەلجامىئىل ئەھكامىل قۇرئان» دا شۇنداق دەپ قارايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ئىدى).

ئۇنداقتا سۆھبەتنى باشقىچە چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ. الله بۇ يەردە يۈسۈفنى تاللىغانلىقىنى بىلدۈرمەكتە ۋە بۇ يۈسۈفنىڭ پەيغەمبەر بولغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر. ئۇنىڭغا چۈش تەبىرىنىڭ ئۆگىتىلىشى، ئۇنىڭ رېئال ھاياتتا ۋەيا چۈشلىرىدە مەيدانغا كەلگەن سىمۋوللىرىدىن ۋەقەلەرنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى بىلەلىشى بىر پەيغەمبەرگە نىسبەتەن ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ مۆجىزىلىرى ئەمەستۇر. الله پەيغەمبەرلىك بېرىدىغان بەندىسىنى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ. ئۇنىڭ ھەربىر ھېكمىتى ئۆز سەۋەبىنى تاپىدۇ. ئۇنىڭ بىلمى پۈتۈن نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندۇر.

دادىسى ئوغلىنىڭ چۈشىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا چۈشىنى قېرىنداشلىرىغا ئېيتماسلىقنى تاپىلىدى. يۈسۈف دادىسىنىڭ تاپىلىغىنى بويىچە كۆرگەن چۈشنى قېرىنداشلىرىغا ئېيتمىدى. چۈنكى ئاكىلىرى يۈسۈفكە، يۈسۈف ئۇلارغا ئىشىنىپ

[4] سۈرە يۈسۈف 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[5] سۈرە يۈسۈف 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[6] سۈرە يۈسۈف 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

شەخسىي مەسىلىلىرىنى ۋە چۈشلىرىنى دېيىشكە پىتىنالمىغىدەك دەرىجىدە ئۆچلۈك قىلاتتى.

يەئقۇب بىلەن ئوغلىنىڭ كۆرۈنۈشى پەردە ئارقىسىدا قېلىپ تۇرسا، نۆۋەتتىكى ئېكرانغا بىر كۆرۈنۈش چىقىدۇ. ئۇ، يۈسۈفنىڭ ئاكىلىرىنىڭ يۈسۈفكە قانداق سۇيىقەستلەرنى پىلانلىغانلىقى ھەققىدىكى كۆرۈنۈشتۇر.

﴿يۈسۈفنىڭ ۋە قېرىنداشلىرىنىڭ (قىسسىدە) سورىغۇچىلار ئۈچۈن (اللّٰه نىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان) ھەقىقەتەن نۇرغۇن ئالامەتلەر بار. ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار: «يۈسۈف ۋە ئۇنىڭ قېرىندىشى (يەنى بۇنيامىن) ئاتىمىزغا بىزدىنمۇ سۆيۈملۈكتۇر، ھالبۇكى، بىز (كۈچلۈك) جامائەدۇرمىز. ئاتىمىز (نىڭ ئۇ ئىككىسىنى بىزدىن ئارتۇق كۆرۈشى) ئەلۋەتتە روشەن خاتادۇر» دېيىشتى. (ئۇلار) «يۈسۈفنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار، ياكى ئۇنى يىراق بىر چەت جايغا تاشلىۋېتىڭلار، (شۇ چاغدا) ئاتاڭلارنىڭ مۇھەببىتى سىلەرگە قالىدۇ، بۇ (گۇناھ) تىن كېيىن (تەۋبە قىلىپ) ياخشى ئادەم بولۇپ كېتىسىلەر» دېيىشتى. ئۇلاردىن بىرى سۆز قىلىپ: «يۈسۈفنى ئۆلتۈرمەڭلار، (ئەگەر ئۇنى ئاتىسىدىن يىراق قىلماقچى بولساڭلار، ئۇنى قۇدۇققا تاشلىۋېتىڭلار، ئۇنى يولدىن ئۆتكەن كارۋان ئېلىۋالسۇن» دېدى﴾.

تەۋراتتا: «يۈسۈف چۈشىنى ئاكىلىرىغا ئېيتقان» دېيىلىدۇ.

قۇرئاندا بۇنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكى سۆزلەنمەيدۇ. سۆزلەنگەن بولسا ئىدى، بۇ ئۇلارنىڭ تىلى ئارقىلىق ئوتتۇرىغا چىقاتتى ۋە ئۇلارنىڭ يۈسۈفكە بولغان ئۆچمەنلىكىنى تېخىمۇ قوزغاپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە كۈشكۈرتەتتى. يۈسۈف دادىسىنىڭ ئەمرى بويىچە ئاكىلىرىغا چۈشىنى سۆزلەپ بەرمىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئاكىلىرى ئۇنىڭغا تورزاق قۇرۇپ، سۇيىقەست قىلىشنىڭ پىلانلىرىنى تۈزۈشىۋاتاتتى. مانا بۇ قىلمىشى ئۇلارنىڭ «زالىم» نامىنى ئېلىشىغا ئۇيغۇن ئىدى.

ئۇلاردىن بىرى: دادىمىز نېمە ئۈچۈن يۈسۈفنى بىزدىن ياخشى كۆرىدۇ؟ ـ دەپ سورىدى.

ئىككىنچىسى: بەلكى چىرايلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، ـ دېدى.

ئۈچىنچىسى: يۈسۈف بىلەن قېرىندىشى دادىمىزنىڭ قەلبىنى ئىشغال قىلدى، ـ دېدى.

بىرىنچىسى يەنە: دادىمىز ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق خاتالاشتى، ـ دېدى.

ۋە ئۇلاردىن بىرى بۇ ئىشنى چوقۇم ھەل قىلىش تەكلىپىنى بەردى:

ـ يۈسۈفنى ئۆلتۈرۈڭلار!

سۈرە يۈسۈف 7 ـ 10 ـ ئايەتكىچە.

- ئۇنى نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈرىمىز؟ ئۇنى بۇ يەردىن يىراق يەرگە ئاپىرىپ تاشلىۋېتىپ، كۆزدىن يوقىتايلى!

- ئۇنى نېمىشقا ئۆلتۈرمەيمىز؟ ئۇنى ئۆلتۈرسەك ئاندىن خاتىرجەم بولىمىز. دادىمىز بىزگە قېلىشى كېرەك.

قەلبى الله تەرىپىدىن مەخپىي بىر شەپقەت بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلگەن ياكى ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن يۈرىكى قاتتىق قورقۇتۇلغان باشقا بىرى مۇنداق دېدى:

- ئۇنى نېمە سەۋەبتىن ئۆلتۈرىمىز؟ سىلەر ئۇنىڭدىن قۇتۇلماقچى بولۇۋاتىسىلەر. بۇ قەبىھ بىر ئىش. كېلىڭلار! ئۇنى كارۋانلار كېلىپ توختايدىغان بىر قۇدۇققا تاشلىۋېتەيلى. كارۋانلار ئۇنى تېپىپ يىراق جايلارغا ئېلىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دادىسىنىڭ كۆزىدىن غايىپ بولىدۇ. ئۇنى كۆزدىن يوقىتىش پىلانىمىزمۇ ئەمەلگە ئاشقان بولىدۇ. ئاندىن بۇ قىلمىشىمىزغا تۆۋبە قىلىپ، يەنە ياخشى كىشىلەردىن بولۇۋالىمىز.

بۇ پىكىردىن كېيىن سۆھبەت يەنە داۋام قىلدى. لېكىن بۇ پىكىر بۇ ئىشنى ھەل قىلىشنى قوبۇل قىلغانلارنىڭ ئورتاق پىكرى بولۇپ چىقتى. يۇسۇفنى ئۆلتۈرۈش پىلانى سۇغا چىلاشتى. ھەممەيلەن ئۇنى سۈرگۈن قىلىپ، ئۆزلىرىدىن يىراقلاشتۇرۇش پىكرىنى قوبۇل قىلىشتى. بۇ، ئەڭ ياخشى پىكىر ئىدى...

بۇنىڭدىن چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇلار گەرچە ئەسكى ۋە قىزغانچۇق ئىنسانلار بولسىمۇ، ئاكىلىرىنىڭ ياكى بەزىلىرىنىڭ يۈرەكلىرىدە تېخى ئۆلمىگەن مېھرى - شەپقەت بار ئىدى.

يۇسۇفنى قۇدۇققا تاشلاش ئارقىلىق ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش پىلانى ۋە بۇ پىلانىنىڭ ۋاقتى قارار قىلىندى. بۇ يەردىن باشلاپ ئۇلار بىلەن ئاتىسىنىڭ ئارىلىقىدا يەنە بىر يېڭى كۆرۈنۈش سەھنىگە چىقىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاتىسى يەئقۇبنىڭ ئالدىغا كېلىپ: ﴿«ئى ئاتىمىز! نېمىشقا يۇسۇف توغرىسىدا بىزگە ئىشەنمەيسەن؟ ھالبۇكى، بىز ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن ياخشى نىيەتتىمىز. ئەتە ئۇنى بىزگە قوشۇپ قويغىن، يەپ - ئىچىپ، ئويناپ - كۈلۈپ كىرسۇن، ئۇنى بىز چوقۇم ياخشى مۇھاپىزەت قىلىمىز» يەئقۇب: «ئۇنى (يەنى يۇسۇفنى) ئېلىپ كەتسەڭلار راستلا خاتىرجەم بولالمايمەن، سىلەر غەپلەتتە قېلىپ، ئۇنى بۆرە يەپ قويۇشتىن ئەنسىرەيمەن» دېدى. ئۇلار: «بىز (كۈچلۈك) بىر جامائە تۇرۇقلۇق، ئۇنى بۆرىگە يېگۈزۈپ قويساق، ئۇ چاغدا بىز ئەلۋەتتە زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمىز» دېدى﴾.[4]

ئۇلار بىلەن دادىلىرىنىڭ ئارىسىدا مۇلايىم، مەخپىي ئاھانەتكە تولغان ۋە كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان بىر سۆھبەت بولۇپ ئۆتتى.

- يۇسۇفنى نېمە ئۈچۈن بىزگە تاپشۇرمايسەن؟

[4] سۈرە يۇسۇف 11 ــ 14 - ئايەتكىچە.

- سەن يۈسۈفكە بىزدىن بىر زىيان كېلىشتىن قورقساڭ، يۈسۈپ ئۈچۈن بىزگە ئىشەنمىسەڭ، ئۇ بىزنىڭ قېرىندىشىمىز بولالامدۇ؟

- بىز ئۇنى ياخشى كۆرىمىز، ئۇنى قوغدايمىز، نېمە ئۈچۈن ئۇنى ئەتە بىز بىلەن بىللە سەيلە قىلىشقا (ئويناپ كېلىشكە) ئەۋەتمەيسەن؟ ئۇنىڭ چىقىپ سەيلە قىلىشى، ئەتراپنى ئايلىنىپ - ئوينىشى ئۇنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن ئەڭ پايدىلىق، قارا ئۇنىڭ يۈزىگە! ئۆيدىن تالاغا چىقماي چىرايى سارغىيىپ كېتىپتۇ. بىچارە كىچىككىنە تۇرۇپ ئويۇن – ھەرىكەت دېگەننى بىلمىگەچكە، چىرايىدا قان دىدارى قالماپتۇ.

يەئقۇب ئۇلار سۆزلىرىدە ئۇتتۇرىغا قويمىغان بىر نۇقتىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ يەردىكى مەسىلە ئۇنىڭ يۈسۈفكە چۆل بۆرىلىرىنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىدىن قورقۇشى ئىدى. ئەسلىدە ئۇ ئۇنىڭ ئاكىلىرى ئىچىدىكى بۆرىلەرنى كۆزدە تۇتقانمىدى ياكى ۋەھشىي ھايۋان بولغان بۆرىلەرنىمۇ؟ بۇنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.

ئۇلار يەئقۇبقا ئۆزلىرىنىڭ يۈسۈفقا كۆيۈنىدىغانلىقىنى ۋە دادىسىنىڭ بۆرە ھەققىدىكى ئەندىشىسىنىڭ ئورۇنسىز ئىكەنلىكىنى ئېيتىشتى.

- بۇ قانداق گەپ؟ بىز ئون كىشى تۇرساق، ئۇنى ئۇنتۇپ قالامدۇق؟ بىز غەپلەتتە قالامدۇق؟ بۇنداق ئىش بولۇپ قالسا، بىزنىڭ ئەركەكلىكىمىزگە يارىشامدۇ؟ ئۇنى بۆرە يېيەلمەيدۇ؟ بۇ ھەقتە ئەندىشە قىلىشىنىڭ ھېچقانداق سەۋەبى يوق.

دادا، بالىلىرىنىڭ بېسىمى بىلەن بۇنى قوبۇل قىلدى.

ئەتىسى، ئۇلار يۈسۈفنى ئېلىپ چۆلگە قاراپ مېڭىشتى، ھەر قېتىم بارىدىغان يەرلىرىدىنمۇ يىراقلارغا بېرىشتى. يېنىدىن كارۋان كۆپ ئۆتىدىغان بىر قۇدۇقنى تېپىشتى ۋە يۈسۈفنى ئۇنىڭ ئىچىگە تاشلىماقچى بولۇشتى.

الله يۈسۈفكە ئۇنى قۇتقۇلدۇرىدىغانلىقىنى ۋە شۇڭا ئۇنىڭ قورقماسلىقىنى بىلدۈردى. يۈسۈپ كېيىنچە ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئۆزلىرىگە سۆزلەپ بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ئىدى.

بۇ يەردىن باشلاپ سەھنە پەردىسى باشقا بىر كۆرۈنۈش بىلەن ئېچىلدى. ئۇندىن كېيىنكى ئىشلار بىزگە ئېنىق ئەمەس. ئۇلارنىڭ يۈسۈفنى قۇدۇققا تاشلىغانلىقىنى بىلمەيمىز. يۈسۈفنىڭ ئۇلارغا قارشى تىركەشكەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ يۈسۈفنى ئۇرغانلىقىنى خىيال قىلالايمىز. ئۇلارئۇنىڭغا كۆينىكىنى سېلىشنى ئېيتتى ۋە ئۇنى يالىڭاچلاپ قۇدۇققا تاشلىدى. ئاندىن الله ئۇنىڭغا ئۇنى قۇتقۇلدۇرىغانلىقىنى ۋە قورقماسلىقىنى بىلدۈردى.

قۇدۇقنىڭ ئىچىدە سۇ بار ئىدى. يۈسۈفنىڭ ۋۇجۇدىنى قوبۇل قىلدى. يۈسۈپ ئۇ يەردە ھېچقانداق يامانلىق كۆرمىدى. ئۆزى يالغۇز قۇدۇقنىڭ ئىچىدىكى سۇدىن چوقچىيىپ چىقىپ تۇرغان تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردى.

﴿ئۇلار كەچتە ئاتىسىنىڭ ئالدىغا يىغلاپ كېلىشتى﴾.

ئۇن كىشىنىڭ يىغىسى كېچە قاراڭغۇلۇقىنى بىر ئالدى. دادا ئۆيدە ئولتۇراتتى. ئوغۇللىرى يېنىغا كىرىپ كەلدى. كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى قەلبلەرنىڭ قاراڭغۇلۇقى ۋە بىر ئازدىن ئوتتۇرىغا چىقىدىغان يالغاننىڭ قاراڭغۇلۇقىنى يوشۇرغانىدى.

يەئقۇب سورىدى: نېمىگە يىغلايسىلەر؟ قويلارغا بىر ئىش بولدىمۇ؟

ئۇلار تېخىمۇ قاتتىق يىغلاشقا باشلىدى ۋە:

﴿ئۇلار: «ئى ئاتىمىز! يۈسۈفنى نەرسىلىرىمىزنىڭ يېنىدا قويۇپ يۈگۈرۈشكىلى كېتىپ قېلىپتۇق، ئۇنى بۆرە يەپ كېتىپتۇ، راست گەپ قىلساقمۇ سەن بىزگە ئىشەنمەيسەن» دېيىشتى﴾.

بىز يۈگۈرۈشتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىنلا يۈسۈفنىڭ بۆرىنىڭ قارنىغا كىرىپ كەتكىنىدەك غەلىتىلىككە دۇچ كەلدۇق. يۈسۈفنى تاپالمىدۇق. ھەر قانچە راست گەپ قىلساقمۇ، سەن بىزگە ئىشەنمەيسەن. ئەمما بىز يەنە ساڭا سۆزلەشكە مەجبۇرمىز. ساڭا يالغان ئېيتمىدۇق. يۈسۈفنى بىر بۆرە يەپ كەتتى. مانا بۇ ئۇنىڭ كۆينىكى، كۆينەكنى قانغا مىلانگەن ھالدا تاپتۇق، ئەمما يۈسۈفنى تاپالمىدۇق.

﴿ئۇلار يۈسۈفنىڭ كۆڭلىكىنى يالغاندىن قانغا بوياپ ئېلىپ كېلىشكەن ئىدى﴾.

ئۇلار بىر قوي ياكى جەرەننى بوغۇزلاپ، يۈسۈفنىڭ كۆينىكىنى ئۇنىڭ قېنىغا مىلىگەنىدى. جىددىيلەشكەنلىكىدىن يۈسۈفنىڭ كۆينىكىنى يىرتىۋېتىشنى ئۇنتۇپ، كۆينەكنى ئۈز پېتى، ساپمۇ ساق كۆتۈرۈپ كەلگەنىدى. ئوغۇللاردىن بىرى گۇناھسىزلىق پاكتى دەپ ئويلاشقان نەرسىنى ئوتتۇرىغا تاشلىدى.

يۈسۈفنىڭ كۆينىكىنى ئولتۇرغان دادىسىنىڭ ئالدىغا قويدى. يەئقۇب ئوغلىنىڭ كۆينىكىنى ئېلىپ، ئۆيدىكى مەشئەلنىڭ يورۇقىدا ئۇنى تەكشۈردى. ئۆرۈپ چۆرىدى. كۆينەك يىرتىلمىغان، ساق تۇراتتى. يۈسۈفنى يېگەن بۆرە قانداق بۆرە ئىدى؟ ئۇنىڭ كۆينىكىنى يىرتماي تۇرۇپ ئىچىدىن يېگەنمىدۇ؟

يۈسۈف كۆينىكىنى كىيگەن ۋە بۆرە ئۇنى يېگەن بولسا، كۆينەك چوقۇم تىتىلغان بولار ئىدى. ئەگەر ئاكىلىرى بىلەن ئويناش ئۈچۈن كۆينىكىنى سېلىۋەتكەن بولسا، ئۇنى كىيمىگەن ھالدا كۆينەك قانداق بولۇپ قانغا مىلىنەتتى؟ يەئقۇب بۇ دەلىلدىن ۋە ئۆز ئىچىدىن كەلگەن ئاۋازدىن، شۇنداقلا بۇ يالغانچىلىقتىن يۈسۈفنى بۆرە يېمىگەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە قوزغىغان ئۆچمەنلىك ۋە ھەسەت ئۇلارغا بۇ يالغانچىلىقنى توقۇپ چىقارغۇزغان ئىدى. ئۇلاردا يۈسۈفكە نىسبەتەن ئۇنداق ئۆچمەنلىك

سۈرە يۈسۈف 16 ـ ئايەت.
سۈرە يۈسۈف 17 ـ ئايەت.
سۈرە يۈسۈف 18 ـ ئايەت

بولمىغان بولسا، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاخشامقى ئاتىسى بىلەن بولغان سۆھبەتتە ئاتىسىنىڭ ئېغىزىدىن چىققان بۆرە ئەندىشىسىنى ئۆزىگە بىر يول قىلىۋالمىغان بولاتتى.

دادا ئۇلارنىڭ يالغان ئېيتقانلىقىنى چۈشەندى ۋە بۇنى بۇ سۆزلىرى بىلەن ئىپادىلىدى:

﴿بۇ ئىشنى نەپسىڭلار سىلەرگە چىرايلىق كۆرسىتىپ قىلغۇزۇپتۇ. مەن پەقەت چىرايلىقچە سەۋر قىلىمەن، سىلەرنىڭ (مۇشۇ يالغان) سۆزۈڭلارنى كۆتۈرۈشۈمگە الله مەدەتكاردۇر» دېدى﴾.

ھېكمەت ساھىبى بولغان پەيغەمبەر شىكايەت قىلماي سەۋر ـ تاقەت تىلىدى. ئۆزى ۋە ئوغلى ئۈچۈن پىلانلىغان پىلان ھەققىدە الله دىن ياردەم تەلەپ قىلدى.

بىز ئەمدى يۈسۈفنىڭ ئەھۋالىغا كېلەيلى:

كۆز ئالدىمىزغا تۆگە، ئات ۋە ئادەملەردىن تەشكىل تاپقان، ئۇزۇن بىر سىزىقتەك كۆرۈنگەن، چەكسىز قۇملۇقتا ئائىت بىر كۆرۈنۈش كەلمەكتە. مىسىرغا ماڭغان بىر كارۋان، چوڭ بىر كارۋان، ئۇزۇن يول ماڭغان كارۋان... پۈتۈن كارۋان قۇدۇقتا قاراپ يۈزلەندى. سۇ تارتىش ئۈچۈن قۇدۇق بويىدا توختاشتى. سوغىنى قۇدۇقتا تاشلىدى. سوغىغا يۈسۈف ئېلىندى. سوغىنى قۇدۇقتا تاشلىغان ئادەم سوغىغا سۇ تولدى دەپ ئويلىدى ۋە يۇقىرىغا تارتتى. ھەيھات! بۇ بىر ئوغۇل بالا ئىدى. ئۇنى تېپىلغان ئەشيالارنىڭ ئارىسىغا قويدى. ئۇ ئۆزىنى تېپىۋالغان كىشىنىڭ قۇلى بولاتتى. ئۇ زامانلاردا قائىدە شۇنداق ئىدى. ئۇنى تېپىۋالغان كىشى دەسلىپىدە سۆيۈندى. ئەمما ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئويلاپ ۋە ئۇنى بەك كىچىك دەپ قارىغاچقا، ئۇنىڭغا بەك قىزىقىپ كەتمىدى. بەلكىم ئۇز ئىچىدە ئۇنىڭ كۆپ پۇلغا سېتىلمايدىغانلىقىنى ئويلىغانىدى. مىسىرغا بارغاندا ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنى ئويلىدى ۋە مىسىرغا بېرىپلا ئۇنى بىر نەچچە دەرھەمگە ئەرزان باھاغىلا سېتىۋەتتى. يۈسۈفنىڭ تەققى ـ تۇرقىدىن مۇھىم كىشى ئىكەنلىكى پەملىگەن بىرى ئۇنى سېتىۋالدى.

﴿بۇ يەردىن بىر كارۋان ئۆتتى، ئۇلار سۇچىسىنى (سۇ ئېلىپ كېلىشكە) ئەۋەتتى، ئۇ سوغىسىنى قۇدۇقتا تاشلىدى ۋە: «خۇش خەۋەر! مانا بىر ئوغۇل بالا» دېدى. ئۇلار ئۇنى تىجارەت مېلى سۈپىتىدە مەخپىي تۇتۇشتى، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى الله بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئۇلار يۈسۈفنى ساناقلىق بىر قانچە تەڭگىگە ئەرزان باھادا سېتىۋەتتى، چۈنكى ئۇلار يۈسۈفكە قىزىقمىغان ئىدى. ئۇنى سېتىۋالغان مىسىرلىق ئادەم ئايالىغا: «ئۇنى ياخشى كۈتكىن، بىزگە ئەسقاتار ياكى بالا قىلىۋالارمىز» دېدى. شۇنىڭدەك (يەنى يۈسۈفنى قۇدۇقتىن قۇتقۇزغىنىمىزدەك) يۈسۈفنى (مىسىر) زېمىنىغا يەرلەشتۈردۇق، ئۇنىڭغا چۈش تەبىرىنى ئۆگەتتۇق، الله (خالىغان) ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا قادىردۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇنى) ئۇقمايدۇ﴾.

قارا! الله تائالا قىسسىنىڭ بېشىدىكى يوشۇرۇن مەنىنى ئوتتۇرىغا قانداق چىقاردى؟

---

سۈرە يۈسۈف 18 ـ ئايەت.

سۈرە يۈسۈف 19 ـ 21 ـ ئايەتكىچە.

﴿اﷲ (خالىغان) ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا قادىردۇر. لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇنى) ئۇقمايدۇ﴾.[4]

يۈسۈف قۇللۇق تاملىرىنىڭ ئارىسىدا قالدى.

قۇدۇققا تاشلىۋېتىلدى. ھاقارەتكە ئۇچرىدى. دادىسىدىن مەھرۇم قىلىندى. قۇدۇقتىن چىقىرىلدى. بازاردا سېتىلغان قۇل بولدى. ئۇنى مىسىرلىق بىرى سېتىۋالدى. ئۇ ئادەمنىڭ قۇلى بولدى. يۈسۈف كىچىك ـ قۇۋۋەتسىز ھالغا كەلدى. شۇڭا ئاددىي بىر ئىنسان دەپ قارالدى. لېكىن ئەمەلىيەت بۇ قاراشتىن پۈتۈنلەي پەرقلىق ئىدى.

بىزنىڭ پەرەز قىلغىنىمىز تىراگىدىيە، جاپا ـ مۇشەققەت ۋە پىتنە ئىدى. بۇ شەرەپلىك ئورۇنغا قاراپ كېتىۋاتقان يۈسۈفنى تېخىمۇ يۈكسەلدۈرىدىغان بىر شوتا ئىدى. اﷲ، ھەر ئىشقا ھاكىم بولۇپ، باشقىلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا قارىماي ئۆز ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ ۋە ئۇلارنىڭكىنى بۇزىدۇ. اﷲ ۋەدە قىلغان ئىش چوقۇم بولىدۇ. اﷲ يۈسۈفكە پەيغەمبەرلىكنى ۋەدە قىلغانىدى. يۈسۈفنى سېتىۋالغان كىشىگە ئۇنىڭ سۆيگۈسىنى ئاتا قىلدى. ئەنە شۇ كىشى ئايالىغا: «ئۇنىڭغا ياخشى قارا، بەلكىم بىزگە پايدىسى تېگىپ قالار، ياكى ئۇنى بالا قىلىۋالارمىز» دېدى. بۇ كىشى ئادەتتىكى بىرى ئەمەس بولۇپ، مىسىردىكى ھۆكۈمدارلار تەبىقىسىدىن ئىدى. بىرئازدىن كېيىن ئۇنىڭ ھۆكۈمدارنىڭ ۋەزىرلىرىدىن بىرى ۋە قۇرئاندا "ئەزىز" دەپ نام بېرىلگەن مۇھىم بىر ۋەزىر ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. قەدىمكى مىسىرلىقلار ۋەزىرلىرىنىڭ ئىسىملىرىنى ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرى بىلەن قوشۇپ چاقىراتتى. بەزىلىرىنى "ئەزىز" دېسە، بەزىلىرىنى "ئادىل" ۋە بەزىلىرىنى "كۈچلۈك (قەۋى)" دەپ ئاتايتتى. كۈچلۈك پەرەزلەرگە ئاساسلانغاندا، "ئەزىز" مىسىرنىڭ باش ۋەزىرى ئىدى.

اﷲ يەر يۈزىدە يۈسۈفكە مانا مۇشۇنداق ئىمكان يارىتىپ بەرگەنىدى. ئۇ، ۋەزىرلىك قىلىۋاتقان بىرىنىڭ ئۆيىدە تەربىيىلىنىدۇ. اﷲ ئۇنىڭغا چۈش تەبىرىنى ئۆگىتىدۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، مىسىر ھۆكۈمدارى ئۇنىڭغا موھتاج بولىدۇ. اﷲ ھەر ئىشىدا ھاكىمدۇر، لېكىن كۆپلىگەن ئىنسان بۇنى بىلمەيدۇ.

بۇلارنىڭ ھەممىسى يۈسۈف ئۇچرىغان ئېغىر پىتنىدە ئەمەلگە ئاشتى (مەيدانغا كەلدى).

يۈسۈف ئۆز زامانىنىڭ ئەڭ كېلىشكەن يىگىتى ئىدى. ئۇنىڭ يۈزى ئىنسان گۈزەللىكىنىڭ ئاجايىپ كۆرۈنۈشىنىڭ بىر پارچىسى ئىدى. يۈرىكىنىڭ ساپلىقى ۋە قەلبىنىڭ پاكلىقى ئۇنىڭ يۈزىنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرگەنىدى.

كۈنلەر ئۆتتى...

يۈسۈف چوڭايدى...

---

[4] سۈرە يۈسۈف 21 ـ ئايەت.

﴿يۈسۈپ قىرانىغا يەتكەندە، ئۇنىڭغا ھېكمەت بىلەن ئىلىم ئاتا قىلدۇق. ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى شۇنداق مۇكاپاتلايمىز﴾.

ئۇنىڭغا ئىشلارغا توغرا قارار بېرىش، ھاياتى ۋە ئۆز ئەھۋالىنى بىلىش ئالاھىدىكلى بېرىلدى. سۆھبەتلەشكەندە ئۆزىنى تىڭشىغۇچىنىڭ قەلبىنى مايىل قىلىدىغان بىر ئۇسلۇب بېرىلدى ۋە ئۇنىڭغا قارشى چىققىلى بولمايدىغان.ئىنسان شەخسىيتىگە ئىگە قىلغان شەرەپلىك، شەرمى ـ ھايالىق بولۇش ئالاھىدىلىكى بېرىلگەنىدى.

يۈسۈفنىڭ خوجايىنى الله نىڭ يۈسۈفنى ئەۋەتىش ئارقىلىق ئۆزىگە چوڭ ئىنئام تارتۇق قىلغانلىقىنى، يۈسۈفنىڭ ئۆز ھاياتىدا كۆرگەن ئەڭ ئىشەنچىلىك، ئەڭ راستچىل، ئەڭ مۇلايىم ۋە ئەڭ مەرت كىشى ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. ئۇ ئائىلىسىنى يۈسۈفقا تاپشۇردى، ئۇنىڭغا ئىنئاملار بەردى ۋە ئۆز ئوغلىدەك مۇئامىلە قىلدى.

ئەزىزنىڭ ئايالى ھەركۈنى يۈسۈفنى كۆزەتمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ پاراڭلىشاتتى، كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە قارايتتى، ئۇنىڭدىن سوئال سوراپ جاۋابىنى تىڭشايتتى، ئۇنىڭغا بولغان ھەيرانلىقى بارغانسېرى ئاشماقتا ئىدى.

نىھايەت، ئۇ بىر كۈنى ئۆزىنىڭ يۈسۈفكە ئاشىق بولغانلىقىنى ئۇقتى، يۈسۈفكە ئۆز سۆيگۈسىنى ئاشكارىلاشقا باشلىدى.

قۇرئان ئەزىزنىڭ ئايالىنىڭ ئۆز ـ ئۆزى بىلەن بولغان توقۇنۇش، ئىسيانىغا ئارىلىشىپ كەتكەن بۇ سۆيگۈسىنى ئوچۇق بايان قىلماقتا.

ئۇلۇغ الله مۇنداق دېگەنىدى:

﴿يۈسۈپ تۇرۇۋاتقان ئۆيدىكى ئايال (يەنى زۇلەيخا) يۈسۈفتىن ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلدى، ئۇ ئىشىكلەرنى تاقىۋېتىپ: «بېرى كەل!» دېدى. يۈسۈپ: «خۇدا پاناھ بەرسۇن! ئۇ (يەنى ئېرىڭ) ھەقىقەتەن مېنىڭ خوجايىنىمدۇر، ئۇ مېنى ياخشى كۈتتى. ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار ھەقىقەتەن نىجات تاپالمايدۇ» دېدى. ئۇ (يەنى زۇلەيخا) يۈسۈفكە (يېقىنچىلىق قىلىشقا) بەل باغلىدى، پەرۋەردىگارىنىڭ روشەن دەلىلىنى كۆرمىگەن بولسا، يۈسۈفمۇ ئۇنىڭغا مايىل بولغان بولاتتى. بىز يۈسۈفنى گۇناھتىن ۋە سەت ئىشتىن ئەنە شۇنداق ساقلىدۇق، شۈبھىسىزكى، يۈسۈپ بىزنىڭ سادىق بەندىلىرىمىزدىن ئىدى﴾.

قۇرئاندا ئۇ ئايال ۋە يۈسۈفنىڭ يېشى توغرىسىدا بىر مەلۇمات يوق. بىز بۇنى ھېسابلاپ كۆرەيلى.

---

سۈرە يۈسۈپ 22 ـ ئايەت.
سۈرە يۈسۈپ 23 ـ 24 ـ ئايەتلەر.

يۈسۈپ كىچىك يېشىدا قۇدۇقتىن تېپىلىپ كەلتۈرۈلدى. ئۇ چاغلاردا ئايال، مەسىلەن يىگىرمە ئۈچ ياشتا. يۈسۈپ ئون ئىككى ياشتا ئىدى. ئارىدىن ئون ئۈچ يىل ئۆتتى. ئايال ئوتتۇز ئالتە ياشقا، يۈسۈپ بولسا يىگىرمە بەش ياشقا كىردى.

ۋەقە بۇ ياشتا مەيدانغا كەلگەن بولغىيمىدى؟ ئەڭ چوڭ ئېھتىمالغا ئاساسەن ئەھۋال شۇنداق ئىدى. ئايالنىڭ بۇ ۋەقەنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى مۇئامىلىسى ئۇنىڭ يېتىلگەن ۋە جەسۇر بىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەكتە. قۇرئاننىڭ بۇ پەردىنى ئېچىپ بايان قىلغان بۇ كۆرۈنۈشى بىزنىڭ خىيالىمىزغا قۇرئان بايان قىلماي ئۆتۈپ كەتكەن بىر قانچە كۆرۈنۈشنى ئېلىپ كېلىدۇ.

ئەزىزنىڭ ئايالى يۈسۈفكە ئاشىق بولغانىدى.

ئايال يۈسۈفنى ئۆزىگە چاقىردى، ئىشىكلارنى ھېم تاقاپ: «كەل، بۇ قېتىم مەندىن قاچالمايسەن» دېدى. بۇ، بۇندىن بۇرۇن يۈسۈفنىڭ ئۇنىڭدىن بىر قانچە قېتىم قاچقانلىقىنى بىلدۈرمەكتە. بۇندىن بۇرۇن بىر قانچە قېتىم...چاقىرىقنىڭ بۇ قەدەر ئوچۇق ـ ئاشكارا بولمىغانلىقىنى بىلدۈرمەكتە.

يۈسۈف مىسىرنىڭ باش ۋەزىرىنىڭ ئۆيىدە ئۆسۈپ يېتىلگەنىدى. ئويلاپ بېقىڭ! راھەت مۇھىت، ئەركىن ـ ئازدە ساراي. ياش ۋە چىرايلىق بىر ئايال، ئۇ ئايالنىڭ يولدىشى سېتىۋېلىپ ئۆزىگە قۇل قىلىپ بەرگەن ياش يىگىت. ئايال ئۇنىڭ بىر ئىستاكان سۇ ئەكىرىشىنى باھانە قىلىپ، ئۇنى خاس ھۇجرىسىغا چاقىرماقتا ياكى ئۇنىڭغا يېرىم يالىڭاچ كىيىملىرى بىلەن كۆرۈنمەكتە ۋە ياكى ھېچقانداق يامان غەرىزى يوقتەك ئۇنىڭغا پىتنىگە سەۋەب بولىدىغان نەرسىلەرنى كۆرسەتمەكتە. ئاياللارنىڭ ئەرلەرنىڭ ھەۋىسىنى قوزغايدىغان نەرسىلەر بىلەن ئۇنىڭ شەھۋىتىنى قوزغاشقا تىرىشماقتا. ئويلاپ بېقىڭ! بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر نەچچە يىلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر مەزگىل ئىدى.

ئىككىسى بىر ئۆي، بىر دەرۋازا ئىچىدە بىر قانچە يىل بىللە ياشىدى.

ئايال ئۇنى ئۆزىگە تارتىشقا، ئۇنىڭ شەھۋىتىنى قوزغاشقا ۋە ئۇنى ئالداشقا ئۇرۇنماقتا. يۈسۈف تەقۋالىقىغا، ئايال ھاۋايى ـ نەپسىگە بېرىلمەكتە ئىدى.

ئاخىرقى كۈن يېتىپ كەلدى.

ئايال داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان بۇ چۈشەنچە ۋە تارتىنىشتىن زېرىككەنىدى ۋە پىلانىنى ئۆزگەرتىشكە قارار بەردى.

ئىما ـ ئىشارەتتىن ئوچۇقچە ئىزھار قىلىشقا ئۆتتى. ئىشىكلەرنى تاقىدى. ھايا ماسكىسىنى يىرتىپ تاشلىدى، سۆيگۈسىنى ئىزھار قىلدى ۋە ئۇنى ئۆزىگە تارتتى.

ئايال مۇنداق دېگەن بولۇشى مۇمكىن: يۈسۈف! سەن نېمانچە چىرايلىق؟!

يۈسۈفمۇ بەلكىم مۇنداق جاۋاب بەردى: مەن تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن رەببىم يۈزۈمنى مۇشۇنداق يارىتىپتۇ. بۇ مېنىڭ ئىشىم ئەمەس.

ئايال ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ: يۈسۈف چاچلىرىڭ نېمە دېگەن يۇمشاق ـ، دېدى.

يۈسۈف: قەبرىدە ھەممىدىن بۇرۇن چۇرۇپ كېتىدىغان نەرسەم چاچلىرىمدۇر ـ ، دېدى.

ئايال: يۈسۈف! كۆزلىرىڭ نېمە دېگەن نۇرلۇق؟

يۈسۈف: مەن بۇ كۆزلىرىم بىلەن رەببىم ياراتقان نەرسىلەرنى كۆرىمەن.

ئايال: سەن رەببىڭ ياراتقان بىرسى ئەمەسمۇ؟ بېشىڭنى كۆتۈر، يۈزۈمگە قارا!

يۈسۈف: مەن قىيامەت كۈنىدىن قورقىمەن.

ئايال: مەن ساڭا يېقىنلىشىۋاتىمەن، سەن بولساڭ مەندىن قېچىۋاتىسەن.

يۈسۈف: مەن ماڭا رەببىمنىڭ يېقىنلىقىنى خالايمەن.

ئايال: يۈرىكىم سۆيگۈڭ بىلەن تولدى. سېنى ئۆزەمگە ئېلىۋاتقان نەپسىم قەدەر يېقىن كۆرىمەن، سېنى ئۆز ھەققىم بىلىپ سۆيدۇم. مەندىن قېچىپ قۇتۇلالمايسەن.

يۈسۈف ئايالنىڭ ئۆزىنى چاقىرىۋاتقانلىقىنى چۈشەندى ۋە: مەن الله دىن قورقىمەن ۋە تارتىنىمەن. ـ دېدى.

ئۇلۇغ الله دىن مېنى ئەپۇ قىلىشنى ئۆتۈنىمەن. ئالەملەرنىڭ رەببى ماڭا بۇ ئۆينى ئىنئام قىلدى. بۇ ئۆينىڭ خوجايىنى ماڭا ئىشىنىپ خاتىرجەملىك بەخش ئەتتى. مەن ئۇلارغا قانداقمۇ خىيانەت قىلىمەن؟ ئەگەر بۇ ئىشنى قىلسام، ئۆزەمدىن قانداقمۇ نىجاتلىق كۈتىمەن؟

ئۇلۇغ الله مۇنداق دېگەندى:

﴿ئۇ (يەنى زۇلەيخا) يۈسۈفكە (يېقىنچىلىق قىلىشقا) بەل باغلىدى، پەرۋەردىگارىنىڭ روشەن دەلىلىنى كۆرمىگەن بولسا، يۈسۈفمۇ ئۇنىڭغا مايىل بولغان بولاتتى﴾

مۇپەسسىرلەر ئايالنىڭ گۇناھ ئىشلەش مەقستى ھەققىدە بىرلىككە كەلگەن بولسىمۇ، يۈسۈفنىڭ مەقستى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشتى. بەزىلىرى ئايالنىڭ گۇناھ ئىشلەش مەقسىتىدە ئۇنى چاقىرغانلىقىنى يۈسۈفنىڭمۇ گۇناھ ئىشلەشتە ئۇنىڭغا جاۋاب بەرگەنلىكى، ئەمما ئۇنداق قىلمىغانلىقىنى ئېيتسا، يەنە بەزىلىرى، يەنە ئايالنىڭ يۈسۈفنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن چاقىرغانلىقىنى، يۈسۈفنىڭ ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئۇتتۇرىغا قويدى. بۇ چاقىرىشنىڭ ئىككىسى ئارىسىدا بۇ ۋەقەدىن بۇرۇن يۈز بەرگەن بولۇپ ئۆتكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغانلارمۇ بار. يۈسۈفنىڭ ئىچىدىكى ھېسسىياتى 14 ياش بىلەن 25 ياش ئارىلىقىدىكى ياشلاردا بولىدىغان ھېسسىياتلاردىن

---

[8] سۈرە يۈسۈف 24 ـ ئايەت

ئىدى. ئاندىن اللە يۈسۈفنى ئۇ ئىشتىن ۋاز كەچكۈزدى. مېنىڭ كۆڭلۈم ئەڭ مايىل بولغان تەفسىر شەكلى ئايەتتە تەقدىم (ئالدىن بېرىش) ۋە تەخىر (كېيىنگە قويۇش) بولغان شەكلىدۇر.

ئەبۇھاتىم مۇنداق دېگەنىدى: ئەبۇ ئۇبەيدەگە قۇرئاندىكى چۈشىنىش تەس بولۇپ قالغان يەرلەرنى ئوقۇپ بېرىۋاتاتتىم. ئۇلۇغ اللە نىڭ: "ئۇنى (يەنى زۇلەيخا) يۈسۈفكە (يېقىنچىلىق قىلىشقا) بەل باغلىدى. يۈسۈفمۇ ئۇنىڭغا مايىل بولغان بولاتتى..." دېگەن سۆزىگە كەلگەندە، ئەبۇ ئۇبەيدە: «بۇ يەردە ئايەتلەرنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىنلىرى بار» دېدى.

بۇ ئايەت بۇ ئۇسلۇبتا تەپسىر قىلىنغىنىدا، تەپسىر پەيغەمبەرلەرنىڭ پاكلىقىغا مۇناسىپ كېلىدۇ. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى تۆۋەندىكى ئايەتلەرنىڭ روھى بىلەنمۇ ماسلىشىدۇ. ئۇندىن باشقا، ئارقىسىدىن كەلگەن مۇنۇ ئايەتلەر بىلەن تولۇقلىنىدۇ.

﴿بىز يۈسۈفنى گۇناھتىن ۋە سەت ئىشتىن ئەنە شۇنداق ساقلىدۇق، شۈبھىسىزكى، يۈسۈف بىزنىڭ سادىق بەندىلىرىمىزدىن ئىدى﴾.[1]

يۈسۈفنىڭ اللە نىڭ سەممىي قۇلى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان بۇ ئايەت، ئەينى ۋاقىتتا، ئۇنىڭ شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىدىن قۇتۇلغانلىقىنى ئوچۇق ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ئۇلۇغ اللە، ئىنسانلارنى ياراتقان كۈنى ئىبلىسقا مۇنداق دېگەنىدى:

﴿مېنىڭ بەندىلىرىمگە (يەنى ئۇلارنى ئازدۇرۇشقا) سېنىڭ كۈچۈڭ يەتمەيدۇ﴾.[2]

يۈسۈف اللە نىڭ سەممىي قۇلى بولغاچقا، ئۇنىڭ ئەھۋالى ھەممىگە ئاياندۇر. بۇ، يۈسۈفنىڭ ئەركەكلىك ھېس ـ تۇيغۇلاردىن مەھرۇم ئىكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. بۇ، ئۇنىڭ پەرىشتىلەردەك پاك ئەمەسلىكىنى ۋە پەرىشتىلەرنىڭ تەبىئىتىدە بولغان پاكلىقنىڭ پاك پەرىشتىلەرنىڭ ھېس ـ تۇيغۇسىغا ئىگە دېگەنلىكىنىمۇ چۈشەندۈرمەيدۇ. پەقەت ئۇنىڭ ناھايىتى كۈچلۈك بىر شەھۋانىي ئارزۇغا دۇچ كەلگەنلىكىنى، كۆڭۈلنىڭ بىرەر قېتىممۇ ئۇنىڭغا قايىل بولمىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭغا قارشى ئۇزۇن مۇددەت كۈرەش قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئاندىن رەببىدىن بىر ئىشارەت ئېلىش بىلەن قەلبىگە تەقۋالىقنى مەھكەم ئورنىتىپ ـ كۆڭلىنى تېنچلاندۇرىدۇ.

ئۇ ئۆزىنىڭ يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى يۈسۈف ئىكەنلىكىنى، يەئقۇبنىڭ ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى، ئىسھاقنىڭ بولسا، پەيغەمبەرلەرنىڭ بوۋىسى ۋە اللە نىڭ دوستى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى...

ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى تالاش ـ تارتىش تەرەققى قىلىپ، ئېغىزدىن قول ھەرىكىتىگە ئۆتتى.

---

[1] سۈرە يۈسۈف 24 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ھىجر 42 ـ ئايەت.

ئەزىزنىڭ ئايالى قولللىرىنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتى ۋە ئۇنى قۇچاقلاشقا ئۇرۇندى. يۈسۈفنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى. ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، ئىشىككە قاراپ قاچتى. ئەزىزنىڭ ئايالى سۇغا چۆكۈپ كېتىۋاتقان بىرى كېمىنىڭ بىر ئۇچىنى تۇتۇۋالغاندەك، يۈسۈفنىڭ كۆينىكىنى تۇتۇپ ئارقىسىدىن يۈگۈردى.

ئىككىسى يۈگۈرۈپ ئىشىككە كەلدى.

ئىشىك بىردىنلا ئېچىلىپ كەتتى.

ئىشىكتە ئەزىز ياكى ئۇنىڭ تۇغقانلىرىدىن بىرى تۇراتتى.

﴿ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى (يۈسۈف چىقىپ كېتىش ئۈچۈن، زۇلەيخا ئۇنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن) ئىشىككە قاراپ يۈگۈرۈشتى. (بۇ چاغدا) ئۇ (يەنى زۇلەيخا) يۈسۈفنىڭ كۆڭلىكىنى ئارقىسىدىن (تارتىپ) يىرتىۋەتتى. ئىشىك ئالدىدا ئۇنىڭ (يەنى زۇلەيخانىڭ) ئېرى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قېلىشتى﴾.[1]

ئاشىق ئايال يولدىشىنى كۆرۈپلا ناھايىتى تېز ۋە ھىيلىگەرلىك بىلەن ھەرىكەتكە ئۆتتى.

ئوتتۇرىدا بىر ئىشلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكى ئوچۇق ئىدى. يۈسۈف ئىزادىن تىترەپ كەتكەن ئىدى. پىشانىسىدىن تەر تەپچىشكە باشلىدى. ئايالنىڭ چاچلىرى چۇۋۇلغان، مەڭزى قىزىرىپ كەتكەنىدى. تىترەپ كەتكەنلىكىدىن جايىدا تۇرالمايۋاتاتتى. ئەزىز ئەھۋالنى سوراش ئۈچۈن ئېغىز ئېچىپ بولغىچە، ئايال دەرھال يۈسۈفنى ئەيىبلەشكە باشلىدى.

﴿ئۇ (يەنى زۇلەيخا): «سېنىڭ ئەھلىڭنى دەپسەندە قىلماقچى بولغان ئادەمنى پەقەت زىندانغا تاشلاش ياكى قاتتىق قىيناش بىلەن جازالاش كېرەك» دېدى.[2]

ئايال يۈسۈفنىڭ ئۆزىنى زىناغا زورلىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ئۆزىگە مەجبۇري ئىگە بولماقچى بولغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭغا قارا چاپلىدى. يۈسۈف گۇناھسىز ھالدا، ئاستا ئۇنىڭ يۈزىگە قارىدى. ئۇ ئايالنىڭ سىرىنى ساقلاش نىيىتىدە ئىدى. ئەمما ئايال ئۇنى قارىلىغاچقا، ئۇمۇ ئۆزىنى ئاقلاشقا مەجبۇر بولۇپ قالدى.

﴿يۈسۈف: «ئۇ (يەنى زۇلەيخا) مەندىن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلدى» دېدى.﴾

ئۇلار شۇ تەرىقىدە تالاش - تارتىش قىلىشقا باشلىدى. ئەزىز ئارىغا كىردى. ئۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى پەرەز قىلىنىدۇ.

[1] سۈرە يۈسۈف 25 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە يۈسۈف 25 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

- ۋارقىراشماڭلار! ئۇيەدە بىر مۇنچە قۇل - خىزمەتچى بار. بۇ ئالاھىدە بىر مەسىلىدۇر.

مىسىرنىڭ باش ۋەزىرى ئەزىز تەمكىن قېرىغان ئادەم ئىدى. قىسسىنىڭ ئىچىدىن يەر ئالغان كىشىلەر يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرىدۇر. باش ۋەزىر ئىشنى ئېنىقلاشقا باشلىدى.

ئەھۋالنى ئايالى ۋە يۈسۈفتىن ئايرىم - ئايرىم ئىگەللىدى. ئاندىن ئايالىنىڭ تۇغقىنىنىڭ پىكرىنى ئالدى.

ئايالىنىڭ تۇغقىنى: مەسىلىنىڭ پاكتى يۈسۈفنىڭ كۆينىكىدە، ئەگەر يۈسۈپ ئايالنى زورلىغان بولسا، كۆينەك ئالدى تەرىپىدىن يىرتىلغان بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزىنى قوغداش ئۇچۇن يۈسۈفنىڭ كۆينىكىنىڭ يىرتىۋېتىشى نورمال ئەھۋال. - دېدى.

ئەزىز: ئەگەر كۆينەك ئارقىدىن يىرتىلغان بولسىچۇ؟ - دېدى.

ئايالىنىڭ تۇغقىنى: ئۇنداقتا، ئايال ئۆزى يۈسۈفنى چاقىرغان بولىدۇ. - دېدى.

ئۇلار كۆينەكنى قولىرىغا ئېلىپ، ئۆرۈپ چۆرۈشتى. ئايالىنىڭ تۇغقىنى كۆينەكنى تەپسىلىي كۆزىتىپ چىقتى ۋە ئارقىدىن يىرتىلغانلىقىنى بىلدى. ئەزىزمۇ كۆينەككە ئىنچىكىلەپ قاراپ چىقتى ۋە كۆينەكنىڭ ئارقىدىن يىرتىلغانلىقىنى كۆردى. گۇناھ ئايالىنىڭ ئۈستىگە قالدى.

ئۇلۇغ اللہ بۇ كۆرۈنۈشنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

﴿ئۇ (يەنى زۇلەيخا) نىڭ ئائىلىسىدىكىلەردىن بىرسى گۇۋاھلىق بېرىپ: «يۈسۈفنىڭ كۆڭلىكى ئالدىدىن يىرتىلغان بولسا، ئۇنىڭ (يەنى زۇلەيخا) نىڭ سۆزى راست، يۈسۈفنىڭ سۆزى يالغان. يۈسۈفنىڭ كۆڭلىكى ئارقىسىدىن يىرتىلغان بولسا، ئۇنىڭ (يەنى زۇلەيخانىڭ) سۆزى يالغان، يۈسۈفنىڭ سۆزى راست» دېدى. ئۇ (يەنى زۇلەيخانىڭ ئېرى) يۈسۈفنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ئارقىسىدىن يىرتىلغانلىقىنى كۆرۈپ: «ئەي ئاياللار جامائەسى! بۇ چوقۇم سىلەرنىڭ ھىيلەڭلاردۇر. سىلەرنىڭ ھىيلەڭلار ھەقىقەتەن چوڭدۇر» دېدى﴾. [1]

ئەزىز ئايالىنىڭ ئۆزىگە خىيانەت قىلغانلىقىنى ئېنىق بىلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ۋارقىراپ - جارقىرىمىدى.

ئۇنىڭ يۇقىرى تەبىقىدىكى مەرتىۋىسى ئۇنى تەمكىن ۋە ئىنچىلىك بىلەن ھەرىكەت قىلىشقا ئۈندەيتتى.

ئەزىز: بۇ سىلەرنىڭ ھىيلەڭلاردۇر، - دېدى.

ئايالىنىڭ بۇ قىلىقى ئۇمۇمەن ئاياللارنىڭ ھىيلىگەرلىكىگە قارىتىلغان ئىدى. بولۇپمۇ، ئاياللارنىڭ ھىيلىسىنىڭ كۆپ بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرمەكتە. شۇڭا ۋەقە ياخشى بىر ۋەقە سۆزلىنىۋاتقاندەك بايان قىلىندى.

[1] سۈرە يۈسۈف 26 ـ 28 ـ ئايەتكىچە.

ئەزىزنىڭ ئايالىغا: سىلەرنىڭ ھىيلەڭلار كۆپتۇر، ـ دېيىشى بىلەن ئۇنىڭغا قاتتىق مۇئامىلە قىلغان بولمايدۇ. چۈنكى بۇ سۆز ئاياللارنىڭ ھىيلە ئىشلىتىشتىكى يوللىرىنىڭ كۆپلۈكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئەزىز يۈسۈپكە تەرەپكە بۇرۇلۇپ مۇنداق دېدى:

﴿(يەنى ئېيتتى) «يۈسۈپ! بۇنى سۆزلەپ يۈرمىگىن»﴾. [1]

بۇ ئىشنى سۈرۈشتۈرۈش، ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بىلەن قاراش ۋە ئۇنىڭ ھەققىدە پاراڭلىشىش چوڭ ئىش ئىدى. ئاۋۋال ۋەقەنى بېسىقتۇرۇش كېرەك ئىدى. بۇ ھەقتە ئارتۇقچە بىر نەرسە دېيىشنىڭ ھاجىتى يوق. ئەزىز كېيىنچە، ئۆزىنىڭ ئايالىغا ئاياللارنىڭ ھىيلىسى توغرىسىدىكى سۆزىدىن باشقا بىر نەرسە دېمىگەنلىكىنى چۈشەندى ۋە ئۇنىڭغا ئايرىم بىر نەرسە دېيىشكە، قوپال مۇئامىلە قىلىشقا تىرىشتى. ئەمما قوپاللىق بۇ سۆزلىرىدىكى مۇلايىملىققا ئېلىپ باردى:

﴿(ئايالىم) سەن ئۆز گۇناھىڭغا كەچۈرۈم سورىغىن، سەن ھەقىقەتەن خاتالاشتىڭ»﴾. [2]

ئەزىز بۇ ئىككى ئېغىز گەپ بىلەن ئىشنى تۈگەتتى ۋە يۈسۈپنىڭ گەپ قىلىشىنى چەكلىدى.

ئەزىز ئايالى بىلەن يۈسۈپنىڭ ئارىسىنى ئاچمىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن خىيالى بۇ ھەقتىكى سۆز ـ چۆچەكنى يوققا چىقىرىش ئىدى. ئەمما بۇ ۋەقەنى بۇنداق يۇقىرى تەبىقىدە يوققا چىقارغىلى بولمايتتى.

تامىنىڭمۇ قۇلىقى بار، سارايلاردا قۇل ـ دېدەكلەر بار ئىدى. بەلكىم، سارايىنىڭ خىزمەتچىلىرىدىن بىرى باشقا بىر سارايدىكى خىزمەتچى دوستىغا ۋە ئۇ خىزمەتچى يەنە باشقا بىر سارايدىكى خىزمەتچى دوستىغا سۆزلەپ بەرگەن بولۇشى مۇمكىن.

ۋە بەلكىم، ئايال بۇندىن كېيىن قانداق مۇئامىلە قىلىشى ھەققىدە مەسلىھەت سوراش ئۈچۈن دېدىكىگە ئېيتقان بولۇشى مۇمكىن.

مۇھىمى، بۇ ۋەقە يېيىلىشقا باشلىغانىدى ۋە خەۋەر سارايدىن ھالقىپ، ئۇ دەۋردىكى ھۆكۈمران تەبىقىگە ياكى باشقا يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرگە يېتىپ باردى. ئۇ تەبىقىنىڭ ئاياللىرىغا بۇ خەۋەر ئەڭ ياخشى غەيۋەت تېمىسى بولۇپ بەردى. بۇ تەبىقىلەردە باشقىلارنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىغا بەك چوڭ ئەھمىيەت بېرىلەتتى. شەھەردىكى سۆز ـ چۆچەك كۆپەيدى:

---

[1] سۈرە يۈسۈپ 29 ـ ئايەت.
[2] سۈرە يۈسۈپ 29 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

﴿شەھەردىكى بەزى ئاياللار: «ئەزىز (يەنى مىسىرنىڭ پادىشاسى) نىڭ خوتۇنى قۇلىغا كۆيۈپ قېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلىپتۇ. بىز ئۇنى، ئەلۋەتتە، ئاشكارا ئازغان دەپ قارايمىز» دېيىشتى﴾.

مانا بۇ سۆزلەر ئارقىلىق تۇنجى قېتىم ئۇ ئايالنىڭ ئەزىزنىڭ ئايالى ئىكەنلىكىنى، قۇلنى سېتىۋالغان مىسىرلىقنىڭ بولسا، مىسىرنىڭ ئەزىزى - يەنى مىسىر ۋەزىرلىرىنىڭ ئەڭ چوڭى - ئىكەنلىكىنى بىلدۇق. بەلكى ئۇ، قۇلنى سېتىۋالغان ۋاقىتتا ئاددىي ۋەزىر بولۇشى ۋە كېيىنچە ئەزىزلىككە كۆتۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن.

مۇھىمى ئۇنىڭ شۇ چاغدا مىسىرنىڭ ئەزىزى بولۇشى ئىدى. خەۋەر ئېغىزدىن ئېغىزغا، ئۆيدىن ئۆيگە تارقىلىپ يۈرۈپ، ئاخىرىدا ئەزىزنىڭ ئايالىغا يېتىپ كەلدى.

بەلكىم ئۇنىڭغا مۇنداق دېيىلگەن بولۇشى مۇمكىن: پۈتۈن شەھەردە سېنىڭ ئىشق - مۇھەببىتىڭ ھەققىدە سۆز - چۆچەك بولۇۋاتىدۇ.

ئايال: كىمگە ئاشق بوپتىمەن؟

- يۇسۇفكە - ، دېيىلدى.

ئايال: ئۇنى ياخشى كۆرىدىغىنىمنى ئىنكار قىلمايمەن.

- ۋەزىرلەرنىڭ ئاياللىرى سېنىڭ ئۇنىڭغا مەپتۇن بولغانلىقىڭنى ئېيتىشىۋاتىدۇ، - دېيىلدى.

ئايال: نېمە دېيىشتى؟

- سېنى پۈتۈنلەي ئازغانلىقىڭنى ئېيتىشتى، - دېيىلدى.

ئايال ئاچچىقلانغان ھالدا: كىم ئېزىپتۇ؟ يۇسۇفكە كىم چىدىيالايدىكەن؟ كىم مېنى ئازدى دەيدۇ؟ ئۇلار يۇسۇفنى كۆرۈپ بېقىشتىمۇ؟ سۆز - چۆچەك قىلغانلارنىڭ ئىسىملىرىنى ماڭا دەپ بېرىڭلار، - دېدى.

ئايال بىر مەزگىل ھۇجرىسىدىن چىقماي ئويلاندى ۋە بىر قارارغا كەلدى. ئاشپەزلەرنى چاقىردى، ساراي ئاشپەزلىرى يېتىپ كېلىشتى.

ئايال ئۇلارغا سارايدا چوڭ بىر زىياپەت بەرمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتتى. يېمەك - ئىچمەكلەرنى ئۆزى تاللىدى. زىياپەتتە بېرىلىدىغان ئالمىلارنىڭ يېنىغا ئۆتكۈر پىچاقلارنى، تاۋاقلارنىڭ يېنىغا ئاق ياغلىقلارنىڭ ۋە ئۇ دەۋرنىڭ شەرق ئۇسلۇبىغا ئاساسەن ياستۇق ۋە سېلىنچىلارنىڭ قويۇلۇشىنى بۇيرۇق قىلدى. ئاندىن ئۆزى ھەققىدە سۆز - چۆچەك قىلغان ۋە ئۆزىنىڭ يۇسۇفكە مەپتۇن بولغانلىقىنى ئېيتقانلارنىڭ ھەممىسىنى زىياپەتكە چاقىردى. زىياپەت كۈنى يېتىپ كەلدى. يۈكسەك تەبىقىنىڭ ئاياللىرى باش ۋەزىرنىڭ سارىيىغا قاراپ ئېقىشتى. ئەڭ چىرايلىق ۋە ئەڭ يېڭى كىيىملىرىنى، ئەڭ قىممەتلىك زىبۇ - زىننەتلىرىنى

سۈرە يۇسۇف 30 - ئايەت.

كۆز ـ كۆز قىلىشىنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرسىتى كەلگەنىدى. زىياپەتكە پەقەت ئاياللارلا چاقىرىلغانىدى. ئەرلەرسىز قانغۇچە كۆڭۈل ئاچماقچى بولۇشتى. تائاملار تارتىلدى. ئاياللار ياستۇقلارغا يۆلەنگەن ھالدا سېلىنچىلارغا ئولتۇرۇشتى. زىياپەت داۋاملاشتى. مېزىلىك تائاملار يېيىلدى. سوغۇق ئىچىملىكلەر ئىچىلدى. قاھ ـ قاھلارنىڭ ئاۋازى كۆتۈرۈلدى. غەيۋەت ـ شىكايەت قىلىندى. ئەمما ھېچكىم يۈسۈپ توغرىسىدا ئېغىز ئېچىشنى خالىمىدى. ۋەقەنى ھەممىسى بىلەتتى. ئەمما بىر ـ بىرىدىن يوشۇرۇۋاتاتتى. يۈكسەك تەبىقىلەردىكى ئادەت شۇنداق ئىدى.

شۇڭا ساھىبخانىنىڭ بۇ ھەقتە ئېغىز ئېچىپ قىلغان سۆزلىرى ئۇلارغا بەكمۇ تەسىر قىلدى:

ـ مېنىڭ ئىبرانى ياش يۈسۈفكە مەپتۇن بولغانلىقىم ھەققىدە گەپ تارقىتىپ يۈرگەنلەرنىڭ بارلىقىنى ئۇقتۇم.

سورۇن بىردىنلا سۈكۈتكە چۆمدى. مېھمانلارنىڭ قۇللىرى جىمىدى. ئەزىزنىڭ ئايالى سورۇننى ئۆز ئىلكىگە ئۆتكۈزدى. ئاملارنىڭ كەلتۈرۈلۈشىنى بۇيرۇق قىلغان ھالدا مۇنداق دېدى:

ـ ئۇنىڭ شۇنداق جەلىپ قىلارلىق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىمەن. ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى ئىنكار قىلمايمەن. ئۇزۇندىن بېرى ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ كېلىۋاتىمەن.

ئەزىزنىڭ ئايالىنىڭ بۇ سۆزلىرى بىلەن مېھمانلار ئۆزلىرىنى بىر ئاز ئازادە ھېس قىلىشتى. كۆڭۈللىرى راھەتلىنىپ، جىمجىت ئولتۇرۇپ يەنە تائاملىرىنى يېيىشتى.

ئاملار سويۇلۇشقا باشلىدى. مىسىردا مەدەنىيەت خېلى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، سارايلاردا ھەشەمەتچىلىك كۆپ ئىدى.

ئەزىزنىڭ ئايالىنىڭ سۆزلىرىدىن كېيىنىق. ساراي قايتا جانلىنىشقا باشلىدى. ئەزىزنىڭ ئايالى ئۆزىنىڭ ئاشىق بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىغا قارىغاندا، ئاشىق بولۇشتا باشقىلىرىنىڭمۇ ھەققى بار ئىدى. ئۇلاردىن بىرى ئەزىزنىڭ ئايالىنىڭ ئاشىق بولۇشىنىڭ دۇرۇست ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدىغان بىر جۈملە سۆز قىلغىنىغا قارىماي، ئۇنىڭ سۆيۈلگەن بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەسلى ئەرلەرنىڭ ئۇنىڭغا مەپتۇن بولۇشى كېرەك ئىدى. خىزمەتچىلەر كۆتۈرۈپ يۈرگەن ئەمبەر ھورى يوق بولۇپ كەتكەنىدەك. ساراي ئىچىدىكى ئىزا ـ تارتىنىشمۇ يوقىغان ئىدى.

ئەزىزنىڭ ئايالى قولى بىلەن يۈسۈفنىڭ كىرىشىنى ئىشارەت قىلدى. يۈسۈف خوجايىنىنىڭ ئەمرى بىلەن زىياپەت زالىغا كىردى. ئاياللار تېخىچە ئاملارنى سويۇشۇۋاتاتتى.

يۈسۈفنىڭ زالغا كىرىشى بىلەنلا، ئەزىزنىڭ ئايالى ئويلىغان ئىش يۈز بەردى.

مېھمانلار بىردىنلا ھەيران قېلىشتى. يۈسۈفنىڭ يۈزى ئاز كۆرۈلىدىغان ئەرلىك ۋە پەرىشتە سۈپەت بىر گۈزەللىك بىلەن چاقنىماقتا. كۆزلىرى ئىنسانىنىڭ ئۈنىڭ روھىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا لەپىلدەۋاتقان شەپقەت بايراقلىرىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئۆچمەس بىر نۇرنىڭ ئىپادىسىنى ئەكس ئەتتۈرمەكتە ئىدى.

ئاياللار ھەيران بولۇشتى. قولىدىكى پىچاق بىلەن ئالما كېسىشنى داۋاملاشتۇردى. كۆزلىرى پۈتۈنلەي يۈسۈفتە ئىدى. ھېچقايسى پىچاق بىلەن كېسىۋاتقان مېۋىگە قارىمىغانىدى.

ئاياللار ئەس ـ ھۇشىنى يوقاتقان ۋە ئۆزلىرىنى بىلمىگەن ھالدا قوللىرىنى كېسىشكە باشلىغان ئىدى.

يۈسۈفنىڭ كىرىپ كېلىشى ئۇلارغا خېلى بىر ۋاقىتقىچە ئاغرىق ۋە قانلىرىنىڭ ئېقىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالمىغۇدەك دەرىجىدە تەسىر قىلغانىدى.

ئاياللاردىن بىرى پەس ئاۋازدا:

ـ سۇبھانالالاھ! ـ دېدى.

يەنە بىرى خىرقىرغان ھالدا:

ـ بۇ ئىنسان ئەمەس، ـ دېدى.

كۆزلىرى خۇمارلاشقان ئۈچىنچى بىرى:

ـ بۇ بىر پەرىشتە، ـ دېدى.

ئەزىزنىڭ ئايالى بىردىنلا:

ـ ئەيىبلىنىشىمگە سەۋەب بولغان نەرسە مانا بۇ، ئۇنى ئۆزەمگە چاقىرغانلىقىمنى ئىنكار قىلمايمەن. ئالدىڭلاردا يارىلىرىڭلارنى تېڭىش ئۈچۈن قولىياغلىقلار بار. يۈسۈف ھەممىڭلارغا تەسىر قىلدى، قوللىرىڭلارغا قاراپ بېقىڭلار! ـ دېدى.

يۈسۈف سەۋەبىدىن بارماقلىرى پىچاق بىلەن كېسىلگەن بولسىمۇ، ئاغرىقنى سەزمىگەنلەرنىڭ كۆرۈنۈشىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ باقايلى! شۇنداق ئويلايمىزكى، يۈسۈف يەرگە قاراپ تۇرماقتا ياكى كۆزلىرىنى باشقا يەرلەرگە تىكىپ تۇرماقتا. قان ئاققاننى ئاڭلاپ، ئاندىن مېھمانلارغا قارىدى ۋە ئاياللارنىڭ بارماقلىرىدىن قان ئېقىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ساراي خىزمەتچىسى سۈپىتىدە دەرھال تېڭىق ۋە سۇ ئېلىپ كېلىشكە قاراپ ماڭدى ۋە يەنە شۇنداق ئويلايمىزكى، ئۇ بىر ئايالنىڭ قولىنى تېڭىۋاتقاندا ئەزىزنىڭ ئايالى مۇنداق دېدى:

ـ مەن ئۆزەمنى ئۇنىڭغا بېغىشلىدىم، ئەمما ئۇ ئىپپەت ـ نومۇستىن مەندىن قاچتى. ئەگەر يەنە ئەمرىمگە بويسۇنمىسا، چوقۇم زىندانغا تاشلىنىدۇ ۋە غەزەپكە ئۇچرىغۇچىلاردىن بولىدۇ، ـ دېدى.

يەنە ئويلايمىزكى، يۈسۈف ئارتۇقچە گەپ - سۆز قىلمىدى. ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىمىدى. بۇ ئايالنىڭ تراگېدىيىسى ئۇنىڭ بىر پەيغەمبەرگە ئاشىق بولۇشى ئىدى. يەنە ئويلايمىزكى، زىياپەتتىكى ئاياللارمۇ شۇنداق بولغانىدى.

مېھمانلارنىڭ ئىچىدىكى بەكمۇ چىرايلىق بىر ئايال يارىسىنى تېڭىۋاتقان يۈسۈفكە:

- يۈسۈف! سېنىڭ پەقەت قولۇمغا قارىشىڭنىڭ ئۆزىلا مەن ئۈچۈن كۇپايە، - دېدى.

ياكى يۈسۈفكە مۇنداق دېيىلدى:

- يۈسۈف! ئايىقىڭنى سۇرتۇپ، كۆينىكىڭنى يۇيىدىغان ۋە ساڭا سەجدە قىلىدىغان بىر دېدەكىڭىنىڭ بولۇشىنى خالىماسەن؟

بەلكىم، بۇ دەۋردىكى ئاياللارنىڭ تېخىمۇ باشقىچە تاكتىكىلىرى بولۇشى مۇمكىن. بەلكىم ئۇلاردىن بىرى كۆزىنى ياكى قاش - كىرپىكىنى ۋە ياكى ۋۇجۇدىنى قوللانغان بولۇشى مۇمكىن.

زىياپەتتە نېمىلەر يۈز بەرگەنلىكىنى بىلمەيمىز. ئۇلارنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرگەن خىيالىمىزنى قويۇپ تۇرايلى! شۇنى كۆرۈپ يەتتۇقكى، ئاياللارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ شەھۋىتىنى قوزغاشقا ئۇرۇندى، ھەممىسى ئۇنى ئۆزىگە چاقىردى ۋە ئۇلارمۇ يۈسۈفكە تەھدىت سېلىشقا باشلىغانىدى.

يۈسۈف بۇ ئېغىر پىتنە - پاساتنىڭ ئارىسىدا ھەيران بولغان ۋە زورلانغان ھالدا تۇراتتى. ۋە ئۇ:

﴿«ئى پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئۇلار ئۈندىگەن نەرسىدىن كۆرە زىندان سۆيۈملۈكتۇر» دېدى﴾.[4]

«ئۇلارنىڭ خالىغىنىنى قىلىشتىن» دېمىدى.

ئۇنىڭ ئاياللارغا كۆرۈنۈشى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۇنى ئۆزلىرىگە چاقىرغانلىقىنى كۆرسەتمەكتە.

ئاياللارنىڭ بەزىلىرى چاقچاق قىلغان، بەزىلىرى قىلىق چىقارغان، بەزىلىرى ئىما - ئىشارەت قىلغان ۋە بەزىلىرى ئوچۇقتىن ئوچۇق ھالدا ئۇنى ئۆزىگە چاقىرغان ئىدى. يۈسۈف اللە دىن ئۆزىنى ئۇلارنىڭ ھىيلە ۋە توزاقلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇشنى تىلىدى. ئۆزىنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكىنى بىلگەن بىر ئىنسان سۈپىتىدە گۇناھسىزلىقى ۋە پەيغەمبەر بولغانلىقىدىن مەغرۇرلانمىغان ھالدا اللە غا دۇئا قىلدى. اللە قا ئۆزىنى ئۇلارنىڭ توزاقلىرىدىن يىراقلاشتۇرۇشى ئۈچۈن ئۆزىنى ئۇلارغا مايىل قىلماسلىقى ۋە ئۆزىنى نادانلاردىن قىلماسلىقى ئۈچۈن دۇئا قىلدى.

---

[4] سۈرە يۈسۈف 33 - ئايەت.

الله يۈسۈفنىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىلدى. كېسىلگەن ۋە قانىغان قوللار ئاغرىشقا باشلىدى. يۈسۈف زالدىن چىقىپ كەتتى. ئاياللارنىڭ ھەممىسى يارىلىرىنى تېڭىشقا، ۋەزىر ئەرلىرى قولىنىڭ نېمە ئۈچۈن ۋە نەدە كېسىلگەنلىكىنى سورىسا، نېمە دەپ باھانە كۆرسىتىشنى ئويلاشقا باشلىدى.

ئۇلۇغ الله زىياپەت مەنزىرىسىنى مۇنداق تەسۋىرلىگەنىدى:

﴿ئۇ (يەنى زۇلەيخا) ئۇلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇلارغا (مېھماندارچىلىققا چاقىرىپ) ئادەم ئەۋەتتى. ئۇلارغا (يۆلىنىدىغان) تەكيە ياستۇقلارنى تەييارلىدى، ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە بىردىن پىچاق بەردى. (زۇلەيخا يۈسۈفكە) «سەن چىقىپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشكىن دېدى، ئۇلار يۈسۈفنى كۆرۈپ ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قېلىشتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ قوللىرىنى كېسىۋېلىشتى. ئۇلار: «(بۇنداق چىرايلىق ئىنساننى ياراتقان) الله پاكتۇر، بۇ ئادەمزات ئەمەس، پەقەت بىر ئېسىل پەرىشتىدۇر» دېيىشتى. ئۇ (يەنى زۇلەيخا): «مانا بۇ سىلەر ئۇنىڭ ئۈچۈن مېنى ئەيىبلىگەن ھېلىقى ئادەم، مەن ئۇنىڭدىن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلدىم، لېكىن ئۇ ئۆزىنى چىڭ ساقلىدى. ئەگەر ئۇ يەنىلا بۇيرۇقۇمنى قىلمىسا، چوقۇم زىندانغا تاشلىنىدۇ، چوقۇم خار ئادەم بولۇپ قالىدۇ» دېدى. يۈسۈف: «ئى پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئۇلار ئۈندىگەن نەرسىدىن كۆرە زىندان سۆيۈملۈكتۇر، ئەگەر ئۇلارنىڭ ھىيلىسىنى مەندىن دەپئى قىلمىساڭ، (ئىنسانچىلىقتا) ئۇلارغا مايىل بولۇپ قالىمەن، نادانلاردىن بولۇپ قالىمەن» دېدى. پەرۋەردىگارى ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ ئۇلارنىڭ ھىيلىسىنى يۈسۈفتىن دەپئى قىلدى. الله (ئىلتىجا قىلغۇچىلارنىڭ دۇئاسىنى) ھەقىقەتەن ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾. □

الله يۈسۈفنى ئاياللارنىڭ تۇزاقلىرىدىن قوغدىدى.

ئاياللارنىڭ قەلبىگە يۈسۈفكە بولغان ئىشق ـ مۇھەببىتى ھەققىدە ئۈمىدسىزلىك چۈشتى. ئۇلارنىڭ يۈسۈفكە بولغان سۆيگۈلىرى ئىمكانسىز بىر ھالغا كەلدى. بۇ ئىمكانسىز ئارزۇ ـ ئىستەكلەر يۈسۈفنىڭ ھەسرىتىنى بۇرۇنقىدىنمۇ بەك ئۇلغايتتى. ئاياللار ئۇنىڭدىن، ئۇنىڭ تەسىرىدىن، ۋەقەسىدىن ۋە ئېسىللىقىدىن سۆز قىلىشقا باشلىدى. ئۇنى كۆرگەندە، قوللىرىنى قانداق كەسكەنلىكلىرىنى چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى. خەۋەر يۇقىرى تەبىقىدىن خەلق ئارىسىغا يېيىلدى. خەلق باش ۋەزىرنىڭ ئايالىنى رەت قىلغان، بىر كۆرۈنۈپلا پۈتۈن ۋەزىرلەرنىڭ ئاياللىرىنىڭ قوللىرىنى كېسىشكە سەۋەب بولغان ئىبرانى ياش ھەققىدە سۆز ـ چۆچەك قىلىشقا باشلىدى. بۇ ۋەقە پەقەت ساراي زاللىرىدا ۋە ھۇجرىلىرىدا قالغان بولسا، ھېچكىمنىڭ كارى بولمىغان بولاتتى. ئەمما ئىش خەلق ئارىسىغا يېيىلىپ بولغانىدى. ھۆكۈمرانلار ھەرىكەتلەندى، يۈسۈف قولغا ئېلىندى.

ئۇ، مىللەتنىڭ ئېغىزىنى بېسىقتۇرۇش، ئۇنىڭ ھەققىدىكى شۈبھىنى تولۇق ئۇنتۇتۇرىغا چىقىرىش ۋە بۇ ۋەقەنى پۈتۈنلەي ھەل قىلىش ئۈچۈن زىندانغا تاشلاندى. ئاياللار يۈسۈفنى

□ سۈرە يۈسۈف 31 ــ 34 ـ ئايەتكىچە.

ئۆزلىرىگە چاقىرغاندا، ئۇ ئۆزى ئۈچۈن زىنداندا يېتىشىنىڭ تېخىمۇ يەڭگىل ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىستەكلىرىدىن تېخىمۇ ياخشى ئىكەنلىكىنى ئېيتقانىدى. ئىلاھىي ياردەم ئۇنى سىناقنىڭ ئاخىرىغىچە ئېلىپ بارغانىدى. مانا ئۇ، گۇناھسىز بولۇشقا قارىماي زىندانغا تاشلانماقتا ئىدى.

دەلىللەر يۈسۈفنىڭ گۇناھسىزلىقىنى ۋە باشقىلارنىڭ گۇناھكار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرسىمۇ، يۈسۈف يەنە زىندانغا تاشلانغانىدى.

ئۇنىڭ زىندانغا تاشلىنىشىنىڭ سەۋەبىنى ئەزىزنىڭ ئايالى دەپ قارىمايمىز. يۈسۈفنىڭ ئۇنى قەتئىي تۈردە رەت قىلىشى ئۇنىڭ غۇرۇر ۋە كىبىرىنى ئاشۇرغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى چۈشۈرگەنلىكىنى بىلىمىز. ئەمما ئۇنىڭ يۈسۈفنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدىغانلىقىغىمۇ تولۇق ئىشىنىمىز.

يۈسۈفنىڭ زىندانغا كىرىشى بەلكىم ئايال بىلەن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ تۈپتىن ئۆزگىرىش نۇقتىسى ئىدى. ئايال ئۇنىڭغا مەپتۇن ئىدى ۋە ئۇنى ياخشى كۆرەتتى. يۈسۈف كۆز ئالدىدىن غايىب بولۇشى بىلەن، ئۇنىڭ ھەسرىتى ئايالنىڭ يۈرەك - باغرىنى چۇلغىدى. يۈسۈفنى قولغا كەلتۈرەلمىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ زىندانىنىڭ سىرتىدا بولۇشىنى تىلەيتتى.

ئايالنىڭ بۇندىن كېيىنمۇ يۈسۈف بىلەن بىرلىكتە بولۇشقا تىرىشقانلىقىنى ۋە يۈسۈفنىڭ بۇنى رەت قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشى، ئۇنىڭ يۈسۈفكە بولغان سۆيگۈسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى سۆيگۈسىنىڭ سەمىمىيلىكىگە دائىر دەلىلمىزدۇر. ئۇ يۈسۈفكە بولغان سۆيگۈسىنى مۇنۇ سۆزلىرى بىلەن ئىپادىلىدى: شۇنى ئېنىق بىلسۇنكى، مەن يۈسۈف يوق ۋاقىتتا ئۇنىڭغا بولغان سۆيگۈمگە خىيانەت قىلمىدىم. ئايالنىڭ يۈسۈفنىڭ قەلبىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى، ئۆزىنىڭ ئېرى بىلەن بولغان ھۇزۇر - ھالاۋىتى ياكى مىسىرنىڭ ئىككىنچى خېنىمى بولۇش مەرتىۋىسىنى ساقلاپ قېلىشتىنمۇ مۇھىم ئىدى. ئۇنىڭ يۈسۈفكە (ئۇنىڭ يېنىدا بولمىغان ۋاقىتتا) بولغان سۆيگۈسى شەكلى ۋە چوڭقۇرلۇقى جەھەتتىن ئۆزىنىڭ ئېرىگە بولغان سۆيگۈسىدىن پەرقلىق ئىدى. ھالبۇكى، يۈسۈف سارايدا بۇيرۇققا بىنائەن خىزمەت قىلىدىغان ياش يىگىت ئىدى.

ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى مۇساپە چوڭىيىپ، بىر - بىرىدىن يىراقلىشىپ، ھەتتا يۈسۈف يېنىدا بولمىغان ۋاقىتتىمۇ ئۇنىڭغا بولغان سۆيگۈسىگە خىيانەت قىلمىغۇدەك دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنىدى.

ئەزىزنىڭ ئايالى ئىنسانغا خاس سۆيگۈسى بىلەن نەقەدەر كۆپ زۇلۇم تارتقانىدى - ھە! قەلبى ئۆزۈندىن بېرى ئىلاھىي سۆيگۈ دېڭىزىدا ئۈزۈۋاتقان بىر ئادەمنى زېمىن ئۈستىدە توختاپ قالغان قەلبى بىلەن تاللىغان ئايالنىڭ تىراگېدىيىسى ئىدى.

يۈسۈف زىندانغا تاشلاندى.

ئۇلۇغ اللە يۈسۈپ سۈرىسىدە مۇنداق دېگەنىدى:

﴿ئاندىن ئۇلار (يۈسۈپنىڭ بىگۇناھ ئىكەنلىكىگە دائىر) پاكىتلارنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنى بىرمەھەل قاماپ قويۇشنى لايىق تاپتى﴾.

گەرچە دەلىللەر يۈسۈپنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرسىمۇ، بۇ ۋەقە ھەققىدىكى سۆز ـ چۆچەكلەرنىڭ تۈگىشى ئۈچۈن ئۇنى بىر مۇددەت زىندانغا تاشلاشنى مۇۋاپىق تېپىشتى.

باش ۋەزىر ۋە باشقا ۋەزىرلەر گەرچە ئاياللىرىنى ئۇلارنىڭ يامان خىيالىرىدىن توسۇپ قالالمىغان بولسىمۇ، گۇناھسىز بىرىنى زىندانغا تاشلىيالمىغۇدەك دەرىجىدە ئاجىز ئەمەس ئىدى. بۇ، ئۇلارنىڭ بەك ئاسان ۋە دائىم قىلىپ تۇرىدىغان كەسپلىرى ۋە ئويۇنلىرى ئىدى.

مانا مۇشۇنداق ئېچىم ۋە چۈشىنىشلىك بۇ ئايەت بىز دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي ھاۋاسىنىڭ پۈتۈنلەي سارايلاردىكى ئېچكى بۇزۇقچىلىق ھاۋاسى، ھۆكۈمرانلار ھاۋاسى ۋە دېكتاتورلۇق ھاۋاسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە.

دېكتاتورلۇقتا مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ يولى زىنداندۇر. ئۇ دەۋردىكى مىسىر جەمئىيىتىنى ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلساق ۋە ئۇلارنىڭ نېمىگە ئېتىقاد قىلغانلىقىغا قارىساقلا، ئۇ يەردە نېمە ئۈچۈن دېكتاتورلۇقنىڭ ھۆكۈم سۈرگەنلىكىنى چۈشىنەلەيمىز.

مىسىرلىقلار بىر مۇنچىلىغان ئىلاھقا چوقۇناتتى، اللە دىن باشقىسىغا ئېتىقاد قىلاتتى. بۇندىن ئىلگىرى، اللە غا ئىبادەت قىلىشتىن ۋاز كېچىپ باشقا نەرسىلەرگە چوقۇنۇشى بىلەن ئىنسانلارنىڭ ھۆررىيەتلىرىنىڭ قانداق غايىب بولغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. مانا بىز يۈسۈپنىڭ قىسسىسىدە پەيغەمبەرلەرنىڭمۇ بېشىغا كەلگەن نەق مەيدان كۆرۈنۈشىدىن بىرنى كۆرۈۋاتىمىز. ئۇنىڭ زىندانغا تاشلىنىشى ئۈچۈن قارار چىقىرىلدى ۋە زىندانغا تاشلاندى. دەلىلسىز ۋە سورۇشتە قىلىنمايلا، ئاددىي ۋە ئاسانلا يول بىلەن تاشلاندى. چۈنكى ئۇلار كۆپلىگەن ئىلاھقا چوقۇنىدىغان، شۇنداقلا ئۇلار كۆپلىگەن ئىلاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنىدىغان خەلق ئىدى. شۇڭا، بۇ جەمئىيەتتە گۇناھسىز بىرىنىڭ زىندانغا تاشلىنىشى قىيىن ئەمەس، بەلكى دەل ئەكسىچە، بۇندىن باشقا بىر يول بىلەن ھەل قىلىشقا ئۇرۇنۇشنىڭ ئۆزى ئەڭ چوڭ قىيىنچىلىق ئىدى.

يۈسۈپ زىندانغا تەمكىن، سالماق قەدەملەر بىلەن، ھەتتا دىلى سۆيۈنگەن ھالدا كىرىپ كەتتى. چۈنكى ئۇ، ئەزىزنىڭ ئايالىنىڭ مەجبۇرلاشلىرىدىن، ۋەزىرلەرنىڭ سوئاللىرىدىن، رەمچىلەرنىڭ بالىلارچە ھەرىكەتلىرىدىن، قۇل ـ دېدەكلەرنىڭ سۆز ـ چۆچەكلىرىدىن، بولۇپمۇ يېقىنقى زاماندىن بىرى، ئەزىزنىڭ ئايالىنىڭ ئىشقى ۋە

سۈرە يۈسۈف 35 ـ ئايەت.

مېھمانلارنىڭ قوللىرىنى كېسىۋېلىشى تۈپەيلىدىن ئۆزىنى چۈلغىۋالغان بۇ غەلىتە باش ئاغرىقىدىن قۇتۇلغانىدى.

زىندان ئۇنىڭ ئۈچۈن يالغۇز قالالايدىغان ۋە رەببىنى زىكىر قىلالايدىغان، جىمجىت يەر ئىدى.

يۈسۈفنىڭ ھىدايەت يولىدىكى سەپىرى يېقىندىن بۇيان ھېچ ئالغا باسمىدى. الله يولىدىكى ھەرىكىتى توختاپ قالغانىدى. چۈنكى بېشىغا كەلگەن بۇ دەرت ـ ئەلەم ئۇنىڭ بىلەن رەببىنىڭ ئارىسىدا بىر توسالغۇ ھاسىل قىلغانىدى.

مانا ئەمدى، يۈسۈف سۈكۈتكە قايتا ئېرىشكەنىدى. مانا ئەمدى، ئۇنىڭ ئىچكى ئورگانلىرى جىمجىت ئاڭلاشقا، سۆيگۈ، رەھمەت ۋە ۋەھيي بىلەن تولماقتا ئىدى.

يۈسۈف الله يولىدا دەۋەتكە چاقىرىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ گۇناھسىزلارغا ھەقسىزلىك قىلىنغانلىقىنى ھېس قىلغان گۇناھسىز كىشىلەر ئارىسىدا. يەنى زىنداندا بولۇشىنى ئۆزىگە بېرىلگەن پۇرسەت دەپ بىلدى. ئىنسانلارغا قىلىنغان زۇلۇم ئىنسان نەپسىنى توغرا سۆزنى ئاڭلاشقا تېخىمۇ مايىل قىلىدۇ: ئىنسان نەپسىنىڭ الله غا يۈزلىنىشىدە ئەڭ توغرا بولغىنىنى قوبۇل قىلىشى، ئۇنىڭغا تارتقان دەرت ـ ئەلەمنى ئۇنتۇلدۇرىدى. ئۇ ئىنسانلارغا الله نىڭ رەھمىتىنى، ئۇلۇغلۇقىنى ۋە ئۇنىڭ ئۆز مەۋجۇدىيەتلىرىگە بولغان سۆيگۈسىنى يەتكۈزەتتى. ئىنسانلاردىن ئەقلىنىڭ يېتىلىپ ھەر خىل ئىلاھلارغا چوقۇنۇش بىلەن ئەقلىنىڭ غالىب كېلىپ كائىناتنىڭ ئۇلۇغ ياراتقۇچىسىغا ئېتىقاد قىلىشتىن قايسىسىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سورايتتى. ۋەزنىلىك سوئاللىرى، راۋان نۇتقى، زېھنىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى ۋە چاقىرىقىنىڭ ساپلىقى بىلەن ئۇلارغا دەلىل كەلتۈرەتتى.

زىندانغا ئۇنىڭ بىلەن بىللە كىرگەن ئىككى ياش بار ئىدى. ئۇلاردىن بىرى ھۆكۈمدارنىڭ باش ناۋيى، يەنە بىرى ھۆكۈمدارنىڭ باش ساقىيسى ئىدى.

ناۋاي بىر كۈنى چۈشىدە ئۆزىنى بىر يەردە بېشىدا نان كۆتۈرۈپ يۈرگەن، بېشىدىكى نانلارنى قۇشلار يەۋاتقان ھالدا كۆردى.

ساقىيمۇ ئۆزىنى ھۆكۈمدارغا ئىچىملىك قويۇپ بېرىۋاتقان ھالدا كۆردى. ئۇلار يۈسۈفقا چۈشلىرىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭ تەبىر بېرىشىنى سورىدى. يۈسۈف پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ ئۇلارنى الله تەرەپكە چاقىرىشقا باشلىدى. ئاندىن ناۋايغا ئۇنىڭ دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى، مەيچى (ساقىي) نىڭ بولسا تەكرار ھۆكۈمدارنىڭ يېنىدا خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. يۈسۈف ساقىيغا: «ھۆكۈمدارنىڭ يېنىغا قايتقىنىڭدا مېنى ئۇنتۇپ قالمىغىن! ئۇنىڭغا: "زىنداندا يۈسۈف ئىسىملىك گۇناھسىز بىر مەھبۇس بار" دېگىن» دېدى.

يۈسۈفنىڭ تەبىرى پۈتۈنلەي توغرا چىقتى. ناۋاي ئۆلتۈرۈلدى، ساقىي كەچۈرۈم قىلىنىپ، سارايغا قايتۇرۇلدى. ئەمما ئۇ ھۆكۈمدارغا يۈسۈف توغرىلىق ئېغىز ئېچىشنى

ئۆئۈتتى. شەيتان ئۇنىڭغا يۈسۈفنى ئۇنۇتتۇرغانىدى. شۇنىڭ بىلەن يۈسۈف زىنداندا بىر قانچە يىل تۇردى.

ئۇلۇغ اللە بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنىدى:

﴿زىندانغا يۈسۈف بىلەن ئىككى يىگىت بىللە كىرگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرى: «مەن چۈشۈمدە ئۈزۈمنى ھەقىقەتەن (ئۈزۈمدىن) ھاراق سىقىۋاتقان كۆرۈپتىمەن» دېدى. ئىككىنچىسى: «مەن چۈشۈمدە ئۈزۈمنى ھەقىقەتەن بېشىمدا نان كۆتۈرۈپ تۇرغان، نانني قۇشلار يەۋاتقان كۆرۈپتىمەن، تەبىرىنى بىزگە ئېيتىپ بەرسەڭ. بىز سېنى ھەقىقەتەن ياخشىلىق قىلغۇچىلاردىن (يەنى چۈشكە تەبىر بېرەلەيدىغانلاردىن) دەپ قارايمىز» دېدى. يۈسۈف ئېيتتى: «ئىككىڭلارغا سىرتتىن تاماق كىرىشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سىلەرگە ئېيتىپ بېرەلەيمەن، بۇ پەرۋەردىگارىم ماڭا بىلدۈرگەن نەرسىلەردىندۇر. شۈبھىسىزكى، مەن اللە غا ئىشەنمەيدىغان، ئاخىرەتنى ئىنكار قىلىدىغان قەۋمنىڭ دىنىنى تاشلىدىم. مەن ئەجدادلىرىم، ئىبراھىم، ئىسھاق، يەئقۇبلارنىڭ دىنىغا ئەگەشتىم. ھېچقانداق نەرسىنى اللە غا شېرىك كەلتۈرۈش بىزگە لايىق ئەمەس. بۇ اللە نىڭ بىزگە ۋە ئىنسانلارغا قىلغان مەرھەمىتىدۇر. لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى شۈكۈر قىلمايدۇ. تۈرمىداش ئاغىنىلەر! تارقاق كۆپ مەبۇدلار ياخشىمۇ؟ ياكى قۇدرەتلىك بىر اللە ياخشىمۇ؟ سىلەرنىڭ اللە نى قويۇپ ئىبادەت قىلىۋاتقىنىڭلار پەقەت سىلەر ئۆزەڭلار ۋە ئاتا ـ بوۋاڭلار ئاتىۋالغان (بۇتلارنىڭ ۋە غەيرىينىڭ) نامىلىرىدىنلا ئىبارەت. اللە (ئۇلارنىڭ اللە نىڭ شېرىكى بولۇشى توغرىسىدا) ھېچقانداق دەلىل چۈشۈرگىنى يوق. ئىبادەت ۋە دىن بارىسىدىكى بارچە ھۆكۈملەر پەقەت اللە غىلا مەنسۇپ، ئۇ سىلەرنى پەقەت ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇغان، بۇ توغرا دىندۇر. لېكىن كىشىلەرنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ ﴾.

يۈسۈف اللە يولىدا قىلىنغان بۇ سەممىي دەۋەتتىن كېيىن، سورىغانلارغا دەلىلنى ئىسپاتلىغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ چۈشلىرىگە تەبىر بەردى.

﴿تۈرمىداش ئاغىنىلەر! سىلەرنىڭ بىرىڭلار (زىنداندىن چىقىپ) خوجايىنىغا ھاراق قۇيۇپ بېرىدۇ (يەنى ساقىيلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ)، يەنە بىرىڭلار دارغا ئېسىلىدۇ، كاللىسىنى قۇشلار يەيدۇ. سىلەر سورىغان ئىشلار ھۆكۈم قىلىنىپ بولدى. يۈسۈف ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئۆزىنىڭ قۇتۇلۇشىغا ئىشەنگەن بىرسىگە (يەنى ساقىيغا): «مېنى خوجايىنىڭنىڭ ئالدىدا ئەسلەپ قويغىن» دېگەن ئىدى. خوجايىنىنىڭ ئالدىدا يۈسۈفنى ئەسلەپ قويۇشنى شەيتان ئۇنىڭغا ئۇنتۇلدۇردى. يۈسۈف زىنداندا بىر نەچچە يىل يېتىپ قالدى﴾.

قىسسىنىڭ قۇرئاندا قانداق بايان قىلىنغانلىقىغا دىققەت قىلىڭ! يۈسۈفنىڭ كىشىلەرگە خۇش خەۋەرنى ۋە ئاقىۋەتنى ياخشى بولمىغان ئىشلارنى ئوچۇقتىن ئوچۇق

---

سۈرە يۈسۈف 36 ـ 40 ـ ئايەتكىچە.

سۈرە يۈسۈف 41 ـ 42 ـ ئايەتلەر

ئېيتمىغانلىقىنى كۆرەلەيسىز. چۈنكى بۇ ئۇنىڭ ئۆچۈن قىيىن ئىدى. ئەمما ئۇلار يۈسۈفنىڭ سۆزلىرىنىڭ مەنىسىنى ناۋاي دارغا ئېسىلغاندا ۋە ساقىينىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىنغاندا ئاندىن چۈشەندى.

قۇرئاندا يۈسۈفنىڭ تەبىرىنىڭ رېئاللىققا ئايلانغانلىقى بايان قىلىنمىغان. ئەمما ئىش يۈسۈفنىڭ تەبىرى بويىچە يۈز بەرگەندى. يەنى ناۋاي دارغا ئېسىلدى ۋە ساقىي قايتىدىن ھۆكۈمدارنىڭ ساقىيسى بولغانىدى. ئەڭ مۇھىمى، يۈسۈپ قۇتۇلىدىغانلىقىنى خەۋەر بەرگەن ساقىينىڭ يۈسۈفنى ئۇنتۇشى ئىدى. يۈسۈپ ئۇنىڭ يادىدىن پۈتۈنلەي چىقىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۆز چۈشىگە بەرگەن تەبىرىنى ۋە اللە غا قىلغان دەۋىتىنى ئۇنۇتقانىدى. ھۆكۈمدارلار سارىيىنىڭ راھەت ـ پاراغىتى ۋە ھۆكۈمدارغا قىلىدىغان خىزمىتى ئۇنىڭغا يۈسۈفنى ئۇنۇتتۇرغانىدى. شەيتان ئۇنىڭ زېھنىدىكى يۈسۈپ مەسىلىسىنىڭ ئۈستىگە يوپۇق ياپقانىدى.

يۈسۈپ زىنداندا بىر نەچچە يىل ياتتى. ئۇ بۇ بىر نەچچە يىلنى سەۋر قىلغان، ئىچى سىقىلمىغان، دۇئا قىلغان ۋە ئۈمىدۋار ھالدا ئۆتكۈزدى.

يۈسۈپ زىنداندا تۇرۇپ تۇرسۇن، ئەمدى بىز ھۆكۈمدارنىڭ سارىيىغا كېلەيلى.

ھۆكۈمدار بىر كۈنى چۈش كۆردى. ئۇ چۈشىدە نىل دەرياسىنىڭ قىرغىقىدا تۇراتتى. نىل دەرياسى شارقىراپ ئاقماقتا ئىدى. سۇ بىردىنلا ئۇلغىيىشقا باشلىدى ۋە ئاخىرىدا دەريا سۇسىز سايغا ئايلاندى. بېلىقلار سەكرەپ، سەكرەپ دەريا لاتقىلىرىنىڭ ئارىسىدا غايىپ بولدى. دەريادىن يەتتە تۇياق سېمىز كالا ۋە ئۇلارنىڭ كەينىدىنلا يەتتە تۇياق ئورۇق كالا چىقىپ كەلدى. ئورۇق كالىلار سېمىز كالىلارغا ھۇجۇم قىلدى ۋە ۋەھشىي ھايۋانلاردەك سېمىز كالىلارنى يۇتۇۋەتتى.

ھۆكۈمدار ئورۇق كالىلار سېمىز كالىلارنى يۇتۇۋەتكەن ۋاقىتتا چىقارغان ئاۋازلىرىنى قورققان ھالدا ئاڭلىدى. ھەممە ۋەقەنى كۆرۈپ تۇردى. نىل دەرياسىنىڭ بويىدا يەتتە دانە يېشىل باشاق ئۈندى ۋە دەرھاللا پاتقاقنىڭ ئارىسىدا يوقاپ كەتتى. دەل شۇ يەردىن يەنە يەتتە دانە قۇرۇق باشاق ئۈندى. ھۆكۈمدار ئۇيقىسىدىن چۆچۈگەن ھالدا ئويغاندى.

ھۆكۈمدارنىڭ كۆڭلى بۇ چۈشىدىن ئىنتايىن خاتىرجەمسىزلەندى. شۇئان باش ۋەزىرى ۋە ئوردا كاھىنلىرىنى چاقىرىپ، ئۇلاردىن بۇ چۈشنىڭ تەبىرىنى سورىدى. كاھىنلاردىن بىرى: بۇ قالايمىقان چۈشكەن. ئورۇق يەتتە كالا قانداق قىلىپ يەتتە سېمىز كالىنى يەۋېتەلەيدۇ؟ ـ دېدى. يەنە بىرى كاھىن: پادىشاھىمىزغا بەلكى ئاخشام تامىقى ئېغىر كەلگەن ئوخشايدۇ. يېشىل ۋە قۇرۇق باشاقلار مەسىلىنى چۈشىنەلمىدىم، ـ دېدى. باش ۋەزىر: شاھىمىز كېچىدە ئوچۇق يېتىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. ئايالالار بۇنىڭ قالايمىقان چۈش كۆرۈشكە سەۋەبچى بولىدىغانلىقىنى ئېيتىشىدۇ، ـ دېدى. شاھنىڭ ھەزىلكەشى: شاھىمىز قېرىپ قالدى، چۈشلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ قويۇۋاتىدۇ، ـ دەپ چاقچاق قىلدى.

شۇنداق قىلىپ ئۆلىما ـ كاھىنلار ھۆكۈمدارنىڭ چۈشىنى مەنىسىز. قالايمىقان چۈش دەپ ھۆكۈم چىقاردى.

ھۆكۈمدارنىڭ چۈشى (بۇ چۈشتىن خەۋەر تاپقان) ساقىيغا ئۆزىنىڭ زىنداندا ياتقان چېغىدىكى كۆرگەن چۈشىنى ۋە يۈسۈفنىڭ ئۇنىڭ چۈشىگە بەرگەن تەبىرىنى ئەسلەتتى. ساقىي دەرھال ھۆكۈمدارنىڭ يېنىغا كىرىپ، ئۇنىڭغا يۈسۈفنىڭ سۆزىنى قىلدى ۋە ئۇنىڭغا: چۈشىڭىزگە تەبىر بېرەلەيدىغان بىردىنبىر كىشى يۈسۈپ. ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى سىزگە يەتكۈزۈشۈمنى تاپىلىغانىدى، ئەمما مەن ئۇنتۇپ قاپتىمەن. ـ دېدى.

ھۆكۈمدار يۈسۈفنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ كېلىش ئۈچۈن ساقىينى زىندانغا ئەۋەتتى.

﴿پادىشاھ ئېيتتى: «مەن ھەقىقەتەن چۈشۈمدە يەتتە ئورۇق كالىنىڭ يەتتە سېمىز كالىنى يەپكەتكەنلىكىنى ۋە يەتتە يېشىل باشاق بىلەن يەتتە قۇرۇق باشاقنى كۆرۈپتىمەن، ئى ئەربابلار! سىلەر ئەگەر چۈش تەبىرىنى بىلسەڭلار، بۇ چۈشۈمگە تەبىر بېرىپ بېقىڭلار». ئۇلار ئېيتتى: «بۇ بىر قالايمىقان چۈش ئىكەن، بىز (مۇنداق) قالايمىقان چۈشكە تەبىر بېرىشنى ئۇقمايمىز». ھېلىقى ئىككىسىدىن (تۈرمىدىن) قۇتۇلغان ۋە ئۇزاق مۇددەتتىن كېيىن (يۈسۈفنى) ئەسلىگەن بىرسى: «مەن سىلەرگە بۇ چۈشنىڭ تەبىرىنى ئېيتىپ بېرەلەيمەن، مېنى (يۈسۈفنىڭ يېنىغا) ئەۋەتىڭلار» دېدى. (ئۇنى ئەۋەتىشتى، ئۇ تۈرمىگە بېرىپ يۈسۈفنىڭ يېنىغا كىردى ـ دە) «ئى راستچىل يۈسۈپ! يەتتە ئورۇق كالىنىڭ يەتتە سېمىز كالىنى يەپ كەتكەنلىكىنى ۋە يەتتە يېشىل باشاق بىلەن يەتتە قۇرۇق باشاقنى (كۆرۈپ چۈشىگەن چۈشنىڭ تەبىرىنى) بىزگە ئېيتىپ بەرسەڭ. مەن ئۇنى كىشىلەرگە (يەنى پادىشاھقا ۋە ئۇنىڭ دۆلەت ئەربابلىرىغا) خەۋەر قىلسام، ئۇلار (سېنىڭ پەزىلىتىڭنى، بىلىمىڭنى) بىلسۇن» دېدى﴾.[1]

ساقىي زىندانغا كەلدى، زامانى كەلدى. ھۆكۈمدار ئۇنىڭ سۆزىگە موھتاج ئىدى. الله ھەر ئىشدا ھاكىمدۇر، ئەمما كۆپلىگەن كىشىلەر بۇنى بىلمەيدۇ. ھۆكۈمدارنىڭ چۈشىنىڭ تەبىرى يۈسۈفتىن سورالدى. يۈسۈپ تەبىرنىڭ ھەققى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ زىنداندىن چىقىرىلىشىنى شەرت قىلمىدى. تارتىشىپ ئولتۇرمىدى، قىلچە ئىككىلەنمىدى. چۈشنىڭ تەبىرىدىن باشقا ھېچنېمە دېمىدى. شۇنداق، ئۇ بىر پەيغەمبەرنىڭ پاكلىقى بىلەن ئۆزىگە باشقىلارنىڭ ھاجىتى چۈشكەندە، مەيلى ئۇ گۇندىپاي ياكى جاللات بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلاتتى.

يۈسۈپ ساقىيغا مۇنداق دېدى:

﴿يۈسۈپ ئېيتتى: «يەتتە يىل ئۈزۈلدۈرمەي تېرىقچىلىق قىلىڭلار، ئالغان ھوسۇلۇڭلاردىن يېيىش ئۈچۈن ئازغىنىسىنى خامان تەپكەندىن تاشقىرى، قالغىنىنى (مىتە چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) باشىقى بىلەن قويۇڭلار، شۇنىڭدىن كېيىن قەھەتچىلىك بولىدىغان يەتتە يىل كېلىدۇ. (بۇ يىللاردا) ئىلگىرى توپلىۋالغان ئاشلىقىڭلاردىن

[1] سۈرە يۈسۈپ 43 ـ 46 ـ ئايەتكىچە.

(ئورۇقلۇق ئۆچۈن) ساقلاپ قويۇلىدىغان ئازغىنىسىدىن باشقا ھەممىسىنى يەپ تۈگىتىسىلەر. شۇنىڭدىن كېيىن (مولچىلىق) يىللار كېلىدۇ، ئۇنىڭدا ھۆل - يېغىن كۆپ بولىدۇ، كىشىلەر مېۋىلەردىن تۈرلۈك ئىچىملىكلەرنى سىقىپ چىقىرىدۇ»﴾.

يۈسۈف ھۆكۈمدارنىڭ ئەلچىسى (ساقىي) گە مىسىردا يەتتە يىل مولچىلىق بولىدىغانلىقىنى ۋە بۇ يەتتە يىل ئىچىدە تۈپراقتىن كۆپلىگەن ھوسۇل ئېلىنىدىغانلىقىنى، مىسىرلىقلارنىڭ بۇ يەتتە يىلدا ئىسراپچىلىق قىلماسلىقى كېرەكلىكىنى ئېيتتى. چۈنكى، بۇ يەتتە يىلدىن كېيىن قۇرغاق ئۆتىدىغان يەتتە يىل كېلەتتى. مىسىرلىقلار ئۇ يەتتە يىلنى ئالدىنقى يەتتە يىل تېجەپ ساقلىغان ئاشلىقلىرىنى يەپ ئۆتكۈزەتتى. ئاشلىقنىڭ بۇزۇلماي،مىتە يېمەي ۋە ھاۋانىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماي ساقلىنىشىنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى ئۇنى باشقى بىلەن ساقلاپ قويۇش ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمدارنىڭ چۈشىنىڭ تەبىرى ئاخىرلاشتى. يۈسۈف ھۆكۈمدارنىڭ چۈشىنىڭ تەبىرىگە ھۆكۈمدار چۈشىدە كۆرمىگەن مولچىلىق يىلى ھەققىدىكى سۆزنى قوشۇپ قويدى. ئۇ يىلى يامغۇر كۆپ ياغىدۇ، باغلاردا ئۈزۈملەر كۆپلەپ يېتىشىدۇ، كىشىلەر ئۈزۈملەرنى سىقىپ شىرنىسىنى ئالىدۇ، زىغىر ۋە زەيتۇندىنمۇ مول - ھوسۇل ئېلىنىدۇ، كىشىلەر ئۇلارنىڭ يېغىنى ئالىدۇ.

ھۆكۈمدارنىڭ چۈشىدە ھېچقانداق شەپىسى بولمىغان بۇ يىل يۈسۈفكە بېرىلگەن ئالاھىدە ئىلىم ئىدى. يۈسۈف بۇ خۇش خەۋەرنى ساقىينىڭ ھۆكۈمدار ۋە خەلققە يەتكۈزۈشى ئۈچۈن سۆزلەپ بەردى.

ساقىي ھۆكۈمدارنىڭ سارىيىغا قايتتى ۋە يۈسۈفنىڭ ئېيتقانلىرىنى ھۆكۈمدارغا سۆزلەپ بەردى. ھۆكۈمدار بەكمۇ ھەيران قالدى.

بۇ مەھبۇس كىم؟ ئۇ نېمە ئۈچۈن ئۆزلىرىگە كېلەچەكتە بولىدىغان ئىشلاردىن ھېچقانداق شەرت قويمىغان، زىنداندىن چىقىشىنى ياكى باشقا بىر مۇكاپات بېرىلىشىنى تەلەپ قىلمىغان ھالدا خەۋەر بەردى ۋە بۇ ئىشلارنىڭ تەدبىرلىرىنى ئېيتىپ بەردى؟

ھۆكۈمدار يۈسۈفنىڭ زىنداندىن چىقىرىلىشىنى ۋە دەرھال ئۆزىنىڭ يېنىغا كەلتۈرۈلۈشىنى ئەمىر قىلدى.

بۇ قېتىمقى ئەلچى ساقىي ئەمەس، بەلكى يۇقىرى مەرتىۋىلىك بىر كىشى، بەلكىم ۋەزىرلەردىن بىرى ئىدى. ئەلچى زىندانغا، يۈسۈفنىڭ يېنىغا باردى. ئۇنىڭ ھۆكۈمدار بىلەن كۆرۈشۈشىنى ۋە تېزراق بولۇشىنى تەلەپ قىلدى.

يۈسۈف زىنداندىن چىقىشنى رەت قىلدى. ئۆزىنىڭ گۇناھسىزلىقى ئېنىقلانسا، ئاندىن چىقىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

سۈرە يۈسۈف 47 ـ 49 ـ ئايەتكىچە.

بۇنىڭدىن ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قوللىرىنى كېسىۋالغان ئاياللارغا مۇناسىۋەتلىك ئۇ ۋەقەدە ئۇنىڭغا قارا چاپلانغانىدى. مەسىلەن، ئاياللار ئۇنىڭ ئۆزلىرىگە يامانلىق قىلماقچى بولغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى قوغدىماقچى بولغاندا قوللىرىنى كېسىۋالغانلىقىنى ۋە ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش قاملاشمىغان ئىشلارنى باھانىلەر قىلىپ ئۇنىڭغا قارا چاپلاشقان بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

سارايلاردا ۋە دېكتاتورلۇقتا ھەر قانداق ئىش ئۇلارنىڭ خاھىشىچە بولاتتى. يۈسۈفنىڭ زىندانغا تاشلىنىشىنىڭ ھەقلىق ئىكەنلىكىنى خەلققە چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن زادى نېمە دېيىلگەنلىكىنى بىز بىلمەيمىز. بىزنىڭ بىلىدىغىنىمىز پەقەت، يۈسۈفنىڭ گۇناھسىزلىقى ئىسپاتلانمىغىچە زىنداندىن چىقىشىنى رەت قىلغانلىقى ئىدى. مانا بۇ تەلەپ ھۆكۈمدارنى ئۇ ئاياللارنى، يەنى ئۇ قېتىمقى ۋەقەنىڭ قوللىرى كېسىلگەن قەھرىمانلىرىنى سوراق قىلىشقا ئۈندىدى.

﴿(ساقىي پادىشاھقا بېرىپ يۈسۈفنىڭ ئۇنىڭ چۈشكە بەرگەن تەبىرىنى ئېيتقاندىن كېيىن) پادىشاھ: «ئۇنى ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭلار» دېدى. (پادىشاھنىڭ) ئەلچىسى يۈسۈفنىڭ يېنىغا بارغاندا، يۈسۈف ئەلچىگە: «خوجايىنىڭغا قايتىپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن ھېلىقى قوللىرىنى كېسىۋالغان خوتۇنلارنىڭ ئىشىنى (بىلەمدۇ؟) سوراپ باققىن. شۈبھىسىزكى، مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ئۇلارنىڭ ھىيلىسىنى ئوبدان بىلىدۇ» دېدى﴾.[4]

ئەلچى سارايغا قايتتى. ھۆكۈمدار ئۇنى كۆرۈپلا: يۈسۈف قېنى؟ ـ دەپ سورىدى.

ئەلچى: زىنداندا قالدى، ـ دېدى.

ھۆكۈمدار ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە: ساڭا ئۇنى ئېلىپ كەل دەپ بۇيرۇق قىلمىدىمۇ؟! ـ دېدى.

ئەلچى: گۇناھسىز ئىكەنلىكى ئېنىقلانمىغۇچە زىنداندىن چىقىشنى رەت قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. قوللىرىنى كېسىۋالغان ئاياللار مەسىلىسىدە ئۇنىڭغا ھەقسىزلىق قىلىنغانىدى، ـ دېدى.

ھۆكۈمدار: ۋەزىرلەرنىڭ ئاياللىرىنى چاقىرغىن، ئەزىزنىڭ ئايالىنى كەلتۈرۈڭلار، ھەممىسى دەرھال كەلسۇن! ـ دېدى.

ھۆكۈمدار قاتتىق ئاچچىقلانغانىدى. ئۇ پادىشاھ يۈسۈفنىڭ ئۆزىنىڭ قانداق ئېنىقلايدىغانلىقىنى بىلمەيدىغان بىر ئېغىر مەسىلىگە دۇچ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلغان ئىدى. بەلكىم ھۆكۈمدار ئەزىزنىڭ ئايالىنىڭ ئىبرانى ياشقا ئاشىق بولۇپ قالغانلىقى ھەققىدىكى ئۇ سۆز ـ چۆچەكنى ئاڭلىغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما ئۇ بەكمۇ ئېرەنشىپ كەتمىگەنىدى. چۈنكى بۇنداق ھېكايىلەر پات ـ پات چىقىپ تۇراتتى ۋە بۇ ساراي ھاياتىدا ئەجەپلەنگۈدەك ئىش ئەمەس ئىدى.

[4] سۈرە يۈسۈف 50 ـ ئايەت.

ئەزىزنىڭ ئايالى ۋە باشقا ئاياللار سارايغا ھازىر بولدى. ھۆكۈمدار سوراقنى باشلىدى: بۇ. يۈسۈپ ھېكايىسى زادى قانداق گەپ؟ ئۇنىڭ ھەققىدە نېمىلەرنى بىلىسىلەر؟ مېنىڭ ئاڭلىغانلىرىم راستمۇ؟

ھۆكۈمدارنىڭ سۆزىنى ئاياللاردىن بىرىنىڭ: «ئەستاغفىرۇللاھ» دېگەن ئاۋازى بۆلدى.

يەنە بىر ئايال: ئۇنىڭ يامان ئىش قىلغىنىنى بىلمەيمىز. ـ دېدى.

ئۈچىنچى بىرى: ئۇ پەرىشتىدەك پاكتۇر. ـ دېدى.

كۆزلەر ئەزىزنىڭ ئايالىغا بۇرۇلدى. ئۇنىڭ يۈزى سولغۇن كۆرۈنەتتى، ئورۇقلاپ كەتكەنىدى. زىنداندىكى يۈسۈفكە بولغان غەم ـ قايغۇسى ئۇنى قاتتىق ئازابلىغانىدى، ئۇنى بەكمۇ كۆرگۈسى كەلگەنىدى، يۈسۈفنىڭ تارتقان دەرت ـ ئەلىمى ئۇنىڭ يۈسۈفكە بولغان مۇھەببىتىنىڭ شەكلىنى ئۆزگەرتكەنىدى.

ئەزىزنىڭ ئايالى ئاشىق جاسارىتى بىلەن يۈسۈفنىڭ راستچىل، ئۆزىنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى. ئۆزىنى يۈسۈفكە ئاتىغانلىقىنى، لېكىن يۈسۈفنىڭ رەت قىلغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ سۆزلەرنى ھۆكۈمداردىن ياكى ئاياللاردىن قورققانلىقىدىن ئېيتمىغانلىقىنى ئەسكەرتتى. ئەمما يۈسۈپ بىلسۇنكى، يۈسۈپ يوق ۋاقىتتا ئۇنىڭغا بولغان سۆيگۈسىگە خىيانەت قىلمىغانىدى، ئۇنىڭ ئەقلى ـ ھۇشى دائىم يۈسۈپ بىلەن مەشغۇل ئىدى، پەقەت يۈسۈفقىلا كۆڭۈل بۆلگەنىدى. شۇنداق قىلىپ، يۈسۈفنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكى ھەممەيلەننىڭ ئالدىدا ئېنىقلانغانىدى. ئۇلۇغ اللە بۇ سوئال ـ سوراقنى مۇنداق بايان قىلغانىدى:

﴿پادىشاھ (ھېلىقى خوتۇنلارنى يىغىپ ۋە ئۇزىنىڭ خوتۇنىنى چاقىرىپ): «سىلەر يۈسۈفتىن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلغىنىڭلاردا، ھەقىقىي ئەھۋالىڭلار قانداق بولغان؟» دېدى. ئۇلار: «اللە پاكتۇر: يۈسۈفتە ئازراقمۇ گۇناھ بار دەپ بىلمەيمىز» دېدى. ئەزىزنىڭ خوتۇنى: «ئەمدى ھەقىقىي ئەھۋال ئايدىڭلاشتى. مەن ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلغان ئىدىم. يۈسۈپ ھەقىقەتەن راستچىللاردىن ئىدى» دېدى. (يۈسۈپ ئېيتتى) «بۇ (يەنى پادىشاھنىڭ ئەلچىسىنى قايتۇرۇۋەتكەنلىكىم) ئەزىز يوق چاغدا خوتۇنىغا خىيانەت قىلمىغانلىقىمنى ۋە خائىنلارنىڭ ھىيلىسىنى اللە نىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرمەيدىغانلىقىنى ئەزىزگە بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر»﴾.[1]

قۇرئاندا ئەزىزنىڭ ئايالىنىڭ ئېتىراپ قىلغان ھالىتى كىشىگە ئىلھام بەخش ئەتكۈدەك ۋە بەكمۇ تەسىر قىلغۇدەك دەرىجىدە تەسۋىرلەنگەنىدى.

"مەن ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلغان ئىدىم. يۈسۈپ ھەقىقەتەن راستچىللاردىن ئىدى".

---

[1] سۈرە يۈسۈپ 51 ـ 52 ـ ئايەتلەر.

مانا بۇ، قىلغان گۇناھىغا، يۈسۈفنىڭ گۇناھسىزلىقىغا، پاكلىقىغا ۋە راستچىللىقىغا دائىر تولۇق ئېتىراپ ئىدى.

بۇ، قۇرقۇنچتىن ياكى باشقا ھەر قانداق بىر بېسىم ئاستىدا قالمىغان ھالدا قىلىنغان ئېتىراپ ئىدى. قۇرئان بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن تېخىمۇ سەممىي بولغان بىر سەۋەبنى، يەنى ئاياللىق غۇرۇرىغا تېگىدىغان ۋە ئۆزىنىڭ ناز ـ كەرەشمىسىگە ئالدانمىغان ئادەمنىڭ ئۆزىگە ھۆرمەت بىلدۈرۈشكە بولغان ئىنتىلىشىنى (تەقەززاسىنى) بايان قىلغانىدى. بۇ، يۈسۈفنىڭ زېھىندىكى تەققى ـ تۇرقىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن قىلىنغان ئورۇنسىز تىرىشچانلىق ئىدى. ئۇ، يۈسۈفنىڭ ئۆزىنى گۇناھكار بىرى، دەپ پەس كۆرۈشنى خالىمايتتى. يۈسۈفنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى كۆز ـ قارىشىنى ئۆزگەرتىشنى ئۈمىد قىلاتتى.

زۇلەيخا يىغلاشقا باشلىدى ۋە مۇنداق دېدى: مەن ئۇ ئويلىغاندەك يامان بىرى ئەمەسمەن.

﴿«مەن ئۆزەمنى ئاقلىمايمەن: نەپسى دېگەن نەرسە ھەققەتەن يامان ئىشلارغا كۆپ بۇيرۇيدۇ. پەرۋەردىگارىم رەھمەت قىلىپ (ساقلىغان) ئادەم بۇنىڭدىن مۇستەسنا. مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ھەققەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر؛ ناھايىتى مېھرىباندۇر»﴾.[1]

ئايەتنى ئىنچىكلەپ تەتقىق قىلساق، ئەزىزنىڭ ئايالىنىڭ يۈسۈفنىڭ دىنىغا كىرگەنلىكىنى، يەنى تەۋھىدكە قاراپ ماڭغانلىقىنى بىلەلەيمىز. يۈسۈفنىڭ زىندانغا كىرىشى ئايالنىڭ ھاياتىدىكى يۈزلىنىش باسقۇچى ئىدى. يۈسۈفنىڭ رەببىگە ئىمان ئېيتتى ۋە ئۇنىڭ دىنىغا كىردى. ئۇنى يىراقتىن سۆيگەنىدى. ئۇ تېخىچە ئۇنىڭ پەقەت بىرلا ئېغىز سۆزىگە قاراشقا رازى، ئۇنى كۆرەلمىسىمۇ، يىراقتا بولسىمۇ، بىرگە بولمىسىمۇ، بىر بولۇش ئۈمىدى بولمىسىمۇ، ئۆزىنى راھەت ھېس قىلىش چۈشەنچىسىگە ئىگە ئاشىق ئايال ئىدى.

﴿پادىشاھ: «يۈسۈفنى ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭلار، ئۇنى ئۆزەمنىڭ خاس ئادىمىم قىلىمەن» دېدى. يۈسۈف ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىۋاتقاندا، ئۇ.: «سەن بۈگۈن بىزنىڭ ئالدىمىزدا ھەققەتەن مەرتىۋىلىك، ئىشەنچلىك ئادەمسەن» دېدى. يۈسۈف: «مېنى (مىسىر) زېمىنىنىڭ خەزىنىلىرىنى باشقۇرۇشقا قويغىن، مەن ھەققەتەن (ئۇنى باشقۇرۇش يوللىرىنى) بىلىدىغان، ئوبدان ساقلىيالايدىغان ئادەممەن» دېدى. بىز يۈسۈفنى (مىسىر زېمىنىدا خالىغان جايدا تۇرىدىغان (مەملىكەتنى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىدىغان) قىلىپ يەرلەشتۈردۇق، رەھمىتىمىزنى خالىغان بەندىلىرىمىزگە ئېرىشتۈرىمىز، ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى بىكار قىلىۋەتمەيمىز. ئىمان ئېيتقان ۋە تەقۋادارلىق قىلغانلارغا ئاخىرەتنىڭ ساۋابى ئەلۋەتتە، (بۇ دۇنيانىڭ نېمەتلىرىدىن) ئارتۇقتۇر﴾.[2]

بۇ ئايەتتىن كېيىن، قۇرئاندا ئەزىزنىڭ ئايالى تىلغا ئېلىنمايدۇ.

---

[1] سۈرە يۈسۈف 53 ـ ئايەت.
[2] سۈرە يۈسۈف 54 ـ 57 ـ ئايەتكىچە.

بىز ئۇنىڭ يۈسۈپنىڭ دىنىغا ئىمان ئېيتقانلىقىنى بايان قىلغان جەسۇرانە ئېتىراپىدىن كېيىنكى ئەھۋالنى بىلمەيمىز.

ئۇنىڭ ھەققىدىكى سۆزلەر رىۋايەتكە ئايلاندى. رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەندى: ئەزىز ئۆلدى، ئۇنىڭ ئايالى يۈسۈپ بىلەن توي قىلدى. يۈسۈپ ئۇنىڭ تېخىچە قىز ئىكەنلىكىنى بىلدى، ئايال ئۇنىڭغا ئېرىنىڭ ئاياللارغا يېقىنلىشالمىغۇدەك دەرىجىدە قېرىپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

رىۋايەتتە يەنە مۇنداق دېيىلگەندى: ئايال داۋاملىق يۈسۈپنىڭ پىراقىدا يىغلىغانلىقى ئۈچۈن كۆزلىرى كۆرمەس بولۇپ قالدى. ئۇ سارايدىن چىقتى ۋە شەھەر يوللىرىدا غايىب بولدى. يۈسۈپ باش ۋەزىر بولدى. بىر كۈنى ئۇ مۇراسىم ئەترىتى بىلەن كېتىۋاتقاندا، تىلەمچىلىك قىلىۋاتقان بىر ئايال ئۇنىڭغا: ھۆكۈمدارلارنى گۇناھلار سەۋەبىدىن قۇلغا ئايلاندۇرغان، قۇللارنى ئاللاھقا ئىتائەت قىلغانلىقى سەۋەبىدىن ھۆكۈمدار قىلغۇچىغا تەسبىھ ئېيتىمەن، ــ دېدى.

يۈسۈپ: بۇ كىمنىڭ ئاۋازى؟ ــ دەپ سورىدى، ئۇنىڭغا: بۇ ئەزىزنىڭ ئايالى ئىدى. ھازىر مۇشۇ ھالغا قالدى، ــ دېيىشتى.

يۈسۈپ ئايالنى چاقىرىپ ئەكىلىپ: مېنى ھازىرمۇ ياخشى كۆرەمسەن؟ ــ دەپ سورىدى.

ئايال: سېنىڭ يۈزۈڭنى بىر قېتىم كۆرۈۋېلىش مەن ئۈچۈن پۈتۈن دۇنيادىنمۇ ياخشىراقتۇر. يۈسۈپ! قامچاڭنىڭ ئۇچىنى ماڭا ئۇزاتقىن، ــ دېدى. يۈسۈپ قامچىسىنىڭ ئۇچىنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتى. ئايال قامچىنىڭ ئۇچىنى كۆكسىگە قويدى. يۈسۈپنىڭ قولىدىكى قامچا ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ سوقۇشىدىن قاتتىق تىترىمەكتە ئىدى.

بۇندىن باشقا ئەپسانە ــ رىۋايەتلەرمۇ بار. بۇلاردا خەلقنىڭ ئىدراك كۈچىنىڭ تەسىرى كۆپ كۆرۈلىدۇ. ئاشىق ئايالنىڭ تىلەمچى ھالغا چۈشۈشى بىلەن قىسسە ئەڭ يۈكسەك پەللىگە چىقتى. ئەمما قۇرئاندا ئايالنىڭ يۈسۈپ ھەققىدىكى ئېتىراپلىرىدىن كېيىن، ئۇنىڭ ھېكايىسى پەقەتلا بايان قىلىنمايدۇ. بايان قىسسىدىكى دىنىي خىزمەتكە ئۆتۈپ كېتىدۇ. قىسسە ئايالنىڭ قىسسىسى ئەمەس، بەلكى يۈسۈپنىڭ قىسسىسىدۇر. ئايال قىسسىنى رەڭدارلىققا ئىگە قىلىش مەقسىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىرىلدى ۋە قىسسە ئەڭ يۈكسەك پەللىگە چىققاندا، تىراگېدىيەنىڭ ھالقىلىق پەيتىدە بىردىنلا غايىب بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئوتتۇرىدىن يوقاپ كېتىشى مۆجىزە خاراكتېرلىك ئۇسلۇب ۋە ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن يۇشۇرۇلغانىدى.

ئەگەر ئۇنىڭ قىسسىسىنىڭ ئاخىرى داۋاملاشقان بولسا، ئۇنىڭ بۇ يوقاپ كېتىشى بەلكىم يادىمىزدا تېخىمۇ ئۇزۇن زامانلارغىچە ساقلىنىپ قالغان بولاتتى.

ھۆكۈمدار مۇنداق دېدى: ئۇنى كەلتۈرۈڭلار، ئۇنىڭغا يېنىمدىن ئورۇن بېرەي.

يۈسۈپ ھۆكۈمدارنىڭ يېنىغا كەلدى. ھۆكۈمدار يۈسۈپكە ئىبرانى تىلىدا گەپ باشلىدى. يۈسۈپمۇ ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇردى. ھۆكۈمدار ئىككىنچى بىر تىلدا سۆزلەشكە باشلىدى، يۈسۈپ ئۇنىڭغا ئەرەبچە جاۋاب بەردى.

ھۆكۈمدار ئۇنىڭدىن، بۇ قايسى تىل؟ ـ دەپ سورىدى.

يۈسۈپ: بۇ، دادامنىڭ تاغىسى ئىسمائىلنىڭ تىلى، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

يۈسۈپ ھۆكۈمدارغا ئىبرانى تىلىدا سۆز قىلدى. ھۆكۈمدار ئۇنىڭدىن: بۇ قايسى تىل؟ ـ دەپ سورىدى. يۈسۈپ: بۇ، ئەجدادلىرىم ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە يەئقۇبنىڭ تىلى، ـ دەپ جاۋاب بەردى. ھۆكۈمدار بىر قانچە تىلنى پىششىق بىلەتتى. ئۇ يۈسۈپنىڭمۇ بىر قانچە تىلنى ياخشى بىلىدىغانلىقىنى كۆردى (بىلدى).

ھۆكۈمدار يۈسۈپنىڭ كەڭ دائىرىلىك بىلىم ۋە مەلۇماتىغا ھەيران قالدى. سۆھبەت ھۆكۈمدارنىڭ چۈشىگە كېلىپ توختىدى. يۈسۈپ ھۆكۈمدارنىڭ ئاشلىقلارنى توپلاپ ساقلاش ۋە قۇرغاقچىلىق يىللىرىنى سالامەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئەڭ ياخشى پىلان بويىچە ھەرىكەتكە ئۆتۈشى كېرەكلىكىنى تەۋسىيە قىلدى. ھۆكۈمدارغا ئاچارچىلىقنىڭ مىسىر ۋە ئەتراپىدىكى دۆلەتلەرنىمۇ قاپلايدىغانلىقىنى ئېيتتى. مىسىر ئۆزى ۋە ئەتراپىدىكى دۆلەتلەرگە قارىتا يۈختا تەييارلىق كۆرۈش كېرەك ئىدى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مىسىرنىڭ ئەڭ چوڭ مەركەز ئىكەنلىكى، كونا ۋە تارىخىي ھەققەت ئىدى.

ھۆكۈمدار پىلاننىڭ قانداق يولغا قويۇلىدىغانلىقىنى سورىدى. قۇرتۇبى تەفسىرىدە بايان قىلىنىشچە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى سۆھبەت مۇنداق داۋاملاشتى:

ـ پۈتۈن مىسىر خەلقىنى بىر ـ يەرگە يىغساڭمۇ، ئۇلارنىڭ كۈچى بۇنىڭغا يەتمەيدۇ. بۇ مەسىلىدە ئۇلارغا ئىشەنگىلى بولمايدۇ، ـ دېدى ھۆكۈمدار.

ھۆكۈمدار بۇ سۆزىدە خەلقنىڭ بېشىدىكى يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكىلەرنى كۆزدە تۇتقانىدى. باي تەبىقىدىكىلەرگە ئىشەنچ قىلىش بەكمۇ تەس ئىدى.

ھۆكۈمدار بۇ ھەقىقەتنى يۈسۈپكە ئېنىق ئېتىراپ قىلدى...

يۈسۈپ: مېنى مەملىكەت خەزىنىلىرىگە مەسئۇل قىلغىن! مەن ئۇنى قانداق قوغداش ۋە باشقۇرۇشنى ئوبدان بىلىمەن، ـ دېدى.

يۈسۈپ بۇ سۆزى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىنى ئەمەس، بەلكى يەتتە يىل بويىچە ئاچ قالىدىغان مىللەتنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاچ قالسا، ھۆكۈمدارلىرىنىمۇ خانىۋەيران قىلىۋېتىدىغان مىللەتنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇشنى ئۆز ئۈستىگە ئامانەت قىلىپ ئالماقچى بولغان ئىدى. بۇ يەردىكى مۇھىم مەسىلە ئۇنىڭ پىداكارلىق روھى ئىدى.

* * * * *

قۇرئان كەرىمدە ھۆكۈمدارنىڭ يۇسۇفنىڭ بۇ پىكرىنى قوبۇل قىلغانلىقى سۆزلەنمەيدۇ. ئەمما قۇرئان كەرىمدە ئىپادىلەنگەن يۇسۇف كۆپ ماختىلىشىدىن ۋە ھۆكۈمدارنىڭ يېنىدىكى ئورنى ۋە ئابرۇيىنىڭ ئاشقانلىقىدىن پىكرىنىڭ قوبۇل قىلىنغانلىقى ئېنىق ئىدى. شۇڭا ھۆكۈمدارنىڭ جاۋاب بېرىپ ئولتۇرۇشىغا كېرەك قالمىغان ئىدى. كېيىن كۆزگىنىمىزدەك يۇسۇف تەلەپ قىلغان ئورۇنغا چىقتى. بۇنىڭ بىلەن الله يۇسۇفكە بۇ دۇنيادا پۇرسەت بەرگەن بولدى. ئۇ مىسىرنىڭ خەزىنىسى ۋە ئىقتىسادىنىڭ مەسئۇلى ۋە باش ۋەزىرى بولغان ئىدى.

قۇرئان بىزگە يۇسۇفنىڭ مىسىردا قايسى ئىشلارنى قىلغانلىقىنى ئېيتمايدۇ. ئەمما ئۇنىڭ بىلىملىك، ئىشەنچلىك ۋە دۇرۇست ئىكەنلىكىدىن مىسىرنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە قىيىنالمىغانلىقىنى پەرەز قىلالايمىز.

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مول ـ ھوسۇل يىللىرى تۈگەپ، قەھەتچىلىك يىللىرى باشلاندى. لېكىن ئۇ چاغدا قۇرئان بىزگە قەھەتچىلىكنىڭ باشلانغانلىقى ۋە پادىشاھ ـ ۋەزىرلەر ھەققىدە مەلۇمات بەرمەيدۇ. پەقەتلا يۇسۇفنىڭ ئاكىلىرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق كىشىگە ھەر نەرسىنىڭ يۇسۇفكە تەئەللۇق بولغانلىقىنى بىلمەك تەس ئەمەس. يۇسۇفنىڭ ئاكىلىرى مىسىرغا ئوزۇق ـ تۈلۈك سېتىۋېلىش ئۈچۈن كەلگەندە، ئاشلىق نورمىلىق تارقىتىلىۋاتاتتى. بۇ، دۇنيادىكى ئىقتىساد تەرەققىي قىلىپ، مەدەنىيەت يۈكسەلگەن دەۋردىكى بىر سىستېما ئىدى. يۇسۇفنىڭ مەقسىتى موھتاجلارنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ ئادىللىق بىلەن تەقسىم قىلىش ۋە بۇ ئۇزۇن قەھەتچىلىك مەزگىلىدە پۇلى بارلارنىڭ كۆپ سېتىۋېلىپ ئىسكىلاتلارغا توشقۇزۇۋېلىپ، باشقىلارنىڭ ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر كىشىگە بىر تۆگە يۈكى ئېغىرلىقىدا ئاشلىق بەرگەنلىكى ئېيتىلىدۇ. ئۇ چاغلاردا، مىسىردا مۇنداق بىر تەمسىل بار ئىدى. مىسىر توق، دۇنيا ئاچ بولسا، مىسىر دۇنيانى تويغۇزىدۇ. مىسىر ئاچ قالسا، دۇنيا ئۇنى تويغۇزالمايدۇ. چۈنكى مىسىر ئۇ زامانلاردا دۇنيانىڭ مەركىزى بولۇپ، خەيرى ـ ئېھسان بابىدا مەشھۇر، قەدىمكى دىيار ئىدى.

ئەلقىسسە، ئەينى زاماندا يۇسۇفنى قۇدۇققا تاشلىغان ئاكىلىرى چۆلدىن مىسىرغا ئاشلىق سېتىۋېلىش ئۈچۈن كەلدى.

يۇسۇف ئەمىر بەرگۈچى، مەنئىي قىلغۇچى مىسىر ھۆكۈمدارى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىنسانلارغا بېرىلىدىغان ئاشلىق ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىراتتى. ئەتراپىدا ۋەزىرلىرى، بەگلىرى ۋە ئەسكەرلىرى قول باغلاپ تۇراتتى. يۇسۇف بىر قاراپلا ئاكىلىرىنى تونىغان بولسىمۇ، ئۇلار يۇسۇفنى تونىمىدى. چۈنكى ئەھۋاللىرى ناچارلىشىپ، (مىسىرغا ئاشلىق ئىزلەپ كېلىشتىن ئۇزۇن زامان ئاۋۋال ئۆزلىرى قۇدۇققا تاشلىۋەتكەن) قېرىنداشلىرىنىڭ ھازىر بۇ يەردە ھۆكۈمدار ئىكەنلىكىنى خىياللىرىغا ھەرگىزمۇ كەلتۈرمەيتتى ـ ئەلۋەتتە! ئۇلارنىڭ سانى 10 بولۇپ، 11 تۆگە بىلەن كەلگەنىدى. يۇسۇف ئۇلار بىلەن ئۆزىنىڭ تىلى بولغان ئىبرانى تىلى بىلەن سۆزلەشمەي، تەرجىمان ۋاستىسى بىلەن: بىز ھەر بىر كىشىگە

بىر تۈگىنىڭ يۈكى ئېغىرلىقىدا ئاشلىق بېرىمىز. سىلەر قانچە كىشى؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇلار: بىز 11 كىشى. ـ دەپ جاۋاب بېرىشتى. يۈسۈپ تەرجىمانى ئارقىلىق: سىلەرنىڭ تىلىڭلار ۋە قىياپىتىڭلار بىزنىڭكىگە ئوخشىمايدىكەن. سىلەر جاسۇسمۇ قانداق؟ ـ دېدى.

ـ اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىز جاسۇس ئەمەس، بىز بىر ئاتىنىڭ بالىلىرى، ئاتىمىز ياخشى بىر بوۋاي. ـ دېيىشتى ئۇلار.

يۈسۈپ: بىز 11 كىشى دەۋاتاتتىڭلار 10 كىشى ئىكەنسىلەرغۇ؟ ـ دېدى.

ئۇلار: بىز ئەسلىدە 12 قېرىنداش ئىدۇق. بىر قېرىندىشىمىز چۆلدە ئۆلدى. يەنە بىر قېرىندىشىمىزنى ئاتىمىز بەك ياخشى كۆرگەچكە، ئۇنىڭدىن ئايرىلىشقا چىدىمىدى. ئۇنىڭ ئورنىغا تۈگىسىنى ئەكەلدۇق. ـ دېيىشتى.

يۈسۈپ: راست سۆزلەۋاتقانلىقىڭلارنى قانداق بىلىمەن؟ ـ دېدى.

ئۇلار: سەن قانداق خالىساڭ، شۇنداق قىلغىن. ـ دەپ جاۋاب بېرىشتى.

ـ قائىدىمىز بويىچە يوق كىشىگە ئاشلىق بېرىلمەيدۇ. قېرىندىشىڭلارغىمۇ ئاشلىق بېرىشىم ئۈچۈن ئۇنى بۇ يەرگە ئەكىلىڭلار. قاراڭلار! سىلەرگە تارازىنى (ئۆلچەكنى) ئېغىر تۇتۇۋاتىمەن. ـ دېدى يۈسۈپ. ئاخىرىدا يۈسۈپ ئاكىلىرى بىلەن پاراڭلىشىپ بۇ قېتىم ئۆتكۈزۈۋېتىدىغانلىقىنى، ئەمما كېلەرقېتىم قېرىندىشىنى ئەكەلمىسە، ئۇلارغا ئاشلىق بەرمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئاكىلىرى بولسا: بىز ئۇنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئاتىمىزنى قايىل قىلىشقا تىرىشىمىز. ـ دېيىشتى.

﴿يۈسۈفنىڭ قېرىنداشلىرى كېلىپ يۈسۈفنىڭ قېشىغا كىردى. يۈسۈف ئۇلارنى تونۇدى، ئۇلار بولسا يۈسۈفنى تونۇمىدى. يۈسۈف ئۇلارغا ئېھتىياجلىق ئاشلىقنى تەييارلاپ بەرگەندىن كېيىن ئېيتتى: «سىلەر مېنىڭ ئالدىمغا ئاتا بىر ئۇكاڭلارنى (يەنى بۇنيامىننى) ئېلىپ كېلىڭلار. مېنىڭ (ئاشلىقنى) تولۇق ئۆلچەپ بېرىۋاتقانلىقىمنى ۋە ناھايىتى مېھماندوست ئىكەنلىكىمنى كۆرمىدىڭلارمۇ؟ ئەگەر ئۇنى مېنىڭ ئالدىمغا ئېلىپ كەلمىسەڭلار، سىلەرگە بېرىدىغان ئاشلىقىم يوق، مېنىڭ يېنىمغا يېقىن يولماڭلار» ئۇلار: «بىز ئۇنى ئاتىسىدىن سوراپ (سېنىڭ ئالدىڭغا ئېلىپ كېلىشكە) تىرىشىمىز، بىز چوقۇم مۇشۇنداق قىلىمىز» دېدى. يۈسۈف خىزمەتچىلىرىگە: «ئۇلارنىڭ (ئاشلىق سېتىۋالغان) مال ـ مۈلۈكلىرىنى يۈك ـ تاقلىرىنىڭ ئارىسىغا سېلىپ قويۇڭلار، ئۇلار ئائىلىسىگە قايتىپ بارغاندا، ئۇنى تونۇپ قايتىپ كېلىشى مۇمكىن» دېدى﴾.

بۇ يەردە كۆرۈنۈش مىسىردىن كەنئانغا يۆتكەلدى.

ئەلقىسسە، قېرىنداشلار مىسىردىن كەنئاندىكى ئاتىلىرىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى ۋە تۈگىلەردىكى يۈكلەرنى چۈشۈرمەي تۇرۇپلا دادىسىغا: بىزگە ئاشلىق بېرىشنى مەنئىي قىلدى. چۈنكى سەن ئوغلۇڭنى بىز بىلەن ئەۋەتمىدىڭ. ئۇلار: «يوق ئادەمگە ئاشلىق

سۈرە يۈسۈف 58 ـ 62 ـ ئايەتكىچە

بەرمەيمىز» دېدى. سەن نېمىشقا بىزگە ئىشەنمەيسەن؟ ئۇكىمىزنى بىز بىلەن ئەۋەتكىن، بىز ئەلۋەتتە ئۇنى قوغدايمىز، ـ دېيىشتى.

بۇلار مۇشۇنداق دېيىشى ئارقىلىق، دادىسىنى ئۇخايىسىزلاندۇرۇپ، ئۆزلىرىگە ئاشلىق بېرىلمەسلىكىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۇنىڭغا ئارتىپ قويماقچى بولۇشتى.

دادا (يەئقۇب) پەيغەمبەرلىك ئەخلاقى بىلەن ئۆزىنىڭ بۇرۇن يۈسۈفنى ئۇلارغا ئامانەت قىلغىنىدەك، ئەمدى كىچىك ئوغلىنىمۇ ئامانەت قىلالمايدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ: «بىز ئەلۋەتتە ئۇنى قوغدايمىز» دېگەن گېپىگە ئالدانمايدىغانلىقىنى، ئەمما الله نىڭ ئەڭ ياخشى قوغدىغۇچى ۋە ئەڭ مەرھەمەتلىك ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

ئۇلار يۈكلىرىنى ئاچقاندا، مال ـ مۈلۈكلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىلگەنلىكىنى كۆردى. مال ـ مۈلۈكنىڭ قايتۇرۇپ بېرىلىشى ئاشلىقنىڭ سېتىلمايدىغانلىقىنىڭ ئىشارىتى ياكى بۇنىڭدا بىر ئاگاھلاندۇرۇش ئالامىتى بار ئىدى ۋە بەلكىم شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ھېسابىنى تۈزىتىش ئۈچۈن قايتىپ بېرىشقا مەجبۇرلاش ئىدى.

ئۇلار دەرھال دادىلىرىنىڭ يېنىغا كىردى:

ئاتىمىز! يەنە نېمە تەلەپ قىلىمىز؟ ساڭا يالغان ئېيتمىدۇق. ئۇ ئاشلىق سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان مال ـ مۈلۈكىمىزنى قايتۇرۇۋېتىپتۇ، ـ دېيىشتى.

ئۇلار بۇ ئارقىلىق پەقەت قېرىنداشلىرى بۇنيامىن ئۆزلىرى بىلەن بىللە بارغاندىلا، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە ئاشلىق سېتىپ بېرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرمەكچى ئىدى.

ئۇلار ئاتىلىرى بىلەن ئۇزۇن تالاش ـ تارتىش قىلىشتى. ئاتىلىرىغا ئۇنىڭ ئوغلىغا بولغان مېھرى ـ مۇھەببىتى ۋە ئۇنىڭ يېنىدىن ئايرىماسلىقى توپەيلىدىن ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتلىرىنىڭ زىيانغا ئۇچراۋاتقانلىقىنى ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋاللىرىغا تەسىر قىلغانلىقىنى چۈشەندۇردى. ئەسلىدە ئۇلا تېخىمۇ كۆپ ئاشلىققا ئېرىشمەكچى ئىدى. ئۇكىلىرىنى قاتتىق مۇھاپىزەت قىلماقچى بولۇشتى.

ئوغۇللار ئۆزلىرىنىڭ قوللىرىدىن كېلىشچە ۋە ئۆزلىرى ھالاك بولمىغۇچە ئۇكىلىرىنى قايتۇرۇپ كېلىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئاتىلىرى ئۇلارغا ماقۇل بولدى. تالاش ـ تارتىش شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى. ئاتىلىرى ئۇلارغا باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتماسلىق ئۈچۈن ھەممىسىنىڭ بىرلا دەرۋازىدىن كىرمەسلىكىنى تەۋسىيە قىلدى. ئاتىلىرى بەلكىم باشلىرىغا ئوغرىلىق ياكى ھەسەتخورلۇققا ئوخشاش بىرەر بالا ـ قازانىڭ كېلىپ قېلىشىدىن قورققانىدى. قۇرئاندا يەئقۇبنىڭ نېمىدىن قورققانلىقى بايان قىلىنمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبىنى مۇھىم دەپ بىلگەنلەرگە يۇقىرىقى تالاش ـ تارتىشتا بولۇپ ئۆتكەن سۆز ـ جۈملىلەر كۇپايە قىلىدۇ.

يەئقۇب الله غا ئىشەنگەن ھالدا ئوغلىنى ئۇلارغا تاپشۇردى. ئۇلۇغ الله بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن ئىدى:

﴿ئۇلار ئاتىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ بارغىنىدا: «ئى ئاتىمىز! (مىسىرنىڭ پادىشاھى) بىزگە قايتا ئاشلىق بەرمەس بولدى. ئۇكىمىزنى (يەنى بۇنيامىننى) بىز بىلەن بىللە ئەۋەتكىن، (شۇنداق قىلساڭ) ئاشلىق ئالالايمىز. ئۇنى بىز چوقۇم ئوبدان مۇھاپىزەت قىلىمىز» دېدى. (يەئقۇب) ئۇلارغا ئېيتتى: «ئۇنىڭ توغرىسىدا ئىلگىرى سىلەرگە ئۇنىڭ قېرىندىشى (يەنى يۈسۈف) توغرىسىدا ئىشەنگەندەك ئىشىنەمدىم؟ (مەن سىلەرگە ۋە سىلەرنىڭ ئۇنى ساقلىشىڭلارغىلا ئىشەنمەيمەن) اللە ياخشى ساقلىغۇچىدۇر، ھەممىدىن مېھرىبانىدۇر». ئۇلار يۈكلىرىنى ئاچقاندا (ئاشلىق سېتىۋالغان) مال ـ مۈلۈكلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىلگەنلىكىنى كۆردى، ئۇلار: «ئاتىمىز! بىز (بۇنىڭدىن ئارتۇق) يەنە نېمە تەلەپ قىلىمىز؟ بۇ مال ـ مۈلۈكلىرىمىز بىزگە قايتۇرۇپ بېرىلىپتۇ. (ئۇكىمىزنى ئېلىپ يەنە بارساق) ئائىلىمىزگە ئاشلىق ئېلىپ كېلىمىز. ئۇكىمىزنى مۇھاپىزەت قىلىمىز. بىر تۆگە ئاشلىقنى ئارتۇق ئالىمىز. بۇ (يەنى بىر تۆگە ئاشلىق پادىشاھ ئۈچۈن) ئازغىنا ئاشلىقتۇر» دېدى. يەئقۇب ئېيتتى: «بۇنيامىننى قوغداش يولىدا ھەممىڭلار ھالاك بولمىساڭلارلا ئۇنى چوقۇم ماڭا قايتۇرۇپ ئېلىپ كېلىشكە اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىپ چىڭ ۋەدە بەرمىگىچە ئۇنى سىلەر بىلەن بىللە ئەۋەتمەيمەن». ئۇلار (يەنى ئوغۇللىرى) ئۇنىڭغا قەسەم قىلىپ چىن ۋەدە بەرگەندىن كېيىن، يەئقۇب: «بىزنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىمىزگە اللە گۇۋاھتۇر» دېدى. (ئۇ يەنە) «ئى ئوغۇللىرىم! (مىسىرغا) ھەممىڭلار بىر دەرۋازىدىن كىرمەي، باشقا ـ باشقا دەرۋازىلاردىن كىرىڭلار. اللە نىڭ قازاسى ئالدىدا مەن سىلەردىن ھېچ نەرسىنى دەپئى قىلالمايمەن. ھۆكۈم پەقەت اللە غىلا خاس. اللە غا تەۋەككۈل قىلدىم، تەۋەككۈل قىلغۇچىلار اللە غىلا تەۋەككۈل قىلسۇن!» دېدى. ئۇلار ئاتىسىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە باشقا ـ باشقا دەرۋازىلاردىن كىرگەندە، (بۇ) اللە نىڭ قازاسى ئالدىدا ئۇلار ئۈچۈن ھېچ نەرسىگە دال، بولالمىدى. بۇ پەقەت يەئقۇبنىڭ كۆڭلىدىكى ئۈمىدىنىلا ئىپادىلىدى، خالاس.بىز يەئقۇبقا (ۋەھيى ئارقىلىق بىلدۈرگەن ئىدۇق، شۇڭا ئۇ (كەڭ) بىلىم ئىگىسىدۇر، لېكىن كىشىلەرنىڭ تولىسى (تەقدىرنىڭ سىرىنى) بىلمەيدۇ﴾.

يۈسۈفنىڭ ئاكىلىرى بۇ قېتىم ئون بىر كىشى بولۇپ يېتىپ كېلىشتى.

﴿ئۇلار (يەنى يەئقۇبنىڭ باللىرى) يۈسۈفنىڭ ئالدىغا كىرگەندە، يۈسۈف ئۇكىسىنى قۇچاقلىدى ۋە: «مەن ھەقىقەتەن سېنىڭ قېرىندىشىڭ بولىمەن. ئۇلارنىڭ بىزگە قىلغان ئىشلىرىدىن قايغۇرمىغىن» دېدى﴾.

يۈسۈف قېرىندىشىنى قۇچاقلىدى. يالغۇز قالغاندا ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ ئاكىسى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. شۈبھىسىزكى، ئۇ ئاكىلىرى ئۆزىنىڭ يېنىغا كىرگەن ھامانلا شۇنداق قىلمىدى. بولمىسا، ئاكىلىرى ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلىپ قالاتتى. شۇڭا، بۇ ئىش مەخپىي ۋە ئۇستىلىق بىلەن قىلىندى.

سۈرە يۈسۈف 63 ـ 68 ـ ئايەتكىچە.
سۈرە يۈسۈف 69 ـ ئايەت.

بۇ مۆجىزىلىك ئىپادە. ئاكىلىرى يېنىغا كىرگەندە ۋە ئۆز قېرىنداشىنى كۆرگەندە يۈسۈفنى چۇلغىۋالغان تۇنجى ھېسسىيات ئىدى.

قۇرئان بايانىنى مانا مۇشۇ ھەرىكەتتىن باشلايدۇ. چۈنكى ئۇ تۇنجى ئىپادە ئىدى. مانا بۇ، قۇرئان ـ كەرىمدىكى ئىپادىلەش ئۇسلۇبىنىڭ ئالاھىدىلىكىدۇر.

يۈسۈف ئاكىلىرىنى ئوبدان مېھمان قىلدى. ياخشى كۈتتى. كۈنلەر ئۆتتى. ئايرىلىش ۋاقتى كەلگەندى.

يۈسۈف قېرىندىشىنى ئاكىلىرىدىن ئايرىپ ئۆز يېنىدا تۇتۇپ قىلىش ئۈچۈن بىر پىلان تۈزمەكتە ئىدى.

ئۇ، ئەگەر قېرىندىشىنى ئۆز يېنىدا تۇتۇپ قالسا، ئاتىسىنىڭ ئازابلىنىدىغانلىقىنى، بەلكىم ئۇ ئازاب ئاتىسىنىڭ كونا دەرتلىرىنىمۇ قوزغاپ قويىدىغانلىقىنى ۋە بەلكىم ئاتىسىغا يۈسۈفنىڭ ھەسرىتىنى ئەسلىتىشى مۇمكىنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى.

شۇنداق، يۈسۈف ھەممىنى بىلەتتى. ئەنە ئۇ قېرىندىشىنى كۆرمەكتە. ئۇنى يېنىدا ئېلىپ قېلىشقا ھېچقانداق سەۋەب يوق ئىدى. ئۇ نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلماقچى بولدى؟

ئۇنىڭ سىرىمۇ بايان قىلىندى...

يۈسۈف اللە دىن كەلگەن ۋەھيى بىلەن ھەرىكەت قىلاتتى. ئۇلۇغ اللە يەئقۇبنى بۇنىڭ بىلەن سىناش ئارقىلىق، ئۇنىڭ ئازابىنىڭ يۈكسەك پەللىگە چىقىشىنى خالىغانىدى. ۋە نىھايەت ئۇنى ئىنسان چىدىمىغۇدەك دەرىجىدە ئېغىر ئازاب سۈزگۈچىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۇنىڭ سەۋر ـ تاقەت قىلىغىنىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ھەر ئىككى ئوغلىنى قايتۇرۇپ بەردى ۋە كۆزىنى كۆرەلەيدىغان قىلدى.

يۈسۈف پىلانىنى تۈزۈپ بولدى.

يۈسۈف ئادەملىرىگە ھۆكۈمدارنىڭ ئالتۇن قەدەھىنى ئۇكىسىنىڭ يۈكى ئىچىگە سېلىپ قويۇشقا بۇيرۇق قىلدى. قەدەھ ئاشلىق ئۆلچەش ئۈچۈن قوللىنىلاتتى. قەدەھ ساپ ئالتۇندىن ياسالغاندىن سىرت، ئېغىرلىق جەھەتتىمۇ بەك قىممەتلىك ئىدى.

قەدەھ بۇنيامىننىڭ يۈكلىرىنىڭ ئىچىگە تىقىپ قويۇلدى. يۈسۈفنىڭ ئاكىلىرى يانلىرىغا قېرىنداشلىرىنى ئېلىپ يۇرتلىرىغا قاراپ يول ئالدى. بىردىنلا شەھەر دەرۋازىلىرى تاقالدى. جاكارچى چىقىپ:

ـ ئى كارۋانلار! سىلەر ئوغرى ئىكەنسىلەر، ـ دەپ توۋلىدى.

چېرىكلەر كارۋاننى توختاتتى. پىلان مەخپىي شەكىلدە ئورۇنلىنىۋاتاتتى. خەلق توپلاندى. ھەممەيلەن بىردەك:

ـ نېمەڭلارنى يوقىتىپ قويدۇڭلار؟ ـ دەپ سورىدى.

چېرىكلەر: پادىشاھنىڭ قەدىھىنى يۈتتۈرۈپ قويدۇق. ئۇنى تېپىپ كەلگەن كىشىگە بىر تۆگە ئاشلىق مۇكاپات بېرىلىدۇ. ـ دېدى.

يۈسۈفنىڭ ئاكىلىرى: سىلەر بىلىسىلەر، بىز بۇ يەرگە بۇزغۇنچىلىق ۋە ئوغرىلىق قىلىشقا كەلمىدۇق، ـ دېيىشتى.

چېرىكلەر يۈسۈفنىڭ ئۆگەيتىكىنى بويىچە، ئوغرىنىڭ قانداق جازالىنىشىنى خالايسىلەر؟ ـ دەپ سورىدى.

ـ بىزنىڭ دىنىمىزدا ئوغرى مالنىڭ ئىگىسىنىڭ قۇلى بولىدۇ، ـ دېيىشتى ئۇلار.

چېرىكلەر: ئۇنداقتا بىز ئوغرىنى سىلەرنىڭ قانۇنىڭلار بويىچە جازالايلى، ـ دېدى.

بۇ جاۋاب ئۇلۇغ الله نىڭ تەدبىرى ھېكمىتى ئىدى. يۈسۈف ئۇلارغا شۇنداق دېيىشنى جېكىلىگەن ئىدى. ئەگەر بۇ ئىلاھىي ھېكمەت بولمىسا ئىدى. يۈسۈفنىڭ ئۆز قېرىندىشىنى ئېلىپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەستى. چۈنكى مىسىرنىڭ قانۇنىدا ئوغرىنى قۇل قىلىش شەرتى يوق ئىدى. ئەلقىسسە، چېرىكلەرنىڭ باشلىقى: ئاختۇرۇڭلار! ـ دەپ بۇيرۇق قىلدى. يۈسۈف بۇ ئىشلارنى تەختى ئۈستىدە ئولتۇرۇپ كۆزىتىۋاتاتتى ۋە ئاۋۋال ئاكىلىرىنى ئاختۇرۇشقا ئەمىر قىلدى. ئاختۇرۇش باشلاندى. بىرىنچىسى، ئىككىنچىسى... ئەڭ ئاخىرى ئونىنچىسى ئاختۇرۇلدى. ئەمما ھېچنىمە چىقمىدى. يۈسۈفنىڭ ئاكىلىرى ئوغرى چىقمىغانلىقى ئۈچۈن خوشال بولدى ۋە: پەقەتلا ئۆكىمىز قالدى، ـ دېيىشتى.

بۇ ئەسنادا يۈسۈف ئېغىز ئېچىپ: ئۇنى ئاختۇرۇشنىڭ لازىمى يوق، ئوغرىلىقى چىقىپ تۇرامدۇ؟! ـ دېدى.

ئۇنىڭ ئەشيالىرىنىمۇ ئاختۇرمىساڭلار، كۆڭلىمىز خاتىرجەم بولمايدۇ، بىز ياخشى بىر بوۋاينىڭ باللىرى، ئوغرى ئەمەس، ـ دېيىشتى ئاكىلىرى.

ئەسكەرلەر ئۇنىڭ ئەشياسىنى ئاختۇرۇپ، ئالتۇن قەدەھنى تېپىپ چىقتى. قانۇن بويىچە ئۆكىسى (بۇنيامىن) يۈسۈفنىڭ قۇلىغا ئايلاندى.

بۇنىڭ بىلەن ئەيىبلىنىشتىن قۇتۇلغان ئاكىلىرى ئۆكىسىنى ئەيىبلەشكە باشلىدى: ئوغرىلىسا ئوغرىلىغاندۇ، بۇنىڭدىن بۇرۇن ئۇنىڭ ئاكىسىمۇ ئوغرىلىق قىلغان ئىدى.

يۈسۈف ئاكىلىرىنىڭ ئۆز ئۆكىسىنى ئەيىبلىگەنلىكىنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلاپ تۇردى ۋە بۇ ئىشقا بەكمۇ غەزەبلەندى. ئەمما ئۇ بۇنى باشقىلارغا بىلدۈرمىدى ۋە ئۆز ـ ئۆزىگە مۇنداق دېدى: «ئەھۋالىڭلار بەكمۇ چاتاق. قىلغان ئىشلىرىڭلارنى الله ياخشى بىلىدۇ. بۇ بەدناملىرىڭلار بىلەن الله نىڭ نەزىرىدە سىلەر قارا چاپلانغان كىشىدىنمۇ بىچارە ئەھۋالدا سىلەر. چۈنكى سىلەر گەرچە ئوغرىلىق قىلمىغان بولساڭلارمۇ، باشقىلارغا قارا چاپلىدىڭلار. قىلغان سۆزلىرىڭلارنى الله ئوبدان بىلىپ تۇرىدۇ.»

ئاكىلىرىنىڭ ئۇ سۆزىدىن كېيىن ھېچكىم سۆز قىلمىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قۇتۇلغىنىدىن خۇشال بولالمىدى، چۈنكى ئۇلارنىڭ يادىغا ئاتىلىرى يەئقۇب كەلگەنىدى. ئاتىلىرى ئوغلىنى چوقۇم قايتۇرۇپ كېلىشى ھەققىدە ئۇلاردىن ۋەدە ئالغانىدى.

ئۇلار يۈسۈفكە يالۋۇرۇشقا باشلىدى:

- ئى ئەزىز! (ئى ئالىيجاناب زات!)

- ئى ھۆكۈمدار!

- ئۇنىڭ بىر قېرى ئاتىسى بار. ئۇنىڭ ئورنىغا بىزنىڭ بىرىمىزنى ئېلىپ قالغىن، بىز سېنى ھەقىقەتەن ياخشىلىق قىلغۇچىلاردىن ھېسابلايمىز.

يۈسۈف پەس ئاۋازدا: پادىشاھنىڭ قەدەھىنى ئېلىۋالغان كىشىنى قويۇپ بېرىشىمىزنى سىلەر قانداقمۇ تەلەپ قىلالايسىلەر؟ بىز قانداق قىلىپ ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىرىنى تۇتۇپ قالىمىز؟ بۇ بىر زۇلۇمدۇر. بىز زالىم ئەمەسمىز؟ - دېدى.

يۈسۈفنىڭ ئاكىلىرى ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ - يىغلاشنى داۋام قىلدى.

ئەمما چېرىكلەر مىسىرنىڭ ئەزىزى بولغان توغرا سۆزلۈك يۈسۈفنىڭ سۆزلىرىنىڭ ئاخىرقى ھۆكۈم ئىكەنلىكىنى، ئاكىلىرىنىڭ قېرىندىشى بۇنيامىننى يۈسۈفكە قۇل قىلىپ تاشلاپ قويۇپ كېتىشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى.

ئۇلار ئامالسىز قالدى. يۇرتلىرىغا قاراپ يولغا چىقتى. باشلىرىغا كەلگەن بۇ يېڭى قازادىن قانداق قۇتۇلۇشنى ۋە ئاتىلىرىغا بۇ ئىشنى قانداق چۈشەندۈرۈشنى بىلمەيتتى.

ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭى ئۇكىلىرىغا: مەن بۇ يەردىن ئايرىلمايمەن. سىلەر بېرىپ يۈسۈفكە ھەقسىزلىك قىلغانلىقىڭلار، مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئۇكىسىغا ھەقسىزلىك قىلىۋاتىسىلەر، سىلەر ئاتىمىزنىڭ يېنىغا قايتىپ بېرىپ، بولغان ئەھۋالنى ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈڭلار! - دېدى.

ئۇلۇغ الله مۇنداق دېگەنىدى:

﴿يۈسۈف ئۇلارنى ئېھتىياجلىق ئاشلىق بىلەن تەمىنلىگەندىن كېيىن، قەدەھنى ئۇكىسىنىڭ يۈكى ئىچىگە سېلىپ قويدى. ئاندىن بىر جاكارچى چىقىپ: «ئى كارۋانلار! سىلەر چوقۇم ئوغرى ئىكەنسىلەر» دەپ توۋلىدى. (كارۋاندىكىلەر) ئۇلارغا قاراپ: «نېمەڭلارنى يوقىتىپ قويدۇڭلار» دېدى. ئۇلار: «پادىشاھنىڭ (تامغىسى بېسىلغان) قەدەھنى يوقىتىپ قويدۇق، ئۇنى تېپىپ كەلگەن كىشىگە (مۇكاپات ئۈچۈن) بىر تۆگە ئاشلىق بېرىلىدۇ، مەن بۇنىڭغا كېپىل» دېدى. ئۇلار «الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىلەر بىلىسىلەر، بىز بۇ يەرگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئۈچۈن كەلمىدۇق، بىز ئوغرى ئەمەسمىز» دېدى. ئۇلار (يەنى يۈسۈفنىڭ خىزمەتچىلىرى): «سىلەرنىڭ شەرىئىتىڭلاردا ئوغرىنىڭ جازاسى نېمە؟ (ئەگەر قەدەھ يۈكۈڭلاردىن چىقىپ قېلىپ، يالغانچى بولۇپ

قالساڭلارچۇ؟) دېدى. ئۇلار: «ئۇنىڭ جازاسى يۈكىدىن قەدەھ تېپىلغان ئادەمنى قۇل قىلىش، زالىملارغا بىز مۇشۇنداق جازا بېرىمىز» دېدى. ئۇلار يۈسۈفنىڭ ئۇكىسىنىڭ يۈكىنى ئاختۇرۇشتىن ئىلگىرى، ئۇلارنىڭ يۈكىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى، ئاندىن يۈسۈفنىڭ ئۇكىسىنىڭ يۈكىدىن قەدەھنى تېپىپ چىقتى. بىز يۈسۈفكە مۇشۇ تەدبىرنى كۆرسەتتۇق، (مىسىر) پادىشاھىنىڭ قانۇنى بويىچە يۈسۈف ئۇكىسىنى ئېلىپ قالالمايتى. لېكىن اللە ئۇنىڭ شۇنداق قىلىشىنى خالىدى. بىز خالىغان ئادەمنى (يۈسۈفنى كۆتۈرگەندەك) يۇقىرى دەرىجىلەرگە كۆتۈرىمىز. ھەربىر بىلىمدار ئۈستىدە ئۇنىڭدىنمۇ بىلىمدار زات بار. ئۇلار: «ئەگەر ئۇ ئوغرۇلۇق قىلغان بولسا، ئۇنىڭ قېرىندىشىمۇ (يەنى يۈسۈفمۇ) ئىلگىرى ئوغرىلىق قىلغان» دېيىشتى. يۈسۈف (ئۇلارنىڭ) بۇ سۆزىنى ئىچىدە بىلدى، لېكىن ئۇلارغا مەلۇم قىلمىدى. يۈسۈف (ئىچىدە): «سىلەرنىڭ مەۋقەيىڭلار ئەڭ ياماندۇر، سىلەرنىڭ (يۈسۈف ۋە ئۇنىڭ ئۇكىسى توغرىسىدا) قىلغان سۆزۈڭلارنىڭ يالغانلىقىنى اللە ئوبدان بىلىدۇ» دېدى. ئۇلار: «ئى ئالىيجاناب زات! ئۇنىڭ (ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايدىغان) بىر قېرى ئاتىسى بار، ئۇنىڭ ئورنىغا بىزنىڭ بىرىمىزنى ئېلىپ قالغىن، بىز سېنى ھەقىقەتەن ياخشىلىق قىلغۇچىلاردىن ھېسابلايمىز» دېدى. يۈسۈف: «خۇدا ساقلىسۇن، نەرسىمىزنى كىمنىڭ يۈكىدىن تاپقان بولساق، شۇنى ئېلىپ قالىمىز، بولمىسا بىز چوقۇم زالىملاردىن بولۇپ قالىمىز» دېدى. ئۇلار (بۇنيامىننىڭ ئورنىغا ئۆز ئارىسىدىن بىرسىنى ئېلىپ قېلىشقا يۈسۈفنىڭ ماقۇل بولۇشىدىن) ئۈمىدسىزلەنگەندىن كېيىن، چەترەك يەرگە بېرىپ مەخپىي مەسلىھەتلەشتى، ئۇلارنىڭ چوڭى ئېيتتى: «ئاتاڭلارنىڭ سىلەردىن قەسەم قىلدۇرۇپ ۋەدە ئالغانلىقىنى ۋە ئىلگىرى يۈسۈف توغرىسىدىكى خاتالىقلىرىڭلارنى بىلمەمسىلەر؟ ئاتام ماڭا رۇخسەت قىلمىغىچە ياكى اللە مەن ئۈچۈن ھۆكۈم چىقارمىغىچە بۇ يەردىن ھەرگىز ئايرىلمايمەن. اللە ئەڭ ئادىل ھۆكۈم قىلغۇچىدۇر﴾.[1]

ئۇلار چوڭ ۋە كىچىك قېرىنداشلىرىنى تاشلاپ قويۇپ قايتىشقا قارار بەردى. ئاتىلىرىنىڭ يېنىغا قايتىپ باردى ۋە ئەھۋالنى ئاتىلىرىغا ئېيتتى:

ـ ئى ئاتىمىز! ئوغلۇڭ ئوغرىلىق قىلدى.

ئاتىلىرى چۆچۈپ كەتتى ۋە قۇلىقىغا ئىشەنمىگەندەك: نېمە دېدىڭلار؟ ـ دەپ سورىدى.

ئۇلار بولغان ۋەقەنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەنلىكلىرىنى سۆزلەپ بەردى. ئەگەر ئىشەنمىسە، ئۆزلىرى بىلەن بىللە بارغان ھەر قانداق بىرىدىن ياكى ئۆزلىرى بىلەن بىللە كەلگەن كارۋاندىن سوراپ بېقىشنى ئېيتىشتى. بۇ قېتىم ئۇلار راست سۆزلىگەنىدى.

يەئقۇب ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قاتتىق ئازابلاندى ۋە يىغلىغان ھالدا:

[1] سۈرە يۈسۈف 70 ـ 80 ـ ئايەتكىچە.

ـ نەپسىڭلار سىلەرگە بۇ ئىشنى چىرايلىق قىلىپ كۆرسەتتى، مەن پەقەت چىرايلىقچە سەۋر قىلىمەن. بەلكىم اللە ماڭا ئىككىسىنى بىراقلا قايتۇرۇپ بېرىشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇ، مېنىڭ ھالىمنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. ـ دېدى.

يەئقۇب ئۇلارغا ئىشەنمىگەنىدى. يەئقۇب ئۇلارنى ئۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ بىر قېتىم سىنىغان ئەمما ئۇلاردىن بىر راستچىللىقنى كۆرەلمىگەن ئىدى. ئىش ئاياغلاشتى. يەئقۇبنى تېخىمۇ يالغۇزلۇق باستى. باشقىلىرىدىن بەكرەك ياخشى كۆرىدىغان ئىككى ئوغلىدىن ئايرىلىپ قالغانىدى. يەئقۇب بەكمۇ ياشىنىپ قالغانىدى. اللە ئۇنى ياشىنىپ قالغىنىدا يالغۇزلۇق بىلەن سىناۋاتاتتى. يەئقۇب سەۋر قىلماقتا، سەۋر ـ تاقەتكە تايىنىپ ياشىماقتا، اللە دىن ئۆزىنىڭ سەۋر ـ تاقىتىنىڭ كۈچلۈك بولۇشىنى ۋە ئىشلىرىنىڭ خەيرلىك بولۇشىنى تىلىمەكتە ئىدى.... شۇنداقلا، اللە نىڭ ھەممە باللىرىنى ساق ـ سالامەت قايتۇرۇپ كېلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. چۈنكى اللە ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئەڭ ياخشى بىلگۈچى ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، ئەڭ مەرھەمەتلىك ۋە مېھرىبان ئىدى.

...

يەئقۇب ھۇجرىسىغا قاراپ ماڭدى. ئەمما ئىككى قەدەم ماڭمايلا بۇ ۋەقە ئۇنىڭ يۈسۈفكە بولغان ئاھ ـ زارىنى قايتا قوزغىدى.

ـ ئېسىت يۈسۈف! ـ دېدى.

قەلبى ئۇنىڭ ھەسرىتىدە تىترەپ كەتتى. كۆزلىرىگە ياش تولدى. غەم ـ قايغۇسى ئازىيىشنىڭ ئورنىغا، تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتكەنىدى.

اللە بىزگە يۈسۈفنىڭ ئاكىلىرى بىلەن ئاتىسىنىڭ ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن سۆھبەتنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

﴿سىلەر قايتىپ كېتىپ ئاتاڭلار بىلەن كۆرۈشۈڭلار، ئاندىن ئېيتىڭلاركى، ئى ئاتىمىز! سېنىڭ ئوغلۇڭ راستلا ئوغرىلىق قىلدى، بىز پەقەت بىلگەن نەرسىمىز ئۈستىدىلا گۇۋاھلىق بېرىۋاتىمىز، بىز غەيبنى بىلمەيمىز (يەنى ساڭا ۋەدە بەرگەن چېغىمىزدا ئۇنىڭ ئوغرىلىق قىلىدىغانلىقىنى بىلمىدۇق). بىز تۇرغان شەھەردىن (يەنى مىسىردىن) ۋە بىز بىلەن بىللە ماڭغان كارۋاندىن سوراپ باققىن، بىزنىڭ سۆزىمىز چوقۇم راست. يەئقۇب ئېيتتى: «ئۇنداق ئەمەس، نەپسىڭلار سىلەرگە بۇ ئىشنى چىرايلىق كۆرسەتتى، مەن پەقەت چىرايلىقچە سەۋر قىلىمەن، ئۇلارنىڭ (يەنى ئۈچ ئوغلۇمنىڭ) ھەممىسىنى ماڭا دەرقەمدە قىلىپ بېرىشنى اللە تىن تىلەيمەن. اللە ھەقىقەتەن (مېنىڭ ھالىمنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر». يەئقۇب ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈپ: «ئېسىت يۈسۈف!» دېدى. قايغۇدىن (كۆپ يىغلاپ) ئىككى كۆزى ئاقىرىپ كەتتى (يەنى ئىككى كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالدى)، ئۇ تولۇپ تاشقان ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتقان ئىدى﴾.

سۈرە يۈسۈف 81 ـ 84 ـ ئايەتكىچە.

يەئقۇب كۆپ يىغلىغاچقا، كۆزلىرى كۆرمەس بولۇپ قالغانىدى.

كىشىلەر: ئۇ بىر پەيغەمبەر تۇرۇپ شۇنچە يىغلىدى. يىغلاش ئۈمىدسىزلىكنىڭ بىر ئىپادىسى ئەمەسمۇ؟ ـ دەپ سورىشى مۇمكىن.

بىزمۇ: پەيغەمبەرلەر دىلى ئەڭ يۇمشاق كىشىلەردۇر. ـ دەپ جاۋاب بەرسەك بولىدۇ.

يىغلاش ـ سۆيگۈنىڭ دەرىجىلىرىدىن بىرى. شۇنداقلا. الله قا دەردىنى تۆكۈشنىڭ بىر خىلىدۇر.

يەئقۇب. بۈيۈك قەلب ئىگىسى بولغانلىقى ئۈچۈن يىغلىماقتا ئىدى ۋە ئۇ الله تىن باشقا ھېچكىمنىڭ ئالدىدا يىغلاپ باقمىغانىدى. ئۇنىڭ يىغىسىدا. ئۇنىڭ الله تىن باشقىسى بىلمەيدىغان بىر يالۋۇرۇش بار ئىدى. بالىلىرى ئۇنىڭ كۆرمەس بولۇپ قالغانلىقىنى ئۇقتى ۋە ئۇنى يۈسۈپ ئۈچۈن يىغلاۋەرگەچكە شۇنداق بولۇپ قالدى دەپ بىلدى. ئۇلار ئاتىسىنىڭ ئىنسانىي ھېسسىياتىغا ھۇجۇم قىلماقتا ئىدى. ئۇلار ئاتىسىنىڭ ئۆزىنى ھالاك قىلماسلىقىنى ئېيتىشتى.

﴿ئۇلار: «الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سەن يۈسۈفنى ياد ئېتىۋېرىپ (ھەسرەتتىن) ھالاك بولۇشقا تاس قالدىغان ياكى ھالاك بولىدىغان بولدۇڭ» دېدى. يەئقۇب ئېيتتى: «مەن قايغۇ ـ ھەسرىتىمنى پەقەت الله قىلا ئېيتىمەن. الله نىڭ بىلدۈرىشى بىلەن سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىنى بىلىمەن﴾. [1]

يەئقۇب بۇ سۆزى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ يىغلاش سەۋەبىنى ئوچۇق بىلدۈرگەنىدى. ئۇ پەقەت الله قىلا يالۋۇراتتى. الله ھەققىدە ئۇلار بىلگەندىن كۆپ نەرسىلەرنى بىلەتتى. ئۇلار يەئقۇبنىڭ يىغىسىنى قويۇپ، ئۆزلىرى ئۈچۈن تېخىمۇ مۇھىم بولغان ئىشقا كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك ئىدى.

﴿ئى ئوغۇللىرىم! بېرىڭلار، يۈسۈفنى ۋە ئۇنىڭ ئۇكىسىنى ئىزدەڭلار، الله نىڭ رەھمىتىدىن نائۈمىد بولماڭلار، شۈبھىسىزكى، پەقەت كاپىر قەۋملا الله نىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلىنىدۇ»﴾. [2]

يەئقۇب شۇنچە چوڭقۇر دەرت ـ ئەلەم ئىچىدە بالىلىرىغا الله نىڭ رەھمىتى ھەققىدىكى ئۈمىدىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ ئۆزىگە خەۋەر بېرىلگىنىدەك، يۈسۈفنىڭ تېخى ھاياتتا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلماقتا ئىدى. ئاكىلىرىنىڭ ئۇنى تېپىشى لازىم ئىدى. يەئقۇبنىڭ الله نىڭ رەھمىتىگە بولغان بۇ ئۈمىدى، ئۇلارنىڭ يۈسۈفنى ئىزدىشىنىڭ ئەڭ مۇھىم دەلىلى ئىدى.

كارۋان مىسىرغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

[1] سۈرە يۈسۈف 85 ـ 86 ـ ئايەتلەر.
[2] سۈرە يۈسۈف 87 ـ ئايەت.

يۈسۈفنىڭ ئاكىلىرىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋي ئەھۋاللىرى خاراب بولغانىدى. يوقسۇللۇق، ئاتلىرىنىڭ دەرت ـ ئەلىمى، ھەسرىتى ئۇلارنى بەكمۇ قىيىنماقتا ئىدى.

ئۇلار ھېچنېمىگە ئەرزىمەس ماللىرىنى ئېلىپ يۈسۈفنىڭ يېنىغا كىرىپ كەلدى.

ئۇلۇغ اللّٰه بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنىدى:

﴿ئۇلار يۈسۈفنىڭ قېشىغا كىرگىنىدە: «ئى ئالىيجاناب زات! بىزگە ۋە ئائىلىمىزگە ئاچارچىلىق يەتتى، (ئالدىڭغا) ناچار، ئۆتمەس ماللار بىلەن كېلىپ قالدۇق، بىزگە يېتەرلىك ئاشلىق بەرگىن، بىزگە سەدىقە قىلغىن، اللّٰه سەدىقە قىلغۇچىلارنى ھەقىقەتەن مۇكاپاتلايدۇ» دېدى﴾.[1]

ئۇلارنىڭ ئەھۋالى ئۇلارنى بىچارە ھالغا كەلتۈرۈپ قويغانىدى.

ئۇلار اللّٰه نىڭ سەدىقە بەرگەنلەرنى مۇكاپاتلاندۇرىدىغانلىقىنى سۆزلەش ئارقىلىق ئۇنىڭ قەلبىنى يۇمشىتىشنى ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىگە سەدىقە بېرىلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى.

دەل شۇ چاغدا...

قىيىن ئەھۋالدا تۇرغانلىرىدا...

يۈسۈف ئۇلارغا تەرجىمان ياكى ئۈچىنچى شەخسكە ئېھتىياجى بولمىغان ھالدا ئۇلارنىڭ تىلىدا:

﴿«سىلەر نادان ۋاقتىڭلاردا يۈسۈفكە ۋە ئۇنىڭ ئۇكىسىغا نېمىلەر قىلغانلىقىڭلارنى بىلەمسىلەر؟» دېدى. ئۇلار: «سەن راستلا يۈسۈفمۇ؟» دېدى. ئۇ: «مەن يۈسۈف، بۇ مېنىڭ ئىنىم. اللّٰه بىزگە مەرھەمەت قىلدى. كىمكى ھەقىقەتەن تەقۋادارلىق قىلىدىكەن، سەۋر قىلىدىكەن (ياخشى مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ)، چۈنكى اللّٰه ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ» دېدى. ئۇلار: «اللّٰه نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، اللّٰه سېنى ھەقىقەتەن بىزدىن ئارتۇق قىلىپتۇ، بىز جەزمەن خاتا قىلىپتۇق» دېيىشتى﴾.[2]

سۆھبەت ئۇلارنىڭ ئىچكى ھېسسىياتلىرىنى ئەڭ نازۇك شەكىلدە ئىپادىلىشى بىلەن باشلاندى. مىسىرنىڭ ئەزىزى بىردىنلا ئۇلاردىن ئۇلارنىڭ يۈسۈفكە قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنى سورىدى.

ئۇ ئۇلارنىڭ تىلىدا سۆزلىگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇنىڭ يۈسۈف ئىكەنلىكىنى بىلىشتى. سۆھبەت داۋاملاشتى، ئۇلارنىڭ يۈسۈفكە زىيانكەشلىك قىلغانلىقى ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇلار يۈسۈفكە تۇزاق قۇرغانىدى. ئەمما اللّٰه خالىغان ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا قادىردۇر. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلار يۈسۈفكە قىلغان زىيانكەشلىكنى ئۇنۇتقانىدى.

[1] سۈرە يۈسۈف 88 ـ ئايەت.

[2] سۈرە يۈسۈف 89 ـ 91 ـ ئايەتكىچە.

اللە نىڭ ئۇرۇنلاشتۇرۇشى بەكمۇ غەلىتە سەۋەبلەر ئارقىلىق بىر ـ بىرلەپ ئورۇنلانماقتا ئىدى. يۈسۈفنىڭ قۇدۇققا تاشلىنىشى ئۇنىڭ ھۆكۈمدار بولۇشىنىڭ باشلانغۇچى بولسا، ئاكىلىرىنىڭ ئۇنى ئاتىلىرىدىن ئايرىۋېتىشى، ئاتىسىنىڭ يۈسۈفنى تېخىمۇ سۆيۈشىگە سەۋەب بولغانىدى. مانا ئەمدى ھەممە ئىش ئاشكارىلانغانىدى.

ئەمدى ئۇلارنىڭ ھاياتى يۈسۈفنىڭ قولىدا ئىدى. ئۇلار يۈسۈفتىن ياخشىلىق ۋە مەرھەمەت كۈتكەن ھالدا تۇرۇشماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى سۆھبەت شۇ سۆزلەر بىلەن داۋاملاشتى:

ـ اللە سېنى ھەقىقەتەن بىزدىن ئۈستۈن قىلىپتۇ، بىز خاتالىق ئۆتكۈزۈپتۇق.

ئۇلارنىڭ قىلغان سۆزلىرى ۋە ئېتىراپلىرى ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىلگىلى بولمايدىغان، مەخپىي ئەندىشىنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى ئىپادىلەپ بەرگەنىدى. بەلكىم ئۇلار يۈسۈفنىڭ ئۆزلىرىدىن ئىنتىقام ئېلىشىنى ئويلاپ قورقۇۋاتاتتى. يۈسۈفمۇ ئۇلارنىڭ بۇ روھى ھالىتىنى چۈشەندى ۋە ئۇلارغا شۇ سۆزلىرى بىلەن تەسەللى بەردى:

﴿«بۈگۈن سىلەر ئەيىبلەشكە ئۇچرىمايسىلەر، اللە سىلەرنى كەچۈرسۇن، اللە ئەڭ مەرھەمەتلىك زاتتۇر﴾.[1]

ھېسابقا تارتىش ۋە ئەيىبلەش يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىش پۈتۈنلەي تۈگىدى. ئۇ، قېرىنداشلىرىغا: سىلەرنى كەچۈردۈم، ـ دېمىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ كەچۈرۈلۈشى ئۈچۈن اللە قا دۇئا قىلدى. بۇ، ئۆزىنىڭ ئۇلارنى كەچۈرگەنلىكىنى ۋە ئۇلارنى اللە نىڭ كەچۈرۈشىگە قويۇپ قويغانلىقىنى بىلدۈرەتتى. ئۇ بىر پەيغەمبەر بولغاچقا، دۇئاسى مەقبۇل ئىدى. بۇ كەچۈرۈش كەڭ قورساقلىق بولۇشقا ئۆرنەك بولۇپ ھېسابلىنىدىغان كەچۈرۈش ئىدى.

يۈسۈف بىردىنلا ئاتىسى ھەققىدىكى تېمىغا ئۆتتى. ئۇ ئاتىسىنىڭ كۆزلىرىگە ئۆزىگە بولغان ھەسرىتىدىن ئاق چۈشكەنلىكىنى ۋە كۆرمەس بولۇپ قالغانلىقىنى بىلەتتى. ئاتىسى ھەققىدە تېخى ھېچقانداق گەپ ـ سۆز بولمىغانىدى. ئەمما ئۇ بىلەتتى، قەلبى ھېس قىلاتتى. يۈسۈف كۆينىكىنى ئۇلارغا بېرىپ:

﴿سىلەر مېنىڭ بۇ كۆڭلىكىمنى ئېلىپ بېرىپ ئاتامنىڭ يۈزىگە تاشلاڭلار، كۆزى ئېچىلىدۇ، پۈتۈن ئائىلەڭلاردىكىلەرنى ئېلىپ مېنىڭ يېنىمغا كېلىڭلار»﴾.[2]

كارۋان پەلەستىنگە قاراپ يولغا چىقتى.

يەئقۇب كۆزلىرى كور ھالدا ئۆيدە ئۆزى يالغۇز ئولتۇراتتى. كۆز يېشى يۈزىدە ئىككى سىزىق پەيدا قىلغانىدى. ئۇ تۇيۇقسىزلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ھەسرەتلىك ئاتىنىڭ يۈزى باشقىچە تۈسكە كىردى. ئۇ كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ كېلىنلىرىنىڭ يېنىغا چىقتى.

---

[1] سۈرە يۈسۈف 92 ـ ئايەت.
[2] سۈرە يۈسۈف 93 ـ ئايەت.

ھويلىغا چىقىپ، بېشىنى يۇقىرىغا كۆتۈردى ۋە چوڭقۇر بىر نەپەس ئالدى. ئىچىنى مىسىردىن كەلگەن شامال بىلەن تولدۇردى، ئاندىن ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى.

بۇنى كۆرگەن چوڭ كېلىن كىچىكلىرىگە مۇنداق دېدى:

- بۈگۈن يەئقۇب ئادىتىنى بۇزۇپ سىرتقا چىقتى. يۈرىكىم بىر نەرسىلەرنى تۇيۇۋاتىدۇ. ئۇ يالغۇزلۇقنى تەرك ئېتىپ ھويلىغا چىقتى. كور تۇرۇپ ئاسمانغا قارىدى. قانداق قارىغانلىقىنى بىلمەيمەن. ئەمما قەسەم قىلىمەنكى، يۈزىدە كۈلكىنىڭ ئىپادىلىرى بار ئىدى، - دېدى.

كىچىك كېلىنلەر ھەيران بولۇشتى ۋە:

- يېڭى كىيىم كىيگەنلىكىنى كۆردۈڭمۇ؟ ئۇنىڭ كۈلگىنىنى كۆردۈڭمۇ؟ - دەپ سوراشتى.

كېلىنلەر دەرھال ئۇنىڭ يېنىغا كىرىشتى. يەئقۇبنىڭ يۈزىدە كۈلكىدىن ئەسەر يوق ئىدى. چوڭ كېلىنىنىڭ كۆزىگە شۇنداق كۆرۈنگەنمىدى؟

كېلىنلەر يەئقۇبتىن سوراشتى:

- مۆھتىرەم ئاتىمىز! بۈگۈن سائىا نېمە بولدى؟

يەئقۇب:

- يۈسۈفنىڭ ھېدىنى ئېلىۋاتىمەن، مېنى ئالجىپ قالدى دېمەڭلار! - دېدى.

كېلىنلەر ھاڭ - تاڭ بولۇشتى. ئۇلار يەئقۇبنىڭ يېنىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ ئۆز - ئارا مۇنداق دېيىشتى:

- بۇ ئادەمدىن ئۈمىد يوق. يۈسۈفنىڭ ھەسرىتى ئۇنى ھالاك قىلدى.

- ئۇنىڭ كۆڭلىكى توغرىسىدا بىر نېمە دېدىمۇ؟

- بىلمەيمەن، ئۇنىڭ ھىدىنى ئالغانلىقىنى ئېيتتى.

- ياشانغانلارنىڭ ئەقلى بارغانسېرى كاردىن چىقاتتى. ئەمما بۇنىڭ دەل ئەكسىچە، تېخىمۇ ئۆتكۈرلىشىپ كېتىۋاتىدۇ...

- ئۇ ۋەقەنى تېخىچە ئۇنۇتالمىغان ئوخشايدۇ.

- ئۇنىڭ كىيىملىرنى ئالماشتۇرغىنىنى ئېيتىۋاتىسەن.

- بەلكىم ئۇ ئالجىپ قالغان ئوخشايدۇ.

- بۇلارنى ئالجىپ قالغانلىقى ئۈچۈن قىلىۋاتىدۇ.

دەل شۇ چاغدا يەئقۇب بىر ئىستاكان سۈت سورىدى، ئەمما ئۇ روزا تۇتقۇۋاتاتتى. شۇنداق قىلىپ، روزىسىنى بۇزغان بولدى. تۇنجى قېتىم ئۆز ئادىتىنى بۇزغانىدى. ئاخشام ۋاقتى يەنە كىيىمنى ئالماشتۇردى.

كارۋان يۈسۈفنىڭ كۆينىكىنى ئېلىپ كەلمەكتە. كۆينەك بۇغدايىنىڭ ئارىسىغا تىقىپ قويۇلغانىدى. ئۇ تۇپراقنىڭ، ئېتىز ـ قىرلارنىڭ پۇرىقىغا ۋە بۇغدايلارنى سارغايتقان قۇياشنىڭ ئىسسىقىغا ئارىلىشىپ كەتكەنىدى.

كارۋان يەئقۇبنىڭ يېزىسىغا يېقىنلاپ كەلدى...

يەئقۇب ھۇجرىسىدا ئۆزى يالغۇز ئايلانماقتا ئىدى. ئۇزۇندىن ئۇزۇن دۇئا قىلماقتا، قوللىرىنى يۇقىرىغا ئاچماقتا، قايتا ـ قايتا چوڭقۇر نەپەس ئالماقتا، كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلمەكتە ئىدى. يۈسۈفنىڭ كۆينىكى ئۇنىڭغا قاراپ كەلمەكتە ئىدى.

﴿كارۋان (مىسىردىن شامغا قاراپ) قوزغالغان چاغدا، ئۇلارنىڭ ئاتىسى (يەنى يەئقۇب ئەلەيھىسسالام): «مەن چوقۇم يۈسۈفنىڭ ھىدىنى ئېلىۋاتىمەن، سىلەر مېنى ئالجىپ قالغان دېمەيدىغان بولساڭلار (يۈسۈفنى ئەلۋەتتە ھايات دەيتتىم)» دېدى. ئۇلار (يەنى يەئقۇبنىڭ نەۋرىلىرى ۋە يېنىدىكى كىشىلەر): «اﷲ نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ھەقىقەتەن سەن تېخى يەنىلا بۇرۇنقى قايمۇقۇشۇڭدا ئىكەنسەن» دېدى. خۇش خەۋەرچى كېلىپ كۆڭلەكنى يەئقۇبنىڭ يۈزىگە تاشلىدى، ئۇنىڭ كۆزى ئېچىلدى. يەئقۇب: «مەن سىلەرگە، اﷲ نىڭ بىلدۈرۈشى بىلەن سىلەر بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلىمەن، دېمىگەنمىدىم» دېدى. ئۇلار: «ئى ئاتىمىز! گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن بىزگە مەغپىرەت تىلىگىن، بىز ھەقىقەتەن خاتالاشتۇق» دېيىشتى. يەئقۇب: «پەرۋەردىگارىمدىن سىلەرگە مەغپىرەت تىلەيمەن. اﷲ گۇناھلارنى ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (بەندىلىرىگە) مېھرىباندۇر» دېدى﴾.

شۇنىڭ بىلەن يۈسۈفنىڭ قىسسىسى ئاخىرلاشتى. ئۇنىڭ قىسسىسى بىر چۈش بىلەن باشلىنىپ ئەنە شۇ چۈشنىڭ تەبىرى بىلەن ئاخىرلاشتى.

﴿ئۇلار يۈسۈفنىڭ ئالدىغا كىرگەندە، يۈسۈف ئاتا ـ ئانىسىنى قۇچاقلىدى ۋە: «خۇدا خالىسا، مىسىرغا ئامان ـ ئېسەن كىرىڭلار» دېدى. ئاتا ـ ئانىسىنى تەختىدە (يېنىدا) ئولتۇرغۇزدى، ئۇلار (شاھلارغا تازىم قىلىش ئادىتى بويىچە) يۈسۈفكە سەجدە قىلىشتى. ئۇ: «ئى ئاتا! مانا بۇ، بۇرۇن (كىچىك ۋاقتىمدا) كۆرگەن چۈشۈمنىڭ تەبىرىدۇر، ئۇ چۈشۈمنى پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن راستقا چىقاردى. پەرۋەردىگارىم مېنى زىنداندىن چىقىرىش بىلەن، قېرىنداشلىرىم بىلەن مېنىڭ ئارامنى شەيتان بۇزغاندىن كېيىن، سىلەرنى سەھرادىن بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىش بىلەن ماڭا ئېھسان قىلدى، پەرۋەردىگارىم خالىغىنىنى (ئىشقا ئاشۇرۇشقا) ھەقىقەتەن تەدبىرلىكتۇر، ئۇ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾.

سۈرە يۈسۈف 94 ـ 98 ـ ئايەتكىچە.
سۈرە يۈسۈف 99 ـ 100 ـ ئايەتلەر.

ئۇنىڭ چۈشى ئەمەلىيەتكە ئايلاندى ۋە ئۇ رەببىگە دۇئا قىلماقتا.

﴿پەرۋەردىگارىم! ماڭا ھەقىقەتەن پادىشاھلىق ئاتا قىلدىڭ. چۈش تەبىرىنى بىلدۈردۈڭ. ئى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆرنەكسىز ياراتقۇچى زات! دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مېنىڭ ئىگەمسەن، مېنى مۇسۇلمان پېتىمچە قەبزى روھ قىلغىن، مېنى ياخشى بەندىلەر قاتارىدا قىلغىن! » دېدى﴾.

ئوخشاش دۇئا.

- مېنىڭ جېنىمنى مۇسۇلمان پېتى ئالغىن!

يۈسۈفنىڭ قىسسىسىنىڭ ئاخىرىدا تۆۋەندىكىلەرنى خاتىرلىتىپ ئۆتمەكچىمىز:

ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ قىسسىسىدە قەلبىنىڭ پەقەت اللہ قا تەۋە بولۇشى ئۈچۈن، قەلبىدە ئوغلى ئىسمائىلغا بولغان تۇغما سۆيگۈسىدىن ۋاز كەچتى. ۋەقە يۈز بەرگەن چاغدا، ئىسمائىلنى بوغۇزلاش ھەققىدە بۇيرۇق ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا فىدىيە ئورنىتىلدى.

ھەزرىتى يەئقۇبنىڭ قەلبىدىمۇ ئوغلى يۈسۈفكە قارىتا ئوخشاش ھېس - تۇيغۇ بار ئىدى. ئۇ يۈسۈفنى ياخشى كۆرەتتى. ئەمما ئۇنى يوقىتىپ قويۇش بىلەن سىنالدى. ئۇنىڭ قەلبى يۈسۈف، ئۇنىڭ ئۇكىسى ۋە باشقىلىرىغا ئەمەس، بەلكى پەقەت اللہ قىلا تەۋە بولغاندا، اللہ ئۇنىڭغا ھەر ئىككى ئوغلىنى قايتۇرۇپ بەردى.

بەدىنامدىمۇ ئوخشاش ۋەقە يۈز بەردى. قەلبىنىڭ پەقەت اللہ قىلا تەۋە بولۇشى ئۈچۈن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەزرىتى ئائىشەگە بولغان مەيلى كۆتۈرۈۋېتىلدى. ئاندىن كېيىن، ئۇنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىگە دائىر ئايەت چۈشۈرۈلدى.

سۈرە يۈسۈف 101 - ئايەت.

## شۇئەيب ئەلەيھىسسالام

زامانىمىزدىكى بىر قىسىم كىشىلەر دىنىنىڭ مەۋھۇم مەسىلىلەر ۋە ئەخلاقىي ئۆلچەملەردىن ئىبارەت ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەكتە.

بۇ گۇناھ ۋە خاتا چۈشەنچىدۇر. دىن ئىككىنچى چۈشەنچىدە ھايات ۋە مۇئامىلە ئۇسۇلىدۇر.

بىرىنچى چۈشەنچىگە نىسبەتەن بولسا، الله قا باغلىنىشتۇر.

شۇڭا تەۋھىد ۋە ئىلاھىي مەسىلىلەر ئارىسى بىلەن ئەخلاقىي ئۆلچەملەرنى ۋە ئىنسانلارنىڭ كۈندىلىك ھايات پائالىيەتلىرىنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋېتىش (دىننى ئىنساننىڭ ھاياتىدىن چىقىرىپ تاشلاپ)، ئۇنى ئەھمىيەتسىز يىغىلىشلار ۋە قۇرۇق مۇراسىملارغا ئايلاندۇرۇپ قويۇش دېگەنلىكتۇر.

ھەزرىتى شۇئەيبنىڭ قىسسىسى بۇ مەسىلىنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى.

الله تائالا قۇرئاندا مۇنداق دېگەن ئىدى:

﴿مەديەن (ئەھلى) گە ئۇلارنىڭ قېرىندىشى شۇئەيبنى (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق، ئۇ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! الله غا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە الله دىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر﴾.[]

پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ چاقىرىقى ھېچقاچان ئۆزگەرمەيدىغان ئوخشاش چاقىرىقتۇر. ئىماننىڭ ئاساسى بۇدۇر. بۇ ئاساسسىز ئىمان، ئىمان بولالمايدۇ.

شۇئەيب بۇ ئاساسنى چۈشەندۈرگەندىن كېيىن دەۋىتىنى داۋاملاشتۇردى:

﴿ئۆلچەمدە ۋە تارازىدا كەم بەرمەڭلار، مەن سىلەرنى ھەقىقەتەن باي ھېسابلايمەن، مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ھەممىنى قورشاپ تۇرغۇچى كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى) نىڭ ئازابىغا دۇچار بولۇشۇڭلاردىن قورقىمەن﴾.[]

شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋھىدىنىڭ ئارقىسىدىنلا كۈندىلىك ئېلىم ـ سېتىم ئىشلىرىنى، ئامانەت ۋە ئادالەت ئىشلىرىنى (مەسىلىلىرىنى) تىلغا ئېلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، مەديەن ئاھالىسى تارازىدا ھىيلىگەرلىك قىلاتتى. كىشىلەرنىڭ ھەققىنى يېيىشتىن قورقمايتتى. مەديەن خەلقى نامەرت ۋە نومۇسسىز بولغاندىن سىرت، قەلب ۋە قول پاكلىقىنى بۇزىدىغان بۇ رەزىل قىلمىشنى تىجارەتتىكى ئۇستىلىق، ئەقىللىقلىق دەپ

---

[] سۈرە ھۇد 84 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[] سۈرە ھۇد 84 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ھېسابلايتتى. پەيغەمبەر ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشىنىڭ پەسكەش بىر ئوغرىلىق ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۇلارنى قىيامەت كۈنىنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇردى.

ئىنسانلارنىڭ ھاياتىدىكى ئېلىم ـ سېتىم ئىشلىرىنى تۈزىتىش ئۈچۈن شۇئەيبنىڭ دىنىنىڭ چىقارغان ھۆكمىگە قاراڭ:

﴿ئى قەۋمىم! سىلەر ئۆلچەمنى توغرا ئۆلچەڭلار. تارازىنى توغرا تارتىڭلار، كىشىلەرگە نەرسىلەرنى كەم بەرمەڭلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ پىتنە ـ پاسات تېرىماڭلار﴾.[1]

شۇئەيب توختىماستىن ھەق دىنغا دەۋەت قىلاتتى. قەۋمىنىڭ كۆڭلىگە ياقمايدىغان اللە نىڭ مەنئى بۇيرۇقلىرىنى تەبلىغ قىلىش بىلەن بىرگە مۇلايىملىق بىلەن نەسىھەت قىلىپ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى مايىل قىلىشقا تىرىشاتتى. ئۇلارنى ئۆلچەمدە ۋە تارازىدا دۇرۇس بولۇشقا، باشقىلارنىڭ ھەققىنى يېمەسلىككە دەۋەت قىلاتتى.

باشقىلارنىڭ ھەققىنى ۋە نەرسە ـ كېرەكلىرىنى كەم بېرىش پەقەت تىجارەتكىلا خاس ئەمەس. بۇ ئىش كۈندىلىك مۇئامىلىلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئومۇمىي ئىشتۇر. ئۇ ئىشلارنى پۈتۈنلەي يېڭى بىر ئۆلچەمگە سالىدۇ. ئەنە ئۇ ئامانەت ئۆلچىمىدۇر. شۇنىڭدەك تەۋھىد، ئېتىقاد، ئامانەت ۋە ئادالەت يولىدا ئىنسانلارنىڭ ئۇسلۇبلىرىنى ۋە كۈندىلىك ھاياتى مۇئامىلىلىرىنى ئۆزگەرتىشتە چوڭ رول ئوينايدۇ.

قۇرئاندا بۇ ھەقتە مۇنداق دېيىلگەن:

﴿كىشىلەرگە نەرسىلىرىنى كەم بەرمەڭلار﴾.[2]

بۇ يەردىكى «نەرسە» سۆزىنىڭ مەنىسى كەڭ بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىگە ماددىي ۋە مەنىۋىي نەرسىلەر، يەنى تۈرلۈك ئىشلار ۋە ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى كىرىدۇ.

بۇ ئايەت، مەيلى كىشىلەرگە مېۋە ـ كۆكتاتلارنى تارتىپ بەرگەندە قىلىنغان ھەقسىزلىق بولسۇن ياكى باشقىلارنىڭ ئىش ـ ئەمگەكلىرىنى ئەجىرسىز قىلىپ قويۇش ئارقىلىق قىلىنغان ھەقسىزلىق بولسۇن، ھەر تۈرلۈك ھەقسىزلىقنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بەرمەكتە.

چۈنكى باشقىلارغا زۇلۇم قىلىش ھايات سەپىرىدە ئازاب، ئۈمىدسىزلىك ۋە بوشاڭلىق تۇيغۇلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ ئىنسانلارنىڭ ئۆز ئىچىدىن يېڭىلىشىغا ۋە ئىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئاندىن كېيىن ھايات تېخىمۇ قىيىنلىشىپ، چىدىغۇسىز ھالغا كېلىدۇ. شۇڭا قۇرئان ئايەتلىرى يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىنماسلىق ھەققىدىكى ئاگاھلاندۇرۇشنى تولۇق بايان قىلماقتا.

[1] سۈرە ھۇد 85 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ھۇد 85 ـ ئايەت.

﴿يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ يۈرمەڭلار. پاسات تېرىماڭلار! الله سىلەرگە قالدۇرغان ھالال رىزىق (سىلەر يىققان ھارامدىن) ياخشىدۇر.ئەگەر سىلەر مۆمىن بولساڭلار﴾.[1]

ئاندىن كېيىن ئۇ ئۇلار بىلەن الله نىڭ ئارىسىنى ئوچۇق قويۇپ قويىدۇ. ئاندىن ئۆزى ھەققىدە توختىلىپ، ئۇلارغا ئۇزىنىڭ ئۇلار ئۈچۈن ھېچقانداق نەرسىگە ئىگە ئەمەسلىكىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ۋەكىلى، قوغدىغۇچىسى ۋە مۇھاپىزەتچىسى ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈردى. چۈنكى ئۇ پەقەت رەببىنىڭ ئايەتلىرىنى ئۇلارغا تەبلىغ قىلىدىغان بىر پەيغەمبەردۇر.

﴿مەن سىلەرگە مۇھاپىزەتچى ئەمەسمەن﴾.[2]

شۇئەيب مانا بۇ ئۇسلۇبتا قەۋمىگە ئىشنىڭ جىددىي، مۇھىم ۋە ئېغىر ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. ئۇ ئۇلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقىنىڭ ئاقىۋىتىنى ئېنىق چۈشەندۈردى ۋە ئۇلارنى ئۆز ئاقىۋىتىگە تاشلاپ قويدى.

شۇئەيب سۆزلىگەندە قەۋمى ئۇنىڭغا قۇلاق سالاتتى. ئۇنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەنلا قەۋمى سۆزلەشكە باشلايتتى:

﴿ئۇلار: «ئى شۇئەيب! سېنىڭ نامىزىڭ (يەنى دىنىڭ) سېنى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئىبادەت قىلىپ كېلىۋاتقان نەرسىلەرنى (يەنى بۇتلارنى) بىزنى تاشلاتقۇزۇشقا ياكى ماللىرىمىزنى خالىغىنىمىزچە تەسەررۇپ قىلىشىمىزنى تەرك ئەتكۈزۈشكە بۇيرۇمدۇ؟ سەن تازىمۇ كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ، تازىمۇ توغرا يول تاپقان ئادەمسەن﴾.[3]

مەديەن خەلقى بۇلاڭچىلىق قىلىدىغان، كارۋانلارنى قورقۇتىدىغان ۋە ئەيكە بۇتىغا چوقۇنىدىغان ئىنكارچىلار ئىدى.

ئەيكە بولسا، قويۇق ئۆسكەن دەرەخزارلىقتىكى بىر دەرەخ ئىدى. ئۇلار بەكمۇ قوپال مۇئامىلىلىك ئىنسانلار ئىدى. تارازا ـ ئۆلچەمنى كەم تۇتاتتى. باشقىلاردىن ئارتۇق ئېلىپ، كەم بېرەتتى. ئەنە شۇنداق تۇرۇپمۇ، شۇئەيبكە يۇقىرىقىدەك گەپلەرنى قىلغىنىغا قارىمامسەن؟

ـ ئى شۇئەيب! ساڭا بۇيرۇق قىلغان سېنىڭ نامىزىڭمۇ؟

خۇددى بۇ ناماز شۇئەيبنى باشقۇرىدىغان، ئۇنىڭغا ۋەسۋەسە ۋە بۇيرۇق قىلىدىغان جادىگەر ئىدى. شۇئەيبمۇ قىلچە ئويلانماي ۋە ئىككىلەنمەيلا ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغانىدى. خۇددى شۇئەيب نامىزى تۈپەيلىدىن شۇنداق قىلىۋاتقان ۋە ھېچنىمىنى چۈشەنمەيدىغان ماشىنا ئادەم ئىدى.

---

[1] سۈرە ھۇد 85 ـ 86 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ھۇد 86 ـ ئايەت.
[3] سۈرە ھۇد 87 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

﴿ئۇلار: «ئى شۇئەيب! سېنىڭ نامىزىڭ (يەنى دىنىڭ) سېنى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئىبادەت قىلىپ كېلىۋاتقان نەرسىلەرنى (يەنى بۇتلارنى) بىزنى بىزنى تاشلاتقۇزۇشقا...بۇيرۇمدۇ؟﴾

ئۇلار ئەنە شۇنداق يەڭگىلتەكلىك ۋە مازاق قىلغان پوزىتسىيە بىلەن شۇئەيبنىڭ نامىزىنىڭ يوق يەردىن ئىش تېرىپ، ئۇنىڭ ئۆز قەۋمىگە ئەجدادلىرى چوقۇنغان نەرسىدىن ۋاز كەچكۈزۈشكە بۇيرۇق قىلىۋاتقانلىقىنى خىيال قىلىشتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى دەرەخ ۋە ئۆسۈملۈكلەرگە چوقۇناتتى. شۇئەيبنىڭ نامىزى بولسا. ئۇلارنى بىر اللە غا ئىمان ئېيتىشقا بۇيرۇيتتى. شۇئەيب نېمە ئۈچۈن بۇنداق يولسىزلىق قىلىدۇ؟ ياكى مۇنداق دېيىشكىمۇ بولىدۇ: شۇئەيبنىڭ نامىزى نېمە ئۈچۈن بۇنداق يولسىزلىق قىلىدۇ؟ شۇئەيبنىڭ قەۋمى ئۆز پەيغەمبەرلىرىگە مانا مۇشۇنداق مازاق خاراكتېرلىك سۆزلەرنى قىلدى. يەنە شۇنداق مازاق شەكلىدە مۇنداق دەپ سوراشتى:

﴿ماللىرىمىزنى خالىغىنىمىزچە تەسەررۇپ قىلىشىمىزنى تەرك ئەتكۈزۈشكە بۇيرۇمدۇ؟﴾

ـ ئى شۇئەيب! سېنىڭ نامىزىڭ بىزنىڭ ئىرادىمىزگە ۋە ماللىرىمىزنى قانداق ئىشلىتىشىمىزگە ئارىلىشىۋاتىدۇ.

ـ مادديي مۇئامىلىلەردە ئىمان بىلەن نامازنىڭ نېمە ئالاقىسى بار؟

شۇئەيبنىڭ قەۋمى بەكلا ئاقىلانە دەپ ئويلىغان بۇ سوئالى بىلەن ئىمان مەسىلىسنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى. بۇنىڭ ئىنسانلارنىڭ مۇئامىلىسى ۋە ئىقتىسادى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلمىدى.

ئۇنداقتا بۇ بىر كونا مەسىلە ئىدى...

بۇ، ئىقتىسادىي ھايات بىلەن ئىسلامنىڭ ئارىسىنى بۇزۇش ئۈچۈن كۆرسىتىلىۋاتقان تىرىشچانلىق بولۇپ، بارلىق پەيغەمبەرلەر، گەرچە ئىسىملىرى ئوخشاش بولمىسىمۇ، بۇنى تۈزىتىش مەقسىتىدە ئەۋەتىلگەن ئىدى ۋە بۇ تىرىشچانلىق شۇئەيب قەۋمىنىڭ ئۆمرىدىنمۇ ئۇزۇن، كونا مەسىلە ئىدى.

ئۇلار دىنىنىڭ كۈندىلىك ھاياتلىرىغا، سۆز ـ ھەرىكەتلىرىگە، ئىقتىسادلىرىغا ۋە ماللىرىنى خالىغانچە قوللىنىش ئۇسۇللىرىغا ئارىلىشىشىنى قوبۇل قىلمىدى. مال ـ قوللىنىش، ئىستېمال قىلىش ياكى سەرپ قىلىش ئەركىنلىكى دىن بىلەن ئالاقىسى بولمىغان، بەلكى ئىنساننىڭ ئۆز ئەركىنلىكىگە باغلىق نەرسە ئىدى. ئۇ ئىنساننىڭ شەخسىيىتىگە ئائىت تۇرسا، دىن نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا ـ بۇنىڭغا چات كېرىۋالىدۇ؟

---

[a] سۈرە ھۇد 87 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[b] سۈرە ھۇد 87 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

شۇئەيبنىڭ قەۋمى ئۇ ئېلىپ كەلگەن ئىسلامنى مانا مۇشۇنداق چۈشەنگەنىدى. بۇ چۈشەنچە، ھازىرقى دەۋرىمىزدىكى كۆپلىگەن مىللەتلەرنىڭ چۈشەنچىسىدىن قىلچە پەرقلەنمەيتتى.

ئىنسانلارنىڭ شەخسىي مۇئامىلىلىرى، ئىقتىسادىي ھاياتلىرى، ئىشلەپچىقىرىش يوللىرى، ماللىرىنى قوللىنىش ئۇسۇلى بىلەن ئىسلامنىڭ نېمە ئالاقىسى بار ئىدى؟ ئىنسانلار ماللىرىغا ئۆزلىرى خالىغانچە مۇئامىلە قىلىدۇ. ئىسلامنىڭ كۈندىلىك ھاياتىمىز بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار؟

﴿سەن تازىمۇ كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ، تازىمۇ توغرا يول تاپقان ئادەمسەن﴾.

ئۇلار بۇ سۆزلىرى بىلەن ناۋادا سەن كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ، توغرا يول تاپقان ئادەم بولغىنىڭدا مۇنداق سۆزلەرنى دېمەيتتىڭ دېگەندەك قىلىپ، يەنە شۇئەيبنى مازاق قىلىشىۋاتاتتى. ئەگەر بىز شۇئەيبنىڭ قەۋمىدىن ئۇلارنىڭ دىنغا قانداق قارايدىغانلىقىنى سورايدىغان بولساق، ئۇلار دىنىنىڭ ئۆزلىرىنى تېخىمۇ توغرا، تېخىمۇ پاك ۋە الله نىڭ يەر يۈزىدىكى خەلىپىلىكىگە تېخىمۇ لايىق قىلىدىغان بىر ھايات يولى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىشىدۇ. يەنە ئۇلاردىن دىنىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ھەققىدە سورىساق، ئۇلار دىنىنىڭ كۈندىلىك ھاياتقا ئارىلاشمايدىغان، روھىي ۋە ياخشى ئېتىبارلارنىڭ توپلىمى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىدۇ. بۇ چۈشەنچىگە ئاساسلانغاندا، دىن بىر زىننەت بويۇمىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. خالاس.

بۇ بىر كۆلكىلىك چۈشەنچىدىن ئىبارەت. چۈنكى الله پەيغەمبەرلەرنى ۋە دىننى زىننەت بۇيۇمى بولۇش ياكى كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن ئەۋەتمەيدۇ.

الله پەيغەمبەرلەرنى يېڭى بىر ھايات يولى بىلەن ئەۋەتىدۇ. بۇ يول بىر قىسىم پرىنسىپ ۋە پىكىرلەرنى ئۆزئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئەگەر ئۇ پرىنسىپ ۋە پىكىرلەر ئومۇمىي خەلق ھاياتىغا ۋە شەخسىي ھاياتقا ھاكىم بولىدىغان بىر تۈزۈمگە ئايلانمىغىچە، (ئۇ پرىنسىپ ۋە پىكىرلەرنىڭ) ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمايدۇ.

دىنىنىڭ مەنىسى بۇ چۈشەنچىگە ئاساسەن توغرىلىنىدۇ. دىنىنىڭ سۆيگۈ مۇناسىۋەتلىرىدىن باشلاپ ئويلىنىش قائىدىسىگە، ئارام ئېلىش كۈنلىرىنى دېڭىز ساھىلىدا ئۆتكۈزۈش، پۇل ـ مېلىنى سەرپ قىلىش، مال ـ بايلىقنىڭ تارقىلىشى ۋە كۆپىيىش ئىنتىزامى، ئىنسان كۈچىدىن پايدىلىنىپ ۋە ئىشلەپچىقىرىش شارائىتلىرىنىڭ تەييارلىنىشىغىچە بولغان، كۈندىلىك ھاياتنىڭ بارلىق مەسىلىلىرىگە ئارىلىشىدىغانلىقىنى بۇ چۈشەنچىگە ئاساسەن بىلىۋالالايمىز:

---

سۈرە ھۇد 87 ـ ئايەت.

دىن بۇلارنىڭ ھەممىسىگە ھۆكۈمران بولۇپ، ئىنسانلار بۇنى چۈشەنگەندىلا دىن ئاندىن ھەقىقىي دىنغا ئايلىنىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا خاتالىق ۋە قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقىدۇ.

شۇئەيب قەۋمىنىڭ دىنىنىڭ ئۇلارنىڭ كۈندىلىك ھاياتىغا نىزام بەلگىلىشىگە قارشى چىققانلىقى ئۇچۇن ئۆزىنى مازاق قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ئۇلارنىڭ مەسخىرىلىرىگە پىسەنت قىلماي، ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن ئۇلارغا ئۆزىنىڭ روشەن پاكىت بىلەن الله تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئېيتاتتى. ئۇ ئۆزى باشقىلارغا دېگەن سۆزىنىڭ تەتۈرىسىنى قىلىشنى خالىمايتتى. ئۇ ھېچنەرسىنى ئۆزىنىڭ مەنپەئەتى ئۇچۇن چەكلىمىگەنىدى. ھەر نەرسىگە ئىگە بولۇش ئۇچۇن باشقىلارنىڭ ئۆزىگە ئىشىنىشىنى ئۈمىد قىلمايتتى. ئۇ بىر پەيغەمبەر ئىدى. ئۇ قەۋمىگە بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋەتلىرىنى شۇ پاساھەتلىك جۈملە بىلەن خۇلاسىلىدى:

﴿مەن پەقەت (سىلەرنى) قولۇمدىن كېلىشىچە تۈزەشنىلا خالايمەن﴾.[1]

ئۇنىڭ ئەسلى مەقسىتى ئىسلاھ قىلىش بولۇپ، مانا بۇ ھەقىقىي مەنىدىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ چاقىرىقلىرى ئىدى. ئەسلىدە ھەر بىر پەيغەمبەر ئىسلاھاتچى ئىدى. ئەقىللەرنىڭ، قەلبلەرنىڭ، ئومۇمىي ۋە شەخسىي ھاياتنىڭ ئىسلاھاتچىلىرى ئىدى.

﴿شۇئەيب ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، پەرۋەردىگارىم ماڭا روشەن پاكىت (يەنى پەيغەمبەرلىك) ۋە كەڭتاشا ھالال رىزىق ئاتا قىلغان تۇرسا، (مەن شۇنداق نېمەتلەرنى ئاتا قىلغان پەرۋەردىگارىمنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلامدىم؟) سىلەرگە قىلىش مەنئى قىلغان نەرسىنى ئۆزەممۇ قىلىشنى خالىمايمەن، مەن پەقەت (سىلەرنى) قولۇمدىن كېلىشىچە تۈزەشنىلا خالايمەن، مەن پەقەت اللە نىڭ ياردىمى بولغاندىلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايمەن، (ھەممە ئىشتا) الله غا تايىنىمەن ۋە ئۇنىڭغا يۈزلىنىمەن﴾.[2]

ئۇلارغا ئۆز غايىسىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغاندىن ۋە ئۆز دەۋاسىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئەقىللىرىگە قانات تاقاپ، ئۇلارنى ئىنسانىيەت تارىخى بىلەن مۇناسىۋەتلىك كىتابنىڭ ئىچىدە سەيلە قىلدۇرۇشقا باشلىدى. ئۇلارغا ئۆزلىرىدىن بۇرۇن ئۆتكەن نۇھ قەۋمى، ھۇد قەۋمى ۋە سالىھ قەۋمىنىڭ قانداق ھالاك بولغانلىقىنى. لۇت قەۋمىنىڭ دىيارىنىڭ ئۆزلىرىدىن يىراقتا ئەمەسلىكىنى ئەسلەتتى.

شۇئەيب سۆزلىرىنى ئۇلارنىڭ جاھىللىقىنىڭ ئۇلارنى ئۆزىنى يالغانچىغا چىقىرىشىغا ۋە قارشى چىقىشىغا ئۈندەيدىغانلىقىنى ئاگاھلاندۇرۇش بىلەن باشلىدى.

پەيغەمبەرلەرگە قارشى چىقىش ئېغىر ئاقىۋەتكە گىرىپتار قىلىدۇ. ئۇلارنى يالغانچىغا چىقارغانلار دائىم ھالاك بولىدۇ.

[1] سۈرە ھۇد 88 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ھۇد 88 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

﴿ئى قەۋمىم! سىلەرنىڭ ماڭا قارشى تۇرغانلىقىڭلار سىلەرنى نۇھنىڭ قەۋمى ياكى ھۇدنىڭ قەۋمى ۋە ياكى سالىھنىڭ قەۋمى دۇچار بولغان ئازابقا دۇچار قىلمىسۇن. لۇت قەۋمى (نىڭ دىيارى) سىلەر (نىڭ جايىڭلار) دىن يىراق ئەمەس. پەرۋەردىگارىڭلاردىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىڭلار. ئاندىن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىڭلار. مېنىڭ پەرۋەردىگارىم (تەۋبە قىلغۇچىلارغا) ھەقىقەتەن مەرھەمەتلىكتۇر. (ئۇلارنى) دوست تۇتقۇچىدۇر»﴾.

پەيغەمبەر ئۇلارنى الله قا دەۋەت قىلىپ، ئىسلاھ مېتودىنى ئوتتۇرىغا قويغان. جاھىللىق قىلىشنى چەكلىگەندىن ۋە ئۇزلىرىدىن ئىلگىرى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ھالاك بولغانلىقى بىلەن قورقۇتقاندىن كېيىن، ئۇلارغا تەۋبە ـ ئىستىغفار ئىشىكىنى كەڭ ئاچتى ۋە ئۇلارنى سىپايىلىق بىلەن ناھايىتى مەرھەمەتلىك ۋە مېھرىبان الله غا يۈزلەندۈردى.

شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، شۇئەيبنىڭ قەۋمى ئۇزلىرىگە ئازابنى تاللىۋالغانىدى. ئۇلارنىڭ قەلبلىرىنىڭ قاتتىقلىقى، ھارلىم تاپىۋەتكە ئامراقلىقى، شۇ ۋاقىتتىكى تۈزۈملىرىنى ياقتۇرۇشلىرى ۋە شۇئەيبكە قەتئىي قارشى چىقىشلىرى قاتارلىقلار كاپىرلارنىڭ شۇئەيب ئەلەيھىسسالامغا تىلى بىلەن تۆۋەندىكىدەك جاۋاب بېرىشكە ئېلىپ كەلدى:

﴿ئۇلار: «ئى شۇئەيب! بىز سېنىڭ ئېيتقانلىرىڭنىڭ نۇرغۇنىنى چۈشەنمەيمىز﴾ دېدى.

سېنىڭ نېمە دېگەنلىكىڭنى چۈشىنەلمىدۇق. بىز سەندىن بىزار بولدۇق. سەن چۈشىنىكسىز نەرسىلەرنى سۆزلەۋاتىسەن.

﴿بىز ئەلۋەتتە سېنى ئارىمىزدا كۈچسىز ئادەم دەپ قارايمىز﴾.

ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقانلار يوقسۇل ۋە چارىسىز، ئاجىز كىشىلەر ھېسابلىناتتى. بايلار، يۇقىرى تەبىقىلىكلەر ۋە ئۇلارنىڭ قوللىغۇچىلىرى شۇئەيبكە قارشى چىققانىدى. شۇئەيبنىڭ دەۋىتىنى ئۇز كۆڭلىدىكىدەك ئەمەلگە ئاشۇرۇشى ئۈچۈن ئىنسانىي قاراش بويىچە يېتەرلىك كۈچى يوق ئىدى. شۇڭا ئۇ زەئىپ، كۈچسىز دەپ قارىلاتتى.

﴿سېنىڭ قەۋم ـ قېرىنداشلىرىڭ بولمىغاندا ئىدى، بىز سېنى چوقۇم تاش ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرەتتۇق﴾.

ئەگەر يېقىنلىرىڭ، قەۋمىڭ ۋە ساڭا ئەگەشكەنلەر بولمىسا ئىدى. بىر ئازگال كولاپ، سېنى چالما ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرەتتۇق.

﴿«سەن بىزگە ئەتىۋارلىق ئەمەسسەن» دېدى﴾.

---

سۈرە ھۇد 89 ـ 90 ـ ئايەتلەر.
سۈرە ھۇد 91 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
سۈرە ھۇد 91 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى.
سۈرە ھۇد 91 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
سۈرە ھۇد 91 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قەۋم ئۇنى مازاق قىلىشتىن توختاپ، ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. شۇئەيب ئۇلارنىڭ ئەخمىقانە مازاقلىرىغا قارشى دەلىل كەلتۈرگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارمۇ سۆز شەكلىنى ئۆزگەرتتى. ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى چۈشەنمىگەنلىكىنى، ئۇنى كۈچسىز ۋە پېقىر دەپ قارايدىغانلىقىنى، ئەگەر ئۇنىڭ تۇغقانلىرىدىن قورقمىسا ياكى ئۇنىڭ قۇغقانلىرى ئۆزلىرىگە بېسىم ئىشلەتمىسە، ئۇنى ئۆلتۈرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇنىڭدىن بىزار بولغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا مۇناسىۋەتلىك سەۋەبلەر بولمىسا، ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقلىنى ئېيتتى.

شۇئەيب ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلدى.

ئۇلارنىڭ ئۆزىگە قىلغان يامانلىقىنى كەچۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئەقىللىرىنى ئويغىتىشنى مەقسەت قىلغان بىر سوئال سورىدى:

﴿ئى قەۋمىم! مېنىڭ قەۋم قېرىنداشلىرىم سىلەرگە اللە دىنمۇ ئەتىۋارلىقمۇ؟ ﴾

بۇنى بۇلارنىڭ ئۇنداق تەسەۋۋۇر قىلىشى ئەقىلغا ئۇيغۇنمۇ؟ ئەسلى ئۇلار كائىناتقا ھاكىم بولغان ھەقىقىي كۈچ ـ قۇۋۋەت ئىگىسىنى تونىمايتتى. ئەزىز (كۈچلۈك) بولغان پەقەت اللە دۇر. قۇۋۋەتلىك بولغانمۇ ئۇدۇر. ئۇلار بۇنى بىلىشى لازىم ئىدى. كائىناتتا اللە تىن باشقىسىغا ئەھمىيەت بەرمەسلىكى، اللە تىن باشقىسىدىن قورقماسلىقى ۋە اللە تىن باشقىسىنىڭ كۈچىنى ئويلىماسلىق لازىم ئىدى. چۈنكى اللە ئىنسانىنىڭ ئۈستىدە تىزگىنلەپ تۇرغۇچىدۇر.

قەۋمى شۇئەيبتىن بىزار بولۇشقا باشلىغانىدى. قەۋمىنىڭ تەكەببۇر چوڭلىرى توپلىنىپ مۇنداق دېيىشتى:

﴿«ئى شۇئەيب! سېنى چوقۇم ئەگەشكۈچىلىرىڭ (يەنى ساڭا ئىمان ئېيتقانلار) بىلەن قوشۇپ شەھىرىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرىمىز، ياكى چوقۇم بىزنىڭ دىنىمىزغا قايتىشىڭلار كېرەك» دېدى﴾.

ئۇلار يېڭى بىر تەھدىت يولىغا كىردى. ئاۋۋال ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇشتى، مانا ئەمدى شەھىرىدىن قوغلىماقچى بولۇشتى، ئۇنى قوغلىنىش ياكى ئۆز دىنلىرىغا يەنى دەرەخ ۋە ئوت ـ چۆپلەرگە چوقۇنىدىغان دىنغا قايتىشتىن بىرىنى تاللىۋېلىشقا مەجبۇرلىدى.

شۇئەيب ئۇلارنىڭ دىنلىرىغا قايتىش مەسىلىسىنىڭ، ئۆزلىرى ئارىسىدا يۈز بەرگەن تالاش ـ تارتىشتىكى مەسىلىلەر ئارىسىدا بولمىغان بىر مەسىلە ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. اللە ئۇنى ئۇلارنىڭ دىنىدىن قۇتقۇلدۇرغان تۇرسا، ئۇ يەنە نېمە ئۈچۈن ئۇ دىنغا قايتسۇن؟ ئۇ ئۆزى ئۇلارنى تەۋھىدكە چاقىرىۋاتسا، ئۇلار قانداق قىلىپ ئۇنى شېرىك ئەقىدىگە ۋە ئىنكار قىلىشقا چاقىرالايدۇ؟ ئۇلار نېمە ئۈچۈن ئوخشاش مۇئامىلىدە بولمايدۇ؟ ئۇ ئۇلارغا

سۈرە ھۇد 92 ـ ئايەتنىڭ.

سۈرە ئەئراف 88 ـ ئايەت.

مۇلايىم ۋە ئىللىق مۇئامىلە قىلغان تۇرۇپ، ئۇلار نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا قوپاللىق بىلەن تەھدىت قىلىدۇ؟

شۇئەيب بىلەن قەۋمى ئارىسىدىكى تالاش ـ تارتىش داۋاملاشتى. شۇئەيبمۇ يۈرت چوڭلىرى ۋە كاتتىلارغا بولغان دەۋىتىنى قەتئىي داۋاملاشتۇردى. ئەمما ئۇلاردىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەنلىكى ئۈچۈق كۆرۈنمەكتە ئىدى. ئۇلار الله دىن يۈز ئۆرۈگەندى، ئۇنى تەرك ئەتكەندى:

﴿شۇئەيب ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! مېنىڭ قەۋم قېرىنداشلىرىم سىلەرگە الله دىنمۇ ئەتىۋارلىقمۇ؟ سىلەر الله نى ئارقاڭلارغا چۆرۈۋەتتىڭلار (يەنى الله غا ئىتائەت قىلمىدىڭلار ۋە الله نى ئۇلۇغلىمىدىڭلار)، پەرۋەردىگارىم سىلەرنىڭ قىلمىشلىرىڭلاردىن ئەلۋەتتە تولۇق خەۋەرداردۇر. ئى قەۋمىم! سىلەر ئۆز يولۇڭلار بويىچە ھەرىكەت قىلىڭلار، مەنمۇ ئەلۋەتتە ئۆز يولۇم بويىچە ھەرىكەت قىلاي! ئۇزاققا قالماي كىمنىڭ رەسۋا قىلغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدىغانلىقى ۋە كىمنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىنى بىلىسىلەر، (ئىشىڭلارنىڭ ئاقىۋىتىنى) كۈتۈڭلار! شۈبھىسىزكى، مەنمۇ سىلەر بىلەن بىللە كۈتىمەن»﴾. [1]

شۇئەيب ئۇلاردىن ۋاز كەچتى. ئۇلار الله نى تەرك ئەتتى، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلدى، ئۇنىڭغا سېھىرلەنگەن ۋە يالغانچى دەپ قارا چاپلىدى.

ھەممىيلەن ئۆز ھالىغا قارىسۇن! الله نىڭ بۇيرۇقىنى كۈتسۇن! ئۇلار قايتىدىن ھەرىكەتلىنىپ ئۇنىڭغا قارشى چىقىشقا ئۇرۇندى.

ئەگەر ئۇ راست سۆزلىگەچىلەردىن بولسا، ئاسماننىڭ بىر پارچىسىنى ئۈستىلىرىگە چۈشۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

ئۇنىڭدىن الله نىڭ ئازابىنىڭ كېلىشىنى تەلەپ قىلىشتى.

قېنى؟ قېنى؟ ئازاب نېمە ئۈچۈن كەلمەيدۇ؟

ئۇلار ئۇنى مەسخىرە قىلىشتى، شۇئەيب الله نىڭ ئەمرىنى كۈتمەكتە ئىدى.

الله ئۇنىڭغا مۇسۇلمانلارنى ئېلىپ شەھەردىن چىقىپ كېتىشنى بۇيرىدى. شۇئەيب شەھەردىن چىقتى. ئۇلۇغ الله نىڭ ئەمرى كەلدى.

﴿بىزنىڭ (ئۇلارنى ھالاك قىلىش) پەرمانىمىز چۈشكەن چاغدا، شۇئەيبنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىمان ئېيتقانلارنى مەرھەمەت قىلىپ قۇتۇلدۇردۇق، (ئۆزلىرىگە) زۇلۇم قىلغانلارغا قاتتىق ئاۋاز (دىن پەيدا بولغان زىلزىلە) يۇزلەندى، ئۇلار ئۆز ئۆيلىرىدە ئۇلتۇرغان پېتى قېتىپ قالدى﴾. [2]

بۇ بىر قاتتىق ئاۋاز...

[1] سۈرە ھۇد 92 ـ 93 ـ ئايەتلەر.
[2] سۈرە ھۇد 94 ـ ئايەت.

ئۇلارغا ئۇستىلىرىدىكى بۇلۇتتىن كەلگەن ئاۋاز. بەلكىم ئۇلار ئۇ بۇلۇتتىن ياغىدىغان يامغۇردىن خۇشال بولۇشقاندى.

ئەمما ئۇلار بىردىنلا ئۆزلىرىگە بۈيۈك بىر كۈننىڭ، يەنى بۈيۈك بىر ئازابنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلدى.

ئىش ئاياغلاشتى.

ئۇلارغا ئۆيلىرىدە ئولتۇرغان يەردە قاتۇرۇپ قويىدىغان بىر ئاۋاز كەلدى. بۇ ئاۋاز جېنى بار ھەر قانداق مەخلۇقاتنى سوقتى. ئۇلار قىمىرلىيالمىدى، يۈگۈرەلمىدى، يوشۇرۇنالمىدى، ئۆزلىرىنى قۇتۇلدۇرالمىدى.

ئولتۇرغان پېتى قاتتىق ئاۋازدىن قېتىپ قېلىشتى.

قىسسە تۈگىدى.

## ھەزرىتى ئىلياس ئەلەيھىسسالام

ھەزرىتى ئىلياسمۇ اللە نىڭ پەيغەمبەرلىرىدىن بىرى ئىدى.

ھەزرىتى ئىلياس بىلەن ئۇنىڭ قەۋمى ئارىسىدا بەئەلى ئىسىملىك بۇت سەۋەبىدىن تالاش ـ تارتىش چىقتى.

ئىلياس ئۇلارنى اللە قا دەۋەت قىلاتتى. ئۇلار بەئەلى دېگەن بۇتقا چوقۇنۇشنى داۋاملاشتۇرىۋەردى. قۇرئاندا دۇنيا ھاياتى ناھايىتى قىسقا مەزگىلدىن ئىبارەت دەپ بايان قىلىنىدۇ. ئۇلار قىيامەت كۈنى ئۆزلىرىنى بىردىنلا اللە نىڭ دەرگاھىدا كۆرىدۇ.

ئۇلۇغ اللە سافقات سۈرىسىدە مۇنداق دېگەنىدى:

﴿ئىلياسمۇ ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلەردىندۇر. ئۆز ۋاقتىدا ئۇ قەۋمىگە ئېيتتى: «(اللە دىن) قورقمامسىلەر؟ سىلەر ياراتقۇچىلارنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى (اللە نى) تەرك ئېتىپ، بەئلى (ناملىق بۇت)گە چوقۇنامسىلەر؟ اللە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر ۋە بۇرۇنقى ئاتا ـ بوۋاڭلارنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر» ئۇلار ئۇنى ئىنكار قىلدى. شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئۇلار (ئازابقا) ھازىر قىلىنىدۇ. پەقەت اللە نىڭ ئىخلاسمەن بەندىلىرى بۇنىڭدىن مۇستەسنا. كېيىنكىلەر ئىچىدە ئۇنىڭغا (يەنى ئىلياسقا) ياخشى نام قالدۇردۇق. ئىلياسقا (بىزدىن) سالام بولسۇن! بىز ھەقىقەتەن ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز. ھەقىقەتەن ئۇ بىزنىڭ مۆمىن بەندىلىرىمىزدىندۇر﴾.[*]

بۇ قىسقا ئايەتلەر اللە نىڭ ئىلياسنىڭ قىسسىسى ھەققىدە زىكرى قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسى ئىدى. ئەڭ چوڭ ئېھتىمال بىلەن شۇنى دېيەلەيمىزكى، ئىلياس تەۋراتتا ئىليا ئىسمى بىلەن بايان قىلىنغان پەيغەمبەر ئىدى. بەرنابا ئىنجىلىدا ئىليانىڭ نەسىھەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بىر پارچە تېكىست تىلغا ئېلىنىدۇ. ئەمما بۇ تېكىست تەۋراتتا تىلغا ئېلىنمىغانىدى. بۇ پارچە چوڭقۇر ھېكمەت ۋە ھەقىقىي پاكلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ئۈچۈن، بىزمۇ ئۇنىڭغا كىتابىمىزدىن ئورۇن بەردۇق. بۇ پارچە بەرنابا ئىنجىلىنىڭ 23 ـ سۆزىدىن 49 ـ سۆزىگىچە داۋام قىلىدۇ.

تېكىست مۇنداق باشلانغانىدى:

«ئىليا اللە نىڭ قۇلىدۇر، اللە يولىدا مېڭىشنى خالىغان ھەر كىشى ئۈچۈن شۇنداق يېزىلاتتى. ئىليا ئىلىم ئۆگىنىشكە بەكمۇ قىزىقاتتى، اللە دىن ئاز قورقاتتى، چۈنكى اللە دىن قورققان كىشى اللە بۇيرۇغان نەرسىدىن باشقىنى بىلمەيدىغانلىقىغا قانائەت كەلتۈرىدۇ. دەبدەبىلىك سۆزلەرنى ئۈمىد قىلغان كىشى پەقەت خاتالىقلىرىمىزنىلا ئەيىبلەيدىغان اللە نى ھەرگىز ياد ئەتمەيدۇ.

[*] سۈرە سافقات 123 ـ 132 ـ ئايەتكىچە.

اللە دىن كۆپ ئۈمىد كۈتىدىغانلار ئۆيلىرىنىڭ ئىشىك - دېرىزىلىرىنى مەھكەم تاقىۋېتىشى لازىم. چۈنكى خوجايىن ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ سىرتىدا بولۇشىغا رازى بولمايدۇ.

ھېس - تۇيغۇلىرىڭىزغا. قەلبىڭىزگە ئىگە بولۇڭ. چۈنكى ئۇ ئۆزى ياقتۇرمايدىغان بۇ دۇنيادا. بىزنىڭ سىرتىمىزدا بولمايدۇ.

ياخشى ئەمەللەرنى قىلماقچى بولغانلار نەپسىلىرىنى باشقۇرۇشى لازىم. چۈنكى ئۇ پۈتۈن دۇنياغا پايدا. ئەمما ئۆزىگە زىيان سالسا. ئۇ كىشىگە ھېچقانداق پايدا ئېلىپ كەلمىگەن بولىدۇ.

باشقىلارغا بىر نەرسە ئۆگەتمەكچى بولغانلار باشقىلاردىن ياخشى. ئارتۇقراق بولۇشى لازىم. چۈنكى بىزدىنمۇ ئىلمسىز كىشىدىن ھېچنېمە ئۆگەنگىلى بولمايدۇ. ئۇنداقتا. خاتالىق ئۆتكۈزگەن كىشى ئۆزىدىنمۇ ناچار كىشى قىلغان نەسھەتنى ئاڭلىسا. ئۆز خاتاسىنى قانداق تۈزىتىدۇ.

اللە قا يېتىشنى تەلەپ قىلىدىغانلار ئىنسانلار بىلەن پاراڭلىشىشتىن قېچىش لازىم. چۈنكى مۇسا سىنا تېغىدا يالغۇز قالغاندا اللە نى تاپتى ۋە اللە بىلەن خۇددى قەدىناس دوستلاردەك سۆزلەشتى.

اللە قا يېتىشنى تەلەپ قىلىدىغانلار دۇنيا ئەھلىنىڭ ئارىسىغا ھەر ئۈتتۈز كۈندە بىر قېتىم چىقىشى لازىم. چۈنكى اللە قا يېتىشنى تەلەپ قىلىدىغانلار ئالاھىدە غەيرەت كۆرسىتىپ، بىر كۈندە ئىككى يىلنىڭ ئىبادىتىنى قىلالىشى مۇمكىن.

ھەر قېتىم سۆز قىلغاندا. پەقەت پۈتىنىڭ ئۇچىغىلا قارىشى ۋە پەقەت سۆزلەشكە مەجبۇر بولغان نەرسىنىلا سۆزلىشى لازىم. تائام يېگەنلىرىدە. ھەر كۈنى. ئەتىسى ياشىيالمايدىغانلىقىنى ئويلىغان ۋە ۋاقىتلىرىنى تېجىگەن ھالدا داستىخاندىن تويماي تۇرۇپ كېتىشى لازىم.

ھايۋان تېرىسىدىن تىكىلگەن بىر پارچە كىيىم يېتەرلىك بولۇشى، توپىنىڭ ئۈستىدىلا يېتىشى، ھەر كېچە ئىككى سائەتلا ئۇخلىشى. پەقەت ئۆزىنىلا ئەيىبلىشى، ئىبادىتىدە. ھەر كۈنى خۇددى ھېساب كۈنىدە تۇرۇۋاتقاندەك قورقۇنچ ئىچىدە تۇرۇشى لازىم.

ئۇنداقتا بۇلارنى اللە مۇسا ئارقىلىق بەرگەن شەرىئەت بويىچە اللە ئۈچۈن خىزمەت سۈپىتىدە ئورۇنلاڭلار، چۈنكى اللە قا پەقەت مۇشۇ يول ئارقىلىق ئېرىشەلەيسىلەر، ھەر ۋاقىت. ھەر يەردە ئۆزەڭلارنى اللە بىلەن بىللە. اللە نىڭمۇ سىلەر بىلەن بىللە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىسىلەر...»

بەرنابا ئىنجىلىنىڭ ئىلىيا ھەققىدىكى نەقلى شۇنىڭ بىلەن تۈگىدى.

## ئىدرىس ئەلەيھىسسالام

ئۇلۇغ الله سۈرە مەريەمدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿كىتابتا (يەنى قۇرئاندا) ئىدرىس (قىسسىسى) نى بايان قىلغىن، ئۇ ھەقىقەتەن راستچىل پەيغەمبەر ئىدى. ئۇنى بىز يۇقىرى ئورۇنغا كۆتۈردۇق﴾.

ھەزرىتى ئىدرىسنىڭ قاچان ياشىغانلىقىنى، قايسى قەۋمگە پەيغەمبەر بولۇپ كەلگەنلىكىنى، الله نىڭ ئۇنى قانداق يۈكسەك مەرتىۋىگە ئېرىشتۈرگەنلىكىنى بىز ئېنىق بىلمەيمىز.

رىۋايەتلەردە ھەزرىتى ئىدرىسنىڭ قەدىمكى مىسىر رىۋايەتلىرىدىكى قەھرىمان ئوزىرىس ئىكەنلىكى سۆزلىنىدۇ. ئوزىرىس «سىت» پارچىلىۋەتكەن بىر بۇد ئىلاھ بولۇپ، خۇتۇنى ئىزىس ئۇنىڭ قايتا تىرىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىغانمىش.

قولىمىزدا ئىدرىس ھەققىدە ئىشەنچلىك ماتېرىيال مەنبەسى بولمىغاچقا، بۇ ھەقتە ئېنىق بىر مەلۇمات بېرەلمەيمىز.

بەلكى ئىدرىس مىسىرغا ئەۋەتىلىپ، مەريەم ئوغلى ئىساغا ئوخشاش الله تەرىپىدىن ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كېتىلگەن بۈيۈك بىر پەيغەمبەر بولۇشى ۋە ئۇ ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلغاندىن كېيىن قەۋمى پىتنە ـ پاسات ئويدۇرۇپ، رىۋايەتتىكى ئىلاھ قىلىۋالغان بولۇشى مۇمكىن. بەلكى ۋەقەلەر پۈتۈنلەي باشقا بىر خىل بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. الله نىڭ كالامىدا بۇ توغرىلىق ھېچقانداق ئىزاھ بېرىلمىگەن، پەقەتلا ئۇنىڭ دۇرۇس بىر پەيغەمبەر ئىكەنلىكى ۋە الله نىڭ ئۇنى كاتتا بىر مەرتىۋىگە ئېرىشتۈرگەنلىكى سۆزلەنگەن.

سۈرە مەريەم 56 ـ 57 ـ ئايەتلەر.

## ئىليەسەئ ئەلەيھىسسالام

الله ئىسىملىرىنى ئاتاپ ماختىغان، ئەمما قىسسىلىرىنى بايان قىلمىغان پەيغەمبەرلەردىن بىرى ـ ھەزرىتى ئىليەسەئ ئەلەيھىسسالامدۇر. ئۇلۇغ الله ساد سۈرىسىدە مۇنداق دېگەن ئىدى:

﴿ئىبادەتتە كۈچلۈك، (دىندا) بەسىرەتلىك بەندىلىرىمىز ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە يەئقۇبنى ئەسلىگىن. ئۇلارنى بىز پاك ـ خىسلەتلىك، ئاخىرەتنى ئەسلەپ تۇرىدىغان سەممىي كىشىلەر قىلدۇق. ئۇلار بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا ھەقىقەتەن ئالاھىدە تاللانغان كىشىلەردۇر، ھەقىقەتەن ياخشى كىشىلەردۇر. ئىسمائىلنى، ئىليەسەنى ۋە زۇلكىفلنى ئەسلىگىن، (ئۇلارنىڭ) ھەممىسى ياخشىلاردىندۇر﴾ .

كۆچلۈك بىر ئېھتىمالغا قارىغاندا ئىليەسەئ تەۋراتتىكى ئىليۇشەدۇر. بەرنابا ئىنجىلىدە ئۇنىڭ مۆجىزە سۈپىتىدە بىر ئۆلۈكنى تىرىلدۈرگەنلىكى زىكىر قىلىنىدۇ.

---

سۈرە ساد 45 ـ 48 ـ ئايەتلەر.

## زۇلكىفل ئەلەيھىسسالام

ئۇلۇغ ئاللاھ زۇلكىفلنى ئۆزىنىڭ مەرھەمەت دائىرىسىگە كىرگۈزگەن، ئۇنى سەۋرچان بىر قۇل (بەندە) سۈپىتىدە ماختىغان، ئىسمىنى ئىسمائىل ۋە ئىدرىسلار بىلەن بىرلىكتە زىكىر قىلغان ئىدى.

ئۇلۇغ ئاللاھ ئەنبىيا سۈرىسىدە مۇنداق دېگەن ئىدى:

﴿ئىسمائىل، ئىدرىس ۋە زۇلكىفللارنىڭ (قىسسىسىنى بايان قىلغىن). (ئۇلارنىڭ) ھەممىسى سەۋرلىك ئىدى (يەنى ئاللاھ قا ئىبادەت قىلىشتا چىداملىق ئىدى ۋە گۇناھلار ئالدىدا ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالاتتى)، ئۇلارنى رەھمىتىمىز دائىرىسىگە كىرگۈزدۇق، ئۇلار ھەقىقەتەن ياخشىلاردىن ئىدى﴾. [1]

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ قەۋمىگە ئۇلار ئارىسىدا ئادالەت بىلەن ھۆكۈم چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ ئېھتىياجلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىش توغرىسىدا كاپالەت بەرگەنلىكى ۋە بۇنى ئورۇنلىغانلىقى ئۈچۈن زۇلكىفل (كاپالەت قىلغۇچى) دەپ ئاتالغان.

بەزى ئىلاھىي رىۋايەتلەردە (مىتولوگىيە) ئۇنىڭ ھەققىدە نۇرغۇن ھېكايىلەر توقۇلغان. ئەمما قۇرئان كەرىمدە پەقەتلا ئۇنىڭ ئىسمى زىكىر قىلىنىپ ماختالغان. لېكىن قىسسىسى بايان قىلىنمىغان بولۇپ، ھەتتا ئۇنىڭ قايسى دەۋردە پەيغەمبەر بولۇپ كەلگەنلىكىمۇ ئېنىق ئەمەس (ياكى ئۇنىڭ دىنغا دەۋەت قىلغان مۇددىتىمۇ ئېنىق ئەمەس). ئۇنىڭ قايسى قەۋمگە، قانداق ئەۋەتىلگەنلىكى ۋە قەۋمىنىڭ قانداق جاۋاب قايتۇرغانلىقى ھەققىدىمۇ ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز.

---

[1] سۈرە ئەنبىيا 85 ـ 86 ـ ئايەتلەر.

# ياسىن سۈرىسىدە ئىسمى تىلغا ئېلىنغان پەيغەمبەرلەر

ئۇلۇغ الله ياسىن سۈرىسىدە مۇنداق دېگەن:

﴿ئۇلارغا (يەنى كۇففارلارغا) شەھەر (يەنى ئانتاكيا) ئاھالىسىنى مىسال قىلىپ كەلتۈرگىن، ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارغا پەيغەمبەرلەر كەلگەن ئىدى. ئەينى زاماندا ئۇلارغا ئىككى پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق. ئۇلار ئۇ ئىككى پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلدى. ئۈچىنچى پەيغەمبەرنى ئەۋەتىش بىلەن (ئۇلارغا) ياردەم قىلدۇق، پەيغەمبەرلەر (ئۇلارغا): «بىز ھەقىقەتەن (الله نىڭ) سىلەرگە (يەنى سىلەرنى ھىدايەت قىلىشقا) ئەۋەتىلگەن ئەلچىلىرىمىز» دېدى. ئۇلار: «سىلەر پەقەت بىزگە ئوخشاش ئىنسان، مېھرىبان الله ھېچ نەرسە نازىل قىلغىنى يوق، سىلەر پەقەت يالغانچىسىلەر» دېدى. ئەلچىلەر: «پەرۋەردىگارىمىز بىلىدۇكى، بىز شەك ـ شۈبھىسىز سىلەرگە ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەرمىز. بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز پەقەت (روشەن دەلىللەر بىلەن) چۈشىنىشلىك قىلىپ تەبلىغ قىلىشتۇر» دېدى. ئۇلار (ئەلچىلەرگە): «بىز سىلەردىن شۇم پال ئالدۇق. ئەگەر سىلەر (دەۋىتىڭلارنى) توختاتمىساڭلار، سىلەرنى چوقۇم تاش ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرىمىز ۋە بىزنىڭ قاتتىق جازايىمىزغا ئۇچرايسىلەر» دېدى. ئەلچىلەر: «(كۇفرىڭلار سەۋەبىدىن) شۇملۇقۇڭلار ئۆزەڭلار بىلەن بىللىدۇر، سىلەرگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلىنسا (شۇم پال ئالامسىلەر؟)، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئىش سىلەر گۇمان قىلغاندەك ئەمەس). سىلەر (الله غا شېرىك كەلتۈرۈش بىلەن) ھەددىدىن ئاشقۇچى قەۋمسىلەر» دېدى﴾.

الله تائالا بۇ ئايەتلەردە ئۈچ پەيغەمبەرنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالماي تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلدۇ. بۇ ئايەتلەردە قەۋملەرنىڭ ئىككى پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلغانلىقى ۋە الله نىڭ ئۇ ئىككىسىگە ياردەمچى قىلىپ ئۈچىنچى بىر ئەلچى ئەۋەتكەنلىكى تەسۋىرلەنگەن.

خەلق ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلدى، پەيغەمبەرلەر ئۇلارغا دەلىل كەلتۈردى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ كىشىلەر تۈپەيلىدىن پالاكەتكە دۇچار بولغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇلارنى چالما ـ كېسەك قىلىدىغانلىقى، ئۆلتۈرىدىغانلىقى ۋە قاتتىق ئازابلايدىغانلىقى بىلەن تەھدىت سالدى. ئەمما پەيغەمبەرلەر بۇ تەھدىتلەردىن قورقۇپ قالمىدى. قەۋمىنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە قاتتىق زۇلۇم قىلغۇچى كىشىلەر ئىكەنلىكى بىلەن ئەيىبلىدى.

قۇرئاندا بۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەھۋاللىرى كونكرېت تەسۋىرلەنمىگەن، پەقەت ئەلچىلەرگە ئىشەنگەن، يالغۇز جېنىغا ئۇلارغا ئىمان ئېيتقان، ئەمما يالغۇز بولسىمۇ، ئىنكارچى كۆپچىلىككە قارشى تۇرغان بىرىنىڭ ئەھۋالى زىكىر قىلىنغان.

---

سۈرە ياسىن 13 ـ 19 ـ ئايەتكىچە.

شەھەرنىڭ ئۇ تەرىپىدىن بىر كىشى يۈگۈرگەن پېتى يېتىپ كەلدى. ئۇ، قەلبىنى ھەقنىڭ دەۋىتىگە ئاچقان ھالدا كەلگەندى، ئۇ ئىمان ئېيتار - ئېيتماس ئىنكارچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

ئۇلۇغ الله مۇنداق دېگەندى:

﴿شەھەرنىڭ يىراق جايىدىن بىر كىشى (يەنى ھەبىب نەجار) يۈگۈرۈپ كېلىپ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! پەيغەمبەرلەرگە ئەگىشىڭلار. توغرا يولدا بولغان، (ئىمانغا دەۋەت قىلغانلىقىغا) سىلەردىن ھەق سورىمايدىغان كىشىلەرگە ئەگىشىڭلار. مەن نېمىشقا مېنى ياراتقان ۋە سىلەر (ئۆلگەندىن كېيىن) دەرگاھىغا قايتىدىغان الله غا ئىبادەت قىلماي؟ مەن الله دىن غەيرىينى ئىلاھ قىلىۋالىدىغان بولسام، ئەگەر مېھرىبان الله ماڭا بىرەر زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەكچى بولسا، ئۇلارنىڭ شاپائىتى مەندىن ھېچ نەرسىنى دەپئى قىلالمايدۇ ھەمدە مېنى قۇتقۇزالمايدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولسا (يەنى الله دىن غەيرىينى ئىلاھ قىلىۋالىدىغان بولسام)، مەن ھەقىقەتەن ئوپئوچۇق گۇمراھلىقتا بولىمەن. مەن ھەقىقەتەن (سىلەرنى ياراتقان) پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىمان ئېيتتىم، (ئىمانىمغا) قۇلاق سېلىڭلار (ۋە ئۇنىڭغا گۇۋاھ بولۇڭلار)»﴾. [4]

قۇرئاندا ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلۈش ۋەقەسى قىسقىلا بايان قىلىنغان. ئۆلتۈرۈلگەن كىشى ئاخىرقى نەپىسىنى بېرىشى بىلەنلا ئۇنىڭغا الله نىڭ ئەمرى كەلدى:

﴿قەۋمى ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا) «جەننەتكە كىرگىن» دېيىلدى، ئۇ: «كاشكى قەۋمىم پەرۋەردىگارىمنىڭ ماڭا مەغپىرەت قىلغانلىقىنى ۋە مېنى ھۆرمەتلىكلەردىن قىلغانلىقىنى بىلسە ئىدى» دېدى﴾. [5]

ئىمان ئېيتقان كىشىنىڭ قىسسىسى بايان قىلىنغاچقا، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىسملىرى تىلغا ئېلىنمىغانىدى. ئىمان ئېيتقان كىشىنىڭ ئىسمىمۇ بېرىلمىگەنىدى.

ئۇنىڭ ئىسمى بىز ئۈچۈن مۇھىم ئەمەس. مۇھىمى بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەدۇر. ئۇ الله نىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭغا: جەننەتكە كىرگىن! ـ دېيىلدى.

مەيلى ئۇ ئازابلانغان ياكى ئۆلتۈرۈلگەن بولسۇن... بۇ ئاخىرقى ھېسابتا ھېچنىمىگە ئەرزىمەيتتى. ئۇنىڭ دەرھال ئىمان ئېيتقانلىقىنى ئېلان قىلىشى، ئۇنىڭ جەننەتكە كىرىشىگە ئەرزىيدىغان ئىش ئىدى. شۇڭا ئۇ باشقىلار تەرىپىدىن دەرھاللا ئۆلتۈرۈۋېتىلدى.

﴿مەن ھەقىقەتەن (سىلەرنى ياراتقان) پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىمان ئېيتتىم، (ئىمانىمغا) قۇلاق سېلىڭلار (ۋە ئۇنىڭغا گۇۋاھ بولۇڭلار)» (قەۋمى ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا) «جەننەتكە كىرگىن» دېيىلدى﴾. [6]

---

[4] سۈرە ياسىن 20 ـ 25 ـ ئايەتكىچە.
[5] سۈرە ياسىن 26 ـ 27 ـ ئايەتلەر.
[6] سۈرە ياسىن 25 ـ 26 ـ ئايەتلەر.

# ئەييۇب ئەلەيھسسالام

ئىنسانلار بەكمۇ سەۋرچان كىشىلەرنى: «ئەييۇبتەك سەۋرچان» دېيىشىدۇ. ئەييۇب ھەر تىل، ھەر دىن ۋە ھەر مەدەنىيەتتە سەۋر ـ تاقەتنىڭ ئۆرنىكى بولغانىدى.

ئۇلۇغ اللە بەندىسى ئەييۇبنى قۇرئاندا مۇنداق ماختىغانىدى:

﴿بىز ئەييۇبنى ھەقىقەتەن سەۋرچان بايقىدۇق، ئۇ نېمىدېگەن ئوبدان بەندە! ھەقىقەتەن ئۇ (اللە غا) تەۋبە بىلەن يۈزلەنگۈچىدۇر﴾.[4]

ئەييۇب زىكىر قىلىش، شۈكۈر قىلىش ۋە سەۋر قىلىش ئارقىلىق داۋاملىق اللە غا يۈزلىنەتتى. سەۋر قىلىشى ئۇنىڭ قۇتۇلۇش سەۋەبى ۋە اللە نىڭ ئۇنى ماختىشىنىڭ ھېكمىتى ئىدى.

قۇرئاندا ئۇنىڭ نېمە كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقى بايان قىلىنمايدۇ. ئەپسانىلەردە ئۇنىڭ كېسىلى ھەققىدە بىر مۇنچە رىۋايەتلەر بار. ئۇنىڭ ئىنسانلار سەسكىنىدىغان ۋە ئۇنىڭدىن قېچىشىغا سەۋەب بولغان بىر خىل تېرە كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقىمۇ رىۋايەت قىلىنىدۇ.

تەۋراتنىڭ ئەييۇب ھەققىدىكى قىسسىسىدە مۇنداق يېزىلغان:

شەيتان رەببىنىڭ ھۇزۇرىدىن چىقتى ۋە ئەييۇبنىڭ بەدىنىنى يارا ـ يىرىڭ بىلەن تولدۇرىۋەتتى (3 ـ بەت).

شۇ قىسسىدە يەنە ئەييۇب ئەلەيھسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: چۈنكى ئۇ نېنىمغا ئوخشاش ماڭا ۋايسىراش كېلىدۇ. نەپسىم سۇدەك تۆكۈلىدۇ.

ئۆز ھاياتىمدىن نەپرەتلەندىم. دەرتلىرىمنى ھاقارەتلىدىم. كۆڭلۈم ئازابى ئىچىدە سۆزلەۋاتىمەن (10 ـ بەت).

بۇلارنىڭ ھەممىسىنى توغرا دەپ قوبۇل قىلمايمىز. بۇلارنى شائىرلارنىڭ ئۇنىڭ تىلى ئارقىلىق بايان قىلغان ۋە ئۇلارنىڭ ئۇنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى تەرىپلىگەندە، سەل ئاشۇرۇۋەتكەن بىر خىل سەنئەت ئەسەرلىرى دەپ قوبۇل قىلىمىز.

مەن يىغلىسام، كۆز ياشلىرىم نۇھنىڭ توپانىدەك ئاقىدۇ. ئىبراھىمنىڭ ئاتەشى مېنىڭ قەلبىمنىڭ ئاتەشىگە ئوخشايدۇ. ئىڭرىمىغان بولسام، كۆز ياشلىرىم مېنى بوغۇپ قوياتتى. كۆز ياشلىرىم بولمىغان بولسا، ئالغان ھەر بىر نەپسىم مېنى كۆيدۈرىۋەتكەن بولاتتى.

يۇقىرىدىكى ئىككى بېيتتا ئىبنۇل فارىد تۇيغۇلىرىنى ئاڭلاتماقتا.

---

[4] سۈرە ساد 44 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇ، كۆز ياشلىرىنىڭ نۇھنىڭ توپانىدىمۇ كۆپ ياكى شۇنچىلىك ئىكەنلىكىنى بايان قىلماقتا. يەنە ئۇنىڭ ھەۋىسىنىڭ ئاتەشى ئىبراھىم تاشلانغان ئاتەشكە ئوخشىتىلماقتا.

مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەقىقەتلەر بابىدا ئېتىبارغا ئېلىنمايدىغان ئەدەبىيات ۋە سەنئەت قارىشىدىن باشقا قىممىتى بولمىغان، ئوقۇرمەنلەرنى سېھىرلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان بىر خىل سەنئەت شەكلىدىن ئىبارەتتۇر. خالاس.

تەۋراتنىڭ تەسۋىرىگە قارىڭ:

شەيتان رەببىنىڭ ھۇزۇرىدىن چىقتى.

بىز مۇسۇلمانلار: «الله ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ياراتقان چاغدىلا، شەيتاننى ھۇزۇرىدىن چىقىرىۋەتكەن» دەپ بىلىمىز.

ئەجىبا، شەيتان قاچانلاردا الله نىڭ ھۇزۇرىغا قايتىپ بېرىۋالغاندۇ؟!

بىزنىڭ ئالدىمىزدا تۇرغىنى ماددىي ھەقىقەت ئەمەس، بەلكى بىر ئەدەبىي تەسۋىردىن ئىبارەتتۇر.

ئەييۇبنىڭ كېسىلى نېمە؟ ئۇنىڭ قىسسىسى قانداق ئىدى؟

تۆۋەندىكىلەر ئەييۇبنىڭ كېسىلى ۋە ئۇنىڭ سەۋر قىلغانلىقى ھەققىدىكى ئەڭ مەشھۇر رىۋايەتلەردۇر.

پەرىشتىلەر مەخلۇقات ۋە ئۇلارنىڭ ئىبادەتلىرى ھەققىدە ئۆزئارا پاراڭلاشتى. ئۇلاردىن بىرى:

- ﯞتۇن يەر يۈزىدە ئەييۇبتىنمۇ ياخشى بىرى يوقتۇر. ئۇ، ئەڭ ئىمانلىق، الله غا ئەڭ كۆپ ئىبادەت قىلىدىغان، نېمەتلەرگە ئەڭ كۆپ شۈكرى قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭغا كۆپ دۇئا قىلىدىغان مۆئمىندۇر.

شەيتان قىلىنغان بۇ گەپلەرنى ئاڭلىدى. قىلىنغان سۆزلەر ئۇنى بىئارام قىلمىغانىدى. ئۇ ئەييۇبنى ئازدۇرۇش مەقسىتىدە دەرھال ئۇنىڭ يېنىغا ئۇچتى. لېكىن ئەييۇب بىر پەيغەمبەر ئىدى. ئۇنىڭ قەلبى الله قا مەھكەم باغلانغان ۋە ئۇنىڭ سۆيگۈسى بىلەن تولغانىدى. شەيتاننىڭ ئۇنىڭغا كۈچى يەتمەيتتى. شەيتان ئەييۇبنى ئازدۇرۇشتىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، الله قا مۇنداق دېدى:

«ئى الله! ساڭا ئىبادەت قىلىۋاتقان ۋە ئۇلۇغلاۋاتقان بەندەڭ ئەييۇب ساڭا سېنى ياخشى كۆرگەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى پەقەت بەزى غايىلىرى ئۈچۈن ئىبادەت قىلىدۇ.

يەنى سەن ئۇنىڭغا مال - بايلىق ۋە ئوغۇللارنى بەرگەنلىكىڭ ئۈچۈن ساڭا ئىبادەت قىلىۋاتىدۇ. ئۇ سېنىڭ ئۇنىڭ مال - مۈلكىنى ۋە باللىرىنى قوغدىشىڭنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئۇنىڭ ساڭا بۇنچە ئىبادەت قىلىشىنىڭ سەۋەبى سېنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن ئۇنچە نېمىتىڭ ئۈچۈندۇر. ئۇ بۇلارنىڭ يوقاپ كېتىشىدىن قورقىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ئىبادىتى ئارزۇ ۋە

قورقۇنچ ئۈچۈندۇر. ئۇنىڭ ئىبادىتىغا ئارزۇ ۋە قورقۇنچ ئارىلىشىپ كەتكەن. بۇ، سەمىمىي ئىبادەت ۋە سەمىمىي سۆيگۈ ئەمەس».

رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن:

«ئۇلۇغ اللە ئىبلىسقا: ئەييۇب ئىماندا سەمىمىي، مۆئمىن بىر بەندىدۇر. ئۇنىڭ ئىمانى بىر پارچە چوغ بولۇپ، ئۇنىڭ سەۋر تاقىتى ئەڭ ئۇلۇغ ئۈلگىدۇر. ئۇنىڭ مال - مۈلۈكىنى ساڭا بەردىم. ئۇلارنى خالىغىنىڭچە تەسەررۇپ قىلغىن. ئاندىن نەتىجىگە قارا!» دەيدۇ.

شۇنىڭ بىلەن شەيتانلار ھەرىكەتلىنىپ ئەييۇبنىڭ يەر - زېمىنى، مال - مۈلكى، ئاشلىق - زىرائىتى ۋە نېمەتلىرىنى ۋەيران قىلىۋېتىشتى. ئەييۇب بىردىنلا مال - دۇنيا ئىگىسىدىن ھېچنېمىسى بولمىغان يوقسۇلغا ئايلاندى. شەيتان ئەييۇبنىڭ نېمە قىلىدىغانلىقىنى كۆزىتىشكە باشلىدى. ئەييۇب مۇنداق دېدى: - اللە ئۇلارنى ماڭا ئارىيەتكە بەرگەندى قايتۇرۇۋالدى. ئۇلار مەندىكى ئامانەت ئىدى. ئۇلاردىن ئۇزۇن مەزگىل پايدىلاندۇق. بىزگە شۇنچە نېمەتلەرنى بەرگەنلىكى ئۈچۈن اللە قا ھەمدى ئېيتىمىز. بۈگۈن ئۇلارنى قايتۇرۇۋالدى. بەرگەندە، ئالغاندا، خۇشاللىقتا، ئازابتا، پايدىلىق ۋاقىتتا، زىيانلىق ۋاقىتتا اللە غا ھەمدى ئېيتىمىز. ئۇ مۈلۈكنىڭ ئىگىسىدۇر. مۈلۈكنى خالىغان كىشىگە بېرىدۇ. خالىغىنىدىن قايتۇرۇۋالىدۇ. خالىغان كىشىنى ئەزىز، خالىغىنىنى خار قىلىدۇ.

ئاندىن ئەييۇب سەجدە قىلدى. شەيتان مات بولۇپ ھەيرانلىق ئىچىدە قالدى ۋە اللە نىڭ يېنىغا قايتىپ، مۇنداق دېدى:

- ئى اللە! ئەييۇبنىڭ نېمەتكە ھەمدى ئېيتىش، بالا - قازاغا سەۋر قىلىش بىلەن كۈتۈۋالغىنىغا قارىغاندا، ئۇ باللىرىغا ئىشىنىۋاتقان ئوخشايدۇ. ئۇ باللىرىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ ماللىرىنى قايتۇرۇۋېلىشنى ئويلاۋاتىدۇ.

رىۋايەتتە يەنە مۇنداق دېيىلگەندى:

اللە ئەييۇبنىڭ باللىرىنى شەيتاننىڭ ئىلكىگە بەردى. شەيتان ئۆينى ئۇلارنىڭ ئۈستىگىلا باستۇرۇپ، ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى.

بۇ قېتىم ئەييۇب رەببىگە مۇنداق دۇئا قىلدى:

- اللە بەرگەندى، يەنە اللە ئالدى. بەرگىنىدە، ئالغىنىدا، ئازابتا، خۇشاللىقتا، پايدىدا ۋە زىياندا يەنىلا اللە قا ھەمدى ئېيتىمەن.

ئاندىن ئەييۇب سەجدە قىلدى.

شەيتان يەنە بىر قېتىم مات بولۇپ ھەيرانلىق ئىچىدە قالدى ۋە اللە نىڭ قېشىغا بېرىپ، اللە قا:

- چۈنكى ئەييۇبنىڭ تېنى سالامەت بولغانلىقى ئۈچۈن داۋاملىق سەۋر قىلىۋاتىدۇ.

- ئى اللە! ئەگەر مېنى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى بىئارام قىلىشقا بۇيرۇساڭ، ئۇ سەۋر قىلىشتىن ۋاز كەچكەن بولاتتى، - دېدى.

يەنە رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا:

ئۇلۇغ اللە شەيتاننىڭ ئەييۇبنىڭ ۋۇجۇدىدا خالىغانچە ھەرىكەت قىلىشىغا رۇخسەت قىلدى. شەيتان ئەييۇبنىڭ ۋۇجۇدىنى ئۆتمە - تۆشۈك قىلىۋەتتى. ئەييۇب بەدىنى يىرىڭلاپ پارچە - پارچە چۈشۈپ كېتىدىغان بىر خىل تېرە كېسىلىگە گىرىپتار بولدى. ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرى ئۇنى تاشلاپ كېتىشتى. ئۇنىڭ يېنىدا پەقەت ئايالىلا قالغانىدى.

ئەييۇب سەۋر قىلىش ۋە اللە قا شۈكرى ئېيتىشنى داۋاملاشتۇردى. سالامەت ئۆتكەن كۈنلىرى ئۈچۈن اللە قا ھەمدى ئېيتتى. شۇنداقلا، اللە قا كېسەل بالاسى ئۈچۈنمۇ ھەمدى ئېيتتى. ھەر ئىككى ھال ئۇنىڭ خاراكتېرىنى ئۆزگەرتمىگەنىدى.

شەيتان ئاچچىقىدىن يېرىلىپ كېتەيلا دەپ قالدى. نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالغانىدى. ئاخىرى بولماي، شەيتانلار ئارىسىدىكى مەسلىھەتچىلىرىنى بىر يەرگە يىغىپ، ئۇلارغا ئۆزى بىلەن ئەييۇب ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى. ئەييۇبنى ئازدۇرۇش ياكى سەۋر - تاقىتىدىن، شۈكۈر - قانائىتىدىن ۋاز كەچتۈرۈۋېتىشتىكى ئۈمىدسىزلىكنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتە قانداق پىكرى بارلىقىنى سورىدى.

شەيتانلاردىن بىرى مۇنداق دېدى:

- سەن ئىنسانىيەتنىڭ ئاتىسى بولغان ئادەمنى جەننەتتىن چىقارغاندا، ئۇنىڭغا قايسى تەرەپتىن يېقىنلاشقانىدىڭ؟

ئىبلىس: ئاھ... سەن ھاۋۋانى كۆزدە تۇتۇۋاتىسەن، - دېدى.

ئىبلىسنىڭ ئەقلىگە (ئەقلى بولسا) يېڭى بىر پىكىر كەلدى. ئۇ ئەييۇبنىڭ ئايالىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ قەلبىنى ئۈمىدسىزلىك بىلەن تولدۇردى. ئايال ئەييۇبنىڭ يېنىغا كېلىپ مۇنداق دېدى: اللە بۇ ئازابنى قاچان سەندىن كۆتۈرىۋېتىدۇ؟ ماللىرىڭ، تۇغقانلىرىڭ، دوستلىرىڭ قېنى؟ ياشلىقىڭ قېنى؟ ئۇ كۈچتۈڭگۈر ھالىڭ قېنى؟

ئەييۇب ئايالىغا: شەيتان سېنى ئازدۇرۇپتۇ. سەن ئۆزەڭنى يوقىتىپ قويغان كۈچۈڭ ۋە ئۆلۈپ كەتكەن بالاڭ ئۈچۈن ھەسرەت چەكتىڭمۇ؟ - دېدى.

ئايالى: نېمە ئۈچۈن اللە نىڭ ساڭا شىپا بېرىشى، ئۈستۈڭدىن بالانى كۆتۈرۈۋېتىشى ۋە دەرت - ئەلەمڭنىڭ تۈگىشى ئۈچۈن دۇئا قىلمايسەن؟ - دەپ سورىدى.

ئەييۇب: راھەت - پاراغەتتە نەچچە يىل ياشىدۇق؟

ئايالى : **80** يىل.

ئەييۇب: بۇ بالاغا مۇپتىلا بولغىلى نەچچە يىل بولدى؟

ئايالى: يەتتە يىل بولدى.

ئەييۇب: اللە دىن مەندىن بۇ بالانى كۆتۈرۈۋېتىشنى ئۆتۈنۈپ دۇئا قىلىشقا خىجىل بولۇۋاتىمەن. بالا ـ قازا ئىچىدە، راھەت ـ پاراغەت ئىچىدە ياشىغاندەك ئۇزۇن ياشىمىدىم. سېنىڭ ئىمانىڭ سۇسلىشىپ كەتتى. اللە نىڭ تەقدىرىگە ۋايىسىدىڭ. ئەگەر ئەھۋالىم ياخشىلىنىپ، بۇرۇنقى كۈچۈمگە كېلەلىسەم، سېنى **100** دەررە ئۇرمايدىغان بولسام. بۈگۈندىن ئېتىبارەن سېنىڭ قولۇڭدىن بىر نەرسە يېيىش ـ ئىچىش ماڭا ھارام بولسۇن! سېنى ھېچقانداق ئىشقا بۇيرۇمايمەن. يېنىمدىن يوقال! ـ دېدى.

ئايالى كەتتى، ئەييۇب يەنە سەۋر قىلغان ھالدا يالغۇز قالدى. ئۇ، تاغلارمۇ چىدىيالمايدىغان ئېغىر ئازابقا چىداۋاتاتتى. ئاخىرى ئەييۇب زېرىككىنىدىن ياكى ئاچچىقىدىن ئەمەس، بەلكى مەرھەمەت تەلەپ قىلغان ھالدا اللە قا دۇئا قىلدى. اللە دىن ئۆزىگە شىپالىق بېرىشنى تەلەپ قىلدى. اللە مۇ ئۇنىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىلدى.

...

مانا بۇ، ھەزرىتى ئەييۇبنىڭ بېشىغا كەلگەن بالا ۋە ئۇنىڭ سەۋر قىلغانلىقى ھەققىدىكى ئەڭ مەشھۇر رىۋايەتتۇر. بۇنىڭغىمۇ ئويدۇرما ئېكەنلىكىگە ئىشىنىمىز. چۈنكى بۇ، ئەييۇبنىڭ كېسلى ھەققىدە تەۋراتتا يېزىلغان تېكىست بىلەن ئوخشاش.

شۇنداقلا، ئۇ كونا رىۋايەتلەردە بايان قىلىنغىنىدەك، ئۇنىڭ كېسىلىنىڭ كىشىلەر نەپرەتلەندۈرىدىغان كېسەل ئېكەنلىكىنىمۇ قوبۇل قىلمايمىز. چۈنكى بۇ، پەيغەمبەرلىك ماقامىغا توغرا كەلمەيدىغان بىر ئىش. بىزنىڭ قەتئىي توغرا دەپ قوبۇل قىلالايدىغانلىرىمىز پەقەت قۇرئاندا بايان قىلىنغانلىرىدىن ئىبارەت. پەقەت ئۇ، ئالدى ۋە ئارقىسىدىن ھېچقانداق باتىل يېقىنلىشالمايدىغان ھەقىقەتتۇر.

ئۇلۇغ اللە مۇنداق دېگەنىدى:

﴿ئەييۇبنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلغىن). ئۆز ۋاقتىدا ئۇ پەرۋەردىگارىغا: «ھەقىقەتەن مېنى بالا (يەنى قاتتىق كېسەل) ئورىۋالدى، سەن ئەڭ مەرھەمەتلىكسەن» دەپ دۇئا قىلدى. ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدۇق، ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن بالانى كۆتۈرۈۋەتتۇق، ئۇنىڭغا رەھىم قىلغانلىقىمىز، ئىبادەت قىلغۇچىلارغا ئىبرەت قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئائىلىسىنى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش بىر باراۋەرنى زىيادە ئاتا قىلدۇق (يەنى ئۇنىڭ ئۆلگەن بالىلىرىنىڭ ۋە يوقالغان ماللىرىنىڭ ئورنىغا بىر ھەسسە كۆپ بالا، بىر ھەسسە كۆپ مال بەردۇق)﴾.[1]

[1] سۈرە ئەنبىيا 83 ـ 84 ـ ئايەتلەر.

يۇقىرىقىلاردىن ئەيۇبنىڭ اللە نىڭ سالىھ بەندىلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. اللە ئۇنى ئۇنىڭ مېلى، ئائىلىسى ۋە بەدىنى بىلەن سىنىدى. مېلى يوقالدى، ئۇ بايلارنىڭ ئەڭ بېيى ئىدى. بىردىنلا پېقىرغا ئايلاندى. ئائىلىسىنى يوقىتىپ قويدى ۋە يالغۇزلۇقنىڭ تەمىنى تېتىشقا باشلىدى. ۋۇجۇدى ئېغىر ئازابقا مۇپتىلا بولدى. يامان كېسەلگە گىرىپتار بولدى. ئەمما ئۇ بۇلارنىڭ ھەممىسىگە سەۋر قىلدى ۋە ھەمدى ئېيتتى.

كېسەللىك ۋە دەرت ـ ئەلەمنى ھېچ تۈگىمىگەچكە ھەممەيلەن ئۇنى تاشلاپ كېتىشتى. ئۇ پۈتۈن كۈنلىرىنى كېسەل، ئازاب ۋە يالغۇزلۇق دەردە ئۆتكۈزدى.

ئۇنىڭ ھاياتىنى كېسەللىك، ئازاب ۋە يالغۇزلۇقتىن ئىبارەت ئۈچ نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ سەۋر قىلىشنى ئۇنۇتمىدى. ئۇنىڭ سەۋر ـ تاقىتى ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن ئازاب ـ ئوقۇبەتنى يېڭىپ چۈشتى.

بىر كۈنى ئۇنىڭغا شەيتانى پىكىردىن بىرى كەلدى. بۇ پىكىر ئۇنىڭ زېھنىدە قۇتراشقا باشلىدى ۋە ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

ئى ئەييۇب! سەن مەندىن يىراق تۇرغانلىقىنىڭ ئۈچۈن بۇ ئازاب ـ ئوقۇبەتكە دۇچار بولدۇڭ. بۇ سەۋرىڭدىن بىر كۈن بولسىمۇ ۋاز كەچسەڭ، كېسەل ۋە ئازابىڭ يوقايدۇ، ياخشىلىنىپ قالىسەن.

كىشىلەر ئەييۇب ھەققىدە: ئەگەر اللە ئۇنى ياخشى كۆرگەن بولسا، ئۇنىڭغا بۇ ئازاب ۋە كېسەلنى بەرمىگەن بولاتتى، ـ دەپ سۆز ـ چۆچەك قىلىشقا باشلىدى.

بۇ ئىككى پىكىر ئارقا ـ ئارقىدىن پەيدا بولدى. شەيتان بىرسىگە پەقەت اللە نىڭ ئىزنى بىلەن زىيانكەشلىك قىلالايتتى. ئەمەلىيەتتە اللە تائالا ئىنسانلارغا ئۆز سۆيگۈسىنى ئۇلارغا سالامەتلىك ئاتا قىلغاندىن كېيىنلا بەرمەيدۇ. ئۇلارنى ئۆزى خالىغانچە سىنايدۇ، اللە بېرىشنى ياخشى كۆرگەن بىر بالا ـ قازا بىلەن سىنايدۇ.

شەيتاننىڭ پىكرى خۇددى پاشا ئاچچىقى كېلىپ تۇرغان بىرىنىڭ بېشىدا ئايلانغىنىدەك، ئەييۇبنىڭ قەلبىنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىشقا باشلىدى. ئەييۇب قوللىرى بىلەن بۇ پىكىرنى ئۆزىدىن نېرى قىلىپ، كۈلۈمسىرىگەن ھالدا ئۆز ـ ئۆزىگە مۇنداق دېدى:

ـ يوقال شەيتان! سەۋر قىلىش، شۈكرى ئېيتىش، قۇللۇق قىلىشتىن ھەرگىز ۋاز كەچمەيمەن.

بۇ پىكىر ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا ئەييۇبنىڭ ئەقلىدىن چىقىپ كەتتى. ئەييۇب بەكمۇ ئاچچىقلانغانىدى. چۈنكى شەيتان جاسارەتكە كېلىپ، ئۇنىڭ يالغۇزلۇقى، ئازابى ۋە كېسەللىكىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى ئازدۇرماقچى بولغانىدى.

ئەييۇبنىڭ ئايالى كېچىكىپ قالدى ۋە ئەييۇبنىڭ ئاچچىقلانغانلىقىنى كۆردى. ئەييۇبنىڭ ئايالىنىڭ بېشىغا يۆگەكلىك بىر نەرسە بار بولۇپ، ئۇ، ئەييۇبقا ياخشى تائاملاردىن ئېلىپ كەلگەنىدى. ئەييۇب ئۇنىڭدىن تائامنىڭ پۇلىنى نەدىن ئالغانلىقىنى

سورىدى. ئەييۇب ياخشىلىنىپ قالغاندىن كېيىن ئۇنى يۈز دەررە ئۇرۇشقا قەسەم ئىچكەندى.

ئەييۇب بەكمۇ سەۋرچان ئىدى. ئاخشام ۋاقتى بولغاندا بىلدىكى، ئايالى ئۇنىڭغا تائام تەييارلاش ئۈچۈن چاچلىرىنى كەسكەندى.

الله نىڭ پەيغەمبىرى رەببىگە دۇئا قىلىش ئۈچۈن تاغلارغا چىقتى. ئۇلۇغ الله ساد سۈرىسىدە مۇنداق دېگەندى:

﴿بەندىمىز ئەييۇبنى ئەسلىگىن، ئۇ ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىغا (ئىلتىجا قىلىپ): «شەيتان ماڭا ھەقىقەتەن جاپا ـ مۇشەققەت ۋە ئازاب يەتكۈزدى» دەپ نىدا قىلدى. ئۇنىڭغا: «پۇتۇڭ بىلەن يەرنى تەپكىن» دېدۇق، ئۇ پۇتى بىلەن يەرنى تېپىۋىدى، سۈزۈك بىر بۇلاق ئېتىلىپ چىقتى. (بىز ئۇنىڭغا) «بۇ يۇيۇنسىمۇ بولىدىغان، ئىچسىمۇ بولىدىغان سوغۇق سۇدۇر» (دېدۇق). بىز ئۇنىڭ (كېسەل ۋاقتىدا ھادىسىگە ئۇچراپ يوق بولغان) ئەھلى ـ ئەۋلادىنى (يېڭىدىن) بەردۇق، ئۇلار بىلەن بىللە بىر باراۋەر ئارتۇق بەردۇق، (بۇ) بىزنىڭ نازىل قىلغان رەھمىتىمىزدۇر، ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ۋەز ـ نەسىھەتتۇر. (ئۇنىڭغا) «قولۇڭ بىلەن بىر باغلام چۆپنى ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن (ئايالىڭنى) ئۇرغىن. قەسىمىڭنى بۇزمىغىن» (دېدۇق). بىز ئەييۇبنى ھەقىقەتەن سەۋرچان بايقىدۇق، ئۇ نېمىدېگەن ئوبدان بەندە! ھەقىقەتەن ئۇ (الله غا) تەۋبە بىلەن يۈزلەنگۈچىدۇر﴾.

## ئەييۇبنىڭ بۇ سۆزىنىڭ مەنىسى نېمە ئىدى؟

﴿«شەيتان ماڭا ھەقىقەتەن جاپا ـ مۇشەققەت ۋە ئازاب يەتكۈزدى» دەپ نىدا قىلدى﴾ .

ئەييۇب شەيتاننىڭ جۈرئەت قىلىپ ئۆزىنى ئازدۇرالايمەن دەپ ئويلىغانلىقىنى الله غا شىكايەت قىلماقتا. ئەييۇب ئۆزىگە كېسەلنىڭ شەيتان تەرەپىدىن يۇقمىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. مانا بۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ پەزىلىتىگە ۋە خاراكتېرىغا خاس چۈشەنچە ئىدى.

ئۇلۇغ الله ئۇنىڭغا تاغدىكى بۇلاقلاردىن بىرىدە يۇيۇنۇشنى ۋە ئۇنىڭ سۈيىدىن ئىچىشنى بۇيرۇدى.

ئەييۇب يۈگۈرگەن پېتى بېرىپ يۇيۇندى ۋە سۇدىن ئىچتى.

كۆپ ئۆتمەيلا قىزىتمىسى تۆۋەنلەپ، كېسەلنىڭ پۈتۈنلەي ساقايغانلىقىنى ۋە ئاغرىقنىڭ توختىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

---

سۈرە ساد 41 ـ 44 ـ ئايەتكىچە.

سۈرە ساد 41 ـ ئايەت.

الله ئەييۇبقا ئۇنىڭ ئائىلىسىنى، شۇنداقلا ئۇز رەھمىتىدىن ئۇلارغا يەنە بىر ھەسسىنى قوشۇپ بەردى. ئەييۇب ئەمدى يالغۇز ئەمەس ئىدى.

شۇنداقلا الله ئۇنىڭغا مال ـ مۈلۈكىنى ۋە ئۇز لۇتفىدىن ئۇنىڭغا يەنە بىر ھەسسىنى قوشۇپ بەردى. ئۇ ئەمدى يوقسۇل ئەمەس ئىدى.

ئۇزۇن مەزگىل داۋام قىلغان كېسەلدىن كېيىن سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلگەندى. ئەييۇب الله غا ھەمدى ئېيتتى. ئۇ ساقايغاندىن كېيىن ئايالىنى 100 دەررە ئۇرماقچى بولغانىدى. مانا ئەمدى ساقايدى. الله ئۇنىڭ ئايالىنى ئۇرۇش مەقسىتىنىڭ يوقلىقىنى بىلەتتى. الله ئۇنىڭ قەسىمىنىڭ بۇزۇلماسلىقى ۋە ئۇنىڭ يالغانچى بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن. ئۇنىڭغا ئەتراپتىن يۈز دانە رەيھان چۆپلى توپلىشىنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئايالىنى بىر قېتىم ئۇرۇشنى بۇيرىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ سۆزىگە ئەمەل قىلغان ۋە يالغان ئېيتمىغان بولدى.

الله ئەييۇبنى ئۇنىڭ سەۋر ـ تاقىتى ئۈچۈن مۇكاپاتلىدى ۋە قۇرئاندا ئۇنى مۇنداق دەپ ماختىدى:

﴿بىز ئەييۇبنى ھەقىقەتەن سەۋرچان بايقىدۇق، ئۇ نېمىدېگەن ئوبدان بەندە! ھەقىقەتەن ئۇ (الله غا) تەۋبە بىلەن يۈزلەنگۈچىدۇر﴾. □

□ سۈرە ساد 44 ـ ئايەت.

# يۇنۇس ئەلەيھىسسالام

ئىنسانلارنىڭ خەلىپىسى ۋە ئالەملەرگە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەن ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۈيۈك پەيغەمبەر يۇنۇس ئىبنى مەتتا ھەققىدە مۇنداق دېگەن ئىدى: «مېنى يۇنۇس ئىبنى مەتتادىن ئۈستۈن كۆرمەڭلار».

زۇننۇن ۋە يۇنان ئىسىملىرى بىلەنمۇ زىكىر قىلىنغان يۇنۇس اللہ تەرىپىدىن ئۆز قەۋمىگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر ئىدى. ئۇمۇ قەۋمىگە ۋەز - نەسىھەت قىلىپ ئۇلارنى ياخشىلىققا يېتەكلەيتتى. ئۇلارنى قىيامەت كۈنىدىن، جەھەننەمدىن ئاگاھلاندۇرۇپ جەننەتكە دەۋەت قىلاتتى. خەيرلىك ئىشلارغا، بىر اللہ غا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇيتتى.

زۇننۇن قەمىگە ئۆزلۈكسىز تۈردە نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بىرىمۇ ئىمان ئېيتمىدى.

قەۋمىنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقىدىن غەزەپلەنگەن، ئۈمىدىنى ئۈزگەن يۇنۇس كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئۇلاردىن ئايرىلىشنى قارار قىلدى.

ئۇلۇغ اللہ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەندى:

﴿يۇنۇسنىڭ (قىسسىنى بايان قىلغىن) ئۆز ۋاقتىدا ئۇ (قەۋمىنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقىدىن) خاپا بولۇپ (شەھرىدىن) چىقىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ بىزنى (بېلىقنىڭ قارنىدا) ئۆزىنى قىسمايدۇ دەپ ئويلىدى﴾ .

يۇنۇسنىڭ ئىچىدىكى شىددەتلىك غەزەپ ھېسسىياتنى اللہ تىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتى. يۇنۇس قەۋمىگە قاتتىق غەزەپلەنگەن ۋە ئازابلانغان بولغاچقا بۇ قارارغا كەلگەن ئىدى.

ئەلقىسسە، يۇنۇس كېمە بىلەن باشقا يەرگە كېتىش ئۈچۈن دېڭىز بويىغا كەلدى.

اللہ ئۇنىڭ قەۋمىنى تاشلاپ كەتمەسلىكىنى، ئۇلاردىن ئۈمىدىنى ئۈزمەسلىكىنى بۇيرۇغان ئىدى. ئەمما يۇنۇس اللہ نىڭ بەندىلىرىنى تاشلاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۆزى جازالىنىدىغانلىقىنى ئويلىمىدى. پەيغەمبەرنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ پەقەتلا اللہ قا دەۋەت قىلىش ئىكەنلىكىنى ئۇنۇتتى. ھالبۇكى، دەۋەتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش - بولماسلىقى ئۇنىڭ زىممىسىدىكى ئىش ئەمەس ئىدى. ئەڭ مۇھىمى، نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر اللہ يولىغا دەۋەت قىلىش بولۇپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش - بولماسلىقىنى اللہ قا تاپشۇرۇشى كېرەك ئىدى. كۈن پېتىشقا يېقىن بىر كېمە بۇ كىچىك يۇرتقا يېتىپ كەلدى. دېڭىز دولقۇنى قىرغاققا ئۇرۇلۇپ، قىيا تاشلىرىدا يېرىلاتتى. يۇنۇس نېمە قىلىشنى بىلەلمىگەن كىچىك

---

[4] سۈرە ئەنبىيا 87 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بىر بېلىجاننىڭ دولقۇنغا قارشى ئۈزۈۋاتقانلىقىنى كۆردى. تۇيۇقسىز چوڭ بىر دولقۇن كېلىپ بېلىجاننى قىيا تاشقا ئۇرۇپ پارچىلىۋەتتى.

بۇنى كۆرۈپ ئازابلانغان يۇنۇس: ئەگەر بېلىجاننىڭ يېنىدا چوڭ بىر بېلىق بولغان بولسا ئىدى، بەلكىم قوتۇلۇپ قالاتتى،ـ دېدى. ئۇنىڭغا قاراپ ئۆز ئەھۋالىنى ئەسلىدى. قەۋمىدىن قانداق ئايرىلغانلىقىنى ئەسلەپ تېخىمۇ ئازابلاندى ۋە كېمىگە چىقتى. ئۇ اللهنىڭ بىر تەقدىرىدىن يەنە بىر تەقدىرىگە قېچىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى.

يېنىدا نە دوستلىرى نە ئوزۇق ـ تۈلۈكى ياكى يۈك ـ تاقى ھېچنىمىسى يوق ئىدى. كېمىگە چىقىۋىدى. كېمىنىڭ تاختىسى كىشىنىڭ ئىچىنى پۇشۇرىدىغان بىر ئاۋازدا غاراسلاپ كەتتى.

ـ نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭ؟ ـ دەپ سورىدى خىزمەت ئۈستىلدىكى كاپىتان.

سوئال يۇنۇسقا چاقماق تەگكەندەك تەگدى.

ـ كېمەڭلار بىلەن سەپەرگە چىقماقچى ئىدىم. قاچان يولغا چىقىسىلەر؟ـ دېدى ھاياجانلانغان ئاۋازىدىن غەزەپ، قورقۇنچ ۋە ئەندىشە چىقىپ تۇرغان يۇنۇس.

كېمە كاپىتانى بېشىنى كۆتۈرۈپ يۇنۇسقا دىققەت بىلەن قاراپ: تاڭ يورۇشى بىلەن تەڭ يولغا چىقىمىز، ـ دېدى.

يۇنۇس تاقەتسىزلىنىپ ئەندىشە بىلەن: ئەپەندىم ئۇنىڭدىن بۇرۇن يولغا چىقالامسىلەر؟ دەپ سورىدى.

ـ ياخشى يولچىلىرىمىزنىڭ ھەممىسى تاڭ يورۇشى بىلەن تەڭلا يولغا چىقىشىمىزدىن خۇرسەن بولىدۇ.ـ دېدى كاپىتان.

ئاھ يۇنۇس! ساڭا يەنە بىر قېتىم زەربە مانا.

يۇنۇس كاپىتاننىڭ گۇمانىنى تۈگىتىش ئۈچۈن دەرھال: مەن سىلەر بىلەن بىرلىكتە يولغا چىقماقچىمەن، يول چىقىمى نەچچە پۇل بولسا ھازىرلا بېرەي.ـ دېدى.

ـ پەقەتلا ئالتۇن قوبۇل قىلىمىز، ـ دېدى كاپىتان.

ـ ھېچقىسى يوق ـ دېدى يۇنۇس.

ئەقىللىق ۋە ھۇشيار كېمە كاپىتانى يۇنۇسقا دىققەت بىلەن قاراپ ئۇنىڭ ئىنسانلاردىن قورقۇۋاتقانلىقىنى ياكى ئۇلاردىن ئەندىشە قىلغانلىقى ئۈچۈن تاقەتسىزلىنىۋاتقانلىقىنى بىلىۋالغان ئىدى.

نۇرغۇن يۇرتلارنى كۆرگەن، دۇنيانى ئايلىنىپ ئۆتكەن ھايات ئۇنى كىشىلەرنىڭ ھېسسىياتىنى پەرەز قىلالايدىغان بىرىگە ئايلاندۇرغان ئىدى. ئۇ يۇنۇسنىڭ بىر نەرسىدىن

قېچىۋاتقانلىقىغا قاراپ ئۇنى بىرەر جىنايەت سادىر قىلغان بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلدى.

ئاچكۆز كاپىتان بۇنى ئاشكارىلاشنى خالىمىدى. لېكىن پۇلى يوق بىرى بولغان بولسا، دەرھاللا ئۇنى تۇتۇپ بەرگەن بولاتتى. كاپىتانغا نىسبەتەن پۇل تۆلىگەن كىشى جىنايەتچى بولسىمۇ، رۇخسەتسىز ئەركىن سەپەرگە چىقالايتتى. ياخشى بىرى يوقسۇل ۋە مۇساپىر بولسا، ئۇنى پۈتۈن چېگرالاردا توختىتاتتى.

شۇڭا كاپىتان ئۇنى كېمىگە چىقىرىشتىن بۇرۇن سىناپ باقماقچى بولغانىدى.

كاپىتان يۇنۇستىن باشقا يولچىلارغا قارىغاندا ئۈچ ھەسسە ئارتۇق پۇل سورىدى. يۇنۇس بىئارام بولغان ۋە خاپا ھالدا تۇراتتى. بۇ يۇرتتىن تېز چىقىپ كېتىشنى خىيال قىلاتتى. شۇڭا كاپىتاننىڭ دېگىنىنى بەردى. كاپىتان ئالتۇن تەڭگىلەرنى قولىغا ئېلىپ، چىشلىرى بىلەن تەڭگىلەرنى راست - ساختىلىقىنى تەكشۈرۈشكە باشلىدى. تەڭگىلەر ساختا ئەمەس ئىدى.

بۇ ئىشلارغا قاراپ يۇنۇسنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەلدى. ئاخىرى كاپىتان ئۇنى كېمىسىگە ئالدى.

يۇنۇس: ماڭا ھۇجرامنى كۆرسىتىپ قويغىن. مەن ھېرىپ كەتتىم، بىر ئاز ئارام ئېلىۋالاي، - دېدى.

كاپىتان: چىرايىڭدىن ھارغىنلىقىڭ چىقىپ تۇرىدۇ. ئەنە ئۇ سېنىڭ ھۇجراڭ، - دەپ بىر ھۇجرىنى ئىشارەت قىلدى.

يۇنۇس ئۆزىنى كىيىملىرى بىلەنلا تۆشەككە ئاتتى. ئۇخلاش ئۈچۈن شۇنچە تىرىشىپ باققان بولسىمۇ، كىچىك بېلىقنىڭ قىرغاقلارغا ئۇرۇلۇپ پارچىلانغان كۆرۈنۈشى خىيالىدىن ھېچ كەتمەيتتى. يۇنۇس ھۇجرىنىڭ تورىسى چۆكۈۋاتقاندەك، دىمىق ھاۋادا ئىچى سىقىلىپ، چوڭقۇر - چوڭقۇر نەپەس ئالدى.

ھۇجرىنىڭ تېمىغا ئېسىلغان قەندەل (ئاسما چىراغ) پىلدىرلاپ يېنىپ تۇراتتى. كېمىگە يۈك كۆپ قاچىلانغاچقا، كېمە لىڭشىشى بىلەن چىراغ يانتۇ بولۇپ قالدى. ھۇجرىدىكى قالغان نەرسىلەر ھۇجرىغا ماسلاشقان ھالدا يانتۇ كۆرۈنەتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس ئىدى. ئۇخلىيالمىغاچقا يۇنۇس كۆزلىرىنى تورۇسقا تىكتى. ئەندىشىلىك كۆزلىرى ئۆزىنى سىغدۇرغىدەك يەر تاپالمىدى. ھۇجرىنىڭ ئاستى - ئۈستى ۋە يانلىرى پۈتۈنلەي يانتۇ كۆرۈنۈۋاتاتتى.

يۇنۇس ئېغىر ھالدا مۇنداق دېدى:

- مېنىڭ ئىچىمدە ۋىجدانىم نەپسىمگە تۈز قىلىپ ئېسىلغان. ئۇ نۇر چاچماقتا. ئەمما روھىم ئىشغال قىلغان ھۇجرامۇ مۇشۇنداق يانتۇ ئىدى.

تۆشەكتە ياتقان يۈنۈسنىڭ زېھنىدە يەر ئالغان بۇ ئازابلىق مۇجادىلىدىن كېيىن جېنىنى سىققان غەم ـ ئەندىشە ئۇنى قاتتىق ئۇيقۇغا چۆمدۈردى. تاڭ سۈزۈلدى. كېمە يولغا چىقتى.

كېمە مەيىن شامالغا ئەگىشىپ كۆن بويى ئىلگىرىلىدى. كەچ كىرگەندە، بىردىنلا قاتتىق بوران چىقىپ كەتتى. دولقۇنلار بىردە تاغدەك يۇقىرى ئۆرلىسە، بىردە چوڭقۇر ئازگال ھاسىل قىلاتتى. بىردە كېمىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، كېمىدىكىلەرنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى ھۆل قىلىۋېتەتتى.

كېمىنىڭ ئارقىسىدا يوغان بىر بېلىق ئاغزىنى ئاچقان ھالدا سۇلارنى يېرىپ كېلىۋاتاتتى.

اللہ دېڭىز ئاستىدىكى بېلىقلاردىن بىرىگە دېڭىزنىڭ ئۈستىگە چىقىشنى بۇيرىدى. بېلىق ئۆزىگە قىلىنغان بۇيرۇققا دەرھال بويسۇنۇپ، دېڭىز ئۈستىگە چىقىپ كېمىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭدى.

بوران توختىمىدى. كاپىتان كېمىدىكى يۈكنى يېنىكلىتىشكە بۇيرىدى. ساندۇقلار، خالتا ـ تاغارلار ۋە كومزەكلەر سۇغا تاشلاندى. بوران تېخىمۇ كۈچىيىشكە باشلىدى. يۈنۈس ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. ھۇجرىدىكى ھەممە نەرسە پۇلاڭلىماقتا ئىدى. ئۆرە تۇرماقچى بولدى. ئەمما تۇرالمىدى. ھۇجرىدىن چىقىشقا ئۇنى كۆرگەن كاپىتاننىڭ يادىغا ئۇنىڭ ھەققىدە تۇيغان شۈبھىلىرى يادىغا كەلدى ۋە مۇنداق دەپ ۋاقىرىدى:

ـ دېڭىزدا تۇيۇقسىز بوران چىققىنىغا قارىغاندا، كېمىدە گۇناھكار بىرىنىڭ بارلىقى ئېنىق، بولمىسا بوران چىقمايتتى. ئارىمىزدا چەك تاشلايمىز. كىمنىڭ ئىسمى چىقسا، شۇنى دېڭىزغا تاشلايمىز.

يۈنۈس بۇ ئىشنىڭ بوران چىققاندا كېمىدە قىلىنىدىغان ئادەت ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. بۇ، بۇتپەرەستلىكنىڭ غەلىتە ئادەتلىرىدىن بىرى بولۇپ، مۇنداق چاغلاردىمۇ يولغا قويۇلاتتى. يۈنۈسنىڭ پالاكەتى باشلانغانىدى. بۇ بۈيۈك پەيغەمبەر دېڭىز ۋە شاماللارنى غەزەپلەنگەن ئىلاھلار دەپ قوبۇل قىلىدىغان بۇتپەرەستلەرنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرىغا بويۇن ئېگىشكە مەجبۇر بولدى. ھەممەيلەننىڭ مەمنۇن بولۇشى، تولۇق قانائەت ھاسىل قىلىشى لازىم ئىدى.

يۈنۈس خالىمىغان ھالدا ئۇلارغا قوشۇلۇشقا مەجبۇر بولدى. ئىسمىنى باشقا يولۇچىلارنىڭ ئىسمىنىڭ ئارىسىغا قويدى. چەك تارتىلدى، چەكتىن ئۇنىڭ ئىسمى چىقتى.

ئادەت بويىچە، چەك قايتا تارتىلدى، يەنە يۈنۈسنىڭ ئىسمى چىقتى. ئۈچىنچى قېتىملىق چەك قالدى. بۇ قېتىم كىمنىڭ ئىسمى چىقسا، شۇ دېڭىزغا تاشلىناتتى. كۆزلەر يۈنۈسقا تىكىلدى. شۈبھىلىك قاراشلار ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئورىغانىدى.

چەك ئۈچىنچى قېتىم تارتىلدى. كېمە كاپىتانى چەكتىكى ئىسىمنى ئوقۇۋاتقاندا. يۇنۇسنىڭ يۈرىكى قارتتىدە قىلىپ قالدى.

ئىش تۇگىدى. يۇنۇسنىڭ كېمىدىن ئۆزىنى ئېتىشى قارار قىلىندى. يۇنۇس كېمىنىڭ رىشاتكىسىغا چىقىپ بولۇپ، ئاچچىقىدىن قەۋمىنى تاشلاپ كەتكەنلىكىنى ۋە اللە نىڭ بۇنىڭغا جازا بەرمەيدۇ دەپ ئويلاپ خاتالاشقانلىقىنى چۈشەندى.

يۇنۇس خاتا قىلغانىدى. چۈنكى ئۇ اللە نىڭ رۇخسىتىسىز قەۋمىنى تاشلاپ كەتكەن ئىدى. مانا ئەمدى، اللە ئۇنى جازالاۋاتاتتى.

يۇنۇس كېمىنىڭ قىرغىقىدا شاۋقۇنلۇق دېڭىزغا ۋە كۆپلۈك دولقۇنلارغا قاراپ تۇراتتى. ۋاقىت كېچە، ئەتراپ قاراڭغۇ. ئايمۇ يوق ئىدى. يۇلتۇزلار كۆرۈنمەيتتى. سۇ جاندىن ئۆتكىدەك دەرىجىدە قاتتىق سوغۇق ئىدى.

كاپىتان ۋارقىرىدى:

ـ سەكرە! ناتۇنۇش يولۇچى!

بوران تېخىمۇ كۈچەيدى. يۇنۇس كۆچىنى يىغىپ، ئۆزىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشتى. كېمە خىزمەتچىسى يۇنۇسنىڭ ھەرىكىتى ئاستا دەپ ئويلاپ، ئۇنى تۇتۇپ دېڭىزغا ئاتتى.

يۇنۇس دېڭىزغا خۇددى بىر پارچە تۆمۈردەك چۈشتى.

بېلىق بىردىنلا كۆز ئالدىدا يۇنۇسنى كۆردى. يۇنۇس دېڭىز دولقۇنلىرىنىڭ ئۈستىدە ياتاتتى. اللە ئۇنىڭغا كەچلىك تائام ئەۋەتكەنىدى. بېلىق يۇنۇسنى يۇتتى. خۇددى زىندان ئىشىكلىرى تاقالغاندەك، يوغان ئېغىزىنى دەرھال يۇمۇپ، دېڭىز ئاستىغا قاراپ شۇڭغىدى. ئۇنىڭ قورسىقى تويغانىدى.

يۇنۇس بىردىنلا ئۆزىنى بېلىقنىڭ قورسىقىدا كۆردى. بېلىق ئۇنى ئېلىپ دېڭىزدا ئۈزمەكتە. دېڭىز ئۇلار بىلەن بىللە كېچىنى ئۆتكۈزمەكتە ئىدى. ئۈچ قاراڭغۇلۇق، بىرىنىڭ ئۈستىگە بىرى...

بېلىقنىڭ قارنىدىكى قاراڭغۇلۇق...

دېڭىز ئاستىدىكى قاراڭغۇلۇق...

كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى...

يۇنۇس ئۆزىنى ئۆلدۈم دەپ ئويلىدى. ئەمما ئۆزىنىڭ ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى سەزدى. دېمەك ئۆلمىگەنىدى. لېكىن ئۇ ئۈچ قاراڭغۇلۇقنىڭ ئارىسىدا (ئىچىدە) قالغانىدى.

يۇنۇس يىغلاشقا ۋە الله نى ياد ئېتىشكە باشلىدى. ئاۋۋال قەلبى، ئاندىن تىلى ھەرىكەتلىنىپ الله نى زىكىر قىلىشقا باشلىغانىدى.

﴿«(پەرۋەردىگارىم) سەندىن بۆلەك ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، سەن (جىمى كەمچىلىكلەردىن) پاكتۇرسەن، مەن ھەقىقەتەن (ئۆز نەپسىمگە) زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم»، «(پەرۋەردىگارىم) سەندىن بۆلەك ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، سەن (جىمى كەمچىلىكلەردىن) پاكتۇرسەن، مەن ھەقىقەتەن (ئۆز نەپسىمگە) زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم».«(پەرۋەردىگارىم) سەندىن بۆلەك ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، سەن (جىمى كەمچىلىكلەردىن) پاكتۇرسەن، مەن ھەقىقەتەن (ئۆز نەپسىمگە) زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم»﴾. [2]

يۇنۇس بېلىقنىڭ قارنىدا داۋام يېتىپ، الله نى توختىماي زىكىر قىلماقتا ئىدى. بېلىق ئۈزىۋېرىپ ھاردى. دېڭىز ئاستىغا چۆكتى. ۋە ئۇيقۇغا كەتتى. يۇنۇس توختىماي زىكىر ئېيتاتتى، ھاياجىنى بېسىلمايتتى، يىغىسى توختىمايتتى، ھەرىكەتلەنمەيتتى، يۇنۇسنىڭ ئوزۇقى تەسبىھ ئېيتىش ئىدى.

بېلىقلار، ئۆسۈملۈكلەر، دېڭىز ئاستىدا ياشايدىغان پۈتۈن جانلىقلار يۇنۇسنىڭ زىكرىنى ئاڭلىغان ئىدى. زىكىر ـ تەسبىھ پەقەت بۇ بېلىقنىڭ قارنىدىن چىقىۋاتاتتى. جانلىقلارنىڭ ھەممىسى بۇ بېلىقنىڭ ئەتراپىغا توپلاندى. ئاندىن ئۇلارمۇ زىكىر ئېيتىشقا باشلىدى، ھەر بىرى ئۆز تىلى ۋە ئۆز ئۇسلۇبىدا زىكىر ئېيتماقتا ئىدى.

بۇ زىكىر ئاۋازلىرى يۇنۇسنى يۇتقان بېلىقنىمۇ ئويغاتتى. ئۇ دېڭىزدىكى پۈتۈن بېلىقلارنىڭ، دېڭىز ھايۋانلىرىنىڭ، قىيالىقلارنىڭ ۋە قۇملارنىڭ قايىنام ـ تاشقىنلىققا چۆمگەنلىكىنى كۆردى. ھەممىسى الله غا تەسبىھ ئېيتىۋاتاتتى. ئۇمۇ تەسبىھكە قېتىلدى. ئۆزىنىڭ بىر پەيغەمبەرنى يۇتۇۋالغانلىقىنى بىلىپ قورقۇپ كەتتى. ئەمما يەنە ئۆز ـ ئۆزىگە:

ـ نېمە ئۈچۈن قورقىمەن؟ ئۇنى يۇتۇشۇمنى ماڭا الله بۇيرىمىدىمۇ؟ ـ دېدى.

يۇنۇسنىڭ بېلىقنىڭ قارنىدا قانچىلىك ۋاقىت تۇرغانلىقى ئېنىق ئەمەس. ئۇ داۋاملىق الله غا تەسبىھ ئېيتماقتا، قەلبى، تىلى ۋە كۆز ياشلىرى بىلەن:

﴿«(پەرۋەردىگارىم) سەندىن بۆلەك ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، سەن (جىمى كەمچىلىكلەردىن) پاكتۇرسەن، مەن ھەقىقەتەن (ئۆز نەپسىمگە) زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم» دەپ نىدا قىلدى﴾ .

[1] سۈرە ئەنبىيا 87 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئەنبىيا 87 ـ ئايەت.

الله يۇنۇسنىڭ تەۋبىسىدىكى سەممىيىتىنى كۆردى. ئۇنىڭ بېلىقنىڭ قارنىدا تۇرۇپ ئېيتقان تەسبىھىنى ئاڭلىدى. بېلىققا دېڭىزنىڭ يۈزىگە چىقىپ، يۇنۇسنى بەلگىلەنگەن ئارالغا تاشلىشنى بۇيرىدى. بېلىق بۇيرۇققا بىنائەن ئۇنى ئارالغا چىقاردى.

بېلىق دېڭىزنىڭ بەكمۇ يىراق جايلىرىغا كەتكەنىدى. الله ئۇنى قاراڭغۇلۇقلارنىڭ ئىچىدە تەۋبە قىلغان پەيغەمبەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ بېلىققا بۇيرۇق قىلدى. يۇنۇس دېڭىزنىڭ سوغۇقى ۋە قاراڭغۇلۇقىدىن قۇتۇلۇپ، كۈننىڭ ئىسسىقىغا ۋە زېمىننىڭ نېمەتلىرىگە ئېرىشتى.

يۇنۇسنىڭ ۋۇجۇدى بېلىقنىڭ ئاشقازىنىدىكى زەرداپ سۇنىڭ سەۋەبىدىن ياللۇغلىنىپ كەتكەن ئىدى. كۈن چىقتى. كۈن نۇرى يىرىڭ بەدىنىنى ئېچىشتۇرىۋەتتى. ئەگەر قايتىدىن تەسبىھ ئېيتمىغان بولسا ئىدى، ئاغرىقتىن ۋارقىرىۋەتكەن بولاتتى.

الله ئۇنىڭغا كۈن نۇرىدىن ساقلىنىشى ئۈچۈن، كاۋا يوپۇرمىقىنى ئۆستۈرۈپ بەردى. يۇنۇس الله نىڭ رەھمىتى بىلەن ساقايدى.

الله ئۇنى يۈز مىڭ ياكى تېخىمۇ كۆپ كىشىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى. ئەگەر تەسبىھ ئېيتمىغان بولسا، ئۇنىڭ قىيامەت كۈنىگىچە بېلىقنىڭ قارنىدا قېلىپ قالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئۇلۇغ الله ساففات سۈرىسىدە مۇنداق دېگەنىدى:

﴿يۇنۇس ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلەردىندۇر. ئۆز ۋاقتىدا ئۇ قەۋمىدىن قېچىپ (كىشىلەر بىلەن) توشقان بىر كېمىگە چىقىۋالدى. (كېمىدىكىلەر چەك چىققان ئادەمنى دېڭىزغا تاشلاپ كېمىنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن) چەك تاشلاشتى، يۇنۇس (چەكتە) مەغلۇب بولغانلاردىن بولۇپ (دېڭىزغا تاشلاندى). ئۇنى چوڭ بىر بېلىق يۇتۇۋەتتى. ئۇ (قەۋمىنى تاشلاپ، پەرۋەردىگارىنىڭ ئىزنىسىز چىققانلىقى ئۈچۈن) ئەيىبلىنىشكە تېگىشلىك ئىدى. ئەگەر ئۇ تەسبىھ ئېيتقۇچىلاردىن بولمىسا ئىدى، بېلىقنىڭ قارنىدا ئەلۋەتتە قىيامەتكىچە قالاتتى. ئۇنى بىز (دېڭىز ساھىلىدىكى) بىر قۇرغاق يەرگە (بېلىقنىڭ قارنىدىن) ئاتتۇق، ئەينى ۋاقىتتا ئۇ كېسەل ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە (سايە تاشلاپ تۇرۇش ئۈچۈن) بىر تۈپ كاۋىنى ئۆستۈرۈپ بەردۇق. ئۇنى بىز 100 مىڭ، بەلكى (بۇنىڭدىنمۇ) كۆپ (بىر قەۋمگە پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق. (ئۇلار ۋەدە قىلىنغان ئازابنى كۆرگەن چاغدا) ئىمان ئېيتتى. مۇئەييەن مۇددەتكىچە (يەنى ئەجىلى يەتكەنگە قەدەر) ئۇلارنى (ھاياتتىن) بەھرىمەن قىلدۇق.﴾

ۋە ئەنبىيا سۈرىسىدە مۇنداق دېيىلگەن:

﴿يۇنۇسنىڭ (قىسسىسىنى بايان قىلغىن) ئۆز ۋاقتىدا ئۇ (قەۋمىنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقىدىن) خاپا بولۇپ (شەھىرىدىن) چىقىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ بىزنى (بېلىقنىڭ

سۈرە سەففات 139 ـ، 144 ـ ئايەتكىچە.

قارىندا) ئۆزىنى قىسمايدۇ دەپ ئويلىدى. ئۇ قاراڭغۇلۇقتا (يەنى بېلىقنىڭ قارنىدا): «(پەرۋەردىگارىم) سەندىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر. سەن (جىمى كەمچىلىكلەردىن) پاكتۇرسەن، مەن ھەقىقەتەن (ئۆز نەپسىمگە) زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم» دەپ نىدا قىلدى. ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدۇق، ئۇنى (بېلىق يۇتقان چاغدىكى) غەمدىن خالاس قىلدۇق. شۇنىڭدەك مۆمىنلەرنى (ئېغىرچىلىقلاردىن) خالاس تاپقۇزىمىز».

ئەمدى ئالىملار ئېيتقان يۇنۇسنىڭ گۇناھىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىگە قاراپ باقايلى.

يۇنۇس ھەقىقەتەن گۇناھ ئۆتكۈزدىمۇ؟ پەيغەمبەرلەر گۇناھ ئۆتكۈزەمدۇ؟

جاۋابى شۇكى، پەيغەمبەرلەر گۇناھ ئۆتكۈزمەيدۇ. ئەمما بۇ ئەخلاقىي - پەزىلەت ئۇلارنىڭ الله نىڭ ھۇزۇرىدا ئېرىشىدىغان ئۇلۇغ مەرتىۋىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىدە دائىرىسىگە كىرمەيدۇ.

ئۇنداقتا (ئۇقۇمۇشلۇق) كىشىلەر مۇنداق دېيىشىدۇ:

الله قا يېقىن بەندىلەرنىڭ ياخشىلىقلىرى، ياخشى كىشىلەرنىڭ ياخشىلىقلىرى الله قا ئەڭ يېقىن بەندىلەرنىڭ يامانلىقلىرىدۇر...

مانا بۇ توغرىدۇر (ھەقىقەتتۇر).

يۇنۇسنىڭ ئىنكارچى ۋە جاھىللار شەھرىدىن قېچىشىغا كەلسەك، بۇ ئىشنى يۇنۇستىن باشقا ھەر قانداق بىرى قىلغان بولسا ئىدى، بۇ، ئۇنىڭ ئۆزىگە قىلغان ئەڭ چوڭ ياخشىلىقى بولغان بولاتتى. چۈنكى ئۇ، گۇناھكار قەۋمدىن ئۆز دىنىنى قۇتۇلدۇردى.

ئەمما، يۇنۇس الله نىڭ بىر قەۋمگە ئەۋەتكەن پەيغەمبىرى ئىدى. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى الله دىن كەلگەننى تەبلىغ قىلىش بولۇپ، تەبلىغنىڭ نەتىجىسىگە قارىماسلىق ياكى تەبلىغنىڭ نەتىجىسىنى كۈتمەسلىك ئىدى. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى پەقەت تەبلىغ قىلىش ئىدى.

ئۇنداقتا ئۇنىڭ شەھەردىن چىقىپ كېتىشى، پەيغەمبەرلىك سۈپىتى بىلەن قارالغاندا، الله نىڭ ئۇنىڭغا تەنبىھ بىلدۈرۈشى ۋە جازالىشىغا تېگىشلىك ئىش ئىدى.

الله يۇنۇسقا ئۆزىگە دەۋەت قىلىش توغرىسىدا دەرس بەرمەكتە، يۇنۇسمۇ پەقەت الله قىلا دەۋەت قىلماقتا ئىدى.

الله ئۇنى پەقەت دەۋەت قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ بۇنىڭدىن باشقا ۋەزىپىسى يوق ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ ھەرقانداق شەكىلدە بۇنىڭدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى، قەۋمنى ئىمان ئېيتمىدى دەپ ئازابلىماسلىقى كېرەك ئىدى. ھەزرىتى لۇت قەۋمىنى دەۋەت قىلىش ئۈچۈن يىللارچە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ياشىدى. ئەمما ھېچكىم ئۇنىڭغا ئىشەنمىدى. شۇنداق بولسىمۇ، لۇت ئائىلىسىنى، ئۆزىنى ۋە دىنىنى قەۋمىدىن ئېلىپ قاچمىدى. ئۇلارنى

سۈرە ئەنبىيا 87 ـ 88 ـ ئايەتلەر.

داۋاملىق دەۋەت قىلدى. نىھايەت ئۇنىڭغا اللە نىڭ ئەمرى كەلدى. اللە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ ئارىسىدىن چىقىپ كېتىشىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن مالائىكىلەرنى ئەۋەتتى. لۇت ئەنە شۇ چاغدا قەۋمىدىن ئايرىلدى. ئۇندىن بۇرۇن چىققان بولسا، ئۇمۇ يۇنۇسقا ئوخشاش جازالانغان بولاتتى.

يۇنۇس بولسا، اللە نىڭ ئەمرى كەلمەي تۇرۇپلا چىقىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ قەۋمى ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئىمان ئېيتقانىدى.

ئۇلۇغ اللە يۇنۇس سۈرىسىدە مۇنداق دېگەنىدى:

﴿ھالاك بولغان شەھەرلەر ئاھالىلىرى ئىچىدە) يۇنۇس قەۋمىدىن باشقىسىغا (ئازابنىڭ ئالامىتىنى كۆرۈپ) ئېيتقان ئىمانىنىڭ پايدىسى بولغىنى يوق، يۇنۇس قەۋمى ئىمان ئېيتقاندا، دۇنيا ھاياتىدا رەسۋا قىلىدىغان ئازابنى ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن كۆتۈرۈۋەتتۇق، ئۇلارنى مەلۇم ۋاقىتقىچە (يەنى ئەجىلى يەتكەنگە قەدەر دۇنيادىكى شەيئىلەردىن) بەھرىمەن قىلدۇق﴾.[1] شۇنداق قىلىپ، يۇنۇسنىڭ قەۋمى ئىمان ئېيتتى.

ئەگەر ئۇ قەۋمىنىڭ ئىچىدە قالغان بولسا، بۇنى بىلگەن، كۆڭلى كۆتىرىلىپ، ئاچچىقى بېسىققان بولاتتى. ئەمما ئۇ ئالدىراقسانلىق قىلغانىدى. ئۇنىڭ بۇ ئالدىراقسانلىقى كىشىلەرنىڭ ئىمان ئېيتىشىغا بولغان كۈچلۈك ئارزۇسىدىن ئىبارەت بولۇپ، قەۋمى ئىمان ئېيتمىغانلىقى ئۈچۈن ئاچچىقىدىن ئۇلارنى تاشلاپ كەتكەنىدى. بۇ سەۋەبتىن، اللە ئۇنى جازالىدى ۋە ئۇنىڭغا پەيغەمبەرنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ پەقەت كىشىلەرنىڭ ئىسلامغا دەۋەت قىلىشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويغانىدى. كىشىلەرگە ئىمان ئېيتقۇزۇش ۋە ئۇلارنى توغرا يولغا كىرگۈزۈش پەيغەمبەرنىڭ ۋەزىپىسى ئەمەس (بەلكى خاھىشىغا باغلىق ئىشتۇر).

[1] سۈرە سۈرە يۇنۇس 98 ـ ئايەت.

# مۇسا ۋە ھارۇن ئەلەيھىسسالاملار

يەئقۇب ياكى ئىسرائىل ئوغلى يۇسۇف بىلەن كۆرۈشكىلى مىسىرغا كەلگەندىن بېرى شۇ يەردە قالغان ئىدى. ۋاپاتىدىن كېيىن پەلەستىندىكى تۇغۇلغان يېرىگە دەپنە قىلىندى. ئۇنىڭ ئوغۇللىرى بولسا، يۇسۇفنىڭ ھىمايىسىدە مىسىردا ياشاپ قالدى. مىسىر باياشاتچىلىق، تۇزلەڭلىك، ھاۋاسى ياخشى زېمىن بولغاچقا، بۇ يەردە قېلىشنى تاللىغان ئىدى.

ئىسرائىل ئەۋلادى مىسىردا ئۇزۇن مەزگىل ياشاپ سانى كۆپەيدى. يىللار ئۆتۈپ يۇسۇف ۋاپات بولدى. يۇسۇف ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، مىسىر ئىسلام دىنىغا كىرگەن ئىدى. ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ مۇھەممەد پەيغەمبەرگە قەدەر اللە نىڭ پۈتۈن پەيغەمبەرلىرىنىڭ دىنىغا ئوخشاش يۇسۇفنىڭ دىنىمۇ ئىسلام ئىدى. بۇ يەردىكى ئىسلام بىر اللە قا ئىشەنمەك، نىيەت قىلماق ۋە خالىماق مەنىسىدە بولۇپ، نىيىتى ۋە ئەمەلى بىلەن اللە قا يۈزلىنىش دېمەكتۇر، بىزنىڭ ئىسلام دېگىنىمىز بۇدۇر.

بىز بۇ يەردىكى ئىسلام دېگەن سۆزدىن ئاخىرقى پەيغەمبەر ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يولغا قويغان ئىجتىمائىي شەرىئەت يولىنى كۆزدە تۇتمايمىز. بۇ يول باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭكىدىن ئىلغار ئىدى. ئېتىقادنىڭ نېگىزى ھەزرىتى ئادەمدىن ھەزرىتى مۇھەممەدكىچە ئۆزگەرمىگەن.

يۇسۇف مىسىرنىڭ ئەزىزى ۋە باش ۋەزىرى بولغان چېغدا، مىسىرنىڭ دىنى تەۋھىد ۋە ئىسلام بولغان ئىدى. ئۇ زىنداندىكى چېغدا تۆۋەندىكى سۆزلەر بىلەن ئىسلامغا چاقىراتتى.

﴿تارقاق كۆپ مەبۇدلار ياخشىمۇ؟ ياكى قۇدرەتلىك بىر اللە ياخشىمۇ؟﴾

جۇشى ئەمەلگە ئاشقان چاغدا مۇنداق دۇئا قىلغان ئىدى:

﴿مېنى مۇسۇلمان پېتىمچە قەبزى روھ قىلغىن، مېنى ياخشى بەندىلەر قاتارىدا قىلغىن»﴾.

يۇسۇفنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، مىسىر تەۋھىدنى تاشلاپ، تەكرار كۆپ ئىلاھلىق دىنغا قايتتى (ئۆتتى). كۈچلۈك ئېھتىمالغا قارىغاندا، بۇ ھۆكۈمران تەبىقىدىكىلەرنىڭ ھىيلىسى ۋە پىلانى بىلەن ئەمەلگە ئاشقان ئىدى. بۇ تەبىقىدىكىلەر تەۋھىد يولىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا كەڭ خەلق ئاممىسىدىن پەرقلىق بىر ئىمتىيازغا ئىگە ئەمەس ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، بىر توپ خىلمۇخىل ئويدۇرما تەڭرى سىستېمىسىنىڭ ۋە پىرئەۋن ئىلاھچىلىقىنىڭ تەكرارلىنىشى بۇ تەبىقىنىڭ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن كېلەتتى. شۇنىڭ بىلەن، مىسىرغا

---

[4] سۈرە يۈسۈف 39 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۆزلىرىنى ئىلاھ ياكى ئىلاھلارنىڭ ۋەكىللىرى ۋە ياكى ئۇلارنىڭ ۋەكالەتچىلىرى ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلغان پىرئەۋن ئائىلىلىرى ھاكىم (ھۆكۈمران) بولدى.

مىسىر خەلقى ئەسلى مەدەنىيەتلىك خەلق بولۇپ، مەدەنىيەت ياراتقان دىنىي بىر چۈشەنچىگە ئىگە قەۋم ئىدى. بەلكى مىسىرلىقلارنىڭ نۇرغۇن تەبىقىسى پىرئەۋننىڭ ئىلاھ ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيتتى. ئەمما مىسىرلىقلارنىڭ ئىچىدە ساقلىنىپ قالغان ئىمان، قارشىلىق كۆرسىتىپ ئىسيانغا ئايلانمىغىچە ھۆكۈمرانلار ئۇلارغا بېسىم قىلمايتتى. پىرئەۋن خەلقىدىن پەقەت بويسۇنۇشنىلا تەلەپ قىلاتتى. ئىچىدە مىسىردىكى خىلمۇخىل ئىلاھلارنىڭ ئىچىدىن خالىغانلىرىغا ئېتىقاد قىلىسىمۇ، پەقەتلا پىرئەۋننىڭ پۈتۈن ئىلاھلارنى تىزگىنلەپ تۇرىدىغانلىقىغا، ئۇنىڭ ئۇلارنىڭ سىمۋولى ۋەكىلى ئىكەنلىكى ئىشەنسىلا بولاتتى. مىسىردىكى چۈشەنچە مانا مۇشۇنداق ئىدى.

مىسىر خەلقىنىڭ كۆپى كۆپ ئىلاھلىق ۋە مەركىزى ئىلاھ سانالغان پىرئەۋنگە ئىمان ئېيتقان بولسىمۇ، ھۆكۈمران تەبىقە پىرئەۋەنگە چوقۇنۇش، ئۇنىڭ ئەمرلىرىنى بەجا كەلتۈرۈش، ئۇنىڭ دېكتاتورلۇقىنى تەستىقلاش ۋە ئۇنىڭ خاھىش بويىچە ئىش كۆرۈش بىلەن مەشغۇل ئىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى ۋاراقلىغىنىمىزدا، ئۇنىڭ دەۋرىدىكى مىسىر خەلقىنىڭ قانداق ياشىغانلىقىنى بىلەلەيمىز. خەلق پىرئەۋنگە ئىتائەت قىلىشقا كۆنۈپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ۋەزىرلىرىنىڭ، قوماندانلىرىنىڭ بېسىمى بىلەن ھەرىكەت قىلىپ، ئۇنىڭ ئىلاھلىقىنى قارشىلىقسىز قوبۇل قىلاتتى.

ئۇلۇغ الله قۇرئان كەرىمدە پىرئەۋن ھەققىدە مۇنداق دېگەنىدى:

﴿ئۇ سېھىرگەرلەرنى، ئەسكەرلىرىنى، تەۋەلىرىنى) توپلىدى ھەم نىدا قىلىپ. دېدى: «مەن سىلەرنىڭ بۈيۈك پەرۋەردىگارىڭلار بولىمەن»﴾.

ئىنسانلار پىرئەۋننىڭ بۇ ئىنكارچى نۇتقىغا بەلكى ئامالسىزلىقتىن ئىتائەت قىلدى.

پىرئەۋنگە بويسۇنۇش مىسىر خەلقىگە ئادەت ئېلىپ كەلدى. مىسىر يۈسۈفنىڭ زامانىدىكى مەرىپەتچىلىك ۋە قىسقا مەزگىللىك تەۋھىد دەۋرىدىن كېيىن، كۆپ ئىلاھلىق سىستېمىغا ئۆتكەن ئىدى.

يەئقۇب (ئىسرائىل) نىڭ ئەۋلادىدىن بەزىلىرى تەۋھىد ئەقىدىسىدە قالغان بولسىمۇ، كۆپىنچىسى تەۋھىد ئەقىدىسىنى تاشلاپ، مىسىرلىقلارنىڭ يولىدا ماڭدى.

ئىسرائىل ئوغۇللىرى بۇ يەردە كۆپىيىپ، نۇرغۇن كەسپلەرنى ئىگەللەپ، مىسىر بازارلىرىنى تولدۇردى. كۈنلەر ئۆتۈپ مىسىرغا مىسىرلىقلار بۇرۇن چوقۇنغان زوراۋان بىر ھۆكۈمدار ھاكىم بولدى. بۇ ھۆكۈمدار ئىسرائىل ئوغۇللىرىنىڭ كۆپەيگەنلىكىنى ۋە مال ـ دۇنيا ساھىبى بولغانلىقىنى كۆردى. ھۆكۈمدار ئۇلارنىڭ ئىسرائىل ئوغۇللىرىدىن بىرىنىڭ پىرئەۋننى تەختىدىن چۈشۈرىدىغانلىقى توغرىسىدىكى بىر مەخپىي خەۋەرنى

سۈرە نازىئات 23 ـ 24 ـ ئايەتلەر

دېيىشكەنلىكىنى ئاڭلىدى. بەلكى بۇ خەۋەر زۇلۇم تارتقان ئاز سانلىق قەۋمنىڭ قىلغان خىياللىرىدىن بىرى ئىدى ياكى ئۇلارنىڭ كىتابلىرىدا سۆزلەنگەن بىر خۇش خەۋەر ئىدى. نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ گەپ پىرئەۋننىڭ قۇلىقىغا يەتتى. پىرئەۋن ئىسرائىل ئوغۇللىرىنىڭ پەرزەنت كۆرمەسلىكى توغرىسىدا غەلىتە بىر قانۇن چىقاردى.

بۇ بۇيرۇقنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى: «تۇغۇلغان ھەر ئوغۇل ئۆلتۈرۈلىدۇ» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى.

ھۆكۈم يولغا قويۇلدى. ئەمما كېيىن ئىقتىسادچىلار پىرئەۋنگە قېرىلار ئۆز ئەجىلىدىن ئۆلۈپ، بالىلار ئۆلتۈرۈلسە، ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ نەسلى قۇرۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئەسكەرتتى. بۇنداق بولغاندا، پىرئەۋنگە ئىشلەيدىغان قۇل ۋە پايدىلىنىدىغان دېدەك قالمايتتى. ئەڭ ياخشىسى بۇ ھۆكۈمنى ئۆزگەرتىپ بىر يىل ئۆلتۈرۈپ بىر يىل ئۆلتۈرمەسلىك لازىم ئىدى. پىرئەۋن بۇ پىكىرنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

مۇسانىڭ ئانىسى ھارۇنغا بوۋاقلار ئۆلتۈرۈلمەيدىغان يىلدا ھامىلە بولدى. شۇڭا ئۇنى قورقماي تۇغدى.

مۇسا بوۋاقلارنىڭ ئۆلتۈرۈلىدىغان يىلى تۇغۇلدى. ئانىسى ئۇنى قورقۇپ ئەندىشىلەنگەن ھالدا تۇغدى. ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلىشىدىن قورقاتتى. ئۇنى مەخپىي ئېمىتتى، مۇبارەك بىر كېچىدە الله ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ ۋەھىي قىلدى:

﴿مۇسانىڭ ئانىسىغا ئىلھام بىلەن بىلدۇردۇقكى: «مۇسانى ئېمىتكىن، ئۇنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىدىن قورقساڭ، ئۇنى (ساندۇققا سېلىپ) دەرياغا (يەنى نىل دەرياسىغا) تاشلىغىن، ئۇنى (ھالاك بولارمىكىن دەپ) قورقمىغىن، (ئۇنىڭ پىراقىدىن) قايغۇرمىغىن، ئۇنى ساڭا چوقۇم قايتۇرىمىز ۋە ئۇنى پەيغەمبەرلەردىن قىلىمىز»﴾.

الله نىڭ ۋەھىيسى تۈگىشىگىلا، مۇسانىڭ ئانىسى بۇ مەرھەمەتلىك ۋە مۇقەددەس ئاۋازغا ئىتائەت قىلدى. مۇسا ئۈچۈن كىچىك بىر ساندۇق ياسىدى. ئۇنى ئەمگۈزۈپ ساندۇق ئىچىگە قويۇپ، نىل دەرياسىغا قويۇپ بەردى.

دۇنيادا ئەڭ كۆيۈمچان بولغان ئانىنىڭ يۈرىكى ئوغلىنى نىل دەرياسىغا تاشلىغاندا، ئازاب بىلەن تولغان ئىدى. لېكىن ئۇ الله نىڭ ئۇنى تېخىمۇ بەكرەك سۆيىدىغانلىقىنى، تېخىمۇ كۆيۈنىدىغانلىقىنى بىلەتتى. الله مۇسانىڭ ۋە نىل نىڭ رەببىدۇر.

ساندۇق نىل دەرياسىغا چۈشەر ـ چۈشمەي، الله دولقۇنلارغا كەلگۈسىدە پەيغەمبەر بولىدىغان بوۋاقنى ئاستا ۋە سىلىق ئېقىتىشلىرىنى ئەمر قىلدى. ئەمەلىيەتتە بۇندىن بۇرۇنمۇ ھەزرىتى ئىبراھىم ئۈچۈن ئوتقا سۆرۈن ۋە تېنچ بولۇشنى ئەمر قىلغان ئىدى.

سۈرە قەسەس 7 ـ ئايەت.

ئۇلۇغ اللە نىل دەرياسىغا ساندۇقنى پىرئەۋننىڭ قەسرىگە قەدەر ئېلىپ بېرىشنى ئەمر قىلدى. دولقۇنلار ئۇنى تاكى ساھىلغىچە ئەكىلىپ قويدى.

شاماللار ساندۇقنىڭ چۆرىسىدىكى يېشىل ئوت - چۆپلەرگە: «تولا ئىغاڭلىماڭلار، چۈنكى مۇسا ئۇخلاۋاتىدۇ» دەيتتى.

ئوت - چۆپلەرمۇ بۇنىڭغا ئەمەل قىلاتتى ۋە مۇسا راھەت ئۇخلايتتى. سەھەردە پىرئەۋننىڭ قەسرىدىن قۇياش كۆتۈرۈلدى.

پىرئەۋننىڭ خانىمى ھەر كۈنلۈك ئادىتى بويىچە قەسىرنىڭ باغچىسىدا سەيلە قىلىۋاتاتتى. نېمە ئۈچۈنكى، بۈگۈنكى سەيلە ئۆزۈنىغا سوزۇلغاندەك كۆرۈنەتتى.

پىرئەۋننىڭ خانىمى پىرئەۋندىن كۆپ پەرقلىق بولۇپ، پىرئەۋن كاپىر، ئۇ مۆمىن ئىدى. پىرئەۋن رەھىمسىز، ئۇ شەپقەتلىك، پىرئەۋن قوپال، ئۇ مۇلايىم، ياخشى ئىدى. لېكىن ئۇ تۇغمىغاچقا بىر بالىسىنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلىپ كۆڭلى يېرىم بولاتتى. پىرئەۋننىڭ خانىمى گۈل - چېچەكلەرنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، پۇراقلاردىن يالغۇزلۇقنىڭ ھەسرىتىنى ھېس قىلدى. بۇ ئەسنادا، دەريادىن كومزەكلىرىگە سۇ ئېلىۋاتقان دېدەكلەر پۈتلىرىنىڭ يېنىدىكى ساندۇقنى كۆرۈپ، ئۆز پىتىچە خانىشقا ئېلىپ كەلدى ۋە خانىشنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ساندۇقنى ئاچتى. خانىش ساندۇقتىكى مۇسانى كۆرۈپ، ئۇنى خۇددى ئۆز ئوغلىدەك ھېس قىلدى. كۆز ياشلىرى ئىچىدە ئۇنى قولغا ئالغان ئىدى. مۇسامۇ ئويغىنىپ يىغلىغىلى تۇردى. ئەتىگەنلىك سۈتنى تېخى ئەممىگەچكە، قورسىقى ئاچقان ئىدى. پىرئەۋن ئەتىگەنلىك ناشتىدا خانىمنى ساقلاپ شۇنچە ئولتۇرۇپ باقسىمۇ، كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئاچچىقى بىلەن ئۇنى ئىزدەپ ماڭدى. ئايالى تۇيۇقسىز قۇچىقىدىكى مۇسانى كۆز ياشلىرى بىلەن سۆيۈپ تۇرغان ھالدا ئۇنىڭ ئالدىغا ئۇچرىدى. پىرئەۋن بۇ بالىنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى سورىدى. ئۇنىڭغا ساھىلدىكى بىر ساندۇقتىن تېپىلغانلىقىنى ئېيتتى. پىرئەۋن نادانلارچە: بۇ بەنى ئىسرائىل بالىلىرىدىن بىرى ئىكەن. بۇ يىل ئۇلارنىڭ بوۋاقلىرى ئۆلتۈرۈلەتتى، ئۇنداق ئەمەسمۇ؟ - دېدى.

خانىمى مۇسانى چىڭ قۇچاقلاپ تۇرۇپ:

﴿«(بۇ بالا) ماڭا ۋە ساڭا كۆز نۇرى، (يەنى خۇشاللىق) بولسۇن، ئۇنى ئۆلتۈرمەڭلار، بەلكى ئۇ بىزگە پايدا يەتكۈزەر ياكى ئۇنى ئوغۇل قىلىۋالارمىز» دېدى﴾ .

پىرئەۋن خانىمنىڭ بۇ مۇئامىلىسىگە، بۇرۇن كۆرۈلمىگەن خۇشاللىق ۋە سۆيۈنۈشتىن يىغلىشىغا قاراپ ئىنتايىن ھەيران قالدى.

پىرئەۋن خانىمنىڭ بۇ بوۋاقنى خۇددى ئۆز ئوغلىدەك كۆرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ ئۆز - ئۆزىگە: بەلكى ئۇ بالا تۇغمىغاچقا ئۇنى بالا قىلىۋالماقچى بولۇۋاتىدۇ. - دېدى.

[8] سۈرە قەسەس 9 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

نىھايەت خانىمىنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلغان پىرئەۋن ئۇنىڭ تەلىپى بويىچە بوۋاقنىڭ قەسىردە چوڭ بولۇشىغا ئىجازەت قىلدى. پىرئەۋنىنىڭ ماقۇل بولغانلىقىنى كۆرگەن خانىمى خۇشاللىقىدىن يۈزى ئېچىلىپ كۈلدى. پىرئەۋن بۇگۈنگىچە ئۇنىڭ ھەدىيە، زىبۇ ـ زىنىنەت ۋە دېدەك بېرىپمۇ بىر قېتىم كۈلگىنىنى كۆرەلمىگەنىدى. پىرئەۋن ئۇنى كۈلۈشىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىكەن دەپ قارايدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. مانا ھازىر ئۇنىڭ كۈلكە ئىچىدىكى يۈزىنى تۇنجى قېتىم كۆرىۋاتاتتى.

مۇسانىڭ ئاچلىقتىن يىغلاۋاتقانلىقىنى سەزگەن خانىم پىرئەۋنگە: كىچىك ئوغلۇم ئاچ، ـ دېدى. پىرئەۋن: ئۇنىڭغا ئېنىكئانا تېپىپ كېلىڭلار! ـ دەپ بۇيرۇق قىلدى.

سارايدىن بىر ئېنىكئانا كېلىپ مۇسانى ئېمىتمەكچى بولغان ئىدى. ئەمما مۇسا ئەممىدى. ئىككىنچى، ئۈچىنچى ھەتتا ئونىنچىسى كېلىپ مۇسانى ئەمدۈرەلمىدى. مۇسانىڭ يىغىسىغا قاراپ خانىممۇ نېمە قىلىشىنى بىلمەي يىغلايتتى.

پىرئەۋنىنىڭ خانىمىدىن باشقا مۇسانىڭ ئۆز ئانىسىمۇ ئازابلىنىپ يىغلايتتى. مۇسانى نىلغا تاشلىغان چېغىدا يۈرىكىنىمۇ تەڭ تاشلىغان ئىدى. ئۇ ساندۇق دەريا سۈيى بىلەن يوقالغاندىن بېرى ئۇنىڭ خەۋىرىنى ئالالمىغان ئىدى. يۈرىكى ئازابتىن ئېزىلىپ كەتكەندەك بولدى. ئەگەر ئۇلۇغ الله ئۇنىڭغا مەدەت بېرىپ، كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلمىغان بولسا، ئۇ ئاقىۋىتىنىڭ نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئوغلىنىڭ خەۋىرىنى ئېلىش ئۈچۈن پىرئەۋنىنىڭ سارىيىغا بېرىشتىنمۇ يانمايتتى. ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، ئوغلىنى الله قا تاپشۇردى ۋە مۇسانىڭ ئاچىسىغا: چاندۇرماي پىرئەۋنىنىڭ قەسىرىنىڭ يېنىغا بارغىن، مۇسانىڭ نېمە بولغانلىقىنى بىلىشكە تىرىشقىن، ـ دېدى.

ئاچىسى چاندۇرماي بېرىپ ۋەقەنى ئاڭلىدى. يىغلاۋاتقان مۇسانى يىراقتىن كۆردى. ئۇلارنىڭ مۇسانى ئەمدۈرەلمەي تىت ـ تىت بولۇۋاتقانلىقىنى بىلگەن ئاچىسى پىرئەۋنىنىڭ ياساۋۇللىرىغا: (سىلەرگە) ئۇنى ئېمىتىپ باقىدىغان، ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلالايدىغان بىر ئائىلىنى دەپ بېرەيمۇ؟ ـ دېدى.

پىرئەۋنىنىڭ ئايالى: ئەگەر بوۋاقنى ئېمىتەلەيدىغان بىر ئېنىكئانا تېپىپ كېلەلىسەڭ، ساڭا تىلىگەن نەرسەڭنى بېرىمەن، ـ دېدى. مۇسانىڭ ئاچىسى دەرھال ئانىسىنى ئەكەلدى. بوۋاقنىڭ ئەمگەنلىكىنى كۆرگەن پىرئەۋنىنىڭ ئايالى: بوۋاق سۈتتىن ئايرىلغىچە سەن باققىن، كېيىن بىزگە قايتۇرۇپ ئەكىلىسەن، ئۇنى باققىنىڭ ئۈچۈن ساڭا كاتتا ئىنئام بېرىمىز، ـ دېدى.

ئۇلۇغ الله مۇسانىڭ ئانىسىنىڭ خاتىرجەم بولۇشى، ئازابلانماسلىقى ئۈچۈن مۇسانى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بەرگەن ئىدى.

روشەنكى، الله ۋەدىسىدە راستچىل ۋە سۆزى ھەر قاچان نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئەمەلگە ئاشقۇچىدۇر.

ئۇلۇغ اللە قەسەس سۈرىسىدە مۇنداق دېگەنىدى:

﴿مۇسانىڭ ئانىسى (مۇسانىڭ پىرئەۋننىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ) ئەس ـ ھوشىنى يوقاتتى، (ئۇنىڭ اللە نىڭ بالىنى قايتۇرۇش ۋەدىسىگە) ئىشەنگۈچىلەردىن بولۇشى ئۈچۈن، ئۇنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلمىغان بولساق، ئۇ بالىنى ئاشكارىلاپ قويغىلى تاس قالغان ئىدى. ئانىسى مۇسانىڭ ھەمشىرىسىگە: «(خەۋەرنى ئۇقۇش ئۈچۈن) مۇساغا ئەگەشكىن» دېدى. ھەمشىرىسى مۇسانى يىراقتىن كۆرۈپ تۇردى. ھالبۇكى، ئۇلار (ئۇنى) تونۇمايتتى. (ئۇز ئانىسى كېلىشتىن) ئىلگىرى مۇسانى سۈت ئەمگۈزگۈچى ئاياللارنىڭ ئېمىتىشىدىن توستۇق. مۇسانىڭ ھەمشىرىسى: «سىلەرگە مۇسانى ئۇبدان باقىدىغان بىر ئائىلىنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟ ئۇلار مۇسانى ئىخلاس بىلەن باقىدۇ» دېدى. ئانىسىنىڭ خۇشال بولۇشى، قايغۇرماسلىقى ۋە اللە نىڭ ۋەدىسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىشى ئۈچۈن بىز مۇسانى ئۇنىڭغا قايتۇردۇق. لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (اللە نىڭ ۋەدىسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى) بىلمەيدۇ﴾.[1]

مۇسانىڭ ئانىسى مۇسا سۈتتىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئۇنى پىرئەۋننىڭ ئائىلىسىگە تاپشۇردى. ئۇنى ھەممە كىشى ياخشى كۆرەتتى.

ئۇلۇغ اللە تاھا سۈرىسىدە مۇنداق دېگەنىدى:

﴿مېنىڭ قوغدىشىم ئاستىدا تەربىيىلىنىشىڭ ئۈچۈن، ساڭا مەن تەرەپتىن بولغان مۇھەببەتنى سالدىم﴾.[2]

ئۇنى كۆرگەنلا كىشىنىڭ ئامراقلىقى كېلەتتى. ئۇ يەر يۈزىدىكى سارايلارنىڭ ئەڭ كاتتىسىدا، اللە نىڭ قوغدىشى ۋە ھىمايىسىدە ئۆسۈۋاتاتتى. مۇسانىڭ تەربىيىلىنىشى پىرئەۋننىڭ ئۆيىدىن باشلاندى. ئۇ چاغلاردا ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ مەشھۇر ئۇستاز، ئالىملىرى بۇ سارايدا خىزمەت قىلاتتى. مىسىر ئۇ دەۋردە دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەت، پىرئەۋن ئەڭ چوڭ ھۆكۈمران بولغانلىقىدىن ئۇ ئۇستازلارنىڭمۇ دۇنيادىكى ئەڭ دانىشمەن كىشىلەر ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلماق تەس ئەمەس، ئەلۋەتتە.

مۇسانىڭ ئەڭ ئۈستۈن دەرىجىدە تەربىيىلىنىشى، ئەڭ دانىشمەن كىشىلەردىن دەرس ئېلىشى، (بۇلارنىڭ ھەممىسى) كېيىن اللە نىڭ ئىرادىسىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ئۆزۈشىدىغان دۈشمىنىنىڭ ئۆيىدە (سارايدا) ئېلىپ بېرىلىشى اللە نىڭ ھېكمەتلىك تەدبىرى ئىدى. مۇسا پىرئەۋننىڭ ئۆيىدە ماتېماتىكا، گېئومېترىيە، ئاسترونومىيە، خېمىيە، تەبىئەت ۋە چەتئەل تىللىرى ئۆگىنىپ چوڭ بولدى. دىن دەرسىدە ئوخلايتتى. چۈنكى پىرئەۋننىڭ ئىلاھ ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ توغرىدا سۆزلەنگەن قۇرۇق گەپلەرنى ئاڭلىمايتتى. ئىچىدە بۇلارنى مەسخىرە قىلاتتى. ئۇ پىرئەۋن بىلەن بىر سارايدا تۇرغاچقا، ئۇنىڭ پەقەتلا بىر ئىنسان ۋە زالىم ئىكەنلىكىنى باشقىلاردىن بەكرەك ياخشى بىلەتتى.

---

[1] سۈرە قەسەس 10 ـ 13 ـ ئايەتكىچە.
[2] سۈرە تاھا 39 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۆزىنىڭ پىرئەۋنىنىڭ ئوغلى ئەمەس، بەنى ئىسرائىلدىن بىرى ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىدىغان مۇسا پىرئەۋن ئادەملىرىنىڭ ۋە ئۇنىڭ يالاقچىلىرىنىڭ بەنى ئىسرائىل قەۋمىگە قانداق زۇلۇم قىلىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ چوڭ بولدى.

ئۇ، خەلقىنىڭ خەۋىرى يوق بىر چاغدا شەھەرگە كىردى. ئۇ يەردە ئايلىنىپ يۈرەتتى. تۇيۇقسىز پىرئەۋنىنىڭ ئادەملىرىدىن بىرىنىڭ بەنى ئىسرائىل قەۋمىدىن ئورۇق، ئاجىز بىرىنى بوزەك قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئاجىز كىشىنىڭ تەلپىي بويىچە جېدەلگە ئارىلىشىپ ئۇ ئۆكتەم كىشىنى بىر ئۇرىۋىدى، ئۇ ئويلىمىغان يەردىن ئۆلۈپ قالدى. مۇسا شۇنچىلىك كۈچلۈك ئىدىكى، رەقىبىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن قولى بىلەن بىر قېتىم ئۇرسىلا يېتەتتى. ئەمما مۇسانىڭ مەقسىتى ئادەم ئۆلتۈرۈش ئەمەس ئىدى، ئۇ كىشى تۇيۇقسىزدىن ئۆلگەن ئىدى.

مۇسا ئۆزىگە: بۇ شەيتاننىڭ ئىشىدۇر، چۈنكى ئۇ ئوپىئوچۇق ئازدۇرغۇچى، دۈشمەندۇر، ـ دېدى ۋە رەببىگە مۇنداق دەپ دۇئا قىلدى: ئى رەببىم! مەن ئۆزەمگە زۇلۇم قىلدىم، ماڭا مەغپىرەت قىلغىن!

الله ئۇنى مەغپىرەت قىلدى. ئۇ مەغپىرەت قىلغۇچى، مەرھەمەتلىك. ئۇلۇغ الله قەسەس سۈرىسىدە مۇنداق دېگەنىدى:

﴿مۇسا ئۆسۈپ يېتىلگەندە، ئەقلى توشقاندا ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىكنى ۋە ئىلىمنى ئاتا قىلدۇق، بىز ياخشىلارغا مۇشۇنداق مۇكاپات بېرىمىز. مۇسا شەھەر ئاھالىسىدىن ھېچ كىشىنى كۆرگىلى بولمايدىغان بىر ۋاقىتتا (يەنى چۈشلۈك ئۇيقۇدىكى چاغدا) شەھەرگە كىردى، ئۇ شەھەردە ئىككى كىشىنىڭ ئۇرۇشۇۋاتقانلىقىنى كۆردى. (ئۇرۇشۇۋاتقانلاردىن) بىرى ئۆز قەۋمىدىن بولسا، يەنە بىرى ئۇنىڭ دۈشمىنى ئىدى. ئۆز قەۋمىدىن بولغان ئادەم دۈشمىنىگە قارشى ئۇنىڭدىن ياردەم تىلىدى. مۇسا ئۇنى مۇشت بىلەن بىرنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويدى. مۇسا ئېيتتى: «بۇ شەيتاننىڭ ئىشىدۇر، شۈبھىسىزكى، شەيتان ئازدۇرغۇچى ئاشكارا دۈشمەندۇر». مۇسا ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! مەن ھەقىقەتەن ئۆزەمگە زۇلۇم قىلدىم. ماڭا مەغپىرەت قىلغىن». الله ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلدى، الله ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر. مۇسا ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! (ماڭا مەغپىرەت قىلغانلىق) نېمىتىڭ سەۋەبى بىلەن مەن ھەرگىز گۇناھكارلارغا ياردەمچى بولمايمەن»﴾.

مۇسا شەھەردە قورقۇنچ ئىچىدە ئەتراپىغا كۆز تاشلايتتى. خۇددى ھەر قەدىمىدە بىرەر بالادىن قورققان، كىچىككىنە بىر شەپىدىن چۆچۈپ ئارقىغا قارايدىغان كىشىگە ئوخشاپ قالغان ئىدى.

[8] سۈرە قەسەس 14 ـ 17 ـ ئايەتكىچە.

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مۇسا ئەسەبىي ۋە ئالدىراقسانلىقنىڭ ئۈلگىسى ئىدى. پەقەتلا مىسىرلىقنى يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئاتقان بىر مۇشت بىلەن ئۆيلىمىغان يەردىن ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپ، بېشىغا ئىش تېرىغان ئىدى.

بۇ ئۆلۈمگە كۈنىمىز قانۇنلىرىدا: «سەۋەنلىكتىن ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويۇش» دەپ ھۆكۈم قىلىنىدۇ. چۈنكى ھەرىكەتتە ۋە نىيەتتە قەستەنلىك يوقتۇر ھەم بۇنىڭ جازاسى ئېغىر ئەمەس بولۇپ، سوت بۇ خىلدىكى ۋەقەنى (ياكى جىنايەتنى) يېنىكلىتىپ بىر تەرەپ قىلىدۇ.

ۋەقەنى پەقەتلا ئۆلۈمگە سەۋەبچى بولغان بىر مۇشتتىن ئىبارەت دېگىلى بولمايتتى، چۈنكى بۇ ئۇرۇشمىز قەستەن ئەمەس، مۇسا ئۇنى ئۇرماقچى بولماستىن، پەقەت ئاجرىتىش ئۈچۈن قولىنى ئىشلەتكەن ئىدى.

ئالدىمىزدا مۇسانىڭ ھالىنىڭ خۇددى ئىبراھىمنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى يەنە بىر خىل ھالىدەك ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. ھەر ئىككىسىلا ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەردىن ئىدى. لېكىن ئىبراھىم مۇلايىملىق، ئېغىر بېسىقلىقنىڭ ئۈلگىسى، مۇسا بولسا چېپىلغاق ۋە ئەسەبىيلىكنىڭ ئۈلگىسى ئىدى. بۇ، الله نىڭ ياراتقان ئۇ خىلدىكى مۆجىز پىشخىكىسىدىن ئىبارەت.

مۇسا شەھەردە قورقۇنچ ئىچىدە ئەتراپىنى كۆزىتىپ يۈردى. مۇسا بۇندىن كېيىن ئۆزىنىڭ جىنايەتچىلەرگە ياردەم قىلمايدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئادەملىرىدىن بىرىنى قوغداش ئۈچۈن بولسىمۇ، ئەسكى ۋە گۇناھكارلارنىڭ ئارىسىدىكى جېدەلگە ئارىلاشمايدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى. تاڭ ئاتتى. مۇسا يولدا كېتىۋېتىپ تۈنۈگۈنكى ئادەمنىڭ يەنە ۋاقىراپ ـ جاقىراپ ئۆزىدىن ياردەم سوراۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ ئادەم يەنە بىر مىسىرلىق بىلەن ئۇرۇشۇۋاتاتتى. مۇسا بۇ ئادەمنىڭ ئۇسال ۋە جېدەلكەشلىكىنى بىلىپ ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن: سەن ئوپئوچۇق گۇمراھ ئىكەنسەن، ـ دەپ ۋارقىرىدى.

مۇسا ۋاقىرغاچ مىسىرلىقنى تۇتماقچى بولۇپ ئۇلارغا قاراپ كېلىۋىدى، ئۇنىڭ ئۆزىنى تۇتقىلى كېلىۋاتقانلىقىنى خىيال قىلغان يەھۇدىي قورققان ھالدا: ئى مۇسا! تۈنۈگۈن بىرىنى ئۆلتۈرگىنىڭدەك مېنى ئۆلتۈرمەكچىمۇسەن؟ سەن زېمىندا ئىسلاھاتچى ئەمەس، بەلكى بىر زوراۋان بولماقچىكەنسەن، ـ دېدى.

ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان مۇسانىڭ ئاچچىقى پەسىيىپ توختاپ قالدى. تۈنۈگۈن قىلغان ئىشلىرى ئۈچۈن تۆۋبە ـ ئىستىغفار ئېيتقانلىقىنى، گۇناھكارلارغا ياردەم قىلماسلىق توغرىسىدا بەرگەن ۋەدىسىنى ئېسىگە ئېلىپ، تەكرار رەببىگە ئىستىغفار ئېيتتى.

يەھۇدىي بىلەن ئۇرۇشقان مىسىرلىق مۇسانىڭ تۈنۈگۈن جەسىتى تېپىلغان مىسىرلىقنىڭ قاتىلى ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ قالدى. شەھەر مۇھاپىزلىرى قاتىلنى ئىزدەپ تاپالمىغان ئىدى. ئۇ دەرھال مۇھاپىزلارنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، مۇسانىڭ ئەھۋالىنى

خەۋەر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، مۇسانىڭ ئىشى ئاشكارىلىنىپ قالدى. شەھەرنىڭ يىراق يېرىدىن يۈگۈرۈپ كەلگەن ئىمانلىق بىر مىسىرلىق (قىبتى) مۇسانىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ، ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقى، شۇڭا دەرھال مىسىردىن كېتىشىنى تەۋسىيە قىلدى.

ئۇلۇغ اللە بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنىدى:

﴿مۇسا ئەتىسى ئەتىگەندە قورقۇنچ ئىچىدە ئەتراپىغا قاراپ شەھەر ئارىلاپ يۈرەتتى، ناگاھان تۈنۈگۈن ئۇنىڭدىن ياردەم تىلىگەن ئادەم (بىر قىبتى بىلەن ئۇرۇشۇپ تۇرغان ھالدا) مۇسادىن يەنە ياردەم تىلىدى، مۇسا ئۇنىڭغا: «سەن ھەقىقەتەن ئاشكارا گۇمراھ ئىكەنسەن» دېدى. مۇسا ئىككىسىنىڭ (ئورتاق) دۈشمىنى بولغان ئادەم (يەنى قىبتى) گە قول ئۇزاتماقچى بولغاندا، ياردەم تىلىگەن ئادەم: «ئى مۇسا! سەن تۈنۈگۈن بىر ئادەمنى ئۆلتۈرگەندەك مېنى ئۆلتۈرمەكچىمۇسەن، سەن زېمىندا تۈزىگۈچىلەردىن بولۇشنى خالىماي، پەقەت زومىگەر بولۇشنىلا خالايسەن» دېدى. بىر ئادەم شەھەرنىڭ يىراق يېرىدىن ئالدىراپ كېلىپ: «ئى مۇسا! شۈبھىسىزكى، كاتتىلار سېنى ئۆلتۈرۈشنى مەسلىھەت قىلىشىۋاتىدۇ، (شەھەردىن دەرھال) چىقىپ كەتكىن، مەن ئەلۋەتتە ساڭا سادىق كىشىلەردىنمەن» دېدى﴾.

دېمەك، اللە مۇسانى ئاگاھلاندۇرغان كىشىنىڭ ئىسمىنى بىزگە بىلدۈرمىگەن. لېكىن ئايەتلەرگە قاراپ ئۇنىڭ مىسىرلىق مۆھىم بىر كىشى ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلالايمىز. ئۇنىڭ مۇساغا قارشى ھازىرلانغان سۇيىقەست پىلانىدىن خەۋەر تاپقانلىقىدىن، ئۇنىڭ ئادەتتىكى ئادەم ئەمەسلىكى چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇ تۈنۈگۈنكى ۋەقە سەۋەبىدىن مۇسانىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىنى ھەقسىزلىق دەپ قارايتتى. قەدىمكى مىسىر قانۇنى بويىچە دىققەتسىزلىك بىلەن قاتىللىق قىلغانلارنىڭ جازاسى زىنداندا يېتىش ئىدى. ئۇنداقتا مۇسانى ئۆلتۈرۈش ھۆكۈمىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ بۇنىڭ جاۋابى تۆۋەندىكى جۈملىدۇر: «كاتتىلار سېنىڭ ئىشىڭنى مۇزاكىرە قىلىۋاتىدۇ» بۇ بىر ئادەتتىكى جىنايەت بولۇپ، پەقەت سوت ھۆكمى بىلەن زىندانغا تاشلىسىلا بولاتتى. ئەمما كاتتىلارنىڭ مۇزاكىرە قىلىپ ئۆلتۈرۈشنىڭ سەۋەبى ۋە ئۇلارنىڭ بىر تەرەپكە يان بېسىپ مۇسانى ئۆلتۈرمەكچى بولۇشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟

ئويلايمىزكى، مىسىرنىڭ مۇھاپىز باشلىقى مۇسانى ياخشى كۆرمەيتتى. ئۇنىڭ بەنى ئىسرائىللىق ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ساندۇقنىڭ پىرئەۋن قەسرىدە پەيدا بولۇشىنى، ئۇنىڭ تەختىگە كۆز تىككەن دۈشمەنلىرىنىڭ پىلانلىغان تۈزىقى دەپ قارايتتى. چۈنكى مۇسا ھېچقانداق بىر بەنى ئىسرائىل بوۋىقىنىڭ ھايات قېلىشى مۇمكىن بولمايدىغان يىلدا ھايات قالغان ئىدى.

بۇ دېمەككى، ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى بۇ جەھەتتە يۇمشاقراق مۇئامىلە قىلغان ئىدى. ئۇ مۇسانىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىنى نۇرغۇن قېتىم تەۋسىيە قىلغان، پىرئەۋنمۇ بۇ پىكىرنى قوللاپ

سۈرە قەسەس 18 ـ 20 ـ ئايەتكىچە.

قول سالماقچى بولغاندا خانىمىنىڭ مۇساغا بولغان مۇھەببىتى ۋە كۆيۈمى ئالدىدا توختاپ قالغان ئىدى.

نىھايەت پۇرسەت كەلگەن ئىدى. ئادەملەردىن بىرى تۇنۇگۈن ئۆلگەن كىشىنىڭ قاتىلىنىڭ مۇسا ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭغا يەتكۈزدى. ئەھۋال ئېنىقلانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا مۇسانى ئۆلتۈرۈش پۇرسىتى كەلدى. ئۇنى ھازىر كىم ئاقلىيالايدۇ؟ «مۇسانى قەستەن ئادەم ئۆلتۈردى» دەپ تۇتىدىغان تۇرسا؟

مۇسانىڭ سارايدىكى دۈشمەنلىرى بۇنىڭدىن خۇرسەن بولدى ۋە ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلىشىنى بېكىتتى.

الله مۇسانىڭ يېنىغا ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۇ زالىملارنىڭ ئارىسىدىن قېچىشىنى تەۋسىيە قىلىدىغان ئەقىللىق بىر مىسىرلىقنى ئەۋەتتى.

ئۇلۇغ الله مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھۋالىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

﴿مۇسا قورقۇنچ ئىچىدە ئەتراپىغا باقىقان ھالدا شەھەردىن چىقتى، ئۇ: «ئى پەرۋەردىگارىم! مېنى زالىم قەۋمدىن قۇتقۇزغىن» دېدى﴾. □

مۇسانى قوغلىغانلار ۋە قاچقان كۆرۈنۈشىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەيلى. ئۇ: «رەببىم! مېنى زالىم قەۋمدىن قۇتقۇزغىن!» دېگىنىچە، خاۋاتىرلەنگەن ۋە الله قا دۇئا قىلغان ھالدا قېچىۋاتاتتى.

بۇ قەۋم راستىنلا زالىم بولغاچقا، ئۇنىڭغا ئۇۋال قىلىپ ئۆلۈم جازاسى بەرمەكچى بولغان ئىدى. ھالبۇكى، ئۇ پەقەت قولىنى ئۇزىتىپ غەۋغانى ئاجرىتىش ۋە سەۋەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويۇشتىن باشقا ھېچ ئىش قىلمىغان ئىدى.

مۇسا پىرئەۋننىڭ قەسرىگە بارمايلا دەرھال مىسىردىن قېچىپ چىقتى. ئۇ كىيىمىنى ئالماشتۇرمىغان، يولغا چىقىش ئۈچۈن ئۇزۇق ـ تۈلۈكمۇ ئېلىۋالمىغان ئىدى. مىنىدىغان ئۇلىقىمۇ يوق ھەم ئۆزى يالغۇز بولۇپ، پەقەت ھېلىقى مۆمىن كىشىنىڭ تەۋسىيەسى بىلەن ئالدىراش يولغا چىققان ئىدى.

ئۇ الله قا تەۋەككۈل قىلغان ھالدا باشقىلار ماڭمىغان يولغا، چۆلگە قاراپ ماڭدى. نەگە كېتىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى. چۈنكى ھەم يالغۇز ھەم تۇنجى قېتىم چۆل سەپىرىگە چىقىۋاتاتتى.

ئۇ داۋاملىق قوغلىنىش ھېسسىياتى بىلەن مېڭىپ ئاخىرى بىر يەرگە ئۇلاشتى، بۇ يەر مەديەن ئىدى.

ئۇ، كىشىلەر ھايۋانلىرىنى سۇغىرىدىغان بىر قۇدۇقنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ھاردۇق ئالدى. دەرەخ يوپۇرماقلىرىدىن باشقا يەيدىغان نەرسە يوق ئىدى. يولدا ئۇچرىغان

□ سۈرە قەسەس 21 ـ ئايەت.

قۇدۇقلاردىن سۇ تېپىپ ئىچەتتى. كەيىندىن پىرئەۋننىڭ ئۆزىنى تۇتۇش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتىشىدىن داۋاملىق ئەنسىرەيتتى.

مۇسا مەديەنگە بېرىپلا بىر دەرەخنىڭ ئاستىغا ئۆزىنى تاشلاپ ئارام ئالدى. ھەم ئاچ ھەم ھارغىن ئىدى. قۇم، قىيا تاشلار ۋە توپىلاردا يۈرۈپ يىرتىلىپ كەتكەن ئاياقلىرى پۇتلىرىدىن چۈشۈپ قالغان ئىدى. يېنىدا ئاياق ئېلىش ئۈيايقتا تۇرسۇن، يەيدىغان نەرسە سېتىۋېلىش ئۈچۈنمۇ پۇلى يوق ئىدى. مۇسا بەزى پادىچىلارنىڭ قوي ـ كاللارنى سۇغىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ ھەم ئاچ ھەم ئۇسساپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى ۋە ئۆز ـ ئۆزىگە: «يېگۈدەك بىر نەرسە سېتىۋېلىشقا پۇلۇم بولمىغاندىكىن، قورسىقىمنى سۇ بىلەن توشقۇزاي» دەپ سۇ بار تەرەپكە قاراپ ماڭدى. قۇدۇق يېنىدا ماللىرىنىڭ باشقىلارنىڭ مېلىغا ئارىلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن توسۇپ تۇرۇۋاتقان ئىككى قىزنى كۆردى. مۇسا تۇيۇقسىز كەلگەن بىر ئىلھام بىلەن بۇ ئىككى قىزنىڭ ياردەمگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، ئۇسسىغانلىقىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئۇلارنىڭ يېنىغا باردى ۋە ياردەمگە ئېھتىياجىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى سورىۋىدى، قىزلارنىڭ چوڭى:

ـ بىز پەقەت باشقا پادىچىلاردىن كېيىنلا ماللىرىمىزنى سۇغۇرالايمىز ـ دېدى.

مۇسا: نېمىشقا؟ ـ دەپ سورىدى.

ـ بىز ئەرلەرنىڭ ئارىسىغا كىرەلمەيمىز. ـ دەپ جاۋاب بەردى قىزلارنىڭ كىچىكى.

مۇسا پادىلارنى ئەركەكلەر باقماي، نېمىشقا بۇ ئىككى قىزنىڭ باقىدىغانلىقىغا ھەيران قالدى. بۇ تەس ۋە كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان غەلىتە ئىش ئىدى. مۇسا نېمىشقا پادىغا ئۇ ئىككىسىنىڭ قارايدىغانلىقىنى سورىدى:

ـ دادىمىز بىر قېرى بوۋاي، ھەركۈنى چارۋىلارنى ئوتلىتىشقا سالامەتلىكى يار بەرمەيدۇ. ـ دېدى كىچىك قىز.

مۇسا: سىلەر ئۈچۈن مەن سۇغۇرۇپ بېرەي. ـ دەپ سۇنىڭ بېشىغا قاراپ ماڭدى. ئەمما پادىچىلارنىڭ قۇدۇقنىڭ بېشىغا 10 ئەركىشى ئاران مىدىرلىتالايدىغان چوڭ بىر خادا تاش تىكلەپ قويغانلىقىنى كۆردى.

مۇسا ئۇنى قۇدۇق بېشىدىن قۇچاقلاپ كۆتىرىپ ئالدى. ئۇ كۆتۈرگەن چېغىدا قولى ۋە بويىنى تەرگە چۆمدى. كۈچلۈك مۇسا ماللارنى سۇغۇرۇپ بولغاندىن كېيىن خادا تاشنى كۆتۈرۈپ تەكرار ئورنىغا ئەكىلىپ قويدى. ئاندىن ئۇلاردىن ئايرىلىپ دەرەخنىڭ سايىسىگە قايتىپ كېلىپ ئولتۇردى. شۇ ئەسنادا سۇ ئىچىشنى ئۇنتۇپ قالغانلىقى ئېسىگە كەلدى. ئاچلىقتىن قورسىقى چاپلىشىپ قالغان ئىدى. ئىچىدە الله نى ئەسلەپ مۇنداق دېدى:

﴿مۇسا ئۇلارنىڭ قويلىرىنى سۇغۇرۇپ بەردى، ئاندىن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ (بىر دەرەخنىڭ) سايىسىگە بېرىپ (ئولتۇرۇپ): «پەرۋەردىگارىم! ماڭا رىزىقتىن نېمىنىلا بەرسەڭ، مەن ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا موھتاج» دېدى﴾.[1]

ئۇلۇغ اللە بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنىدى:

﴿ئۇ مەديەن تەرەپكە يۈزلەنگەن چاغدا: «پەرۋەردىگارىم مېنى توغرا يولغا يېتەكلىشى مۇمكىن» دېدى. مۇسا مەديەندىكى بىر بۇلاقنىڭ يېنىغا كەلگەندە (ماللىرىنى) سۇغىرىۋاتقان بىر توپ كىشىلەرنى كۆردى. ئۇلاردىن باشقا يەنە (قويلىرىنى سۇدىن) توسۇپ تۇرغان ئىككى ئايالنى كۆردى. مۇسا ئۇلارغا: «سىلەرگە نېمە بولدى؟ (يەنى قويلىرىڭلارنى سۇدىن توسۇپ تۇرۇپسىلەرغۇ؟)» دېدى. ئۇلار: «پادىچىلار قويلىرىنى سۇغۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن بىز سۇغىرىمىز، ئاتىمىز بولسا ياشىنىپ قالغان بوۋايدۇر» دېدى. مۇسا ئۇلارنىڭ قويلىرىنى سۇغۇرۇپ بەردى، ئاندىن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ (بىر دەرەخنىڭ) سايىسىگە بېرىپ (ئولتۇرۇپ): «پەرۋەردىگارىم! ماڭا رىزىقتىن نېمىنىلا بەرسەڭ، مەن ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا موھتاج» دېدى﴾.[2]

مۇسا دەرەخ سايىسىدە ئولتۇرۇپ تۇرسۇن، بىز ماللىرىنى سۇغارغان ئىككى قىزغا كېلەيلى:

قىزلار قېرى دادىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلگىنىدە دادىسى: بۈگۈن ئەجەپ بالدۇر قايتىپ كېلىپسىلەرغۇ؟ ـ دەپ سورىدى.

ـ بۈگۈن تەلىيىمىزگە بىر ياخشى كىشى ئۇچراپ قېلىپ، پادىلىرىمىزنى سۇغۇرۇپ بەردى دادا. ـ دەپ جاۋاب بەردى چوڭ قىز.

ـ ئەلھەمدۇلىللا! ـ دېدى دادىسى.

ـ دادا ئۇ ئۇزۇن سەپەردىن كەلگەندەك تۇرىدۇ. قورسىقىمۇ ئاچ، كۈچلۈك بولسىمۇ چىرايىدىن ھارغىنلىق چىقىپ تۇرىدۇ. ـ دېدى كىچىك قىزى.

دادىسى: ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ، دادام بىزنىڭ چارۋىلىرىمىزنى سۇغۇرۇپ بەرگەنلىكىڭ ئۈچۈن ساڭا ھەق بەرمەكچى بولۇپ سېنى چاقىرىۋاتىدۇ، دەڭلار ـ دېدى.

قىز ھاياجانلىنىپ مۇسانىڭ يېنىغا يۈگۈردى ۋە مۇسانىڭ ئالدىغا كېلىپ دادىسىنىڭ گېپىنى يەتكۈزدى. مۇسا كۆزىنى يەرگە تىكىپ ئورنىدىن تۇردى، ئۇ بۇنى پۇل ئۈچۈن ئەمەس، پەقەتلا اللە رىزاسى ئۈچۈنلا قىلغان ئىدى. ئەمما ئىچىدە (كۆڭلىدە) پۇتلىرىنى ئۆزىنىڭ ئەمەس، اللە نىڭ باشقۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى ۋە ئورنىدىن تۇردى.

قىز يول باشلاپ ماڭغاندا شامال كېلىپ كىيىملىرىنى يەلپۈدى. ئۇ قىزغا: سەن يولنى كۆرسەتكىن، مەن سېنىڭ ئالدىڭدا ماڭاي. ـ دېدى. ئۇلار بوۋاينىڭ يېنىغا كەلدى. بەزى

[1] سۈرە قەسەس 24 ـ ئايەت.
[2] سۈرە قەسەس 22 ـ 24 ـ ئايەتكىچە.

مۇپەسسىرلەر بۇ بوۋاينىڭ شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ: «قەۋمىنىڭ ھالاكىتىدىن كېيىن ئۇنىڭغا ئۇزۇن ئۆمۈر بېرىلگەن ئىدى» دېسە، يەنە بەزىلەر: «ئۇ شۇئەيبنىڭ ئىنىسىنىڭ ئوغلى ياكى تاغىسىنىڭ ئوغلى» دەيدۇ. «ئۇ شۇئەيبنىڭ قەۋمىدىن مۆمىن بىر كىشى» دېگۈچىلارمۇ بار. يەنى ئۇنىڭ ياخشى بوۋاي ئىكەنلىكى ئېنىق. بوۋاي ئۇنى تاماق بىلەن مېھمان قىلدى ۋە نەدىن كېلىپ، نەگە كېتىۋاتقانلىقىنى سورىدى. مۇسا ئۆزىنىڭ ھېكايىسىنى ئېيتىپ بەردى.

بوۋاي: قورقما! زالىم مىللەتتىن قۇتۇلۇپسەن. ئەمما بۇ مەملىكەت مىسىرغا تەۋە ئەمەس. ئۇلار بۇ يەرگە كېلىپ سېنى تاپالمايدۇ. - دېدى.

مۇسا خۇشال بولدى ۋە كېتىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى.

بوۋاينىڭ قىزى قېرى دادىسىغا پىچىرلىدى: دادا! ئۇنى ئىشلەتكىن. بۇ سېنىڭ ئىشلەمچىلىرىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ياخشىسى. ھەم ئىشەنچلىك ھەم كۈچلۈك.

بوۋاي قىزىغا: كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى سەن قانداق بىلىسەن! - دەپ قارىدى.

- ئۇ كىشى ئاران كۆتۈرەلەيدىغان خادا تاشنى ئۆزى يالغۇز كۆتەردى. - دېدى قىز.

- ئۇنىڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلىسەن؟ - سورىدى بوۋاي.

- ئارقامدىن مېڭىشىنى خالىمىدى، مەن ماڭغاندا ماڭا قارىماسلىق (قاراپ قالماسلىق) ئۈچۈن مېنىڭ ئالدىمدا ماڭدى. ئۇنىڭغا گەپ قىلغىنىمدا ئۇيالغىنىدىن يەرگە قارىۋالدى. - دەپ جاۋاب بەردى قىز.

بوۋاي مۇساغا ئۆرۈلۈپ: مۇسا! يېنىمدا سەككىز يىل ئىشلەپ بېرىش بەدىلىگە قىزلىرىمدىن بىرىنى ساڭا نىكاھلاپ بېرىشنى خالايمەن. ئەگەر **10** يىلنى تاماملىۋەتسەڭ (توشقۇزىۋەتسەڭ) تېخىمۇ ياخشى. سېنى جاپاغا قويۇشنى خالىمايمەن. ﷲ خالىسا، مېنىڭ ياخشى كىشى ئىكەنلىكىمنى كۆرىسەن. - دېدى.

مۇسا: بۇ سەن بىلەن مېنىڭ ئارىلىقىمىدىكى توختامدۇر. ﷲ بىزنىڭ توختىمىمىزغا گۇۋاھچىدۇر. مەن مەيلى سەككىز يىل ياكى ئون يىل ئىشلەپ بېرەي، ئۇنىڭدىن كېيىن كېتىش ئەركىنلىكى مەندە بولىدۇ. - دېدى.

ئۇلۇغ ﷲ قەسەس سۈرىسىدە مۇنداق دېگەنىدى:

﴿ئۇلارنىڭ (يەنى ئۇ ئىككى ئايالنىڭ) بىرى مۇسانىڭ يېنىغا ئۇياتچانلىق بىلەن مېڭىپ كېلىپ: «(قويلىرىمىزنى) سۇغىرىپ بەرگەنلىكىڭنىڭ ھەققىنى بېرىش ئۈچۈن ئاتام سېنى راستلا چاقىرىدۇ» دېدى. مۇسا ئۇنىڭ (يەنى شۇئەيبنىڭ) قېشىغا كېلىپ ئەھۋالنى ھېكايە قىلىپ بەردى، شۇئەيب: «قورقمىغىن، زالىم قەۋمدىن قۇتۇلدۇڭ» دېدى. ئۇلارنىڭ (يەنى ئاياللارنىڭ) بىرى ئېيتتى: «ئى ئاتا، ئۇنى سەن ئىشلەتكىن، بۇ سەن ئىشلەتكەنلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر، كۈچلۈك، ئىشەنچلىكتۇر». ئۇ (يەنى شۇئەيب)

ئېيتتى: «ماڭا سەككىز يىل ئىشلەپ بېرىشىڭ بەدىلىگە ساڭا بۇ ئىككى قىزىمنىڭ بىرىنى بېرىشنى خالايمەن. ئەگەر ئون يىلنى توشقۇزۇۋەتسەڭ (ئۇمۇ) ئىختىيارىڭ. (ئون يىلنى شەرت قىلىپ) سېنى مۇشەققەتكە سېلىپ قويۇشنى خالىمايمەن. خۇدا خالىسا، مېنىڭ ياخشى ئادەم ئىكەنلىكىمنى بايقايسەن». مۇسا ئېيتتى: «بۇ ئىككىمىزنىڭ ئارىمىزدىكى توختامدۇر. ئىككى مۇددەت (يەنى سەككىز يىل بىلەن ئون يىل) نىڭ قايسىسىنى توشقۇزسام توشقۇزاي. ماڭا ئارتۇقچە تەلەپ قويۇشقا بولمايدۇ. اللە بىزنىڭ سۆزىمىزگە گۇۋاھتۇر»﴾.[1]

سۆز بۇ يەرگە كەلگەندە نۇرغۇن قەلەمكەشلەر: «مۇسا بوۋاينىڭ چوڭ قىزى بىلەن تويى قىلغانمىدۇ ياكى كىچىكى بىلەنمۇ؟ بۇ يەردە 10 يىل قالغانمىدۇ ياكى سەككىز يىلمۇ؟» دېگەندەك سوئاللارنى سوراپ يۈرىشىدۇ.

بىز مۇسانىڭ بوۋاينىڭ ئىككى قىزىدىن بىرىگە ئۆيلەنگەنلىكىنىلا بىلىمىز. قىزنىڭ ئىسمىنى، چوڭى ياكى كىچىكمۇ، بۇنى بىلمەيمىز. بەلكى ئۇنى دادىسىنىڭ يېنىغا چاقىرىشقا بارغان، كېيىن ئۇزىنى (يەنى مۇسانى) ئىشلىتىشنى دادىسىغا تەۋسىيە قىلغان قىزىغا ئۆيلەنگەن بولۇشى مۇمكىن.

قۇرئاندا قىزنىڭ مۇسانىڭ ئالدىدا كۆڭلىنىڭ ھاياجانلانغانلىقىنى، ئۇنىڭ مۇساغا مايىل ئىكەنلىكىنى بىزگە ھېس قىلدۇرىدۇ. بەلكى بوۋاي بىلىمى ۋە ھېكمىتى بىلەن قىزنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنگەن ۋە ئىشنى شۇ بويىچە پۈتتۈرگەن بولۇشىمۇ بەلكى مۇساغا ياتلىق بولۇشنى ئېيتقاندا، خىجىللىق ھېس قىلىپ ئۇنىڭ تاللىشىنى توغرا تاپقان بولۇشى مۇمكىن. يەنى بەلكى مۇسا خالىغىنىنى تاللىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن ۋە بەلكى بۇ مۇسانىڭ جەسۇرلىقى ۋە قىزىققانلىقى بىلەن ئەمەلگە ئاشقاندۇ. بۇ قىزنىڭ كىملىكىنى، چوڭى ياكى كىچىكى ئىكەنلىكىنى بىلىش تۆۋەندىكى سۆزلەر بىلەن ئىشارەت قىلىنغان ھالدىمۇ، قۇرئان جاۋاب بەرمىگەن بىر مەسىلىدۇر.

﴿ئۇلارنىڭ (يەنى ئۇ ئىككى ئايالنىڭ) بىرى مۇسانىڭ يېنىغا ئۇيياتچانلىق بىلەن مېڭىپ كېلىپ﴾.[2]

قۇرئان مۇسانىڭ قانچە يىل قالغانلىقىنىمۇ ئېيتمايدۇ.

شۇنداقتىمۇ مۇسانىڭ ئىش - ھەرىكىتى، ياخشىلىقى، ئىرادىلىك پەيغەمبەرلىكىگە قاراپ ئۇنىڭ ئەڭ ئۇزۇن ۋاقىتنى توشقۇزغانلىقىنى پەرەز قىلالايمىز. ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلغان ھەدىسمۇ بۇنى توغرىلايدۇ. يەنى مۇسا بوۋايغا توپ - توغرا 10 يىل خىزمەت قىلدى.

مۇسانىڭ ئىشى ھەركۈنى ئەتىگەندە چىقىپ چارۋىلارنى ئوتلىتىش ۋە سۇغۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. مۇسانىڭ مەدىيەندە ئۆتكۈزگەن 10 يىل ۋاقتى، اللە نىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن

[1] سۈرە قەسەس 25 ـ 28 ـ ئايەتكىچە.
[2] سۈرە قەسەس 25 ـ ئايەت.

ئورۇنلاشتۇرغان پىلانى ئىدى. مۇسا يەئقۇبنىڭ دىنىدا ئىدى. يەئقۇب ئۇنىڭ ئەجدادى بولۇپ، ئىبراھىمنىڭ نەسلىدىن ئىدى. يەنى مۇسا ئىبراھىمنىڭ نەۋرىلىرىنىڭ نەسلىدىن ئىدى. ئىبراھىمدىن كېيىن كەلگەن ھەر پەيغەمبەر ئۇنىڭ نەسلىدىن ئىدى. بۇنىڭدىن شۇنى چۈشىنىۋالالايمىزكى، مۇسا ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ دىنى بولغان ئىسلام ۋە تەۋھىد ئېتىقادىدا ئىدى.

مانا ئۇ ۋاقتى كېلىپ، ئائىلىسىدىن ۋە مىللىتىدىن (قەۋمىدىن) **10** يىل ئايرىلىپ ياشىدى. بۇ ئون يىل ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ناھايىتى مۇھىم بىر مەزگىل بولۇپ، ئۇنىڭ پىشىپ ـ يېتىلىش مەزگىلى ئىدى.

مۇسانىڭ ئەقلى ھەر كېچە يۇلتۇزلاردا قالاتتى، ھەركۈنى قۇياشنىڭ چىقىشىنى ۋە پېتىشىنى كۆزىتەتتى. ئۆسۈملۈكنىڭ تۇپراقنى قانداقلارچە يېرىپ چىقىدىغانلىقىنى ئويلايتتى. سۇغا قاراپ ئۇنىڭ ئۆلگەن تۇپراقنى قايتىدىن قانداق تىرىلدۈرگەنلىكىنى ۋە يېشىللىققا ئايلاندۇرغانلىقىنى ئويلايتتى. زېھىنىدە مۇتلەق ھالدا اللہ نىڭ كۆز ۋە قەلبلەرگە ئوچۇق بولغان بۇ مۆكەممەل ئەسىرىنى خىيال قىلاتتى. اللہ نىڭ كائىناتنى ئويلايتتى. ئويلىغانسېرى تېنى شۈركىنىپ ھەيرانلىققا چۆمەتتى.

ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئەقلىدىن ھېچ چىقمايتتى.

مۇسا مىسىردا پىرئەۋننىڭ سارىيىدا ئۆسۈپ چوڭ بولغانىدى، بۇ ئۇنىڭ ئۆرپ ـ ئادەت، يېمەك ـ ئىچمەك ۋە تەن قۇرۇلۇشى جەھەتتە پۈتۈنلەي مىسىرلىققا تەۋە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. تۇغۇلۇپ يېتىلىشى جەھەتتىن پۈتۈنلەي مىسىرلىق بولغان بىر كىشى، يېڭىچە بىر ئىلاھىي ۋەھيى ياكى پەرىشتىلەردىن بولغان ئەلچىلەرنىڭ ۋاستىسىز بىۋاستە ھالدا ئىلاھىي ۋەھيى ئېلىشقا تەييارلىنىۋاتاتتى. اللہ ئۇنىڭ بىلەن بىۋاستە سۆزلەشمەكچى بولدى. شۇڭا مۇسانىڭ ئەقلىي ۋە روھىي جەھەتتىن تەييار بولۇشى كېرەك ئىدى.

جىسمانىي جەھەتتىكى تەييارلىق مىسىردا پۈتۈپ بولغانىدى. ئۇنىڭ يەر يۈزىدىكى ئەڭ باي دۆلەتتە، يەر يۈزىدىكى ھۆكۈمدار (پادىشاھ) لارنىڭ ئەڭ چوڭىنىڭ سارىيىدا ئۆسۈپ يېتىلىشى، بىرىنى ئۆزىدىن نېرى قىلىش ئۈچۈن قولىنى مۇنداقلا قىلىپ قويۇشى بىلەن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتەلىگۈدەك دەرىجىدە كۈچلۈك يېتىلىشكە شارائىت ھازىرلاپ بەرگەنىدى.

ئۇ ھالدا، جىسمانىي تەييارلىق بىلەن روھىي تەييارلىقنىڭ بىرلىشىشى قالغانىدى. بۇ كىشىلەردىن خالىي يەردە قىلىنىدىغان تەييارلىق ئىدى. بۇنىدىن بۇرۇن مۇسا بىلمەيدىغان بىر چۆل ۋە ئوتلاق ئەتراپىدا... بۇنىدىن بۇرۇن مۇسا كۆرمىگەن يات كىشىلەرنىڭ ئەتراپىدا مانا بۇ بولغانىدى.

سۈكۈت ئۇنىڭ يولى ئىدى.

خالىيلىق (يالغۇزلۇق) ئۇنىڭ ئۆلۈمى ئىدى.

ﷲ مۇسانىڭ بۇندىن كېيىن ئۆزى ئۇنىڭغا تاپشۇرىدىغان ئامانەتنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى ئۈچۈن، بۇ پەيغەمبەرگە كېرەكلىك بولغان ماتېرىياللارنى تولۇقلىماقتا ئىدى. بۇنىڭ ۋاقتى كەلدى...

ئۇنىڭغا بېرىلگەن مۆھلەت توشتى. مۇسانىڭ ئىچىدە مىسىرغا نىسبەتەن يوشۇرۇن بىر سېغىنىش تۇيغۇسى پەيدا بولدى. ئۇنىڭ مىسىرغا قايتقۇسى كەلگەندى.

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن جازاسىنىڭ مۇددىتىمۇ توشقانىدى. ئۇ بۇنى بىلەتتى... ئەمما مىسىر قانۇنىنىڭ ھۆكۈمدارنىڭ بىر ئىشارىتىگىلا باغلىق ئىكەنلىكىنىمۇ بىلەتتى. ھۆكۈمدار ئۇنىڭغا جازا بېرشنى خالىسا، ئۇنداق قىلىش كېرەك بولمىسىمۇ، جازانى بېرىۋېرەتتى. ئەگەر ھۆكۈمدار كەچۈرۈم قىلىشنى خالىسا، جازاغا لايىق بولسىمۇ كەچۈرىۋېتەتتى. مۇسا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىلەتتى. بۇ يەردە قۇتۇلۇپ قالغىنى بىلەن، مىسىردا قۇتۇلۇپ قېلىشىغا ئىشەنچ قىلالمايتتى.

شۇنداق بولسىمۇ، ئۇنىڭ مىسىرغا بەكمۇ قايتقۇسى بار ئىدى.

مۇسا قارارلىرىنى تېز ھەم كەسكىن قىلاتتى. ئۇ ئايالىغا:

ـ ئەتە مىسىرغا قاراپ يولغا چىقىمىز، ـ دېدى.

ئايالى ئۆز ـ ئۆزىگە: يولدا تېخى بىز بىلمەيدىغان مىڭلارچە خەتەر بار، ـ دېدى. ئەمما مۇسانىڭ دېگىنىنى قىلىشقا مەجبۇر ئىدى.

مۇسا تۇيۇقسىزلا ئۆز ـ ئۆزىگە قىلغان بۇ قارارنىڭ ھېكمىتىنى بىلمەيتتى. ئون يىل بۇرۇن، مىسىردا كاللىسى ئېلىنماقچى بولغاندا قېچىپ كەتكەندى. مانا بۈگۈن ئۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن قايتماقچى بولۇپ قالدى؟ ئانىسى ۋە قېرىنداشلىرىنى سېغىنغانمىدى؟ ئۆزىنى ئۆز ئانىسىدەك باققان ۋە ياخشى كۆرىدىغان، پىرئەۋننىڭ ئايالىنى يوقلاپ كەلمەكچى بولدىمۇ ـ يا؟!

مىسىرغا قايتقىچە مۇسانىڭ نېمىلەرنى ئۆيلىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. بىزنىڭ بىلىدىغىنىمىز پەقەت، ﷲ نىڭ تەقدىرىگە قەتئىي بويسۇنۇش كۈچىنىڭ ئۇنى بۇ قارارنى قىلىشقا تۈرتكە بولۇشى ۋە ئۇنىڭ بۇ قارارنى قىلىشى ئىدى.

ئەنە شۇ ئۇلۇغ تەقدىر ئۇنىڭ قەدەملىرىنى بەكمۇ مۇھىم بىر ئىشقا باشلىماقتا ئىدى.

مۇسا ئائىلىسى بىلەن بىللە يولغا چىقتى... ئاي قېلىن بولۇت پارچىلىرىنىڭ ئارقىسىغا مۆكۈنگەندى. ئەتراپ قاراڭغۇ، بىردىنلا چاقماق چىقىپ، ھاۋا گۈلدۈرلەپ كەتتى ۋە ئارقىدىنلا يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. ھاۋا تېخىمۇ سوغۇق، تېخىمۇ قاراڭغۇلاشتى. مۇسا يولدىن ئېزىقىپ كەتتى. قاياققا كېتىۋاتقانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن يولدىن ئىككى دانە تاش تېپىپ، بىر ـ بىرىگە ئۇرۇپ ئوت ياقماقچى بولدى. لېكىن

بولمىدى. كۆچلۈك شامال تاشلارنىڭ ئارىسىدىن چىققان ئاجىز ئۈچقۇننى دەرھاللا ئۆچۈرۈۋېتەتتى. مۇسا نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي، تىترەپ تۇراتتى. ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈۋېدى، يىراقتا لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان ئوتنى كۆردى.

مۇسا بىردىنلا سۆيۈنۈپ كەتتى. ئۇ ئائىلىسىگە: ئۇ يەردە بىر ئوت كۆردۈم. مەن ئۇ يەرگە بېرىپ كەلگىچە سىلەر مۇشۇ يەردىن يۆتكەلمەي ئولتۇرۇپ تۇرۇڭلار! ـ دېدى. بەلكى مۇسا ئۇ يەردىن بىرەر خەۋەر ئېلىپ كېلەتتى ياكى يول سورىغۇدەك بىرسىنى تاپاتتى ۋە ياكى ئۆزلىرى ئىسسىنغىلى بىر نەچچە پارچە ئوت ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن ئىدى.

ئائىلىسى مۇسا كۆرسەتكەن ئوتقا قارىدى، ئەمما ھېچنېمە كۆرەلمىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇنىڭ گېپى بويىچە ئۇ يەردە تۇرۇپ تۇرماقچى بولۇشتى. مۇسا ئوت بار تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

مۇسا مۈزلاپ كەتكەچكە، ئۇ يەرگە بارغىچە ئۆزىنى ئىسسىتىش ئۈچۈن يۈگۈرۈشكە باشلىدى. ئوتنىڭ قولىدا ھاسىسى بار ئىدى. پۈتۈن بەدىنى يامغۇردىن چىلىق ـ چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى. ماڭە ـ ماڭە، نىھايەت "تۇۋا" دېگەن جىلغىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ جىلغا ئىچىدە بىر ئاز غەلىتىلىك ھېس قىلدى. جىلغا ئىچىدە نە سوغۇق، نە شامال يوق بولۇپ، ئەتراپ جىمجىت، سۈكۈتكە چۆمگەن ئىدى. مۇسا ئوتقا يېقىنلاشتى. ئۇ ئوتقا يېقىنلاپ كېلىشىگە، بىردىنلا مۇنداق ئاۋاز كەلدى:

《«اللہ ئوتنىڭ يېنىدىكى كىشىنى ۋە ئوتنىڭ ئەتراپىدىكىلەرنى مۇبارەك قىلدى. ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللہ پاكتۇر》.[4]

مۇسا چۆچۈپ تۇرۇپ قالدى. تېنى شۈركىنىپ كەتتى. ئاۋاز مەلۇم بىر يەردىن ئەمەس، بەلكى ھەممە يەردىن كېلىۋاتاتتى.

مۇسا ئوتقا ئىنچىكىلەپ قارىدى، تېنى قايتىدىن شۈركىنىپ كەتتى، ئوتنىڭ ئارىسىدا يېشىل ئۆسكەن، تىكەنلىك بىر دەرەخ تۇراتتى. ئوت قانچە كۈچەيگەنسېرى، دەرەخمۇ شۇنچە يېشىل تۈسكە كىرەتتى. ئادەتتە ياغاچ كۆيسە، قارىداپ كېتەتتى، ئەمما بۇ ئوت كۈچەيگەنسېرى ئۇ دەرەخ تېخىمۇ ياشىرىپ كېتىۋاتاتتى. مۇسا شۇنچە ئىسسىپ تەرلەپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنە توختىماي تىترىمەكتە ئىدى. دەرەخ مۇسانىڭ ئوتنىڭ تەرىپىدىكى غەربكە قاراپ سوزۇلغان تاغدا ئىدى. مۇسا بولسا، تۇۋا جىلغىسىدا تۇراتتى. مۇسا كۈچلۈك نۇرنىڭ كۆزلىرىگە زىيان قىلىشىدىن قورقۇپ، قوللىرى بىلەن كۆزلىرىنى ئېتىۋالدى ۋە ئۆز ـ ئۆزىگە سورىدى:

ـ بۇ ئوتمۇ ياكى نۇرمۇ؟

بىردىنلا يەر ئىتائەت ۋە قورقۇنچتىن تەۋرەپ كەتتى. ئەزىز ۋە ئۇلۇغ اللہ مۇنداق دېدى:

[4] سۈرە نەمل 8 ـ ئايەت.

﴿‹‹ ئى مۇسا!﴾

مۇسا بېشىنى كۆتۈرۈپ: شۇنداق، مەن مۇسا. ـ دېدى.

ئەزىز ۋە ئۇلۇغ اللە:

﴿مەن ھەقىقەتەن سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭدۇرمەن﴾ دېدى.

مۇسا تېخىمۇ تىترىگەن ھالدا: شۇنداق، سەن رەببىم. ـ دېدى.

ئەزىز ۋە ئۇلۇغ اللە ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

﴿كەشىڭنى سالغىن، سەن ھەقىقەتەن مۇقەددەس ۋادى بولغان تۇۋادا سەن﴾.

مۇسا پۈتۈن ۋۇجۇدى تىترىگەن ھالدا ئېگىلدى ۋە كەشىنى سالدى.

ئۇلۇغ اللە ئۇنىڭغا يەنە مۇنداق دېدى:

﴿مەن سېنى (پەيغەمبەرلىككە) تاللىدىم، سەن ۋەھيىگە قۇلاق سالغىن. مەن ھەقىقەتەن (ئىبادەتكە لايىق) اللە دۇرمەن، مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوق، (يالغۇز) ماڭا ئىبادەت قىلغىن، مېنى زىكرى قىلىش ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن، قىيامەتنىڭ بولۇشى مۇھەققەقتۇر، ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ ئەمەلىگە يارىشا مۇكاپاتلىنىشى ئۈچۈن، ئۇنى (يەنى ئۇنىڭ قاچان بولۇشىنى) مەخپىي تۇتتۇم. قىيامەتكە ئىشەنمەيدىغان ۋە نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشكەن ئادەم سېنى ئۇنىڭدىن (يەنى قىيامەتكە تەييارلىق قىلىشتىن ۋە ئۇنى تەستىق قىلىشتىن) توسمىسۇن، ئۇنداقتا ئۆزەڭ ھالاك بولۇسەن (چۈنكى ئاخىرەتتىن غاپىل بولۇش، ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ)﴾.

مۇسانىڭ بەدىنى ئىلاھىي ۋەھيىنى ئېلىۋاتقاندا، رەببىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاۋاتقاندا ۋە رەببى بىلەن سۆزلىشىۋاتقاندا تېخىمۇ قاتتىق تىترەپ كەتتى.

مېھرىبان ۋە شەپقەتلىك اللە ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

﴿ئى مۇسا! ئوڭ قولۇڭدىكى نېمە ئۇ؟››﴾.

مۇسانىڭ ھەيرانلىقى تېخىمۇ ئاشتى. چۈنكى ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىۋاتقىنى ئۇلۇغ اللە ئىدى. اللە مۇسانىڭ قولىدا ھاسا تاياق تۇتۇۋالغانلىقىنى مۇسادىنمۇ ياخشى بىلەتتى. ئۇنداقتا، يەنە نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭدىن سورىغاندۇ؟ شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا چوڭ بىر ھېكمەت بار ئىدى.

مۇسا ئاۋازى تىترىگەن ھالدا ئېيتتى:

---

سۈرە تاھا 11 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

سۈرە تاھا 12 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

سۈرە تاھا 12 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

سۈرە تاھا 13 ــ 16 ـ ئايەتكىچە.

سۈرە تاھا 17 ـ ئايەت.

﴿«ئۇ مېنىڭ ھاسام، ئۇنىڭغا تايىنىمەن، ئۇنىڭ بىلەن قوي‌لىرىمغا غازاڭ قېقىپ بېرىمەن،ئۇنىڭدا مېنىڭ يەنە باشقا ئېھتىياجلىرىممۇ بار»﴾.

ئەزىز ۋە ئۇلۇغ اللە:

﴿«ئى مۇسا! ئۇنى (يەرگە) تاشلىغىن» دېدى﴾.

مۇسا ئاجايىپ قورقۇپ كەتكەنىدى. ئۇ قولىدىكى ھاسىنى يەرگە تاشلىدى. ھاسا بىردىنلا ناھايىتى يوغان ۋە قورقۇنچلۇق بىر يىلانغا ئايلىنىپ، ئۇيان - بۇياققا ھەرىكەتلىنىشكە باشلىدى. مۇسا قورققىنىدىن ھوشىدىن كەتكىلى تاسلا قالدى. ۋۇجۇدى قاتتىق سىلكىنىپ كەتتى. ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ قېچىشقا تەمشەلدى. ئىككى قەدەم ئېلىپ تۇرۇشىغا اللە نىڭ ئاۋازى كەلدى:

﴿«ئى مۇسا! قورقمىغىن، مېنىڭ ھۇزۇرۇمدا پەيغەمبەرلەر ئەلۋەتتە قورقمايدۇ﴾.

﴿ئالدىڭغا ماڭغىن، قورقمىغىن، سەن ھەقىقەتەن (قورقۇنچتىن) ئەمىن بولغۇچىلاردىنسەن﴾.

مۇسا توختاپ قالدى. يىلان تېخىچە قىمىرلاپ تۇراتتى.

ئۇلۇغ اللە مۇساغا:

﴿«ئۇنى تۇتۇۋالغىن، قورقمىغىن، ئۇنى دەسلەپكى (يەنى ھاسىلىق) ھالىتىگە قايتۇرىمىز﴾.

مۇسا تىترەپ تۇرغان قوللىرىنى يىلانغا ئۇزاتتى. قولى يىلانغا تېگىشى بىلەنلا، يەنە ھاسىغا ئايلىنىپ قالدى. اللە ئۇنىڭغا قايتا ئەمىر بەردى:

﴿قولۇڭنى قوينۇڭغا سالغىن، ئۇ ھېچقانداق ئىللەتسىز (بىر پارچە ئايدەك پارلاپ) ئاپئاق بولۇپ چىقىدۇ، قورقۇنچنى دەپئى قىلىش ئۈچۈن، قولۇڭنى يىغۇۋالغىن (يەنى قوينۇڭغا سېلىۋالغىن)، »﴾.

مۇسا قولىنى قوينىغا تىقىپ چىقارغىنىدا، قولىنىڭ ئايدەك يورۇپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. مۇسا بۇ بولغانلاردىن ناھايىتى ھاياجانلانغان ئىدى. قولىنى اللە نىڭ بۇيرۇقى بويىچە يۈرىكىنىڭ ئۈستىگە قويۇۋېدى، ئۇنىڭ قورقۇنچى پۈتۈنلەي تۈگىدى.

مۇسانىڭ يۈرىكى جايىغا چۈشتى. اللە ھاسا ۋە قولىنىڭ مۆجىزىسىدىن كېيىن ئۇنىڭغا بىر ئەمىر بەردى.

---

سۈرە تاھا 18 - ئايەت.
سۈرە تاھا 19 - ئايەت.
سۈرە نەمل 10 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
سۈرە قەسەس 31 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
سۈرە تاھا 21 - ئايەت.
سۈرە قەسەس 32 - ئايەت بىر قىسمى.

ئۇنىڭ پىرئەۋننىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنى ـ چىرايلىقچە اللە غا دەۋەت قىلىشىنى ۋە بەنى ئىسرائىلنى مىسىردىن ئېلىپ چىقىپ كېتىشىنى بۇيرىدى.

مۇسا ئۆزىنىڭ پىرئەۋندىن قورقىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

مۇسا ئۇلاردىن بىرىنى ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭمۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن قورقاتتى.

مۇسا اللە قا قېرىندىشى ھارۇننى ئۆزى بىلەن بىللە ئەۋەتىشىنى سوراپ يالۋۇردى. اللە ئۆزىنىڭ ھەرقاچان ئۇلار بىلەن بىللە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، مۇساغا مەدەت بەردى. پىرئەۋن ھەرقانچە ئەشەددىي ۋە قوپال بولسىمۇ، ئۇلارغا زىيان يەتكۈزەلمەيتتى. اللە ئۆزىنىڭ پىرئەۋننىڭ ئۈستىدىن غالىپ كېلىدىغانلىقىنى مۇساغا بىلدۈردى.

مۇسا اللە نىڭ ئۆزىگە مەدەت بېرىشىنى، ئىشنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىشىنى ۋە دەۋەتنى ئۈچۈن كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاتا قىلىشىنى تىلەپ يالۋۇردى.

ئۇلۇغ اللە تاھا سۈرىسىدە مۇنداق دېگەنىدى:

﴿مۇسانىڭ قىسسىسىدىن خەۋىرىڭ بارمۇ؟ ئۆز ۋاقتىدا مۇسا (بىر جايدا) ئوتنىڭ يورۇقىنى كۆردى. ئۇ ئائىلىسىدىكىلەرگە: «تۇرۇپ تۇرۇڭلار، مەن ئوتنىڭ يورۇقىنى كۆردۈم، مەن (بېرىپ) ئۇنىڭدىن بىرەر پارچە چوغ ئېلىپ كېلىشىم ياكى ئوت بار يەردە بىرەر يول باشلىغۇچىنى ئۇچرىتىشىم مۇمكىن» دېدى. مۇسا ئوتنىڭ يېنىغا كەلگەندە نىدا قىلىندىكى: «ئى مۇسا! مەن ھەقىقەتەن سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭدۇرمەن. كەشىڭنى سالغىن، سەن ھەقىقەتەن مۇقەددەس ۋادى بولغان تۇۋادا سەن. مەن سېنى (پەيغەمبەرلىككە) تاللىدىم، سەن ۋەھيىگە قۇلاق سالغىن. مەن ھەقىقەتەن (ئىبادەتكە لايىق) اللە دۇرمەن، مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوق. (يالغۇز) ماڭا ئىبادەت قىلغىن، مېنى زىكرى قىلىش ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن. قىيامەتنىڭ بولۇشى مۇھەققەقتۇر، ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ ئەمەلىگە يارىشا مۇكاپاتلىنىشى ئۈچۈن، ئۇنى (يەنى ئۇنىڭ قاچان بولۇشىنى) مەخپىي تۇتتۇم. قىيامەتكە ئىشەنمەيدىغان ۋە نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشكەن ئادەم سېنى ئۇنىڭدىن (يەنى قىيامەتكە تەييارلىق قىلىشتىن ۋە ئۇنى تەستىق قىلىشتىن) توسمىسۇن، ئۇنداقتا ئۆزەڭ ھالاك بولىسەن (چۈنكى ئاخىرەتتىن غاپىل بولۇش، ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ). ئى مۇسا! ئوڭ قولۇڭدىكى نېمە ئۇ؟». مۇسا ئېيتتى: «ئۇ مېنىڭ ھاسام، ئۇنىڭغا تايىنىمەن، ئۇنىڭ بىلەن قويلىرىمغا غازاڭ قېقىپ بېرىمەن، ئۇنىڭدا مېنىڭ يەنە باشقا ئېھتىياجلىرىممۇ بار». اللە: «ئى مۇسا! ئۇنى (يەرگە) تاشلىغىن» دېدى. مۇسا ئۇنى تاشلىۋىدى، ئۇ ناگاھان مىدىرلاپ ماڭىدىغان بىر يىلانغا ئايلاندى. اللە ئېيتتى: «ئۇنى تۇتۇۋالغىن، قورقمىغىن، ئۇنى دەسلەپكى (يەنى ھاسىلىق) ھالىتىگە قايتۇرىمىز. قولۇڭنى قولتۇقۇڭنىڭ ئاستىغا سالغىن (ئاندىن چىقارغىن)، ئۇ ھېچقانداق ئەيىب ـ نۇقسانسىز ھالدا ئاپئاق (نۇرلۇق بولۇپ) چىقىدۇ، (بۇ) ئىككىنچى مۆجىزىدۇر. ساڭا چوڭ مۆجىزىلىرىمىزدىن بەزىسىنى كۆرسىتىمىز. پىرئەۋنگە بارغىن، ئۇ ھەقىقەتەن

ھەددىدىن ئاشتى». مۇسا ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! مېنىڭ قەلبىمنى كەڭ قىلغىن، (يەنى ئىمان بىلەن ۋە پەيغەمبەرلىك بىلەن نۇرلاندۇرغىن). مېنىڭ ئىشىمنى ئاسانلاشتۇرغىن. تىلىمدىن كېكەچلىكنى كۆتۈرۈۋەتكىن. ئۇلار مېنىڭ سۆزۈمنى چۈشەنسۇن. ماڭا ئائىلەمدىن قېرىندىشىم ھارۇننى ياردەمچى قىلىپ بەرگىن. ئۇنىڭ بىلەن مېنى تېخىمۇ كۈچەيتكىن. مېنىڭ ئىشىمغا ئۇنى شېرىك قىلغىن. بۇنىڭ بىلەن بىز ساڭا كۆپ تەسبىھ ئېيتقايمىز. ساڭا كۆپ زىكرى ئېيتقايمىز. سەن ھەقىقەتەن بىزنى كۆرۈپ تۇرغۇچىسەن». اللە ئېيتتى: «ئى مۇسا! سېنىڭ سورىغان نەرسىلىرىڭ ساڭا بېرىلدى. (بۇنىڭدىن باشقا) ساڭا يەنە بىر قېتىم ئىنئام قىلغان ئىدۇق. ئۆز ۋاقتىدا ئاناڭنىڭ كۆڭلىگە پەقەت ۋەھيى ئارقىلىق بىلىندۈرۈلىدىغان نەرسىلەرنى سالدۇق». (ئېيتتۇقكى) «ئۇنى (يەنى بالىنى) ساندۇققا سالغىن، ئاندىن ئۇنى (ساندۇق بىلەن) دەرياغا تاشلىغىن، دەريا ئۇنى قىرغاققا تاشلىسۇن، ئۇنى مېنىڭ دۈشمىنىم ۋە ئۇنىڭ دۈشمىنى بولغان (پىرئەۋن) ئېلىپ (باقسۇن)». مېنىڭ قوغدىشىم ئاستىدا تەربىيىلىنىشىڭ ئۈچۈن، ساڭا مەن تەرەپتىن بولغان مۇھەببەتنى سالدىم. ئۆز ۋاقتىدا سېنىڭ ھەمشىرەڭ (پىرئەۋننىڭ ئائىلىسىگە) بېرىپ: «سىلەرگە ئۇنى باقىدىغان بىر كىشىنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟» دېدى. بىز سېنىڭ ئاناڭنى خۇش بولسۇن، قايغۇرمىسۇن دەپ سېنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بەردۇق، سەن بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويدۇڭ، سېنى بىز غەمدىن خالاس قىلدۇق، سېنى تۈرلۈك بالالار بىلەن سىنىدۇق، سەن مەديەنلىكلەر ئارىسىدا كۆپ يىللار تۇردۇڭ، ئاندىن، ئى مۇسا! تەقدىر بىلەن (بۇ يەرگە) كەلدىڭ. سېنى مەن مېنىڭ مۇھەببىتىمگە (يەنى پەيغەمبەر قىلىپ ۋەھيى نازىل قىلىشىمغا) تاللىدىم﴾.

ئۇلۇغ اللە نىڭ ئۆز بەندىلىرىدىن بىرى ھەققىدە ئېيتقانلىرىغا نېمە دەپ تەبىر بېرىشىمىزنى بىلەلمىدۇق.

﴿سېنى مەن مېنىڭ مۇھەببىتىمگە (يەنى پەيغەمبەر قىلىپ ۋەھيى نازىل قىلىشىمغا) تاللىدىم﴾.

اللە مۇسانى تاللاپ، ئۆزى ئۈچۈن ئايرىپ قويدى. مانا بۇ، شەرەپنىڭ ئەڭ يۇكسەك پەللىسى بولۇپ، بۇ پەللىگە مۇسادىن باشقا ھېچكىم ئېرىشەلمىگەنىدى.

مۇسا، اللە دىن ئۆزىنىڭ پىرئەۋننىڭ قېشىغا بېرىشى ھەققىدىكى بۇيرۇقنى ئالغاندىن كېيىن، ئائىلىسىنىڭ يېنىغا قايتتى ۋە ئائىلىسى بىلەن بىرلىكتە مىسىرغا قاراپ يولغا چىقتى.

ئۇنىڭ قەدەملىرى ئۇنى مىسىرغا ئېلىپ كېتىۋاتقاندا، ئۇنىڭ خىيالىدىن نېمىلەر كەچكەنلىكىنى اللە دىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتى. ئوي - خىيال ۋە راھەت ئىچىدە ئۆتىدىغان كۈنلەر ئاياغلىشىپ، ھەقنىڭ ئامانىتىنى دەۋرنىڭ ئەڭ ۋەھشىي ئىنسانىغا

سۈرە تاھا 9 — 41 - ئايەتكىچە.

سۈرە تاھا 41 - ئايەت.

يەتكۈزۈشتەك ئېغىر كۈنلەر يېتىپ كەلگەنىدى. مۇسا پىرئەۋننىڭ ئازغۇن بىرى ئىكەنلىكىنى، كۆرەش قىلماي تۇرۇپ ئۇنى بويسۇندۇرۇشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇنداقلا، پىرئەۋننىڭ ئۆزىنى ئىنكار قىلىدىغانلىقىنى، چوڭچىلىق قىلىدىغانلىقىنى ۋە بىلمەسلىككە سېلىۋېلىپ ئۆزىنىڭ دەۋاسىغا قارشى چىقىدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتى. ئۇلۇغ اللە ئۇنىڭ پىرئەۋننىڭ قېشىغا بېرىشىنى، ئۇنى سىپايىلىق بىلەن دىنغا دەۋەت قىلىشنى بۇيرىغانىدى. اللە مۇساغا پىرئەۋننىڭ ئىمان ئېيتمايدىغانلىقىنى ۋەھيى قىلدى. پىرئەۋننىڭ مۇساغا چېقىلماسلىقى ۋە ئىسرائىل ئەۋلادىغا زۇلۇم قىلىشتىن توختاپ، ئۇلارنى ئەركىن قويۇپ بېرىشى لازىم ئىدى.

ئۇلۇغ اللە مۇسا ۋە ھارۇنغا مۇنداق دېدى:

﴿سىلەر پىرئەۋننىڭ يېنىغا بېرىپ: «بىز ئىككىمىز پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەلچىسى بولىمىز، ئىسرائىل ئەۋلادىنى قويۇۋەتكىن، بىز بىلەن كەتسۇن، ئۇلارنى قىينىمىغىن» دەڭلار﴾ .

بۇ، چەكلىك ئەمما مىڭلىغان مۇشكۈللۈككە دۇچ كېلىدىغان ۋەزىپە ئىدى. پىرئەۋن بەنى ئىسرائىل قەۋمىنى ئۆزىگە قۇل قىلىۋالغانىدى ۋە ئۇلارغا زۇلۇم قىلاتتى. ئۇلارنى ئۇلارنىڭ كۈچى يەتمەيدىغان ئىشلارغا بۇيرۇيتتى. قىزلىرىنى تىرىك قويۇپ ئوغۇللىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتەتتى. ئۇلارنى ئۆزىنىڭ شەخسىي مۈلكى ۋە مىسىرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى بىلەن بىرلىكتە ئۆزىگە قالغان مىراس دەپ قارايتتى.

مۇسا مىسىر نىزامىنىڭ ئىسرائىل ئوغۇللىرىنى قۇللاشتۇرۇش، ئۇلارنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى خىزمەت، ئەجىر ۋە كۈچلىرىدىن پايدىلىنىش ئاساسىغا قۇرۇلغانلىقىنى بىلەتتى.

مۇسا اللە نىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، پىرئەۋن بىلەن ناھايىتى سىپايىلىق بىلەن كۆرۈشتى (ئۇچراشتى).

﴿پىرئەۋننىڭ يېنىغا بېرىڭلار، ئۇ ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئاشتى. ئۇنىڭغا يۇمشاق سۆز قىلىڭلار، ئۇ ۋەز - نەسىھەتنى قوبۇل قىلىشى ياكى (ھەددىدىن ئاشقانلىقىنىڭ ئاقىۋىتىدىن) قورقۇشى مۇمكىن﴾.

ئۇنىڭغا اللە نى، اللە نىڭ رەھمىتىنى، جەننىتىنى، بىر اللە قا ئىشىنىش ۋە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشنىڭ كېرەكلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرگىن...

ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكەندە، ئۇنىڭ ئىنسانىي تەرەپلىرىنى ئويغىتىشقا تىرىشقىن. ئۇنىڭ مىسىرنىڭ ھۆكۈمدارى ئىكەنلىكىنى ئەسلەتكىن. خالىسا، ئۇنىڭ جەننەتكە

سۈرە تاھا 47 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

سۈرە تاھا 43 - 44 - ئايەتلەر.

ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى ۋە جەننەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن پەقەت الله دىن قورقۇش كېرەكلىكىنى ئېيتقىن...

پىرئەۋن مۇسانىڭ سۆزلىرىنى مەسخىرە قىلغان ھالدا تىڭشىدى. ئۇنى ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ تەختىگە كۆز تىككەن ساراڭ دەپ ئويلىدى ۋە قولىنى كۆتۈرۈپ:

ـ سەن نېمە دېمەكچى؟ ئېيتە! نېمە دېمەكچىسەن! تولا گەپ قىلماي دەرھال ئېيت!

مۇسا: ئىسرائىل ئەۋلادلىنىڭ بىز بىلەن بىللە مىسىردىن چىقىپ كېتىشىگە رۇخسەت قىلىشىڭنى سورايمەن، ـ دېدى.

پىرئەۋن: ئۇلار مېنىڭ قۇللىرىم تۇرسا، نېمە ئۈچۈن ئۇلارنىڭ مىسىردىن چىقىپ كېتىشىگە رۇخسەت قىلغۇدەكمەن؟ ـ دېدى.

مۇسا: ئۇلار ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان الله نىڭ قۇللىرىدۇر، ـ دېدى.

پىرئەۋن مازاق قىلىپ: سەن ئىسمىڭنىڭ مۇسا ئىكەنلىكىنى ئېيتمىدىڭمۇ؟ ـ دېدى.

مۇسا: شۇنداق، ئىسمىم مۇسا، ـ دېدى.

پىرئەۋن: ئەي مۇسا! سەن شۇنداق كىچىك ۋە ئاجىز ۋاقتىڭدا، بىز نىل دەرياسىدىن سۈزۈۋالغان مۇسا ئەمەسمۇ؟ سەن بىزنىڭ سارايدا چوڭ بولغان، بىزنىڭ تامىقىمىزنى يېگەن، سۈيىمىزنى ئىچكەن، نېمەت ۋە ياخشىلىقلىرىمىزدىن تولۇق پايدىلانغان مۇسا ئەمەسمۇ؟ ئەگەر ئۇنۇتمىغان بولسام، مىسىرلىق بىرىنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپ، قېچىپ كەتكەن مۇسا ئەمەسمۇ؟ سەن ئادەم ئۆلتۈرۈشنىڭ كۇفرىلىق ئىكەنلىكىنى ئېيتىۋاتىسەن. ئۇنداقتا، سەنمۇ كافىر سەن، ئۆلتۈرۈلۈشكە لايىقسەن؟ ئەي مۇسا! سەن مىسىر قانۇنىدىن، يەنى ئادالەتتىن قاچقان مۇسا ئەمەسمۇ؟ ئەمدى كېلىپ مەن بىلەن تاكاللىشىۋاتامسەن؟ مەن بىلەن نېمە ھەققىدە تاكاللىشىۋاتىسەن؟

مۇسا پىرئەۋننىڭ ئۆزىگە ئۆتمۈشنى، ئۆزىنى بېقىپ چوڭ قىلغانلىقىنى ۋە ئۆزىگە قىلغان ياخشىلىقلىرىنى ئەسلەتكەنلىكىنى، شۇنداقلا، ئۇنىڭ ئۆزىگە بۇرۇن ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغان ۋەقەسى بىلەن تەھدىت سېلىۋاتقانلىقىنى چۈشەندى.

مۇسا پىرئەۋننىڭ تەھدىتىگە پىسەنت قىلمىدى ۋە ئۆزىنىڭ ئۇ مىسىرلىقنى ئۆلتۈرگەن چاغدىمۇ كاپىر ئەمەسلىكىنى، بەلكى ئۆزىنىڭ الله ۋەھيى قىلمىغان بىر يولدا ئېزىپ قالغان بىرسى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى.

ئۇنى قەستەن ئەمەس، بەلكى ئېھتىياتسىزلىقتىن ئۆلتۈرۈپ قويغان بولسىمۇ، ئۆزىدىن بۇنىڭ ئۈچۈن ئېلىنىدىغانلىقىدىن قورقۇپ مىسىردىن قاچقانلىقىنى، كېيىنچە الله نىڭ ئۆزىگە ھېكمەت بەرگەنلىكىنى ۋە پەيغەمبەرلىرىدىن بىرى قىلغانلىقىنى ئېيتتى.

ئۇلۇغ الله شۇئەرا سۈرىسىدە مۇسا بىلەن پىرئەۋننىڭ ئارىسىدىكى بۇ تالاش-تارتىشنىڭ بىر قىسمىنى مۇنداق تەسۋىرلىگەندى:

﴿ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ مۇساغا نىدا قىلدى: «سەن زالىم قەۋمگە بارغىن (ئۇلار) پىرئەۋىننىڭ قەۋمىدۇر. ئۇلار (الله نىڭ جازالىشىدىن) قورقمامدۇ؟» مۇسا ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! مەن ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ مېنى ئىنكار قىلىشىدىن قورقىمەن. (ئۇلارنىڭ مېنى ئىنكار قىلىشىدىن) يۈرىكىم سىقىلىدۇ. تىلىم كېكەچ. شۇڭا (ماڭا ياردەمدە بولۇش ئۈچۈن) ھارۇننى (پەيغەمبەر) قىلىپ ئەۋەتكىن. (ئۇلارنىڭ دەۋاسىچە) ئۇلارنىڭ ئالدىدا مېنىڭ گۇناھىم بار. ئۇلارنىڭ مېنى ئۆلتۈرۈشىدىن قورقىمەن». الله ئېيتتى: «ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس (يەنى سېنى ئۇلار ھەرگىز ئۆلتۈرەلمەيدۇ). سىلەر مېنىڭ مۆجىزىلىرىمنى ئېلىپ بېرىڭلار. بىز ھەقىقەتەن سىلەر بىلەن بىللە (مۇنازىرەڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرىمىز. سىلەر پىرئەۋنگە بېرىپ: بىز ھەقىقەتەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ئەلچىسىمىز. ئىسرائىل ئەۋلادىنى (قۇللۇقۇڭدىن) بوشاتقىن. ئۇلار بىز بىلەن (شامغا) كەتسۇن دەڭلار» (ئۇلار پىرئەۋنگە كېلىپ ئەلچىلىكنى يەتكۈزدى) پىرئەۋن (مۇساغا) ئېيتتى: «سېنى بىز ئۆيىمىزدە كىچىكىڭدىن تەربىيەلەپ چوڭ قىلمىدۇقمۇ؟ ئارىمىزدا كۆپ يىللار تۇرمىدىڭمۇ؟ سەن ھېلىقى قىلغان ئىشىڭنى قىلمىدىڭمۇ؟ (يەنى قىبتىنى ئۆلتۈرمىدىڭمۇ؟) سەن تۇزكورلاردىنسەن». مۇسا ئېيتتى: «مەن ئۇ ئىشنى قىلغان چېغىمدا نادانلاردىن ئىدىم. سىلەردىن قورقۇپ، سىلەردىن قاچتىم، پەرۋەردىگارىم ماڭا ھېكمەت ئاتا قىلدى، مېنى پەيغەمبەر قىلدى﴾. [1]

مۇسانىڭ سەۋرسىز مجەزى قوزغىلىشقا باشلىدى.

پىرئەۋننىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنى سۆزلەپ، ياخشىلىقلىرىنى مىننەت قىلىشى ئۇنىڭ سەۋرسىز خاراكتېرىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. شۇڭا مۇسا پىرئەۋنگە دەرھاللا مۇنداق جاۋاب بەردى:

﴿سەن ئىسرائىل ئەۋلادىنى قۇل قىلدىڭ، سېنىڭ ماڭا مىننەت قىلغان نېمىتىڭ ئەنە شۇدۇر»﴾. [2]

مۇسا مۇنداق دېمەكچى ئىدى: ماڭا مىننەت قىلغان ئۇ نېمەتلىرىڭنى مەندەك بىر ئىسرائىل ئوغلىغا قىلغان ياخشىلىقلىرىڭ ئۈچۈن دەپ ئويلامسەن؟ بۇ نېمەتلىرىڭنى، بۇ بۈيۈك قەۋمنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆز ئىشىڭ ۋە خىزمەتلىرىڭدە ئىشلەتكىنىڭنىڭ ھەققى دەپ ئويلامسەن؟ ئەگەر بۇ شۇنداق بولسا ۋە مەنتىقە بۇنى ساڭا توغرا دەپ كۆرسەتكەن بولسا، بىز تەڭلەشكەن بولىمىز. ئارىمىزدا قەرزدارمۇ، قەرز ئىگىسىمۇ قالمىغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، ئىسرائىل ئوغۇللىرىنىڭ ساڭا قىلغان خىزمىتى بىلەن سېنىڭ ماڭا بەرگەن نېمەتلىرىڭدىن قايسىسى تېخىمۇ بۈيۈك (چوڭ)؟ مەيلى نېملا بولسۇن، بۇ يەردىكى مەسىلە الله قا دەۋەت قىلىش مەسىلىسىدىن ئىبارەت ـ خالاس.

[1] سۈرە شۇئەرا 10 ــ 21 ـ ئايەتكىچە.
[2] سۈرە شۇئەرا 22 ـ ئايەت.

مەسىلىنى مەن ئۆز ئىچىمدىن چىقىرىپ ئوتتۇرىغا قويمىدىم ياكى مەن ئىسرائىل ئوغۇللىرىنىڭ ئەلچىسى ئەمەسمەن. ئۆزەمگە ئەلچى بولۇپمۇ كەلمىدىم. مەن پەقەت الله نىڭ ئەلچىسى، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ پەيغەمبىرىمەن...

دەل شۇ چاغدا، پىرئەۋن ئۇنىڭ سۆزىنى سۆزىنى بۆلدى:

﴿«ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى دېگەن نېمە؟»﴾.

مۇسا ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بەردى:

﴿«ئۇ ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پۈتۈن مەخلۇقاتلارنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر. ئەگەر سىلەر ھەقىقىي ئىشىنىدىغان بولساڭلار»﴾.

پىرئەۋن مازاق قىلغان ھالدا ئەتراپىتىكىلەرگە قاراپ:

﴿«(ئۇنىڭ جاۋابىنى) ئاڭلاۋاتامسىلەر؟» دېدى﴾.

مۇسا پىرئەۋننىڭ مەسخىرىسىنى پىسەنتكە ئالمىغان ھالدا:

﴿«(ئۇ) سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر ۋە سىلەرنىڭ ئاتا ـ بوۋاڭلارنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر»﴾.

پىرئەۋن مۇسا بىلەن بىرلىكتە كەلگەن ئىسرائىل ئوغۇللىرىغا قاراپ:

﴿«سىلەرگە ئەۋەتىلگەن (بۇ) ئەلچى ئەلۋەتتە مەجنۇندۇر»﴾.

مۇسا پىرئەۋننىڭ مەسخىرە ۋە تۆھمىتىگە يەنە پىسەنت قىلمىغان ھالدا مۇنداق دېدى:

﴿«(ئۇ) مەشرىقنىڭ، مەغرىبنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مەخلۇقاتنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر. ئەگەر سىلەر چۈشىنىدىغان بولساڭلار»﴾.

ئۇلۇغ الله بۇ كۆرۈنۈشنى سۈرە تاھادا مۇنداق بايان قىلىدۇ:

﴿سىلەر پىرئەۋننىڭ يېنىغا بېرىپ: «بىز ئىككىمىز پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەلچىسى بولىمىز، ئىسرائىل ئەۋلادىنى قويۇۋەتكىن، بىز بىلەن كەتسۇن، ئۇلارنى قىينىمىغىن. ساڭا بىز ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ مۆجىزىسىنى ئېلىپ كەلدۇق، توغرا يولغا ئەگەشكەن ئادەم (الله نىڭ ئازابىدىن) ئامان قالىدۇ. بىزگە شەك ـ شۈبھىسىز ۋەھيى قىلىندىكى، (الله نىڭ پەيغەمبەرلىرىنى) ئىنكار قىلغان، (ئىماندىن) يۈز ئۆرىگەن ئادەم (قاتتىق) ئازابقا

سۈرە شۇئەرا 23 ـ ئايەت.
سۈرە شۇئەرا 24 ـ ئايەت.
سۈرە شۇئەرا 25 ـ ئايەت.
سۈرە شۇئەرا 26 ـ ئايەت.
سۈرە شۇئەرا 27 ـ ئايەت.
سۈرە شۇئەرا 28 ـ ئايەت.

دۇچار بولىدۇ» دەڭلار. (ئۇلار پىرئەۋنگە كېلىپ اللە تائالا تەرىپىدىن ۋەھيى قىلىنغان نەرسىلەرنى يەتكۈزگەندىن كېيىن) پىرئەۋن: «ئى مۇسا، سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار كىم؟» دېدى. مۇسا ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىمىز شۇنداق زاتتۇركى، ھەممە نەرسىگە (ئۆزىگە مۇناسىپ) شەكىل ئاتا قىلدى، (ئاندىن ئۇلارغا ياشاش يوللىرىنى، پايدىلىنىدىغان نەرسىلىرىنى) كۆرسەتتى». پىرئەۋن ئېيتتى: «ئۆتۈپ كەتكەن ئۈممەتلەرنىڭ ھالى قانداق؟ (يەنى قانداق بولغان؟)». مۇسا ئېيتتى: «ئۇلار توغرىسىدىكى مەلۇمات پەرۋەردىگارىمنىڭ دەرگاھىدا لەۋھۇلمەھپۇزدا (خاتىرىلەكلىكتۇر). پەرۋەردىگارىم ھەم خاتالاشمايدۇ ھەم ئۇنتۇمايدۇ﴾. □

شۇنىسى ئېنىقكى، پىرئەۋن مۇسادىن ئالەملەرنىڭ رەببى ياكى مۇسا بىلەن ھارۇننىڭ رەببىنى ناھايىتى سەممىي نىيەتتە ۋە ئۇنى بىلىش نەپسى بىلەن ئەمەس، بەلكى مەسخىرە قىلىش ئۈچۈن سورىماقتا ئىدى. مۇسامۇ ئۇنىڭغا ناھايىتى مۇۋاپىق ۋە تولۇق قىلىپ مۇنداق جاۋاب بەردى:

«رەببىمىز ھەرنەرسىگە مۇناسىپ شەكىل ئاتا قىلغان، ئاندىن ئۇلارغا ياشاش يوللىرىنى كۆرسەتكەن زاتتۇر».

اللە بارلىق جىنس ۋە شەيئىلەرنىڭ ياراتقۇچىسىدۇر.

ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان ئالاھىدىكلەرنى ھەر جانلىققا تۇغما خاراكتېر قىلىپ بەرگەن، ھەرقانداق شارائىتتا ئۇلارنى ئىدارە قىلىپ تۇرىدىغان، ھەرقانداق ئەھۋالدا ئۇلارنى تىزگىنلەپ تۇرىدىغان، ھەممىنى بىلىدىغان ۋە ھەممىنى كۆرۈپ تۇرىدىغان زاتتۇر.

قۇرئاندا بۇلارنىڭ ھەممىسى تولۇقى بىلەن تەسۋىرلەنگەنىدى:

﴿مۇسا ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىمىز شۇنداق زاتتۇركى، ھەممە نەرسىگە (ئۆزىگە مۇناسىپ) شەكىل ئاتا قىلدى، (ئاندىن ئۇلارغا ياشاش يوللىرىنى، پايدىلىنىدىغان نەرسىلىرىنى) كۆرسەتتى»﴾. □

بۇ ئايەتتىن پىرئەۋننىڭ ئەقلىگە خۇددى ئۆردەككە سۇ يۇقمىغاندەك ھېچنېمە يۇقمىدى. ھېچقانداق تەسىر ۋە ئىز قالدۇرالمىدى.

پىرئەۋن يەنە سوراشقا باشلىدى:

- ئۇنداقتا سېنىڭ رەببىڭگە ئىبادەت قىلمىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ ھالى نېمە بولىدۇ؟

پىرئەۋن چوڭچىلىق ۋە مەسخىرىسىنى تېخىچە داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى. ئۇ مۇسادىن دىققەتنى اللە غا ئىبادەت قىلمىغان بۇرۇنقى نەسىللەرگە مەركەزلەشتۈرىدىغان بىر سوئال سورىغانىدى. ئەلۋەتتە، ئۇلارمۇ سوئال - سوراقسىز ۋە جازاسىز قالمايتتى. اللە ھەر

□ سۈرە تاھا 47 ـ 52 ـ ئايەتكىچە.
□ سۈرە تاھا 50 ـ ئايەت.

نەرسىنى بىلىدۇ. بۇرۇنقىلار ھەققىدىكى مەلۇماتلار اللە نىڭ دەرگاھىدا يېزىلغان. اللە ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئۇز دەرگاھىغا خاتىرىلەپ قويىدۇ. رەببىمىز ئازمايدۇ. يەنى ئۇ ھېچنەرسىنى چالا قويمايدۇ ۋە ئۇنۇتمايدۇ.

پىرئەۋن بۇ ھەقتە خاتىرجەم بولسۇن! اللە ھەر شەيئىنى بىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى خاتىرىلەپ قويىدۇ ۋە ئۇلارغا بېرىلىدىغان ھېچبىر نەرسىنى يوقىتىپ قويمايدۇ.

مۇسا رەببى ھەققىدىكى سۆزىنى بۇ ئايەتلەر بىلەن تاماملىدى:

﴿ئۇ زېمىننى سىلەرگە بىسات قىلىپ بەردى، سىلەر ئۈچۈن نۇرغۇن يوللارنى ئېچىپ بەردى، بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى، ئۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن ئۈسۈملۈكلەرنى ئۆستۈرۈپ بەردى. (ئۇلاردىن) يەڭلار ۋە مال ـ چارۋىلىرىڭلارنى بېقىڭلار، ئۇنىڭدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن (اللە نىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار. سىلەرنى زېمىندىن خەلق ئەتتۇق، (ئۆلگۈنۈڭلاردىن كېيىن) سىلەرنى يەنە زېمىنغا قايتۇرىمىز (توپىغا ئايلىنىسىلەر)، سىلەرنى (ھېساب ئېلىش ئۈچۈن) يەنە بىر قېتىم زېمىندىن چىقىرىمىز﴾.

مۇسا پىرئەۋننىڭ دىققىتىنى اللە نىڭ كائىناتتىكى بەلگە ـ ئىشارەتلىرىگە تارتتى. ئۇنىڭغا شامالنىڭ ھەرىكەتلىرىنى، يامغۇرنى ۋە ئۈسۈملۈكلەرنى ئەسلەتتى، ئاندىن تۇپراقنى يەنى اللە نىڭ ئىنساننى تۇپراقتىن ياراتقانلىقىنى، ئۆلگەندە قايتا تۇپراققا ئايلاندۇرىدىغانلىقىنى ۋە قايتا تىرىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن چىقىرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى.

شۇنداق، يەنە قايتا تىرىلىشمۇ بار ئىدى.

بارلىق مەۋجۇدىيەت قىيامەت كۈنى اللە نىڭ دەرگاھىغا مۇتلەق ھالدا ھازىر بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە پىرئەۋنمۇ بولىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن، مۇسا ھەم خۇش خەۋەرچى ھەم ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇپ ئەۋەتىلگەنىدى.

ئەمما پىرئەۋن بۇ ئاگاھلاندۇرغۇچىغا پىسەنت قىلمىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تالاش ـ تارتىش بارغانسېرى كۈچىيىپ، شىددەتلىك تۈس ئالغىلى تۇردى.

ئارىدا بولۇۋاتقان قاتتىق گەپ ـ سۆزلەر ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتتى. تالاش ـ تارتىشنىڭ شەكلى ئۆزگىرىپ جېدەلگە ئايلىنىشقا باشلىدى. مۇسا پىرئەۋنگە ئەقلىي دەلىللەرنى كەلتۈردى. ئەمما پىرئەۋن بۇ مەنتىقىلىق سۆھبەتتىن چەتنەپ، يېڭى ـ يېڭى، مۇسا تارتىشالمايدىغان تېمىلارغا ئۆزگەرتەتتى. مۇساغا ھۇجۇم قىلاتتى، ئۇنىڭغا تەھدىت سالاتتى، ھاقارەت قىلاتتى ۋە تىلغا ئالغۇسىز گەپلەرنى قىلاتتى.

سۈرە تاھا 53 ـ 55 ـ ئايەتكىچە.

پىرئەۋن مۇسا ئەكەلگەن ھەق يولغا ئارقىسىنى قىلدى. ئۇنىڭ دەۋاسىنى بىلمەسكە سېلىپ، ئۇنىڭ شەخسىيىتى، كىيىم ـ كېچەكى ۋە گەپ قىلىش ئۇسۇللىرىغا ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. ئەتراپىدىكىلەرگە مۇسانىڭ نامراتلىقىنى، قوپال يۇڭ كىيىم كىيگەنلىكىنى ۋە بەزى كەلىمىلەردىكى تەلەپپۇزىنى مەسخىرە قىلدى. ئاندىن ئۆزىنىڭ دىكتاتورلۇق مېتودى (ئۇسۇلى) بويىچە مۇسادىن ئۆزىدىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلىشقا قانداق جاسارەت قىلغانلىقىنى سورىدى. مۇسا پىرئەۋنىڭ (ئىلاھ) ئىكەنلىكىنى بىلمەمتى؟ پىرئەۋنىڭ قەسرىدە چوڭ بولغان مۇسانىڭ بۇنى بىلمەسلىكى مۇمكىنمۇ؟

پىرئەۋن ئۆزىنى ئىلاھ دەپ ئېلان قىلغاندىن كېيىن، پىرئەۋندىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلغانلار زىندانغا تاشلىناتتى.

ـ بىز پىرئەۋندىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلغانلارنى زىندانغا تاشلايمىز. ـ دېيىشتى ئەتراپىدىكىلەر.

﴿پىرئەۋن ئېيتتى: «ئەگەر مەندىن غەيرىنى ئىلاھ قىلىۋالىدىغان بولساڭ، سېنى چوقۇم زىندانغا تاشلايمەن»﴾.

مۇسا، ئەقلىي دەلىللەرنىڭ نەتىجە بەرمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. تېنچ باشلانغان مۇنازىرە ئاۋۋال مەسخىرىگە، كېيىن قوپاللىق ۋە ھاقارەتكە، ئاخىرىدا زىندان تەھدىتىگە ئايلانغان ئىدى. مۇسا مۆجىزە كۆرسىتىش ۋاقتىنىڭ كەلگەنلىكىنى چۈشەندى، ئۇ بۇ تەھدىتتىن كېيىنلا پىرئەۋنگە مۇنداق دېدى:

﴿«(مېنىڭ راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكىمنى ئىسپاتلايدىغان) روشەن دەلىل كەلتۈرسەممۇ (زىندانغا تاشلامسەن؟)»﴾.

مۇسا پىرئەۋنگە قارشى كۆكرەك كېرىپ مەيدانغا چىقتى، پىرئەۋنمۇ ئۇنىڭغا قارشىلىق بىلدۈردى. پىرئەۋن مۇسانىڭ مۆجىزە كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ راستچىللىقىنى ئىسپاتلىشىنى تەلەپ قىلدى.

﴿پىرئەۋن ئېيتتى: «ئەگەر سۆزۈڭ راست بولسا، روشەن دەلىلىڭنى كەلتۈرگىن»﴾.

مۇسا ھاسىسىنى سارايىنىڭ چوڭ زالىغا تاشلىدى.

دەسلەپتە، پىرئەۋن مۇسادىن ئۇنىڭ راستچىللىقىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلغاندىن كېيىن، ئۇ چۆچۈپ كەتكەچكە، ھاسا ئۇنىڭ قولىدىن چۈشۈپ كەتتى دەپ ئويلىدى.

ھەممەيلەننىڭ كۆزى مەرمەردىن ياسالغان زالغا تاشلانغان ھاسىغا تىكىلدى. ھاسا يەرگە چۈشۈپلا، ناھايىتى تېز ھەرىكەتلىنىدىغان يوغان يىلانغا ئايلاندى. ۋەھشىي يىلان

سۈرە شۇئەرا 29 ـ ئايەت.
سۈرە شۇئەرا 30 ـ ئايەت.
سۈرە شۇئەرا 32 ـ ئايەت.

پىرئەۋنگە قاراپ ھەرىكەتلەندى. قورقۇپ كەتكەن پىرئەۋنىنىڭ يۈزى تاتىرىپ، تەختىدە تۈگۈلۈپ قالدى ۋە باشقىلارنىڭ يىلاننى ئۆزىدىن يىراقلاشتۇرۇشى ئۈچۈن ۋارقىرىدى.

مۇسا قولىنى يىلانغا ئۇزاتتى. يىلان تەكرار ھاسىغا ئايلاندى.

بۇ مۆجىزىنى كۆرگەن ھەممەيلەننىڭ تىلى تۇتۇلدى، زال سۈكۈتكە چۆمگەندى.

مۇسا ھەممەيلەننىڭ كۆز ئالدىدا ئىككىنچى مۆجىزىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن قولىنى قوينىغا تىقىپ چىقاردى. ئۇنىڭ قولى ئاي نۇرىدەك يورۇپ كەتتى. سارايىنىڭ لامپا ۋە شاملىرى بۇ يورۇقلۇقتا كۆرۈنمەيلا قالدى. پىرئەۋنىنىڭ يۈزى قورققىنىدىن كۆكىرىپ كەتكەنىدى.

ئۇلۇغ اللە مۇنداق دەيدۇ:

﴿مۇسا ھاسىسىنى تاشلىۋىدى، ناگاھان ئوپئوچۇق ئەجدىھاغا ئايلاندى. مۇسا (قوينىدىن) قولىنى چىقىرىۋىدى، ناگاھان ئۇ قارىغۇچىلارغا (نۇر چاقناپ تۇرىدىغان) ئاپئاق بولۇپ كۆرۈندى﴾.[1]

ساراي جىمجىتلىققا چۆمدى. ھەر ئىككى مۆجىزە ھەممەيلەنگە قاتتىق تەسىر قىلغانىدى. مۇسا قولىنى تەكرار قوينىغا تىقتى، قولى ئەسلىگە قايتتى.

ئىككىنچى مۆجىزە تارقاتقان نۇر پۈتۈن ئەتراپقا يېيىلغانىدى. پىرئەۋن يۈزى سولغۇن ھالدا:

- ھەممىڭلار چىقىڭلار! كېيىنچە قايتا كۆرۈشىمىز، - دېدى.

مۇسا سارايدىن قايتىپ چىقتى.

پىرئەۋن نېمە قىلارىنى بىلمەلمەي قالغانىدى. ئەگەر ئۇ ئىككى مۆجىزىلىك ۋەقە مىسىرغا يېيىلىپ كەتسە ۋە خەلق مۇسا بىلەن ھارۇن ھەققىدە گەپ تارقىتىشقا باشلىسا، ئۇ چاغدا يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ئىشلارنى ئويلىماقتا ئىدى. پىرئەۋن بۇ ئىشنىڭ سارايدىن سىرتقا چىقماسلىقىنى ئەمىر قىلدى. ئەمما سارايىنىڭ قۇل - دېدەكلىرى ۋە ئىسرائىل ئەۋلادلىرىدىن بەزىلىرى بۇ ئىككى مۆجىزىنى كۆرگەنىدى، ئۇلار بۇ ئىشنى ھەممە يەردە تارقىتىپ يۈردى.

پىرئەۋن بۇ ئىككى مۆجىزە قارشىسىدا دالىقىپ قالغانىدى. مۇسا ئۇنىڭ سارىيىدىن چىقىشى بىلەنلا، بۇ ھەيرانلىق ۋە قورقۇنچ ئاچچىق غەزەپكە ئايلاندى. غەزىپىنى ئەتراپىدا تۇرغان ۋەزىر - ۋۇزرالىرىدىن ئالدى. ئۇلارغا قاتتىق مۇئامىلە قىلىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئۆزىنى يالغۇز قويۇشىنى بۇيرىدى.

ئۇ بۇ مەسىلىنى تېنچ ئولتۇرۇپ ئويلاشقا تىرىشتى. بىر نەچچە قەدەم كۆتۈرۈۋەتكەن بولسىمۇ، ئۆپكىسى بېسىلمىدى. ئاندىن پۈتۈن مىسىردىكى ۋەزىر، قوماندان ۋە مەسئۇل

---

[1] سۈرە شۇئەرا 32 ـ 33 ـ ئايەتلەر.

خادىملارنى توپلاپ، چوڭ يىغىلىش ئۆتكۈزۈشكە قارار بەردى ۋە باش ۋەزىرى ھامانغا يىغىلىشقا شەخسەن ئۆزىنىڭ يېتەكچىلىك قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

پىرئەۋىننىڭ قەۋمىنىڭ كاتتىلىرى يىغىلدى.

پىرئەۋن يىغىلىشقا قاپاقلىرى تۈرۈلگەن ھالدا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۆز سەلتەنەتىنى ئۆزىنىڭ مىسىرلىقلارنىڭ چوقۇنىدىغان بىر ئىلاھى بولۇش ئاساسىغا قۇرۇشتىن ئاسانلىقچە ۋاز كەچمەيدىغانلىقى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇلارنى يالغۇز بېشىغا ئىدارە قىلاتتى.

ئۇلارغا دىكتاتورلارچە مۇئامىلە قىلاتتى ۋە ئۇلارنىڭ قېنىنى شورىماقتا ئىدى. مانا ئەمدى، مۇسا ئۇنىڭ ھەممە ئىشىنى يوق قىلىشقا كەلگەنىدى. ئەڭ مۇھىمى مۇسا كائىناتتا تەڭدىشى ۋە ئوخشىشى بولمىغان يالغۇز بىر ئىلاھنىڭ بار ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويماقتا ئىدى. بۇ پىرئەۋننى يالغانچى دېگەنلىكتىن ئىبارەت ئىدى. بۇ پىكىر پىرئەۋننىڭ كاللىسىنى ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى.

پىرئەۋن باش ۋەزىرى ھامانغا قارىدى. تارىخىي يىغىلىش باشلاندى. ھېچكىم ئاغزىنى ئېچىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. پىرئەۋن يىغىلىشنى ھاماندىن سورىغان شۇ تۇيۇقسىز سوئالى بىلەن باشلىدى:

- ھامان! مەن يالغانچىمۇ؟

ھامان ھۇدۇققان ھالدا:

- پىرئەۋنگە نانكورلۇق قىلىشقا كىم جاسارەت قىلالايدۇ؟ - دەپ سورىدى.

پىرئەۋن يۈزىنى پۈرۈشتۈرۈپ:

- مۇساچۇ؟ ئۇ ئاسماندا بىر ئىلاھنىڭ بارلىقىنى ئېيتمىدىمۇ؟ - دېدى.

ھامان:

- پادىشاھىم! مۇسا يالغان ئېيتىۋاتىدۇ، - دېدى.

پىرئەۋننىڭ تاقىتى قالمىغانىدى، ئۇ بېشىنى باشقا تەرەپكە بۇراپ:

- ئۇنىڭ يالغان ئېيتقانلىقىنى بىلىمەن، - دېدى.

ئاندىن يەنە ھامانغا قاراپ:

﴿«ئى ھامان! ماڭا بىر ئېگىز بىنا سالغىن، ئۇنىڭ بىلەن مەن دەرۋازىلارغا - ئاسماننىڭ دەرۋازىلىرىغا يېتىشىم مۇمكىن، شۇنىڭ بىلەن مەن مۇسانىڭ ئىلاھىنى كۆرەي، مەن ھەقىقەتەن مۇسانى يالغانچى دەپ گۇمان قىلىمەن» دېدى﴾.[1]

[1] سۈرە غافىر 36 - 37 - ئايەتلەرنىڭ بىر قىسمى.

پىرئەۋن ئۇزىنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقالايدىغان دەرىجىدە ئېگىز بىر شوتىنىڭ ياسىلىشىنى بۇيرىدى. پىرئەۋننىڭ بۇ بۇيرۇقى مىسىر مەدەنىيىتىگە ۋە ئۇلارنىڭ بىناكارلىققا بولغان قىزىقىشىدىن كېلىپ چىققانىدى. ئەمما ئۇ ئۆز دەۋرىدە يۈرگۈزۈلىۋاتقان بىناكارلىق قانۇنلىرىنى بىلمەيتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ھامان مۇنداق بىر نەرسىنى ياساپ چىقىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، پىرئەۋنگە رىياكارلىق بىلەن جاۋاب بەردى:

- مەن ئۇنىڭ دەرھال ياسىلىشى ئۈچۈن بۇيرۇق قىلىمەن. ئەمما، ھۆرمەتلىك پادىشاھىم! تۇنجى قېتىم شەخسىيىتىڭگە ئېتىراز بىلدۈرۈشىمگە رۇخسەت قىلغىن! سەن ئاسماندىن ھېچنەرسە تاپالمايسەن. سەندىن باشقا ئىلاھ يوق.

پىرئەۋن باش ۋەزىرىنىڭ بۇ ئېتىرازىنى ھەممەيلەن تەرەپتىن قوبۇل قىلىنغان بىر ھەقىقەتنى ئاڭلاۋاتقاندەك، ناھايىتى مەمنۇنىيەت بىلەن ئاڭلىدى. ئاندىن بۇ مەشھۇر يىغىلىشتىكى تارىخىي نۇتقىنى سۆزلىدى:

﴿«ئى كاتتىلار! مەن ئۆزەمدىن باشقا يەنە بىر ئىلاھنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمەن. ئى ھامان، مېنىڭ ئۈچۈن پىششىق خىش پىشۇرۇپ ئېگىز بىر بىنا سالغىن، مەن مۇسانىڭ ئىلاھىنى كۆرۈشۈم مۇمكىن، مەن ھەقىقەتەن ئۇنى (ئاسماندا بىر پەرۋەردىگار بار دېگەن دەۋاسىدا) يالغانچىلاردىن گۇمان قىلىمەن»﴾.

ھەممەيلەن باشلىرىنى ئېگىپ ئۇنى تەستىقلىدى.

ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەقلى جايىدا ئىككى - ئۈچ كىشى بار بولۇپ، ئۇلار پىرئەۋننىڭ يالغان ئېيتقانلىقىنى بىلەتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇن چىقارماي ئۇنى تەستىقلىدى. بۇ ۋەقە مىسىر خەلقىنىڭ بېشىغا بالا ياغدۇردى. مىسىرلىق ئەسكەرلەر ئۆز قوماندانلىرىنىڭ رىياكارلىق، ۋەزىرلەرنىڭ تەستىقى ۋە كاھىنلارنىڭ پىرئەۋننىڭ ساراڭلىقىغا بويۇن ئېگىشىنىڭ بەدىلىنى قان - تەر بىلەن تۆلىدى.

- مۇسا ھەققىدە نېمە ئويلىشىۋاتىسىلەر؟ - دەپ سورىدى.

ھامان:

- ئۇ بىر يالغانچى، - دېدى.

باشقا بىر ۋەزىر:

- مەن ئۇنى ساراڭ دەپ ئويلايمەن، - دېدى.

يېشى چوڭراق بىر كاھىن ھېچنىمە دېمەسلىكتىن قورقۇپ:

- مەنچە ئۇنىڭغا بىر ئىش بولغان ئوخشايدۇ، - دېدى.

---

سۈرە قەسەس 38 - ئايەت.

پىرئەۋن سۆزگە ئارىلىشىپ:

- سىلەر ماڭا مۇسانى تەرىپلەپ بېرىۋاتىسىلەر، ئەمما تېخىچە مېنىڭ سوئالىمغا جاۋاب بەرمىدىڭلار، - دېدى.

مۇسانىڭ ھەقىقىتى نېمە؟ ئۇنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان ھىيلە نېمە؟

مەسلىھەتچىلەر قورققانلىقى ۋە پىرئەۋنگە قىلغان ئىككى يۈزلىمىچىلىك مۇئامىلىلىرىدىن كېيىن لام - جىم دېيىشمىدى. پەقەت شاتۇتىدەك تەكرارلاش ئۈچۈن، پىرئەۋنىنىڭ ئۆز ئاغزىلىرىغا گەپ سېلىپ بېرىشنى كۈتۈپ تۇرۇشاتتى.

پىرئەۋن بۇ غەلىتە جىمجىتلىقنى بۇزۇپ:

- قارىغاندا مۇسا بەكمۇ ئۇستا سېھرىگەردەك تۇرىدۇ. ئۇ سېھرى بىلەن سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارماقچى بولۇۋاتىدۇ. سىلەر قانداق قىلماقچى بولۇۋاتىسىلەر؟ - دەپ سورىدى.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، دىكتاتورلۇقلاردا مىللەتنىڭ كاتتىلىرى ۋە يۇرت مۆتىۋەرلىرىنىڭ دىكتاتورنىڭ ئالدىدا ئۆز كۆزقاراشلىرىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن يىغىلىشى، ئۇلارنىڭ كۆزقارشىنى ئېلىش ۋە ئۇنى قايتىلاشتىن باشقا بىر ئىش ئەمەس ئىدى.

مەسلىھەتچىلەر پىرئەۋنىنىڭ سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن:

- پىرئەۋن توغرا ئېيتىدۇ، مۇسا بىر سېھرىگەردۇر، - دېيىشتى.

مەسىلە ھەل بولدى.

مۇسا بىلەن ھارۇننى بىر نەچچە كۈن ساقلىتىپ تۇرىمىز، پىرئەۋنىنىڭ سېھرىگەرلەرنىڭ توپلىنىشى ھەققىدىكى پەرمانىنى پۈتۈن مىسىرغا بىلدۈرىمىز، سېھرىگەرلەر كېلىپ مۇسانىڭ قارشىسىدىن يەر ئالىدۇ ۋە ئۇنىڭ سېھرىگەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ، ئۇنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىدۇ. ئاندىن بىز ئۇنى پۈتۈن مىسىرلىقلار ۋە ئىسرائىل ئوغۇللىرىغا بىلدۈرىمىز. مانا بۇ، بۇ تارىخىي يىغىلىشتا ئېلىنغان قارار ئىدى. ئۇن كىشى پىرئەۋنىنىڭ سارىيىدىن ئۇلاغلىرىغا مىنىگەن ھالدا چىقىپ، مىسىرنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئەتىسى مىسىرنىڭ ھەممە بازىرىدا: بارلىق ئۇستا سېھرىگەرلەرنىڭ مۇھىم بىر ئىش ئۈچۈن پىرئەۋنىنىڭ ئوردىسىغا بېرىشىغا پەرمان چۈشۈرۈلدى، - دەپ ئېلان قىلىدى.

پىرئەۋن يەنە بىر تەرەپتىن مۇسانى چاقىرىپ، ئۇنى قورقىتىشقا ۋە تەھدىت سېلىشقا تىرىشقان بولسىمۇ، مۇسا ھېچ ئىش بولمىغاندەك خاتىرجەم يۈرۈۋەردى.

پىرئەۋن مۇساغا:

- ئەي مۇسا! سەن بىر سېھرىگەرسەن، سېنى مىسىر خەلقىنىڭ ئالدىدا مەيدانغا چىقىرىشقا قارار بەردىم. بىر نەچچە كۈنگىچە باشقا سېھرىگەرلەر يېتىپ كېلىدۇ، - دېدى.

مۇسا سورىدى:

ـ سېھىرگەرلەر بىلەن قاچان كۆرۈشىمەن؟

پىرئەۋن:

ـ خەلق يىغىندا بىر ئىش ئۈچۈن يىغىلىدۇ. يەنى يىغىندا بىر بايرام كۈنى كېلىدۇ. ئۇ كۈنى ئىللىق شامال چىقىدىغان، باھارنىڭ كېلىشى بىلەن يەر يۈزى يېشىللىققا پۈركىنىدىغان بىر كۈن. بۇ يىغىلىش قورقۇنچلۇق بولىدۇ. سەن چوقۇم يېڭىلىسەن. ساڭا ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا بۇ ئىشتىن ۋاز كېچىش ھەققى بېرىمەن. قۇتۇلۇپ قېلىشىڭ ئۈچۈن ساڭا ئەڭ ئاخىرقى پۇرسەتنى بېرىۋاتىمەن، ـ دېدى.

مۇسا پىرئەۋننىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىنى ئاڭلىماسلىققا سېلىۋېلىپ:

ـ ئۇنداقتا، شۇ كۈنى كۆرۈشۈش ئۈچۈن كېلىشتۇق، كۆرۈشۈش كۈنى سىلەرنىڭ بايرام كۈنۈڭلار، ھەممەيلەن يىغىلغان ئەتىگەن ۋاقتىدا بولسۇن، ـ دېدى.

پىرئەۋن سورىدى:

ـ سەن قاچان كېلىسەن؟

مۇسا:

ـ ئىنشا الله، ئۇ كۈنى سەھەردە كېلىمەن، ـ دېدى.

ئۇلۇغ الله تاھا سۈرىسىدە مۇنداق دېگەنىدى:

﴿شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭغا بىزنىڭ ھەممە مۆجىزىلىرىمىزنى كۆرسەتتۇق. ئۇ ئىنكار قىلدى ۋە (ئىمان ئېيتىشتىن) باش تارتتى. پىر ئەۋن ئېيتتى: «ئى مۇسا! سېھرىڭ بىلەن بىزنى زېمىنىمىز (مىسىر) دىن چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن كەلدىڭمۇ؟ ساڭا بىز شۇنىڭغا ئوخشاش سېھىر بىلەن تاقابىل تۇرىمىز، سەن بىزگە ئۆز ئارا يىغىلىدىغان ۋاقىتنى ۋە مۇئەييەن جاينى بەلگىلەپ بەرگىن، سەنمۇ، بىزمۇ ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلمايلى». مۇسا ئېيتتى: «سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان چاغ بايرام كۈنى بولۇپ، كىشىلەر چاشگاھ ۋاقتىدا يىغىلسۇن»﴾. [8]

مۇسا خاتىرجەم ۋە تەمكىن ھالدا مېڭىپ كەتتى.

سېھىرگەرلەر پىرئەۋننىڭ سارىيىغا يىغىلىشقا باشلىدى.

ھەممىسى يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن، پىرئەۋن ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ يېنىغا كىرىشىنى بۇيرىدى. سېھىرگەرلەر پىرئەۋننىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپلا، ئۇنىڭغا سەجدە قىلىشتى.

---

[8] سۈرە تاھا 56 ـ 59 ـ ئايەتكىچە.

پىرئەۋن ئۇلارنى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشقا بۇيرۇپ، ئۆزى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئايلانغاچ، ئۇن - تىنسىز ۋە خىيال قىلغان ھالدا ئۇلارنىڭ تەقى - تۇرقى ۋە كىيىم - كېچەكلىرىگە بىر - بىرلەپ قاراشقا باشلىدى. ئاندىن توساتتىن ئورنىدا تۇرۇپ:

- سېھىرگەرلەر! بىز كىچىككىنە بىر مەسىلىگە دۇچ كەلدۇق ۋە بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرنى بۇ يەرگە چاقىرىپ كەلدۇق. - دېدى.

سېھىرگەرلەر باشلىرىنى ئالدىغا ئېگىپ تىڭشاشقا باشلىدى.

پىرئەۋن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

- بىزنىڭ ئالدىمىزغا ئۆزىنى الله نىڭ ئەلچىسى دەپ قارايدىغان، مۇسا ئىسىملىك بىرى كەلدى. ئۇنىڭ يېنىدا ھارۇن ئىسىملىك قېرىندىشىمۇ بار، ئەمما مۇسا قېرىندىشىغا قارىغاندا، تېخىمۇ ئەقىللىق ۋە كۈچلۈك بىرى، سىلەرنىڭ ئۇنى بېشىنى قايتا كۆتۈرەلمىگۈدەك دەرىجىدە قاتتىق بىر يېڭىۋېتىشىڭلار كېرەك! - دېدى.

سېھىرگەرلەر داۋاملىق تۇردە باشلىرىنى ئېگىپ، سۈكۈت ئىچىدە تۇرۇشاتتى.

پىرئەۋن:

- نېمە ئۈچۈن ھېچبىرىڭلار مۇسانىڭ سېھىرىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سورىمايسىلەر؟ - دېدى.

سېھىرگەرلەردىن بىرى پەس ئاۋازدا:

- بىز بۇنى شەخسەن پىرئەۋن جاناپلىرىنىڭ بىزگە سۆزلەپ بېرىشىنى كۈتۈپ تۇردۇق، پادىشاھىم! بىز سېنىڭ سۆزۈڭنى بۆلۈۋېتىشنى خالىمايمىز، - دېدى.

پىرئەۋن ئاچچىق بىلەن:

- مۇسا قولىدىكى ھاسىنى يەرگە ئېتىۋېدى، يوغان بىر يىلانغا ئايلاندى، ئاندىن قولىنى قوينىغا سېلىپ چىقىرىۋېدى، قولى ئايدەك ئاپئاق يورۇپ كەتتى، - دېدى.

سېھىرگەرلەرنىڭ يۈزلىرىدە كۈلۈمسىرەش پەيدا بولدى، ئۇلاردىن بىرى:

- پىرئەۋن جاناپلىرى خاتىرجەم بولسۇن! بۇ بىر كونا سېھىر ئويۇنى. بىز ئۇنى ”يىلان ھاسا ئويۇنى“ دەپ ئاتايمىز. ھاسا يىلانغا ئۆزگەرمەيدۇ. ئەسلىدە ھاسا جىم تۇرسىمۇ، كىشىلەر ئۇنى قىمىرلىغاندەك ھېس قىلىدۇ، - دېدى.

پىرئەۋن:

- سېھىرگەرلىك سەنئىتىنىڭ ئۇسۇللىرى ھەققىدە سىلەر بىلەن تارتىشىپ ئولتۇرمايمەن. مەن پەقەت سىلەرنىڭ مۇسانى يېڭىشىڭلارنى تەلەپ قىلىمەن. بايرام كۈنى كۆرۈشمەكچى بولدۇق، پۈتۈن مىسىر خەلقى سىلەرنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، سىلەر چوقۇم ئۇنى يېڭىشىڭلار كېرەك! - دېدى.

پىرئەۋننىڭ سۆزى تۈگىگەندى. سېھىرگەرلەرنىڭ چىقىپ كەتسە بولىدىغانلىقىنى ئىشارەت قىلدى. ئەمما ئۇلار تېخىچە ئۆز ئورۇنلىرىدا تۇرۇشاتتى. ئاردىن بىرى:

- پىرئەۋن جانابلىرى! بىزگە ئەڭ مۇھىم ئىش ھەققىدە ئېغىز ئاچمىدى. - دېدى.

پىرئەۋن چۆچۈگەن ھالدا:

- نېمە مۇھىم ئىش ئۇ؟ - دەپ سورىدى.

سېھىرگەرلەردىن بىرى:

- ئۇنى يەڭسەك، بىزگە قانداق مۇكاپات بېرىلىدۇ؟ - دېدى.

پىرئەۋن كۈلۈپ تۇرۇپ:

- سىلەرنى چوقۇم رازى قىلىمەن. سىلەر ئەڭ ئەتىۋالىق كىشىلەرگە ئايلىنىسىلەر، سارايدا سېھىرگەرلەر ئۇچۇن يېڭى ۋەزىپىلەر تەيىن قىلىمىز. بۇ ھەقتە سىلەر ھەرگىز ئەندىشە قىلماڭلار! - دېدى.

پىرئەۋن سېھىرگەرلەرنىڭ ئۆزلىرىگە ئىشەنگەنلىكىنى كۆرۈپ كۈلۈمسىرىدى. ئۇلارنىڭ چىقىشىغا ئىشارەت قىلىپ، ئۆزى تائام يېيىش ئۇچۇن ئولتۇردى. پىرئەۋننىڭ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى. تائام كەلدى. ئۇ بىر پارچە قوزا گۆشىنى چىشلەپ تۇرۇپ ئۆز - ئۆزىگە:

- مۇسا كەلگەندىن بېرى ئىشتىھايىم قاچتى. ھەر نېمىدېگەن بىلەن مۇسانىڭمۇ ئىشى تۈگەيدىغانغا ئاز قالدى. - دېدى.

ئۇلۇغ الله ئەئراف سۈرىسىدە مۇنداق دېگەندى:

﴿مۇسا ئېيتتى: «ئى پىرئەۋن! مەن ھەقىقەتەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئەۋەتكەن پەيغەمبەرمەن. الله نامىدىن پەقەت ھەقىقەتتىن باشقىنى ئېيتماسلىقىقا لايىقمەن. راستىنلا پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن سىلەرگە (مېنىڭ راستلىقىمنى ئىسپاتلايدىغان) بىر مۆجىزە ئېلىپ كەلدىم. شۇنىڭ ئۇچۇن، ئىسرائىل ئەۋلادىنى مەن بىلەن قويۇپ بەرگىن (مەن بىلەن بىللە ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ۋەتىنى مۇقەددەس زېمىنغا بارسۇن)». پىرئەۋن (مۇساغا): «ئەگەر سەن (پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن) بىر مۆجىزە ئېلىپ كەلگەن بولساڭ، (بۇ دەۋايىڭدا) راستچىللاردىن بولساڭ، ئۇنى بىزگە كۆرسەتكىن» دېدى. مۇسا ھاسىسىنى تاشلىۋىدى، ئۇ ناگاھان ئاشكارا بىر ئەجدىھاغا ئايلاندى. قولىنى (ياقىسىدىن) چىقىرىۋىدى، ئۇ ناگاھان قارىغۇچىلارغا (نۇر چاقنىتىپ تۇرىدىغان) ئاپئاق بولۇپ كۆرۈندى. پىرئەۋن قەۋمىنىڭ چوڭلىرى ئېيتتى: «بۇ ھەقىقەتەن ناھايىتى ئۇستا سېھىرگەر ئىكەن. ئۇ سىلەرنى زېمىنىڭلار (يەنى مىسىر زېمىنى) دىن ھەيدەپ چىقىرىۋەتمەكچى. نېمە مەسلىھەت بېرىسىلەر؟». ئۇلار ئېيتتى: «(ئۇلارنىڭ ئىشىنى ئۆزەڭ بىر پىكىرگە كەلگۈچە) تەخىر قىلغىن. شەھەرلەرگە (سېھىرگەرلەرنى) يىغقۇچى كىشىلەرنى ئەۋەتكىن.

ئۇلار بارلىق ئۇستا سېھىرگەرلەرنى سېنىڭ ھۇزۇرۇڭغا ئېلىپ كەلسۇن». (پىرئەۋن سېھىرگەرلەرنى يىغىشقا ئادەملىرىنى ئەۋەتتى) سېھىرگەرلەر پىرئەۋننىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇلار: «ئەگەر بىز غەلىبە قىلساق، بىزگە چوقۇم مۇكاپات بېرىلەمدۇ؟» دېدى. پىرئەۋن: «ھەئە، (مۇكاپات بېرىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە) سىلەر چوقۇم مېنىڭ يېقىن كىشىلىرىم بولۇپ قالىسىلەر» دېدى﴾.[4]

بايرام كۈنى يېتىپ كەلدى.

خەلق بۈگۈن يۈز بېرىدىغان ئىشلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش ئۈچۈن ئەتىگەندىلا ئۆيلىرىدىن چىقىپ، مەيدانغا يىغىلىشقا باشلىدى. مىسىر تەۋەسىدە بۇ ۋەقەنى بىلمىگەن ئادەم قالمىغانىدى.

پىرئەۋن ۋە سېھىرگەرلەرنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن خەلق ھاياجانلىنىشقا باشلىدى. مۇسا بىلەن ھارۇن كەلگەندە، ئەتراپ سۈكۈتكە چۆمگەنىدى. مەيدان پىرئەۋن ئۈچۈن ياسالغان سايىۋەننىڭ ئالدىدىكى ئوچۇقچىلىققا راسلانغان ئىدى. پىرئەۋن ئالتۇن ۋە زىبۇ ـ زىننەتلەرنى تاقاپ، ئەسكەر ۋە قوماندانلىرىنىڭ ئارىسىدا ئولتۇردى. مۇسا بېشىنى تىك تۇتۇپ الله نى زىكىر قىلغان ھالدا تۇراتتى.

ئەتراپ پۈتۈنلەي جىمىدى، سېھىرگەرلەر مۇساغا يېقىنلىشىپ كېلىپ: ئەي مۇسا! سەن باشتا ھۈنىرىڭنى كۆرسىتەمسەن ياكى بىز كۆرسىتەيلىمۇ؟ ـ دەپ سوراشتى.

مۇسا:

ـ سىلەر باشتا كۆرسىتىڭلار، ـ دېدى.

سېھىرگەرلەر:

ـ پىرئەۋننىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى بىلەن بىز سېنى يېڭىمىز، ـ دېيىشتى.

مۇسا:

ـ سىلەرنىڭ ھالىڭلارغا ۋاي! يالغان ئېيتىپ الله قا تۆھمەت چاپلىماڭلار! الله سىلەرنى ئۆز ئازابى بىلەن ھالاك قىلىۋېتىدۇ، ـ دېدى.

بەزى ھەقىقەت ئەھلى مۇنداق دېگەنىدى: «مۇسا ئەتراپىغا قارىدى. جىبرىئىل ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە تۇرۇپ ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: ئەي مۇسا! سەن الله نىڭ ئەۋلىيالىرى بىلەن بىللە تۇرۇۋاتىسەن. مۇسا ئۆز ـ ئۆزىگە: بۇلار پىرئەۋننىڭ دىنىغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن كەلگەن سېھىرگەرلەر، ـ دېدى.

جىبرىئىل يەنە: سەن الله نىڭ ئەۋلىيالىرى بىلەن بىللە تۇرۇۋاتىسەن. ئۇلار ھازىردىن تارتىپ ئەسىر نامىزىغىچە سېنىڭ يېنىڭدا بولىدۇ. ئەسىر نامىزىدىن كېيىن جەننەتكە كىرىپ كېتىدۇ، ـ دېدى.»

[4] سۈرە ئەئراف 104 ـ 114 ـ ئايەتكىچە.

سېھىرگەرلەر كالتەك ۋە يىپلىرىنى مەيدانغا تاشلىدى. مەيدان بىردىنلا يىلانغا تولۇپ كەتتى.

ئۇلار كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىنى باغلاپ، ئۇلارنى قورقۇتتۇۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار چوڭ بىر سېھىر كۆرسەتكەن بولدى.

مىسىرلىقلار بۇ سېھىرنى كۆرۈپ ھاياجانلىنىپ كېتىشتى. پىرئەۋن كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ ئۆز - ئۆزىگە:

- مۇسانىڭ ئىشى تۈگىدى. ئۇ قولىدىكى ھاسىسىنىڭ يىلانغا ئۆزگىرىشىنى ئۆزىنىڭ مۆجىزىسى دەپ يۈرەتتى. مانا پىرئەۋن ئۇنىڭغا قوللىرىدىكى كالتەك ۋە يىپلارنى يىلانغا ئايلاندۇرالايدىغان سېھىرگەرلەردىن ئون كىشىنى ئېلىپ كەلدى، - دېدى.

پىرئەۋن توختىماي كۈلۈمسىرەيتتى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام سېھىرگەرلەرنىڭ كالتەك ۋە يىپلىرىغا قارىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە قورقۇش ھېسسىياتى پەيدا بولدى. جىبرىئىلنىڭ ئۆزىگە ئېيتقانلىرىنى ئەسلىدى. ئەمما يەنە قورقتى. بۇ سېھىرگەرلەر قانداقسىگە جەننەت ئەھلى بولالايدۇ؟ قانداقسىگە الله نىڭ ئەۋلىيالىرى بولالايدۇ؟ مۇسا بۇنى يورۇقلۇق بىر - ئىككى سېكۇنت ئۆچۈپ قاراڭغۇلۇق پەيدا بولغان قىسقىغىنە بىر ۋاقىت ئىچىدە ھېس قىلدى. مۇسا قېرىندىشى ھارۇن بىلەن بىرلىكتە پىرئەۋننىڭ قوغدىغۇچى ۋە ئەسكەرلىرىنىڭ ئالدىدا جۇل ــ جۇل كىيىملىرى بىلەن تۇراتتى. ئۇنىڭ كاللىسىغا نېمىلەرنىڭ كەلگەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. مۇسانىڭ قورقۇنچى تىنجىپ، ئىچى قايتىدىن يورۇپ كەتتى. الله ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەنىدى:

﴿«قورقمىغىن، سەن چوقۇم ئۈستۈنلۈك قازىنىسەن. قولۇڭدىكىنى تاشلىغىن، ئۇ ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن سېھىرلىرىنى دەم تارتىپ يۇتۇۋېتىدۇ، ئۇلارنىڭ كۆرسەتكىنى سېھىرگەرلەرنىڭ ھىيلىسىدۇر، سېھىرگەرلەر قەيەرگە بارسا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ»﴾.

مۇسا الله نىڭ ئۆزىگە تەسەللىي بېرىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، خاتىرجەم بولدى. قولى تىترەشتىن توختىدى. ئۇ ھاسىنى كۆتۈرۈپ بىردىنلا يەرگە تاشلىدى، مۇسانىڭ ھاسىسى يەرگە چۈشەر - چۈشمەيلا مۆجىزە مەيدانغا كەلدى.

خەلق، سېھىرگەرلەر، پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى ئىلگىرى ھېچ كۆرۈپ باقمىغان بىر نەرسە كۆردى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، سېھىرگەر كىشىلەرنىڭ كۆزىنى باغلىيالايتتى ۋە ئۇلارغا جىم تۇرغان كالتەكنى ھەرىكەتلىنىۋاتقاندەك قىلىپ كۆرسىتەلەيتتى. ئەمما شۇ ئاندا بولۇۋاتقىنى پۈتۈنلەي باشقىچە بىر ئىش ئىدى.

سۈرە تاھا 68 ــ 69 - ئايەتلەر.

مۇسانىڭ ھاسىسى يەرگە چۈشۈپلا ناھايىتى يوغان ۋە كۈچلۈك بىر يىلانغا ئايلاندى. بۇ يىلان سېھىرگەرلەرنىڭ ھەرىكەتلىنىۋاتقان يىپ ۋە كالتەكلىرىنى بىر - بىرلەپ ۋە ناھايىتى تېز سۈرئەتتە يۇتۇشقا باشلىدى.

بىر نەچچە مىنۇت ئىچىدە سېھىرگەرلەرنىڭ مەيدانغا لىق تولغان يىپ ۋە كالتەكلىرىدىن ھېچنېمە قالمىدى. مۇسانىڭ ھاسىسى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى يۇتۇۋەتتى. يىلان مۇساغا قاراپ ھەرىكەتلەندى.

مۇسا قولىنى يىلانغا ئۇزاتتى، يىلان دەرھاللا ھاسىغا ئايلاندى. سېھىرگەرلەر ئۆزلىرىنىڭ بىر سېھىرگەرنىڭ قارشىسىدا ئەمەسلىكىنى بىلىشتى.

ئۇلار ئەڭ ئۇستا سېھىرگەر ۋە زامانىنىڭ ئەڭ بىلىملىك كىشىلىرى ئىدى. بىر ئاز ئاۋۋال كۆرگەنلىرى سېھىرگەرلىكگە ياكى ھېچقانداق بىرئىلىم ساھەسىگە كىرمەيتتى، بۇ پەقەت اللە نىڭ مۆجىزىسىدىن ئىبارەت ئىدى.

سېھىرگەرلەر سەجدە قىلىش ئۈچۈن ئۆزلىرىنى يەرگە ئېتىشتى ۋە: بىز ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا، مۇسا ۋە ھارۇننىڭ رەببىگە ئىمان ئېيتتۇق، - دېيىشتى.

مىسىرلىقلار ۋە ئىسرائىل ئەۋلادى قەۋمى بۇ مۆجىزىنى ۋە سېھىرگەرلەرنىڭ مۇسا بىلەن ھارۇنغا سەجدە قىلغانلىقىنى كۆرۈپ تۇردى.

پىرئەۋن ئىشنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى چۈشەندى، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ سېھىرگەرلەرگە:

- سىلەر مەندىن رۇخسەت ئالماي تۇرۇپ نېمە ئۈچۈن ئۇنداق قىلىسىلەر؟ - دەپ ۋارقىرىدى.

سېھىرگەرلەر:

- ئىمان ئېيتىش ئۈچۈن رۇخسەت ئېلىشنىڭ ھاجىتى يوق، - دېدى.

پىرئەۋن:

- بۇ چوقۇم سىلەرنىڭ سۇيىقەستىڭلار، ئەسلىدە سىلەرگە سېھىرنى ئۆگەتكەن ئۇستازىڭلار مۇسا ئىكەن. سىلەرنىڭ پۇت - قوللىرىڭلار كېسىلىدۇ... خورما دەرەخلىرىگە ئېسىلىسىلەر، بۇ سىلەرنىڭ پىلانىڭلار، - دېدى.

سېھىرگەرلەر:

- ئى پىرئەۋن! بىزگە خالىغىنىڭنى قىل!...

سېنى بۇ ئىلاھى مۆجىزە بىلەن تەڭ قىلمايمىز، بىز خاتالىقلىرىمىز ۋە سېنىڭ زورلىشىڭ بىلەن قىلغان سېھىرلىرىمىز ئۈچۈن اللە تىن مەغپىرەت تىلەپ رەببىمىزگە ئىمان ئېيتتۇق. اللە نىڭ مۇكاپاتى تېخىمۇ ياخشى ۋە ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ... ئەگەر بىزنى قىيىنساڭ، ئۆلتۈرسەڭ ياكى دارغا ئاسساڭ، پەقەتلا بۇ دۇنيا ھاياتىدا قىيىنغان، ئۆلتۈرگەن

بولسەن، بۇمۇ ئاخىرەتنىڭ ئالدىدا ھېچنېمە ئەمەس. بىز اللە نىڭ مەغپىرىتىنى ۋە جەننەتكە كىرىشنى ئۈمىد قىلىمىز. ـ دېيىشتى.

پىرئەۋن پۈتۈن سېھرگەرلەرنىڭ ئېسىلىشىنى ئەمىر قىلدى.

خەلق ئۇلارنى تاماشا قىلىش ئۈچۈن كەلدى. سېھرگەرلەرنىڭ مۇسانىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشى كىچىك ئىش ئەمەس ئىدى. چۈنكى، بۇ سېھرگەرلەر مىسىر جەمئىيىتىنىڭ سەرخىل كىشىلىرى، يەنى ئالىملىرى ئىدى.

مىسىرنىڭ ئالىملىرى ھەقىقەتەن سەجدە قىلغان ئىدى. ئەمما خەلق ئۇلارنى قوللىماستىن، ئۇلارنىڭ ئۆلۈشكە رازى بولۇپ تۇرغان ئىدى. ھەقىقەت ئاشكارا تۇرسىمۇ، خەلق يەنىلا تاماشا قىلىپ تۇردى. ئەگەر ھەر بىرى قولىغا خىش پارچىسى ئېلىپ پىرئەۋنگە ئاتقان بولسا، پىرئەۋن يىقىلىپ مىسىر تارىخى يېڭىلانغان بولاتتى. لېكىن ئۇلار يېرىدىن مىدىرلاپمۇ قويمىغانلىقى ئۈچۈن، كېيىن باشلىرىغا كېلىدىغان ئاقىۋەتتىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى.بۇ بۈيۈك كۈن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن،مۇسا بىلەن ھارۇن مەيداندىن ئايرىلدى. پىرئەۋن قەسرىگە قايتتى.

ئۇلۇغ اللە ئەئراف سۈرىسىدە مۇسا ۋە سېھرگەرلەرنىڭ ئەھۋالىنى مۇنداق تەرىپلىگەندى:

﴿ئۇلار (يەنى سېھرگەرلەر): «ئى مۇسا! (ھاساڭنى) سەن ئاۋۋال تاشلامسەن ياكى بىز (ئۆزىمىزنىڭكىنى) ئاۋۋال تاشلامدۇق؟» دېدى. مۇسا: «سىلەر تاشلاڭلار!» دېدى. ئۇلار ھاسا، ئارغامچىلارنى تاشلاپ كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىنى باغلىدى، ئۇلارنى (يەنى كىشىلەرنى) قاتتىق چۆچۈتۈۋەتتى. ئۇلار (كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىگە) چوڭ (كۆرۈنىدىغان) سېھرنى كۆرسەتتى. مۇساغا: «ھاساڭنى تاشلىغىن» دەپ ۋەھيى قىلدۇق. (مۇسا ھاسىسىنى تاشلىۋىدى، ئۇ ئەجدىھاغا ئايلىنىپ) ئۇلارنىڭ ئويدۇرما نەرسىلىرىنى دەرھال يۇتۇۋەتتى. ھەقىقەت ئاشكارا بولدى، ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن سېھرلىرى بەربات بولدى. بۇ يەردە ئۇلار (يەنى پىرئەۋن بىلەن قەۋمى) مەغلۇپ بولدى، خار بولغان ھالدا (شەھەرگە) قايتتى. سېھرگەرلەر سەجدىگە باردى. ئۇلار دېدى: «ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىمان ئېيتتۇق. مۇسا ۋە ھارۇننىڭ پەرۋەردىگارىغا (ئىمان ئېيتتۇق»). پىرئەۋن ئېيتتى: «سىلەر مەن رۇخسەت قىلماي تۇرۇپ مۇساغا ئىمان ئېيتتىڭلار، بۇ چوقۇم سىلەرنىڭ شەھەر (يەنى مىسىر) دىكى چېغىڭلاردا ئاھالىنى شەھەردىن ھەيدەپ چىقىرىش ئۈچۈن (مۇسا بىلەن بىرلىشىپ) ئالدىن پىلانلىغان ھىيلەڭلاردۇر (سىلەرنى قانداق جازالايدىغانلىقىمنى) ئۇزاققا قالماي بىلىسىلەر. سىلەرنىڭ قولۇڭلارنى، پۇتۇڭلارنى چوقۇم ئوڭ ـ چەپ قىلىپ (ئوڭ قولۇڭلار بىلەن سول پۇتۇڭلارنى ياكى ئوڭ پۇتۇڭلار بىلەن سول قولۇڭلارنى) كېسىمەن، ئاندىن ھەممىڭلارنى چوقۇم دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرىمەن». سېھرگەرلەر ئېيتتى: «بىز، ئەلۋەتتە، پەرۋەردىگارىمىزنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىلارمىز. سەن بىزنى پەقەت پەرۋەردىگارىمىزنىڭ بىزگە نازىل قىلغان ئايەتلىرىگە ئىمان

ئېيتقانلىقىمىز ئۈچۈنلا ئەيىبلەۋاتىسەن. پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە سەۋر ئاتا قىلغىن، بىزنى مۇسۇلمان پېتىمىزچە قەبزى روھ قىلغىن»﴾.[1]

سېھىرگەرلەر مۇسانىڭ دىنى بولغان ئىسلامغا كىردى. الله قا ئىمان ئېيتتى. ئۇلارنى ئېسىش ۋە پۇت ـ قوللىرىنى كېسىش ئۈچۈن خورما كۆتەكلىرىگە چىقىرىشتى، بىرىبىر ئۇلارمۇ الله نىڭ ئۆزلىرىنى مۇسۇلمان پېتى ئۆز دەرگاھىغا ئېلىشىنى تىلىگەنىدى. مۇسا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئۇلار ھازىردىن باشلاپ نامازدىگەرگىچە سېنىڭ يېنىڭدا بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن جەننەتتە» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسىنى ئەمدى چۈشەندى.

نامازدىگەر ۋاقتى تېخى كىرمىگەنىدى. سېھىرگەرلەر، يەنى مىسىرنىڭ ئالىم ـ ئۆلىمالىرىنىڭ قانلىرى، پىرئەۋن ئەسكەرلىرى ئوق ئاتقان بەدەنلىرىدىن بۇلدۇقلاپ ئېتىلىپ چىقتى.

پىرئەۋن بۇ يېڭى مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن سارايدا مۇھىم يىغىن چاقىرىپ، قوشۇن قوماندانلىرىنى، ساقچى باشلىقلىرىنى ۋە كۆنىمىزدە ئاخبارات ئىدارىسى باشلىقى دېيىلىدىغان خىزمەتكە باراۋەر كېلىدىغان ھوقۇقتىكى كىشىنى، ۋەزىر ـ ئالىم ـ سېھىرگەر قاتارلىق جەمئىيەتتە تەسىر كۈچىگە ئىگە پۈتۈن ئادەملەرنى يىغدى.

پىرئەۋن ئاخبارات مۇدىرىگە (باشلىقىغا): خەلق نېمە دېيىشىۋاتىدۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئاخبارات باشلىقى:

ـ ئادەملىرىم خەلق ئارىسىدا: مۇسا ئاخىرىدا سېھىرگەرلەرنىڭ ئەڭ چوڭىنىڭ تۈزگەن پىلانى بولغان بىر مۇسابىقىدا يەڭدى، ـ دەپ گەپ تارقاتتى. شۇنىڭ بىلەن، بىلىنمىگەن بىر كۈچنىڭ ياردەم قىلغانلىقىغا ئىشەندۈرگەن (سۇيىقەست) پىلانى ئاشكارىلاندى، ـ دېدى. پىرئەۋن ساقچى باشلىقىدىن سورىدى:

سېھىرگەرلەرنىڭ جەسەتلىرىنى قانداق قىلدىڭلار؟

ئادەملىرىم خەلقنى قورقۇتۇش ئۈچۈن ئۇلارنى مەيدان ـ بازارلارغا ئېسىپ قويدى. بىز بۇ پىلانغا مۇناسىۋەتلىك ھەرقانداق كىشىنىڭ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى جاكارلىدۇق، ـ دېدى ساقچى باشلىقى.

ـ قوشۇن نېمە دەيدۇ؟ ـ سورىدى پىرئەۋن قوماندانىدىن.

ـ پىرئەۋننىڭ كۆرسەتكەن يولىدا مېڭىش ئۈچۈن بۇيرۇق كۈتۈۋاتىدۇ، ـ دېدى قوماندان جاۋابەن.

ـ ھازىرچە قوشۇنغا كېرەك يوق، ئەمما ئالدىمىزدا ئۇنىڭغىمۇ قىلغۇدەك ئىش چىقىدۇ، ـ دېدى پىرئەۋن.

[1] سۈرە ئەئراف 115 ـ 126 ـ ئايەتكىچە.

ۋەزىرلەرنىڭ چوڭى ھامان ئورنىدىن مىدىرلاپ، سۆزلەش ئۈچۈن قولىنى كۆتەردى. پىرئەۋننىڭ ئىجازىتىنى ئالغاندىن كېيىن:

- مۇسا ۋە قەۋمىنىڭ زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلىشىغا ۋە سېنىڭ ئىلاھلىرىڭنى تاشلىشىغا رۇخسەت بېرەمدۇق؟ - دېدى.

- ھامان! سەن كۆڭلۈمدىكىنى چۈشىنىسەن (مېنىڭ ئويلىغىنىمنى ئويلاپسەن)، ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرىنى ئۆلتۈرۈپ، قىزلىرىنى ساق قويىمىز. بىز ئۇلاردىن ئۈستۈنمىز، - دېدى پىرئەۋن تەلىمات بېرىپ.

پىرئەۋننىڭ ئادەملىرى ئىسرائىل ئوغۇللىرىنى ئۆلتۈرۈپ، قىزلىرىنى تۇتۇشقا نارازىلىق قىلغانلارنى زىندانغا تاشلاشقا باشلىدى.

مۇسا بۇ ئىشلارغا ئارىلىشالماي ياكى تىنجىتالماي كۆزىتەتتى. پەقەتلا مىللىتىگە (قەۋمىگە) سەۋر قىلىشنى ئېيتاتتى. ئۇلارنىڭ ئاللاھتىن ياردەم تىلىشىنى، بالا - قازاغا سەۋر قىلىشنى بۇيرۇق قىلاتتى. ئاللاھ ئۈچۈن ۋايىسماستىن تاقەت ۋە سەۋرچانلىق كۆرسەتكەن مىسىرلىق سېھىرگەرلەرنى ئۈلگە كۆرسىتەتتى. ئۇلارغا پىرئەۋن ئەسكەرلىرى دۇنيا بىزگە تەئەللۇق دەپ ئويلايدىغانلىقىنى، ئەمما بۇنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرەتتى. چۈنكى بۇ دۇنياغا ئاللاھتىن قورقۇپ ئۆزىنى پاك تۇتقانلار ۋارىس بولالايتتى.

پىرئەۋننىڭ بۇ ئىشى ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ خەلقىنىڭ ئىچىگە قۇتراتقۇلۇق ۋە بەختسىزلىك ھېس - تۇيغۇلىرىنى ئويغاتتى.

ئۇلار مۇساغا مۇنداق دېدى:

- سەن كېلىشتىن بۇرۇن زۇلۇم قىلىناتتى، سەن كەلگەندىن كېيىنمۇ قىلىنىۋاتىدۇ. ئوغۇللىرىمىز بۇرۇنمۇ ئۆلتۈرۈلگەن، مانا ھازىرمۇ ئوخشاش ئۆلتۈرۈلۈۋاتىدۇ.

ئۇلار بۇ سۆزلىرى ئارقىلىق، سېنىڭ بار - يوقلۇقىڭنىڭ ھېچنىمىگە پايدىسى يوق. بىز پۈتۈنلەي ئىگىسىز قالدۇق، - دېمەكچى بولۇشقانىدى.

مۇسا ئۇلارنىڭ ھېچنېمىنى بىلمەيدىغانلىقىنى، پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ئاللاھ نىڭ دۈشمەنلىرى ئىكەنلىكىنى ۋە ئاللاھ نىڭ دۈشمەنلىرىنى ھالاك قىلىپ، ئىسرائىل ئەۋلادىنى يەر يۈزىگە ۋارىس قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى. ئاندىن ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى كۆزەتتى.

ئۇلار داۋاملىق ئەرز - شىكايەت قىلىشىۋاتاتتى.

مۇسا قىيىن ئەھۋالدا قالغانىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن پىرئەۋننىڭ غەزەپ ۋە سۇيىقەستلىرىگە دۇچ كەلسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆز قەۋمىنىڭ ئەرز - شىكايەتلىرىگە دۇچ كەلمەكتە ئىدى. دەل شۇ پەيتتە، قارۇن چىقىپ كەلدى. قارۇن بەنى ئىسرائىلدىن، يەنى

مۇسانىڭ قەۋمىدىن ئىدى. ئەمما ئۇ ئۆز قەۋمىگە مۇشتۇمزورلۇق قىلاتتى. ئۇنىڭ مال ـ بايلىقى ۋە ئەۋزەل شارائىتى ئۇنى پىرئەۋنگە تېخىمۇ يېقىن قىلغانىدى.

الله قارۇننىڭ خەزىنىلىرىنى مۇنداق تەسۋىرلەپ بەرگەنىدى: قارۇننىڭ خەزىنىلىرى ساقلانغان ئۆيلەرنىڭ ئاچقۇچلىرىنى بىر توپ كۈچتۈڭگۈر ئادەم تەستە توشۇيتتى... خەزىنىلەرنىڭ ئاچقۇچلىرى مۇنداق بولغىنىغا قارىغاندا، خەزىنىلەرنىڭ ئۆزى قانداق بولماقچىدى؟ قارۇننىڭ نۇرغۇن ئېتى، ھارۋىسى، قۇل ـ دېدەك، خىزمەتچى ـ مۇھاپىزەتچىلىرى بار ئىدى.

ھارۋىلىرى ئالتۇن ـ كۈمۈش بىلەن قاپلانغانىدى. نەسىللىك ئاتلىرىنىڭ ئىگەرلىرى ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، قەلەيلەر بىلەن زىننەتلەنگەن تېرىلەردىن ياسالغانىدى. قارۇن ھەشەمەت ئىچىدە چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ مۇراسىم ئەترىتىنىڭ ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرى قۇياش نۇرىدا پارقىراپ، كۆرگۈچىلەرنىڭ كۆزلىرىنى قاماشتۇراتتى. قارۇننىڭ بۇ بايلىقى ئۇنىڭ نەسىھەت قوبۇل قىلمىغۇدەك دەرىجىدە مەغرۇر بولۇشىغا سەۋەبچى بولغانىدى. بۇ نورمان ئەھۋال ئىدى. بايلىق ۋە مەغرۇرلۇق ئۇنىڭ بېشىنى كۆككە يەتكۈزگەنىدى. ئۇنىڭ كۆلكىسى بەنى ئىسرائىل قەۋمى ئىچىدە ئەڭ مەشھۇر كۆلكە ئىدى. شۇنداقلا، ئۇنىڭ مۇراسىم ئەترىتى پىرئەۋن ۋە ھامانىنىڭ ئەترىتىدىن قالسا، ئەڭ مەشھۇر ئەترەت ئىدى. پىرئەۋن ۋە ھامان پۈتۈن مىسىرغا ھاكىم ئىدى. قارۇن بولسا مەلۇم بىر رايونغا ئىگىدارچىلىق قىلاتتى.

قارىغاندا، بەنى ئىسرائىل قەۋمىنىڭ بەزى مۆتىۋەرلىرى ئۇنىڭغا ئاخىرەتنىمۇ ئازراق ئويلاپ قويۇشنى تەۋسىيە قىلىشقانىدى. بەلكىم ئۇلار قارۇنغا: ھېچكىم ساڭا مال ـ دۇنيانى تەرك ئېتىپ، زاھىدلىق يولىغا كىرىشنى تەۋسىيە قىلمىدى، ـ دېگەن بولۇشى، ئۇنىڭغا پەقەت ئىككى دۇنيالىق نېسىۋىسىنى ئۇنۇتماسلىقنى تەۋسىيە قىلغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما بۇ تەۋسىيەلەر ئۇنىڭ چىشىغا تەگكەنىدى. قارۇننىڭ بۇ دۇنيادىكى نېسىۋىسىگە قانائەت قىلغانلىقى ئېنىق ئىدى. ئۇ ھەمىشە بۇ بايلىققا ئۆزىنىڭ ئەقلىي كۈچىگە تايىنىپ ئېرىشكەنلىكىنى ۋە الله نىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن بەرگەنلىكىنى، شۇڭا ئۆزىنىڭ مۇسادىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى خىيال قىلاتتى. مۇسا بەكمۇ يوقسۇل. قارۇن بەكمۇ باي ئىدى. قولىغا ئالتۇن بىلەيزۈك سالالمىغان بىر يوقسۇل، ئاتلىرىنىڭ ئىگەرلىرىنى ئالتۇن بىلەن زىننەتلىگەن بىر بايدىن الله نىڭ نەزىرىدە قانداقسىگە ئۈستۈن بولسۇن؟!

شۇنىڭ بىلەن قارۇن مۇسانى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن پىرئەۋن بىلەن كېلىشتى. پىرئەۋن كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ مال ـ بايلىقىغا قاراپ ئەخمىقانە باھا بېرەتتى.

﴿مەن ئۇچۇق گەپ قىلالمايدىغان بۇ ئەرزىمەس ئادەمدىن (يەنى مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن) ياخشىمەن»﴾.

سۈرە زۇخرۇف 52 ـ ئايەت.

مانا بۇ. پىرئەۋننىڭ مۇساغا بەرگەن باھاسى ئىدى. پىرئەۋن بىلەن قارۇننىڭ مەسلىھەتى پۈتتى. قارۇن مال ـ بايلىقى بىلەن پىرئەۋننىڭ ۋە ئۇوردا مۇلازىملىرىنىڭ دوستى ئىدى. پەقەت قارۇن، پىرئەۋن ۋە ھامان ئۈچىلا بۇ خاتا ۋە ئورۇنسىز خىيالغا ئەسىر بولۇشقانىدى. پىرئەۋننىڭ قەۋمى، يەنى مىسىرلىقلار مۇسانى "باشقا سېھىرگەرلەرنى يېڭىۋالغان ئەڭ چوڭ سېھىرگەر" دەپ بىلىشەتتى. بۇ مىسىرنىڭ مەدەنىيەتسىزلىكىنى ئىپادىلىمەيدۇ. مىسىرلىقلارنىڭ ئارىسىدا مۇساغا ئىشىنىدىغانلار، ئەمما پىرئەۋننىڭ بېسىمىدىن قورقۇپ ئىمانىنى ئاشكارىلىمىغانلار بار ئىدى. يەنى ئىسرائىل قەۋمى ئىچىدىمۇ مۇسا بىلەن قارۇنغا قاراپ، ئۇلارنى بىر ـ بىرىگە قىياس قىلىدىغانلارمۇ بار ئىدى. شۇڭا بەزىلىرى: «اللە مۇسانى ياخشى كۆرگەن تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن ئۇنى يوقسۇل قىلىپ قويىدۇ؟» دېگەندەك مەنتىقسىز سوئاللارنىمۇ سورايتتى. شۇنىسى ئېنىقكى، قارۇن ئۆز قەۋمى، شۇنداقلا مىسىر خەلقى ئۈچۈن پىتنە ـ پاساتنىڭ ئوبيېكتى بولۇپ قالغانىدى.

قارۇن ھەيۋەت بىلەن قەۋمىنىڭ ئالدىغا چىقتى. مال ـ دۇنياغا ھېرىسمەنلەر ئۇنى كۆرۈشۈپ:

﴿«كاشكى بىزگە قارۇنغا بېرىلگەن بايلىق بېرىلسىچۇ. ئۇ ھەقىقەتەن (دۇنيالىقتىن) چوڭ نېسىۋىگە ئىگە ئىكەن» دېدى﴾.

مۆتىۋەرلەر (گەرچە سانى ئاز بولسىمۇ): قارۇننىڭ مال ـ بايلىقى اللە نىڭ تارازىسىدا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ. ـ دەپ قارىشاتتى. ئىنسان نەپسى رەزىللىككە توشقان بولسا، اللە ئۇنىڭ ئالتۇن، خەزىنە، ئۈنچە ـ مەرۋايىت، مال ـ بايلىق جەھەتتىكى ئۈستۈنلىكىگە قارىمايدۇ ـ ئەلۋەتتە!

مۇسا ھەقىقەتەن ئېغىر ئەھۋالغا دۇچ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قارۇن مۇساغا قارشى چىققانىدى. مۇسا بىر پەيغەمبەر بولۇش سۈپىتى بىلەن بەكمۇ نومۇسچان ئىدى.

قارۇن مۇسانى ئۇنىڭغا ئەگەشكۈچىلەرنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈرۈش ئۈچۈن، مۇسانىڭ نومۇسىغا تېگىدىغان يالغان تۆھمەتتىن بىرنى ئويدۇرۇپ چىقىش ھەققىدە پىرئەۋن بىلەن كېلىشتى.

بىر كۈنى مۇسا قەۋمىنى اللە قا دەۋەت قىلىۋاتاتتى. بىردىنلا بىر پاھىشە ئايال چىقىپ: مەن تۈنۈگۈن كەچتە مۇسا بىلەن بىللە بولدۇم. ـ دېدى.

مۇسا بۇ ئىشقا بەكمۇ تۇيۇقسىز يولۇققانىدى. ئۇنىڭ بۇ ئىشقا نېمە دېگەنلىكى ياكى ئۇ پاھىشە ئايالنىڭ تۆھمىتىگە قانداق جاۋاب بەرگەنلىكى بىزگە نامەلۇم.

بىزنىڭ پەرەز قىلىشىمىزچە، مۇسا ئاۋۋال اللە قا دۇئا قىلدى. ئاندىن ئۇ ئايالنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلغانلىقىنى سورىدى. ئايال، ئەگەر بۇ

سۈرە قەسەس 79 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

تۆھمەتنى مۇساغا چاپلىيالىسا. قارۇننىڭ ئۆزىگە پۇل بەرمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتىپ، ئارقىدىنلا مۇسادىن كەچۈرۈم سورىدى ۋە يىغلىغان پېتى يەرگە يىقىلدى.

مۇسا قارۇنغا بەددۇئا قىلدى...

ئۇلۇغ الله ئەقلى بار كىشىلەرگە الله نىڭ كۈچلۈك ۋە ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى، مال - دۇنيانىڭ كىشىلەرنىڭ تەقدىرىنى ئۆلچەيدىغان ئۆستۈنلۈك ئەمەس، بەلكى پىتنە - پاساتنىڭ سەۋەبچىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويىدىغان بىر مۆجىزىنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى بۇيرىدى.

مۆجىزە مەيدانغا كەلدى. قارۇننىڭ ئۆي - مۈلۈك، مال - بىسات، پۈتۈن خەزىنىلىرىنى يەر يۇتۇپ كەتتى.

قارۇن ھەيۋەت بىلەن قەۋمىنىڭ ئالدىغا چىققانىدى. تۇيۇقسىزلا يەر يېرىلىپ قارۇننى يۇتۇۋەتتى. يەر قارۇن بىلەن بىرلىكتە ئۇنىڭغا تەۋە ساراي - ئۆي، ھايۋانلار، ئالتۇن - كۈمۈش، ئۈنچە - مەرۋايىت ۋە ئادەملىرىنىمۇ يۇتۇپ كەتتى. بەزى رىۋايەتلەردە بۇ ۋەقەنىڭ فەييۇم دېگەن جايدا يۈز بەرگەنلىكى تەسۋىرلىنىدۇ.

مىسىرلىقلار ئاتاپ كېلىۋاتقان: «قارۇننىڭ كۆلى»، «قارۇننىڭ يەر - زېمىنى» قاتارلىق جاي ناملىرى، ئۇنىڭ سارايلىرى ۋە خەزىنىلىرى ئورۇنلاشقان يەر ئىدى. قۇرئاندا بۇ ۋەقەنىڭ يۈز بەرگەن ۋاقتى ۋە ئورنى بايان قىلىنمىغان. پەقەت ۋەقەنىڭ ئۆزىلا سۆزلەنگەنىدى. بۇ ۋەقەدىن ئېلىنغان ئىبرەتنىڭ يېنىدا ۋەقەنىڭ ئورنى ۋە ۋاقتى ھېچنېمىگە ئەرزىمەس ئىدى - ئەلۋەتتە.

ئۇلۇغ الله قەسەس سۈرىسىدە مۇنداق دېگەنىدى:

﴿قارۇن ھەقىقەتەن مۇسانىڭ قەۋمىدىن ئىدى. قارۇن ئۇلارغا يوغانلىق قىلدى، قارۇنغا خەزىنىلەردىن شۇ قەدەر كۆپ بەرگەن ئىدۇقكى، ئۇلارنىڭ ئاچقۇچلىرىنى (كۆتۈرۈش) كۈچلۈك بىر جامائەگىمۇ ھەقىقەتەن ئېغىرلىق قىلاتتى. ئەينى ۋاقىتتا قارۇنغا قەۋمى ئېيتتى: «كۆرەڭلەپ كەتمە، الله ھەقىقەتەن كۆرەڭلەپ كەتكۈچىلەرنى دوست تۇتمايدۇ. الله ساڭا بەرگەن بايلىق بىلەن ئاخىرەت يۇرتىنى تىلىگىن، دۇنيادىكى نېسىۋەڭنىمۇ ئۇنتۇمىغىن، الله ساڭا ياخشىلىق قىلغاندەك، سەن (الله نىڭ بەندىلىرىگىمۇ) ياخشىلىق قىلغىن، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىقنى تىلىمىگىن، الله ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ». قارۇن: «مېنىڭ ئالاھىدە بىلىمىم بولغانلىقتىن، بۇ بايلىققا ئېرىشتىم» دېدى. قارۇندىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەردىن ئۇنىڭغا قارىغاندا تېخىمۇ كۈچلۈك، توپلىغان (مېلى) تېخىمۇ كۆپ بولغان كىشىلەرنى الله نىڭ ھالاك قىلغانلىقىنى ئۇ بىلمىدىمۇ؟ گۇناھكارلارنىڭ گۇناھلىرىنىڭ سورىلىشى (الله بۇنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن) ھاجەتسىزدۇر. قارۇن ئۆز قەۋمىنىڭ ئالدىغا بارلىق زىننىتى بىلەن ھەشەمەتلىك ھالدا چىقتى. دۇنيا تىرىكچىلىكىنى كۆزلەيدىغانلار: «كاشكى بىزگە قارۇنغا بېرىلگەن بايلىق بېرىلسىچۇ، ئۇ ھەقىقەتەن (دۇنيالىقتىن) چوڭ نېسىۋىگە ئىگە ئىكەن» دېدى. ئىلىملىك

كىشىلەر: «ۋاي سىلەرگە! ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەلنى قىلغان كىشىگە اللە نىڭ ساۋابى ياخشىدۇر. ئۇ ساۋاب پەقەت سەۋر قىلغۇچىلارغىلا بېرىلىدۇ» دېدى. قارۇننى ئۇنىڭ ئۆيى بىلەن قوشۇپ يەرگە يۇتقۇزدۇق. ئۇنىڭدىن اللە نىڭ ئازابىنى دەپئى قىلىدىغان بىر جامائە بولمىدى. قارۇن ئۆزىنى قوغدىيالمىدى. تۈنۈگۈن تېخى قارۇننىڭ دەرىجىسىنى ئارزۇ قىلغانلار دېيىشتىكى، «پاھ كۆردۈڭمۇ؟ اللە بەندىلىرىدىن خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدىكەن. (خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى) تار قىلىدىكەن. اللە بىزگە مەرھەمەت قىلمىغان (يەنى ئارزۇ قىلغىنىمىزنى بەرگەن) بولسا ئىدى، بىزنى ئەلۋەتتە يەر يۇتاتتى. ۋاي كۆردۈڭمۇ؟ كاپىرلار نىجات تاپمايدۇ». ئەنە شۇ ئاخىرەت يۇرتىنى يەر يۈزىدە چوڭچىلىق قىلىشنى ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى كۆزلىمەيدىغانلارغا خاس قىلدۇق. (ياخشى) ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپتۇر».

بۇرۇنقى ئالىملاردىن بىر نەچچىسى قارۇنغا بېرىلگەن ئۇ ئاتالمىش ئىلىم ئۈستىدە توختالدى. بەزىلىرى ئۇ ئىلىمنىڭ قارۇننىڭ سايىسىدە كۈمۈش ئالتۇنغا ئايلىنىدىغان خىمىيە ئىلمى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. يەنە بەزىلىرى ئۇنىڭ ئىسمى ئەزەمنى بىلىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنى مېتاللارنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن قوللىنىدىغانلىقىنى ئېيتىشتى. كونا مۇتەپەككۇرلار ئۇنىڭ ئىسمى ئەزەمنى بىلىدىغانلىقىنى قوبۇل قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇ مۇناپىق ئىدى. شۇنداقلا، ئۇلار قارۇننىڭ خىمىيە ئىلمىنى بىلىدىغانلىقىنىمۇ قوبۇل قىلمايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ باي بولۇش سەۋەبلىرىگە توغرا كەلمەيدىغان رىۋايەتلەر ئىدى.

بىزنىڭ بىلىشىمىزچە، ئۇ زالىم ئادەم ئىدى. ئۇ نۇرغۇن مال ـ بايلىقنىڭ ۋارىسى بولۇپ، شۇ ئارقىلىق بايلىقنى تېخىمۇ ئاشۇردى. ھەر يەردە قانۇنسىز ئىشلارنى قىلىش، پىرئەۋن بىلەن دوست بولۇش ۋە بۇ دوستلۇق ئارقىلىق ئېرىشكەن ئەۋزەللىكلەر ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇھىم ئەمەس ئىدى. ئەگەر مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كەلسە، مۇساغا قارشى چىقىش، باشقىلارغا زۇلۇم قىلىشنىڭمۇ قىلچە ئەھمىيىتى يوق ئىدى. مانا بۇلاردىن كېيىن، بايلىقلارنىڭ ئۇنىڭدىكى ئىلىم تۈپەيلىدىن بېرىلگەنلىكى ئېيتىلسا، ئاندىن مەنتىقىغە ئۇيغۇن كېلەتتى. ئۇ بۇ قەدەر مال ـ بايلىققا ئېرىشىش ئۈچۈن قىلمىغان يالغانچىلىقى ۋە زۇلۇم قىلمىغان ئادىمى قالمىغانىدى. اللە غا بولغان ئىماندىن بىر بۇغداي دانچىسىدەك بولسىمۇ يوق ئۆزۈش ئىنسانىي ھەقىقەتلەر بۇرمىلانغان، ئىشلار قالايمىقانلىشىپ كېتىدىغان مەغرۇرلۇققا ئېلىپ بارىدۇ. ئەنە شۇنداق بولغاندىلا، ساختا گۇمانلار مەنتىقىلىق ۋە مەنىلىك نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ، ئۇنى تەھلىل قىلىشقا ھېچ كېرەك قالمايدۇ.

قارۇننى يەر يۇتۇشى بىلەن خەلقنىڭ كۆزى مۇساغا بۇرالدى ۋە ئۇلارنىڭ قەلبىنى ئۆزۈندىن بېرى ئىگەللىۋالغان گۇمانلىق قاراشلار بىردىنلا غايىب بولدى.

سۈرە قەسەس 76 ـ 83 ـ ئايەتكىچە.

مىسىرلىقلار ۋە بەنى ئىسرائىل بۇ مۆجىزىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەنىدى. مۇسا بىلەن پىرئەۋننىڭ ئارىسىدىكى مۇجادىلە قايتىدىن يۇكسەك پەللىگە چىقتى. پىرئەۋن مۇسانىڭ ئۆز تەختىگە كۆز تىككەنلىكىگە تولۇق ئىشەنچ قىلدى.

مۇسانىڭ ئەلچىلىكىدە باشقا بارلىق پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاش، ئۆز دەۋرىنىڭ زالىم ۋە يامان كىشىلىرىنى يوق قىلىش ھۆكمى بار ئىدى. مۇسانىڭ دەۋرىدىكى زالىملار پىرئەۋننىڭ سارىيىغا يىغىلدى. پىرئەۋن كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىدا ئۆزىنىڭ مۇسانى ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقىنى ئاشكارىلىدى.

پىرئەۋن ئۆزىنىڭ مۇسانى ئۆلتۈرۈش بىلەنلا پۈتۈن مەسىلىلەرنى چوقۇم ھەل قىلالايمەن دەپ ئويلايتتى.

پىرئەۋن:

﴿«مېنى قويۇۋېتىڭلار، مۇسانى ئۆلتۈرىمەن، مۇسا (ئۆزىنى مەندىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن) پەرۋەردىگارىنى چاقىرسۇن، مەن ھەقىقەتەن مۇسانىڭ دىنىڭلارنى ئۆزگەرتىۋېتىشىدىن ياكى زېمىندا (يەنى دۆلەتتە) قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇشىدىن قورقىمەن»﴾.

بۇنىڭدىن كېيىن پىرئەۋننىڭ ھەق دەۋەتچىسى قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، ئۆزىگە پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسى بېرىۋالغانلىقىنى ۋە مۇسانىڭ باشقىلارنى ئازدۇرۇپ كېتىشىدىن قورققانلىقىنى كۆرىمىز. ئۇ ۋەزىر ۋە چوڭلىرىدىن ئۆزىنىڭ مۇسانى ئۆلتۈرۈشىگە توسالغۇ بولۇۋالماي مەيلىگە قويۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلماقتا. تەبىئىكى بۇنىڭدىن مۇنداق مەنە چىقىدۇ، ئۇ مۇسانى پەقەت ئۆزىنىڭ ئالدىدىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنى دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ئىجرا قىلىشى ئۈچۈن ئۇنى ۋەزىر ۋە چوڭلىرىنىڭ ئالدىدا ئۆلتۈرۈش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. ھامانىنىڭ بۇ تەكلىپىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى ۋە پىرئەۋننىڭ پىكرىنى قوللايدىغان مۇرتەدلەردىن بىر گۇرۇپپا تەشكىل قىلغانلىقىنى پەرەز قىلالايمىز. ئەگەر سارايدىكى بىر ئادەم بولمىغان بولسا، تەكلىپ ئاساسىي جەھەتتىن قوبۇل قىلىنغان بولاتتى. بۇ، دۆلەتنىڭ مۇھىم ئادەملىرىدىن بىرى ئىدى. قۇرئاندا ئۇ ئادەمنىڭ ئىسمى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى بايان قىلىنمىغانىدى. چۈنكى ئۇلار بىز ئۈچۈن مۇھىم ئەمەس ئىدى. شۇڭا قۇرئاندا پەقەت ئۇنىڭ مۆمىن بىرسى ئىكەنلىكى بايان قىلىنغانىدى.

ئۇ ئەسلىدە ئىمانىنى يوشۇرۇپ يۈرەتتى، ئۇ پىرئەۋننىڭ مۇسانى ئۆلتۈرۈش ھەققىدىكى تەكلىپىنى بەرگەن يىغىلىشتا سۆز قىلىپ، بۇ تەكلىپنىڭ بەكمۇ ئاددىي ئىكەنلىكىنى ۋە نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقتى، ئۇ مۇسانىڭ الله نىڭ ئۆزىنىڭ رەببى ئىكەنلىكىدىن باشقا بىر نەرسە دېمىگەنلىكىنى ئېيتتى. ئاندىن مۇسانىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە دائىر ئوچۇق دەلىللەرنى كەلتۈردى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۈچىنچىسى بولمىغان ئىككىلا ئېھتىمال بار ئىدى. يەنى، مۇسا بىر يالغانچى ياكى

سۈرە غافىر 26 ـ ئايەت.

راستچىل ئىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «ئەگەر ئۇ يالغانچى بولسا، ئۇنىڭ يالغىنى پەقەت ئۆزىگىلا ئائىت بولۇپ، ئۇ ئۆلتۈرۈلگىدەك دەرىجىدە بىر نەرسە دېمىدى ياكى بىر ئىش قىلمىدى. ئەگەر مۇسا راستچىل بولسا ۋە بىز ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتسەك، ئۇ بىزگە تەھدىت قىلىپ ئېيتقان ئازابتىن ئۆزىمىزنى قانداق قۇتۇلدۇرىمىز؟ تېخى تۈنۈگۈن قارۇن باي ۋە كۈچلۈك ئىدى. بۈگۈن بېشىغا كەلگەن بالانى ھەممەيلەن بىلدۇق. بىزمۇ بۈگۈن ھۆكۈمران ۋە كۈچلۈك ئەھۋالدا تۇرىۋاتىمىز. ئەگەر الله نىڭ غەزىپى كېلىپ قالسا، كىم بىزگە ياردەم قىلىدۇ. كىم بىزنى ئۇنىڭ جازاسىدىن قۇتۇلدۇرىدۇ؟ بىزنىڭ بۇنچىۋالا قىلىپ كېتىشىمىز ۋە يالغان سۆزلىرىمىز بىزنى چوقۇم زىيانغا ئۇچرىتىدۇ...»

ئۇنىڭ سۆزلىرى ھەممەيلەننى قايىل قىلدى.

ئۇ كىشى پىرئەۋنگە بولغان ساداقىتىدە سەممىي ئەمەسلىكىدىن ئەيىبلەنگەن ياكى مۇسانىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كەتكەنلەردىن ئەمەس ئىدى. ئەسلىدە ئۇ پىرئەۋننىڭ تەختىگە كۆز تىكىش مەقسىتىدە سۆز قىلىشى كېرەك ئىدى. ئۇنىڭدا يالغان ئېيتىش، چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ۋە ياخشى كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈشتەك تەختلەرنىڭ ئۆرۈلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ھېچنەرسە يوقتۇر.

مانا مۇشۇ سەۋەبتىن ئۇ ئادەمنىڭ سۆزى پىرئەۋن، ئۇنىڭ ۋەزىرلىرى ۋە ئادەملىرىگە ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتكەن ئىدى.

پىرئەۋننىڭ مۇسانى ئۆلتۈرۈش تەكلىپى قوبۇل قىلىنمىغان ۋە مۆمىن كىشى ئۇنى قورقۇتقان بولسىمۇ، پىرئەۋن ئۆزىدىن كېيىن كېلىدىغان بارلىق ئازغۇنلارغا ئۆرنەك بولىدىغان شۇ تارىخىي سۆزلەرنى قىلدى:

﴿«مەن سىلەرگە پەقەت نېمىنى توغرا دەپ قارىسام، شۇنى مەسلىھەت بېرىمەن. سىلەرنى مەن پەقەت توغرا يولغا باشلايمەن»﴾.

بۇ، پەقەت ئازغۇنلارنىڭ ئۆز قەۋمى بىلەن قارىمۇ قارشى كېلىپ قالغاندا قىلىدىغان سۆزلىرى ئىدى... مەن سىلەرگە ئۆز كۆز قارىشىمنى ئېيتتىم... بۇ، بىزگە خاس قاراشتۇر ۋە بۇ قاراش سىلەرنى توغرا يولغا باشلايدۇ. بۇندىن باشقا قاراشلار خاتا بولۇپ، ئۇلارغا قارشى تۇرۇشىمىز ۋە پۈتۈنلەي يوق قىلىشىمىز لازىم.

ئۇلۇغ الله بۇنى مۆئمىنۇن سۈرىسىدە مۇنداق بايان قىلىدۇ:

﴿پىرئەۋن خاندانىغا مەنسۇپ، ئىمانىنى يوشۇرىدىغان بىر مۆمىن ئادەم ئېيتتى: «سىلەر "پەرۋەردىگارىم" الله دېگەن كىشىنى ئۆلتۈرەمسىلەر؟ ھالبۇكى، ئۇ سىلەرگە ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ دەرگاھىدىن روشەن دەلىللەرنى ئېلىپ كەلدى. ئەگەر ئۇ (پەيغەمبەرلىك دەۋاسىدا) يالغانچى بولسا، يالغانچىلىقىنىڭ زىيىنى ئۇنىڭ ئۆزىگىدۇر، ئەگەر ئۇ راستچىل بولسا، ئۇ سىلەرنى قورقۇتقان ئازابنىڭ بىر قىسمى سىلەرگە كېلىدۇ،

سۈرە غافىر 29 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ﷲ ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئاشقان يالغانچىنى ھىدايەت قىلمايدۇ. ئى قەۋمىم! بۈگۈن سەلتەنەت سىلەرنىڭ ئىلكىڭلاردىدۇر. (مىسىر) زېمىنىدا سىلەر غالىبسىلەر. ئەگەر بىزگە ﷲ نىڭ ئازابى كەلسە، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشقا بىزگە كىم ياردەم بېرىدۇ؟» پىرئەۋن ئېيتتى: «مەن سىلەرگە پەقەت ئېمىنى توغرا دەپ قارىسام، شۇنى مەسلىھەت بېرىمەن. سىلەرنى مەن پەقەت توغرا يولغا باشلايمەن»﴾.

تالاش ـ تارتىش بۇنىڭ بىلەن تۈگىمىدى. پىرئەۋن ھەرقانچە سۆزلەپمۇ ئۇ مۆمىن كىشىنى قايىل قىلالمىدى. مۆمىن كىشى يەنە گەپ قىلىشقا باشلىدى:

﴿«ئى قەۋمىم! سىلەرنىڭ نۇھ، ئاد، سەمۇد قەۋملىرىگە ئوخشاش ۋە ئۇلاردىن كېيىنكىلەرگە ئوخشاش جامائەلەر ئۇچرىغان جازاغا ئۇچرىشىڭلاردىن قورقىمەن. ﷲ بەندىلىرىگە زۇلۇم قىلىشنى خالىمايدۇ. ئى قەۋمىم! مەن سىلەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن قىيامەت كۈنىدىن ئەنسىرەيمەن، ئۇ كۈندە (دوزاخ ئازابىنىڭ دەھشىتىدىن قورقۇپ) ئارقاڭلارغا چېكىنىسىلەر، سىلەرگە ھېچ ﷲ نىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرغۇچى بولمايدۇ. كىمكى ﷲ ئۇنى گۇمراھ قىلىدىكەن، ئۇنى ھىدايەت قىلغۇچى بولمايدۇ. شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئىلگىرى سىلەرگە يۈسۈف (ﷲ نىڭ دەرگاھىدىن) روشەن مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلدى. ئۇ ئېلىپ كەلگەن دەلىلدىن سىلەر ھامان شەكلەندىڭلار. تاكى ئۇ ۋاپات بولغاندا، (دەلىل ـ پاكىتسىز) ھالدا: «ﷲ ئۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز پەيغەمبەر ئەۋەتمەيدۇ» دېدىڭلار. ﷲ (گۇناھتا) ھەددىدىن ئاشقۇچىنى، (دىندا) شەكلەنگۈچىنى مۇشۇنداق ئازدۇرىدۇ. ﷲ نىڭ ئايەتلىرى ئۈستىدە ئۆزلىرىگە (ﷲ تەرىپىدىن) كەلگەن ھېچقانداق دەلىل بولماستىن (قارىسىغا) جاڭجاللىشىدىغانلار ﷲ نىڭ دەرگاھىدا ۋە مۆمىنلەرنىڭ نەزىرىدە قاتتىق نەپرەتكە قالىدۇ. بۇزغۇنچىلىق قىلىپ (ئىماندىن باش تارتقان)، (بەندىلەرگە) زومىگەرلىك قىلغان ھەر قانداق ئادەمنىڭ دىلىنى ﷲ مۇشۇنداق پېچەتلىۋېتىدۇ﴾.

بۇ سۆز بىلەن ئالدىنقىسىنىڭ ئارىسىدىكى پەرققە قاراپ باقايلى: مۆمىن كىشى كېيىنكى سۆزىدە تارىخي ۋەقەلەرگە يەر بەردى. پىرئەۋن قەۋمىگە مۇسانىڭ راستچىل ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەر كەلتۈردى. ئۇنىڭغا چىقلىماسلىقى ھەققىدە ئاگاھلاندۇردى... ﷲ بۇنىدىن بۇرۇنقى بەزى قەۋملەرنى ئۇلار پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن ھالاك قىلغانىدى. مەسىلەن: نۇھ قەۋمى، ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرى قاتارلىقلار... مىسىرنىڭ يېقىنقى تارىخىنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭ سۆزلىرىگە كۈچلۈك دەلىل بولالايتتى. يۈسۈف ئوچۇق پاكىتلىرى بىلەن پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلگەندە، كىشىلەر ئۇنىڭغا گۇمان نەزىرىدە قارىغانىدى. قۇتۇلۇش كىشىلەرنىڭ قولىدىن چىقىپ كەتكىلى ئاز قالغاندا ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقانىدى. ﷲ نىڭ پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىشىدە ئاجايىپ ئىشلار يۈز بەرگەنىدى. قەدىمكى تارىختىن ئېتىبارەن، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان ئېيتقان ئازغىنە كىشىلەر، پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ ئۈستىدىن غالىب

سۈرە غافىر 28 ــ 29 ـ ئايەتلەر.
سۈرە غافىر 30 ــ 35 ـ ئايەتكىچە.

كەلگەندى. ئۇلۇغ ﷲ ئىنكار قىلغانلارنى توپان بالاسى، قاتتىق ئاۋاز ياكى يەرنىڭ يېرىلىشى قاتارلىق ھادىسىلەر بىلەن ھالاك قىلغاندى. ئۇنداقتا، بىز نېمە ئۈچۈن قاراپ تۇرىمىز؟ «پىرئەۋننىڭ كەينىدە تۇرساق، بىزگە زىيان ـ زەخمەت كەلمەيدۇ. ھەممىمىز بالادىن قۇتۇلۇپ قالىمىز» دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟

بۇ ئىلمىلىك مۆمىن كىشىنىڭ سۆزلىرىدە نۇرغۇنلىغان قورقۇنچلۇق ئاگاھلاندۇرۇش بار ئىدى. ئۇ ئەتراپىدىكىلەرنى مۇسانى ئۆلتۈرۈش تەكلىپىنىڭ نەتىجىسى ئېنىق بولمىغان بىر تەكلىپ ئىكەنلىكىگە قايىل قىلغاندى. ئاندىن ئۇلارنىڭ دىققىتىنى مۇسا ئېلىپ كەلگەن ھەق تەرەپكە بۇراشقا تىرىشتى. ئۇ ئەمدى ھەق توغرىسىدا ئوچۇق ـ ئوچۇق سۆزلەشكە باشلىدى.

﴿(پىرئەۋن خاندانىدىن) ئىمان ئېيتقان كىشى ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! سىلەر ماڭا ئەگىشىڭلار، مەن سىلەرنى توغرا يولغا باشلايمەن» ئى قەۋمىم! بۇ دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت (ۋاقىتلىق) پايدىلىنىشتىن ئىبارەتتۇر، ئاخىرەت ھەقىقەتەن (مەڭگۈلۈك) قارارگاھتۇر.كىمكى (بۇ دۇنيادا) بىرەر يامانلىقنى قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا (ئاخىرەتتە) شۇنىڭغا لايىق جازا بېرىلىدۇ، مەيلى ئەر بولسۇن، مەيلى ئايال بولسۇن، كىمكى ئۆزى مۆمىن تۇرۇپ بىرەر ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئەنە شۇلار جەننەتكە كىرىدۇ، جەننەتتە ئۇلارغا ھېسابسىز رىزىق بېرىلىدۇ﴾.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ ئىمانى ئاشكارىلاندى. ئۇنىڭ ئىمانىنى مەخپىي تۇتۇشىنىڭ ئورنى قالمىغاندى. ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا ئىمانىنى ئوچۇق ئېلان قىلدى:

﴿ئى قەۋمىم! ماڭا نېمىدۇركى، سىلەرنى مەن (دوزاختىن) قۇتۇلۇشقا دەۋەت قىلىمەن، سىلەر بولساڭلار مېنى دوزاخقا دەۋەت قىلىسىلەر. سىلەر مېنى ﷲ نى ئىنكار قىلىشقا، مەن بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرۈشكە دەۋەت قىلىسىلەر، ھالبۇكى، مەن سىلەرنى غالىب، (بەندىلەرنىڭ گۇناھلىرىنى) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى (ﷲ) قا دەۋەت قىلىمەن. ھەقىقەتەن سىلەر مېنى ئۇنىڭغا (يەنى بۇتقا) ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىسىلەر، ئۇنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە (ئۆزىگە ئىبادەت قىلىشقا) چاقىرغىنى يوق، بىزنىڭ ئاخىر بارىدىغان جايىمىز ﷲ نىڭ دەرگاھىدۇر، (گۇمراھلىقتا) ھەددىدىن ئاشقۇچىلار ئەھلى دوزاختۇر (سىلەرگە ئازاب نازىل بولغان چاغدا) سىلەرگە ئېيتقان سۆزۈمنىڭ (راستلىقىنى) ئەسلەيسىلەر، مەن ئىشىمنى ﷲ قا تاپشۇرىمەن، ﷲ ھەقىقەتەن بەندىلىرىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر»﴾.

مۆمىن كىشى سۆزىنى بۇ جەسۇر ئىبارىلىرى بىلەن ئاياغلاشتۇرۇپ سارايدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، سارايدىكىلەر مۇسانى ئۇنتۇپ ئۇنى ئويلاشقا، ئۇنىڭغا سۇيىقەست پىلانلاشقا، ئۇنىڭ سۆزلىرى ھەققىدە مۇنازىرە قىلىشقا باشلىدى.

سۈرە غافىر 38 ـ 40 ـ ئايەتكىچە.
سۈرە غافىر 41 ـ 44 ـ ئايەتكىچە.

ئۇنىڭ سۆزلىرىنى سارايى ئىنتىزامىغا قارشى ئاھانەت دەپ قاراشقا بولامدۇ ـ بولمامدۇ؟ ئۇ پىرئەۋن ۋە ۋەزىرلىرىنى جەھەننەمدە ھالاك بولۇش بىلەن قورقۇتقانىدى. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، اللّٰه پىرئەۋن ۋە ئادەملىرىنىڭ مۇسادىن ۋاز كېچىشى ئۈچۈن ئۇ كىشىنى پىرئەۋننىڭ ئادەملىرىنىڭ ئارىسىدىن چىقارغانىدى. قۇرئان بۇ ئادەمنى تارىخىي مەلۇمات بولغان ۋە ئۇنى تەھلىل قىلىدىغان، ۋەقەلەرنى بىر ـ بىرىگە باغلاپ، سەۋەبلەرنى تېپىپ چىقىپ ئۇنىڭدىن بىر نەتىجىگە ئېرىشەلەيدىغان، شۇنداقلا ئەقلى بىلەن ھەق يولغا ماڭىدىغان مىسىرلىق ئۆلىمالارنىڭ مىسالى قىلىپ كۆرسەتكەنىدى.

پىرئەۋن بۇ ئادەمنىڭ كاساپىتىدىن مۇسا بىلەن ھەپىلىشىشنى بىر مەزگىل تاشلاپ قويىدى. مۆمىن كىشى پىرئەۋننىڭ ئۆز جەمەتىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ يېقىنلىرىدىن ۋە مۇھىم ئادەملىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇنىڭ ئىمان ئېيتىشى پىرئەۋن سارىيىنىڭ مۇسا تەرىپىدىن پارچىلانغانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. يەنى بۇ مۇسانىڭ بۈيۈك غەلىبىسى ئىدى. ئۇ ئۆلتۈرۈلسە، مىسىرلىق ئۆلىمالار ئورۇنلىرىدىن قوزغىلىپ كېتىپ، پىرئەۋن ئېغىر ئەھۋالغا چۈشۈپ قالاتتى. ئۇنى ئۆلتۈرسىمۇ، ئۆلتۈرمەي ساق قويسىمۇ خەتەرلىك ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭغا قارشى بىر پىلان تۈزۈشكە باشلىدى. دەل شۇ چاغدا، اللّٰه نىڭ ياردىمى يېتىپ كەلدى:

﴿اللّٰه ئۇنى پىرئەۋن جامائەسىنىڭ سۇيىقەستلىرىدىن ساقلىدى. پىرئەۋن جامائەسىگە ئەڭ يامان ئازاب نازىل بولدى﴾.[1]

بۇ ئىش پىرئەۋننى خېلىلا ئاۋارە قىلدى، ئەمما ئۇ مەغرۇرلۇق ۋە كۆرەڭلىكىدىن ۋاز كەچمىدى. بەنى ئىسرائىل قەۋمىنىڭ مۇسا بىلەن كېتىشىگە رۇخسەت قىلمىدى. ئۇلارغا زۇلۇم قىلىش، خورلاش، قىزلىرىنى تىرىك قويۇپ، ئوغۇللىرىنى ئۆلتۈرۈشنى داۋاملاشتۇرىۋەردى.

اللّٰه تائالا سىناش، قورقۇتۇش، مۇسا ۋە مۆئمىنلەرگە يامانلىق قىلىشنى چەكلەش، شۇنداقلا مۇسانىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ۋە توغرىلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن پىرئەۋن ئائىلىسىگە تېخىمۇ قاتتىق مۇئامىلە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن مىسىردا قەھەتچىلىك ۋە قۇرغاقچىلىق يىللىرى باشلاندى.

يامغۇر ياغمىدى، نىلنىڭ سۇلىرى ئازىيىپ ھوسۇل كېمەيدى. مال باھاسى ئۆرلەپ، ئىنسانلار ئاچارچىلىقتا ئۆلۈشكە باشلىدى. ئىمانسىزلىقنىڭ، ئېتىقادسىزلىقنىڭ ئىنسانلارنىڭ بېشىغا دائىم بۇ جازالارنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى.

ئۇلۇغ اللّٰه ئەئراف سۈرىسىدە مۇنداق دېگەنىدى:

[1] سۈرە غافىر 45 ـ ئايەت.

﴿(پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقتىن ھالاك قىلىنغان) شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى ئىمان ئېيتقان ۋە (كۇفرىدىن، گۇناھلاردىن) ساقلانغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە، ئۇلارنى ئاسمان ـ زېمىنىنىڭ پاراۋانلىقلىرىغا مۇيەسسەر قىلاتتۇق﴾ .

مىسىر خەلقى تۆۋەندىكى ئىككى سەۋەب تۈپەيلىدىن الله نىڭ ئەزەلى قانۇنى بويىچە جازالاندى:

1 ـ سېھىرگەرلەرنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىنى تاماشا قىلغانلىقى.

2 ـ ھۆكۈمرانلارنىڭ گۇمراھلىقىغا قارشىلىق بىلدۈرمەسلىكى.

كىشىنى ئېچىندۇرىدىغىنى شۇكى، پىرئەۋننىڭ قەۋمى بۇ بالايى ـ ئاپەتلەرنى غەلىتە بىر سەۋەبكە باغلىدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، مۇسانىڭ تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ بېشىغا ئاچلىق ـ يوقسۇللۇق ۋە قەھەتچىلىك كېلىۋاتاتتى. ئۇلار نامراتلاشتى ۋە ھەقتىن تېخىمۇ ئۇزاقلاشتى. ئۇلار شۇنچىلىك ئەخمەق ئىدىكى، بۇ ئاپەتلەرنىڭ سەۋەبى، ھەتتا يامغۇرنىڭ ياغماسلىقىنى مۇسانىڭ سېھىرگەرلىكى ئۈچۈن كۆرسەتكەن مۆجىزىسى دەپ بىلەتتى. ھالبۇكى، بۇ ئۇلار ئەسلا ئىشەنمەيدىغان بىر مۆجىزە ئىدى. دىققەت قىلساق بىلىۋالالايمىزكى، بۇلار خەلقنىڭ پىكرى ئەمەس، بەلكى بۇ خىل سۆز ـ چۆچەكلەرنى تارقىتىپ، تەشۋىق قىلغان ھۆكۈمران سىنىپنىڭ پىكرى بولۇپ، كېيىنچە خەلق بۇنى تەكرارلايدىغان بولۇۋالغان ئىدى. ئۇلۇغ الله ئىككى ئوتتۇرىدىكى كۆرەشنىڭ ئۇزىراپ كېتىشى ھەققىدە مۇنداق دېگەنىدى:

﴿الله قا قەسەمكى، بىز ھەقىقەتەن پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرىنىڭ ئىبرەت ئېلىشلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنى قەھەتچىلىك بىلەن، مېۋىلىرىنىڭ ھوسۇلىنى كېمەيتىۋېتىش بىلەن سىنىدۇق. ئۇلار ئەگەر (پاراۋانلىق ـ مولچىلىقتەك) بىرەر ياخشىلىققا ئېرىشسە، بىز بۇنىڭغا ھەقلىقمىز، دەيدۇ. ئەگەر ئۇلارغا بىرەر يامانلىق كەلسە، ئۇلار: بۇ مۇسا ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان مۆمىنلەرنىڭ شۇملۇقىدىن كەلدى، ـ دەيدۇ. ئۇلارغا يەتكەن ياخشىلىق بىلەن يامانلىق (مۇسانىڭ شۇملۇقىدىن ئەمەس) الله نىڭ تەقدىرىدۇر، لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى بۇنى (يەنى ئۇلارغا كەلگەن بالا ـ قازانىڭ ئۆز گۇناھلىرى تۈپەيلى الله تەرىپىدىن كەلگەنلىكىنى) ئۇقمايدۇ. ئۇلار (يەنى پىرئەۋن قەۋمى): «كۆزىمىزنى باغلاش ئۈچۈن ھەرقانداق مۆجىزە كەلتۈرسەڭمۇ بىز ساڭا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز» دېدى. ئۇلارغا سۇ ئاپىتىنى، چېكەتكە، پىت، پاقا، قان (بالالىرىنى) روشەن مۆجىزىلەر قىلىپ ئەۋەتتۇق، (الله غا ئىمان ئېيتىشقا) ئۇلارنىڭ گەدەنكەشلىكى يول قويمىدى، ئۇلار گۇناھكار قەۋم بولدى﴾ .

الله پىرئەۋن باشچىلىقىدىكى مىسىرلىقلارنى بەلكى ئىمان ئېيتىپ بەنى ئىسرائىلنى مۇسا بىلەن قويۇپ بېرەر، دەپ ئۇلارغا خىلمۇخىل ئۇسۇلدا بېسىم ۋە قىيىنچىلىق پەيدا

سۈرە ئەئراف 96 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

سۈرە ئەئراف 130 ــ 133 ـ ئايەتكىچە.

قىلدى. ئۇلارنى سۇ ئاپىتىگە دۇچار قىلدى. ئۇزۇن مەزگىللىك قۇرغاقچىلىقتىن كېيىن، نىل دەرياسىغا سايمۇساق بىر يىل كەلگۈن كەلدى. ئېتىزلارنى سۇ بېسىپ، دېھقانچىلىق ۋەيران بولدى. باشتا ئاپەت ۋە ئاچلىق سۇسىزلىقتىن پەيدا بولغان بولسا، بۇ قېتىم كەلكۈندىن. سۇنىڭ جىقلىقىدىن كېلىپ چىقتى. ئۇلار مۇساغا قاراپ يۈگۈرۈشتى... مەسىلىگە ئۇنىڭ ئارىلىششى كېرەك ئىدى.

﴿ئۇلار: «ئى مۇسا! پەرۋەردىگارىڭغا ئۇزىنىڭ ساڭا ئاتا قىلغان ئەھدى بىلەن (يەنى ساڭا بەرگەن پەيغەمبەرلىكنىڭ ھەققىي ھۆرمىتى بىلەن بىزدىن بالانى كۆتۈرۈۋېتىشكە) دۇئا قىلساڭ، الله قا قەسەمكى، ئەگەر بىزدىن بالانى كۆتۈرۈۋەتسەڭ، ساڭا چوقۇم ئىمان ئېيتىمىز، ئىسرائىل ئەۋلادىنى چوقۇم سەن بىلەن بىللە قويۇپ بېرىمىز» دېگەن ئىدى﴾.[4]

مۇسا رەببىگە دۇئا قىلىپ سۇنىڭ ئۆرلىشىنى توختاتتى. سۇلار يەرگە سىڭىپ مۇنبەت تۇپراقلار پەيدا بولدى، مۇسا ئۇلارنىڭ بەنى ئىسرائىلنى قويۇپ بېرىشكە دائىر بەرگەن ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىشنى تەلەپ قىلدى، ئەمما جاۋاب ئالالمىدى.

ئارقىدىنلا چېكەتكە مۆجىزىسى (ئاپىتى) مەيدانغا كەلدى.

الله زىرائەت ۋە مېۋىلەرنى يەيدىغان چېكەتكە توپلىرىنى ئەۋەتتى، چېكەتكىلەر زىرائەت، مېۋىلەرنى يەپ تۈگەتتى. چېكەتكىلەر بارغانلىكى يەردە مىسىرلىقلارنىڭ مېۋىلىرىدىن ئەسىرمۇ قالمايتتى، مىسىرلىقلار يەنە مۇسانىڭ ئالدىغا كېلىشتى. بۇ قېتىم ئىسرائىل ئەۋلادىنى قويۇپ بېرىدىغان بولدى، مۇسا رەببىگە دۇئا قىلىپ بۇ ئاپەتنى يوق قىلدى. چېكەتكىلەر كەلگەن يېرىگە قايتتى. دېھقانچىلىق قايتا باشلاندى، مۇسا يەنە بەنى ئىسرائىلنىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى سورىدى. ئۇلار يەنە گەپ ئۇينىتىشقا باشلىدى. دېمەككى، بەرگەن ۋەدىسىدە راستچىل ئەمەس ئىدى.

بۇنىڭ بىلەن، بۇ قېتىم پىت ئاپىتى مەيدانغا كەلدى. پىتلەر كېسەل تارقاتتى. مىسىرلىقلار يەنە مۇسانىڭ ئالدىغا كېلىشىپ تەكرار ۋەدە قىلىشتى، مۇسا يەنە دۇئا قىلدى. لېكىن ئۇلار يەنە ۋەدىسىدە تۇرمىدى.

كېيىن پاقا ئاپىتى مەيدانغا كەلدى. بىردىنلا ھەممە يەر پاقىلار بىلەن تولدى. ئۇلار مىسىرلىقلارنىڭ يېمەكلىرى ئۈستىدە سەكرەپ، ئۆيلىرىگە كىرىۋېلىپ ئۇلارنى ئاۋارە قىلدى. ئۇلار يەنە مۇساغا ۋەدە بەردى ۋە يەنە ۋەدىسىدە تۇرمىدى.

ئاخىرىدا قان مۆجىزىسى مەيدانغا كەلدى. نىل سۈيى ھېچكىم ئىچەلمەيدىغان قانغا ئايلاندى.

كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، يۇقىرىدىكى مۆجىزىلەر دەريا سۈيى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان دېھقانچىلىق مۇھىتىغا ئاساسەن كەلگەن ئىدى. ئەسلىدە نىل دەرياسىنىڭ پەسىيىشى، ئۆرلىشى، چېكەتكە، پىتلەر ۋە پاقىلارنىڭ بېسىپ كېتىشى مىسىرلىقلار ئۈچۈن

[4] سۈرە ئەئراف 134 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

يېڭىلىق ئەمەستى. ھەيران قالارلىقى بۇ ئاپەتلەر تۈيۇقسىز ۋە شىددەت بىلەن پەيدا بولۇپ، يەنە ئوخشاش سۈرئەتتە يوقاپ كېتەتتى. ئەمما ئاخىرقى مۆجىزە پەقەتلا كۆرۈلمىگەنىدى (مىسىرلىقلار كۆرۈپ باقمىغانىدى). نىل دەرياسىنىڭ قانغا ئايلىنىشى پەقەتلا مىسىرلىقلارغىلا بولۇپ، مۇسا ۋە قەۋمىگە نورمال سۇ ھالىتىدە ئىدى. ئەمما ھەرقانداق بىر مىسىرلىق ئىچىش ئۈچۈن قاچىلىرىغا سۇ ئالغاندا، قاچىنىڭ قانغا تولغانلىقىنى كۆرەتتى. بۇ يېڭى ۋە قورقۇنچلۇق مۆجىزە ئالدىدا پىرئەۋن ۋە سارىيىدىكىلەر بىلەن تەڭ مىسىرلىقلارمۇ قاتتىق چۆچىدى. يەنە مۇسانىڭ ئالدىغا كېلىشتى ۋە بۇرۇنقىدەكلا ۋەدە بەردى.

مۇسا يەنە پەرۋەردىگارىغا دۇئا قىلىپ ئاپەتنى كۆتۈرۈۋەتتى. شۇنداق بولسىمۇ، پىرئەۋنىنىڭ ئوردىسى مۇسانىڭ قەۋمىنى ئېلىپ كېتىشىگە ئىجازەت بەرمىدى. دەل ئەكسىچە، پىرئەۋن تېخىمۇ تەلۋىلىشىپ خەلقىگە ئۆزىنىڭ ئىلاھ ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى. مىسىر، ھۆكۈمدارلىق ۋە بۇ مەملىكەتتە ئاقىدىغان دەريالار ئۇنىڭ ئەمەسمىدى؟

ئۇ مۇسانى سېھىرگەر، يالغانچى ۋە بىرەرتالمۇ ئالتۇن بىلەيزۈكى يوق نامرات دەپ كۆرسەتتى.

ئۇلۇغ الله زۇخرۇف سۈرىسىدە مۇنداق دېگەنىدى:

﴿بىز ھەقىقەتەن مۇسانى پىرئەۋنگە ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرىگە (ئۇنىڭ راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان شانلىق) مۆجىزىلىرىمىز بىلەن ئەۋەتتۇق، مۇسا (پىرئەۋنگە): «مەن ھەقىقەتەن جىمى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ (سېنى ۋە قەۋمىڭنى بىر اللە غا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن) ئەلچىسىمەن» دېدى. مۇسا ئۇلارغا بىزنىڭ مۆجىزىلىرىمىزنى ئېلىپ كەلگەندە، ئۇلار ناگاھان مۆجىزىلەرنى (مەسخىرە قىلىپ) كۈلدى. ئۇلارغا بىر - بىرىدىن كاتتا مۆجىزىلەرنى كۆرسەتتۇق، ئۇلارنى (كۇفرىدىن) قايتسۇن، دەپ (تۈرلۈك) ئازابلار بىلەن جازالىدۇق. (ئۇلار ئازابنى كۆرگەندە) «ئى سېھىرگەر! پەرەۋردىگارىڭغا ئۇنىڭ ساڭا بەرگەن (دۇئايىڭنى ئىجابەت قىلىشتىن ئىبارەت) ئەھدى بويىچە بىز ئۈچۈن دۇئا قىلساڭ (ئەگەر ئۇ دۇئايىڭ بىلەن بىزدىن ئازابنى كۆتۈرۈۋەتسە)، بىز چوقۇم ئىمان ئېيتىمىز» دېدى. (مۇسانىڭ دۇئاسى بىلەن) ئۇلاردىن ئازابنى كۆتۈرۈۋەتكىنىمىزدە، ناگاھان ئۇلار (ئەھدىنى) بۇزۇپ (كۇفرىدا) چىڭ تۇردى. پىرئەۋن ئۆز قەۋمى ئىچىدە (پەخىرلەنگەن ھالدا) نىدا قىلىپ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! مىسىرنىڭ پادىشاھلىقى، ئاستىمدىن ئېقىپ تۇرغان بۇ دەريالار مېنىڭ ئەمەسمۇ؟ (مېنىڭ بۇ بۈيۈكلۈكۈمنى) كۆرمەمسىلەر؟ بەلكى مەن ئوچۇق گەپ قىلالمايدىغان بۇ ئەرزىمەس ئادەمدىن (يەنى مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن) ياخشىمەن. نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا (ئاسماندىن) ئالتۇن بىلەيزۈكلەر تاشلانمىدى؟ ياكى نېمىشقا (ئۇنىڭ راستلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىش

ئۈچۈن) ئۇنىڭ بىلەن بىللە پەرىشتىلەر ھەمراھ بولۇپ كەلمىدى؟» پىرئەۋن قەۋمىنى گوللىغانلىقتىن، قەۋمى ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلدى، ئۇلار ھەقىقەتەن پاسىق قەۋم ئىدى﴾.

قۇرئاننىڭ ئېيتقىنىغا قاراڭ!

پىرئەۋن مىللىتىنى (قەۋمىنى) كۆزگە ئىلمىسىمۇ، ئۇلار يەنە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلدى.

ئۇلارنىڭ ئەقلىنى، ئەركىنلىكىنى، كەلگۈسىنى ۋە ئىنسانلىقىنى مەنسىتمىسىمۇ، ئۇلار يەنە پىرئەۋنگە ئىتائەت قىلىشتى.

بۇ غەلىتە ئىتائەت قىلىش ئەمەسمۇ؟

ئۇلارنىڭ يولدىن چىققان بىر مىللەت ئىكەنلىكىنى بىلسەك، بۇ غەلىتىلىكتە ھەيران قالمايمىز. ھەق يولدىن چىقىش ئىنسانلارنى كېلەچەكلىرىنى، مەنپەئەتلىرىنى ۋە ئىشلىرىنى ئويلىمايدىغان قىلىپ قويىدۇ ۋە ئاخىرىدا ھالاك قىلىدۇ. مانا بۇ، پىرئەۋن قەۋمىنىڭ بېشىغا كەلدى.

ئۇلۇغ الله مۇنداق دېگەنىدى:

﴿ئۇلار بىزنى دەرغەزەپ قىلغاندا، ئۇلارنى بىز (ئەڭ قاتتىق جازالار بىلەن) جازالىدۇق، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى (دېڭىزدا) غەرق قىلدۇق. ئۇلارنى بىز (كۇففارلارنىڭ ئازابقا تېگىشلىك بولۇشىدا) كېيىنكىلەرگە نەمۇنە ۋە ئىبرەت قىلدۇق﴾.

پىرئەۋننىڭ مۇساغا ئىتائەت قىلمايدىغانلىقى ئېنىق بولدى، ئۇ بەنى ئىسرائىلنى قىيناشتىن، مىللىتىگە (قەۋمىگە) مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىشتىن ۋاز كەچمىدى.

بۇ ۋاقىتتا، مۇسا بىلەن ھارۇن پىرئەۋنگە بەتدۇئا قىلدى.

﴿مۇسا ئېيتتى: «ئى پەرۋەردىگارىمىز! كىشىلەرنى يولۇڭدىن ئازدۇرۇشى ئۈچۈن ـ ئى پەرۋەردىگارىمىز! ـ پىرئەۋنگە ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ چوڭلىرىغا ھاياتىي دۇنيادا زىننەت بۇيۇملىرىنى، تۈرلۈك مال ـ مۈلۈكلەرنى بەردىڭ. پەرۋەردىگارىمىز! ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى يوق قىلغىن، ئۇلارنىڭ دىللىرىنى قاتتىق قىلغىن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىمان ئېيتماي قاتتىق ئازابنى كۆرسۇن». الله ئېيتتى: «ئىككىڭلارنىڭ دۇئاسى ئىجابەت قىلىندى، دەۋىتىڭلارنى داۋاملاشتۇرۇڭلار، نادانلارنىڭ يولىغا ئەگەشمەڭلار»﴾.

مۇساغا مىسىردىن چىقىشقا رۇخسەت بېرىلدى، مۇسا قەۋمىنى ئالدى. غەلىتە يېرى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تېخىچە ئىمان ئېيتمىغان ئىدى.

ئۇلۇغ الله يۇنۇس سۈرىسىدە مۇنداق دېگەنىدى:

---

سۈرە زۇخرۇف 44 ـ 56 ـ ئايەتكىچە.

سۈرە زۇخرۇف 55 ـ 56 ـ ئايەتلەر.

سۈرە يۇنۇس 88 ـ 89 ـ ئايەتلەر.

﴿مۇساغا پەقەت ئۆز قەۋمىدىن (يەنى بەنى ئىسرائىلنىڭ ئەۋلادىدىن) ئازغىنىسى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ چوڭلىرىنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىدىن قورققان هالدا ئىمان ئېيتتى. پىرئەۋن زېمىندا (يەنى مىسىر زېمىنىدا) شەك ـ شۈبھىسىز مۇتەكەببىردۇر، ئۇ ئەلۋەتتە ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردىندۇر﴾.[a]

ئىش پۈتتى، الله پىرئەۋنگە بىر مەزگىل ۋاقىت بەرگەندىن كېيىن، ئەمدى ئۇنىڭ ئەسكىلىكلىرىنى تىزگىنلەش قارارىغا كەلدى. مۇساغا چىقىش ئىجازىتى بېرىلگەندىن كېيىن، ئىسرائىل ئەۋلادى بىر بايرامنى تەبرىكلەش ئۈچۈن پىرئەۋندىن رۇخسەت سورىدى. پىرئەۋن خالىمىسىمۇ يەنىلا ئىجازەت بەردى. ئىسرائىل ئەۋلادى چىقىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشتى، ئۇلار زىبۇ زىننەتلىرىنى توپلىدى، مىسىرلىقلاردىنمۇ نۇرغۇن ئالتۇن، زىبۇ زىننەت ئارىيەت ئالدى. كېچىسى مۇسا كېلىپ، ئۇلارنى شام دىيارىغا ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن قىزىل دېڭىزغا قاراپ يولغا چىقتى، پىرئەۋننىڭ ئادەملىرى ۋە جاسۇسلىرى ھەرىكەتتە ئىدى. پىرئەۋنگە مۇسانىڭ قەۋمىنى ئېلىپ ماڭغانلىقىنى خەۋەر قىلىشتى. پىرئەۋن چوڭ قوشۇننىڭ يىغىلىشى ئۈچۈن پۈتۈن شەھەرلەرگە بۇيرۇق چۈشۈردى. پىرئەۋن قوشۇن يىغىشنىڭ سەۋەبىنى تۆۋەندىكى غەلىتە سۆز بىلەن ئىپادىلىدى (قوشۇن يىغىشقا سەۋەب دەپ كۆرسەتكەن غەلىتە دەلىلنى قۇرئاندىن كۆرەيلى):

﴿ئۇلار ھەقىقەتەن بىزنىڭ ئاچچىقىمىزنى كەلتۈرۈپ قويىدى﴾.[b]

ئۇ: «مۇسا شەخسەن مېنى غەزەپلەندۈردى. ھەم بۇرۇنلا سانى ئاز بولسىمۇ، ئۇلارغا نەپرىتىمىز بەكمۇ كۈچلۈك ئىدى. شۇنداقكەن، بۇ بىر ئۇرۇشتۇر» دېدى.

پىرئەۋن ئۇچىۇق ـ ئاشكارا گۇمراھ ئىدى. ئۇ نىيىتىنى بۈيۈك سۆزلەر، مەسىلەن، دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكى تەھدىتكە ئۇچرىدى ياكى بىكارغا ئىشلەپ بېرىدىغان قۇللار كەتسە، ئىقتىسادىي سىستېمىمىز بۇزۇلىدۇ، ـ دېگەندەك گەپلەر بىلەن يوشۇرۇپ يۈرمىدى. بۇنى قەتئىي تىلغا ئالمىدى. پەقەتلا ئۆزىنىڭ غەزەپلەنگەنلىكىنى ئېيتتى، مۇسا ئۇنى خاپا قىلغان ئىدى. بۇ، قوشۇن يىغىشقا يېتەرلىك سەۋەب بولالايتتى. خەلق ھەر بىر يالغانچىلىقتىن كېيىن يەنە ئۇنىڭغا سانسىز قېتىم ئىشەنگەن، ھېچ كىم ئۇنىڭغا قارشى چىقمىغان ئىدى. ئۇنىڭ قوشۇن يىغىشىدىكى سەۋەبىنىڭ ئاددىيلىقى بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىدى، بۇ ئەمىر پىرئەۋننىڭ شەخسىي زوراۋانلىقى بولۇپ پۈتۈنلەي يېتەرلىك ئىدى. پىرئەۋن قوشۇنى قوزغىلىپ مۇسانىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ ماڭدى. پىرئەۋن ئەسكەرلىرىنى ئويلىغان ۋە كۆلۈمىسىرىگەن هالدا ئۇرۇش هارۋىسىغا چىقتى.

بۇنى دەسلەپتىلا قىلغان ۋە مۇسانى ئۆلتۈرگەن بولسا قانداق بولاتتى؟ نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مانا هازىر مۇسانى ئۆلتۈرۈپ، مەسىلىنى يىلتىزىدىن تۈگىتىش ئۈچۈن كېتىۋاتاتتى.

---

[a] سۈرە يۇنۇس 83 ـ ئايەت.
[b] سۈرە شۇئەرا 55 ـ ئايەت.

مۇسا قىزىل دېڭىزغا كېلىپ توختىدى. يىراقتىن بىر بۇلۇت كۆتىرىلىپ پىرئەۋن قوشۇنىنىڭ يېقىنلاپ كەلگەنلىكىنى بېشارەت قىلدى. ئارقىدىنلا قوشۇنىنىڭ بايراقلىرى كۆرۈندى. مۇسانىڭ قەۋمى قورقۇشقا باشلىدى. ئەھۋال مۇرەككەپ ۋە خەتەرلىك ئىدى. ئالدىدا دېڭىز ئارقىسىدا دۈشمەن بولغاچق،ا جەڭ قىلىشتىن باشقا چارىسى يوق ئىدى. چۈنكى ئۇلار باللار، ئاياللار ۋە قورالسىز ئەرلەردىن تەركىپ تاپقاچقا، پىرئەۋنىنىڭ ئۇلارنى قىرىپ تاشلىشى ئېنىق ئىدى.

قەۋمنىڭ ئىچىدىن بەزىلىرى: پىرئەۋن بىزگە يېتىشىۋالدىغان بولدى.- دېيىشىپ ۋارقىرغىلى تۇردى.

- ياق، ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ! رەببىم مەن بىلەن بىللە، ئۇ مېنى قۇتقۇزىدۇ.- دېدى مۇسا.

مۇسانىڭ بۇ چاغدا نېمە ئويلىغانلىقىنى، قانداق ھېسسىياتتا ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز. ئەمما بۇ ئىشەنچ بىلەن اللە قا يۈزلىنىشى بىلەن تەڭلا اللە ئۇنىڭغا ھاسىسىنى دېڭىزغا ئۇرۇشقا ئەمىر قىلدى. مۇسا پىرئەۋن قوشۇنى ئالدىدا دېڭىزغا ھاسىسىنى ئۇرۇشنىڭ مەنتىقىلىق باغلىنىش يولى يوقلۇقىنى بايقىدى. لېكىن، اللە نىڭ ئىرادىسى ئىنسان مەنتىقىسىگە خىلاپ ئاجايىپ سەۋەبلەر بىلەن ئىشقا ئاشاتتى. اللە مۆجىزىنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى خالىغان، مۇسانىڭ دېڭىزنى ھاسىسى بىلەن ئۇرۇشنى ۋەھيى قىلغان ئىدى. اللە دېڭىزنىڭ يېرىلىشى ئۈچۈن پەقەتلا ھاسىسىنىڭ دېڭىزغا ئۇرۇلىشىنى سەۋەب قىلدى. مۇسا ھاسىسىنى يۇقىرىغا كۆتەرگىنىدە، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام دەرھال زېمىنغا چۈشتى.

مۇسا ھاسىسى بىلەن دېڭىزغا ئۇردى ۋە دېڭىز ئىككىگە ئايرىلىپ، ئوڭ - سول تەرىپىدە دېڭىز دولقۇنلىرى بولغان، قاتتىق ۋە قۇرۇق بىر يول ئېچىلدى. مۇسا ۋە قەۋمى مېڭىپ دېڭىزدىن ئۆتتى. مۆجىزە قورقۇنچلۇق ئىدى. دېڭىز دولقۇنى بىر پەسىيىپ بىر ئۆرلەيتتى. ئۇلار ئېچىلغان يولدا مېڭىۋاتقاندا گويا بىر سىرلىق قول ئۇلارنى غەرق بولۇشتىن ياكى ھۆل بولۇپ كېتىشىدىن قوغداۋاتاتتى. ئىسرائىل ئەۋلادى دېڭىزدىن ئۆتۈپ بولدى.

بۇ چاغدا، پىرئەۋن دېڭىزغا يېتىپ كەلدى. مۆجىزىنى، دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېچىلغان قۇرۇق يولنى كۆردى. قورققان بولسىمۇ، جاھىللىق بىلەن ئۇرۇش ھارۋىسىنىڭ ھارۋىكەشگە ئىلگىرىلەشنى بۇيرىدى. قوشۇن ئارقىسىدىن ماڭدى.

مۇسا دېڭىزدىن ئۆتۈپ بولۇپ، دېڭىزنىڭ بۇرۇنقى ھالىغا قايتىشى ئۈچۈن ھاسىسى بىلەن دېڭىزنى ئۇرماقچى بولۇۋىدى. اللە دېڭىزنىڭ شۇ پېتى قېلىشىنى بۇيرىدى. مۇسا قەۋمىنىڭ قۇتۇلۇش ئۈچۈن دېڭىز بىلەن پىرئەۋندىن ئايرىلىشىنى ئۈمىد قىلغان ئىدى. ئەگەر ھاسىسى بىلەن دېڭىزغا ئۇرۇپ، دېڭىز ئەسلىگە قايتقان بولسا ئىدى. مۇسامۇ

قۇتۇلاتتى. پىرئەۋنمۇ قۇتۇلغان بولاتتى. ئەمما الله تائالا پىرئەۋننىڭ سۇدا غەرق بولۇشىنى خالىدى. شۇڭا مۇساغا دېڭىزغا چېقىلماسلىقنى بىلدۈردى.

ئۇلۇغ الله ئۇنىڭغا مۇنۇ سۆزلەرنى ۋەھيى قىلدى:

﴿دېڭىزنى تىپتىنچ (يەنى سەن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن قۇرۇق ھالىتى بويىچە) قويغىن، ئۇلار ھەقىقەتەن غەرق قىلىنغۇچى قوشۇندۇر»﴾.

پىرئەۋن قوشۇنى بىلەن دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىغا كەلدى. ئۇلار قارشى قىرغاققا يېقىنلىغاندا ئۇلۇغ الله جىبرىئىلغا دېڭىز دولقۇنلىرىنىڭ قوشۇلۇشىنى ئەمر قىلدى. جىبرىئىل بەجا كەلتۈردى.

دېڭىز دولقۇنى قوشۇلۇپ، پىرئەۋن ۋە قوشۇننى قوينىغا ئالدى. پىرئەۋن ۋە قوشۇنى غەرق بولدى. جاھىللىق غەرق بولۇپ، ئىمان غەلىبە قىلغان ئىدى.

پىرئەۋن سۇدا تۇنجىقىۋاتقان چاغدا، ئۆزىنىڭ دوزاختىكى ئورنىنى كۆردى. جېنى تومشۇقىغا كېلىپ، پەردىلەنگەن كۆزى ئېچىلغىنىدا، مۇسانىڭ توغرىلىقىنى (ھەقلىق ئىكەنلىكىنى)، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇش قىلىپ خاتا قىلغانلىقىنى چۈشىنىپ ئىمان ئېيتتى.

ئۇلۇغ الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز ئىسرائىل ئەۋلادىنى دېڭىزدىن ئۆتكۈزۈۋەتتۇق، ئۇلارنى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى زۇلۇم ۋە زوراۋانلىق قىلىش يۈزىسىدىن قوغلىدى. پىرئەۋن غەرق بولىدىغان ۋاقىتتا: «ئىمان ئېيتتىمكى، ئىسرائىل ئەۋلادى ئىمان ئېيتقان ئىلاھتىن غەيرىي ئىلاھ يوقتۇر، مەن مۇسۇلمانلاردىنمەن» دېدى﴾.

ئەمدى قىلغان تۆۋبىنىڭ پايدىسى يوق بولۇپ قوبۇل قىلىنمايتتى. بۇ ئازابنى كۆرگەن ۋە سەكراتقا چۈشكەندە قىلىنغان تۆۋبە ئىدى. جىبرىئىل دېدى:

﴿(ئۇنىڭغا دېيىلدىكى) «(ھاياتتىن ئۈمىد ئۈزگىنىڭدە) ئەمدى (ئىمان ئېيتامسەن؟) ئىلگىرى الله قا ئاسىيلىق قىلغان ۋە بۇزغۇنچىلاردىن بولغان ئىدىڭ﴾.

ئەمدى تۆۋبىگە يەر يوق. ساڭا بېرىلگەن تەۋبە قىلىش ۋاقتى ئاخىرلاشتى، ئىش تۈگىدى. ئەمدى ساڭا قۇتۇلۇش يوق. پەقەتلا جەستىڭ قۇتۇلىدۇ... سەن ئۆلىسەن.

سەندىن كېيىنكىلەرگە ئىبرەت بولسۇن ئۈچۈن دېڭىز دولقۇنى جەستىڭنى قىرغاققا چىقىرىپ قويىدۇ.

﴿سەندىن كېيىنكىلەرگە ئىبرەت بولۇشۇڭ ئۈچۈن، بۈگۈن سېنىڭ جەستىڭنى قۇتقۇزىمىز (يەنى سېنىڭ جەستىڭنى دېڭىزدىن چىقىرىپ قويىمىز)». نۇرغۇن كىشىلەر، شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزدىن غاپىلدۇر﴾.

سۈرە دۇخان 24 ـ ئايەت.
سۈرە يۇنۇس 90 ـ ئايەت.
سۈرە يۇنۇس 91 ـ ئايەت.

پىرئەۋنىنىڭ بېشىدىن ئۆتكىنى اللە نىڭ قۇللىرى ئۇچۇن ئەزەلدىن بېرى يۈرگۈزۈلۈپ كېلىۋاتقان بىر قانۇنىنىڭ ئەمەلىيلىششى ئىدى. ئازابنى كۆرگەندىن كېيىن ئېيتقان ئىمانىنىڭ ھېچ پايدىسى يوقتۇر.

ئۇلۇغ اللە مۆئمىنۇن سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ئۇلار بىزنىڭ ئازابىمىزنى كۆرگەن چاغدا: «بىز بىر اللە قا ئىمان ئېيتتۇق، بىز بۇرۇن (اللە قا) شېرىك قىلغان بۇتلارنى ئىنكار قىلدۇق» دېدى. بىزنىڭ ئازابىمىزنى كۆرگەن چاغدا ئېيتقان ئىمانىنىڭ ئۇلارغا پايدىسى بولمىدى، بۇ (يەنى ئازابنى كۆرگەندە ئېيتقان ئىمانىنىڭ پايدىلىق بولماسلىقى) اللە نىڭ بەندىلىرى ئارىسىدا تۇتقان يولىدۇر، بۇ چاغدا كاپىرلار زىيان تارتقۇچى بولدى﴾.

ئۇلۇغ اللە پىرئەۋن بىلەن مۇسانىڭ كۈرىشىنى شۇئەرا سۈرىسىدە مۇنداق تەرىپلەيدۇ:

﴿بىز مۇساغا: «كېچىدە بەندىلىرىمنى (يەنى بەنى ئىسرائىلنى) ئېلىپ ئاتلانغىن. سىلەر ئەلۋەتتە قوغلىنىسىلەر. (يەنى پىرئەۋن ئۆز قەۋمى بىلەن سىلەرنى قوغلاپ چىقىدۇ)» دەپ ۋەھيى قىلدۇق. پىرئەۋن شەھەرلەرگە (ئەسكەر) توپلىغۇچىلارنى ئەۋەتتى. (پىرئەۋن ئېيتتىكى) «بۇ كىشىلەر ھەقىقەتەن بىر ئوچۇم ئادەملەردۇر. ئۇلار ھەقىقەتەن بىزنىڭ ئاچچىقىمىزنى كەلتۈرۈپ قويدى. بىز ھەقىقەتەن ئېھتىياتچان جامائەمىز». بىز ئۇلارنى (يەنى پىرئەۋن بىلەن ئۇنىڭ قەۋمىنى) باغلاردىن، بۇلاقلاردىن، خەزىنىلەردىن ۋە ئېسىل تۇرالغۇدىن ئايرىۋەتتۇق. شۇنداق قىلىپ ئۇلارنى بەنى ئىسرائىلغا مىراس قىلىپ بەردۇق. ئۇلار (يەنى پىرئەۋن بىلەن ئۇنىڭ قوشۇنى) ئۇلارنى كۈن چىققان چاغدا قوغلاپ چىقتى. ئىككى توپ (يەنى پىرئەۋن توپى بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ توپى) بىر - بىرىنى كۆرۈپ تۇرۇشقان چاغدا، مۇسانىڭ ئادەملىرى: «ئۇلار: (يەنى پىرئەۋن بىلەن قوشۇنى) بىزگە چوقۇم يېتىشىۋالدىغان بولدى» دېدى. مۇسا ئېيتتى: «ئۇنداق بولمايدۇ (يەنى ھەرگىز يېتىشەلمەيدۇ)، پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن مەن بىلەن بىللە، مېنى (قۇتۇلۇش يولىغا) باشلايدۇ». بىز مۇساغا: «ھاساڭ بىلەن دەرياغا ئۇرغىن» دەپ ۋەھيى قىلدۇق، (مۇسا ھاسىسى بىلەن ئۇرۇۋىدى) دەريا يېرىلدى، (ھەر بىر يېرىلغان) قىسمى چوڭ تاغدەك بولۇپ قالدى. ئىككىنچى بىر گۇرۇھنى بۇ يەرگە يېقىنلاشتۇردۇق (يەنى پىرئەۋن بىلەن قوشۇنىنى بەنى ئىسرائىلنىڭ ئارقىسىدىن دەرياغا كىرگۈزدۇق). مۇسا بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى پۈتۈنلەي قۇتقۇزدۇق. ئاندىن ئىككىنچى گۇرۇھنى (يەنى پىرئەۋن بىلەن قەۋمىنى) غەرق قىلدۇق. بۇنىڭدا (يەنى پىرئەۋن بىلەن ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ غەرق بولۇشىدا) ئەلۋەتتە (چوڭ) ئىبرەت بار. ئۇلارنىڭ تولىسى ئىمان ئېيتقۇچى بولمىدى. سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾.

سۈرە يۇنۇس 92 ـ ئايەت.
سۈرە غافىر 84 ـ 85 ـ ئايەتلەر.
سۈرە شۇئەرا 52 ـ 68 ـ ئايەتكىچە.

گۇمراھ پىرئەۋن ئۈستىگە پەردە يېپىلدى. دولقۇنلار ئۇنىڭ جەسىتىنى قىرغاققا ئاتتى. ئۆزىنى ئىلاھ چاغلىغان ھەمدە ھېچكىم قارشىلىق قىلالمىغان بۇ ئادەمنىڭ جەسىتىنى دولقۇنلارنىڭ قايسى قىرغاققا ئاتقانلىقىنى بىلمەيمىز.

كۆچلۈك بىر ئېھتىمالغا قارىغاندا، دولقۇنلار جەسەتنى غەربىي قىرغاققا ئاتقانىدى. مىسىرلىقلار ئۇنى كۆرۈپ چوقۇنغان ۋە ئىتائەت قىلغان ئىلاھنىڭ ئۆزىدىن ئۆلۈمنى قايتۇرۇۋېتەلمەيدىغان بىر قۇل ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. بۇنىڭدىن كېيىن... مىسىرلىقلار ھەققىدىكى قىسسە پەردىسى يېپىلدۇ.

قۇرئان كەرىم بىزگە پىرئەۋن ھۆكۈمرانلىقى يىقىلغاندىن كېيىن، مىسىرلىقلارنىڭ نېمە بولغانلىقىنى ئېيتمايدۇ. پىرئەۋن ۋە خەلقىنىڭ ياسىغان قۇرۇلۇش ـ ئىمارەتلىرىنى الله يىقىتقان ۋە ۋەيران قىلغاندىن كېيىن، مىسىر خەلقىنىڭ قانداق ئىنكاس قايتۇرغانلىقىمۇ سۆزلەنمەيدۇ.

قۇرئاندا مۇسا بىلەن ھارۇننىڭ قىسسىسى قايتىدىن باشلىدى.

ئۇ ئىككىسى بىلەن ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئەھۋالى قانداق بولۇپ كەتكەنىدى. مىسىرنىڭ پىرئەۋنى مىسىرلىقلار ۋە ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ كۆزلىرى ئالدىدا سۇدا بوغۇلۇپ ئۆلگەنىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇنىڭ خەلق ئۈستىدىكى تەسىرى خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە ئۆز كۈچىنى يوقاتمىدى.

پىرئەۋن ئىسرائىل قەۋمىنى الله دىن باشقىسىغا بويۇن ئېگىشكە كۆندۈرىۋەتكەنىدى. يەنى ئۇلارنىڭ روھلىرىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنى يەڭگۈچىلەرگە ھاڭۋېقىپ قارايدىغان بولۇپ قالغاچقا ۋە پىرئەۋن ئۇلارنىڭ تۇغما تەبىئىتىنى ئۆزگەرتىۋەتكەچكە، ئۇلار تەرسالىق ۋە نادانلىق بىلەن مۇساغا كۆپ ئەزىيەت يەتكۈزدى.

دېڭىز سۈيىنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈش مۆجىزىسى ئۇلارنىڭ ئەقلىدىن ھېچ چىقمىغانىدى. بەنى ئىسرائىل قەۋمى بۇ بۇتپەرەس قەۋمنىڭ ئىلكىگە ئۆتكەندىن بېرى نۇرغۇنلىغان پالاكەتكە دۇچ كەلدى. بۇ زۇلۇملاردىن تويۇپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ۋە ئۆزلىرىگە ئىمانىنى نېسىپ قىلغان الله قا ھەمدى ئېيتىشنىڭ ئورنىغا، مۇسادىن مىسىرلىقلارنىڭ بۇتلىرىغا ئوخشاش ئۆزلىرى چوقۇنىدىغان بىر ئىلاھ كەلتۈرۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

ئۇلارنىڭ ئىچىدە بۇتلارغا چوقۇنۇش ھەۋىسى تۇغۇلدى ۋە مۇسادىن بۇت تەلەپ قىلىشتى. مۇسا ئۇلارنىڭ بەكمۇ نادان ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

ئۇلۇغ الله مۇنداق دەيدۇ:

﴿ئىسرائىل ئەۋلادىنى بىز (قۇلزۇم) دېڭىزىدىن ئۆتكۈزىۋەتتۇق، ئۇلار بۇتلىرىغا چوقۇنۇۋاتقان بىر قەۋمنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە: «ئى مۇسا! بىزگىمۇ ئۇلارنىڭ بۇتلىرىغا ئوخشاش بۇت ئورنىتىپ بەرگىن» دېدى. مۇسا: «سىلەر ھەقىقەتەن نادان قەۋم ئىكەنسىلەر» دېدى. شۈبھىسىزكى، ئاشۇ كىشىلەرنىڭ باتىل دىنلىرى گۇمران

بولغۇسىدۇر، ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرى بىكاردۇر. مۇسا: «الله سىلەرنى (زامانىڭلاردىكى) جاھان ئەھلىدىن ئارتۇق قىلغان تۇرسا، سىلەرگە ئۇنىڭدىن باشقا ئىلاھ ئىزدەمدىمە؟» دېدى. ئۆز ۋاقتىدا سىلەرنى پىرئەۋننىڭ قەۋمىدىن قۇتقۇزدۇق، ئۇلار سىلەرگە قاتتىق ئازابنى تېتىتاتتى، ئوغۇللىرىڭلارنى ئۆلتۈرەتتى، ئاياللىرىڭلارنى (خورلاپ ئىشلىتىشكە) ئېلىپ قالاتتى، بۇنىڭدا پەرۋەردىگارىڭلاردىن سىلەرگە زور سىناق بار ئىدى﴾.[a]

مۇسا قەۋمىنى باشلاپ سىنا چۆلىگە كەلدى. چۆلدە نە دەرەخ، نە يېگۈدەك ـ ئىچكۈدەك بىر نەرسە يوق ئىدى. الله ئۇلارغا رەھمەت قىلىپ تەرەنجىبىن ۋە بۆدۈنىنى چۈشۈرۈپ بەردى. بۇلۇتلارنى ئۇلارغا سايىۋەن قىلىپ ئەۋەتتى. تەرەنجىبىن بەزى مېۋىلىك دەرەخلەردىن ئېقىپ چىقىدىغان تاتلىق ماددا بولۇپ، شاماللار بۇ ماددىلارنى ياپراقلارنىڭ ئۈچىگە قويۇپ ئېلىپ كەلگەندى. بۆدۈنە بولسا، قۇش تۈرلىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇلار قاتتىق ئۇسساپ كەتتى. مۇسا ھاسىسى بىلەن بىر تاشقا ئۇرۇۋىدى. تاشتىن 12 بۇلاق ئېتىلىپ چىقتى. ئىسرائىل قەۋمى 12 قەبىلىگە بۆلۈنگەن بولۇپ، الله ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن بۇلاق چىقىرىپ بەردى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىگە سىڭىپ كەتكەن ئۇ قۇتراتقۇلۇق تۇيغۇلىرى جىم تۇرمىدى. ئۇلار مۇسادىن بۇ يېمەكلەردىن زېرىككەنلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ پىياز، سامساق، پۇرچاق، يېسىمۇقلارنى يېگۈلىرى كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. بۇلار مىسىرنىڭ ئەنئەنىۋى ئوزۇقلۇقى ئىدى. شۇڭا بەنى ئىسرائىل قەۋمى مۇسانىڭ بۇلارنى تۇپراقتىن چىقىرىپ بېرىشى ئۈچۈن الله قا دۇئا قىلىشىنى تەلەپ قىلدى.

مۇسا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلىۋاتقانلىقىنى ۋە مىسىردىكى ئۇ رەزىل كۈنلىرىنى سېغىنىپ كەتكەنلىكىنى، يېمەك ـ ئىچمەكنىڭ ئەڭ ياخشىسى بېرىلسە، ھەددىدىن ئېشىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئەڭ ناچارلىرىنى تەلەپ قىلىۋاتقانلىقىنى قايتا ئاگاھلاندۇرۇپ قويدى.

ئۇلۇغ الله سۈرە بەقەرەدە مۇنداق دېگەندى:

﴿ئۆز ۋاقتىدا (سىنا چۆلىدە تەرەنجىبىن ۋە بۆدۈنە بىلەنلا ئوزۇقلىنىۋاتقىنىڭلاردا) سىلەر: «ئى مۇسا! بىز بىر خىل يېمەكلىككە چىداپ تۇرالمايمىز، بىز ئۈچۈن پەرۋەردىگارىڭغا دۇئا قىلغىن، بىزگە زېمىننىڭ كۆكتاتلىرىدىن تەرخەمەك، سامساق، يېسىمۇق ۋە پىيازلارنى ئۆستۈرۈپ بەرسۇن» دېدىڭلار، مۇسا: «سىلەر ياخشىنى ناچارغا تېگىشمەكچىمۇسىلەر؟ (يەنى پىياز، سامساق، كۆكتاتنى تەرەنجىبىن بىلەن بۆدۈنىدىن ئارتۇق كۆرەمسىلەر؟) بىرەر شەھەرگە كىرىڭلار، (شۇ يەردە) تىلىگىنىڭلار بار» دېدى﴾.[b]

مۇسا قەۋمىنى قۇددۇس تەرەپكە باشلاپ ماڭدى ۋە قەۋمىگە قۇددۇسقا بارغاندا، ئۇ يەردىكىلەرنى قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇشنى بۇيرىدى.

---

[a] سۈرە ئەئراف 138 ـ 141 ـ ئايەتكىچە.
[b] سۈرە بەقەرە 61 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

مانا بۇ، ئۇلارغا قىلىنغان ئاخىرقى سىناق ئىدى. ئۆزلىرىگە كەلگەن ئۇ مۆجىزىلەردىن كېيىن (مۆمىن بولغانلىقى ئۈچۈن)، بۇتلارغا چوقۇنىدىغان بىر قەۋم بىلەن ئۇرۇشىشنىڭ ۋاقتى - سائىتى كەلگەنىدى.

ئەمما مۇسانىڭ قەۋمى ئۇ مۇقەددەس يەرگە كىرىشنى رەت قىلدى.

مۇسا ئۇلارغا الله نىڭ بەرگەن نېمەتلىرىنى، يەنى ئۇلار ئىچىدىن پەيغەمبەر چىقارغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ پىرئەۋننىڭ مال - مۈلكىگە ۋارىسلىق قىلىدىغان ھۆكۈمران قەۋم قىلغانلىقىنى ۋە ئۇلارغا دۇنيادا ھېچبىر قەۋمگە بەرمىگەن نېمەتلەرنى بەرگەنلىكىنى ئېيتتى.

قەۋمى ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇشتىن قورقىدىغانلىقىنى ئېيتىپ مۇنداق دېيىشتى: ئۇ يەردە بەكمۇ زالىم بىر قەۋم بار. ئۇلار ئۇ يەردىن چىقمىغۇچە، بىز ئۇ يەرگە كىرەلمەيمىز.

پۈتۈن قەۋمدىن پەقەت ئىككى كىشىلا مۇسا بىلەن ھارۇنغا قېتىلدى. تارىخىي مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇلارنىڭ سانى 600 مىڭ كىشى ئىدى. ئەمما مۇسا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئۇرۇشتىن قورقمايدىغان ئىككىلا كىشىنى تاپالىدى.

بۇ ئىككى كىشى مۇقەددەس زېمىنغا كىرىپ ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن قەۋمنى قايىل قىلىشقا تىرىشتى. ئۇلارنىڭ پەقەت شەھەر دەرۋازىسىدىن كىرسىلا غەلىبىگە ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەمما ئىسرائىل قەۋمى قورقۇنچتىن تىترەپ تۇرۇشاتتى.

ئىسرائىل قەۋمى بۇتقا چوقۇنىدىغان قەۋمنى كۆرۈپلا كونا خۇيلىرىغا قايتقىلى تۇردى. ئۇلارنىڭ خاراكتېرى بۇزۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، رەزىللىك ۋە پەسكەشلىك ئۇلارنىڭ قان - قېنىغا سىڭىپ كەتكەنىدى. ئۇلار الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى مۇساغا داۋاملىق يولسىزلىق قىلىپ، ئۇرۇشۇشقا قەتئىي قوشۇلمىدى. نىھايەت، ئىسرائىل قەۋمى مۇساغا مۇنۇ مەشھۇر سۆزنى قىلدى:

﴿«سەن پەرۋەردىگارىڭ بىلەن بىللە بېرىپ ئىككىڭلار ئۇرۇشۇڭلار، بىز بۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرايلى!» دېدى﴾. □

ئۇلار بۇ سۆزنى قىلچە تەپتارتماي، ئوپئوچۇق دېگەنىدى.

مۇسا ئۆز قەۋمىنى قايىل قىلالمايدىغانلىقىنى چۈشەندى. گەرچە پىرئەۋن ئۆلگەن بولسىمۇ، ئىسرائىل قەۋمىدە خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە ئۆچمەيدىغان تەسىر قالدۇرغانىدى. مۇسا پەرۋەردىگارىغا پەقەت ئۆزى قېرىندىشىدىن باشقىلارنى قايىل قىلالمايدىغانلىقىنى ئېيتتى ۋە الله نىڭ ئۆزى بىلەن قەۋمنى ئايرىۋېتىشىنى تىلەپ دۇئا قىلدى.

□ سۈرە مائىدە 24 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

الله تەبىئىتى بۇزۇلغان ئىسرائىل قەۋمىگە ئۆز ھۆكمىنى چۈشۈردى. يەنى ئۇلارنى **40** يىل، تاكى ئۆلۈپ تۈگىگىچە ياكى قىرىپ ھالىدىن كەتكۈچە سىنا چۆلىدە ئېزىپ يۈرۈشكە مەھكۇم قىلدى. بۇ نەسىل تۈگىگەندىن كېيىن، ئورنىغا باشقا بىر نەسىل، ھېچكىمگە يېڭىلمەيدىغان، ئۈرۈشۈپ زەپەر قازىنىدىغان بىر نەسىل ۋۇجۇتقا كېلەتتى.

ئۇلۇغ الله مائىدە سۈرىسىدە مۇنداق دېگەنىدى:

﴿ئۆز ۋاقتىدا، مۇسا ئۆز قەۋمىگە ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! الله نىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ياد قىلىڭلار. الله ئۆز ۋاقتىدا ئىچىڭلاردا (سىلەرنى توغرا دىنغا يېتەكلەيدىغان) نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. سىلەردىن پادىشاھلار قىلدى (يەنى ئۆزەڭلارنى ئۆزەڭلارغا خوجا قىلدى). سىلەرگە جاھان ئەھلىدىن ھېچ كىشىگە بەرمىگەن (دەريانى يېرىپ ئۆتتۈرىسىدىن يول ئېچىپ بېرىش، بۇلۇتلارنى سايىۋەن قىلىپ بېرىش، ئاسماندىن يېمەكلىك چۈشۈرۈپ بېرىش قاتارلىق) نېمەتلەرنى بەردى. ئى قەۋمىم! الله سىلەرگە تەقدىر قىلغان (يەنى سىلەرنى كىرىشكە ئەمر قىلغان) مۇقەددەس زېمىنغا (يەنى بەيتۇلمۇقەددەسكە) كىرىڭلار، ئارقاڭلارغا چېكىنمەڭلار، بولمىسا (ئىككىلا دۇنيادا) زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىسىلەر». ئۇلار: «ئى مۇسا! مۇقەددەس زېمىندا كۈچلۈك (يەنى جاسامەتلىك، قامەتلىك) بىر قەۋم بار (ئۇلار ئاد قەۋمىنىڭ قالدۇقى بولغان ئەمالىقەلەر). ئۇلار چىقىپ كەتمىگۈچە بىز ئۇ يەرگە ھەرگىز كىرمەيمىز. ئۇلار ئۇ يەردىن چىقىپ كەتسە چوقۇم كىرىمىز» دېدى. الله دىن قورققۇچىلاردىن بولغان، الله نىڭ (ئىمان بىلەن تائەتتىن ئىبارەت) نېمىتىگە ئېرىشكەن ئىككى ئادەم (يەنى كالب ئىبنى يەفۇننە بىلەن يۇشە ئىبنى نۇن) ئۇلارغا: «(شەھەرنىڭ) دەرۋازىسىدىن ھۇجۇم قىلىپ كىرىڭلار. (شەھەرنىڭ) دەرۋازىسىدىن ھۇجۇم قىلىپ كىرسەڭلار، چوقۇم غەلىبە قىلىسىلەر. ئەگەر (الله نىڭ ۋەدە قىلغان ياردىمىگە) ئىشەنسەڭلار، الله قا تەۋەككۇل قىلىڭلار» دېدى. ئۇلار: «ئى مۇسا! مادامىكى، ئۇلار مۇقەددەس يەردە ئىكەن، بىز ھەرگىز ئۇ يەرگە كىرمەيمىز. سەن پەرۋەردىگارىڭ بىلەن بىللە بېرىپ ئىككىڭلار ئۇرۇشۇڭلار. بىز بۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرايلى» دېدى. مۇسا دېدى: «پەرۋەردىگارىم! مەن پەقەت ئۆزەمگە ۋە قېرىندىشىمغىلا ئىگىمەن. سەن بىز بىلەن (ئىتائەتتىن باش تارتقان) قەۋمنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋەتكىن». الله دېدى: «ئۇلارنىڭ مۇقەددەس يەرگە كىرىشى **40** يىلغىچە ھارام قىلىندى، (بۇ جەرياندا) ئۇلار زېمىندا ئادىشىپ يۈرىدۇ. پاسىق قەۋم ئۈچۈن قايغۇرمىغىن»﴾.[1]

ئۇلار ئېزىقىپ يۈرۈشكە باشلىدى. بىر يەردىن يۈرۈشكە باشلاپ بىر يەردە توختايتتى، توختىغان يەردىن يەنە يۈرۈپ ئاۋۋال باشلىغان يەرگە بېرىپ توختايتتى.

ئۇلار بۇ تەرىقىدە كېچە ـ كۈندۈز، ئەتىگەن ـ ئاخشىمى توختىماي يۈرۈپ، سىنا چۆلىگە كىرىپ كەتتى.

[1] سۈرە مائىدە 20 ـ 26 ـ ئايەتكىچە.

مۇسا تۇنجى قېتىم الله بىلەن سۆزلەشكەن يەرگە قاراپ ماڭدى. ئىسرائىل قەۋمى تۇر تېغىنىڭ قېشىغا كېلىپ چۈشكۈن قىلدى. مۇسا ئۆزى يالغۇز تاغقا چىقىپ پەرۋەردىگارى بىلەن سۆزلەشتى. ئۇ يەردە مۇساغا تەۋرات چۈشۈرۈلدى.

مۇسا الله بىلەن سۆزلەشكىلى مېڭىشتىن بۇرۇن، قېرىندىشى ھارۇننى قەۋمىگە باش قىلىپ قويغانىدى.

ئۇلۇغ الله ئەئراف سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿مۇساغا (بىزگە مۇناجات قىلىشقا) ئوتتۇز كېچىنى ۋەدە قىلدۇق. ئۇنىڭغا يەنە ئون كېچىنى قوشتۇق، شۇنىڭ بىلەن، پەرۋەردىگارىنىڭ ۋەدە قىلغان ۋاقتى **40** كېچە بولدى. مۇسا قېرىندىشى ھارۇنغا: «(مەن قايتىپ كەلگەنگە قەدەر) قەۋمىگە مېنىڭ ئورۇنباسارىم بولۇپ تۇرغىن، (ئۇلارنىڭ ئىشىنى) تۈزىگىن، بۇزۇقچىلىق قىلغۇچىلارنىڭ يولىدا ماڭمىغىن» دېدى﴾. [4]

رىۋايەتلەردە مۇنداق دېيىلىدۇ: مۇسا كېچە ـ كۈندۈز ھېچنىمە يېمەي ساق **30** كۈن روزا تۇتتى. كېيىن الله بىلەن سۆزلەشكەندە، ئاغزىنىڭ پۇراپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، يولدا كېتىۋېتىپ ئاغزىغا بىر يۇپۇرماقنى سېلىۋالدى. الله ئۇنىڭدىن: نېمە ئۈچۈن روزاڭنى بۇزدۇڭ؟ ـ دەپ سورىدى. ئەسلىدە الله ئۇنىڭ سەۋەبىنى ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر. مۇسا: ئى رەببىم؟ سەن بىلەن سۆزلەشكەندە، ئاغزىمنىڭ پۇراپ قېلىشىدىن قورقتۇم، ـ دېدى.

الله: ئى مۇسا! مەن ئۈچۈن روزا تۇتقان كىشىنىڭ ئاغزى ئەنبەردىنمۇ خۇش پۇرايدۇ. سەن قايتىپ، يەنە ئون كۈن روزا تۇتقاندىن كېيىن قايتا كەل! ـ دېدى. مۇسا الله نىڭ دېگىنىنى قىلدى.

مۇسانىڭ نېمە ئۈچۈن ئوتتۇزنىڭ ئورنىغا قىرىق كۈن روزا تۇتقانلىقى بىزگە نامەلۇم. بىزگە مەلۇم بولغىنى، پەقەت الله نىڭ ئون كۈننى قوشۇپ قويۇشى ۋە مۇساغا تەۋراتنى نازىل قىلىشى ئىدى.

مۇساغا تۆۋەندىكىدەك ئون تۈرلۈك ۋەسىيەت بېرىلدى:

**1** ـ يالغۇز ۋە شېرىكى بولمىغان الله قا ئىبادەت قىلىش.

**2** ـ الله نىڭ ئىسمى بىلەن يالغاندىن قەسەم ئىچمەسلىك.

**3** ـ شەنبە كۈندىكى ئادىتىنى داۋاملاشتۇرۇش (شەنبە كۈننى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزۈش).

**4** ـ ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش.

**5** ـ ئىنئام ۋە ئىكرام قىلغۇچىنىڭ پەقەت الله ئىكەنلىكىنى بىلىش.

---

[4] سۈرە ئەئراف 142 ـ ئايەت.

6 ـ ئادەم ئۆلتۈرمەسلىك.

7 ـ تارازىدا ھىيلە ئىشلەتمەسلىك.

8 ـ ئوغرىلىق قىلماسلىق.

9 ـ يالغان گۇۋاھلىق بەرمەسلىك.

10 ـ دوست ـ بۇرادىرىنىڭ ئۆيىگە، ئايالىغا ۋە مېلىغا (قۇل ـ چۆرىسى، ئۆكۈز ۋە ئېشىكىگە) كۆز تىكمەسلىك.

سەلەپ ئالىملىرى: قۇرئاندىكى ئىككى ئايەتنىڭ مەزمۇنى بۇ ئون ۋەسىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ـ دېيىشىدۇ.

بۇ ئىككى ئايەت ئەنئام سۈرىسىدە يەر ئالماقتا:

﴿ئېيتقىنكى، «سىلەر كېلىپ (ئاڭلاڭلار)، اللە ھارام قىلغان نەرسىلەرنى سىلەرگە ئوقۇپ بېرەي: سىلەر اللە غا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا ـ ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار، نامراتلىقتىن قورقۇپ بالاڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار، بىز ئۇلارغا ۋە سىلەرگە رىزىق بېرىمىز، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن يامان ئىشلارغا يېقىن كەلمەڭلار، اللە نىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ (ناھەق) ئادەم ئۆلتۈرمەڭلار. ھەقلىق رەۋىشتە ئۆلتۈرۈش بۇنىڭدىن مۇستەسنا. سىلەرنىڭ چۈشىنىشىڭلار ئۈچۈن، اللە سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ. يېتىمنىڭ مېلىنى تاكى ئۇ بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر ئۇنىڭغا ئەڭ پايدىلىق ئۇسۇلدا تەسەررۇپ قىلىڭلار. ئۆلچەمنى ۋە تارازىنى توغرا قىلىڭلار. ھېچقانداق ئادەمنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايمىز. سۆز قىلغان (ھۆكۈم چىقارغان ياكى گۇۋاھلىق بەرگەن) چېغىڭلاردا ئادىل بولۇڭلار. (ھۆكۈم چىقىرىلغان ياكى گۇۋاھلىق بېرىلگەن ئادەم) تۇغقىنىڭلار بولغان تەقدىردىمۇ. اللە قا بېرىلگەن ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار، ئىبرەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن، اللە سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ»﴾.[1]

ئۇلۇغ اللە مۇسانىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن سۆزلىشىش ئۈچۈن تاغقا چىققان چاغدىكى ئەھۋالىنى، يەنى ئۇنىڭ قىرىق كۈن روزا تۇتۇش ئارقىلىق رەببىگە تېخىمۇ يېقىنلاشقانلىقىنى ۋە پەرۋەردىگارىنىڭ ئۆزى بىلەن سۆزلەشكەنلىكىدىن دىلى يايراپ، پەرۋەردىگارىغا بولغان سۆيگۈسىنىڭ تېخىمۇ ئاشقانلىقىنى بايان قىلىپ بەردى.

ئەمما بىز، ئۇ پەرۋەردىگارىنى كۆرۈش ئۈچۈن ماڭغاندا، ئۇنىڭ قانداق تۇيغۇلارغا چۆمگەنلىكىنى بىلمەيمىز.

كۆپىنچە ھاللاردا، ئىنسانىي سۆيگۈ ئىنسانلارنىڭ مۇمكىن بولمايدىغان ئارزۇ ـ ھەۋەسلەرگە بېرىلىشىگە تۈرتكە بولىدۇ. سۆيگۈنىڭ ئەسلى ـ ۋەسلى ئۇ تۇرسا، ئىلاھىي سۆيگۈدە ئىنساننىڭ نېمە ھەددى بار؟

[1] سۈرە ئەنئام 151 ـ 152 ـ ئايەتلەر.

مۇسانىڭ پەرۋەردىگارىغا بولغان ھېسسىياتى، ياراتقۇچىسىغا بولغان سۆيگۈسى ۋە ھەممە نەرسىگە قىزىقىدىغان مىجەزى ئۇنىڭ اللە نى كۆرۈش ئارزۇسىنىڭ تۇغۇلۇشىغا سەۋەبچى بولدى.

ئۇلۇغ اللە ئەئراف سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿مۇسا بىز ۋەدە قىلغان ۋاقىتتا كەلگەن ۋە پەرۋەردىگارى ئۇنىڭغا (بىۋاستە) سۆز قىلغان چاغدا: «پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئۆزەڭنى كۆرسەتكىن، سېنى بىر كۆرۈپ ئالاي» دېدى﴾.

شۇنداق قىلىپ، مۇسا مەشھۇر ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ تەۋەككۈلچىلىك ئىدىيىسى بىلەن پەرۋەردىگارىدىن بۇنى تەلەپ قىلدى. ھەقتىن ئۇنىڭغا جاۋاب كەلدى:

﴿اللە: «مېنى (بۇ دۇنيادا) ھەرگىز كۆرەلمەيسەن (چۈنكى ئىنساننىڭ بۇ ئاجىز تېنى بۇنىڭغا تاقەت قىلالمايدۇ)» دېدى﴾.

ئۇلۇغ اللە نىڭ بۇ سۆزلىرى مۇسا ئۈچۈن يېتەرلىك ئىدى. ئەمما بۇ سۆيگۈ مۇسانىڭ ئىلاھىي سۆيگۈسى بولۇپ، مۇسا بۇ سۆيگۈنىڭ تەسىرىدە تەۋەككۈلچىلىك قىلىۋاتاتتى. شۇڭا اللە مۇساغا شاپائەت قىلىپ، ئۇنىڭ ئۆزىنى كۆرەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. چۈنكى ھېچبىر مەۋجۇدىيەت اللە نىڭ نۇرىغا تاقەت قىلالمايتتى. اللە مۇسانى تاغقا قاراشقا بۇيرىدى. ئەگەر تاغ ئۆز ئورنىدا مەھكەم تۇرالىسا، مۇسا اللە نى كۆرەلەيتتى.

ئۇلۇغ اللە مۇنداق دېدى:

﴿لېكىن تاغقا قارىغىن، ئەگەر تاغ ئورنىدا مەھكەم تۇرالىسا، مېنى كۆرەلەيسەن» دېدى. پەرۋەردىگارى تاغقا تەجەللى قىلىش بىلەن، تاغنى تۈپتۈز قىلىۋەتتى، مۇسا بىھوش بولۇپ يىقىلدى﴾.

اللە نىڭ نۇرىغا ھېچكىم تاقەت قىلالمايدۇ.

مۇسا بۇ ھەقىقەتنى چۈشەندى ۋە بۇنى كۆزى بىلەن كۆردى. مۇسا ھوشىدىن كەتكەندى. ئۇ ئۆزىگە كەلگەندە:

﴿«(پەرۋەردىگارىم!) سەن پاكتۇرسەن، ساڭا تەۋبە قىلدىم، مەن (سېنىڭ ئۇلۇغلۇقۇڭغا) ئىشەنگۈچىلەرنىڭ ئەۋۋىلىمەن» دېدى﴾.

بۇرۇنقى تەپسىرشۇناسلار بۇ ئايەتلەر ھەققىدە كۆپ توختالدى. مەسىلەن، مۇسانىڭ بۇ ئىشنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى بىلمەي تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن اللە نى كۆرمەكچى بولغانلىقىنى تەتقىق قىلدى.

سۈرە ئەئراف 143 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
سۈرە ئەئراف 143 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
سۈرە ئەئراف 143 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
سۈرە ئەئراف 143 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بۇ ھەقتە بىر ـ بىرى بىلەن مۇنازىرىلەشتى. مۇئتەزەلەر پىرقىسىنىڭ بۇ ھەقتە ئۆزلىرىگە خاس كۆز قارىشى بار ئىدى. ئەھلى سۈننەتلەرنىڭمۇ شۇنداق. بۇ يەردىكى بىردىنبىر مەسىلە شۇكى، مۇسا پۈتۈن مەخلۇقاتلار ئىچىدە اللە قا ئەڭ يېقىن تۇرۇپ، اللە نى كۆرۈشنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى بىر پەيغەمبەر بولۇش سۈپىتى بىلەن قانداقمۇ بىلمىگەنىدى؟ بۇ ئارقىلىق ئايەتنىڭ مەنىسىنى تېگى ـ تەكتىگىچە تەتقىق قىلىشنى تاشلاپ، ئەھمىيىتى يوق ئىشلارنى تەتقىق قىلىپ يۈردۇق.

شۇنداق دەپ ئويلاشقا بولىدۇكى، ئەڭ چوڭقۇر ۋە ئەڭ كۈچلۈك ئاشىقنىڭ ئۆرنەك مىسالى بولغان مۇسانىڭ بۇ ئەھۋالى ھاياتىنىڭ باشقا ۋاقىتلىرىدا ھېچ كۆرۈلۈپ باقمىغانىدى. كۆز ئالدىمىزدا اللە سۆيگۈسىنىڭ ئەڭ يۈكسەك پەللىسى تۇرماقتا... سۆيگۈ ـ كۆرۈشتىن باشقا بىر نەرسە تەلەپ قىلمايدۇ. ئەمما ئۇلۇغ ۋە ئەزىز اللە نى كۆرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ، ئەقلى جايىدا ۋە ئۆزىنى تۇتۇۋالغان كىشىلەر ئۈچۈن توغرا ھۆكۈمدۇر. ئەمما سۆيگۈ ھېچقاچان مەنتىق بىلەن ئۆلچەنمەيدۇ ۋەيا چەك ـ چېگرا تونۇمايدۇ... مۇسا بىر قېتىم سىناپ باقتى. ئۇ ھەممىمىزگە ۋاكالىتەن سىنىغانىدى.

ئارزۇ ھەققىدە ئارىمىزدىكى ئەڭ جەسۇر ۋە ئەڭ ئاۋۋال ھوشىدىن كەتكەن مۇسا پاك ۋۇجۇدى ۋە روھى بىلەن ھېچبىر كىشىنىڭ اللە نۇرىغا تاقەت قىلالمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. شۇنىڭدىن ئۇ چۈشىنىپ يېتىپ، قۇسۇرسىز اللە قا تەۋبە ـ ئىستىغفار ئېيتتى:

﴿«(پەرۋەردىگارىم!) سەن پاكتۇرسەن، ساڭا تەۋبە قىلدىم، مەن (سېنىڭ ئۇلۇغلۇقۇڭغا) ئىشەنگۈچىلەرنىڭ ئەۋۋىلىمەن» دېدى﴾.[1]

مۇسا نېمىشقا تەۋبە قىلدى.

تەسەۋۋۇرچىلار ئۇنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ئىمكانسىز ئىشنى ئارزۇلىغان بۈيۈك سۆيگۈ تەۋەككۈلچىلىكى ئۈچۈن تەۋبە قىلغانلىقىنى ئېيتىشىدۇ.

بۇ قايىل قىلارلىق تەپسىرنى قۇرئان ئايەتلىرىمۇ توغرىلايدۇ. اللە نىڭ ئايەتلىرىگە قاراڭ، بەرگەن نېمەتلىرىنى ئۇنىڭغا خاتىرىلەتكەن ئۇلۇغ اللە مۇساغا:

﴿«ئى مۇسا! مەن ھەقىقەتەن سېنى (زامانىڭدىكى) كىشىلەر ئارىسىدىن پەيغەمبەرلىككە ۋە مەن بىلەن (بىۋاسىتە) سۆزلىشىشكە تاللىدىم، ساڭا مەن ئاتا قىلغان پەيغەمبەرلىكنى قوبۇل قىلغىن ۋە شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولغىن». بىز ئۇنىڭ ئۈچۈن (تەۋرات) تاختىلىرىغا (ئىسرائىل ئەۋلادى دىنىدا موھتاج بولغان) ۋەز ـ نەسىھەت، (دىنىي) ئەھكاملارنىڭ ھەممىسىنى تەپسىلىي يازدۇق. (ئى مۇسا) ئۇنى (يەنى تەۋراتنى) مەھكەم تۇتقىن ھەمدە قەۋمىڭنى ئۇنىڭدىكى ئەڭ گۈزەل ئەھكاملارغا ئەمەل قىلىشقا بۇيرۇغىن﴾.[2]

[1] سۈرە ئەئراف 143 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئەئراف 144 ـ 145 ـ ئايەتلەر.

كۆپ ساندىكى تەپسىرشۇناسلار الله نىڭ مۇساغا سۆزلىگەن شۇ سۆزلىرى ئۈستىدە توختىلىدۇ.

﴿«ئى مۇسا! مەن ھەقىقەتەن سېنى (زامانىڭدىكى) كىشىلەر ئارىسىدىن پەيغەمبەرلىككە ۋە مەن بىلەن (بىۋاسىتە) سۆزلىشىشكە تاللىدىم﴾.[1]

ئۇلار مۇسا بىلەن باشقا پەيغەمبەرلەرنى سېلىشتۇرۇپ، تاللاشنىڭ پەقەتلا ئۆز دەۋرىگە خاس ئىكەنلىكىنى، مۇسادىن بۇرۇنقى مەزگىلدىكى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام نىڭ مۇسادىن ئۈستۈنلىكىنى تەكىتلەشتى ۋە يەنە بۇ تاللاشنىڭ مۇسادىن كېيىنكى دەۋرىگىمۇ ئۆتۈشۈن كەلمەيدىغانلىقىنى، چۈنكى بۇ دەۋرىدە ھەزرىتى مۇھەممەدنىڭ بارلىقىنى ۋە ھەزرىتى مۇھەممەد ئىبراھىم ۋە مۇسادىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشتى.

بىز بۇ مۇنازىرىدىن يىراق تۇرۇشنى خالايمىز. ئەمما بۇ پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنى تەڭ كۆرگىنىمىز ئۈچۈن ئەمەس، ئۇلۇغ الله بەزى پەيغەمبەرلەرنى بەزىلىرىدىن ئۈستۈن، بەزىلىرىنىڭ دەرىجىسىنى يۇقىرى قىلغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى.

ئەمما بۇ ئۈستۈن تۇتۇش بىز ئۈچۈن راۋا ئەمەس. بىز پۈتۈن پەيغەمبەرلەرگە ئىمان سۆيگۈسىدە بولۇشىمىز، ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتمەسلىكىمىز، ئۇلارغا ئوخشاش (تەڭ) دەرىجىدە ھۆرمەت قىلىشىمىز، خاتالىق سادىر قىلغان ـ قىلمىغانلىقىغا ياكى الله تەرىپىدىن تاللانغان ـ تاللانمىغانلىقىغا ئېسىلىۋالماسلىقىمىز كېرەك. بىز پەقەت ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئىشىنىپ ئىمان ئېيتىشىمىز كېرەككى، ئۇلارنى تاللاش ئەدەبسىزلىكتۇر.

مۇسا رەببى بىلەن كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، قەۋمىگە غەزەپلەنگەن ۋە ئازابلانغان ھالدا قايتتى. پۈتۈن كائىناتتا ئۇنىڭدەك خۇشپېئىل بىرى بولمىسىمۇ، ئەمما رەببىدىن يامان خەۋەرنى ئاڭلىغاچقا، قەۋمىگە غەزەپلەنگەن ۋە ئازابلانغان ئىدى.

ئۇلۇغ الله تاھا سۈرىسىدە مۇنداق دېگەنىدى:

﴿ئى مۇسا! ئالدىراپ (تۇر سىناغا) قەۋمىڭدىن ئىلگىرى كېلىشىڭنىڭ سەۋەبى نېمە؟» دېدۇق. مۇسا ئېيتتى: «ئۇلار ئىزىمنى قوغلىشىپ كېلىۋاتىدۇ، پەرۋەردىگارىم! سېنى رازى بولسۇن دەپ بۇ يەرگە ئالدىراپ كەلدىم». الله ئېيتتى: «سەندىن (يەنى سەن كەتكەندىن) كېيىن قەۋمىڭنى ھەقىقەتەن سىنىدۇق، ئۇلارنى سامىرى ئازدۇردى». مۇسا قەۋمىگە غەزەپلەنگەن ھالدا خاپا قايتتى﴾.[2]

مۇسا تەۋرات لەۋھەلىرىنى ئېلىپ تاغ چوققىسىدىن نەپرەت ۋە ئازاب بىلەن پەسكە ـ قەۋمىگە قاراپ مېڭىۋاتقاندا، ئۇنىڭ قاتتىق غەزەپلەنگەنلىكىنى بىلىۋېلىش تەس ئەمەس ئىدى.

[1] سۈرە ئەئراف 144 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە تاھا 83 ـ 86 ـ ئايەتكىچە.

مۇسا رەببى بىلەن ئۇچرىشىش ئۈچۈن قەۋمىدىن ئايرىلىپ تۇرىشىغا سامىر پىتنە ـ تېرىدى. بۇ پىتنىنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق ئىدى:

ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ مىسىردىن چىققان چاغدا بايرام يىغىلىشىدا ئىشلىتىش ئۈچۈن مىسىرلىقلاردىن ئالغان نۇرغۇن ئالتۇن ـ زىبۇزىننەتلىرى دېڭىزنىڭ يېرىلىشى مۆجىزىسىدىن كېيىن ئۇلارنىڭ قولىدا قالغان ئىدى. ھارۇن ئەلەيھىسسالام بۇ ئالتۇنلارنىڭ ئۇلارغا ھالال ئەمەسلىكىنى تەكىتلەپ ئۇلاردىن ئېلىپ يەرگە كۆمدى. ئۇلار چۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا تېڭىرقاپ يۈرگەچكە ئالتۇنغا ئېھتىياجى يوق ئىدى. مۇسانىڭ ئۆز قېرىندىشى ھارۇن ئالتۇنلارنى بىر ئورەك كولاپ كۆمۈۋاتقاندا سامىر كۆرۈپ قالغان ئىدى. كېيىن ئۇ ئالتۇنلارنى چىقىرىپ ئېرىتىپ، ئۇنىڭدىن مىسىر ئىلاھلىرىدىن ”موزاي ئاپىس“ قا ئوخشايدىغان بىر موزاي ھەيكىلى ياسىدى. قارىغاندا، سامىرى يا ئۇستا ھەيكەلتاراش ياكى قابىلىيەتلىك زەرگەر ئىدى.

موزاينىڭ ئىچىنى بوش قىلىپ ياساپ، ئارقىسىدىكى بوشلۇقتىن كىرگەن شامالنىڭ بۇرنىدىن چىقىشى ئۈچۈن شامالنىڭ يۆنىلىشىگە توغرىلاپ تىكلەپ قويدى. بۇنىڭ بىلەن ھەيكەل راست موزاينىڭ مۆرىشىگە ئوخشايدىغان ئاۋاز چىقىراتتى.

بۇ مۆرەشنىڭ سەۋەبى (سىرى) مۇنداقمۇ چۈشەندۈرۈلىدۇ: جىبرىئىل دېڭىزنىڭ يېرىلىشى ئۈچۈن زېمىنغا چۈشكەندە، سامىرى ئۇنىڭ ئىزى چۈشكەن تۇپراقتىن بىر ئۇچۇم ئېلىۋالغان ئىدى.

دېمەككى، سامىرى باشقىلار كۆرمىگەننى كۆرگەن ئىدى. موزاي ھەيكىلىنى ياسىغاندا، ئۇ تۇپراقنىمۇ ئالتۇنغا ئارىلاشتۇرۇۋەتتى. جىبرىئىل ماڭغان يەر جانلىنىپ كېتەتتى ۋە بۇ ئارىلاشمىدا ياسالغان موزاي ھەيكىلى خۇددى راستتەكلا مۆرىدى.

بۇ مۇساغا سامىرىنىڭ ئېيتقان ھېكايىسى ئىدى. بىز ئۇنى يالغانچى دەپ قارايمىز. ئۇنىڭ كاپىرلىقى يالغان ئېيتىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

ھازىر بىلدۇقكى، تۇپراققا قوشۇلغان ئالتۇن ئېرىگەندە، تۇپراق ئالتۇندىن ئايرىلىپ چىقىدۇ. ئۇمۇ ئايرىلىپ بوشلۇق پەيدا بولۇشىنى كۈتتى. كۈچلۈك ئېھتىمالغا قارىغاندا، سامىرى ھەيكەلنىڭ ئىچىنى قۇرۇق چىقىرىش ئۈچۈن (بۇنداق بولغاندا ھەيكەلدىن ئاۋاز چىقاتتى) خۇددى باشقا تۇپراقتەك بۇ تۇپراقنى ئىشلەتكەن ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن، سامىرى ياسىغان نەرسىسى بىلەن بەنى ئىسرائىلنىڭ ئالدىغا چىقتى.

ئۇلار: بۇ نېمە سامىرى؟ ـ دەپ سوراشتى.

ـ سىلەرنىڭ، مېنىڭ ۋە مۇسانىڭ ئىلاھى! ـ دېدى ئۇ.

ـ ئەمما مۇسا ئىلاھىمىز بىلەن كۆرۈشكىلى كەتكەنتىغۇ؟ ـ دېدى ئۇلار.

ـ مۇسا ئۇنتۇپ قېلىپ، رەببىنى ئىزدەپ ئۇياققا كېتىپ قالدى، ـ دېدى سامىرى.

بۇ ئەسنادا بىر شامال كېلىپ موزاينىڭ ئارقىسىدىن كىرىپ ئاغزىدىن چىقتى. بۇنىڭ بىلەن موزايدىن مۆرىگەندەك ئاۋاز چىقتى. ئىسرائىل ئەۋلادى بۇ موزايغا چوقۇندى.

بەلكى بۇنى ئوقۇغان كىشى بۇ پىتنىگە ھەيران قېلىشى مۇمكىن. قەۋمىنىڭ ئەقلى بىلەن قانداقلارچە بۇنداق ئوينىغىلى بولغاندۇ؟

بىردىنلا قانداقلارچە بۇتلارغا قايتىدىن چوقۇنۇپ قالغاندۇ؟

ئۇلارنىڭ بېشىغا قورقۇنچلۇق بىر ئىش كەلگەن ئىدى.

بۇ موزايغا چوقۇنغان خەلقنىڭ پسىخىكىسىنى تەتقىق قىلساق (كۆزەتسەك) لا، ھەيرانلىق ھېس قىلمايمىز. چۈنكى ئۇلار مىسىردا بۇتلارغا چوقۇنۇپ، ”موزاي ئاپىس“ نى مۇقەددەس كۆرىدىغان بىر مۇھىتتا، خورلانغان، قۇل قىلىنغان ھالدا ياشاپ كەلگەچكە، روھى سۇنۇپ، تەبىئىتى بۇزۇلغان ئىدى. الله نىڭ مۆجىزىلىرى ئۇلارغا يېتىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۈمىدسىزلىك ئۇلارنى ئۆزگەرمەس قىلىپ قويغان ئىدى. ھېسسىي مۆجىزىلەر ئۇلارنى كەلىمىلەرنىڭ توغرىلىقىغا ئىشەندۈرەلمىگىنىدەك، الله نىڭ سۆزلىرىمۇ ئۇلارنى ھەققە قايتۇرالمىدى. ئۇلار بۇتلارغا ئىبادەت قىلدى. خۇددى مىسىرلىق خوجايىنلىرىغا ئوخشاش بۇتپەرەس بولغاچقا، موزايغا چوقۇنۇشتىن تەپ تارتمىدى.

ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشى بىز ئۈچۈن يېڭىلىق ئەمەستى. چۈنكى ئۇلار دېڭىزنىڭ يېرىلىشى مۆجىزىسىدىن كېيىن، بۇتقا چوقۇنۇۋاتقان بىر مىللەتنى كۆرۈپ، مۇسادىن ئۆزلىرىگىمۇ ئۇ قەۋمگە ئوخشاش چوقۇنىدىغان ئىلاھ تەلەپ قىلىشقان ئىدى. ئۇ ھالدا مەسىلە كونا مەسىلە ئىدى. بۇتلارغا چوقۇنۇش ئارزۇسى بىلەن بۇتقا چوقۇنۇشنىڭ پەرقى يوقتۇر.

سامىرى مانا بۇ پسىخىكىلىق ئاجىزلىققا ئاساسەن، بۇ موزاي ھەيكەلنى ياساش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ موزايغا چوقۇنۇش ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغانىدى. ئۇ ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئالتۇنغا ھېرىسمەنلىكىنى بىلگەچكە ھەيكەلنى ئالتۇندىن ياسىدى. شۇنىڭ بىلەن سامىرى پىتنىسى يېيىلدى. ھارۇن ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى قەۋمىنىڭ بىر موزايغا چوقۇنىۋاتقانلىقىنى بايقىدى.

قەۋم، بۇنىڭ قاملاشمىغان بىر ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن ئاز ساندىكى كىشىلەر ۋە بۇتلارغا چوقۇنۇش ئارزۇسىدىكى كۆپ ساندىكىلەردىن ئىبارەت ئىككىگە ئايرىلدى.

ھارۇن قەۋمگە نەسىھەت قىلىشقا باشلىدى: «سىلەر بۇنىڭ بىلەن سىنىلىۋاتىسىلەر، بۇ بىر پىتنەدۇر. سامىرى سىلەرنىڭ بىلمىسىزلىكىڭلاردىن پايدىلىنىپ موزاي بىلەن سىلەرنى ئالدىدى. بۇ نە سىلەرنىڭ، نە مۇسانىڭ ئىلاھى ئەمەس!»

﴾سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار مەرھەمەتلىك الله دۇر، ماڭا بويسۇنۇڭلار. (مۇزايغا چوقۇنۇشنى تەرك ئېتىش بىلەن) بۇيرۇقۇمغا ئىتائەت قىلىڭلار!» دېدى﴿. □

مۇزايغا چوقۇنغۇچىلار ھارۇننىڭ نەسىھىتىگە قۇلاق سالمىدى. ئۇلار ئۇردەككە سۇ يۇقمىغاندەك نەسىھەت تەسىر قىلمايدىغان جاھىللار ئىدى. ھارۇن ئۇلارغا تەكرار نەسىھەت قىلىپ، الله نىڭ ئۇلارنى قۇتقۇزغان مۆجىزىلىرىنى، مەرھەمەتلىرىنى، ئۇلارنى قوغدىغانلىقىنى ئەسلەتتى. ئۇلار قۇلاقلىرىنى ئېتىۋېلىپ ئاڭلىغىلى ئۇنىمىدى. ھەتتا ئۇنى ئاجىز كۆرۈپ ئۆلتۈرۈۋەتكىلى تاس قالدى.

ھارۇن مۇسا قايتقىچە بۇ توغرىدا مۇنازىرە قىلىشنى خالىمىدى.

ھارۇن مۇسادىن مۇلايىم ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، ئۇلار ئۇنىڭدىن قورقمايتتى. ھارۇن قەۋمى ئىچىدە تېخىمۇ بەك قالايمىقانچىلىق پەيدا بولۇشتىن ئەنسىرەپ، كۈچ ئىشلىتىپ ئۇلارنىڭ ھەيكىلىنى پارچىلىۋەتمىدى. ئىچكى ئۇرۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن مۇسانىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتتى.

ئۇ كۈچلۈك مۇسانىڭ بۇ پىتنىنى قان تۆكمەستىن ھەل قىلالايدىغانلىقىنى بىلەتتى.

خەلق مۇزاينىڭ ئەتراپىدا داۋاملىق ئويۇن ـ تاماشا قىلىشتى. سامىرى بۇ كونا پىتنىنىڭ تېرىغۇچىسى ئىدى. الله ئۇنىڭغا لەنەت قىلسۇن!

قۇرتۇبى تەپسىرىنىڭ 11 ـ بابىدا سامىرى پىتنىسى ھەققىدە مۇنداق دېگەنىدى:

«ئىمام ئەبۇبەكرى ئەتتارتۇشىدىن سورالدى: ”ئى ئۇستاز! الله ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى كۆپ زىكىر قىلىدىغان ۋە قولىدا تاياق تۇتۇپ بىر پارچە تېرە ئۈستىدە ماڭىدىغان كىشىلەرگە قانداق قارايسەن؟ ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئايلىنىپ چۈشكىدەك ھالغا كەلگىچە سەكرەپ ئويىنىشىدۇ. بەزىلىرى يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىش جائىزمۇ ـ ئەمەسمۇ؟ ئۇلار بىزگە ساۋاب بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى.“ ئۇستاز مۇنداق جاۋاب بەردى: ”سوفىيىە مەزھىبى (ئۇسسۇل ئوينايدىغان سوپى ـ ئىشانلارنى دېمەكچى) باتىللىق، جاھىللىق ۋە (زالالەت) گۇمراھلىقنىڭ ئېپادىسى بولۇپ، ئىسلام پەقەت الله نىڭ كىتابى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىدىن ئىبارەتتۇر. ئۇسسۇل ئويناش ۋە سەكرەش ھاياجانلىنىپ، ھوشىدىن كېتىشىنى تۇنجى بولۇپ، سامىرىنىڭ ئادەملىرى پەيدا قىلغان ئىدى. سامىرى ئۇلارغا مۆرىگەندەك ئاۋاز چىقىرىدىغان مۇزاينىڭ ھەيكىلىنى ياساپ بەرگەندە، ئۇلار ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئۇسسۇل ئويناپ، ئۆزلىرىنى يوقىتىشقان ئىدى. بۇ كاپىرلارنىڭ دىنى، ئۇلار مۇزاينىڭ قۇللىرى ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەر بىلەن ئولتۇرغاندا، ئۇلار خۇددى بېشىدىكى قۇشنىڭ ئۇچۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەندەك تېنىچ تۇرۇشاتتى. باشقۇرغۇچىلارنىڭ ۋە ۋەكىللەرنىڭ ئۇلارنى (يەنى ئۇسسۇل ئوينايدىغان ۋە سەكرەيدىغان ئىشان ـ سوپىلارنى)

---

□ سۈرە تاھا 90 ـ ئايەت.

مەسجىد ۋە باشقا جامائەت سورۇنلىرىغا بېرىشتىن چەكلىشى لازىم. اللە قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنگەن بىر كىشىنىڭ ئۇلار بىلەن ئارىلىششى، باتىل ئىشلىرىغا ياردەم قىلىشى ھالال ئەمەس. بۇ ئىمام مالىك، ئەبۇ ھەنىفي، شافىئىي، ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل ۋە باشقا ئىماملارنىڭ بىردەك قارىشىدۇر. تەۋپىق (مۇۋەپپىقىيەت) اللە تەرىپىدىندۇر."

مانا بۇ، قۇرتۇبىنىڭ بۇ مەسىلىگە بولغان قارىشىدۇر. ئۇنىڭ سەزگۈر ئەقلى، تەقۋادارلىقى بىلەن سوفىييە (سوپى ـ ئىشانلار) نىڭ كېلىپ چىقىشى بىلەن قەدىمكى موزايغا چوقۇنۇش ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئۇسسۇل ئويناشنى بىر ـ بىرىگە باغلىغانلىقىنى تەپەككۇر قىلىڭ!

مۇسا قەۋمىگە قايتىش ئۈچۈن كېتىۋېتىپ، قەۋمىنىڭ موزاي ئەتراپىدا سەكرەپ، ئۇسسۇل ئويناپ، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلغان ئاۋازىنى ئاڭلىدى. مۇسانى كۆرگەن قەۋمى توختاپ جىمىدى.

مۇسا ۋارقىرىدى:

﴿قەۋمىگە: «مەن يوق چاغدا (موزايغا چوقۇنۇپ) نەقەدەر يامان ئىش قىلدىڭلار ـ ھە!﴾ .

مۇسا تەۋرات لەۋھەلىرىنى يەرگە ئېتىپ، غەزەپلەنگەن ھالدا ھارۇننىڭ ئالدىغا كەلدى. قوللىرى بىلەن ھارۇننىڭ چاچ ـ ساقىلىدىن تۇتۇپ، ئالدىغا تارتىپ، غەزەپتىن تىترىگەن ھالدا:

﴿«ئى ھارۇن! ئۇلارنىڭ ئازغانلىقىنى كۆرگەن چېغىڭدا (خۇدالىق ئۈچۈن غەزەپلىنىشتە) ماڭا ئەگىشىشتىن ساڭا نېمە توسالغۇ بولدى؟ مېنىڭ بۇيرۇقۇمغا خىلاپلىق قىلدىڭمۇ؟»﴾ دېدى.

مۇسا ھارۇننىڭ ئۆزىنىڭ ئەمرىگە قارشى چىقىپ، بۇ پىتنە ئالدىدا نېمە ئۈچۈن گەپ قىلماي تۇرغانلىقىنى، ئۇلاردىن ئايرىلىپ چىقىپ كەتمەي، ئۇلار بىلەن بىللە تۇرۇشقا قانداق رازى بولغانلىقىنى، ئۇلار بىلەن نېمىشقا ئېلىشمىغانلىقىنى سورىدى.

چۈنكى خاتالىق ئالدىدا جىم تۇرىۋېلىش ئۇ خاتالىقنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن باراۋەر ئىدى.

ئەتراپ مۇسانىڭ غەزەپلىك ئاۋازى بىلەن تېخىمۇ جىمجىتلىققا چۆمدى. ھارۇن مۇسا بىلەن سۆزلەشتى. بىر ئانىنىڭ بالىلىرى بولغانلىقى ھەققى ئۈچۈن ئۇنىڭ چاچ ـ ساقاللىرىنى قويۇپ بېرىشنى ئۆتۈندى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى مەرھەمەت تۇيغۇسىنى قوزغاش ئۈچۈن ئاتىلىرىنى ئەمەس، ئانىلىرىنى زىكىر قىلدى.

﴿ھارۇن ئېيتتى: «ئى قېرىندىشىم! مېنىڭ ساقىلىمنى ۋە چېچىمنى تارتمىغىن﴾.

سۈرە ئەئراف 150 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
سۈرە تاھا 92 ـ 93 ـ ئايەتلەر.

ئۇنىڭغا مەسىلىنىڭ قارشى چىقىش ياكى موزايغا چوقۇنغانلارغا رازىلىق بىلدۈرۈش ئەمەسلىكىنى، پەقەت ئۇلارنى تاشلاپ كېتىشتىن قورققانلىقىنى چۈشەندۈردى.

مۇسا ئۇنى ئۇلارغا مەسئۇل قىلىپ كەتكەندىن كېيىن، بۇ ئەھۋالدا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قانداق تۇرغانلىقىنى سورىدى.

ئۇ ئەگەر ئۇلارغا شىددەت بىلەن قارشى چىققان تەقدىردە ئارىسىدا توقۇنۇش كېلىپ چىقىشىدىن قورققان ئىدى.

مۇسا ئۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ قايتىشىنى ساقلىماي ئارىلىرىدا قانداق ئايرىمچىلىق چىققانلىقىنى سورىدى.

﴿مەن ھەقىقەتەن سېنىڭ، ئىسرائىل ئەۋلادىنى بۆلۈۋېتىپسەن، سۆزۈمگە دىققەت قىلماپسەن، دېيىشىڭدىن قورقتۇم»﴾. [1]

ھارۇن قېرىندىشى مۇساغا مۇلايىملىقى سەۋەبىدىن قەۋمىنىڭ ئۆزىنى كەمسىتكەنلىكىنى، ئۇلارغا قارشىلىق قىلغىنىدا ئۇلارنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكىلى تاس قالغانلىقىنى ئېيتىپ، دۈشمەنلىرىگە تاماشا بولماسلىقى ۋە قەۋمىنىڭ ئۆزىنى تېخىمۇ كۆزگە ئىلماي قالماسلىقى ئۈچۈن چاچ ـ ساقىلىنى قويۇپ بېرىشىنى سورىدى.

ئۇلارنىڭ زۇلۇملىرىغا قارشى چىقالمىغان بولسىمۇ، ئۇلاردىن بىرى بولمىغانلىقىنى ئېيتتى.

﴿(ھارۇن) ئېيتتى: «ئى قېرىندىشىم! (بۇ) قەۋم مېنى بوزەك تاپتى، مېنى ئۆلتۈرۈۋەتكىلى تاس قالدى. مېنى دۈشمەنلەرگە تەپەررۇج قىلىپ بەرمىگىن؟ مېنى زالىم قەۋم (يەنى موزايغا چوقۇنغانلار) قاتارىدا سانىمىغىن»﴾. [2]

مۇسا الله نى قىزغىنىپ ۋە ھەققە بولغان سۆيگۈسىدىن كېلىپ چىققان غەزەپ تۈپەيلىدىن ھارۇنغا ھەقسىزلىق قىلغانلىقىنى چۈشەندى. ھارۇننىڭ بۇ شەرتلىرىدە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئەڭ توغرا ئىش قىلغانلىقىنى ئۇقتى.

ئۇنىڭ چاچ ـ ساقاللىرىنى قويۇپ بېرىپ، ئۆزى ۋە قېرىندىشى ئۈچۈن الله قا ئىستىغفار ئېيتتى ۋە ئارقىدىن قەۋمىگە ئۆرۈلۈپ غەزەپتىن تىترىگەن ئاۋازى بىلەن سورىدى:

﴿«سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار چىرايلىق ۋەدە قىلمىغانمىدى؟ (سىلەر ئەھدىنى ئۇنتۇغۇدەك) ۋاقىت شۇنچە ئۇزۇن بولۇپ كەتتىمۇ؟ ياكى سىلەر ئۆزەڭلارغا

---

[1] سۈرە تاھا 94 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە تاھا 94 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە ئەئراف 150 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ غەزىپى چۈشۈشىنى ئىرادە قىلدىڭلارمۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەرنىڭ ماڭا بەرگەن ۋەدەڭلارغا خىلاپلىق قىلدىڭلارمۇ؟ »﴾.

مۇسا ئۇلارغا قاتتىق تەگدى ۋە ئۇلارنى پەرىشان قىلىپ، قىلمىشلىرىنىڭ ئەخمەقلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. مۇسا غەزەپلەنگەن ئاۋازدا يەنە مۇنداق ۋارقىردى:

﴿شۈبھىسىزكى، موزاينى مەبۇد قىلىۋالغانلار پەرۋەردىگارىنىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ، بۇ دۇنيادا خارلىققا قالىدۇ. (اللە غا) بوھتان قىلغۇچىلارغا بىز مۇشۇنداق جازا بېرىمىز﴾.

غەزەپلىك ئاۋازنىڭ تاغلاردىكى ئەكس ساداسى ئاڭلانغاندا، ئۇلار بېشىنى ئېگىپ خاتالىقلىرىنى چۈشەندى. ئۇلار مۇسا ئەكەلگەن ھەق يولغا قارا چاپلىغان ئىدى.

اللە ئۇلارغا شۇنچىلىك ياردەم قىلغاندىن كېيىن، ئۇلار قانداقلارچە يەنە بۇتقا چوقۇنۇشنى تاللىدى؟! مۇسا ئۇلاردىن 40 كۈن ئايرىم قالغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئالتۇن موزايغا چوقۇنۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈش ئۈچۈن كەلگەنمىدى؟

اللە يەر يۈزىدە تەۋھىدنى ئامانەت قىلغان بىر مىللەت نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلدى؟

مۇسا ھارۇن بىلەن سۆزلىشىپ بولغاندىن كېيىن سامىرىگە قارىدى. ھارۇن مۇسانىڭ يوق ۋاقتىدا خەلققە مەسئۇل بولۇش ۋەزىپىسىدە گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان ئىدى. خەلق مۇسانىڭ غەزىپى ئالدىدا باشلىرىنى ئېگىشتى. ئەمدى پەقەتلا پىتنىنى تېرىغان سامىرى قالغان ئىدى.

غەزىپى بېسىلمىغان مۇسا سامىرىدىن سورىدى:

﴿« ئى سامىرى! سەن نېمە بولدۇڭ؟ (يەنى مۇنداق يامان ئىشنى قىلىشتىن غەرىزىڭ نېمە؟) »﴾.

ئۇنىڭ دەيدىغىنى ۋە بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتىنى بىلمەكچى بولدى. سامىرى مۇنداق جاۋاب بەردى:

﴿« مەن ئۇلار كۆرمىگەننى كۆردۈم »﴾.

جىبرىئىلنىڭ ئاتقا مىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم. ئۇنىڭ باسقان ئىزىدىن ھاياتلىق جانلىناتتى.

﴿ئەلچى (يەنى جىبرىئىل) نىڭ ئىزىدىن بىر چاڭگال توپىنى ئالدىم ـ دە،﴾ .

جىبرىئىلنىڭ ئىزى چۈشكەن تۇپراقتىن بىر چاڭگال ئېلىپ، ئۇنى ئالتۇن بىلەن ئارىلاشتۇردۇم.

---

سۈرە تاھا 86 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

سۈرە ئەئراف 152 ـ ئايەت.

سۈرە تاھا 95 ـ ئايەت.

سۈرە تاھا 96 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

سۈرە تاھا 96 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

﴿ئۇنى (موزايغا) چاچتىم. (شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدىن موزايىنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاش ئاۋاز چىقتى)، شۇنىڭدەك (بۇنى) ماڭا نەپسىم چىرايلىق كۆرسەتتى»﴾ □.

مۇسا ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلىشىپ يۈرمىدى، پەقەتلا ھەقنىڭ ھۆكۈمنى ئۇنىڭ يۈزىگە ئۇردى. سامىرىنىڭ جىبرىئىلنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئىزىدىن بىر چاڭگال توپا ئېلىشى، موزايىنىڭ مۆرىگەندەك ئاۋاز چىقىرىشىنىڭ سەۋەبىنىڭ ئۇ تۇپراق بولۇشى ياكى بۇ ئاۋازنى چىقىرىش ئۈچۈن سامىرىنىڭ موزاينى ئىچى قۇرۇق قىلىپ ياسىشى مۇھىم ئەمەس.

مۇھىم بولغىنى، پىتنە تېرىپ، مۇسانىڭ قەۋمنى ئۇلارنىڭ مىسىرلىق خوجايىنلىرىغا ھەۋەسلىنىپ، بۇتقا چوقۇنۇشنى دوراش ئارزۇلىرىدىن پايدىلىنىپ ئالدىشى ئىدى. يەنى ئۇ قوش جىنايەت ئۆتكۈزگەن ئىدى.

﴿مۇسا (سامىرىغا) ئېيتتى: «سەن بارغىن! سەن ئۆمۈرۋايەت (كۆرگەنلا كىشىگە) ماڭا يېقىنلاشماڭلار! دېگەيسەن (يەنى سېنىڭ كىشىگە يېقىنلاشماسلىقىڭ، كىشىنىڭ ساڭا يېقىنلاشماسلىقى بۇ دۇنيادا ساڭا بېرىلگەن جازادۇر)، شۈبھىسىزكى (ئاخىرەتتە جازالىنىدىغان) مۇئەييەن بىر ۋاقتىڭ بار، اللە ساڭا قىلغان بۇ ۋەدىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ، سەن ھامان چوقۇنۇپ كېلىۋاتقان ئىلاھىڭغا قارىغىن، بىز ئۇنى چوقۇم (ئوتتا) كۆيدۈرىمىز، ئاندىن ئۇنىڭ (كۈلىنى) دېڭىزغا چېچىۋېتىمىز»﴾ □.

مۇسا ئۇنىڭ دۇنيادا يالغۇز قېلىشىنى ھۆكۈم قىلدى. بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: ئۇ (يەنى سامىرى) چېقىلماسلىقى كېرەك بولغان نەرسىگە قول تەككۈزگەچكە، مۇسا ئۇنىڭغا ھېچ كىشىنىڭ يېقىن يولىماسلىقى ئۈچۈن بەددۇئا قىلدى.

مەسىلە بۇنداق ئاددىي ئەمەس ئىدى. سامىرى ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىپ ئىسرائىل ئەۋلادىنى ئازدۇرۇپ، ئۇلارنى موزاي ھەيكىلى ئەتراپىغا يىغىپ، ئۇلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلماقچى بولغان ئىدى. ئۇنىڭغا قىلغان جىنايىتىگە ئۇيغۇن جازا بېرىلدى. ئۇنىڭغا چەتكە قېقىلىش ۋە يالغۇزلۇق ھۆكۈم قىلىندى.

سامىرى باشقىلار يېقىن كېلىشتىن يىرگىنىدىغان بىر تېرە كېسىلىگە گىرىپتار بولغانمۇ، چەتكە قېقىلىشقا ۋۇجۇدى (تېنى) سەۋەب بولغانمۇ، ئۇنىڭ يالغۇز قېلىشىنىڭ ۋە خەلقنىڭ ئۇنى چەتكە قېقىشىنىڭ كونكېرت ئەھۋالنى بىز بىلمەيمىز. بىلىدىغىنىمىز شۇكى، مۇسا ئۇنىڭغا قورقۇنچلۇق جازا بەرگەن ئىدى. ئۆلۈم بۇنىڭدىن كۆپ ياخشى ئىدى. سامىرى ھېچ نەرسىگە تېگەلمەيدىغان ھېچبىر كىشىگە يېقىن كېلەلمەيدىغان، ھېچقانداق بىر مەخلۇققا يېقىنلىشالماي، ھاقارەت ئىچىدە يالغۇز ياشىدى. ئۇ ئۇنىڭ بۇ دۇنيادىكى جازاسى ئىدى. قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ چېكىدىغان ئىككىنچى ئازابى بار ئىدى. زېھنىدە تېخىمۇ ئېغىر قورقۇنچ ھېس قىلسۇن ئۈچۈن بۇ جازا ئاشكارىلانمىدى.

□ سۈرە تاھا 96 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
□ سۈرە تاھا 97 ـ ئايەت.

مۇسا سامىرىنىڭ ئىشىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئالتۇن موزايىنى ئېلىپ ئوتقا تاشلىدى. ئۇ بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، قەۋمىنىڭ ھودۇققان كۆزلىرى ئالدىدا ئۇنى ئاپىرىپ دېڭىزغا پېقىرىتىپ تاشلىدى. چوقۇنۇلغۇچى (ئىلاھ) چوقۇنغۇچىلىرىنىڭ كۆزى ئالدىدا دېڭىزدا لەيلىگەن كۆللەرگە ئايلاندى. مۇسانىڭ ئاۋازى يۇكسەلدى.

﴿سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار بىر اللّٰه تۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۇ ھەر نەرسىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر﴾.[1]

ئىلاھىڭلار پەقەت بىر اللّٰه تۇر. ئۆزىگە نە پايدا، نە زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان بۇت ئەمەس!

مۇسا بۇتنىڭ ۋە ئەسلى گۇناھكارنىڭ ئىشىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، قەۋمىگە يۈزلىنىپ پۈتۈن مەسىلە ھەققىدە ئومۇمىي ھۆكۈم چىقاردى. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم قىلغانلىقىنى، موزايغا چوقۇنغانلارنىڭ تەۋبە قىلىشى ئۈچۈن بىر پۇرسەت بېرىلگەنلىكىنى ئېيتتى. بۇ پۇرسەت، موزايغا چوقۇنغانلارنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈش پۇرسىتى ئىدى.

ئۇلۇغ اللّٰه مۇنداق دېگەنىدى:

﴿ئۆز ۋاقتىدا مۇسا ئۆز قەۋمىگە: «ئى قەۋمىم! سىلەر موزاينى مەبۇد قىلىپ، ھەقىقەتەن ئۆزەڭلارغا زۇلۇم قىلدىڭلار، ياراتقۇچىڭلارغا تەۋبە قىلىڭلار، موزايغا چوقۇنمىغانلار چوقۇنغانلارنى ئۆلتۈرسۇن» دېدى. مۇنداق قىلىش ياراتقۇچىڭلارنىڭ دەرگاھىدا سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر. اللّٰه تەۋبەڭلارنى قوبۇل قىلدى. اللّٰه تەۋبىنى ھەقىقەتەن بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾.[2]

مۇسانىڭ موزايغا چوقۇنغانلارغا بەرگەن جازاسى قورقۇنچلۇق، ئەمما ئىشلەنگەن گۇناھقا ئۇيغۇن ئىدى. بۇتلارغا چوقۇنۇش ئەقلى ـ ھوشىنى يوقىتىش دېمەكتۇر. ئىنسانىنى ھايۋان ۋە جانسىز مەخلۇقاتلاردىن ئايرىيدىغان نەرسە ئەقىلدۇر. ئەقىل ـ سەزگۈسىنى يوقىتىشنىڭ جازاسى شەخسەن ۋۇجۇدىنىڭ ۋۇجۇدىنى يوقىتىش بولۇپ، ئىنسان ئۈچۈن ئەقىلسىز ياشايدىغان باشقا ھاياتلىق يوقتۇر. جازامۇ گۇناھقا ئاساسەن بېرىلگەن ئىدى. ئۇ قاتتىق ۋە رەھىمسىز ھالدا كەلگەن ئىدى. كېيىن اللّٰه مەرھەمەت قىلىپ ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى. ئۇ تەۋبىلەرنى قوبۇل قىلغۇچى ۋە مەرھەمەتلىكتۇر.

مۇسانىڭ غەزىپى ئاخىرى پەسەيدى.

تەۋرات لەۋھەلىرىنى بىر ياققا تاشلاپ، قېرىندىشىنىڭ چاچ ۋە ساقاللىرىنى تارتىشتىن باشلاپ، موزاي ھەيكىلىنى دېڭىزغا چۆرۈپ تاشلاش ۋە ئۇنىڭغا چوقۇنغانلارنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىنى ھۆكۈم قىلىش بىلەن ئاخىرلاشقان مۇسا ھەرىكەتلىرىگە قوماندانلىق

---

[1] سۈرە تاھا 98 ـ ئايەت.
[2] سۈرە بەقەرە 54 ـ ئايەت.

قىلغان بىر كۆچ سۈپىتىدە غەزەپنى تەسۋىرلىگەن قۇرئان كەرىم ئىپادىسىدىكى تەپەككۇرغا دىققەت قىلىڭ!

مۇسانىڭ اللە يولىدا كەلگەن ئاچچىقى ئەمدى يوقالدى. بۇ ئاچچىق ـ غەزەپلەر ئىچىدىكى ئەڭ كۈچلۈك ۋە ھۆرمەتكە ئەڭ لايىق بولغىنى ئىدى.

غەزىپى پەسەيگەن مۇسا ئەسلى ۋەزىپىگە قايتتى. تەۋرات لەۋھەلىرىنى بىر بۆلۈڭغا قويغانلىقى ئېسىگە كېلىپ، ئۇلارنى قايتا قولىغا ئالدى ۋە تەبلىغ قىلىشقا باشلىدى.

ئۇلۇغ اللە مۇنداق دېگەنىدى:

﴿مۇسا غەزىپى بېسىلغاندىن كېيىن (يەردە ياتقان تەۋرات) تاختىلىرىنى ئالدى. ئۇنىڭدا پەرۋەردىگارىدىن قورققۇچىلارغا ھىدايەت قىلىنىدۇ ۋە رەھمەت قىلىنىدۇ، دەپ يېزىلغان ئىدى﴾.

بەزىلەر «(ئۇنىڭ بىرىدە (ئۇنىڭدا))» دېگەن ئىپادىدىن: لەۋھەلەر سۇنۇپ كەتكەن، ـ دېگەن مەنىنى چىقىرىشتى. لەۋھەلەر سۇنىدىغان بىر ماددىدىن ياسالغانمۇ ياكى ئۇنداق ئەمەسمۇ، بۇنى بىز بىلمەيمىز.

لېكىن ئىبنى كەسىر بۇ پەرەزنى (چۈشەندۈرۈشنى) قوبۇل قىلمايدۇ. لەۋھەلەرنىڭ ئۆز پېتىچە ساقلىنىپ قالغانلىقىنى ئېيتىدۇ. قانداقلا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، غەزىپى بېسىلغان مۇسا اللە يولىدىكى جىھادىنى قايتىدىن باشلاپ تەۋرات لەۋھەلىرىنى قەۋمىگە ئوقۇپ بەردى.

دەسلەپتە ئۇلارنىڭ قەتئىي ھالدا ئۇنىڭ (تەۋراتنىڭ) ھۆكۈمىگە ئەمەل قىلىشىنى ئەمىر قىلدى. ھەيران قالارلىقى، قەۋمى ئۇنىڭ بىلەن ھەق توغرىسىدا سودىلاشتى. ئۇلار مۇنداق دېيىشتى:

ـ لەۋھەلەرنى ئالدىمىزغا قويغىن. ئەگەر بۇيرۇق ۋە قانۇنلار ئاسان بولسا قوبۇل قىلايلى.

مۇسا: ياق! ئۇلارنىڭ ئىچىدىكىلەرنى (لەۋھەلەردە يېزىلغانلارنى) قوبۇل قىلىڭلار، ـ دېدى. ئۇلار جاھىللىق قىلىۋىدى، ئۇلۇغ اللە پەرىشتىلەرگە بۇيرۇق قىلىپ تاغنى ئۇلارنىڭ بېشىغا ئەكەلدى. تاغ ئۇلارنىڭ ئۈستىدە خۇددى بىر بۇلۇتتەك تۇراتتى.

ئۇلارغا: لەۋھەلەردە يېزىلغاننى قوبۇل قىلمىساڭلار، بۇ تاغ ئۈستۈڭلەرگە چۈشىدۇ، ـ دېيىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قوبۇل قىلىشتى. سەجدە قىلىشقا ئەمىر قىلىندى ۋە ئۇلار سەجدە قىلدى. ئېڭەكلىرىنى يەرگە چاپلاپ قورققان ھالدا ئۈستىدىكى تاغقا قاراشتى.

ئۇلۇغ اللە مۇنداق دېگەنىدى:

سۈرە ئەئراف 154 ـ ئايەت.

﴿ئۆز ۋاقتىدا (تۇر) تاغنى قومۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە سايىۋەندەك تىكلىدۇق. ئۇلار تاغنى ئۈستىلىرىگە چۈشۈپ كېتىدۇ، دەپ ئويلىدى. (ئۇلارغا ئېيتتۇقكى) «(تەقۋادارلار قاتارىدا بولۇشۇڭلار ئۈچۈن. ئۆزەڭلارغا بېرىلگەن كىتابنى (يەنى تەۋراتنى) مەھكەم تۇتۇڭلار. ئۇنىڭدىكى ئەھكاملارغا ئەمەل قىلىڭلار»﴾.[8]

شۇنداق قىلىپ، مۇسانىڭ قەۋمىنىڭ قەلبىگە قورقۇنچ سېلىنىپ، پۇتلىرى بۇ قورقۇنچنىڭ تەسىرى بىلەن سەجدىگە يىقىلىپ، بويۇنلىرى پارلاق بىر مۆجىزە ئالدىدا پۈكۈلگەندە تەسلىم بولغانلىقى ئىسپاتلاندى.

دېمەككى، ئىنسانلار ئىلاھىي ھاسا بىلەن ئىمانغا يېتەكلەندى. بۇ، ئىنساننىڭ بالىلىق چېغىدا ئەقىل بىلەن قايىل بولۇشقا يېتەرلىك دەرىجىدە چۈشىنىش قابىلىيىتىنىڭ پىشىپ ـ يېتىلىشىنىڭ كەملىكى سەۋەب بولغانغا ئوخشايدۇ.

بەلكى بۇ يەردە مۇسانىڭ قەۋمىنىڭ پسىخىكىسىنى قايتا تىلغا ئېلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ پەقەتلا ھېسسىي كۈچ ۋە پارلاق مۆجىزىلەرگە قايىل بولۇشىنىڭ باش سەۋەبى بۇدۇر.

مۇسانىڭ قەۋمى ھاقارەت ۋە زۇلۇم ئىچىدە يېتىلگەنىدى. بۇ مۇھىتتا ئۇلارنىڭ ئىنسانىي غۇرۇرى يوقىلىپ، تەبىئىتى ئۆزگەرتىلگەن ئىدى. ئىچلىرىگە خورلۇق تۇيغۇسى ئورۇنلىشىپ ئۇنىڭغا كۆنۈپ كەتكەچكە، ياخشىلىق ۋە خەيرلىك ئىشلارغا كۈچ ئىشلىتىش بىلەن يېتەكلىنىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇلار كونا خوجايىنلىرىنىڭ سەۋەبى بىلەن ئۆزلىرىگە كۈچ بىلەن زورلۇق قوللىنىشقا كۆنگەن ئىدى.

شۇڭا يېڭى خوجايىنىنىڭمۇ ئۇلارنى باشقۇرۇش ۋە ھەرىكەتلەندۈرۈش ئۈچۈن قورقۇنچ ۋە خەتەرلەرگە كۆكرەك كېرىشى، ئۇلارنى ھالاك بولۇشتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن مەجبۇرىي ھالدا كۈچ ئىشلىتىشى كېرەك ئىدى.

موزايغا چوقۇنۇش گۇناھى پۈتۈنلەي يوقالمىغان ئىدى.

مۇسا بەنى ئىسرائىلنىڭ ئالىم ۋە تاللانغان كىشىلىرىنىڭ اللە تىن مەغپىرەت تىلەپ تەۋبە قىلىشىنى بۇيرۇدى. ئۇلاردىن 70 كىشىنى تاللاپ: اللە قا بېرىڭلار، قىلغان گۇناھىڭلار ئۈچۈن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىڭلار، ئۇنىڭدىن ئارقاڭلاردىكى قەۋمىڭلارنىڭ تەۋبىلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىنى سوراڭلار، روزا تۇتۇپ پاك بولۇڭلار، كىيىملىرىڭلارنىمۇ پاك تۇتۇڭلار! ـ دېدى.

مۇسا تاللانغان 70 كىشى بىلەن بىللە اللە نىڭ ئۇنىڭغا ئورۇنلاشتۇرغان ئۇچرىشىشى ئۈچۈن يولغا چىقتى. مۇسا تاغقا يېقىنلاشقاندا، ئۇلار كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى. بىر بۇلۇت پۈتۈن تاغنى قاپلىغان ئىدى. مۇسا بۇلۇتنىڭ ئىچىگە كىرىپ قەۋمىگە: يېقىن كېلىڭلار! ـ دېدى. ئۇلار يېقىنلاشتى. ئۇلۇغ اللە مۇسا بىلەن سۆزلەشتى. مۇسا اللە بىلەن

[8] سۈرە ئەئراف 171 ـ ئايەت.

سۆزلىشىۋاتقاندا ئالدىغا ئىنسان بالىسىدىن ھېچبىر كىشى قارىيالمايدىغان ۋە ياكى تاقەت قىلالمايدىغان پارلاق بىر نۇر كېلەتتى. مۇسا رەببى بىلەن سۆزلەشكەندە، ئارىسىدا پەردە پەيدا بولىدى. مۇسا تاللىغان 70 كىشى ئۇنىڭ رەببى بىلەن سۆزلەشكەنلىرىنى ئاڭلاپ تۇردى.

بەلكى بۇ مۆجىزىلەرنىڭ ئاخىرقىسى ئىدى. ئۇلارنىڭ ھاياتى بويىچە ئىمانى بىلەن ياشىشىغا يېتەرلىك ئىدى. شۇنداقتىمۇ تاللانغان بۇ 70 كىشى ئاڭلىغان مۆجىزىگە قانائەت قىلماي، الله نى كۆرۈشنى تەلەپ قىلىشتى.

ـ بىز ئاڭلىدۇق، لېكىن يەنە كۆرۈشنى خالايمىز، ـ دېيىشتى ئۇلار.

﴿ئۆز ۋاقتىدا: «ئى مۇسا! الله نى ئوپئوچۇق كۆرمىگىچە ساڭا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز»﴾.

ئۇلار مۇشۇنداق دېيىشتى. بۇ، كىشىنى قورقۇتىدىغان بىر تىراگېدىيەدۇر....

قەلبلەرگە ساغلام بولۇشىنى، ئۇلارنىڭ ھېسسىي ۋە ماددىي نەرسىلەرگە ئېسىلغانلىقىنى (يېپىشقانلىقىنى) بىلدۈرگەن بىر تىراگېدىيەدۇر.

چېكىدىن ئاشقان بۇ تەلەپكە چاقماق تېزلىكىدە بىر جازا بېرىلدى. سېكونت ئىچىدە مەيدانغا كەلگەن زىلزىلە (يەر تەۋرەش) ئۇلارنىڭ روھ ۋە بەدەنلىرىنى پارچىلاپ تاشلىدى.

ئۇلار ئۆلدى...

مۇسا تاللانغان 70 كىشىنىڭ قىلمىشىنى كۆرۈپ قاتتىق ئازابلاندى. رەببىگە دۇئا قىلىپ، ئۇلارغا مەغپىرەت ۋە مەرھەمەت قىلىشىنى تىلەش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەقىلسىزلارچە قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ھېسابقا تارتىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئەقىلسىزلارچە ۋە تاش يۈرەك بولغان ھالدا الله نى كۆرۈشنى تەلەپ قىلىشى ئۇلارنىڭ پەۋقۇلئاددە دۆتلۈكىدىن كېلىپ چىققانىدى. بۇ، پەقەت ئۆلۈم بىلەنلا ئۆتكىلى بولىدىغان ھاماقەتلىك ئىدى.

پەيغەمبەر مۇسانىڭ قىلغىنىدەك، رەببىنى كۆرۈشنى تەلەپ قىلىش گەرچە باشقا بىر مەنتىق بىلەن بۇيۇك بىر سۆيگۈدىن كەلگەنلىكىنى ئېيتىشقا بولسىمۇ، لېكىن بۇ تەلەپ يەنىلا ھەددىدىن ئاشقانلىق ھېسابلىنىدۇ. بۇ سەۋەب بىلەن پەيغەمبەرگىمۇ قاتتىق سىلكىنىش كەلدى. خاتالاشقانلىقىنى كۆرۈش ئۈچۈن يەر ۋە زامان ھەققىدە تەھدىت سالغان بولۇشنى شەرت قىلغان شۇنچىلىك چوڭ مۆجىزىلەرنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، ئىمانلىرى ئۈچۈن بۇ كۆرۈنۈشنى شەرت قىلىۋالغان ئىنسانلارنىڭ قەلبىنى قانداقمۇ ئەقلىمىزگە سىغدۇرالايمىز؟

بۇ بىر چوڭ ھاماقەتلىك ئەمەسمۇ؟

سۈرە بەقەرە 55 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بۇنىڭ بىلەن مۇسا، ئۇلارنىڭ كۆرۈش ئارزۇسى تۈپەيلىدىن سىلكىنگەندىن كېيىن رەببىگە دۇئا قىلىپ، مەغپىرەت ۋە رەھىم تىلەش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى.

ئۇلۇغ الله مۇنداق دېگەندى:

﴿مۇسا، بىز بەلگىلەپ بەرگەن ۋاقىتتا ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن، ئۆز قەۋمىدىن 70 كىشىنى تاللىدى: ئۇلارغا زىلزىلە يۈزلەنگەندە، مۇسا: «پەرۋەردىگارىم! خالىغان بولساڭ ئۇلارنى ۋە مېنى بۇرۇنلا ھالاك قىلغان بولاتتىڭ. ئارىمىزدىكى ئەخمەقلەرنىڭ قىلمىشى تۈپەيلىدىن بىزنى ھالاك قىلامسەن؟ بۇ پەقەت سېنىڭ سىنىقىڭدۇر، شۇ ئارقىلىق خالىغان بەندەڭنى ئازدۇرىسەن، خالىغان بەندەڭنى ھىدايەت قىلىسەن، سەن بىزنىڭ ئىگىمىزسەن، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، رەھىم قىلغىن، سەن ئەڭ ياخشى مەغپىرەت قىلغۇچىسەن. بىزگە بۇ دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە تېگىشلىك ياخشىلىق قىلغىن، بىز ھەقىقەتەن ساڭا تەۋبە قىلدۇق» دېدى﴾.[1]

بۇ مۇسانىڭ رەببىگە دۇئا قىلىپ، ئۇنىڭ رىزاسىنى تىلەۋاتقاندا ئېيتقان سۆزلىرى ئىدى.

الله ئۇنىڭغا رەھىم قىلىپ، قەۋمىنى ئەپۇ قىلدى. ئۆلگەندىن كېيىن ئۇلارنى قايتا تىرىلدۈردى. تاللانغان كىشىلەر الله بىلەن مۇسا سۆزلىشىۋاتقان بۇ گۈزەل ۋاقىتلاردا ھاياتنىڭ باشلىنىشىدىن تاكى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ كەلگىچە بولغان سۆزلەرنى ئاڭلاشقا مۇيەسسەر بولدى.

﴿«بىزگە بۇ دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە تېگىشلىك ياخشىلىق قىلغىن، بىز ھەقىقەتەن ساڭا تەۋبە قىلدۇق» دېدى. الله ئېيتتى: «ئازابىم بىلەن (بەندىلىرىمدىن) خالىغان كىشىنى ئازابلايمەن، مېنىڭ رەھمىتىم مەخلۇقاتنىڭ ھەممىسىگە ئورتاقتۇر. رەھمىتىمنى (كۇفرىدىن ۋە گۇناھتىن) ساقلانغۇچىلارغا، (ماللىرىنىڭ) زاكىتىنى بېرىدىغانلارغا ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىمان ئېيتىدىغانلارغا تېگىشلىك قىلىمەن». ئۇلار ئەلچىگە ـ ئۇممى پەيغەمبەرگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ئەگىشىدۇ. ئۇلار ئۆز ئىلكىدىكى تەۋرات، ئىنجىللاردا ئۇنىڭ (سۈپىتىنىڭ) يېزىلغانلىقىنى كۆرىدۇ. ئۇ ئۇلارنى ياخشى ئىش قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىش قىلىشتىن توسىدۇ، ئۇلارغا پاك نەرسىلەرنى ھالال قىلىدۇ، ناپاك نەرسىلەرنى ھارام قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئېغىر يۈكىنى يېنىكلىتىدۇ، ئۇلارنى سېلىنغان تاقاق، كويزا ـ كىشەنلەردىن بوشىتىدۇ (يەنى ئۇلارغا يۈكلەنگەن ئېغىر ۋەزىپىلەرنى ئېلىپ تاشلايدۇ)، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقانلار، ئۇنى ھۆرمەتلىگەنلەر، ئۇنىڭغا ياردەم بەرگەنلەر، ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان نۇر (يەنى قۇرئان) غا ئەگەشكۈچىلەر بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴾.[2]

[1] سۈرە ئەئراف 155 ــ 156 ـ ئايەتلەر.
[2] سۈرە ئەئراف 156 ــ 157 ـ ئايەتلەر.

ئايەتتە زامانىمىز بىلەن ئوتمۇش ئارىسىدىكى باغلىنىشنى كورىمىز. ئۇلۇغ الله، موجىزىلەردە پەيغەمبەرنىڭ دېگەنلىرىنى قويۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى ئىككى دەۋرگە ئوتىدۇ. بۇ تەۋرات ۋە ئىنجىلنىڭ چۈشكەن دەۋرىدۇر. ئۇلۇغ الله نىڭ بۇنداق قىلىشىدىكى مەقسىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئىككى كىتابتا بېشارەت قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرۈشتۇر.

شۇنداق پەرەز قىلىمىزكى، بۇ خۇشخەۋەر مۇسانىڭ رەببى بىلەن ئۇچرىشىش ئۇچۇن ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئالىم - ئۇلىمالىرىدىن بولغان 70 كىشى بىلەن بىللە كەلگەن كۇنى كەلدى.

كاتتا موجىزە كورستىلگەنلىكى ئۇچۇن مۇھىملىقى بىلىنگەن بۇ كۇندە ئاخىرقى پەيغەمبەرنىڭ خۇشخەۋىرى كەلگەن ئىدى. ئىبنى كەسىرنىڭ «قەسسەسۇل ئەنبىيا (پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىسى)» ناملىق كىتابىدا قەتادەدىن نەقىل كەلتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: " مۇسا پەرۋەردىگارىغا: مەن لەۋھەلەردىن ئىنسانلار ئۇچۇن مەيدانغا كەلتۇرۇلگەن ئەڭ خەيرلىك ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقنى چەكلەيدىغان بىر ئۇممەت كوردۇم. پەرۋەردىگارىم! ئۇلارنى مېنىڭ ئۇممىتىم قىلغىن! - دېدى.

ئۇلۇغ الله : ئۇ مۇھەممەدنىڭ ئۇممىتىدۇر، - دېدى.

- پەرۋەردىگارىم! لەۋھەلەردە كىتابىنى قەلبىدە ئوقۇغان بىر ئۇممەتنى كوردۇم. ئۇلاردىن ئاۋۋالقىلىرى كىتابلارغا قاراپ ئوقۇيتتى. كىتابنى قويغاندىن كېيىن ھېچبىر نەرسە ئېسىدە قالمايتتى. الله بۇ ئۇممەتكە باشقا ھېچبىر قەۋمگە بېرىلمىگەن يادلاش قابىلىيىتىنى بېرىپتۇ. پەرۋەردىگارىم! ئۇلارنى مېنىڭ ئۇممىتىم قىلغىن! - دېدى مۇسا.

ئۇلۇغ الله: ئۇ مۇھەممەدنىڭ ئۇممىتىدۇر، - دېدى.

مۇسا: ئى پەرۋەردىگارىم! لەۋھەلەردە دەسلەپكى ۋە ئاخىرقى كىتابلارغا ئىشەنگەن ۋە گۇمراھلىققا چۇشكەنلەر بىلەن جەڭ قىلغان بىر ئۇممەت كوردۇم، ئۇلارنى مېنىڭ ئۇممىتىم قىلغىن! - دېدى.

ئۇلۇغ الله دېدى: ئۇ ئەھمەدنىڭ ئۇممىتىدۇر.

مۇسا: ئى پەرۋەردىگارىم! لەۋھەلەردە سەدىقە بېرىدىغان ۋە بەرگەن سەدىقىلىرىنى ئۇلارنىڭ پېقىرلىرى يېيەلەيدىغان، بۇنىڭ بىلەن سەدىقە بەرگۇچىگە ئەجىر بېرىلىدىغان بىر ئۇممەتنى كوردۇم. ئۇلاردىن ئاۋۋالقى قەۋملەردىن (ئۇممەتلەردىن) بىرى سەدىقە بەرسە ۋە ئۇ سەدىقە قوبۇل قىلىنسا، الله ئۇ سەدىقىگە بىر ئوت ئەۋەتەتتى، ئوت سەدىقىنى يەۋېتەتتى، سەدىقە قوبۇل قىلىنمىسا، ئوت ئۇنى كويدۇرمەي تاشلىنىپ قېلىناتتى، ئۇنى يىرتقۇچ ھايۋان ۋە قۇشلار يەپ توگىتەتتى. پەرۋەردىگارىم! ئۇلارنى مېنىڭ ئۇممىتىم قىلغىن! - دېدى.

ئۇلۇغ الله: ئۇ مۇھەممەدنىڭ ئۇممىتىدۇر، - دېدى.

مۇسا: ئى پەرۋەردىگارىم! لەۋھەلەردە بىر كىشى بىر ياخشىلىققا نىيەت قىلىپ ئۇنى ئورۇنلىغىنىدا، ئۇنىڭغا 10 ھەسسىدىن 700 ھەسسىگىچە ساۋاب يېزىلىدىغان بىر ئۈممەتنى كۆردۈم. پەرۋەردىگارىم! ئۇلارنى مېنىڭ ئۈممىتىمدىن قىلغىن! ـ دېدى.

ئۇلۇغ ﷲ دېدى: ”ئۇ مۇھەممەدنىڭ ئۈممىتىدۇر.“

مۇسا، ﷲ قا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇزۇن يىللار ياشىدى. كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇلار پات ـ پات يولدىن چىقاتتى. كالا ۋەقەسىدىن ئۇلارنىڭ جاھىللىقىنى تاشلىمىغانلىقىنى بىلەلەيمىز. چۈنكى ئىش كىشىنى غەزەپلەندۈرىدىغان ۋە قىيىن ئەھۋالغا قويىغان ھەم سوئال سوراشنى تەلەپ قىلغاندەك، ئۇلارنىڭ مۇسا بىلەن مۇنازىرە قىلىشىنىڭمۇ ئەھمىيىتى يوق ئىدى. كالا ھېكايىسىنىڭ ئەسلى مۇنداق ئىدى: بىر كۈنى ئىسرائىل ئەۋلادى ئىچىدىكى بىر باي كىشىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەن جەسىتى تېپىلدى. ئائىلىسى دەۋا قىلغان بولسىمۇ، قاتىلى تېپىلمىدى. ئۆلگەن كىشى ئىسرائىل ئەۋلادى ئىچىدە نوپۇزلۇق بىرى بولغاچقا، ئۇنىڭ تۇيۇقسىز مەخپىي ئۆلتۈرۈلىشى كىشىگە بىر پىتنە تۇيغۇسى بېرەتتى. ئۇلار ئامالسىزلىقتىن مۇسانىڭ ﷲ قا مۇراجىئەت قىلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. مۇسا رەببىگە مۇراجىئەت قىلدى. ﷲ ئۇلارنىڭ بىر كالا بوغۇزلىشىنى بۇيرىدى. پەقەتلا خەلققە ئۇچرىغان تۇنجى كالا بولۇشى شەرت قىلىندى. ئەپسۇسكى، ئۇلار مۇسا بىزنى مەسخىرە قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ ئۇنىڭ بىلەن تارتىششقا باشلىدى.

مۇسا ئۆزىنىڭ جاھىللىقتىن ۋە ئۇلارنىڭ مەسخىرىسىدىن پاك ئىكەنلىكىنى، مەسلىنىڭ ھەل قىلىنىشى ئۈچۈن ئۇ كالىنىڭ بوغۇزلىنىشى كېرەكلىكىنى چۈشەندۈردى.

بۇ يەردىكى مەسىلە ھاياتتا ئادەتلەنگەن ياكى خەلق ئارىسىدىكى نورمال بىر ئىش بولماستىن، بەلكى بىر مۆجىزە مەسىلىسى ئىدى.

كالىنىڭ بوغۇزلىنىشى بىلەن سىرلىق جىنايەتنى ئېنىقلاشنىڭ ھېچقانداق ئالاقىسى يوق ئىدى. ئەمما قاچان مەنتىقىلىق سەۋەبلەر ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ھاياتىغا ھاكىم بولسا، مۆجىزىلەر ھاياتلىرىنىڭ ھاكىم قانۇنىغا ئۆزگىرەتتى. بۇنىڭ كالا ۋەقەسىدە تەكرارلىنىشى ھەيران قالارلىق بىر ئىش ئەمەس ئىدى.

لېكىن ئىسرائىل ئەۋلادى يەنە شۇ ئىسرائىل ئەۋلادى ئىدى. ئۇلار بىلەن ياشاشنىڭ ئۆزى خاتادۇر. بۇ ئەھۋالدا ئۇلار ئۈچۈن نورمال دۇنيا مەسىلىلىرى بىلەن مۇھىم ئېتىقاد مەسىلىلىرى تەڭ ـ باراۋەر ئىدى. ئۇلارنى ئۆزگەرتمەكچى بولغان كىشى ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ھەرخىل مەسىلىلىرىگە چىدىشى كېرەك بولغاچقا، مۇسا ئۇلارنىڭ يەتكۈزگەن كۆلپەتلىرىگە، ئەسكىلىكلىرىگە، مەسخىرىلىرىگە بەرداشلىق بېرەتتى.

ئاخىرىدا، مۇسا ئۇلارغا دېگەنلىرىدە راستچىل ئىكەنلىكىنى ئېيتتى ۋە بىر كالا بوغۇزلىشىنى بۇيرىدى. لېكىن ئىسرائىل ئەۋلادى ساختا تەبىئىتى بىلەن جاھىللىق قىلىپ يولدىن چىقىشقا باشلىدى. دېمەكچى: بۇ بىز بىلىدىغان نورمال كالىمۇ ياكى بىر

ئالاھىدىلىكى بولغان باشقا بىر خىل مەخلۇقمۇ؟ مۇسا رەببىگە قايتا دۇئا قىلىپ، كالىنىڭ تەرىپىنى سورىدى ۋە باشتىكىدىن ئەتراپلىق ئىپادىلەندى. ئۇ قېرىمۇ ئەمەس، ياشمۇ ئەمەس، ئوتتۇرا ياش كالا بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەسلىدە، مۇشۇ يەردە توختاپ قالسا بولاتتى. لېكىن ئۇلار سوراشنى داۋاملاشتۇردى.

ئۇلار قالايمىقان سوئاللىرىنى ياغدۇرىۋەتتى. بۇ كالىنىڭ رەڭگىنىڭ قانداقلىقى سورالدى.

مۇسا بۇنى بىلىش ئۈچۈن رەببىگە دۇئا قىلدى. الله قا ۋە پەيغەمبىرىگە ھۆرمەت ۋە ئەدەب بىلەن مۇئامىلە قىلىنىشىنىڭ ئورنىغا بۇنىڭدەك جاھىللىق قىلىشنىڭ ۋە چالۋاقاشنىڭ ھېچ لازىمى يوق. ئاددىي بىر ئىشنى تەكرار ـ تەكرار مۇسادىن سوراشتىن خىجىل بولۇش كېرەك ئەمەسمىدى؟ مۇسا دۇئادىن كېيىن ئۇلارغا ئۇنىڭ قارىغۇچىلارنى زوقلاندۇرىدىغان، ئوچۇق پارقىراق، ساپسېرىق رەڭلىك كالا ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

شۇنىڭ بىلەن كالىنىڭ رەڭگى بېكىتىلدى. مەسىلىنىڭ شۇنچىلىك ئېنىق بولۇشقا قارىماي، ئۇلار تەكرار ئەزۋەيلەپ سوراشقا باشلىدى. ئۇلار پەيغەمبىرىگە قىيىنلاشتۇرغانسېرى، الله مۇ ئۇلارنىڭ ئىشىنى قىيىنلاشتۇردى. ئۇلار مۇسادىن ئۇنىڭ قانداق تىپتىكى كالا ئىكەنلىكىنى سوراشتى. چۈنكى ئۇلارغا نىسبەتەن كالىلار بىر ـ بىرىگە بەك ئوخشايتتى.

مۇسا ئۇلارغا ئۇنىڭ يەر ھەيدەپ، ئېتىز سۇغىرىپ كۈندۈرۈلمىگەن، قۇسۇرسىز، ئالىسى يوق، سېرىق كالا بولۇشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى. جاھىللىق ئۇلارنى جاپاغا قويدى. ئۇلار بۇ ئالاھىدىلىكتىكى كالىنى ئىزدەشكە باشلىدى. ئاخىرى، بىر يېتىمنىڭ چارۋىچىلىق مەيدانىدىن تېپىپ كېلىپ بوغۇزلاشتى. مۇسا كالىنىڭ قۇيرۇقىنى ئېلىپ ئۆلگەن كىشىنى ئۇرۇۋىدى، ئۆلۈك تىرىلدى. مۇسا ئۇنىڭدىن ئۇنى كىمنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى سورىدى، ئۇ ئېيتىپ بېرىپ بولۇپ تەكرار ئۆلدى.

ئىسرائىل ئەۋلادى ئۆلۈكنى تىرىلدۈرۈش مۆجىزىسىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈپ، قاتىلنىڭ ئىسمىنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىدى. بۇنىڭ بىلەن جاھىللىقلىرى ۋە قالايمىقان سوئاللىرى تۈپەيلىدىن ئۇزۇن بىر مەزگىلگىچە چۈشىنەلمەي قالغان سىر ئاشكارىلانغان بولدى.

ئۇلۇغ الله مۇنداق دېگەنىدى:

﴿ئۆز ۋاقتىدا، مۇسا ئۆز قەۋمىگە: «الله ھەقىقەتەن سىلەرنى بىر كالا بوغۇزلاشقا بۇيرۇيدۇ» دېگەن ئىدى. ئۇلار: «بىزنى مەسخىرە قىلىۋاتامسەن؟» دېدى. مۇسا: «جاھىللاردىن (يەنى مەسخىرە قىلغۇچىلاردىن) بولۇپ قېلىشتىن الله غا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن» دېدى. ئۇلار: «بىز ئۈچۈن پەرۋەردىگارىڭغا ئىلتىجا قىلغىنكى، بىزگە قانداق كالا ئىكەنلىكىنى بايان قىلسۇن» دېدى. مۇسا: «الله ئۇنى قېرىمۇ ئەمەس، ياشمۇ ئەمەس، ئوتتۇرا ياش بولسۇن دەپ ئېيتتى، سىلەر بۇيرۇلغاننى قىلىڭلار» دېدى. ئۇلار:

«بىز ئۇچۇن پەرۋەردىگارىڭغا ئىلتىجا قىلغىنكى، بىزگە ئۇنىڭ رەڭگىنى بايان قىلسۇن» دېدى. مۇسا ئېيتتىكى، «اللہ ھەقىقەتەن ئۇنىڭ رەڭگى قارىغۇچىلارنى زوقلاندۇرىدىغان ساپسېرىق بولسۇن دېدى». ئۇلار: «پەرۋەردىگارىڭغا ئىلتىجا قىلغىن، ئۇنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىزگە بايان قىلسۇن، (يەنى دېھقانچىلىققا ئىشلىتىلگەن كالىمۇ، ياكى سەمرىتىش ئۇچۇن بېقىلغان كالىمۇ؟) بۇ بىزگە مۇجمەل بولۇپ قالدى. (بۇ ئېنىق بولىدىغان بولسا) خۇدا خالىسا (ئۇنى) بىز چوقۇم تاپىمىز» دېدى. مۇسا: «اللہ ئۇنىڭ يەر ھەيدەپ، ئېكىن سۇغىرىپ كۆندۈرۈلگەن بولماسلىقىنى، بېجىرىم، ئالىسى يوق (يەنى رەڭگىدە سېرىقلىقتىن باشقا رەڭ يوق) بولۇشىنى ئېيتتى» دېدى. ئۇلار: «ئەمدى تولۇق بايان قىلدىڭ» دېدى. ئۇلار كالىنى (تېپىپ كېلىپ) بوغۇزلىدى، (ئۇلار سوئال سوراۋەرگەنلىكتىن) بۇنى ئورۇنلىيالمىغىلى تاس قالدى. ئۆز ۋاقتىدا سىلەر بىر كىشىنى ئۆلتۈرگەن ۋە (قاتىلنىڭ كىملىكى) توغرىسىدا دەتالاش قىلىشقان ئىدىڭلار. سىلەر يوشۇرماقچى بولغان نەرسىنى (يەنى قاتىلنىڭ ئىشىنى) اللہ ئاشكارىلىغۇچىدۇر. (سىلەرگە مۇسا ئارقىلىق) دېدۇقكى، كالىنىڭ بىر پارچىسى بىلەن ئۆلۈكنى ئۇرۇڭلار (ئۇ تىرىلىپ قاتىلنى ئېيتىپ بېرىدۇ)، اللہ ئۆلۈكلەرنى شۇنداق (يەنى كۆز ئالدىڭلاردا بۇ ئۆلۈكنى تىرىلدۈرگەندەك) تىرىلدۈرىدۇ. سىلەرنى چۈشەنسۇن دەپ قۇدرىتىنىڭ ئالامەتلىرىنى سىلەرگە كۆرسىتىدۇ﴾.

ئەمدى كىتابخانلارنىڭ دىققىتىنى قەۋمىنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ۋە رەببىگە قىلغان ئەدەبسىزلىكلىرىگە تارتماقچىمىز. قۇرئان بۇنى ئۇلار مۇساغا خىتاب قىلغاندا: «رەببىڭ» كەلىمىسىنى تەكرار ـ تەكرار ئىشلىتىشى بىلەن تىلغا ئالىدۇ. ئەسلىدە ئۇلار مۇساغا ئەدەب بىلەن: «بىز ئۈچۈن رەببىمىزگە يالۋۇرغىن» دېيىشى كېرەك ئىدى. ئۇلار خۇددى اللہ پەقەتلا مۇسانىڭ رەببىدەك: «بىز ئۈچۈن رەببىڭگە يالۋۇر» دەيتتى. بۇنداق دېيىشى بىلەن اللہ نىڭ قۇلى بولۇش ئۇستۇنلىكىدىن (شەرىپىدىن) چىقاتتى. ئايەتلەرگە قاراڭ، بۇلارنى بىزگە نېمىدېگەن ئۇچۇق ھېس قىلدۇرىدۇ ـ ھە؟

كېيىن پەقەتلا بۇ سۆزلەر بىلەن ئۇلارنى مەسخىرە قىلدى:

﴿ئۇلار: «ئەمدى تولۇق بايان قىلدىڭ» دېدى﴾.

ئۇلار پەيغەمبىرىنى ئۆزلىرى بىلەن اللہ ئارىسىدا تولا قاتىرىتىپ ھاردۇرغان. كالىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى، رەڭگىنى، يېشىنى ۋە باشقا ئالامەتلىرىنى قالايمىقان سوئاللار بىلەن سورىشىپ زېرىكتۈرگەن، اللہ مۇ ئۇلارغا قاتتىق مۇئامىلە قىلىپ، ئاز ئۇچرايدىغان ۋە نورمال كالىلاردا تېپىلمايدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە شەرتنى قوشقاندا، پەيغەمبىرىگە ئۇ سۆزلەرنى قىلىشقان ئىدى.

سۈرە بەقەرە 67 ـ 73 ـ ئايەتكىچە.
سۈرە بەقەرە 71 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇلار: «ئەمدى تولۇق بايان قىلدىڭ» يەنى ئەمدى راستىنى سۆزلىدىڭ، ـ دېيىشتى. خۇددى ئۇ (مۇسا) ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئۇلار بىلەن ئويۇن ئويناۋاتقاندەك. ئاغزىدىن چىققان تۇنجى سۆزدىن تارتىپ ئاخىرقى سۆزىگىچە بىرەر يالغانچىلىق باردەك گەپ قىلىشاتتى.

كېيىنكى ئىپادىنىڭ قاتتىقلىقىغا (شىددەتتىگە) ۋە خەۋەر قىلىنغان زۇلمىغا قاراڭ.

﴿(ئۇلار سوئال سوراۋەرگەنلىكتىن) بۇنى ئورۇنلىيالمىغىلى تاس قالدى﴾. [1]

ئايەتلەرنىڭ شىددىتى بىزگە ئۇلارنىڭ قالايمىقان سوئال سورىشىنى، ئەزۋەيلەپ تالاش ـ تارتىش قىلىشلىرىنى ۋە الله توغرىسىدا جاھىللىق قىلىشلىرىنى ئەسلىتىدۇ. كۆز ئالدىمىزغا كەلگەن بۇ كۆرۈنۈش بىزگە ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ پەيغەمبىرىگە قىلغان مۇئامىلىسى ۋە تۇتقان پوزىتسىيىنى چۈشەندۈرىدۇ. مانا بۇ، ئۇلارنىڭ مۇسا بىلەن سۆزلەشكەندىكى قىلغان ـ ئەتكەنلىرىدۇر.

مۇسا قەۋمىدىن كۆپ ئەزىيەت چەككەن بولسىمۇ، پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن سەۋر قىلدى.

بەلكى بۇنىڭغا مۇسانىڭ قەۋمىنىڭ ئۆزۈن مەزگىل خورلۇق، ھاقارەت ئىچىدە، قۇللۇق ئاستىدا ياشىشى ۋە ئۇزۇن مەزگىل بۇتلارغا چوقۇنىدىغان بىر مۇھىتتا قېلىشى سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن. پەيغەمبەرلەرگە ۋە ئىسلاھ قىلغۇچىلارغا (تۈزەتكۈچىلەرگە) جاپا سېلىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان بۇ سۇنۇق ۋە ئېزىلگەن روھىي ھالەتنىڭ پەيدا بولۇشىدا بۇندىن باشقا خىلمۇخىل تەسىرلەر رول ئوينىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. بىزنىڭ ھازىر ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ مۇسانىڭ پاك، سەزگۈر ۋە غۇبارسىز كۆڭلىگە قانچىلىك ئازار بەرگەنلىكىنى چۈشىنىۋېلىشىمىز تەس ئەمەس.

ئۇلار مۇساغا قارشى چىقىش، ئەخمەقلىق، جاھىللىق، جاھالەت ۋە بۇتلارغا چوقۇنۇش بىلەن ئازارلاپلا قالماستىن، ھەتتا ئۇنىڭ شەخسىيىتىگىمۇ ئەزىيەت ۋە يامانلىق قىلاتتى.

ئۇلۇغ الله مۇنداق دەيدۇ:

﴿ئى مۆمىنلەر! سىلەر مۇساغا ئازار قىلغان كىشىلەر (يەنى بەنى ئىسرائىل) دەك بولماڭلار، الله مۇسانى ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرىدىن (يەنى تۆھمەتلىرىدىن) ئاقلىدى، مۇسا الله نىڭ دەرگاھىدا ئابرۇيلۇق ئىدى﴾. [2]

بۇ ئازارلاشنىڭ كونكېرت ئەھۋالىنى بىز بىلمەيمىز.

بىز بەزى ئالىملارنىڭ مۇسانىڭ داۋاملىق ھەممە يېرىنى يېپىۋالىدىغان ۋە تېنىنى ھېچقانداق كىشىنىڭ كۆرۈشىنى خالىمايدىغان بىرسى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان تۆۋەندىكى رىۋايىتىگە قوشۇلمايمىز:

---

[1] سۈرە بەقەرە 71 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئەھزاب 69 ـ ئايەت.

’’يەھۇدىيلار ئۇنىڭ تېرە كېسەلگە ياكى ئاق كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقىنى ئېيتتى. الله مۇسانى ئۇلارنىڭ پىتنىسىدىن قۇتقازدى. بىر كۈنى ئۇ يۇيۇنماقچى بولۇپ، كىيىملىرىنى بىر تاشنىڭ ئۈستىگە قويدى. كېيىن قارىسا، تاش كىيىملىرىنى ئېلىپ قېچىۋاتاتتى. مۇسامۇ يالىڭاچ ھالدا تاشنى قوغلىدى. بۇ چاغدا ئىسرائىل ئەۋلادى ئۇنى يالىڭاچ ھالدا كۆردى. بەدىنىدە ھېچقانداق داغ ياكى قۇسۇر يوق ئىدى.‘‘

بىز رىتلىق بىلەن تولغان بۇ ھېكايىنى قوبۇل قىلمايمىز. چۈنكى تاشنىڭ مۇسانىڭ كىيىملىرىنى ئېلىپ قېچىشى مۇساغا ھۆرمەتسىزلىكتۇر. بىر پەيغەمبەرنىڭ پاكلىقىغا داغ چۈشۈرۈشتۇر.

پەرەز قىلىمىزكى (پەرىزىمىزچە)، يەھۇدىيلەر مۇسانى روھىي جەھەتتىن ئازابلىدى.

بۇ، بۈيۈك جانلارنى قان يىغلىتىدىغان ۋە ئۇلارنى ئىچىدىن يارىلايدىغان بىر ئازاب ئىدى.

بۇنداق ئازابلاشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىز بىلمەيمىز. ئەمما يەھۇدىيلەرنىڭ مۇسانى ئازابلاشتا چېكىگە يەتكەنلىكىنى پەرەز قىلالايمىز.

ئۇلارنىڭ ھەزرىتى مۇساغا:

﴿سەن پەرۋەردىگارىڭ بىلەن بىللە بېرىپ ئىككىڭلار ئۇرۇشۇڭلار، بىز بۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرايلى»﴾ [8] دېيىشى، بەلكى ئۇلارنىڭ يەرىيۈزىگە تەۋھىد ئىلمىنى يېيىش، ئەڭ بولمىغاندا، مەلۇم بىر رايون خەلقىگە تارقىتىپ، شۇ رايوننىڭ ئاساسلىق ئىبادىتىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن جان پىدالىق قىلىۋاتقان مۇساغا قىلغان ئەڭ چوڭ ئەزىيىتى بولۇشى مۇمكىن.

ئۇلارنىڭ بۇ روھىي ھالىتى سەۋەبى بىلەن الله ئۇلارنىڭ چۆلدە 40 يىل قېلىشىنى ھۆكۈم قىلدى. ئىسرائىل ئەۋلادى توپتوغرا 40 يىل چۆلدە قالدى. بۇنىڭ بىلەن قورقۇنچاق بىر نەسىل ئۆلۈپ تۈگىدى ۋە بۇتچىلىق مۇھىتىدا ياشىمىغان، قۇلچىلىق روھىي بولمىغان، جەڭگىۋار، يېڭى بىر نەسىل مەيدانغا كەلدى. بۇ ئاتىلىرىدەك باش ـ ئاخىرى يوق چۆلدە غايىسىز، مەنىسىز ئايلىنىپ يۈرۈشنى خالىمايدىغان، ھەقىقىي غۇرۇرلۇق، ئىنسانەدەك ياشاش ئۈچۈن قانلىرىنى پىدا قىلىشقا تەييار. مۇساغا: «سەن ۋە پەرۋەردىگارىڭ ئىككىڭلار بېرىپ ئۇرۇشۇڭلار. بىز بۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرايلى» دېمەيدىغان نەسىل ئىدى.

تەۋھىد دىنلىرىنىڭ ھەر قاندىقىنىڭ مۇھىم بىر پارچىسى ھېسابلىنىدىغان ئەسكىرىي جاسارەتنىڭ قىممىتىنى چۈشىنىدىغان نەسىل ئىدى.

40 يىل چۆلدە تېڭىرقاشتىن كېيىن بۇ يېڭى ئەۋلاد دۇنياغا كەلدى...

[8] سۈرە مائىدە 24 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بۇ كېيىنكى نەسلنى كۆرۈش مۇساغا نېسىپ بولمىدى. ھەزرىتى مۇسا ئەلەيھىسسالام ئىسرائىل ئەۋلادى الله كىرىشنى تەقدىر قىلغان يەرگە كىرىشتىن ئاۋۋال ۋاپات بولغانىدى.

ئۇلۇغ الله مەريەم سۈرىسىدە مۇسا ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿كىتابتا (يەنى قۇرئاندا) مۇسا (قىسسىسى) نى بايان قىلغىن، شۈبھىسىزكى، ئۇ الله ئىبادىتىدىگە خاس قىلغان ھەم رەسۇل (يەنى ئەلچى) ھەم پەيغەمبەر ئىدى. ئۇنىڭغا بىز تۇر تېغىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن نىدا قىلدۇق، ئۇنى بىز مۇناجات ئۈچۈن (دەرگاھىمىزغا) يېقىنلاشتۇردۇق. ئۇنىڭغا بىز مەرھەمەت قىلىپ قېرىندىشى ھارۇننى پەيغەمبەر قىلىپ بەردۇق﴾.

الله ئۆزىنى كۆرۈش تەلىپىدىن كېيىن مۇسا ھەققىدە مۇنداق دېگەنىدى:

﴿الله ئېيتتى: «ئى مۇسا! مەن ھەقىقەتەن سېنى (زامانىڭدىكى) كىشىلەر ئارىسىدىن پەيغەمبەرلىككە ۋە مەن بىلەن (بىۋاستە) سۆزلىشىشكە تاللىدىم. ساڭا مەن ئاتا قىلغان پەيغەمبەرلىكنى قوبۇل قىلغىن ۋە شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولغىن»﴾.

ئۇلۇغ الله نىسا سۈرىسىدە مۇنداق دېگەنىدى:

﴿بىز نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىلگىرى (ئى مۇھەممەد!) ساڭا بايان قىلغانلىرىمىزمۇ بار، ساڭا بايان قىلمىغانلىرىمىزمۇ بار، الله مۇساغا (بىۋاستە) سۆز قىلدى﴾.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام الله يولىدا قەۋمى تەرىپىدىن ئەزىيەت قىلىنغاندا: «مۇساغا بۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئەزىيەت قىلىنغان ئىدى ۋە ئۇ سەۋر قىلدى» دېگەن ئىدى.

ھەزرىتى ھارۇن ئەلەيھىسسالام مۇسانىڭ ۋاپاتىدىن قىسقا بىر ۋاقىت ئاۋۋال ئالەمدىن ئۆتكەن ئىدى.

ھەزرىتى مۇسانىڭ ئەجىلى يېقىنلاشقاندا، ئۇ تېخىچە چۆلدە ئىدى. رەببىگە مۇنداق دەپ دۇئا قىلدى: «ئى رەببىم! مېنى مۇقەددەس يەرگە ئېتىلغان بىر تاشنىڭ مۇساپىسىغىچىلىك يېقىنلاشتۇرغىن.»

ئۇ ھىجرەت قىلغان يەرنىڭ يېقىن بىر يېرىدە ئۆلۈشنى ئويلىدى. قەۋمىنى ئۇ يەرگە بېرىشقا تەشۋىق قىلغان ئىدى. ئەمما ئۇلار ئۇنىمىدى. چۆلدە ۋاپات بولغان كېچىسى يەر يۈزىنىڭ ئاخىرقى پەيغەمبىرى ئېيتقاندەك بىر قىزىل قۇم تۆپىلىكىگە دەپنە قىلىندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە: «مەن ئىسرا كېچىسى بەيتۇلمۇقەددەسكە ئېلىپ مېڭىلغاندا، قىزىل قۇم تۆپىلىكىنىڭ يېنىدىكى قەبرىسىدە ئۆرە تۇرۇپ ناماز ئوقۇۋاتقان مۇسانىڭ يېنىدىن ئۆتتۈم» دېگەنىدى.

---

سۈرە مەريەم 51 ـ 53 ـ ئايەتكىچە.

سۈرە ئەئراف 144 ـ ئايەت.

سۈرە نىسا 164 ـ ئايەت.

مۇسانىڭ ئۆلۈمى ھەققىدە نۇرغۇن ئەپسانىلەر بار. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مۇسا جىنىنى ئالغىلى كەلگەن ئەزرائىلنىڭ كۆزىنى ئۇرۇپ قۇيۇۋەتكەنمىش. بۇنىڭدەك خۇراپىلەر، خۇراپىي سۆز ـ چۆچەكلەر كۆپتۇر. راست بىلەن يالغاننى ئايرىيالمايدىغان بەزى نوپۇزلۇق ئالىملارنىڭ بۇ سۆزلەرگە ئېتىبار بېرىشى كىشىنى بىئارام قىلىدۇ.

مۇسا ئەلەيھىسسالام ياخشى بىر ئۆلۈم بىلەن كەتتى. ئېھتىمال ئۇ اللە نى كۆرۈشكە ئىنتىزار بولغان ئىدى. سۆيگۈ ئۇنى ھايات چېغىدا اللە نى كۆرۈشكە ئىلھاملاندۇرغان ئىدى. مانا ئەمدى ئۆلگەندىن كېيىن ئۇ ئالەمدە بۇنىڭغا پۇرسەت كۆپ ئىدى.

اللە بىلەن سۆزلەشكەن مۇسا ئۆلۈمنى يورۇق بىر كۆڭۈل، ھۇزۇرلانغان بىر قەلب، ھەققە ئېنتىلگەن، ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىششقا ئالدىرىغان ۋە سۆيۈنگەن بىر روھ بىلەن كۈتىۋالدى.

دۇرۇت ۋە سالام ئۇنىڭغا بولسۇن!

## خىزىر ئەلەيھىسسالام

الله تەرىپىدىن مەرھەمەت ۋە ئىلىم بېرىلگەن بۇ بەندىنىڭ قىسسىسى قۇرئان قىسسىلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ يوشۇرۇن ۋە ئەڭ ھەيران قالارلىقىدىندۇر.

قىسسە كەھف سۈرىسىدە تىلغا ئېلىنىپ، مۇسانىڭ نىيىتىنى بىلدۈرگەن تۆۋەندىكى ئايەت بىلەن باشلىنىدۇ:

﴿ئۆز ۋاقتىدا مۇسا ياش خادىمىغا (يەنى يۇشەئ ئىبنى نۇنغا): «ئىككى دەريانىڭ قوشۇلىدىغان جايىغا يەتمىگىچە مېڭىشىمنى توختاتمايمەن، (شۇ جايغا يەتكەنگە قەدەر) ئۇزاققىچە مېڭىۋېرىمەن» دېدى﴾.[4]

بۇ يوشۇرۇن سۆزلىشىش، مۇسانىڭ ئىككى دېڭىزنىڭ قوشۇلغان جايىغا يەتمىگىچە يىللار بويى مېڭىشقا قارار قىلغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

ئىككى دېڭىزنىڭ قوشۇلىدىغان جايىدا مۇسانىڭ بىر مۇھىم ئۇچرىشىشى بار ئىدى.

يەرنىڭ ئېنىقسىز ئىكەنلىكىنى ئويلاڭ. مۇپەسسىرلەر بۇ يەرنىڭ نەدىلىكىنى بىلىش ئۈچۈن نۇرغۇن ۋاقىت ئىسراپ قىلىشتى. بەزىلىرى ئىران دېڭىزى بىلەن رۇم دېڭىزى دېسە، بەزىلىرى ئىئوردان دېڭىزى ياكى قىزىل دېڭىز دېيىشتى. يەنە بەزىلىرى تانجادا ۋە ئافرىقىدا دېيىشتى، ئەندۇلۇس دېڭىزىدا دېگەنلەرمۇ بولدى. لېكىن ھېچبىرىنىڭ توغرىلىقىغا دائىر دەلىل يوقتۇر. ئەگەر الله بۇ يەرنىڭ ئاشكارىلىنىشىنى خالىغان بولسا ئۇنى چوقۇم بىلدۈرەتتى.

قۇرئان ئۇلۇغ ھېكمەت سەۋەبى بىلەن شەخسلەرنىڭ ئىسمىنى ۋە زامانىنى ئاشكارىلىمىغاندەك يەرنىمۇ بىلدۈرمىدى (ئاشكارىلىمىدى). قىسسە بىزنىڭ سەۋەبلەر ئۈستىگە قۇرۇلغان بىلىمىمىزدىن باشقا بىر ئىلىم بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. بۇ پەيغەمبەرنىڭ ۋەھيىگە تايانغان ئىلمىمۇ ئەمەس ئىدى.

بىز ئىنتايىن مەخپىي خاراكتېرىدىكى بىر ئىلىمنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋاتىمىز. ئۇلۇغ تەقدىرنىڭ (يەنى الله) نىڭ ئىلمى...

بۇ، ئۈستىگە قېلىن پەردىلەر تارتىلغان (سىرلىق) ئىلىمدۇر. ئۇچرىشىش يېرى ۋە ۋاقتى بىز ئۈچۈن غۇۋا بولۇپ، مۇسانىڭ بۇ بەندە بىلەن قاچان كۆرۈشكەنلىكىنى بىلمەيمىز. شۇنداق قىلىپ قىسسە ۋەقەنىڭ يۈز بەرگەن يېرىنى ۋە ۋاقتىنى بىلدۈرمەستىن، شۇنداقلا قىسسە ئىچىدىكى قەھرىمانلارنىڭ ئىسمىنىمۇ ئاشكارىلىماستىن داۋام قىلىدۇ.

[4] سۈرە كەھف 60 ـ ئايەت.

ئۇلۇغ اللہ ئۇنى بۇ سۆزلەر بىلەن تەرىپلەيدۇ: ﴿بىزنىڭ بەندىرىلىرىمىزدىن چوڭ مەرھەمىتىمىزگە ئېرىشكەن ۋە بىزنىڭ ئۆزىمىزگە خاس ئىلمىمىزنى (يەنى ئىلمىل غەيبنى) بىز بىلدۈرگەن بىر بەندە﴾. [□]

قۇرئان ئىسمىنى ئاشكارىلىمىغان بەندە مانا بۇدۇر.

بۇ بەندە مۇسا ئىلىم تەھلىل قىلىش ئۈچۈن ئىزدىگەن كىشىدۇر.

مۇسا ئەزىز ۋە ئۇلۇغ اللہ بىلەن سۆزلەشكەن، ئۇلۇغ ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەردىن بىرى، ھاسا ۋە قول مۆجىزىسى بېرىلگەن ۋە تەۋرات ۋاستىسىز بېرىلگەن كىشىدۇر. اللہ بىلەن سۆزلەشكەن بۇ بۈيۈك پەيغەمبەر بۇ قىسسىدە ئۆگىنىش ئۈچۈن ئۇستازىغا سەۋرچانلىق ۋە كىچىك پېئىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان ئوقۇغۇچىغا ئايلىنىدۇ. بۇ ئۇستاز قۇرئان ئىسمىنى ئاشكارىلىمىغان بۇ بەندىدىن باشقا كىم بولاتتى؟

بىز ئۇنىڭ خىزىر ئىكەنلىكىنى ھەدىستىن بىلدۇق. مۇسا بىز بىلىدىغان ئىلىم ئېلىش يوللىرى بىلەن ئەمەس، بەلكى اللہ تەرىپىدىن ئىلىم بېرىلگەن بەندە بىلەن بىللە يۈردى.

دەسلىپىدە، خىزىر ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرىغا مۇسانىڭ سەۋر قىلالمايدىغانلىقىنى ئېيتتى، ئاندىن ئۇ ئۆزى سۆزلەپ بەرمىگىچە مۇسانىڭ ھېچنەرسە سورىماسلىقىنى شەرت قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن دوست بولۇشقا ماقۇل بولدى. خىزىر كۆپ گەپ قىلمايدىغان، سىرلىق ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ ئىش ھەرىكەتلىرى مۇساغا بەكمۇ سىرلىق تۇيۇلاتتى.

خىزىر بەزەن مۇساغا نىسبەتەن قورقۇنچلۇق جىنايەت سادىر قىلسا، بەزەن كۆرۈنۈشتە مەنىسىز ئىشلارنى قىلاتتى.

مۇسا ئىلىملىك ۋە مەرتىۋىلىك بولسىمۇ، اللہ تەرىپىدىن ئالاھىدە ئىلىم بېرىلگەن بۇ زاتنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىگە ھەيران قالغان ۋە ئېتىراز بىلدۈرگەن ئىدى.

شەرىئەت ئىلمىگە ئىگە بولغان مۇسا ھەقىقەت ئىلمىگە ئىگە بولغان خىزىرغا ھەيران قالغان ئىدى. گوياكى شەرىئەت ئىلمى ھەقىقەت ئىلمىنىڭ بىر پارچىسى بولۇپ، ھەقىقەت ئىلمى بەزەندە پەيغەمبەرلەرگىمۇ چۈشىنىش قىيىن، سىرلىق ئىشلاردەك تۇيۇلاتتى.

قۇرئاندىكى بۇ قىسسىدە كۆرۈلگەن سىرلىق ئىشلاردىن ئىسلامدىكى پۈتۈن تەسەۋۋۇپ مەزھەپلىرى ئۆز نېسىۋىسىنى ئالغان ئىدى. بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەرمۇ ئەمەس، شېھىتمۇ ئەمەس، ئەمما پەيغەمبەر، شېھىتلەرنىڭ ئىلمىگە زوقلىنىدىغان بەزى زاتلارنىڭ بارلىقىغا دائىر بەزى ئېتىقادلار پەيدا بولدى.

بۇ ئىشنىش بۇ قىسسىدىن كېلىپ چىققان ئىدى.

[□] سۈرە كەھف 65 ـ ئايەت.

ئۆلىمالار خىزىر ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشتى. بەزىلىرى ئۇنى ئەۋلىيا دېسە، بەزىلىرى پەيغەمبەر دېيىشتى. ئۇنىڭ ھازىرمۇ ھايات ئىكەنلىكىنى ۋە قىيامەتكىچە ياشايدىغانلىقىنى ئېيتىشتى.

بىز بۇ ھەقتە ئېنىقلىق (قۇرئان ياكى ھەدىستە) بىر ھۆكۈم بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇمۇ ئاللاھ نىڭ باشقا قۇللىرىغا ئوخشاش ئۆلگەن دەپ قارايمىز. ئۇنىڭ ئەۋلىيا ياكى پەيغەمبەرلىكىگە كەلسەك، بۇ مۇرەككەپ مەسىلىنى قۇرئان كەرىمدىكى قىسسىنى تەتقىق قىلغىچە كېيىنگە سۈرىمىز.

مۇسا ئىسرائىل ئەۋلادىغا خىتاب قىلىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرغاندا قەۋمىنى ئاللاھ قا دەۋەت قىلاتتى. ئۇ شۇنچىلىك پاساھەتلىك سۆزلەيدىغان ۋە ناتىقلىق بىلەن ئېيتقان سۆزلىرى بىلەن گويا دۇنيا ھېكمىتىنى يىغىنچاقلايتتى. سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن، ئاڭلىغۇچىلار ئارىسىدىكى بەنى ئىسرائىلدىن بىرى: ئى ئاللاھ نىڭ پەيغەمبىرى! يەر يۈزىدە سەندىنمۇ بىلىملىكرەك بىرى بارمۇ؟ - دەپ سورىدى.

مۇسا دەرھال: ياق! - دەپ جاۋاب بەردى.

بۇ ھەقتىكى ئىلمىنى: «ئاللاھ ئالىم. ئاللاھ تېخىمۇ ياخشى بىلىدۇ» دەپ ئاللاھ قا ھاۋالە قىلمىغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ ئۇنى ئەيىبلەپ جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنى ئەۋەتىپ سورىدى:

- ئى مۇسا! ئاللاھ نىڭ ئىلمىنى نەگە قويىدىغانلىقىنى سەن قانداق بىلىسەن؟

مۇسا ئالدىراقسانلىق قىلغانلىقىنى چۈشەندى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا تەكرار مۇنداق دېدى:

- ئىككى دېڭىزنىڭ بىرلەشكەن يېرىدە ئاللاھ نىڭ سەندىن بىلىملىك بىر قۇلى بار.

مۇسا كۆڭلىدە ئىلمىنى بېيىتىشنى ئويلىدى. ئۇ ئىلىملىك بەندە بىلەن دوست بولۇش ئۈچۈن سەپەرگە چىقماقچى بولۇپ، ئۇنىڭ نەدىلىكىنى سورىدى. ئۇنىڭ سەپەرگە چىقىشى ۋە ئۆچىدە بىر بېلىق بولغان كىچىك سېۋەتنى ئېلىۋېلىشى ئەمر قىلىندى. بۇ بېلىق تىرىلىپ دېڭىزغا كىرىدىغان يەردە ئۇ ئىلىملىك بەندىنى ئۇچرىتالايتتى. ئىلىم ئىزدىگەن (ئوقۇغۇچى) مۇسا يولغا چىقتى. يېنىدىكى ياش ھەمراھى ئۆچىگە بېلىق سېلىنغان سېۋەتنى كۆتىرىۋالغان ئىدى. ئۇلار ئىلىملىك، ياخشى بەندىنى ئىزدەشكە چىققان ئىدى.

ئەمما ئۇنى نەدىن تېپىشنى بىلمەيتتى. مەسىلە سېۋەت ئىچىدىكى بېلىقنىڭ تىرىلىپ دېڭىزغا قېچىشىغا باغلىق ئىدى. ھەرنەرسە سىرلىق ۋە يوشۇرۇن بولسىمۇ، مۇسا يىللار بويى يول يۈرۈشتىن قەتئىينەزەر بۇ ئىلىملىك زاتنى تېپىشقا بەل باغلىغان ئىدى.

﴿ئۆز ۋاقتىدا مۇسا ياش خادىمىغا (يەنى يۇشەئ ئىبنى نۇنغا): «ئىككى دەريانىڭ قوشۇلىدىغان جايىغا يەتمىگىچە مېڭىشىمنى توختاتمايمەن. (شۇ جايغا يەتكەنگە قەدەر) ئۇزاققىچە مېڭىۋېرىمەن» دېدى﴾. [1]

مۇسا ياش ھەمراھىغا: شەرت پەقەت شۇكى، سەن بېلىقنىڭ سەندىن ئايرىلغان يېرىنى كۆرسىتىپ بېرىسەن، ـ دېدى. ياش ھەمراھى ئۇنىڭغا: سەن ئېغىر شەرت قويىدۇڭ، ـ دېدى.

ئۇلار دېڭىز قىرغىقىدىكى قۇرام تاشنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى. مۇسا يېتىپلا ئۇخلاپ قالدى. ھەمراھى ئۇخلىمىغان ئىدى. شامال دېڭىز دولقۇنىنى قىرغاققا ئۇرغىنىدا، سۇ تامچىلىرى بېلىققا چاچرىدى ۋە بېلىق جانلىنىپ دېڭىزغا سەكرىدى.

بېلىقنىڭ دېڭىزغا سەكرىشى، اللہ نىڭ مۇسانىڭ ئىلىم ئېلىش ئۈچۈن ئىزدىگەن كىشىسى بىلەن ئۇچرىشىدىغان يەرنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن كۆرسەتكەن ئالامىتى ئىدى.

مۇسا ئۇيقىسىدىن ئويغاندى، لېكىن بېلىقنىڭ دېڭىزغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى ئۇقمىدى. ياش ھەمراھى بولغان ئىشلارنى مۇساغا ئېيتىشنى ئۇنتۇپ قالدى. ئۇلار بېلىقنى ئۇنتۇپ يولنى داۋاملاشتۇردى.

مۇسا قورسىقى ئېچىپ، ھارغانلىقىنى ھېس قىلدى ۋە ھەمراھىغا: يېمەكلەرنى چىقارغىن، ھەقىقەتەن كۆپ يول يۈردۇق، ـ دېدى.

بۇ چاغدا دېڭىزغا كىرىپ كەتكەن بېلىقنى تۇيۇقسىز ئېسىگە ئالغان ياش بالا، بېلىقنىڭ قانداق دېڭىزغا سەكرىگەنلىكىنى كۆرگەنلىكىنى، ئەمما مۇساغا دېيىشنى شەيتاننىڭ ئۇنتۇلدۇرغانلىقىنى ئېيتىپ مۇسادىن ئەپۇ سورىدى.

مۇسانىڭ ياش ھەمراھى ئاجايىپ بىر ئىشنى كۆرگەن ئىدىكى، بېلىق دېڭىزغا خۇددى قۇمدا ماڭغان يىلاندەك تېزلىكتە شۇڭغۇپ (غەلىتە بىر شەكىلدە) كىرىپ كەتكەن ئىدى.

مۇسا بۇنى ئاڭلاپ خۇرسەن بولغان ھالدا: بىزمۇ بۇنى كۈتۈۋاتقان ئىدۇق، ـ دېدى.

ئۇلار دەرھال كەلگەن ئىزنى بويلاپ ئارقىغا قايتتى. ھېكايىنىڭ بېشىغا قاراڭ! نېمە دېگەن تىلسىملىق ـ ھە؟!

بىر سىر پەردىسى ئېچىلىشى بىلەن ئىچىدە يەنە باشقا پەردىلىرى كۆرۈنىدۇ.

ئاخىرىدا، مۇسا بېلىقنىڭ دېڭىزغا كىرىپ كەتكەن يېرىدىكى قۇرام تاشقا يېتىپ كەلدى. ئۇ يەردە بىر ئادەم تۇراتتى.

ئۇنىڭ ئىسمىنى، شەكلىنى ۋە قانداق كىيىنگەنلىكىنى، يېشىنى ۋە باشقا ئالامەتلىرىنى بىلمەيمىز؟ بىلىدىغىنىمىز پەقەتلا قۇرئاننىڭ ئۇنىڭ ھەققىدە ئېيتقان تۆۋەندىكى ئىپادىسىدۇر:

---

[1] سۈرە كەھف 60 ـ ئايەت.

﴿ئۇ ئىككىسى (بېلىقنى ئۇنتۇغان چوڭ تاشنىڭ يېنىدا) بىزنىڭ بەندىلىرىمىزدىن چوڭ مەرھەمەتىمىزگە ئېرىشكەن ۋە بىزنىڭ ئۆزىمىزگە خاس ئىلمىمىزنى (يەنى ئىلمي غەيبنى) بىز بىلدۈرگەن بىر بەندىنى (يەنى خىزىر ئەلەيھىسسالامنى) ئۇچراتتى﴾.

مانا بۇ، قىسسەنىڭ مۇھىم تەرىپى.

ھېكايە (قىسسە) دائىرەنىڭ كۆلىمى (شەكلى) ياكى ئالاھىدىلىكى ۋە مۇجمەللىكلەرنىڭ ئاشكارىلىنىشى مۇھىم بولمىغان ھالدا كىشىگە چوڭقۇر تەسىر قىلىدۇ.

ئۇلۇغ الله مۇنداق دېگەنىدى:

﴿ئۇلار ئىككى دەريانىڭ قوشۇلىدىغان جايىغا يېتىپ بارغاندا، بېلىقنى ئۇنتۇپ قالدى، بېلىق دەرياغا يول ئېلىپ كىرىپ كەتتى. ئۇلار (ئىككى دەريانىڭ قوشۇلىدىغان جايىدىن) ئۆتكەندە مۇسا ياش خادىمىغا: «ئەتىگەنلىك تامىقىمىزنى ئېلىپ كەلگىن، بۇ سەپىرىمىزدە ھەقىقەتەن چارچاپ كەتتۇق» دېدى. ياش خادىم: «بىز چوڭ تاش ئاستىدا ئارام ئېلىۋاتقاندا (يۇز بەرگەن ئىشتىن يەنى پىشۇرۇلغان بېلىقنىڭ تىرىلىپ، سېۋەتتىن سەكرەپ چىقىپ دەرياغا كىرىپ كەتكەنلىكىدىن ئىبارەت قىزىق ئىشتىن) خەۋىرىڭ بارمۇ؟ مەن راستلا بېلىقنى ئۇنتۇپتىمەن. بېلىقنىڭ (ئاجايىپ ۋەقەسى) نى ساڭا ئېيتىشنى پەقەت شەيتان ماڭا ئۇنتۇلدۇرۇپتۇ. بېلىق دەرياغا ئاجايىپ يول ئالغان ئىدى» دېدى. مۇسا: «بىزنىڭ ئىزدەيدىغىنىمىز دەل مۇشۇ ئىدى» دېدى ـ دە، ئىككىسى كەلگەن ئىزى بويىچە كەينىگە يېنىشتى. ئۇ ئىككىسى (بېلىقنى ئۇنتۇغان چوڭ تاشنىڭ يېنىدا) بىزنىڭ بەندىلىرىمىزدىن چوڭ مەرھەمەتىمىزگە ئېرىشكەن ۋە بىزنىڭ ئۆزىمىزگە خاس ئىلمىمىزنى (يەنى ئىلمي غەيبنى) بىز بىلدۈرگەن بىر بەندىنى (يەنى خىزىر ئەلەيھىسسالامنى) ئۇچراتتى﴾.

بۇخارىنىڭ رىۋايىتىگە قارىغاندا: مۇسا بىلەن ياش خادىمى خىزىرنى چەكسىز دېڭىز قىرغىقىدا، يېشىل گىلەم ئۈستىدە كىيىملىرىگە يۆگىنىۋالغان شەكىلدە كۆرىدۇ. كىيىمىنىڭ بىر ئۇچى پۇتىنىڭ ئۇچىدا بىر ئۇچى (بېشىنىڭ) بويىندا ئىدى. مۇسا ئۇنىڭغا سالام بېرىدۇ. ئۇ يۈزىنى ئېچىپ:

ـ سېنىڭ مەملىكىتىڭدىمۇ سالام بارمۇ؟ سەن كىم؟ ـ دەپ سورايدۇ.

مۇسا: مەن مۇسا بولىمەن، ـ دەيدۇ.

ـ ئىسرائىل ئەۋلادى (بەنى ئىسرائىل) نىڭ مۇساسىمۇ؟ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! (سالام ساڭا بولسۇن!) بەنى ئىسرائىل پەيغەمبىرى، ـ دەيدۇ خىزىر.

ـ مېنى قانداقچە بىلىۋالدىڭ؟ ـ سورايدۇ مۇسا.

---

سۈرە كەھف 65 ـ ئايەت.

سۈرە كەھف 61 ــ 65 ـ ئايەتكىچە.

ـ مېنى ساڭا بىلدۈرگەن ۋە كۆرسەتكەن زات بىلدۈردى...

ئى مۇسا! نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭ؟ ـ دەيدۇ خىزىر.

ـ اللّٰه ساڭا بىلدۈرگەن توغرا ئىلىمنى ماڭا ئۆگىتىشىڭ ئۈچۈن ساڭا ئەگەشسەم بولامدۇ؟ ـ دەپ سورىدى مۇسا ئېھتىرام بىلەن. خىزىر: قۇلۇقىدىكى تەۋرات ۋە كېلىدىغان ۋەھيىلەر ساڭا يەتمەمدۇ؟ سەن قىلىدىغان ئىشلىرىمغا سەۋر ـ تاقەت قىلالمايسەن، ـ دېدى. ئېھتىياتچان ۋە ئەدەبلىك ھالدا مۇسانىڭ سوئالىدىكى ئۆزگىرىشنى كۆزىتىپ باقايلى. مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: ”خىزىر مۇساغا مۇنداق دېدى: مېنىڭ ئىلمىمنى سەن چۈشىنەلمەيسەن ۋە تاقەت قىلالمايسەن. چۈنكى سەن مېنىڭ ئىلمىمنى چۈشەنمەيسەن، كۆرۈنۈشتە ساڭا يامان كۆرۈنگەن ۋە سەۋەبىنى بىلمەيدىغان ئىشلارنى كۆرىسەن. شۇڭا، ئى مۇسا! سەن مەن بىلگەنگە تاقەت قىلالمايسەن.

مۇسا، بۇ توك ۋە قوپال رەت سۆزلىرىگە چىداپ، ئۇنىڭدىن قايتا ـ قايتا ھەمراھ بولۇشنى ۋە ئىلىم ئۆگىنىشكە پۇرسەت بېرىشنى ئۆتۈنىدۇ ۋە ئۇنىڭغا اللّٰه خالىسا سەۋر قىلىدىغانلىقىنى ۋە ھەرقانداق ئىشقا قارشى چىقمايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

كەلىمۇللاھ بولغان مۇسانىڭ قانداق كىچىك پېئىل بولغانلىقىنى ۋە سىرلىق بەندىگە ھەرقانداق ئىشقا قارشى چىقماسلىق توغرىسىدا قانداق ۋەدە بەرگەنلىكىنى ئويلاپ بېقىڭ!

قۇرئاندا ئىسمى زىكىر قىلىنمىغان اللّٰه نىڭ بۇ بەندىسى، مۇسانى ھەمراھ قىلىۋېلىش ۋە ئۇنىڭغا ئىلىم ئۆگىتىش ئۈچۈن بىر شەرت قويىدى. مۇسا سورىۋىدى، ئۇ شەرتنىڭ اللّٰه نىڭ بەندىسى (خىزىر) سۆزلەپ بەرمىگىچە، مۇسانىڭ ھېچنېمە سورىماسلىقى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

مۇسا ماقۇل بولدى ۋە ئۇلار يولغا چىقتى.

ئۇلۇغ اللّٰه نىڭ كەھف سۈرىسىدىكى سۆزلىرىگە قاراڭ:

﴿مۇسا ئۇنىڭغا: «اللّٰه ساڭا بىلدۈرگەن توغرا ئىلىمنى ماڭا ئۆگىتىشىڭ ئۈچۈن ساڭا ئەگىشەيمۇ؟ (يەنى سۆھبىتىڭدە بولايمۇ؟)» دېدى. ئۇ ئېيتتى: «سەن مەن بىلەن بىللە بولۇشقا سەۋر ـ تاقەت قىلىپ تۇرالمايسەن. سەن چوڭقۇر تونۇپ يەتمىگەن (يەنى قارىماققا يامان، ئەمما ماھىيىتىنى سەن چۈشەنمىگەن) ئىشقا قانداقمۇ سەۋر ـ تاقەت قىلىپ تۇرالايسەن؟». مۇسا ئېيتتى: «اللّٰه خالىسا مېنى سەۋر قىلغۇچى كۆرىسەن، سېنىڭ بۇيرۇقۇڭغا خىلاپلىق قىلمايمەن». (خىزىر) ئېيتتى: «ئەگەر سەن ماڭا ئەگەشسەڭ، (يولۇققان ئىش توغرىسىدا) مەن ئۇنى ساڭا سۆزلەپ بەرگىچە ئۇنىڭدىن سورىما (يەنى ئۆزەم سۆزلەپ بەرمىگىچە قىلغان ئىشلىرىمدىن سورىما)»﴾.[٤]

ئۇلار دېڭىز قىرغىقىدا كېتىۋاتاتتى. ئالدىلىرىغا بىر كېمە ئۇچرىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى كېمىگە چىقىرىۋېلىشنى سورىدى. كېمە خوجايىنلىرى خىزىرنى تونۇپ، ئۇنىڭ ھۆرمىتى

[٤] سۈرە كەھف 66 ـــ 70 ـ ئايەتكىچە.

ئۇچۇن ئۇنى ۋە مۇسانى كېمىگە ھەقسىز ئېلىۋالدى. كېمە قىرغاققا كېلىپ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى چۈشۈپ قالدى. ئەمما خىزىر چۈشمەي قالدى. كېمە خوجايىنلىرى يىراقلىشىشى بىلەن خىزىر كېمىنى تېشىشقا باشلىدى ۋە كېمىنىڭ تاختىسىدىن بىر پارچىسىنى چىقىرىپ دېڭىزغا تاشلىۋەتتى. دولقۇنلار ئۇنى يىراققا ئېلىپ كەتتى.

مۇسا خىزىر بىلەن بىللە بولۇپ، ئۇنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىنى دىققەت قىلىپ ئويلىنىۋاتاتتى: نېمە دەپ بۇ ئادەم بىلەن بىللە بۇ يەرگە كەلگەندىمەن؟ نېمىشقىمۇ ماڭا ئىتائەت ئەتسۇن دەپ. اللە نىڭ كىتابىنى ئوقۇپ بېرىش ئۈچۈن ئىسرائىل ئەۋلادى بىلەن بىللە قالمىغاندىمەن؟ كېمە ساھىبلىرى بىزگە ياخشىلىق قىلىپ پۇل ئالمىغان تۇرسا، بۇ ئۇستازىم كېمىنى تېشىپ ئۇنىڭغا زىيان بېرىۋاتىدۇ.

بۇ قىلمىش مۇساغا نىسبەتەن توغرا ئەمەس ئىدى. ھەقسىزلىققا چىدىمايدىغان، ئاچچىقى يامان مۇسا شەرتنى ئۇنتۇپ ئۇستازى بىلەن سۆزلەشتى:

ـ كېمىدىكىلەرنى غەرق قىلىش ئۈچۈن كېمىنى تەشتىڭ. قورقۇنچلۇق بىر ئىش قىلدىڭ!

بۇ چاغدا، خىزىر مۇسانىڭ چۈشەنچىسىنى ئۆزىدىن ئىلىم ئېلىش قىزغىنلىقىنىڭ چوڭقۇر ئەمەسلىكىگە قاراتتى. چۈنكى مۇسا بۇ ئىشقا تاقەت قىلالمىدى، مۇسا ئۇنۇتقانلىقى ئۈچۈن كەچۈرۈم سورىدى ۋە ئۇنىڭ ئۆزىنى ئەيىبلەپ، قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويماسلىقىنى ئۆتۈندى.

ئىككىسى يەنە بىرلىكتە كېتىۋېتىپ باللار ئويۇن ئويناۋاتقان بىر باغچىنىڭ ئالدىدىن ئۆتتى. باللار ئويناپ ھېرىپ كەتكەچكە، ئۇ يەر ــ بۇ يەردە يېتىپ ئۇخلاپ قالغانىدى. خىزىر ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر بالىنى مۇسانىڭ كۆزى ئالدىدا ئۆلتۈرۈۋەتتى. غەزەپلەنگەن مۇسا خىزىردىن بۇ بالىنىڭ قايسى گۇناھى ئۈچۈن ئۆلتۈرگەنلىكىنى سورىدى. اللە نىڭ بەندىسى (خىزىر) ئۇنىڭغا تاقەت قىلالمايدىغانلىقىنى ئېيتقانلىقىنى ئەسكەرتتى.

مۇسا يەنە ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى ۋە ئىككىنچى سورىمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئەپۇ سورىدى. اللە نىڭ بەندىسى مۇسادىن ئەگەر يەنە سوراپ قالسا ۋە دېيىشكەندەك جىمجىتلىقنى ساقلىمىسا، قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى سورىدى.

ـ ئۇ چاغدا سېنىڭ بىلەن ھەمراھلىقىمىز ئاخىرلاشسۇن، ـ دېدى مۇسا.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يەنە يولغا چىقىشتى.

ئىككىسى خەلقى بېخىل بولغان بىر يېزىغا كەلدى. مۇسا نېمە ئۈچۈن بۇ يېزىغا كەلگەنلىكىنى ۋە قونۇپ قالغانلىقىنى بىلمەيتتى. يېنىدا ئوزۇق ـ تۈلۈكى تۈگەپ يېزىلىقلاردىن تاماق سورىدى. ئەمما ئۇلار تاماق بېرىشنى خالىمىدى. ئاخشام بولغاندا ئۆرۈلۈپ كېتىشكە ئاز قالغان بىر تامنىڭ يېنىغا كەلدى. تام ئۆرۈلەيلا دەپ قالغان ئىدى. مۇسا كۆردىكى، خىزىر تامنى يېڭىدىن ياساش ئۈچۈن كېچىچە ئىشلەشكە باشلىدى. مۇسا

ھەمراھى ۋە ئۇستازىنىڭ بۇ ھەرىكىتىگە ھاڭ ـ تاڭ قالدى. چۈنكى بۇ يېزا خەلقى ئىنتايىن بېخىل بولۇپ، بۇنداق ھەقسىز ياخشىلىققا لايىق ئەمەس ئىدى.

ـ خالىساڭ بۇنىڭ ئۈچۈن ئىش ھەققى ئالغان بولاتتىڭ، ـ دېدى مۇسا.

ئىش بۇ سۆز بىلەن تۈگىدى.

الله نىڭ بەندىسى (خىزىر) مۇساغا:

ـ مانا بۇ ئىككىمىزنىڭ ئايرىلىش ۋاقتىنى كۆرسىتىدۇ، ـ دېدى.

خىزىر مۇساغا سوئال سوراشنىڭ ئاقىۋىتىنى، ئۈنى ئۈچىنچى سوئالنىڭ ھەمراھلىقنى ئاخىرلاشتۇرىدىغانلىقنى ئەسكەرتتى.

الله نىڭ بەندىسى مۇساغا چۈشىنەلمىگەن، ئۇنى ھەيران قالدۇرۇپ سوئال سورىغۇزغان سىرلارنى ئۇنىڭغا ئاشكارىلايدۇ. خىزىرنىڭ مۇسانى ھەيران قالدۇرغان پۈتۈن ئىشلىرى ئۇنىڭ خاھىشى بويىچە بولغان ئەمەس ئىدى. ئۇ ئۇلۇغ بىر ئىرادىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈۋاتاتتى. بۇ ئۇلۇغ ئىرادىنىڭ مەخپىي بىر ھېكمىتى بار ئىدىكى، رەھمەت بولسۇن ئۈچۈن ئىشنىڭ ماھىيىتى (ئەسلى) مەخپىي تۇتۇلغاچقا كۆرۈنۈشتە قورقۇنچلۇق ۋە قوپال كۆرۈنەتتى. دېمەككى، دۇنيادىكى بەزى ئاپەتلەر، ئەسلىدە رەھمەت ۋە نېمەتلەرنىڭ بېشارىتى بولۇپ، بەزى ئىشلار ياخشىلىقتەك كۆرۈنگىنى بىلەن ماھىيەتتە ئاپەتتىن دېرەك بېرىدۇ. يەنى كۆرۈنۈش ئىشنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى يوشۇرىدۇ. مۇسا ئىلىمدە ۋايىغا يەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىلمى الله نىڭ بەندىسى خىزىرنىڭ ئىلمى ئالدىدا پەقەتلا بىر تامچە بولسا، خىزىرنىڭ ئىلمىمۇ الله نىڭ ئىلمى ئالدىدا دېڭىزدىكى سۇ بىلەن تۇمشۇقىنى ھۆللىگەن كىچىك قۇشنىڭ ئىچكەن سۈيىچىلىكتۇر.

ئۇلۇغ الله مۇنداق دېگەنىدى:

﴿شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىككىسى بىرلىكتە مېڭىپ كېلىپ بىر كېمىگە چىقىشتى، (خىزىر) كېمىنى تېشىۋەتتى (يەنى كېمىنىڭ بىر تاختىسىنى سۇغۇرۇۋەتتى). مۇسا (ئۇنىڭغا): «كېمىدىكىلەرنى غەرق بولۇپ كەتسۇن دەپ كېمىنى تەشتىڭمۇ؟ سەن ھەقىقەتەن (قورقۇنچلۇق) چوڭ بىر ئىشنى قىلدىڭ» دېدى. (خىزىر) سەن ھەقىقەتەن مەن بىلەن بىللە بولۇشتا سەۋر ـ تاقەت قىلىپ تۇرالمايسەن دېمىدىممۇ؟» دېدى. مۇسا ئېيتتى: «ئەھدىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىمغا مېنى ئەيىبلىمە، سەن بىلەن بىللە بولۇشتا مېنى قىيىن ھالغا چۈشۈرۈپ قويما». ئۇ ئىككىسى يەنى بىرلىكتە ماڭدى، ئۇلار بىر بالىنى ئۇچراتتى، (خىزىر) ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويدى. مۇسا: «سەن بىر بىگۇناھ جاننى ناھەق ئۆلتۈردۈڭ، سەن ھەقىقەتەن ياۋۇز ئىشنى قىلدىڭ» دېدى. (خىزىر) ئېيتتى: «ساڭا مەن ھەقىقەتەن مەن بىلەن بىللە بولۇشقا سەۋر ـ تاقەت قىلىپ تۇرالمايسەن دېمىدىممۇ؟». مۇسا ئېيتتى: «بۇنىڭدىن كېيىن يەنە سەندىن بىرەر ئىش توغرۇلۇق سورىسام (يەنى قىلغان ئىشىڭغا ئېتىراز بىلدۈرسەم)، مېنى ئۆزەڭگە ھەمراھ قىلمىغىن، (ساڭا بەرگەن ۋەدەمگە ئۈچ قېتىم

خىلاپلىق قىلغانلىقىم ئۈچۈن) مېنىڭ ئالدىمدا (ماڭا ھەمراھ بولماسلىقتا) مەزۇرسەن».
ئۇ ئىككىسى يەنە بىللە مېڭىپ بىر شەھەرگە يېتىپ كەلدى. شەھەر ئاھالىسىدىن تاماق سورىدى. شەھەر ئاھالىسى ئۇلارنى مېھمان قىلىشتىن باش تارتتى. ئۇلار بۇ شەھەردە ئۆرۈلۈپ چۈشەي دەپ قالغان بىر تامنى ئۇچراتتى. ئۇنى (خىزىر قولى بىلەن سىلاپ) تۈزلەپ قويدى. مۇسا ئېيتتى: «ئەگەر خالىساڭ بۇ ئىش ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىش ھەققى ئالغان بولاتتىڭ». (خىزىر) ئېيتتى: «بۇ، سەن بىلەن مېنىڭ ئايرىلىش (ۋاقتىمىز). سەن سەۋر ـ تاقەت قىلىپ تۇرالمىغان (يۇقىرىقى ئۈچ ئىشنىڭ) ھەقىقىتىنى ساڭا چۈشەندۈرۈپ بېرەي. كېمىگە كەلسەك، ئۇ دېڭىزدا ئىشلەيدىغان بىرقانچە نەپەر كەمبەغەلنىڭ كېمىسى ئىدى، مەن ئۇنى (تېشىپ) ئەيىبناك قىلماقچى بولدۇم. (چۈنكى) ئۇلارنىڭ ئالدىدا (يەنى بارىدىغان يوللىرىدا) ھەرقانداق ساق كېمىنى ئىگىسىدىن (زورلۇق بىلەن) تارتىۋالىدىغان بىر پادىشاھ بار ئىدى. (ئۆلتۈرۈلگەن) بالىغا كەلسەك، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى مۆمىن ئىدى. (ئۇ ئەسلىدە كاپىر يارىتىلغانلىقتىن، چوڭ بولغاندا) ئۇنىڭ گۇمراھلىق بىلەن كۇفرىنى ئاتا ـ ئانىسىغا تېڭىشىدىن قورقتۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ئۇلارغا ئۇ بالىغا قارىغاندا پاك ۋە كۆيۈملۈك پەرزەنت ئاتا قىلىشىنى ئىرادە قىلدۇق. تامغا كەلسەك، ئۇ شەھەردىكى ئىككى يېتىم بالىنىڭ ئىدى، تام ئاستىدا ئۇلارنىڭ (ھەققى بولغان) خەزىنىسى بار ئىدى (تام ئۆرۈلۈپ كەتسە، خەزىنىسى ئېچىلىپ قېلىپ كىشىلەر ئۇنى ئېلىپ كېتەتتى)، ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ياخشى ئادەم ئىدى. پەرۋەردىگارىڭ ئۇلارنىڭ چوڭ بولغاندا تام ئاستىدىكى خەزىنىسىنى چىقىرىۋېلىشىنى ئىرادە قىلدى، بۇ پەرۋەردىگارىڭنىڭ (ئۇلارغا قىلغان) رەھمىتىدۇر، ئۇنى (يەنى يۇقىرىدىكى ئۈچ ئىشنى) مەن ئۆز خاھىشىم بويىچە قىلغىنىم يوق (بەلكى ئۇنى اللە نىڭ ئەمرى ۋە ئىلھامى بىلەن قىلدىم)، سەن سەۋر ـ تاقەت قىلىپ تۇرالمىغان نەرسىلەرنىڭ ھەقىقىتى ئەنە شۇ»﴾[illegible].

اللە نىڭ بەندىسى (خىزىر) مۇساغا بىرلا ۋاقىتتا ئىككى نەرسىنى ئۆگەتتى. بىرى، ئىلمىنىڭ (يەنى مۇسانىڭ ئىلمىنىڭ) چەكلىك ئىكەنلىكىنى، يەنە بىرى، يەر يۈزىدە مەيدانغا كەلگەن نۇرغۇن بالايى ـ ئاپەتنىڭ ئارقىسىغا بۈيۈك بىر رەھمەتنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى...

كېمە خوجايىنلىرى كېمىلىرىنىڭ تېشىلىشىنىڭ ئەسلىدە مۇسىبەتتەك كۆرۈنگەن بىر نېمەت ئىكەنلىكىنى بىلمىگەچكە، بۇنى بىر بالا دەپ چۈشىنەتتى. پەقەتلا ئۇرۇش بولۇپ، پادىشاھ پۈتۈن ساق كېمىلەرنى تارتىۋالغان ۋە بۇ بۇزۇق كېمىنى ئالمىغان چاغدىلا بۇ نېمەتنىڭ ماھىيىتى ئاشكارىلىناتتى. بۇنىڭ بىلەن ئائىلىسىنىڭ كىرىم مەنبەسى بۇزۇلمىغاچقا ئۇلار مەمنۇن بولىدۇ ئۈزلىرىدە قېلىپ، ئاچارچىلىقتىن قۇتۇلالايتتى.

يەنە، ئۆلتۈرۈلگەن بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىغۇبار، يېگانە ئوغلىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىنى بېشىغا كەلگەن مۇسىبەت دەپ چۈشىنەتتى.

[illegible] سۈرە كەھف 71 ـــ 82 ـ ئايەتكىچە.

ئەمما بۇ ئۆلۈم ئۇلار ئۈچۈن بىر رەھمەت ئىدى. چۈنكى اللە ئۇلارغا قىرغاندا ياخشى قارايدىغان، ئۆلتۈرۈلگەن بالىدەك. گۇمراھلىق ۋە ئىنكارچىلىق بىلەن ئۇلارنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويمايدىغان، كۆيۈملۈك بىر ئوغۇل ئاتا قىلاتتى.

مانا مۇشۇنىڭدەك مۇسىبەتلەرنىڭ ئارقىسىغا نېمەتلەر يوشۇرۇنغاندۇر. بالايى - ئاپەتلەرنىڭ كەينىدە رەھمەتلەر بار بولۇپ، ئىشلارنىڭ رېئاللىقى ئۇنىڭ ئەسلى كۆرۈنۈشىدىن باشقىچە بولىدۇ. ھەتتا اللە نىڭ پەيغەمبىرى مۇسا ئەلەيھىسسالاممۇ بىلمىگەنلىكىدىن ئالدىدا بولۇۋاتقان ئىشلارغا ئارىلاشقان ئىدى. ئاندىن خىزىر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئىشلارنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان ھېكمەت، مەقسەت ۋە اللە نىڭ رەھمىتىگە ئۇنىڭ نەزىرىنى بۇرىدى.

مۇسا ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ يېنىغا قايتىش ئۈچۈن ياش خادىمىنىڭ يېنىغا كەلدى. ئەمدى مۇسادا ئالىملارنىڭ سالماقلىقى يېتىلگەن ئىدى. ئۇ ئىككى نەرسە ئۆگەنگەن ئىدىكى. بۇنىڭ بىرى، شەرىئەت ئىلمى بىلەن پەخىرلەنمەسلىك. چۈنكى ئۇنىڭدىن باشقا ھەقىقەت ئىلمىمۇ بار ئىدى. يەنە بىرى، ئىنسانلارنىڭ بېشىغا كەلگەن مۇسىبەتلەرگە بەك كۆپ ئازابلىنىپ كەتمەسلىك ئىدى. چۈنكى ياراتقۇچى، مەرھەمەت ۋە قۇتقۇزۇشنىڭ، ئازاب ۋە ئۆلۈمنىڭ ئارقىسىدىكى سۆيۈندۈرۈشنىڭ سىرىنى يوشۇرۇۋاتقان بولۇشى مۇمكىن.

بۇ اللە نىڭ ئەلچىسى كەلىمۇللاھ مۇسانىڭ بۇ سىرلىق بەندىدىن (خىزىردىن) ئالغان دەرسى ئىدى.

بۇ زاتنىڭ شەخسىيتى قانداق سىرلىق ئوتتۇرىغا چىققان بولسا، شۇنداق سىرلىق غايىب بولدى.

خىزىر كەتكىنىدە، مۇسا اللە نىڭ پەيغەمبەرلىرى ئىچكەن شەرىئەت دېڭىزىدىن باشقا بىر ئىلىم دېڭىزىنى بايقىغان ئىدى. بۇ، ھەقىقەت دېڭىزى ئۇلۇغ تەقدىر ئىلمى ئىدى.

بۇ، ئىنسانغا خاس ئەقىل ۋە ياكى ئىلىملەرگە ئاساسەن مەنتىقە يولى بىلەن چۈشەنگىلى بولىدىغان ئىلىم ئەمەس.

يەر يۈزىدە بىز بىلىدىغان تەجرىبىگە ئاساسلانغان ئىلىممۇ ئەمەس. شۇنداقلا اللە ئەلچىلىرىگە بىلدۈرگەن ۋەھيى ئىلىممۇ ئەمەس، پۈتۈنلەي باشقا بىر خىل ئىلىمدۇر.

ئۇنداقتا بۇ ئىلىمنىڭ ئىگىسى كىم؟

ئۇ بىر ئەۋلىيامۇ ياكى پەيغەمبەرمۇ؟

تەسەۋۋۇرچىلارنىڭ كۆپ قىسمى بۇ بەندىنىڭ ئىلمىنىڭ نورمال ئىگەللەش يوللىرى بولمىغان، اللە نىڭ ئۆزىگە خاس ئىلمى بىلدۈرۈلگەن ئەۋلىيالاردىن بىرى ئىكەنلىكىنى ئېيتىشىدۇ.

يەنە بەزى ئالىملار بۇ سالىھ بەندىنى پەيغەمبەر دېيىشىدۇ. بۇ قاراشتىكىلەر قىسسە ئىپادىلىرىدىن ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە دائىر بىر قانچە دەلىل كۆرسىتىدۇ:

1 ـ ئۇلۇغ اللە نىڭ سۆزى:

﴿ئۇ ئىككىسى (بېلىقنى ئۇنتۇغان چوڭ تاشنىڭ يېنىدا) بىزنىڭ بەندىلىرىمىزدىن چوڭ مەرھەمىتىمىزگە ئېرىشكەن ۋە بىزنىڭ ئۆزىمىزگە خاس ئىلمىمىزنى (يەنى ئىلمي غەيبنى) بىز بىلدۈرگەن بىر بەندىنى (يەنى خىزىر ئەلەيھىسسالامنى) ئۇچراتتى﴾.

2 ـ مۇسانىڭ ئۇنىڭغا دېگەن سۆزى:

﴿مۇسا ئۇنىڭغا: «اللە ساڭا بىلدۈرگەن توغرا ئىلىمنى ماڭا ئۆگىتىشىڭ ئۈچۈن ساڭا ئەگىشەيمۇ؟ (يەنى سۆھبىتىڭدە بولايمۇ؟)» دېدى. ئۇ ئېيتتى: «سەن مەن بىلەن بىللە بولۇشقا سەۋر ـ تاقەت قىلىپ تۇرالمايسەن. سەن چوڭقۇر تونۇپ يەتمىگەن (يەنى قارىماققا يامان، ئەمما ماھىيىتىنى سەن چۈشەنمىگەن) ئىشقا قانداقمۇ سەۋر ـ تاقەت قىلىپ تۇرالايسەن؟». مۇسا ئېيتتى: «اللە خالىسا مېنى سەۋر قىلغۇچى كۆرىسەن، سېنىڭ بۇيرۇقۇڭغا خىلاپلىق قىلمايمەن». (خىزىر) ئېيتتى: «ئەگەر سەن ماڭا ئەگەشسەڭ، (يولۇققان ئىش توغرىسىدا) مەن ئۇنى ساڭا سۆزلەپ بەرگىچە ئۇنىڭدىن سورىما (يەنى ئۆزەم سۆزلەپ بەرمىگىچە قىلغان ئىشلىرىمدىن سورىما)»﴾.

ئەگەر ئۇ پەيغەمبەر ئەمەس، ئەۋلىيا بولغان بولسا، مۇسا ئۇنىڭغا بۇنداق خىتاب قىلمىغان، ئۇمۇ مۇساغا بۇنداق جاۋاب بەرمىگەن بولاتتى.

3 ـ خىزىر ئۇ بالىنى اللە تىن كەلگەن ۋەھيى ۋە ئەمىر بىلەن ئۆلتۈرگەن بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ پەيغەمبەر ۋە گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ئوچۇق دەلىل. چۈنكى ئەۋلىيالارنىڭ ئىنسانلارنى ئېسىگە كەلگەن بىر ئىش ئۈچۈنلا ئۆلتۈرۈشى جائىز ئەمەس. چۈنكى ئۇنىڭ خاتىرىسى ئۇنىڭ گۇناھسىزلىقىنى كۆرسەتمەيدۇ (ياكى گۇناھكار ئەمەسلىكىنى ئاقلىيالمايدۇ). پەقەتلا بىرلەشكەن ھالدا خاتالىشىش جائىزدۇر...

شۇڭا خىزىرنىڭ بالىنى ئۆلتۈرۈشى ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە دەلىلدۇر.

4 ـ خىزىرنىڭ مۇساغا دېگەن سۆزى:

﴿بۇ پەرۋەردىگارىڭنىڭ (ئۇلارغا قىلغان) رەھمىتىدۇر، ئۇنى (يەنى يۇقىرىدىكى ئۈچ ئىشنى) مەن ئۆز خاھىشىم بويىچە قىلغىنىم يوق (بەلكى ئۇنى اللە نىڭ ئەمرى ۋە ئىلھامى بىلەن قىلدىم)﴾.

يەنى مەن بۇلارنى ئۆزلىگىدىن قىلمىدىم. ماڭا اللە تەرىپىدىن ئەمر قىلىندى ۋە ۋەھيى قىلىندى.

---

سۈرە كەھف 65 ـ ئايەت.
سۈرە كەھف 66 ـ 70 ـ ئايەتكىچە.
سۈرە كەھف 82 ـ ئايەت.

ئالىم ۋە ئۆلىمالار خىزىرنىڭ «ئەۋلىيا»لىقىدىن «پەيغەمبەر» ئېھتىماللىقىنىڭ كۈچلۈكلىكىگە بىرلىككە كەلدى.

ئابدالەر، زاھىدلار ۋە تەسەۋۋۇپچىلار ئۇنى اللە نىڭ ئەۋلىيالىرىدىن بىرى دېگەن كۆز قاراشتا بىرلىككە كەلدى.

تەسەۋۋۇپچىلار ئۇنىڭ بەزى سۆزلىرىنى رىۋايەت قىلىشقان. ۋەھىب ئىبنى مۇنەببىھ مۇنداق دېگەندى:

«خىزىر مۇنداق دەيدۇ: ئى مۇسا! ئىنسانلار دۇنيادا اللە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ دەرىجىسى بويىچە ئازاب كۆرىدۇ (چېكىدۇ).»

بېشر ئىبنى ئەل فارس ئەل خافى مۇنداق دېگەن: «مۇسا خىزىرغا: ماڭا نەسىھەت قىلغىن، ـ دېدى. خىزىر ئۇنىڭغا: اللە سېنى ئۆزىگە ئىتائەت قىلىشقا مۇيەسسەر قىلسۇن، ـ دېدى.

ئالىملار ۋە ئۆلىمالار خىزىر ھەققىدە بىر قانچە قاراشقا كېلىپ، ھەر تەرەپ ئۆز قارىشىنى كۈچلەندۈردى.

بۇ ئىختىلاپ ئالىملارنىڭ ئۆزلىرىنى پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسى ۋە شەرىئەت ئەھلى دەپ قارىغانلىقىدىن، شۇنداقلا، تەسەۋۋۇپچىلارنىڭمۇ ئۆزلىرىنى خىزىر ۋەكىللىك قىلغان ھەقىقەت ئەھلى دەپ قارىغانلىقىدىن كېلىپ چىقتى.

بىز بۇ ئىشقا ھەيران بولغانلىقىمىز ۋە ئېنىق بىر مەلۇماتقا ئېرىشەلمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن ئۇنىڭ ھەققىدە پىكىر قىلىشتىن ۋاز كېچىمىز. اللە غا خاس ئىلىمگە ئاساسەن ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە قوشۇلىمىز. ئەمما قۇرئاندا ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە دائىر كەسكىن ھۆكۈم يوق. كۆز ئالدىمىزدا: ئۇ اللە نىڭ ئۆزىگە خاس ئىلمىنىڭ بىر قىسمى بېرىلگەن بىر ئەۋلىيا، ـ دەپ توسقۇنلۇق قىلىدىغان ئۇچۇق ئايەتمۇ يوق. بەلكى ئۇنىڭ سالاھىيىتى ھەققىدىكى بۇ مەخپىيەتلىك. قىسسە ئەسلى مەقسىتىگە خىزمەت قىلىش ئۈچۈن قەستەن ساقلانغاندۇر. بىز بۇ توغرىدا ئەۋزەيلەپ كەتمەيمىز. بىر مەزگىل مۇسانىڭ ئۇستازى بولغانلىقى ئۈچۈن، اللە نىڭ پەيغەمبەرلىرى قاتارىدا كۆرسەكمۇ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەر ياكى ئەۋلىيالىقىنى مۇنازىرىلەشسەكمۇ، بۇ ھەقتىكى پىكرىمىزدىن چەتنەپ كەتمەيمىز.

## مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ كېيىن كەلگەن ئىسرائىل ئەۋلادىغا مەنسۇپ پەيغەمبەرلەر

مۇسا بىلەن بىللە بولغانلار (ئىككى كىشىدىن باشقىسى) چۆلدىن چىقمىدى... ئۇ ئىككى كىشى، ئىسرائىل ئەۋلادى ئىچىدىكى زوراۋانلارنىڭ شەھرىگە كىرىشنى تەۋسىيە قىلغان كىشىلەردۇر.

مۇپەسسىرلەر ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ يۇشەئ ئىبنى نۇن ئىكەنلىكىنى ئېيتىشىدۇ.

بۇ، مۇسا بىلەن خىزىرنىڭ قىسسىسىدىكى ياش بولۇپ، ئۇ ئەمدى ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ پەيغەمبەرلىرىدىن بىرى ۋە الله كىرىشنى بۇيرىغان يەرگە كىرگەن قوشۇننىڭ قوماندانى بولغان ئىدى. الله مۇساغا ئىسرائىل ئەۋلادىدىن ئەسكەر ئېلىشنى ۋە ئۇلارغا سەركەردە قويۇشنى ئەمر قىلغان ئىدى.

﴿شۈبھىسىزكى، الله ئىسرائىل ئەۋلادىدىن مەھكەم ئەھدە ئالدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن (يەنى ئۇن ئىككى ئايماقنىڭ ھەربىرسىدىن بىردىن) ئۇن ئىككى باشلىقنى (كېپىللىك ئۈچۈن جەببارلارغا يەنى ئەمالىقەلەرگە) ئەۋەتتۇق ھەمدە الله: «مەن سىلەرگە ياردەم بېرىمەن، (ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! الله بىلەن قەسەمكى) ئەگەر سىلەر نامازنى (تەئدىل ئەركان بىلەن) ئۆتىسەڭلار، زاكات بەرسەڭلار، پەيغەمبەرلىرىمگە ئىمان ئېيتساڭلار ۋە ئۇلارغا ياردەم بەرسەڭلار، الله قا قەرزىي ھەسەنە بەرسەڭلار (يەنى الله نىڭ يولىدا پۇل ـ مېلىڭلارنى سەرپ قىلساڭلار)، ئەلۋەتتە سىلەرنىڭ گۇناھىڭلارنى يوققا چىقىرىمەن، سىلەرنى ئەلۋەتتە ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىمەن. شۇنىڭدىن (يەنى مەھكەم ئەھدىدىن) كېيىن سىلەردىن كىمكى (ئەمر قىلغان نەرسىلىرىمنى) ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇ ئەلۋەتتە توغرا يولدىن ئازغان بولىدۇ» دېدى﴾.

شۇنداق قىلىپ، ۋەدىنىڭ الله قا بەرگەن ئەھدىلىرىگە ئۇيغۇن بولۇشىنى، ئۇرۇشتىن قاچماسلىقنى، ناماز ئۆتەپ، زاكات بېرىشنى ۋە الله تەۋرات چۈشۈرۈپ بەرگەن مۇسادىن باشلاپ، تەۋراتتا الله خۇش خەۋىرنى بەرگەن مۇھەممەدكىچە پۈتۈن پەيغەمبەرلەرگە ئىشىنىشنى شەرت قىلغان ئىدى. تەۋرات ئۇ زاماندا ئۆزگەرتىلىپ بۇزۇلمىغان، ھەقىقىي، ئەسلى ھالىتىدە ئىدى.

...

يۇشەئ ئىبنى نۇن ئىسرائىل ئەۋلادىنى چۆلدىن چىقىرىپ، مۇقەددەس تۇپراققا قاراپ ئېلىپ ماڭدى.

ئۇلارنى ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتكۈزۈپ ئەرىھا شەھرىگە ئېلىپ كەلدى. ئەرىھا سېپىللىرى مۇستەھكەم، سارايلىرى ئېگىز ۋە نوپۇسى كۆپ شەھەرلەردىن بىرى ئىدى. بۇ يەرنى ئالتە ئاي كاناي چېلىپ تۇرۇپ قورشىغان ئىدى. بىر كۈنى سېپىلغا دەز كېتىپ

سۈرە مائىدە 12 ـ ئايەت.

ئۆرۈلۈپ چۈشتى. تۈنجى قېتىملىق ئۇرۇشىدا قوللانغان ئۇسۇلىنىڭ ھەيران قالارلىق دەرىجىدە ئىلغار ئىكەنلىكىنى. يەنى تۈنجى قېتىم ئۇرۇشتا ئاۋاز كۈچىدىن پايدىلانغانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز. كانايلاردىن چىققان ئاۋاز بىلەن شەھەر سېپىلى تەۋرىنىپ ئۆرۈلگەن ئىدى. يۇشەئ ئىبنى نۇننىڭ بۇنداق قىلىشىنى الله ۋەھيى قىلغانمۇ ياكى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ پىكرىمۇ ۋە ياكى تاسادىپىي بولغانمۇ بۇنى بىلمەيمىز. ئۇلار ئالتە ئايغىچە داۋاملىق كاناي چېلىپ قورشىغاچقا، بىر كۈنى سېپىلنىڭ ئۆرۈلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

بەزى ئەپسانىلەردە يۇشەئ ئىبنى نۇن مۇقەددەس يەرنى ئالغانغا قەدەر قۇياشنىڭ ئايلىنىشتىن ۋاز كەچكەنلىكى سۆزلىنىدۇ. بۇلار خەلق تەسەۋۋۇرىنىڭ يەھۇدىيلار ئۈچۈن ئويدۇرۇپ چىقارغان چۆچەكلىرى بولۇپ، مۇنازىرىلىشىپ ئولتۇرۇشقا ئەرزىمەيدۇ. قۇياش ۋە ئاي الله نىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەردىن ئىككىسى بولۇپ، بىرەر كىشىنىڭ ئۆلۈش ياكى ياشىشى بىلەن ئايلىنىشتىن توختاپ قالمايدۇ. گەرچە ئىسرائىل ئەۋلادى بۈيۈك مۆجىزىلەرنى كۆرگەن بولسىمۇ. ئەمما ھەممىسى كائىنات قانۇنىغا خىلاپ بولمىغان مۆجىزىلەر ئىدى. شۇنداقلا. بۇ مۆجىزىلەرنىڭ ئىچىدە قۇياش ياكى ئايغا مۇناسىۋەتلىك مۆجىزىمۇ يوق. مۆجىزىلەر زېمىن، دېڭىز ياكى تاغلارنىڭ تەسەررۇپ قىلىنىشىدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ.

الله ئىسرائىل ئەۋلادىغا شەھەرگە سەجدە قىلغان ھالدا كىرىشنى بۇيرىدى. يەنى، غەلىبىنى نېسىپ قىلغانلىقى ئۈچۈن الله قا شۈكرى قىلىپ باشلىرىنى ئەگكەن ھالدا كىرىشنى ئەمر قىلدى. ئۇلارغا كىرىش ۋاقتىدا: ”گۇناھىمىزنى كەچۈرگىن!“ يەنى: ”بىزنىڭ بۇرۇنقى (ئۆتكەن) گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرگىن ۋە بىزنى ئۆتكەن ئاتىلىرىمىزنىڭ قىلمىشلىرىدىن يىراق قىلغىن“ دېيىشى بۇيرۇلدى.

ئىسرائىل ئەۋلادى ھەم سۆزى ھەم ھەرىكىتى بىلەن بۇيرۇققا قارشى چىقتى.

شەھەر دەرۋازىسىدىن ھاكاۋۇرلۇق ۋە كىبىر بىلەن كىرىشتى. دېيىشكە بۇيرۇلغان سۆزنى باشقا سۆزگە ئۆزگەرتىۋەتتى. بۇ قىلمىشى سەۋەبى بىلەن الله نىڭ ئازابى چۈشتى. ئاتىلىرىنىڭ گۇناھى قورقۇنچاقلىق بولسا، ئوغۇللىرىنىڭ گۇناھى كىبىرلىك ۋە تۆھمەتخورلۇق ئىدى.

ئۇلۇغ الله مۇنداق دەيدۇ:

﴿ئۆز ۋاقتىدا (بىز ئۇلارغا) (يەنى بەنى ئىسرائىلنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىغا): «سىلەر بۇ شەھەر (يەنى بەيتۇلمۇقەددەس) دە تۇرۇڭلار، ئۇ يەردىكى يېمەكلىكلەردىن خالىغىنىڭلارچە يەڭلار، شەھەر دەرۋازىسىدىن سەجدە قىلغان ھالدا كىرىڭلار، (كىرىۋاتقان چېغىڭلاردا) ئى الله! گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرگىن، دەڭلار،جىمى گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىمىز، ياخشىلىق قىلغۇچىلارغا (ساۋابىنى) زىيادە بېرىمىز» دېدۇق ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى زالىملار

ئۇلارغا ئېيتىلغان سۆزلەرنى (يەنى الله نىڭ ئەمرىنى) باشقا سۆزلەرگە ئۆزگەرتىۋەتتى. ئۇلار زۇلۇم قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلارغا ئاسماندىن ئازاب ئەۋەتتۇق﴾ .

بۇ، ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ قىلغان گۇناھىنىڭ تۈنجىسىمۇ ئەمەس، ئاخىرقىسىمۇ ئەمەس ئىدى. ئۇلار مۇسادىن كېيىنكى پەيغەمبەرلىرىگە كۆپ ئەزىيەت بەرگەن بولۇپ، قوللىرىدىكى تەۋراتنىڭ ئازراق بىر قىسمىنى ئاشكارىلاپ، كۆپ قىسمىنى يوشۇرۇۋالغان ئىدى. بۇ ئويۇنلار ئېتىقادلىرىغىچە يېتىپ بارغان ئىدى. قۇرئاندا ئۇلار ھەققىدە مۇنداق دېيىلگەن:

﴿ئۇلار الله نى ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇمىدى. ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار) ئۆز ۋاقتىدا: «الله ھېچ كىشىگە ھېچ نەرسە نازىل قىلمىدى» دېدى (يەنى ۋەھيىنى ۋە پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدى). (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «مۇسا ئېلىپ كەلگەن ۋە كىشىلەرگە نۇر، ھىدايەت بولغان كىتابنى كىم نازىل قىلدى؟ ئۇ كىتابنى پارچە ـ پارچە قەغەزلەرگە كۆچۈرۈپ، بىر قىسمىنى ئاشكارىلاپ، كۆپ قىسمىنى يوشۇرىسىلەر. (ئى يەھۇدىيلار!) سىلەرگە ئۆزەڭلار ۋە ئاتا ـ بوۋاڭلار بىلمىگەن نەرسىلەر بىلدۈرۈلدى، (بۇ قۇرئاننى) الله (نازىل قىلدى)». ئاندىن ئۇلارنى تەرك ئەتكىنكى، ئۇلار باتىللىرىدا (يەنى قالايمىقان سۆزلىرىدە) ئويناپ يۈرسۇن﴾. □

خىتاب ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ياشىغان ئىسرائىل ئەۋلادىغا ئۇيغۇن كېلەتتى. ئىسرائىل ئەۋلادى بۇرۇندىن تارتىپ ئەھۋالغا قاراپ، ئازغىنە مەنپەئەت ئۈچۈن بەزىلىرىنى يوشۇرۇپ، بەزىلىرىنى ئاشكارىلىغاچقا، تەۋرات ئۆزگەرتىلىشتىن قۇتۇلالمىغان ئىدى. بۇ ئىنكارچىلىق بەنى ئىسرائىلنىڭ بېشىغا كەلگەن جازالارنىڭ سەۋەبچىسى ئىدى.

ئىسرائىل ئەۋلادى ئۆزلىرىگە تەكرار زۇلۇم قىلىشقا باشلىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى الله نىڭ تاللانغان قەۋمى دەپ ھېسابلىشىپ، ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتىن قورقمايدىغان بولۇۋېلىشتى. خاتالىرى ۋە گۇناھى ئېغىرلاشتى. گۇناھلار كىتابتىن كېيىن، پەيغەمبەرلەرگە ھۇجۇم قىلىشقا ئۆتۈپ، پەيغەمبەرلەردىن بەزىلىرىنى ئۆلتۈردى.

﴿پەيغەمبەرلەرنى ناھەق ئۆلتۈرگەنلىكلىرى﴾. □

الله ئۇلارغا پەيغەمبەرلەرنىڭ رەھمىتىدىن كېيىن، زوراۋان (زالىم) ھۆكۈمدارلارنىڭ ئازابىنى ئەۋەتتى. ئۇ ھۆكۈمدارلار ئىسرائىل ئەۋلادىغا زۇلۇم سالاتتى ۋە قانلىرىنى تۆكەتتى. الله ئۇلارغا دۈشمەنلىرىنى ئەۋەتتى ۋە دۈشمەنلىرى ئۇلارنىڭ ئادەم ۋە ماللىرىنى قولغا چۈشۈردى.

ئۇلارنىڭ يېنىدا مىساق (ۋەدە، ئەھدە) ساندۇقى (تائۇت ساندۇقى) بولۇپ، بۇ مۇسا ۋە ھارۇندىن مىراس قالغان نەرسىلەر ساقلانغان ساندۇق ئىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا،

□ سۈرە ئەئراف 161 ـــ 162 ـ ئايەتلەر.
□ سۈرە ئەنئام 91 ـ ئايەت.
□ سۈرە نىسا 155 ـ ئايەت.

مۇساغا چۇشۇرۇلگەن تەۋرات لەۋھەلىرىنىڭ ئۈز پىتچە ساقلىنىپ قالغان بەزى نۇسخىلىرىمۇ بۇ ساندۇقتا ئىدى. بۇ ساندۇق ئۇلارغا هاياتتا ۋە جەڭلەردە بەرىكەت ئاتا قىلاتتى.

جەڭلەردە بۇ ساندۇق ئۇلارنىڭ يېنىدا بولسا، ئۇلارنى هۇزۇر ۋە جەڭگىۋار روهقا ئىگە قىلىپ غەلىبىگە يېتەكلەيتتى.

لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلىپ تەۋراتنىڭ ئۆزىدىن چەتنەپ كەتكەچكە، ئەمدى ئۇنىڭ يانلىرىدا بولۇشىنىڭ (ئۇنى يانلىرىدا تۇتۇشنىڭ) قىلچە ئەهمىيىتى يوق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مىساك ساندۇقنى تارتقۇزۇپ قويۇشتى. ئۇ بىر جەڭدە مەغلۇپ بولغانلىرىدا غايىب بولغان ئىدى. قىلغان گۇناهلىرى، كىشىنى غەزەپلەندۈرىدىغان سوئال سوراشلىرى ۋە ئۆزلىرىگە قىلغان زۇلۇملىرى سەۋەبىدىن ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئەهۋالى يامانلاشتى.

ئارىدىن زامانلار ئۆتتى...

ئۇلارنى بۇيۇك (ئېغىر) گۇناهلار سەۋەبىدىن چۇشۇپ كەتكەن چوڭقۇر ئازگالدىن تارتىپ چىقىرىدىغان بىر پەيغەمبەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە بولغان ئارزۇ - ئېهتىياج هەسسىلەپ ئاشتى...

# داۋۇد ئەلەيھىسسالام

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن كۆپ يىللار ئۆتتى. بۇ ۋاقىتتا بەزى پەيغەمبەرلەر كەلدى ۋە ئۇلارمۇ ۋاپات بولۇپ كەتتى. مۇسادىن كېيىنكى ئىسرائىل ئەۋلادى يېڭىلدى. تەۋرات زېھىنلەردىن كۆتۈرۈلۈپ قولغا ئېلىنمىغاچقا، مۇقەددەس كىتابى تەۋراتنى يوق قىلىپ قويۇشتى.

دۈشمەنلەر مىساك (ئەھدە) ساندۇقىنى تارتىۋالغان ئىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە مۇسا ۋە ھارۇن ئائىلىسىدىن قالغان نەرسىلەر بار ئىدى. ئىسرائىل ئەۋلادى پەرىشان ھالدا يۇرتلىرىدىن ۋە تۇپراقلىرىدىن قوغلاندى، ۋەيرانە بولدى. لاۋى جەمەتىدىن پەيغەمبەرلىك ئۈزۈلدى. بۇ نەسلىدىن پەقەت بىر ئاياللا ھامىلدار ئىدى. ئۇ بىر ئوغۇل تىلەپ الله قا يالۋۇردى. بىر ئوغۇل تۇغدى ۋە ئەشمۇئىل ئىسمىنى قويدى. بۇ ئىبرانىيچە "ئىسمائىل" يەنى: "الله دۇئايىمنى قوبۇل قىلدى" دېگەنلىك ئىدى... بالا چوڭ بولغاندا ئۇنى ئىبادەتخانىغا ئاپىرىپ، ياخشىلىقنى ۋە بەندىلىكنى ئۆگىنىشى ئۈچۈن ياخشى بىر ئادەمگە تاپشۇردى.

بالا ئۇنىڭ يېنىدا قالدى ۋە شۇ يەردە بالاغەتكە يەتتى. بىر كېچىسى ئۇخلاۋېتىپ، ئىبادەتخانىنىڭ بىر تەرىپىدىن كەلگەن ئاۋازنى ئاڭلىدى. چۆچۈپ ئويغىنىپ، "شەيخ چاقىرغان بولۇشى مۇمكىن" دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭ يېنىغا يۈگۈردى.

- مېنى چاقىردىڭىزمۇ؟

شەيخ ئۇنىڭ قورقۇشنى خالىمىغاچقا: ھەئە، ھەئە.... دەپلا قايتا ياتتى.

ئاۋاز ئۇنىڭغا ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى قېتىم ئاڭلاندى.

دىققەت قىلىپ بىلدىكى، ئۇنى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام چاقىرىۋاتاتتى:

- رەببىڭ قەۋمىڭگە سېنى ئەۋەتتى.

ئىسرائىل ئەۋلادى بىر كۈن بۇ پەيغەمبەردىن سورىدى:

- بىز مەزلۇممۇ(ناھاقچىلىققا ئۇچرىدۇقمۇ)؟

- ھەئە، - دېدى ئۇ.

- بىز ۋەيران ھالەتتىمۇ؟

- ھەئە.

- بىزنى بىر بايراق ئاستىغا توپلايدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتىلسە، الله يولىدا ئۇرۇشۇپ، تۇپراقلىرىمىزنى ۋە غۇرۇرىمىزنى قايتۇرۇۋالاتتۇق، - دېيىشتى ئۇلار.

ئۇلارنى ياخشى چۈشىنىدىغان پەيغەمبىرى:

- سىلەرگە جىھاد قىلىش بۇيرۇلسا، راستىنلا جەڭ قىلامسىلەر؟ - دېدى.

- ئاللاھ يولىدا نېمىشقا ئۇرۇشمايلى؟ نېمىشقا ئۇرۇشمايدىكەنمىز؟ بىزنى يۇرتىمىزدىن قوغلىدى. بالىلىرىمىز پەرىشان بولدى ۋە ئەھۋالىمىز يامانلاشتى، - دېيىشتى ئۇلار.

- ئاللاھ سىلەرگە تالۇتنى پادىشاھ قىلىپ ئەۋەتتى، - دېدى پەيغەمبەر.

- تالۇت باي بولمىسا ۋە ئارىمىزدا ئۇنىڭدىن چوڭ بايلار بار تۇرسا، پادىشاھلىققا بىز ئۇنىڭدىن بەكرەك لايىق تۇرساق، ئۇ قانداقلارچە بىزنىڭ ھۆكۈمرانىمىز بولىدۇ؟ - دېيىشتى ئۇلار.

- ئاللاھ سىلەر ئۈچۈن ئۇنى تاللىدى. ئۇنى بىلىملىك ۋە كۈچلۈك قىلدى. ئاللاھ ھۆكۈمدارلىقنى خالىغان كىشىگە بېرىدۇ، - دېدى پەيغەمبەر.

- ئۇنىڭ ھۆكۈمدارلىقىنىڭ ئالامىتى قانداق؟ - دەپ سورىدى ئۇلار.

- دۈشمەن سىلەردىن تارتىۋالغان تەۋرات سىلەرگە قايتۇرۇلىدۇ. ئۇنى سىلەرگە پەرىشتىلەر ئەكېلىدۇ. بۇ ئۇنىڭ پادىشاھلىقىنىڭ ئالامىتى، - دېدى پەيغەمبەر.

بۇ مۆجىزە ئەمەلگە ئېشىپ تەۋرات بىر كۈن ئۇلارغا قايتىپ كەلدى.

تالۇت جالۇت بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن قوشۇن توپلاپ ھازىرلاندى. جالۇت ھېچكىم يېڭەلمىگەن ۋە تۇتالمىغان زالىم بىر جەڭچى ئىدى.

ئەلقىسسە، تالۇتنىڭ قوشۇنى ھازىرلىنىپ، چۆلدە ۋە تاغلارنىڭ ئارىسىدا ئۇزۇن يول يۈردى. ئەسكەرلەر ئۇسسىدى. ھۆكۈمدار تالۇت ئەسكەرلىرىگە: يولدا ئالدىمىزغا بىر دەريا ئۇچرايدۇ. ئەگەر كىم ئۇنىڭ سۈيىدىن ئىچسە، قوشۇندىن ئايرىلسۇن. ئۇنىڭدىن قانغىچە ئىچمەي، قولى بىلەن تىلىنى نەملىگەنلەر مەن بىلەن قالسۇن، - دېدى.

دەرياغا كەلگەندە، ئەسكەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى سۇ ئىچتى ۋە قوشۇندىن ئايرىلدى. تالۇت قايسى ئەسكەرلىرىنىڭ ئىرادىسى كۈچلۈك ۋە سۇسىزلىققا چىدامىلىق، قايسىلىرىنىڭ ئاجىز ئىرادىلىك ۋە تەسلىم بولۇشقا مايىل ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن بۇ ئىمتىھاننى تەييارلىغان ئىدى. تالۇت ئۆز - ئۆزىگە دېدى:

- ئەمدى قورقۇنچاقلار ئاشكارىلاندى. يېنىمدا پەقەتلا جەسۇرلار قالدى.

قوشۇننىڭ سانى ئازلىدى. ئەمما قوشۇندا مۇھىم بولغىنى سان ۋە قورال ئەمەس، ئەكسىچە ئىمان ۋە جاسارەت ئىدى.

ھەل قىلغۇچ ۋاقىت كېلىپ، تالۇتنىڭ قوشۇنى - دۈشمىنى جالۇتنىڭ قوشۇنى بىلەن ئۇچراشتى.

تالۇت قوشۇنىنىڭ سانى ئاز، جالۇتنىڭ ئەسكەرلىرى كۆپ ۋە كۈچلۈك ئىدى. تالۇتنىڭ بەزى ئاجىز ئەسكەرلىرى:

- بۇ كۈچلۈك قوشۇننى قانداق يېڭەرمىز؟ - دېيىشتى.

تالۇتنىڭ ئىرادىلىك ئەسكەرلىرى:

- قوشۇندا مۇھىم بولغىنى ئىمان ۋە جاسارەتتۇر. - دېدى.

قانچىلىغان ئاز قوشۇن الله نىڭ ئىرادىسى بىلەن نۇرغۇن چوڭ قوشۇندىن ئۈستۈن كەلگەن ئىدى.

ئۇلۇغ الله مۇنداق دېگەنىدى:

﴿ساڭا مۇسا (ۋاپاتى) دىن كېيىن ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بولغان بىر جامائەنىڭ خەۋىرى يەتمىدىمۇ؟ ئۇلار ئۆز ۋاقتىدا ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبىرىگە: «بىزگە پادىشاھ تىكلەپ بەرگىن، (ئۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلەرگە قارشى) الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلايلى» دېيىشتى. پەيغەمبەر: «سىلەرگە جىھاد پەرز قىلىنسا جىھاد قىلماي قالارسىلەرمۇ؟» دېدى. ئۇلار: «يۇرتلىرىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان ۋە ئوغۇللىرىمىزدىن جۇدا قىلىنغان تۇرساق قانداقمۇ الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلمايلى؟» دېدى. ئۇلارغا جىھاد پەرز قىلىنغان چاغدا، ئازغىنىسىدىن باشقا ھەممىسى جىھادتىن باش تارتتى. الله زالىملارنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر. پەيغەمبىرى ئۇلارغا: «الله ھەقىقەتەن سىلەرگە تالۇتنى پادىشاھ قىلىپ ئەۋەتتى» دېدى. ئۇلار (پەيغەمبىرىگە ئېتىراز بىلدۈرۈپ): «ئۇ قانداقمۇ بىزگە پادىشاھ بولىدۇ. (ئارىمىزدا پادىشاھ ئەۋلادلىرى بولغانلىقتىن) پادىشاھلىققا بىز ئۇنىڭدىن ھەقلىقمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ مال - مۈلكى كۆپ بولمىغان تۇرسا» دېدى. پەيغەمبەر: «الله ھەقىقەتەن سىلەرگە (پادىشاھ قىلىشقا) ئۇنى ئىختىيار قىلدى. ئۇنىڭ ئىلمىنى زىيادە ۋە بەدىنىنى قابىل قىلدى. الله سەلتەنەتنى خالىغان ئادەمگە بېرىدۇ. الله (نىڭ پەزلى) كەڭدۇر، (ئۇنىڭغا كىمنىڭ لايىق بولىدىغانلىقىنى) ئوبدان بىلىدۇ» دېدى. ئۇلارغا پەيغەمبىرى ئېيتتىكى، «ئۇنىڭ پادىشاھلىقىنىڭ ئالامىتى شۇكى، سىلەرگە بىر ساندۇق كېلىدۇ. ئۇنىڭدا رەببىڭلار تەرىپىدىن سىلەرنى تەسكىن تاپقۇزىدىغان نەرسە ۋە مۇسانىڭ، ھارۇننىڭ تەۋەلىرى قالدۇرۇپ كەتكەن نەرسىلەر (يەنى مۇسانىڭ ھاسىسى، كىيىمى ۋە تەۋرات يېزىلغان بەزى تاختىلار) قاچىلانغان بولىدۇ. ئۇنى پەرىشتىلەر كۆتۈرۈپ كېلىدۇ. ئەگەر (الله غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان) بولساڭلار، بۇنىڭدا (يەنى تابۇتنىڭ نازىل بولۇشىدا الله نىڭ تالۇتنى سىلەرگە پادىشاھلىققا تاللىغانلىقىغا) ئەلۋەتتە سىلەر ئۈچۈن (روشەن) ئالامەت بار». تالۇت ئەسكەرلىرى بىلەن (بەيتۇلمۇقەددەستىن) ئايرىلغان چاغدا: «الله سىلەرنى بىر دەريا بىلەن سىنايدۇ، كىمكى ئۇنىڭدىن ئىچىدىكەن، ئۇ ماڭا تەۋە ئەمەس، كىمكى دەريا سۈيىنى تېتىمايدىكەن، ئۇ ھەقىقەتەن ماڭا تەۋەدۇر، ئۇنىڭدىن (ئۇسسۇزلۇقنى بىر ئاز بېسىش ئۈچۈن) ئىچكەن ئادەم (بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلغان بولمايدۇ)» دېدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئازغىنا كىشىدىن باشقا ھەممىسى ئۇنىڭدىن

ئېچتى. تالۇت ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقان كىشىلەر دەريادىن ئۆتكەن چاغدا (دۈشمەننىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈپ قورقۇنچقا چۈشۈپ. ئۇلارنىڭ بىر پىرقىسى): «بۈگۈن بىز جالۇت ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشۇشقا تاقەت كەلتۈرەلمەيمىز» دېدى. (تالۇتنىڭ تەۋەلىرىدىن) الله قا مۇلاقات بولۇشقا ئېتىقاد قىلىدىغانلار: «الله نىڭ ئىرادىسى بىلەن ئاز جامائە كۆپ جامائە ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ» دېدى. الله چىداملىق كۆرسەتكۈچىلەر بىلەن بىللىدۇر﴿.[1]

جالۇت تۆمۈر ساۋۇت كىيگەن هالدا ئوتتۇرىغا چىقتى. قىلىچ، پالتا ۋە خەنجەر بىلەن قوراللانغان جالۇت ئۆزى بىلەن دۇئېلغا چۈشكىدەك بىرىنى ئىزدەشكە باشلىدى. تالۇت ئەسكەرلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدىن قورقاتتى. بۇ چاغدا ئەسكەرلەر ئىچىدىن ياش بىر پادىچى دۇئېلغا چىقتى.

داۋۇد، الله قا ئىشىنەتتى. ئۇ الله ئېتىقادىنىڭ بۇ كائىناتتىكى ھەقىقىي كۈچ ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. داۋۇد ھۆكۈمدارى تالۇتتىن ئۆزىنىڭ جالۇت بىلەن دۇئېلغا چۈشۈشى ئۈچۈن ئىجازەت سوراپ كەلدى.

ھۆكۈمدار تۇنجى كۈنى رۇخسەت بەرمىدى. داۋۇد بىر ئەسكەر ئەمەس، پەقەتلا بىر پادىچى ئىدى. ئۇرۇش تەجرىبىسى، ھەتتا يېنىدا قىلىچمۇ يوق ئىدى. قورالى پەقەت پادىلىرىغا دەرەخلەردىن غازاڭ سىلكىپ بېرىدىغان تايىقى (چۇۋىق) ئىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، داۋۇد الله نىڭ بۇ دۇنيادىكى ھەقىقىي قۇۋۋەتنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكىنى بىلگەن ۋە الله قا ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن جالۇتتىن تېخىمۇ كۈچلۈك ئىدى. ئىككىنچى كۈنى، داۋۇد يەنە ئىجازەت سورىدى. ھۆكۈمدار بۇ قېتىم ئۇنىڭغا ئىجازەت بېرىپ، ئەگەر ئۇنى ئۆلتۈرسەڭ، قوشۇنغا قوماندان بولىسەن ۋە قىزىمغا ئۆيلىنىسەن، ـ دېدى.

داۋۇد بۇ تەۋسىيەگە بەك قىزىقىپ كەتمەيتتى، ئۇ پەقەت جالۇتنى ئۆلتۈرۈشنى نىيەت قىلغان ئىدى. چۈنكى جالۇت زوراۋان، زالىم دۈشمەن ۋە الله قا ئىشەنمەيدىغان بىرى ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، ھۆكۈمدار داۋۇدقا ئىجازەت بەردى. داۋۇد تايىقى، بەش تال تاش ۋە سالغا بىلەن جەڭگە چىقتى. قوراللىق ۋە ساۋۇت كىيگەن جالۇت بۇنى كۆرۈپ، داۋۇدنى كەمسىتىپ مەسخىرە قىلدى. ئۇنىڭ نامراتلىقىغا ۋە ئاجىزلىقىغا كۈلدى. داۋۇد سالغىسىغا تاش قويۇپ، ھاۋادا بىر نەچچە قېتىم چۆرگىلەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا قارىتىپ ئاتتى.

شاماللار الله نى سۆيىدىغان داۋۇدنىڭ دوستى ئىدى. شامال تاشنى ئۇچۇرتۇپ جالۇتنىڭ پېشانىسىگە ئۇردى. قوراللىق جالۇت يەرگە چۈشۈپ ئۆلدى. ياش پادىچى داۋۇد ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ قىلىچىنى ئالدى، ئىككى قوشۇن جەڭگە ئاتلاندى.

[1] سۈرە بەقەرە 246 ـ 249 ـ ئايەتكىچە.

بۇ، سەركەردىسى ئۆلتۈرۈلگەن ۋە قەلبىگە قورقۇنچ چۈشكەن قوشۇن بىلەن ئاددىي بىر پادىچى قوماندانلىقىدىكى قوشۇن ئوتتۇرىسىدىكى جەڭ ئىدى.

ئۇلۇغ الله مۇنداق دەيدۇ:

﴿ئۇلار جالۇت ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇچراشقان چاغدا: «پەرۋەردىگارىمىز! قەلبىمىزنى چىداملىقلىق بىلەن تولدۇرغىن، قەدەملىرىمىزنى (ئۇرۇش مەيدانىدا) ساباتلىق قىلغىن، كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن» دېدى. مۆمىنلەر الله نىڭ ئىرادىسى بىلەن كاپىرلارنى مەغلۇپ قىلدى، داۋۇد جالۇتنى ئۆلتۈردى. الله داۋۇدقا سەلتەنەتنى، ھېكمەتنى (يەنى پەيغەمبەرلىكنى) بەردى. ئۇنىڭغا خالىغان نەرسىلىرىنى (يەنى پايدىلىق ئىلىملەرنى) بىلدۈردى. الله ئىنسانلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسى بىلەن مۇداپىئە قىلىپ تۇرمىسا (يەنى كۈچلۈك تاجاۋۇزچىغا ئۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈك بولغان بىرسىنى ئاپىرىدە قىلمىسا) ئىدى، يەر يۈزى ئەلۋەتتە پاساتقا ئايلىناتتى (يەنى خارابلىققا يۈزلىنەتتى)، لېكىن الله (يامانلىقنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلماسلىق بىلەن) پۈتۈن جاھان ئەھلىگە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر﴾.[1]

داۋۇد جالۇتنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، قەۋمىنىڭ ئىچىدە تېزلا شۆھرەت، قازىنىپ ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئىچىدە ئەڭ مەشھۇر كىشىگە ئايلاندى. قوشۇن قوماندانى ۋە ھۆكۈمدارنىڭ كۈيئوغلى بولدى.

لېكىن داۋۇد بۇلارغا قىزىقمايتتى. شۆھرەت، شەرەپ، مەنسەپكە بېرىلمىدى. ئۇ الله سۆيگۈسىنىڭ قۇلى ئىدى.

داۋۇدقا پەۋقۇلئاددە گۈزەل بىر ئاۋاز بېرىلگەن ئىدى. داۋۇد تاتلىق ۋە مۆجىزە بولغان ئاۋازى بىلەن الله قا تەسبىھ ئېيتاتتى.

شۇنىڭ بىلەن، جالۇتنىڭ يېڭىلىشىدىن كېيىن، داۋۇد غايىب بولۇپ تەبىئەت قوينىغا قايتىپ كەتتى.

ئۇ يەردە، ساپ تەبىئەتنىڭ قۇچىقىدا يالغۇز ھالدا الله قا ئىبادەت قىلىپ، كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزەتتى.

ئۇلۇغ الله مۇنداق دېگەنىدى:

﴿بىز داۋۇدقا دەرگاھىمىزدىن ھەقىقەتەن پەزل (يەنى پەيغەمبەرلىك، زەبۇر، تاغلارنىڭ ۋە قۇشلارنىڭ بويسۇنۇشى، تۆمۈرنىڭ يۇمشاق بولۇپ بېرىشى، ساۋۇت ياساشنى بىلدۈرۈشلەر) ئاتا قىلدۇق. «ئى تاغلار! ئى قۇشلار! داۋۇد بىلەن بىرلىكتە تەسبىھ ئېيتىڭلار» (دېدۇق). تۆمۈرنى داۋۇدقا يۇمشاق قىلىپ بەردۇق. (بىز ئۇنىڭغا ئېيتتۇق) «مۇكەممەل ساۋۇتلارنى ياسىغىن، ساۋۇتلارنى ياساشتا (ھالقىلىرىنى بىر ـ بىرىگە)

[1] سۈرە بەقەرە 250 ــ 251 ـ ئايەتلەر.

تەكشى قىلغىن. (ئى داۋۇد ئائىلىسىدىكىلەر!) ياخشى ئىش قىلىڭلار، مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىمەن»﴾.

ئۇلۇغ اللە ئەنبىيا سۈرىسىدە مۇنداق دېگەنىدى:

﴿تاغلارنى، قۇشلارنى داۋۇد بىلەن تەسبىھ ئېيتىشقا مۇسەخخەر قىلدۇق، (شۇنداق قىلىشقا) بىز قادىر ئىدۇق. جەڭلەردە سىلەرنى (ياردار بولۇشتىن) ساقلاش مەقسىتىدە، داۋۇدقا سىلەر ئۈچۈن ساۋۇت ياساشنى ئۆگەتتۇق. سىلەر (بۇنىڭغا) شۈكۈر قىلامسىلەر؟ (يەنى شۈكۈر قىلىڭلار ۋە نېمەتنىڭ قەدرىنى بىلىڭلار)﴾.

دەرەخلەردىن قايناپ چىققان شەربەتلەر ئۇنىڭ خۇش ئاۋازلىق تەسبىھىگە جاۋاب بېرەتتى. تاغلار ئۇنىڭ تەسبىھ ئاۋازىدىن تىترەيتتى. ئىنسان ۋىجدانى بىلەن قۇشلار، ۋەھشي ھايۋانلار ۋە تاغلارنىڭ قىيالىرى ئارىسىدىكى پەردە كۆتۈرۈلگەن ئىدى.

بۇلارنىڭ ھەممىسى اللە قا تەسبىھ ۋە زىكىر قىلىپ تەڭ نەغمە قىلىشاتتى. داۋۇد باشقا مەخلۇقلارنىڭ ئاۋازىغا قوشۇلالايدىغان يېقىملىق بىر ئاۋازغا ئىگە بولۇپ، ھەتتا بىز ئۇنىڭ تاغلار ۋە قىيالارنىڭ ئەكس ساداسىدەك خۇش ئاۋازىنىڭ بارلىقىنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلالايمىز. داۋۇد ئولتۇرۇپ اللە قا تەسبىھ ئېيتقاندا... جانلىقلار جانسىزلار ئىچىدىن ئايرىلىپ، ئۇلارنىڭ اللە نىڭ ئۇلۇغلىقىنى مەدھىيىلەيدىغان سىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىراتتى. ئۇلار داۋۇدتىن چىققان نەغمىگە تەڭكەش قىلىشاتتى.

اللە داۋۇدنى پەيغەمبەر قىلىپ تاللىدى. ئۇنىڭغا زەبۇرنى بەردى. ئۇلۇغ اللە مۇنداق دېگەنىدى:

﴿داۋۇدقا زەبۇرنى ئاتا قىلدۇق﴾.

زەبۇر تەۋراتقا ئوخشاش مۇقەددەس كىتابتۇر. داۋۇد اللە نىڭ كىتابىنى ئوقۇپ، اللە قا تەسبىھ ئېيتسا، تاغلارمۇ بىرلىكتە تەسبىھ ئېيتاتتى. قۇشلارمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن توپلىناتتى.

ئۇلۇغ اللە مۇنداق دېگەنىدى:

﴿(دىندا) كۈچلۈك بەندىمىز داۋۇدنى ئەسلىگىن، ئۇ ھەقىقەتەن اللە قا ئىتائەت قىلغۇچى ئىدى. بىز ھەقىقەتەن تاغلارنى (داۋۇدقا) بويسۇندۇرۇپ بەردۇق، ئۇلار داۋۇد بىلەن ئەتىگىنى ـ ئاخشىمى تەسبىھ ئېيتاتتى. قۇشلارنىمۇ ئۇنىڭغا بويسۇندۇرۇپ بەردۇق، ئۇلارمۇ (تەرەپ ـ تەرەپتىن) توپلىنىپ، داۋۇد بىلەن بىللە تەسبىھ ئېيتاتتى، (تاغلارنىڭ، قۇشلارنىڭ) ھەممىسى اللە غا ئىتائەت قىلغۇچىدۇر. داۋۇدنىڭ سەلتەنىتىنى كۈچەيتتۇق،

---

سۈرە سەبەئ 10 ــ 11 ـ ئايەتلەر.
سۈرە ئەنبىيا 79 ـ 80 ـ ئايەتلەر.
سۈرە ئىسرا 55 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇنىڭغا ھېكمەت ۋە (ھەممە ئادەم چۈشىنىدىغان) روشەن سۆز ـ ئىبارىلەرنى ئاتا قىلدۇق﴾. [*]

چۆل ئۈپۈقلار بىلەن ئۇچراشمىغىدەك دەرىجىدە بىپايان كۆرۈنەتتى.

مانا داۋۇدنىڭ روزا تۇتىدىغان كۈنى كەلدى.

پادىشاھ بولغان پەيغەمبەر بىر كۈنى روزى تۇتۇپ بىر كۈنى تۇتمايتتى. بۇ، ”زاماننىڭ روزىسى“ دېيىلىدىغان روزىدۇر.

ئۇ، زەبۇردىن ئايەتلەر ئوقۇسا، ئۇنىڭ بىلەن بىللە تاغلارمۇ تەسبىھ ئېيتاتتى. ئۇنىڭ ئاۋازىنىڭ ئەكسى ئۇنىڭ ئاڭلىغۇچىسى بولماستىن، دەل ئۇ ئاۋازىنىڭ ئەكس ساداسىدىن ئىبارەت ئىدى. بەزىدە داۋۇد توختىسا، تاغلار تەسبىھنى تاماملايتتى. تاغلارلا ئەمەس، قۇشلارمۇ تەڭ تەسبىھ ئېيتاتتى. داۋۇد مۇقەددەس كىتابنى ئوقۇشقا باشلىسا، قۇشلار، ۋەھشىي ھايۋانلار ۋە دەرەخلەر ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلىناتتى. تاغلار تەسبىھكە جۆر بولاتتى.

تاغلارنىڭ ۋەياكى قۇشلارنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە تەسبىھ ئېيتىشىنىڭ بىردىنبىر سەۋەبى داۋۇدنىڭ دۇرۇستلىقىدىنلا ئەمەس ئىدى. ھەم باشقا مەخلۇقلارنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە تەسبىھ ئېيتىشىنىڭ بىردىنبىر سەۋەبىمۇ ئۇنىڭ ئاۋازىنىڭ يېقىملىقلىقى بولماستىن، الله قا ئىخلاس باغلىغان بۇ بۈيۈك پەيغەمبەرگە الله تەرىپىدىن بېرىلگەن مۆجىزە ئىدى.

بۇنىڭدىن باشقا، الله ئۇنىڭغا قۇشلارنىڭ ۋە ھايۋانلارنىڭ تىلىنى چۈشىنىش قابىلىيىتىنىمۇ بەرگەن ئىدى. ئۇ، بىر كۈنى ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئىككى قۇشقاچنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى ۋە ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىنى چۈشەندى. الله ئۇنىڭ قەلبىگە قۇشلارنىڭ ۋە ھايۋانلارنىڭ تىلىنى چۈشىنىدىغان نۇر سالغان ئىدى. داۋۇد ھايۋانلارنى ۋە قۇشلارنى سۆيەتتى، كۆيۈنەتتى. ئۇلارنى باقاتتى، كېسەل بولۇپ قالغانلىرىنى داۋالايتتى. قۇشلار ۋە ھايۋانلارمۇ ئۇنى سۆيەتتى ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشەتتى. الله داۋۇدقا قۇشلارنىڭ تىلىنى ئۆگىتىشتىن باشقا ھېكمەتنىمۇ ئۆگەتكەن ئىدى. الله داۋۇدقا بىر نەرسە ئۆگەتكىنىدە ياكى ئۇنىڭغا بىر مۆجىزە بەرگىنىدە، داۋۇدنىڭ الله قا بولغان سۆيگۈسى، شۈكرى، ئىمانى ۋە ئىبادىتى كۈچىيىپ باراتتى. ئاخىرىدا، ئۇ بىر كۈن روزا تۇتۇپ، بىر كۈن تۇتمايدىغان ھالغا كەلدى.

الله داۋۇدنى سۆيدى ۋە ئۇنىڭغا بۈيۈك ھۆكۈمدارلىق ئاتا قىلدى. ئۇ دەۋرىدىكى جەڭلەرنىڭ كۆپلۈكى قەۋمىنىڭ ئەڭ چوڭ مەسىلىلىرىدىن بىرى بولۇپ، تۆمۈرچىلەر ياسىغان تۆمۈر ساۋۇتلار بەك ئېغىر بولغاچقا، جەڭچىلەرنىڭ ئەركىن ھەرىكەت قىلىشىغا ياكى جەڭ قىلىشىغا بىئەپ ئىدى.

---

[*] سۈرە ساد 17 ــ 20 ـ ئايەتكىچە.

ئېتىشلارغا قارىغاندا، بىر كۈنى داۋۇد بۇ مەسىلىنى ئويلىغاچ ئالدىدىكى تۆمۈر پارچىسىنى قولى بىلەن ئويناپ ئولتۇراتتى. كېيىن قارىغۇدەك بولسا، قولى تۆمۈرگە پېتىپ كېتىۋاتاتتى. الله ئۇنىڭ ئۈچۈن تۆمۈرنى يۇمشىتىپ بەرگەن ئىدى. ئۇ دەرھال تۆمۈرنى كېسىپ ئۇنىڭدىن بىر - بىرىگە ئۇلىنىدىغان كىچىك شەكىللەر ياساشقا باشلىدى. پۈتكەندىن كېيىن ئالدىدا تۆمۈردىن ياسالغان يېڭى بىر ساۋۇت پەيدا بولدى. بۇ شۇنداق بىر تۆمۈر ساۋۇت ئىدىكى، ئۇنى كىيگەن جەڭچى ئەركىن ھەرىكەت قىلالايتتى. ۋۇجۇدىنى قىلىچ، پالتا ۋە خەنجەرلەردىن قوغدىيالايتتى. بۇ، ئۇ زاماندىكى مەۋجۇت ساۋۇتلارنىڭ ئەڭ ئىلغارى بولۇپ، تۆمۈر ھالقىلاردىن ياسالغان ئىدى. بۇ ھەقتە مۇنداق دېيىلگەن: «الله ئۇنىڭ ئۈچۈن تۆمۈرنى يۇمشاتتى». تۆمۈرنىڭ ئوتتا ئېرىيدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭدىن مىڭلارچە شەكىل ياسىغىلى بولىدىغانلىقىنى تۇنجى كەشىپ قىلغان كىشى داۋۇد ئەلەيھىسسالامدۇر.

بىز بۇ پىكىرگە بەكرەك ئىشىنىمىز.

داۋۇد الله قا شۈكۈر قىلىپ سەجدىگە بېشىنى قويدى.

شۇنىڭ بىلەن، يېڭى ساۋۇتلار كۆپلەپ ياسىلىشقا باشلاندى. بۇ ساۋۇتلارنى كىيگەن داۋۇدنىڭ ئەسكەرلىرى زەرەر كۆرمىدى. داۋۇدنىڭ دۈشمەنلىرى (دۈشمەن ئەسكەرلىرى) قىلىچلارنىڭ بۇ ساۋۇتلارغا ئۆتمەيۋاتقانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ ساۋۇتلىرىنىڭ ئېغىر بولغانلىقىنىڭ ئۈستىگە قىلىچلارنى توسۇپ قالالمايۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشتى.

داۋۇد قوشۇنى دۈشمەنلىرى بىلەن قىلغان ھەر جەڭدە غەلىبە قىلاتتى. داۋۇد بۇ غەلىبىلەرنىڭ الله نىڭ ئىرادىسى ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، الله قا بولغان شۈكرى تەسبىھ ۋە سۆيگۈسى تېخىمۇ ئېشىپ باراتتى.

الله پەيغەمبەرلىرىدىن ۋەياكى بەندىلىرىدىن بىرىنى سۆيسە، ئۇنى ئىنسانلارغا سۆيدۈرەتتى ۋە ئۇنى يەر يۈزىدە ئابرۇيلۇق قىلاتتى. قۇشلارنىڭ، ھايۋانلارنىڭ ۋە تاغلارنىڭ سۆيگۈنىگە ئوخشاش، ئىنسانلارمۇ داۋۇدنى سۆيەتتى.

يەنى داۋۇد ئۇ زاماندىكى ئىنسانلار، قۇشلار ۋە تاغلار ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان بەندە ئىدى.

بۇلارنى كۆرگەن ھۆكۈمدارنىڭ ئىچىدە ھەسەت ئوتى پەيدا بولۇشقا باشلىدى. داۋۇدقا يامانلىق قىلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن قوشۇن توپلىدى. داۋۇد ھۆكۈمدارنىڭ ھەسەتخورلۇق قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشمىدى. پەقەت بىر كېچىسى ئۇخلاۋاتقان ھۆكۈمدارنىڭ قىلىچىنى ئېلىپ كىيىمىنىڭ بىر پارچىسىنى كەستى - دە، ھۆكۈمدارنى ئويغىتىپ:

- ئى ھۆكۈمدار! سەن مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولدۇڭ. لېكىن مەن ساڭا ئۆچ ئەمەس ھەم سېنى ئۆلتۈرمەكچىمۇ ئەمەس، ئەگەر سېنى ئۆلتۈرۈش نىيىتىم بولسا، سەن ئۇخلاۋاتقاندا

بۇنى قىلالايتتىم. سەن ئۇخلاۋاتقان چاغدا بۇ كۆرگەن كىيىم پارچىسىنى كىيىمىڭدىن كېسىۋالدىم. ئۇنىڭ ئورنىغا سېنىڭ بويىنۇڭنى كېسەلەيتتىم،ئەمما ئۇنداق قىلمىدىم. مەن ھېچكىمگە يامانلىق قىلىشنى خالىمايمەن. مەن نەپرەت ئەمەسىق، سۆيگۈ ئەلچىسىمەن، ـ دېدى.

ھۆكۈمدار خاتالىقىنى چۈشىنىپ، داۋۇدتىن ئەپۇ سورىدى. داۋۇد ئۇنى تاشلاپ كەتتى.

كۈنلەر ئۆتۈپ، بۇ ھۆكۈمدار داۋۇد قاتناشمىغان بىر جەڭدە ئۆلتۈرۈلدى. چۈنكى بۇ كىشى داۋۇدقا ھەسەت قىلىپ، ئۇنىڭ ياردىمىنى قوبۇل قىلمىغان ئىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن داۋۇد ھۆكۈمدار بولدى. كىشىلەر ئۇنىڭ تۆھپىلىرىنى، ياخشىلىقلىرىنى ئەسلىشىپ، ئۇنى ئۆزلىرىگە پادىشاھ سايلىدى. شۇنداق قىلىپ، داۋۇد ھەم اللہ نىڭ ئەلچىسى ھەم پادىشاھ بولدى. داۋۇدنىڭ اللہ قا بولغان شۈكرى، ئىبادىتى ۋە خەير ـ ئېھسان سۆيگۈسى، يوقسۇللارغا مەرھەمىتى، ئىنسانلارنىڭ باياشاتلىقى ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى ھەسسىلەپ ئاشتى. اللہ ئۇنىڭ ھۆكۈمدارلىقىنى قۇۋۋەتلەندۈردى. ئۇنى دائىم دۈشمەنلىرىدىن ئۈستۈن قىلدى. ئۇنىڭ ھۆكۈمدارلىقى شۇنچىلىك كۈچلۈك ئىدىكى. دۈشمەنلىرى ئۇرۇشماي تۇرۇپ ئۇنىڭدىن قورقۇشاتتى.

اللہ ئۇنىڭغا نېمەتلىرىنى ئاشۇرۇپ بەردى. ئۇنىڭغا ھېكمەت ۋە كەسكىن ھۆكۈم قىلىش سالاھىيتى بەردى. ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىك ۋە پادىشاھلىق بىلەن بىرلىكتە ھېكمەت، ھەق ـ ناھەقنى ئايرىش، ھەقنى تونۇش ۋە ئۇنىڭغا ياردەم قىلىش كۈچىنى بەرگەن ئىدى.

داۋۇدنىڭ سۇلەيمان ئىسىملىك بىر ئوغلى بولۇپ، ئۇ كىچىكىدىنلا ئەقىللىق ئىدى.

تۆۋەندىكى ۋەقە مەيدانغا كەلگەندە، سۇلەيمان تېخى **11** ياشتا ئىدى.

ئۇلۇغ اللہ سۈرە ئەنبىيادا مۇنداق دەيدۇ:

﴿داۋۇد بىلەن سۇلەيماننىڭ (قىسسىسىنى بايان قىلغىن). ئۆز ۋاقتىدا بىر قەۋمنىڭ قويى كېچىسى زىرائەتنى يەپ (بۇزۇۋەتكەندە)، ئۇ ئىككىسى زىرائەت توغرىسىدا ھۆكۈم چىقارغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ھۆكمىگە بىز شاھىد ئىدۇق. قانداق ھۆكۈم قىلىشنى بىز سۇلەيمانغا بىلدۈردۇق. ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە ھېكمەتنى ۋە ئىلىمنى ئاتا قىلدۇق، تاغلارنى، قۇشلارنى داۋۇد بىلەن تەسبىھ ئېيتىشقا مۇسەخخەر قىلدۇق، (شۇنداق قىلىشقا) بىز قادىر ئىدۇق﴾.[1]

بىر كۈنى، داۋۇد ئادىتى بويىچە خەلقنىڭ شىكايەتلىرىگە ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن ئولتۇراتتى. بىر دېھقان بىلەن بىر چارۋىچى كېلىپ ئەرز سۇنۇشتى.

دېھقان دېدى:

---

[1] سۈرە ئەنبىيا 78 ـ 79 ـ ئايەتلەر.

- ئى پەيغەمبەر! بۇ كىشىنىڭ پادىلىرى كېچىسى مېنىڭ بېغىمغا كىرىپ، باغدىكى پۈتۈن ئۈزۈم ساپلىرىنى يەپ تۈگەتتى. ماڭا تۆلەم تۆلەپ بېرىشكە ھۆكۈم قىلىشىڭ ئۈچۈن ساڭا كەلدىم.

داۋۇد پادىچىغا: سېنىڭ پادىلىرىڭنىڭ بۇ ئادەمنىڭ بېغىدىكى بارلىق ئۈزۈم ساپلىرىنى يېگىنى راستمۇ؟ - دېدى.

- ھەئە، پادىشاھىم! - جاۋاب بەردى پادىچى.

داۋۇد:

- يېيىلگەن ئۈزۈم ساپلىرى ئۈچۈن ئۇنىڭغا پادىلىرىڭنى تۆلەم قىلىپ بېرىشىڭنى بۇيرۇيمەن، - دېدى.

دادىسىنىڭ يېنىدا ۋەقەنى ئاڭلاپ تۇرغان، اللہ ھېكمەت بەرگەن سۇلەيمان مۇنداق دېدى:

- ئى ئاتا! مېنىڭ باشقىچىرەك ھۆكمۈم بار.

- قېنى ئېيتقىن! - دېدى داۋۇد.

سۇلەيمان مۇنداق دېدى:

- پادىچىنىڭ باغدىكى ئۈزۈملەرنى پەرۋىش قىلىپ يېتىشتۈرۈشى ئۈچۈن باغنى پادىچىغا بېرىشنى ھۆكۈم قىلىمەن. باغ ساھىبىنىڭ پادىنىڭ يۇڭىدىن ۋە سۈت - گۆشلىرىدىن پايدىلىنىشى ئۈچۈن پادىلارنىڭ باغ ساھىبىگە بېرىلىشىنى ھۆكۈم قىلىمەن. ئۈزۈملەر يېتىشىپ، باغ بۇرۇنقى ھالىغا كەلگەندە، باغ ساھىبى بېغىنى ئالسۇن، پادىچى پادىسىنى ئالسۇن.

داۋۇد:

ئى سۇلەيمان! بۇ ھەقىقەتەن كاتتا بىر ھۆكۈم. ساڭا بۇ ھېكمەتنى بەرگەن اللہ قا شۈكۈرلەر بولسۇن! سەن ھەقىقەتەن ھاكىم (ھېكمەت ئىگىسى بولغان) سۇلەيمان ئىكەنسەن، - دېدى.

داۋۇد اللہ قا شۇنچە يېقىن بولۇشى ۋە اللہ نىڭ ئۇنى سۆيىشىگە قارىماي، داۋاملىق اللہ تىن ئۈگىنەتتى. اللہ بىر كۈنى ئۇنىڭغا ھەر ئىككى تەرەپ دەۋاچىنىڭ پىكرىنى ئاڭلىماي تۇرۇپ، ئەسلا ھۆكۈم چىقارماسلىقنى ئۆگەتكەن ئىدى. داۋۇد ھۇجرىسىغا كىرگەندە، قاراۋۇللارغا يېنىغا بىرىنىڭ كىرمەسلىكىنى ياكى ئىبادەت قىلغاندا مالال قىلىنماسلىقنى ئەمر قىلاتتى. بىر كۈنى، اللہ قا ئىبادەت قىلىدىغان مېھراپتا ئىككى كىشى تۇيۇقسىز ئالدىغا چىقتى. داۋۇد ئۇلاردىن قورقتى. چۈنكى داۋۇد يېنىغا ھېچقانداق كىشىنىڭ كىرمەسلىكىنى ئەمر قىلغان ئىدى. داۋۇد ئۇلاردىن سورىدى: سىلەر كىم؟

- شاھىم! قورقمىغىن. بۇ كىشى بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدا بىر دەۋا بار. ئارىمىزدا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقىرىشىڭ ئۈچۈن ئالدىڭغا كەلدۇق. - دېدى ئىچىدىن بىرى.

- نېمە ئىش بولدى؟ - دەپ سورىدى داۋۇد.

بىرىنچىسى مۇنداق دېدى:

- بۇ كىشى مېنىڭ قېرىندىشىم بولىدۇ. ئۇنىڭ 99 قويى بار. مېنىڭ بىرلا قويۇم بار. قېرىندىشىم: بۇ بىر قويىڭنىمۇ ماڭا بەر، - دەپ مەندىن ئېلىۋالدى.

داۋۇد يەنە بىرىنىڭ پىكرىنى ۋە دەلىلىنى (ئىسپاتىنى) ئاڭلىمايلا:

- ئۇ سېنىڭ قويۇڭنى ئۆزىنىڭ قويلىرىغا قوشۇۋېلىپ ھەقسىزلىق قىلىپتۇ. كۆپ قىسىم شېرىكلەر بىر - بىرىگە ھەقسىزلىق قىلىشىدۇ. پەقەت ئىمان ئېيتقانلىرى بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر، - دېدى.

بۇ ئىككى ئادەم داۋۇدنىڭ كۆز ئالدىدا خۇددى ھاۋادا پارلانغان بۇلۇتتەك تۇيۇقسىز غايىب بولدى.

داۋۇد بۇلارنىڭ ئۆزىگە دەرس بېرىش ئۈچۈن الله تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەرىشتە ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. ئۇ ئەمدى پۈتۈن سۆزلەرنى تولۇق ئاڭلىماي تۇرۇپ دەۋاغا ھۆكۈم چىقارماسلىقى كېرەك ئىدى. چۈنكى بەلكى 99 قويى بار كىشى ھەقلىق بولۇشى مۇمكىن ئىدى. داۋۇد دەرھال ئېگىلىپ سەجدە قىلدى ۋە رەببىدىن ئەپۇ سورىدى (مەغپىرەت تىلىدى).

ئۇلۇغ الله مۇنداق دېگەندى:

﴿(ئى مۇھەممەد!) دەۋا قىلغۇچىلارنىڭ قىسسىسى ساڭا يەتتىمۇ؟ ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار (داۋۇد ئىبادەت قىلىۋاتقان) مەسجىدنىڭ تېمىدىن ئارتىلىپ چۈشۈشتى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار داۋۇدنىڭ يېنىغا كىردى. داۋۇد ئۇلاردىن قورقتى، ئۇلار (داۋۇدقا): «قورقمىغىن، بىز بىرىمىز - بىرىمىزگە چېقىلغان ئىككى دەۋاگەرمىز، بىزنىڭ ئارىمىزدا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم قىلغىن، ناھەق ھۆكۈم چىقارمىغىن، بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن» دېدى. (ئۇلارنىڭ بىرى) «شۈبھىسىزكى، مېنىڭ بۇ قېرىندىشىمنىڭ 99 ساغلىقى بار، مېنىڭ بىر ساغلىقىم بار، قېرىندىشىم ئۇ بىر ساغلىقنىمۇ ماڭا بەرگىن دەيدۇ. (ئارىمىزدا بۇ توغرۇلۇق مۇنازىرە بولۇپ) ئۇ مېنى سۆزدە يېڭىپ قويىدى» دېدى. داۋۇد ئېيتتى: «ئۇ سېنىڭ ساغلىقىڭنى ئۆزىنىڭ ساغلىقلىرىغا قوشۇۋېلىشنى تەلەپ قىلىپ راستلا سېنى بوزەك قىلىپتۇ، نۇرغۇن شېرىكلەر (يەنى دوستلار)، شۈبھىسىزكى، بىر - بىرىگە چېقىلىدۇ، پەقەت ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەل قىلغانلارلا (بىر - بىرىگە چېقىلمايدۇ) بۇلار ئازدۇر». داۋۇد بىزنىڭ ئۇنى سىنىغانلىقىمىزنى بىلدى. پەرۋەردىگارىدىن مەغپىرەت تەلەپ

قىلدى، سەجدىگە باردى. (اللە قا) تەۋبە قىلدى. بىز ئۇنىڭ خاتالىقىنى ئەپۇ قىلدۇق، ئۇ بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا ئەلۋەتتە يېقىنلىققا ۋە ياخشى ئاقىۋەتكە ئىگە بولىدۇ﴾.

يەھۇدىي ئەپسانىلىرى داۋۇد ھەققىدە پىتنە تېرىپ، كىشىنى گۇمانلاندۇرىدىغان (قالايمىقان) ھېكايىلەر توقۇشقان ئىدى. ئۇلار مۇنداق دېيىشتى: داۋۇد قوشۇن سەركەردىلىرىدىن بىرىنىڭ ئايالىغا كۆزى چۈشۈپ سەركەردىنى ئاقىۋىتىدىن خەۋىرى بولغان بىر جەڭگە ئەۋەتىش يولى بىلەن ئۇنىڭ ئايالىنى قولغا چۈشۈرگەن.

توقۇلغان بۇ ھېكايىنى داۋۇدنىڭ پەزىلىتىگە ماسلاشتۇرۇش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس.

قەلبى اللە قا باغلانغان، تەسبىھ ئېيتسا، جانلىق ۋە جانسىز مەخلۇقاتلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ تەسبىھ ئېيتىدىغان بىر كىشىنىڭ ئىنسانغا خاس گۈزەللىكنى پەقەت بىر ئايالنىڭ يۈزى (چىرايى) ياكى ۋۇجۇدىدىن ئىزلىشى مۇمكىن ئەمەستۇر.

ھەقىقىي گۈزەللىكنى اللە تائالانىڭ كائىناتلىرىدا كۆرگەن ۋە ئۇنىلا ئويلايدىغان، تەسبىھ ئۈچۈن اللە قا بويۇن ئەگكەن كىشىنىڭ بىر ئايالغا ئالدىنىشى مۇمكىن ئەمەس - ئەلۋەتتە!

داۋۇد اللە نىڭ بەندىسى ئىدى. ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئېيتقىنىدەك، قانداقتۇر ھېسسىياتلارنىڭ قۇلى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

...

داۋۇد ۋاپات بولغىچە اللە قا ئىبادەت قىلىپ ۋە ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتىپ ياشىدى.

ئۇ بىر كۈن روزا تۇتۇپ، بىر كۈنى تۇتمايتتى. پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام داۋۇد ئەلەيھىسسالام ھەققىدە مۇنداق دېگەنىدى: «ئەڭ ياخشى روزا داۋۇدنىڭ روزىسىدۇر. ئۇ بىر كۈنى روزا تۇتسا، يەنە بىر كۈنى تۇتمايتتى. زەبۇرنى 70 خىل ئاۋاز بىلەن ئوقۇيتتى. كېچىلىرى شۇنداق ناماز ئوقۇيتتىكى، ئۇ نامازدا يىغلاپ كېتەتتى. ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ھەر نەرسە يىغلايتتى. دەرتمەنلەر ۋە كېسەللەر ئۇنىڭ ئاۋازىدىن شىپا تاپاتتى.»

...

رىۋايەتلەرگە قارىغاندا داۋۇد ئەلەيھىسسالام تۇيۇقسىز ۋاپات بولغان ئىدى. ئۇنىڭ جىنازىسىغا ئەنئەنىۋىي كىيىملەر كىيگەن 40 مىڭ راھىب ۋە ئۇلاردىن باشقا مىڭلارچە ئىنسان قاتناشقان ئىدى.

مۇسا ۋە ھارۇندىن كېيىن، ئىسرائىل ئەۋلادى ھېچكىمنىڭ ۋاپاتىغا بۇنچىلىك ئازابلانمىغان ئىدى.

سۈرە ساد 21 ـ 25 ـ ئايەتكىچە.

قۇياش ئىنسانلارنى قىزدۇرىۋېتىدۇ. سۇلەيمان قۇشلارنى چاقىرىپ:

- داۋۇدقا سايە بولۇڭلار! - دېدى.

قۇشلار ئۇنىڭغا شۇنداق سايە بولدىكى، دۇنيا قاپقاراڭغۇ بولدى. شامال توختىدى.

سۇلەيمان قۇشلارغا:

قۇياش كەلگەن تەرەپتىن ئىنسانلارغا سايە چۈشۈرۈڭلار، شامال كەلگەن تەرەپتىن ئايرىلىڭلار! - دېدى.

بۇ، كىشىلەرنىڭ سۇلەيمان ھۆكۈمدارلىقىدا كۆرگەن تۇنجى ۋەقە ئىدى.

# سۈلەيمان ئەلەيھىسسالام

ئۇلۇغ اللّٰه نەمل سۈرىسىدە مۇنداق دېگەنىدى:

﴿بىز ھەقىقەتەن داۋۇدقا، سۇلايمانغا (دۇنيا ۋە دىن ئىلىملىرىدىن كەڭ) ئىلىم ئاتا قىلدۇق، ئۇلار ئېيتتى: «جىمى ھەمدۇسانا بىزنى نۇرغۇن بەندىلىرىدىن ئارتۇق قىلغان اللّٰه غا خاستۇر!» سۇلايمان (پەيغەمبەرلىكتە، ئىلىمدە، پادىشاھلىقتا ئاتىسى) داۋۇدقا ۋارىسلىق قىلدى. ئۇ: «ئى ئىنسانلار! بىزگە قۇشلارنىڭ تىلى تەلىم بېرىلدى. (دۇنيانىڭ نېمەتلىرىدىن) ھەممە نەرسە ئاتا قىلىندى. بۇ ئەلۋەتتە (اللّٰه نىڭ) روشەن ئېھسانىدۇر» دېدى﴾ .

﴿سۇلايمان (پەيغەمبەرلىكتە، ئىلىمدە، پادىشاھلىقتا ئاتىسى) داۋۇدقا ۋارىسلىق قىلدى.﴾

سۇلەيمان ھەم پەيغەمبەرلىكتە ھەمدە مۈلۈكتە داۋۇدنىڭ ۋارىسى ئىدى. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان مۈلۈكتىن مال - دۇنيا مەقسەت قىلىنغان ئەمەس. چۈنكى پەيغەمبەرلەر مال - دۇنيا مىراس قالدۇرمايدۇ. ماللىرى ئۇلاردىن كېيىنكى يوقسۇل ۋە موھتاجلارغا ئائىت سەدىقىلەردىن ئىبارەت بولۇپ، تۇغقانلىرىغا ئائىت بولمايدۇ.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەنىدى:

«بىز پەيغەمبەرلەر مىراس قالدۇرمايمىز». شۇنىسى ئېنىقكى، سۇلەيمان داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋارىسى ئىدى. ئۇلۇغ اللّٰه ئۇنى ئىسرائىل ئەۋلادىغا پەيغەمبەر قىلىپ تاللىدى. يەنە اللّٰه ئۇنى بەنى ئىسرائىلغا ھۆكۈمدار قىلدى. سۇلەيماننىڭ داۋۇدتىن ئالغان ئەڭ مۇھىم مىراسى بەلكى داۋۇد ئومۇملاشتۇرغان ئەسكىريي ئەنئەنە ئىدى. داۋۇدتىن قالغان بۇ ئىلغارلىققا سۇلەيمان ۋارىسلىق قىلدى. داۋۇد ئەسلىدە كەمبەغەل بىر پادىچى بولۇپ، كېيىن ئەسكىرى قوماندانغا ئايلانغان ئىدى. بۇ ئۆزگىرىش اللّٰه نىڭ ئىلھامى، ياردىمى ۋە مەدىتى بىلەن ئەمەلگە ئاشقان ئىدى.

داۋۇد بۇرۇنلا كائىناتتا ھاكىم ھەقىقي قۇۋۋەتنىڭ ئۇلۇغ اللّٰه نىڭ كۈچى ئىكەنلىكىنى چۈشىنەتتى. قولىنى تاش پارچىسىغا ئۇزاتقىنىدا ۋە سالغا بىلەن جالۇتقا ئاتقىنىدا، كۈچ تەڭپۇڭلۇقىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى، دۈشمەنلىرىنىڭ ئالدىدا تەرەپ - تەرەپكە قاچىدىغان بەنى ئىسرائىل قوشۇنىنىڭ ھەقىقي كۈچلۈك قوشۇنغا ئايلانغانلىقىنى ئېلان قىلغان ئىدى.

[4] سۈرە نەمل 15 ـ 16 ـ ئايەتلەر.

داۋۇد نۇرغۇن جەڭلەرگە قاتناشتى. بۇلار قۇرئاندا تەپسىلىي بايان قىلىنمىغان. چۈنكى قۇرئان تارىخىي بايان كىتابى بولماستىن، الله قا دەۋەت كىتابىدۇر. قۇرئاندا بۇ ھەقتە پەقەتلا: ﴿داۋۇدنىڭ سەلتەنىتىنى كۈچەيتتۇق﴾ دېيىلىدۇ.

بۇنىڭ مەنىسى شۇكى: ئۇ ھېچبىر جەڭدە مەغلۇب بولمىغان ئىدى. شۇنداقلا، الله قا يۈزلەنگەن داۋۇد ئەلەيھسسالام مۇۋاھھىدلەر (يەنى بىر الله قا ئېتىقاد قىلغۇچىلار) دىن بولغاچقا، الله داۋۇدقا، قوشۇنىغا ۋە خەلقىگە ھىمايىچى، ياردەمچى بولغان ئىدى. ئۇلۇغ الله داۋۇدنىڭ قوشۇنىغا ئۆز زامانىدىكى باشقا قوشۇنلارغا قارشى پەۋقۇلئاددە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈرىدىغان ئالاھىدە نەرسىلەرنى بەرگەن ئىدى.

ئۇلۇغ الله مۇنداق دەيدۇ:

﴿تۆمۈرنىڭ يۇمشاق بولۇپ بېرىشى، ساۋۇت ياساشنى بىلدۈرۈشلەر) ئاتا قىلدۇق﴾. [ ]

ئەركىن ھەرىكەت قىلىش ئىمكانىيىتى بەرگەن ھالقىلاردىن ياسالغان تۆمۈر ساۋۇتلار، قەدىمكى زاماندىكى جەڭچىلەر ئۈچۈن ئاجايىپ يېڭىلىق ئىدى. ئىككى جەڭچىنىڭ ئەھۋالىنى ئويلاپ بېقىڭ! بىرى ھەرىكەتلىرىگە توسقۇن قىلىدىغان، بىئەپ ئېغىرلىقتا قېنالسا، يەنە بىرى خۇددى ساۋۇت كىيمىگەندەك ئەركىن ھەرىكەت قىلاتتى.

الله نىڭ داۋۇدقا ۋە قوشۇنىغا ئاتا قىلغان بۇ ئىلغارلىق سۇلەيمان ھۆكۈمرانلىقىدىمۇ داۋام قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن، سۇلەيمان دۇنيادىكى ئەڭ ئىلغار قوشۇنغا ھەمدە كۈچلۈك دۆلەتكە ۋارىسلىق قىلغان ئىدى. الله سۇلەيمانغا تېخىمۇ كۆپ نېمەت بەردى.

﴿ئۇ: «ئى ئىنسانلار! بىزگە قۇشلارنىڭ تىلى تەلىم بېرىلدى. (دۇنيانىڭ نېمەتلىرىدىن) ھەممە نەرسە ئاتا قىلىندى. بۇ ئەلۋەتتە (الله نىڭ) روشەن ئېھسانىدۇر» دېدى﴾ .

قۇرئاننىڭ سۇلەيمان ھەققىدىكى بەتلىرىنى ۋاراقلىغىنىمىزدا، ئەينى چاغلاردا ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ يەنى ئۇلارنىڭ پەيغەمبىرى ۋە پادىشاھى سۇلەيمان دەۋرىنىڭ ئالتۇن دەۋردە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالالايمىز.

...

سۇلەيمان داۋۇدتىن مىراس قىلىپ ئالغانلىرى بىلەن بولدى قىلمىدى. خانلىق روھى ئۇنى تېخىمۇ ئۈستۈن بولۇشقا يېتەكلەيتتى. بىر كۈنى قولىنى كۆتۈرۈپ ئاللاھقا دۇئا قىلدى. پەيغەمبەرلەرنىڭ قەلبى بىلەن الله نىڭ ئارىسىدا توساق، مۇساپە ۋە ياكى ۋاقىت ئۇقۇمى مەۋجۇت ئەمەس. پەيغەمبەرلەردىن بىرى الله قا دۇئا قىلسىلا، ئۇنىڭ دۇئاسى

---

[ ] سۈرە ساد 20 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى
[ ] سۈرە سەبەئ 10 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[ ] سۈرە نەمل 16 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئەجابەت بولىدۇ. مەلۇم دەرىجىگە بارغاندا قەلب پاكلىقى دائىم الله قا بارىدىغان يولنى تاپالايدۇ. سۈلەيمان دۇئاسىدا مۇنداق دېدى:

﴿«پەرۋەردىگارىم! ماڭا مەغپىرەت قىلغىن، ماڭا مەندىن كېيىن (مەندىن باشقا) ھېچ ئادەمگە مۇيەسسەر بولمايدىغان پادىشاھلىقنى ئاتا قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن كۆپ ئاتا قىلغۇچىسەن»﴾.[1]

سۈلەيمان الله تىن ئۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىمگە بېرىلمەيدىغان ھۆكۈمدارلىق تىلىگەن ئىدى.

الله تائالا بەندىسى سۈلەيماننىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىلىپ، بۇ ھۆكۈمدارلىقنى بەردى.

دەۋرىمىزدىكى ئىنسانلار: سۈلەيمان نېمە ئۈچۈن ئۆزىدىن كېيىن ھېچكىمگە بېرىلمەيدىغان بۈيۈك ھۆكۈمدارلىقنى تەلەپ قىلغاندۇ؟ ـ دېگەن سوئالنى سورىشى مۇمكىن.

سۈلەيمان زامانىمىزنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە ھاكىمىيەتكە مەستانە (ئەمەلگە ھېرىسمەن) ئابرۇيپەرەس، بۈيرۇقۋاز ۋە مۇشتۇمزور بىر ئىنسانمىدى؟ ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ قەلبىدە بۇلاردىن ھېچقانداق بىر نەرسىنى ئۇچراتمايمىز.

سۈلەيماننىڭ ھۆكۈمدارلىققا ھېرىسلىقى، تۈنجى ۋە ئاخىرقى (يەنى بىردىنبىر) بىر پەيغەمبەرنىڭ ھېرىسى ئىدى. پەيغەمبەرلەرنىڭ قەلبى پەقەت يەر يۈزىدە يېيىلىشىنى ئارزۇ قىلغان نەرسىگە مايىلدۇر. شۇنداقلا، سۈلەيمانمۇ ھەرگىزمۇ ھۆكۈمدارلىققا ئاشىق، شۆھرەت ۋە سەلتەنەت مەستانىسى ئەمەس بولۇپ، ئۇ جاھاننى قاپلىغان جاھالەت بىلەن جەڭ قىلىش، پەيغەمبەر بولغىنىدا الله نىڭ رەھمىتى بولغان ئىسلام نۇرىنى يېيىش ئۈچۈن ھۆكۈمدارلىق تەلەپ قىلغان ئىدى. سۈلەيماننىڭ بىلقىس بىلەن سۆزلەشكەندە، تەخت ھەققىدە ئېيتقانلىرىنى ئويلاپ كۆرۈڭ:

﴿بىلقىس كەلگەندە (ئۇنىڭغا): «سېنىڭ تەختىڭ مۇشۇنداقمۇ؟» دېيىلدى. ئۇ: «شۇدەك تۇرىدۇ» دېدى. (سۈلايمان الله نىڭ نېمىتىنى سۆزلەش يۈزىسىدىن ئېيتتى) ئۇنىڭدىن (يەنى بىلقىستىن) بۇرۇن بىزگە (الله نى ۋە الله نىڭ قۇدرىتىنى بىلدۈرىدىغان) ئىلىم بېرىلدى، بىز مۇسۇلمان بولدۇق﴾.[2]

بۇ، ھاكىم (ھېكمەت ساھىبى) سۈلەيماننىڭ سۆزى بولۇپ، بىزنىڭ چۈشەنچىمىز بويىچە ھۆكۈمرانلىق، پادىشاھلىق ۋە قۇۋۋەت تەلىپىنى ئورۇنلۇق كۆرسەتكەن (يەنى قۇۋۋەت تەلىپىنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان) دەلىلىدۇر.

سۈلەيمان پۈتۈن ئابرۇيىنى ۋە سەلتەنىتىنى الله قا دەۋەت قىلىشقا ۋە ئىسلامنى يېيىشقا ئاتىغان ئىدى.

[1] سۈرە ساد 35 ـ ئايەت.
[2] سۈرە نەمل 42 ـ ئايەت.

سەبەنىڭ ئايال پادىشاھى سۇلەيمان بىلەن تىلغا ئېلىنغان قىسسىدە: ﴿ئۇ (يەنى بىلقىس) ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم، مەن ھەقىقەتەن (اﷲ غا شېرىك كەلتۈرۈپ، قۇياشقا چوقۇنۇش بىلەن) ئۆزەمگە زۇلۇم قىلدىم. سۇلايمان بىلەن بىللە ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اﷲ غا بويسۇندۇم (يەنى سۇلايماننىڭ دىنىغا ئەگىشىپ ئىسلامغا كىردىم)»﴾ دېمىگەنمىدى؟

...

بۇ كىرىش سۆزىدىن كېيىن، پەيغەمبەر ۋە ھۆكۈمدار سۇلەيماننىڭ قىسسىگە ئۆتەيلى!

ئەلقىسسە، سۇلەيمان پەيغەمبەرلىك، ھۆكۈمدارلىق ۋە ھېكمەتتە داۋۇدقا ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، ئىنسانلار ئۇنىڭغا «ھېكىم سۇلەيمان» نامىنى بەردى.

سۇلەيماننىڭ ھېكمىتى ئىنسانلار ئارىسىدا ئادىل بولۇش، ئۇلارغا مەرھەمەت قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ مەسىلىلىرىنى ئادالەت بىلەن ھەل قىلىشتىن باشقا، ئىنسانىيەت دۇنياسىدىن ئېشىپ، قۇشلار ۋە ھايۋانلار دۇنياسىغىچە ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدى. داۋۇد پەقەت قۇشلارنىڭ تىلىنى بىلەتتى. ئەمما سۇلەيمان قۇشلار بىلەن سۆزلىشىپ ئۇلارغا ۋەزىپە بېرەتتى. داۋۇد تەسبىھ ئېيتقاندا، تاغلار، ۋەھشىي ھايۋانلار ۋە قۇشلارمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە تەسبىھ ئېيتاتتى. بۇ بۈيۈك تەسبىھنى ئاڭلاش ئۈچۈن شاماللار توختاپ قالاتتى.

اﷲ سۇلەيمانغا بۇنىڭدىن ئارتۇقراق قىلىپ ۋەھشىي ھايۋانلارنى، قۇشلارنى ۋە شامالنى ئۇنىڭ ئەمرىگە بويسۇندۇرۇپ بەرگەن ئىدى.

ئۇلۇغ اﷲ مۇنداق دېگەنىدى:

﴿بىز ھەقىقەتەن داۋۇدقا، سۇلايمانغا (دۇنيا ۋە دىن ئىلىملىرىدىن كەڭ) ئىلىم ئاتا قىلدۇق، ئۇلار ئېيتتى: «جىمى ھەمدۇسانا بىزنى نۇرغۇن بەندىلىرىدىن ئارتۇق قىلغان اﷲ غا خاستۇر!». سۇلايمان (پەيغەمبەرلىكتە، ئىلىمدە، پادىشاھلىقتا ئاتىسى) داۋۇدقا ۋارىسلىق قىلدى ئۇ: «ئى ئىنسانلار! بىزگە قۇشلارنىڭ تىلى تەلىم بېرىلدى. (دۇنيانىڭ نېمەتلىرىدىن) ھەممە نەرسە ئاتا قىلىندى. بۇ ئەلۋەتتە (اﷲ نىڭ) روشەن ئېھسانىدۇر» دېدى﴾ .

سۇلايمان چۈمۈلىلەرنىڭ پىچىرلىشىشىنى ئاڭلىيالايتتى. شۇنداقلا ئۇلارغا ئەمر بېرەلەيتتى. چۈمۈلىلەرمۇ ئۇنىڭ بۇيرىقىغا بويسۇناتتى.

سۇلەيماننىڭ قوشۇنى دۇنيادىكى قوشۇنلارنى قورقۇتقان ئىدى. دۇنيا بۇنداق كۈچلۈك قوشۇننى ئەسلا كۆرمىگەن ئىدى. ئادەتتە قوشۇنلار ئەسكەرلىرىنىڭ ئوخشاشلىقى (بىر

سۈرە سەبەئ 44 ـ ئايەت.

سۈرە نەمل 15 ـ 16 ـ ئايەتلەر.

خىللىقى) بىلەن كۈچلۈك كۆرۈنەتتى. ئەمما سۇلەيماننىڭ قوشۇنى ئەسكەرلىرىنىڭ خىلمۇخىللىقى بىلەن كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى.

بۇ قوشۇن ئاجايىپ بىرلەشمىدىن تەشكىل تاپقان، چېكىندۇرگىلى بولمايدىغان قوشۇن ئىدىكى، تەركىبىدە ئىنسانلار، جىنلار ۋە قۇشلار بار ئىدى. بىلگىنىمىزدەك، جىنلار الله نىڭ ياراتقان مەخلۇقاتىدۇر. ئىنسانلارنىڭ جىنلارنى كۆرەلىشى، جىنلارنىڭ چاقىرىلىشى ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىشى مۇمكىن ئەمەس. الله بۇ كۈچنى پەقەت سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامغىلا بەرگەن. سۇلەيمان جىنلارنى ئۇرۇش ۋاقتىدا ئەسكەر، تېنچ زامانلاردا ئىشچى قىلىپ ئىشلىتەتتى. جىنلار كۆرگىلى بولمايدىغان مەخلۇقاتلاردۇر. ئەسكەرلىرى كۆرۈنمەيدىغان بىر قوشۇننى تەسەۋۋۇر قىلىپ كۆرۈڭ! مۇنداق قوشۇن بىلەن ئۇرۇشۇش مۇمكىنمۇ؟ بۇندىن باشقا بۇ قوشۇندىكى قۇشلار ھازىرقى زاماندىكى خەۋەرلەشمە ۋە ئاخبارات توپلاش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ رولىنى ئوينايتتى. ئۇرۇشتا ئاخبارات ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. چۈنكى ئاخبارات دۈشمەننىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى بىلىشنىڭ ئاچقۇچى. سۇلەيماننىڭ قوشۇندا بۇ ۋەزىپىنى قۇشلار ئورۇنلايتتى. ئۇلار ئۇچۇپ بېرىپ، دۈشمەن ئەھۋالىنى ئىگەللەيتتى ۋە سۇلەيمانغا خەۋەر يەتكۈزەتتى.

جىن ۋە قۇشلار بىلەن بىللە الله يەنە شاماللارنىمۇ سۇلەيمانغا بويسۇندۇرۇپ بەرگەن ئىدى. ئۇ شاماللارغا بۇيرۇق قىلىپ، خۇددى ھازىرقى ئايرۇپىلاننىڭ ئىچىدە ئۇچقاندەكلا...ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەسكەرلىرى بىلەن مىنەلەيتتى.

قەدىمدە الله تائالا سۇلەيمانغا شامالنى غايىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بويسۇندۇرۇپ بەرگەچكە، ھېچكىمنىڭ ئۇچۇشنى خىيال قىلالمايدىغان زاماندا، سۇلەيمان قوشۇندا ئۇچىدىغان ئەسكەرلەر بار ئىدى. بەلكى سۇلەيماننىڭ ئەسكىرىي شۆھرىتىنىڭ مەنبەسى الله نىڭ بۇ مۆجىزىسى ئىدىكى، بۇنىڭ بىلەن سۇلەيمان قوشۇنى تەڭداشسىز ھالغا كەلگەن ئىدى.

ئۇلۇغ الله مۇنداق دەيدۇ:

﴿سۇلەيماننىڭ جىنلاردىن، ئىنسانلاردىن ۋە قۇشلاردىن بولغان قوشۇنلىرى توپلاندى (سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئالدىدا دەبدەبە بىلەن ماڭاتتى) ئۇلار تەرتىپلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى﴾.

ئۇلۇغ الله يەنە مۇنداق دېگەنىدى:

﴿بىز سۇلەيمانغا شامالنى بويسۇندۇرۇپ بەردۇق. شامال سۇلەيماننىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئۇ خالىغان تەرەپكە لەرزان ماڭاتتى. ھەممە ئۇنىڭغا (كاتتا بىنالارنى سالالايدىغان) قۇرغۇچى ۋە (دېڭىزلارغا چۆكۈپ ئۈنچە - مارجانلارنى ئېلىپ چىقالايدىغان) غەۋۋاس شەيتانلارنى بويسۇندۇرۇپ بەردۇق. يەنە نۇرغۇن شەيتانلارغا ئىشكەل

سۈرە نەمل 17 ـ ئايەت.

سىلىنغاندۇر. بىز سۇلەيمانغا ئېيتتۇقكى) «بۇ بىزنىڭ (ساڭا بەرگەن كەڭ) ئاتايىمىز. (ئۇنىڭدىن سەن خالىغان كىشىگە) بەرگىن ياكى بەرمىگىن. (بۇ ھەقتە سەندىن) ھېساب ئېلىنمايدۇ». ئۇ بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا ھەقىقەتەن يېقىنلىققا ۋە ياخشى ئاقىۋەتكە ئىگە بولىدۇ﴾.

بىر كۈنى، ئاتلار ئۇنى ئىبادەتتىن ئايرىغانلىقى ئۈچۈن، سۇلەيماننىڭ قوشۇندا ئات ئىشلىتىش پىكرىدىن ۋاز كېچىدىغانلىقىنى كۆرىمىز.

سۇلەيمان الله رىزاسى ئۈچۈن ئاتلارنى ئىشلىتىشتىن يالتايغان بولغاچقا، الله ئۇنىڭغا ئاتلارنىڭ ئورنىغا دۆلەتنىڭ ھەر قانداق يېرىگە بارالايدىغان شامالنى بەردى. الله سۇلەيمانغا بۇ ئۈچۈش قورالىدىن باشقا يەنە پەيغەمبەرلەرنىڭ ھېچقايسىسىغا بەرمىگەن بىر كۈچ ئاتا قىلدى. بۇ، شەيتانلارنى تىزگىنلەش كۈچى ئىدى. شەيتانلار جىنلارنىڭ ئەسكى تۈرى بولغاچقا، ئىنسانلار ئۇلاقتا تۇرسۇن، ھەتتا ياخشى جىنلارمۇ ئۇلارنى باشقۇرالمايتتى. الله سۇلەيمانغا شەيتانلارنى باشقۇرۇش، ئۇلارنى ئىشلىتىش، قارشىلىق قىلغانلارنى زەنجىر بىلەن باغلاش ۋە جازالاش ھوقۇقىنى بەرگەن ئىدى.

شەيتانلار ئۇنىڭ بۇيرىقى بىلەن سارايلار، ئۆيلەر، قازانلار، ھەيكەللەر ۋە مېھراپلارنى ياسايتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن دېڭىزلارنىڭ ئاستىغا كىرىپ، ئۈنچە ـ مارجان ۋە ياقۇت سۈزۈپ چىقاتتى.

شەيتانلارنىڭ ئىتائەت قىلمىغانلىرى سۇلەيماننىڭ شۆھرىتى ۋە مەخلۇقاتلارغا ھۆكۈمرانلىق كۈچىنى كۆرستىش ئۈچۈن تۆمۈر زەنجىرلەرگە باغلىناتتى.

بۇ كۈچ الله نىڭ ئىزنى بىلەن ئۇنىڭغا مۆجىزە قىلىپ بېرىلگەن ئىدى.

ئۇلۇغ الله مۇنداق دېگەنىدى:

﴿سۇلەيمانغا شامالنى (بويسۇندۇرۇپ بەردۇق)، شامال چۈشتىن ئىلگىرى بىر ئايلىق مۇساپىنى، چۈشتىن كېيىن بىر ئايلىق مۇساپىنى باساتتى. ئۇنىڭغا مىس (چىقىدىغان) بۇلاقنى ئاققۇزۇپ بەردۇق، بەزى جىنلار پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرى بويىچە سۇلەيماننىڭ ئالدىدا ئىشلەيتتى، ئۇلاردىن كىمكى بىزنىڭ ئەمرىمىزگە خىلاپلىق قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا بىز دوزاخ ئازابىنى تېتىتىمىز. ئۇلار سۇلەيمانغا ئۇ خالىغان كاتتا سارايلارنى، (مىستىن ـ ئەينەكتىن ئاجايىپ) ھەيكەللەرنى، كۆلدەك چوڭ لېگەنلەرنى، (چوڭلۇقتىن مىدىرلىمايدىغان قازانلارنى ياسايتتى. (ئېيتتۇقكى) «ئى داۋۇد ئائىلىسىدىكىلەر! (الله نىڭ بۇ چوڭ نېمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلىڭلار»، مېنىڭ بەندىلىرىمدىن (الله نىڭ نېمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلغۇچى بەك ئاز﴾.

ئۇ زاماننىڭ دۇنيا ھۆكۈمرانى شۈبھىسىز ھەزرىتى سۇلەيمان ئىدى.

سۈرە ساد 36 ـ 40 ـ ئايەتكىچە.
سۈرە سەبەئ 12 ـ 13 ـ ئايەتلەر.

سۇلەيمان اﷲ نىڭ شۇنچىلىك نېمەتلىرىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، قىلچە مەغرۇرلانمىدى. دەل ئەكسىچە، ئۇ زامانىنىڭ ئەڭ تەقۋادار ۋە اﷲ قا ئەڭ كۆپ شۈكرى قىلىدىغان كىشىسى ئىدى.

ئۇلۇغ اﷲ سۇلەيمان ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿بىز داۋۇدقا سۇلەيماننى ئاتا قىلدۇق، سۇلەيمان نېمىدېگەن ياخشى بەندە! ئۇ (اﷲ غا) ھەقىقەتەن ئىنتائەت قىلغۇچى ئىدى﴾. [1]

ئۇ اﷲ قا ناماز، روزا، تەسبىھ، كۆز يېشى، ئىستىغپار ۋە سۆيگۈ بىلەن يۈزلىنەتتى. ناماز ۋاقتى سۇلەيمانغا نىسبەتەن ھېچقانداق نەرسە توسقۇنلۇق قىلالمايدىغان مۇھىم ئىبادەت ۋاقتى ئىدى.

پەقەت بىر قېتىم سۇلەيماننىڭ ئىرادىسىدىن سىرت، ئۇ نامازنى قىلالمىغىلى تاس قالدى.

بىر كۈنى، سۇلەيمان مۇھىم بىر جەڭ تەييارلىقى بىلەن مەشغۇل ئىدى. نامازدىگەر ۋاقتى بولغاندا، ئەسكەر ۋە سەركەردىلىرىنىڭ ئاتلىرىنى تەكشۈردى. ئاتلار قوشۇنىنىڭ مۇھىم قورالى ئىدى. سۇلەيمان ئاتلارنى تەكشۈرۈۋېتىپ، ئەسىر نامىزىنى ئۇنتۇپ قالغىلى تاسلا قالدى.

سۇلەيمان دەرھال سەجدە قىلىپ نامىزىنى ئوقۇدى، ئۇندىن كېيىن ئاتلارنى قايتا ئەكەلگۈزۈپ، جىھاد ۋە جەڭ تەييارلىقى سەۋەبىدىن نامازنى قازا قىلغىلى تاس قالغانلىقى ئۈچۈن، اﷲ دىن مەغپىرەت تىلىگەن ھالدا ئاتلارنىڭ بويۇنلىرىنى سىلاشقا باشلىدى.

شۇندىن كېيىن، سۇلەيمان قوشۇندا ئات ئىشلىتىشتىن ۋاز كەچتى. اﷲ ئاتلارنىڭ ئورنىغا ئۇنى ۋە ئەسكەرلىرىنى خالىغان يەرگە ئاپىرالايدىغان شامالنى بويسۇندۇرۇپ بەردى.

ئۇلۇغ اﷲ ساد سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿بىز داۋۇدقا سۇلەيماننى ئاتا قىلدۇق، سۇلەيمان نېمىدېگەن ياخشى بەندە! ئۇ (اﷲ غا) ھەقىقەتەن ئىنتائەت قىلغۇچى ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا كەچقۇرۇنلۇقى ئۇنىڭغا ياخشى يۈگۈرۈك ئاتلار توغرىلاندى. سۇلەيمان ئېيتتى: «مەن ھەقىقەتەن ئاتلارنى پەرۋەردىگارىمنى ئەسلەش ئۈچۈن ياخشى كۆردۈم، ئۇلار (كۆزۈمدىن) غايىب بولغۇچە (ئۇلارنى كۆزدىن كۆچۈرۈش بىلەن بولدۇم)». سۇلەيمان ئېيتتى: «ئاتلارنى مېنىڭ ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭلار». (ئاتلار ئېلىپ كېلىنگەندىن كېيىن) سۇلەيمان ئۇلارنىڭ پاچاقلىرىنى، بويۇنلىرىنى سىلاشقا باشلىدى﴾. [2]

---

[1] سۈرە ساد 30 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ساد 30 ـ 33 ـ ئايەتكىچە.

سۇلەيمان ئاتلارنىڭ كېسەللىكلىرىنى بىلەتتى. ئۇلارنىڭ تىلى بىلەن سۆزلىشەلەيتتى. ھايۋانلارمۇ ئۇنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلاتتى.

ئۇلۇغ الله سۇلەيمانغا بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر نېئمەت بەرگەن ئىدى.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ئۇنىڭغا مىس (چىقىدىغان) بۇلاقنى ئاققۇزۇپ بەردۇق﴾. ▯

الله داۋۇدقا تۆمۈرنى يۇمشىتىش ۋە ئۇنى قانداق ئېرىتىش نېمىتىنى ئۆگەتكىنىدەك، سۇلەيمانغىمۇ ئۇرۇشتا ۋە تېنچ زامانلاردا ئېرىگەن مىسنى قانداق قوللىنىشنى ئۆگەتكەن ئىدى. ئۇ مىس بىلەن تۆمۈرنى ئارىلاشتۇرۇپ تۇچ پەيدا قىلاتتى ۋە ئۇنىڭدىن جەڭلەردە قوللىنىدىغان نەيزە، قىلىچ، ساۋۇت ۋە خەنجەرگە ئوخشاش قورالارنى ياسايتتى.

بۇ قوراللار، ئۇ زامانىنىڭ ئەڭ ياخشى قوراللىرى ئىدى. تېنچ زامانلاردا مىسنى بىنا قۇرۇلۇشى، ھەيكەل ياساش ۋە باشقا ئىشلارغا قوللىناتتى.

الله تائالا سۇلەيمانغا بۇ بۈيۈك ۋە ئالاھىدە نېمەتلەرنى بەرگەندىن سىرت، ئۇنى نۇرغۇنلىغان سىناقلاردىن ئۆتكۈزگەنىدى.

بۈيۈك بەندىلەر بۈيۈك سىناقلارغا دۇچ كېلىدۇ.

الله سۇلەيماننى كېسەل بىلەن سىنىدى. ئۇلۇغ الله بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنىدى:

﴿بىز ھەقىقەتەن سۇلەيماننى سىنىدۇق، ئۇنىڭ تەختى ئۈستىگە بىر جەسەتنى تاشلىدۇق. ئاندىن ئۇ (بۇنىڭ سىناق ئىكەنلىكىنى بىلىپ) تەۋبە قىلدى. سۇلەيمان ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! ماڭا مەغپىرەت قىلغىن. ماڭا مەندىن كېيىن (مەندىن باشقا) ھېچ ئادەمگە مۇيەسسەر بولمايدىغان پادىشاھلىقنى ئاتا قىلغىن. سەن ھەقىقەتەن كۆپ ئاتا قىلغۇچىسەن». بىز سۇلەيمانغا شامالنى بويسۇندۇرۇپ بەردۇق. شامال سۇلەيماننىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئۇ خالىغان تەرەپكە لەرزان ماڭاتتى. ھەممە ئۇنىڭغا (كاتتا بىنالارنى سالالايدىغان) قۇرغۇچى ۋە (دېڭىزلارغا چۆكۈپ ئۈنچە ـ مارجانلارنى ئېلىپ چىقالايدىغان) غەۋۋاس شەيتانلارنى بويسۇندۇرۇپ بەردۇق﴾. ▯

تەپسىرشۇناسلار ھەزرىتى سۇلەيماندىن ئېلىنغان سىناق ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشتى. بەلكى بۇ سىناق ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ ئەڭ مەشھۇرى تۆۋەندىكى توقۇلما رىۋايەت بولۇشى مۇمكىن:

بىر كېچىسى، سۇلەيمان الله يولىدا جىھاد قىلىدىغان بىر ئوغۇل يۈزى كۆرۈش ئۈچۈن 700 ئايالى بىلەن ئۇچرىشىشنى قارار قىلدى. ئەمما سۇلەيمان: «ئىنشا الله (الله

---

▯ سۈرە سەبەئ 12 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

▯ سۈرە ساد 34 ـ 37 ـ ئايەتكىچە.

خالىسا ) » دېمىگەنلىكى ئۈچۈن ئاياللىرىدىن پەقەت بىرىلا سەت بىر بالا تۇغدى. ئۇنى تەختى ئۈستىگە ئاتتى.

ھېكايە باشتىن ـ ئاخىرى قالايمىقان بولۇپ، بەنى ئىسرائىل تەرىپىدىن توقۇلغاندۇر. ھەققىي ھېكايىنى فەخرۇددىن رازى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

سۈلەيمان ئەلەيھىسسالام ئىنسان ۋە جىن تىۋىپلار داۋالىيالمايدىغان ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغان ئىدى. قۇشلار ئۇنىڭغا ھەرتەرەپتىن پايدىلىق ئوتلارنى ئەكەلگەن بولسىمۇ ساقىيالمىدى. كېسىلى كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلىشىۋاتاتتى، ئاخىرى سۈلەيمان تەختىگە خۇددى روھسىز جەسەتتەك ئولتۇرىدىغان كېسەللىكتىن ئۆلەر ھالغا كەلدى. بۇ كېسەللىك ساقايغىچە ھەرزىتى سۈلەيمان الله نى زىكرى قىلىشتىن، ئۇنىڭدىن شىپا تىلەشتىن، ئۇنىڭغا ئىستىغپار ئېيتىشتىن ۋە ئىچ ـ ئىچىدىن سۆيۈنۈشتىن ۋاز كەچمىدى. ئۇلۇغ الله نىڭ بەندىسى سۈلەيمانغا قىلغان سىنىقى ئاخىرلاشتى، سۈلەيمان ساقايدى. الله نېسىپ قىلمىسا، پۇتۇن شۆھرىتى، سەلتەنىتى ۋە ھۆكۈمرانلىقىنىڭ كېسىلىگە شىپالىق بېرەلمەيدىغانلىقىنى چۈشەنگەن سۈلەيمان تەكرار ساغلام ھالغا كەلدى.

بۇ، بىزنى قايىل قىلىدىغان، سۈلەيماندەك ھاكىم ۋە بۈيۈك بىر پەيغەمبەرنىڭ پەزىلىتىگە لايىق بولغان قاراشتۇر.

﴿بىز ھەقىقەتەن سۈلەيماننى سىنىدۇق، ئۇنىڭ تەختى ئۈستىگە بىر جەسەتنى تاشلىدۇق﴾.

كېسەل ئۇنى خۇددى جەسەتكە ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى. تىلىمىزدا جەسەت كەلىمىسى ھاياتتىن ئايرىلغان ياكى ئۆلگەنلەرگە ئېيتىلىدۇ. سۈلەيمان دەرىجىدىن تاشقىرى ئېغىر ئاغرىقتىن تىرىك مۇردىغا ئايلانغان ئىدى.

﴿ئاندىن ئۇ (بۇنىڭ سىناق ئىكەنلىكىنى بىلىپ) تەۋبە قىلدى﴾.

يەنى سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلدى. الله تىن رەھمەت تىلىدى. الله ئۇنىڭغا مەرھەمەت قىلىپ، كېسىلىگە شىپالىق بەردى.

...

سۈلەيمان ئىنسانلارنىڭ الله قا ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈن بىر مەسجىد ياكى ئىبادەتخانا سالدۇردى.

بۇ قۇرۇلۇش، بىناكارلىق ۋە ھەيكەلتاراشلىق سەنئىتىنىڭ جەۋھەرلىرىدىن بىرى ئىدى.

سۈرە ساد 34 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
سۈرە ساد 34 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

تۆمۈرچىلەرنىڭ بازغانلىرى توختىماستىن ئۇرۇلاتتى. مىتال ئېرىتىش ئىشچىلىرى 24 سائەت توختىماستىن ئىشلەيتتى. سۇلەيمان مەسجىدىگە بارىدىغان يولنىڭ ئىككى تەرىپىنى زىننەتلەيدىغان دەرۋازا، دېرىزە، شىر، يولۋاس ۋە قۇش ھەيكەللىرىنىڭ شەكلىگە كىرىش ئۈچۈن ئېرىتىلگەن تۆچلار يۇزلەرچە قاناللاردىن قۇملارنىڭ ئىچىگە ئېقىتىلاتتى. بۇ قۇرۇلۇشتا ئون مىڭلارچە كىشى ئىشلەيتتى.

ئۇلارنىڭ بەزىلىرى مېتال ئېرىتسە، بەزىلىرى تاش يونىتتى. بەزىلىرى تاش چاقسا، بەزىلىرى دەرەخ كېسەتتى. بەزىلىرى لۋاندىن سەرۋى دەرىخى ئەكەلسە، بەزىلىرى ئالتۇن ئېرىتىپ، ئۇنىڭدىن تەختلەرنى ۋە تاملارنى بېزەيدىغان ئالتۇن بېزەكلەرنى ياسايتتى.

جىنلارمۇ سۇلەيماننىڭ بۇيرۇقى بويىچە ھەيكەللەر، ئەسكەرلەر ۋە ئىشچىلارنىڭ تامىقىنى پىشۇرىدىغان تاغدەك چوڭلۇقتىكى ئېغىر قازانلارنى، كۆللەردەك چوڭ قاچىلارنى ياسايتتى. سۇلەيمان ئىشچىلىرىنى ۋە خەلقىنى نازارەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ مەسىلىلىرىگە قۇلاق سالاتتى. ھەل قىلاتتى. بۇندىن باشقا ھايۋان ۋە قۇشلاردىن تەشكىل تاپقان قوشۇننى يوقلاپ، ئۇلارنىڭ قايسىسىنىڭ كەلمىگەنلىكىنى، نەگە كەتكەنلىكىنى ۋە نېمىشقا يوقاپ كەتكەنلىكىنى ئېنىقلايتتى.

سۇلەيمان ئىنسان ۋە قۇشلاردىن تەشكىل تاپقان قوشۇنغىلا ئەمەس، چۆمۈلىلەرگىمۇ كۆيۈنەتتى. ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى تىڭشايتتى. ئۇلارنى دەسسىمەيتتى.

سۇلەيمان كەمتەر، كىچىك پېئىل بولغاچقا، داۋاملىق يەرگە قارىغان ۋە الله قا شۈكرى قىلغان ھالدا يول يۈرەتتى.

بىر كۈنى، سۇلايمان قوشۇنىنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتاتتى. شامدىكى چۈمۈلىلەر ۋادىسىغا كەلگەندە، بىر چۈمۈلىنىڭ باشقا چۈمۈلىلەرگە مۇنداق دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى:

﴿«ئى چۈمۈلىلەر! ئۇۋىلىرىڭلارغا كىرىپ كېتىڭلار. سۇلەيمان ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى ئۇقماستىن سىلەرنى يەنچىۋەتمىسۇن» سۇلەيمان چۈمۈلىنىڭ سۆزىدىن تەبەسسۇم قىلىپ كۈلدى ۋە ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! سەن مېنى ماڭا ۋە ئاتا ـ ئانامغا بەرگەن نېمىتىڭگە شۈكۈر قىلىشقا، سەن رازى بولىدىغان ياخشى ئەمەلنى قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلغىن، رەھمىتىڭ بىلەن مېنى ياخشى بەندىلىرىڭ قاتارىغا كىرگۈزگىن»﴾.[4]

بۇنى ئاڭلىغان سۇلەيمان كۈلۈمسىرىدى. بۇ چۆمۈلە نېمىنى تەسەۋۋۇر قىلغان بولغىيدى؟

ئۇ ئۆزىنىڭ ۋە قوشۇنىنىڭ بۈيۈكلىكىگە قارىماي، چۆمۈلىلەرگە رەھىم قىلاتتى. ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇلارنى دەسسەپ سالماسلىق ئۈچۈن ھەر دائىم يولغا دىققەت قىلىپ ماڭاتتى. سۇلەيمان دۇنيادىكى ئەڭ باي كىشى ئىدى. سارايلىرىنىڭ بەزىسىنىڭ يەرلىرى (ئاستى) خۇش پۇراقلىق سەندەل ياغىچىدىن، بەزىلىرىنىڭ ئالتۇندىن،

[4] سۈرە نەمل 18 ـ 19 ـ ئايەتلەر.

بەزىلىرىنىڭكى بولسا خرۇستالدىن ياسالغان ئىدى. ئۇنىڭ ئالتۇن ۋە قىممەتلىك تاشلاردىن ياسالغان بىر تەختى بار ئىدى.

دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ سارايلار ئۇنىڭ سارايلىرى ئىدى. ئۇ ئالتۇن ـ مەرۋايىتلاردىن زىننەتلەنگەن كىيملەرنى كىيەتتى. شۇنداق بولسىمۇ، سۇلەيمان الله قا ۋە ئىنسانلارغا ھەرگىزمۇ تەكەببۇرلۇق قىلمايتتى. ئالتۇن كىيملىرىنى كىيىپ، ئىنسانلار ئالدىغا چىققىنىدا:

ـ ھەرقانداق تاغ گۈلى مەن (ھۆكۈمدار سۇلەيمان) دىنىمۇ چىرايلىق كىيىندۇ، ـ دەيتتى. ئەلۋەتتە الله گۈل ـ چېچەكلەرنىڭ رەڭلىرىنى ۋە بەرگىلىرىنى ياراتتى. كىيملەرنى بولسا ئىنسانلار تىككەن. ئەلۋەتتە الله نىڭ ياراتقىنى تېخىمۇ گۈزەل، تېخىمۇ نەپىس ۋە تېخىمۇ سۆيۈملۈكتۇر. ھەتتا يالىڭاچ دەرەخلەرمۇ سۇلايماندىن ئېسىلراق كىيىندۇ...

كىچىك پېئىل ھۆكۈمدار، پەيغەمبەر سۇلەيمان الله قا سەجدە قىلغاندا ئەنە شۇنداق دەيتتى. ئاتىسىنىڭ الله قا تەسبىھ ئېيتقىنىدەك، ئۇمۇ ئىلاھي سۆيگۈنى مەدھىيلەيتتى...

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، سۇلەيمان قوشۇنىنىڭ تەييارلىنىشىنى بۇيرۇدى. ئۇنىڭدىن كېيىن قوشۇننى تەپتىش قىلىش ئۈچۈن چىقتى. ئاۋۋال ئىنسانلاردىن تەشكىللەنگەن قوشۇننى كۆزدىن كەچۈردى. قوماندان، سەركەردە ۋە ئەسكەرلەر بىلەن يىغىن ئېچىپ، ئۇلارغا بۇيرۇقلىرىنى بەردى. ئۇلاردىن كېيىن جىن ئەسكەرلىرىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، تېگىشلىك تەلىماتلارنى بەردى. ئىچىدىكى ئېزىلەڭگۈلۈك قىلغان بىر جىننى زىندانغا تاشلىدى. ئۇندىن كېيىن ھايۋانلارنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇلاردىن ئاچ ـ توقلۇقىنى، ياخشى ئۇخلىغان ـ ئۇخلىمىغانلىقىنى، تامىقىنىڭ ۋاقتىدا بېرىلىۋاتقان ياكى بېرىلمەيۋاتقانلىقىنى، كېسەل ياكى ساقلىقىنى سورىدى. ھەممە نەرسىدىن خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن، قۇشلارنىڭ چېدىرىغا كىردى. چېدىرغا كىرىپلا ھۆپۈپنىڭ يوقلۇقىنى بايقىدى.

ئەسلىدە ھۆپۈپ، چېدىرنىڭ ئۈستىدىكى بەلگىلەنگەن يېرىدە بولۇشى (تۇرىشى) كېرەك ئىدى. ئەمما ئۇ ئۇ يەردە يوق ئىدى.

﴿ئۇ قۇشلارنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن ئېيتتى: «ماڭا نېمە بولدى؟ ھۆپۈپنى كۆرمەيمەنغۇ!﴾ [1] دېدى.

باشلىقىنىڭ سۆزىگە ھۆرمەت قىلىش ئۈچۈن، باشقا قۇشلار جاۋاب بەرمىدى. سۇلەيمان قۇشلارغا دىققەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ھۆپۈپنىڭ يوقلۇقىنى بىلدى. نەگە كەتكەنلىكىمۇ ئېنىق ئەمەس ئىدى. سۇلەيمان غەزەپلەنگە ھالدا:

﴿يا ئۇ يوقاپ كەتتىمۇ﴾ [2] دېدى.

ئىچىدىن كىچىك بىر قۇش جۈرئەت قىلىپ سۇلەيمانغا:

---

[1] سۈرە نەمل 20 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە نەمل 20 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ـ ئى بۈيۈك! ئەسلىدە تونۇگۇنكى ئاخبارات توپلاش ۋەزىپىسىدە (خىزمىتىدە) ئۇ مەن بىلەن بىللە بولۇشى كېرەك ئىدى. ھۆپۈپ بېرىلگەن ۋەزىپىنىڭ مەسئۇلى ئىدى. ئەمما كەلمىدى. شۇڭا مەنمۇ بارمىدىم. ـ دېدى.

قۇش قورقىنىدىن تىترەيتتى. سۇلايمان ھەممەيلەننىڭ ھۆپۈپتىن خەۋەرسىز ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ھېچكىمنىڭ رۇخسىتىنى ئالماستىن ھەم ئۆزىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى دەپمۇ قويماستىن يوقاپ كەتكەنلىكىنى چۈشەندى.

سۇلەيمان خاپا بولۇپ:

﴿ئۇنى چوقۇم قاتتىق جازالايمەن، يا ئۇنى چوقۇم بوغۇزلايمەن، يا چوقۇم (يوقاپ كەتكەنلىكىنى ئاقلايدىغان) بىر روشەن دەلىل كەلتۈرىدۇ»﴾ □ دېدى.

قۇشلار سۇلەيماننىڭ غەزەپلەنگەنلىكىنى چۈشەندى. ئۇ بۇ ئاچچىقىدا ھۆپۈپنى يا جازالايتتى ياكى بوغۇزلىۋېتەتتى. ئەمما ھۆپۈپ ئۆزىنىڭ بىر ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل كۆرستەلىسە، ئاندىن سۇلەيمان ئۇنى ئەپۇ قىلىشى مۇمكىن ئىدى. سۇلەيماننىڭ غەزىپى قەلبلەرگە قورقۇنچ سالاتتى، چۈنكى ئۇ مەرھەمەتلىك بولسىمۇ، غەزەپلىنىشى ھەقلىق ۋە ئادالەتلىك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، دېگىنىنى ئاسانلا ئەمەلگە ئاشۇراتتى. قۇش سۇلەيماننىڭ غەزىپىدىن قورقۇپ تىترەپ كەتتى. سۇلەيمان قولىنى ئۆزىتىپ قۇشنىڭ بېشىنى سىلىدى. قۇشنىڭ قورقۇنچى ئۆتۈپ كەتتى.

سۇلەيمان قۇشلارنىڭ چېدىرىدىن چىقىپ سارىيىغا قايتتى. ئۇ ھۆپۈپنى ئويلاۋاتاتتى. ئەسلىدە ھۆپۈپ ئاخبارات توپلاش سىستېمىسىنىڭ ئەزاسى ئىدى. ئۇ بىر نەرسە قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن كەتكەنمىدۇ ياكى ئويناۋاتقانمىدۇ؟

سۇلەيمان بۇ ھۆپۈپنىڭ ئەقىللىق ۋە تىلغا باي، ئەمما ئازراق ھىيلىگەر ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. بىر ـ ئىككى قېتىم ئۇنىڭ ئويناپ ئىشقا كېچىكىپ كەلگەنلىكىنى ئېنىقلىغان ئىدى. سۇلەيمان بىر قاراپلا ھۆپۈپنىڭ دۇرۇست ئەمەسلىكىنى ھېس قىلغان ئىدى.

ھۆپۈپنىڭ ئىنسانلارغا ئوخشاشلا ئىش ۋاقتىدا ئوينىماسلىقى كېرەك ئىدى. چۈنكى بۇنداق قىلىش ھەم ئىشنى ھەمدە ئويۇننى بۇزاتتى.

ئارىدىن خېلى ئۆتكەندىن كېيىن، ھۆپۈپ قۇشلارنىڭ چېدىرىغا قايتىپ كەلدى.

قۇشلار ئۇنىڭغا:

ـ سېنىڭ كەلگىنىڭدىن خەۋەر تېپىشتىن بۇرۇن دەرھال سۇلەيماننىڭ يېنىغا بارغىن، ـ دېيىشتى.

---

□ سۈرە نەمل 21 ـ ئايەت.

ھۆپۈپ تاماق يەپ ئولتۇرغان سۇلەيماننىڭ يېنىغا كەلدى. ھۆپۈپ بىر ئاز ساقلىغاندىن كېيىن، سۇلەيماننىڭ ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى سورىشىدىن ئاۋۋال ئۆزىنىڭ گۇناھسىزلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن سۆزلەشكە نىيەت قىلدى.

ئۇ مۇنداق دېدى:

﴿« مەن سەن بىلمىگەن ئىشنى بىلىپ (كەلدىم). ساڭا مەن سەبەدىن (يەنى يەمەندىكى سەبە شەھرىدىن) بىر مۇھىم خەۋەر ئېلىپ كەلدىم﴾.

ھۆپۈپنىڭ سۆزى بىر ئاز ھەددىدىن ئاشقان ئىدى. بۇ ئۇنىڭ نېمە دېگىنى؟ « مەن بىچارە ھۆپۈپ سېنىڭ بىلمىگىنىڭنى بىلىمەن. ساڭا سەبەئ دۆلىتىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم خەۋىرىنى ئەكەلدىم » دېگەنلىكىمۇ ـ يا؟

سۇلەيمان گەپ قىلماستىن ھۆپۈپنىڭ سۆزىنىڭ تۈگىشىنى كۈتتى. ھۆپۈپ دېدى:

﴿مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا (يەنى سەبە ئاھالىسىگە) بىر ئايالنىڭ (يەنى بىلقىسنىڭ) پادىشاھلىق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇنىڭغا (ئۆزىگە ۋە سەلتەنىتىگە كېرەكلىك) ھەممە نەرسە بېرىلگەن ئىكەن، ئۇ چوڭ ئەرشكە ئىگە ئىكەن. ئۇنىڭ ۋە قەۋمىنىڭ اللہ نى قويۇپ قۇياشقا چوقۇنىدىغانلىقىنى بايقىدىم. شەيتان ئۇلارغا قىلمىشلىرىنى (يەنى اللہ نى قويۇپ، قۇياشقا چوقۇنغانلىقلىرىنى) چىرايلىق كۆرسەتتى، ئۇلارنى توغرا يولدىن توستى، ئۇلار ھىدايەت تاپمايدۇ﴾. ھۆپۈپ بىر پەس جىمىدى. سۇلەيمان ھۆپۈپنىڭ پۈتۈن نۇتۇق قابىلىيىتىنى ئىشقا سېلىپ، ئەڭ ياخشى سۆزلەر بىلەن سۆزلەۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇراتتى. ھۆپۈپ سۇلەيماننىڭ ئىنسانلار ۋە قۇشلارغا دېگەن سۆزلىرىنى تەكرارلىدى:

﴿ئۇلار ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى سىرلەرنى ئاشكارىلىغۇچى، سىلەرنىڭ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئىشلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچى اللہ قا سەجدە قىلمايدۇ. اللہ دىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ بۈيۈك ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر »﴾.

ھۆپۈپنىڭ ئاخىرىدا سۇلەيماننىڭ رەھىم قىلىشىغا ئېرىششى ۋە ئۇنى قايىل قىلىش ئۈچۈن سۇلايمانغا ئۆزىنىڭ سۆزىنى تەكرارلاپ بەرگەنلىكى ئېنىق ئىدى.

پىسىڭخىدە بىر كۈلۈمسىرىگەن سۇلەيمان:

﴿« سەن راست دەۋاتامسەن يا يالغانمۇ؟ قارايمىز﴾.

ھۆپۈپ: ئى پەيغەمبەر! مەن يالغان سۆزلىمىدىم، ـ دېمەكچى بولدىيۇ، سۇلەيماننىڭ گەپ قىلماسلىقى ئۇنى قورقۇتقاچقا ئۇن چىقمىدى. سۇلەيمان جىمجىت ئولتۇرۇپ

سۈرە نەمل 21 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
سۈرە نەمل 23 ـ 24 ـ ئايەتلەر.
سۈرە نەمل 25 ـ 26 ـ ئايەتلەر.
سۈرە نەمل 27 ـ ئايەت.

ئويلىنىۋاتاتتى، ئاخىرىدا بىر قارارغا كېلىپ بېشىنى كۆتۈرۈپ قەغەز ـ قەلەم ئەكېلىشىنى بۇيرىدى.

دەرھال بىر قىسقا مەكتۇپ يېزىپ، ھۆپۈپكە تاپشۇردى ۋە تەلىمات بېرىپ:

﴿بۇ خېتىمنى ئېلىپ بېرىپ ئۇلارغا تاشلىغىن، ئاندىن ئۇلاردىن نېرىراق (جايدا يوشۇرۇنۇپ) تۇر، ئۇلارنىڭ قانداق جاۋاب قايتۇرىدىغانلىقىغا قارىغىن»﴾ [1] دېدى.

...

قۇرئان كەرىم نەمل سۈرىسىدە ھۆپۈپنىڭ مەكتۇپنى يەتكۈزۈش ئىشلىرىنى قىسقارتىپ، ئوردا مەسلىھەتچىلىرى بىلەن ئاچقان يىغىندا، يۇرت كاتتىلىرىغا ۋە ۋەزىرلىرىگە سۇلەيماننىڭ خېتىنى ئوقۇغان مەلىكىگە ئۆتىدۇ.

﴿ئۇ (يەنى بىلقىس) ئېيتتى: «ئى ئۇلۇغلار! ماڭا ھەقىقەتەن سۇلەيماندىن بىر پارچە قىممەتلىك خەت كەلدى. (ئۇنىڭ مەزمۇنى شۇكى) ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللە نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن. سىلەر ماڭا ھاكاۋۇرلۇق قىلماڭلار، مېنىڭ ئالدىمغا مۇسۇلمان بولغان ھالدا كېلىڭلار»﴾. [2]

مانا بۇ، ھۆكۈمدار سۇلەيماننىڭ سەبە مەلىكىسىگە يازغان خېتىنىڭ تېكىستى ئىدى.

ئۇ خېتىدە ئۇلارنىڭ تەسلىم بولغان (مۇسۇلمان بولغان) ھالدا ئالدىغا كېلىشىنى، قۇياشقا چوقۇنۇشتىن ۋاز كېچىشىنى ئەمر قىلىۋاتاتتى. ئۇ ئۇلار بىلەن گۇمراھلىق توغرىسىدا مۇنازىرىلەشمەكچى ياكى ئۇلارنى بىر نەرسىگە قايىل قىلماقچى ئەمەس، بەلكى ئۇلارغا بۇيرۇق قىلىۋاتاتتى. ئۇ لايىق ئەمەسمۇ؟ ئىشەنگەن ھەقىقەت تەرىپىدىن كەلگەن كۈچ ئۇنى قوللاۋاتقان تۇرسا، ئۇنىڭ ئۇلارغا تەسلىم بولۇشنى ئەمر قىلىشى مۇۋاپىق ـ ئەلۋەتتە! بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بۇ قىسقا، ئەمما مەنىلىك مەكتۇپتىن ئېنىق بىلىۋالغىلى بولاتتى.

مەلىكە مەكتۇپنى يۇرت كاتتىلىرىنىڭ ئالدىغا قويۇپ:

﴿«ئى ئۇلۇغلار! مېنىڭ (بۇ) ئىشىمدا مەسلىھەت بېرىڭلار، سىلەرنى ئۈستىدە قويماي تۇرۇپ ھېچ ئىشنى بېكىتكىنىم يوق»﴾ [3] دېدى.

كاتتىلارنىڭ ئىنكاسى قارشىلىق قىلىش بولدى...

مەكتۇپنىڭ سىلىق ئىپادىلىرى ئۇلارنىڭ غۇرۇرىنى ۋە ئۆز كۈچىگە ئىشىنىش ھېسسىياتىنى قوزغىدى. ئۇلار ئۆزلىرىگە ھۇجۇم قىلماقچى بولغانلارنىڭ (سۇلەيماننىڭ) ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولىدىغانلىقىنى، شۇڭا يېڭىلىشتىن ئاۋۋال شەرتلەرنى قوبۇل قىلدۇرۇۋالماقچى ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىشتى.

---

[1] سۈرە نەمل 28 ـ ئايەت.

[2] سۈرە نەمل 29 ـ 30 ـ ئايەتلەر.

[3] سۈرە نەمل 32 ـ ئايەت.

﴿ئۇلار ئېيتتى: «بىز كۈچلۈك ۋە جەڭگىۋارمىز. ئىش سېنىڭ ئىختىيارىڭدىدۇر. (بىزنى) نېمىگە بۇيرۇيدىغانلىقىڭنى (ئويلاپ) كۆرگىن»﴾ [1].

يۇرت كاتتىلىرىنىڭ دېمەكچى بولغىنى: بىز جەڭ قىلىشقا تەييار! ـ دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. ئەمما مەلىكە يۇرت كاتتىلىرىدىن كۆپ ئەقىللىق ۋە ھېكمەت ساھىبى ئىدى. سۇلەيماننىڭ خېتى ئۇنى ئۇرۇش قىلىشقا چاقىرىشتىن ئاۋۋال ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلدى.

مەلىكە سۇلەيماننىڭ مەكتۇبىنى ئۇزۇنغىچە ئويلىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن سۇلەيماننىڭ ئىسمى ناتونۇش بولۇپ، ئۇنى بۇندىن بۇرۇن ھېچ ئاڭلاپ باقمىغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭ كۈچى ھەققىدە ھېچ نەرسە بىلمەيتتى. كىم بىلىدۇ؟ بەلكى بۇ سۇلەيمان ئۇنىڭ دۆلىتى بىلەن جەڭ قىلالىغىدەك، ھەتتا يېڭەلىگىدەك دەرىجىدە كۈچلۈك بىرىمۇ؟ مەلىكە ئەتراپىقا قاراپ، خەلقىنىڭ مەدەنىيەتلىك ۋە باي ئىكەنلىكىنى كۆردى. ئۇ ئۇرۇش سەۋەبىدىن بۇ مەدەنىيەت ۋە باياشاتچىلىقنىڭ ۋەيران بولۇشىدىن قورقتى. غىزەپنىڭ (ئېھتىياتسىزلىقنىڭ) ئورنىغا ھېكمەتنى تاللىدى.

سىلىق ـ سىپايىلىق بىلەن ئۇنىڭغا ھەدىيە ئەۋەتىشنى قارار قىلدى. ئۇ ئۆز ئىچىدە: سۇلايمان بەلكى دۆلىتىمنىڭ بايلىقىغا كۆز تىككەن بولۇشى مۇمكىن. ـ دەپ تەھلىل قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن سۇلھ تۈزۈشكە ۋە سوۋغا ـ سالام بىلەن تېنچلىقنى سېتىۋېلىشقا نىيەت قىلدى.

ئۇ مۇنداق ئويلىغان ئىدى: ئۇنىڭغا سوۋغا ـ سالام ئەۋەتكەندە، سوۋغىنى ئاپارغان ئادەملىرى سۇلەيماننىڭ مەملىكىتىنىڭ ئىچىدىن ئۆتۈش ئىمكانىغا ئېرىشەلەيتتى. بۇنىڭ بىلەن ئادەملىرى جاسۇسلۇق قىلىپ، بۇ مەملىكەتنىڭ خەلقى بىلەن قوشۇنى ھەققىدە خەۋەر توپلايتتى ۋە بۇنىڭ نەتىجىسىدە سۇلەيمان ھەققىدىكى ھەقىقىي ئەھۋالدىن تولۇق خەۋەردار بولالايتتى.

مەلىكە كۆڭلىدە ئويلىغانلىرىنى مەخپىي تۇتتى. يۇرت كاتتىلىرىغا سوۋغا ـ سالام ئەۋەتىش ئارقىلىق ھۆكۈمدار سۇلەيماننىڭ ھەقىقىي نىيىتىنى بىلمەكچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇ بۇلارنى جەڭ قىلىش پىكرىدىن ۋاقىتلىق ياندۇرۇش ئۈچۈن قايىل قىلىشقا تىرىشتى. چۈنكى ھۆكۈمدارلار بىر شەھەرگە كىرگەندە، ئۇ شەھەرنى ۋەيران قىلىپ، شەھەر كاتتىلىرىنى خار ـ زەبۇن ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىدۇ. مەلىكە يۇرت مۆتىۋەرلىرىگە بۇ خەۋپلەرنى چۈشەندۈرگەندىن كېيىن ئۇلار قايىل بولۇشتى.

﴿ئۇ (يەنى بىلقىس) ئېيتتى: «شۈبھىسىزكى، پادىشاھلار بىرەر شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ كىرسە، ئۇنى خاراب قىلىدۇ، شەھەرنىڭ مۆتىۋەر ئادەملىرىنى (ئۆلتۈرۈش، ئەسىرگە ئېلىش ۋە سۈرگۈن قىلىش بىلەن) خار قىلىدۇ، ئۇلارمۇ شۇنداق قىلىدۇ. مەن چوقۇم ئۇلارغا سوۋغا ئەۋەتىمەن، ئەلچىلەرنىڭ نېمە خەۋەر ئېلىپ كېلىدىغانلىقىغا قارايمەن»﴾ [2].

[1] سۈرە نەمل 33 ـ ئايەت.
[2] سۈرە نەمل 34 ـ 35 ـ ئايەتلەر.

...

مەلىكە بىلقىسنىڭ سوۋغىسى ھۆكۈمدار پەيغەمبەر سۇلەيمانغا يەتكۈزۈلدى.

سۇلەيماننىڭ ئاخبارات توپلاش تەشكىلاتى بىلقىسنىڭ ئادەملىرىنىڭ سوۋغا ئەكەلگەن خەۋىرىنى يەتكۈزدى. سۇلەيمان دەرھاللا مەلىكىنىڭ كۈچى ھەققىدە مەلۇماتقا ئېرىشىپ، توغرا قارار چىقىرىش مەقسىتىدە بۇ ئادەملەرنى ئەۋەتكەنلىكىنى چۈشەندى.

سۇلەيمان قوشۇننىڭ دەرھال يىغىلىشى ئۈچۈن پۈتۈن مەملىكەتكە بۇيرۇق چىقاردى.

بىلقىسنىڭ ئادەملىرى قوراللىق ھالدا قويۇق بىر ئورمانىنىڭ ئىچىگە كىردى. قارىغۇدەك بولسا، ئۆزلىرىنىڭ پۈتۈن بايلىقلىرى ۋە ئىلغارلىقلىرى سۇلەيمان مەملىكىتىنىڭ ئالدىدا كىشىنى خىجىل قىلىدىغان قاقاس بىر يەردەك كۆرۈنەتتى. ئەكەلگەن سوۋغىلىرى كۆزلىرىگە ئەرزىمەس نەرسىدەك كۆرۈندى. ھالبۇكى، سوۋغىلار ئالتۇن ئىدى. ئەمما ئۇلار ھۆكۈمدار سۇلەيماننىڭ يەرگە ئالتۇن بىلەن قاپلانغان سەندەل ياغاچلىرى ياتقۇزۇلغان سارايلىرىدا مېڭىۋاتاتتى.

قوشۇن سەپ تۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، بىلقىسنىڭ ئادەملىرى سۇلەيماننىڭ يېنىدا تۇردى. ئۇلار كاللىسىدا ئەسكەرلەرنىڭ سانىنى، تۈرلىرىنى ھېسابلاشقا باشلىدى. قوشۇندىكى يولۋاس، قۇش ۋە ئۇچالايدىغان ئەسكەرلەرنى كۆرگەن بىلقىسنىڭ ئەلچىلىرى قورققىنىدىن يۈرىكى ئاغزىغا كېلىپ، بۇ قوشۇننىڭ تەڭداشسىز دەرىجىدە كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. قوشۇن كۆزدىن كەچۈرۈش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، مەلىكىنىڭ ئەلچىلىرى سۇلەيماننىڭ چۈشلۈك تاماق زىياپىتىگە چاقىرىلدى. ئەلچىلەر دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىنىڭ تاماقلىرىنى كۆردى. داستىخاندا دۆلەتنىڭ ئەڭ مەشھۇر تاماقلىرى تېپىلاتتى. لېكىن ئۇلار تاماقلارنىڭ تەمىنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىشتى. تاماق يېگەن قاچىلىرى ئالتۇندىن ياسالغان بولۇپ، ئۇلارغا ھەتتا مەلىكىمۇ تاقىيالمايدىغان ئالتۇن زىبۇ زىننەتلەر تاقىغان خىزمەتچىلەر خىزمەت قىلىۋاتاتتى. داستىخاندا قۇشلار، دېڭىز بېلىقلىرى ۋە نامەلۇم ھايۋان گۆشلىرى بار ئىدى. سۇلەيمان بۇ تاماقلارنى يېمەستىن، بىر ياغاچ تاۋاقتا قۇرۇق ناننى ياغغا مىلەپ يەۋاتاتتى. بۇ، ئۇنىڭ تاللىغان تامىقى ئىدى.

سۇلەيمان ئۈن-تىنسىز ئولتۇرۇپ، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە تاماق يېدى. ئۇلار سۇلەيماننىڭ كۈچلۈك ۋە ھەيران قالارلىق دەرىجىدە ئېغىر-بېسىق ئىكەنلىكىنى بايقىدى.

تاماقتىن كېيىن، ئەلچىلەر خىجىل بولغان ھالدا بىلقىسنىڭ سوۋغىسىنى سۇلەيمانغا سۇندى. سوۋغا ئالتۇندىن ياسالغان بولۇپ، ئۇلارغا نىسبەتەن قىممەتلىك بىر سوۋغا ئىدى. ئەمما بۇ يەردىكى كىشىنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرىدىغان سەلتەنەت ۋە بايلىقنىڭ ئالدىدا ئاددىي ۋە ئەرزىمەس كۆرۈنەتتى. سۇلەيمان مەلىكىنىڭ سوۋغىسىنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇلارغا قاراپ مۇنداق دېدى:

﴿«سىلەر ماڭا مال بىلەن ياردەم قىلماقچىمۇ؟ اللە نىڭ ماڭا بەرگەنلىرى سىلەرنىڭ بەرگەنلىرىڭلاردىن ياخشىدۇر. بەلكى سىلەر سوۋغاڭلار بىلەن كۆرەڭلەپ كېتىسىلەر﴾.

ھۆكۈمدار سۇلەيمان بۇ قىسقا سۆزى بىلەن ئۇلارنىڭ سوۋغىسىنى رەت قىلدى ۋە ئەلچىلەرنى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. ئۇلارغا ئۆز رازىلىقىنىڭ پۇل بىلەن سېتىۋالغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇلار سۇلەيماننىڭ كۆڭلىنى باشقا نەرسە بىلەن ئالالىشى مۇمكىن ئىدى.

﴿سىلەر ماڭا ھاكاۋۇرلۇق قىلماڭلار، مېنىڭ ئالدىمغا مۇسۇلمان بولغان ھالدا كېلىڭلار»﴾.

سۇلايمان دەسلەپكى مەكتۇبىغا يۈزلەندى ۋە تەكرار دېدى:

﴿سەن قايتىپ كەتكىن، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئۇلار تاقابىل تۇرالمايدىغان بىر قوشۇن بىلەن چوقۇم بارىمىز، ئۇلارنى يۇرتىدىن خار، كەمسىتىلگەن ھالدا چوقۇم چىقىرىۋېتىمىز»﴾.

ھۆكۈمدار كەسكىن ۋە قورقۇنچلۇق تەھدىتىن كېيىن، مەلىكىنىڭ ئەلچىلىرىنى قايتۇرۇۋەتتى. بىلقىسنىڭ ئەلچىلىرى سۇلەيماندىن بىلقىسنىڭ ئۇنى (يەنى سۇلەيماننى) زىيارەت قىلىپ كېلىشى ئۈچۈن ئىجازەت سورىدى.

مەملىكىتىگە قايتىپ كەلگەن ئەلچىلەر دەرھال مەلىكىنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ، دۆلىتىنىڭ خەۋپ ئىچىدە ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلدى ۋە سۇلەيماننىڭ ئىنتايىن كۈچلۈكلىكى، قوشۇنىنىڭ تەڭداشسىز قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

ئۇنىڭ سۇلەيماننى زىيارەت قىلىپ خۇرسەن قىلىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرۈشتى. مەلىكە بۇ مەسلىھەت بويىچە تەييارلىق قىلىپ، سۇلەيمان مەملىكىتىگە قاراپ يولغا چىقتى. سۇلەيمان ئوردىسىدا بەگ ـ ۋەزىرلىرى، قوماندانلىرى ۋە ئۆلىمالىرى بىلەن بىرلىكتە ئولتۇراتتى.

ئۇ بىلقىسنى ئويلاۋاتاتتى.

ئۇنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى، ئەمما ئۆزى خالاپ ئەمەس، قورققىنىدىن كېلىشكە مەجبۇر بولغانلىقىنى بىلەتتى.

شۇنداقلا، ئۇنىڭ قۇياشقا چوقۇنىدىغانلىقىنى، خەۋەر توپلىغۇچىلىرىنىڭ ئۇنىڭ مەملىكىتى توغرىسىدا ئېيتقان مەدەنىيەت، سەنئەت ۋە تېخنىكىدىكى ئىلغارلىقىنى ئويلاۋاتاتتى. سۇلەيمان كۆڭلىدە: ئىلغارلىق ئۇنى ھەقتىن ئازدۇرغانمىدۇ ياكى ئېرىشكەن

سۈرە نەمل 36 ـ ئايەت.
سۈرە نەمل 31 ـ ئايەت.
سۈرە نەمل 37 ـ ئايەت.

كۆچى ئۇنىڭ تەكەببۇرلىشىپ گۇمراھلىششىغا سەۋەب بولغانمىدۇ؟ ـ دېگەنلەرنى ئويلايتتى.

سۇلەيمان مەلىكىنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلىشى ئۈچۈن ئىسلامنىڭ ھەقىقي ئىلغارلىقىنى ۋە ھەقىقي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش ۋە ئۇلارنىڭ قۇياشقا چوقۇنۇپ ئېرىشكەن تېخنىكا، سەنئەت ۋە ئىلىم بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئىسلامغا ئېتىقاد قىلىپ يەتكەن ئىلغارلىقىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرماقچى بولدى.

ھۆكۈمدار سۇلەيماننىڭ خەۋەرچىلىرى سەبە مەملىكىتىدىكى ئەڭ ھەشەمەتلىك نەرسىنىڭ بىلقىسنىڭ تەختى ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلىشتى.

تەخت ئالتۇن ۋە قىممەتلىك تاشلاردىن ياسالغان بولۇپ، تەخت ۋە تەخت قويۇلغان ئۆيمۇ نەققاشلىق سەنئەتنىڭ نامايەندىسى ئىدى. قاراۋۇللار ئۇنىڭدىن ھەر ۋاقىت كۆزلىرىنى ئايرىمايتتى.

ئۇنداق بولسا... سۇلەيمان ئىچىدە بىلقىسنى مۇسۇلمان قىلىش ئۈچۈن. ئۇ كەلگەندە ئۇنىڭ بۇ تەختى ئۈستىدە ئولتۇرۇپ قارشى ئېلىپ، ئۇنى قۇدرىتى بىلەن ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرماقچى بولدى. بېشىنى كۆتىرىپ ئادەملىرىگە:

﴾«ئى ئۇلۇغلار! ئۇلارمېنىڭ قېشىمغا مۇسۇلمان بولۇپ كېلىشتىن بۇرۇن، (سىلەردىن) كىم ئۇنىڭ تەختىنى ئېلىپ كېلىدۇ»﴿.[1]

قاراڭ! ئۇنىڭ سۆزى ئويلىغانلىرىنى نېمدېگەن ياخشى ئىپادىلەپ بەرگەن ـ ھە! ئۇنىڭ پۈتۈن مەقسىتى قۇياشقا چوقۇنغانلارنى ئىسلامغا كىرگۈزۈش ۋە الله نى تونۇتۇشتىن ئىبارەت ئىدى.

الله سۇلەيمانغا بويسۇندۇرۇپ بەرگەن جىنلاردىن بىرى بولغان ئىفرىت تۇنجى بولۇپ:

﴾«مەن ئۇنى ئورنۇڭدىن تۇرۇشتىن بۇرۇن ساڭا ئېلىپ كېلىمەن، مەن ئۇنى ئېلىپ كېلىشكە ئەلۋەتتە قادىرمەن، ئىشەنچلىكمەن»﴿[2] دېدى.

سۇلەيمان بىر ياكى ئىككى سائەتتىن كېيىن ئورنىدىن تۇراتتى. جىن تەختنى بۇنىڭدىن ئاۋۋال ئەكىلەلەيدىغانلىقىنى ئېيتتى.

سۇلەيماننىڭ ئوردىسى پەلەستىندە بولۇپ، بىلقىسنىڭ تەختى بولسا يەمەندە ئىدى. تەخت بىلەن ئوردىنىڭ ئارىسىدا مىڭلارچە مىل مۇساپە بار ئىدى. بۈگۈنكى رېئاكتىپ ئايروپىلانلارنىڭ ئەڭ ئىلغارلىرىمۇ بىر سائەتنىڭ ئىچىدە بۇنچىلىك مۇساپىنى باسالمايتتى.

ئەمما بۇ ئەھۋال جىنلارنىڭ يوشۇرۇن كۈچى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

[1] سۈرە نەمل 38 ـ ئايەت.
[2] سۈرە نەمل 39 ـ ئايەت.

سۇلەيمان ئىفرىتنىڭ سۆزىگە جاۋاب بەرمىدى. دېمەككى، ئۇ بىلقىسنىڭ تەختىنى ئۇنىڭدىنمۇ تېزراق ئەكىلەلەيدىغان بىر تەكلىپ كۈتۈۋاتاتتى. سايىدە ئولتۇرغان ئاسەف ئىبنى بۇرخىيا (ئۇ نازىل بولغان كىتابنى چوڭقۇر بىلىدىغان زات ئىدى) سۇلەيمانغا قاراپ:

﴿«ئۇنى مەن ساڭا كۆزۈڭنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئېلىپ كېلىمەن» دېدى (ئۇ دۇئا قىلىۋىدى، تەخت دەرھال ئالدىدا ھازىر بولدى). سۇلەيمان تەختنىڭ يېنىدا تۇرغانلىقىنى كۆرگەندە: «بۇ پەرۋەردىگارىمنىڭ (ماڭا قىلغان) ئېھسانىدۇر، ئۇ شۈكۈر قىلامدىم، يا تۇزكورلۇق قىلامدىم، بۇنىڭ بىلەن مېنى سىنىدى، كىمكى شۈكۈر قىلىدىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن شۈكۈر قىلىدۇ، كىمكى تۇزكورلۇق قىلىدىكەن، (بىلىش كېرەككى) ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىم (ئۇنىڭ شۈكۈر قىلىشىدىن بىھاجەتتۇر)، (اللە نىڭ) كەرەمى كەڭدۇر» دېدى﴾.[4]

«كىتابنىڭ ھېكمىتىگە ئېرىشكەن» كىشىنىڭ سۆزى ئاياقلاشماي تۇرۇپلا، تەخت سۇلەيماننىڭ يېنىغا كېلىپ بولدى. قۇرئان ئۇنىڭ جىن ياكى ئىنسان ۋە ياكى پەرىشتە ئىكەنلىكى توغرىسىدا ھېچنېمە دېمەيدۇ. يەنە قۇرئان ئۇچىدىكى بىلىمى بۇنچىلىك دەرىجىدىن تاشقىرى كۈچ بېرەلەيدىغان كىتابنىڭ ماھىيىتىنىمۇ تىلغا ئالمايدۇ.

قۇرئان كىتابنىڭ ئىسمىنى ۋە ماھىيىتىنى قەستەن يوشۇرغاندۇر. بۇ، سۇلەيمان ئوردىسىدىكى بىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقارغان مۆجىزىسىنىڭ سىرى بولۇپ، ئەسلىدە مۆجىزىلەرنىڭ ھەممىسى پەقەت اللە قىلا خاستۇر. بۇ مۆجىزىلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىنىڭ سىرىنى يالغۇز اللە بىلىدۇ. قۇرئان بۇ يەردە پەقەت سۇلەيماننىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى قۇدرىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈنلا بۇ قىسسىنى تىلغا ئالغان. بۇ ئالىمنىڭ بولۇشى ئوردىدا ئۇنىڭ قۇدرىتىگە كۈچ قوشاتتى ـ خالاس. شۇڭا بۇ يەردە بىرىنىڭ :«كىتابنى چوڭقۇر بىلىدىغان» كىشى كىم؟ ئۇ جىبرىئىلمۇ، ئاسىف ئىبنى بەرخىيامۇ ياكى باشقا بىرىمۇ دېگەنلەرنى سورىشى ئەھمىيەتسىز. شۇنداقلا، يەنە بۇ كىتاب ھەققىدە ئىسمى ئەزەمنى بىلىدىغان بىر كىشى تەخت ئەكىلىشكە قويۇلغانمۇ ياكى ئۇنداق ئەمەسمۇ؟ ـ دېگەنلەرنى سوراپ تۇرۇۋېلىشنىڭمۇ ئەھمىيىتى يوق. چۈنكى بۇلارنى قۇرئان كەرىم يوشۇرغان، مەخپىي بولغان سىرنى كوچىلاش ئەخمەقلىقتۇر.

تەخت كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە سۇلەيماننىڭ ئالدىغا كەلدى. سۇلەيماننىڭ بۇ مۆجىزىدىن كېيىنكى مۇئامىلىسىنى تەسەۋۋۇر قىلىڭ. ئۇ كۈچىدىن سۆيۈنۈپ سەكرەپ كەتمىدى، قودرەتلىك بولغىنى ئۈچۈن مەغرۇرلانمىدى. اللە ئۇنى "شۈكۈر قىلامدۇ ياكى تۇزكورلۇق قىلامدۇ؟" دەپ سىناپ بېقىش ئۈچۈن، رەھمىتى بىلەن ئۇنى مۈلۈك ئىگىسى قىلدى. سۇلەيمان ئۆزىنى بۇ كۈچ بىلەن سىنىغان اللە قا شۈكۈر قىلدى.

سۇلەيمان اللە غا شۈكرى قىلغاندىن كېيىن مەلىكىنىڭ تەختىگە قارىدى. تەخت گەرچە بىر سەنئەت مۆجىزىسى بولسىمۇ، لېكىن سۇلەيمان مەملىكىتىدىكى ئىنسان ۋە جىنلارنىڭ

[4] سۈرە نەمل 40 ـ ئايەت.

ياسىغانلىرى ئالدىدا ئاددىي كۆرۈنەتتى. سۇلەيمان مەلىكىنىڭ تەختىگە ئىنچىكىلەپ قارىغاندىن كېيىن، تەختنىڭ ئۆزگەرتىلىشىنى بۇيرىدى. تەختنىڭ بەزى يەرلىرى ئۆزگەرتىلدى. چۈنكى سۇلەيمان بىلقىس كەلگەندە، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ تەختىنى تونۇيدىغان ياكى تونىمايدىغانلىقىنى سىناپ باقماقچى ئىدى.

﴿سۇلەيمان (بىلقىسنىڭ يېتىپ كېلىشى يېقىنلاشقان ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئەقلىنى سىناش يۈزىسىدىن) ئېيتتى: «ئۇنىڭ (يەنى بىلقىسنىڭ) تەختىنىڭ (شەكلىنى) ئۆزگەرتىڭلار، ئۇ تەختىنى تونۇمدۇ، تونۇمامدۇ، قارايمىز»﴾.[4]

سۇلەيمان بىلقىسنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن ئايرىم بىر ساراي سېلىشنى ئەمر قىلدى.

دېڭىز قىرغىقىدىن بىر يەر تاللاندى. سۇلەيمان سارايىنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ دېڭىز سۇلىرى ئۈستىدە بولۇشىنى، سارايىنىڭ ئاستىنىڭ ئىنتايىن مۇستەھكەم ۋە قىممەتلىك، شۇنداقلا ناھايىتى سۈزۈك ئەينەكتىن ياسىلىشىنى بۇيرىدى. سارايىنىڭ تېگىدە ئۈزۈۋاتقان ھەر خىل رەڭلىك بېلىقلار ۋە ھەرىكەت قىلىۋاتقان دېڭىز يوسۇنلىرى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان بولۇشى كېرەك ئىدى. ساراي پۈتتى. سارايىنىڭ ئاستىغا ياتقۇزۇلغان ئەينەك دەرىجىدىن تاشقىرى سۈزۈك بولغاچقا، سارايىنىڭ دېڭىز ئۈستىدىكى قىسمىنىڭ تېگى يوقتەكلا كۆرۈنەتتى. ھۆپۈپ سۇلەيمانغا بىلقىسنىڭ دۆلىتىنىڭ ئېگىز يەرلىرىگە (سېپىللىرىغا) يېتىپ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. بىلقىس ئاخىرى كەلدى.

قۇرئان سۇلەيماننىڭ بىلقىسنى كۈتۈۋېلىشىنى ئاتلاپ ئۆتۈپ، تۈزۈلگەن پىلان سەۋەبىدىن بىلقىسنىڭ ئىككى ئىشقا قايتۇرغان ئىنكاسى ئۈستىدە توختىلىدۇ:

تەختىنىڭ ئورنىدا قالغان ۋە مۇھاپىزەتچىلىرى تەرىپىدىن قوغدىلىۋاتقان تۇرۇقلۇق ئۆزىدىن ئاۋۋال بۇ يەرگە يېتىپ كېلىشى، ئاستىدا بېلىقلار ئۈزۈۋاتقان سارايىنىڭ ئالماستەك سۈزۈك يۈزىگە قايتۇرغان ئىنكاسى:

﴿بىلقىس كەلگەندە (ئۇنىڭغا): «سېنىڭ تەختىڭ مۇشۇنداقمۇ؟» دېيىلدى. ئۇ: «شۇدەك تۇرىدۇ» دېدى. (سۇلەيمان اللە نىڭ نېمىتىنى سۆزلەش يۈزىسىدىن ئېيتتى) ئۇنىڭدىن (يەنى بىلقىستىن) بۇرۇن بىزگە (اللە نى ۋە اللە نىڭ قۇدرىتىنى بىلدۈرىدىغان) ئىلىم بېرىلدى، بىز مۇسۇلمان بولدۇق﴾.[5]

ئايەت سۇلەيمان بىلەن بىلقىسنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دىئالوگنى تەسۋىرلەيدۇ.

بىلقىس قارىغۇدەك بولسا، تەخت بىر تۇرۇپ ئۆزىنىڭ تەختىگە ئوخشايتتى، بىر تۇرۇپ ئوخشىمايدىغاندەك كۆرۈنەتتى. ئەگەر تەخت ئۆزىنىڭ تەختى بولسا، ئۇ قانداقلارچە بىلقىستىن بۇرۇن بۇ يەرگە كېلىۋالالايدۇ؟ ئەگەر ئۆزىنىڭ تەختى بولمىسا، بۇنچىلىك

[4] سۈرە نەمل 41 ـ ئايەت.
[5] سۈرە نەمل 42 ـ ئايەت.

ئىنچىكە تەقلىد قىلىنىشى مۇمكىنمۇ؟ بىلقىسنىڭ تەختنى دىققەت بىلەن كۆزىتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن سۇلەيمان:

- سىنىڭ تەختىڭ مۇشۇنداقمۇ؟ - دەپ سورىدى.

- شۇدەكلا تۇرىدۇ، - دېدى ھەيران قالغان بىلقىس.

- بىزگە بۇرۇن ئىلىم بېرىلگەن ۋە بىز تەسلىم بولغان ئىدۇق (يەنى مۇسۇلمان بولدۇق)، - دېدى سۇلەيمان.

ئاخىرقى جۈملە مەلىكە بىلقىسنىڭ ئۆزىنىڭ ئېتىقادى ۋە ئىلمى بىلەن سۇلەيمان ئېتىراپ قىلىنغان ئېتىقاد ۋە ھېكمەتنى سېلىشتۇرۇش ئۈچۈن ئىدى. بىلقىسنىڭ قۇياشقا چوقۇنۇشى ۋە ئېرىشكەن ئىلمىنىڭ دەرىجىسى سۇلەيماننىڭ ئىلمى ۋە مۇسۇلمانلىقى ئالدىدا يېڭىلگەن ئىدى. سۇلەيمان ئىسلام بىلەن ئىلىمدە ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتتى. كېيىن باشقا ئىلىملەردىمۇ ئۇستۇن ئىكەنلىكىنى ئاسانلا ئوتتۇرىغا قويدى. سۇلەيماننىڭ بىلقىسقا ئېيتقان سۆزلىرىنىڭ ئىلھام مەنبەسىمۇ بۇ ئىدى.

بىلقىس بۇنىڭ ئۆزىنىڭ تەختى ئىكەنلىكىنى بىلدى. تەخت ئۇنىڭدىن بۇرۇن بۇ يەرگە كەلتۈرۈلۈپ، بەزى قىسىملىرى ئۆزگەرتىلگەن ئىدى.

بۇ، پەيغەمبەر ۋە ھۆكۈمدار سۇلەيماننىڭ كۈچى قانداق كۈچ بولغىيدى؟

بىلقىس سۇلەيماننىڭ ھۈنەر - سەنئەت، تېخنىكا ۋە باشقا ئىلىملەردە يەتكەن سەۋىيىسىگىلا ئەمەس، ئۇنىڭ ئىمانىغا ۋە اللە قا بولغان تەقۋادارلىقىغىمۇ ھەيران قالدى. يەنى ئۇ سۇلەيماننىڭ مۇسۇلمانلىقى بىلەن ئىلىم - ھېكمەتنى ئارىسىدىكى بۇ چوڭقۇر مۇناسىۋەتتىن ھاڭ - تاڭ قالغان ئىدى.

﴿ئۇنى اللە نى قويۇپ چوقۇنغان نەرسىلىرى (اللە غا ئىبادەت قىلىشتىن) توستى. چۈنكى ئۇ كاپىر قەۋمدىن ئىدى﴾.[8]

خۇلاسە كالام. كاللىدا سانسىزلىغان مەسىلىلەر پەيدا بولدى. ئۇز ئېتىقادىنىڭ بۇ يەردە، سۇلەيماننىڭ ئالدىدا گۇمران بولغانلىقىنى كۆردى. ئۇلار چوقۇنغان قۇياش پەقەت اللە نىڭ بەندىلىرىنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ياراتقان مەخلۇقاتى ئىدى. قۇياش بىلقىسنىڭ قەلبىدە تۇنجى قېتىم تۇتۇلدى. ئۇنىڭ قەلبىنى قۇياشتەك پېتىپ يوقالمايدىغان يېڭى بىر نۇر يورۇتتى. ئۇنىڭ بۇ ئىمانىنى ئېلان قىلىشى پەقەت ۋاقىت مەسىلىسىدىنلا ئىبارەت ئىدى. بىلقىس مۇسۇلمانلىقىنى ئېلان قىلىدىغان ۋاقىتنى ياخشى تاللىدى.

ئۇلۇغ اللە مۇنداق دېگەنىدى:

﴿ئۇنىڭغا (يەنى بىلقىسقا): «سارايغا كىرگىن» دېيىلدى، ئۇ (يەنى بىلقىس) سارايىنى چوڭ سۇ دەپ گۇمانلىنىپ (كىيىمىنى كۆتۈرۈپ) ئىككى پاچىقىنى ئاچتى،

---

[8] سۈرە نەمل 43 - ئايەت.

سۇلەيمان ئېيتتى: «شۇبھىسىزكى، ئۇ ئەينەكتىن ياسالغان سارايدۇر». ئۇ (يەنى بىلقىس) ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم، مەن ھەقىقەتەن (اللہ قا شېرىك كەلتۈرۈپ، قۇياشقا چوقۇنۇش بىلەن) ئۆزەمگە زۇلۇم قىلدىم. سۇلەيمان بىلەن بىللە ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللہ قا بويسۇندۇم (يەنى سۇلەيماننىڭ دىنىغا ئەگىشىپ ئىسلامغا كىردىم)».

بىلقىسقا: سارايغا كىرگىن، ـ دېيىلدى. بىلقىس سارايىنىڭ ئەينەكتىن ياسالغانلىقىنى بايقىيالمىدى. سۇنى كۆرگەن بىلقىس دېڭىزغا كىرىدىغان ئوخشايمەن دەپ كۆڭلىكىنى كۆتەردى.

سۇلەيمان ئۇنىڭغا كۆڭلىكىنىڭ ھۆل بولۇشىدىن قورقماسلىقىنى ئېيتتى. ئۇ يەردە سۇ يوق ئىدى. چۈنكى ساراي سۈزۈك ئەينەكتە ياسالغان ئىدى. بىلقىس مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئېلان قىلىش ئۈچۈن بۇ ۋاقىتنى تاللىدى. ئۆزىگە زۇلۇم قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ، سۇلەيماننىڭ يېنىدا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللہ قا بويسۇندى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قەۋمىمۇ مۇسۇلمان بولدى.

ئۇ سۇلەيماننىڭ دۇنيانىڭ ئەڭ چوڭ ھۆكۈمدارى ۋە اللہ نىڭ پەيغەمبەرلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن ئىدى.

سۇلەيماننىڭ يۈزى بىلقىسنىڭ كەلگىنىدىن بېرى تۇنجى قېتىم خۇرسەن بولغان ھالدا كۈلۈمسىرىدى.

ئۇ مانا ئەمدى ھەقىقىي ۋەزىپىنى ئورۇنلىغان، يەر يۈزىدە ئىسلامنىڭ نۇرىنى بايقىغان ئىدى.

قۇرئان بىلقىسنىڭ مۇسۇلمانلىقىدىن كېيىنكى ئىشلىرىنى تىلغا ئالمايدۇ. مۇپەسسىرلەر كېيىن ئۇنىڭ سۇلەيمان بىلەن توي قىلغانلىقىنى ئېيتىشىدۇ. سۇلەيماننىڭ ئادەملىرىدىن بىرى بىلەن توي قىلغان دېگەنلەرمۇ بار. بىلقىس ئۇنى ياخشى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ياتلىق بولغان ئىدى. ھەبەشىستان ھۆكۈمدارلىرىدىن بەزىلىرىنىڭ ئۇلارنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكى سۆزلىنىدۇ. بىز بۇلارنىڭ توغرا ـ خاتالىقىنى بىلمەيمىز.

قۇرئان كەرىم سۇلەيماننىڭ قىسسىسىگە ئۆيغۇن كەلمىگەن بۇ تەپسىلاتنى زىكىر قىلمىغان. شۇڭا ھېچكىم بىلمەيدىغان بىر نەرسە ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈشنى لايىق كۆرمەيمىز.

سۇلەيمان دۇنيانى بويسۇندۇرغان شەرەپلىك ھايات ياشىغان ئىدى.

ئاخىرىدا، اللہ ئۇنىڭغا ئۆلۈمنى تەقدىر قىلدى ۋە سۇلەيمان ۋاپات بولدى. خۇددى ئۇنىڭ ھاياتى ئاجايىپ ـ غارايىبلىقلار ۋە تىلسىماتلار بىلەن تولغان ۋە شۆھرەتتە، سەلتەنەتتە ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكەندەك، ئۇنىڭ ئۆلۈمىمۇ اللہ نىڭ ئاجايىپ ـ غارايىبلارغا تولغان ئالامەتلىرىدىن بىرى ئىدى.

---

سۈرە نەمل 44 ـ ئايەت.

دىمەك، ئۇنىڭ ئۆلۈمى ھاياتىغا ۋە سەلتەنىتىگە ئۇيغۇن ھالدا كەلگەن ئىدى. تەخىداشسىز ۋە مۇھىم ھاياتىغا تەخىداشسىز بىر ئۆلۈم كەلدى.

ئۇلۇغ اللە سەبەئ سۈرىسىدە سۇلەيماننىڭ ۋاپاتى ھەققىدە مۇنداق دېگەنىدى:

﴿سۇلەيماننىڭ ۋاپاتىنى ھۆكۈم قىلغىنىمىزدا (يەنى ئۇنى ۋاپات قىلدۇرغىنىمىزدا) سۇلەيماننىڭ ئۆلگەنلىكىدىن جىنلارنى پەقەت ئۇنىڭ ھاسىسىنى يېگەن قۇرۇتلار خەۋەردار قىلدى. سۇلەيمان (ھاسىسىنى قۇرۇت يەپ) يىقىلغان چاغدا جىنلارغا ئېنىق بولدىكى، ئەگەر ئۇلار غەيبنى بىلىدىغان بولسا ئىدى، خار قىلغۇچى ئازابتا (يەنى شۇنچە ئۇزاق ۋاقىت ئېغىر ئەمگەكتە) قالمىغان بولاتتى﴾.[4]

جىنلارنىڭ سۇلەيماننىڭ ئەمرىگە بېرىلىشى، ئۇلارنىڭ سۇلەيمانغا ئىشلىشى، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىششى ۋە بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئىنسانلارنىڭ كۆرۈشى مەلۇم مەسىلە ھەققىدە ئىنسانلارنىڭ پىتنە تېرىشىغا سەۋەبچى بولغان ئىدى.

سۇلەيماننىڭ ۋاپاتى بۇ پىتنىنى بىتچىت قىلدى. جىنلارنىڭ غەيبنى بىلىدىغانلىقىنى كىمنىڭ سۆزلىگەنلىكىنى بىز بىلمەيمىز. ئەسكى بىر شەيتانمۇ؟ ياخشى نىيەتلىك بىر جىنمۇ؟ ياكى ئالدانغان بىر ئىنسانمۇ؟ يەنى بۇ يالغان ئىغۋانىڭ چىقىش سەۋەبىنى بىز بىلمەيمىز. بىلىدىغىنىمىز پەقەتلا بۇ سۆز ـ چۆچەكنىڭ تارقىلىپ، خېلى چوڭ تەسىر پەيدا قىلغانلىقى ۋە بەزى ئىنسان ۋە جىنلارنىڭ بۇنىڭغا قۇلاق سالغانلىقىدۇر.

ئىنسانلار بەلكى ئۇزىچە: جىنلار بۇنداق دەرىجىدىن تاشقىرى ئالاھىدە ئىشلارنى قىلالىغان يەردە بەلكىم غەيبنىمۇ بىلىشى مۇمكىن، ـ دەپ ئويلىشى مۇمكىن. بۇ ئىمكانسىز بىر ئىش ئىدى. ئىنسانلار جىنلارنىڭ، ئىنسانلارنىڭ، ھەتتا پەيغەمبەرلەرنىڭ يەنى پۈتۈن مەخلۇقاتلارنىڭ غەيبنى بىلىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئۇنۇتقانىدى.

غەيبنى پەقەت اللە لا بىلىدۇ.

ئۇلۇغ اللە سۇلەيماننىڭ ئۆلۈمى بىلەن بۇ پىكرنى، يەنى جىنلارنىڭ غەيبنى بىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى پىتنىنى يوق قىلىشنى ئىرادە قىلدى. جىنلار سۇلەيمان ئۆلگىچە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىشلەيتتى. ئۇ ئۆلسە، ئۇنىڭ بۇيرىقىغا بويسۇنۇش ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىشلەش مەسئۇلىيىتى تۈگەيتتى.

سۇلەيماننىڭ ئۆلگىنىنى بىلمىگەن جىنلار ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىشلەشنى ۋە خىزمەت قىلىشنى داۋاملاشتۇردى. ئەگەر جىنلار غەيبنى بىلگەن بولساق، بۇ خار قىلغۇچى ئازابقا دۇچار بولمايتتى. سۇلەيمان ئېتىكاپ، ئىبادەت ۋە ناماز ئۈچۈن مېھراپىغا (يەنى ھۇجرىسىغا) كىردى. مېھراپتا تۇرغان چاغدا ئۇنىڭ يېنىغا ھېچكىم كىرىشكە جۈرئەت قىلالمايتتى. مېھراپ بىر تاغنىڭ چوققىسىدا بولۇپ، تاملىرى ئارقىسىدىكىلەرنى كۆرسىتىپ تۇرىدىغان ئەينەكلەردىن ياسالغان ئىدى.

---

[4] سۈرە سەبەئ 14 ـ ئايەت.

بىر كۈنى، سۇلەيمان ھاسىسىغا تايانغا ھالدا ئۇيغا چۆمدى. ئۇلۇغ الله قا زىكىر قىلىشقا باشلىدى. بىر ئازدىن كېيىن ئۇيقىسى كەلدى.

بىر ئازدىن كېيىن ئەزرائىل ئۇنىڭ مېھراپىدىن چىقتى. سۇلەيمان ۋاپات بولغان ئىدى.

ئۇ ھاسىغا تايانغان ھالدا ئولتۇراتتى.

بۇنى كۆرگەن جىنلار ئۇنى دۇئا قىلىۋاتىدۇ دەپ پەرەز قىلىشىپ، ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇردى.

نۇرغۇن كۈنلەر ئۆتتى...

ئاخىرى، بىر دەرەخ قۇرتى كېلىپ، سۇلەيماننىڭ ھاسىسىنى يېيىشكە باشلىدى. قۇرتنىڭ قورسىقى ئاچ بولغاچقا، ھاسىنىڭ بىرقىسمىنى يەپ تۈگەتتى.

دەرەخ قۇرتى ھاسىنى بىر قانچە كۈنگىچە توختىماي يېدى. قۇرت ھاسىنىڭ يەرگە تېگىپ تۇرغان قىسمىنى يەيتى. ھاسىنىڭ تېگى يېيىلىپ تۈگىگەندە، سۇلەيماننىڭ قولى ھاسىدىن سېرىلدى ـ دە، جەسىتىنىڭ تەڭپۇڭلۇقى بۇزۇلۇپ يەرگە يىقىلىپ چۈشتى.

ئىنسانلار يەرگە يىقىلغان جەسەتنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ كېلىشتى. ئۇلار سۇلەيماننىڭ بۇرۇنلا ئۆلگەنلىكىنى ھېس قىلىشتى. جىنلارمۇ غەيبنى بىلمەيدىغانلىقىنى چۈشىنىشتى. بۇ ھەقىقەتنى ئىنسانلارمۇ چۈشەندى. ئەگەر جىنلار غەيبنى بىلگەن بولسا، بۇ خار قىلغۇچى ئازابتا قالمىغان بولاتتى. شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىتقىچە سۇلەيماننىڭ ئۆلگىنىنى ئۇقماي، ئىشلەپ يۈرمىگەن بولاتتى.

...

شۇنداق قىلىپ، الله نىڭ پەيغەمبىرى سۇلەيمان مېھراپتا ئولتۇرۇپ، الله نى زىكىر قىلغان ھالدا ۋاپات بولدى. بۇ خەۋەر چاقماق تېزلىكىدە دۇنياغا تارقالدى.

ھۆكۈمدار پەيغەمبەر سۇلەيماننىڭ جىنازىسىغا (ئۆلۈمىگە) ئىنسانلار، قۇشلار ۋە ۋەھشىي ھايۋانلار قاتناشقان ئىدى.

ئۇنىڭ تاۋۇتىغا كۆز ياشلىرى تۆككەن مىڭلىغان قۇشلار سايە چۈشۈرەتتى. دەپنە مۇراسىمىدا يىرتقۇچ ھايۋانلار يۇۋاشلاپ، مۇلايىملىق بىلەن مېڭىشتى.

قۇشلار سۇلەيمان ئۈچۈن يىغلاشتى. ئىش تۈگىدى. ئەمدى يەر يۈزىدە ھېچ كىشى قۇشلارنىڭ تىلىنى بىلەلمەيتتى.

قۇشلارنىڭ تىلىنى بىلىدىغان كىشى ۋاپات بولغان ئىدى.

تىلىمىزنى بىلمەيدىغانلارنىڭ ئارىسىدا ياشاش نېمىدېگەن تەس ـ ھە!

## سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبادەتخانىسى

سۇلەيمان ئىبادەتخانىسى (مەئبەد) يەھۇدىيلارنىڭ ئىبادەت مەركىزى، يەھۇدىي تارىخىنىڭ سىمۋولى ۋە ئۇلارنىڭ ئىپتىخار مەنبەسى بولغان ئېرۇسالىمدا ئىدى. ئۇنى ھۆكۈمدار سۇلەيمان سالدۇرغان بولۇپ، قۇرۇلۇشقا ۋە بېزەشكە نۇرغۇن چىقىم سەرپ قىلىندى. بۇ قۇرۇلۇشقا قاتناشقان ئىشچىلارنىڭ سانى 180 مىڭدىن ئارتۇق ئىدى (ھۆكۈمدارلارنىڭ 1 ـ كىتابى). سۇلەيمان بۇ ئىبادەتخانا ئۈچۈن تەرشىشتىن ئالتۇن، لىۋاندىن دەرەخ (ياغاچ)، يەمەندىن قىممەتلىك تاش ئەكەلگۈزگەن بولۇپ، ئىبادەتخانىنىڭ قۇرۇلۇشى يەتتە يىل توختىماي ئىشلەش نەتىجىسىدە تاماملانغانىدى. بۇ، ئۇ دەۋردىكى دۇنيا مۆجىزىلىرىدىن بىرى ئىدى.

ئىبادەتخانا نۇرغۇن قېتىم ۋەيران قىلىندى. دۈشمەنلەرنىڭ ۋە ئاچكۆزلەرنىڭ ھۇجۇم نىشانىغا ئايلاندى. ئۇلار ئۇنىڭ ئىچىدىكى غەزىنىلەرنى بۇلاپ تالايتتى ۋە ئۇنىڭ خاراب بولغانلىقىنى سۆز ـ چۆچەك قىلىشاتتى (ھۆكۈمدارلارنىڭ 2 ـ كىتابى). كېيىنلەردە ھۆكۈمدارلارنىڭ بىرى يەھۇدىيلارغا دوستلۇق قولىنى ئۇزىتىپ ئىبادەتخانىنى يېڭىدىن ياساتتى. بۇ قېتىم ئىبادەتخانىنىڭ قۇرۇلۇشى 46 يىل سۈردى. ئاخىرىدا ئۈچ تەرىپى ھەيۋەتلىك سېپىلدىن قورشالغان ھەشەمەتلىك بىر قەسىر مەيدانغا كەلدى. ئىبادەتخانا ئىچكىرىكى ۋە تاشقىرىقىدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنەتتى.

ئىچ قىسمى مەرمەردىن ياسالغان قوش تۈۋرۈكلەر كۆتۈرۈپ تۇرغان ئېگىز راۋاقلار بىلەن قورشالغان بولۇپ، راۋاقلارنىڭ تورۇسلىرى (لەمپىلىرى) قىممەتلىك سەدىر دەرىخىدىن ياسالغان ئىدى. ئىبادەتخانىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى راۋاقلارنى 162 دانە تۈۋرۈك كۆتۈرۈپ تۇراتتى. بۇ تۈۋرۈكلەر ئاز دېگەندىمۇ ئۈچ ئادەمنىڭ غۇلىچى يەتمىگۈدەك يوغانلىقتا ئىدى.

ئىبادەتخانىنىڭ تاشقىرى قىسمىدا ئالتۇن بىلەن قاپلانغان توققۇز چوڭ دەرۋازا بولۇپ، ئۇنىڭچىسى يوغان بولۇشقا قارىماي، پۈتۈنلەي كورىنسوس مىسىدىن قۇيۇلغان ئىدى. پۈتۈن دەرۋازىلارنىڭ ئۈستى ساپ ئالتۇندىن ياسالغان ئۈزۈم ساپاقلىرى بىلەن زىننەتلەنگەن ئىدى. ھۆكۈمدارلار ئىبادەتخانا ۋەيران بولغانغا قەدەر خەير ـ ساخاۋەت قىلدى. ئىبادەتخانا تەڭداشسىز خەزىنىلەرگە تولغان ئىدى.

سۇلەيمان ئىبادەتخانىسىنىڭ سېلىنىشىدىكى ئەسلى مەقسەت اللە قا ئىبادەت قىلىش بولۇپ، بىر اللە غا ئېتىقاد قىلىدىغان ئىمان ئىگىلىرىنىڭ مەسجىدى ئىدى. سۇلەيمان ئۇنى سالدۇرغان چاغدا ئۇنىڭ كۆركەملىكى ۋە كاتتىلىقى ھەرگىزمۇ ئىنسانلارنىڭ اللە قا ئىبادەت

سۇرە سەبەئ 14 ـ ئايەت.

قىلىشىغا ۋە سۈلەيماننىڭ ﷲ قا دەۋەت قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلمايتتى. چۈنكى ئۇنىڭ ھەشەمەتلىك ياسىلىشى بەلكى دۆلەتنىڭ كۈچىنىڭ ۋە ئېتىقادىنىڭ مۇستەھكەملىكىنىڭ نامايەندىسى ئىدى.

ئەپسۇسكى، ۋاقىت ھەممە نەرسىنى ئۆزگەرتىدۇ. ئادەت بولغىنى شۇكى، ﷲ قا دەۋەت قىلىشمۇ خۇددى بىر بوۋاقتەك تۇغۇلىدۇ. كېيىن چوڭ بولۇپ يېتىشىدۇ. ئاخىرىدا مېغىزىنى تاشلاپ، شاكىلىغا ئېسىلىشقا قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ.

باشقا ئىبادەت يەرلىرىنىڭ بېشىغا نېمە كەلگەن بولسا، سۈلەيمان ئىبادەتخانىسىغىمۇ ئوخشاشلا تەقدىردە پۈتۈلگىنى كەلدى. ئىبادەتخانا تەۋھىدنىڭ (يەنى شېرىكى بولمىغان بىر ﷲ قا ئىبادەت قىلىشنىڭ) سىمۋولى ئىدى.

ئۇزۇن يىللار ئۆتتى. ئىبادەتخانا ئىچ ـ ئىچىدىن يەھۇدىي دىنىنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتقانلىقىنى يوشۇرغان ئالتۇن شاكالغا ئايلىنىپ قالدى.

يەھۇدىيلار ئىبادەتخانىنىڭ مۇقەددەسلىكىنى بۇزدى. ئۇنىڭ چاقناپ تۇرىدىغان نۇرلۇق كۆرۈنۈشىنى خۇنۈكلەشتۈردى. ئۇنى بازار يېرىگە ئايلاندۇرۇۋالدى. قوي ـ كالا، كەپتەر ساتقۇچىلىرى راۋاقلارغا تولۇپ، ئۇ يەرنى گويا ھايۋان ئېغىلىغا ئوخشىتىپ قويۇشتى. ئىبادەتخانىنىڭ كىرىش ئېغىزلىرىنى ئىچى ئىنسانلارنىڭ پۇل تېگىشىپ سودىلاشقان ئاۋازلىرى بىلەن پۇللارنىڭ شاراقلىغان ئاۋازى تولغان جازانىخورلارنىڭ ئىشخانىلىرى قاپلىغان ئىدى (ماتتا ئىنجىلى). يەھۇدىيلار مال ـ دۇنياغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرەتتى. قەلبىنىڭ قاساۋەتلىشىپ كېتىشى ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەسلىك بۇ قەۋمنىڭ ماددىي دۇنياغا يۈزلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئىبادىتىگىمۇ تەسىر قىلدى. ئۇلارغا نىسبەتەن ئىبادەتخانىدىن سېتىۋېلىنغان ھايۋانلارنى قۇربانلىق قىلىش مەغپىرەتكە ئېرىشىشنىڭ بىردىنبىر يولى ئىدى. ئىبادەتخانا ھەقىقىي قىممىتىنى يوقىتىپ، بازارغا ئايلانغاندىن كېيىن، ﷲ ئۇ دىيارنى ۋە ئۇ دىيار بىلەن بىرلىكتە ئىبادەتخانىمۇ يەر بىلەن يەكسان قىلغۇچىلارنى ئەۋەتتى. ئۇلۇغ ﷲ قۇددۇسنىڭ ۋەيران قىلىنىشى ۋە سۈلەيمان ئىبادەتخانىسىنىڭ يىقىلىشى ھەققىدە مۇنداق دېگەنىدى:

﴿ئىسرائىل ئەۋلادىغا كىتابتا (يەنى تەۋراتتا): «يەلەستىن زېمىنىدا چوقۇم ئىككى قېتىم بۇزغۇنچىلىق قىلىسىلەر ۋە زۇلۇم قىلىش بىلەن، ﷲ چەكلىگەن ئىشلارنى قىلىش بىلەن تولىمۇ ھەددىڭلاردىن ئېشىپ كېتىسىلەر» دەپ ۋەھيى قىلدۇق. بىرىنچى قېتىملىق بۇزغۇنچىلىقىنىڭ (جازاسى) ۋەدە قىلىنغان ۋاقىت كەلگەندە، (سىلەرنى جازالاش ئۈچۈن) سىلەرگە كۈچلۈك بەندىلىرىمىزنى ئەۋەتتۇق، (ئۇلار سىلەرنى ئۆلتۈرۈش، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش ئۈچۈن) ئۆيلەرنى ئاختۇردى. (سىلەرگە دۈشمەننى مۇسەللەت قىلىش) چوقۇم ئىشقا ئاشىدىغان ۋەدە ئىدى. ئاندىن (يەنى تەۋبە قىلغىنىڭلاردىن) كېيىن سىلەرنىڭ ئۇلاردىن ئۈستۈنلۈكۈڭلارنى ئەسلىگە كەلتۈردۇق (يەنى دۈشمىنىڭلارنى ھالاك قىلدۇق، سىلەرنى ئۇنىڭ ئۈستىدىن غالىب قىلدۇق)، سىلەرگە نۇرغۇن مال ۋە ئەۋلادلار ئاتا قىلدۇق،

سانىڭلارنى كۆپ قىلدۇق. (ئى ئىسرائىل ئەۋلادى!) ئەگەر ياخشىلىق قىلساڭلار، ياخشىلىقىڭلار ئۆزەڭلار ئۈچۈندۇر. يامانلىق قىلساڭلارمۇ ئۆزەڭلار ئۈچۈندۇر. ئىككىنچى قېتىملىق بۇزغۇنچىلىق (جازاسىنىڭ) ۋەدە قىلىنغان ۋاقتى كەلگەندە، (دۈشمەنلەرنىڭ خار قىلىشى بىلەن) يۈزۈڭلاردا قايغۇنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلۈشى ئۈچۈن. ئۇلارنىڭ بەيتۇلمۇقەددەسكە دەسلەپكى قېتىمدا كىرگەندەك كىرىپ (ئۇنى خاراب قىلىشى) ئۈچۈن. ئىشغال قىلغانلىكى يەرنى ۋەيران قىلىشى ئۈچۈن (ئۇلارنى بىز ئەۋەتتۇق). (ئەگەر تەۋبە قىلساڭلار) پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ سىلەرگە رەھىم قىلىشى مۇھەققەق يېقىندۇر. ئەگەر سىلەر قايتساڭلار (يەنى قايتا بۇزغۇنچىلىق قىلساڭلار)، بىز قايتىمىز (يەنى بىز سىلەرنى قايتا جازالايمىز). بىز جەھەننەمنى كاپىرلار ئۈچۈن زىندان قىلدۇق﴾.

اللە نىڭ ئايەتلىرى قەۋملەرنىڭ ھاياتىدا ئۆزگەرمەيدىغان بىر قانۇننى ئىپادىلەيدۇ. بۇ قەۋملەر بىلەن اللە نىڭ مۇناسىۋىتى دۇرۇست ۋە يېقىن بولغان مەزگىلدە ئۇلار دائىم كۈچلۈك تۇراتتى. ئىنسانلار قۇۋۋەتنىڭ ئەسلىنى يەنى اللە دىن ياردەم تىلەشنى تاشلاپ، رىياكارلىق بىلەن ئىبادەت قىلىشىپ، بايلىق ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى قاماشتۇرسا، اللە قا بويسۇنۇشنىڭ ئورنىغا دىنىنى تىجارەتكە ئايلاندۇرۇۋالسا، مانا بۇ قىلمىشلار ئۇتتۇرىغا چىقسا، قەۋملەرنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىشى باشلىنىدۇ ۋە اللە ئۇلارغا ئۆيلىرىنى ئاختۇرۇپ قالايمىقان قىلىدىغان ئادەملەرنى ئەۋەتىدۇ.

سۆزنىڭ ئىپادىلىنىش ئۇسلۇبىغا دىققەت قىلىڭ! كەڭ كۆلەملىك خاراب قىلىشنى قانداق ئىپادىلىگەن ـ ھە؟!

مۇپەسسىرلەر سۇلەيمان ئىبادەتخانىسىنىڭ يىقىلىشى ۋە قۇددۇسنىڭ ۋەيران بولۇشى ھەققىدە مۇنداق دېيىشىدۇ: ئۇلۇغ اللە قەۋم ئىچىدە گۇناھ ۋە ئىسيان كۆپەيگەندە ئىسرائىل ئەۋلادىدىن ئەرمىيا ئىسىملىك بىر پەيغەمبەرگە مۇنداق ۋەھيى قىلدى: قەۋمىڭ ئارىسىدا دەست تۇر ـ دە، ئۇلارنىڭ قەلبلىرىنىڭ ھەقنى چۈشەنمەيدىغانلىقىنى، كۆزلىرىنىڭ ھەقنى كۆرمەيدىغان، قۇلاقلىرىنىڭ ھەقنى ئاڭلىمايدىغان قەۋم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگىن. پەيغەمبەرگە كەلگەن ۋەھيى ئىسرائىل ئەۋلادىدىن مۇنۇلارنى سوراشقا بۇيرىدى: اللە قا ئاسىيلىق قىلغان بەندە شۇ ئاسىيلىقى بىلەن بەختكە ئېرىشەمدۇ؟ بىر بەندە اللە غا ئىتائەت قىلىش سەۋەبى بىلەن شەقى بولامدۇ؟

ھايۋان چېغىدا يۇرتىنى سېغىنىپ قايتىپ كېلىدۇ. ئەمما بۇ قەۋم ئۆز ۋەتىنىنى تاشلاپ كېتىدۇ. مانا بۇ تەۋھىدكە قارشى چىقىشتۇر. ئۇنداقتا ئۇلار ھايۋاندىنمۇ بەتتەردۇر.

ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئەھۋالىنى تەسۋىرلەش ئۈچۈن كەلگەن ۋەھيىدە مۇنداق دېيىلگەن:

يەھۇدىي ئالىملىرى اللە نىڭ ھەققىنى ئىنكار قىلىشتى.

---

سۈرە ئىسرا 4 ـ 8 ـ ئايەتكىچە.

تەۋراتنى ئوقۇغۇچىلار اللە دىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلىشتى.

ئىبادەت قىلغۇچىلار قىلغان ئىشلىرىدىن پايدىلانمىدى.

ھۆكۈمرانلار بولسا، اللە نى ۋە پەيغەمبەرلەرنى يالغانغا چىقىرىپ تۆھمەت قىلىشتى. كۆڭلىدە ھىيلە ۋە تۇزاق قۇرۇشۇپ، تىللىرىنى يالغانغا كۆندۈرۈشتى.

ئىلاھىي سۆزلەر يەھۇدىي ئالىملارنىڭ، تەۋراتنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ، ئىبادەت قىلغۇچىلارنىڭ ۋە ھۆكۈمرانلارنىڭ قىلمىشلىرىنى بىلدۈرگەن ھالدا كېلەتتى. ئالىملار اللە نىڭ قۇللىرىدىن ئىلاھلار پەيدا قىلىشتى. ئىنسانلارنى ئىنسانلارغا ئىبادەت قىلىشقا قايىل قىلدى. بۇنىڭ بىلەن اللە نىڭ بەندىلىرى پەقەت اللە قىلا قىلىش لايىق بولغان ئىتائەت بىلەن ئۇلارغا بويسۇندى. ھۆكۈمرانلار ۋە ئەمىرلەر اللە نىڭ نېمەتلىرىگە تۇزكورلۇق قىلىشتى. دۇنيا ئۇلارنى ئازدۇردى. ئۇلار اللە نىڭ كىتابىنى تاشلاپ، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئۇنتۇشتى. ئۇلار اللە نىڭ كىتابىنى (يەنى تەۋراتنى) ئۆزگەرتىپ، پەيغەمبەرلەرگە تۆھمەت قىلىشاتتى ھەمدە ئۇلارنى ناھەق ئۆلتۈرەتتى.

تەۋرات ئوقۇغۇچى تالىبلار ۋە فىقھىلەر كىتابنىڭ بىر قىسمىنى ئوقۇپ، يەنە بىر قىسمىنى تاشلايتتى. ھۆكۈمدارلارغا ماسلىشىپ، اللە نىڭ دىنى ھەققىدە توقۇغان بىدئەتلەرگە، اللە غا ئىسيان قىلىشلىرىغا ئىتائەت قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئەھدىگە، اللە قا بەرگەن ۋەدىسىگە خىلاپ بۇيرۇقلىرىنى بەجا كەلتۈرەتتى.

پەيغەمبەرلەرنىڭ نەسىللىرى بولسا روھى چۈشكەن، پىتنىگە چۆمگەن ھالدا ئىدى. ئۇلارمۇ باشقىلارغا ئوخشاشلا ئاتا ـ بوۋىسىغا كەلگەن ياردەمنىڭ ئۆزلىرىگىمۇ كېلىشىنى كۈتەتتى. ئۇلار ئاتىلىرىنىڭ تەقۋادارلىقى، قاندااق قان تۆككەنلىكى، قانداق سەۋر قىلغانلىقى، اللە نىڭ دىنىنى ئۈستۈن قىلغانغا قەدەر قانداق پىداكارلىق كۆرسەتكەنلىكى ھەققىدە ئويلانمايتتى.

ئەرمىيانىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى داۋام قىلدى. ئۇ قەۋمىگە ئۇلۇغ اللە نىڭ ئۇلارنىڭ ئويغىنىشى، توغرا دىنغا قايتىشى ۋە بىر اللە قا ئېتىقاد قىلىش ئۈچۈن ئاخىرقى بىر پۇرسەت بەرگەنلىكىنى ئېيتتى (بىلدۈردى). ئۇنداق قىلمىغان تەقدىردە، اللە ئۇلارغا ئەسكەرلىرى قارا قويۇندەك مېڭىپ باياشات يەرلەرنى خارابىگە، شەھەرلەرنى چۆلگە ئايلاندۇرىدىغان بىر زوراۋان ھۆكۈمدار ئەۋەتەتتى.

ئىبنى كەسىر ئىبنى ئاساكىرىنىڭ سۆزىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ:

«ئىليا ۋە ئۇ يەردە ئولتۇرغانلارنىڭ ھالىغا ۋاي! ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشكە ۋە ئەسىر قىلىشقا بۇيرۇدۇم، خۇشاللىققا (كۈلكە، چاقچاققا) تولغان تويلاردىن كېيىن داد ـ پەريادنى، ئاتلارنىڭ كىشنىشىدىن كېيىن، بۆرىلەرنىڭ ھۇۋلىشىنى، ئايۋان ـ قەسىرلەردىن كېيىن، يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ئۇۋۇلىرىنى بەردىم، ئۇلارنى خىلمۇخىل ئازابلار بىلەن ئازابلايمەن. ئۇندىن كېيىن ئاسماننىڭ تۆمۈر تاۋاققا، يەرنىڭ مىس نوكچىغا

ئايلىنىشنى بۇيرۇيمەن. يامغۇر ياغقان تەقدىردىمۇ يەردىن ھېچنەرسە ئۈنمەيدۇ. ئەگەر بىر نەرسە ئۈنسە، بۇ ھايۋانلارغا قىلىنغان رەھمىتىمدۇر. ئەگەر بۇ مەزگىلدە بىر نەرسە تېرىسا، تېرىلغۇغا ئاپەت بېرىمەن. ئەگەر ئاپەتتىن قۇتۇلغان بولسا، ئۈنۈمدىن بەرىكەتنى كۆتۈرىۋېتىمەن. ئەگەر دۇئا قىلىشسا، جاۋاب بەرمەيمەن، سورىسا بەرمەيمەن، يىغىسىغا ئىچ ئاغرىتمايمەن. ئەگەر يالۋۇرسا، ئۇلارغا قارىمايمەن».

ئىليا قەۋمىگە پەيغەمبەرلىكىنى بىلدۈرۈپ، ئۇلارنى اللە غا دەۋەت قىلدى. ئۇلارنى كەڭ - كۆلەملىك ئاپەت بىلەن ئاگاھلاندۇردى. يەھۇدىيلار ئۇنى ئىنكار - ئىسيان بىلەن چەتكە قاقتى. ئۇنى يالغانچىغا چىقاردى. ئۇنىڭغا: سەن نېمىشقا يالغان سۆزلەيسەن؟ اللە يېرىنى ۋە مەسجىدلىرىنى قانداق تاشلىۋېتىدۇ؟ يەر يۈزىدە ئىبادەت قىلىدىغان كىشى قالمىسا، مەسجىد ۋە كىتاب قالمىسا، ئۇنىڭغا كىم ئىبادەت قىلىدۇ؟ - دېيىشتى.

ئىليا بىلەن قەۋمى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ئىليانىڭ زىندانغا چۈششى بىلەن ئاخىرلاشتى. دەل بۇ چاغدا... بۇختۇننەسرى ئۇلارغا قاراپ ئىلگىرىلەۋاتاتتى. بىر كۈنى، يەھۇدىلار ئاتلارنىڭ تۇياق ئاۋازى، ئوقلارنىڭ ئاۋازى ۋە كۆيۈك پۇراقلىرى بىلەن چۆچۈپ ئويغاندى. ھۇجۇم قىلغۇچىلار شەھەر سېپىللىرىنى قورشاپ، دەرۋازىلارنى بىر - بىرلەپ قولغا چۈشۈرۈپ، شەھەر - يېزىلارغا كىردى.

ئۈيلەرنىڭ ئەتراپىنى قورشاپ ھەممە يەرنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى. تاجاۋۇزچى (ھۇجۇمچى) قوشۇننىڭ قوماندانى يەھۇدىيلارنى مەجبۇري قولغا ئېلىشنى بۇيرۇدى. ئۇلارنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئۆلتۈردى، ئۈچتىن بىرىنى ئەسىر ئالدى، ئاجىز قېرىلارنى ئاتقا دەسسىتىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. بەيتۇلمۇقەددەس ۋە ئىبادەتخانىنى ئۆرۈپ تاشلىدى. ئەرلەرنى ئۆلتۈرۈپ، قەلئەلەرنى ۋەيران قىلدى. ئىبادەتخانىلارنى چاقتى. تەۋراتنى كۆيدۈردى. ئالىم ۋە فىقھشۇناسلاردىن بىرنىمۇ قويماي قىرىپ تاشلىدى. بەيتۇلمۇقەددەسنىڭ ئىچىگە نىجاسەت ئاتتى، چوشقا بوغۇزلىدى. ھەممە نەرسىگە ئوت قويغاندىن كېيىن، ئەسىرلەرنى ئېلىپ قايتىپ كەتتى.

يۈز مىڭلارچە ئايال ۋە باللارنى ئۆزلىرى بىلەن بىرگە ئېلىپ كېتىشتى.

پۈتۈن يەرنى ۋەيران قىلىپ خارابىگە ئايلاندۇردى. ياشىغۇسىز ھالغا چۈشۈپ قالغان يەھۇدىي ئۆيلىرىلا قالغان ئىدى.

ئىسرائىل ئەۋلادى مەملىكەتنىڭ تەرەپ - تەرەپلەرگە قېچىشتى.

بۇ يەردە ئۇزۇن مەزگىلگىچە ھېچكىم ياشىمىدى. ئاخىردا، اللە تائالا قەۋمنىڭ ئەۋلادلىرىدىن قېلىپ قالغانلىرىنىڭ قايتىشىغا ئىجازەت بەردى ۋە ئۇلار بۇ يەرلەرگە قايتىپ كېلىشتى. بۇ قانلىق ۋەقەلەر يۈز بېرىۋاتقاندا، ئۇزەير ئۇخلاۋاتاتتى. كۆرگەن كىشى ئۇنى ئۆلۈك ھېسابلايتتى. ئۇ، تەۋراتنى يادقا بىلىدىغان بىردىنبىر كىشى ئىدى.

# ئۇزەير ئەلەيھىسسالام

ئۇلۇغ ئاللاھ بەقەرە سۈرىسىدە مۇنداق دېگەنىدى:

﴿ياكى سەن تام، ئۆگزىلىرى يىقىلىپ ۋەيران بولغان (خارابە) شەھەر (يەنى بەيتۇلمۇقەددەس) دىن ئۆتكەن كىشىنى (يەنى ئۇزەيرنى) كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇ (ئەجەبلىنىپ): «ئاللاھ بۇ شەھەرنىڭ ئۆلگەن ئاھالىسىنى قانداق تىرىلدۈرەر؟» دېدى. ئاللاھ ئۇنى يۈز يىل ئۆلۈك ھالىتىدە تۇرغۇزۇپ ئاندىن (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن) تىرىلدۈردى. ئاللاھ (پەرىشتە ئارقىلىق) ئۇنىڭدىن: «(بۇھالەتتە) قانچىلىك تۇردۇڭ؟» دەپ سورىدى. ئۇ: «بىر كۈن ياكى بىر كۈنگە يەتمەيدىغان ۋاقىت تۇردۇم» دېدى. ئاللاھ ئېيتتى: «ئۇنداق ئەمەس (تولۇق) 100 يىل تۇردۇڭ! يېمەك ئىچمىكىڭگە قارىغىنكى، بۇزۇلمىغان: ئېشىكىڭگە قارىغىنكى (ئۇنىڭ سۆڭەكلىرى چىرىپ كەتكەن). (ساڭا يۈز يىل ئۆتكەن بولسىمۇ، يېمەك-ئىچمىكىڭنىڭ ھېچقانداق ئۆزگەرمىگەنلىكى بىلەن ئېشىكىڭنىڭ چىرىپ كەتكەنلىكىنى) ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈش (قۇدرىتىمىزنىڭ) دەلىلى قىلىش ئۈچۈندۇر. بۇ سۆڭەكلەرگە قارىغىنكى، ئۇنى قانداق قۇراشتۇرىمىز، ئاندىن ئۇنىڭغا گۆش قوندۇرىمىز. (يۇقىرىقى ئىشلار) ئۇنىڭغا ئېنىق بولغان چاغدا (يەنى ئۇ روشەن مۆجىزىلەرنى كۆرگەن چاغدا)، ئۇ: «مەن ئاللاھ نىڭ ھەممە نەرسىگە قادىر ئىكەنلىكىنى بىلدىم» دېدى﴾.

ئۆتمۈشتىكىلەر ۋە كېيىنكىلەرگە ئايانكى، ئۇلۇغ ئاللاھ بايان قىلغان بۇ قىسسىنىڭ قەھرىمانى ئۇزەيردۇر. ئۇزەيرنىڭ ئىسرائىل ئەۋلادى پەيغەمبەرلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكى سۆزلىنىدۇ.

ئۇ، تەۋراتنى يادقا ئالغان ئىدى. كېيىنچە ئۇنىڭ بېشىغا ئاجايىپ بىر ۋەقە كەلدى. ئاللاھ ئۇنى قەبزى روھ قىلىپ، 100 يىل ئۆتكەندىن كېيىن قايتا تىرىلدۈردى. ئۇزەير ئۇخلىغان بۇ 100 يىل داۋامىدا، تەۋرات كۆيدۈرۈلۈپ، بەزىلەرنىڭ يادىدا ئازراق قېلىپ قالغان ۋە بۇختۇننەسىرى ئۇرۇشى بولۇپ ئۆتكەن ئىدى. ئۇزەير مۆجىزىسى قەۋمى ئۈچۈن ئېنىقلا بىر پىتنە مەنبەسى بولاتتى.

...

ھاۋا قاتتىق ئىسسىپ كەتكەچكە، جىمى جانلىق چاڭقاپ كەتكەنىدى. ئۇزەير جىمجىت يېزىسىدا تېنچ بىر كۈننى ئۆتكۈزۈۋاتاتتى.

ئۇ بېغىنى سۇغۇرۇشنى ئويلىدى. ئەمما باغ يىراق، بارىدىغان يولمۇ جاپالىق ئىدى. بۇ يول ئارىلىقىدا ئۆتمۈشتە ئىنسانلار ياشىغان، كېيىن ئۆلۈم كېلىپ مازارلىققا ئايلانغان

سۈرە بەقەرە 259 ـ ئايەت.

بىر شەھەر بار ئىدى. بۇ يەردە ھاياتلىقنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلىرى يوقاپ، ئورنىنى قەبرىلەرنىڭ جىمجىتلىقى ئالغان ئىدى.

ئۇزەير كۆڭلىدە باغدىكى دەرەخلەرنىڭ سۇسىراپ كەتكەنلىكىنى ئويلاپ، ئۇلارنى سۇغىرىش ئۈچۈن باغقا بېرىشنى قارار قىلدى. ئىسرائىل ئەۋلادى پەيغەمبىرىدىن بىرى بولغان ھاكىم (ھېكمەت ئىگىسى) ۋە سالىھ (ياخشى) قۇل، كۈن چىقىش بىلەن تەڭ ئېشىكىگە مىنىپ يېزىسىدىن سەپەرگە چىقتى.

توختىماستىن يول يۈرۈپ، ئاخىرى باغقا يېتىپ كەلدى. دەرەخلەرنىڭ قاغجىراپ، تۇپراقنىڭ سۇسىزلىقتىن يېرىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، دەرھال باغنى سۇغاردى. ئاندىن ئازراق ئەنجۈر، ئۈزۈم ئۈزۈپ، ئەنجۈرنى بىر سىۋەتكە، ئۈزۈمنى بىر سىۋەتكە سېلىپ، باغدىن چىقتى.

ئۇزەير ئىسسىقتا ئېشەك ئۈستىدە كېتىۋاتقاچ ئەتە قىلىدىغان ئىشلىرىنى ئويلىدى. تۈنجى بولۇپ تەۋراتنى يوشۇرۇلغان يەردىن ئېلىپ چىقىپ ئىبادەتخانىغا قويماقچى بولدى. ئاندىن كالىلارغا يەم ـ خەشەك ئەكېلىش كېرەكلىكىنى ئويلىدى. دادىسىنى كۆرگەندە تاتلىق كۈلۈمسىرەيدىغان كىچىك ئوغلى ئېسىگە كەلدى ۋە تېز مېڭىشقا باشلىدى. يولنىڭ يېرىمى تۈگىگەندە قەبرىستانلىققا يېتىپ كەلدى. ئىسسىقتا تولا يول يۈرۈپ ھېرىپ كەتكەن ئېشەكنىڭ تېنىدىكى تەرلەر قۇياش نۇرىدا پارقىرايتتى. ئىشەك خۇددى سۇدىن چىققاندەك چىلىق ـ چىلىق بولۇپ كەتكەن ئىدى.

ئېشەك قەبرىستانلىققا كەلگەندە مېڭىشنى ئاستىلاتتى.

ئۇزەير كۆڭلىدە: بىر ئاز دەم ئېلىپ، چۈشلۈك تاماقنى يەۋالاي، ئېشەكنىمۇ دەم ئالدۇراي! ـ دەپ ئويلىدى.

ئۇزەير ۋەيران بولغان بىر قەبرىنىڭ يېنىدا توختاپ چۈشتى. پۈتۈن شەھەر خارابىلىققا ئايلانغان قەبرىستانلىقتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇ ئېشەكنى يانىدىكى بىر تامغا باغلاپ قويۇپ، ئۆزى سايىداق يەرگە كېلىپ ئولتۇردى ۋە يېنىدىكى تاۋاقنى چىقىرىپ ئۈزۈم سىقتى. ئاندىن قۇرۇق ناننى ئۈزۈم سۈيىگە چىلىدى.

ناننىڭ ئۈزۈم سۈيىدە يۇمشىشىنى ساقلاپ ئولتۇرغاچ ئەتراپنى تاماشا قىلدى ۋە قەبرىستانلىققا قاراپ خىيالغا چۆمدى. پۈتۈن ئەتراپ جىمجىت ئۆلۈك ۋە خارابىلىكتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۆيلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئۆرۈلگەن، يېرىلغان تۇرۇكلەر ئاستىدا قالغان ئىدى. ئەتراپتا كۆرۈنگەن بىر قانچە دەرەخ سۇسىزلىقتىن قاغجىراپ كەتكەن ئىدى.

بۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان جەسەتلەرنىڭ سۆڭەكلىرى تۇپراققا ئوخشايدىغان نەرسىلەرگە ئايلانغان بولۇپ، قەبرىستانلىق تىپ ـ تىنچ، ئەتراپتا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى.

ئۇزەيــر ئــۆلۈمنىڭ دەھشــەتلىكىنى ۋە بــۇ خــانىۋەيرانلىقنى كــۆرۈپ ئــۆز ـ ئــۆزىدىن سورىدى:

﴿«الله بۇ شەھەرنىڭ ئۆلگەن ئاھالىسىنى قانداق تىرىلدۈرەر؟»﴾.

الله ئۆلگەنلەرنىڭ سۆڭەكلىرىنى قانداق تىرىلدۈرەر؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇزەير الله نىڭ بۇ سۆڭەكلەرنى تىرىلدۈرۈدىغانلىقىدىن شۈبھىلەنمەيتتى. ئۇ پەقەت بۇ ئىشقا ھەيران بولغانلىقى ۋە ئەقلى يەتمىگەنلىكى ئۈچۈن شۇنداق دېگەن ئىدى. ئۇزەير بۇ سۆزنى قىلار ـ قىلمايلا ئۆلدى.

الله ئۇنىڭغا ئۆلۈم پەرىشتىسىنى ئەۋەتتى. ئۇ ئۇزەيرنىڭ روھىنى ئالدى. ئىگىسىنىڭ ئۈنسىز ۋە ھەرىكەتسىز جەسىتىنى كۆرگەن ئېشەكمۇ تۇرغان يېرىدە سوزۇلۇپ ياتتى. ئەتىسى، ئېشەك ئورنىدىن تۇرۇپ، كەتمەكچى بولدى. ئەمما باغلاقلىق بولغاچقا تۇرغان يېرىدىن مىدىرلىيالمىدى ـ دە، ئاخىرى ئاچلىقتىن ئۆلدى. ئېشەك ئىگىسىنىڭ يېنىدا، يەردە سوزۇلۇپ ياتقان ھالدا قالدى.

شەھەر خەلقى ئۇزەيرنىڭ قايتىپ كەلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئىزدەشكە باشلىدى. بېغىغا بېرىپ، ئۇ يەردىن تاپالماي قايتىشتى. ئۇنىڭغا ئائىت ھېچنەرسە تېپىلمىدى. ئۇلار ئۇنى ئىزدەش ئۈچۈن گورۇپپىلار تەسىس قىلدى. بۇ گورۇپپىلار ھەر تەرەپنى ئىزدىگەن بولسىمۇ، نە ئۇزەيرنى نە ئۇنىڭ ئېشىكىنى تاپالمىدى. گورۇپپىلار ئۇزەير ياتقان مازارنىڭ يېنىدىن ئۆتكەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ يەردە توختىمىدى. قەبرىستانلىق جىمجىت ۋە سۈرلۈك ئىدى. ئەگەر ئۇزەير بۇ يەردە بولسا، ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغىلى بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلار قەبرىستانلىقتىن قورققانىدى. شۇڭا بۇ يەردە تەپسىلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارمىدى. كۈنلەر ئۆتتى. ئىنسانلار ئۇزەيرنىڭ قايتىپ كېلىشىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈشتى. بالىلىرى ئۇنى قايتا كۆرەلمەيدىغانلىقىغا ئىشەندى. ئايالى ئەمدى بالىلىرىنىڭ ئاتىسىز، ئۆزىنىڭ تۇل قالغانلىقىنى چۈشىنىپ ئولتۇرۇپ ئۆزۈندىن ـ ئۆزۈنغا يىغلىدى.

ئەمما ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئازابلار يېنىكلەپ، كۆز ياشلىرى توختىدى. ئىنسانلار ئۇزەيرنى ئۇنتۇپ، كۈنلۈك ھايات مەسىلىلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇشتى.

يىللار ئۆتتى. ئەڭ كىچىك ئوغلى ۋە ئۆيدە ئىشلەيدىغان بىر ئايالدىن باشقا ھەممە كىشى ئۇزەيرنى ئۇنتۇتتى. ئۇزەير ئۇ ئايالغا شەپقەت قىلاتتى. ئۇزەير شەھەردىن چىققان چاغدا، ئۇ ئايال 20 ياشتا ئىدى.

10 يىل، 20 يىل، 80 يىل، 90 يىل ئۆتتى. ھەتتا بىر ئەسىر، يەنى 100 يىل ئۆتتى.

ئۇلۇغ الله ئۇزەيرنىڭ ئويغىنىشىنى ئىرادە قىلدى.

سۈرە بەقەرە 259 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇلۇغ ئاللاھ ئۇنىڭغا ئاللاھ نىڭ ئۆلۈكلەرنى قانداق تىرىلدۈرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن، قەلبىدىكى نۇرنى يورۇتىدىغان بىر پەرىشتە ئەۋەتتى. ئۇزەير ئۆلگىلى يۈز يىل بولغان ئىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئۇ ھازىر تۇپراقتىن، سۆڭەك، گۆش ۋە تېرىگە ئۆزگەردى. ئاندىن ئاللاھ ئۇنىڭ تىرىلىشىنى بۇيرىدى. ئۇ ياتقان يېرىدىن دەس تۇردى. 100 يىل داۋام قىلغان ئۇيقىسىدىن ئويغىنىپ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىدى. ئەتراپىغا قارىۋىدى، چۆرىسىدىكى قەبرىلەرنى كۆردى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇخلاپ قالغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى. ۋاھ (ئاھ)! باغدىن شەھەرگە قايتىۋاتاتتى. قەبرىستانلىقتا ئارام ئېلىپ ياتتى. توغرا... پۈتۈن بولغان ئىش بۇ ئىدى.

كۈن پېتىۋاتاتتى. ئۇ چۈشتىكى ئىسسىقتا ئارام ئالغانلىقىنى ئەسلەپ ئۆز ـ ئۆزىگە:

ـ قارىغاندا چۈشتىن تاكى كۈن پاتقىچە ئۇخلاپ كەتكەن ئوخشايمەن، ـ دېدى.

ئۇزەيرنى ئويغىتىش ئۈچۈن ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەرىشتە سورىدى:

﴿«(بۇھالەتتە) قانچىلىك تۇردۇڭ؟» دەپ سورىدى﴾.[1]

پەرىشتە ئۇنىڭ قانچە سائەت ئۇخلىغانلىقىنى سورىۋىدى، ئۇ جاۋابەن:

﴿«بىركۈن ياكى بىر كۈنگە يەتمەيدىغان ۋاقىت تۇردۇم» دېدى﴾.[2]

پەرىشتە ئۇنىڭغا:

﴿«ئۇنداق ئەمەس (تولۇق) 100 يىل تۇردۇڭ!﴾[3] دېدى.

سەن يۈز يىلدىن بېرى ئۇخلىدىڭ... يۈز يىلدىن بېرى ئۆلۈكتۈڭ. ئاللاھ سېنى ئۆلتۈردى ۋە ئۆلۈكلەرنىڭ تىرىلىشىگا ھەيران قېلىپ، دەھشەتكە چۈشكىنىڭدە سورىغان سوئالىڭنىڭ جاۋابىنى بىلىشىڭ ئۈچۈن قايتا تىرىلدۈردى.

ئۇزەير ئۆزىنى يوقاتقان، ھەمدە ياراتقۇچىنىڭ كۈچىگە چوڭقۇر ئىمان ئېيتقان ھالدا ئىدى. پەرىشتە ئۇزەيرگە تامىقىنى كۆرسىتىپ:

﴿يېمەك ئىچمىكىڭگە قارىغىنكى، بۇزۇلمىغان﴾ دېدى.

ئۇزەير ئەنجۈرگە قارىۋىدى. ئۇنىڭ ئۆز پىتىچە تۇرغانلىقىنى كۆردى. رەڭگى ۋە تەمىمۇ ئۆز پېتىچە ئىدى. ئاندىن ئۈزۈم سۈيىنى سىقىپ ئۈستىگە نان چىلىغان تاۋىقىغا قارىدى. ئۇمۇ ئۆز پېتى تۇراتتى. ئۈزۈم سۈيىنى ھازىرمۇ ئىچكىلى بولاتتى. يۇمشىسۇن دەپ چىلاپ قويغان نېنىمۇ ئۈزۈمگە چىلاقلىق پېتى تۇراتتى. 100 يىل ئۆتكەن بولسىمۇ يېمەكلەر ئۆز پېتى قالغان ئىدى. ئۇزەير قورقۇشقا باشلىدى.

---

[1] سۈرە بەقەرە 259 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە بەقەرە 259 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە بەقەرە 259 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە بەقەرە 259 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۈزۈم سۈيى ئارىدىن يۈز يىل ئۆتكەن تۇرۇقلۇق قانداقلارچە بۇزۇلىماي تۇرىدۇ؟ ھالبۇكى، نورمالدا ئۈزۈم سۈيى بىر نەچچە سائەتتە ئۆزگىرىپ، بۇزۇلۇپ قالاتتى.

ئۈزەير پەرىشتىنىڭ سۆزىگە ئىشەنمىگەندەك تېڭىرقاپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن، پەرىشتە ئۈزەيرگە ئىشارەت قىلدى:

﴿ئېشىكىڭگە قارىغىنكى (ئۇنىڭ سۆڭەكلىرى چىرىپ كەتكەن)﴾. [1]

ئۈزەير ئېشىكىگە قارىۋىدى، ئېشىكىنىڭ سۆڭىكىنىڭ توپىسىدىن باشقا ھېچنەرسە كۆرۈنمىدى.

پەرىشتە ئۇنىڭغا:

- اللە نىڭ ئۆلۈكلەرنى قانداق تىرىلدۈرىدىغانلىقىنى كۆرۈشنى خالامسەن؟ يەرگە قارا، بۇرۇن سېنىڭ ئېشىكىڭ باغلانغان يەردىكى توپا - چاڭغا قارا! - دېدى.

پەرىشتە ئېشەكنىڭ سۆڭەكلىرىگە بۇيرۇق قىلدى. تۇپراق زەررىچىلىرى ھەر تەرەپتىن يىغىلىپ كېلىپ توپلاندى. ئاخىرىدا، سۆڭەكلەر پەيدا بولدى. پەرىشتە تومۇر، پەي، گۆشلەرنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشىنى بۇيرۇدى. گۆشلەر ئېشەكنىڭ سۆڭەكلىرىگە كەيدۈرۈلدى. ئۈزەير بۇلارنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتاتتى.

گۆش ۋۇجۇتقا كېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇستى تېرە ۋە يۇڭلار بىلەن قاپلاندى. ئېشەك ئۆلگەن چاغدىكى ھالىتىگە كەلدى. ھازىر ئۇ روھسىز جەسەتكە ئايلانغان ئىدى. پەرىشتە ئېشەكنىڭ روھىغا جەسەتكە قايتىپ كېلىشىنى بۇيرىدى. روھ جەسەتكە قايتتى. ئېشەك ئورنىدىن تۇرۇپ، قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتىپ ھاڭرىغىلى تۇردى. ئېشەك ئېچىرقاپ كەتكەن ئىدى.

ئۈزەير ئالدىدا مەيدانغا كەلگەن بۇ بۈيۈك مۆجىزىنى كۆردى. سۆڭەك تۇپراقتا ئايلانغاندىن كېيىن، اللە نىڭ ئۆلۈكلەرنى قانداق تىرىلدۈرىدىغانلىقى مۆجىزىسىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. كۆز ئالدىدا مەيدانغا كەلگەن مۆجىزىدىن كېيىن، ئۈزەير:

﴿«مەن اللە نىڭ ھەممە نەرسىگە قادىر ئىكەنلىكىنى بىلدىم» دېدى﴾. [2]

ئۈزەير، ئورنىدىن تۇرۇپ، ئېشىكىگە مىنىپ، شەھەرگە قايتىش ئۈچۈن يولغا چىقتى. اللە ئۈزەيرنى ئىنسانلار ئۈچۈن مۆجىزە، يەنى قايتا تىرىلىشنىڭ ھەقلىقى ۋە ئۆلۈكلەرنىڭ قەبرىلەردىن تەكرار چىقىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان تىرىك بىر مۆجىزە قىلىشنى ئىرادە قىلدى.

ئۈزەير شەھەرگە كەچقۇرۇن يېتىپ كەلدى. بۇ يەردە مەيدانغا كەلگەن ئۆزگىرىشلەرگە ھاڭ - تاڭ قالدى. ئۆيلەر، كوچىلار، ئىنسانلارنىڭ چىرايلىرى ۋە باللار، ھەممە نەرسە

---

[1] سۈرە بەقەرە 259 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە بەقەرە 259 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۆزگىرىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ ھېچكىمنى تونۇمايتتى ھەم ھېچكىممۇ ئۇنى تونىمايتتى. ئۇزەير شەھەردىن ئايرىلغاندا 40 ياشتا ئىدى. قايتقاندىمۇ يەنە 40 ياشتا بولۇپ، قانداق كەتكەن بولسا، شۇ پېتى قايتىپ كەلگەن ئىدى.

اللە ئۇنى ئۆلگەن چاغدىكىدەك 40 يېشىدا تىرىلدۈرگەن ئىدى. ئەمما شەھىرى، يۈز يىل ياشىغان ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ، كوچىلار ۋە كۆرۈنۈشلەر ئۆزگىرىپ كەتكەن ئىدى.

ئۇزەير كۆڭلىدە: مېنى ئەسلىيەلەيدىغان قېرى بى بوۋاي ياكى موماي ئىزدەپ باقاي! ـ دەپ ئويلىدى.

ئۇ ئاخىرى 20 ياش چېغىدا قېلىپ قالغان خىزمەتچى ئايالنى تاپتى. ھازىر ئۇ ئايال 120 ياشتا بولۇپ، ئاجىزلىشىپ چىشلىرى تۆكۈلگەن، كۆزلىرى كۆرمەيدىغان، ئورۇقلاپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغانىدى. ئۇزەير ئۇنىڭدىن سورىدى:

ـ ئى ياخشى موماي! ئۇزەيرنىڭ ئۆيى نەدە؟

ـ ھازىر ئۇنى ھېچكىم ئېسىگە ئالالمايدۇ. ئۇ 100 يىل ئاۋۋال كېتىپ قايتىپ كەلمىدى. اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن! ـ دېدى موماي يىغلاپ تۇرۇپ.

ـ مەن ئۇزەير بولىمەن، مېنى تونۇدىڭىزمۇ؟ اللە مېنى ئۆلتۈرۈپ، يۈز يىلدىن كېيىن قايتا تىرىلدۈردى، ـ دېدى ئۇزەير مومايغا. مۇماي ئۇنىڭغا ئىشەنمىگەن ھالدا:

ـ ئۇزەير دۇئاسى ئىجابەت بولىدىغان كىشى ئىدى. كۆزلىرىمنىڭ ئېچىلىشى ۋە ماڭالىشىم ئۈچۈن اللە قا دۇئا قىلغىن، سېنى كۆرۈپ تونۇۋالاي، ـ دېدى.

ئۇزەير مومايىنىڭ ماڭالىشى ۋە كۆزلىرىنىڭ كۆرىشى ئۈچۈن اللە قا دۇئا قىلدى. اللە دۇئانى ئىجابەت قىلدى. موماي ئۇنىڭ ئۇزەير ئىكەنلىكىنى بىلدى ۋە دەرھال شەھەرگە قاراپ يۈگۈردى.

شەھەردە: «ئۇزەير قايتىپ كەلدى!» دەپ ۋاقىراشقا باشلىدى. ھەيران قالغان خەلق ئۇنى ئېلىشىپ قاپتۇ دەپ ئويلاشتى. كېيىن ھاكىم ۋە ئالىملار يىغىلىشتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇزەيرنىڭ نەۋرىسىمۇ بار بولۇپ، دادىسى ئۆلگەن، ئۆزى 70 ياشقا كىرگەن ئىدى. ھالبۇكى، بوۋىسى ئۇزەير بولسا، 40 ياشتا ئىدى.

ئالىم ۋە ھاكىملار يىغىلىپ، ئۇزەير ۋەقەسىنى تىڭشىدى. ئۇلار ئۇنىڭغا ئىشىنىش ـ ئىشەنمەسلىكىنى بىلەلمىدى. ئاخىرى، ھاكىملاردىن بىرى مۇنۇ سوئالنى سورىدى:

ـ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن ئۇزەيرنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى، تەۋراتنىڭ بۇختۇننەسرى ھۇجۇمىدا يوقاپ كەتكەنلىكىنى، ئۇ تەۋراتنى كۆيدۈرۈپ، ئالىملارنى ۋە تالىبلارنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسىمۇ، ئۇزەيرنىڭ تەۋراتنى يادقا بىلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدۇق. بۇ ئىشلار سەن "ئۆلدۈم" ۋەياكى "ئۇخلىدىم" دېگەن 100 يىل ئىچىدە بولغان، ئەگەر

تەۋراتنىڭ راستىنى يادلىيالىساڭ، سېنىڭ ئۇزەير ئىكەنلىكىڭگە ئىشىنىمىز. شۇنداق قىلالامسەن؟

ئۇزەير ئىسرائىل ئەۋلادى ئىچىدە تەۋراتنى يادقا بىلىدىغان بىرىنىڭ قالمىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈشىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالغانلىقىنى چۈشەندى. ئۇزەير ئۇنى دۈشمەنلەردىن قوغداش ئۈچۈن يوشۇرۇپ قويغان ئىدى.

ئۇزەير بىر دەرەخنىڭ سايىسىگە كېلىپ، ئىسرائىل ئەۋلادىنى چۆرىسىگە يىغدى، ئاندىن تەۋراتنى بىرمۇ بىر، تولۇق يازدى. يېزىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇزەير ئۆز كۆڭلىدە: ئەمدى بۇ يازغانلىرىم بىلەن سېلىشتۇرۇش ئۈچۈن كۆمۈپ قويغان تەۋراتنى چىقىراي، ـ دەپ ئويلاپ كۆمۈپ قويغان يەرگە بېرىپ، تەۋراتنى چىقاردى. ۋاراقلار چۇرۇپ، يىرتىلىپ كەتكەن ئىدى.

اللە نىڭ ئۇزىنى نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈرۈپ، يۈز يىلدىن كېيىن تىرىلدۈرگەنلىكىنى چۈشەندى.

ئۇزەير مۆجىزىسىگە مۇناسىۋەتلىك خەۋەر ئىسرائىل ئەۋلادى ئارىسىدا تارقىلىش بىلەن تەڭلا ناھايىتى چوڭ پىتنە پەيدا بولدى.

قەۋمىدىكى بەزى كىشىلەر ئۇزەيرنى: اللە نىڭ ئوغلى! ـ دەپ ئېلان قىلىشتى.

ئۇلۇغ اللە مۇنداق دەيدۇ:

﴿يەھۇدىيلار: «ئۇزەير اللە نىڭ ئوغلىدۇر» دېدى، ناسارالار: «مەسىھ (يەنى ئىسا) اللە نىڭ ئوغلىدۇر» دېدى﴾. [1]

دەسلىپىدە ئۇزەير بىلەن مۇسانى سېلىشتۇرۇپ:

ـ مۇسا بىزگە تەۋراتنى بىر كىتابنىڭ ئىچىدە ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ئۇزەير بولسا، تەۋراتنى كىتابسىزمۇ يەتكۈزەلىدى، ـ دېيىشتى.

بۇ ناھەق سېلىشتۇرۇشتىن كېيىن، خاتا خۇلاسە چىقىرىشىپ، پەيغەمبىرىنى اللە نىڭ ئوغلى دەۋالدى.

ئۇلۇغ اللە بۇنىڭدىن پۈتۈنلەي پاكتۇر.

﴿«اللە نىڭ شەنىگە بالىسى بولۇش لايىق ئەمەس﴾. [2]

[1] سۈرە تەۋبە 30 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە مەريەم 35 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

# زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام

بۇ زامانلارنىڭ ئۆزگىچە بىر ھالىتى بار ئىدى. بۇنىڭغا قارىماي، ئاجايىپ زىددىيەت ـ توقۇنۇشلاردا بىرلىكتە ياشىغان، پەرقلىق ۋە بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى بولغان مىڭلارچە شەيئى ئوتتۇرىغا چىقىۋاتاتتى.

مەسجىدنىڭ بىر قانچە قەدەم نېرىسىدىكى خوشنا يەھۇدىي بازىرى يالغانچىلىقنىڭ ئۇۋىسىغا ئايلانغاندا، الله قا بولغان ئىمان بەيتۇلمۇقەددەستىكى بۈيۈك مەسجىدتە نۇر چېچىۋاتاتتى.

دۇنيا قانۇنىيىتى بويىچە، ھەر شەيئى ئۆزىنىڭ زىددى بىلەن، مەسىلەن، ياخشىلىق يامانلىق بىلەن، يورۇقلۇق قاراڭغۇلۇق بىلەن، ھەقىقەت يالغان بىلەن، پەيغەمبەرلەر گۇمراھلار بىلەن كۆرەش قىلاتتى. ھەر نەرسە ياشاش ئۈچۈن كۆرەش قىلاتتى.

بۇ قەدىمكى دەۋردە، بىر پەيغەمبەر بىلەن ئىنسانلارغا ناماز قىلدۇرىدىغان بىر ئالىم بار ئىدى. پەيغەمبەرنىڭ ئىسمى زەكەرىيا (ئەلەيھىسسالام). ئالىمنىڭ (الله كىشىلەرنىڭ ناماز يېتەكچىسى قىلىپ تاللىغان كىشىنىڭ) ئىسمى بولسا ئىمران ئىدى.

ئىمراننىڭ ئايالى پەرزەنت كۆرۈشنى ئارزۇ قىلاتتى. بىر كۈنى، تاڭ سەھەردە ئىمراننىڭ ئايالى قۇشلارغا يەم بېرىش ئۈچۈن چىقىپ، ئۇنى ئويلاندۇرۇپ قويىدىغان بىر مەنزىرىنى كۆردى.

باچكىسىغا ئوزۇق ۋە سۇ بېرىدىغان بىر قۇش بار ئىدى. قۇش باچكىسىنىڭ مۇزلاپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇنى قانىتىنىڭ ئىچىگە ئېلىۋالغان ئىدى. بۇ ئەھۋال ئايالغا ئۆزىنى ئەسلەتتى. ئۇ قولىنى كۆتۈرۈپ، الله نىڭ بىر پەرزەنت ئاتا قىلىشى ئۈچۈن دۇئا قىلدى.

الله نىڭ رەھمىتى ئۇنىڭغا جاۋاب بەردى. ئۇ بىر كۈنى ھامىلە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، سۆيۈنگەن ھالدا الله قا شۈكۈر قىلدى، بالىنى الله نىڭ خىزمىتىگە ئاتىدى.

﴿ئۆز ۋاقتىدا ئىمراننىڭ ئايالى ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! مەن قورسىقىمدىكى پەرزەنتىمنى (دۇنيا ئىشلىرىدىن) ئازاد قىلىنغان ھالدا چوقۇم سېنىڭ خىزمىتىڭگە ئاتىدىم، (بۇ نەزرەمنى) قوبۇل قىلغىن. سەن ھەقىقەتەن (دۇئايىمنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن، (نىيىتىمنى) بىلىپ تۇرغۇچىسەن»﴾.

يەنى ئۇ بالىنى ھاياتى بويىچە مەسجىدتە خىزمەت قىلىشقا ئاتىدى. بۇنداق بولغاندا بالا ئۆمۈر بويى الله نىڭ ئىبادىتىدە ۋە ئۇنىڭ ئۆيىدە بولاتتى.

سۈرە ئال ئىمران 35 ـ ئايەت.

تۇغۇت ۋاقتى يېقىنلاشتى، ئىمراننىڭ ئايالى بىر قىز تۇغدى. ئانا ھەيران قالدى. چۈنكى ئۇ مەسجىدكە خىزمەت قىلدىغان ۋە ئىبادەت قىلىدىغان بىر ئوغۇل ئارزۇ قىلغان ئىدى.

بالا قىز تۇغۇلغاندىن كېيىن، ئانا قىز ـ ئەركەككە ئوخشاش بولمىسىمۇ، نەزرىسىنى بەجا كەلتۈرۈشنى قارار قىلدى.

﴿ئۇ قىز تۇغقان ۋاقتىدا: «ئى پەرۋەردىگارىم! قىز تۇغدۇم» دېدى، ئۇنىڭ نېمە تۇغقانلىقىنى الله ئوبدان بىلىدۇ. (ئۇ تەلەپ قىلغان) ئوغۇل (ئاتا قىلىنغان) قىزغا ئوخشاش ئەمەس (بەلكى بۇ قىز ئارتۇقتۇر). (ئىمراننىڭ ئايالى ئېيتتىكى) «مەن ئۇنى مەريەم ئاتىدىم﴾.[1]

الله تائالا ئىمراننىڭ ئايالىنىڭ دۇئاسىنى ئاڭلىدى. الله سۆزىمىزنى، ئويلىغىنىمىزنى، قىلماي تۇرۇپ دېمەكچى بولغىنىمىزنى بىلىدۇ. ئۇ ھەر نەرسىنى ئاڭلىغۇچى ۋە بىلگۈچىدۇر.

الله ئىمراننىڭ ئايالىنىڭ قىز تۇغقانلىقىنى ئاڭلىدى. الله ئەسلىدە ئۇنىڭ نېمە تۇغىدىغانلىقىنى بىلەتتى. تۇغۇلغان بالىنىڭ جىنسىيتىنى تاللىغان، ئۇنى ئەركەك ياكى قىز قىلىپ ياراتقان بىر الله دۇر.

الله ئىمراننىڭ ئايالىنىڭ ئۆزىدىن ئىسمىنى مەريەم قويغان بۇ قىزنى ۋە نەسلىنى قوغلانغان شەيتاندىن قوغدىشىنى تىلىگەنلىكىنى ئاڭلىدى.

﴿ئۇ قىز تۇغقان ۋاقتىدا: «ئى پەرۋەردىگارىم! قىز تۇغدۇم» دېدى، ئۇنىڭ نېمە تۇغقانلىقىنى الله ئوبدان بىلىدۇ. (ئۇ تەلەپ قىلغان) ئوغۇل (ئاتا قىلىنغان) قىزغا ئوخشاش ئەمەس (بەلكى بۇ قىز ئارتۇقتۇر). (ئىمراننىڭ ئايالى ئېيتتىكى) «مەن ئۇنى مەريەم ئاتىدىم، مەن ھەققەتەن ئۇنىڭ ئۈچۈن،ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئۈچۈن ساڭا سېغىنىپ، قوغلاندى شەيتاندىن پاناھ تىلەيمەن». ئۇنى پەرۋەردىگارى چىرايلىقچە قوبۇل قىلدى، ئۇنى ئوبدان ئۆستۈردى، ئۇنىڭغا زەكەرىيانى كېپىل قىلدى (يەنى ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا زەكەرىيانى قويدى). زەكەرىيا ھەر قېتىم (ئۇنىڭ) ئىبادەتگاھىغا ئۇنى كۆرگىلى كىرسە، ئۇنىڭ يېنىدا بىرەر يېمەكلىك ئۇچرىتاتتى. ئۇ: «ئى مەريەم! بۇ ساڭا قەيەردىن كەلدى؟» دەيتتى، مەريەم: «بۇ الله تەرىپىدىن كەلدى» دەيتتى. الله ھەققەتەن خالىغان ئادەمگە (جاپا مۇشەققەتسىزلا) ھېسابسىز رىزق بېرىدۇ﴾.[2]

ئۇلۇغ الله ئىمراننىڭ ئايالىنىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىلدى. الله مەريەمنى مەمنۇنلۇق بىلەن قوبۇل قىلدى. ئۇنى گۈزەل بىر گۈلدەك پەرۋىش قىلدى. الله نىڭ رەھمىتى بۇ قىزنىڭ ئىككى ئالەم ئاياللىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولۇشىنى، تۇغۇلۇشى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلۇشىغا ئوخشاش مۆجىزە بولغان بىر پەيغەمبەرنىڭ ئانىسى بولۇشىنى ئىرادە قىلدى.

---

[1] سۈرە ئال ئىمران 36 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئال ئىمران 36 ـ 37 ـ ئايەتلەر.

ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالام ئاتىسىز ۋە ئانىسىز ھالدا دۇنياغا كەلگەنىدى. ئىسا ئەلەيھىسسالام بولسا، ئاتىسىز ھالدا دۇنياغا كەلدى. ئۇ، ھېچ ياتلىق بولمىغان ۋە ھېچقانداق ئىنساننىڭ قولى تەگمىگەن بىر ئانىدىن تۇغۇلغان ئىدى.

ئىمران قىزى مەريەمنىڭ تۇغۇلۇشى بىلەن كىچىك بىر مەسىلە پەيدا بولدى.

ئىمران مەريەم تۇغۇلۇشتىن ئاۋۋال ئالەمدىن ئۆتكەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ زاماننىڭ ئالىملىرى ۋە شەيخلەر، مەريەمنى ھىمايىسىگە ئېلىشنى تەلەپ قىلىشتى.

ئۇلار بۇ شەرەپكە ئېرىشىش ئۈچۈن، يەنى نامازدا ئۆزلىرىگە ئىمامەتچىلىك قىلغان بۈيۈك ئالىمنىڭ قىزىنى بېقىش ئۈچۈن بەس ـ مۇنازىرىگە چۈشتى. زەكەرىيا: ئۇنىڭغا مەن قارايمەن، ئۇ مېنىڭ تۇغقۇنۇم، ئايالىم ئۇنىڭ ھاممىسى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەن بۇ قەۋمنىڭ پەيغەمبىرى، شۇڭا مەن ئۇنىڭغا قاراشقا ئەڭ لايىق! ـ دېدى.

ئالىم ـ شەيخلەر: ئۇنى نېمە ئۈچۈن بىزدىن بىرى ھىمايىسىگە ئالمايدۇ؟ بىزمۇ شېرىك بولمىساق، سېنىڭ بۇ شەرەپنى ئېلىشىڭغا يول قويمايمىز! ـ دېيىشتى.

ئەگەر چەك تارتىشنى ماقۇل كۆرمىگەن بولسا ئىدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا جېدەل چىققىلى ئاز قالغان ئىدى.

چەك كىمگە چىقسا، مەريەمنى ئۇ ھىمايىسىگە ئالىدىغان، ئۇنى تەربىيىلەپ، ئۈستۈرۈپ مەسجىد خىزمىتىنى قىلغىدەك بولغىچە ۋە ئۇزىنى الله ئىبادىتىگە ئاتا قىلغىدەك بولغانغا قەدەر ئۇنىڭغا خىزمەت قىلىش شەرىپىگە ئېرىشىدىغان بولدى.

چەك تارتىش باشلاندى. بوۋاق مەريەم يەرگە قويۇلدى، ئۇنى ھىمايىسىگە ئالماقچى بولغانلارنىڭ چوكىلىرى ئۇنىڭ يېنىغا قويۇلدى. كىچىك بىر بالىنى ئەكەلدى. بالا زەكەرىيانىڭ چوكىسىنى تارتتى.

زەكەرىيا: الله ئۇنى ماڭا ھۆكۈم قىلدى، ـ دېدى.

ئالىم ـ شەيخلەر: ياق، چەك ئۈچ قېتىم تارتىلىشى كېرەك، ـ دېيىشتى.

ئىككىنچى قېتىملىق چەك تارتىش ئۈچۈن ئويلاشتى.

ھەربىر ئىسىم بىردىن چوكىغا ئويۇلدى. ئاندىن مۇنداق دېيىلدى: چوكىلىرىمىزنى دەرياغا ئاتىمىز، كىمنىڭ چوكىسى دەريا ئېقىنىغا قارشى ئاقسا، ئۇ ئۇتقان (غەلىبە قىلغان) بولىدۇ.

ئۇلۇغ الله مۇنداق دېگەن ئىدى:

﴿مەريەمنى ئۇلارنىڭ قايسىسى تەربىيىسىگە ئېلىش (مەسىلىسىدە چەك تاشلاش يۈزىسىدىن) قەلەملىرىنى (سۇغا) تاشلىغان چاغدا، سەن ئۇلارنىڭ يېنىدا يوق ئىدىڭ،

(مەرىيەمنىڭ كىمنىڭ تەربىيىسىدە بولۇشىنى) ئۆزئارا جاڭجال قىلىشقانلىرىدا سەن ئۇلارنىڭ يېنىدا يوق ئىدىڭ﴾. ▯

ئۇلار چوكىلىرىنى دەرياغا ئېتىشتى. زەكەرىيانىڭ چوكىسىدىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى ئېقىنغا قوشۇلۇپ كەتتى. پەقەتلا ئۇنىڭ چوكىسى ئېقىنغا تەتۈر ماڭدى. زەكەرىيا ئۇلارنى قايىل بولدى دەپ ئويلىدى. ئەمما ئۇلار چەكنى ئۈچ قېتىم تاشلاشتا چىڭ تۇردى.

ئۇلار: چوكىلارنى دەرياغا ئاتايلى. كىمنىڭ چوكىسى يالغۇز ئېقىن بىلەن بىللە كەتسە، ئۇ مەرىيەمنى ھىمايىسىگە ئالسۇن، ـ دېيىشتى.

چوكىلار ئېتىلدى: زەكەرىيانىڭ چوكىسىدىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى دەريا ئېقىنغا قارشى ئاقتى.

شۇنىڭ بىلەن مەرىيەم زەكەرىيانىڭ ھىمايىسىگە بېرىلدى.

زەكەرىيا مەرىيەمگە خىزمەت قىلىشقا، ئۇنى تەربىيىلەشكە ۋە ئۇنىڭغا كۆيۈنۈشكە باشلىدى. نىھايەت مەرىيەم چوڭ بولدى.

مەرىيەمنىڭ مەسجىد ئىچىدە تۇرىدىغان بىر ئۆيى بولۇپ، ئىچىدە ئىبادەت قىلىدىغان كىچىك ھۇجرىسى بار ئىدى. كۆپىنچە ۋاقتىنى شۇ يەردە ئىبادەت، زىكىر، شۈكۈر ۋە اللە نى مەدھىيىلەش بىلەن ئۆتكۈزەتتى.

زەكەرىيا ئۇنى يوقلاپ تۇراتتى.

زەكەرىيا ھەر قېتىم ئۇنىڭ يېنىغا كىرگەندە، ئىنتايىن ھەيران قالارلىق ئىشلارنى كۆرەتتى.

ياز كۈنلىرى، ئۇنىڭ يېنىدا قىش پەسلىنىڭ مېۋىلىرى پەيدا بولاتتى. قىشتا بولسا، يازلىق مېۋىلەر پەيدا بولاتتى. زەكەرىيا ئۇنىڭدىن بۇ يېمەكلەرنىڭ (مېۋىلەرنىڭ) نەدىن كەلگەنلىكىنى سورىسا، مەرىيەم: اللە تەرىپىدىن كەلدى، ـ دەپ جاۋاب بېرەتتى.

بۇ ئىش كۆپ قېتىم تەكرارلانغان ئىدى.

﴿زەكەرىيا ھەر قېتىم (ئۇنىڭ) ئىبادەتگاھىغا ئۇنى كۆرگىلى كىرسە، ئۇنىڭ يېنىدا بىرەر يېمەكلىك ئۇچرىتاتتى﴾. ▯

زەكەرىيا قېرىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاز قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. مەرىيەمنىڭ ھاممىسى بولغان ئايالىمۇ ئۆزىدەكلا قېرى ئىدى. ئۇ تۇغماس بولغاچقا، ھېچ پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەن ئىدى. زەكەرىيا ئىلىم ئۆگەتتىدىغان، پەيغەمبەر بولىدىغان، قەۋمىنى توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان، ئۇلارنى اللە نىڭ كىتابىغا ۋە مەغپىرىتىگە دەۋەت قىلىدىغان بىر ئوغۇل يۈزى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلاتتى. زەكەرىيا بۇ ئارزۇسىنى ھېچكىمگە،

▯ سۈرە ئال ئىمران 44 ـ ئايەت.

▯ سۈرە ئال ئىمران 37 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ھەتتا ئايالىغىمۇ ئېيتمىغان بولسىمۇ. ئەمما الله تائالا ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسىنى ئۆزىگە دېمەستىن بۇرۇنلا بۇنى بىلەتتى.

زەكەرىيا مەريەمنىڭ يېنىدا يەنە باشقا مەۋسۇمگە تەۋە مېۋە كۆردى.

زەكەرىيا سورىدى:

﴿«ئى مەريەم! بۇ ساڭا قەيەردىن كەلدى؟» دەيتتى، مەريەم: «بۇ الله تەرىپىدىن كەلدى» دەيتتى. الله ھەقىقەتەن خالىغان ئادەمگە (جاپا مۇشەققەتسىزلا) ھېسابسىز رىزق بېرىدۇ. شۇ ۋاقىتتا (يەنى مەريەمنىڭ كارامىتىنى كۆرگەن چاغدا) زەكەرىيا پەرۋەردىگارىغا دۇئا قىلدى﴾.

زەكەرىيا ئۆز ـ ئۆزىگە: الله پاكتۇر، ئۇ ھەر نەرسىگە قادىردۇر، ـ دېدى ۋە قەلبىگە ھەسرەت تولۇپ پەرزەنت تىلىدى.

الله زەكەرىياغا رەھمەت قىلدى، زەكەرىيا رەببىگە دۇئا قىلدى.

﴿بۇ، پەرۋەردىگارىڭنىڭ بەندىسى زەكەرىياغا قىلغان مەرھەمىتىنىڭ بايانىدۇر. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىغا پەس ئاۋازدا مۇناجات قىلدى. ئۇ ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! مەن ھەقىقەتەن كۈچ ـ قۇۋۋىتىمدىن كەتتىم، چېچىم ئاقاردى. پەرۋەردىگارىم! ساڭا دۇئا قىلىپ ئۈمىدسىز بولۇپ قالغىنىم يوق. مەن تاغىلىرىمنىڭ بالىلىرىنىڭ ئورنۇمنى باسالماسلىقلىرىدىن (يەنى دىننى قولدىن بېرىپ قويۇشلىرىدىن) ھەقىقەتەن ئەنسىرەيمەن، مېنىڭ ئايالىم تۇغماستۇر، (پەزلىڭدىن) ماڭا بىر (ياخشى) پەرزەنت ئاتا قىلغىن. ئۇ ماڭا ۋارىس بولغاي ۋە يەئقۇب ئەۋلادىغا ۋارىس بولغاي، پەرۋەردىگارىم! ئۇنى سېنىڭ رازىلىقىڭغا ئېرىشىدىغان قىلغىن»﴾.

ئۇلۇغ الله زەكەرىيانىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىلدى.

زەكەرىيا ئىچىدە اللهقا دۇئا قىلغان ھالدا مېھراپتا ناماز قىلىش ئۈچۈن تۇرغاندا، پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا خىتاب قىلدى. الله نىڭ رەھمىتى ئۇنىڭغا خىتاب قىلدى:

﴿«ئى زەكەرىيا! بىز ھەقىقەتەن ساڭا (پەرىشتىلەر ئارقىلىق) يەھيا ئىسىملىك بىر ئوغۇل بىلەن خۇش خەۋەر بېرىمىز، ئىلگىرى ھېچ ئادەمنى ئۇنىڭغا ئىسىمداش قىلمىدۇق». زەكەرىيا بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ھېچكىمگە ئوخشىمايدىغان بىر پەرزەنت خۇش خەۋىرىنى ئاڭلىدى. خوشاللىقتىن تىترەپ كەتكەن زەكەرىيا ھەيرانلىق بىلەن سورىدى. زەكەرىيا ئېيتتى: «ئايالىم تۇغماس تۇرسا، مەن قېرىپ مۈكچىيىپ كەتكەن تۇرسام، مېنىڭ قانداقمۇ ئوغلۇم بولسۇن؟»﴾.

---

ـ سۈرە ئال ئىمران 37 ـ 38 ـ ئايەتلەر.
سۈرە مەريەم 2 ـ 6 ـ ئايەتكىچە.
سۈرە مەريەم 7 ـ 8 ـ ئايەتلەر.

زەكەرىيا ئۆزى قېرى، ئايالى تۇغماس تۇرۇقلۇق پەرزەنت كۆرىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ هاڭ - تاڭ قالغان ئىدى.

﴿(ندا قىلغان پەرىشتە) ئېيتتى : «ئىش ئەنە شۇنداقتۇر، پەرۋەردىگارىڭ ئېيتتى : بۇ مەن ئۇچۇن ئاساندۇر، سېنى مەن ياراتتىم، هالبۇكى سەن بۇرۇن يوق ئىدىڭ (يەنى سېنى يوقتىن بار قىلغاندەك، يەهيانى ئىككىڭلاردىن تۆرەلدۈرۈشكە قادىرمەن)»﴾ .

پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا بۇنىڭ الله نىڭ ئىرادىسى ئىكەنلىكىنى، الله نىڭ ئىرادىسىنىڭ قەتئىي ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى، الله قا قىيىن ئىش يوق ئىكەنلىكىنى، بىر نەرسىنىڭ بولۇشىنى خالىسا، ئۇنىڭ بولىدىغانلىقىنى، ئۇزىنىڭ بۇرۇن يوق چاغدا، الله نىڭ ئۇنى يارىتىدىغانلىقىنى ۋە الله نىڭ هەر نەرسىنى پەقەتلا ئىرادىسى ۋە خالىشى بىلەن يارىتىدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى.

﴿الله بىرەر شەيئىنى (يارىتىشنى) ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭغا «ۋۇجۇتقا كەل» دەيدۇ - دە، ئۇ ۋۇجۇتقا كېلىدۇ﴾ .

زەكەرىيا الله قا شۈكۈر ۋە هەمدۇ - سانا ئېيتقاندىن كېيىن، الله دىن ئۆزىگە بىر ئالامەت بېرىشنى تىلىدى.

﴿زەكەرىيا ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! (ئايالىمنىڭ هامىلدار بولغانلىقىغا) ماڭا بىر ئالامەت قىلىپ بەرسەڭ». الله ئېيتتى: «سېنىڭ ئالامىتىڭ (شۇكى) ساق تۇرۇپ ئۈچ كېچە - كۈندۈز كىشىلەرگە سۆز قىلالمايسەن». زەكەرىيا نامازگاهدىن قەۋمىنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇلارنى ئەتىگەن - ئاخشامدا تەسبىھ ئېيتىشقا ئىشارەت قىلدى﴾ .

الله ئۇنىڭغا ئەۋۋەلقى ئۈچ كۈندە گەپ قىلالمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ساپ - ساغلام تۇرۇقلۇق سۆزدىن قالىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. بۇنى ئاڭلىغان زەكەرىيا ئايالىنىڭ هامىلدار ئىكەنلىكىگە، الله نىڭ مۆجىزىسىنىڭ ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىغا ئىشەندى. ئەمدى ئۇنىڭ ئىنسانلار بىلەن ئىشارەت ئارقىلىق سۆزلىششى، سەهەر - كەچتە الله غا تەسبىھ ئېيتىشى كېرەك ئىدى.

بىر كۈنى، زەكەرىيا قەلبى شۈكۈر بىلەن تولغان هالدا قەۋمىنىڭ ئالدىغا چىقتى، ئۇلار بىلەن سۆزلەشمەكچى بولدى. ئەمما تىلىنىڭ گەپ قىلالمايۋاتقانلىقىنى ۋە الله نىڭ مۆجىزىسىنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى چۈشەندى، قەۋمىگە سەهەردە - كەچتە الله قا تەسبىھ ئېيتىشنى ئىشارەت قىلدى. ئۆزىمۇ هەم شۇنداق قىلىشقا باشلىدى.

خۇشاللىقى چەكسىز ئىدى.

سۈرە مەريەم 9 - ئايەت.
سۈرە ياسىن 82 - ئايەت.
سۈرە مەريەم 10 - 11 - ئايەتلەر.

پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا يەھيا ئىسىملىك بىر ئوغۇلنىڭ خۇش خەۋىرىنى يەتكۈزگەن ئىدى.

تۇنجى قېتىم ئىسمىنى دادىسى قويمىغان، ئانىسىمۇ تاللىمىغان بىر ئوغۇلنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاۋاتىمىز. ئۇنىڭ ئىسمىنى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللە قويغان ئىدى. بۇ بۈيۈك شەرەپ ۋە ئىنئام بىلەن بىرلىكتە، ئۇلۇغ اللە زەكەرىياغا ئوغلى يەھيانىڭ اللە نىڭ بۇيرۇقى بىلەن (ۋۇجۇتقا كەلگەن ئىسانى) تەستىق قىلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئابرۇيلۇق، پاك، بۈيۈك، ياخشى پەيغەمبەر بولىدىغانلىقىنى خۇش خەۋەر قىلدى.

زەكەرىيا خۇشاللىقىدىن تىترەۋاتاتتى. كۆز ياشلىرى قورۇق باسقان يۈزىگە ئېقىپ چۈشتى. دۇئاسىنى قوبۇل قىلغانلىقى ۋە ئۆزىگە يەھيانى ئاتا قىلغانلىقى ئۈچۈن شۈكۈر نامىزىنى قىلىۋاتقاندا، ئاق ساقاللىرى نەملەنگەن ئىدى.

يەھيانىڭ دۇنياغا كېلىشىگە كۆپ ۋاقىت قالمىغان ئىدى.

# يەھيا ئەلەيھىسسالام

ئۇلۇغ اللە ئال ئىمران سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿شۇ ۋاقىتتا (يەنى مەريەمنىڭ كارامىتىنى كۆرگەن چاغدا) زەكەرىيا پەرۋەردىگارىغا دۇئا قىلىپ: «ئى پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئۆز دەرگاھىڭدىن بىر ياخشى پەرزەنت ئاتا قىلغىن، ھەقىقەتەن دۇئانى ئىشىتكۈچىسەن» دېدى. ئۇ ئىبادەتگاھىدا ناماز ئوقۇۋاتقاندا پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا: «ساڭا اللە نىڭ كەلىمىسى (يەنى ئىسا) نى تەستىق قىلغۇچى، سەييىد، پەرھىزكار ۋە ياخشىلاردىن بولغان يەھيا ئىسىملىك بىر پەيغەمبەر بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇ» دەپ نىدا قىلدى﴾.[1]

ئۇلۇغ اللە مەريەم سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿يەھيا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغاندا ئۇنىڭغا) «ئى يەھيا! كىتابنى (يەنى تەۋراتنى) تىرىشىپ ئوقۇغىن»(دېدۇق). ئۇنىڭغا بالىلىق چېغىدىلا ئەقىل ـ پاراسەت ئاتا قىلدۇق. بىز ئۇنىڭغا مەرھەمەت قىلىش ۋە ئۇنى (ناچار خىسلەتلەردىن) پاك قىلىش يۈزىسىدىن (شۇنداق قىلدۇق)، يەھيا تەقۋادار ئىدى. ئۇنى ئاتا ـ ئانىسىغا كۆيۈمچان (قىلدۇق)، ئۇ مۇتەكەببىر (يەنى ئاتا ـ ئانىسىنى قاخشاتقۇچى)، (پەرۋەردىگارىغا) ئاسىيلىق قىلغۇچى بولمىدى. ئۇ تۇغۇلغان كۈندە، ۋاپات بولغان كۈندە، تىرىلىپ (قەبرىدىن) تۇرغۇزۇلغان كۈندە (اللە تائالا تەرىپىدىن بولغان) ئامانلىققا ئېرىشىدۇ﴾.[2]

ئۇلۇغ اللە مەريەم سۈرىسىدە يەنە مۇنداق دېگەن:

﴿«ئى زەكەرىيا! بىز ھەقىقەتەن ساڭا (پەرىشتىلەر ئارقىلىق) يەھيا ئىسىملىك بىر ئوغۇل بىلەن خۇش خەۋەر بېرىمىز، ئىلگىرى ھېچ ئادەمنى ئۇنىڭغا ئىسمداش قىلمىدۇق»﴾.[3]

......

مانا بۇ، اللە نىڭ بۇندىن بۇرۇن ئوخشىشىنى ياراتمىغانلىقىنى ئېيتقان پەيغەمبىرى يەھيادۇر.

ئۇ، اللە نىڭ ئۇنىڭ ھەققىدە: «تەرىپىمىزدىن دىل يۇمشاقلىقى بەردۇق» دېگەن پەيغەمبىرىدۇر.

اللە خىزىرغا ئۆز تەرىپىدىن ئىلىم بەرگەندەك، يەھياغا دىل يۇمشاقلىقى ئاتا قىلغان ئىدى. ئىلىمنىڭ نېمە ئىكەنلىكى چۈشىنىشلىكتۇر. دىلنىڭ يۇمشاقلىقى بولسا، ئاساسەن

---

[1] سۈرە ئال ئىمران 38 ـ 39 ـ ئايەتلەر.
[2] سۈرە مەريەم 12 ـ 15 ـ ئايەتكىچە.
[3] سۈرە مەريەم 7 ـ ئايەت.

مەخلۇقاتلارغا چوڭقۇر سۆيگۈ ۋە رەھمەت بولغان ئۇمۇمىي ئىلىمدۇر. دىلنىڭ يۇمشاقلىقى خۇددى ئىلىم بۇلاقلىرىنىڭ سۆيگۈ دەرىجىلىرىدىن بىرىگە ئوخشايدۇ.

ھەزرىتى يەھيا پەيغەمبەرلەر ئارىسىدا، ئىبادەتتە، تەقۋادارلىقتا ۋە الله سۆيگۈسى جەھەتلەردە تەڭداشسىز ئۈلگە ئىدى. ئۇ ئابىد (ئىبادەتنى سۆيىدىغان) بىر پەيغەمبەر ئىدى. ئۇ، پۈتۈن مەخلۇقاتلارغا سۆيگۈ بېرەتتى، ئۇنى ئىنسانلار، قۇشلار، ۋەھشىي ھايۋانلار، چۆللەر ۋە تاغلارمۇ سۆيەتتى. كېيىن، بىر ئۇسسۇلچى پاھىشە ھەققىدىكى مەسىلە ئۈستىدە، بىر زالىم ھۆكۈمدارغا ئېيتقان توغرا سۆزى تۈپەيلىدىن ئۆلتۈرۈلۈشى قارار قىلىندى.

ئالىملار يەھيانىڭ پەزىلىتىنى تىلغا ئېلىپ، بۇ ھەقتە نۇرغۇن مىساللار كەلتۈرۈشىدۇ.

يەھيا ھەزرىتى ئىسا بىلەن زاماندىش ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن ئانا تەرەپ تۇغقان ئىدى. ھەدىستە يەھيا بىلەن ئىسانىڭ ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن سۆھبەت رىۋايەت قىلىنىدۇ:

- ئى يەھيا! مەن ئۈچۈن الله تىن مەغپىرەت تىلىگىن، چۈنكى سەن مەندىن خەيرلىكسەن، - دېدى ئىسا.

- ئى ئىسا! سەن مەن ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن، سەن مەندىنمۇ خەيرلىكسەن، - دېدى يەھيا.

ئىسا دېدى:

- ياق، سەن مەندىن خەيرلىك، مەن ئۆزەمگە سالام قىلدىم، ساڭا الله سالام قىلدى.

رىۋايەتتە الله نىڭ يەھياغا تۇغۇلغان كۈندە، ئۆلىدىغان كۈندە ۋە قايتا تىرىلىدىغان كۈندە سالام بەرگەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ پەزىلىتى تىلغا ئېلىنماقتا.

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بىر كۈنى ساھابىلىرىنىڭ ئۆزئارا پەيغەمبەرلەرنىڭ پەزىلەتلىرى ھەققىدە سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

بىرى: مۇسا كەلىمۇللاھتۇر (الله بىلەن سۆزلەشكەن كىشى)، - دېدى.

يەنە بىرى: ئىسا الله نىڭ روھى ۋە سۆزىدۇر (كەلىمىسىدۇر)، - دېدى.

ئۈچىنچىسى : ئىبراھىم خەلىلۇللاھ (الله نىڭ دوستى) دۇر، - دېدى.

ساھابىلارنىڭ يەھيانى تىلغا ئالمىغانلىقىنى كۆرگەن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام:

- قېنى شېھىت ئوغلى شېھىت (دادىسىمۇ، ئۆزىمۇ شېھىت بولغان – دېمەكچى – ت.)؟ ئۇ گۇناھتىن قورققانلىقى ئۈچۈن تېرە كىيىپ، دەرەخ قۇۋزىقى يەيتتى، قېنى ئۇ زەكەرىيانىڭ ئوغلى يەھيا؟ - دېدى.

.....

پەلەستىن تۇپراقلىرىغا باھار كېلىپ، ھەممە يەر يېشىللىققا پۈركەندى. ئاسمان سۈپ ـ سۈزۈك كۆرۈنەتتى.

ئاينىڭ كۈمۈش رەڭ نۇرى ئېتىز ـ ئېرىقلارنى يورۇتاتتى. گۈللەر ئېچىلدى. پورتاكال چېچەكلىرىنىڭ مېزىلىك پۇراقلىرى ئەتراپنى قاپلىدى. كۆچمەن قۇشلارنىڭ تىنىماي سايراشلىرى كىشىگە زوق بېغىشلايتتى.

ھەزرىتى يەھيا دۇنياغا كەلدى...

ئۇنىڭ تۇغۇلۇشى بىر مۆجىزە ئىدى. ئۇ، دادىسى زەكەرىيا ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەندىن كېيىن، ھەتتا پەرزەنت كۆرۈش ئۈمىدىنى ئۈزگەندىن كېيىن دۇنياغا كەلگەن ئىدى. ئۇ، پەيغەمبەر زەكەرىيانىڭ قەلبىنى تىترەتكەن پاك دۇئاسىدىن كېيىن كەلگەن ئىدى. گۇمراھلىقنىڭ يۈكسەكلىكىدىن پاكلىقمۇ يۈكسەلگەن بىر دەۋردە دۇنياغا كەلدى.

مەريەم، بۇ دەۋرىردىكى پاكلىقنىڭ سىمۋولى ئىدى. ئۇنىڭ خۇش پۇراقلىق ۋە سىرلىق ھۇجرىسى ئۇنىڭ ئاغزىدىن تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ناماز سۆزلىرى، ئىخلاسمەن زىكىر ۋە پاك قەلب بىلەن نۇرلىنىپ تۇراتتى. مەسجىد ناماز ئوقۇيدىغانلار، زىكىر قىلىدىغانلار ۋە مۆمىنلەر بىلەن تولاتتى. بۇ يەردىن بىر ئاز يىراقلىقتا بولسا، زۇلۇم ئۆز ئەكسىنى كۆرسىتىۋاتاتتى.

يەھيا ئەلەيھىسسالام تۇغۇلدى، ئۇنىڭ بالىلىقى، باشقا بالىلارنىڭكىدىن پەرقلىق ئۆتكەن ئىدى.

كۆپ قىسىم بالىلار ۋاقتىنى ئويناپ ئۆتكۈزەتتى. يەھيا بولسا، ئېغىز ـ بېسىق ئىدى. بەزى بالىلار ھايۋانلارنى بوزەك قىلىپ ئوينىسا، يەھيا ئىچ ئاغرىتقانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ تامىقى بىلەن ھايۋان ۋە قۇشلارنى باقاتتى. ئۆزىگە يېگۈدەك نەرسە قالمىغاندا، دەرەخ يوپۇرماقلىرى ۋە مېۋىلىرىنى يەيتتى. يەھيا چوڭ بولغانسىرى يۈزى نۇرغا، قەلبى ھېكمەت، اﷲ سۆيگۈسى، مەرىپەت ۋە خاتىرجەملىك بىلەن تولۇۋاتاتتى.

يەھيا ئوقۇشنى ياخشى كۆرەتتى. كىچىكىدىنلا ئىلىمگە قىزىقاتتى. ئۇ تېخى بالا چېغىدا، اﷲ نىڭ رەھمىتى ئۇنىڭغا مۇنداق خىتاب قىلدى:

﴿«ئى يەھيا! كىتابنى (يەنى تەۋراتنى) تىرىشىپ ئوقۇغىن» (دېدۇق). ئۇنىڭغا بالىلىق چېغىدىلا ئەقىل ـ پاراسەت ئاتا قىلدۇق﴾ .[4]

يەھياغا بالىلىق چېغىدىلا كىتابنى پىششىق ئۆگىنىش، يەنى شەرىئەت كىتابىدىكى ھۆكۈملەرنى ئىگەللەش ئەمر قىلىندى.

اﷲ ئۇنىڭ شەرىئەتنى ئۆگىنىشىنى ۋە بالىلىق چېغىدىلا ئىنسانلار ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىشىنى ئىرادە قىلدى. ئۇ، زامانىنىڭ ئەڭ بىلىملىك كىشىسى ۋە ھېكمەت ساھىبى

[4] سۈرە مەريەم 12 ـ ئايەت.

بولۇپ، شەرىئەتنى ئىنتايىن پىششىق ئۆگەنگەن ئىدى. شۇڭا الله ئۇنىڭغا بالىلىق چېغىدىلا ھېكمەتلەر بەرگەن ئىدى.

ئۇ ئىنسانلار ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىراتتى، ئۇلارغا دىنىنىڭ سىرلىرىنى چۈشەندۈرۈپ، توغرا يولنى كۆرسىتىپ، گۇمراھلىقتىن ساقلايتتى. يەھيا چوڭ بولۇپ، ئىلمى ـ مەرھەمىتى ئارتتى. ئاتا ـ ئانىسىغا ئىنسانلارغا، مەخلۇقاتلارغا، قۇشلارغا، ھايۋانلارغا ۋە دەرەخلەرگە شەپقىتى ئارتتى، ھەتتا شەپقىتى دۇنيانى ئىچىگە ئالدى ۋە دۇنيا مەرھەمەتى بىلەن تولدى.

ئۇ ئىنسانلارنى گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىشقا چاقىراتتى. كېيىنچە گۇناھتىن پاكلىنىش ئۈچۈن (تەۋبە بىلەن يۇيۇنۇش ئۈچۈن) ئۇلارنى ئىئوردانىيە دەرياسىدا يۇياتتى، ئۇلار ئۈچۈن الله قا دۇئا قىلاتتى. يەھيانى ياخشى كۆرمەيدىغان ۋەياكى ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزىدىغان ھېچكىم يوق ئىدى.

ئۇ، شەپقەتلىك ۋە پاك، تەقۋادار، ئىلىملىك ۋە پەزىلەتلىك بولغاچقا باشقىلار ئۇنى سۆيەتتى. يەھيا بۇلارغا يەنە ئىبادەتنى قوشتى. ئۇ تاغلارغا، چەت ـ ياقىلارغا ۋە چۆلگە كېتىپ، ئۇ يەرلەردە الله قا ئىبادەت قىلغان، الله ھوزۇرىدا يىغلاپ ئۇنىڭ ئۈچۈن ناماز قىلغان ھالدا بىر نەچچە ئاينى ئۆتكۈزەتتى.

چۆلدە يالغۇزلۇق ھېس قىلمايتتى. يېمەك ـ ئىچمەكتىن ئەنسىرەپ كەتمەيتتى، بەزىدە يوپۇرماق، بەزىدە چېكەتكە ۋە بەزىدە ئوتلارنى يەيتتى. تاغدا ئۇچرىغان بىر غاردا ياكى ئالدىغا ئۇچرىغان ئازگالدا ئۇخلايتتى.

گاھىدا تاغدىكى غارلارغا كىرگەندە، ئۇ يەردە ۋەھشىي ھايۋانلار، شىر، يولۋاس ۋە بۆرىلەرنى ئۇچرىتاتتى. پۈتۈن ۋاقتى الله نى زىكىر قىلىش ۋە ناماز ئوقۇش بىلەن مەشغۇل بولغاچقا بۆرە، يولۋاسلارغا ئۆرۈلۈپ قارىمايتتى. ھايۋانلار ئۇنىڭغا قاراپ، ئۇنىڭ مەخلۇقاتلارنى رەھىمدىل، مېھرى بىلەن ئىسسىتىدىغان ۋە ئىلمى بىلەن ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىدىغان (الله نىڭ پەيغەمبىرى) يەھيا ئىكەنلىكىنى تونۇپ باشلىرىنى ئېگىشەتتى ۋە يەھياغا تۈيدۈرماستىن ئۇ يەردىن ئاستاغىنە چىقىپ كېتەتتى.

يەھيا ۋەھشىي ھايۋانلارغا كۆيۈنگەچكە، ئۇلارنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇپ، ئۆزى كېچىنى ئاچ ئۆتكۈزەتتى. ئۇ تېنىدىن بەكرەك روھىنىڭ ئوزۇقى بولغان ناماز ۋە زىكىرگە ئەھمىيەت بېرەتتى. دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى يېگەچ، كۆزلىرى نەملەنگەن، دىلىدا زىكىر قىلغان، الله قا سۆيگۈسىنى كۆرسەتكەن ئۇنىڭ نېمىتىگە شۈكۈر ۋە مەرھەمىتىگە ھەمدۇسانا ئېيتقان ھالدا تۈنەيتتى.

يەھيا ئىنسانلارنى الله قا دەۋەت قىلغىنىدا، سەۋرچانلىقى ۋە مېھرىبانلىقى بىلەن ئۇلارنى يىغلىتىۋېتەتتى. سۆزلىرى سەمىمىي ۋە الله نىڭ سۆزىگە يېقىن بولغاچقا، ئۇلارنى تەسىرلەندۈرەتتى. يەھيانىڭ ئىنسانلارنىڭ ئالدىغا چىقىدىغان ۋاقتى (سەھەر) يېتىپ كەلدى. مەسجىد ئىنسانلار بىلەن تولغاندا، زەكەرىيانىڭ ئوغلى يەھيا ئورنىدىن تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «الله تائالا مەن ئەمەلدە قىلىدىغان سۆزلەرنى ئەمر

قىلدى. سىلەرنىڭ ئۇلارغا بويسۇنۇشىڭلارنى، بىر ۋە شېرىكى بولمىغان الله قىۋا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى بۇيرۇيمەن. كىم الله غا شېرىك قوشسا ۋە ئۇنىڭدىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلسا، ئۇ خۇددى خوجايىنى تەرىپىدىن سېتىۋېلىنغان تۇرۇقلۇق، ئىشلەپ تاپقىنىنى باشقا خوجايىنىغا بەرگەن قۇلغا ئوخشايدۇ. كىم قۇلىنىڭ بۇنداق قىلىشىنى خالايدۇ؟!

سىلەرگە نامازنى بۇيرۇيمەن، چۈنكى الله ناماز قىلغۇچى نامىزىدىن توختاپ قالغىچە ئۇنىڭ ناماز قىلىشىغا قاراپ تۇرىدۇ. نامازنى ئىخلاس بىلەن ئادا قىلىڭلار.

سىلەرگە روزىنى بۇيرۇيمەن. ئۇ، ئۆزىدىن خۇشبۇي پۇراپ تۇرىدىغان بىر ئادەمنىڭ ھالىتىگە ئوخشايدۇ. ئۇ ئادەم ماڭغانسېرى ئۇنىڭدىن ناھايىتى خۇشبۇي پۇراقلار كېلىپ تۇرىدۇ.

سىلەرنىڭ الله نى كۆپ زىكىر قىلىشىڭلارنى بۇيرۇيمەن. بۇ، دۈشمەنلىرى قوغلىغان بىر ئادەمنىڭ مۇستەھكەم بىر قەلئەگە قېچىپ كىرىۋالغىنىغا ئوخشايدۇ. قەلئەلەرنىڭ ئەڭ چوڭى (يەنى ئەڭ ياخشىسى) الله نى زىكىر قىلىشتۇر. بۇ قەلئەسىز قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس.

يەھيا سۆزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن مۇنبەردىن چۈشۈپ چۆلگە قاراپ يولغا چىقتى.

چەكسىز كەتكەن چۆل قۇمى ئۇپۇققىچە سوزۇلۇپ ياتاتتى. ئۇ يەردە شامال ۋە دەرەخلەرنىڭ ئاۋازىدىن ۋە تاغدىكى ۋەھشىي ھايۋانلارنىڭ ئاياق تېۋىشىدىن باشقا ئاۋاز ئاڭلانمايتتى. يەھيا ئۇ يەردە بوشلۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ نامىزىنى ئوقۇشقا ۋە يىغلاشقا باشلىدى. بۇ مەزگىلدە، يەھيا بىلەن ھوقۇقدارلار ئارىسىدا بىر توقۇنۇش پەيدا بولدى.

ئۇ زامانىنىڭ ھۆكۈمدارلىرىدىن بىرى گۇمراھ، نەزەر دائىرىسى تار، ھاماقەت ۋە مۇستەبىت ئىدى. سارىيىدا بۇزۇقچىلىق ئەۋج ئالغان ئىدى. يەھيا ھەققىدىكى خەۋەرلەر ئۇنى دەھشەتكە چۈشۈرەتتى. چۈنكى ئىنسانلار نورمالدا بىرى ھەم ھۆكۈمدار ھەمدە بۇنچىلىك سەۋىيىدە بولسا، ئۇنى سۆيەتتى. لېكىن قېرىنشقاندەك ئۇنى ھېچكىم ياخشى كۆرمەيتتى.

بۇ ھۆكۈمدار، ئۆز قېرىندىشىنىڭ ئايالىنى مەجبۇريي تارتىۋالماقچى ئىدى. ئۇ ئايالنىڭ ئۇسسۇل ئويناشتا داڭقى چىققان بىر قىزى بار بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ يەتتە قات كىيىم كىيىپ ئۇسۇل ئوينايتتى. ھەر ئۇسسۇلدا بىر قات كىيىمنى سېلىۋېتەتتى. ئاخىرقى ئۇسسۇلەنى يالىڭاچ ئوينايتتى.

ھۆكۈمدار يەھيادىن ئۆزىنىڭ قېرىندىشىنىڭ ئايالى بىلەن ئۆيلەنسە، بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقى ھەققىدە سورىدى.

يەھيا ئەلەيھىسسالام : جائىز ئەمەس، دەپ جاۋاب بەردى.

ھۆكۈمدار: يەھياغا ئۆزىنىڭ ئۇ ئايال بىلەن ئۆيلەنمەكچى ئىكەنلىكىنى. يەھيانىڭ ئۇنى رازى قىلغۇدەك بىر پەتۋا بېرىشى كېرەكلىكىنى چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى. يەھيا ئۇنىڭ ئارزۇسىنى ئۇيغۇن كۆرمەي رەت قىلدى. ھۆكۈمدارغا شەرىئەتنىڭ ھۆكمىنى بىلدۈرۈپ، ئۇنى تاشلاپ چىقىپ كەتتى.

ھۆكۈمدار يەھياغا غەزەپلىنىپ، ئۇنىڭ زىندانغا تاشلىنىشىنى بۇيرىدى.

ھۆكۈمدار قېرىندىشىنىڭ ئايالىنى مەجبۇرىي ئالدى. ئۇ ئايالنىڭ ئۇسسۇلچى قىزى يەھيانى ھۆكۈمدار بىلەن سۆزلەشكەندە كۆرگەن ئىدى. ئۇ يەھيانىڭ ئېسىل، ئاقكۆڭۈل ۋە ئالاھىدە بىرى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالدى ۋە ئۇنى ئىزدەپ زىندانغا كەلدى. ئۇنىڭ ناماز ۋە يىغىغا چۆككەنلىكىنى كۆرۈپ، نامىزىنى تۈگەتكىچە ئۇنى كۆزىتىپ تۇردى. ئاندىن كېيىن، ئۆزىنى يەھيانىڭ پۇتىغا ئېتىپ، يەھيانىڭمۇ ئۇنى ئۆزىگە ئوخشاش سۆيۈشىنى تەلەپ قىلدى.

يەھيا: قەلبىمدە الله تىن باشقىسىنىڭ سۆيگۈسىگە يەر يوق، ـ دېدى.

ئايال ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ قالدى. قەلبى ئۆچكە تولغان نەپرەت بىلەن تولغان ھالدا ھۆكۈمدارنىڭ سارىيىغا قايتتى.

كەچلىك تاماقتىن كېيىن ھۆكۈمدار ھاراق ئىچىشكە، ئايال ئۇنىڭغا ئىچۈرۈشكە باشلىدى. ھۆكۈمدار بېشىنى يوغان شاردەك ۋە بىر ئازدىن كېيىن ئۇچىدىغاندەك ھېس قىلدى. بۇ چاغدا ئۇسسۇلچى دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، كىيىملىرىنى كىيىپ ھۆكۈمدارنىڭ ئالدىغا كەلدى. ھۆكۈمدار ئۇنىڭغا قارىغانسېرى ئۆزىنىڭ كاللىسى بارغانسېرى يوغىناپ كېتىۋاتقاندەك ۋە ھوشىنى يوقاتقاندەك تۇيۇلدى.

ئايال ئۇسسۇلنى باشلىدى. مۇزىكىلار چېلىندى. ئايال يەتتىنچى ئۇسسۇلغا كەلگەندە توختاپ، يۈزىنى ئاچتى ۋە ھۆكۈمدارغا:

ـ شاھ ئالىيلىرىغا بىر تەلىپىم بار، ـ دېدى.

ھاراقتىن خۇدىنى يوقاتقان گۇمراھ ھۆكۈمدار:

ـ مەندىن نېمە تىلىسەڭ، ھازىرلا ساڭا بېرىمەن، ـ دېدى.

ـ زەكەرىيانىڭ ئوغلى يەھيانىڭ بېشىنى تەلەپ قىلىمەن، ـ دېدى ئۇسسۇلچى ئايال.

ھۆكۈمدار ئېسىگە كېلىپ قورقتى، ئولتۇرغان يېرىدىلا ئايالغا:

ـ مەندىن باشقا نەرسە تىلە! ـ دېدى.

ـ زەكەرىيانىڭ ئوغلى يەھيانىڭ قېنىنى تەلەپ قىلىمەن، ـ دېدى ئايال.

بۇ ئايال ئاخىرىدا يامانلىقنىڭ سىمۋولى بولغان ئىدى.

ھۆكۈمدار 44 ـ قەدەھنى ئىچىۋېتىپ:

- زەكەرىيانىڭ ئوغلى يەھيانى ئۆلتۈرۈڭلار! - دېدى.

ياساۋۇل بېگى قول ئاستىدىكىلەرگە بۇيرۇق قىلدى. ئەسكەرلەر دەرھال قىلىچ - خەنجەرلىرىگە ئېسىلىشتى.

ناپاك قوللار قىلىچلارنى كۆتۈرۈپ، پاك بوينىنى چېپىپ تاشلىدى. ئۇ شېھىتلىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشىۋاتقاندا، قىيا تاشلارنىڭ قەلبى بۈيۈك پەيغەمبەرگە بولغان شەپقىتى تۈپەيلىدىن پارە - پارە بولغان ئىدى.

ماتتا ئىنجىلى تۆتىنچى جىلىتتا رىۋايەت كەلتۈرۈپ مۇنداق دېيىلىدۇ.

ھېرودوس يوھاننانى (يەھيانى) قېرىندىشى پەلەستىنىنىڭ ئايالى ھېرەدىيا سەۋەبىدىن زەنجىرگە باغلاپ زىندانغا تاشلىدى. چۈنكى يوھاننىڭ ئۇنىڭغا: ئۇنى ئۆزەڭگە خوتۇن قىلىپ ئېلىشىڭ ھالال بولمايدۇ. - دېگەن ئىدى. ھېرودوس ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى، لېكىن خەلقتىن قورقتى. چۈنكى خەلق ئۇنى پەيغەمبەر دەپ بىلەتتى. ھېرودوسنىڭ تۇغۇلغان كۈنى زىياپىتىدە ھېرودىئادەنىڭ قىزى مېھمانلارنىڭ ئالدىدا ئۇسسۇل ئوينىدى. ھېرودوس قىزنى ياقتۇرۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭغا نېمە تىلىسە بېرىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بەردى. قىز ئانىنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە: ھازىر ماڭا بىر تاۋاقنىڭ ئىچىدە يوھاننا ئەل - مەمەدانىنىڭ (يەنى يەھيانىڭ) بېشىنى كەلتۈرۈپ بەرگىن! - دېدى. ھۆكۈمدارنىڭ ئەرۋاھى ئۇچتى. ئەمما ۋەدە بېرىپ قويغانلىقى ۋە داستىخاندا بىرلىكتە ئولتۇرغانلار بولغانلىقى ئۈچۈن ئامالسىز، قىزغا ئۇنىڭ بېشىنىڭ بېرىلىشىنى ئەمر قىلدى. ئادەم ئەۋەتىپ، زىنداندىكى يوھاننىڭ كاللىسىنى ئالدى ۋە بىر تاۋاقنىڭ ئىچىگە قويۇپ، قىزغا تارتۇق قىلدى. ئۇ يوھاننىڭ بېشىنى دەرھال ئانىسىغا ئاپىرىپ بەردى.

# ئىسا ئەلەيھىسسالام

قۇياش يېتىشقا يۈزلەنگەن ئىدى.

شاماللار ئالما ۋە يورتاكال چېچەكلىرىنىڭ خۇش پۇراقلىرىنى ئۇچۇرۇپ ئەتراپقا يايىدى. چېچەكلەرنىڭ خۇش ھىدى شاماللار بىلەن بىرلىكتە مەريەمنىڭ نامازگاھىنىڭ دەرىزىلىرىدىن كىرىپ، ئىخلاس بىلەن ئۇن ـ تىنسىز ناماز قىلىۋاتقان قىزچاق (مەريەم) نىڭ ئەتراپىنى قاپلىدى. مەريەم بىردىنلا ھاۋانىڭ خۇشبوي پۇراق بىلەن تولغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ تەبىئەتنىڭ خەۋىرىگە كۆلۈمسىرىدى ـ دە، تەكرار اللہ قا شۈكۈر قىلىپ ئىخلاس بىلەن نامىزىنى داۋاملاشتۇردى. تۇيۇقسىز نامازگاھىنىڭ پەنجىرىسىگە بىر تورغاي كېلىپ قوندى. تورغاي كۈن تەرەپكە قاراپ تۇمشۇقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ قاناتلىرىنى ئاچتى ۋە ھۆل بولۇپ كەتكەن تۈكلىرىنى قۇرۇتۇش ئۈچۈن سىلكىندى. بۇ سىلكىنىشتىن چاچرىغان ئۇششاق سۇ تامچىلىرى مەريەمگە بىردىنلا مەسجىدنىڭ تېشىدىكى ئىككى قورام تاشنىڭ ئارىسىدا ئۆسكەن گۈلگە سۇ قۇيمىغانلىقىنى (سۇ قويۇشنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى) ئېسىگە سالدى...

مەريەم نامىزىنى تۈگىتىپ، گۈلگە سۇ قويۇش ئۈچۈن، ھۇجرىسىدىن چىقاي دەپ تۇرىشىغا، پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ خىتاب قىلدى:

﴿«ئى مەريەم! اللہ ھەقىقەتەن سېنى (پۈتۈن ئاياللار ئىچىدىن) تاللىدى، سېنى پاك قىلدى، سېنى پۈتۈن جاھان ئاياللىرىدىن ئارتۇق قىلدى﴾.[4]

مەريەم چۆچۈپ، جايىدا توختاپ قالدى.

ھۇجراھ پەرىشتىلەرنىڭ سۆزى بىلەن شۇنداق يورۇپ كەتتىكى، قۇياش ئۇنىڭ يېنىدا گوياكى ئاجىز شامنىڭ نۇرىدەك كۆرۈنەتتى. مەريەم بۇ كۈنلەردە روھى ۋە جىسمىدا بىر ئۆزگىرىش بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان ئىدى. ئۆزىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئەينەك يوق بولسىمۇ، لېكىن ئۇ چىرايىدىكى ياش قىزلارغا خاس قىزىللىقنىڭ ئورنىنى تېخىمۇ پاك ۋە تېخىمۇ ساپ (ئېسىل) بىر رەڭنىڭ ئىگەللىگەنلىكىنى، تېنى ئاجىزلاپ، جۇدەپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۆزىدە ئالاھىدە روھىي كۈچ پەيدا بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىۋاتاتتى. تېنى ئاجىزلاشقانسېرى روھىي كۈچى ئېشىۋاتاتتى. بۇ سېزىم ئۇنى ھەم كىچىك پېئىل ھەمدە غۇرۇرلۇق قىلدى.

ئۇنى ئاجىز زېممىسىغا يۈكلەنگەن مەسئۇلىيەت قورقۇنچى قاپلىدى.

﴿پەرىشتىلەر ئېيتتى: «ئى مەريەم! اللہ ھەقىقەتەن سېنى (پۈتۈن ئاياللار ئىچىدىن) تاللىدى، سېنى پاك قىلدى، سېنى پۈتۈن جاھان ئاياللىرىدىن ئارتۇق قىلدى﴾.[4]

[4] سۈرە ئال ئىمران 42 ـ ئايەت.

مەريەم بۇ سۆزلەردىن اللە نىڭ ئۆزىنى تاللىغانلىقىنى، پاكلىغانلىقىنى ۋە شۇ زاماندىكى بارلىق ئاياللاردىن ئۈستۈن قىلغانلىقىنى چۈشەندى. بۇ ئۈستۈنلۈك ئىنسان يارىتىلغاندىن تارتىپ تاكى قىيامەت كۈنىگىچە بولغان بارلىق ئاياللاردىن ئۈستۈن بولۇشنى ئىپادىلەيتتى. پەرىشتىلەر يەنە مۇنداق دېدى: ﴿ئى مەريەم! پەرۋەردىگارىڭغا ئىتائەت قىل، سەجدە قىل ۋە رۇكۇ قىلغۇچىلار بىلەن بىللە رۇكۇ قىل»﴾.

خۇش خەۋەردىن كېيىنكى بۇيرۇق ئۇنىڭ اللە قا بولغان ئىخلاسىنى، سەجدىسىنى ۋە رۇكۇسىنى ئاشۇراتتى.

مەريەم گۈلنى ئۇنتۇپ قايتا نامازنى باشلىدى. ئۇ ئەمدى ئۆزىنى كىچىك، ئاجىز ۋە نامازگاھتا يالغۇز دەپ ھېس قىلمايتتى. ئۆزىنىڭ كۆن نۇرى ئىچىدە ساقلىنىۋاتقانلىقىنى، چاچلىرىنىڭ ئېتىز ـ قىرلاردىكى ئۈسۈملۈكلەردەك مەيىن يەلپۈنۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئالما دەرەخلىرىنىڭ دىماغنى غىدىقلىغۇچى پۇراقلىرىنى سەزگەن ھالدا دۇنيادىكى ئىتائەتمەن باللارنىڭ كۆز ياشلىرىدەك ياش تۆكۈپ ناماز ئوقۇۋاتقاندا، كۆزلىرىدىن چوڭ بىر ياش تامچىسىنىڭ دومىلاپ چۈشكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

ئۇنىڭ بىر تامچە كۆز يېشى كىشىگە سۈتنىڭ لەززەتلىك تەمىنى، باھارنىڭ ئىللىق شامىلىنى ۋە ئىنسان ئازابىنىڭ ھەسرىتىنى ھېس قىلدۇراتتى. مەريەم كۆڭلىدە يېقىندا چوڭ ۋەقە يۈز بېرىدىغانلىقىنى سەزدى. بۇنى نەچچە كۈندىن بېرى ئاز ـ تولا سېزىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، بۈگۈنكىدەك ئېنىق ھېس قىلمىغان ئىدى.

كۈمۈش تەختتە ئولتۇرغان ئاينىڭ ئەتراپىدا سۈتتەك ئاق بۇلۇتلار ئۈزۈپ يۈرەتتى.

مەريەم ناماز ئوقۇۋېرىپ يېرىم كېچە بولغانلىقىنى سەزمەي قالدى. نامىزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، يادىغا يەنە گۈل كەلدى. چېلەككە ئازراق سۇ ئېلىپ، گۈل سۇغىرىشقا چىقتى.

گۈل مەسجىدنىڭ بىر نەچچە قەدەم نېرىسىدىكى ئىككى تاشنىڭ ئارىسىدا ئۆسكەن ئىدى. بۇ يەرگە ھېچكىم بارمايتتى ۋە يېقىنلاشمايتتى. چۈنكى ئۇ يەر مەريەمنىڭ ناماز ۋە ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈن ئايرىلغان ئىدى.

مەريەم گۈلگە سۇ قۇيدى، ئاندىن چېلەكنى يەرگە قويۇپ، ئىككى كېچىدە بىر ھەسسە ئۆزىرىغان گۈلگە دىققەت بىلەن قارىدى.

مەريەم ئۇشتۇمتۇت يېقىنلا يەردە توختىغان ئاياق تىۋىشىنى ئاڭلىدى. بۇ، مېڭىۋاتقان ئاياقنىڭ تىۋىشى ئەمەس ئىدى...

---

[1] سۈرە ئال ئىمران 42 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئال ئىمران 43 ـ ئايەت.

بۇ، شېغىللارنىڭ، قۇملارنىڭ ۋە تۇپراقنىڭ ئۈستىدە تۇرغان ئاياقنىڭ ئىزى ئىدى. مەريەم ئۆزىنىڭ يالغۇز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ قورقتى. ئەتراپىنى دىققەت بىلەن كۆزەتكەن بولسىمۇ، ھېچنەرسە كۆرۈنمىدى.

ئارقىدىنلا پارلىغان نۇر بىلەن ئۇنىڭ نېرىدا تۇرغانلىقىنى كۆردى.

مەريەم چۆچۈپ بېشىنى ئەگدى.

بۇ ئەھۋال ئۇنىڭغا ئاجايىپ بىر چۈشتەك بىلىندى، گويا ئۆزى ئاي نۇرىنىڭ ئىچىدە تۇرغاندەك ئىدى. ئەمما بۇ چۈش ئەمەس ئىدى.

مەريەم ئۆز ـ ئۆزىگە: ئۇ يەردە تۇرغان كىم بولۇشى مۇمكىن؟ ـ دەپ سورىدى.

ئۇنىڭ مەريەمگە شۇنداق بىر قارىشى مەريەمنىڭ كۆڭلىگە ئەندىشە سالدى. يۈزى ناتونۇش بولۇپ، مەريەم ئۇنى بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغان ئىدى. پىشانىسى ئايدىڭمۇ پارقىراق ئىدى. كۆزلىرى سۈرلۈك كۆرۈنسىمۇ، چىرايىدىن مۇلايىملىق چىقىپ تۇراتتى. مەريەم ئۇنىڭغا قارىۋىدى، ئۇنىڭ يۈزى مىليونلارچە يىلدىن بېرى اللە قا ئىبادەت قىلغان كىشىنىڭ شەرەپلىك يۈزىدەك كۆرۈندى.

...

مەريەم ئۆز ـ ئۆزىگە ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سورىدى. ناتونۇش كىشى مەريەمنىڭ ئويلىغانلىرىنى بىلگەندەك:

ـ ئەسسالامۇ ئەلەيكى، ئى مەريەم! ـ دېدى.

مەريەم بۇنىڭ بىر ئىنسان ئاۋازى ئىكەنلىكىنى سەزدى. ئۇ سالامغا جاۋاب قايتۇرمايلا: ﴿«مەن ھەقىقەتەن مەرھەمەتلىك اللە قا سېغىنىپ سېنىڭ چېقىلىشىڭدىن پاناھ تىلەيمەن، ئەگەر سەن تەقۋادار بولساڭ (ماڭا چېقىلمىغىن)»﴾ [1] دېدى.

مەريەم اللە دىن پاناھلىق تىلىدى. ئۇنىڭ اللە نى تونۇيدىغان ۋە تەقۋادار ياكى ئەمەسلىكىنى سورىۋىدى، ئۇ يەردە تۇرغان كىشى (يەنى جىبرىئىل) ئىللىق كۈلۈمسىرگەن ھالدا:

﴿«مەن ساڭا بىر پاك ئوغۇل بېرىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەلچىسىمەن»﴾ [2] دېدى.

ناتونۇش كىشىنىڭ سۆزى تۈگىشىگىلا، ئۇ يەر، كۆن نۇرىغىمۇ، ئاي نۇرىغىمۇ، شام يورۇقى ياكى ئوتقىمۇ ئوخشىمايدىغان بىر نۇر بىلەن يورىدى.

---

[1] سۈرە مەريەم 18 ـ ئايەت.
[2] سۈرە مەريەم 19 ـ ئايەت.

بۇ نۇر مەريەمنىڭ ئەتراپىنى تاكى ئۇپۇققىچە قاپلىغان ۋە: «مەن اللە نىڭ ساخا ئەۋەتكەن ئەلچىسىمەن» دېگەن سۆز مەريەمنىڭ بېشىدا ئايلانغان ھالدا خۇددى يېپىلىۋاتقان قاناتلاردەك. ئۇ يەردە تۇرغان كىشىنىڭ ئەتراپىدىن پارلاۋاتاتتى.

... ئاھ ... بۇ پەرىشتىلەرنىڭ كاتتىسى، روھۇل ئەمىن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئىدى. ئۇ مەريەمنىڭ ئالدىغا بىر ئىنسان سۈرىتىدە كەلگەن ئىدى.

....

مەريەم ھاياجانلىنىپ، تىترىگەن ھالدا بېشىنى كۆتەردى. روھۇل ئەمىن ئىنسان سۈرىتىدە ئالدىدا تۇراتتى. مەريەم ئۇنىڭ پېشانىسىنىڭ پارلاقلىقىنى، يۈزىنىڭ سۈزۈكلىكىنى ۋە كۆزىنىڭ سۈزلۈكلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇنىڭدا مىليونلارچە يىل اللە قا ئىبادەت قىلغان كىشىنىڭ شەرىپى بار ئىدى. تۇرۇپلا، ئۇنىڭ سۆزىنىڭ كېيىنكى قىسمى (ئاخىرى) ئېسىگە كەلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭغا پاك بىر ئوغۇل ئاتا قىلىشى ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئېيتقان ئىدى. مەريەم ئۆزىنىڭ تېخى قىز ئىكەنلىكىنى، ئۆزىگە ھېچقانداق كىشىنىڭ قولى تەگمىگەنلىكىنى، ياتلىق بولمىغانلىقىنى، ھېچقانداق كىشىگە يېقىنلاشمىغانلىقىنى ئويلىدى. ياتلىق بولماي تۇرۇپ بالا تۇغۇش مۇمكىنمۇ؟

بۇلارنى ئويلىغان مەريەم روھۇل ئەمىنگە مۇنداق دېدى:

﴿«ماڭا كىشى يېقىنلاشمىغان تۇرسا، مەن پاھىشە قىلمىغان تۇرسام، قانداقمۇ مېنىڭ ئوغۇل بالام بولسۇن؟»﴾.[1]

جىبرىئىل:

﴿«ئەمەلىيەت سەن دېگەندەكتۇر، (لېكىن پەرۋەردىگارىڭ ئېيتتى: ئۇ ماڭا ئاساندۇر. ئۇنى كىشىلەرگە قۇدرىتىمىزنى كۆرسەتىدىغان) دەلىل ۋە بىز تەرەپتىن بولغان مەرھەمەت قىلدۇق، بۇ تەقدىر قىلىنىپ بولغان ئىشتۇر»﴾.[2]

مەريەمنىڭ ئەقلى روھۇل ئەمىننىڭ سۆزلىرىنى قوبۇل قىلدى.

ئۇ مەريەمگە بۇنىڭ اللە نىڭ ئىشى ئىكەنلىكىنى ئېيتقان ئەمەسمىدى؟

اللە خالىسا، ھەر نەرسە بولىدىغان تۇرسا، ئۇنىڭغا ھېچبىر ئىنساننىڭ قولى تەگمەي تۇرۇپ بالا تۇغۇشى غەلىتىلىكمۇ؟ ئۇلۇغ اللە ئادەمنى تېخى ئەركەك ۋە ئايال يوق چاغدا ئاتىسىز، ئانىسىز ياراتقان، ھاۋانى ئادەمدىن ياراتقان يەنى ئۇنىمۇ ئايالسىز، ئەركەكتىن ياراتقان ئىدى. ئەمدى مەريەمنىڭ ئوغلىنىمۇ دادىسىز يەنى ئەرسىز ئايالدىن ياراتماقچى ئىدى.

[1] سۈرە مەريەم 20 ـ ئايەت.
[2] سۈرە مەريەم 21 ـ ئايەت.

ئادەتتە، ئىنساننىڭ ئەر ۋە ئايالدىن يارىتىلىشى، ئىنساننىڭ ئاتا ۋە ئانىسىنىڭ بولۇشى نورمالدۇر. ئەمما مۆجىزە الله نىڭ خالىشى بىلەن ۋۇجۇدقا كېلىدۇ.

جىبرىئىل تەكرار مۇنداق دېدى:

﴿الله ساڭا (ئاتىنىڭ ۋاستىسىسىز) الله نىڭ بىر كەلىمىسى (دىن تۆرەلگەن بىر بوۋاق) بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇكى، ئۇنىڭ ئىسمى مەسىھ مەريەم ئوغلى ئىسادۇر، ئۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئابرۇيلۇق ۋە الله قا يېقىنلاردىن بولىدۇ. ئۇ بۆشۈكتىمۇ (يەنى بوۋاقلىق چېغىدىمۇ)، ئوتتۇرا ياش بولغاندىمۇ كىشىلەرگە (پەيغەمبەرلەرنىڭ سۆزىنى) سۆزلەيدۇ ۋە (تەقۋادارلىقتا كامىل) ياخشى ئادەملەردىن بولىدۇ»﴾.[4]

تېخى ھامىلدار بولماي تۇرۇپلا ئوغلىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغان مەريەم تېخىمۇ قاتتىق چۆچىدى. ئۇنىڭ الله نىڭ ۋە ئىنسانلارنىڭ يېنىدا شەرەپلىك (ئابرۇيلۇق) بولىدىغانلىقىنى، بوۋاق چېغىدىمۇ، چوڭ بولغاندىمۇ ئىنسانلار بىلەن سۆزلىشىدىغانلىقىنى بىلگەن ئىدى. مەريەم يەنە باشقا سوئال سوراش ئۈچۈن ئېغىز ئاچاي دەپ تۇرۇشىغا، روھۇل ئەمىن قولىنى كۆتۈرۈپ ھاۋانى مەريەم تەرەپكە ئىتتىرىدى. ھاۋا مەريەم بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغان بىر نۇر بىلەن يورىغان ھالدا كەلدى. بۇ نۇر مەريەمنىڭ ۋۇجۇدىغا كىرىپ، بىردەمدىلا ئۇنىڭ ئىچىگە تولدى.

...

مەريەم باشقا سوئال سورىغىچە، جىبرىئىل جىمجىتلا غايىب بولغان ئىدى.

سوغۇق شامال چىقىپ، مەريەمگە تىترەك ئولاشتى، خۇددى ئەقلىنى يوقىتىپ قويىدىغاندەك ھېس قىلدى. دەرھال ھۇجرىسىغا يۈگۈردى. ھۇجرىسىنىڭ ئىشىكىنى چىڭ تاقاپ، نامازغا چۈكۈپ يىغلاپ كەتتى.

ئۇ ھەم خۇشاللىقتىن ھاياجانلانغان ھەم قورققان، ھەم ئىچىدىن تاتلىق بىر ھۇزۇر ھېس قىلغان ئىدى. ئۇ ئەمدى يالغۇز ئەمەس، جىبرىئىل كەتكەندىن بېرى يالغۇز ئەمەس ئىدى. ئۇ جىبرىئىلنىڭ ئۆزىنى يالغۇز تاشلاپ قويمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغان ئىدى. ئۇنىڭ قولى بىر ھەرىكەت بىلەن ئۇنى نۇرغا تولدۇرغان بولۇپ، بۇ نۇر، قورسىقىدا بىر بالىغا، ھەمدە چوڭ بولغاندا الله نىڭ مەريەمگە ئىلقا قىلغان كەلىمىسى ۋە روھى بولىدىغان بىر بالىغا ئايلىناتتى.

ئۇ چوڭ بولغاندا، الله نىڭ ئەلچىسى ۋە سۆيگۈ ئەلچىسى بولغان بىر پەيغەمبەرگە ئايلىناتتى.

مەريەم ئۇ كېچىسى سەھەرگىچە شۇنداق شېرىن ئۇخلىدى. ئۇ كۆزلىرىنى ئېچىپلا، ھۇجرىسىنىڭ پەسلى ئۆتكەن مېۋىلەر بىلەن تولغانلىقىنى كۆردى. مېۋىلەر بۇرۇنقىدىنمۇ تېخىمۇ كۆپ ئىدى.

[4] سۈرە ئال ئىمران 45 ـ 46 ـ ئايەتلەر.

ھەيران بولغان مەريەم تۇنۇگۇن بولغان ئىشلانى ئەسلىدى. گۈل سۇغۇرۇش ئۈچۈن بارغانلىقىنى... ئۇ يەردە جىبرىئىل بىلەن ئۇچراشقانلىقىنى... اللہ نىڭ كەلىمىسىنى ئۆزىگە قانداق ئىلقا قىلغانلىقىنى (پۈۋلىگەنلىكىنى) ... ھۆجرىسىغا قايتىشىنى ۋە ئۇخلاپ قالغانلىقىنى...

مەريەم ئۇ يەردىكى مول مېۋىلەرگە قاراپ ئۆز ـ ئۆزىگە:

ـ بۇ مېۋىلەرنى مەن يالغۇز يەمدىغاندىمەن؟ ـ دېدى.

ئىچىدىن كەلگەن بىر ئاۋاز ئۇنىڭغا:

ـ ئى مەريەم! سەن ئەمدى يالغۇز ئەمەس، سەن ئىككى كىشى.... سەن ۋە ئىسا، ئوبدان تاماق يېيىشىڭ كېرەك! ـ دېدى.

مەريەم يېيىشكە باشلىدى.

كۈنلەر ئۆتتى... ئۇنىڭ ھامىلدارلىقى باشقا ئاياللارنىڭكىگە ئوخشىمايتتى. ئۇ ئاغرىپ قالمايتتى، ئېغىرلىق ھېس قىلمايتتى، ھېچقانداق ئۆزگىرىش ھېسسىمۇ يوق ئىدى. ھەتتا قورسىقىمۇ باشقا ئاياللارنىڭكىدەك يوغىنىمىغان ئىدى. ئۇنىڭ ھامىلدارلىقى ياخشى بىر نېمەت ئىدى.

توققۇز ئاي بولدى. بەزى ئالىملار: مەريەم توققۇز ئاي قورساق كۆتۈرمىدى، يەنى مۆجىزە ھالدا ئىسانى قورساق كۆتەرمەيلا تۇغقان، ـ دەيدۇ. مەريەم بىر كۈنى يىراق بىر يەرگە كەتتى. ئۇ كۈنى بىر ئىش بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئەمما بۇ ئىشنىڭ ماھىيىتىنى بىلمەيتتى.

ئۇ، خورما دەرەخلىرى قاپلىغان بىر يەرگە، يىراقلىقىدىن ھېچ كىشى بارمايدىغان، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغان بىر يەرگە كەتتى. خەلق، مەريەمنىڭ ھامىلدار ئىكەنلىكىنى، بالا تۇغىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. نامازگاھ ئۇنىڭغا ئائىت بولۇپ، خەلق ئۇنىڭ ئىبادەت قىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى ۋە ئۇ يەرگە ھېچكىم يېقىنلاشمايتتى.

مەريەم دەم ئېلىش ئۈچۈن بىر تۈپ ئېگىز ۋە يوغا خورما دەرىخىنىڭ ئاستىدا ئولتۇردى.

ئۆزىنى ئويلاشقا باشلىدى... ئۇ ئاغرىق ھېس قىلىۋاتاتتى، ئاغرىق كۈچىيىشكە ۋە پات ـ پاتلا كېلىشكە باشلىدى.

مەريەم تۇغۇت ئۈستىدە ئىدى.

﴿تولغاقنىڭ قاتتىقلىقى ئۇنى (يۆلىنىۋېلىش ئۈچۈن) بىر خورما دەرىخىنىڭ يېنىغا كېلىۋېلىشقا مەجبۇر قىلدى. مەريەم ئېيتتى: «كاشكى مەن بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۆلۈپ

كەتكەن بولسامچۇ! كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ كەتكەن (ئەرزىمەس) نەرسىگە ئايلىنىپ كەتسەمچۇ!» ﴾

مەريەمنى تۇغۇت سانجىقى بىلەن بىللە باشقا ئاغرىق ـ كۈلپەتلەرمۇ كۈتۈۋاتاتتى. خەلق ئۇنىڭ بۇ بالىسىنى قانداق كۈتۈۋېلىشى مۇمكىن؟ ئۇنى نېمە دېيىشى مۇمكىن؟ ئۇلار مەريەمنى پاك دەپ بىلەتتى. پاك مەريەم قانداق بالا تۇغىدۇ؟

خەلق ئىنسان قولى تەگمىگەن مەريەمنىڭ بالا تۇغىشىغا قانداق ئىشىنىدۇ؟ ئۇلارنىڭ گۇمانلىق قاراشلىرى، قالايمىقان سۆزلەشلىرى ۋە سۆز ـ چۆچەكلىرىنى ئويلىغان مەريەمنىڭ كۆڭلى ئىنتايىن يېرىم بولدى.

...

دەل شۇ چاغدا، الله نىڭ تەقدىرى بىلەن ئىنسانلارنىڭ ئازابلىرىنى قەلبىگە يۈكلىگەن كىشى تۇغۇلدى. مەريەم ئۆزىنىڭ ئۆلۈمىنى ۋە ئۇنتۇلۇپ كېتىلىشىنى تىلەپ تۇرۇشىغا:

﴿جىبرىئىل ئۇنىڭغا خورما دەرىخىنىڭ ئاستىدىن نىدا قىلدى: «غەم قىلمىغىن، پەرۋەردىگارىڭ سېنىڭ ئاستىڭدىن (ئېقىپ تۇرىدىغان) بىر ئېرىقنى پەيدا قىلدى. خورما دەرىخىنى ئۆز تەرىپىڭگە ئىرغىتقىن، ئالدىڭغا پىشقان يېڭى خورمىلار تۆكۈلىدۇ. (بۇ شېرىن خورمىدىن) يېگىن، (بۇ تاتلىق سۇدىن) ئىچكىن ۋە خۇرسەن بولغىن، بىرەر ئادەمنى كۆرسەڭ (ئۇ بالا توغرۇلۇق سورىسا) :مەن ھەقىقەتەن مەرھەمەتلىك الله غا ۋەدە بەردىم، بۈگۈن ھېچ ئادەمگە سۆز قىلمايمەن، دېگىن»﴾.

مەريەم مەسىھكە قارىدى، ئۇنىڭ يۈزى ئىنتايىن سۆيۈملۈك ئىدى. مەڭزىلىرى قىپقىزىل، چاچلىرى تۈز، تېنى يۇمشاق ۋە سۈزۈك بولۇپ، پاكلىق ۋە سۆيگۈ بىلەن تولغان ئىدى. ئۇنىڭدىن لەززەتلىك مېۋىلەرنىڭ يەرگە تۆكۈلۈشى ئۈچۈن، خورما دەرىخىنى سىلكىشى تەلەپ قىلىنغانىدى، شۇنىڭ بىلەن، ئۇ شېرىن خورما ۋە تاتلىق سۇلاردىن ئېغىز تېگىپ، قەلبى ھۇزۇرغا تولۇپ، كۆڭلى ئارامغا چۈشتى.

ئىنسانلاردىن بىرىنى كۆرسە، الله قا ۋەدە بەرگەنلىكىنى ۋە بۈگۈن ھېچبىر ئىنسان بىلەن سۆزلەشمەيدىغانلىقىنى ئېيتاتتى. قالغىنىنى ئۇ (يەنى ئىسا) بىر تەرەپ قىلاتتى.

مەريەم مەسىھكە مېھرىبانلىق بىلەن قارىدى، ئۇ تېخى بىر قانچە مىنۇت ئاۋۋال تۇغۇلغان بوۋاق بولسىمۇ، ئانىسىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۆز زىممىسىگە ئېلىۋاتاتتى. بۇندىن باشقا ئۇ، بۇندىن كېيىن يوقسۇللارنىڭ دەرتلىرىنىمۇ زىممىسىگە ئالاتتى. مەريەم بوۋاقنىڭ يۈزىگە قاراپ شۇنى ھېس قىلدىكى، ئۇ دۇنياغا ئۇنىڭدىن بىر نەرسە ئېلىش ئۈچۈن ئەمەس، ئۇنىڭغا پۈتۈن نەرسىنى بېرىش ئۈچۈن كەلگەن ئىدى...

سۈرە مەريەم 23 ـ ئايەت.

سۈرە مەريەم 24 ـ 26 ـ ئايەتكىچە.

مەريەم خورما دەرىخىگە قولىنى ئۇزاتتى. قولى تېگەر ـ تەگمەيلا ئالدىغا پاكىزە، تاتلىق خورمىلار تۆكۈلدى. مەريەم قورسىقىنى تويغۇزغاندىن كېيىن بوۋاقنى كىيىمى بىلەن يۆگەپ، قۇچىقىغا ئېلىپ، تاتلىق ئۇيقىغا كەتتى.

پاك مەريەمنىڭ كۆڭلى ھۇزۇر ۋە راھەتكە تولغان بولسىمۇ، زېھنى باشقا بىر نەرسىنى ئويلاپ، يەنە ئەندىشە قىلىشقا باشلايتتى.

ئۇ پەقەت بىرلا ئىشنى ئويلاۋاتاتتى، ئۇ بولسىمۇ ئىسا ئىدى. ئۇ ئۆز ـ ئۆزىدىن: ماڭا يەھۇدىيلار نېمە دەر؟ ئىسا ۋە مېنىڭ ھەققىمدە نېمىلەرنى دېيىشەر؟ ـ دېگەنلەرنى سورايتتى. ھىيلە ـ يالغانچىلىق ۋە ئوغرىلىق بىلەن ياشايدىغان يەھۇدىي موللىلىرىدىن بىرەرى بۇنىڭغا ئىشىنەمتى؟ ئۇلار شۇنچە يىراق ئاسماندىن ئۆزىگە بىر بالا ئاتا قىلىنغانلىقىغا ئىشىنەمتى؟ يالغۇز قېلىش ۋاقتى توشتى. ئۇ خەلقنىڭ يېنىغا قايتىشى كېرەك ئىدى. ئەمما ئىنسانلار نېمىلەرنى دەر؟

مەريەم قايتقىنىدا (قايتىپ كەلگىنىدە)، ئەسىر ۋاقتى بولغان ئىدى. مەسجىدكە بارىدىغان يولدىكى چوڭ بازار، سودا ـ سېتىقنى توگىتىپ غەيۋەت ـ شىكايەت قىلىش ۋە شاراپ ئىچىش ئۈچۈن ئولتۇرغان كىشىلەر بىلەن تولغان ئىدى.

مەريەم بازارنىڭ ئوتتۇرىغا كېلەر ـ كەلمەيلا، ئىنسانلار ئۇنىڭ بىر بوۋاق كۆتۈرۈۋالغانلىقىنى، ئۇنى باغرىغا باسقان ھالدا ئاستا كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

...

بىكارتەلەتلەردىن بىرى سورىدى: بۇ مەريەم ئەمەسمۇ؟ قۇچىقىدىكى بوۋاق كىمنىڭ بالىسى؟

مەستلەردىن بىرى: ئۇ ئۆزىنىڭ بالىسى، بىزنىڭ ئالدىمىزغا قانداق ھېكايىلەر بىلەن كېلىدىغانلىقىنى كېيىن كۆرىسەن، ـ دېدى.

سۆز ئۇنىڭ ئاغزىدىن يەرگە چۈشتى. يەر تونۇگۈن ياققان يامغۇر تۈپەيلىدىن پاتقاق ئىدى. ئەمما بۇ يەردىكىلەرنىڭ ئەقلى پاتقاقتىنمۇ بەكرەك مەينەت ئىدى. يەھۇدىي موللىلىرىنىڭ ئەقلى...

مەريەم سوئال يامغۇرىغا تۇتۇلدى: مەريەم! بۇ كىمنىڭ بالىسى؟ نېمىشقا جاۋاب بەرمەيسەن؟ بۇ ھەقىقەتەن سېنىڭ بالاڭمۇ؟ سەن قىز تۇرساڭ، بۇ بالا نەدىن كەلدى؟...

﴿ئى ھارۇننىڭ ھەمشىرىسى! سېنىڭ ئاتاڭ يامان ئادەم ئەمەس ئىدى، ئاناڭمۇ يولدىن چىققان خوتۇن ئەمەس ئىدى»﴾.[8]

بۇ سۆزدە مەريەمگە ئىپپەتسىزلىك (پاھىشەلىك) تۆھمىتى بار ئىدى. ھەممە ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل، چۈشەنمەستىن، ئېنىقلىماستىن، تەكشۈرمەستىنلا ئۇنىڭغا تۆھمەت چاپلاۋاتاتتى.

[8] سۈرە مەريەم 28 ـ ئايەت.

ياخشى بىر ئائىلىنىڭ قىزى، ئانىسىمۇ پاھىشە ئەمەس تۇرۇپ، قانداقلارچە مۇنداق ئىش يۈز بەردى؟... دەپ ئۇنى ئەيىبلەۋاتاتتى.

ئۇلار پاك مەريەمنى توختىماي قارىلىماقتا ئىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى غۇرۇر ۋە ئانىلىق ھېسسىياتى بىلەن چاقنايتتى. يۈزىدە ئىشەنچ نۇرى پارلايتتى. ئۇ بەكمۇ چارىسىز ئىدى. سوئاللار كۆپەيگىلى تۇردى. ئەمما ئۇ ھېچكىمگە جاۋاب بېرەلمەيتتى. ئاخىرى ئۇ اللە قا تەۋەككۇل قىلىپ، بوۋاقنى ئىشارەت قىلدى. يەنى قولى بىلەن ئىسانى ئىشارەت قىلدى.

ئىنسانلار ھاڭ ـ تاڭ قالدى. ئۇلار مەريەمنىڭ گەپ قىلمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ (ئىسانىڭ) قانداق كەلگەنلىكىنى بوۋاقتىن سورىشنى تەلەپ قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەندى.

كاھىنلار ۋە يەھۇدىيلارنىڭ كاتتىلىرى بىر قانچە كۈن ئاۋۋال دۇنياغا كەلگەن بىر بوۋاقتىن قانداق سوئال سورايدىغانلىقىنى سوراشتى. يۆگەكتىكى بىر بوۋاقنىڭ گەپ قىلىشى مۇمكىنمۇ؟

مەريەمگە:

﴿«بۆشۈكتىكى بوۋاققا قانداق سۆزلەيمىز» دېدى﴾.[1]

ئىسا مۇنداق دېدى:

﴿«مەن ھەقىقەتەن اللە نىڭ بەندىسىمەن، ماڭا كىتابنى بەردى (يەنى ئىنجىلنى بېرىدۇ) ۋە مېنى پەيغەمبەر قىلدى (يەنى قىلىدۇ). قەيەردە بولاي مېنى بەرىكەتلىك قىلدى، ھاياتلا بولىدىكەنمەن، ماڭا نامازنى، زاكاتنى ئادا قىلىشنى تەۋسىيە قىلدى. مېنى ئانامغا كۆيۈمچان قىلدى، مېنى مۇتەكەببىر، شەقى قىلمىدى. مەن تۇغۇلغان كۈنۈمدە، ۋاپات بولغان كۈنۈمدە، تىرىلىپ قەبرەمدىن تۇرغۇزۇلغان كۈنۈمدە (اللە تائالا تەرىپىدىن بولغان) ئامانلىققا ئېرىشىمەن»﴾.[2]

كاھىنلارنىڭ ۋە يەھۇدىي ئالىملىرىنىڭ يۈزلىرى ئىسانىڭ سۆزى تۈگەر ـ تۈگىمەيلا ساغىرىپ تاتىرىپ كەتتى.

كۆزلىرىنىڭ ئالدىدا ئۇچۇقتىن ئۇچۇق بىر مۆجىزىگە شاھىت بولۇۋاتاتتى. بۇ ئاتىسىز دۇنياغا كەلگەن ۋە بۆشۈكتە تۇرۇپ سۆزلىگەن (سۆزلەيدىغان)، اللە نىڭ ئۆزىگە كىتاب بەرگەنلىكىنى ۋە ئۇنى پەيغەمبەر قىلغانلىقىنى ئېيتقان بىر بوۋاق ئىدى. بۇ ئۇلارنىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ يىقىلىش ئالدىدا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرەتتى. بۇ بالا چوڭ بولغاندا ئۇلارنىڭ ھەممىسى كېرەكسىز بولۇپ قالاتتى. ھېچقايسىسى ئىنسانلارغا ئۆزلىرىنىڭ «كەچۈرۈم»لىرىنى ساتالمايدىغان، ئۆزىنى كۆكنىڭ يەردىكى ۋەكىلى ياكى دىنىنى بىلىدىغان بىردىنبىر كىشى ساناپ، ئۇلارغا (يەنى كىشىلەرگە) زورلۇق قىلالمايدىغان بولۇپ قالاتتى.

[1] سۈرە مەريەم 29 ـ ئايەت.
[2] سۈرە مەريەم 30 ــ 33 ـ ئايەتكىچە.

يەھۇدىي كاھىنلىرى بۇ بالىنىڭ تۇغۇلۇشى بىلەن ئۆزلىرىگە كەلگەن شەخسىي تىراگېدىيىنى ھېس قىلىشتى. مەسىھ ئىبنى مەريەمنىڭ دۇنياغا كېلىشى ئىنسانلارنى يالغۇز الله قا ئىبادەت قىلىشقا قايتۇرۇش ئۈچۈن بولۇپ، بۇ، شۇ چاغدىكى يەھۇدىي دىنىنىڭ يوق بولۇشى دېگەنلىك ئىدى. مۇسانىڭ ئۆگەتكەنلىرى بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ ئىش - ھەرىكىتى ئارىسىدا ئاسمان - زېمىن پەرق شەكىللەنگەن ئىدى.

يەھۇدىي راھىبلىرى ئىسانىڭ تۇغۇلۇش ۋەقەسىنى ۋە بۆشۈكتە تۇرۇپ سۆزلىشىنى يوشۇرۇپ، پاك مەريەمگە تۆھمەت چاپلاشتى. ئۇنىڭ يۆگەكتە تۇرۇپ سۆزلىگەنلىرىنى ئۆز قۇلاقلىرى بىلەن ئاڭلاپ تۇرۇپ، مەريەمنى پاھىشە دەپ قارىلىدى. ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتتى. يەھۇدىيلارنىڭ يوشۇرغانلىقىغا قارىماي، ئىسانىڭ تۇغۇلۇش ۋەقەسىنىڭ خەۋىرى رىم ھۆكۈمدارى ھېرودۇسقا يەتتى. ئۇ، رۇملۇقلار تەرىپىدىن يەھۇدىيلارغا پادىشاھ قىلىپ تەيىنلەنگەن ھۆكۈمدار ئىدى. لېكىن ئۇ رۇم ھۆكۈمدارلىقىنىڭ سادىق غالچىسى ئىدى. ئۇ پەلەستىنلىكلەرنى ۋە يەھۇدىيلارنى قىلىچ كۈچى، ئۆلتۈرۈش، خائىنلارنىڭ ياردىمى ۋە زورلۇق بىلەن بويسۇندۇرغان ئىدى.

...

ئاتىسىز تۇغۇلغان، بۆشۈكتە تۇرۇپ سۆزلىگەن ۋە رىم ھۆكۈمدارىغا تەھدىت سالغان، شۇنداقلا ھېرودۇسنىڭ تەختىنى تەۋرىتىدىغانلىقىنى ئېيتقان بوۋاق ھەققىدىكى ئېنىقسىز خەۋەرلەر يېتىپ كەلگەندە، ئۇ سارىيىدا شاراپ ئىچىۋاتاتتى. رۇملۇق ھۆكۈمدار ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ، خەۋەر يەتكۈزگەن كىشىگە قەدەھنى پىرقىرىتىپ ئاتتى. قوماندانلىرىنى ۋە جاسۇسلىرىنى دەرھال چاقىرتىپ يىغىن ئاچتى. غەزەپتىن يۈزى قارىداپ كەتكەن ھېرودۇس جاسۇسلىرىغا قاراپ: بۆشۈكتە تۇرۇپ سۆزلەيدىغان بوۋاقنىڭ يېڭى خەۋىرى بارمۇ؟ - دەپ سورىدى. خەۋەرنىڭ يالغانلىقى ئېنىقلاندى. جاسۇسلارنىڭ باشلىقى جاۋاب بېرىپ: «ئالىيلىرى بوۋاق ھالىتىدە سۆزلەپ مۆجىزە كۆرسەتكەنلىكى ھەققىدە سۆز - چۆچەك ئاڭلاپ ئادەملىرىمىزنى ئۇنى ئىزدەشكە ئەۋەتتۇق. لېكىن ئۇ تېپىلمىدى. تەكشۈرۈشىمىزگە قارىغاندا، ۋەقە مۇبالىغە قىلىنغان» دېدى

جاسۇسلارنىڭ كىچىكرەكى مۇنداق دېدى: «رەسمىي خەۋەر مەنبەلىرىدىن قارىغاندا، زەردۇشت (ئاتەشپەرەسلەر) ئۆلىمالىرىدىن ئۈچ كىشى ئاسماندا نۇرلۇق كۆرۈنگەن بىر يۇلتۇزغا ئەگىشىپ مېڭىپتۇ. بۇ يۇلتۇز مۆجىزىلىك ھالدا بىر بالىنىڭ يەنى قەۋمنى قۇتقۇلدۇرىدىغان بىر بالىنىڭ تۇغۇلىشىنىڭ ئىشارىتى ئىكەن.»

- قەۋمنى كىمدىن قۇتقۇلدۇرىدىكەن؟ - دەپ سورىدى ھېرودۇس.

- ئادەملىرىمىز بۇنى بىلەلمىدى، ئۈچ كىشى يوقاپ كېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ نەگە يوقاپ كەتلەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن. - دېدى جاسۇس.

- قانداق يوقاپ كېتىدۇ. بۇ بالىنىڭ ھېكايىسى زادى قانداق گەپ؟ رىمغا قارشى مەخپىي بىر پىلان بارمۇ قانداق؟ - دېدى ھۆكۈمران. ھۆكۈمران رىمنى تىلغا ئېلىپلا تېخىمۇ

ھاياجانلاندى ۋە: ئۇ ئۈچ ئۆلما بىلەن بالىنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، ۋەقەنى تولۇق بىلىپ كېلىڭلار! ھۇ نان قېپلار. مەسىلە باراغانسېرى سىرلىق بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. ـ دەپ ۋاقىردى.

ـ بۇ، يەھۇدىيلارنىڭ چۈشى بولۇشى مۇمكىن. ـ دېدى جاسۇس باشلىقى. ھۆكۈمران: ئەگەر بۇ بالىنىڭ ۋەقەسىنى تولۇق بىلىپ كېلىشمىسەڭ، ھەممىڭنىڭ كاللىسى كەپتەرنىڭ بوينىدەك ئۈزۈپ تاشلىنىدۇ. بۇ نېمە قالايمىقانچىلىق؟ يوقىلىش! ـ دېدى.

ھۆكۈمران ئادەملىرى ۋە جاسۇسلىرى كەتكەندىن كېيىن، بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئويلىنىشقا باشلىدى. ۋەقەنىڭ ئۆزى ئەندىشىگە سالغانلىقى ئېنىق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا ئىنسانلارغا يېڭى بىر دىنىنىڭ كېلىشى مۇھىم ئەمەس ئىدى. مۇھىم بولغىنى، ئۆزى ۋەكىللىك قىلىۋاتقان رىمنىڭ سەلتەنىتى ئىدى. ئۇ بۇ مەسىلىنى سوراش ئۈچۈن يەھۇدىي كاھىنلىرىنىڭ ئەڭ چوڭىنى چاقىرىشنى قارار قىلدى ۋە خۇسۇسىي سەركەردىسىنى ئۇنى چاقىرىشقا ئەۋەتتى. بىر سائەتتىن كېيىن يەھۇدىي كاھىنلىرىنىڭ چوڭى يېتىپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا ئېگىلىپ تۇردى.

ـ ئى كاھىن! مېنى ئەنسىرىتىۋاتقان بىر مەسىلە ھەققىدە سەن بىلەن سۆزلەشمەكچىمەن، ـ دېدى ھۆكۈمران.

ـ ئالىيلىرىنىڭ خىزمىتىگە تەييارمەن، ـ دېدى كاھىن.

ـ يېڭى تۇغۇلغان ۋە بۆشۈكىدە تۇرۇپ سۆزلەيدىغان بالا ھەققىدە ھەرخىل خەۋەرلەرنى، ئۇنىڭ ئۆز مىللىتىنى قوتقۇزىدىغانلىقىنى ئېيتقانلىقىنى ئاڭلىدىم. بۇ ھېكايىنىڭ ھەقىقىتى نېمە؟ ـ دەپ سورىدى ھۆكۈمران. سورالغان سوئالدا بىر تۇزاق بارلىقىنى ئويلىغان كاھىن:

ـ ئالىيلىرى يەھۇدىي دىنىغا قىزىقىپ قاپتىغۇ؟ ـ دېدى.

ـ مەن رىمنىڭ سەلتەنىتىدىن باشقا ھېچ نەرسىگە قىزىقمايمەن.... ئى كاھىن! سوئالىمغا جاۋاب بەر. ـ دېدى غەزەپلەنگەن ھۆكۈمران.

بۇ كاھىن ئىسانىڭ بۆشىكىدە گەپ قىلغانلىقىنى كۆرگەن ئىدى. ئەمما بۇنى بۇ يەردە دېسە، بېشىغا بالا كېلىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا يېرىم يالغان ئېيتىشنى توغرا تاپتى. ھۆكۈمرانغا ۋەقەنى ئاڭلىغانلىقىنى، ئەمما ئۆزىنىڭ بۇ ئىشتىن شۈبھىلەنگەنلىكىنى ئېيتتى.

ھۆكۈمران: سىلەرنىڭ دىنىڭلاردا مىللىتىڭلارنى قۇتقۇزىدىغان بىرىنىڭ كېلىدىغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر بارلىقى راستمۇ؟ ـ دەپ سورىدى ھەيرانلىق بىلەن.

ـ راست، ئالىيلىرى، ـ دېدى كاھىن.

بۇنىڭ رىم دۆلىتىنىڭ بىخەتەرلىكىگە قارشى مەخپىي بىر تۈزاق ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ بۇنىڭ بىر خىيانەت ئىكەنلىكىدىن خەۋىرىڭ بارمۇ؟ - دېدى ھۆكۈمران. كاھىن ئارقىغا چېكىنگەن ھالدا:

- ئالىيلىرى! ئاددىي بىر ئىزاھات بېرىشىمگە رۇخسەت قىلىشىلىرىنى سورايمەن. بۇ خەۋەر كونا بولۇپ، خەلق نەچچە ئەسىر بۇرۇن بابىلدا ئەسىرگە چۈشكەن ۋاقىتتا ئوتتۇرىغا چىققانىدى. - دېدى.

- ھازىر بۇ خەۋەرگە ئىشىنىدىغانلار بارمۇ؟ سەن شەخسەن بۇنىڭغا ئىشىنەمسەن؟ ئاتىسىز تۇغۇلغانلىقى سۆزلەنگەن بۇ بالىنى كۆردۈڭمۇ؟ - دېدى ھۆكۈمران.

- ھۆكۈمران ئالىيلىرى! ئىنساننىڭ ئاتىسىز تۇغۇلىشىغا ئىشەنگىلى بولارمۇ؟ بۇ خەلقنىڭ خىيالىدىن ئىبارەتتۇر _ خالاس! - دېدى كاھىن.

- ھۆكۈمرانلارنى خەلقنىڭ خىيالىدىن باشقا ھېچقانداق نەرسە قورقىتالمايدۇ. ئى كاھىن! ھەرقانداق بىر خەۋەر ئاڭلىساڭ، ئۇنى ئايالىڭغا دېيىشتىن بۇرۇن ماڭا يەتكۈز! - دېدى ھۆكۈمران. كاھىننىڭ كېتىشى بىلەن ھىرودوس خىيالغا پاتتى. ئەگەر بۇ كاھىن يالغان سۆزلىگەن بولسىچۇ؟ ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن يالغانچىلىق چىقىپ تۇراتتى. ئۇ بۇ كۆزلەرنى تونۇيتتى. چۈنكى ئۆزىمۇ يالغان سۆزلەيتتى. ئۇنىڭدىن باشقا يۇلتۇزلارغا ئەگىشىپ ماڭغان ئۈچ ئۆلىمانىڭ ھېكايىسىچۇ؟ رىمنىڭ خەۋىرىسىز مەخپىي پىلان بارمۇ - يا؟

ھۆكۈمران قوماندانلىرىنىڭ چوڭىغا بۇ ھېكايىنى كۆرگەن - ئاڭلىغانلارنىڭ ھەممىسىنى تۇتۇشنى، بالا تۇغقان پاك قىزنى ئىزدەپ تېپىشنى، بۇ مەزگىلدە تۇغۇلغان بارلىق بوۋاقلارنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىنى بۇيرىدى.

مەريەم پەلەستىندىن مىسىرغا كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئالدىنقى كېچە، ئۇ بۇرۇن پەقەتلا كۆرۈپ باقمىغان بىر كىشى ئۇنىڭغا سالام بېرىپ، ئاندىن مۇنداق ئەمر بەرگەنىدى:

- ئى مەريەم! بالاڭنى ئېلىپ مىسىرغا بارغىن!

- نېمىشقا؟ يالغۇز قانداق بارالايمەن؟ ياكى مەن يولنى بىلمىسەم؟ - دېدى قورققان مەريەم.

- سەن كېتىۋەرگىن، اللە نىڭ ياردىمى سېنىڭ بىلەن بىرگىدۇر. رىملىق ھۆكۈمران ئوغلۇڭنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن سىلەرنى ئىزدەۋاتىدۇ. - دېدى ناتونۇش كىشى.

- قاچان يولغا چىقاي؟ - دېدى مەريەم.

- ھازىرلا.... ھېچ نەرسىدىن قورقمىغىن. چۈنكى سەن كاتتا بىر پەيغەمبەر بىلەن ماڭىسەن. پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنى قەۋملىرى يۇرت ماكانلىرىدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ. بۇ،

ھايات قانۇنىيەتلىرىدىن بىرى. يامانلىق مەلۇم مەزگىلگىچە كائىناتتىكى ئەڭ پاك كىشىنى قوغلىشى مۇمكىن. ئەمما كېيىن ياخشىلىق ئۆز ئەسلىگە قايتىدۇ.

- ئى مەريەم! يولغا چىققىن! - دېدى ناتونۇش كىشى. مەريەم مىسىرغا قاراپ يولغا چىقتى.

ئۇ، مىسىرغا ماڭغان بىر كارۋان بىلەن بىرلىكتە سىنا چۆلىدىن ئۆتتى. ئۇ ئىسانى كۆتۈرگەن ھالدا، ئۇنىڭدىن ئاۋۋال مۇقەددەس ئوت كۆرۈنۈپ، تۇر تېغىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن چىققان ئاۋازغا قاراپ ماڭغان مۇسانىڭ يولى بىلەن ماڭدى.

ئۇزۇن ۋە جاپالىق سەپەردىن كېيىن مىسىرغا يېتىپ كەلدى. مىسىر دۆلىتىنىڭ باياشاتچىلىقى، خەلقىنىڭ مېھماندوستلىقى، قەدىمىي مەدەنىيىتى ۋە ساپ ھاۋاسى بىلەن ئىسانىڭ ئۆسۈپ - يېتىلىشىگە ئەڭ مۇۋاپىق يەر ئىدى.

ئىسا بوۋاقلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك دەۋرىنى مىسىردا ئۆتكۈزدى. كېيىن مەريەمگە پەلەستىندىن ئايرىلىشنى بۇيرىغان ھېلىقى ناتونۇش كىشى يەنە كېلىپ، بۇ قېتىم پەلەستىنگە قايتىشنى بۇيرىدى. ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

- ئى مەريەم! زالىم ھۆكۈمدار ئۆلدى. ئوغلۇڭنى ئېلىپ قايتقىن. ئۇنىڭ تەختىگە چىقىش ۋاقتى كەلدى. ئۇنىڭ تەختى يۇقسۇللارنىڭ ۋە ياخشى كىشىلەرنىڭ مەركىزى بولغۇسى. قايتقىن مەريەم!

مەريەم قايتتى.

ۋاقىت ئىئوردان دەرياسىنىڭ سۈيىدەك ئېقىپ، ئىسا ياش يىگىتكە ئايلاندى. ئىسا يەھۇدىي ئىبادەتخانىسىغا بېرىش ئۈچۈن ئۆيىدىن چىقتى. بۇ شەنبە كۈنى ئىدى. شەنبە كۈنى يەھۇدىيلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۆيىدە بولمايتتى. ھەتتا ئايالنىڭ خېمىر يۇغۇرىشى، كۈچۈكنى يۇيۇشى ۋەياكى ياش قىزلارنىڭ چېچىنى ئۆرۈشمۇ مەنئىي قىلىنغان ئىدى.

ھەزرىتى مۇسا ئۇلارغا شەنبە كۈنىگە ھۆرمەت قىلىشنى ۋە بۇ كۈننى الله قا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ئايرىشنى بۇيرىغانىدى.

شەنبە كۈنىگە قىلىنغان ھۆرمەتنىڭ ھېكمىتى يوقاپ، شەنبە كۈنىنىڭ ئۆزى مەنىسى غۇۋا نەرسىلەرگە تەدبىقلىنىدىغان بىر ئۆلچەم بولغان ھالىتىلا قالدى. بۇ كۈن يەھۇدىيلار ئۈچۈن مۇقەددەس كۈنگە ئايلاندى. بۇ كۈننى يوقىلاڭ ئادەت ۋە شەكىلۋازلىقتىن شەكىللەنگەن تىكەنلىك سىملار بىلەن چىرمىدى. ئۇلار پۈتۈن كۈچى بىلەن بۇ كۈننى قوغداشقا تىرىشتى. چۈنكى، ئۇلار ئۆمىدلىرى ئۈزۈلگەندە، ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ پەقەت بىرلا غايە ئۈچۈن تاللانغانلىقىغا ئىشەنگىنىدەك، بۇنىڭ (بۇ قائىدىنىڭ) الله ئىنسانىنى يارىتىشتىن ئاۋۋال ئاسماندا قوغدالغانلىقىغا ئىشىنەتتى. بۇ دەل شەنبە كۈنىنىڭ قائىدىسىنى قوغداش ئىدى. ئۇلار بۇنى ھېچقانداق ئۆزگەرتمەستىن ساقلاپ قالغانلىقى بىلەن ماختىناتتى. ھەتتا بۇ ئۆرۈشتا ئۇلارنىڭ يېڭىلىشىگە ۋە ئەسىرگە چۈشۈپ قېلىشىغا

سەۋەبچى بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بۇنى بۇ خىل قوغدىشى نۇرغۇن چەكلىمىلەرنى يولغا قويۇشقا سەۋەبچى بولدى. «يەھۇدىي ئالىي كومىتېتى» شەنبە كۈنى ئۇچۇن يۈزلەرچە مەسىلىنى (ئىشنى) ھارام قىلىپ، يېڭى ئەمر ۋە چەكلىمىلەرنى تۈزۈپ چىقتى.

شەنبە كۈنى يالغان چىش تاقاش، كېسەلنىڭ جاراھىتىنى تېڭىش ياكى مەلھەم سۈرۈش ۋە ياكى دوختۇر چاقىرىش، ھەتتا ئىككى تال ھەرىپ يېزىش، ئۆزىنى ئاقلاش ۋە ئورما ئورۇپ خامان تېپىش، ئۆيدىن تېشىغا بىرنەرسە توشۇش. شەنبە كۈنى يولغا چىققان ھەرقانداق يولۇچىنىڭ 2000 يارد (1820 مېتىر) تىن يىراققا بېرىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ھارام قىلىنغان ئىدى. دىن قوغدىغۇچىلار مەۋجۇدىيەتنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ غايىسىنىڭ دىنىنى قوغدايدىغان تىكەنلىك سىملارنى قۇرۇش ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى. ئەسلىدە چەكلىمىلەرنىڭ ۋە قانۇنلارنىڭ كۆپلىكى بۇزۇقلۇقنىڭ كۆپلىكى ۋە ياكى ئەڭ ئاددىي شەرتلەردە ئۇنىڭغا ياردەمچى بولۇشنى كۆرسىتەتتى. ھەر چەكلىمە ياكى بىر ئىش ھارام قىلىنغاندا، ئۇنىڭ بىلەن تەڭلا ئۇنىڭغا قارشى چارە، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ۋە ئۇنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئۈچۈن بىكار قىلىش ئۇسۇلى ئوتتۇرىغا چىقاتتى. بۇنىڭ بىلەن، ئۇلارنىڭ ھاياتى ئۇنى قوغداشتىكى شەكىلۋازلىق بىلەن ئىش ـ ھەرىكەت، مۇئامىلىلەردىكى ساختىپەزلىكتىن شەكىللەنگەن غەلىتە، ئىككى يۈزلىمچى ھاياتقا ئايلانغان ئىدى.

فىرىسىيىلەر ئەسلىدە شەرىئەتنى يۈرگۈزۈشكە مەسئۇل ۋە كۆپلىگەن ھۆجەتلەردىن خەۋەردار تۇرۇقلۇق، ئۇلارنىڭ پۇرسىتى كەلسە، شەرىئەتنىڭ ھۆكۈملىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ھىيلە توقۇشقا ھەرزامان تەييار ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۆتىمىز. بۇ مۇۋاپىق پۇرسەت شەرىئەت ئۇلارنىڭ شەخسىي مەنپەئەتلىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالغاندا ياكى يانچۇقىغا كىرىش ئالدىدىكى ھارام پۇلغا توسقۇنلۇق قىلىنغاندا ئوتتۇرىغا چىقاتتى. مەسىلەن، ھەرقانداق يولۇچىنىڭ شەنبە كۈنى 2000 ياردىن يىراققا بارماسلىقى شەرىئەتتە بەلگىلەنگەن قائىدە ئىدى. فىرىسىيىلەر شەنبە كۈنى 2000 ياردىن يىراق يەردىكى زىياپەتكە بېرىش ئۈچۈن قانداق ئامال تاپاتتى؟ ئۇلار جۈمە كۈنى ئاخشىمى بەزى يېمەكلىكلەرنى ئۆيلىرىدىن 2000 يارد يىراقلىقتىكى بىر يەرگە قويۇپ قوياتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ يەردىن يەنە 2000 يارد يىراقلىققا بارغىلى بولىدىغان يالغان قارارگاھ پەيدا قىلاتتى. بۇ ئۇسۇل بىلەن خالىغان يەرلىرىگە بارالايتتى. يەنە مەسىلەن، شەنبە كۈنى ھەرقانداق نەرسىنى ئۆيدىن تالاغا توشۇش ھارام دېگەن پەتىۋادىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يەنە بىر چارە تېپىشتى. پۈتۈن شەھەرنىڭ ھەممە كوچىلىرىغا ئىشىك، دېرىزە راملىرى بىلەن كىچىك ئورۇندۇقلارنى قويۇپ قوياتتى. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن شەھەر نەرسە كېرەك توشۇشقا ۋە ئىختىيارى ھەرىكەت قىلىشقا بولىدىغان يوغان ئۆيگە ئايلىناتتى.

ئۇلارنىڭ شەرىئەت بىلەن ئوينىشىشى ھەققىدە يەنە بەزى مىساللار بېرەيلى: (ئۇلار تېخى شەرىئەتنىڭ قوغدىغۇچىلىرىمىش.) مۇسانىڭ شەرىئىتىدە ياشىنىپ قالغان، ئاجىز

---

[8] ئەينى ۋاقىتتىكى يەھۇدىيلارنىڭ ئۈچ چوڭ پىرقىسىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇلار ھەزرىتى مۇسانىڭ تەلىماتلىرىغا ئەڭ تولۇق ئەمەل قىلغۇچىلار ئىدى.

ئاتا ـ ئانىغا ئوغۇلنىڭ قارىشى شەرت ئىدى. لېكىن فىرىسىيىنلەر ئاتا ـ بالىلارنىڭ بۇ مەسئۇلىيەتتىن قېچىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بېرەتتى. ئاتا ـ ئانىسى ئوغلىدىن پۇل، ياردەم تەلەپ قىلغاندا ئوغۇللار كاھىنلار بىلەن پۈتۈن مال ـ مۈلكىنى ئىبادەتخانىغا ۋەقپە قىلىپ بېرىۋەتكەن بولۇپ پۈتۈشەتتى. بۇنداق قىلغاندا، ئاتا ـ ئانىسىغا ھېچ نەرسە بەرمەيدىغانغا بانا چىققاتتى. ئاتا ـ ئانىسى ئوغلىنىڭ ئۆزلىرىگە ياردەم قىلىشىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئوغۇللىرى كاھىنلارغا مەلۇم نىسبەتتە پۇل بېرىپ مال ـ مۈلكىنى قايتۇرۇۋالاتتى. ۋەقپە قىلىش پەقەتلا بىر شەكىلۋازلىق بولۇپ ئۇنىڭ ئەسلى ماھىيىتىدىن ئەسەر قالمىغان ئىدى( ماتتا ئىنجىلى ).

بۇنداق نومۇسسىز پىكىرلەر تۆپەيلىدىن يەھۇدىيلارنىڭ ماڭغان ھەر قەدىمىدە كىبىرلىك ۋە شەكىلۋازلىق بار ئىدى. پاكلىق ئۈچۈن يەتتە دەرىجە بار بولۇپ، تاماق يېيىشتىن ئاۋۋال قولىنى يۇيۇش بىلەن 26 دۇئا ئوقۇش كېرەك ئىدى. بۇ دۇئالارنى ئوقۇمىغان كىشى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان ياكى مەڭگۈلۈك ھاياتتىن مەھرۇم بولغانغا ئوخشاش ھېسابلىناتتى.

”تالمۇت“ تا (تالمۇت ـ تەۋرىتتىن كېيىن يېزىلغان تەپسىر شەرھى ۋە قوشۇمچە ئىزاھات قامۇسى) يۇيۇش ۋە پاكىزلىق ئىشلىرى كىشىنى ھەيران قالدۇرغىدەك دەرىجىدە مەخسۇس تۆت باپ ئايرىلغان ئىدى. بۇ قورقۇنچلۇق مەجبۇرلاش قەلبتىكى بۇزۇقلۇقنىڭ بەدىلى ئىدى. دېمەككى، يەھۇدىي جەمئىيىتى ئىچىدىن بۇزۇلغان جەمئىيەت بولۇپ، بۇ جەمئىيەتتە مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر نىفاق (بۆلۈنمىچىلىك) كەڭ تارقالغان ئىدى. ئىنسانلار گەرچە شەرىئەتنىڭ پۈتۈن پرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلىسمۇ، ئەمما زېھنلىرىگە، قەلبىگە خۇراپاتلىق، يالغانچىلىق سىڭىپ كەتكەن، دىللىرى يامانلىق ۋە نەپرەتكە تولغان ئىدى.

...

ئىسا ئىبادەتخانىغا قاراپ ماڭدى.

ئەتراپتىكى ئىنسانلار كوچىلاردا رەڭدار، ئېسىل كىيىملىرىنى كىيىشىپ مەغرۇر يۈرۈشەتتى. ئىسا بولسا، ئاق يۇڭدىن توقۇلغان كىيىم بىلەن كېتىۋاتاتتى. مۇرىسىگە چۈشۈپ تۇرغان يۇمشاق چاچلىرى سىم ـ سىم يامغۇر سۈيىدە نەمدەلگەندەك كۆرۈنەتتى. باسقان ئىزلىرىدىن مېھرىبانلىق پۇراق كېلەتتى. قوپال يۇڭدىن توقۇلغان كىيىمى رىم ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ۋە ئىبادەتخانىدىكى كاھىنلارنىڭ كىيىمىدىنمۇ چىرايلىق كۆرۈنەتتى. ئۇ كۈنى گەرچە شەنبە كۈنى بولسىمۇ، ئىسا بىر باغچىنىڭ مېۋىسىدىن ئىككى تال ئۈزۈپ، قورسىقى ئاچ، يوقسۇل بىر بالىغا بەردى. بۇ ئىش يەھۇدىيلار ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئېتىقادىغا قارشى چىقىش ھېسابلىناتتى. ئىسا ھەقىقىي ئېتىقادنىڭ كۆرۈنۈشتىكى ساختىلىق ئەمەس، بەلكى سەمىمىيلىك ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ شەنبە كۈنى مېۋىلەرنىڭ پوستىنى سويۇپ ئىنسانلارغا يېگۈزەتتى. ئاجىز ۋە مىسكىنلەرنىڭ سوغۇقتا توڭلاپ قالماسلىقى

ئۈچۈن ئوت ياقاتتى. يەھۇدىي ئىبادەتخانىلىرىغا بېرىپ، كاھىنلار ۋە باشقا ئىنسانلار ئۈستىدە كۆزىتىش ئېلىپ بېرىپ، ئۇلار ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزەتتى.

ئىسا ئىبادەتخانىغا كىرىپ، ئىچىگە نەزەر تاشلىدى. تاملار خۇشپۇراق سەندەل ياغىچىدىن ياسالغان، پەردىلەر ئالتۇن يىپلار بىلەن قىممەتلىك رەختلەردىن توقۇلغان ئىدى. تورۇسلارغا ئېسىلغان كۈمۈش شامدانلاردىكى شاملارنىڭ نۇرى ئەتراپنى يورۇتۇۋاتقان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ قەلبى يەنىلا قاراڭغۇلۇق بىلەن قاپلانغان ئىدى.

ئىسا بۇ يەردىكى يېگانە نۇرغا ئوخشايتتى. الله ئۇنىڭ كۆپ ساندىكى نامرات، كەمبەغەل مىسكىنلەرگە بۇ نۇرنى يېيىشنى تېخى بۇيرىمىغان ئىدى. ئىسا ئىبادەتخانا ئىچىدە نەگىلا قارىسا، كاھىنلارنىلا كۆرەتتى. ئىسىملىرى تىزىمغا ئېلىنغان يىگىرمە مىڭ كاھىن ئىبادەتخانا خەزىنىسىدىن مائاش ئالاتتى. ئىبادەتخانىنىڭ ھۇجرىلىرى يىغىن ئېچىۋاتقان مىڭلارچە كاھىنلار بىلەن تولغان ئىدى. بۇلار بېشىغا يۇڭلۇق قالپاق، ئۈچىسىغا دىنىي كىتابلارنى قويىدىغان يوغان يانچۇقلۇق پەرىجىلەرنى كەيگەن لاۋىيلەر ئىدى. يەڭلىرى ئالتۇن يىپلاردىن كەشتىلەنگەن، كەڭرى ۋە زەڭگەر رەڭلىك كىيىم كىيگەنلەر بولسا، فىرىسىيلەر ئىدى. ئاق كىيىم كىيگەنلەر ھەيكەلگە مەسئۇل خادىملار، باشقىلىرى بولسا، ساددۇقىلار ئىدى. ئۇلار ھۆكۈمەت بىلەن كېلىشكەن ۋە بۇ كېلىشىم يولى بىلەن باي بولغان ئاق سۆڭەك روھانىيلار گۇرۇھى ئىدى. ئىسا ئىبادەتخانىنى زىيارەت قىلغانلارنىڭ سانىنىڭ روھانىيلار ۋە دىنىي زاتلاردىن ئاز ئىكەنلىكىنى بايقىدى. ئىبادەتخانا ئۇ يەرگە زىيارەتكە كەلگەنلەرنىڭ الله قا قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن سېتىۋالغان قۇشقاچ ۋە كەپتەرلەر بىلەن تولغان بولۇپ، بۇ ھايۋانلار قۇشخانىنىڭ تېشىدا. ئىبادەتخانىنىڭ ئىچىدە بوغۇزلىناتتى. ئىبادەتخانىنىڭ ئىچىدە ھەر قەدەمدە پۇل تەلەپ قىلاتتى. بۇ زاماندا ئىنسانلار چوقۇنىدىغان بىردىنبىر نەرسە پۇل ئىدى. ماددىي باياشاتچىلىق ياكى بايلىق پۈتۈن ئىنسانلار قوغلىشىدىغان بىردىنبىر نىشان بولۇپ، بۇ ھەقتە مەيلى دىنىي زاتلار ياكى باشقىلار بولسۇن، ھەممىسى ئوخشاش ئىدى. سادۇقىلار ۋە فىرىسىيلەر ئاتا قىلىنغان قۇربانلىقلار بايلار تەرىپىدىن سۇمۇرۇۋېلىنىدىغان بۇ بازارنىڭ ئىچىدە ئۆزىنى تەلەيلىك سانىشاتتى. سادۇقىلار ۋە فىرىسىيلەر كۆپ چاغلاردا شەرىئەتنىڭ چوڭ مەسىلىلىرى ھەققىدە تارتىشاتتى. كۈندىلىك قىلىنىدىغان قۇربانلىقلار ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان ماللارنى ئېلىپ كېلىش ھەققىدىكى مۇنازىرە بۇنىڭ بىر مىسالى ئىدى.

فىرىسىيلەر: بۇ قۇربانلىق ماللارنى ئىبادەتخانىنىڭ پۇلى بىلەن سېتىۋېلىش كېرەك. ـ دەپ قارايتتى. لېكىن، سادۇقىلار بولسا، ئىبادەتخانىنىڭ پۇلىنى ئۆزلىرىنىڭ ھەققى دەپ ھېسابلاپ، قۇربانلىقلارنىڭ باشقا ياردەم پۇللىرى ئارقىلىق سېتىۋېلىنىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرەتتى.

بۇنىڭ بىلەن بىرگە، فىرىسىيلەر قۇربانلىقلارنىڭ قۇشخانىدا كۆيدۈرۈلۈشى كېرەكلىكىنى ئېيتاتتى. سادۇقىلار بۇ قۇربانلىقلارنى ئۆزلىرى ئېلىۋالاتتى. تالمۇتتا

ئېيتىلىشىچە، ساددۇقىلار ئۆزىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى دۇكانلاردا سېتىش جەريانىدا كەپتەر قۇربانلىق قىلىدىغان سەۋەبلەرنى كۆپەيتىشكە نىيەت قىلدى. ئاخىرىدا، بىر كەپتەرنىڭ باھاسى بىر قانچە دىنارغا چىقتى. سادۇقىلارنىڭ بېيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن فىرىسىيىنلەر شەيخلەردىن سىمان ئىبنى ئال مالائىلنى مەجبۇرلاپ، كەپتەر قۇربانلىق قىلىش سەۋەبلىرىنى ئازايتىش توغرۇلۇق پەتىۋا بەرگۈزدى. شۇنىڭ بىلەن، كەپتەرنىڭ باھاسى چارەك دىنارغا چۈشتى. بۇ، ئۇلارنىڭ بولۇپمۇ، ئۇلارنىڭ باشلىقلىرىنىڭ ئوغۇللىرى ئىگىدارچىلىقىدىكى كەپتەر ياكى كەپتەر دۇكانلىرىغا ئېغىر دەرىجىدە زەربە بولدى.

ئىسا ئەتراپقا قاراپ، كاھىنلارنىڭ قۇربانلىق سېتىۋاللىمغان نامراتلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنى دەسسەپ چەيلەۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئىسا خىيالغا پاتتى. ئۇلار نېمە ئۈچۈن مالالارنى كۆيدۈرۈپ، گۆشلىرىنى كۆلگە ئايلاندۇرىدىغاندۇ؟

قۇربانلىق قىلىنىدىغان يەرنىڭ تېشىدا ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىۋاتقان مىڭلارچە نامراتلار بار ئىدى. ئۇلار نېمە ئۈچۈن: قۇشخانا قانلارغا بويۇلۇپ قۇربانلىقلار كاھىنلارنىڭ ئۆيلىرىگە ۋە دۇكانلارغا كەلسە الله رازى بولىدۇ، ـ دەپ ئويلىغانمىدۇ؟ نېمىشقا قۇربانلىق مالالارنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن نامراتلارنىڭ قەرز پۇل ئېلىشى كېرەك بولۇپ قالدى؟ نېمە ئۈچۈن پەقەتلا كاھىنلار باققان مالالارنىلا قۇربانلىق قىلىش كېرەك بولىدۇ؟ بۇ پۇللارنى كاھىنلار نېمىگە خەجلەيدىغاندۇ؟ ئەڭ قىزىقارلىقى، ئىبادەتخانىدا كەمبەغەللەرگە يەر يوقمۇ؟ بۇ يەردىكى ھەممە كىشى پۇلى بار بايلار ئىدى. ئىنسانلارنىڭ الله نىڭ ئۆيىگە مال ـ دۇنيا بىلەن كىرىشى غەلىتىلىك ئەمەسمۇ؟

ئىسا ئىبادەتخانىدىن چىقىپ، شەھەر سىرتىدىكى تاغقا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى ھەقىقەت ئۈچۈن ئوت بولۇپ يېنىۋاتاتتى. زەئىپ، ئەمما پاك يۈزىدىن دۇنيانىڭ ئەسكىلەر بىلەن تولغانلىقىغا ئازابلانغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئىسا، ناسىرا تۆپىلىكىدە تۇرۇپ ناماز ئوقىدى. ئۇ خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە ھۆركىرەپ يىغلاپ كەتتى. يەردىكى سۇسسىزلىقتىن ئۆلۈپ قالغان بىر تال گۈل ئۇرۇقى ئۇنىڭ تۆكۈلگەن كۆز ياشلىرىدىن بىخلىنىپ ئېچىلدى. ئىساغا كېيىن دەۋىتى بىلەن ئىنسانلارنى قۇتقۇزۇش تەغدىر قىلىنغىنىدەك گۈل ئۇرۇقىنىمۇ ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى قۇتقازدى. بۇ مۇبارەك كېچىدە ئىككى مۇبارەك پەيغەمبەرنىڭ روھلىرى دۇنيادىن ئېلىندى. بۇلار يەھيا بىلەن زەكەرىيا ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ھۆكۈمرانلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ روھلىرى ئېلىنىشى بىلەن دۇنيا نۇرغۇن خەيرلىك ئىشلاردىن مەھرۇم قىلىندى.

دەل بۇ كېچىدە مەريەم ئوغلى ئىساغا ۋەھيى كەلدى. ئۇلۇغ الله غەيب ئالىمىگە دەۋەت باشلاشنى بۇيرىدى.

...

مەريەم ئوغلى ئىسا ھاياتىنىڭ يۇمشاق بەتلىرىدىن تەپەككۇر ۋە ئىبادەت بابلىرىغا ئۆتتى. ئازابلىق ۋە جاپا بىلەن تولغان سەپەرگە قەدەم تاشلىدى. دىن قۇرۇتىنىڭ روھي

ئۇزۇقى بولغان ئالتۇن بۇغداينى يەپ تۈگىتەلمەيدىغان مەملىكەتكە. دۇنياغا شەرىئەت كەلمىلىرىنىڭ تاۋۇشى ۋە ئەھمىيەتسىز سۆزلەردىن ئىبارەت بولغان دۇرۇستلۇق ۋە ئالتۇن بىلەن مەغپىرەت سىپتۇالغىلى بولمايدىغان دۇنياغا كىچىك پىئىللىق ۋە سۆيگۈگە ھاكىم ئىدى. الله نىڭ ئىرادىسى بولغان دۇنياغا روھنىڭ قۇتۇلۇشى بولغان دۇنيادا دەۋەت ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت سەپەرگە قەدەم باستى.

...

كەمتەرلىك ۋە مېھىر - مۇھەببەت، روھنىڭ قۇتۇلۇشى... ئۆلۈكلەرنىڭ تىرىلىشىغا، ئىنسانلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىنىڭ ھېسابىنى بېرىدىغان بىر كۈننىڭ بارلىقىغا ئىمان ئېيتىش...

بۇ، يەھۇدىيلارنىڭ ھاياتىدا پۈتۈنلەي يوقالغان پىكىر - ئىدىيىلەر ئىدى.

مۇسانىڭ شەرىئىتىدە: «كىم سېنىڭ ئوڭ يۈزۈڭگە ئۇرسا، سەنمۇ ئۇنىڭ ئوڭ يۈزىگە ئۇر!» دېگەندەك قىساس ھۆكۈملىرى بار ئىدى. ئۇنداقتا، ھازىرقى يەھۇدىيلار قىساس ھۆكۈملىرىنى توغرا يولغا قويغانمىدۇ؟ ئەگەر تاياق يېگەن كىشى كۈچلۈك بولسا، ئۇرغان كىشىنىڭ ئوڭ يۈزىگە ئۇرغاندىن سىرت، ئۆيىنىمۇ ئۆرۈۋېتەتتى. ئاجىز بولسا، ئۇرغان كىشىنىڭ ئوڭ يۈزىگە ئۇراتتى - دە، ئۆيىنى ۋەيران قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن ئىچىدە ئاداۋەت ساقلايتتى.

مۇسا گەرچە ئىلاھىي سۆيگۈنىڭ ۋەكىللىرىدىن بىرى بولسىمۇ، نەپرەت ئۇنىڭ شەرىئىتىدە ئۆزىگە زېمىن ھازىرلىغان ئىدى. ئۇنىڭ شەرىئىتىدىن پايدىلىنىپ ئىشلارغا ھۆكۈم چىقارغان تاش يۈرەكلەر ئاداۋەتكە پۇرسەت يارىتىپ بەرگەن ئىدى. ئىسا مانا بۇلارنىڭ ئالدىدا قانداق قىلىشى كېرەك؟ ئۇ، الله مۇساغا چۈشۈرۈپ بەرگەن تەۋراتنى تەستىقلاش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن ئىدى. ھېچقانداق پەيغەمبەر ئۆزىدىن بۇرۇنقى پەيغەمبەرنىڭ سۆز - ھەرىكىتىنى ئىنكار قىلمايدۇ. بارلىق پەيغەمبەر پاكلىق، ھەقىقەت ۋە تەۋھىد (بىر الله غا ئېتىقاد) غايىسىدا بىر – بىرىگە باغلانغان زەنجىرنىڭ ھالقىلىرىدۇر. ئىسا مۇسانىڭ قىساس ھۆكۈملىرىگە قانداق مۇئامىلە قىلاتتى؟ ئۇنىڭ مۇئامىلىسى ياراتقۇچىنىڭ ئىلھامى ئىدى – خالاس!

ئىسا قەۋمىنى شەرىئەتنىڭ ئەسلى غايىسىگە، ئۇنىڭ ھەقىقىي ھېكمىتىگە يۈزلەندۈردى. ئۇلارنى سۆيگۈگە يۈزلەندۈردى (چاقىردى).

ئىسا ئوڭ يۈزىگە ئۇرغان كىشىگە قارشىلىق بىلدۈرمەيتتى، ئەكسىچە ئۇنىڭغا سول يۈزىنى تۇتۇپ بېرەتتى. مانا بۇ ئىسانىڭ شەرىئىتى ئىدى، لېكىن مۇسانىڭ شەرىئىتىدىن ھېچقانداق پەرقلەنمەيتتى.

ئۇ، مۇسا شەرىئىتىنىڭ چوڭقۇرلۇقىدىن تېخىمۇ چوڭقۇر ۋە ئۇ شەرىئەتنىڭ ئەڭ چوڭقۇر نۇقتىسىدۇر.

ئىسا ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە مۇھىم بىر نەرسىنى ئىسپاتلىماقچى. ئۇلارغا شەرىئەتنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىش ئەمەسلىكىنى، ھەقىقىي شەرىئەتنىڭ مېھرىبانلىق، ئەپۇ قىلىش ۋە سۆيگۈ ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرمەكچى ئىدى.

سىلەردىمۇ مېھرىبانلىق بار (سىلەرمۇ شەپقەتلىك بولالايسىلەر). مەخلۇقاتلارنى سۆيۈش، مېھرى - شەپقەتلىك بولۇش ھەممە ئىنسان قىلالايدىغان ئىش ئەمەس. بۇ، تۇغما خىسسىيات ئەمەس، بەلكى سەۋر ۋە مۇشەققەت يولىنىڭ نەتىجىسى. ھەقىقىي ئىنسان مەۋجۇدىيىتىنىڭ باشلانغۇچىدۇر.

ئورماندىكى ۋەھشىي ھايۋانلار ۋە باشقا مەخلۇقاتلارنىڭ كۆپ قىسمى پەقەت ئۆزىنى سۆيىدىغان بولغاچقا، يېمەك - ئىچمەك تالىشىپ بىر - بىرى بىلەن سوقۇشىدۇ. ئەمما بالىلىرىنى تويغۇزىدۇ. ئۇلار ئۈچۈن ئوزۇق توپلايدۇ. ئىنسان بىلەن ھايۋان ئارىسىدىكى پەرق سۆيگۈ - شەپقەت دەرىجىسىدىكى پەرقتۇر. ھايۋان ئۆزىدىكى سۆيگۈنى باشقىلارغا بېرەلمەيدۇ. ئىنسان بولسا، بۇنى قىلالايدىغان جانلىقتۇر. مانا بۇ، ئىساننى ھەقىقىي ئىنسان ۋە ھۆرمەتلىك قىلغان سەۋەبتۇر.

ئىسا قەۋمىگە ئىنسان پەقەتلا ئۆز شەخسىيىتىنى قويۇپ، باشقىلارغا شەپقەت قىلغاندىلا ئىنسان بولالايدۇ. ئىنساننىڭ قەلبى ئۆزىدىن ئەڭ يىراقتىكى ئىنسانغا قانچە يېقىنلاشسا، ئۇ ھەقىقىي ئىنسانلىققا شۇنچە يېقىنلىشىدۇ.

«“دوستۇڭنى سۆي، دۈشمىنىڭدىن نەپرەتلەن!” دېيىلگەنلىكىنى ئاڭلىدىڭلار، لېكىن مەن سىلەرگە: دۈشمەنلىرىڭنى سۆيۈڭلار، سىلەرنى قاغىغانلارنى تەبرىكلەڭلار، سىلەردىن نەپرەتلەنگەنلەرگە ياخشىلىق قىلىڭلار، سىلەرگە يامان مۇئامىلە قىلغان ۋە زۇلۇم (جاپا) سالغانلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىڭلار، - دەيمەن»(ماتتا ئىنجىلى).

يۈزەكى قارىغىنىمىزدا ئىسانىڭ دەۋىتى، مۇسانىڭ شەرىئىتىگە زىتتەك كۆرۈنىدۇ... ئەسلىدە ئىسانىڭ دەۋىتى فىرىسىيىنلەر ۋە ساددۇقىلارنىڭ مۇسانىڭ شەرىئىتىگە كېيىن قوشۇۋالغان نەرسىلىرىگە قارشى كەلگەن ئىدى. مۇسانىڭ دەۋىتىنىڭ ھەقىقىتىنى ۋە ئۇنىڭ ئالىي نىشانىنى تىرىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىدى.

بۇ دەۋر مال - دۇنياغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىلگەن، راھەتپەرەس ۋە ماتېرىيالىست بىر دەۋر ئىدى. ئىسانىڭ چاقىرىقى پۇلغا چۇقۇنۇلغان، رەھىمسىزلىك، ئاچكۆزلۈك قاپلىغان، شەكىلۋازلىق ئۇچىغا چىققان بىر دۇنيادا غايىۋىي، پاك يولنىڭ چاقىرىقى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقتى. ئىسا ئۆزىنىڭ ئىنسانلارنى غايىلىك ياشاشقا دەۋەت قىلىۋاتقانلىقىنى، چاقىرىقىنىڭ غايىۋىي ئىكەنلىكىنى چۈشىنەتتى. بۇ غايىۋىلىك ئۇ چاغدىكى تەبىرى بىلەن ئېيتقاندا، ھاياتنىڭ مۇشەققەتلىرىدىن ۋە تارقالغان كېسەللىكلەردىن شىپا تېپىشنىڭ بىردىنبىر يولى ئىدى. مەسىھ پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ كۆرسىتىلگەن، چۈشەندۈرۈلگەن، چاقىرىلغان يولنىڭ ئەڭ ئۈستۈن نۇقتىسىغا

يېتەلمەيدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتى. ئەمما ئۇنىڭ ئىنسانلارنى نىجاتلىققا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ئازراق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى يېتەرلىك ئىدى.

ھايات پۈتۈنلەي چۆكۈۋاتاتتى، غايە ـ قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر يولى ئىدى. ئىسانىڭ دەۋىتى باشتىن ـ ئاخىرى ئەڭ يۇكسەك دەرىجىدىكى پاكلىق بىلەن روھنىڭ قۇتۇلۇشىنى نىشان قىلغان چاقىرىق ياكى شەخسىي ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئاساسىي قانۇنى بولۇش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئىدى. ئۇ، ھايات تەرتىپى، جەمئىيەت قانۇنى ۋە ئېنىق بۇيرۇق ـ چەكلىمىلەر ئەمەس ئىدى.

مەسىلەن، ئىسانىڭ دەۋىتىدە مىراس، ۋەسىيەت ۋە زاكاتقا مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈملەرنى، ئادەم ئۆلتۈرۈش، ئوغرىلىق، زىناخورلۇقنىڭ جازالىرىنى ئۇچرىتالمايمىز، نىكاھ، ئاجرىشىش ۋە نەپىقىگە ئائىت ھۆكۈملەرنىمۇ تاپالمايمىز. ئۇنىڭ چاقىرىقى بۇنىڭغا ئوخشاش بارلىق ئەمەلىي ئىشلارنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇپ، روھقا يۈزلەنگەن ئىدى.

ئىسا ئىنسان روھىنى ئويغىتىپ، ئۇنى ياراتقۇچىنىڭ نۇرىغا يۈزلەندۈرۈشنى ئۈمىد قىلاتتى. شۇڭا ئۇ روھۇل قۇددۇس (جىبرىئىل) بىلەن كۈچلەندۈرۈلگەن ھالدا كەلدى.

بىز ئۇلۇغ الله نىڭ ئىساغا زادى قانداق مەدەت بەرگەنلىكىنى بىلمەيمىز. جىبرىئىل ئۇنىڭ بىلەن بىللىمىتى ياكى پەيغەمبەرلىكى ئاخىرلاشقىچە ئۇنىڭدىن ئايرىلغانمۇ؟ بۇ ھەقتە ھېچقانداق مەلۇمات يوق. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلەرگە خەۋەر، مۆجىزە ۋە ھېيى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ياكى پەيغەمبەرلەرنىڭ قەۋمىنى جازالاش ئۈچۈن زېمىنغا چۈشەتتى. ئۇلار بىلەن داۋاملىق بىللە تۇرمايتتى. ئۇنداقتا، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئىسا ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلغانغا قەدەر ئۇنىڭ بىلەن بىللىمىتى؟ ئىنسان قەلبىنىڭ بۇنىڭغا ئىشىنىشكە ئاساسى بار. ئىسانىڭ ھاياتىدا پەرىشتىلەرگە خاس بىر ئالاھىدىلىك بار ئىدى. مەسىلەن: ئۇنىڭ مۆجىزە كۆرسىتىش كۈچى شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، الله نىڭ ئىزنى بىلەن ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرەتتى. قۇش شەكلىدىكى لايغا پۈۋلىسە، الله نىڭ ئىزنى بىلەن ئۇ قۇشقا جان كىرىپ ئۇچاتتى.

ئىسا ئاياللارغىمۇ يېقىنلاشمايتتى. الله ئۇنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كەتكىچە، ھېچبىر ئايال بىلەن يېقىنلاشمىغان، توي قىلمىغان ئىدى. بۇمۇ پەرىشتىلەرگە خاس سۈپەت ئىدى. الله نىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۆيلىنەتتى ۋە بىردىن كۆپ خوتۇن ئالاتتى. يەھۇدىيلارنىڭ كىتابلىرىدا بەزى پەيغەمبەرلەرنىڭ مىڭدىن ئارتۇق خوتۇن ئالغانلىقى (مەسىلەن سۇلايمان ئەلەيھىسسالام) سۆزلىنىدۇ. بىز رەقەملەر بىلەن ھەپىلەشمەيمىز. چۈنكى رەقەملەرنىڭ كۆپ قىسمى مۇبالىغە قىلىنغان، ئۆزگەرتىلگەن. بىز پەقەتلا تەننىڭ نورمال (تەبىئى) ئارزۇ ـ ئېھتىياجلىرى توغرىسىدا ئىسانىڭ تەبىئىتىگە دىققەت قىلىۋاتىمىز ـ خالاس. ئۇ ھاممىسىنىڭ ئوغلى يەھياغا ئوخشاش بويتاق ياشىغان ئىدى. يەھيا تاغلاردا، چۆللەردە ياشىغان، كېچىلىرىنى غار ـ ئۆڭكۈرلەردە ئۆتكۈزگەن زاھىد

بولغاچقا، بۇ ئەھۋال ئۇنىڭ ئۇچۇن نورمال كۆرۈندۇ. ئەمما ئىسا شەھەر جەمئىيىتىدە ياشىغان ئىدى. ئۇنىڭ ئاياللارغا موھتاج بولماسلىقىنى، روھقا ئائىت پارلاق مۆجىزىلىرىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى ئېھتىماللىقنى توغرا دەپ قارايمىز. ئۇ بولسىمۇ، ئۇنىڭ جىبرىئىل بىلەن كۈچلەندۈرۈلىشىدۇر.

بۇ بۇندىن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرگە بېرىلمىگەن بىر نېمەتتۇر.

ئۇلۇغ الله مائىدە سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ئۆز ۋاقتىدا الله ئېيتتى: ئى مەريەم ئوغلى ئىسا! ساڭا ۋە سېنىڭ ئاناڭغا بەرگەن نېمىتىمنى ئەسلىگىن. ئەينى زاماندا ساڭا روھۇلقۇدۇس (يەنى جىبرىئىل) بىلەن مەدەت بەردىم، (كىچىككىنىڭدە) بۆشۈكتە ۋە (پەيغەمبەر بولغان) ئوتتۇرا ياش ۋاقتىڭدا كىشىلەرگە سۆزلەيتتىڭ. ئەينى زاماندا ساڭا كىتابنى، ھېكمەتنى، تەۋراتنى ۋە ئىنجىلنى ئۆگەتتىم. ئەينى زاماندا مېنىڭ ئىزنىم بىلەن لايدىن قۇشنىڭ شەكلىدە بىر نەرسە ياسايتتىڭ. ئۇنى پۈۋلىسەڭ ئىزنىم بىلەن ئۇچىدىغان قۇش بولاتتى.ئەينى زاماندا مېنىڭ ئىزنىم بىلەن تۇغما كورنى، بەرەس كېسەللىنى ساقايتاتتىڭ. ئەينى زاماندا،مېنىڭ ئىزنىم بىلەن ئۆلۈكلەرنى (تىرىلدۈرۈپ قەبرىلىرىدىن) چىقىراتتىڭ. ئەينى زاماندا بەنى ئىسرائىلنى ساڭا چېقىلىشتىن توستۇم، سەن ئۇلارغا مۆجىزىلەر بىلەن كەلگەن چېغىڭدا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كاپىرلار: «بۇ پەقەت روشەن سېھىردۇر» دېدى. ئەينى زاماندا مەن ھەۋارىيلارغا : «ماڭا ۋە مېنىڭ پەيغەمبىرىمگە ئىمان ئېيتىڭلار» دەپ ۋەھىي قىلدىم. ئۇلار: «بىز ئىمان ئېيتتۇق،گۇۋاھ بولغىنكى، بىز (ئەمرىڭگە) بويسۇنغۇچىلارمىز» دېدى﴾.

...

يۇقىرىدىكى ئايەتلەردە ئىسانىڭ بەش مۆجىزىسى تىلغا ئېلىنغان. بىرىنچىسى: ئۇنىڭ بۆشۈكتىكى چېغىدىلا ئىنسانلار بىلەن سۆزلىشىشى.

ئىككىنچىسى: تەۋراتنى ئۆگىنىش... مۇساغا چۈشۈرۈلگەن تەۋراتنى يەھۇدىي فىقھشۇناسلىرى (موللىلىرى) قالايمىقان ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ، پەتۋا بېرىپ يوقىتىۋەتكەن ئىدى.

ئۈچىنچىسى: قۇش شەكلىدىكى لايغا پۈۋلەپ ئۇنى راست قۇشقا ئايلاندۇرۇشى.

تۆتىنچىسى: ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشى.

بەشىنچىسى: تۇغما كور ۋە ئاق كېسەللىنى ساقايتىشى.

قۇرئان كەرىمنىڭ مائىدە سۈرىسىدە ئۇنىڭ ئالتىنچى مۆجىزىسىمۇ تىلغا ئېلىنغان.

﴿ئۆز ۋاقتىدا ھەۋارىيلار: «ئى مەريەم ئوغلى ئىسا! رەببىڭ بىزگە ئاسماندىن ئۈستىدە تاماق بار داستىخان چۈشۈرۈپ بېرەلەمدۇ؟» دېدى. ئىسا: «ئەگەر (الله نىڭ قۇدرىتىگە)

سۈرە مائىدە 110 ـ 111 ـ ئايەتلەر.

ئىشەنسەڭلار (بۇنداق سوئاللارنى بېرىشتە) اللە دىن قورقۇڭلار» دېدى. ئۇلار: «بىز ئۇنىڭدىن يېيىشنى، كۆڭلىمىزنىڭ تىنچلىنىشىنى، سۆزۈڭنىڭ راستلىقىنى بىلىشنى ۋە پەيغەمبەرلىكىڭگە گۇۋاھچىلاردىن بولۇشنى ئىرادە قىلىمىز» دېدى. مەريەم ئوغلى ئىسا: «ئى پەرۋەردىگارىمىز اللە! بىزگە ئۇستىدە تاماق بار داستىخان چۈشۈرگىن، بۇ كۈن بىزلەرگە ۋە بىزدىن كېيىنكىلەرگە بايرام بولۇپ قالسۇن، ئۇ داستىخان سەندىن بىزگە (قۇدرىتىڭنى ۋە پەيغەمبەرلىكىمنى كۆرسىتىدىغان) بىر مۆجىزە بولۇپ قالسۇن. بىزگە رىزىق بەرگىن، سەن رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ياخشىسىسەن» دېدى. اللە (ئىسانىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ): «ئۇنى مەن سىلەرگە چوقۇم (ئاسماندىن) چۈشۈرىمەن، سىلەردىن كىمكى شۇنىڭدىن كېيىن كاپىر بولسا، ئۇنى شۇنداق بىر ئازاب بىلەن ئازابلايمەنكى، ئەھلى جاھاندىن ھېچ كىشىنى مۇنداق ئازابلىمايمەن» دېدى﴾.[4]

ئالتىنچى مۆجىزە ھەۋارىيونلارنىڭ ئارزۇسى بىلەن ئاسماندىن چۈشۈرۈلگەن دەستىخان مۆجىزىسىدۇر.

ئال ئىمران سۈرىسىدە يەتتىنچى بىر مۆجىزە زىكىر قىلىنغان. بۇ ھەزرىتى ئىسانىڭ ئۆزى ئاڭلىمىغان، كۆرمىگەن نەرسىلەر ھەققىدە خەۋەر بېرىشىدۇر. ئۇ دوستلىرى ۋە شاگىرتلىرىغا ئۇلارنىڭ يېگەن نەرسىلىرى (يېمەكلىرى) ۋە ئۆيلىرىدە يوشۇرۇپ قويغان نەرسىلىرى ھەققىدە خەۋەر بېرەتتى.

﴿سىلەر يەيدىغان ۋە ئۆيۈڭلاردا ساقلايدىغان يېمەكلىكلەردىن خەۋەر بېرىمەن (يەنى سىلەرنىڭ يوشۇرۇن ئەھۋالىڭلارنى ئېيتىپ بېرەلەيمەن). شۈبھىسىزكى، ئەگەر سىلەر اللە نىڭ مۆجىزىلىرىگە ئىشەنگۈچى بولساڭلار، بۇنىڭدا (يەنى مەن كەلتۈرگەن مۆجىزىلەردە) سىلەر ئۈچۈن ئەلۋەتتە (مېنىڭ راستلىقىمنى كۆرسىتىدىغان روشەن) ئالامەت بار﴾.[5]

بۇلار ھەزرىتى ئىسانىڭ يەتتە مۆجىزىسىدۇر. مۆجىزىلەرنىڭ تۇنجىسى ئۇنىڭ ئاتىسىز تۇغۇلۇشىدۇر. ئاخىرقىسى بولسا، زامانىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئۇنى كىرىستقا مىخلىماقچى بولغاندا، ئۇنىڭ ئاسمانغا چىقىپ كېتىش مۆجىزىسىدۇر.

كىتابخانلار: ھەزرىتى ئىساغا نېمە ئۈچۈن بۇ خىل مۆجىزىلەر بېرىلگەن؟ ـ دەپ سورىشى مۇمكىن. بىلگىنىمىزدەك، مۆجىزە ئۇلۇغ اللە نىڭ پەيغەمبەرلەرگە ياردەم قىلىش ئۈچۈن بەرگەن دەرىجىدىن تاشقىرى كۈچتۇر. اللە ياردىمىنىڭ مۇكەممەل بولۇشى ئۈچۈن مۆجىزىلەرنىڭ قەۋمنىڭ كۆڭلىگە تەسىر قىلغۇدەك، قەلبىنى تىترەتكۈدەك، ئۇلارنى بۇ مۆجىزىلەرنى كۆرسەتكەن كىشىنىڭ اللە نىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرۈلگۈدەك دەرىجىدە، دەۋرىگە ئۇيغۇن ھالدا كېلىشى شەرت ئىدى. مۆجىزە دەرىجىدىن تاشقىرى ئىشتۇر. ئۇ (دەرىجىدىن تاشقىرى ئىش) ئۆزىلا ئىنسانلارنى، بولۇپمۇ، ئىپتىدائىي دەۋردىكى ئىنسانلارنى قايىل قىلىشقا يېتەرلىك بولىسىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمىتى دەرىجىدىن

[4] سۈرە مائىدە 112 ــ 115 ـ ئايەتكىچە.
[5] سۈرە ئال ئىمران 49 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

تاشقىرى بۇ ئىشنىڭ ھەر زامان ۋە ماكانغا مۇۋاپىق ھالدا كېلىشىنى تەقەززا قىلغان ئىدى.

شۇڭا، پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرى بىر ــ بىرىدىن پەرقلىقتۇر.

ھەزرىتى سالىھ تاشتىن تۇغۇلغان تۆگىنى كۆرگەن بىر مىللەتكە ئەۋەتىلگەن بولۇپ، بۇنىڭدىن ئاۋۋال ئۇلاردىن ھېچبىرى تاش ـ تاغدىن تۇغۇلغان ياكى ئۇنىڭ ئۇچۇن تاغ قىيالىرى يېرىلغان بىر تۆگە كۆرمىگەن ئىدى. ھەزرىتى سالىھنىڭ مۆجىزىسى، بىر كۈنى تاغنىڭ قىياسىدىن چىققان اللە نىڭ تۆگىسى ئىدى.

ھەزرىتى مۇسا سېھرىگەرلىك ئەۋج ئالغان بىر قەۋمگە ئەۋەتىلگەن ئىدى. ئەينى زاماندا سېھرىگەرلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى كاتتا ئىدى. مۇسانىڭ مۆجىزىسى بىر قارىماققا سېھرىگەرلىكتەك كۆرۈنەتتى. لېكىن، ئۇ سېھرىگەرلىكنىڭ ھۆكۈمىنى بىكار قىلىپ، ئۇنى كېرەكسىز قىلىپ قوياتتى. ئەجدىھاغا ئايلانغان ھاسا سېھرىگەرلەرنىڭ ھاسىسىنى يەۋەتتى.

ئىسا بولسا، روھنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىدىغان، ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنى قوبۇل قىلمايدىغان ۋە ئىنسانىنى روھسىز بەدەن دەپ قارايدىغان خەلققە ئەۋەتىلدى. ئۇلار مەخلۇقاتلارنىڭ قېنىنى ئۇنىڭ روھى ھەم قېنى دەپ قارايدىغان نەسىل ئىدى.

يەھۇدىيلارنىڭ قولىدىكى تەۋراتتا جان ھەققىدە: ئۇ قاندۇر، ـ دېيىلىدۇ. بۇ ھەقتە يەنە مۇنداق دېيىلگەن: «ھەر قانداق جانلىقنىڭ قېنىنى ئىچمەڭلار. چۈنكى ھەر تەننىڭ جېنى ئۇنىڭ قېنىدۇر».

ھەزرىتى ئىسانىڭ مۆجىزىلىرىنىڭ روھ ئالمىنى ئېلان قىلىش ئۈچۈن كېلىشى شۇنىڭ ئۈچۈن ئىدى.

شۇڭا ھەزرىتى ئىسا ئاتىسىز ھالدا دۇنياغا كەلدى.

بۇ مۆجىزە خەلقنىڭ كائىناتنىڭ يارىتىلىشىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مەنبەسى ئەمەسلىكىگە ئىشىنىشىگە يېتەرلىكتۇر. يەنى ئەڭ دەسلەپتە ھېچقانداق نەرسە يوقتى.... بۇنىڭدىن بىز ھەر نەرسىگە قانۇنىيەت ئاتا قىلغان ۋە ھەر نەرسىگە سەۋەب ياراتقان، بالىنىڭ تۇغۇلۇش قانۇنىيىتىنى يەنى بىر ئەر بىر ئايالنىڭ بىرلىشىشىدىن مەيدانغا كېلىشىنى ياراتقان ياراتقۇچىنىڭ بىر اللە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. بۇ ياراتقۇچى سەۋەبلەرنى يارىتىدۇ. لېكىن ئۇ سەۋەبلەرگە باغلانمايدۇ. ئەكسىچە، سەۋەبلەر ئۇنىڭغا باغلىنىدۇ. ئۇ ئەركىن ئىرادىسى بىلەن بىر بالىنىڭ ئاتىسىز ھالدا تۇغۇلۇشىنى ئەمر قىلالايدۇ ھەم ئۇنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرەلەيدۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئىسا ئاتىسىز دۇنياغا كەلدى. پەقەت بىر پۈۋلەش بىلەنلا ئۇنى ۋۇجۇتقا چىقاردى: ﴿ئۇنىڭغا (يەنى كىيىمىنىڭ ئىچىگە) بىزنىڭ تەرىپىمىزدىن بولغان روھنى پۈۋلىدۇق (پۈۋلەنگەن روھ ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ، ئۇ ئىساغا ھامىلدار بولدى)، ئۇنى ۋە

ئوغلىنى (يەنى ئىسا بىلەن مەريەمنى) ئەھلى جاھان ئۈچۈن (بىزنىڭ قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان) دەلىل قىلدۇق﴾. [4]

دېمەك، ئىسانىڭ تۇغۇلۇشى ئىككى نەرسىنى ئىسپاتلىغان مۆجىزە ئىدى.

بىرىنچى: ئىلاھىي ئىرادىنىڭ ئەركىنلىكى، سەۋەبلەرگە باغلىنىپ قالمايدىغانلىقى. چۈنكى ئۇ ھەممىدىن ئاۋۋال سەۋەبلەرنىڭ ياراتقۇچىسىدۇر.

ئىككىنچى: روھنىڭ ئەھمىيىتى، ئۇنىڭ قىممىتىنىڭ ۋە تەنگە باغلىنىپ، روھنى ئىنكار قىلغۇچى خەلق ئارىسىدىكى ئەھۋالىنىڭ بىلدۈرۈلۈشىدۇر.

ھەزرىتى ئىسا مۆجىزىلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ مۇشۇ يۆنىلىشتە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

ئۇندىن باشقا، ھەزرىتى ئىسانىڭ لايدىن قۇشقا ئوخشاش بىر نەرسە ياسىغان، ئاندىن ئۇنىڭغا پۈۋلەپ، ئۇنى قۇشقا ئايلاندۇرغان مۆجىزىسىمۇ بار. بۇ مۆجىزە روھنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. لاي پارچىسى جانلىق دەپ ئىپادىلەش مۇمكىن بولمايدىغان جىسىمدۇر. ئىسا ئۇنىڭغا پۈۋلىدى، ئۇ شۇ ھامان جانلىق قۇشقا ئايلاندى. ئۆز جىنسىدىن بولمىغان نەرسە جىسىمنىڭ ئىچىگە كىردى. مانا بۇ، جىسىم بولمىغان نەرسە روھتۇر. روھ قۇرۇق لاينىڭ ئىچىگە ئېقىپ كىردى ۋە قۇشقا جان كىردى. ھەقىقىي ئېتىۋارغا لايىق بولغىنى بەدەن ئەمەس، بەلكى روھتۇر. ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈش مۆجىزىلىرى ئاخىرەت كۈنىنىڭ ۋە ئۆلۈكلەر ئۈچۈن قىيامەت ۋە قايتا تىرىلىشنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە ئىسپات بولالماسمۇ؟!

ئىسانىڭ ئالدىدا تۇپراققا ئايلىنىپ كەتكەن جەسەت تۇراتتى. ئۇنىڭ ئەزالىرى سېسىپ، چىرىپ كەتكەنىدى. ئىسا ئۇنىڭغا گەپ قىلىۋىدى، ئۆلۈك تىرىلىپ ئورنىدىن تۇردى.

ئەگەر بۇ ئۆلۈك يەھۇدىيلارنىڭ ئېيتقىنىدەك، پەقەت بىر جەسەتلا بولغان بولسا، ئۇنىڭ تىرىلىشى مۇمكىن ئەمەستى. چۈنكى جەسەت چىرىپ كەتكەن ئىدى. ئەمما ئۆلۈك تىرىلدى. ئۇنىڭ جەسىتى ھاياتقا قايتىپ كەلدى. قەبرىدىن چىقتى ۋە سۆزلىدى. ئۇنداقتا بۇ يەردىكى ئىشنىڭ جەريانى زادى قانداق بولغان ئىدى؟

ئەسلىدە، ئىسا اللە نىڭ ئىزنى بىلەن ئۇنىڭ روھىنى چاقىردى. روھ جەسەتكە كىرگەندىن كېيىن، جەسەت ئورنىدىن تۇردى. تۇپراق جەسەتكە ئۆزگەردى. دېمەك، ھاياتلىقنىڭ ھەقىقىي مەنبەسى روھتۇر. دېمەككى، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش ۋە قىيامەت كۈنىدە ئورنىدىن تۇرۇش ھەقتۇر. يەھۇدىيلارنىڭ دېگىنىدەك "ئىمكانسىز" ئەمەس. چۈنكى جەسەتلەرنىڭ ھاۋادا ئۇچۇپ يۈرگەن تۇپراققا ئايلىنىشى ئىمكانسىز ئەمەستۇر. يەنى بۇ پۈتۈنلەي مۇمكىندۇر. بۇنىڭ دەلىلى، ئۇ ئۆلۈكلەرنىڭ ئەنە شۇ كۆزلەرنىڭ ئالدىدا

[4] سۈرە ئەنبىيا 91 ـ ئايەت.

ئورنىدىن دەس تۇرۇشىدۇر. ئىسا ئۇلارنى خەلقكە ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنىڭ ۋە ئاخىرەت كۈنىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن تىرىلدۈرگەن ئىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئىسا ھېچكىمنىڭ ئۆيىگە كىرمەي تۇرۇپ ۋە ياكى ھېچكىمدىن ھېچنېمە ئاڭلىماي تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىدە يوشۇرۇپ قويغان نەرسىلىرىدىن خەۋەر بېرەتتى. بۇ مۆجىزە تۇيغۇ ئەزالىرىنىڭ ھەققىي ئامىل ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئىسا ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىپ، ئۇ نەرسىلەرگە قاراپ باقمىدى. ئەمما ئۇنىڭ روھى ئۇلارغا قارىدى ۋە ئۇلار بىلەن سۆزلەشتى. دېمەك، ھەزرىتى ئىسانىڭ مۆجىزىلىرى روھنىڭ ئەھمىيىتىنى ۋە ئىلاھىي ئىرادىنىڭ ئەركىن ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن كەلدى. ئۇنىڭ مۆجىزىلىرى ئۇستازىمىز مۇھەممەد ئەبۇ زاھرانىڭ دېگىنىدەك، قىلغان چاقىرىقنىڭ ماھىيىتىدە ۋە پەيغەمبەرلىك غايىسىگە ئۇيغۇن ھالدا كەلگەن روھ تەربىيىسىگە (ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە)، ياخشى ئىش قىلغانلارنىڭ ياخشىلىقىغا، يامان ئىش قىلغانلارغا قارىتا ئەمەلىگە قاراپ ھۆكۈم چىقىرىدىغان باشقا بىر ھاياتنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىشكە چاقىرغان چاقىرىقتۇر.

ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈش مۆجىزىسىنىڭ ئاخىرەتنى ئىنكار قىلغانىنىڭ ئىنكارىدا چىڭ تۇرۇشىغا يول قويغانلىقىنى ياكى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنى ئىنكار قىلغانىنىڭ ئىنكارىدا چىڭ تۇرۇشىغا يول قويغانلىقىنى كۆردىڭىزمۇ؟ يۇقىرىدا ئېيتقانىدەك، يەھۇدىيلار ئاخىرەت كۈنىنى ئېتىراپ قىلمايدىغان، ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدىغان قەۋم ئىدى. ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈش ئۇلارنى ئىمانغا قايتۇرىدىغان كۈچلۈك خىتاب ئىدى. ئەمما ئۇلار يەنىلا اللە نىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىشتى.

...

ھەزرىتى ئىسا ھاياتىنىڭ تېنچ چاغلىرىنى تۈگىتىپ روھۇل قۇددۇس (جىبرىئىل) ۋە كۆز قاماشتۇرىدىغان مۆجىزىلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن اللە قا دەۋەت قىلىش ۋەزىپىسىنى باشلىدى.

قۇرئان كەرىم بىزگە ئىسانىڭ دەۋىتىنىڭ باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋىتىدىن ماھىيەتلىك بىر پەرقىنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتىدۇ. بۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ چاقىرىقى ئەسلى ماھىيىتى جەھەتتىن ئوخشاشلا تەۋھىد مەنىسىدىكى ئىسلام دەۋىتىنىڭ ئۆزى ئىدى، يەنى اللە قا يۈزلىنىشنىڭ ئۆزى ئىدى.

- مېنىڭ ۋە سىلەرنىڭ رەببىڭلار بولغان اللە قىلا ئىبادەت قىلىڭلار!

قۇرئان كەرىم بۇ سۆزنى ئېيتقان كىشىنىڭ ئىسا ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىدۇ. پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىسىملىرى، ئالاھىدىلىكلىرى، مۆجىزىلىرى، كىيىم كېيىشلىرى، تىللىرى، ياشلىرى، قىياپەتلىرى ۋە رەڭگى - رويىمۇ خىلمۇخىلدۇر. لېكىن ئۇلارنىڭ جىسمى، قەلبى ۋە روھى بىلەن اللە قا يۈزلىنىشتە، اللە نىڭ پەرۋەردىگارى ۋە ئالەملەرنىڭ

رەببى ئىكەنلىكىگە، شېرىكى يوقلۇقىغا، كائىناتتا تەڭدىشى يوقلۇقىغا، بىرلىكىگە، تۇغۇلمىغان ۋە بالا تاپمىغانلىقىغا، ئوخشىشىنىڭ يوقلۇقىغا ئىمان ئېيتىشتا ئورتاقتۇر.

هەزرىتى ئىسا تەۋھىد ھەققىدە الله نىڭ پۈتۈن پەيغەمبەرلىرىدىن كۆپ ياكى ئاز بىر نەرسە دېگىنى يوق.

قۇرئان ھەزرىتى ئىسانىڭ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈشىدىن تەخمىنەن بەش يۈز يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن كېيىن چۈشۈرۈلگەن.

الله خرىستىئان دۇنياسىدا ھەزرىتى ئىسا ھەققىدە چىقىدىغان ئىختىلاپنى ئەزەلدىن بىلگەچكە، قۇرئان كەرىمدە تېخى مەيدانغا كەلمىگەن بىر دىئالوگنى ئاشكارىلىغاندۇر.

ئۇلۇغ الله سۈرە مائىدەدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿«ئى مەريەم ئوغلى ئىسا! سەن كىشىلەرگە، الله نى قويۇپ مەن بىلەن ئانامنى ئىككى ئىلاھ قىلىۋېلىڭلار، دېدىڭمۇ؟» ئىسا ئېيتتى: «(رەببىم!) شەنىڭگە لايىق ئەمەس نەرسىلەردىن سېنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەنكى، ماڭا ئېيتىشقا تېگىشلىك بولمىغان سۆزلەرنى مەن ئېيتمايمەن، ئەگەر مەن بۇ سۆزنى ئېيتقان بولسام، ئۇنى سەن چوقۇم بىلىسەن (يەنى مېنىڭ ئۇنداق دېمىگەنلىكىم ساڭا مەلۇملۇق). سەن مېنىڭ زاتىمدىكىنى بىلىسەن، مەن سېنىڭ زاتىڭدىكىنى بىلمەيمەن، غەيبلەرنى ناھايىتى ئوبدان بىلىسەن، مەن ئۇلارغا پەقەت سەن مېنى ئېيتىشقا بۇيرۇغان سۆزنى، يەنى مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ۋە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار بولغان الله قا ئىبادەت قىلىڭلار، دېدىم. مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بولغان مۇددەتتە، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى كۆزىتىپ تۇرغان ئىدىم، مېنى قەبزى روھ قىلغىنىڭدىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى سەن كۆزىتىپ تۇرغان ئىدىڭ، سەن ھەممە نەرسىدىن خەۋەردارسەن﴾.

قۇرئان ئىسانىڭ دەۋىتىنىڭ تەۋھىد ئىكەنلىكىنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ھەم ئىسانىڭ الله نىڭ ئوغلى ۋە ئىلاھ ئىكەنلىكى ھەققىدە ئېيتىلغانلاردىن يىراق ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

﴿مەن ئۇلارغا پەقەت سەن مېنى ئېيتىشقا بۇيرۇغان سۆزنى، يەنى مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ۋە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار بولغان الله غا ئىبادەت قىلىڭلار، دېدىم﴾.

...

هەزرىتى ئىسا الله قا دەۋەت قىلىشقا باشلىدى.

ئۇنىڭ دەۋىتى ياراتقۇچى بىلەن يارالغۇچى، ئىبادەت قىلىنغۇچى بىلەن ئىبادەت قىلغۇچى ئوتتۇرىسىغا كىرمەسلىك، ئايرىلىشۋالماسلىق ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ. ئۇلۇغ الله ئۇنىڭغا ئىنجىلنى چۈشۈرۈپ بەردى. ئۇ مۇقەددەس كىتاب بولۇپ، تەۋراتنى تەستىقلاش ۋە

سۈرە مائىدە 116 ـ 117 ـ ئايەتلەر.
سۈرە مائىدە 117 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇنىڭ دەسلەپكى شەرىئىتىنى بەرپا قىلىش. ئۇنىڭ ئىچىدىكى توغرا ھۆكۈمنى قوللاش ئۈچۈن كەلگەنىدى. ئىنجىل تەۋراتلار ئۈچۈن نۇر، ھىدايەت ۋە نەسىھەت ئىدى. ئىسا يەھۇدىيلارنىڭ شەرىئەتنى ئۆلۈك تەپسىر قىلىشىغا قارشى چىقتى. ئۇ ئۆزلىرىنى شەرىئەت ۋە ھەقىقەت ھامىيلىرى دەپ ئاتىۋالغانلارغا ئۆزلىرىنىڭ شەرىئەتنى بۇزۇش ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت ئۇنى تولۇقلاش ئۈچۈنلا كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ خاتىرجەم قىلدى. ئەمما ئۇ شەرىئەتنى تەپسىر قىلىشتا ئۇنىڭ پوستى ۋە شەكلىنى تاشلاپ، ماھىيىتىگە ئۆتتى.

ھەزرىتى ئىسا يەھۇدىيلارغا مۇسانىڭ 10 تەۋسىيىسىنىڭ ئۇلارنىڭ ئويلىغىنىدىن چوڭقۇر مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى. ئالتىنچى تەۋسىيە، ئۇلارنىڭ بىلگىنىدەك، پەقەت جىسمانىي ئۆلتۈرۈشنىلا چەكلىگەن بولماستىن، مەيلى نېمىلا بولۇشتىن قەتئىينەزەر، باشقىلارغا قىلىنغان ھەر تۈرلۈك ھەقسىزلىق ۋە يامانلىقلارنىمۇ چەكلەش مەنىسىگە ئىگە. يەتتىنچى تەۋسىيە، پەقەت (ئەر كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ ھەققىي ھەققى بولمىغان ئايال بىلەن يېقىنچىلىق قىلىش مەنىسىدىكى) زىنانىلا چەكلىمەيدۇ. بۇ ھەر تۈرلۈك زىنانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كۆز ھەققى بولمىغانغا (يەنى نامەھرەمگە) شەھۋەت ۋە تەمە بىلەن قارىسىمۇ زىنا قىلغان بولىدۇ. ھەزرىتى ئىسا مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ ياخشىسى بىرلىكتە ھالاك بولۇشىنىڭ ئورنىغا ئۆزىنى ھالاك قىلىدىغان كۆزگە موھتاج بولماسلىقتۇر. شەرىئەت قەسەمنى بۇزۇش ۋە گېپىدە تۇرماسلىقنى چەكلەيدۇ.» ئىسا قەۋمىگە قەسەم قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەشنى بۇيرۇيتتى. چۈنكى ئۇلۇغ اللە نىڭ ئىسمىنىڭ ئىنسانلارنىڭ تىلىدا ئېتىبارسىزلىنىشى چوڭ گۇناھتۇر (ماتتا ئىنجىلى 21 دىن 48 - غىچە).

ھەزرىتى ئىسا جەمئىيەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ماتېرىيالىست ئېقىم بىلەنمۇ كۈرەش قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانلارنى تەمەخورلۇق، ئىككى يۈزلىمچىلىك، رىياكارلىق، خۇشامەت قىلىشتىن چەكلىگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن دۇنيا بايلىقى توپلىشى كېرەك ئەمەس. يەنى دىققىتىنى ۋە تىرىشچانلىقىنى بۇ دۇنيا ئۈچۈن سەرپ قىلىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى دۇنيا پانىيدۇر ۋە يوق بولغۇچىدۇر. دىققىتىنى ۋە تىرىشچانلىقىنى ئاخىرەتكە مۇناسىۋەتلىك ئەمەللەرگە ئايرىشى كېرەك. چۈنكى ئاخىرەت باقىيدۇر، مەڭگۈلۈكتۇر.

ھەزرىتى ئىسا ئىنسانلارغا خەزىنىنى تاللاشتا ئاقىل بولۇشنى تەۋسىيە قىلدى. چۈنكى ئىنسانلارنىڭ ھاياتى بەدەن ياكى روھ شەكلىدە خەزىنىگە باغلىنىدۇ. چۈنكى ئىنساننىڭ خەزىنىسى نەدە بولسا، كۆڭلىمۇ شۇ يەردە بولىدۇ. ئىنساننىڭ دىلى ھىدايەتكە يۈزلەنسە، پۈتۈن ھاياتى يورۇق بولىدۇ. دىلى دۇنيانىڭ قاراڭغۇلۇقىغا يۈزلەنسە، پۈتۈن ھاياتى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالىدۇ. ھەزرىتى ئىسا قەۋمىنى رىيادىن ۋە مال — دۇنياغا ھېرىس باغلاشتىن چەكلەپ، ئۇلارنى ئۆز خوجايىنىنى تاللاشتا دىققەت قىلىشقا چاقىرىدۇ. چۈنكى ئىنسان بىرلا ۋاقىتتا ئىككى خوجايىنغا خىزمەت قىلالمايدۇ. يا مال ياكى اللە ئۇنىڭ خوجايىنى بولىدۇ. مال - دۇنياغا چوقۇنۇش ئىنساننى اللە دىن يىراقلاشتۇرىدۇ. شۇڭا

ئىنسانلار يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەككە ئوخشاش دۇنيا هاياتىغا ئائىت نەرسىلەرگە ئۆزلىرىنى غەم ـ ئەندىشىگە سېلىپ، الله نىڭ ياردىمىدىن گۇمانلانغۇدەك دەرىجىدە بېرىلىپ كەتمەسلىكى كېرەك.

الله بەندىلىرىنىڭ هاياتى ئۈچۈن كېرەكلىك ھەممە نەرسە بىلەن تەمىنلەشكە ۋەدە بەرگەن. ئەگەر ئىنسانلارغا غەم ـ ئەندىشە ۋە گۇمان چۈشۈشى، ئۇلارنىڭ الله نىڭ ئىنسانلارنى كۆزىتىپ قوغدايدىغانلىقىدىن گۇمانلانغانلىقى، ئۇنىڭ سۆزىگە، رەھمىتىگە ۋە ئىنسانلارغا كۆيىنىدىغانلىقىغا ئىشەنمىگەنلىكىدىن مەيدانغا كېلىدۇ. ئۇلارنى ياراتقان، ئۇلارغا يېگۈزگەن، ئىچكۈزگەن ۋە كۆيىنىپ قوغدىغان الله تۇر. ئۇ ئاسماندىكى قۇش، تاغلار پىياز گۈلى چاغلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ئەڭ ئاددىيلىرىغىمۇ يېگۈزىدۇ، ئىچكۈزىدۇ. ئۇلارنى قوغدايدۇ ۋە ئاسرايدۇ.

ھەزرىتى ئىسا قەۋمىگە دۇنياغا بېرىلىشنىڭ دىندارلارغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان، بۇتپەرەسلىك گۇناھى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى. چۈنكى بۇتپەرەسلەر تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ خەيرىلىكلىرىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن بۇنداق نەرسىلەرنى توغرا دەپ قوبۇل قىلاتتى. دىندارلار بولسا، ئىلاھىي ياردەم ۋە نازارىتىنىڭ ئۆزلىرىنى الله قا تاپشۇرۇشقا ۋە دۇنياغا بېرىلمەسلىككە دەۋەت قىلغانلىقىنى چۈشىنىدۇ.

الله ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدىن ياخشىراق بىلىدۇ. ئۇ ئېھتىياجلارنى قاندۇرۇشقا كېپىلدۇر. شۇنداق ئىكەن، ئۇلارغا الله نىڭ رازىلىقى ۋە مەغپىرىتىنى تىلەش ئەڭ يارىشىدۇ. يەنى روھ هاياتى ۋە ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىبادەت. ئەبەدىي سائەدەتنى تەلەپ قىلىش لازىم. شۇڭا ئىسا ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ كېلەچىكى ۋە ئەتىسى ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ كەتمەسلىكىنى تەۋسىيە قىلىدۇ. چۈنكى ئەتىمۇ ئۆز ئەھۋالى بىلەن مەشغۇل.

ئېھتىياجلار ۋە چارچاشلار ھەر كۈنى ئۆزگىرىپ تۇرغىنىدەك، رىزىق ۋە ئىلاھىي ئوزۇقمۇ ئۆزگىرىپ، يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ.

ھەزرىتى ئىسا ئىنسانلارنىڭ بىر ـ بىرىگە قوللىنىدىغان ئىككى خىل ئۆلچەمگىمۇ قارشى چىقتى. ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرىگە ياخشىسىنى ئېلىپ قېلىپ، ناچىرىنى باشقىلارغا ئىتتىرىپ قويىدىغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆتىمىز. بۇ ئىدىيە يەھۇدىيلارنىڭ ئىنسان ئادالىتىنى پۈتۈنلەي بوغۇپ قويغان ئىدى. مەريەم ئوغلى ئىسا ئىنسانلارنىڭ مۇنۇ ئالتۇن قائىدىگە تايىنىپ ھەرىكەت قىلىشىنى تەۋسىيە قىلدى: «سىلەر ئىنسانلاردىن قانداق مۇئامىلە كۆرۈشنى خالىساڭلار، سىلەرمۇ شۇنداق مۇئامىلە قىلىڭلار!»

ھەزرىتى ئىسا ئىنسانلارنى ھېچ شېرىكى بولمىغان يالغۇز الله قا دەۋەت قىلىپلا قالماستىن، ئۇلارنى يەنە روھى ۋە قەلبلىرىنى پاكلاشقا، ۋىجدانلىق بولۇشقا، روھىي ئالەمگە يۈكسىلىشكە دەۋەت قىلىشنىمۇ داۋاملاشتۇردى.

ئۇنىڭ دەۋىتى يەھۇدىي كاھىنلىرىنى غەزەپلەندۈردى. ئىسانىڭ ھەر بىر سۆزى ئۇلارنىڭ يۈرىكىگە خەنجەردەك سانجىلاتتى. ئىككى يۈزلىمچىلىكىنى ئوتتۇرىغا

چىقىراتتى. ئۇلار جەڭ ئېلان قىلىپ، ئىساغا ھەرخىل تۇزاق قۇرۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ مۇسانىڭ شەرىئىتىنى يوقاتماقچى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ، قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويماقچى بولۇشتى. مۇسانىڭ شەرىئىتىدە زىنا قىلغان ئايال چالما كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈلۈشكە بۇيرۇلاتتى.

يەھۇدىيلار (كاھىنلار) چالما كېسەك قىلىنىشى كېرەك بولغان بىر ئايالنى ئىسانىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ سودا قىلىشتى ۋە: شەرىئەت گۇناھكار ئايالنى چالما ـ كېسەك قىلىشقا بۇيرۇمدۇ؟ ـ دەپ سوراشتى.

ـ ھەئە، ـ دېدى ئىسا.

ـ ئۇنداقتا، بۇ ئايال گۇناھكار، ـ دېيىشتى ئۇلار. ئىسا بىر كاھىنلارغا، بىر ئۇ ئايالغا قارىدى. ئۇ كاھىنلارنىڭ ئۇ ئايالدىن بەكرەك گۇناھكار ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. كاھىنلار ئۇنىڭ جاۋابىنى كۈتۈپ تۇردى. ئەگەر ئۇ ئايالنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى ئېيتسا، مۇسانىڭ شەرىئىتىگە قارشى چىققان بولاتتى. ئەگەر ئۇ ئايالنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىنى بۇيرىسا، ئۆزى دەۋەت قىلىپ كېلىۋاتقان سۆيگۈ ۋە شەپقەت شەرىئىتىگە ئۆزى قارشى چىققان بولاتتى.

ئىسا ئۇلارنىڭ ئۆزىگە تۇزاق قۇرۇۋاتقانلىقىنى چۈشەندى. كۆلۈمسىرەپ تۇرىدىغان نۇرلۇق يۈزى بىلەن ئۇ ئايالغا قارىدى ۋە ئۇلارغا: ئاراڭلاردا كىم ئەڭ پاك ۋە گۇناھسىز بولسا، شۇ تاش ئاتسۇن! ـ دېدى. ئۇنىڭ سۆزى گۇناھ توغرىسىدا ھۆكۈم قىلىش ئۈچۈن يېڭى بىر قانۇن سۈپىتىدە ئىبادەتخانا ئىچىدە ياڭرىدى. ئۇ يەنە: گۇناھى بولمىغان كىشى گۇناھ ھەققىدە ھۆكۈم چىقارسۇن! گۇناھسىز ئىنساننىڭ ھېچبىرى باشقا ئىنسانغا بويۇن ئېگىشكە ۋە ئۇنىڭ ئالدىدا مەھكۇم بولۇشقا مەجبۇر ئەمەس، پەقەت ئۇلۇغ الله لا ئەڭ ياخشى ھۆكۈم چىقارغۇچىدۇر، ئۇ مەرھەمەت قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ مەرھەمەتلىكىدۇر، ـ دېدى.

ئىسا ئىبادەتخانىدىن قايتىپ چىقتى. ئايال ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ كېلىپ، يېنىدىن قىممەتلىك خۇش پۇراق قۇتىسىنى چىقاردى. ئاندىن ئۇنىڭ پۇتلىرىنى سۆيۈپ، كۆز ياشلىرى ۋە خۇش پۇراق نەرسە بىلەن يۇيۇش ئۈچۈن يەرگە ئۆزىنى ئاتتى. ئاندىن كېيىن چاچلىرى بىلەن پۇتلىرىنى قۇرۇتتى.

مەسىھ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى قۇتۇلۇش ئۈمىدى ۋە مەرھەمەتنىڭ چەكسىز كۆچىنىڭ سىمۋولى ئىدى.

يەھۇدىي كاھىنلىرىنىڭ چوڭىمۇ ئىسانىڭ ئارقىدىن ئەگىشىپ چىقتى. كاھىن ئۆز ئىچىدە ئىسانىڭ مەرھەمەت ۋە شەپقىتىگە ھەيران قالغان ئىدى. ئىسا ئۇنىڭدىن سورىدى: بىر كىشىگە قەرزدار بولغان ئىككى كىشى بار، بىرىنىڭ قەرزى **500** دىنار، يەنە بىرىنىڭ **50** دىنار.

ـ ھەئە، ـ دېدى كاھىنلارنىڭ چوڭى.

ـ ھەر ئىككى قەرزدارنىڭ قەرزلىرىنى تۆلىگىدەك پۇلى يوق ئىدى. قەرز ئىگىسى ئۇلاردىن قەرزنى كېچۈەتتى، ـ دېدى ئىسا. كاھىن يەنە: شۇنداقمۇ؟ ـ دېدى. ئىسا: بۇلاردىن قايسىسى بەكرەك سۆيىلىدۇ؟ ـ دەپ سورىدى ئىسا.

ـ قەرزدىن كېچۈەتكۈچى، ـ دېدى كاھىن. ئىسا مۇنداق دېدى: توغرا دېدىڭ... قارا بۇ ئايالغا. مەن سېنىڭ ئۆيۈڭگە كىرگىنىمدە، يۈزۈمنى يۇغىدەك سۇمۇ بەرمىدىڭ. ئەمما ئۇ پۇتلىرىمنى كۆز ياشلىرى بىلەن يۇيۇپ چاچلىرى بىلەن قۇرۇتتى، يەنە سەن مېنى بىرەر قېتىممۇ ياخشى كۆرۈپ باقمىدىڭ. ئەمما ئۇنىڭ سۆيگىگە تولغان قەلبى بار. كىمكى كۆپ سۆيسە، شەپقەتلىك بولسا، ئۇنىڭ گۇناھلىرى ئەپۇ قىلىنىدۇ.

ئىسا ئۆرۈلۈپ ئايالنى ئورنىدىن تۇرۇشقا بۇيرىدى ۋە مۇنداق دېدى: ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىل!

ئىسا يەھۇدىي كاھىنلىرىغا الله تەرەپكە دەۋەت قىلغان كىشىنىڭ گۇناھقا پاتقان جەمئىيەتنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قارىمايلا شەرىئەت ھۆكۈمىنى يۈرگۈزىدىغان جاللاتلاردىن ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈردى. ئەسلىدە، الله تەرەپكە دەۋەت قىلغۇچى كىشىلەر ئىنسانلارغا رەھمەت قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەندۇر. رەھمەت پۈتۈن ئىلاھىي چاقىرىقلارنىڭ غايىسىدۇر. پەيغەمبەرنىڭ ئەۋەتىلىشى الله نىڭ ئاشۇ پەيغەمبەرنىڭ قەۋمىگە، دەۋرىگە قىلغان ۋە ئەۋەتكەن رەھمىتىدۇر.

...

ئىسا الله نىڭ ئۆز قەۋمىگە رەھىم قىلىشىنى، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە شەپقەت قىلىشى ۋە الله قا ئىمان ئېيتىشى ئۈچۈن دۇئا قىلاتتى. ئۇنىڭ ھاياتى تەقۋادارلىق قىلىش ۋە ئىبادەت بىلەن ئۆتكەن ھايات ئىدى.

مۇتەمىر ئىبنى سۇلايمان ئىبنى ئەساكىردىن مۇنداق رىۋايەت ئاڭلىغان: ھەزرىتى ئىسا يۇغدىن توقۇلغان كىيىمى بىلەن يالاڭئاياق، كۆزلىرى ياشقا تولغان، چىرايى ئاچلىقتىن سارغايغان، كالپۇكلىرى سۇسىزلىقتىن قۇرۇغان ھالدا دوستلىرىنىڭ يېنىغا كېلىپ مۇنداق دېدى:

ـ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! ئۆيۈمنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟

ـ ئى الله نىڭ روھى! سېنىڭ ئۆيۈڭ نەدە؟ ـ دېدى ئۇلار. ئۇ مۇنداق دېدى: ئۆيۈم مەسجىدلەردۇر، نەپسىم ئۇنىڭ پۇرىقىدۇر، تامىقىم ئاچلىقتۇر، (كېچىسى) يورۇق چىرىقىم ئايدۇر، رەيھانىم يەر يۈزىنىڭ يېشىل ئوتلىرىدۇر، كىيىدىغىنىم يۇڭ كىيىمدۇر. شۇئارىم ئىززەت (شەرەپلىك ۋە كۆچلۈك) ئىگىسىدىن قورقۇشتۇر. نامراتلار، كېسەللەر ۋە ئاجىزلار دوستلىرىمدۇر. ھېچنېمەم يوق ھالەتتە تاڭ ئاتقۇزىمەن، ھېچنېمەم يوق ھالدا كەچ

قىلمەن. ھېچبىر نەرسىدىن پاراكەندە ۋە ئەندىشىلەنمىگەن ھالدا ياشىغۇچى بىر ئىنسانمەن. مەندىنمۇ باي ۋە بەختلىك كىم بار؟!

...

ئىسا چاقىرىقنى ئاللاھ نىڭ مۆجىزىلىرى بىلەن داۋاملاشتۇردى.

خەلقنىڭ ئالدىدا لايىنى قۇش شەكلىدە ياساپ، ئاندىن ئۇنى پۈۋلەيتتى - دە، ئۇ قۇشقا ئايلىنىپ ئۇچاتتى. ئاددىي ۋە پاكىز كىيىمنىڭ بېشى، بىر كېسەلگە تەگسە، ئۇ كېسەل ساقىيىپ كېتەتتى، قوللىرىنى بىر كورنىڭ ياكى بەرەس كېسىلىنىڭ تېنىگە قويسا، ئۇ دەرھال ساقىياتتى، ئۇنىڭ يەنە ئالاھىدە بىر مۆجىزىسى بار ئىدىكى، ئۇ بولسىمۇ، ئۆلۈكلەرنى قەبرىلىرىدىن چاقىرىش ئىدى. ئۆلۈكلەر ئاللاھ نىڭ ئىزنى بىلەن تىرىلەتتى.

مۇپەسسىرلەر ئىسانىڭ تۆت كىشىنى تىرىلدۈرگەنلىكىنى ئېيتىشىدۇ. دوستى ئازەرنى، بىر ئەر - ئايالنىڭ ئوغلىنى، بىر ئايالنىڭ يالغۇز قىزىنى، بۇ ئۈچ كىشى ئۇنىڭ زامانىدا ئۆلگەن ئىدى. بۇنى كۆرگەن يەھۇدىيلار: سەن يېقىندا ئۆلگەنلەرنى تىرىدۈردىڭ، بەلكى ئۇلار ئۆلمەي يۈرىكى توختاپ قالغانلار بولۇشى مۇمكىن، - دېيىشىپ، ئۇنىڭدىن نۇھنىڭ ئوغلى سامنى تىلدۈرۈشنى تەلەپ قىلىشتى.

مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: ئىسا يەھۇدىيلارغا نۇھنىڭ ئوغلى سامنىڭ قەبرىسىنى كۆرستىشنى بۇيرىدى. ئىسا ئۇلار بىلەن بىرلىكتە سامنىڭ قەبرىسىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ ئاللاھ قا دۇئا قىلىۋىدى، سام چاچلىرى ئاقارغان ھالدا قەبرىسىدىن چىقتى.

ئىسا ئۇنىڭغا: سىلەرنىڭ زامانىڭلاردا چاچ ئاقىرىش بولمىسا، سېنىڭ چېچىڭ نېمىشقا ئاقىرىپ كەتتى؟ - دېدى.

- ئى ئاللاھ نىڭ روھى ئىسا! سەن مېنى چاقىرغاندا: ئاللاھ نىڭ روھىغا جاۋاب بەر! - دېگەن بىر ئاۋازنى ئاڭلىدىم. قىيامەت قايىم بولغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، دەھشەتلىك قورقۇنچتىن چېچىم ئاقىرىپ كەتتى، - دېدى سام. ئىسانىڭ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشى ھەققىدىكى قىسسىلەر قۇرئاندا تەپسىلىي بايان قىلىنمىغان. ئاللاھ پەقەت ئىسانىڭ ئۆزىنىڭ ئىزنى بىلەن ئۆلۈكنى تىرىلدۈرگەنلىكىنىلا بايان قىلغان. گەرچە تىرىلگەنلەرنىڭ كېيىن تەكرار ئۆلگەن ياكى داۋاملىق ياشىغانلىقىنى بىلمىسەكمۇ، ئىسانىڭ ئۇلارنى تىرىلدۈرگەنلىكىگە ئىشىنىمىز - ئەلۋەتتە!

...

ئىسا روھنىڭ دەستۇرى بولغان ھەر نەرسىنى ئۇلارغا چۈشەندۈرەتتى. ئىسا تاغقا چىقىپ ئەتراپىغا يىغىلغانلارغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتتى. بۇ كىشىلەر نامراتلار، شورپېشانىلەر، مىسكىنلەر ۋە روھىي چۈشكۈن ئىنسانلار ئىدى. ئۇلارنىڭ سانىمۇ باشقا پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلغانلارغا ئوخشاشلا ئاز ئىدى.

كىچىك بىر پارچە بۇلۇت كېلىپ، تاغقا يامغۇر ياغدۇردى. ئىسا سۆزلەشكە باشلىدى:

روھى ئازابلانغان كىشى نېمىدېگەن بەختلىك؟! چۈنكى ئۇ، ئۇ ئالەمدە بەختكە ئېرىشىدۇ.

مۇسىبەتلىك كىشىلەر نېمىدېگەن بەختلىك؟! چۈنكى ئۇلار تەسەللىگە ئېرىشىدۇ.

سەۋرچان، مۇلايىم بولغانلار نېمىدېگەن بەختلىك؟! چۈنكى ئۇلار زېمىنغا ۋارىسلىق قىلىدۇ.

ياخشىلىق - دۇرۇستلۇققا تەشنا بولغانلار نېمىدېگەن بەختلىك؟! چۈنكى ئۇلارنىڭ تەشنالىقى قاندۇرىلىدۇ.

مەرھەمەت قىلغانلار نېمىدېگەن بەختلىك؟! چۈنكى ئۇلارغا مەرھەمەت قىلىنىدۇ.

قەلبى پاك بولغانلار نېمىدېگەن بەختلىك؟! چۈنكى ئۇلار ئاخىرەتتە الله نى كۆرىدۇ.

ھەق يولدا قىيىن - قىستاق، زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىلار نېمە دېگەن بەختلىك؟! چۈنكى ئۇلار ئۇ ئالەمدە بەختكە ئېرىشىدۇ.

سىلەر يەر يۈزىنىڭ تۇزىغا ئوخشايسىلەر. تۇزنىڭ ئورنىنى تولدۇرىدىغان نەرسە بارمۇ؟!

«سىلەر يەر يۈزىنىڭ تۇزىغا ئوخشايسىلەر» دېگەن جۈملىنىڭ مەنىسىنى ياخشى ئويلاڭ! تۇز يېمەكلەرگە ئالاھىدە تەم بېرىدۇ. تۇزسىز تاماق تەمسىز ياكى تەمنى يوقاتقان بولىدۇ. شۇنىڭدەك، مۆئمىنلەر بولمىسا، ھاياتنىڭ ئەھمىيىتىمۇ يوقايدۇ. مۇسۇلمانلار بولمىسا، ئۇلارنىڭ سىمالىرى، قەلبلىرى ۋە الله ئۇچۇن قىلغان ئەمەللىرى بولمىسا، ھايات رەھىمسىز، چىدىغۇسىز ھالغا كېلىدۇ. الله ئىنسانىنى يەر يۈزىگە خەلىپە قىلىشىنىڭ، ئىنساننىڭ الله نىڭ بەندىسى بولۇش بىلەن ئېرىشكەن ھۆرمىتىنىڭ ئەھمىيىتى قالمايدۇ. ھايات رەھىمسىزلەرنىڭ زوراۋانلىقى بىلەن تولىدۇ.

شۇڭا، ئىسا ئۆزىگە ئەگەشكەنلەرگە، ئۇلارنىڭ پاكلىقىغا بەك دىققەت قىلاتتى. ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىنىڭ مەنىسى، يەر يۈزىنىڭ تۇزى ۋە مەۋجۇدىيەتنىڭ لەززىتى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى. ئۇلار مۇسۇلمانلار ئىدى، ئۇلار ياخشىلىققا ۋەكىللىك قىلاتتى.

ئەگەر ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى بۇزۇلسىچۇ؟ ئۇلار ئەسلىدە ھاياتقا پاك لەززەت ئاتا قىلىشقا مەسئۇل ئىدى. پاكلىقنىڭ ئۆزى بۇزۇلسا، قايسى نەرسە ھاياتقا پاكلىق ئېلىپ كېلەلەيدۇ. ئۇلۇغ الله يەر يۈزىنىڭ تۇزلىرىنىڭ (يەنى ھەۋارىلارنىڭ) ھەزرىتى ئىساغا ئىمان ئېيتىشىنى ۋەھيى قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: ﴿ئەينى زاماندا مەن ھەۋارىلارغا: «ماڭا ۋە مېنىڭ پەيغەمبىرىمگە ئىمان ئېيتىڭلار» دەپ ۋەھيى قىلدىم. ئۇلار: «بىز ئىمان ئېيتتۇق، گۇۋاھ بولغىنكى، بىز (ئەمرىڭگە) بويسۇنغۇچىلارمىز» دېدى﴾ .

[4] سۈرە مائىدە 111 ـ ئايەت.

سەبەۋ مەلىكىسى سۇلايمانغا ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغاندەك. ھەۋارىيلارمۇ ئىسلامنى قوبۇل قىلدى.

ئەمەلىيەتتە الله نىڭ پۈتۈن پەيغەمبەرلىرى ئىسلام دىنىدا ئىدى. پەيغەمبەرلەرنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ ئەسلى ماھىيىتى ئىسلامدۇر. الله نىڭ بارلىق پەيغەمبەرلىرى تەۋھىدكە ۋە ئىسلامغا دەۋەت قىلىدۇ. ئىسلام بىزگە نىسبەتەن تەۋھىدتىن چوڭقۇر مەنىگە ئىگە. ئىنسانىنىڭ الله نى تونۇشى ۋە كائىناتنىڭ يارىتىلىشىدىكى بىرلىكىگە ئىمان ئېيتىشى ئىنسانىنى ئىنسانچىلىقتا گۇناھ قىلىشتىن توساپ قالالمايدۇ. قەلبىنىڭ، كۆڭۈلنىڭ ۋە ئىدىيە ـ پىكىرنىڭ الله قا يۈزلىنىشى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدۇر. بۇ كەمتەر، مۇلايىم كىشىلەرنىڭ ۋە بىر الله قا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ كامىللىق دەرىجىسىدۇر.

بۇ، ئاڭ بىلەن ئەمەلىيەتنىڭ بىرلىشىپ، الله نى مەدھىيىلىشىدۇر، ئىنسانىنىڭ گۇناھتىن يىراقلىشىپ، ئۆزىنى الله قا تاپشۇرۇشىدۇر. قۇرئان كەرىم بىزگە ئۇلۇغ الله نىڭ ھەۋارىيلارغا (ئۆزىگە ۋە پەيغەمبىرى ئىساغا) ئىمان ئېيتىشنى ئىلھام قىلغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ.

ئۇلۇغ الله نىڭ ھەۋارىيلارغا «ئىلھام قىلىشى» توغرىسىدا بىر ئاز توختالماقچىمىز.

ئۇلۇغ الله نىڭ ئىنسانلارغا ۋە مەخلۇقاتلارغا ئىلھام قىلغانلىقىنى بىلىمىز. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەرۋەردىگارىڭ ھەسەل ھەرىسىگە ئىلھام بىلەن بىلدۈردى﴾ .

الله تائالا يەنە مۇنداق دېگەن:

﴿مۇسانىڭ ئانىسىغا ئىلھام بىلەن بىلدۈردۇقكى: «مۇسانى ئېمىتكىن، ئۇنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىدىن قورقساڭ، ئۇنى (ساندۇققا سېلىپ) دەرياغا (يەنى نىل دەرياسىغا) تاشلىغىن ﴾.

بۇ يەردىكى ئىلھامنىڭ مەنىسى الله نىڭ مەخلۇقاتلارغا بەرگەن تەبىئىتىنى (لله نىڭ) خالىغان نەرسىگە يۈزلەندۈرۈشكە ئىلھاملاندۇرۇشىدۇر.

مۇسانىڭ پىرئەۋنىنىڭ مۇنۇ سوئالىغا بەرگەن جاۋابى ئېسىڭىزدىمۇ؟

﴿(ئۇلار پىرئەۋنگە كېلىپ الله تائالا تەرىپىدىن ۋەھيى قىلىنغان نەرسىلەرنى يەتكۈزگەندىن كېيىن) پىرئەۋن: «ئى مۇسا، سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار كىم؟» دېدى﴾ .

﴿مۇسا ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىمىز شۇنداق زاتتۇركى، ھەممە نەرسىگە (ئۆزىگە مۇناسىپ) شەكىل ئاتا قىلدى، (ئاندىن ئۇلارغا ياشاش يوللىرىنى، پايدىلىنىدىغان نەرسىلىرىنى) كۆرسەتتى»﴾.

سۈرە نەھل 68 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
سۈرە قەسەس 7 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
سۈرە تاھا 49 ـ ئايەت.

بۇ يەردىكى مەنىمۇ ئوخشاشلا ھەۋارىلارغا مۇناسىپ كېلىدۇ. بۇ يەردىكى ئىلھام الله نىڭ ئۇلارغا ئۇلارنىڭ ياخشىلىقى ۋە سائادىتى ئۈچۈن بەرگەن ئىلھامى ئىدى. بۇ ئىلھام ئۇلارنىڭ ئارزۇ ـ ئىدراكلىرىغا قارشى ئەمەس ئىدى. ئەركىنلىكىگىمۇ دەخلى قىلمايتتى. الله ئۇلارنىڭ قەلبلىرىنى كۆزەتتى ۋە ياخشىلىققا تولغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ھەقىقەتەن يەر يۈزىنىڭ تۇزى ئىكەنلىكىنى كۆردى. ئۇلارنى ئۆزىگە ۋە ئۆزىنىڭ ئەلچىسىگە ئىمان ئېيتىشقا ئىلھام قىلدى. ئۇلار ئىمان ئېيتتى. مۇسۇلمان بولغانلىقىغا شاھادەت كەلتۈردى. ھەۋارىلار كۆرۈنۈشتە ئىمانلىرىنى يوشۇردى. ئاخىرى، ئىسا قەۋمىنىڭ ئىنكاردا چىڭ تۇرىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى ۋە ئۇلارغا مۇنداق دېدى: الله يولىدا كىم ماڭا ياردەم قىلىدۇ؟

ئۇلۇغ الله مۇنداق دېگەن:

﴿ئىسا ئۇلارنى (يەنى يەھۇدىيلار) دىن كۇفرىنى (كۇفرىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈش نىيىتىگە كەلگەنلىكىنى) سەزگەن چاغدا: «الله ئۈچۈن (الله غا دەۋەت قىلىش يولىدا) ماڭا كىملەر ياردەم بېرىدۇ؟» دېدى. ھەۋارىلار (يەنى ئۇنىڭ تەۋەلىرىدىن ھەقىقىي مۆمىنلەر) ئېيتتى: «الله ئۈچۈن ساڭا بىز ياردەم بېرىمىز. الله قا ئىمان ئېيتتۇق، گۇۋاھ بولغىنكى، بىز (پەيغەمبەرلىكىڭگە) بويسۇنغۇچىلارمىز. پەرۋەردىگارىمىز! سەن نازىل قىلغان كىتابقا ئىشەندۇق، پەيغەمبەرگە ئەگەشتۇق، بىزنى (ھىدايىتىڭگە) شاھىت بولغانلار قاتارىدا قىلغىن»﴾.

قۇرئان ئىسانىڭ ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

قۇرئان ئىسانىڭ ئۆزىدىن كېيىن كېلىدىغان ئەھمەد ئىسىملىك بىر پەيغەمبەرنىڭ خۇش خەۋىرىنى يەتكۈزگەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ. ئۇلۇغ الله مۇنداق دەيدۇ:

﴿ئۆز ۋاقتىدا مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسا: «ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! مەن سىلەرگە ھەقىقەتەن الله ئەۋەتكەن، مەندىن بۇرۇن كەلگەن تەۋراتنى تەستىق قىلغۇچى، مەندىن كېيىن كېلىدىغان ئەھمەد ئىسىملىك پەيغەمبەر بىلەن خۇش خەۋەر بەرگۈچى پەيغەمبەرمەن» دېدى. ئىسا ئۇلارغا روشەن مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلگەن چاغدا، ئۇلار: «بۇ ئوپئوچۇق سېھىردۇر» دېدى﴾ .

ھەزرىتى ئىسانىڭ ئۆزىدىن كېيىن كېلىدىغان ئەھمەد ئىسىملىك (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) بۇ پەيغەمبەر ھەققىدە قاچان خەۋەر بەرگەنلىكىنى بىلمەيمىز. ئۇ بۇ خەۋەرنى پەيغەمبەرلىكىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە بەرگەنمۇ ياكى ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، يەنى ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈشتىن ئاۋۋال بەرگەنمۇ بۇنى ئېنىق بىلمەيمىز.

سۈرە تاھا 50 ـ ئايەت.
سۈرە ئال ئىمران 52 ـ 53 ـ ئايەتلەر.
سۈرە سەف 6 ـ ئايەت.

قۇرئان بۇ خۇش خەۋەرنىڭ پەيغەمبەرلىكنىڭ دەسلىپىدە بېرىلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى ئۇلۇغ اللە مۇنداق دېگەن ئىدى:

﴿ئىسا ئۇلارغا روشەن مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلگەن چاغدا، ئۇلار: «بۇ ئوپئوچۇق سېھىردۇر» دېدى﴾.

بۇ مەسىلە يەنە ئىسا بىلەن مۇناسىۋەتلىك. دېمەك، ئايەت ئىسا قەۋمىگە ئەۋەتىلگەندە، اللە نىڭ ئىزنى بىلەن ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈش، لايىنى قۇشقا ئايلاندۇرۇش مۆجىزىلىرىنى كۆرسەتكەندە، مۇھەممەد ياكى ئەھمەدنىڭ خۇش خەۋىرىنى بەرگەنلىكىنى چۈشەندۈرمەكتە. ئىسا (س.ئە.ۋ) ئۇلارغا بۇ مۆجىزىلەرنى كۆرسەتكىنىدە، ئۇلار ئۇنى سېھىرگەر دېيىشتى. هەزرىتى ئىسا بۇ خىل تۆھمەتلەرنىڭ ئۆزىدىن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرگىمۇ ئارتىلغانلىقىنى، ئۆزىدىن كېيىنكى پەيغەمبەرگىمۇ ئارتىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ مۇنداق تۆھمەتلەرگە ئەھمىيەت بېرىپ كەتمەستىن دەۋىتىنى داۋاملاشتۇرغاچقا، ئۇنىڭ بىلەن ئىسرائىل ئەۋلادى ئارىسىدىكى كۈرەش تېخىمۇ كۈچەيدى. ئۇلار شەپقەتسىز، رەھىمسىز، قەلبىدە تەۋھىدنىڭ نىگىزى قالمىغان كىشىلەر ئىدى. ئۇ ئۇلارنىڭ پۈتۈن خاتا ئىدىيىسىنى، ھاياتنى ۋە تەرتىپ ـ نىزاملىرىنى بۇزۇپ، ئورنىغا ھەقكە، ئادالەتكە ۋە ئىناقلىققا دەۋەت قىلدى. بۇ ھەقكە، ئادالەتكە ۋە تېنچ ئىناقلىققا موھتاج بولغان زالىم ھاياتقا جەڭ ئېلان قىلىش ئىدى. ماتتا ئىنجىلى ئىسانىڭ تىلىدىن مۇنداق دەيدۇ:

ـ مېنى يەر يۈزىگە تېنچلىق ئېلىپ كەلدى دەپ ئويلىماڭلار! مەن تېنچلىق ئۈچۈن كەلمىدىم، ئەكسىچە قىلىچ كۆتۈرۈپ كەلدىم.

بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسى پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋەتلىرىنىڭ مۇھىم تەرتىپىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. ئۇلار ئەسلىدە كۈرەش قىلىدۇ. گەرچە ئىشلەتكەن قوراللىرى ئوخشاشمىسىمۇ، لېكىن ماھىيىتى ئوخشاشلا كۈرەش بولىدۇ. كۈرەشنىڭ دەسلىپىنى پىكىر بىلەن باشلايدۇ. اللە تىن باشقا ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا شاھادەت كەلتۈرگەن بۇ پىكىر، ئىنسانلارنىڭ ئالتۇن ۋە تاشتىن ياسالغان ئىلاھلارنىڭ ھەممىسى بىلەن جەڭ قىلىدۇ. بۇ پىكىر گۇمراھ ۋە زوراۋانلارنىڭ ئارامىنى بۇزۇپ، ئۇلارنىڭ مەنپەئىتىگە تەھدىت سالىدۇ. ئادەتتە ھۆكۈمرانلار، ھوقۇقدارلار ۋە قوماندانلار پەيغەمبەرگە قارشى ھەرىكەت قىلىدۇ. اللە ھىدايەت بەرگەن كىشىدىن باشقىسى قەۋمىنىڭ كاتتىلىرى بىلەن پەيغەمبەرگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ. پەيغەمبەر بولسا، پىكىر نەزىرىيە كۈرىشىنى داۋام قىلىدۇ. ئۇ اللە نىڭ بىرلىكىنى جاكارلاپ، كۈرەشنىڭ ئۇل تېشىنى قوپۇرىدۇ. بۇ مۇستەھكەم ئاساسقا تايىنىپ تۇرۇپ ئادالەت بىناسىنى قۇرۇپ چىقىدۇ. بىر كىشىنى خار كۆرۈش ۋەياكى قۇل قىلىشقا ھېچكىمنىڭ ھەققى يوق. چۈنكى ئىنسان پەقەت اللە نىڭلا قۇلىدۇر. ئىنسانلار ئىلاھ بولالمايدۇ. ھەر ئىنسان تەڭ باراۋەردۇر. شەخسىي ئابرۇيىنى ئۈستۈرۈش ۋە باشقىلارنىڭ

سۈرە سەف 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

سايىسىدە بېيىش ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ھەققىنى يېيىشكە ۋە ئۇلارغا ھەرقانداق شەكىلدە يامانلىق قىلىشقا، ئۇلارنىڭ ئەمگىكىنى، قان تەرىنى شوراشقا ھېچكىمنىڭ ھەققى يوقتۇر.

دەۋەت (بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋىتى) نىڭ ھەقىقىي مەنىسى قەۋمنىڭ كاتتىلىرى قۇرغان بۇزۇق، خاتا قائىدە ـ پرىنسىپلارنىڭ ھەممىسىگە قارشى ئىسيان قىلىش دېگەنلىكتۇر.

دېمەك، بۇ بىر كۈرەش چاقىرىقىدۇر. شۇڭا پەيغەمبەرلەرنىڭ قورالى بولۇش كېرەك.

پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن كۈرەش باشلىنىدۇ. پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزىلىرى قولىغا قىلىچ ئالىدۇ. بەزىلىرى باشقا قورالغا تايىنىدۇ. قوللانغان ئۇسۇلى ئوخشاشمايدۇ. پەيغەمبەر دەسلەپتە سەۋرچانلىق بىلەن قايىل قىلىش ياكى ئەقىل قورالىنى ئىشلىتىدۇ.

كۈرەش داۋامىدا پەيغەمبەر ئۆزىنىڭ قورال ئىشلىتىشكە مەجبۇر بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلايدۇ. دۈشمەنلىرى ئۇنى قورال ئىشلىتىشكە مەجبۇرلايدۇ. پەيغەمبەرلەر ئامالسىز كۈچ ئىشلىتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىشلەتكەن قورالى بىر ـ بىرىدىن پەرقلىقتۇر. بەزىلىرىنىڭ توپان بالاسى (ھەزرىتى نۇھ)، شامال (ھەزرىتى ھۇد) غا ئوخشاش دۈشمەنلىرىنى ھالاك قىلغان مۆجىزىلەر بولسا، بەزىلىرىنىڭ جىنلار ۋە قۇشلارنى تەسەررۇپ قىلىش ئىقتىدارى بېرىلىشتەك (سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام) دۈشمەنلىرىدىن مۇتلەق ئۈستۈنلۈك قازاندۇرغان مۆجىزىلەر، يەنە بەزىلىرىنىڭ ئوتقا تاشلانغاندا، ئوتنىڭ سوۇرۇن ۋە ئىللىق بولۇپ بېرىلىشىدەك (ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدەك) دۈشمەنىنىڭ يامانلىقلىرىدىن قۇتقازغان مۆجىزىلىرى بولسا، بەزىلىرىنىڭ ئۆلۈكنى تىرىلدۈرۈش (ئىسا ئەلەيھىسسالام) كە ئوخشاش كۆچلەندۈرگەن مۆجىزىلەر ۋە دەۋىتى ئۈچۈن قولىغا قىلىچ ئېلىپ جەڭ قىلغان (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) غا ئوخشاش مۆجىزىدۇر.

پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىشلەتكەن قوراللىرىنىڭ تۈرلىرى، خۇسۇسىيىتى ۋە سانى پەرقلىقتۇر. اللە تائالا ئۇلارنىڭ شارائىتىنى بىزدىن ياخشى بىلىدۇ. پەيغەمبەرلىرى ئۈچۈن قورالنىڭ تۈرىنى تاللىغان ئۇدۇر. تۇرغان يېرىدە مىدىرلىماي كۈرەش قىلمىغان، ھەرىكەت قىلمىغان، قىيىن ـ قىستاق، زۇلۇم كۆرمىگەن، قەۋمى تەرىپىدىن ھەيدەپ چىقىرىلمىغان، اللە يولىدا چوڭ، ئېغىر ئازابلارغا سەۋر قىلمىغان بىرمۇ پەيغەمبەر يوقتۇر.

ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ كۈرەش ئۈچۈن كەلگەن جەڭچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ پەقەت سۆزلىرىلا جەمئىيەتنى ئاساسىدىن ئاغدۇرۇپ تاشلاش مەنىسىدە ئىدى. ئىسا زامانىدا جەمئىيەت شېرىك، يالغان، ئىككى يۈزلىمچىلىك، ماتېرىيالىست، رىيا، شەكىلۋازلىق، زۇلۇم ۋە ئاسارەت ئىچىدە تولغىناتتى.

ئىسا سۆزلىرى بىلەن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. ئىسا قەۋمىگە اللە دەۋىتىنىڭ ماھىيەتتە تېنچلىققا قىلىنغان دەۋەت بولماستىن، كۈرەشكە قىلىندىغان دەۋەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى. قېنىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تامچىسىغىچە كۈرەش قىلىنمىغان

دەۋانىڭ ئەھمىيىتى يوقتۇر. ئىدىيە، پىكىر، غايە ۋە پرىنسىپلار پەقەت نەزىرىيە پېتىچىلا قالسا، قىممىتىنى يوقىتىپ قويىدۇ. پەقەت ئۇنىڭ دەسلەپكى ئاڭلىرىنىڭ بۇلارنى قوغداش، ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قىلىنغان تىرىشچانلىقلىرى بىلەن ھەقىقىي قىممىتىنى كۆرسىتەلەيدۇ. يەنى نەزىرىيەنىڭ ئەمەلىيەتكە ئايلىنىشى بىلەن ھاياتى كۈچىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.

جەڭ قىلىنمىسا، قورال ئىشلىتىلمىسە، پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋىتى نەزەرىيىۋىي پىكىر ھالىتىدىلا قالىدۇ. ھېچ كىشىنى ھەرىكەتلەندۈرمەيدۇ. ھېچ كىشىنى بىئارام قىلمايدۇ. ھېچكىمنى قارشىلىق بىلدۈرۈشكە سەپەرۋەر قىلمايدۇ. پەيغەمبەر قىسسىلىرىنىڭ كۆپچىلىكىدە قەۋمىنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ پەيغەمبىرىگە قانداق قارشى چىققانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن قانداق ئۇرۇشقانلىقىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. باشتا مەسخىرە قىلىشىدۇ، ئاخىرىدا ئۆلتۈرۈشكە ئۇندەيدۇ ياكى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ.

شۇنىسى ئېنىقكى، پەيغەمبەرلەر ھەقنى قوغداشتا چىڭ تۇراتتى. پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرىدە قەۋمىنىڭ ۋە ھۆكۈمرانلارنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ھۇجۇم قىلغانلىقىنى، ئەمما پەيغەمبەرلەرنىڭ ئوخشاش كۈچ بىلەن زەربە قايتۇرمىغانلىقىنى كۆردۇق، ھېس قىلدۇق.

بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، پەيغەمبەرلەرگە قارشى چىققان باتىللار كۈچلۈك تەشۋىقاتقا تايىنىپ ئۇلارغا تۆھمەت چاپلاپ، تىل ـ ئاھانەت ياغدۇرۇپ، جېدەل ـ ماجرا چىقىراتتى. پەيغەمبەرلەر بولسا، ھەققە ئىشىنىپ ئېتىقاد يولىدا ماڭاتتى. بۇ يول تۆھمەت ۋە جېدەل ـ ماجرانى قوبۇل قىلمايدىغان يول ئىدى. ئەمما پەيغەمبەرلەر ئەقلىنى ئىشلىتىش، قەلبىنى ئويغىتىش ۋە روھىنى پاكلاش توغرىسىدىكى دەۋەتلىرىنى ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتۇرىدۇ. بۇ ئۈزلۈكسىزلىك پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە اللە نىڭ دۈشمەنلىرى ئۈچۈن چوڭ باش ئاغرىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى. پەيغەمبەرنىڭ چاقىرىقى ئائىلە مۇناسىۋەتلىرىگىچە تەسىر كۆرسىتەتتى. بەزىدە ئاتىسى ئىمان ئېيتسا، ئوغلى ئىنكار قىلاتتى. بەزىدە ئوغلى ئىمان ئېيتسا، ئاتىسى ئىنكار قىلاتتى ۋەياكى ئايالى ئىمان ئېيتسا، ئەر ئىنكار قىلاتتى ياكى دەل بۇنىڭ ئەكسىچە بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۆيىنىڭ ئىچىدە ئوغلى ئاتىسى بىلەن، ئايالى ئېرى بىلەن ئىختىلاپ قىلىش كېلىپ چىقاتتى. بۇ ئىشلار قەۋمىنىڭ پەيغەمبەرگە قارشى ھەرىكىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋېتەتتى. دۈشمەنلىك، نەپرەت يا ئاتىسىنى ئوغلىدىن ياكى قىزىنى ئانىسىدىن ئايرىشقىچە ئېلىپ باراتتى. پەيغەمبەرلەر ئۆزىگە ئەگەشكەنلەرگە بىر قانۇن بېكىتەتتى. قانۇن پەيغەمبەرلەرنىڭ سۆزى بىلەن مەيدانغا كېلەتتى.

ئاۋۋال اللە ۋە پەيغەمبەرنى سۆيۈش، ئارقىدىن ئىنسانلارنى سۆيۈش كېلەتتى. بۇ چۈشەنچىلەر ماتتا ئىنجىلىنىڭ 10 ـ جىلدىدا ئىسانىڭ سۆزلىرى بىلەن ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئىسا مۇنداق دېگەن:

”مېنى يەر يۈزىگە تېنچلىق بېغىشلاش ئۈچۈن كەلدى، ـ دېمەڭلار. مەن تېنچلىق ئۈچۈن ئەمەس، كۈرەش ئۈچۈن كەلدىم. مەن ئوغلىنى ئاتىسى بىلەن، قىزنى ئانىسى

بىلەن، كېلىنىنى قېيىنئانىسى بىلەن ئىختىلاپ قىلدۇرۇشقا كەلدىم. چۈنكى كىشىنىڭ رەقىبى ئۆز ئائىلىسىدە بولىدۇ.

كىم ئاتا ـ ئانىسىنى مېنى ياخشى كۆرگەندىن بەكرەك ياخشى كۆرسە، ئۇ ماڭا لايىق بولمايدۇ. كىم ئوغلىنى ياكى قىزىنى مېنى ياخشى كۆرگەندىن بەكرەك ياخشى كۆرسە، ئۇمۇ ماڭا لايىق بولمايدۇ. كىمكى ھاياتىنى ئۆزى ئۈچۈنلا ياشىسا، ئۇنى يوقىتىپ قويىدۇ. كىمكى ھاياتىنى مەن ئۈچۈن تەقدىم قىلسا ھاياتقا ئېرىشىدۇ“.

ئىنجىلنى ئىزاھلىغۇچىلار مۇنداق دەيدۇ:

«يەھۇدىيلار ئىسا ھەققىدە: ئۇ كەلگەندە، ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ ھەممىسىگە مال ـ بايلىق، سەلتەنەت بېرىدۇ ۋە ئۇلارغا ھۇزۇر، خاتىرجەملىك ئېلىپ كېلىدۇ، ـ دەپ قارايتتى. مەسىھ كېلىپ مۇردلىرىغا ئۇنداق بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى.

چۈنكى ئەگەشكەنلىرىگە الله نىڭ، قېرىنداشلىرىنىڭ، ۋە ئۆز ۋىجدانلىرىنىڭ ئالدىدا (ئۇلار تەلەپ قىلغان) خاتىرجەملىكنى بەرسە، ئۇلار زۇلۇمغا ئۇچرايتتى ۋە قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرۈلەتتى. شۇڭا ئۇلار خاتىرجەملىكنى كۈتۈشنىڭ ئورنىغا كۈرەش قىلىشى، مۇرەسسە قىلىشنىڭ ئورنىغا ئايرىلىپ چىقىشى كېرەك ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن، يەھۇدىي جەمئىيىتى ئىككىگە بۆلۈندى: نامراتلار، ئاجىزلار ۋە پاك قەلبلىك كىشىلەر ئىسا تەرەپتە، ئىنكارچى بولغان كۆپ سانلىقلار ئىساغا قارشى تەرەپتە تۇردى. ئۇلار (ئىنكار قىلغۇچىلار) ئىساغا كۆپ كۈلپەت چەكتۈردى.

ماتتا ئىنجىلىنىڭ 11 ـ جىلدىدە ئىسانىڭ ئازابلىرى، ئۇنىڭ يوھاننا (يەھيا) نىڭ دەۋىتىنى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ دەۋىتىنى ئىنكار قىلغانلاردىن كۆپ ئەزىيەت چەككەنلىكىنى تىلغا ئېلىنىدۇ. ماتتا ئىنجىلى ئىسانىڭ تىلى بىلەن تۆۋەندىكىلەرنى بايان قىلىدۇ: «بۇ نەسىل كىشىلەرنى كىمگە ئوخشىتاي؟ ئۇلار نېمىگە ئوخشايدۇ؟ ئۇلار كوچىلاردا، بازارلاردا ئولتۇرۇپ: بىز چالساق، سىلەر ئويىنىمىدىڭلار. بىز يىغلاپ قېقىلىپ كەتسەك، سىلەر يىغلىمىدىڭلار، ـ دەيدىغان بالىلارغا ئوخشايدۇ. يەھيا ئەلەيھىسسالام يېمەك ـ ئىچمەك ئەكىلىۋىدى: ئۇنىڭدا شەيتان بار، ـ دېدى. ئىنسان ئوغلى يەپ ـ ئىچىۋىدى، ئۇلار ئۇنى: ئاچكۆز، هاراقكەش، كەيپ ـ ساپاغا بېرىلىدىغان، ئەيش ـ ئىشرەتكە، گۇناھقا ئامراق بىرى، ـ دېيىشتى.

كېيىن ئىسا مۆجىزىلىرىنى كۆرسەتكەن شەھەرلەرنى ئەيىبلەشكە باشلىدى. چۈنكى ئۇلار تەۋبە قىلمىدى. ئىسا مۇنداق دەيتتى: ئېسىت سىلەرگە! ۋاي ساڭا، كورازىن! ۋاي ساڭا، بەيتۇ سايدا! چۈنكى ئىككىڭلارغا كەلگەن مۆجىزىلەر سۇر ۋە سىدونغا كەلگەن بولسا، ئۇلار كىيىمگە ۋە كۈلگە پۈركىنىپ ئاللىبۇرۇن تەۋبە قىلىشاتتى. ئەمما مەن ھېساب كۈنىدە سۇر ۋە سىدوننىڭ ئەھۋالىنىڭ ئىككىڭلاردىن ياخشى بولىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىمەن. ۋاي ساڭا، كەفەرناھۇم! سەن ئۆزەڭنى ئاسمانغا كۆتۈرۈلىمەن (جەننەتكە كىرىمەن) دەپ ئويلامسەن؟ سەن ئۆزەڭنى دوزاخقا تاشلايسەن، چۈنكى ساڭا كەلگەن

مۆجىزىلەر سەدۇمغا كەلگەن بولسا، ئۇ بۇگۈنگىچە ياشىغان بولاتتى. ئەمما ساڭا ھېساب كۈنىدە سەدۇمنىڭ ئەھۋالىنىڭ سەندىن ياخشى بولىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىمەن»

بۇ جۈملىلەر ئىسانىڭ ئازابلىرىنى ۋە ھەسرەتلىرىنى بايان قىلىدۇ. كۆرەش ۋە ئۇ دۇنيادا مۇۋەپپىقىيەتكە ئېرىشتۇرۇشنىڭ خۇش خەۋىرىنى يەتكۈزۈش جەريانىدا پاك قەلبىنىڭ قەۋمىدىن چەككەن ئەزىيەتلىرىنى كۆرستىدۇ. ئۇنىڭ دەۋرىدىكى يەھۇدىي نەسلى كوچىلاردا ئولتۇرۇپ بىرىگە: بىز سىلەر ئۈچۈن چالدۇق، ئەمما سىلەر ئوينىمىدىڭلار، بىز يىغلاپ قېقىلىپ كەتسەك، سىلەر يىغلىمىدىڭلار، ـ دەيدىغان كىچىك باللارغا ئوخشايتتى، چۈنكى كىچىك باللار ئوينىغان ۋاقىتلىرىدا خۇشاللىقىدىن چوڭلارنى دوراپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ، خاپا بولسا يىغلايدۇ. ئۇلار تېز خاپا بولۇپ، يەنە تېزلا خۇش بولىدۇ.

يەھۇدىيلار ھەزرىتى يەھيا (ئەلەيھىسسالام) ۋە ھەزرىتى ئىسا (ئەلەيھىسسالام) نىڭ خىزمىتىگە مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلاتتى.

ھەزرىتى يەھيا ئۇلارغا ھەسرەتلەنگەن، كۆزلىرى ياش بىلەن تولغان، ئۇلارنىڭ يېگىنىنى يېمەي، ئىچكىنىنى ئىچمىگەن، ئىنسانلارغا ئارىلاشمىغان ھالدا ئىبادەت قىلغۇچى زاھىت پەيغەمبەر ئىدى. كۆپىنچە كىشىلەر ئۇنىڭغا قاراپ: ئۇنىڭدا جىن بار، ـ دەپ، ئۇنىڭغا ئەگەشمىگەن ئىدى. كېيىن كەلگەن ئىسا ئەيش ـ ئىشارەتكە بېرىلگەن ۋە گۇناھكارلار بىلەن بىرگە چاقىرىلغان يەرلەردە، بايراملاردا يېگەن ـ ئىچكەن ھالدا كەلدى. ئىسا نەپسىگە بېرىلمەسلىك ۋە پاكلىقتا شۇنچىلىك دەرىجىدە ئۈلگە بولغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئۇنى ئاچكۆز، هاراقكەش، شەھۋەتكە بېرىلىدىغانلارنى ۋە گۇناھكارلارنى سۆيىدىغان بىرى دەپ قاراپ ئېتىراپ قىلمىدى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدىكى، بۇ نەسىل تەسىرلەنگەن ۋە تەۋبە قىلغانلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، خۇددى كىچىك باللاردەك كېرەكسىز نەرسىلەر بىلەن ھەپىلىشىدىغان، ھېچقانداق نەرسىدىن تەسىرلەنمەيدىغان، ھېچقانداق ئىش ئۇلارنى تەۋبىگە يېتەكلىيەلمەيدىغان نەسىل ئىدى.

ئىسا بۇ نەسىلنى ئىمانسىزلىقى ۋە تەۋبە قىلماسلىقى سەۋەبىدىن ئۈمۈمىيۈزلۈك ئەيىبلىگەندىن كېيىن، كۆپىنچە مۆجىزە مەيدانغا كەلگەن شەھەرلەرنى ئەيىبلەشكە باشلىدى. چۈنكى بۇ شەھەر ئاھالىلىرى مۆجىزىلەرنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ئىمان ئېيتمىغان ۋە تەۋبە قىلمىغان ئىدى. ئۇ: ”كورازىن ۋە بەيتۇ سايدادا مەيدانغا كەلگەن مۆجىزىلەر سۇر ۋە سىدون شەھەرلىرىدە مەيدانغا كەلگەن بولسا، بۇ ئىككى شەھەر ئاھالىسى پۇشايمان قىلىپ، سەمىمىي ھالدا تەۋبە قىلغان بولاتتى“ دەپ كورازىن ۋە بەيتۇ سايدانى ئالاھىدە تىلغا ئالدى. يەھۇدىيلارنىڭ بۇ ئىككى شەھىرى بۇزۇقچىلىق، نومۇسسىزلىق ۋە پەسكەشلىكتە (بۇندىن بۇرۇن مۇشۇ سەۋەب بىلەن ۋەيران بولغان) ئالدىنقى ئىككى شەھەردىن ئېشىپ چۈشكەن ئىدى. شۇڭا سۇر ۋە سىدون ئاھالىسى قىيامەت كۈنىدە كورازىن ۋە بەيتۇ سايدا ئاھالىسىدىن يېنىك ئازاب تارتىدۇ.

ئاندىن كېيىن يەھۇدىي شەھەرلىرى ئىچىدە مۆجىزە ئەڭ كۆپ مەيدانغا كەلگەن كەفەرناھۇم شەھەرىنى غەزەپ بىلەن سۆكتى ۋە ئەيىبلىدى. بۇ شەھەردە دەھشەتلىك تۆھمەتكە ۋە جاپاغا قالغان ئىسا: «سەن ئۆزەڭنى ئاسمانغا كۆتۈرۈلمەن دەپ ئويلامسەن؟ ياق، سەن ئۆزەڭنى دوزاخقا چۈشۈرسەن» دېگەنىدى. ھەزرىتى ئىسا بۇرۇنقى يەھۇدىي شەھىرى سەدۇمدا مەيدانغا كەلگەن مۆجىزىلەر بىلەن ئۆز دەۋرىدە كەلگەن مۆجىزىلەرنى سېلىشتۇرۇپ، ئۆزىگە بېرىلگەن مۆجىزىلەرنىڭ ئالاھىدە كاتتا (مۆجىزە) ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. شۇنداق تۇرۇپمۇ، سەدۇم ئاھالىسى قىيامەت كۈنىدە كەفەرناھۇم ئاھالىسىدىن يېنىك جازاغا تارتىلىدۇ.

ھەزرىتى ئىسا سەدۇم ئاھالىسىنىڭ گۇناھ ۋە خاتالىقلىرى تۈپەيلىدىن ھالاك بولغانلىقىنى ئەسكەرتتى. ئۇ كەفەرناھۇم بىلەن سەدۇمنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق كەفەرناھۇمنىڭ بەكرەك گۇناھكار ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. ئىنجىلدىكى بۇ جۈملىلەردىن ھەزرىتى ئىسانىڭ ئۆز دەۋرىدىكى نەسىلدىن تارتقان ئازابلىرىنى كۆرۈۋالايمىز. بۇ جۈملىلەر ئۇنىڭ ئويناىدىغان كىچىك بالىدىن پەرقى يوق. ياخشى سۆزلەر دىلىنى ئېرىتەلمەيدىغان، دەرىجىدىن تاشقىرى مۆجىزىلەر تەسىر قىلمايدىغان، ئەكسىچە تېخىمۇ چوڭراقىنى تەلەپ قىلىدىغان قەۋمىنىڭ ئىچىدە تارتقان جاپاسىنى، چەككەن ئەزىيىتىنى بايان قىلىدۇ. ئۇلۇغ الله تائالا كىشىنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرىدىغان مۆجىزىلەر بىلەن ئىساغا قايتا ياردەم قىلدى. مۆجىزىلەر الله نىڭ پەيغەمبىرىنى تەستىقلاش، ئۇنىڭغا ياردەم بېرىش، ئىمان ئېيتقانلارنىڭ كۆپىيىشى، شۇنداقلا ئۆز ئىرادىسى بىلەن ئەركىن ھالدا ئىنكار قىلغانلارنىڭ كۆپىيىشى ئۈچۈن، پەيغەمبەرگە بېرىلگەن قورالدۇر. ئاخىرىدا، الله ھەر ئىككى تەرەپتىن ھېساب ئالىدۇ. الله نىڭ مەريەم ئوغلى ئىساغا بەرگەن مۆجىزىلىرىدىن يەنە بىرى ھەۋارىيلارنىڭ ئاسماندىن نازۇ ـ نېمەتلەر بىلەن تولغان داستىخان چۈشۈرۈپ بېرىش تەلىپىنى قوبۇل قىلىشىدۇر.

ئۇلۇغ الله مائىدە سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ئۆز ۋاقتىدا ھەۋارىيلار: «ئى مەريەم ئوغلى ئىسا! رەببىڭ بىزگە ئاسماندىن ئۈستىدە تاماق بار داستىخان چۈشۈرۈپ بېرەلەمدۇ؟» دېدى. ئىسا: «ئەگەر (الله نىڭ قۇدرىتىگە) ئىشەنسەڭلار (بۇنداق سوئاللارنى بېرىشتە) الله دىن قورقۇڭلار» دېدى. ئۇلار: «بىز ئۇنىڭدىن يېيىشنى، كۆڭلىمىزنىڭ تېنچلىنىشىنى، سۆزۈڭنىڭ راستلىقىنى بىلىشنى ۋە پەيغەمبەرلىكىڭگە گۇۋاھچىلاردىن بولۇشنى ئىرادە قىلىمىز» دېدى. مەريەم ئوغلى ئىسا: «ئى پەرۋەردىگارىمىز الله! بىزگە ئۈستىدە تاماق بار داستىخان چۈشۈرگىن، بۇ كۈن بىزلەرگە ۋە بىزدىن كېيىنكىلەرگە بايرام بولۇپ قالسۇن، ئۇ داستىخان سەندىن بىزگە (قۇدرىتىڭنى ۋە پەيغەمبەرلىكىمنى كۆرسىتىدىغان) بىر مۆجىزە بولۇپ قالسۇن. بىزگە رىزىق بەرگىن، سەن رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ياخشىسىسەن» دېدى. الله (ئىسانىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ): «ئۇنى مەن سىلەرگە چوقۇم (ئاسماندىن) چۈشۈرىمەن،

سىلەردىن كىمكى شۇنىڭدىن كېيىن كاپىر بولسا، ئۇنى شۇنداق بىر ئازاب بىلەن ئازابلايمەنكى، ئەھلى جاھاندىن ھېچ كىشىنى مۇنداق ئازابلىمايمەن» دېدى﴾ .

ھەۋارىلارنىڭ: ئى مەريەم ئوغلى ئىسا! رەببىڭنىڭ كۈچى يېتەمدۇ؟ ـ دېيىشى بىزنى ئىنتايىن ھەيران قالدۇرىدۇ. ئايەتنىڭ مەنىسىدىن كىشىنىڭ ئەقلىگە دەرھال: ھەۋارىلار اللە نىڭ قۇدرىتىدىن گۇمان قىلامدۇ ـ قانداق؟ ـ دېگەن سوئال كېلىدۇ. ئۇلار ئىسانىڭ اللە قا ئىمان ئېيتقان مۇرتلىرى (شاگىرتلىرى، تالىبلىرى، ئوقۇغۇچىلىرى) تۇرسا، ئۇنداق بولۇشى مۇمكىنمۇ؟

تەپسىر ئالىملىرى بۇ ئايەت توغرىسىدا ھەرخىل قاراشقا ئىگە. بەزى ئالىملار ھەۋارىلارنىڭ: «رەببىڭنىڭ كۈچى يېتەمدۇ؟» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى: «رەببىڭ ھەممىگە قادىرمۇ؟» دېگەنلىكتۇر. ھەۋارىلار دەسلەپدە اللە نى ھەقىقىي ھالدا تولۇق چۈشەنمەي، بۇ خىل سوئال سورىغانلىقى ئۈچۈن ئەيىپ قىلىنىدۇ. شۇڭا ئىسا ئۇلارغا: «ئەگەر ئىشەنسەڭلار اللە تىن قورقۇڭلار» يەنى اللە نىڭ قۇدرىتىدىن گۇمانلانماڭلار، ـ دېگەن ئىدى دەپ قارايدۇ. قۇرتۇبى بۇ تەپسىرنى رەت قىلىدۇ. قۇرئانغا قارىغاندا، ھەۋارىلار اللە نىڭ يارەدەمچىسىدۇر. اللە نىڭ يارەدەمچىلىرىنىڭ اللە نىڭ كۈچىنى بىلمەسلىكى ياكى ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىشى جائىز ئەمەس. يەنى بەزى ئالىملار: "بۇ سۆزلەرنى ھەۋارىلارنىڭ يېنىدىكى باشقا يەھۇدىيلار ئېيتقان، ھەۋارىلار پەقەت ئىساغا يەتكۈزگەن" دەپ قارىشىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، بۇ ئايەتنى باشقىچە مەنىدە ئوقۇغانلارمۇ بار. ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئايەتنى: «رەببىڭگە دۇئا قىلساڭ ياكى ئۇنىڭدىن تىلىسەڭ بولامدۇ؟» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان باشقىچە بىر شەكىلدە ئوقۇغان ئىدى. بەزى سوپىلار مۇنداق دەپ قارايدۇ: ھەۋارىلار اللە نىڭ كۈچىنى (قۇدرىتىنى) بىلمەيتتى. ئۇلار اللە نى چوڭقۇر سۆيگەچكە ئۇنىڭ قۇدرىتىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىپ بۇ سوئالنى سورىغان ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇ ئەھۋالى (دەرىجىسى پەرقلىق) تۆۋەندىكى سۆزلەرنى سۆزلىگەن ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشايدۇ.

﴿«پەرۋەردىگارىم! ئۆلۈكلەرنى قانداق تىرىلدۈرىدىغانلىقىڭنى ماڭا كۆرسەتكىن» دېدى. اللە: «(ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرەلەيدىغانلىقىمغا) ئىشەنمىدىڭمۇ؟» دېدى. ئىبراھىم: «ئىشەندىم، لېكىن كۆڭلۈم (تېخىمۇ) قارار تاپسۇن ئۈچۈن (كۆرۈشنى تىلەيمەن)» دېدى﴾ .

دېمەك، ھەۋارىلار خۇددى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دېگىنىدەك: «كۆڭلىمىزنىڭ قارار تېپىشىنى (خاتىرجەم بولۇشىنى) ئۈمىد قىلىمىز» دېگەن ئىدى. بۇ بىزنىڭ كۆڭلىمىزنىمۇ تەسكىن تاپقۇزغان تەپسىردۇر. ھەزرىتى ئىسا ئۇلارنىڭ سوئالىغا مۇنداق

سۈرە مائىدە 113 ــ 115 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
سۈرە بەقەرە 260 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

جاۋاب بەردى: ﴿«ئەگەر (الله نىڭ قۇدرىتىگە) ئىشەنسەڭلار (بۇنداق سوئاللارنى بېرىشتە) الله دىن قورقۇڭلار» دېدى﴾

يەنى كۆپ سوئال سوراشتىن ۋە الله نى سىناشتىن ساقلىنىڭلار. چۈنكى مۆجىزىلەر بىلەن تەڭ بېشىڭلارغا قانداق ئىشلار كېلىدىغانلىقىنى سىلەر بىلمەيسىلەر.

«ئەگەر ئىشەنسەڭلار» دېگەن سۆز شۇنى بىلدۈرىدىكى، سىلەرگە كۆرسەتكەن مۆجىزىلىرىم يېتەرلىكتۇر.

﴿ئۇلار: «بىز ئۇنىڭدىن يېيىشنى، كۆڭلىمىزنىڭ تېنچلىنىشىنى، سۆزۈڭنىڭ راستلىقىنى بىلىشنى ۋە پەيغەمبەرلىكىڭگە گۇۋاھچىلاردىن بولۇشنى ئىرادە قىلىمىز» دېدى﴾. ئىسا ھەۋارىيلارنى چەكلىگەندىن كېيىن، ھەۋارىيلار ئۆزلىرىنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇ سوئالنى سوراشقانلىقىنى چۈشەندۈردى. ھەزرىتى ئىسا تېخىغا چىققاندا، ئۇنىڭغا بەش مىڭ ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق كىشى ئەگىشىپ ماڭاتتى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ھەۋارىيلار ۋە ئۇلار بىلەن بىللە بولغانلار، يەنە بىر قىسمى دۈشمەنلىرى ئىدى. بۇ ھەقتە مۇنداق دېيىلىدۇ: ئۇلار يېنىغا ھېچقانداق يېمەكلىك ئالماستىن روزا تۇتتى. ھەۋارىيلار بىلەن بىللە تۇرغان كىشىلەر: ئىسادىن سوراپ بېقىڭلار! بىزگە ئاسماندىن يېمەك بار داستىخان چۈشۈرۈپ بېرىشكە رەببىگە دۇئا قىلامدىكىن،- دېيىشتى. ھەۋارىيلار قەۋمىنىڭ بۇ سۆزىنى ئىساغا يەتكۈزدى. ئىسا ئۇلارغا بۇنىڭدىن ئاۋۋالقى مۆجىزىلەرگە قانائەت قىلىشنى ئېيتقاندا، ئارزۇلىرىنى توغرا چۈشەندۈرۈپ ئۇنىڭغا تەكرار مۇنداق دېدى:

﴿بىز ئۇنىڭدىن يېيىشنى،﴾ .

يېنىدا يېگۈدەك بىر نەرسىلىرى بولمىغاندىن كېيىن قورساقلىرى ئاچقان ئىدى.

﴿كۆڭلىمىزنىڭ تېنچلىنىشىنى﴾.

ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ كۆڭلىنىڭ قارار تاپقىنىدەك ھەۋارىيلارنىڭمۇ كۆڭلىنىڭ قارار تېپىشى . ئەگەشكەنلەرنىڭ ئىسانىڭ الله تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە كۆڭلىدىن ئىشىنىشى، دۈشمەنلىرىنىڭ كۆڭلىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ گۇمراھلىقتا ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشى ئۈچۈن كېيىنكى سۆزلىرى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئالغان مەسئۇلىيەتلىرىنى ئۆز ئۈچىگە ئالىدۇ.

﴿سۆزۈڭنىڭ راستلىقىنى بىلىشنى﴾ .

يەنى سېنىڭ الله نىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىڭنى بىلىمىز.

﴿ۋە پەيغەمبەرلىكىڭگە گۇۋاھچىلاردىن بولۇشنى ئىرادە قىلىمىز» دېدى﴾ .

سۈرە مائىدە 112 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
سۈرە مائىدە 113 ـ ئايەت.
سۈرە مائىدە 113 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
سۈرە مائىدە 113 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
سۈرە مائىدە 113 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

يەنى بىز بۇنى ۋە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك خەۋەرلەرنى يەتكۈزەيلى.

﴿مەريەم ئوغلى ئىسا: «ئى پەرۋەردىگارىمىز الله! بىزگە ئۈستىدە تاماق بار داستىخان چۈشۈرگىن، بۇ كۈن بىزلەرگە ۋە بىزدىن كېيىنكىلەرگە بايرام بولۇپ قالسۇن، ئۇ داستىخان سەندىن بىزگە (قۇدرىتىڭنى ۋە پەيغەمبەرلىكىمنى كۆرسىتىدىغان) بىر مۆجىزە بولۇپ قالسۇن. بىزگە رىزىق بەرگىن. سەن رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ياخشىسىسەن» دېدى﴾. [1]

ئىسا ھەۋارىيلارنىڭ بۇ تەلىپى بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، يۇڭ كىيىمنى سېلىپ، ئىبادەت كىيىمنى كىيدى. ئاندىن ئىككى پۇتنى جۈپلەپ ئوشۇقنى ئوشۇقىغا چاپلاپ، باش بارمىقنى بىرلەشتۈرۈپ، ئوڭ قولىنى سول قولىنىڭ ئۈستىگە قويدى ۋە الله قا ئىتائەتمەنلىك بىلەن بېشىنى ئەگدى. كۆزلىرىدىن ئاققان ياشلار ساقىلىدىن سىرىلىپ كۆكسىگە ئېقىپ چۈشتى.

﴿«ئى پەرۋەردىگارىمىز الله! بىزگە ئۈستىدە تاماق بار داستىخان چۈشۈرگىن دېدى. الله (ئىسانىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ): «ئۇنى مەن سىلەرگە چوقۇم (ئاسماندىن) چۈشۈرىمەن﴾ دېدى.

ئىككى بۇلۇت ئارىسىدا غايەت زور داستىخان زېمىنغا چۈشتى. بۇلۇتنىڭ بىرى داستىخاننىڭ ئۈستىدە، يەنە بىرى داستىخاننىڭ ئاستىدا ئىدى. ئىسا: پەرۋەردىگارىم! بۇنى بىزگە رەھمەت قىلىپ بەرگىن! پىتنىگە سەۋەب قىلمىغىن! ـ دېدى. داستىخان ھەزرىتى ئىسانىڭ ئالدىغا چۈشتى. ئۈستىدە بىر پەردە بار ئىدى. ھەزرىتى ئىسا ۋە ئۇنىڭ ھەۋارىيلىرى سەجدىگە يىقىلدى. داستىخاندىن بۇرۇن ھېچكىم پۇراپ باقمىغان مىزىلىك پۇراق كېلەتتى.

ئىسا: ئاراڭلاردا كىم الله قا ئەڭ كۆپ ئىبادەت قىلغان ۋە ئۇنىڭغا باغلانغان بولسا، ئۇ داستىخاننى ئاچسۇن! الله نىڭ ئىسمىنى زىكىر قىلغان ۋە ئۇنىڭغا ھەمدۇ ئېيتقان ھالدا نېمەتلەرنى يەيلى، ـ دېدى. ھەۋارىيلار: ئى الله نىڭ روھى! بۇنىڭغا سەن ئەڭ لايىقسەن، ـ دېيىشتى. ھەزرىتى ئىسا ئالدى بىلەن تاھارەت ئېلىپ ئىخلاس بىلەن ناماز ئوقىدى ۋە الله قا دۇئا قىلدى. ئاندىن كېيىن داستىخانغا ئولتۇردى ۋە ئۇنى ئاچتى. شۇنداق قارىسا، داستىخاندا قىلتىرىقسىز، ياغدەك سىلىق، پىشۇرۇلغان بىر بېلىق تۇراتتى.

ئۇلار سوراشتى: ئى الله نىڭ روھى! بۇ دۇنيانىڭ تائامىمۇ ياكى جەننەتنىڭ تائامىمۇ؟ ئىسا ئېيتتى: الله سىلەرنى بۇ خىل سوئاللارنى سوراشتىن چەكلىمىدىمۇ؟ داستىخاندىكى تاماق جەننەت نېمىتىمۇ ئەمەس، دۇنيا نېمىتىمۇ ئەمەس، بەكلى الله نىڭ چەكسىز قۇدرىتى بىلەن تەييارلانغان تاماقتۇر. الله ئۇنىڭغا: ۋۇجۇتقا كەل! ـ دېدى، ئۇ ۋۇجۇدقا كەلدى.

---

[1] سۈرە مائىدە 113 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
سۈرە مائىدە 114 ـ ئايەت.
سۈرە مائىدە 114 ـ 115 ـ ئايەتلەر

مۇپەسسىرلەر داستىخاندىكى نېمەت ھەققىدە: ئۇ بېلىقمىدۇ، گۆشمىدۇ، نانمىدۇ ياكى مېۋىمىدۇ؟ ـ دەپ مۇنازىرە قىلىشتى. بىز بۇنداق سوئاللارنى ئەھمىيەتسىز دەپ قارايمىز. بىز ئۈچۈن مۇھىمى ھەزرىتى ئىسانىڭ مۇنۇ سۆزلىرىدۇر: «ئۇ اﷲ نىڭ چەكسىز قۇدرىتى بىلەن ياراتقان بىر نېمىتىدۇر. اﷲ ئۇنىڭغا: ۋۇجۇتقا كەل! ـ دېدى. ئۇ ۋۇجۇتقا كەلدى.»

مانا بۇ، داستىخان مۆجىزىسىنىڭ ھەقىقىتىدۇر. ئۇ اﷲ نىڭ بىر ئىشارىتىدۇر. اﷲ نىڭ ئۇنى ئىنكار قىلغانلارنى دۇنيادا ھېچكىم كۆرمىگەن ئازاب بىلەن ئازابلايدىغانلىقىنىڭ ئىشارىتىدۇر. ئالىملار داستىخاننىڭ چۈشكەن ياكى چۈشمىگەنلىكى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشتى. ئەمما زور كۆپچىلىكى اﷲ تائالانىڭ تۆۋەندىكى سۆزىگە ئاساسلىنىپ ئۇنىڭ چۈشكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. اﷲ مۇنداق دەيدۇ: ﴿«ئۇنى مەن سىلەرگە چوقۇم (ئاسماندىن) چۈشۈرىمەن﴾ .

ئۇ داستىخاندىكى نېمەتلەرنى مىڭلىغان كىشىلەر يەپمۇ تۈگىتەلمىگەنلىكى، بۇ نېمەتنى يېگەن كورلارنىڭ كۆرىدىغان، بەرەس كېسەللىرى ۋە پالەچلەرنىڭ سەللىمازا ساقىيىپ كەتكەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

ھەزرىتى ئىسانىڭ ھەۋارىيلىرى ۋە ئەگەشكۈچىلىرى داستىخان چۈشۈرۈلگەن بۇ كۈننى بىر مەزگىلگىچە بايرام كۈنى قىلىپ تەبرىكلىگەن ئىدى. ئەمما شۇندىن كېيىنكى يىللاردا بۇ كۈن ئاستا ـ ئاستا ئۇنتۇلۇپ كەتتى. ھەتتا ئۇلار ئېتىراپ قىلىنغان ئىنجىلدىمۇ بۇ توغرۇلۇق خەۋەر بېرىلمىگەن. مائىدە سۈرىسىدىكى داستىخان مۆجىزىسىدىن كېيىن، ئۇلۇغ اﷲ ھەزرىتى ئىسا ھەققىدە باشقا بىر ئەھۋالنى تىلغا ئالىدۇ. ئۇلۇغ اﷲ داستىخان مۆجىزىسىدىن كېيىن مۇنداق دېگەن: ﴿«ئى مەريەم ئوغلى ئىسا! سەن كىشىلەرگە، اﷲ نى قويۇپ مەن بىلەن ئانامنى ئىككى ئىلاھ قىلىۋېلىڭلار، دېدىڭمۇ؟» ئىسا ئېيتتى: «(رەببىم!) شەنىڭگە لايىق ئەمەس نەرسىلەردىن سېنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەنكى، ماڭا ئېيتىشقا تېگىشلىك بولمىغان سۆزلەرنى مەن ئېيتمايمەن. ئەگەر مەن بۇ سۆزنى ئېيتقان بولسام، ئۇنى سەن چوقۇم بىلىسەن (يەنى مېنىڭ ئۇنداق دېمىگەنلىكىم ساڭا مەلۇملۇق) . سەن مېنىڭ زاتىمدىكىنى بىلىسەن، مەن سېنىڭ زاتىڭدىكىنى بىلمەيمەن، غەيبلەرنى ناھايىتى ئوبدان بىلىسەن. مەن ئۇلارغا پەقەت سەن مېنى ئېيتىشقا بۇيرۇغان سۆزنى، يەنى مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ۋە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار بولغان اﷲ قا ئىبادەت قىلىڭلار، دېدىم. مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بولغان مۇددەتتە، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى كۆزىتىپ تۇرغان ئىدىم، مېنى قەبزى روھ قىلغىنىڭدىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى سەن كۆزىتىپ تۇرغان ئىدىڭ، سەن ھەممە نەرسىدىن خەۋەردارسەن. ئەگەر ئۇلارغا ئازاب قىلساڭ، ئۇلار سېنىڭ بەندىلىرىڭدۇر، (ئۇلارنى خالىغىنىڭچە تەسەررۇپ قىلىسەن). (ساڭا ھېچ ئەھەدى تەئەررۇز قىلالمايدۇ). ئەگەر ئۇلارغا (يەنى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى تەۋبە قىلغانلارغا) مەغپىرەت قىلساڭ، سەن (ئىشىڭدا) غالىب، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇرسەن» . اﷲ ئېيتىدۇ: «بۇ كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى) راستچىللارنىڭ راستچىللىقى ئۆزىگە پايدا

[8] سۈرە مائىدە 115 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قىلىدىغان كۈندۇر. ئۇلار ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ. الله ئۇلاردىن رازى بولىدۇ. ئۇلار الله دىن مەمنۇن بولىدۇ. بۇ زور بەختتۇر». ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلاردىكى مەۋجۇداتنىڭ پادىشاھلىقى الله غا مەنسۇپتۇر. الله ھەر نەرسىگە قادىردۇر﴾.

مائىدە سۈرىسى بۇ ئايەتلەر بىلەن ئاياغلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، قۇرئان داستىخان مۆجىزىسىدىن بىراقلا قىيامەت كۈنىدىكى ئۇلۇغ الله بىلەن مەريەم ئوغلى ئىسا ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەتكە ئۆتىدۇ.

الله نىڭ ئىساغا بەرگەن مۆجىزىلىرىنىڭ پەۋقۇلئاددە بۈيۈكلىكى كېيىنكى قەۋم ئۈچۈن پىتنىگە سەۋەب بولدى. ئۇلار ئىسانى ئىلاھ دەپ قاراشتى. ئۇنىڭ مۆجىزىلىك ھېكمىتىنى چۈشىنەلمەي پىتنە ـ پاسات ئىختىلاپىغا چۈشتى. ئۇلۇغ الله قىيامەت كۈنى بۇ ھەقتە سوئال سورايدۇ: ﴿«ئى مەريەم ئوغلى ئىسا! سەن كىشىلەرگە، الله نى قويۇپ مەن بىلەن ئانامنى ئىككى ئىلاھ قىلىۋېلىڭلار، دېدىڭمۇ؟»﴾.

ئالىملار: گەرچە بۇ سوئالدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس، ـ دېيىشىدۇ. چۈنكى الله ئىسانىڭ نېمە دېگەنلىكىنى بىلىدۇ. شۇڭا بۇ يەردە بىلدۈرمەكچى بولغان مەنا باشقىدۇر. يەنى بۇ توغرىدا ئۇلۇغ الله ئىساغا قەۋمىنىڭ ئۇنىڭدىن كېيىن بۇيرۇقلىرىنى ئۆزگەرتكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ھەققىدە تۆھمەت ئويدۇرغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن سورىغانلىقىنى ئېيتقاندۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، الله نىڭ بۇ يەردىكى مەقسىتىنىڭ ئۇنىڭ ئەقىدىسىنى ئۆزگەرتكەنلەرنى ئەيىبلەش ئىكەنلىكىنى ئېيتقانلارمۇ بار. بىز بۇ ئىككى پىكىردىن باشقا يەنە بىر مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دەپ پەرەز قىلىمىز. ئۇلۇغ الله ئاخىرقى كىتابىدا قەۋمىنىڭ كېيىن ئويدۇرۇپ چىقارغانلىرىدىن ئىسانىڭ پاك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشنى مەقسەت قىلغان.

قۇرئان ئۆتكەن زامان تىلى بىلەن قىيامەت كۈنى يۈز بېرىدىغان كېلەچەكتىكى غەيبنى ئاشكارىلىغان. بۇ غەيب ئىسانىڭ ھەققىي ئەھۋالىنى ئىزاھلاش ئۈچۈن دۇنيادىكىلەرگە ئاشكارىلانغان. ئۇلۇغ الله سورايدۇ. مەريەم ئوغلى ئىسا جاۋاب بېرىدۇ. ئىسادەك ئۇلۇغ بىر پەيغەمبەر ئاۋۋال سۇبھانىكە دېگەندىن كېيىن، ئاندىن جاۋاب بېرىدۇ. جاۋاب بېرىشنى ئاۋۋال سۇبھانىكە (سەن پاكتۇرسەن) دەپ مەدھىيىلىگەن سۆزى بىلەن باشلايدۇ.

ئىمام قۇرتۇبى ئۆز كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: الله تائالا ئىساغا: «سەن كىشىلەرگە: الله نى قويۇپ مەن بىلەن ئانام ئىككىمىزنى ئىككى ئىلاھ قىلىۋېلىڭلار! ـ دېدىڭمۇ؟» دېگىنىدە، ئىسانى شۇنداق بىر تىترەك باستۇكى، ھەتتا سۆڭەكلىرىنىڭ غىچىرلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ. ئۇ: ﴿«(رەببىم!) شەنىڭگە لايىق ئەمەس نەرسىلەردىن سېنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەنكى، ماڭا ئېيتىشقا تېگىشلىك بولمىغان سۆزلەرنى مەن ئېيتمايمەن، ئەگەر

سۈرە مائىدە 116 ــ 120 ـ ئايەتكىچە.

سۈرە مائىدە 116 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

مەن بۇ سۆزنى ئېيتقان بولسام، ئۇنى سەن چوقۇم بىلىسەن (يەنى مېنىڭ ئۇنداق دېمىگەنلىكىم ساڭا مەلۇملۇق) ﴾.

يەنى: ماڭا ھەقسىز سۆزلەرنى سۆزلەش ياراشمايدۇ. ئەگەر بۇ سۆزلەرنى ئېيتقان بولسام، سەن ئۇنى چوقۇم بىلىسەن. ـ دېدى. ئىسا بۇ يەردە الله نىڭ ئىلمىگە مۇراجىئەت قىلدى. الله ئەلۋەتتە ئۇنىڭ بۇنداق دېمىگەنلىكىنىمۇ بىلەتتى. ﴿سەن مېنىڭ زاتىمدىكىنى بىلىسەن، مەن سېنىڭ زاتىڭدىكىنى بىلمەيمەن﴾.

يەنى سەن مېنىڭ يوشۇرغىنىمنى بىلىسەن، ئەمما مەن سېنىڭ غەيب ئىلمىڭنى بىلمەيمەن. سەن مېنىڭ سىرلىرىمنى، يارىتىلغان نەپسىمنىڭ ئىچىدىكىلەرنى بىلىسەن. مەن سەن بىلدۈرگەن نەرسىلەردىن باشقا ھېچنىمە بىلمەيمەن.

﴿غەيبلەرنى ناھايىتى ئوبدان بىلىسەن﴾ يەنى مەن زېمىندىن ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇلار ئويدۇرغان تۆھمەتلەرنى پەقەت سەنلا بىلىسەن.

﴿مەن ئۇلارغا پەقەت سەن مېنى ئېيتىشقا بۇيرۇغان سۆزنى، يەنى مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ۋە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار بولغان الله غا ئىبادەت قىلىڭلار. دېدىم﴾.

مەريەم ئوغلى ئىسانىڭ ئېلىپ بارغان دەۋىتىنىڭ مەزمۇنى بۇدۇر. ئۇ باشتىن ـ ئاخىر يالغۇز، شېرىكى بولمىغان الله قا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرىدى.

﴿مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بولغان مۇددەتتە، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى كۆزىتىپ تۇرغان ئىدىم﴾

يەنى ئۇلار بىلەن بىللە تۇرغان ۋاقتىمدا بۇيرۇغۇم بىلەن ئۇلارنى تىزگىنلەپ، نازارەت قىلىپ تۇرغان ئىدىم.

﴿مېنى قەبزى روھ قىلغىنىڭدىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى سەن كۆزىتىپ تۇرغان ئىدىڭ﴾.

الله نىڭ كىتابىدا دۇنيادىن ئايرىلىپ ۋاپات بولۇش ئۈچ خىل شەكىلدە بولىدۇ. بىرىنچى، ئۆلۈم بىلەن دۇنيادىن ئايرىلىش (ۋاپات بولۇش). چۈنكى الله بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿ئىنسانلار ئۆلىدىغان چاغلىرىدا، الله ئۇلارنىڭ جانلىرىنى ئالىدۇ﴾ يەنى ئەجىلى توشقان مەنىسىدە. ئىككىنچىسى، ئۇيقۇ ۋاپاتى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿الله سىلەرنى كېچىسى ئۇخلىتىدۇ﴾.

سۈرە مائىدە 116 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
سۈرە مائىدە 116 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
سۈرە مائىدە 116 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
سۈرە مائىدە 117 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
سۈرە مائىدە 117 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
سۈرە مائىدە 117 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
سۈرە زۇمەر 42 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
سۈرە ئەنئام 60 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇچىنچىسى، ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈش ۋاپاتى. اللە تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئۆز ۋاقتىدا اللە ئېيتتى: «ئى ئىسا! مەن سېنى (ئەجىلىڭ يەتكەندە) قەبزى روھ قىلىمەن، سېنى دەرگاھىمغا كۆتۈرىمەن، (يەنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىمەن)﴾. □

بۇنىڭ بىلەن، ئىسا ئۇلارنىڭ ئۆزى ھەققىدە ئېيتقانلىرىدىن، چاپلىغان تۆھمەتلىرىدىن پاك ئىكەنلىكىنى، دەۋەتنىڭ تەۋھىدتىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى، ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلغانلىقىنى، ئۇنىڭغا قارشى چىقمىغانلىقىنى جاكارلىدى.

ئىسا اللە نىڭ رەھمىتىنى تىلەشنى داۋاملاشتۇرىدۇ: ﴿ئەگەر ئۇلارغا ئازاب قىلساڭ، ئۇلار سېنىڭ بەندىلىرىڭدۇر، (ئۇلارنى خالىغىنىڭچە تەسەررۇپ قىلىسەن). (ساڭا ھېچ ئەھەدى تەئەررۇز قىلالمايدۇ)﴾ □ يەنى سەندىن باشقا ياراتقۇچى ھۆكۈمران يوق، مۈلۈك ۋە ھۆكۈمدە سېنىڭ شېرىكىڭ يوقتۇر. نېمىلا بولمىسۇن، ئۇلار سېنىڭ بەندىلىرىڭدۇر. بەندىنىڭ پەرۋەردىگارى ئالدىدا بويۇن ئېگىشتىن باشقا يولى يوقتۇر.

﴿ئەگەر ئۇلارغا (يەنى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى تەۋبە قىلغانلارغا) مەغپىرەت قىلساڭ، سەن (ئىشىڭدا) غالىب، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇرسەن»﴾. □

ئىسا: ئۇلارغا مەغپىرەت قىلساڭ، سەن كۆپ مەغپىرەت قىلغۇچى، مەرھەمەت ئىگىسىسەن، ـ دېمىدى. ئېتىراپ قىلىشنىڭ ئۆزى ھەردائىم اللە قا بويۇن ئېگىش، ئۇنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى، ئۇلۇغلىقىنى ۋە ھۆكمىنى تەستىلاش دېگەنلىكتىن ئىبارەتتۇر.

ھەزرىتى ئىسانىڭ قەۋمى، قانداقلا بولمىسۇن، يەنىلا اللە نىڭ بويىنى پۈكۈك قۇللىرىدۇر. اللە خالىسا، ئۇلارنى تېگىشلىك جازاغا تارتىدۇ. خالىسا، ئۇلارغا مەغپىرەت قىلىدۇ. ئىسا اللە نىڭ سوئالىغا مۇتلەق تەسلىمىيەت بىلەن جاۋاب بەردى. قەۋمىنىڭ ئۆزىدىن كېيىنكى ئويدۇرمىلىرىدىن قۇتۇلدى. سۆزىنىڭ بېشىدا ئۆزىنىڭ اللە نىڭ قۇلى ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلدى. ئاخىرىدا، ئۆزىنى اللە قا تاپشۇرغانلىقىنى زىكىر قىلدى.

﴿اللە ئېيتىدۇ: «بۇ كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى) راستچىللارنىڭ راستچىللىقى ئۆزىگە پايدا قىلىدىغان كۈندۇر﴾. □

ئەزىز ۋە ئۇلۇغ اللە ئىسانىڭ راستچىللىقىنى ماختايدۇ. سۆھبەت قىيامەت كۈنىدە بولغانلىقى ئۈچۈن، اللە مۇنداق دەيدۇ: بۇ، قىيامەت كۈنى راستچىللارنىڭ راستچىللىقى ئۆزىگە پايدا بېرىدىغان كۈندۇر. دۇنيادىكى راستچىللىق بۇ يەردە رەھمەتكە ئايلىنىدۇ.

﴿ئۇلار ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ. اللە ئۇلاردىن رازى بولىدۇ، ئۇلار اللە دىن مەمنۇن بولىدۇ﴾. □

□ سۈرە ئال ئىمران 55 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
□ سۈرە مائىدە 118 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
□ سۈرە مائىدە 118 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
□ سۈرە مائىدە 119 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

دېمەك، بۇ راستچىللارغا بېرىلگەن مۇكاپاتتۇر... جەننەت ۋە ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى بولغىنى بولسا، بەندىنىڭ الله دىن رازى بولۇشى، الله نىڭمۇ بەندىلەردىن رازى بولۇشىدۇر. بەندىلەرنىڭ رازى بولۇشى دېگەنلىك ـ الله قا قۇللۇق قىلىشتىن سۆيۈنۈشى دېگەنلىكتۇر، الله نىڭ رازى بولۇشى دېگەنلىك بولسا، ئۇنىڭ بەندىسىگە مەرھەمەت قىلىشى دېگەنلىكتۇر.

﴿بۇ زور بەختتۇر»﴾ [] بۇ يەردە الله ئىسانىڭ ۋە پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى بىلدۈرىدۇ.

﴿ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلاردىكى مەۋجۇداتنىڭ پادىشاھلىقى الله غا مەنسۇپتۇر، الله ھەر نەرسىگە قادىردۇر﴾. []

يالغۇز الله مالىكتۇر، يالغۇز ئۇلا ياراتقۇچىدۇر، پەقەت ئۇلا ھەممىگە قادىردۇر. ئۇنىڭدىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا قۇلدۇر...

ئەلقىسسە، ئىسا دەۋىتىنى داۋاملاشتۇردى. رەزىللىك ئۆز تەختىنىڭ گۇمراھ بولۇشى خەۋپىگە دۇچ كېلىۋاتقانلىقىنى چۈشەندى. گۇناھ كۈچلىرى ئۇنىڭغا قارشى ھۇجۇمغا ئۆتتى. يەھۇدىيلار ئۇنىڭغا دۈشمەنلەرچە مۇئامىلە قىلىشقا باشلىدى. ئۇنى سېھىرگەر ۋە شەرىئەتنى بۇزماقچى دەپ ئەيىبلەشتى. ئۇنىڭغا: شەيتانلارنىڭ ياردىمى بىلەن دەرىجىدىن تاشقىرى كۆچكە ئېرىشكەن،ـ دەپ تۆھمەت قىلىشتى. ئەمما نامراتلارنىڭ ئۇنىڭ ئەتراپىدا توپلانغانلىقىنى كۆرۈپ، ئامالسىزلىقتىن ئۇنىڭغا مەخپىي تۇزاق قۇرۇشقا، ئۇنى رىم ھۆكۈمرانلىقىغا يامان كۆرسىتىشكە باشلىدى. دەسلەپتە، رىم ھۆكۈمىتى يەھۇدىيلارنىڭ ئۆز ئىچىدىكى بۇ ئىختىلاپلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئويلاپ بۇ ئىشقا ئارىلاشمىدى. شۇنىڭ بىلەنب سانھەدرىن (ئالىي سوت كومىتېتى دىن ئىشلىرى مەھكىمىسى) ئىساغا قارشى پىلان تۈزۈش ئۈچۈن تەكرار يىغىن چاقىردى. ئۇلار يېڭى بىر پىلان تۈزۈشتى.

يەھۇدىيلار ئىساغا ئامال قىلالماي، ئاخىرى ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى. كاھىنلارنىڭ باشلىقلىرى ھېچكىمگە تۇيدۇرماستىن، ئىسانى تۇتۇش يولىنى مەخپىي كېڭەشتى. دەل بۇ ئەسنادا ئىسانىڭ 12 شاگىرتىدىن بىرى بولغان يەھۇزا ئىسكاريوت دېگەن كىشى ئۇلارنىڭ قېشىغا كېلىپ مۇنداق دېدى: ئەگەر ئۇنى سىلەرگە تۇتۇپ بەرسەم، سىلەر ماڭا نېمە بېرىسىلەر؟

دېمەك، ئۇ خائىن ۋە ئىنكارچىلارنىڭ سېپىگە قوشۇلدى.

يەھۇزا كاھىنلارنىڭ باشلىقلىرى بىلەن سودىلاشتى. كاھىنلار ئۇنىڭغا 30 پارچە كۈمۈش بېرىشكە ماقۇل بولدى. بىر پارچە كۈمۈش مىسىر پۇلىدا ئالتە جۇنەيھكە باراۋەر

---

[] سۈرە مائىدە 119 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[] سۈرە مائىدە 119 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[] سۈرە مائىدە 120 ـ ئايەت.

كېلىدۇ. ئۇ چاغدىكى يەھۇدىي شەرىئىتىدە بۇ يۇلغا بىر قۇل سېتىۋالغىلى بولاتتى (ماتتا ئىنجىلى شەرھى). شۇنداق قىلىپ، ئىسانى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈش قارار قىلىندى.

بۇ ھەقتە مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: يەھۇدىي كاھىنلىرىنىڭ باشلىقى بىر دىنىي يىغىلىشقا يالغاندىن ئويۇن ئويناپ، ئۆزىنىڭ ئىسانى ئىنكار قىلغانلىقىنى ئېيتىپ، ۋارقىراپ - جارقىراپ، كىيىم - كېچەكلىرىنى يىرتتى. يەھۇدىيلارنىڭ ئادىتىدە اللە نى كەمسىتىدىغان بىر ئىشنى ئاڭلىغاندا ياكى كۆرگەندە مۇشۇنداق نارازىلىق بىلدۈرۈلەتتى. شۇنىڭ بىلەن، كاھىنلارنىڭ باشلىقى ئىسانىڭ سۆزى ۋە ئىش - ھەرىكىتىنى اللە نى كەمسىتىش دەپ بۇرمىلاپ، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا قاتتىق غەزەپلەنگەن، اللە نىڭ نامىنى قوغداش ئۈچۈن ئالاھىدە خىزمەت كۆرسىتىۋاتقان قىلىپ كۆرسەتتى. بۇ دەۋرىدە، ئۆلۈم جازاسىنى يەھۇدىي كاھىنلار بېرەلمەيتتى. بۇ ھوقۇق رىمنىڭ ۋالىيسىنىڭ قولىدا ئىدى. لېكىن ئۇلار رىم ۋالىيسىنى ئالدىغان بولۇشى مۇمكىن ياكى ۋالىيغا بۇ مەسىلىنىڭ يەھۇدىيلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئۆرپ - ئادىتى ۋە دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۇنى قايىل قىلغان بولۇشى مۇمكىن. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، ئۇ ئۇلارنىڭ چىقارغان قارارىغا ئارىلاشماسلىقنى توغرا تاپتى. شۇنىڭ بىلەن، ئىسانىڭ تۇتۇلۇپ، كرېستقا مىخلىنىشى ئېنىق بولدى. بۈگۈنكى كۈندە خرىستىئانلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان تۆت ئىنجىل ئىسانىڭ كرېستقا مىخلىنىپ، ئۆلگەندىن كېيىن ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەنلىكىنى بىردەك تەستىقلايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىسانىڭ ھەم ئىنسانىي ھەم ئىلاھىي خاراكتېرى بارلىقى توغرىسىدىمۇ ئوخشاش قاراشتىدۇر. بىز ئاۋۋال بۈگۈنكى خرىستىئان دۇنياسىنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ ئىسا ھەققىدىكى ئېتىقادلىرىنى، ئاندىن كېيىن قۇرئان كەرىم ۋە دىن ئالىملىرى، ھەدىسشۇناسلارنىڭ تىلىدىن ئىسلامنىڭ ئىسا ھەققىدىكى قاراشلىرىنى، ئاخىرىدا مۇسۇلمانلار خرىستىئانلار بىلەن مۇناسىۋەت قىلغاندا، ئۇلارنىڭ كۆز قارىشىغا قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەكلىكىنى سۆزلەپ ئۆتىمىز.

ماتتا ئىنجىلىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: ئىسا تۇتۇلدى. سانھەدرىن (يەھۇدىيلارنىڭ دىن مەھكىمىسى) ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بەردى. ئۇ مەھكىمىنىڭ ئەزالىرى بولغان كاھىنلارنىڭ چوڭلىرى، شەيخلەر ۋە كاتتىباشلار ئۇنىڭغا تىل - ئاھانەت ياغدۇرۇپ، ئۇرۇپ، مەسخىرە قىلىشقا باشلىدى. يۈزىگە تۈكۈرۈپ، مۇشت، شاپىلاق بىلەن ئۇراتتى ۋە مەسخىرە قىلىپ: مەسىھا! سېنى كىمنىڭ ئۇرغانلىقىنى بىزگە خەۋەر قىل! - دېيىشەتتى. ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ: يۈزۈمنى مەسخىرىدىن ۋە تۈكۈرۈشلەردىن قاچۇرمايمەن، ئېڭىكىمنى چاقىدىغانلار بولسا تۇتۇپ بېرىمەن، - دېگەن سۆزى مانا بۇ يەردە ئەمەلىيلەشتى (26 - جىلد).

رىم قانۇنىدا، ئۆلتۈرۈلىدىغان كىشىنىڭ ئاۋۋال كالتەكلىنىشى بەلگىلەنگەن ئىدى. ئىسانىڭ كالتەكلىنىشى ئەمر قىلىنغاندا، گەرچە يەھۇدىي شەرىئىتىدە 40 دەررىدىن ئارتۇق ئۇرۇلماسلىقى بېكىتىلگەن بولسىمۇ، ئەمما رىملىقلار ۋەھشىيلەرچە توختىماي ئۇرىۋەردى. ئاخىرى دۈمبىسى تىتىلىپ، ئېچىلىپ قېلىپ، نەپەس ئالالمىغدەك دەرىجىگە

بارغاندا، ئۇلۇم جازاسىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ھاياتتا قالدۇرۇلۇش نىيىتى بىلەن كالتەكلەشتىن توختىدى. يەنى بىرىنىڭ قۇتقازغۇچىمىزغا مۇشۇنداق قىلىشتى. كالتەكلەش جازاسى ئاخىرلاشقاندا، رىملىق ۋالىي پىلاتوس ئىسانى كرىستقا مىخلاش ئۈچۈن ئەسكەرلىرىگە بۇيرۇق بەردى. بۇ ئەسكەرلەر يەرلىك ئەسكەرلەر بىلەن بىرلىكتە بۇ بۇيرۇقنى ئىسانى قىيناپ، كۆڭۈل ئېچىشنىڭ پۇرستى قىلىۋالدى. ئۇلار ئىسانىڭ كالتەك زەربىسىدىن قانغا بويۇلۇپ كەتكەن كۆينىكىنى سالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇنى مەسخىرە قىلىش ئۈچۈن بىر قىزىل كۆڭلەك كىيگۈزۈپ قويۇشتى. ئاندىن تىكەنلەردىن بىر تاج ياساپ ئۇنىڭ بېشىغا كەيگۈزۈپ، ئوڭ قولىغا بىر قومۇش شېخىنى تۇتقۇزۇپ قويدى. قومۇش شېخى خۇددى ھۆكۈمدارلارنىڭ ئېسىل ھاسىسىدەك كۆرۈنەتتى. ئارقىدىن ئۇنىڭ يۈزىگە تۈكۈرۈپ، قولىدىكى قومۇش شېخىنى تارتىۋالدى. ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن تىكەن تاج كەيدۈرۈلگەن بېشىغا قاتتىق ئۇردى. تىكەنلەر ئىسانىڭ بېشىغا پېتىپ، يۈزى قانغا بويالدى.

ئاندىن ئۇنى كرىستقا مىخلاش ئۈچۈن ئېلىپ مېڭىشتى. ئۇنى تېخىمۇ بەكرەك قىيناش ئۈچۈن، كرىستنى مىخلىنىدىغان يەرگىچە مەھكۇمغا كۆتەرگۈزۈش قائىدىسى يۈرگۈزۈلدى (ماتتا **26**).

شۇنداق قىلىپ، ئاخىرى ئېروسالىم سېپىللىرىنىڭ سىرتىدىكى گولگوتا يەنى باش سۆڭىكى دېگەن يەرگە يېتىپ كېلىشتى. يەھۇدىيلارنىڭ ئادىتىدە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغۇچىنىڭ ئازابىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن پۇراق قوشۇلغان شاراپ بېرىلىشى كېرەك ئىدى. لېكىن ئەسكەرلەر بۇنىڭغا قارشى چىقىپ، ئىساغا زەرداپ سۈيى ئارىلاشتۇرۇلغان قىرتاق سۇ بېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ ھەققىدە بېرىلگەن خەۋەر ئەمەلگە ئاشتى. ئۇ خەۋەر مۇنداق ئىدى: «ئۇلار تامىقىمغا زەرداپ ئارىلاشتۇرىدۇ. ئۇسسىغان چېغىمدا ماڭا سىركە بېرىدۇ».

شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنىڭ پۇت - قوللىرىنى كرىستقا مىخلىدى. كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ ئېلىۋالغاندىن كېيىن كرىستنى ئىسا بىلەن بىرلىكتە تىكلىدى. مەسخىرە قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىككى ئوغرىنىمۇ قوشۇپ كرىستقا مىخلىدى. ئارقىدىن مەسخىرىسىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىسانىڭ بېشىغا بىر بەلگە تىكلەپ قويدى. بەلگە: «بۇ يەھۇدىيلارنىڭ پادىشاھى ئىسادۇر» دەپ يېزىپ قويۇلغان ئىدى (ماتتا ئىنجىلى **26** - جىلد).

ماتتا ئىنجىلىنىڭ **27** - جىلدىدا (**1972** - يىلدىكى نەشرى) مۇنداق دېيىلىدۇ: نىھايەت باش سۆڭىكى دەپ ئاتىلىدىغان يەرگە يېتىپ كەلگەندە، ئۇنىڭغا زەرداپ ئارىلاشتۇرۇلغان شاراپ بېرىلدى. ئىسا ئۇنىڭ تەمىنى تېتىپ بېقىپ ئىچىشنى رەت قىلدى. ئارقىدىن ئۇنى كرىستقا مىخلىدى. ئىسانىڭ: ئۇلار يۇڭ كىيىملىرىمنى ئۆزئارا بۆلۈشۈش ئۈچۈن چەك تارتىدۇ، - دېگەن سۆزىنىڭ ئەمەلىيلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ كىيىملىرىنى بۆلىشىدىغان بولۇپ ئۆزئارا چەك تارتىشتى. ئارقىدىن ئۇنىڭ ئۆلۈشىنى نازارەت قىلىپ

تۆرۈشتى. بېشىنىڭ ئۈست تەرىپىگە: «بۇ يەھۇدىيلارنىڭ پادىشاھى يەسۇئ (ئىسا) دۇر» دېگەن سۆزلەر يېزىلغان بىر بەلگە قويۇپ قويۇلدى.

ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىككى نەپەر ئوغرىمۇ كرىستقا مىخلاندى. ئۇلارنىڭ بىرى ئىسانىڭ ئوڭ تەرىپىدە، يەنە بىرى سول تەرىپىدە ئىدى. يولدىن ئۆتكەن كىشىلەر ئۇنىڭغا ھاقارەت قىلىپ مۇنداق دېيىشەتتى: ئى ئىبادەتخانىنى بۇزۇپ، ئۇنى ئۈچ كۈن ئىچىدە سالىدىغان كىشى! سەن ئۆزەڭنى قۇتقۇز! ئەگەر سەن راستىنلا الله نىڭ ئوغلى بولىدىغان بولساڭ، كرىستتىن پەسكە چۈش!

كاھىنلارنىڭ كاتتىباشلىرى، شەيخ، كاتىپلىرى ئۇنى مەسخىرە قىلىشىپ: باشقىلارنى قۇتقازدى، ئەمما ئۆزىنى قۇتقۇزالمىدى. ئەگەر بەنى ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى بولسا، ھازىر كرىستىن چۈشەلىسە، بىز ئۇنىڭغا ئىشىنەيلى. ئۇ الله قا بەك ئىشىنەتتى. ئەگەر الله ئۇنىڭدىن رازى بولسا، ھازىر ئۇنى قۇتقازسۇن! چۈنكى ئۇ: ”مەن الله نىڭ ئوغلى“ دېدى، ـ دېيىشتى. بۇنىڭدىن باشقا، ئىسا بىلەن بىرلىكتە مىخلانغان ئىككى ئوغرىمۇ ئۇنى ئەيىبلەشتى. سائەت ئالتىدىن توققۇزغىچە بولغان ئارىلىقتا پۈتۈن يەر يۈزىنى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى. سائەت توققۇز ئەتراپىدا ئىسا: ئىلاھىم! ئىلاھىم! مەندىن نېمە ئۈچۈن ئايرىلدىڭ! ـ دەپ قاتتىق ئاۋازدا ۋاقىرىدى. پەستە تۇرۇپ بۇنى ئاڭلىغانلاردىن بەزىلىرى: ئۇ ئىلياغا دەۋاتىدۇ، ـ دېيىشتى. ئۇلاردىن بىرى دەرھال يۈگۈرۈپ بېرىپ، بىر سۈڭگەر (دېڭىزدىن چىقىدىغان، تېنى كۆپ مىقداردا سۇ سۈمۈرۈش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇتسىمان ھايۋان) ئالدى ۋە ئۇنى سىركىگە چىلاپ، قومۇشقا باغلاپ ئىساغا ئىچۈردى. باشقىلىرى: كارىڭ بولمىسۇن! ئىليا ئۇنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن كېلەمدۇ؟ كۆرەيلى! ـ دېيىشتى. ئاخىرىدا، ئىسا يۇقىرى ئاۋاز بىلەن يەنە بىر قېتىم ۋارقىرىدى ـ دە، روھىنى تاپشۇردى.

مانا بۇ ۋاقىتتا ئىبادەتخانىنىڭ پەردىسى ئۈستىدىن پەسكە قاراپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ يىرتىلدى. يەر تەۋرەپ قىيالار پارچىلاندى. قەبرىلەر ئېچىلىپ، ئىچىدە ياتقان ئەزىزلەردىن بىر توپ كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ قەبرىلىرىدىن چىقتى ۋە مۇقەددەس شەھەرلەرگە كىرىپ نۇرغۇن كىشىلەرگە كۆرۈندى.

بۇ تېكىستكە قوشۇمچە قىلىنغان تەپسىر چۈشەندۈرۈشىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «سائەت ئالتىدىن توققۇزغىچە پۈتۈن يەر يۈزىنى قاراڭغۇلۇق قاپلىۋالدى. بۇ يەردىكى يەھۇدىيلارنىڭ ئالتە دېگىنى، ھازىرقى سائەت ئۆلچىمىدە چۈش ۋاقتى سائەت ئون ئىككىگە، توققۇز بولسا، چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچكە توغرا كېلىدۇ.

پۈتۈن يەر يۈزىنىڭ قاراڭغۇلۇققا قاپلىنىشى بولسا، ئۇنىڭ چەككەن ئازابلىرى ۋە ناھەق ئۆلتۈرۈلۈشىگە الله نىڭ غەزىپى بىلەن غەزەپلەنگەن تەبىئەتنىڭ ئىنكاسىدۇر. سائەت توققۇزلاردا، يەنى چۈشتىن كېيىن ئۈچ ئەتراپىدا بىزنىڭ قۇتقازغۇچىمىز ئىسا يۇقىرى ئاۋاز

بىلەن ئىبرانى تىلىدا: ئىلاھىم! ئىلاھىم! نېمە ئۈچۈن مېنى تاشلىۋەتتىڭ؟ ــ دەپ ۋارقىرىدى. »

بۇ تەۋراتنىڭ مەزمۇن بۆلۈمىنىڭ 22 ـ تېكىستىنىڭ دەسلەپكى ئىبارىسى بولۇپ، ئىسا بۇ ئىبارە ئارقىلىق الله نىڭ ئۆزىنى تاشلاپ قويغانلىقىنى ئېيتقىنى يوق. چۈنكى ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئاتىسى بولغان الله ئوخشاش بىر گەۋدىدۇر. ئۇ پەقەت بېشىدا بۇ ئىبارە بولغان مەزمۇر بۆلۈمىنىڭ بۇ ئازابلىق سائەتتە ئۇنىڭغا ماس كەلگەنلىكىنى ئەسلىتىدۇ. بۇ مەزمۇن بۇ ھالەتتە پەقەت ئۇنىڭ چۈشەندۈرگەن تەپسىلاتى سۈپىتىدە ناھايىتى تەپسىلىي بىر بايانى بەرمەكتە: « مېنى كۆرگەنلەرنىڭ ھەممىسى مېنى مەسخىرە قىلىشىپ، باشلىرىنى چايقىغان ھالدا: ئۇ الله غا تەۋەككۇل قىلاتتى. ئۇنى الله قۇتقازسۇن، چۈنكى ئۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن سۆيۈندى، ــ دېيىشىدۇ. ئەتراپىمنى نۇرغۇن ئۆكۈزلەر قورشىۋالدى. ئۇلار ماڭا قاراپ يىرتقۇچ ھايۋانلاردەك ئاغزىلىرىنى ئېچىپ ھۆركۈرىدى. قانلىرىم سۇدەك ئاقتى. سۆڭەكلىرىم ئاجرىدى. يۈرەك ـ باغرىم شامدەك ئېرىدى. تىلىم تاڭلىيىمغا چاپلاشتى. مېنى ئۆلۈم تۇپرىقىغا تاشلىدىمىكىن، ئەتراپىمدا ئىتلار تۇراتتى. مېنى رەزىل بىر خەلق قورشىۋالدى. پۇت ـ قولۇمنى تەشتى. ھەر بىر پارچە سۆڭىكىم پارچىلانغاندا، ئۇنى ساناپ تۇردۇم، چەك تارتىشىپ كىيىملىرىمنى بۆلۈشۈۋېلىشتى. »

ئۆزىنى پىدا قىلىپ بىزنى قۇتقۇزغان ئىسا بۇ سۆزلەرنى ئېيتقاندا، ئۆزىنى پىدا قىلىشنى تاماملىغان جانغا يېقىن ئىلاھ بولۇش سۈپىتى بىلەن ئازاب ـ ھەسرەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىدە ئىدى. بۇ چاغدا ئۇ ھەقىقىي بىر ئىنسان، شۇنداقلا ھەقىقىي بىر ئىلاھ ئىدى. ئىنسان سۈپىتىدە ئازابى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ تاشلاپ قويىماسلىقى ۋە ئازابقا سەۋر قىلىشىغا ياردەم بېرىشى ئۈچۈن ئىلاھىغا يالۋۇردى. ئەمما بۇ تاشلاپ قويۇشنىڭ مەنىسى لاھۇتنىڭ (Lahut) (الله) نىڭ ناسۇتتىن (Nasut) (ئىنساندىن) ئايرىلىشى دېگەنلىك بولماستىن، ئۇنى ئازابقا قالدۇرۇش دېگەنلىكتۇر. لاھۇت ئىسا تېنىدىكى ئازابلارغا تولۇق سەۋر قىلغۇچى ناسۇتنىڭ ئازابلىرىنى يېنىكلەتمىدى. پەستە تۇرغانلار ئىسانىڭ يالۋۇرىشىنى يەنى ئۇنىڭ ئىبرانى تىلىدا: « ئىلى! ئىلى! » (ئىلاھىم! ئىلاھىم!) دېيىشىنى خاتا چۈشىنىپ: « ئۇ پەيغەمبەر ئىلياغا دەۋاتىدۇ » دېيىشتى. ياكى ئۇنىڭغا تېخىمۇ يامانلىق قىلىش ئۈچۈن بۇ پىتنىنى ئويدۇرۇشتى. چۈنكى ئۇنىڭ ئىليادىن مەدەت تىلىشى ئۇنىڭ ئىسا ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى يەھۇدىيلارنىڭ بىلدۈرىشىگە قارىغاندا، ئىليا ئىسادىن بۇرۇن كېلىدۇ. بۇ يەردىكى كىشىلەر بىرىنىڭ ئۇنىڭ ۋارقىرىشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، خۇددى ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتقاندەك كۆرۈنۈپ دەرھال بىر سۇنگەر (بۇلۇت) ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا سىركىگە چىلاپ، ئۇنى بىر قومۇشقا باغلاپ ئىساغا ئىچكۈزگەنىدى. دېمەك، ئۇلارنىڭ ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىش ئۇسۇلىمۇ ھاقارەت، رەھىمسىزلىك ۋە زۇلۇمغا ئايلانغان ئىدى. ئۇ چاغدا، باشقىلار ئۇ كىشىگە: كارىڭ بولمىسۇن! ئىليا كېلىپ قۇتقۇزامدۇ؟ كۆرەيلى! ــ دېگەنىدى. يەنى سەن بۇ ئىشقا ئارىلاشما، ئىليادىن مەدەت تىلەۋاتقان چېغىدا ئۇنىڭغا سەن ھېچ ياردەم قىلما! ــ دەۋاتاتتى. ئۇلار ئىسانىڭ بۇ

ۋەھشىيانە زۇلۇملارنى چېكىشنى خالايتتى. ئۇنى قۇتقۇزۇشقا ھېچكىمنىڭ كەلمەسلىكىدىن سۆيىنەتتى.

سائەت توققۇزلاردا يەنى چۈشتىن كېيىن ئۈچلەر بولغاندا پىداكار پەيغەمبىرىمىز يەنە بىر قېتىم يۇقىرى ئاۋازدا ۋارقىرىدى ۋە روھىنى تاپشۇردى. بۇ ۋارقىراش ئۆلۈشتىن ئاۋۋالقى ئىسا پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھاياتىنىڭ شۇنچىلىك ئازابلاردىن كېيىنمۇ ساغلام ئىكەنلىكىنى. باشقا ئىنسانلاردەك روھىنىڭ مەجبۇرىي ئېلىنمىغانلىقىنى كۆرسىتەتتى. ئۇ روھىنى پەقەتلا ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ساماۋىي ئاتىسىغا ئىنسانلارنىڭ گۇناھلىرىنىڭ فىدىيەسى سۈپىتىدە تاپشۇردى. كاھىن قۇربانلىق ئاتا قىلغۇچىدۇر. ھالبۇكى، ئۇ ئىسا بولسا. قۇربانلىقنىڭ نەق ئۆزىدۇر. روھىنى تاپشۇرغاندا جەسەت بىلەن ئۆلگەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. چۈنكى گۇناھنىڭ بەدىلى ئۆلۈمدۇر. ئۆلۈمسىز مەغپىرەت بولماس. ئۇ پەيغەمبەر ئىسانىڭ خەۋەر بەرگىنىدەك ئۆزىنى قۇربان قىلىش ئۈچۈن تەييارلىغان ئىدى. ئۇ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن خالاپ روھىنى تاپشۇرغان ئىلاھىي ۋەزىپە ئىدى. ئىسا ئۆلگەن چاغدا. ئۆلگەنىنىڭ پەقەتلا ئىنسان بولماستىن ئىنسان چۈشەنچىسىنىڭ ئۈستىدە الله نىڭ نەق ئۆزى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، دەرىجىدىن تاشقىرى تەبىئەت ھادىسىلىرى بارلىققا كەلدى.

بىرىنچى، ئىبادەتخانىنىڭ پەردىسى يۇقىرىدىن پەسكە قاراپ ئىككىگە بۆلۈندى. بۇ پەردە مۇقەددەس بىلەن مۇقەددەسلەرنىڭ مۇقەددىسىنى ئايرىپ تۇرغان پەردە ئىدى. ئۇ ئىبادەتخانىنىڭ ئىسانىڭ جەسىدى بىلەن تەڭ دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى سىمۋول قىلىپ، ئىسانىڭ روھى جەسىتىدىن ئايرىلغان ئەسنادا ئىككىگە بۆلۈندى. ھەقىقىي جەسەت بۆلۈنگەچكە سىمۋول جەسەتمۇ بۆلۈندى. بۇ پەردە ئاۋام خەلققە ئىلاھىي سىرلار يەر ئالغان مۇقەددەسلەرنىڭ مۇقەددىسىنى كۆرسەتمەيۋاتاتتى. ئۇ يىرتىلىپ بۆلۈنگەندىن كېيىن، بۇ سىرلار مەسىھنىڭ پىداكارلىقى سەۋەبى بىلەن ھەممىگە ئاشكارىلاندى. بۇنىڭ بىلەن الله بىلەن ئىنسانلار ئارىسىدىكى پەردە كۆتۈرۈلدى (غايىب بولدى).

ئىككىنچى، تەبىئەتنىڭ ئىلاھنىڭ ئۆلۈمىگە ۋە گۇناھسىز تۇرۇقلۇق ناھەق ھالدا ئۆلتۈرۈلىشىگە غەزەپلىنىشى بىلەن يەر تەۋرەپ قىيا تاشلار يېرىلدى.

ئۈچىنچى، باشقىلار ۋە ۋاھاكازالار.

مانا بۇ، خرىستىئانلارنىڭ كىرىستقا مىخلىنىش ھەققىدىكى رىۋايەتلىرى ۋە ئۇنىڭ تەپسىرلىرىدۇر. ئۇنى ماتتا ئىنجىلىنىڭ ئەڭ يېڭى نەشرىدىن ھېچقانداق ئۆزگىرىش كىرگۈزمەستىن ئالدۇق. بۇ، چۈشىنىشلىك ۋە ئىبارىلىرى ئېنىق بولسۇن ئۈچۈن (گەرچە ئۇقۇرمەنلىرىمىزگە بەك چۈشىنىشلىك بولمىسىمۇ ـ ت)، خرىستىئان دىن ئۆلىما ۋە ئالىملىرى تەرىپىدىن ئالاھىدە تەييارلانغان ئەڭ مۇنەۋۋەر ئەسەردۇر.

ئۇلارنىڭ بىرلىككە كەلگەن ئېتىقادىنىڭ نېگىزى ۋە ئىزنىك ھەيئىتى ئېلان قىلغان دەستۇرنىڭ ئەسلى نۇسخىسى ”سۇلايمان سەۋسەنىسى“ كىتابىدا يېزىلغاندۇر.

خرىستىئان نەۋفىل ئىبنى نىمەتۇللاھ ئىبنى جەرىسنىڭ ”سۇلايمان سەۋسەنىسى“ دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەپ يازغان: پۈتۈن چىركاۋلار بىرلىككە كەلگەن خرىستىئان ئېتىقادى ۋە ئىزنىڭ ھەيئىتى ئېلان قىلغان دەستۇرىنىڭ نېگىزى شۇكى، ھەر نەرسىنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە ھىمايىچىسى بولغان بىر ئىلاھ ۋە يالغۇز پەرۋەردىگارغا ئېتىقاد قىلىشتۇر. ئۇزۇن زامان ئاۋۋال ئاتىدىن تۇغۇلغان يالغۇز ئوغۇل ئىسا اللّٰه نىڭ نۇرىدۇر. ھەقىقىي ئىلاھتىن ھەقىقىي ئىلاھتۇر. مەخلۇقات بولمىغان ئوغۇل ماھىيەتتە ئاتا بىلەن ئوخشاش. ھەر نەرسە بۇ سەۋەبتىن ئىنسان بولغان بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنىڭ سەۋەبىدىن ئۇ ئاسماندىن زېمىنغا كەلدى. روھىل قۇددۇستىن شەكىللەندى. پاك مەريەمدىن ئىنسان ھالىغا كەلدى. پىلاتۇش زاماندا ئاشكارا ھالدا كرىستقا مىخلاندى. ئازاب چەكتى ۋە دەپنە قىلىندى. كىتابلاردا بايان قىلىنغانلىرىغا قارىغاندا، ئۇ ئۆلۈپ، ئۈچىنچى كۈنى قايتا تىرىلىپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى ۋە پەرۋەردىگارىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇردى. تىرىكلەر ۋە ئۆلۈكلەرنى ھېسابقا تارتىش ئۈچۈن شەرەپ بىلەن قايتا كېلىدۇ. ئۇنىڭ مۈلكىدە پانىيلىق يوقتۇر. ئاتىلىق سۈپىتى بىلەن بولغان تىرىلدۈرگۈچى پەرۋەردىگار روھىلقۇددۇسقا ئېتىقاد قىلىنىدۇ. ئوغلى بىلەن بىللە بولغانغا سەجدە قىلىنىدۇ.

...

ئىسلام ئېتىقادى ھازىرقى ئىنجىل رىۋايەتلىرىدىن پەرقلىقتۇر. ھەم ئىسانىڭ ئۆلۈمى ھەمدە ئىختىلاپ مەنبەسى بولغان ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەندىن كېيىنكى ئەھۋاللىرىغا بولغان قاراشتا پەرقلىقتۇر.

قۇرئان كەرىم اللّٰه تائالانىڭ ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئىسانى ئۆلتۈرۈشكە ۋە ياكى كرىستقا مىخلىشىغا يول قويمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. اللّٰه ئىسانى ئۇلارنىڭ ئىنكارىرىدىن قۇتقۇزۇپ، ئۇنى دەرگاھىغا ئېلىپ چىققان. ئۇلارنىڭ ئىسانى ئۆلتۈرگىنى ياكى كرىستقا مىخلىغىنى يوق. لېكىن ئۇلارغا شۇنداق كۆرۈندى ـ خالاس. ئۇلۇغ اللّٰه نىسا سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يەنە اللّٰه نىڭ رەسۇلى ئىسا ئىبنى مەريەمنى ھەقىقەتەن ئۆلتۈردۇق دېگەنلىكلىرى ئۈچۈن (ئۇلارغا لەنەت قىلدۇق) . ۋەھالەنكى، ئۇلارنىڭ ئىسانى ئۆلتۈرگىنىمۇ يوق، دارغا ئاسقىنىمۇ يوق ۋە لېكىن ئۇلارغا شۈبھە سېلىندى، (ئىسانى ئاستۇق دەپ گۇمان قىلىپ، ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاپ قالغان باشقا بىرسىنى ئاستى)، ئىسا توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشقانلار ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى (مەسىلىسى) دە شۈبھىدىدۇر. ئۇلار بۇ (ئىشنىڭ ھەقىقىتى) نى بىلمەيدۇ، گۇمانغىلا ئاساسلىنىدۇ، ئۇلار ئىسانى جەزمەن ئۆلتۈرمىدى. بەلكى اللّٰه ئۇنى ئۆزتەرىپىگە كۆتۈردى (يەنى ئىسا ئەلەيھىسسالامنى اللّٰه ئۇلارنىڭ شەررىدىن قۇتۇلدۇرۇپ تىرىك ھالدا ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى)﴾ [8]

---

[8] سۈرە نىسا 157 ـ ۋە 158 ـ ئايەتلەر.

الله يەنە سۈرە ئال ئىمراندا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۆز ۋاقتىدا الله ئېيتتى: «ئى ئىسا! مەن سېنى (ئەجىلىڭ يەتكەندە) قەبزى روھ قىلىمەن. سېنى دەرگاھىمغا كۆتۈرىمەن. (يەنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىمەن). سېنى كاپىرلاردىن پاك قىلىمەن (يەنى سېنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان يامانلارنىڭ شەررىدىن ساقلايمەن)﴾

مۇسۇلمان ئالىملار بۇ ھەقتە پىكىر بىرلىكىگە كەلمىگەن بولسىمۇ، قولليرىدىكى ھەقكە دەلىل كۆرسىتىش ئۇسلۇبى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىدۇ. بۇ ئايەتنىڭ ئۆزىنى يېتەرلىك دەپ قاراپ، قۇرئاندىن باشقا كىتابتىن دەلىل ئىزدىمەيدىغانلار باردۇر.

ئۇسلۇبلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئۆزىگە خاس دەلىلى بار.

بىرىنچى ئۇسلۇبتىكىلەر ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇممەتلىرىنى يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلارنىڭ كىتابلىرىنى چەكلىگەنلىكىنى دەلىل قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ دىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن، بىزنىڭ دىنىمىز ئۆزىمىز ئۈچۈن. ئىختىلاپ قىلىشقان مەسىلىلەر ھەققىدە قىيامەت كۈنى الله ئارىمىزدا ھۆكۈم چىقىرىدۇ.

ئىككىنچى ئۇسلۇبقا مەنسۇپ كىشىلەر بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ چەكلىمىسىنىڭ ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرىگە ئائىت ئىكەنلىكىنى دەلىل قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنى باشقا كىتابلار بىلەن زېھنىنى ئىسراپ قىلماسلىققا ۋە ئېتىقاد مەسىلىسىدە ھوشيار بولۇشقا بۇيرىدى. لېكىن ئىلىم ۋە ئىلمىي كۆز قاراشقا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ھەقىقەتنى كونا كىتابلاردىن ئېنىقلاشقا توغرا كېلىدۇ. ئەگەر قولىدىكىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقسا، كۆڭلى تېخىمۇ ئەمىن تاپىدۇ.

...

بىرىنچى ئۇسلۇبقا مەنسۇپ بولغانلاردىن ئىسانىڭ تۇتۇلۇشىغا ۋە ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈشىگە دائىر تەپسىلىي مەلۇماتلار ئالغىلى بولمايدۇ. ئۇلار پەقەت: ئۇلارغا شۇنداق كۆرۈنگەن ـ خالاس. الله ئۇنىڭ كۆرۈنۈشىنى باشقا بىرىگە بەردى ۋە ئىسانى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى، ـ دېگەندىن باشقا ئىزاھات بەرمەيدۇ.

ئىككىنچى ئۇسلۇبنىڭ مەنسۇپلىرى بۇ ھەقتە مۇكەممەل بىر قىسسە بايان قىلغان بولۇپ، ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: الله ئىسانىڭ ئوخشىشىنى يەھۇزاغا بەردى. بۇ كىشى ئىنجىللاردا تىلغا ئېلىنغان، ئىسانى دۈشمەنلىرىگە ساتقان، ئۇنى تۇتۇپ بەرگەن خائىن يەھۇزا ئىسكاريوتتور. ئۇ ئىنجىللارغا، شۇنداقلا بەرنابا ئىنجىلىغا قارىغاندا ئىسانىڭ تاللانغان شاگىرتلىرىدىن بىرى ئىدى.

بەرنابا ئىنجىلىدا مۇنۇلار يېزىلغان: ئەسكەرلەر يەھۇزا بىلەن بىرلىكتە ئىسا تۇرغان يەرگە يېقىنلاشقاندا، ئىسا ئۇلارنىڭ يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى تۇيۇپ قېلىپ ئەنسىرەپ ئۆيىگە كىردى. ئۇيەدە ئون بىر شاگىرتى ئۇخلاۋاتاتتى.

سۈرە ئال ئىمران 55 ـ ئايەت.

الله بەندىسىنىڭ تەھدىت ئىچىدە ئىكەنلىكىنى بىلىپ جىبرىئىل، مىخائىل (مىكائىل)، رافائىل (ئىسرافىل) ۋە ئەزرائىلنى ئىسانى دۇنيادىن كۆتۈرۈپ كېتىشكە ئەۋەتتى. پاك پەرىشتىلەر كەلدى. ئۇلار يەسۇئنى جەنۇپ تەرەپتىكى دەرىزىدىن ئېلىپ چىقىپ كەتتى ۋە ئۇنى الله قا مەڭگۈ تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدىغان پەرىشتىلەرنىڭ تۇرالغۇسىغا يەنى ئۈچىنچى قەۋەت ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

يەھۇزا ئىسا تۇرغان ئۆيگە شىددەت بىلەن ئېتىلىپ كىردى. شاگىرتلارنىڭ ھەممىسى ئۇخلاۋاتاتتى. قۇدرەتلىك الله ھەيران قالارلىق ئاجايىپ بىر ئۆزگەرتىش قىلدىكى، يەھۇزانىڭ ئاۋازى ۋە چىرايى ئۆزگىرىپ خۇددى ئىساغا ئوخشاپ قالدى. ھەتتا ئۇنىڭ ئىسا ئىكەنلىكىگە ئىشەندۇق.ئۇ بولسا، بىزنى ئويغاتقاندىن كېيىن ئۇستازىنىڭ نەدىلىكىنى سورۇشتۇرۇشكە باشلىدى. بىز ئۇنىڭغا قاراپ ھەيران قالدۇق ـ دە، ئۇنىڭغا: بىزگە جاۋاب بەرگىن، ئى ئۇستاز! بىزنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ ـ دېدۇق....

بۇلار بەرنابا ئىنجىلىدىكى قىسسىدۇر. بەرنابا ئىنجىلىدىكى بۇ بايانلار قۇلاقلىرىمىزغا باشقىچە بىر شەكىلدە ئاڭلانماقتا. خرىستىئان چېركاۋلىرىنىڭ ماتتا ئىنجىلى، ماركوس ئىنجىلى، لۇقا ئىنجىلى ۋە يوھاننا ئىنجىلىدىن ئىبارەت تۆت ئىنجىلنى ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىنى بىلىمىز. بۇ ئىنجىللار خرىستىئان ئېتىقادىنى تەشكىل قىلماقتا. ئۇنداقتا، ماھىيەتتە ئىسلام دىنى ئېتىقادىغا ماس كەلگەن بۇ ئىنجىل نەدىن كەلگەندۇ؟

شەيخ ئۇستاز مۇھەممەد ئەبۇ زەھرا«خرىستىئانلىق ھەققىدە لېكسىيە» ئىسىملىك كىتابىدا تارىختا بۇرۇن ئۆتكەن قەۋملەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزى ئېتىقاد قىلىدىغان ئايرىم ئىنجىللىرى بولغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتىدۇ. خرىستىئانلارنىڭ تارىخىنى يازغانلار ئىنجىللارنىڭ بەكمۇ كۆپ ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشىدۇ. مىلادىيە 3 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ۋە ياكى 2 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، ئېتىقادىغا قارىغاندا توغرا ئىنجىللارنىڭ قوغدىلىشى ئۈچۈن، چېركاۋلار مەۋجۇت ئىنجىللارنىڭ ئىچىدىن يۇقىرىدىكى تۆت خىل ئىنجىلنى "ئىشەنچلىك، توغرا" دەپ بېكىتتى. ئەمما ئىلمىي ئىزدىنىش نەتىجىسىدە ئوتتۇرىغا چىققان يېڭى بىر ئىنجىل بار بولۇپ، ئۇ ئوتتۇرىغا چىقىشى خرىستىئان تارىخىنىڭ پۈتۈنلەي چۆكۈشىنىڭ بېشارىتى ئىدى. ئۇ ئىسانىڭ تۇغۇلۇشى، ئۇنىڭ قىسسىسى، نۇتقى، مۆجىزىرە ۋە سۆھبەتلىرىنى چۈشەندۈرىدىغان باشقا ئىنجىللارغا ئوخشاپ كېتىدۇ. شۇنداقتىمۇ، چېركاۋ ئۇنى قوبۇل قىلماي ئىنكار قىلدى. خرىستىئانلارغا قارىتا ئېيتقاندا، ئۇ ئىشەنچلىك دىنىي مەنبە كىتابى ئەمەستۇر. ئەمما بۇ كىتاب ياۋروپالىق ئالىملارنىڭ قولىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىندى. چېركاۋنىڭ ئۇنى ئىنكار قىلىشى ئۇلارنى توسۇپ قالالمىدى. مانا بۇ، دەل بەرنابا ئىنجىلىدۇر. ئۇنى تەتقىق قىلىش بىزنىڭمۇ ھەققىمىزدۇر. بۇ ئىنجىلنىڭ مەزمۇنى ۋە خرىستىئانلارنىڭ ئۇنىڭ ھەققىدىكى پىكىرلىرىنى ھېچبىر تەرەپكە مايىل بولماستىن، ئىلمىي كۆز قاراش بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇشنى كېرەك دەپ قارايمىز. ئەمما بۇنى قىلىشتىن بۇرۇن، بىزنىڭ ھېچقانداق بىر

مىللەتنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا ھۇجۇم قىلىش ۋەياكى ئۇلارغا ئەقىل كۆرسىتىپ، پىكىر بېرىش نىيىتىمىزنىڭ يوقلۇقىنى ئەسكەرتىشىمىز كېرەك ــ ئەلۋەتتە!

«خرىستىئانلىق ھەققىدە لېكسىيەر» ناملىق كىتابتا مۇنداق دېيىلىدۇ. بەرنابا خرىستىئانلارنىڭ ئەزىزلىرىدىن، ئەلچىلىرىدىن ۋە خرىستىئان دەۋرىنىڭ دەسلەپكى ئاساسچىلىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان. ئىسانىڭ ئۇنى ياخشى كۆرۈپ يېقىنلىرى ئارىسىغا كىرگۈزگەنلىكى، ياخشى ـ يامان كۈنلەردە يېنىدىن ئايرىمىغانلىقى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ھەۋارىلاردىن بىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن بىر ئىنجىل تېپىلدى. لېكىن بۇ ئىنجىلدىن باشقا خرىستىئان كىتابلىرى ئۇنى ھەۋارىلاردىن ھېسابلىمايدۇ. بۇ كىتابلار ئۇنى ئىسادىن كېيىن بۇ دىندا ھەۋارىلار دەرىجىسىگە يەتكەن ئەلچىلەردىن (دىن تارقاتقۇچىلاردىن) ھېسابلىسىمۇ، ھەتتا ئۇ ھەۋارىيۇن بولسۇن ياكى بولمىسۇن، بۇ ئىنجىل خرىستىئانلارغا نىسبەتەن بىر ئاساستۇر. ئۇ الله تەرىپىدىن ئىلھاملاندۇرۇلغان بىر كىشىدۇر. (بۇ ئىنجىلدا ئۇنىڭ ھەققىدە دېيىلگەنلەر ناۋادا توغرا بولسا) بۇ ئىسپات (يەنى ئىنجىل) كىشىلەرنى ئۇزى بىلەن باشقا كىتابلارنى (يەنى ئىنجىللارنى) سېلىشتۇرۇشقا چاقىرىدۇ. تەسەۋۋۇرغا ئەڭ يېقىن ۋە ئەڭ قايىل قىلارلىق، دەلىلى ئەڭ كۈچلۈك، دەسلەپكى خرىستىئانلىققا ئەڭ يېقىن بولغىنىنى تاللاشنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

ئەمدى يېڭى دەۋردە تېپىلغان ئەڭ كونا نۇسخىنى تەتقىق قىلىپ باقايلى:

تارىخچىلار ئۇ ئىنجىلنىڭ ئەڭ كونا نۇسخىسىنىڭ گېرمانىيە ھۆكۈمرانلىرىنىڭ مەسلىھەتچىلىرىدىن بىرى بولغان كرامېر تەرىپىدىن **1709** ـ يىلى تېپىلغان ئىتالىيانچە يېزىلغان نۇسخا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ نۇسخا، **1738** ـ يىلى بۇ مەسلىھەتچىنىڭ باشقا كىتابلىرى بىلەن بىرلىكتە ۋيانادىكى خان سارىيىغا يۆتكەلدى. بۇ نۇسخا باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ، ئىنجىلنىڭ ئەسلى نۇسخىسى بولۇپ قالدى. ئەمما **18** ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يەنى ئىتالىيانچە نۇسخىسىنىڭ تېپىلىشىغا يېقىن بىر ۋاقىتتا، شەرقشۇناس سائىلە تەرىپىدىن ئىنگىلىزچىغا تەرجىمە قىلىنغان ئىسپان تىلىدىكى بىر نۇسخا تېپىلدى. لېكىن بۇ نۇسخىسىدىن ۋە تەرجىمىسىدىن دوكتور ۋائىتنىڭ لېكسىيەلىرىدىن ئېلىنغان بەزى نەقلىي سۆزلەرلا قېلىپ قالغان.

بۇ ئىسپانچە نۇسخىنى بىر مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ئىتالىيەچىدىن تەرجىمە قىلغانلىقى سۆزلىنىدۇ. تەتقىقاتچىلار ئىتاليان تىلىدىكى نۇسخىنىڭ ئىسپان تىلىدىكى نۇسخىسىنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكىنى توغرا دەپ قارايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭدا ئىتالىيە تىلىدىكى نۇسخىنىڭ مەجھۇل تەرەپلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقارغان كىشىنىڭ فىرامارنو ئىسىملىك بىر لاتىن پوپى (خرىستىئان راھىبى) ئىكەنلىكى ۋە كىتابنىڭ بايقىلىش ھېكايىسى كىتاب مۇقەددىمىسىدە مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ: ئۇ ئارپونوسقا ئائىت بەزى مەكتۇپلارنى تاپتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەلچى پاۋلۇسنىڭ يازغانلىرىنى تەتقىق قىلغان بىر مەكتۇپ بار ئىدى. ئۇ تەنقىد بەرنا ئىنجىلىغا قارىتىلغان (بەرنابا ئىنجىلىدىن ئېلىنغان) ئىدى. تەتقىق قىلىش ھەۋىسى ئۇنى بەرنابا ئىنجىلىغا قىزىقتۇردى.

پاپا سكستى كۇئىنت (Sixti Quint) بىلەن دوست بولغاندىن كېيىن بۇ ئارزۇسىغا يەتتى. بۇ ئىنجىلنى پاپانىڭ كۇتۇپخانىسىدىن تاپتى. ئۇنى تەتقىق قىلدى ۋە مۇسۇلمان بولدى.

شۇنىسى ئېنىقكى، بۇ نۇسخا 1709 - يىلى تېپىلغان نۇسخا بىلەن ئوخشاش. بۇ ھەقتە بەرنابا ئىنجىلىنى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلغان دوكتور سائادە مۇنداق دەيدۇ: تارىخقا نەزەر سالغىنىمدا ئىسمى تىلغا ئېلىنغان سكستى پاپا زامانىنىڭ 16 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا توغرا كېلىدىغانلىقىنى كۆردۈم. مەزكۇر نۇسخا يېزىلىق قەغەزگە بېرىلگەن سۇدىن بۇ قەغەزنىڭ ئىتالىيەدە ياسالغان قەغەز ئىكەنلىكىنى بۇرۇن ئوتتۇرىغا قويغان ئىدىم. ئالىملار قەغەزنىڭ 15 - ياكى 16 - ئەسىرلەردە ياسالغانلىقىنى تەخمىن قىلىشىدۇ. يەنى ئىتالىيە تىلىدىكى نۇسخا بىلەن خىرامورنو پاپانىڭ كۇتۇپخانىسىدىن كۆچۈرۈلگەن نۇسخىنىڭ ئوخشاش بولۇشى مۇمكىندۇر.

ئۇنداقتا، بىلىنگەن ئەڭ كونا نۇسخا 18 - ئەسىرنىڭ بېشىدا، يەنى 1709 - يىلى تېپىلغان ئىتالىيەچە نۇسخا بولۇپ، لېكىن ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىش تارىخى 15 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى ياكى 16 - ئەسىرنىڭ بېشىغا سوزىلىدۇ. ئۇ ئىخلاسمەن خرىستىئانلارنىڭ قولىدا ساقلانغان بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۆزگەرتىلگەنلىكىدىن ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى ئۇنى ساقلىغان ۋە بايقىغان كىشى بىر مۇتەئەسسىپ خرىستىئان پوپىدۇر. كىتاب قولدىن قولغا ئۆتۈپ پروسىيە ھۆكۈمدارىنىڭ خرىستىئان مەسلىھەتچىسىنىڭ قولىغا چۈشتى. كېيىن ۋىيانادىكى خان سارىيىغا كەلدى. بۇنداق ئەھۋالدا بۇ نۇسخىنىڭ توقۇلغان بولۇش ئېھتىمالى ناھايىتى ئاز. بۇ، ئەزىزلەردىن بىرىگە ئائىت بولۇپ بۇ ئەزىز دەل بەرنابادۇر. ئۇ پەقەت مۇشۇ ئىسىم بىلەنلا تونۇلغان. خرىستىئان دىنىنىڭ ئالىملىرى ئۇنىڭغا ئائىت بىر ئىنجىل بارلىقىنى بىلەتتى. كۆرگىنىمىزدەك، فرامارىنونىڭ بەرنابا ئىنجىلىنى شاھىت قىلىپ تۇرۇپ پاۋلۇسنىڭ يازغانلىرىنى ئەيىبلىگەن ئىرېنېينىڭ بىر مەكتۇبىنى تاپقانلىقى ئېيتىلىدۇ.

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، تارىخ چېركاۋلارنىڭ بىر قىسىم ئىنجىللارنىڭ ئوقۇلۇشىنى چەكلىگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. دوكتور سائادە مۇنداق دەيدۇ: تارىختا 492 - يىلى پاپالىق تەختىگە ئولتۇرغان پاپا I. Gelase (گالاسيون) نىڭ چەكلەنگەن كىتابلارنىڭ سانىنى ئېلىش ئۈچۈن بۇيرۇق چۈشۈرگەنلىكى تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ كىتابلارنىڭ ئارىسىدا بەرنابا ئىنجىلمۇ بار ئىدى. بەزى تەتقىقاتچى ئالىملار مەزكۇر پاپانىڭ ئەمرىنىڭ پۈتۈنلەي يالغان ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئەمما تارىخ گەرچە تەتقىقات بولسىمۇ، يەنىلا بۇ ئالىملارنىڭ سۆزلىرىدىن بەكرەك ئىشەنچلىكرەكتۇر. پاپا گېلاس (گالاسيون) نىڭ بۇنداق قىلىشى ئەجدادلىرىنىڭ، بۇرۇنقىلارنىڭ يولىدا مېڭىش ئۈچۈن ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكىلەرمۇ ئوخشاش يولدا مېڭىشقا تىرىشقانىدى. تارىخنىڭ ئېتىراپ قىلغىنى توغرا بولسا، بەرنابا ئىنجىلى پەيغەمبەرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىدىن ئىككى ئەسىر بۇرۇن مەيدانغا كەلگەن ۋە قولدىن قولغا ئۆتۈپ يۈرگەنىدى. دوكتور سائادە: ئەگەر

بۇ ئىنجىل ئۇ دەۋردە بىلىنگەن بولسا، پەيغەمبىرىمىز ئۇنى بىلگەن، ئۇنىڭ دەلىلىنى كۆرسەتكەن ۋەياكى ئۇنىڭدىن ئالغان (يەنى پايدىلانغان) بولاتتى.- دەيدۇ. بۇ توغرا بولمىغان پاكىتسىز كۆز قاراشتۇر. چۈنكى، پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ( س. ئە. ۋ) ساۋاتسىز بولۇپ، ئوقۇش - يېزىشنى بىلمەيتتى. خرىستىئان دۆلەتلىرىدە ئۆگىنىپ تەتقىق قىلغۇدەك ئۇزۇن ۋاقىت تۇرۇپمۇ باقمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كىتاب پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كېلىشتىن 200 يىل بۇرۇن چەكلەنگەن بولسا، خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن نەرسە ئەلۋەتتە يوقىلىدۇ. ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان نەرسىنىڭ ئىسمىمۇ كۆمۈلۈپ قالىدۇ. 200 يىل، مەۋجۇت نەرسىنىڭ ئىزىنى يوقىتىشقا تامامەن يېتەرلىكتۇر.

خرىستىئانلار بۇ ئىنجىلدا تەۋرات ھەققىدە ئىنچىكە، تەپسىلىي مەلۇماتلارنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ يەتتى. دوكتور سائادە مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئىنجىلنى ئوقۇغىنىڭىزدا، ئاپتورنىڭ تەۋرات كىتابلىرى ھەققىدە چوڭقۇر مەلۇماتقا ئىگە ئىكەنلىكىنى ھەيرانلىق بىلەن بايقايسىز. ئۇنىڭغا ئوخشاش كىشىنى پەقەت ھاياتىنى دىنغا ئاتىغان بىر قانچە خرىستىئان ئالىمى ئىچىدىن تاپقىلى بولىدۇ. يەنى تەۋرات ھەققىدە بەرنابا ئىنجىلىنىڭ ئاپتورىدەك بىلىمى مول كىشى ئاز ئۇچرايدۇ.

شۇنىسى ئېنىقكى، ئۇ بۇ ئىنجىلنىڭ بەرناباغا ئائىت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىللەردۇر. چۈنكى، دەسلەپكى نۇسخىسى ئۆزگەرتىلمىگەن ھالدا ساقلاندى. بۇندىن ئەسىرلەر ئاۋۋال بەرناباغا ئائىت بىر ئىنجىلنىڭ بارلىقى بىلىنەتتى. بۇ ئۇنىڭ ئاپتورىنىڭ دىن ئىلىملىرىدە توشقان، تەۋرات ھەققىدە تولۇق بىلىمگە ئىگە بىر خرىستىئان ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بەرنابا «ئەلچىلەرنىڭ ئىشلىرى» دېگەن مەكتۇبىدا تىلغا ئېلىنغىنىدەك، دىن تارقىتىشتا پاۋلۇس (**Pavlos**) تىن تۆۋەن تۇرمىغىدەك دەرىجىدە پائالىيەت قىلغان تۆنجى دىن تارقاتقۇچىلاردىن بىرى ئىدى. شۇنداق ئىكەن، ئۇنىڭ بىر دەستۇرى ياكى ئىنجىلى بولۇشى كېرەك.

يۇقىرىدا سۆزلەنگەنلەر كىمگە ئائىت ئىكەنلىكى توغرىلانغان بۇ ئىنجىلغا مۇسۇلمانلىنىڭ قولى تەگمىگەنلىكىنى، ئۇنى مۇسۇلمانلارغا ئارتىپ قويغان كىشىنىڭ قولىدىكى كىتابتا (بەرنابا ئىنجىلىدە) ئۆزىنى ئەيىبلەيدىغان دەلىل بارلىقىنى تەخمىن قىلغان ۋە بۇ ئەيىبلەشنى رەت قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ باشقىلارغا ئائىت (مۇسۇلمانلارغا ئائىت) ئىكەنلىكىنى سۆزلىگەن كىشى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ماتېرىياللاردۇر.

ئەگەر ئۇلارنىڭ ھەققىدە تۆھمەت يوق ئىكەنلىكىگە دەلىلى بولماي تۇرۇپ، ئۇلار نېمە ئۈچۈن بۇنى رەت قىلىدۇ؟ مەھكىمە بۇنى قوبۇل قىلامدۇ؟ كىشىلەرنىڭ مۇنداق دېيىش ھەققى بار: بۇ دەلىللەر باشقىلارغا قارىغاندا بەكرەك توغرا دەپ تاللاندى. يەنى مۇتلەق ئەمەستۇر. بىز تارىختىكى كۆپلىگەن مەسىلىلەرنى تاللاپ تۇرۇپ ئېتىراپ قىلىمىز. ھەممە مەسىلە مۇتلەق توغرا بولمايدۇ. بەرنابا ئىنجىلىنىڭ بەرناباغا ئائىت ئىكەنلىكى تەخمىن ۋە ئېھتىمال بولغان تەقدىردىمۇ، بىز ئۇنى رەت قىلالمايمىز. چۈنكى، ئۇ نۇرغۇن تارىخىي

مەسىلىلەرنىڭ تەتقىقات مەنبەسىدۇر. بىر دەلىلدىن پەيدا بولغان ئېھتىماللىقنىڭ يېنىدا دەلىلسىز بىر ئېھتىمال ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. بۇ ئىنجىلنىڭ خرىستىئانلارنىڭ ئارىسىدا يېزىلىپ، ئۇلارنىڭ كۇتۇپخانىلىرىدىن تېپىلىشى ئۇنىڭغا مۇسۇلمانلارنىڭ قولىنىڭ تەگمىگەنلىكىنىڭ ئىسپاتىدۇر. شۇڭا تەتقىقاتچىلارنىڭ كۆپ قىسمى بۇ ئىنجىلنىڭ يېزىلىشىدا ئۇلارنىڭ قولى (مۇسۇلمانلارنىڭ قولى) يوقلۇقىنى ئېتىراپ قىلىشتى. ئەمما بەزىلىرى ئۇنىڭ ئەسلى نۇسخىسىنىڭ ئەرەبچە ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. بۇ پاكىتسىز كۆز قاراشتۇر. بۇ ھۆكۈمنى چىقارغان كىشى بۇ ئىنجىلنىڭ يېزىلىشى، نەشىر قىلىنىش تارىخى ۋە كىمگە ئائىت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ كۆرسىتىشى كېرەك.

دوكتور سائادە بۇ ئىنجىلنىڭ ئىتالىيەچە نۇسخىسىدا ئەرەبچە ئىزاھات بارلىقىنى ۋە ئۇنىڭ خۇشخەۋەر بەرگەن جۈملىلەر بولماستىن، سىمۋول خاراكتېرلىك جۈملىلەر بولۇشى بىلەن بىرگە، پەيغەمبەرنىڭ ئىسمىنى ئۇچۇق تىلغا ئالغانلىقىنى دەلىل قىلىپ كەلتۈرۈپ، ئەسلى نۇسخىنىڭ ئەرەبچە ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىدۇ. بىز ئەرەبچە ئىزاھاتلارنىڭ بارلىقى ۋە بۇ نۇسخىنى ئوقىغان بەزى كىشىلەرنىڭ ئىزاھاتلاردىكى مۇجمەللىكتىن ئۇزىنى ئەرەبچە بىلىدىغاندەك قىلىپ كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن بىرىنچى دەلىلنى رەت قىلىمىز. چۈنكى ئۇنىڭدىكى ئىبارىلەرنىڭ كۆپ قىسمى مۇجمەل، چۈشىنىكسىزدۇر. ئەرەبچە ئىزاھاتلاردىن ئۇنىڭ ئىسلام مەنبەلىك ئىكەنلىكىنى دەلىل قىلغان كىشىنىڭ كىتابنىڭ ئىتالىيەچە بولۇشىغا قاراپ خرىستىئان مەنبەلىك ئىكەنلىكىگە دەلىل كۆرسەتمەسلىكى بىر غەلىتىلىكتۇر.

پەيغەمبەرنىڭ خۇش خەۋىرىنىڭ يوشۇرۇن ئەمەس، بەلكى ئۇچۇق ھالدا تىلغا ئېلىنىشىغا كەلسەك، بىز كىتابلاردىكى بارلىق خۇشخەۋەرلەرنىڭ مەخپىي ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمايمىز. توغرا، بەزىلىرى سىمۋول خاراكتېرلىك ۋە يوشۇرۇندۇر. ئەمما بۇ ھەممىسى شۇنداق دېگەنلىكمۇ ئەمەس. ھەم خۇشخەۋەر يورۇشۇرن بولىدۇ دەپ پەرەز قىلساقمۇ، قولىمىزدىكى ئىتالىيەچە تېكىست ئەسلى ھۆكۈم ئەمەس، بەلكى تەرجىمىدۇر. بەلكىم تەرجىمان مەنىسىنى چۈشەنسىمۇ. ئەمما ئىتالىيە تىلىدىن ماس كەلىمە (مۇۋاپىق ئىبارە) تاپالماي، خرىستىئانلار ئەسلى ئىبرانىچە بولغان كىتابلارنى تەرجىمە قىلغان چاغدا قوللانغان ئۇسۇل بويىچە خۇشخەۋەر ئۇچۇن تىلغا ئېلىنغاندۇر.

مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ ئىنجىلنى بۇرۇنمۇ ۋە كېيىنكى زامانلاردىمۇ بىلمەيدىغانلىقى ئېنىق. چۈنكى ھەر دەۋردە مۇسۇلمانلار بىلەن خرىستىئانلار ئوتتۇرىسىدا مۇنازىرىلەر بولۇپ تۇراتتى. گەرچە بۇ ئىنجىلدا مۇسۇلماننى خرىستىئاندىن ئۈستۈن قىلىدىغان كەسكىن دەلىل بار بولسىمۇ، ھېچبىر مۇسۇلمان خرىستىئانلار بىلەن بولغان مۇنازىرىدە ئۇنى ئىسپات قىلىپ كۆرسەتمىدى.

گەرچە ئۇنىڭ ھەققىدە ئەرەبچە نۇسخىسى بارلىقى پىكرى بولسىمۇ، ئېنىق دەلىل بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ يەنىلا ئىتالىيەچە نۇسخىسىنىڭ ئانا مەنبەسى بولدى.

بۇ ئىنجىل ئىسلام تارىخىدىكى خەۋەرلەرگە تامامەن زىتتۇر. ئۇنداق بولمىغاندا مۇسۇلمانلار ئۇنى دەلىل قىلىپ كۆرسەتكەن بولاتتى. چۈنكى ئۇنىڭدا ئەڭ كۈچلۈك ئىسپاتلار بار ئىدى. تارىخ بۇنى ئىنكار قىلمىدى. مانا بۇ، تارىخنىڭ ئۇنى تېپىپ چىقىرىپ ئىچىدىكىلەرنى ئاشكارىلىشى كېرەك بولغان ئارخىپلاردۇر. ئۇلار بۇ ئارخىپلارنىڭ ئىچىدىن ئۆزىنىڭ داۋالىرىغا ئىمكان بېرىدىغان ۋە مەسىلىلەرنى ئىسپاتلايدىغان ھېچ بىر نەرسە تاپالمايدۇ.

بەرنابا ئىنجىلى تەسۋىرىنىڭ گۈزەللىكى، پىكىر ـ ھېكمىتىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، مەنا دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، تىلىنىڭ راۋانلىقى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئەگەر دىن كىتابى بولمىغان بولسا، بىرىنچى دەرىجىلىك ئەدەبىيات ۋە ھېكمەت كىتابى بولغان بولاتتى...

يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، بۇ كىتابنىڭ ئېتىبار كۈچى باشقا تۆت كىتابنىڭ ئېتىبار كۈچىدىن تۆۋەن بولمىسىمۇ، خرىستىئانلار يەنە نېمىشقا ئۇنى ئىنكار قىلىدۇ؟

بۇنىڭ جاۋابى: چۈنكى بۇ ئىنجىل خرىستىئانلارنىڭ ئىنجىللىرىدىكى ئاساسىي ئېتىقاد مەسىلىلىرىگە خىلاپ بولغانلىقى ئۈچۈن ئېتىراپ قىلىنمىدى. بىز بۇ ئىنجىلنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى چېركاۋلارنىڭ قايسى كىتابلارنىڭ دەسلەپكى خرىستىئانلىقتا ئەڭ يېقىن ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن دىنىنىڭ مەنبەلىرىنى يېڭىدىن تەتقىق قىلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ دەپ قارىغان ئىدۇق. ئەمما ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنى بۇرۇنقىلارغا ئوخشاش تېزلا رەت قىلىپ ئىنكارغا يۈز تۇتتى.

بۇ ئىنجىلنىڭ ھازىرقى خرىستىئانلارنىڭ ئېتىقادىغا خىلاپ كەلگەن مەسىلىلىرىنى مۇنداق تۆت نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

بىرىنچى، بەرنابا ئىنجىلى ئىسانىڭ اللە نىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. كىتابنىڭ مۇقەددىمىسىدە بۇ ھەقتە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئى ئەزىزلەر! اللە بۈيۈكتۇر ۋە مۆجىزىلەرنىڭ ئىگىسىدۇر. بۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى، شۇنداقلا بىزگە ئۇستاز ۋە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەن ئىسا يەسۇئىدىن ئايرىلدۇق. شەيتان ئېسىلىۋالغان ئايەتلەر تەقۋادارلىق باھانىسى بىلەن زىيادە ئىنكارچىلىقنى تەرغىپ قىلىدىغان، ئىسانىڭ اللە نىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى داۋراڭ سالىدىغان، اللە بۇيرىغان سۈننەتكە داۋاملىق قارشى چىقىدىغان، ھەر تۈرلۈك ھارام گۆشكە ھالال پەتىۋا بېرىدىغان كىشىلەرنىڭ گۇمراھلىق يولىدىن ئىبارەتتۇر. ئازغانلارنىڭ ئارىسىدا پاۋلوسنىڭمۇ بارلىقىنى قايغۇ بىلەن تىلغا ئالىمەن. ئۇنىڭ يۈزىدە بۇ ھەقىقەتنى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن يازدىم.»

93 ـ جىلدنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «كاھىن مۇنداق جاۋاب بەردى: يەھۇدىيلىك سېنىڭ كېلىشىڭ ۋە ئۆگىتىشىڭ بىلەن ئورنىدىن تەۋرەپ قالدى. چۈنكى ئوچۇق ھالدا سېنىڭ اللە ئىكەنلىكىڭنى ئېيتىۋاتىدۇ. خەلق سېنى رىملىق ۋالىي ۋە ھۆكۈمدار ھېرودوس بىلەن بىرلىكتە بۇ يەرگە كېلىشكە مەجبۇرلىدى. سېنىڭدىن چىن

قەلبىمىز بىلەن سېنىڭ سەۋەبىڭدىن ئۇتتۇرىغا چىققان پىتنىنى يوقىتىشىمىزغا رازى بولۇشىڭنى ئۈمىد قىلىمىز. چۈنكى بىر قىسىملار سېنىڭ اللە ئىكەنلىكىڭنى، يەنە بىر قىسىملار اللە نىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى، يەنە بىر قىسىم كىشىلەر بولسا، سېنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭنى ئېيتىۋاتىدۇ. ئىسا مۇنداق جاۋاب بەردى: ئى كاھىنلار رەئىسى! پىتنىنى نېمىشقا يوقىتالمىدىڭ؟ سەنمۇ ئالجىدىڭمۇ؟ پەيغەمبەرلەر ۋە اللە نىڭ شەرىئىتىنى ئۇنتۇپ كەتتىڭمۇ؟ ئى شەيتان ئازدۇرغان پاسىق يەھۇدىيلار!

ئىسا بۇ سۆزلىرىدىن كېيىن ئارقىغا بۇرۇلۇپ مۇنداق دېدى: ئاسمانىنىڭ ئالدىدا گۇۋاھلىق بېرىمەن. يەر يۈزىدە ياشىغان پۈتۈن ئىنسانلار گۇۋاھچىم بولسۇنكى! مەن ئىنسانلارنىڭ مېنىڭ ھەققىمدە ئېيتقانلىرىدىن پاكمەن. مەن بىر ئايالدىن تۇغۇلغان ئىنسان تۇرۇغلۇق قانداقلارچە باشقا ئىنسانلاردىن ئۇلۇغ بولالايمەن؟ مەنمۇ باشقا ئىنسانلاردەك ئۆمۈمىي جازاغا تارتىلىمەن. اللە نىڭ ھۆكمىگە تەۋەمەن (بوي سۇنغۇچىمەن)».

70 ـ جىلدتا مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئىسا مۇنداق جاۋاب بەردى: مېنىڭ ھەققىمدە چۈشەنچەڭلار زادى قانداق؟ پېتروس: سەن اللە نىڭ ئوغلى مەسىھسەن، ـ دېدى. بۇ جاۋابتىن غەزەپلەنگەن ئىسا ئۇنىڭغا قوپاللىق بىلەن: ماڭ، يوقال! چۈنكى سەن بىر شەيتان. ماڭا يامانلىق قىلماقچى بولۇۋاتىسەن» دېدى.

ئىككىنچى، ئىبراھىم خەلىيۇللاھنىڭ (س. ئە.ۋ) اللە يولىدا (تەۋراتتا ئېيتىلغاندەك ۋە خرىستىئانلارنىڭ دېگىنىدەك) ئىسھاقنى ئەمەس، بەلكى ئىسمائىلنى قۇربانلىق قىلغانلىقىنى بايان قىلغانلىقى ھەققىدىدۇر.

تۆۋەندىكىلەر ئىسانىڭ بەرنابا ئىنجىلىدا ئېيتقانلىرىدۇر: «سىلەرگە ھەقىقەتنى سۆزلەيمەن، پەرىشتە جىبرىئىلنىڭ سۆزلىرىگە دىققەت قىلىساڭلار. كىتابلىرىمىز ۋە شەرىئەتچىلىرىمىزنىڭ ئەسكىلىكىنى چۈشىنەلەيسىلەر. چۈنكى پەرىشتە مۇنداق دېدى: ئى ئىبراھىم! پۈتۈن ئالەم اللە نىڭ سېنى قانداق ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئىبراھىم مۇنداق جاۋاب بەردى: اللە نىڭ قۇلى اللە بۇيرىغان ھەر ئىشنى قىلىشقا تەييار! شۇندىن كېيىن اللە ئىبراھىمغا مۇنداق دېدى: تۇنجى ئوغلۇڭنى قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن تاغقا ئېلىپ چىق! (بىلىش كېرەكى) ئىسھاق قانداقمۇ تۇنجى ئوغۇل بولالايدۇ؟ چۈنكى ئۇ تۇغۇلغاندا ئىسمائىل يەتتە ياشقا كىرگەن ئىدى.»

ئۈچىنچى، دوكتور سائادەنىڭ دېگىنى بويىچە ئېيتقاندا مۇنداقتۇر: مەسسىيە ياكى كۈتۈلگەن مەسھ ئىسا بولماستىن مۇھەممەدتۇر. مۇھەممەدنى ئېنىق كەلىمە بىلەن تىلغا ئالغان ۋە ئۇنىڭ اللە نىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى زىكرى قىلغانلىقىدۇر. ئادەم ئەلەيھىسسالام جەننەتتىن قوغلانغاندا، ئىشىك بېشىغا نۇر بىلەن: «لا ئىلاھە ئىللەللاھ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ» كەلىمىسىنىڭ يېزىلغانلىقىنى كۆردى. بەرنابا ئىنجىلىدىمۇ يېزىلغاندەك، ھەزرىتى ئىسا مۇنداق دېگەن ئىدى: «اللە نىڭ مېنىڭ ۋاستەم بىلەن

كۆرسەتكەن مۆجىزىلىرى، مېنىڭ اللە نىڭ خاھىشى بىلەن سۆزلەيدىغانلىقىمنى ئىسپاتلايدۇ. مەن ئۆزەمنى سىلەر ئېيتقان كىشى دەپ قارىمايمەن. چۈنكى مەن مەسسىيا (Messiya) دېيىلگەن اللە نىڭ ئەلچىسىنىڭ ئاياقلىرىنىڭ يىپلىرىنى يېشىشكىمۇ لايىق ئەمەسمەن. ئۇ مەندىن ئاۋۋال يارىتىلدى ۋە مەندىن كېيىن ھەق سۆزنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ دىنى يوقالمايدۇ.»

42 ـ ۋە 43 ـ جىلدلىرىدىنمۇ يەنە ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام توغرىسىدا خۇشخەۋەرلەرگە مۇناسىۋەتلىك يېتەرلىك دەرىجىدە سۆزلەرنى تاپالايمىز. چۈنكى ھەۋارىيونلار ئىسادىن ئۇنىڭ ھەققىدە (يەنى ھەزرىتى مۇھەممەد ھەققىدە) مەلۇمات بېرىشنى تەلەپ قىلىشتى. مەسىھ ھەۋارىلارغا ئۇنىڭ ھەققىدە سۆزلەپ بەردى.

تۆتىنچى، بۇ ئىنجىل مەسىھنىڭ كرىستقا مىخلانمىغانلىقىنى، ئەمما ئۇلارغا شۇنداق كۆرۈنگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. اللە ئۇنىڭ سۈرىتىنى يەھۇزا ئىسكارىيوتقا بەردى. «راستىنى ئېيتسام، يەھۇزانىڭ ئاۋازى، چىرايى ۋە تەققى ـ تۇرقى ئىساغا شۇنچىلىك ئوخشىشىپ كەتتىكى، شاگىرتلىرى ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن ھەممە كىشى ئۇنىڭ يەسۇئ ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشتى. بۇنىڭ بىلەن بەزىلىرى ئىسانى يالغان پەيغەمبەر ۋە كۆرسەتكەن مۆجىزىلىرى سېھىرگەرلىك دەپ قاراپ، ئۇنىڭ يولغا قويغان قانۇنلىرىدىن يۈز ئۆرىدى. چۈنكى ئىسا ئۆزىنىڭ ئاخىر زامان يېقىنلاشمىغىچە ئۆلمەيدىغانلىقىنى. پەقەت شۇ چاغدىلا دۇنيادىن ئېلىنىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى. ئارقىدىن بۇ ئىنجىل ئىسانىڭ اللە دىن ئانىسىنى ۋە شاگىرتلىرىنى كۆرۈشى ئۈچۈن ئاسماندىكى ئېلىپ چىقىپ كېتىلگەن ئورنىدىن يەر يۈزىگە چۈشۈرۈلۈشىنى تىلىگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. ئۇ زېمىنغا ئۈچ كۈنلۈك چۈشتى. مۇنداق دېيىلىدۇ: ئۇ، ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكىگە ئىشەنگەن كىشىلەرنىڭ نۇرغۇنلىرىنى تەنقىدلەپ مۇنداق دەيدۇ: «اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى! سىلەر راستىنلا ئۇنى (ئۆلگۈچىنى) مەن دەپ ئويلاپ قالدىڭلارمۇ؟ سىلەر يالغانچىسىلەر. چۈنكى اللە ماڭا قىيامەت قايىم بولۇشتىن ئاۋۋالقى قىسقا بىر ۋاقىتقىچە ياشاشنى ئىلتىپات قىلدى. شۈبھىسىزكى، مەن ئۆلمىدىم. خائىن يەھۇزا ئۆلدى. سەگەك بولۇڭلار! چۈنكى شەيتان سىلەرنى ئالداش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. ئەمما پۈتۈن ئىسرائىل قەۋمى ئىچىدە، پۈتۈن ئالەمدە كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلار ھەققىدە مېنىڭ شاھىتلىرىم بولۇڭلار!»

مانا بۇ، بەرنابا ئىنجىلىنىڭ بايانلىرىدۇر. بۇ، ئاساسىي مەسىلىلەردە باشقا ئىنجىللارغا زىت چىققان ئىنجىلدۇر. ئەسلىدە ئۇ باشقىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە خرىستىئانلىققا قارشى چىققان ئىدى. چۈنكى بۇ خرىستىئانلىق ئۈچ ئىلاھلىق ئەقىدىسى بىلەن ئىسانى اللە نىڭ ئوغلى ۋە ئىلاھ دەپ قارايدىغان قارىشى بىلەن پەرقلىق ئىدى. بەرنابا ئىنجىلى بۇلارنىڭ ھەممىسىگە قارشى چىققان بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ شۇئارى ۋە ئۆلگىلىك ئالاھىدىلىكى ئىدى.

ئەگەر ئۇنىڭ مۇنداق بىر ئاساسىي مەسىلىدە خرىستىئانلىققا قارشى چىققانلىقى ئېنىق بولسا، ئۇ ئەزىزلەردىن بىرىگە مەنسۇپ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا

چىقىشىنى خرىستىئانلار ئىچىدە خرىستىئانلىقى ھەققىدە ئەيىبلەشكە ئۇچرىمايدىغان كىشىلەرنىڭ كۆتۈپخانىلىرىدىن تېپىلىشىنى تىلغا ئېلىش كېرەك ئىدى. ئەمما چېركاۋلار ۋە مۇتەئەسسىپ خرىستىئانلار ئۆزلىرى بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى سۆزلىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى قەتئىي تۈردە رەت قىلىپ، ھەققىي رەۋىشتە تەتقىق قىلىشقا ئۈتمىدى. نەتىجىدە، ئىسانىڭ ئۈلارنىڭ (يەنى ئىنجىللارنىڭ) پاكىتلىرىدىن كۈچلۈك ئىپادىلىرى ئەقىلگە تېخىمۇ مۇۋاپىق ۋە توغرا بۇيرۇقلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ دەۋاسىغا قارشى چىققانلىقىنى كۆزدە تۇتماستىن ياكى ئۇنى ( يەنى بەرنابا ئىنجىلىنى) پۈتۈنلەي رەت قىلىش يولىنى تۇتماستىن، بىر قىسمىنى قوبۇل قىلىپ، يەنە بىر قىسمىنى رەت قىلىشتى.

لېكىن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچى ئالىملار ئۇنى تەتقىق قىلىشقا، ئۇنىڭ تېكىستلىرىنى تەۋرات، ئىنجىللار ۋە ئۇلارنىڭ ئەلچىلىرىنىڭ مەكتۇپلىرى، ھەتتا قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپ بىلەن سېلىشتۇرۇشقا يۈزلەندى.

ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ تەكشۈرۈش، تەتقىقات نەتىجىسى بۇ ئىنجىلنىڭ قۇرئان كەرىمدىن ۋە مۇسۇلمانلار ئېتىراپ قىلغان ماتېرىياللاردىن ئېلىنىشىنىڭ مۇمكىنچىلىكىنىڭ يوقلۇقىنى ئىسپاتلىدى.

چېركاۋلارنىڭ بۇ ئىنجىلنى تەتقىق قىلىشى ۋە تەنقىد قىلىشى، بىزگە بۇ تەنقىدلەرنىڭ دەلىل ـ ئاساسلىرىنى كۆرسىتىشى، ئۇنىڭ بىلەن پاۋلۇسنىڭ مەكتۇپلىرىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشى دىنلار ۋە ئىنسانىيەت ئۈچۈن قىلغان ئەڭ چوڭ خىزمىتى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئوقۇغان ۋە تەتقىق قىلغان كىشى قايسىسىنىڭ يولىنىڭ تېخىمۇ توغرا، ھەققە تېخىمۇ يېقىن ۋە ئۇنىڭغا تېخىمۇ مۇستەھكەم باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى بىلەلەيدۇ (شۇنىڭ بىلەن ئۇستاز شەيخ مۇھەممەد ئەبۇ زەھرانىڭ سۆزلىرى تۈگىدى).

الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!

...

ئۇلۇغ الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿مەريەم ئوغلى ئىسا پەقەت (ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاش) پەيغەمبەردۇر، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر ئۆتكەن، ئۇنىڭ ئانىسى ناھايىتى راستچىل خوتۇندۇر، ئۇ ئىككىسى تاماق يەيتتى (يەنى ئۇلارمۇ باشقا مەخلۇقلارغا ئوخشاشلا گۆش، سۆڭەك، تومۇر ۋە پەيلەردىن تەركىب تاپقان ئىدى)﴾[1].

ئالىملار «ئىسا» ئىسمىنىڭ ئۇنىڭ يەر يۈزىدە ساياھەت قىلغانلىقى، يەھۇدىيلارنىڭ ئۇنىڭغا كۆپ ئەزىيەت بەرگەنلىكى، شۇنداقلا ئۇنىڭغا ۋە ئانىسىغا تۆھمەت چاپلىغانلىقى سەۋەبى بىلەن، دىنىنى ئۇ دەۋرنىڭ پىتنىسىدىن پاك ساقلىغانلىقى ئۈچۈن بېرىلگەن دەپ قارايدۇ. ئالىملار ئىسانىڭ تەقۋادارلىقى ھەققىدە نۇرغۇن رىۋايەتلەرنىڭ بارلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. ئەبۇ ھۇرەيرە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەزرىتى ئىسا ھەققىدە مۇنداق

[1] سۈرە مائىدە 75 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى

دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئىسا ئوغرىلىق قىلىۋاتقان بىر ئادەمنى كۆرۈپ: ئى پالانى! ئوغرىلىق قىلدىڭ. ـ دېدى. ئوغرى: ياق! الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئوغرىلىق قىلمىدىم. ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئىسا: مەن كۆزۈمگە ئەمەس، الله قا ئىشەندىم.ـ دەيدۇ.»

بۇ، ناھايىتى گۈزەل بىر ئەخلاق خاراكتېرىنىڭ ئۈلگىسىدۇر. ئۇ دەسلەپتە ئوغرىنىڭ الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىدىغانلىقىنى ئويلىمىغان ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ سۆزلىرىنى قوبۇل قىلىپ: الله قا ئىشەندىم. يەنى ساڭا ماقۇل بولدۇم ۋە كۆزلىرىمنى يالغانغا چىقاردىم. چۈنكى سەن قەسەم قىلدىڭ. ـ دېدى. ئىسا ھەققىدىكى بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: ئۇ، دوستلىرى بىلەن يولدا كېتىۋېتىپ سېسىشقا باشلىغان ئىت ئۆلۈكىنى كۆردى. دوستلىرى پۇراقنىڭ سېسىقلىقىدىن پەريات قىلىشتى. ئۇ ئۇلارغا: ئۇ ئىتنىڭ چىشلىرىنىڭ ئاقلىقىغا قاراڭلار! ـ دېدى.

ئىسا ئىنسانلارغا نېمىدىن يىرگىنىش كېرەكلىكىنى ۋە مەخلۇقاتلارنىڭ ئىچىدىكى گۈزەللىكنى قانداق بايقاش كېرەكلىكىنى ئۈگىتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ دەۋاسى روھىي پاكلىقنى، ئۇلۇغۋار غايىنى، يامانلىق ۋە يىرگىنچلىق نەرسىلەردىن پاك گۈزەللىكنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشنى ئەڭ ئۇلۇغ نىشان قىلغان دەۋالاردىن بىرى ئىدى.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن ئىدى: «پۈتۈن پەيغەمبەرلەر قېرىنداشتۇر. ئۇلارنىڭ دىنلىرى بىر، ئانىلىرى باشقا ـ باشقىدۇر. مەن ئىنسانلار ئىچىدە مەريەم ئوغلى ئىساغا ئەڭ يېقىن بولغىنىمەن. چۈنكى مەن بىلەن ئۇنىڭ ئارىسىدا باشقا بىر پەيغەمبەر يوقتۇر.» ھەدىسلەر ھەزرىتى ئىسانىڭ ئاخىر زاماندا تەكرار كېلىدىغانلىقىنى زىكىر قىلىدۇ. ئىسلام ئىسانى ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەر قاتارىدا ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ. ئىسلام ئۇنى "الله نىڭ ئەلچىسى"، "الله نىڭ كەلىمىسى"، "الله تەرىپىدىن كەلگەن روھ" دەپ ئاتايدۇ.

ئۇلۇغ الله مۇنداق دېگەن: ﴿ئى ئەھلى كىتاب! (يەنى ناسارالار جامائەسى) دىنىڭلاردا ھەددىدىن ئاشماڭلار، الله نىڭ شەنىگە ھەق (سۆز) دىن باشقىنى ئېيتماڭلار (يەنى الله غا شېرىكى ۋە بالىسى بولۇشتىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىڭلار) . مەسىھ ئىسا ـ مەريەمنىڭ ئوغلى، پەقەت الله نىڭ رەسۇلىدۇر (سىلەر گۇمان قىلغاندەك الله نىڭ ئوغلى ئەمەستۇر)، مەريەمگە الله نىڭ ئىلقا قىلغان كەلىمىسىدۇر (يەنى ئاتىسىز ۋاستىسىز، الله نىڭ «ۋۇجۇدقا كەل» دېگەن سۆزىدىن يارىتىلغاندۇر). الله تەرىپىدىن كەلگەن بىر روھتۇر. الله غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتىڭلار. (الله ئىسا، مەريەمدىن ئىبارەت) ئۈچتۇر دېمەڭلار، (خۇدا ئۈچ دەيدىغان ئېتىقادتىن) قايتىڭلار. (بۇ) سىلەرگە پايدىلىقتۇر. الله پەقەت بىر ئىلاھتۇر. بالىسى بولۇشتىن الله پاكتۇر. ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى الله نىڭ دۇر (يەنى الله نىڭ مۈلكىدۇر، مەخلۇقاتىدۇر) الله يېتەرلىك ھامىيدۇر. ئىسامۇ. (الله غا) يېقىن پەرىشتىلەرمۇ الله غا بەندە بولۇشتىن ھەرگىز باش تارتمايدۇ، كىملەركى الله قا بەندىچىلىك قىلىشتىن باش تارتىدىكەن ۋە

كۆرەڭلەپ كېتىدىكەن. (بىلىسۇنكى) اللە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى (قىيامەت كۈنى ھېساب ئېلىش ۋە جازالاش ئۈچۈن) ئۆز دەرگاھىغا توپلايدۇ. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا كەلسەك، اللە ئۇلارنىڭ (ئەمەللىرىنىڭ) ئەجرىنى تولۇق بېرىدۇ، نېمىتىنى ئۇلارغا ئاشۇرۇپ بېرىدۇ. (اللە قا قۇلچىلىق قىلىشتىن) باش تارتقان ۋە كۆرەڭلەپ كەتكەنلەرگە كەلسەك، اللە ئۇلارغا قاتتىق ئازاب قىلىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى ئۈچۈن اللە دىن باشقا (اللە نىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان) ھېچقانداق دوست ۋە ھېچقانداق مەدەتكار تاپالمايدۇ.》

ئىبنى كەسىر ئۆزىنىڭ «قىسەسۇل ئەنبىيا» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: مەسىھ ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كېتىلگەندىن كېيىن، شاگىرتلىرى (دوستلىرى) ئۇنىڭ ھەققىدە ھەر خىل پىكىر يۈرگۈزۈشتى. بەزىلىرى: ئۇ اللە نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى ئىدى، ـ دېسە، يەنە بەزىلىرى: ئۇ اللە تۇر، ـ دېيىشتى. يەنە بەزىلىرى بولسا: ئۇ اللە نىڭ ئوغلىدۇر، ـ دېيىشتى.

ئىنجىلنىڭ يەتكۈزۈلىشى ھەققىدە ئوخشاشمىغان تۆت خىل كۆز قاراش ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، بەزىلىرى: ئاشۇرىۋېتىلگەن، ـ دېسە، بەزىلىرى: كەم ـ كوتا، ـ دەيدۇ. يەنە بەزىلىرى: بۇزۇۋېتىلگەن، ـ دېسە، يەنە بەزىلىرى: ئۆزگەرتىۋېتىلگەن، ـ دەپ قارىشىدۇ.

قۇرئان كەرىم ئىلاھلىق مەسىلىسىدە كەسكىن ھۆكۈم چىقىرىپ، اللە تائالانىڭ شېرىكتىن، بالا تېپىشتىن، خوتۇن ئېلىشتىن پاكلىقىنى، تەڭدىشىنىڭ يوقلۇقىنى، كۆز بىلەن كۆرۈش ۋە تەسەۋۋۇر قىلىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى تەكىتلەيدۇ. ئۇلۇغ اللە ئىخلاس سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ: 《(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ئۇ ـ اللە بىردۇر. ھەممە اللە غا موھتاجدۇر. اللە بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس. ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ》.

ئۇلۇغ اللە ئال ئىمران سۈرىسىنىڭ 59 ـ ئايىتىدە ھەزرىتى ئىسا ھەققىدە مۇنداق دېگەن: 《شۈبھىسىزكى، اللە نىڭ نەزىرىدە ئىسانىڭ مىسالى (ئۇ ئاتىسىز يارىتىلغانلىقتىن) ئادەمنىڭ (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ) مىسالىغا ئوخشايدۇ. ئادەمنى اللە (ئاتا ـ ئانىسىز) تۇپراقتىن ياراتتى، ئاندىن ئۇنىڭغا: «ۋۇجۇتقا كەل» دېدى ـ دە، ئۇ ۋۇجۇتقا كەلدى (ئىسانىڭ ئىشى ئادەمنىڭ ئىشىدىن ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس)》

بەقەرە سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ: 《ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار، ناسارالار، مۇشرىكلار): «اللە نىڭ بالىسى بار» دەيدۇ. اللە (ئۇلارنىڭ گۇمان قىلغان نەرسىسىدىن) پاكتۇر، ئۇنداق ئەمەس، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى اللە نىڭدۇر، ھەممىسى ئۇنىڭغا بويسۇنغۇچىدۇر. اللە ئاسمانلار ۋە زېمىننى يوقتىن بار قىلغۇچىدۇر.

سۈرە نىسا 171 ـ دىن 173 ـ ئايەتكىچە.

سۈرە ئىخلاس.

بىر ئىشنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشنى ئىرادە قىلسا (« ۋۇجۇتقا كەل ») دەيدۇ - دە، ئۇ ۋۇجۇتقا كېلىدۇ﴾.

ئۇلۇغ الله تەۋبە سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يەھۇدىيلار: « ئۇزەير الله نىڭ ئوغلىدۇر » دېدى، ناسارالار: « مەسىھ (يەنى ئىسا) الله نىڭ ئوغلىدۇر » دېدى، بۇ، ئۇلارنىڭ ئاغزىدىكى (دەلىلسىز) سۆزدۇر، (ئۇلارنىڭ سۆزلىرى) ئىلگىرىكى كاپىرلارنىڭ (يەنى مۇشرىكلارنىڭ: « پەرىشتىلەر الله نىڭ قىزلىرىدۇر » دېگەن) سۆزلىرىگە ئوخشايدۇ. الله ئۇلارغا لەنەت قىلسۇنكى، (الله نىڭ بالىسى يوقلۇقىغا روشەن دەلىل تۇرسا، ھەقىقەتتىن باتىلغا بۇرۇلۇپ) ئۇلار قانداقمۇ (الله نىڭ بالىسى باردەپ) الله غا يالغان چاپلايدۇ﴾.

ئايەتتە مىسىرلىقلار ۋە ئۇلارغا ئوخشاش قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ ئېتىقادلىرى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرى ئەسكەرتىلگەن بولۇپ، ئۇلاردا كرىستقا مىخلاش ۋە ئۆزىنى پىدا قىلىشتەك ئادەتلەر بار ئىدى.

ئۇلۇغ الله مائىدە سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مەريەم ئوغلى مەسىھ (يەنى ئىسا) الله دۇر دېگەن كىشىلەر (يەنى ناسارالارنىڭ بىر پىرقىسى) ھەقىقەتەن كاپىر بولدى. (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، « ئەگەر الله مەريەم ئوغلى مەسىھنى، مەسىھنىڭ ئانىسىنى (يەنى مەريەمنى) ۋە يەر يۈزىدىكى بارلىق كىشىلەرنى ھالاك قىلىشنى ئىرادە قىلسا، الله (نىڭ ئىرادىسى) دىن بىرەر نەرسىنى توسۇشقا كىم قادىر بولالايدۇ؟ » ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنىڭ پادىشاھلىقى الله غا خاستۇر، الله خالىغىنىنى خەلق ئېتىدۇ، الله ھەر نەرسىگە قادىردۇر﴾.

ئۇلۇغ الله يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿الله ئۈچ ئىلاھنىڭ بىرىدۇر، دېگۈچىلەر شەكسىز كاپىر بولدى. بىر ئىلاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر﴾.

يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، قۇرئان كەرىم مەسىھ ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان زىت كۆز قاراشلار ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات بېرىپ، مەسىھنىڭ ئىسرائىل ئەۋلادىغا الله تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن بىر بەندە ۋە ئەلچى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. "قۇل" ۋە "ئەلچى" مەنىسى ئېنىق ئىبارىلەردۇر. "كەلىمە" ۋە "روھ" بولسا ئىزاھاتقا موھتاجدۇر. مۇسۇلمانلار "كەلىمە" نىڭ الله نىڭ توغرا يولى ۋە مەريەمگە ئىلقا قىلىنغان مۆجىزىسى دېگەن مەنىدە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدۇ. شۇنداقلا "روھ" نىڭ روھۇل قۇددۇسنى يەنى جىبرىئىلنى كۆرسىتىدىغانلىقىنىمۇ بىلىدۇ. الله تائالا پەيغەمبىرى ئىساغا "روھ" بىلەن يەنى جىبرىئىل بىلەن ياردەم بەرگەندۇر.

﴿ئەينى زاماندا ساڭا روھۇلقۇدۇس (يەنى جىبرىئىل) بىلەن مەدەت بەردىم﴾.

---

سۈرە بەقەرە 116 - ۋە 117 - ئايەتلەر.
سۈرە تەۋبە 30 - ئايەت.
سۈرە مائىدە 17 - ئايەت.
سۈرە مائىدە 73 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
سۈرە مائىدە 110 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

خرىستىئانلارنىڭ ئىسانىڭ تەبىئىتى ۋە ئۆلۈمى ھەققىدىكى ئېتىقادلىرىنى بىلگەندىن كېيىن، الله نىڭ بۇ ھەقتە بىزگە بىلدۈرگەن ھەقىقىتىنى بىلگەن مۇسۇلمانلار خرىستىئانلار ۋە ئۇلارنىڭ ئېتىقادلىرى ھەققىدە تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە بولىدۇ.

ئىسلامدا بارلىق دىنلار ئىچىدە خرىستىئان دىنىغا ئالاھىدە ئورۇن بېرىلگەن ھۆكۈملەر بار. قۇرئان مەسىھنىڭ ئىلاھلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۆزىنى پىدا قىلغان ھالدا كرېستقا مىخلانغانلىقىنى قوبۇل قىلمايدۇ. شۇنداقتىمۇ، خرىستىئانلىقنىڭ ئىسلامغا ئەڭ يېقىن دىني ئېتىقادقا ئىگە ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. ئۇلۇغ الله مائىدە سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) يەھۇدىيلار ۋە مۇشرىكلارنىڭ مۆمىنلەرگە ھەممىدىن قاتتىق دۈشمەن ئىكەنلىكىنى چوقۇم بايقايسەن، بىز ناسارا دېگەن كىشىلەرنىڭ دوستلۇق جەھەتتە مۆمىنلەرگە ھەممىدىن يېقىن ئىكەنلىكىنىمۇ چوقۇم بايقايسەن، بۇ، ناسارالارنىڭ ئىچىدە ئۆلىمالار، راھىبلار بولغانلىقى ۋە (ھەقنى قوبۇل قىلىشتا) تەكەببۇرلۇق قىلمايدىغانلىقلىرى ئۈچۈندۇر﴾ [⁴]

الله تائالا بۇ يەردە ئىسلام يولىدا ماڭغانلارنى ماختايدۇ ۋە ھەدىد سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنىڭ دىللىرىغا شەپقەت ۋە مېھرىبانلىقنى سالدۇق، رەھبانىيەتنى ئۇلار ئۆزلىرى پەيدا قىلدى، ئۇلارغا ئۇنى بىز بېكىتمىدۇق، ئۇلار ئۇنى پەقەت الله نىڭ رازىلىقىنى تىلەپ (پەيدا قىلدى)﴾. [⁵]

بۇ ئىككى ئەھۋال ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق زىتلىق يوقتۇر. قۇرئاننىڭ مەسىھنىڭ ئىلاھلىقىنى قوبۇل قىلماي، خرىستىئانلارنىڭ سۆيگۈ - ئېتىقادىنى ئېتىراپ قىلىشى ۋە ئىساغا ئەگەشكەنلەرنى ماختىشى تۆۋەندىكى سەۋەبلەرنى ئاساس قىلىدۇ.

خرىستىئانلىق ئەسلىدە تەۋھىد دىنىدۇر. ئۇنىڭ بارلىق ئەگەشكۈچىلىرى تەۋھىدتىن ئاسانلا ئايرىلىپ كېتەلمەيدۇ. ئۇلۇغ الله قەلبىنىڭ ئىچىدىكىنى ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر. خرىستىئانلار ئىچىدە الله ئالدىدا تەكەببۇرلۇق قىلمايدىغان ئالىملار ۋە مۇخلىسلار بار. ئۇلار الله قا بويسۇنغان ئەگەشكەن، ئىساغا ئەگەشكەن كىشىلەر بولۇپ، قەلبى يۇمشاق ۋە شەپقەتلىكتۇر. شۇنىسى ئېنىقكى، شەپقەت ۋە مەرھەمەت ئاخىرەتكە بولغان ئىماندىن تۇغۇلىدۇ.

ئۇلۇغ الله ئىسلامنىڭ باشقا دىندىكىلەرنىڭ ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغىنىدەك، مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىدىن بۇرۇن كىتاب كەلگەنلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىشنى بۇيرىدى.

---

[⁴] سۈرە مائىدە 82 – ئايەت.
[⁵] سۈرە ھەدىد 27 – ئايەت.

ئۇلۇغ الله يۇنۇس سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر پەرۋەردىگارىڭ خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە، يەر يۈزىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئىمان ئېيتاتتى. سەن كىشىلەرنى مۇسۇلمان بولۇشقا مەجبۇرلامسەن؟﴾

الله تائالا سۈرە بەقەرەدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿دىندا (ئۇنىڭغا كىرىشكە) زورلاش يوقتۇر، ھىدايەت گۇمراھلىقتىن ئېنىق ئايرىلدى﴾.

الله يەنە سۈرە ئال ئىمراندا مۇنداق دەيدۇ: ﴿«ئى ئەھلى كىتاب! (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) پەقەت الله غىلا ئىبادەت قىلىش، الله غا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك، الله نى قويۇپ بىر ـ بىرىمىزنى خۇدا قىلىۋالماسلىقتەك ھەممىمىزگە ئورتاق بولغان بىر سۆزگە (يەنى بىر خىل ئەقىدىگە) ئەمەل قىلايلى» دېگىن. ئەگەر ئۇلارىيۇز ئۆرۈسە (يەنى بۇنى قوبۇل قىلمىسا): «(ئى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار جامائەسى!) بىزنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىمىزگە گۇۋاھ بولۇڭلار. دېگىن﴾.

بىلگىنىمىزدەك، بۇ ئايەتلەر ئېتىقاد سۈپىتىدە باشقا دىنىي ئېتىقادلارغا قانداق مۇئامىلىدە بولۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈرۈشتىن باشقا يەنە بىر مۇسۇلماننىڭ خرىستىئانلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىشى كېرەكلىكىنى ئۆگىتىدۇ. ئايەتلەرنىڭ شەخسىي مۇئامىلىدە خرىستىئانلار بىلەن ئۆزئارا دوستلۇق مۇناسىۋىتىدە بولۇشىمىزنى بۇيرۇغانلىقىنى كۆردۇق. چۈنكى قۇرئان ئۇلارنىڭ ئىنسانلارغا سۆيگۇ جەھەتتىن ئەڭ يېقىن ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ. ئۇلۇغ الله نىڭ بۇ سۆزىگە ئاساسلانغاندا، مۇسۇلمانلار ئۇلارغا سۆيگۇ بىلەن جاۋاب قايتۇرىشى لازىمدۇر. ئۇلارنىڭ ئېتىقادىي مەسىلىسىگە كەلسەك، ھەرقانداق ئۇسۇل بىلەن ئىنسانلارنى دىنىي ئېتىقادقا زورلاشنى چەكلەيدىغان ئايەتلەر بار. ئۇلۇغ الله كەھف سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) «(بۇ) ھەق (قۇرئان) پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن نازىل بولىدۇ، خالىغا ئادەم ئىمان ئېيتسۇن، خالىغان ئادەم كاپىر بولسۇن» دېگىن﴾.

چۈنكى مەجبۇرىي ئېيتىلغان ئىمان ھەقىقىي ئىمان بولالمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭدا تاللاش ئىختىيارلىقى يوقتۇر. تاللاش ئىختىيارلىقىنىڭ بولۇشى ئىماننىڭ شەرتى بولۇپ، بۇ شەرت ئىسلامنىڭ مۇكەممەللىكىنىڭ بىر نامايەندىسىدۇر. ئايەتلەرنى تەپسىر قىلىشتىن ئاۋۋال الله نىڭ خاتالىقلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلىشىنى تىلىگەن ھالدا ئىسلامنىڭ بۇ كۆرسەتمە ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ باشقىلارنىڭ ئېتىقادلىرى ھەققىدە ئۆزۈن ۋە كۆپ مۇنازىرىلەردىن ساقلىنىشىنى تەۋسىيە قىلغانلىقىنى پەرەز قىلىمىز. چۈنكى بۇ مۇنازىرىلەردىن ھېچبىر پايدا چىقمايدۇ. ئالىملار دىنلارنى خالىغانچە تەتقىق قىلسۇن. بۇ ئۇلارنىڭ تۈنجى ۋە ئاخىرقى ۋەزىپىسىدۇر. بۇ ھەم مۇسۇلمانلارنىڭمۇ باش تارتىپ بولمايدىغان ۋەزىپىسىدۇر.

---

سۈرە يۇنۇس 99 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
سۈرە بەقەرە 256 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
سۈرە ئال ئىمران 64 ـ ئايەت.
سۈرە كەھف 29 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

خرىستىئان ۋە يەھۇدىيلاردىكى ئېتىقاد ۋە مەزھەپلەرنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن كۆرسىتىلگەن تىرىشچانلىقلار ۋاقىت ۋە ئەجىر ئىسراپ قىلىشتىن باشقا ئىشقا يارىمىدى.

ئىسلام غېرىبانە ھالدا باشلانغان ئىدى. يەنە غېرىبانە ھالىغا قايتىدۇ. ئىسلامنىڭ دەسلەپكى غېرىبانىلىقىدا مۇسۇلمانلار ئالدى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزىنى بىردىن - بىردىن تەبىيلەپ چىققان. ئۇنىڭ بىناسى پۈتكىچە ئىسلام دۆلىتىنىڭ بىناسىمۇ قۇرۇلۇپ پۈتتى. ئۇلاردىن بىرەرىنىڭ باشقىلارنىڭ ئېتىقادى ھەققىدىكى پۈتمەس - تۈگىمەس دە - تالاشلارغا ئارىلىشىپ قالغانلىقىنى ئاڭلىمىدۇق. باشقىلارنى الله نىڭ ھىدايىتىگە يەتكۈزۈش ناھايىتى ياخشى ئەمەلدۇر. ئەمما بۇ ھىدايەت ئالدى بىلەن ئۆز نەپسىنى الله نىڭ ھىدايىتىگە ئېرىشتۈرگەن ھىدايەت بولۇشى كېرەك.

...

قۇرئان ئىسانىڭ بۆشۈكتىكى بوۋاق ھالىتىدە تۇرۇپ سۆز قىلغان مۆجىزىسى ۋە ھەۋارىيونلارغا ئاسماندىن چۈشۈرۈلگەن داستىخان مۆجىزىسىدىن ئىبارەت ئىنجىللاردا تىلغا ئېلىنمىغان ئىككى مۆجىزىنى، ئۇنىڭدىن باشقا، الله نىڭ يەھۇدىيلارنىڭ ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلىشىدىن ساقلاپ، ئۇنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كېتىش شەرىپىگە مۇيەسسەر قىلغانلىقىنى ئاشكارىلىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خرىستىئانلارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولۇشنى تەۋسىيە قىلدى. ئۇنىڭ قىبتى مارىيەگە ئۆيلىنىشى بۇنىڭ بىر ئىپادىسى.

ئىبنى جەرىر ئىبنى ئاببباس (الله ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: سالىم ئىبنى ئەۋف قەبىلىسىدىن ئەل ھۇسەيىن دېگەن بىر كىشىنىڭ ئىككى خرىستىئان ئوغلى بار ئىدى. ئەل ھۇسەيىن مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئوغۇللىرىنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلىشى ئۈچۈن ئۇلارنى زورلاش كېرەكلىكى ياكى كېرەك ئەمەسلىكىنى سورىدى. چۈنكى ئوغۇللىرى خرىستىئان دىنىدىن باشقا بارلىق دىنلارنى رەت قىلغانىدى. بۇ سەۋەب بىلەن ئۇلۇغ الله تۆۋەندىكى ئايەتنى چۈشەردى: ﴿دىندا (ئۇنىڭغا كىرىشكە) زورلاش يوقتۇر﴾. 

نەجراننىڭ خرىستىئان ئەلچىلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن مەدىنىگە كېلىپ ئىبادەتلىرىنى قىلماقچى بولغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىتنىڭ يېرىمىنى ئۇلارغا ئايرىپ بەرگەن ئىدى.

بىر كۈنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىنازا نامىزىنى ئوقۇش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭغا بۇ جىنازىنىڭ يەھۇدىيلارغا ئائىت بىر كىشىنىڭ ئىكەنلىكى خەۋەر قىلىندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا جاۋابەن: «ئۇمۇ بىر جان ئىگىسى ئەمەسمۇ؟» دېدى.

[4] سۈرە سۈرە بەقەرە 256 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «كىمكى ھەقسىزلىق بىلەن بىر يەھۇدىي ياكى خرىستىئانغا ئەزىيەت قىلسا، قىيامەت كۈنى مەن ئۇنىڭ رەقىبى بولىمەن. ھاكىمىيەت كۆپۈرلۈق بىلەن ياشىشى مۇمكىن، ئەمما زۇلۇم بىلەن ياشىيالمايدۇ.»

مۇسۇلمان ئالىملار ھەزرىتى ئىسانىڭ ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەندىن كېيىنكى ئەھۋالى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشتى. ئۇلار گەرچە ھەزرىتى ئىسانىڭ كرىستقا مىخلانماستىن الله تەرىپىدىن ئۆز دەرگاھىغا ئېلىپ چىقىپ كېتىلگەنلىكى ھەققىدە بىردەك قاراشقا ئىگە بولسىمۇ، كرىستقا مىخلانمىغانلىقىغا قارىغاندا (يەنى ئۆلمىگەنلىكىگە قارىغاندا) كېيىنكى ئەھۋالى قانداق بولغاندۇ؟ ئۇ تىرىكمىدۇ؟ ياكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆلگىنىدەك ئۇمۇ ئۆلدىمۇ؟... دېگەندەك مەسىلىلەر ھەققىدە مۇنازىرىلەشتى.

كۆپچىلىك ئالىملار: الله تائالا ئىسانى بەدىنى ۋە روھى بىلەن بىرلىكتە ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كەتكەن، ـ دەپ قارايدۇ. ئۇلار ئۆلتۈرۈشكە جاۋابەن ئۇلۇغ الله نىڭ مۇنۇ ئايىتىنىڭ مەنىسىنى ئەسكەرتىدۇ: ﴿بەلكى الله ئۇنى ئۆز تەرىپىگە كۆتۈردى (يەنى ئىسا ئەلەيھىسسالامنى الله ئۇلارنىڭ شەررىدىن قۇتۇلدۇرۇپ تىرىك ھالدا ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى)﴾ [1]

ئاز ساندىكى مۇپەسسىرلەر: الله باشقا پەيغەمبەرلەرنى قەبزى روھ قىلغىنىدەك، ئۇنىمۇ قەبزى روھ قىلغان، ـ دەپ قارايدۇ. يەنى الله پەيغەمبەرلەرنىڭ، سىددىقلارنىڭ ۋە شېھىتلەرنىڭ روھىنى دەرگاھىغا ئېلىپ چىققاندەك، ئۇنىڭ روھىنىمۇ دەرگاھىغا ئېلىپ چىققان دەپ قاراپ، بۇ ھەقتە ئۇلۇغ الله نىڭ مۇنۇ سۆزىنىڭ مەنىسىنى ئەسكەرتىدۇ: ﴿ئۆز ۋاقتىدا الله ئېيتتى: «ئى ئىسا! مەن سېنى (ئەجىلىڭ يەتكەندە) قەبزى روھ قىلىمەن، سېنى دەرگاھىمغا كۆتۈرىمەن، (يەنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىمەن). سېنى كاپىرلاردىن پاك قىلىمەن (يەنى سېنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان يامانلارنىڭ شەررىدىن ساقلايمەن)﴾. [2]

بىز ئالدىنقى قاراشقا قوشۇلىمىز. چۈنكى بۇ مۆجىزە پەۋقۇلئاددىلىقى بىلەن ئىسانىڭ دۇنياغا كېلىشى مۆجىزىسىگە باغلىنىدۇ. ئۇ بىر مۆجىزە ئىدى. شۇنداقلا، ھاياتى ۋە پاكلىقىمۇ ئىككى ئايرىم مۆجىزە ئىدى.

[1] سۈرە نىسا 158 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئال ئىمران 55 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

# مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام

كائىناتتىكى بارلىق تەۋھىد نۇرلىرى ئۆچۈپ، ئىنسان ئەقلىنى زۇلمەت قاراڭغۇلۇق قاپلىغان ۋە يەر يۈزىدە اللە نىڭ بىرلىكىگە ئەڭ ئاخىرقى بىر نەچچە ئاجىز ـ بىچارىدىن باشقا ئىمان كەلتۈرىدىغان ھېچكىم قالمىغان بىر پەيتتە، اللە تائالا يەر يۈزىگە ئۆزىنىڭ رەھمىتىنى كەڭ يېيىپ، ئۆز ئەلچىلىرىدىن ئەڭ ئاخىرقىسىنى ئەۋەتمەكچى بولدى.

غەم ـ غۇسسىگە تولغان ھاياتنىڭ قورقۇنچلۇق كېچىلىرىدىن بىرىدە بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ قۇياشى پارلاپ چىقتى.

ئۇ، ئىبراھىم خەلىيۇللانىڭ دۇئاسىغا جاۋاب بولۇش، اللە نىڭ روھى ۋە كەلىمىسى بولغان ئىسانىڭ يەتكۈزگەن خۇشخەۋىرىنى تەستىقلاش ئۈچۈن كەلدى.

اللە تائالا ئۇنى رەھمەت ۋە بەرىكەت بىلەن ئۇلۇغلايدۇ. پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا اللە دىن مەغپىرەت تىلەپ، مەدھىيە ئوقۇيدۇ ۋە ئىستىغپار تەلەپ قىلىدۇ. مۇئمىنلەرمۇ ئۇنىڭغا ھۆرمەت ۋە شەرەپ بىلەن دۇرۇد ئوقۇيدۇ. ئۇلۇغ اللە ئەھزاب سۈرىسىدە مۇنداق دېگەنىدى: ﴿اللە ھەقىقەتەن پەيغەمبەرگە رەھمەت يوللايدۇ (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا رەھمەت قىلىدۇ، شەنىنى ئۇلۇغ قىلىدۇ، دەرىجىسىنى ئۈستۈن قىلىدۇ)، پەرىشتىلەرمۇ ھەقىقەتەن (پەيغەمبەرگە) مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ، ئى مۆمىنلەر! سىلەر پەيغەمبەرگە دۇرۇد ئېيتىڭلار ۋە ئامانلىق تىلەڭلار (چۈنكى رەسۇلۇللا نىڭ سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىكى ھەققى چوڭدۇر، ئۇ سىلەرنى گۇمراھلىقتىن ھىدايەتكە، زۇلمەتتىن يورۇقلۇققا چىقارغۇچىدۇر)﴾.[1]

اللە تائالا ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنى ئۆز قەۋمى ۋە دەۋرىگە شاپائەت قىلىپ ئەۋەتكەن بولسا، ئۇنى پۈتۈن ئالەمگە شاپائەت قىلىپ ئەۋەتكەنىدى. ئۇ قەۋمىگە ۋە دەۋرىگە، شۇنداقلا، ئۇلاردىن كېيىن كېلىدىغان قەۋم ۋە دەۋرلەرگە، ئەسىرلەر بويى ھۆكۈم سۈرىدىغان مۇتلەق شاپائەتچى بولۇپ كەلگەنىدى. ئۇلۇغ اللە ئەنبىيا سۈرىسىدە مۇنداق دېگەن ئىدى: ﴿(ئى مۇھەممەد!) سېنى بىز پۈتۈن ئەھلى جاھان ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق﴾.[2]

ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋەتلىرىنىڭ ئەسلى نىشانى ئىسلام بولسا، ئۇنىڭ ئەلچىلىكىنىڭ ئىسمى ئىسلام ئىدى.

مانا بۇ، مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىب بولۇپ، ئۇ، قۇرۇتۇلغان گۆش يەپ كۈن كەچۈرىدىغان قۇرەيشلىك بىر ئايالنىڭ ئوغلى ئىدى.

ئىنسانلارنىڭ ئەڭ كاتتىسى...

---

[1] سۈرە ئەھزاب 56 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئەنبىيا 107 ــ ئايەت.

اﷲ نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى، شۇنداقلا. اﷲ نىڭ ئىنسانلارغا ھەدىيە قىلغان رەھمەت شاپائىتى...

ئەرەب يېرىم ئارىلى...

كائىنات قاپقاراڭغۇ. كېچىنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرى...

ئابدۇلمۇتەللىب بىردىنلا قۇياش چىقتى دەپ ئويلىدى. ئەمما كۆزىنى ئاچقىنىدا ۋاقىتنىڭ تېخى كېچە ئىكەنلىكىنى كۆردى. چەكسىز كەتكەن چۆلنى سۈكۈنات باسقان ئىدى.

ئابدۇلمۇتەللىب چېدىرىدىن چىقىپ ئەتراپقا قارىدى. ئەتراپ قاپ ـ قاراڭغۇ. ئاسماندا يۇلتۇزلار چاقنايتتى. چېدىرغا قايتىپ كىرىپ ئورنىدا ياتتى.

ئۇ ئۇخلاپلا يەنە چۈش كۆرۈشكە باشلىدى. بۇ قېتىم ھەممە نەرسە ئوچۇق كۆرۈنگەن ئىدى. غەيبتىن ئۇنىڭغا بۇيرۇق كېلىۋاتاتتى:

ـ زەمزەمنى كولىغىن!...

ئابدۇل مۇتەللىب سورىدى:

ـ نېمە ئۇ زەمزەم دېگەن؟

ئۇنىڭغا قايتا بۇيرۇق بېرىلدى:

ـ زەمزەمنى كولىغىن!...

ئاخىرقى بۇيرۇق بىلەن تەڭ ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ يۈرىكى قاتتىق سوقۇپ، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. ئاندىن چېدىرىدىن چىقىپ چۆلگە قاراپ ماڭدى.

”زەمزەم“ نىڭ مەنىسى نېمە بولغىيدى؟ ئاھ... زېھنى بىردىنلا ۋاللىدە يورۇپ كەتتى. زەمزەم... زەمزەم بىر قۇدۇقنىڭ ئىسمى ئىدى. زەمزەم بىر قۇدۇق ئىدى. ئەمما بۇ ئاۋاز نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا بىر قۇدۇق كولاشنى بۇيرىدى. بۇ سوئالنىڭ پەقەت بىرلا جاۋابى بار بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ، كەبىگە كەلگەن ھاجىلار ئۇ قۇدۇقتىن سۇ ئىچەتتى. ئەمما ئۇ قۇدۇقنىڭ نېمە ئالاھىدىلىكى بار بولغىيدى؟ ھاجىلار ئۈچۈن بىر مۇنچە قۇدۇق بار ئىدىغۇ؟

ئابدۇلمۇتەللىب قۇم ئۈستىدە ئولتۇرۇپ يۇلتۇزلارغا قارىدى. ھەزرىتى ئىسمائىلنىڭ ئايىغى ئاستىدىن ئېتىلىپ چىققان بۇلاق ۋە بۇلاقنىڭ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كۆمۈلۈپ قالغانلىقى ھەققىدە رىۋايەتلەر بار ئىدى. ھاجىلار ئۈچۈن كولانغان قۇدۇقلار ئۇ بۇلاقنىڭ ئورنىدىن باشقا يەرلەرگە كولانغان ئىدى.

قۇياش ئەرەبىستان چۆلىنى ئاستا ـ ئاستا يورۇتۇشقا باشلىدى. ئابدۇلمۇتەللىب چېدىرغا قايتتى. ئۇ كىشىلەرگە ئۇ بۇلاقنىڭ ئورنىغا بىر بۇلاق كولىماقچى بولغانلىقىنى ئېيتتى.

ئۇ چۈشىدە تەرىپلەنگەن يەرنى كىشىلەرگە كۆرسەتتى. قۇرەيشلىكلەر ئۇنى قوبۇل قىلمىدى. چۈنكى ئۇ يەر قۇرەيشلىكلەر چوقۇنىدىغان ”ئىساف“ ۋە ”نائىلە“ ئىسىملىك ئىككى بۇت جايلاشقان يەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىدى.

ئابدۇلمۇتەللىب قەۋمىنىڭ ئۆزىگە (بۇ قۇدۇقنى كولاشقا) رۇخسەت قىلىشى ئۈچۈن كۆپ تىرىشتى.

ئۇلار ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ بىرلا ئوغلىدىن باشقا ھېچقانداق قوغدىغۇچىسى يوقلۇقىنى بىلەتتى. ئۇنىڭ كۆز قارىشىنى ياقلايدىغان، ئىشلىرىنى قوللايدىغان، كۈچلۈك زېرەك بالا يوق ئىدى. ئۇ دەۋردىكى ئەرەب مەملىكەتلىرىدە ياشاۋاتقان قەبىلىلەرنىڭ ئارىسىدىكى ھەرقانداق مەسىلە ئۇلارنىڭ قوللىغۇچىلىرى ۋە خىش - ئەقرىبالىرىنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق ھەل بولاتتى.

ئابدۇلمۇتەللىب نېمە قىلارىنى بىلمەيتتى. ئۇ غەمكىن ھالدا كەبىنىڭ ئالدىغا كېلىپ اللہ قا مۇنداق مۇناجات قىلدى:

- ئەگەر مېنىڭ ئون ئوغلۇم بولۇپ قۇدۇقنى كولىشىمغا ياردەم بەرگىدەك ياشقا كەلسە، ئۇلاردىن بىرىنى كەبىگە ئاتايمەن...

ئۇنىڭ مۇناجاتى قوبۇل قىلىندى.

بىر يىل ئۆتمەيلا، ئابدۇل مۇتەللىبنىڭ ئايالى ئىككىنچى ئوغلىنى تۇغدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى سەككىز يىلدىمۇ بىردىن سەككىز ئوغۇل تۇغدى. ئابدۇلمۇتەللىب ئەمدى ئون ئوغۇلنىڭ ئاتىسى بولۇپ قالغان ئىدى.

يىللار ئۆتۈپ، باللار چوڭىيىپ ئىشقا يارىغىدەك بولۇپ قالدى. ئابدۇلمۇتەللىب ئۆزىنى دۈشمەندىن قوغدايدىغان ۋە ئۆزىنى قوللايدىغان كىشىلەرگە ئېرىشكەن ئىدى.

قۇدۇق چۈشىدىكى ئاۋاز كۆرسەتكەن يەرگە كولاندى. بۇرۇنقى ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئوغۇللىرىدىن بىرىنى قۇربانلىق قىلىشقا تەييارلاندى.

ئوغۇللىرى ئارىسىدا چەك تارتىلدى. چەك ئەڭ كىچىك ئوغلى ئابدۇللاھقا چىقتى. بۇنى ئاڭلىغان خەلق ئۇنىڭغا قارشى چىقتى ۋە ئۇزلىرىنىڭ ئابدۇللاھنىڭ ئۆلتۈرۈلىشىگە قوشۇلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

ئابدۇللاھ ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى ئەڭ پاك ئىنسان ئىدى. ئۇ ھاياتى بويىچە ھېچكىمنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرمىدى. ھېچكىمگە ۋارقىراپ باقمىغان ۋە ھېچكىمنى مازاق قىلىپ باقمىغانىدى. ئۇنىڭ كۆلكىسى ئەرەبلەر ئارىسىدىكى ئەڭ راستچىل ۋە ئەڭ مۇلايىم كۆلكە ئىدى. ئۇنىڭ روھى مەككىنىڭ ئەڭ ساپ روھى ئىدى. مەسۇم قەلب تاشتەك قاتتىق قەلبلەردىن مەيدانغا كەلگەن چەكسىز قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى جەننەت ماكانغا ئوخشايتتى. شۇڭا قۇربانلىق چېكى ئۇنىڭغا چىققاندا، خەلق بۇنىڭغا قارشى چىققان ئىدى. قۇرەيشنىڭ چوڭلىرى ۋە مۆتىۋەرلىرى مۇنداق دېيىشتى:

ئۇنىڭ ئورنىغا بىز ئۆز ئوغۇللىرىمىزنى قۇربانلىق قىلىپ ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ قالايلى. ئەگەر ئۇنى قۇربانلىق قىلساق، ئۇنىڭدەك بىرىنى ھېچيەردىن تاپالمايمىز.

بۇ ئىش ھازىرچە تۇرۇپ تۇرسۇن، بىز بېرىپ كاھىن ئايالدىن بىر مەسلىھەت ئالايلى.

ئابدۇللاھنىڭ ئىشى بۇ بېسىم سەۋەبىدىن كەينىگە سۈرۈلدى. خەلق كاھىندىن مەسلىھەت ئېلىش ئۈچۈن كېتىشتى.

كاھىن: سىلەردە خۇن ھەققى قانچىلىك؟ ـ دەپ سورىدى.

خەلق: ئون تۆگە. ـ دەپ جاۋاب بەردى.

كاھىن: بېرىپ ئون تۆگە كەلتۈرۈڭلار ۋە تۆگىلەر ئارىسىدا چەك تاشلاڭلار. ئەگەر چەك ئابدۇللاھقا چىقسا، يەنە ئون تۆگە قوشۇڭلار. ئاندىن يەنە چەك تارتىشىڭلار. تاكى پەرۋەردىگارىڭلار سىلەردىن مەمنۇن بولغانغا قەدەر تۆگىلەرنى ئونلىسىن، ئوندىن ئاشۇرۇپ تۇرۇڭلار. ـ دېدى.

چەك تاشلاندى، ئابدۇللاھقا چىقتى. ئابدۇلمۇتەللىب يەنە ئون تۆگە قوشتى. چەك يەنە تاشلاندى، يەنە ئابدۇللاھقا چىقتى، مۇشۇنداق قوشۇۋېرىپ تۆگىلەرنىڭ سانى يۈزگە يەتتى، نىھايەت، 11 ـ قېتىمدا چەك تۆگىلەرگە چىقتى.

خەلق ئابدۇللاھنىڭ قۇتۇلغانلىقىنى كۆرۈپ كۆز ياشلىرىنى تۆكۈشكە باشلىدى.

كەبىدە يۈز تۆگە قۇربانلىق قىلىندى. تۆگە گۆشلىرى خەلققە تارقىتىلدى. ئابدۇلمۇتەللىب ئوغلى ئابدۇللاھنىڭ قۇتۇلغىنىغا بەكمۇ سۆيۈندى ۋە ئۇنى ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى ئەڭ ياخشى قىزغا ئۆيلەندۈرۈپ قويۇش نىيىتىگە كەلدى. قۇربانلىق قىلىش ئىشى تۈگىگەندىن كېيىن، ئابدۇللاھنى ئېلىپ ۋەھەبنىڭ ئۆيىگە باردى ۋە ۋەھەبنىڭ قىزى ئامىنەنى ئۆزىگە كېلىن قىلماقچى بولغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئامىنە بىنتى ۋەھەب قۇرەيشلەرنىڭ ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ كېلىشكەن يىگىتىگە ياتلىق بولدى. تويغا كەلگەن مېھمانلارنىڭ توي بولۇۋاتقان ئورۇننى ئاسان تېپىپ كېلىشى ئۈچۈن مەككە تاغلىرىغا مەشئەللەر يېقىلدى. قويلار سويۇلدى. يېتىم ـ يېسىرلار ۋە ھايۋان ـ قۇشلارغىچە تائام بېرىلدى. تويدىن ئىككى ئاي ئۆتكەندە، ئابدۇللاھ تىجارەت ئۈچۈن قۇرەيش كارۋانلىرىغا قېتىلىپ شامغا قاراپ يولغا چىقتى.

ئامىنە بىنتى ۋەھەب ئابدۇللاھ يولغا چىقىشتىن بۇرۇن خوشلاشقاندا، ئۇنىڭ ئىللىق چىرايىغا ئاخىرقى قېتىم قارىغان ئىدى. كارۋان يولغا چىقىپ، قۇم بارخانلىرىنىڭ ئارىسىدا غايىب بولدى. ئامىنە بۇنىڭ ئاخىرقى قېتىم قارىشى بولۇپ قالغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئابدۇللاھ يولغا چىقىپ بىر ئايدىن كېيىن مەدىنىدىكى بەنى نەججار قەبىلىسىدىن بولغان تاغىلىرىنى يوقلاپ كەلدى ۋە ئۇ يەردە تۇيۇقسىزلا ئاغرىپ قېلىپ ۋاپات بولدى. بۇ چاغدا، ئۇ ئەمدىلا يىگىرمە بەش ياشتا ئىدى. ئۇنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى ھەممە جايغا يېيىلدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان خەلق بەكمۇ قايغۇردى. خەۋەر ئامىنەگە

يەتكۈزۈلگەندە، ئۇ قاتتىق ئاھ ئۇرۇپ يىغلىدى. ئۇنىڭ كاللىسىغا جاۋابى ئۆزىگىمۇ مۇجمەل بولغان تۆۋەندىكى سوئال كىرىۋالغان ئىدى.

ئازغىنە ۋاقىتتىن كېيىن ئۆلىدىغىنىنى تەقدىر قىلغان اللە نېمە ئۈچۈن يۈز تۆگىنى قۇربانلىق قىلىش بەدىلىگە ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ قالدى؟

تۆرەلمە ئامىنەنىڭ قورسىقىدا يېنىك ھەرىكەتلەندى. ئامىنە ئۆزىنىڭ ھامىلدار ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەنە يىغلاشقا باشلىدى. ئالدىنقى قېتىم ئۆزى ئۈچۈن يىغلىغان بولسا، بۇ قېتىم دادىسىز يېتىم تۇغۇلىدىغان بالىسى ئۈچۈن يىغلىغان ئىدى. ئامىنە قورسىقىدىكى بالىنىڭ ئاتىسىز يېتىم قېلىشى كېرەكلىكىنى بىلمەيتتى. بۇ يېتىم يەر يۈزىدىكى يېتىم ـ يېسىر، يوقسۇل، غېرىپ ۋە بىچارە كىشىلەرنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبىتىگە مەسئۇل قىلىناتتى. اللە نىڭ ئىنسانلارغا ئەۋەتىدىغان ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبىرى بولاتتى. اللە نىڭ پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئاتىغان رەھىم ـ شەپقىتى ئىدى. رەھىم ـ شەپقەتنى پەقەت ئازاب چەككەنلەرلا بىلىدۇ. مانا بۇ، بالا تېخى تۇغۇلماي تۇرۇپلا ئەڭ ئېچىنىشلىق ئازاب ـ ئوقۇبەتنىڭ تەمىنى تېتىماقتا ئىدى.

كۈنلەر ئۆتتى... ئامىنە ھالسىزلاندى، كۆز ياشلىرى قۇرىدى. ئۇنىڭ دەرت ـ ئەلىمى چۆلدە ئۆسكەن دەرەخكە ئوخشايتتى. كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان دەرت ـ ئەلىمى تۆپەيلىدىن قورسىقىدىكى ھامىلەنىڭ بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنىمۇ سەزمەيتتى. ئەكسىچە، ئۆزىنى كەئبىنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ ئۇچۇۋاتقان كەپتەرلەردەك يەڭگىل سېزەتتى. بۇ دۇنيادا تارتقان دەرت ـ ئەلىمنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ نەزىرىدە ئەڭ سۆيۈملۈك ۋە ئەڭ قىممەتلىك بولغان ۋە ئۆزى قىلچە ئېغىرلىق ھېس قىلمايۋاتقان بۇ يۈك بىلەن بۇ دۇنيادا ئۇنىڭدىنمۇ بەختلىك ئايال يوق ئىدى.

...

تۇغۇت ۋاقتى يېقىنلاشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەبرەھەنىڭ قوشۇنلىرىمۇ مەككىگە يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان ئىدى. ئەبرەھە ھەبەشىستانلىقلار ئىرانلىقلارنى يەمەندىن قوغلاپ چىقىرىپ، يەمەننى ئۆز ھاكىمىيتى ئاستىغا ئالغان زامانلاردىكى يەمەننىڭ ھەبەشىستانلىق ھۆكۈمرانى ئىدى. ئۇ ئەرەبلەرنىڭ يۈزلىنىدىغان قىبلىسى بولغان كەبىدىن ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى يەمەن تەرەپكە يۈزلەندۈرۈش ئۈچۈن، يەمەندە ئاجايىپ چوڭ بىر چېركاۋ ياسىغان ئىدى. ھاكىمىيەت ئاستىدىكى يەمەن خەلقى يۈزلىرىنى چېركاۋ تەرەپكە قاراتتى. ئەمما ھېچ بىر ئەرەبنىڭ بۇ تەرەپكە يۈز كەلتۈرمىگىنىنى كۆرۈپ، ئىنسانلارنىڭ پەقەت ئۆزى ياساتقان چېركاۋنىلا كېلىشى ئۈچۈن كەبىنى يوق قىلىش نىيىتىگە كەلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ تولۇق قوراللانغان چوڭ قوشۇن تەييارلاپ كەبىگە قاراپ ئاتلاندى. ئەبرەھەنىڭ قوشۇنىدا زامانىمىزدىكى تانكىلارنىڭ ئورنىنى ئالىدىغان غايەت زور يىرتقۇچ پىللارمۇ بار ئىدى.

ئەرەبلەر ئەبرەھەنىڭ كەبىنى يوق قىلماقچى بولۇپ بۇ تەرەپكە قاراپ يولغا چىققانلىقىدىن خەۋەردار بولۇشتى. ئۇنىڭ بۇ قىلىقى ئەرەبلەرنى غەزەپلەندۈرگەنىدى. ئۇ زامانىدىكى ئەرەبلەر گەرچە بۇتپەرەس بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ كەبىنى قۇرغۇچى بولغان ھەزرىتى ئىبراھىم ۋە ئىسمائىللارنىڭ ئەۋلادلىرى ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەچكە، كەئبە ئۇلار ئۈچۈن بەكمۇ مۇھىم ئىدى. زۇنەفەر يەمەن خەلقىنىڭ كاتتىباشلىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇ قوشۇن ماڭىدىغان يولنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، ئۆز قەۋمىنى ۋە ئۇزىگە تەۋە باشقا ئەرەبلەرنى ئەبرەھەگە قارشى ئۇرۇشۇشقا ۋە ئۇنىڭ كەبىگە بېرىش يولىنى كېسىشكە چاقىردى. بەزىلەر ئۇنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشتى. ئەبرەھە ئۇلار بىلەن ئۇچراشتى. گەرچە ئۇلار جەسۇر بولسىمۇ، سان جەھەتتىن ئەبرەھەنىڭ قوشۇنلىرىدىن بەكمۇ ئاز بولغاچقا تالاپەتكە ئۇچرىدى. زۇنەفەر يېڭىلىپ ئەبرەھەگە ئەسىر بولدى.

قوشۇن ئىككى ئەرەب قەبىلىسى بىلەن ئالدىغا چىققان نۇفەيل ئىبنى ھەبىب ئەل ھاسامى بىلەن ئۇچراشتى. ئەبرەھە ئۇلارنىمۇ يېڭىپ نۇفەيلنى ئەسىرگە ئالدى. ئۇنى ئەرەب تۇپراقلىرىدا ئۆزىگە يول باشلىغۇچى قىلىۋالدى. قوشۇن تائىفكە يېتىپ كەلدى. قورقۇنچتىن ئالاقزادە بولۇشقان سەقىف قەبىلىسى ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، كەبىنىڭ تائىفتا ئەمەس، بەلكى مەككىدە ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بەردى. چۈنكى ئۇلار ئەبرەھەنى لات دېگەن بۇت ئۈچۈن ياسىغان بۇتخانىسىدىن يىراق تۇتماقچى بولۇشقانىدى. ئۇلار ئەبرەھەگە كەبىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن بىر ئادەم قوشۇپ قويدى.

ئەبرەھە تائىف بىلەن مەككىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە، قوماندانلىرىدىن بىرىنى مەككىگە ئەۋەتتى. قوماندان مەككىگە بېرىپ، مەككە خەلقىنىڭ ماللىرىنى بۇلاپ ـ تالىدى. ئۇ ماللارنىڭ ئارىسىدا ئابدۇلمۇتەللىب ئىبنى ھاشىمنىڭ ئىككى يۈز تۆگىسى بار ئىدى. ئابدۇلمۇتەللىب ئۇ ۋاقىتتا قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ كاتتىسى، چوڭى ۋە زەمزەم قۇدۇقىنىڭ ئىگىسى ئىدى. مەككىگە كەتكەن ئەبرەھەنىڭ ئەلچىسى ئەتراپتىكى قەبىلىلەرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇسىنى قوزغاپ قويدى. قۇرەيش، قىنانە، خۇزەيل ۋە مەككە ئەرەبلىرى ئەبرەھە بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن بىرلىشىپ ھەرىكەتلەندى. كېيىن ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنىڭ كۈچى يەتمەيدىغانلىقىنى بىلىپ يالتىيىشتى.

ئەبرەھە ھەققىدىكى خەۋەرلەر ئەرەب يېرىم ئارىلىغا يېيىلىپ كەتتى. ئەبرەھە ئۆزىنىڭ مەككىگە ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى كەبىنى يوق قىلىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ مەكتۇپ ئەۋەتتى. ئەگەر مەككىلىكلەر ئۇنىڭغا قارشى چىقمىسىلا، ئەبرەھە ئۇلارنىڭ قېنىنى تۆكمەيتتى. ئۇرۇش قىلىشنى خالىمىسا، يۇرت چوڭلىرى ئەبرەھە بىلەن كۆرۈشۈپ كېلىشىم ھاسىل قىلسا بولاتتى.

ئەبرەھەنىڭ ئەلچىسى ئابدۇلمۇتەللىب بىلەن كۆرۈشۈپ، ھۆكۈمدارنىڭ نىيىتىنى ئۇنىڭغا بىلدۈردى. ئابدۇلمۇتەللىب: قەسەم قىلىمەنكى، بىز ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلىشنى خالىمايمىز. ھەم بىزنىڭ ئۇنىڭغا قارشى چىققىدەك كۈچىمىزمۇ يوق، كەبە اللە نىڭ

مۇبارەك ئۆيى، الله نىڭ دوستى ئىبراھىمنىڭ ئۆيىدۇر. ئەگەر الله ئۇ ئۆيىنى قوغداپ قالمىسا، الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىز ئۇنى قوغداپ قالالمايمىز. ـ دېدى.

ئەلچى ئابدۇلمۇتەللىبنى ئېلىپ ئەبرەھەنىڭ قېشىغا قايتتى.

ئابدۇلمۇتەللىب كېلىشكەن، سالماق ۋە مۆھتەرەم بىرى ئىدى. ئەبرەھە ئابدۇلمۇتەللىبنى كۆرۈشى بىلەنلا ئۇنىڭغا نىسبەتەن ھۆرمەت تۇيغۇسى پەيدا بولدى. ئەمما ئۇ ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ ئۆز تەختىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغىنىنى ھەبەشلەرنىڭ كۆرۈشىنى خالىمىغاچقا، تەختىدىن چۈشۈپ گىلەمنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردى ۋە ئابدۇلمۇتەللىبنى يېنىدا ئولتۇرۇشقا بۇيرىدى. ئەبرەھە تەرجىمانغا:

ـ سوراپ باق، بىزدىن نېمە تەلەپ قىلىدىكەن؟ ـ دېدى. ئابدۇلمۇتەللىب:

ـ ماڭا سىلەر بۇلاپ كەتكەن ئىككى يۈز تۆگەمنى قايتۇرۇپ بېرىشىڭلارنى سورايمەن، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئەبرەھەنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ كەتتى. ئۇ تەرجىمانغا: ئۇنىڭغا دېگىن! ئۇنى كۆرۈپلا ياقتۇرۇپ قالغانىدىم. قىلغان گەپلىرى ماڭا ياقمىدى، ئۇ نەزىرىمدىن چۈشۈپ كەتتى. چۈنكى، مەن ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ دىنىنىڭ سىمۋولى بولغان كەبىنى يوق قىلغىلى كەلسەم، ئۇ كەبە توغرىسىدا ھېچنېمە دېمەي ئۆزىنىڭ تۆگىلىرىنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. ـ دېدى.

ئابدۇلمۇتەللىب: مەن ئۇ تۆگىلەرنىڭ ئىگىسى، كەبىنىڭمۇ ئىگىسى بار. كەبىنى ئۇ قوغدايدۇ. ـ دېدى. ئەبرەھە: كەبىنىڭ ئىگىسى ئۇنى مەندىن قوغداپ قالالمايدۇ. ـ دېدى. ئابدۇلمۇتەللىب: سەن ئۆزەڭنى نېمە چاغلاپ قالدىڭ؟ ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى دە ـ تالاش ئاياغلاشتى. ئەبرەھە ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ تۆگىلىرىنى قايتۇرۇپ بەردى. ئابدۇلمۇتەللىب قۇرەيشكە قايتىپ، بولغان ۋەقەلىكنى ئۇلارغا سۆزلەپ بەردى. ئاندىن ئۇلارنىڭ مەككە تاغلىرىغا، غارلارغا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇشىنى بۇيرىدى. مەككىدە ئادەم قالمىدى. ئامىنە بىنتى ۋەھەب ئەڭ يېقىندىكى تاغقا چىقىپ تۇردى. پەرىشتىلەر ئەرەب يېرىم ئارىلىغا چۈشتى. ئابدۇلمۇتەللىب ئورنىدىن تۇرۇپ كەبىنىڭ ئىشىكىنىڭ ھالقىسىدىن تۇتتى. ئۇنىڭ بىلەن بەزى قۇرەيشلىكلەرمۇ الله قا دۇئا قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن ياردەم سوراش ئۈچۈن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. ئەبرەھەنىڭ ئادەملىرى قوشۇنىنىڭ ئالدىدا پىللارنى قامچىلاپ ھەيدەپ كېلىۋاتاتتى. پەرىشتىلەر پىللارغا يەرلىرىدىن مىدىرلىماسلىقنى بۇيرىدى. پىللار بۇ بۇيرۇققا ئىتائەت قىلدى. قوشۇن پىللارنى تېخىمۇ قاتتىق ئۇرۇشقا باشلىدى. پىللار قاتتىق ھۆكىرەپ كېتىشتى ۋە غال ـ غال تىترىشەتتى. ئەمما، ئورۇنلىرىدىن پەقەتلا مىدىرلىمايتتى.

ئەبرەھە قوشۇنىنىڭ نېمە ئۈچۈن مىدىرلىماي تۇرۇپ قالغانلىقىنى سورىدى. ئۇنىڭغا پىللارنىڭ ماڭماي تۇرۇۋالغانلىقى بىلدۈرۈلدى. ئەبرەھە قامچىسىنى كۆتۈرۈپ، بۇ خەۋەرنى ئېلىپ كەلگەن ئادەمنىڭ يۈزىگە ئۇردى. ئاندىن پىللارغا نېمە بولغانلىقىنى بىلىپ كېلىش ئۈچۈن چېدىرىدىن چىقتى. بىر توپ قۇش ئەبرەھە تېخى چېدىردىن چىقمايلا قۇياشنى

توسۇۋالدى. ئەبرەھە ئاسمانغا قارىدى. دەسلەپتە بىر پارچە قارا بۇلۇتنى كۆرگەندەك قىلدى. قايتىدىن دىققەت قىلىپ قارىۋىدى، ئۇنىڭ بۇلۇت ئەمەس، بەلكى كۆپلىكىدىن قارا بۇلۇتتەك كۆرۈنگەن بىر توپ قۇش ئىكەنلىكىنى بىلدى. «ئەبابىل قۇشلىرى» ... ئارقا ـ ئارقىدىن كەلگەن، سانسىزلىغان بىر توپ قۇش.

پىللار ئۈركۈپ، تېخىمۇ قاتتىق ھۆكۈرەشكە باشلىدى. پۈتۈن قوشۇندىكىلەرنى قورقۇنچ باستى. ئەبرەھە پىللارنى ماڭدۇرۇش ئۈچۈن قوشۇنغا ۋارقىرىدى. قۇشلار قوشۇنغا قاراپ پەسلىدى. جەھەننەم ئىشىكلىرىدىن بىرى ئېچىلغان ئىدى. قۇشلار قوشۇنغا تاش ـ كېسەك ياغدۇردى. بۇ تاش ـ كېسەكلەر لۇتنىڭ قەۋمىنىڭ ئۈستىگە ئېتىلغانلىرىنىڭ دەل ئۆزى ئىدى. ئۇ تاشلارنىڭ يەرگە چۈشكەندە قالدۇرغان ئىزلىرى خۇددى ھازىرقى دەۋردىكى يادرو بومبىسىنىڭ يەرگە چۈشكەندە قالدۇرغان ئىزىدىن پەرقلەنمەيتتى.

ئەبرەھەنىڭ بېشىغا كەلگەنلەرنى بىلىشنى قىزىققانلار كونا كىتابلارغا مۇراجىئەت قىلسا بولىدۇ. ئىنسان بۇلارنى ئوقۇغانسىرى خۇددى ھالاك قىلغۇچى بىر كۈچنىڭ ئاستىدا قالغاندەك ھېس قىلىدۇ. دۇنيا خەلقى بۇ ۋەقەنىڭ بىر قىسمىنى ۋەقە يۈز بېرىپ ئارىدىن 1400 يىل ئۆتكەندە ئاندىن بىلدى. بۇ كىتابلاردا ئەبرەھە قوشۇنىنىڭ ھالاك بولغانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ.

قوشۇندىكىلەر ئېغىر يارىدار بولۇپ قېچىشقا باشلىدى. ئەبرەھە يارىلاندى. بەدىنى پارچە ـ پارچە بولۇپ تۆكۈلدى. ئادەملىرى ئۇنى ئېلىپ قاچماقچى بولدى، ئۇنىڭ بەدىنى تولۇق پارچىلىنىپ بولالماي قالغانىدى. ئاخىرى ئۇنىڭ كۆكسى يېرىلىپ ئۆلدى.

قوشۇن پۈتۈنلەي تارمار بولدى. قورال ـ ياراقلىرىنى قوم بارخانلىرى يۇتۇپ كەتتى. جەسەتلەر كەچكۈز يوپۇرماقلىرىدەك ھەر تەرەپكە چېچىلىپ كەتتى. بۇنىڭدىن يېرىم ئەسىر كېيىن بۇ ۋەقەنى بايان قىلىپ تۆۋەندىكى سۈرە نازىل بولدى: ﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ فىل ئىگىلىرىنى قانداق قىلغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇ ئۇلارنىڭ ھىيلە ـ مىكرىنى بەربات قىلمىدىمۇ؟ ئۇ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە توپ ـ توپ قۇشلارنى ئەۋەتتى. قۇشلار ئۇلارغا ساپال تاشلارنى ئېتىپ ئۇلارنى چايناۋېتىلگەن سامانداك قىلىۋەتتى﴾.

ئەرەب يېرىم ئارىلىغا كىرىشكە رۇخسەت قىلىنغان قوشۇن تالاپەتكە ئۇچرىدى. قوشۇن پۈتۈنلەي يوق قىلىندى. كەبىنىڭ رەببى مۇبارەك ئۆيىنى قوغدىدى.

بۇ قوغداش، شۇ چاغدا كەبىدە ياشاۋاتقانلار ئۈچۈن بىر شەرەپ بولۇپ، ھەرگىزمۇ بۇتپەرەسلەرنىڭ ۋە كەبىنىڭ ئىچىدىكى بۇتلارنىڭ قۇللىرىنىڭ دۇئاسىغا بېرىلگەن جاۋاب ئەمەس ئىدى. كەبىنىڭ ئىگىسى كەبىنى ئۇلۇغ بىر ھېكمەت ئۈچۈن قوغدىغان ئىدى. ئۇلۇغ اللە نىڭ بۇ ئۆيگە بىلەن مۇناسىۋەتلىك بەزى ئورۇنلاشتۇرۇشلىرى بار ئىدى. بۇ ئۆينىڭ ئىنسانلار توپلىنىدىغان ۋە ئىشەنچلىك بىر يەر، يېڭى ئېتىقاد ئۈچۈن توپلىنىدىغان مەركەز بولۇپ قېلىشى ئۈچۈن قوغدىغانىدى. چۈنكى مەككىدىكى ئۆيلەرنىڭ بىرىدە تېخى

سۈرە فىل.

تۇغۇلمىغان بىر بوۋاق بار ئىدى. ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ ئىسمى ئامىنە بىنتى ۋەھەب، ئاتىسى بولسا ئەرەب كاتتىلىرىنىڭ بىرى بولغان ئابدۇللاھ ئىدى. بالا تېخى تۇغۇلمىغان ۋە ئۇنىڭغا تېخى پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسى بېرىلمىگەن ئىدى.

ئەبرەھە مانا بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىدىن خەۋەرسىز كەبىدىكى ھەممە نەرسىنى ئۆرۈپ ـ يىقىتىش ئۈچۈن يېتىپ كەلگەنىدى. ئەبرەھە زۇلۇم ئارقىلىق ئىلاھىي ئىرادىگە قارشى چىقىشقا ئۇرۇنغانىدى. ئەمما ئىلاھىي ئىرادە ئۇنى كۆز قاماشتۇرىدىغان بىر مۆجىزە بىلەن ئۇن ـ تىنسىز يوق قىلىۋەتتى. بىر توپ قۇش پەنجە ـ تۇمشۇقلىرىدىكى تاشلارنى ئۇلارغا ئاتتى. ھاۋادا مەيىن شامالنىڭ ھەرىكىتىدىن باشقا ھېچقانداق ئاۋاز يوق ئىدى. تاشلار بىرلىشىپ، مىڭلارچە بومبىنىڭ پارتلاش كۈچى بىلەن شىددەتلىك چۈشۈشكە باشلىدى. يەنە ھېچقانداق ئاۋاز يوق ئىدى. بۇ، ھېچكىم ئىسلام پەيغەمبىرىنىڭ ئانا قارنىدىكى شەپقەتلىك ئورنىدىن دۇنيادىكى رەھىمسىز ھاياتقا ئۆتۈشى ئالدىدىكى ئايرىلىش تەييارلىقىنى تېخى بىلمىگەن بىر چاغدا، الله تائالانىڭ ئۆزىنىڭ كەبىسىنى، دىنىنى ۋە پەيغەمبىرىنى ساقلاپ قالغانلىقى ئىدى.

...

ئامىنە بىنتى ۋەھەب بىر كېچىسى چۈش كۆردى. ئۇ چۈشىدە ئۆزى يالغۇز چۆلدە تۇراتتى. چۆلدىن مەشرىقتىن مەغرىبكىچە يورىتىۋەتكەن ۋە تاكى كۆككىچە سوزۇلغان بىر يورۇقلۇق چىقتى. ئامىنە ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ ئۆز چۈشىگە تەبىر بېرەلمىدى ۋە ئۇنىڭغا قىزىقىپمۇ كەتمىدى. پىل ۋەقەسى بولغان يىلدىن بىر قانچە كۈن ئۆتتى. بىر سەھەر ۋاقتى... رەبىئۇلئەۋۋەلنىڭ ئون ئىككىنچى كۈنى... ئامىنە بىنتى ۋەھەب ھەزرىتى ئىسمائىل ئىبنى ئىبراھىمنىڭ ئەۋلادى، يېتىم ئوغلى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھنى تۇغدى...

تۇغۇتتىن بۇرۇن، بۇ دۇنيا ئۇنىڭغا بولغان تەشنالىقتىن ئۆلەر ھالەتكە كەلگەنىدى.

دۇنيا سۆيگىگە، مەرھەمەتكە ۋە ئادالەتكە تەشنا ئىدى. ھەزرىتى ئىسانىڭ تۇغۇلۇشىدىن ئالتە ئەسىر ئۆتكەنىدى. خرىستىئانلار سۆيگۈ ئاساسلىرىدىن چەتنەپ، بەزى پىرقىلىرىگە بۇتپەرەست ئېتىقادلىرى سىڭىپ كەتكەنىدى. تەۋھىدنىڭ پاكلىقى بۇلغانغانىدى. يەھۇدىيلار مۇسانىڭ تەۋسىيىلىرىنى تەرك ئېتىپ، قايتىدىن ئالتۇن موزايغا چوقۇنۇشقا باشلىغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي ئالتۇن موزىيى بولۇشىنى ئارزۇ قىلىشاتتى.

دۇنيانى بۇتپەرەسلىك قاپلىغان، ئىنسانلار الله نى ئۇنتۇپ ئۆزلىرىنى دەججاللارنىڭ قوللىرىغا تاپشۇرغان ئىدى. دۇنيا قەلبىنىڭ قاتتىق چاڭقىغانلىقىنى تولۇق ئاشكارىلىغان بىر پەيتتە بىردىنلا شەرقتىن نۇرلۇق بىر بۇلاق قايناپ چىقتى. دۇنيانىڭ يېرىمى بۇ بۇلاقتىن تەشنالىقى قانغۇدەك ئىچتى. بۇ نۇرلۇق بۇلاقنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ قۇرغاق چۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدىن، يەنى ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن چىقىشى ئەڭ چوڭ مۆجىزە ئىدى.

بۇ مەزگىلىم ھەدىس شەرىفتە مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ: «ﷲ تائالا يەر يۈزىدىكى بەندىلەرگە نەزەر سالغىنىچە ئۇلارنىڭ ئەرەبلىرىگە ۋە ئەجەملىرىگە (ئەرەب ئەمەسلىرىگە) غەزەپلەنگەن ئىدى. پەقەت ئەھلى كىتابلاردىن قالغان بىر قىسىم كىشىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر.»

ساپ ـ سېرىق قۇم بارخانلىرى تاكى ئۇپۇقچە سوزۇلۇپ ياتاتتى. مەككە چېدىرلىرىنىڭ بىرىدە كەلگۈسىدە دۇنيانىڭ سۆيگۈ، ئادالەت، ھۆررىيەت ۋە ھەققە بولغان چاڭقاق تەلپىنى قاندۇرۇشقا مەسئۇل بولىدىغان بىر يېتىم بالا تۇغۇلدى.

ئۇ تۇغۇلغان يەردىن بىر قانچە قەدەم نېرىدىكى قەدىمكى ئۆينىڭ مەيدانى ۋە ھەزرىتى ئىبراھىم بىلەن ھەزرىتى ئىسمائىل ﷲ قا ئىبادەت قىلىش، ئىنسانلارنىڭ ئۇ يەردە خاتىرجەم ياششى ئۈچۈن ياسىغان، ھەتتا ئۇلاردىن بۇرۇن ھەزرىتى ئادەم ياسىغان كەبىنىڭ ئەتراپى بۇتلار بىلەن تولۇپ كەتكەن ئىدى. ئەقلىنى يوقاتقان ئەرەب مىللىتى ھەر يەرنى تاش ۋە ياغۇنچاقلاردىن ياسالغان ئىلاھ ھەيكەللىرى بىلەن تولدۇرۇۋەتكەنىدى.

يەسرىب ياكى رىملىقلارنىڭ زۇلۇمىدىن قېچىپ كەلگەن يەھۇدىيلار بىلەن لىق تولغان مەدىنە بولسا، مەككىدىن يىراقتا ئىدى. يەھۇدىيلار ئاچكۆز بۆرىلەردەك مەدىنىنىڭ ئەڭ مۇنبەت تۇپراقلىرىغا ئورۇنلىشىپ، تىجارەتنى قولغا كەلتۈرۈۋالغان. ئەرەب مىللىتىنىڭ ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ مۇستەملىكىلىرىنى قۇرغان ئىدى. شۇڭا ئۇلار يوق يەردىن پۇتاق چىقىرىپ، قىرىق يىل ئۇرۇش قىلالىغىدەك كۈچكە ئىگە بولۇۋالغان ئىدى.

يەھۇدىي ئالىملار ئالتۇندىن تاكى تەۋراتقىچە ھەممە نەرسىنىڭ تىجارىتىنى قىلاتتى. تەۋراتنىڭ بەزى ۋاراقلىرىنى ساقلاپ قېلىپ، بەزىلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىراتتى. مال ـ مۈلكىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن تەۋراتنىڭ بەزى ھۆكۈملىرىنى ئۆزگەرتىپ، باشقا بىر نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قوياتتى. يەھۇدىيلار ئالتۇنلارغا چوقۇنۇۋاتقانلىرىدا، تىجارەتنى يۇرۇشتۇرۇۋاتقىنىدا ۋە ھەرخىل مىكىرلارنى پىلانلىۋاتقىنىدا، ئەرەبلەر تاشلارغا چوقۇنۇپ، قەھرىمانلارچە ئۇرۇش قىلىشنى ۋە شېئىر ئوقۇش، شېئىرلارنى كەبىنىڭ يۇپۇقغا ئېسىشنى ئاجايىپ ماھىرلىق بىلەن بىجا كەلتۈرەتتى. ئەرەبلەر ئۆز قەبىلىلىرىنىڭ قالاق ئىنتىزاملىرى ئاستىدا ياشاۋاتاتتى. قەبىلىنىڭ شەيخى قەبىلىنىڭ ھەممە ئىشىغا ئاتىدارچىلىق قىلاتتى. ئۇنىڭ قەدىر ـ قىممىتى ئادەملەرنىڭ سانى، ئاز ـ كۆپلىكى، ئۇرۇش قىلىش كۈچى ۋە نەسەبىگە باغلىق ئىدى. كىشىلەرنىڭ ئۇنى قوللىشى ئۇنىڭ قەبىلىسىگە باغلىق ئىدى. نەسەبى بىلەن ماختىنىش ئۇنىڭ شان ـ شەرىپى ئىدى. شەرەپلىك بولۇش پەقەت بىر ياكى ئىنتىپاقداش بىر نەچچە قەبىلە چەمبىرى ئىچىدە مەرت، ۋاپادار ۋە پەزىلەتلىك بولۇش دېگەنلىك بولاتتى.

ئۇ تۇغۇلغان يەردىن يىراقتا...

رىم ئىمپېراتورلۇقى ھالدىن كەتكەن قېرى بۈركۈتتەك بولۇپ قالغانىدى. رىملىقلار كۈچ ـ قۇۋۋەتكە چوقۇناتتى. ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى پارىسلار (بۇرۇنقى

ئىرانلىقلار) ئوت ۋە سۇغا چوقۇنماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرىدا ئوت يېنىپ تۇراتتى. ئىنسانلار ئوتنىڭ ئالدىدا ئېگىلىپ تۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە مۇقەددەس دەپ قارىلىدىغان «ساۋا» ئىسىملىك كۆل بار ئىدى. ھۆكۈمرانى كىسرا كۈندىلىك ئىشلارغا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن ئايۋاندا ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ سۆزلىرى كەسكىن ھۆكۈم بولۇپ، ھېچكىم تالاش - تارتىش قىلالمايتتى ياكى قارشىلىق بىلدۈرمەيتتى. پارسلار شەرقىي رىم ۋە يۇنان ئىمپېراتورلۇقلىرىنى يېڭىپ، دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك ئىمپېراتورلۇققا ئايلانغانىدى. ئۇلارنىڭ شۇنچە كۈچلۈك تۇرۇپ، ئەقلىدىن ئادىشىپ ئوتقا چوقۇنۇشى كۈچ - قۇۋۋىتىنىڭ ئەرزىمەس نەرسىگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە ئىدى. يەر يۈزىنىڭ ھەممە تەرىپى زۇلمەت قاراڭغۇلۇق بىلەن قاپلانغان. ھايات كۈچلۈكلەر بىلەن ئاجىزلار توقۇنۇشىدىغان، يامانلىق ياخشىلىقنى بېسىپ چۈشىدىغان مەيدانغا ئايلانغانىدى. ئەقىل تاش پارچىلىرىغا. زالىملارنىڭ قورقۇنچلۇق كۈچلىرىگە چوقۇنماقتا ئىدى.

مانا بۇ شارائىتتا مەككە چېدىرلىرىدىن بىرىدە بىر بالا تۇغۇلدى. بۇ بالا تۇغۇلغان پەيتتە پارس ئىبادەتخانىلىرىدىكى ئوتلار ئۆچتى. مۇقەددەس «ساۋا» كۆلى قۇرۇپ كەتتى. كىسرانىڭ سارىيىدىكى ئون تۆت پەشتاق ئۆرۈلۈپ چۈشتى. شەيتان قاتتىق بىر ئازابتىن يۈرىكى پارچە - پارچە بولۇپ كەتكەندەك ھېس قىلدى.

مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى دۇنيادىكى يامان ئىللەتلەرنىڭ پارچىلىنىشقا باشلىغانلىقىنىڭ، شۇنداقلا، ئىنسان ئەقلىنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش ئىنسانلارغا ۋە خۇراپاتلىققا چوقۇنۇشتىن بىر اللە قا ئىبادەت قىلىشقا قاراپ يۈزلەنگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى ئىدى.

...

بۇسىرى مۇنداق دېگەنىدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەسلى - ۋەسلى پاك بولغاچقا، ئۇ تۇغۇلغان ۋاقىتتا بىر مۇنچىلىغان ئاجايىپ ئىشلارنى ئوتتۇرىغا چىقارغانىدى. ئى ئەقىل ئىگىلىرى! ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچە بولغان مەزگىلىدىكى تەبىئى پاكلىقىغا دىققەت بىلەن قارىساڭلار، ھەقىقەتنى كۆرەلەيسىلەر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان كۈنى شۇنداق بىر ئۇلۇغ كۈن ئىدىكى، ئازغۇنلار ئۆزلىرىنى ھەر تەرەپتىن قورشىۋالغان ئازاب - ئوقۇبەت، قايغۇ - ھەسرەت، قىيىن - قىستاقلىرىدىن قۇتۇلدىغانلىقىنى (كۆزلىرى بىلەن كۆرگەن بەزى ھادىسىلەرنىڭ سەۋەبىدىن) ئەقلىي كۈچلىرى بىلەن ھېس قىلىپ يەتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇغۇلغان كۈنى ئىران ھۆكۈمرانىنىڭ سارىيى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈش مۇمكىن بولمىغىدەك دەرىجىدە ۋەيران بولدى. دوست - بۇرادەر، ئەسكەرلەرمۇ تەرەپ - تەرەپكە چېچىلىپ كەتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنياغا كېلىشى ۋە كىسرا سارىيىنىڭ خارابىلىققا ئايلىنىشىدىن بەرگەن غەم ـ قايغۇنىڭ ئۈستىگە ئاتەشپەرەسلەرنىڭ چوقۇنىدىغان ئوتلىرى ئۆچۈپ، ئۇلار پايدىلىنىدىغان فىرات دەرياسى ئەلەم ۋە پۇشايمىنىدىن ئېقىشتىن توختىغان ئىدى. «ساۋا» كۆلىنىڭ قۇرۇپ كېتىشى ساۋا شەھرىنىڭ خەلقىنى قاتتىق ئۈمىدسىزلىككە دۇچار قىلدى. كۆلگە سۇ ئالغىلى بارغانلار ئاچچىق يۈتقىنچە قايتىشتى.

بەزى ئالىملار بۇ سۆزنىڭ توغرا پىكرنى خاتا ئىپادىلەش ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. چۈنكى مۇسانىڭ تۇغۇلۇشى بەنى ئىسرائىل قەۋمىنىڭ پىرئەۋننىڭ زۇلۇملىرىدىن قۇتۇلغانلىقىنى ئېلان قىلىشى بولغىنىدەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلۇشىمۇ زۇلۇمنىڭ ۋاقتى توشقانلىقىنى، يەنى ئاخىرلاشقانلىقىنى ئېلان قىلىش دېگەنلىك بولاتتى. ئەمما پۈتۈن دۇنيا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەلچىلىكىنى دۇنيانىڭ ماددىي ۋە مەنىۋي جەھەتتىن ئازادلىققا چىقىشى دەپ تونۇيدۇ. قۇرئاننىڭ ئەسكەرلىرى ئەڭ ئادالەتلىك ۋە ئازغۇنلارنى بىر ـ بىرلەپ يېڭىدىغان ئەڭ جاسارەتلىك قوشۇن ئىدى. ئىنسانلار زۇلۇم زەنجىرلىرىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، بۇ ھەقىقەتنى تەسۋىرلىمەكچى بولۇشتى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك بېرىلىشتىن بۇرۇنقى بۇ مۆجىزىلىك ۋەقەلەرنى خىيالي تەتقىق قىلىپ، ئۇ ۋەقەلەر ئۈچۈن ئاساسسىز رىۋايەتلەرنى توقۇپ چىقىشتى. ھالبۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىغا ئېھتىياجى يوق ئىدى. ئۇنىڭ شەرەپلىك ھاياتى، بىزنى بۇ رىۋايەت ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەردىن يىراق تۇرۇشقا ئۈندەيدۇ. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىدا يەنە تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن ۋە تۇغۇلغاندىن كېيىن بىر يۈرۈش مۆجىزىلىك ۋەقەلەرنىڭ يۈز بەرگەنلىكى ھەممىمىزگە مەلۇم. ئۇ تېخى بالا چېغىدا كۆكرىكى يېرىلىش ۋەقەسى يۈز بەردى. يەنە بالا چېغىدا بىر پارچە بۇلۇت ئۇنىڭغا سايە تاشلاپ ماڭاتتى. ئۇ كىچىك ۋاقتىدا ئويۇنلاردىن يىراق ئىدى. اللە نىڭ ياردىمى ئۇنىڭ ھەر بىر قەدىمىنى قوغداپ ماڭاتتى. نىھايەت، جىبرىئىل ئۇنىڭغا ۋەھيى ئېلىپ كەلدى.

ئۇنىڭدىن كېيىنكى تۈنجى مۆجىزىسى ئۇنىڭ كىشىلىك خاراكتېرى ۋە ئوي ـ پىكرى بولۇپ، ئۇ قۇرئاندىن كېيىن قالسا، ئەڭ چوڭ مۆجىزە ئىدى. ئەنە ئۇ اللە يولىدا كۈچى يەتكىنىچە تىرىشقان، ھەق ئۈچۈن ئاجايىپ سەۋر ـ تاقەت قىلغان، ئۆزىگە بېرىلگەن ئامانەتنى ھېچكىم يېتەلمىگىدەك ئۈستۈن سەۋىيە بىلەن ئىگىسىگە تاپشۇرغان روھىي ۋە كاتتا بىر قۇرۇلما ئىدى. ئۇ پەيغەمبەر بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ مۆجىزىلىرى ھەققىدە ئېيتىلغان سۆزلەرنىڭ ئەڭ جەلپ قىلارلىقى ئۇنىڭ مۆجىزىسىز بولۇشى ئىدى.

يەنى ئەقىلنى ھەرلىككە ئېرىشتۈرۈشنىڭ سىرتىدا مۆجىزىسىز، پىكىرنى مەيلىگە قويۇۋېتىشنىڭ سىرتىدا پەۋقۇلاددە، اللە نىڭ سۆزلىرىنىڭ سىرتىدا دەلىلسىز بولۇشى ئىدى.

مەريەم ئوغلى ئىسا ئىنسانلارنى باراۋەرلىك، قېرىنداشلىق ۋە ياخشىلىق قىلىشقا دەۋەت قىلدى. ھەزرىتى مۇھەممەد ھاياتىدا ۋە ۋاپاتىدىن كېيىن مۆئمىنلەر ئارىسىدا باراۋەرلىك، قېرىنداشلىق ۋە ياخشىلىق قىلىشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا

ئەمەلىيلەشتۈردى. مەريەم ئوغلى ئىسا ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈپ قەبرىلىرىدىن چىقارغان بولسا، ئابدۇللاھ ئوغلى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تىرىكلەرنى ئۆزلىرى پەرق ئېتەلمىگەن ئۆلۈملەردىن تىرىلدۈردى. بۇ، ئۆلۈم تۈرلىرىنىڭ ئەڭ ئازابلىق ۋە ئەڭ ئېچىنىشلىق بىر شەكلى ئىدى. ئۇلارنى جاھالەتنىڭ قاراڭغۇلۇقىدىن ئىلىمنىڭ نۇرلۇق يورۇقىغا، شېرىك ۋە ئىنكار ئەقىدىسىنىڭ ساراڭلىقىدىن تەۋھىد ئىلمىنىڭ پارلاق يولىغا باشلىدى.

هەزرىتى سۇلايمان ئۆز ئىلكىدىكى جىنلارنىڭ كۈچىگە تايىنىپ دۈشمەنلەرنى ھەيران قالدۇرۇپ، ئۆزىگە تەسلىم ئېلىش مەقسىتىدە دۈشمەنلىرىنىڭ تەختلىرىنى كەلتۈرۈش ئۈچۈن مىڭلارچە مىل ئۇزاقلارغا ئۇچۇپ بارالايدىغان بىر پەيغەمبەر ۋە ھۆكۈمران ئىدى. ئەمما پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد بولسا، ئاددى ـ ساددا، مۇلايىم بىر ئەسكەردەك بارلىقى بىلەن ئىسلامغا خىزمەت قىلىشقا تىرىشاتتى. چۈنكى، ئۇ دەۋەت ئىستىكى بىردەم بولسىمۇ بىپەرۋالىق قىلسا ياكى ۋۇجۇدى داۋاملىق مۇجادىلە قىلالماس ھالغا چۈشۈپ قالسا، ئىسلامنى يېيىش ۋە بىز، سىزدەك الله نىڭ بەندىلىرىگە الله نىڭ بىلدۈرمەكچى بولغان كۈچ ـ قۇدرىتىنى ۋە مەرھەمىتىنى تەبلىغ قىلىش پۇرسىتىنىڭ قولدىن كېتىدىغانلىقىنى بىلەتتى...

جەڭ شىددەت بىلەن داۋام قىلىۋاتقاندا ناماز ۋاقتى كىرىپ قالسا، جەڭ قىلىۋاتقان قوشۇن نامازغا تۇراتتى. قوشۇن نامازغا تۇرغاندا ئۇنى قوغداش ياكى سەجدە قىلىۋاتقاندا دۈمبىلىرىگە ئوقنىڭ سانجىلىپ قېلىشىدىن توسۇش ئۈچۈن ئاسماندىن پەرىشتىلەر چۈشمەيتتى. بەلكى قوشۇننىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى قوغدىشى كېرەك ئىدى. يەنى قوشۇن نۆۋەت بىلەن نامازغا تۇراتتى. بىر قىسمى نامازغا تۇرغاندا بىر قىسمى ئۇلارنى قوغدايتتى. ئاندىن باشتا نامازغا تۇرغانلار كېيىن نامازغا تۇرغانلارنى قوغدايتتى. ئۇلۇغ الله سۈرە نىسادا مۇنداق دېگەنىدى: ﴿(ئى مۇھەممەد!) سەن مۆمىنلەر بىلەن (جىھادتا) بىللە بولۇپ ئۇلار بىلەن ناماز ئوقۇماقچى بولغىنىڭدا، ئۇلارنىڭ بىر پىرقىسى سەن بىلەن بىرلىكتە نامازغا تۇرسۇن، قوراللىرىنى (ئېھتىيات يۈزىسىدىن) يېنىدا تۇتسۇن، سەجدىگە بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلار ئارقاڭلارغا ئۆتۈپ تۇرسۇن (يەنى ناماز ئوقۇپ بولغان پىرقە ئارقاڭلاردا كۆزەتچىلىك قىلىپ تۇرسۇن، ئۇلارنىڭ ئورنىغا) ناماز ئوقۇمىغان ئىككىنچى بىر پىرقە كېلىپ سەن بىلەن بىرلىكتە (يەنى ئارقاڭدا) ناماز ئوقۇسۇن، (دۈشمەنلىرىدىن) ئېھتىياتچانلىق بىلەن ھوشىيار تۇرسۇن. (دۈشمەنلىرى بىلەن ئۇرۇشۇشقا تەييار تۇرۇش يۈزىسىدىن) قوراللىرىنى يېنىدا تۇتسۇن، كاپىرلار سىلەرنىڭ قوراللىرىڭلاردىن، ئەشيالىرىڭلاردىن غەپلەتتە قېلىشىڭلارنى، شۇنىڭ بىلەن سىلەرگە بىردىنلا (تۇيۇقسىزدىن) ھۇجۇم قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ (يەنى دۈشمەنلەرنىڭ سىلەرگە ھۇجۇم قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالماسلىقى ئۈچۈن، ھەممىڭلار بىرلا ۋاقىتتا يىغىلىپ ناماز ئوقۇماي، يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە ئوقۇڭلار)﴾.[1]

[1] سۈرە نىسا 102 – ئايەت.

ۋەزىپە ئېغىرلاشتى. قوشۇننى قوغداش ۋە ياردەم قىلىش ئۈچۈن كېلىدىغان پەرىشتىلەر ئەمدى يوق ئىدى. بۇ، ئەقىل توغرا يولدا كېتىۋاتقان، پەيغەمبەرلەر ۋە مۆئمىنلەرنىڭ غەم ـ قايغۇلۇق ۋاقىتلىرى ئىدى. ئەجىر ئىسلامنى تەبلىغ قىلىش يولىدىكى غەم ـ قايغۇنىڭ دەرىجىسىگە قارىتا بېرىلەتتى.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەر مۆجىزىلىرىنى قەۋمىنى ئۆزى ئېلىپ كەلگەن نەرسىگە ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن دەۋىتىنىڭ بېشىدىلا كۆرسەتتى. ئابدۇللاھنىڭ ئوغلى مۇھەممەد قەۋمىگە پەقەت ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىنى ۋە راستچىللىقىنى كۆرسەتكەندى. الله ئىسرائىل قەۋمىنىڭ تەۋراتقا ئىشىنىشى ئۈچۈن مۇساغا تاغنى يۆتكەش ياكى ئۇلارنى تاغنىڭ ئاستىغا باستۇرۇپ قويۇش ئارقىلىق ياردەم قىلغاندا، يەھۇدىيلار سەجدىگە باش قويۇپ، پېشانىلىرىنى يەرگە تەككۈزدى. ئەمما يۈزلىرىنىڭ قالغان قىسمى بىلەن ئىلاھىي قۇدرەتنىڭ مەخپىي قوللار بىلەن كۆتۈرگەن تاش پارچىلىرىنى دىققەت بىلەن كۆزەتتى.

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ھېچقانداق ئىشقا زورلىمىدى. ئىنسانلار ئۇنىڭغا ئىختىيارىي ھالدا ئەگەشتى. ئۆلگەنلەرمۇ ئۇنىڭ سېپىدا پىدائى بولۇپ ئۆلدى. ئۇ قىلىچ ئىسلامنىڭ يۈرىكىگە يېقىنلىشىپ، ئۇنىڭغا تەھدىت سالغان ۋاقىتتىلا ئاندىن قولىغا قىلىچ ئالدى. ئىسلامنىڭ قولىغا ئۆتكەن قىلىچ پەقەت ئىنسان بەدىنىنى قۇتقۇلدۇرۇش، ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىش، ئۇنى داۋالاشقا تۇتۇش قىلغان ئوپېراتسىيە دوختۇرىنىڭ قولىدىكى پىچاققا ئايلانغانىدى.

بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋەتلىرى ئۇلارنىڭ مۆجىزە كۆرسىتىشىگە موھتاج ئىدى.

ئىنسانىنىڭ بالىلىقى، ئەقىللەرنىڭ زەئىپلىكى ۋە ئىچكى ھىس ـ تۇيغۇنىڭ قالماسلىقى تۈپەيلىدىن الله نىڭ مەرھەمىتى بىلەن ئەۋەتىلگەن مۆجىزىلەرنى شۇ دەۋر ۋە ئەۋەتىلگەن كىشىلەرگە ماس ھالدا ئەۋەتىشكە توغرا كەلدى. مەككە خەلقى سۆز چۈشەنگىدەك ئەقىللىق ياكى ئىلىم ـ ھېكمەتكە تولغان خەلق ئەمەس ئىدى. قىيىنچىلىق ئىسلامنىڭ پەقەت ئۇ دەۋرىگىلا خاس ئەمەس، بەلكى پۈتۈن دەۋرلەرگە ئومۇمىي قىلىپ ئەۋەتىلگەنلىكىدىن كېلىپ چىققانىدى. الله ئىنسانىيەت ئەقلىنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكىنى ئۇبدان بىلەتتى. ئۇنىڭ ھېكمىتى ئەلچىلىكنىڭ تۇنجى كەلىمىسىنىڭ «ئىقرا» يەنى «ئوقۇ» بولۇشىنى شەرت قىلدى. پەيغەمبەرلىك مۆجىزىسى ئۆز ئىچىگە ئالغان پىكىر، تۈرغۇزۇلغان نىزام، يۈرگۈزۈلگەن قانۇن، ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن ھۆرلۈكنىڭ ئىنسان تەبىئىتىگە ماس كېلىشىنى شەرت قىلدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئەقلى يېتىلمىگەن دەۋرلەردە ئەۋەتىلىشى، ئۇلارنىڭ دەرىجە ۋە مەرتىۋىلىرىنى تۆۋەنلىتىۋەتمەيدۇ.

ئەمما مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنسان ئەقلىنىڭ تولۇق يېتىلگەن دەۋرىدە ئەۋەتىلىشى ئۇنىڭ دەرىجىسىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن قىلغانىدى. چۈنكى ئۇ بۇ دەۋر

كەلمەي تۇرۇپ ئەۋەتىلگەنىدى. ئۇ باشقا پەيغەمبەرلەرگە قارىغاندا ھەسسىلەپ بەرداشلىق بەردى ۋە سەۋر ـ تاقەت قىلدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى تارتقان زۇلۇمنى ئۇ ئۆزى يالغۇز تارتتى. باشقا پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاش ئۇمۇ اللە قا مۇھەببەت باغلىدى. ئىسرا ۋە مىراج سەپىرى ئۈستىدىكى نامازلاردا پەيغەمبەرلەرگە ئىمام بولغاچقا، اللە ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن قىلدى.

ئۇ بىر كۈنى ساھابىلارنىڭ يېنىغا چىقتى. ئۇلار پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۈستۈنلىكى توغرىلىق تالاش ـ تارتىش قىلىۋاتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئۆزىنى باشقا پەيغەمبەرلەردىن ئۈستۈن كۆرۈۋاتقانلىقىنى بىلىپ ئاچچىقىدىن قىزىرىپ كەتتى ۋە ئۇلارغا مۇنداق دېدى: «مېنى يۇنۇس ئىبنى مەتتادىن ئۈستۈن كۆرمەڭلار!»

ئۇنىڭ بۇ سۆزى مۇسۇلمانلارنىڭ كاللىسىغا: «پەيغەمبەرلەر اللە نىڭ نەزىرىدە دەرىجىمۇ دەرىجە بولسۇن! بىرى يەنە بىرىدىن تېخىمۇ ئۈستۈن بولسۇن! بۇنىڭغا كىم قارار بېرىدۇ؟ ئەلۋەتتە اللە تىن باشقا بىرى ئەمەس. مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ ھەممىسگە تەڭ ھۆرمەت بىلدۈرسۇن! ئۇلۇغ اللە مۇسۇلمانلارغا پەيغەمبەرلىرىنى شەرەپلەندۈرۈش ۋە ئۇلۇغلاش ئۈچۈن ئۇنىڭغا دۇرۇد ئوقۇشنى بۇيرىغانغا ۋە پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئەھۋالى باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭكىدىن ئالاھىدە پەرقلىق بولغانغا قەدەر، مۇسۇلمانلار دۇرۇد ئېيتىشىدىمۇ ئايرىمچىلىق قىلمىغان ھالدا بارلىق پەيغەمبەرلەرگە دۇرۇد ئېيتسۇن!» دېگەن بىر پىكىرنى ئويغاتتى.

...

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پىل ۋەقەسى يىلى تۇغۇلدى. ئابدۇلمۇتەللىبكە نەۋرىسىنىڭ تۇغۇلغانلىقى خەۋىرى يەتكۈزۈلدى. ئابدۇلمۇتەللىب يۈگۈرگەن پېتى كېلىپ يېتىم نەۋرىسىنى قولىغا ئالدى. ئۇنى كۆتۈرۈپ كەبىنى تاۋاپ قىلغاچ، ئۇنىڭغا قويۇلىدىغان ئىسمنى ئويلاشقا باشلىدى. ئەقلىگە كەلگەن ئىسىملارنىڭ ھېچبىرى ئۇنىڭغا ياقمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئىسىم قويۇشنى بىر كۈن كېچىكتۈردى. ئەتىسىمۇ مۇۋاپىق ئىسىم تاپالمىدى. مۇشۇ تەرىقىدە ئالتە كۈن ئۆتۈپ كەتتى.

ئالتىنچى كۈنى كېچىسى ئابدۇلمۇتەللىب ئۇخلاۋاتقاندا، بۇرۇن چۈشىدە ئۇنىڭغا زەمزەم قۇدۇقىنى كولاشنى بۇيرىغان ئاۋاز ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى.

ـ ئۇنىڭ ئىسمى «ھەمد» سۆزىدىن تۈرلىنىپ چىققان مۇھەممەد ياكى ئەھمەد بولسۇن!

قۇرەيشلىكلەر ئابدۇلمۇتەللىبتىن:

ـ نەۋرەڭنىڭ ئىسمىنى نېمە قويماقچىسەن؟ ـ دەپ سورىدى. ئابدۇلمۇتەللىب (ھېلىقى غەيب ئاۋازنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئويلاپ تۇرۇپ): مۇھەممەد... دېدى. بۇ ئىسىم ئۇلار ياشاۋاتقان جاھىلىيەت مۇھىتىغا نىسبەتەن يات ئىدى. قۇرەيشلىكلەر:

ـ نېمە ئۈچۈن ئاتا ـ بوۋىلىرىڭنىڭ ئىسمىنى قويمىدىڭ؟ ـ دەپ سوراشتى. ئابدۇلمۇتەللىب:

ـ كۆكتە اللە نىڭ، يەردە ئىنسانلارنىڭ ئۇنى مەدھىيىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ـ دېدى.

شۇ پەيتتە، ئۇنىڭ بۇ سۆزلەرنى قىلىشىغا تۈرتكە بولغان ئامىللارنىڭ نېمە ئىكەنلىكى بىزگە نامەلۇم. بۇ سۆزلەر مەشھۇر ئەرەب غۇرۇرىدىن ياكى ئەنئەنىۋى ماختىنىش تۇيغۇسىدىن كەلگەنمىدۇ ياكى ئۇنىڭ نەۋرىسگە بولغان چوڭقۇر سۆيگۈسىنىڭ ئىپادىسىمۇ ۋەياكى روھىي پاكلىق ۋە غەيبىنىڭ ئۇنىڭغا بەكمۇ يېقىنلاشقان پەيتلىرىدىن بىرى بولغىيمىدى؟ بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى بىزگە ئېنىق ئەمەس. بىز پەقەت مەخلۇقلارنىڭ ھېچبىرىنىڭ ھەزرىتى مۇھەممەدكە ئوخشاش يەردە ئىنسانلارنىڭ ۋە كۆكتە اللە نىڭ مەدھىيىلىشگە لايىق بولمايدىغانلىقىنى بىلىمىز.

...

ئۇ، دۇنياغا يېتىم تۇغۇلدى. چۈنكى ئۇ ئانىسىنىڭ قورسىقىدىكى چاغدىلا ئاتىسى بۇ دۇنيادىن ئايرىلغانىدى. ئۇلۇغ اللە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇ سېنى يېتىم بىلىپ پاناھ بەرمىدىمۇ؟﴾[4]

ئەزىز ۋە ئۇلۇغ اللە ئۇنى ئۆز پاناھىغا ئالدى. سوپىلار مۇنداق دەيدۇ: ئۇنىڭ بوۋىسى بولۇشى، ئۇنى ئۆز ھىمايىسگە ئېلىشى ۋە ئۇنىڭغا پاناھگاھ بولۇشىغا ئوخشاش ئىنساني سەۋەبلەر ۋاز كېچىلىشى مۇمكىن بولغان تاشقى كۆرۈنۈشلەر بولۇپ، باللىقتىن تارتىپلا پەرۋەردىگارىنىڭ ئۇنى ئۆز پاناھىغا ئېلىشى بۇ ئىشنىڭ ئىچكى ماھىيىتى ئىدى.

ھەق تائالا ئۇنى كىچىكىدىن باشلاپ ئۆز ھىمايىسىدە يېتىشتۈردى. ئۇنى تېخى ئانىسىنىڭ قورسىقىدىكى چېغىدا يېتىملىك بىلەن، ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە ئاچلىق بىلەن، باللىق دەۋرىدە ئانىسىنىڭ ۋاپاتى بىلەن، كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىدا يالغۇزلۇق بىلەن، ئۇخلاپ قالغانلارنىڭ ئىچىدە سەگەكلىك ۋە ئازاب ئۈستىگە ئازاب بىلەن سىنىدى.

اللە ئۇنى باللىقىدىن ئېتىبارەن ئەڭ ئاخىرقى ئەلچىلىكنى، ئەڭ ئېغىر يۈك ۋە ئازاب ـ ئوقۇبەتنى يۈكلەشكە تەييارلىماقتا ئىدى.

...

ئىنىكئانىلار ئۇنىڭ يېنىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئانىسى ئۇنى باغرىغا تېخىمۇ چىڭ باستى. مەككىدىكى ئەنئەنىدە يۇقىرى تەبىقىدىكى ئائىلىلەر باللىرىنى ساپ ھاۋادا ئەركىن ئويناپ چوڭ بولۇشى ئۈچۈن سەھراغا ئەۋەتىشەتتى. ئىنىكئانىلار پەقەت باي ئائىلىلەرنىڭ باللىرىنىلا ئېمىتەتتى. خەلقنىڭ رەئىسى يوقسۇل بولغاچقا، ئىنىكئانىلار ئۇنىڭغا يولۇقماي ئۆتۈپ كەتتى.

[4] سۈرە دۇھا 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ھەزرىتى مۇھەممەدنىڭ ئىنىكئانىسى ھەلىمە بىنتى ئەبۇزۇئەيب ئۆزى بىلەن مۇھەممەدنىڭ ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەنلەر ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

بىر يىلى قۇرغاقچىلىق بېسىپ، ھېچقانداق ھوسۇل ئالالمىدۇق. مەن ئېرىم بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ساد قەۋمىدىن بەزى ئاياللار بىلەن بىرلىكتە مەككىگە بېرىشقا قارار بەردۇق. ھەممىمىز ئېھتىياجلىرىمىزنى قامداش ئۈچۈن بالىلىرىغا ئىنىكئانا ئىزدەۋاتقان باي ئائىلىلەرنى ئىزدەپ ماڭغاندۇق. مىنىۋالغان ئۇلاغلىرىمىزنىڭ يېگۈدەك نەرسىلىرى بولمىغاچقا، يولدا يىقىلىپ چۈشۈشتىن قورقۇپ تۇراتتۇق. بالىمىزنىڭ دەردىدىن كېچىچە ئۇخلىيالمىدۇق. بوۋاق ئاچلىقتىن يىغلاۋاتاتتى. مەندە سۈت يوق، ئېرىم ھەيدەپ كېلىۋاتقان تۆگىنىڭمۇ سۈتى قالمىغانىدى. كېچىدە ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قالدۇق. مەن ئۆز - ئۆزەمگە: بۇ ھالىم بىلەن نېمە ئىش قىلالايمەن؟ بىر بوۋاقنى قانداق چوڭ قىلىمەن، - دەپ كەتتىم.

ئاخىرى مەككىگە يېتىپ كەلدۇق. باشقا ئاياللار بىزدىن بۇرۇن يېتىپ كېلىشكەنىدى ۋە ئۇلار بىر بوۋاقتىن باشقا ھەممىسنى ئالغان ئىدى. بۇ بوۋاق مۇھەممەد بولۇپ، يېتىم ئىدى.

ئۇنىڭ ئائىلىسى قۇرەيش رەئىسلىرى ئارىسىدا يۇكسەك مەرتىۋىگە ئىگە، شەرەپلىك ئائىلە بولسىمۇ، يوقسۇل ئىدى. شۇڭا ئاياللار ئۇنى ئېمىتىشكە ئۇنىمىدى. بىزمۇ ئۇنى شۇ سەۋەبتىن يەنى ئۇنىڭ يېتىم ۋە يوقسۇللىقىدىن ئېلىشقا ئۇنىمىدۇق. ئەمما باشقا ئاياللارنىڭ يېنىغا بوۋاق ئالماستىن قايتىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ مەسخىرىسىگە قېلىشتىن ئەنسىرەپ، ئۇنى ئېلىشقا مەجبۇر بولدۇم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەككىنىڭ بۇزۇلغان ھاۋاسىدا كېسەلچان بولۇپ ئېھتىمالى بولغان بۇ چىرايلىق بوۋاققا ئۆزەممۇ بىلمىگەن بىر شەپقەت تۇيغۇسى ھېس قىلدىم.

بۇ ھېكايە ھەزرىتى مۇھەممەد بىلەن تەڭ تۇغۇلغان بوۋاقلار ئانا سۈتىدىن بەھرىمەن بولۇۋاتقاندا، ئۇنىڭ ئىنىكئانىسىز، داق يەردە ئاچ قالغانلىقى، ئۇنىڭ بۇ ھالىنىڭ ئۇلۇغ بىر ھېكمەتنىڭ، ئۇ باشقىلارنى توغرا يولغا باشلاشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭ ئاچلىق ۋە يېتىملىكنىڭ تەمىنى تېتىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ھاياتىنى يېتىملىك ۋە ئاچلىق بېسىشىنى خالىغانلىقى سەۋەبىدىن بولغانلىقىنى تەسۋىرلەپ بەرمەكتە.

ھەلىمە بۇ يېتىم بالىنى ئېلىش ئۈچۈن كەينىگە قايتماقچى بولغاندا، يولدىشى بىلەن تارتىشىپ قالغانلىقىنى، ئاخىرى يولدىشى ئۇنى قوبۇل قىلغانلىقىنى بايان قىلماقتا. ئەمما ھەلىمە ئۇنى ئالماقچى بولغانلىقىنىڭ سىرىنى چۈشىنەلمىگەنىدى. ئۇ اللە نىڭ پىرئەۋنىنىڭ ئايالىنىڭ قەلبىگە مۇسانىڭ مېھرىنى سالغاندەك، ئۆز قەلبىگە ئۇ بوۋاقنىڭ مېھرىنى سالغانلىقىنى بىلمىگەنىدى.

ﷲ مۇسانىڭ ئانىسىنىڭ سۆيۈنىشى ۋە ئازابلانماسلىقى ئۈچۈن مۇساغا بالىلىق ئىنىكئانىلىرىنى ئېمىشتىن توسۇپ قويغاچقا، پەقەت ئۆز ئانىسىنىلا ئەمگەن بولسا، مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ بەكمۇ مۇلايىم بولۇپ، ئىنىكئانىلىرى ئۇنى قوبۇل قىلمايتتى. ئۇ بولسا، ھېچكىمنى رەت قىلمايتتى.

ھەلىمە قايتىپ، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا ئىنىكئانا بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ چاغدا كىچىك مۇھەممەد ئۇخلاۋاتاتتى. ھەلىمە قولىنى ئۇنىڭ كۆكسىگە قويۇشى بىلەنلا كۈلۈمسىرەپ كۆزلىرىنى ئاچتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىنى چەكلەنگەن مېۋىگە ئۇزىتىشتىن بۇرۇنلا گۇناھكار ئەمەسلىكىنى ئېلان قىلدى.

ھەلىمە ئۇنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ، قۇچىقىغا ئالدى ۋە ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان يەرگە ئېلىپ ماڭدى. ئۇنى باغرىغا بېسىپ، ئەمگۈزمەكچى بولۇپ ئوڭ كۆكسىنى ئۇنىڭ ئاغزىغا سالدى. ئەمما ئۆزىدە ئۇنى ئېمىتكىدەك سۈت يوقلۇقىنى بىلەتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇنى بەزلىمەكچى بولغانىدى. بوۋاق ئۇنىڭدىن قورسىقى تويغىدەك سۈتكە ئېرىشكەنىدى.

ﷲ نىڭ مەرھەمىتى، مېھرىبانلىقى ۋە مۆجىزىسى بىلەن ئۇنىڭ كۆكسىگە سۈت لىق تولغانىدى. بوۋاق ئېمىپ بولدى. ھەلىمە سول كۆكسىنى ئۇنىڭ ئاغزىغا سالدى. بوۋاق ئۇنى سۈت قېرىندىشىغا قويۇپ قويدى. ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇ داۋاملىق شۇنداق قىلدى.

بۇنداق ئاز سۈتكە قانائەت قىلىش بىر ھېكمەت بولغىيمىدى؟ ياكى بولمىسا، بوۋاق ئىنسانلارنى پىداكار ۋە مەرت قىلىپ يېتىشتۈرۈشتىن بۇرۇن ئۆزىنى تەقۋا ۋە قانائەتچان قىلىپ يېتىشتۈرۈۋاتقانمىدى؟

...

ھەلىمە مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھنى ئېلىپ بەنى ساد چۆلىگە قايتتى. ئۇ قاقاس تۇپراققا قايتىشى بىلەن تەڭلا دۇنيانىڭ نېمەتلىرى ئۇ يەرگە يېغىشقا باشلىدى. تۇپراق قاقاسلىقتىن يېشىللىققا ئايلاندى. خورما دەرەخلىرى مېۋە بېرىشكە باشلىدى. ماللارنىڭ يېلىنلىرى سۈتكە تولۇشقا، ھايۋانلار سەمرىپ ھەتتا بۇرۇنقىدىن ئىككى ھەسسە كۆپ سۈت بېرىدىغان بولغانىدى. ﷲ ئۇ يەرگە بەرىكەت بەرگەن ئىدى.

ھەلىمە بۇ نېمەتلەرنىڭ بۇ مۇبارەك بالا بىلەن كەلگەنلىكىنى چۈشەندى ۋە ئۇنىڭغا بولغان مېھرى ھەسسىلەپ ئاشتى. ئۇنىڭ ئېرىمۇ ئۇنىڭغا بارغانسېرى ئامراق بولۇپ قالغانىدى. ئۇ بىر كۈنى ئايالىغا:

- ئى ھەلىمە! قەسەم قىلىمەنكى، سەن مۇبارەك بىر بالىغا ئىنىكئانا بولۇپسەن، - دېدى.

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ بەنى ساد چۆلىدە چوڭ بولدى. ھەلىمە مۇنداق دەيدۇ:

ئۇ پەقەتلا يىغلىمايتتى ۋە ۋارقىراپ - جارقىرىمايتتى. ئەمما يالىڭاچ بولۇپ قالسا، يىغلاپ كېتەتتى. ئۇ كېچىلىرى ئۇخلىيالماي ئىچى پۇشۇپ كەتكەندە، ئۇنىڭ بىلەن بىللە

چېدىرنىڭ سىرتىغا چىقىپ يۇلتۇزلارغا قارايتتىم. ئاسمان مەنزىرىسىگە قاراپ ئۇنىڭ كۆڭلى ئېچىلىپ قالاتتى. يۇلتۇزلارغا قاراپ كۆزلىرى تېلىپ كېتەتتى ۋە ئۇيقىسى كېلەتتى.

ئىككى يىل بولغاندا بالا سۈتتىن ئايرىلدى. ئانىسى ئۇنى قايتۇرۇپ ئېلىپ كەتمەكچى بولدى. ئەمما ھەلىمە ئۇنىڭدىن ئايرىلىشقا چىدىمىدى. ئۇزىنى ئامىنەنىڭ ئاياقلىرىغا ئېتىپ يۇتلىرىنى سۆيۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ سەھرا ھاۋاسىدا بەھۇزۇر چوڭ بولۇشى ئۈچۈن ئۆز يېنىدا قېلىشىنى تەلەپ قىلدى. كىچىك مۇھەممەد بەنى ساد چۆلىدە بەش يىل تۇردى. بۇ بەش يىل ئىچىدە كۆكسى يېرىلىش ۋەقەسى بولۇپ ئۆتتى.

ئىلاھىي ئىرادە ئىشەنچلىك پەرىشتە جىبرىئىلغا مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ يېنىغا بېرىپ، الله نىڭ ئەمرى بىلەن ئۇنىڭ كۆكسىنى يېرىپ، يۈرىكىنى مەرھەمەت بىلەن يۇيۇشنى، نۇر بىلەن قۇرىتىشنى ۋە ئۇنىڭدىن دۇنيا نېمەتلىرىگە بولىدىغان ھەۋەسلەرنى چىقىرىۋېتىشنى بۇيرىدى.

ھەزرىتى مۇھەممەد بىر كۈنى ئادىتى بويىچە ئېمىلدىشى بىلەن بىرلىكتە پادىنى ھەيدەپ ئوتلاققا ماڭدى. كۈن چۈش بولغاندا، ئېمىلدىشى ناھايىتى قورققان ھالدا ھەزرىتى مۇھەممەدنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئېلىپ كەلدى. ئاق كىيىملىك ئىككى ئادەم ھەزرىتى مۇھەممەدنى تۇتۇۋېلىپ، يەرگە ياتقۇزۇپ كۆكرىكىنى يېرىۋەتكەنىدى.

ھەلىمە پۈتۈن كۈچى بىلەن كىچىك مۇھەممەدنىڭ يېنىغا قاراپ يۈگۈرۈشكە باشلىدى. ئۇ بۇ خەۋەردىن سارالڭدەكلا بولۇپ قالغانىدى. ئېرىمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلار ھەزرىتى مۇھەممەدنىڭ يېنىغا يېتىپ بېرىپ، ئۇنىڭ يۈزىنىڭ تاتىرىپ، كۆزلىرىنىڭ پارقىراپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. ھەلىمە ئۇنى ئاۋايلاپ قولىغا ئېلىپ بولغان ئەھۋالنى سورىدى.

ھەزرىتى مۇھەممەد: «ئوتلاۋاتقان پادىلارغا قاراپ تۇراتتىم. بىردىنلا ئاپئاق ئىككى نەرسە كۆردۈم، دەسلىپىدە ئۇلارنى قۇش دەپ ئويلاپتىمەن، ئەمما خاتالىشىپتىمەن، ئۇلار ئاپئاق كىيىنگەن، ناتونۇش ئىككى ئادەم ئىكەن.

ئۇلارنىڭ بىرى يەنە بىرىگە مېنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: مۇشۇ شۇمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. يەنە بىرى: ھەئە، مۇشۇ شۇ، ـ دەپ جاۋاب بەردى. مەن بەك قاتتىق قورقۇپ كەتتىم، ئۇلار ئاۋۋال مېنى يەرگە ياتقۇزدى. ئاندىن كۆكسىمنى يېرىپ بىرنەرسە ئىزدىدى. ئىزدىگەن نەرسىنى تېپىپ يىراق يەرگە تاشلىۋەتتى. ئاندىن كۆكسىمنى جايىغا كەلتۈرۈپ قويۇپ، خۇددى تۇمانىدەكلا كۆزدىن غايىپ بولدى» دېدى.

بۇ ھەدىسنى ئەنەس رىۋايەت قىلغان بولۇپ، مۇسلىم ۋە ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل بۇ رىۋايەتنى ھەدىس كىتابلىرىدا بايان قىلمىغان ئىدى. تەپسىرشۇناسلار بولسا، بۇ سىېمۋولىزم ھەققىدە كۆپ ئىختىلاپ قىلىشتى. كۆپىنچە ئالىملار بۇنىڭغا مۇنداق تەبىر بېرىشىدۇ. قۇرتۇبىغا ئوخشاش بۇرۇنقى ئالىملار بۇنى الله تائالانىڭ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) سېنىڭ

كۆكسىڭنى (ھىدايەت، ھېكمەت ۋە قۇرئانىنىڭ نۇرى بىلەن) كەڭ قىلمىدۇقمۇ؟》[8] دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى مۇشۇ. ـ دەپ قارايدۇ. ئەمما غەزالىدەك يېڭىدىن يېتىشكەن ئالىملار مۇنداق دەپ قارايدۇ. ئىلاھىي ياردەم ھەزرىتى مۇھەممەدنى پەزىلەتلىك ئىنسانىنى باشقا كىشىلەرنى ئىختىلاپقا سالىدىغان بۇنداق كىچىك ۋەقەلەرگە يولۇقتۇرمايدۇ. شۇڭا يامانلىقلار ۋە دۇنيانى، ئالەمنى تولدۇرغان سۆيۈقەستلىك غەرەزلەر ۋە ئۇلارغا يېتىش ئۈچۈن يۈگۈرگەن، ئۇلاردىن تەسىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان قەلبلەرنىڭ بولۇشىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، پەيغەمبەرلەرنىڭ قەلبلىرى ئۇلارغا اللە نىڭ ئىگە بولۇشى سەۋەبى بىلەن بۇنداق نەرسىلەرنى ئۇلار قوبۇل قىلمايدۇ ۋە ئۇلارغا يولۇقۇشمايدۇ. پەيغەمبەرلەرنىڭ غەيرىتى مۇشۇ تەرىقىدە ئىلگىرىلەشكە ماسلىشىدۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا سىلەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بىر جىن ۋە بىر پەرىشتە بىلەن دوست بولغان ھېچكىم يوق" دېدى. ساھابىلار: "ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! سېنىڭ بارمۇ؟" دەپ سوراشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "مېنىڭمۇ بار ئىدى. اللە نىڭ ياردىمى بىلەن ئۇ جىن مۇسۇلمان بولدى. ھازىر ماڭا ياخشىلىقتىن باشقا ئەمر بېرەلمەيدۇ" دېدى.»

مانا بۇلار، كونا ـ يېڭى ئالىملارنىڭ بۇ ۋەقە ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرى بولۇپ، بىز بۇ مۆجىزىلىك ۋەقەنى ئىسرا ۋە مىراج كېچىسىنىڭ تەييارلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايمىز. بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بوشلۇق ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئاسماندىكى ئالەملەرگە بېرىشى ۋە ئۇ يەرلەردىن قايتىپ كېلىشى كېرەك بولغان بىر سەپەر بولۇپ، سىدرەتۇل مۇنتەھادىكى جەننەتۇل مەئۋاغا يېتىپ بارغىچە بۇ ئالەملەردىن ئۆتۈشى كېرەك ئىدى. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، بۇ كۆز قاراشتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆكسى يېرىلىش ۋەقەسى ئۇ ئەللىك ياشتىن ھالقىغاندىن كېيىن يەنە بىر قېتىم مەيدانغا كەلگەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلماقتا.

ئىككىنچى قېتىم كۆكسى يېرىلىش ۋەقەسى مىراجتا يۈز بەرگەندى. سەھىھۇلبۇخارىدا مالىك ئىبنى سەئسەئ رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسرا ۋە مىراج كېچىسى ھەققىدە مۇنداق دېگەندى: «مەن ھاتىمدا (ياكى ھىجىر دېگەن يەردە دېگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن) چالا ئۇيقىدا ياتاتتىم. جىبرىئىل كېلىپ گېلىمدىن قۇرسىقىمغىچە بولغان ئارىلىقنى يېرىپ يۈرىكىمنى چىقاردى. ئاندىن ئىمانغا لىق تولغان بىر ئالتۇن ھىجىر كەلتۈرۈلدى. يۈرىكىم يۇيۇلۇپ، ئىچى (ئىمان بىلەن) تولدۇرۇلدى ۋە يەنە جايىغا قويۇلدى.»

بىز شۇنداق ئويلايمىزكى، كۆكسى يېرىلىش ۋەقەسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەزىلىتىنىڭ بىر كۆرۈنىشى بولغان ئىسرا ۋە مىراج كېچىسىنىڭ تەييارلىقى. شۇنداقلا

---

[8] سۈرە ئىنشىراھ 1 ـ ئايەت

ئۇنىڭ ئۇنىڭدىن بۇرۇن ھېچكىم ئېرىشەلمىگەن ۋە بۇندىن كېيىنمۇ ھېچكىم ئېرىشەلمەيدىغان بىر ئورۇنغا ئېرىشىدىغانلىقىنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن ئېلان قىلىنىشى ئىدى.

...

ئۆسمۈرلۈك ۋاقتىدىكى بۇ ۋەقەدىن كېيىن، ئۇنىڭ ھاياتىدا ئۆزگىرىش يۈز بەردى. كۆپىنچە ۋاقىتلىرىنى خىيال ۋە يالغۇزلۇق ئىچىدە ئۆتكۈزەتتى. يىللار ئۆتتى. بەنى ساد سەھراسىدا، ھەلىمەنىڭ يېنىدا تۇرۇش ۋاقتى ئاخىرلاشتى. ئۇ ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم مەزگىلنى بۇ يەردە ئۆتكۈزگەنىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەنى سادتا ئۆتكەن باللىق ھاياتىنى سۆيۈنۈپ تۇرۇپ سۆزلەپ بەرگەنلىكى ۋە ئۇ يەردىكىلەرنىڭ ئۇنىڭغا كۆرسەتكەن ئىلتىپاتى ۋە مۇئامىلىلىرىنى رازىمەنلىك بىلەن ئەسلىگەنلىكى ھەققىدە رىۋايەتلەر بار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن ئىدى: «مەن سادلارنىڭ ئەۋلادىمەن، بۇنىڭ ماختانغۇچىلىكى يوق، ئۇلارنىڭ بىرى ئاچ قالسا، باشقىلىرى ئۆز نېسىۋىسىدىن ئۇنىڭغىمۇ بۆلۈپ بېرەتتى.»

...

ھەزرىتى مۇھەممەد بەش ياشقا كىرگەندە مەككىگە قايتتى. ئۇ ئاتىسىنىڭ دەردىدە يۈزلىرىگە قورۇق چۈشۈشكە باشلىغان ئانىسى بىلەن بىر نەچچە مەزگىل بىللە ياشىدى. ئانىسى ۋاپات بولغان يولدىشىنىڭ خاتىرىسىگە ۋاپادارلىق قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ يەسرىبتىكى قەبرىسىنى زىيارەت قىلماقچى بولدى. مەككە بىلەن يەسرىبنىڭ ئارىسى **500** كىلومېتىرلىق يول ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھاياتلىق مەۋجۇت بولمىغان قۇپقۇرۇق چۆلدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ ئانىسى بىلەن قىيىن ئۆتكەللەرنى بېسىپ ئۆتتى ۋە مەدىنىدىكى تاغىلىرىنىڭ يېنىدا بىر ئاي تۇردى.

ئۇ ئاتىسى ۋاپات بولغان ئۆينى كۆردى. ئاتىسى دەپنە قىلىنغان ئاددىي قەبرىنى زىيارەت قىلدى. ئانىسىنىڭ ئۇنىسىز تۆككەن ياشلىرى ئۇنىڭ قەلبىگە يېتىملىكنىڭ مەنىسىنىڭ تۇنجى مۆھرىنى باستى. مەدىنە ئۇنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر ئىزنالىرىنى قالدۇردى. كېيىن ئاللاھ ئۇنىڭغا ئۆز ئېتىقادى ئۈچۈن بۇ يەرگە ھىجرەت قىلىشقا رۇخسەت قىلغاندا، ئۇ ساھابىلىرىگە بۇ يەرگە قىلغان تۇنجى سەپىرىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى.

مەدىنىدە بىر ئاي تۇرغاندىن كېيىن، ئاتىسىنىڭ قەبرىسى ۋە تاغىلىرى بىلەن خوشلىشىپ، ئانىسى بىلەن بىرلىكتە مەككىگە قاراپ يولغا چىقتى. يولنىڭ يېرىمى تۈگىگەندى. مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئانىسىنىڭ رەڭگىنىڭ ئۆزگىرىپ، بارغانسېرى سارغىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمىدى. ئۆلۈم پەرىشتىسى ئەبۋا دېگەن يەرگە چۈشتى. ئەزرائىل ئۇلاردىن ئايرىلغاندا، ئامىنە بىنتى ۋەھەبنىڭ روھى ئاللاھ نىڭ دەرگاھىغا كېتىپ بولغانىدى.

ئانىسى ۋاپات بولدى. يالغۇز ئوغلى تېخى تۇغۇلماي تۇرۇپ ئاتىسىدىن، ئالتە يېشىدا ئانىسىدىن ئايرىلىپ، بۇ كىچىك بالا ئۈچۈن يۈرىكى پارە - پارە بولغان بىر خىزمەتچىنىڭ

قولىغا قالغانىدى. مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ كۆزلىرى ياش، قەلبى ئېچىنىشلىق ئازاب ئىچىدە، ئانىسىز ھالدا مەككىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ كىچىك تۇرۇپلا ھاياتنىڭ ئازاب - ئوقۇبىتى ۋە يېتىملىكنىڭ دەرت - ئەلىمنى يەتكۈچە تارتقانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك بېرىلگەندە، بىرى ئۇنىڭدىن: «يولۇڭ نېمە؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەرىپەت سەرمايەم (بايلىقىم). ئەقىل دىنىمنىڭ ئەسلى، سۆيگۈ ئاساسىم، ﷲ قا زىكىر ئېيتىش مېنىڭ دوستۇم. غەمكىنلىك ھەمراھىم» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى.

مانا بۇلار، ئۇنىڭ بالىلىقىدىن تارتىپ ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ كەلگەن سادىق دوستلىرى ئىدى.

ﷲ تائالا ئۇنىڭ چوڭ بولغاندىن كېيىن باشقىلارغا قۇتقۇلۇش ۋە خۇشاللىق مېۋىلىرىدىن بىرىشى ئۈچۈن بالىلىقىدا ئۇنىڭغا چوڭقۇر ئازاب - ئوقۇبەت دەريالىرىنىڭ سۇلىرىدىن كۆپ ئىچكۈزگەنىدى.

...

ئۇ مەككىگە قايغۇلۇق ھالەتتە قايتىپ كەلدى. مىجەزى تېخىمۇ جىمغۇرلىشىپ كەتكەنىدى. بوۋىسى ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مېھرىبانلىقى ۋە ئىلتىپاتى تېخىمۇ ئاشقان ئىدى. ئىككى يىلدىن كېيىن يەنى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىب سەككىز ياشقا كىرگەندە، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانىيەت قەلئەلىرىنىڭ ئەڭ چوڭى بولغان ئابدۇلمۇتەللىب ۋاپات بولدى.

ئۇ خۇددى چوڭ ئادەملەردەك بوۋىسىنىڭ جىنازىسىنىڭ ئارقىسىدىن ئۇن - تىن چىقارماي، مەزمۇت قەدەملەر بىلەن كېتىپ باراتتى. يولدىكى قۇملار ئۇنىڭ سەۋر - تاقەتلىك، مەزمۇت قەدەملىرىنىڭ ئاستىغا تۆكۈلگەن كۆز ياشلىرىدا نەملەنمەكتە ئىدى.

بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنىڭ سەۋەبى بىز ئۈچۈن غوۋا ئىدى. ﷲ نىڭ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسىنى ئاتا - ئانىنىڭ مېھرى - مۇھەببىتىدىن مەھرۇم قىلىشىنىڭ ھېكمىتى نېمە؟ ياكى ئۇلۇغ ﷲ ئۇنىڭغا پەقەت ئۆزىنىڭلا شەپقەت ۋە مېھرىبانلىقىنى بەرمەكچى بولغانمىدۇ؟ ۋەياكى ﷲ ئۇنى غەم - ئەندىشە بىلەن تەربىيىلەپ، ھېسسىياتىنى ئەلەم بىلەن بىلمەكچى بولدىمۇ؟ ياكى ئۇلۇغ ﷲ ئەلچىسىنىڭ يۈرىكىنى ئۆزىگىلا تاللىغانمىدۇ؟ ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئۇلۇغ ﷲ مۇساغا مۇنداق دېگەن ئىدى: ﴿سېنى مەن مېنىڭ مۇھەببىتىمگە (يەنى پەيغەمبەر قىلىپ ۋەھيى نازىل قىلىشىمغا) تاللىدىم﴾.[4]

بۇ ۋاقىتلاردا، ﷲ تائالا تەۋرات ئارقىلىق مۇساغا، ئىنجىل ئارقىلىق ئىساغا ئۇلاردىن كېيىن ئەھمەد ئىسىملىك بىر پەيغەمبەرنىڭ كېلىدىغانلىقى ھەققىدىكى خۇشخەۋەرنى يەتكۈزگەنىدى.

[4] سۈرە تاھا 41 - ئايەت.

ھەزرىتى مۇسا پەرۋەردىگارىدىن ئۆزىگە ۋە ئۇممەتلىرىگە ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىنى ئىنئام قىلىشنى ئۆتۈنگەندە، پەرۋەردىگارى ئۇنىڭغا بۇ يۇقىرى مەرتىۋىنى ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر ۋە ئۇنىڭ ئۇممەتلىرىگە يازغانلىقىنى ئېيتقاندى.

اللہ تائالا ھەزرىتى مۇسانى ئۆزىگە تاللىغاندى. ئەمما ئۇنى ئانىنىڭ مېھرى ـ شەپقىتىدىن مەھرۇم قىلمىغان ۋە ئۇنى ئائىلىسى ئىچىدە يېتىشتۈرگەن ئىدى. ئەمما ئاخىرقى پەيغەمبىرنى بولسا، ئىنسان شەپقىتى ۋە مېھرىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قىلدى. چۈنكى ئۇنىڭغا ئىلاھىي شەپقەت ۋە ئىلاھىي مېھرىبانلىقنى ئايرىپ قويغاندى. اللہ تائالا ئاخىرقى پەيغەمبىرى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ئۇ سېنى يېتىم بىلىپ پاناھ بەرمىدىمۇ؟ قايمۇققان بىلىپ ھىدايەت قىلمىدىمۇ؟ سېنى يوقسىز بىلىپ (كىشىلەردىن) بىھاجەت قىلمىدىمۇ يېتىمنى خارلىما. سائىلغا قوپاللىق قىلما. پەرۋەردىگارىڭنىڭ (ساڭا بەرگەن) نېمىتىنى (كىشىلەرگە) سۆزلەپ بەرگىن (چۈنكى نېمەتنى سۆزلەپ بەرگەنلىك نېمەتكە شۇكۇر قىلغانلىق بولىدۇ)﴾.

اللہ ئۇنى ئۆز پاناھىغا ئالدى. توغرا يولغا باشلىدى ۋە باي قىلدى. مانا بۇ، ھەر ئىككى دۇنيادا ھېچكىم ئېرىشەلمەيدىغان ئىلتىپات دەرىجىلىرىدىن بىرى ئىدى.

...

بوۋىسىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، ئۇنى تاغىسى ئەبۇ تالىب ئۆز ھىمايىسىگە ئالدى. اللہ تاغىسىنىڭ قەلبىگە ئۇنىڭ سۆيگۈسىنى سالدى. تاغىسى ئۇنىڭغا ئۆز باللىرىدىنمۇ بەكرەك كۆيۈنۈپ ئىلتىپات كۆرسەتتى. كەبىنىڭ ئالدىغا سېلىنغان سېلىنچىسىغا ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىمنى ئولتۇرغۇزمايتتى.

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ مەككە سەھرالىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قەلبى ئويغاق ھالدا غاپىللار، مەستخۇشلار، بۇتپەرەسلەر، مەيپۇرۇشلار، شائىرلار، جېدەلخورلار ۋە قەبىلە شەيخلىرىدىن تەركىب تاپقان مىللەتنىڭ ئارىسىدا ياشىدى. چۆل ھاۋاسى خۇددى تىكەن ۋە گۈللەرگە ئوخشاش ئۇزۇقلۇق بەرگىنىدەك، بەزگەكلەرنىڭ بېزەڭلىكىنى، ئويغاقلارنىڭ ئەقلىنى كۈنسېرى ئاشۇرۇپ بارماقتا ئىدى.

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ باللىقىدا بەكمۇ جىمغۇر ئىدى. يېشى چوڭايغانسېرى تېخىمۇ جىمغۇرلىشىپ كەتتى. بىرى ئۇنىڭغا گەپ قىلغاندىلا ئاندىن ئېغىز ئاچاتتى. كىبىرىدىن ئەمەس، بەلكى ئىچىدىكى ئازاب تۈپەيلىدىن ياشلارنىڭ ئويۇن ـ تاماشىسىغا قاتناشمايتتى. يالغۇز قېلىپ يىراقلارغا نەزەر سالاتتى. ئېغىزىنى ئاچماي، ئەقلىنى ئىشلىتەتتى. تېخى كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا كىشىلەرنىڭ بۇتلارغا چوقۇنۇشلىرىغا قاراپ ئۇلار ھەققىدە ئويلىناتتى ۋە ئۇلارغا ھەيران قالاتتى. ئەقلى بار ئىنسان پايدا ـ زىيىنى بولمىغان، گەپ قىلمايدىغان ۋە ھېسسىياتسىز تاشلارغا قانداقمۇ سەجدە قىلسۇن؟ بۇتلارغا

سۈرە زۇھا 6 ـ دىن 11 ـ ئايەتكىچە.

بولغان تەبىئىي سەسكىنىش تۇيغۇسى ئۇنىڭغا ئەجدادى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن مىراس قالغانىدى.

ئۇنىڭ ئىچىدە ئۇزىنى تاشتىن ياسالغان بۇ مەبۇدلاردىن يىراقلاشتۇرىدىغان بەكمۇ كۈچلۈك كەمسىتىش تۇيغۇسى بار ئىدى. شۇنداقلا، ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئازاب بوۋىسى ئىبراھىمنىڭ ئازابىدىنمۇ ئېغىر ئىدى. ئىنسان ئەقلىنىڭ تاشلارغا، ئالتۇنغا ۋە ھۆكۈمدارلارنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرىغا چوقۇنۇشى ئۇنى ئازابلايتتى. بۇ كىشىلەرگە قۇلاق سالاتتى، تۇرمۇشتا بولۇۋاتقان ئىشلار ۋە جەمئىيەت ئەھۋالىنى كۆزىتەتتى. كىشىلەرنىڭ ئادىتي، ئەرزىمەس نەرسىلەر ئۈچۈن تىركىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيرانلىقى ۋە ئازابى ئۇلغىياتتى. ئۇلار ئاتا ـ بوۋىلىرى، ئانا ـ موملىرى ئۆلگەندەك، ئۆزلىرىنىڭمۇ بىر كۈنى ئۆلىدىغانلىقىنى بىلمەمدىغاندۇ؟ ئۇلار تېخىمۇ كۆپ گۇناھ ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن نېمىشقا شۇنچىۋالا تىركىشىدىغاندۇ؟

ئۇنىڭ يېشى چوڭايغانسېرى ھاياتقا ئېرەڭشىمەيدىغان بولۇپ قالدى. ھال ـ ئەھۋالى مەككىنىڭ ھەر تەرىپىگە ئايان ئىدى. ئۇ ياشلارنىڭ ھېچقايسىسىغا ئوخشىمايتتى. ئومۇمىي سەۋەبلەرگە مۇناسىۋەتلىك ھېسسىياتى ھەممەيلەنگە ئېنىق بولسىمۇ، ئىچكى ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى ھېچكىمگە بىلدۈرمەيتتى. ھېچكىمنىڭ ھىدايەت يولىغا مېڭىشىنى كۈتمەيتتى. مەقسىتى جەمئىيەتنىڭ ۋە كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى تۈزىتىش ئەمەس ئىدى. بۇ سوئاللارنىڭ ئۇنىڭ زېھنىدە جاۋاب ئىزدەپ مەجبۇرىي ئوتتۇرىغا چىققانلىقى توغرا، ئەمما ئۇنىڭ ئەقلى جاۋابقا ياكى بۇ ئەھۋالدىن قۇتۇلۇش يولىغا ئېرىشەلمىدى.

مانا بۇ، الله تائالانىڭ: ﴿قايمۇققان بىلىپ ھىدايەت قىلمىدىمۇ؟﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسىدۇر.

بۇ ئايەتتىكى قايمۇقۇشنىڭ مەنىسى ناچار ئەھۋاللارنىڭ تېگى ـ تەكتىگە يېتىش ۋە ئۇلارغا قارشىلىق كۆرسىتىش ئۈچۈن قورال ـ ياراقنىڭ بولماسلىقى ۋە يېشى تېخى كىچىك بولغاچقا ئەقلىنىڭ قايمۇقۇشى دېگەنلىك بولىدۇ.

مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى، ئۇنىڭ تېخىمۇ جىمغۇر ۋە ئىچ مىجەز بولۇشىغا، دۇنيانىڭ ئىنسان ئەقلىنى ئازدۇرىدىغان سەپسەتىلىرىدىن يىراق تۇرۇشىغا ئۈندەيتتى. ئۇنىڭ ئەقلى ئازغۇنلۇقتىن قۇتۇلغانىدى. شۇڭا ھاياتى پاكلىق ئىچىدە ئۆتەتتى.

ئۇ مىللەتنىڭ ئازغۇن ئىشلىرىدىن، بۇتقا ئېگىلىشتىن، مەغرۇرلىنىشتىن ۋە ماختىنىشتىن يىراق تۇردى. كۆڭ ئۆتكەنسېرى پاك ئېتىقادقا يېقىنلىشىۋاتاتتى. باشقىلارغا ئۆزىدىن بەكرەك كۆڭۈل بۆلەتتى. ئىنسانلارغا، ھايۋان ۋە قۇشلارغىمۇ مەرھەمەت يەتكۈزەتتى. تائام يەۋاتقىنىدا يېنىغا كەپتەر قونسا، تائامنى كەپتەرگە بېرەتتى. باشقا كىشىلەر تائام يەۋاتقاندا يېنىغا كېلىپ قالغان ئىتنى ئۇرۇپ كەتسىمۇ، ئۇ ئاغزىدىكى لوقمىلىرىنى ئىت ـ مۈشۈكلەرگە، بالىلارغا ۋە پېقىرلارغا بېرەتتى. ئاغزىدىكى

---

[8] سۈرە دۇھا 7 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

لوقمىلىرىنىمۇ باشقىلارغا بېرىۋېتىدىغان بولغاچقا، قانچىلىغان كېچىلەرنى ئاچ ئۆتكۈزگەنىدى. ئۇ پېقىر بولغاچقا كۈندىلىك تۇرمۇشى ئۈچۈن ئىشلىمىسە بولمايتتى. ھەزرىتى داۋۇد، مۇسا ۋە باشقا پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاش ئۇمۇ پادىچى بولۇپ چارۋا باقاتتى. بىر نەچچە قىرات تەڭگە ئۈچۈن مەككىلىكلەرنىڭ قويلىرىغا قارايتتى.

ئون ئۈچ ياشقا كەلگەندە، تاغىسى ئەبۇتالىبنىڭ كارۋىنى بىلەن شامغا باردى. باشقا قەۋملەرنىڭ ئەھۋالىنى كۆزەتتى. ئۇلارنىڭ نادانلىقىنى كۆرۈپ ھەيرانلىق تېخىمۇ ئاشتى. ئىنسانلارنىڭ ھېسسىياتسىز ھاياتلىرى ئۇنى تېخىمۇ ئازابلىدى. يۈرىكى بەكمۇ ئېچىندى. چۈشەنچىسى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى.

ئۇ تۇنجى قېتىملىق شام سەپىرىدە بىر ۋەقەگە دۇچ كەلدى. پەرىزىچە ئۇ ۋەقە ئۇنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرغانىدى.

...

راھىب (پوپ) باھىيرا شامنىڭ (سۈرىيە) دىكى ئىبادەتخانىسىنىڭ پەنجىرىسىنىڭ ئالدىدا تۇراتتى. بىردىنلا كۆپكۆك ئاسماندا لەيلەپ يۈرگەن بىر پارچە ئاق بۇلۇت ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ھاۋا ئوچۇق ئىدى. ئەمما بۇ بۇلۇت ئۇنى ھەيران قالدۇرغانىدى. باھىيرا كۆزىنى ئاسماندىن يەرگە يۆتكىدى. بۇلۇت شىمالغا قاراپ كېتىۋاتقان بىر كارۋاننىڭ ئۈستىدە، ئۇلارغا سايە تاشلاپ ئەگىشىپ كېتىۋاتتى. كارۋان ئىبادەتخانىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، چۈشكۈن قىلىش ئۈچۈن سايىغا كېلىپ توختىۋىدى، بۇلۇتمۇ پارغا ئايلىنىپ غايىب بولدى.

پوپنىڭ يۈرىكى قاتتىق سوقۇپ كەتتى. ئۇ، ئىنجىلنىڭ ئەسلى نۇسخىلىرىدىكى ئىسا ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن بىر پەيغەمبەرنىڭ دۇنياغا كېلىدىغانلىقى ھەققىدىكى خۇشخەۋەرنى بىلەتتى. ئۇ كىتابلاردا كېلىدىغان پەيغەمبەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى تەسۋىرلەنگەنىدى.

باھىيرا خىزمەتچىلەردە دەرھال تائام پىشۇرۇشنى بۇيرىدى. ئاندىن كارۋاننى تائامغا تەكلىپ قىلىش ئۈچۈن بىرىنى ئەۋەتتى. ئۇلار تەكلىپنى قوبۇل قىلىپ ئىبادەتخانىغا كىردى.

كارۋاندىكىلەرنىڭ بىرى باھىيراغا يېقىن كېلىپ: لات ۋە ئۇززانىڭ ھەق ـ ھۆرمىتىگە! سېنىڭ بۇ ئىشىڭغا ھەيران قالدىم، بىز بۇ يەرگە كۆپ كېلەتتۇق، ئەمما ھېچقاچان بىزگە بۇنداق قىلىپ باقمىغانىدىڭلار، بۈگۈن ساڭا نېمە بولدى؟ ـ دېدى. باھىيرا: سىلەر بۈگۈن مېنىڭ مېھمىنىمسىلەر، ـ دېدى. ئۇ بەدەۋىينىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمىدى ۋە تۇيۇقسىز قىلىنغان ئىلتىپاتنىڭ سىرىنى ئاشكارىلىمىدى. باھىيرا بىر تەرەپتىن مېھمانلارنى تائامغا تەكلىپ قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنى بىر ـ بىرلەپ كۆزىتىپ، پەيغەمبەرنىڭ ئىنجىلدا تەسۋىرلەنگەن ئالامەتلىرىنى ئىزدەشكە باشلىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىدا ئۇ

ئالامەتلەر يوق ئىدى. باھىرا ئۇلاردىن: ئى قۇرەيشلىكلەر! سىلەردىن تائامغا كەلمەي كارۋان بېشىدا قېلىپ قالغان بىرەرسى بارمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇلار:

ـ ھەئە. بىرى قېلىپ قالدى. ئۇنىڭ يېشى كىچىك بولغاچقا، بىز ئۇنى كارۋان قېشىدا قويۇپ قويدۇق، ـ دېيىشتى.

باھىرا: مەن ھەممىڭلارنى چاقىرغانىدىم، ئۇنىمۇ چاقىرىپ كېلىڭلار! ئۇمۇ بۇ تائاملارغا ئېغىز تەككۈزسۇن، ـ دېدى. قۇرەيشلىكلەردىن بىرى: لات ۋە ئۇززاغا قەسەم بولسۇن! بىز تەكلىپ قىلىنغان يەرگە مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ كەلمىگەنلىكى چوڭ ئەيىبتۇر، ـ دېدى.

تاغىسى مۇھەممەدنىڭ تېخى كىچىك بالا ئىكەنلىكىنى بانا قىلىپ تۇرۇۋالدى. ئاندىن بىرى چىقىپ ئۇنى ئېلىپ كىردى. باھىرا ئۇنىڭ نۇرلۇق كۆزلىرىگە قارىدى. ئۇ قۇرەيشلىكلەرنىڭ نەسەبلىرى ھەققىدىكى سۆھبەتلىرىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭ نىشانغا يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلدى. ئۇن ـ تۈنسىز ۋە ئىزچىل ھالدا مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھنى كۆزەتتى. قۇرەيشلىكلەر تائاملىرىنى يەپ بولۇپ چىقىپ كېتىشتى. مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ يالغۇز قالدى. باھىرا ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە: مۇھەممەد! لات ۋە ئۇززانىڭ ھەققى ئۈچۈن سەندىن سورايدىغان سوئاللىرىمغا جاۋاب بەرگىن! ـ دېدى.

ئەسلىدە ئۇ مۇھەممەدنىڭ قەۋمىنىڭ بۇتلارغا بولغان پوزىتسىيىسىنى بىلمەكچى ئىدى.

مۇھەممەد: لات ۋە ئۇززانىڭ نامىدا قەسەم ئىچىپ تۇرۇپ، مەندىن سوئال سورىمىغىن. قەسەم قىلمىغىنكى، مەن دۇنيادا ئۇ ئىككىسىدىن بەكمۇ نەپرەتلىنىمەن، ـ دېدى. باھىرا:

ـ ئۇنداقتا سەندىن الله نىڭ نامى بىلەن سورايمەن، ـ دېدى.

مۇھەممەد: خالىغىنىڭنى سورىغىن، ـ دېدى.

باھىرا مۇھەممەدتىن ئائىلىسىنى، قەۋمى ئىچىدىكى ئورنىنى، چۈشلىرىنى ۋە كۆز قاراشلىرىنى سوراشقا باشلىدى. بۇ سۆھبەت كارۋانلاردىن يىراق يەردە ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى. ئەگەر ئۇ ئۇلارنىڭ بۇتلىرىدىن نەپرەتلىنىدىغانلىقىنى ئېيتقان بولسا، ئۇلار ئۇنى بوش قويۇۋەتمەيتتى.

مۇھەممەدنىڭ بەرگەن جاۋابلىرى باھىرانىڭ بىلىدىغانلىرى بىلەن ئەينەن ئوخشاش چىقتى. باھىراغا ئالدىدىكى بۇ بالىنىڭ دەل ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ پەيغەمبىرى مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇلارنىڭ پەيغەمبىرى ئىسا ئەلەيھىسسالاملار خۇشخەۋىرىنى بەرگەن ئاخىرقى پەيغەمبەر ئىكەنلىكى ئېنىق بولدى.

باھىرا مۇھەممەدنىڭ يېنىدىن ئايرىلىپ، ئەبۇ تالىبنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭدىن:

ـ بۇ بالا سىزنىڭ نېمەڭ بولىدۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئەبۇ تالىب: ـ ئۇ مېنىڭ ئوغلۇم، ـ دېدى.

باھىيرا: بۇ بالىنىڭ ئاتىسى ھايات بولماسلىقى كېرەك، ـ دېدى. ئەبۇ تالىب:

ـ مەن ئۇنىڭ تاغىسى، ئۇ تېخى تۇغۇلماي تۇرۇپلا ئاتىسى ئۆلۈپ كەتكەن ئىدى، ـ دېدى.

باھىيرا: ئەمدى راست گەپ قىلدىڭ، بالىنى ئېلىپ دەرھال مەككىگە قايتقىن! يەھۇدىيلار ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىپ قويمىسۇن، ـ دېدى.

ئەبۇ تالىب ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىنىڭ سەۋەبىنى سورىۋىدى، باھىيرا ئۆزىنىڭ ئارتۇقچە گەپ قىلىپ سالغانلىقىنى چۈشەندى ۋە: ئۇنىڭ ئەھۋالى باشقىچە تۇرىدۇ، ـ دېدى.

ئۇ ئۇنىڭدىن ئارتۇق گەپ قىلمىدى. بۇ باشقىچە ئەھۋالنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنىمۇ بىلدۈرمىدى. سۆھبەت ھېچكىمنىڭ دىققىتىنى تارتمىغان ھالدا بولۇپ ئۆتتى. بۇ ۋەقە كارۋاندا ياكى ھەزرىتى مۇھەممەدتە ھېچقانداق ئىز قالدۇرمىدى. قۇرەيشلىكلەر باھىيرانىڭ مۇھەممەدكە بەكمۇ كۆڭۈل بۆلۈشىنى ۋە ئۇنىڭ باشقىچە ئەھۋالى بولىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىشىنى، مېھمانلار ئۆي ئىگىسىنىڭ مەرتلىكىنى، ئۆي ئىگىسىنىڭ بولسا ياشلارنىڭ ئەخلاقىي ـ پەزىلەتلىرىنى ماختاپ، ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن بېشارەت بەرگەننە، زىياپەتتە كۆرستىلگەن ئىلتىپات دەپ قوبۇل قىلدى. ۋەقەدىن ھېچقانداق ئىز قالمىدى. نە مۇھەممەد باھىيرانىڭ سۆزلىرىدىن ھېچنېمىنى چۈشەنمىدى، نە كارۋاندىكىلەر بۇ ئىشنى سۆزلەپ، ئەتراپقا يېيىپ يۈرمىدى.

باھىيرانىڭ ھەزرىتى مۇھەممەدنىڭ تاغىسىنى يەھۇدىيلاردىن ھەزەر ئەيلەشكە بۇيرىغىنىدەك، ئۆزى بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قانداق مۇناسىۋەت بار ئىدى؟ باھىيرا خەۋەر قىلغان ئۇ باشقىچە ئەھۋال نېمە ئىدى؟ بۇلار بىلەن ئۇنىڭ چوڭقۇر ئىزتىراپ ۋە ھەيرانلىقىنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى بار ئىدى؟

بۇ سوئاللار مۇھەممەدنىڭ زېھنىدە ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئۇنىڭ كۆز قاراش دائىرىسىنىڭ سىرتىغا ھالقىدى.

كارۋان نورمال بىر شەكىلدە مەككىگە قايتتى.

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ يەنە قايتىدىن يالغۇز قېلىپ، كائىناتنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈشكە، ھاياتنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن بىر لوقما تائام ئۈچۈن تىرىشىشقا، كىشىلەرگە ياردەم قىلىشقا ۋە ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئۆزىدىن ئۈستۈن قويۇشقا باشلىدى. يەنە بۇرۇنقىدەك ئۇن ـ تىنسىز داۋاملاشتۇردى.

كۈنلەر ئۆتتى. مۇھەممەدنىڭ راستچىللىقى، مەرھەمىتى ۋە مېھرىبانلىقى كۈنسېرى ئېشىپ بېرىپ، قەۋمى ئىچىدە ئۇنىڭ راستچىل ۋە توغرا سۆزلۈك ئىكەنلىكى مەشھۇر بولماقتا ئىدى. مەككە خەلقىنىڭ قارىشىچە، ئۇنىڭ سەمىمىيىتى ياكى راستچىللىقىدىن

شۈبھىلىنىش ياكى سۇرۇشتۇرۇشنىڭ ھېچ كېرىكى يوق ئىدى. نەچچە ئون يىلدىن كېيىن ئەلچىلىكنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، قەۋمىنىڭ ئالدىغا چىققاندا ۋە يۇرت چوڭلىرى ئۇنى ئىنكار قىلغان ۋاقىتتىمۇ ھېچكىم ئۇنىڭ راستچىل ۋە سەممىيلىكىگە تىل تەككۈزەلمىدى. ئۇلار ئۇنى سېھىرلەندى ياكى ئەقلى - ھوشىنى يوقاتتى دېيىشتى. پەيغەمبەرلىكىنىڭ ئون ئۈچىنچى يىلى، ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلۈپ قېنىنىڭ قەبىلىلەر ئارىسىدا تارقىتىلىشىغا قارار بېرىلدى ۋە ئۇنى تۇتۇش ئۈچۈن ئۆيى قورشاۋغا ئېلىنغاندا، ئۇ ھىجرەت قىلىشقا قارار بەردى. دۈشمەنلىرى ۋە دوستلىرى ئۆزىگە ئامانەت قىلىپ قويغان بارلىق نەرسە - كېرەكلىرىنى ئەتىسى ئەتىگىنى ئۆز ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىشى ئۈچۈن تاغىسىنىڭ ئوغلى ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىبقا تاپشۇردى. ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭمۇ ئۇنىڭغا ئىشىنىپ مال - بىساتلىرىنى ئامانەت قويغانلىقىغا قاراڭ!

...

كۈنلەر ئۆتكەنسېرى، ئۇنىڭ يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ پاك ۋە راستچىللىقىمۇ ئېشىپ بارماقتا. مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ جىمغۇرلۇق دۇنياسىغا غەرق بولۇپ كەتكەن بۇ ئۇزۇن سەپىرىدە، ئۆزىدىن بۇرۇنقى بارلىق پەيغەمبەرلەر دۇچ كەلگەن ئۆلمەس ھەقىقەتنى تېپىشى لازىم ئىدى. ئۇ بۇ بۈيۈك كائىناتنىڭ بىر پەرۋەردىگارى يەنى ياراتقۇچىسى، ئۆزىدىن باشقا ئىلاھ بولمىغان، يالغۇز پەرۋەردىگارنىڭ بارلىقىنى چۈشەندى. ئۇنىڭ قەلبى ئۆزى ئىنسانلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلىشتىن بۇرۇنلا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا مايىل بولغانىدى. ياشلىق چېغىدا گۇناھ ھېسابلانمايدىغان، ياشلارنىڭ نورمال ئويۇن - تاماشىلىرىغىمۇ قېتىلمايتتى. ھالبۇكى، مەككە ياشلىرى قانچە قەدەھ شاراپ ئىچكەنلىكى ۋە ئاياللار ھەققىدە بىلىدىغان شېئىر - قوشاقلىرىنىڭ سانى بىلەن ماختىنىشىپ يۈرۈشەتتى. مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ بولسا، كۆپىنچە ۋاقتىنى تاغدىكى جىمجىت غارنىڭ ئىچىدە ئۆتكۈزەتتى.

غاردا يالغۇز ئولتۇرۇپ پۈتۈن زېھنى بىلەن كائىناتقا چوڭقۇر كېتەتتى. ئۇنىڭ سىرلىرىنىڭ بۈيۈكلۈكىنى، ياراتقۇچىسىنىڭ مەرھەمىتىنى ۋە كۈچ - قۇدرىتىنى ئويلايتتى. يىگىرمە بەش ياشقا كىرگەن يىلى تۇنجى ئايالى، مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى ھەزرىتى خەدىجە بىنتى خۇۋەيلىد بىلەن تونۇشتى. بۇ چاغدا خەدىچە قىرىق ياشقا كىرگەن ئىدى. ئۇ، باي ۋە شەرەپلىك ئايال ئىدى. تىجارەت بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئېرى ئۆلۈپ كەتكەنىدى. پۇل - مېلى كۆپ بولغاچقا، ئۇنىڭغا ئۆيلىنىشنى ئارزۇ قىلىپ يۈرگەنلەر كۆپ ئىدى. ئۇ مېلىنى شامغا ئېلىپ بېرىپ، سېتىپ كېلىدىغان بىرىنى ئىزدەۋاتاتتى. ئۇ مۇھەممەدنىڭ راستچىل، سەممىي ۋە پاك بىرى ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى گەپ - سۆزلەرنى كۆپ ئاڭلىغانىدى. خەدىچە ئۇنىڭغا ھەق بېرىپ ئىشلىتىدىغانلىقى ھەققىدە خەۋەر يەتكۈزدى. ھەزرىتى مۇھەممەد يىگىرمە بەش يېشىدا شامغا ئىككىنچى قېتىملىق سەپىرىنى باشلىدى. اللە ئۇنىڭ سەپىرىنى بەرىكەتلىك قىلدى. خەدىچەنىڭ يېنىغا ئىككى ھەسسە پايدىسى بىلەن قايتتى. ئۇ نە خەدىچەنىڭ مېلىغا، نە ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە نەزەر

سالماستىن، ھەر دائىم نورمال پوزىتسىيەدە بولاتتى. خەدىچەنىڭ قەلبى ئۇنىڭغا بولغان سۆيگۈ بىلەن تولدى ۋە ئۇنىڭغا ياتلىق بولۇش تەكلىپىنى قويدى. مۇھەممەد بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلدى. مۇھەممەدنىڭ تاغىسى ئۇلارنىڭ توي مۇراسىمىدا ئورنىدىن تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

ـ مەيلى كىم بولسۇن، ئۇنى مۇھەممەد بىلەن سېلىشتۇرۇپ باقساڭلار، ئۇنىڭ شەرەپ، نەسەب، ئەخلاقىي ـ پەزىلەت ۋە ئەقىل جەھەتتىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى ئېنىق پەرق ئېتەلەيسىلەر. مېلى ئاز. ئەمما مال نېمىگە ئەرزىيدۇ؟ مال بىزگە بۇ دۇنيادا ئۆتنىگە بېرىلگەن ۋاقىتلىق نەرسىدۇر.

ھەزرىتى مۇھەممەد توي قىلغاندىن كېيىن ئۇيلاش، يالغۇز قېلىش ۋە ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ پۇرسەتكە ئېرىشتى. ھايات ئۇنى تېخىمۇ جىمغۇر ۋە يالغۇز قىلىۋەتتى. روھىي ھالىتى تېخىمۇ كۆتۈرۈلۈپ، ئەخلاق ـ پەزىلىتى تېخىمۇ ئېسىللىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ پۈتۈن زېھنى بىلەن ھاياتنىڭ ماددىي نەرسىلىرىدىن، كىشىنى قىزىقتۇرىدىغان دۇنيادىن نېرى تۇرۇشقا تىرىشتى.

پاك قەلبى بىلەن خەلقنىڭ سەپسەتىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان بۇتپەرەستلىك جاھىلىيىتىدىن نېرى تۇراتتى.

يېشى قىرىققا ئۇلاشتى.

كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئۆزىنى يالغۇز ھېس قىلغانسېرى ئۇلاردىن يىراق تۇرغۇسى كېلەتتى. ئەقلىدىكى ئوي ـ پىكىر ئۇنى خەلقىدىن يىراق تۇرۇشقا ئۈندەيتتى.

ئۇ داۋاملىق تۈردە بىر نەرسىلەر ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزەتتى. نىھايەت، ﷲ ئۇنى ھىرا غارىغا باشلىدى. ھەزرىتى مۇھەممەد ھىرا غارىنى كۆرۈپ بەكمۇ سۆيۈندى. چۈنكى ئۇ مەككىنىڭ سىرتىدا تۇرىدىغان يەر تاپقانىدى. مەككىدىن چىقىپ، بىر نەچچە مىل ماڭغاندىن كېيىن تاغقا قاراپ ياماشتى. تاغقا ياماشقانسېرى مەيدان كېڭىيىپ، ھاۋا قىسىلدى. يوپۇق ئېچىلدى، كۆرۈش دائىرىسى كېڭەيدى. ھېس ـ تۇيغۇلىرى ئازىيىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى پەيغەمبەرلىك سەزگۈسى ئالدى. ئاخىرى غارغا كىردى.

غاردا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. يۈرەك ئوينايتتى. ئىچكى ھېسسىياتقا توسالغۇ بولىدىغان ھېچنەرسە يوق ئىدى. زاھىدلىق ۋە ئۇيقۇسىزلىق بىلەن بىرلىكتە يېڭى پىكىرلەر تۇغۇلۇپ، كەڭ قانات يايدى. غارنىڭ ئىچىنى تولۇق ئايلاندى. غاردا ئۇنى چەكلەيدىغان ياكى ئەركىن ـ ئازادە ھەرىكەت قىلىشىغا توسالغۇ بولىدىغان ھېچنېمە يوق ئىدى.

ھىرا غارىدا بىر نەچچە ئاي داۋاملىق ئولتۇرغان، يەر يۈزىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ كىشىسىنىڭ زېھنىدىن نېمىلەرنىڭ كەچكەنلىكى بىزگە نامەلۇم.

ئۇ نېمىلەرنى ئويلىغاندۇ؟ ئۇنى ئەندىشىلەندۈرگەن نەرسىلەر نېمە ئىدى؟ زېھنىدىن قايسى خىياللار كەچكەندۇ؟ قەلبىدە قايسى تۇيغۇلار تۇغۇلغاندۇ؟

ئۇ، ئىبادەت بىلەن ئۈن - تىنسىز ئولتۇرغىنىدا تاغۇ - تاشلار قانداق ھېس - تۇيغۇلارغا چۆمگەندۇ؟ تاش زەرىچىلىرى داۋۇدنىڭ زەبۇر ئوقۇشىغا تەڭكەش قىلىپ جاۋاب بەرگىنىدەك، ئۇنىڭ ئۈن - تىنسىز تەسبىھگىمۇ ئىنكاس بىلدۈرۈۋاتقانمىدۇ؟ راستىنى ئېيتىشقا توغرا كەلسە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەينى چاغدىكى ھالىتىدە ئۇنىڭ ھېس - تۇيغۇلىرىنىڭ قانداقلىقىنى بىز بىلمەيمىز. بىزنىڭ بىلىدىغىنىمىز، ئۇ ئۆزىگە پەيغەمبەرلىك بېرىلىپ قېلىشىنى ئويلىمىغان ئىدى. كىشىلەرنىڭ ھىدايەتكە باشلىنىشى ئۈچۈن مەشغۇل بولمىغانىدى. شۇنداقلا يەنە، سوپىلار تەمە قىلغان نەرسىلەرنىمۇ كۈتمەيتتى. ئۇ ئىنسانىيەتكە پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلىشتىن بۇرۇن بىر سوپى ئىدى. الله ئۇنى پەيغەمبەرلىككە تاللىغاندىن كېيىن، زاھىدلىقنى تاشلاپ مەيدانغا چۈشتى. قورالنى قولىغا ئېلىپ ھەقنى قوغدىدى. ئاخىرىدا نەپسىنى ياراتقۇچىسىغا تاپشۇردى.

ئاۋۋال تەسەۋۋۇپ، ئاندىن الله يولىدا جىھاد قىلىش ئوتتۇرىغا چىقتى. زامانىمىز كىشىلىرىنىڭ بىلگىنىدەك، تەسەۋۋۇپ غايە ياكى نەتىجە ئەمەس، بەلكى بىر ئۇزۇن سەپەرنىڭ باشلانغۇچىدۇر. ئۇ ئىگىسىگە ئىنساننى ۋە قەدىر - قىممىتىنى قوغداش ئۈچۈن قورال ئىشلىتىشكە ئۈندەيدۇ.

...

بىر كۈنى، ئۇ ھىرا غارىدا ئولتۇراتتى. بىردىنلا غارنىڭ ئىشىكىدە جىبرىئىلنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى. پەرىشتە ئۇنى چىڭ سىقىپ ئالدىغا تارتتى ۋە: ئوقۇ! - دېدى.

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ: مەن ئوقۇشنى بىلمەيمەن، - دېدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ساۋاتسىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەكچى ئىدى. شۇڭا قانداق ئوقۇشنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى.

پەرىشتە ئۇنى قايتا قۇچاقلاپ سىقتى. شۇنداق چىڭ سىقتىكى، ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە ئەجەل كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئاندىن روھىلقۇددۇس (جىبرىئىل) ئۇنى قويۇۋېتىپ: ئوقۇ! - دەپ بۇيرىدى. ئۇ يەنە: ئوقۇيالمايمەن، - دېدى.

پەرىشتە ئۇنى يەنى چىڭ سىقىپ: ئوقۇ! - دەپ بۇيرۇق قىلدى. مۇھەممەد (س. ئە. ۋ) تىترىگەن ھالدا: نېمە ئوقۇيمەن؟ - دەپ سورىدى.

جىبرىئىل كۆكتىن يەرگە ئەۋەتىلىدىغان ئاخىرقى ئەلچىلىكنىڭ تۇنجى ئايەتلىرىنى ئوقۇدى:

﴿ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن. ئۇ ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتتى. ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر. ئۇ قەلەم بىلەن (خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى. ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى﴾.

ئاندىن جىبرىئىل قانداق پەيدا بولغان بولسا، شۇنداق غايىب بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى مۇسا تۇۋا ۋادىسىدا مۇقەددەس چاقىرىقنى ئاڭلىغاندا ھېس قىلغان ئۇ قورقۇنچنى ھېس قىلغان ئىدى. شۇنداقلا، مۇسا قېچىش ئۈچۈن يۈگۈرگىنىدەك، مۇھەممەدمۇ ئۆيىگە قاراپ يۈگۈردى. ئۇ ئۆيىگە يەنى ئايالىنىڭ يېنىغا يېتىپ بېرىش ئۈچۈن چۆلدە تېز ـ تېز يۈرەتتى.

تېنى قاتتىق قورقۇنچتىن تىترەيتتى. ۋۇجۇدىنى سوغۇق، قورقۇنچ ۋە ئەندىشە تۇيغۇلىرى قاپلىۋالغانىدى. بۇنىڭ جىن ۋە كاھىنلار بىلەن بىرەر باغلىنىشلىقى بارمىدى؟ ئۇ ئۆزىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ قويغان ئىدى. قۇلاقلىرىغا غەلىتە ئاۋازلار ئاڭلىنىدىغان، كۆزلىرىگە ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت بولمىغان يۈزلەر كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كاھىنلار ۋە كاھىنلارنىڭ ئەمەللىرىدىن يىرگىنىدىغان بولغاچقا، ئۆزىگە بىرەر زىيان ـ زەخمەت يېتىپ قېلىشتىن قورققانىدى. ئۇ ئۆيىگە تىترىگەن ھالدا يېتىپ كەلدى.

ئايالىغا: مېنى يۆگەپ قويۇڭلار! مېنى يۆگەپ قويۇڭلار! ـ دېدى. ئايالى ئۇنى يۇڭ يېپىنچىلار بىلەن يۆگەپ، پېشانىسىدىكى تەرلەرنى سۈرتۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ رەڭگىنىڭ تاتىرىپ كەتكەنلىكىنى ۋە قاتتىق قورقۇپ تىترەۋاتقانلىقىنى كۆردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن: «خەدىچە! ماڭا نېمە بولدى؟» دەپ سورىدى. ئاندىن ئۇنىڭغا بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ سۆزىنى: «ئۆزەمدىن ئەنسىرەۋاتىمەن» دەپ ئاخىرلاشتۇردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى ھەققىدە قورقۇنچلۇق بىلىنگەن بۇ ئىشنى ئېيتىپ بەرگەندە، خەدىچە ئانىمىزغا ئۇنىڭ ئەسلى مەنبەسى پەيغەمبەرلىك ئۈچۈن تاللانغانلىقىنىڭ بىر ئالامىتى ئىكەنلىكى ئېنىق بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ ئىشنىڭ ئەسلىدە ئۇنچىلىك دەرىجىدە ئەندىشە قىلىش كېرەك بولمىغان بىر خۇش بېشارەتلىك ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللىي بېرىپ مۇنداق دېدى: «خوش خەۋەر! اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى! اللە سېنى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويمايدۇ. چۈنكى سەن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىغا كۆيۈنىسەن، توغرا بولغان نەرسىنى سۆزلەيسەن. زەئىپ، ئاجىزلارنىڭ ئىشىغا كۆڭۈل بۆلىسەن، يوقسۇللارغا شەپقەت قىلىسەن، ئۆيۈڭدە مېھمان كۈتىسەن ۋە كىشىلەر ھەق يولدا مۇسىبەتكە ئۇچرىغاندا ئۇلارغا ياردەم قىلىسەن.»

سۈرە ئەلەق 1 ـ دىن 5 ـ ئايەتكىچە.

قىلىنغان بۇ سۆزلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەندىشىسىنى يەنىلا باسالمىدى. خەدىچە ئۇنى تاغىسىنىڭ ئوغلى ۋەرەقە ئىبنى نەۋفەلنىڭ قېشىغا ئېلىپ باردى. ئۇ، جاھىلىيەت دەۋرىدە خرىستىئان بولغانىدى. ئىبرانى تىلىدا ساۋادى بار بولۇپ، تەۋرات ۋە ئىنجىللارنى بىلەتتى. قېرىپ كەتكەچكە كۆزلىرى كۆرمەيتتى.

خەدىچە ئۇنىڭغا: ئى تاغامنىڭ ئوغلى! مۇھەممەدنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالغىن! ـ دېدى.

ۋەرەقە:

ـ ئى مۇھەممەد! نېمە كۆردۈڭ؟ ـ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېكايىسىنى ئۇنىڭغا تولۇقى بىلەن سۆزلەپ بەردى. ۋەرەقە ئۇنى ئاڭلاپ چىرايى دەھشەتلىك تۈسكە كىرگەنىدى. ئۇ: بۇ الله نىڭ مۇساغا چۈشۈرگەن پەرىشتىسى. ئېسىت! ئۇ چاغلاردا تېخى ياش ۋاقتىلىرىم بولسىچۇ؟ ـ دېدى.

ۋەرەقە ئىبنى نەۋفەل بىر ئالىم بولۇش سۈپىتى بىلەن تەۋرات ۋە ئىنجىلدا خۇش بېشارىتى بېرىلگەن پەيغەمبەرنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغانلىقىنى چۈشەنگەنىدى. ئۇ بىرئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى: ئېسىت! قەۋمىڭ سېنى يۇرتۇڭدىن ھەيدەپ چىقارغىنىدا، مەن ھايات بولغان بولسامچۇ؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇلار مېنى يۇرتۇمدىن ھەيدەپ چىقىرىۋېتەمدۇ؟ ـ دەپ سورىدى.

ۋەرەقە: شۇنداق، سەن ئېلىپ كېلىدىغان نەرسە ھەرقانداق كىشىگە بېرىلسە، ئۇ دۈشمەنلىككە ئۇچرايدۇ. ئەگەر سېنىڭ دەۋەت ئېلىپ بارىدىغان كۈنلىرىڭگىچە ياشىسام، ساڭا چوقۇم ياردەم بېرىمەن، ـ دېدى.

ئىش ئايدىڭلاشتى. ئىسلام ئەۋەتىلىشكە باشلىدى. الله نىڭ ئىرادىسى يولغا قويۇلدى. يەر يۈزىدە الله نىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئاخىرقىسىنى ۋە تۇنجى مۇسۇلماننى تاللاش ئىشى ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.

...

ئۇقۇرمەنلەر: ئىسلامنىڭ ماھىيىتى نېمە؟ ـ دەپ سوراشقا ھەقلىقتۇر.

مۇھەممەد الله نىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبىرى ۋە الله نىڭ بارلىق پەيغەمبەرلىرى مۇسۇلمان بولغىنىغا قارىغاندا، مۇھەممەد يەر يۈزىدىكى تۇنجى مۇسۇلمان بولسا، باشقا پەيغەمبەرلەر قانداقسىگە ئۇنىڭدىن بۇرۇن كېلىپ پەيغەمبەر بولالايدۇ؟!

...

ھەزرىتى مۇھەممەد ئېلىپ كەلگەن ئىسلام مەزمۇن جەھەتتىن نۇھ، مۇسا، ئىسا ۋە باشقا پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن ئىسلامدىن ھېچقانداق پەرقلىق ئەمەس ئىدى. گەرچە

شەكىل جەھەتتىن ھەرخىل بولسىمۇ، مەزمۇن جەھەتتىن ھەممىسى ئوخشاش بولۇپ، مۇھىم بىر سەۋەب تۈپەيلىدىن ھەزرىتى مۇھەممەد ئېلىپ كەلگەن ئىسلامنىڭ شەكلى باشقىچە ئىدى.

بۇ ئىسلام، پۈتۈن دۇنيا ئەللىرى ئۈچۈن ئىنسانىي ۋە ئەبەدىي ئەلچىلىك بولۇپ، بۇ ئەلچىلىك پەقەت ئەرەبلەرگىلا خاس ئەمەس، بەلكى بارلىق مىللەتلەرگە ئورتاق ئەۋەتىلگەندى.

شۇنداقلا، بۇ ئەلچىلىك بىر قەبىلىگە، بىر مىللەتكە، بىر رايونغا، بىر جەمئىيەتكە ياكى بىر دەۋرگە خاس ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئورتاق ئىدى.

ئۇ ئىنسان ئەقلىگە قىلىنغان دەۋەت بولۇپ، نەدە ۋە قاچان بولۇشى بۇ دەۋەت ئۈچۈن قىلچە پەرق قىلمايدۇ. ئۇنىڭ بارلىق ئىنسانلارغا ئورتاق بولۇشىمۇ بۇرۇنقى ئىلاھىي ئەلچىلىكلەردە كۆرۈلۈپ باقمىغانىدى. چۈنكى ئەلچىلىكلەرنىڭ ھەر بىرى مەلۇم بىر زاماندا، مەلۇم بىر قەۋم ياكى مىللەت ئۈچۈن ئەۋەتىلگەندى.

شۇڭا كۆز قاماشتۇرىدىغان ۋاقىتلىق مۆجىزىلەرنىڭ ھەممىسى بۇرۇنقى ئەلچىلىكلەرگە تەۋە بولۇپ، ئىسلام ئىنسان ئەقلىگە قىلىنغان دەۋەت سۈپىتىدە كەلگەندىن كېيىن، بۇ كۆز قاماشتۇرىدىغان مۆجىزىلەرگە ھېچ ئورۇن قالمىغانىدى. ئىنسان ئەقلىنى بىر زىياپەتكە دەۋەت قىلىش ئۈچۈن پەقەت: ئوقۇغىن! ـ دېگەن بىر ئېغىز سۆزنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىك ئىدى.

بۇ ئوقۇش، الله نىڭ نامى بىلەن، ياراتقان پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن ئوقۇش بولۇپ، ئۇنىڭ باشلىنىشى ۋە ئەڭ يۈكسەك پەللىسىنى ئويلاپ بېقىڭ! ئەگەر ھەقىقىي مۆجىزە كۆرۈشنى خالىسىڭىز، ھەقىقىي مۆجىزە مانا بۇ يەرگە يوشۇرۇنغانىدى. ئوقۇغىن! پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر. ئۇ دەسلەپتە ياراتقان ۋە رىزىق بەرگەن، ئاندىن مەرھەمەت ۋە رىزىق ئاتا قىلغان، ئاخىرىدا رەھمەت ۋە شەپقىتىنى ھېچ ئايىمىغان، قەلەم بىلەن يېزىشنى، شۇنداقلا، ئىنسانغا بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلدۈرگەن كەرەملىكتۇر.

ئىسلامنىڭ ماھىيىتى مانا بۇدۇر. يەنى ئوقۇشقا، ئىلىم ئېلىشقا زورلايدىغان بىر دەۋەتتۇر. الله تائالا فاتىر سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله نىڭ بەندىلىرى ئىچىدە الله دىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ﴾.

الله قورقۇسى پەقەت ئىلىمدىن كېلىپ چىقىدۇ. جاھالەتنىڭ ھەرقانداق شەكلى ۋە ھەرقانداق بىر تۈردىن ھەرقانداق بىر قورقۇنىڭ كېلىپ چىقىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنداق بولغان ئىكەن، ئىلىم ئىسلامدا ئاساسىي مەجبۇرىيەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ھەرگىزمۇ ھەشەمەت ۋە زىننەت ئەشياسى ئەمەس. مۇسۇلمانلار ئىسلامنى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن چۈشەنگەن كۈنى كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولغان ۋە دۇنياغا ھاكىم بولغانىدى. ئۇلار بۇ چۈشەنچىسىنى يوقىتىپ قويغان كۈندىن ئېتىبارەن، جاھىلىيەت دەۋرىدىكىدىنمۇ ناچار

سۈرە فاتىر 28 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى ۋە دۇنيا ئىشلىرى ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئۆز ئىشلىرىغىمۇ ئىگە بولالمىدى.

ئىسلامدا ئىلىم مەۋجۇدىيەتنىڭ يارىتىلىشىدىكى ئاساسىي نىشاندۇر. قۇرئاندا تەسۋىرلەنگىنىگە قارىغاندا، ئادەم ئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانىنىڭ قىسسىسى پەقەت گۇناھ ئۆتكۈزۈش ۋە مېۋىلىك دەرەختىن يەپ قويۇشلا ئەمەس، بەلكى چوڭقۇر ۋە پەرقلىق سەۋىيىگە ئىگە بىر قىسسىدۇر. بىز ئۇنىڭ چوڭقۇر مەنىلىرىگە چۆككەنسېرى، ئۇنىڭ سىمۋول خاراكتېرلىك مەنىلىرىنى كۆرەلەيمىز. پەرىشتىلەرنىڭ ئادەم ئەلەيھسسالامنىڭ يەر يۈزىنى گۈللەندۈرۈش ۋە يەر يۈزىنىڭ خەلىپىلىكىگە تاللىنىشىنى، ئادەم ئەلەيھسسالامغا ئىسىملارنىڭ ئۆگىتىلگەنلىكى ۋە بۇ ئىسىملارنى دەپ بېقىش پەرىشتىلەردىنمۇ تەلەپ قىلىنغانلىقى، ئەمما ئۇلارنىڭ ئۇ ئىسىملارنى بىلەلمىگەنلىكى، ئادەم ئەلەيھسسالامنىڭ ئۆزى بىلىدىغان نەرسىلەرنى ئۇلارغا ئۆگەتكەنلىكى ۋە پەرىشتىلەرنىڭ يەر يۈزىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ئادەم ئەلەيھسسالام ۋە ئۇنىڭ نەسلىنىڭ (ئەۋلادلىرىنىڭ) تاللانغانلىقىنىڭ سىرىنى، يەنى مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنسان تۈرىنىڭ يارىتىلىشىنىڭ ئەسلى غايىسىنىڭ ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئىلىم ۋە مەرىپەتتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويماقتا. بۇ پىكىرنى الله تائالا زارىيات سۈرىسىدە مۇنداق دەپ تەكىتلىمەكتە: ﴿جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم﴾.[ª]

بىز بۈگۈن ئۇنى قانداق چۈشىنىۋاتىمىز؟ مۇسۇلمانلارنىڭ تۇنجى نەسلى، يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ساھابىلىرى، تابىئىنلىرى ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى ئۇنى قانداق چۈشەنگەنىدى؟

بۈگۈن بىز ئۇنى يۈزەكى بىر شەكىلدە چۈشىنىۋاتىمىز. "ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈن" ئىپادىسى ئىبادەتنىڭ شەكىللىرى يەنى كەلىمە شاھادەت كەلتۈرۈش، ناماز، روزا، ھەج ۋە زاكاتقا ئوخشاش شەكىللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ناماز ئوقۇيدىغان ۋە روزا تۇتىدىغانلارنىڭ ۋەتەنلىرىدە قۇلغا ئايلاندۇرۇلۇشى ۋە يۇرتلىرىنىڭ ئىشغال قىلىنىشى بىلەن ئۇلارنىڭ غەربچە ئىدىيە ۋە پەن ـ مەدەنىيەت ئاساسىدا ھايات كەچۈرۈشى، غەربنىڭ پەن ـ تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىشى، ئۆزلىرى ھېچنېمە ئىشلەپچىقارماي، غەربلىكلەرنىڭ ماللىرىنى ئىستېمال قىلىشىنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق. مۇسۇلمانلار بۇ ئىشلارغا بېپەرۋالىق قىلىدۇ. ھايات يولىنى ھېچبىر ياخشىلىق يولىغا يۈزلەندۈرمەيدۇ. ئۆزلىرىگە پايدىمۇ بېرەلمەيدۇ، زىيانمۇ كەلتۈرەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئەھۋالى شامالدا ئۇچۇپ يۈرگەن توزغاققا ئوخشايدۇ. ئۇ ئىپادىنىڭ ئەسلى ۋە بۇرۇنقى مەنىسى تۆۋەندىكىدەك ئىدى:

﴿جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم﴾.[ª]

[ª] سۈرە زارىيات 56 ـ ئايەت.
[ª] سۈرە زارىيات 56 ـ ئايەت.

ئىبنى ئاببـاس بـۇ ئايـەتنى: ‟پـەقەت مېـنى تونـۇش ئۈچـۈن يـاراتتىم“ دېگـەن مەنـە چىقىدىغان شەكىلدە ئوقۇيتتى.

قۇللۇق ۋە ئىبادەتنىڭ ئۇسۇل ۋە شەكىللىرىدىكى پەرقنىڭ مۇھىملىقىنى ۋە ئۇنىڭ اللہ قورقۇسىغا ئېلىپ بارىدىغان ئىلمىدىكى چوڭقۇر مەنىنى ئويلاپ كۆرۈڭ! تۇنجى مۇسۇلمانلار ئۆزىنىڭ اللہ نى تونۇش ئۈچۈن يارىتىلغانلىقىغا ئىشىنەتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ غەيرەت ـ شىجائىتى كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى. ئۇلار پۈتۈن دۇنيانى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئاتلاندى. بىر قولىدا قۇرئان، يەنە بىر قولىدا زەنجىرگە باغلانغانلارنىڭ زەنجىرىنى پاچاقلاپ تاشلايدىغان قىلىچ بار ئىدى.

زامانىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئىسلامنىڭ ئىلىم جەۋھىرى غايىپ بولدى. مۇسۇلمانلارنىڭ دۇنيانى ئىدارە قىلىش ۋە ئۇنى باشقۇرۇش رولىمۇ يوقالدى. ئۇلار ئىنسان كارۋىنىنىڭ قۇيرىقىدىن يەر ئالدى. يەنى ھەممىسىنىڭ ئارقىسىدا قالدى. اللہ تائالا ئال ئىمران سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿اللہ ئادالەتنى بەرپا قىلغان ھالدا گۇۋاھلىق بەردىكى، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر. پەرىشتىلەرمۇ، ئىلىم ئەھلىلىرىمۇ شۇنداق گۇۋاھلىق بەردى: ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۇ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. ھەقىقەتەن اللہ نىڭ نەزىرىدە مەقبۇل دىن ئىسلام (دىنى) دۇر﴾.

اللہ ۋە پەرىشتىلەرنىڭ گۇۋاھلىقىدىن كېيىن، ئالىملارنىڭ گۇۋاھلىقى كەلمەكتە. ئىلىم ئۈچۈن بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق شەرەپ بارمۇ؟

ئىسلامدىكى ئىلىم غەرب مەدەنىيىتىدىكى ئىلىمدىن پەرقلىقتۇر. ئىسلامنىڭ ئىلمي كۆز قاراش ۋە تەجرىبىگە ئايلانغان مېتودلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە سەۋەبچى بولغانلىقى ھەممىگە ئايان.

ياۋروپا مەدەنىيىتى بارلىق سەنئەت، ئىجادىيەت ۋە كەشپىياتلىرى بىلەن بىرلىكتە بۇ مېتود ئاساسىنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلدى. تەجرىبىگە تايانغان مېتود مۇكەممەل، نۇقسانسىز مېتود بولۇپ، ئۇ تەجرىبە قىلىنىشى مۇمكىن بولغانلارنى تەجرىبە ئارقىلىق، تەجرىبىگە لايىق بولمىغانلارنى پەرەز ئارقىلىق ۋە پەقەت ماتېماتىكىلىق ھېسابقا موھتاج بولغانلارنى ماتېماتىكا يولى ئارقىلىق تەتقىق قىلىدىغان مېتودتۇر. بۇ ماددىلارغا ھاكىم بولغان قانۇنلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش غايىسىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ مېتودنىڭ ساھەسى تەبىئەت بولۇپ، ئۇنىڭ ماتېرىياللىرى ھېس ـ تۇيغۇ ۋە ئەقىلدىن ئىبارەت. روگىر باكون ( **Roger bakon** ) ياۋروپادا بىر مېتودنىڭ ئاساسىنى قۇرغان ئىدى. ئۇ ئۆزىمۇ بۇ مېتودتا مۇسۇلمانلارغا ۋە ئىسلام مەدەنىيىتىگە قەرزدار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەكتە.

ئۇستاز پىرىۋولت «ئىنسانىيەتنىڭ بالىلىقى» ناملىق كىتاۋىدا غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئەسلى مەنبەسى ھەققىدە مۇنداق دېگەنىدى: روگىر باكون «ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى»دا ئەندۈلۈستىكى ئەرەب ئۇستازلارنىڭ ئىز باسارلىرىدىن ئەرەب تىلى ۋە ئەرەب ئىلىملىرىنى

سۈرە ئال ئىمران 18 ـ ۋە 19 ـ ئايەتلەر.

ئۆگەندى. روگىر باكون ۋە فىرانكىس باكوننىڭ تەجرىبىسىگە تايانغان بۇ مېتودنىڭ شان ـ شەرىپىدە ھېچقانداق ھەققى يوقتۇر. روگىر باكون پەقەت ئىسلامىي ئىلىم ۋە مېتودنىڭ خرىستىئان بولغان ياۋروپاغا ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەردىن بىرى ئىدى. ئۇ زاماندىكىلەرنىڭ ئەرەب تىلى ۋە ئەرەب ئىلىملىرىنى ئۆگەنگەنلىكىنى قىلچە تارتىنماي ئوچۇق ئېيتقانىدى. مانا بۇ، ھەقىقىي ئىلىم ئۇچۇن بىردىنبىر يولدۇر.

بۇنى ئىسپانىيەلىك بىر غەرب ئالىمى ئېتىراپ قىلماقتا. ئۆزلىرىنىڭ قوللىرىدىن تاشلىۋەتكەن قوراللىرىنىڭ (بۇ قورال ئىسلامدۇر) بىر قىسمى بىلەن يېڭىلگەنلىكىنى بىلىشى ئۇچۇن، بۇنى غەربلىكلەر ئارىسىدىكى روھىي جەھەتتىن يېڭىلگەنلەرگە تەقدىم قىلماقچىمىز.

بۇگۈنكى غەرب دۇنياسىنىڭ تەرەققىي قىلىشى شەرقنىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلىشىنىڭ سىرىنىڭ ئۇلارنىڭ تەجرىبىگە تايانغان مېتودقا (بۇ بىر ئىسلامىي مېتودتۇر) چىڭ ئېسىلغانلىقىغا زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغىنىدەك، غەربنىڭ پەرىشان بولۇشى، گاڭگىراپ قېلىشى، ئەخلاقىي جەھەتتىن چۆكۈشى ۋە ھاياتى بىزارلىقىنىڭ سىرلىرىمۇ بۇ مېتودنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن شەكىلدە الله قا ئىتائەت قىلمىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. تەجرىبىگە تايانغان مېتود، غەربنىڭ قوبۇل قىلغىنىدەك، تەبىئەتتىن باشلىنىدۇ. مەلۇم مەقسەت سۈپىتىدە ئۇ يەرگە بارىدۇ. تەتقىقاتلارنىڭ دائىرىسى ماددا بولسا، ئۇنىڭ ماتېرىياللىرى تەجرىبە، پەرەز قىلىش ۋە ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر. تەبىئەتتىن كېيىن پەقەت ئۆلۈم بار بولۇپ، ئۆلۈم مەجھۇل بىر سىردۇر. ئۇنىڭغا قارشىلىق بىلدۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. بىز ئۆلۈمدىن كېيىن نېمە بولىدىغانلىقىنى، يەنى روھ ھەققىدە ھېچنېمە بىلمەيمىز. ئىلىم بىلەن ئەخلاق ئارىسىدا ھېچقانداق مۇناسىۋەت يوق. شۇنداقلا، بۇ ھاياتنىڭ غايىسى ھەققىدە ئىلىمنىڭ ھېچبىر جاۋابىمۇ يوق. بىز پەقەت كۆزىمىزگە كۆرۈنگەنلەرنى تەتقىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ قائىدە ـ پرىنسىپلىرىنى بىلەلەيمىز. بۇ غەربنىڭ ئىلمىگە بولغان كۆز قارىشىدۇر. ماتېرىيال ۋە قورال تەبىئەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئۈستۈن تۇرۇش ئۈچۈندۇر. ئىسلامدىكى ئىلمىي مېتود بولسا، ئاتوملارنىڭ ھەرىكىتىنى ياراتقۇچىنىڭ ئەمرى بىلەن قۇياش سىستېمىسىنىڭ ھەرىكىتىگە باغلايدۇ.

ئىسلامدا ئىلىم ئىنساننى الله قا يۈزلەندۈرىدۇ. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ھەممىنىڭ ئاخىر بارىدىغان جايى پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدۇر﴾. □

شۇنداقلا، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشقا ۋە ئۇنىڭغا مۇھەببەت باغلاشقا يۈزلەندۈرگىنىدەك، الله تىن قورقۇشقىمۇ يۈزلەندۈرىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله نىڭ بەندىلىرى ئىچىدە الله دىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ﴾. □

---

□ سۈرە نەجم 42 ـ ئايەت.

□ سۈرە فاتىر 28 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىسلام ئوقۇشقا، ئىلىم ئېلىشقا، اللہ تىن قورقۇشقا، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشقا ۋە بىر اللہ قا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن كەلدى.

ئىسلامدىكى بىرىنچى قانات ئىلىم بولسا، ئىككىنچى قانات ھۆرلۈكتۇر. ئىسلام پەيغەمبىرى اللہ تىن باشقا ئىلاھ يوق ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلدى. اللہ تىن باشقا مەبۇد يوقتۇر.

بۇ دەۋەتنىڭ ئۆزىدىلا يەر يۈزىنى قاپلىغان بارلىق ئىلاھلارنىڭ يوقىلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. مەيلى ئۇ شەخسىي مەنپەئەت ئۈچۈن ئاتالغان ئىلاھلار بولسۇن ياكى مال - بايلىق بولسۇن ۋە ياكى پادىشاھلىق، ھوقۇق - مەنپەئەتلەر بولسۇن، ھەممىسى يوقىلىدۇ دېگەنلىكتۇر. ئىسلام يەنى ”لا ئىلاھە ئىللەلاھ“ بولسا، نەپسىنىڭ ئىچىدىكى قەبىھ كۈچلەر بىلەن قىلىنغان جىھاتتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ جىھاد نەپسىنىڭ تەسلىم بولۇشى بىلەن ئاخىرلاشسا، تېخىمۇ رەھىمسىز ۋە تېخىمۇ شىددەتلىك تۈسكە كىرىدۇ. ئەمما ھۆرلۈككە ئېرىشىلگەندە، يەنى ئەقىلنىڭ شۈبھىلىنىش ۋە رەت قىلىش ھۆرلىكى، ئۆزىنى چوڭقۇر ۋە مۇستەھكەم ئىمانغا باشلايدىغان ھۆرلىكى ھەققىدىكى مەسئۇلىيەت ئەمەلگە ئاشۇرۇلغاندا، جىھاد ئۆزلىكىدىن مەيدانغا چىقىشى مۇمكىن. تىلغا ئېلىنغان بۇ مەسئۇلىيەت ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇش بىلەن بىرگە، باشقىلارنىمۇ قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن قوراللىنىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن مەسئۇلىيەتتۇر. مانا بۇ، ئىسلامنىڭ ماھىيىتىدۇر.

ھۆرلۈك ئۈستىگە قۇرۇلغان بىلىم... ھۆرلۈككە بېقىنغان مەسئۇلىيەت ... ئاخىرقى نەتىجە ئىسلامنىڭ ئىچكى ماھىيىتىدىكى تەۋھىد... بولىدۇ.

تەۋھىدنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى تولۇق چۈشەنگەن ئىنسان اللہ تىن باشقىسىغا قۇللۇق قىلىشتىن قۇتۇلىدۇ... ئۆلۈم قورقۇسى ۋە رىزىق ئەندىشىسىدىن قۇتۇلىدۇ. نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ۋ ەكەلگۈسىدىكى كۈنلەرنىڭ قورقۇسىدىن قۇتۇلىدۇ.

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ اللہ نىڭ ھەقىقىي مەبۇد ئىكەنلىكىنى ۋە بارلىق ئىنسانلارنىڭ ئۇنىڭ بەندىلىرى ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىش ئۈچۈن كەلدى. ھەقىقىي ھۆرلۈك ئىنسانلارنىڭ ئىنسانلارغا قۇللۇق قىلىشتىن قۇتۇلۇشى بىلەن باشلىنىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆلۈمنىڭ بىر يەردىن يەنە بىر يەرگە يۆتكىلىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. ھاياتتا ئۇن - تۈنسىز، مۇجمەل ۋە چۈشىنىكسىز ئاخىرلىشىش يوق. بۇ، پەقەت بىر يۆتكىلىش بولۇپ، ئۆلۈمدىن قورقۇش ئىنساننى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرالمايدۇ. شۇنداقلا، ياشاش ئارزۇسى ئەجەلنى كەينىگە سۈرەلمەيدۇ. ھەر ئەجەل ئۈچۈن بىر دەپتەر بار. ئۇنداق بولغان ئىكەن، جاسارەت ئىسلامىي كىملىكنىڭ ئېلمېنتلىرىدىن ۋە مۇسۇلماننىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئەزالاردىن بىرى بولۇشى كېرەك.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر بىر جانلىقنىڭ دۇنيادا تولۇق رىزىقلاندۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىنىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يەر يۈزىدىكى ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىگە رىزىق بېرىشنى الله (مەرھەمەت يۈزىسىدىن) ئۈستىگە ئالغان﴾.

جىبرىئىل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ئۆز رىزقىنى تولۇق ئالمىغان ھېچبىر جاننىڭ ئەجىلى توگىمەيدۇ. شۇڭا ئاچ قېلىشتىن قورقۇش ۋە ئەتىدىن ئەندىشە قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئېھتىياجغا لايىق بىر شەكىلدە بولۇشى لازىم...

ئېھتىياجىغا لايىق رىزىق ئۈچۈن تىرىشىش مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەزىپىسىدۇر. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، الله نىڭ ئۆزىگە مەرھەمەت قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلىشى لازىم. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿ ئاسماندا سىلەرنىڭ رىزقىڭلار بار. سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان ساۋاب بار﴾.

الله تائالا دۇنيا رىزقىغا كاپالەتلىك بەرگەندىن كېيىن، ئىنسانلارنى ئاخىرەت رىزقى ئۈچۈن تىرىششقا بۇيرىدى. ئۇ ھالدا دۇنيا رىزقى كاپالەتلەنگەندى. شۇڭا ئۇنىڭ ئۈچۈن توغرا ۋە نورمال دەرىجىدە تىرىششنىڭ ئۆزى يېتىپ ئاشىدۇ.

الله نىڭ ئىنسانلارنى تىرىششقا بۇيرىغىنى ئاخىرەت رىزقى ئىدى. بۇ، الله پەقەت چوڭ ۋە كىچىك جىھاد يەنى دۈشمەنگە ۋە نەپسىگە بولغان جىھاد ئارقىلىق كاپالەتكە ئىگە قىلغان رىزىق ئىدى. ئىسلام مۇسۇلمانلارنى قورال ـ ياراقلاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ يەر يۈزىدە جاھالەت كۈچلىرىگە قارشى جىھاد قىلىشنى بۇيرۇيدۇ.

الله تائالا ئىسلام ئۈممىتى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئىتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان، الله قا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر﴾.

ئويلاپ كۆرۈڭ! الله تائالا الله يولىدا جىھاد قىلىشنىڭ مۇھىم ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش ئۈچۈن الله قا ئىمان ئېيتىشتىن بۇرۇن ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشنى قانداق زىكىر قىلىۋاتىدۇ؟

ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش ـ قولغا كالتەكنى ئېلىپ، ناماز ئوقۇمىغان مۇسۇلمانلارنى ئۇرۇپ ـ سوقۇش دېگەنلىك ئەمەس. شۇنداقلا، روزا تۇتمىغان مۇسۇلمانلارنى قاماپ قويۇش دېگەنلىكمۇ ئەمەس.

ئىنسان تەبىئىتى گۇناھكارلىق ۋە بىپەرۋالىققا مايىل بولسا، مەسىلە سىرتقى كۆرۈنۈشكە قاراشتىنمۇ بەكرەك مۇھىمدۇر.

سۈرە ھۇد 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
سۈرە زارىيات 22 ـ ئايەت.
سۈرە ئال ئىمران 110 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

شۇڭا ئايەتنىڭ مەنىسى الله قا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن قوراللىنىش ۋە يەر يۈزىدە زالىملارغا قارشى جىھاد قىلىش دېگەنلىكتىن ئىبارەت.

ئەبۇبەكرى رەزىياللاھۇ ئەنھۇ: ئى جامائەت! سىلەر: ﴿ئى مۆمىنلەر! ئۆزەڭلارنى گۇناھتىن ساقلاڭلار، سىلەر قاچانكى توغرا يولدا بولساڭلار، باشقىلارنىڭ ئاداشقىنى سىلەرگە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ﴾. □ دېگەن ئايەتنى ئوقۇڭلار! دەرۋەقە، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كىشىلەر بىر زالىمنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ئۇنى تەنقىدلىمىسە، الله نىڭ ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئومۇمىي جازا بېرىشى تېزلىشىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم.

ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ يۇقىرىدىكى ئايەتكە بولغان تەپسىرىنىڭ مەنىسى مۇنداق: الله يولىدا قوراللىنىپ جىھاد قىلىش. زالىملارغا قارشى جەڭ قىلىش ۋە ئۇلارغا قارشى تىركىشىش ئارقىلىق بۇ ئايەتكە ئەمەل قىلغان بولىمىز. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئورۇنلىغان مۇسۇلماننىڭ: «مەن ۋەزىپەمنى ئورۇنلىدىم، مەن توغرا يولدا بولساملا، يولدىن ئازغان ھەرقانددىقى ماڭا زىيانكەشلىك قىلالمايدۇ» دېيىش ھەققى بار.

مانا بۇ، دەسلەپكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىدىيىسى ئىدى... بىز بۇ ئىدىيە بىلەن ئۆزىمىزنىڭ دەسلەپكى زامانىۋىي، ئاددىي، جاسارەتكە موھتاج، قورقۇنچلۇق ۋە زالىملارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشتىن زىيانكەشلىككە ئۇچراشنى ئەۋزەل كۆرىدىغان ئىدىيىمىزگە سېلىشتۇرۇپ باقايلى!

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئىسلام ئەلچىلىكىدە زالىملارغا قارشى جەڭ قىلىش ۋە مەزلۇملارنى قوغداشقا دائىر ئىلاھىي ئەمرنى ئېلىپ كەلدى.

الله تائالا نىسا سۈرىسىدە مۇنداق دېگەنىدى: ﴿دۇنيا تىرىكچىلىكىنى ئاخىرەتكە تېگىشىدىغانلار الله يولىدا (جېنىنى، پۇل ـ مېلىنى پىدا قىلىپ) جىھاد قىلسۇن. كىمكى الله يولىدا جىھاد قىلىپ ئۆلتۈرۈلسە ياكى غەلىبە قىلسا، بىز ئۇنىڭغا كاتتا ئەجر ئاتا قىلىمىز. (ئى مۆمىنلەر!) سىلەرگە نېمە بولدىكى، الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلمايسىلەر ۋە (دۇئا قىلىپ): «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بۇ ئاھالىسى زالىم شەھەردىن بىزنى چىقارغىن، ئۆز دەرگاھىڭدىن بىزگە بىر ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىنى مۇيەسسەر قىل، ئۆز دەرگاھىڭدىن بىزگە بىر مەدەتكارنى مۇيەسسەر قىل» دەيدىغان ئاجىز ئەرلەر، ئاجىز ئاياللار ۋە باللارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن جىھاد قىلمايسىلەر﴾. □

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە قەۋمىگە الله تائالانىڭ كاتتا مۇۋەپپىقىيەت ھەققىدىكى ئايىتىنى يەتكۈزدى:

﴿شۈبھىسىزكى، الله مۆمىنلەردىن ئۇلارنىڭ جانلىرىنى، ماللىرىنى ئۇلارغا جەننەتنى بېرىپ سېتىۋالدى. ئۇلار الله نىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىپ (دۈشمەنلەرنى) ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلىدۇ (يەنى دۈشمەنلەر بىلەن جىھاد قىلىپ شېھىت بولىدۇ)، (جىھاد قىلغۇچىلارغا

□ سۈرە مائىدە 105 ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
□ سۈرە نىسا 74 ـ ۋە 75 ـ ئايەتلەر.

جەننەتنى ۋەدە قىلىش) تەۋراتتا، ئىنجىلدا ۋە قۇرئاندا زىكرى قىلىنغان (اللە نىڭ) راست ۋەدىسىدۇر. ۋەدىسىگە اللە دىنمۇ بەك ۋاپا قىلغۇچى كىم بار؟ (يەنى اللە دىنمۇ ۋاپادار ئەھەدى يوق) قىلغان بۇ سوداڭلاردىن خۇشال بولۇڭلار، بۇ زور مۇۋەپپەقىيەتتۇر﴾.

ئايەتنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ، اللە نىڭ مەردلىكىنى قايتا ـ قايتا ئويلىنىپ كۆرۈڭ! چۈنكى اللە مۆمىنلەرنىڭ جان ۋە ماللىرىنى سېتىۋالماقتا... ئەسلىدە بۇ ماللارنىڭ ھەممىسى اللە قا تەۋە تۇرۇپ، ئۆز مۈلكىنى جەننەتكە سېتىۋالغان اللە نىڭ مەردلىكىگە قاراڭ! اللە نىڭ مۇسۇلمانلارنى ئۇرۇشۇشقا تەشۋىق قىلماقتا ۋە ئۇلارغا ئازغان زالىملارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش مەسلىسىنىڭ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن يېڭى مەسىلە ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرمەكتە. اللە بۇنى بۇنىدىن بۇرۇن تەۋرات ۋە ئىنجىلدىمۇ بۇيرىغانىدى. خرىستىئان ۋاراقلىرىغا كۆرە، ھەزرىتى مۇسا ۋە ھەزرىتى ئىسا قىلىچ بىلەن ئەۋەتىلگەنىدى. بەنى ئىسرائىل قەۋمى مۇساغا: سەن پەرۋەردىگارىڭ بىلەن بېرىپ ئۇرۇشقىن، بىز بۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرىمىز، ـ دېگەن چاغدا، ئىلاھىي ئىرادە مۇسا بىلەن پەرۋەردىگارىنىڭ ئۇرۇشقا بېرىشىنى تەلەپ قىلغان، قاتتىق يېڭىلگەن ۋە ئەقلىدىن ئاداشقان بۇ نەسلىنىڭ يەر يۈزىدىن يوقىلىشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ چۆلدە قىرىق يىل ئادىشىپ يۈرىشىنى لايىق كۆردى.

ئوقۇشقا، ئىلىم ئېلىشقا، ھۆرلۈككە ۋە جاھالەتكە قارشى تىرىشىشقا دەۋەت...

پەقەت بىر ئىرققا، بىر رەڭگە، بىر مىللەت ۋە بىر رايونغا خاس بولمىغان ئالەمشۇمۇل دەۋەت...

ئىلمىنى، ھۆرلۈكنى ۋە جىھادنى ئەڭ ئۇلۇغ نىشان، يەنى اللە نىڭ بىرلىكىگە ۋە ئۇنىڭ نۇقسانسىز ئىكەنلىكىگە، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىشقا، پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللە ئۈچۈن ئورنىدىن دەس تۇرۇشىغا باغلىماقچى بولغان ئىنسانىيەتنى دەۋەت قىلىش...

مانا بۇ، ھەزرىتى مۇھەممەد كەلتۈرگەن ئىسلامنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى ئىدى.

ئىسلامنى ئاخىرەت ھاياتىغا ئەھمىيەت بېرىپ، دۇنيا ھاياتىغا سەل قارايدۇ دەپ ئويلىغانلار خاتالاشقان بولىدۇ. ئىسلام دىنىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ دۇنيا ئاخىرەتتە نەتىجىسى تەكشۈرۈلىدىغان جاۋاب قەغىزىدۇر. بۇ، ئىنساننىڭ اللە ئادەمگە بەرگەن ئېتىبارىغا ھەقلىق ياكى جەھەننەم پاتقىقى ۋە تاشلىرىنىڭ بىر قىسمى بولۇشقا لايىق ئىكەنلىكىنى بىلىشى ئۈچۈن ئىنسانغا قىلىنغان سىناقتۇر. بۇنىڭغا اللە نىڭ مۇنۇ سۆزى ئۇيغۇن كېلىدۇ: ﴿ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان...﴾

سۈرە تەۋبە 111 ـ ئايەت.

سۈرە تەھرىم 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇلك سۈرىسىدىكى اللە تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىنى كىشىلەرگە يەتكۈزگەن چاغدا، ھايات بىلەن ئۆلۈمنىڭ يارىتىلىشىنىڭ ھېكمىتىنى ئېنىق ئېچىپ بەرگەنىدى: ﴿سىلەردىن قايسىڭلارنىڭ ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن﴾. [4]

دۇنيا ـ مۇجادىلە يۇرتى بولۇپ، ئۇلۇغ اللە ئىنسانلاردىن كىمنىڭ تېخىمۇ لايىق مۇئامىلىدە بولىدىغانلىقىنى سىناش ئۈچۈن ھايات بىلەن ئۆلۈمنى ياراتقانىدى.

اللە ھەممە ئىشنى يارىتىشتىن بۇرۇن بىلىدۇ. بۇ بىلىش ئۇنىڭ ئىلكىدە بولغان ھېچنەرسىنى كۆپەيتمەيدۇ. ئىنسان بىلىمگە موھتاجدۇر. اللە ئۇنى بىلىشى، ئۆگىنىشى ئۈچۈن ياراتقانىدى. ئەڭ مۇھىمى ئۆزىنى بىلىش بولۇپ، قىيامەت كۈنى ھەر ئىنسان ئۆزىنى ئەڭ ياخشى شەكىلدە تونۇيدۇ. شۇنداقلا، ئەڭ ياخشى شەكىلدە بېرىلىدىغان جازا ـ مۇكاپاتىنىمۇ تونۇيدۇ.

بەلكىم ئاخىرەت كۈنى ھەققىدە ئېرىشكەن بۇ بىلىمىمىز دۇنيا ھاياتىنىڭ ئەڭ پاك، مۇكەممەل، مەرھەمەتلىك ۋە ئىنسانىي بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ھەزرىتى مۇھەممەد ئېلىپ كەلگەن ئىسلام مانا بۇ ئىدى. ئاساسى ۋە ماھىيىتى بۇ ئىدى. بۇ، ھەزرىتى مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرمۇ ئۆزلىرى تەرىپىدىن پەيدا قىلىۋالمىغان، ھەزرىتى مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرمۇ ئوتتۇرىغا چىقارمىغان ئاساس ۋە ماھىيەت ئىدى. بۇرۇنقى ئەلچىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ماھىيىتى تەۋھىد، ھەققە ياردەم بېرىش، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش، يۈزى ۋە ۋۇجۇدىنى اللە قا يۈزلەندۈرۈشكە چاقىرىشتىن ئىبارەت ئىدى.

ئىلىم، ھۆرلۈك، دەۋەتنىڭ ئالەمشۇمۇل بولۇشى ۋە ئادالەتنىڭ ئۈستۈنلىكى قاتارلىقلار ئىسلامدىكى يېڭىلىق ئىدى. شۇڭا ئادالەتنىڭ ئىسلامنىڭ ئاساسلىق خاراكتېرى ئىكەنلىكى ھەققەتتۇر.

ساماۋىي دىنلار گەرچە ماھىيەت جەھەتتىن ئوخشاش بولسىمۇ، ھەر بىرىگە بىردىن ئارتۇق دىن ۋە پەيغەمبەر كەلتۈرۈلۈشنى لازىم بىلگەن اللە نىڭ ئىرادىسى، ھەر دىنىنىڭ ئۇ دىن ئېلىپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ ئاساسلىق ئېھتىياجىغا ئەڭ توغرا ئۆلچەمدە ۋەكىللىك قىلالايدىغان، ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكىنىڭ بولۇشىنى توغرا تاپقانىدى.

مەسىلەن: يەھۇدىيلىك مىسىردا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بۇتپەرەسلىك مۇھىتىدا ئوتتۇرىغا چىقتى. قۇل ـ چۆرىگە ئايلاندۇرۇلغان ئىسرائىل قەۋمىگە ساماۋىي دىن چۈشۈرۈلدى. شۇڭا بۇ دىنىنىڭ ئاساسىي خاراكتېرى بۇ خورلانغان ئىرقنىڭ مىسىردىكى بۇتپەرەسلىكنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشىنى ۋە پىرئەۋننىڭ دىكتاتورلۇقى قارشىسىدا قۇل ئورنىغا چۈشۈپ قېلىشىنى توسۇش ئۈچۈن قىلىنغان بېسىم ئىدى. بۇ بېسىم ئارقىلىق يەھۇدىي دىنى قۇتۇلۇش ۋە ھۆرلۈككە ئېرىشتۈرۈش ئەلچىلىكى بولۇشتا مۇۋەپپىقىيەت قازاندى. ئەمما قۇل ـ چۆرىلەشتۈرۈلگەن ۋە رەھىمسىز بەنى ئىسرائىل قەۋمى رۇملۇقلارنىڭ

[4] سۈرە مۇلك 2 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىلگىگە ئۆتتۈش ئۈچۈن پىرئەۋننىڭ بۇيۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇپ چىقتى. چۈنكى ئۇ مىسىرلىقلارنىڭ بۇيۇنتۇرۇقىدىن تېخىمۇ چىڭ ۋە كۈچلۈك ئىدى. بۇ ئەھۋال، خرىستىئانلىق يولى بىلەن يېڭى بىر قۇتۇلۇش يولى يەنى پەرقلىق ئۇسلۇب ۋە باشقىچە يول تېپىشقا توغرا كەلدى. بۇ ئۇسلۇب قورallىق قارشىلىق كۆرسىتىش، زورلۇق ئىشلىتىش ۋە قىچىشنى رەت قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. چۈنكى رۇملۇقلار ھەر جەھەتتىن پۈتۈن دۇنيانى ئۆزىگە بويسۇندۇرغىدەك دەرىجىدە كۈچلۈك ئىدى. ئەمما ئەڭ ئۈستۈن مەرھەمەت بىلەن يەنى قورال ئىشلەتمەي تۇرۇپ بۇ غالىبىيەتكە ئېرىشكىلى بولۇشىمۇ مۇمكىن.

خرىستىئانلىق ئەنە شۇنداق تېنچلىق ۋە مەرھەمەت ئارقىلىق تولۇق قوراللانغان رۇم ئىمپېراتورلۇقىنىڭ ئۈستىدىن غالىپ كەلدى.

ئىسلام ئاخىرقى ۋە ئومۇمىي بىر دىن سۈپىتىدە كەلگەنىدى. ئۇ اللہ نىڭ يەر يۈزىدىكى ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىكىلەرگە مىراسخور قىلىنغىنى بويىچە يەر يۈزىنى ئىسلاھ قىلغۇچىدۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى ئادالەتلىك بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. «بېسىم» مەلۇم مەزگىل، مەلۇم شەرتلەر ئاستىدا. مەلۇم ئىرق ئۈچۈن پايدىلىق بولالىشى مۇمكىن. مەرھەمەت غايىۋى بولىدۇ. ئەمما ئۇ ھەرگىزمۇ مۇئامىلە ۋە پوزىتسىيەرلەرنى ئۆلچەپ بېكىتىدىغان ئۆلچەم ئەمەس. گەرچە ئۇ ھېسسىياتچان ۋە ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر ئۈچۈن بەلگىلىك ئۆلچەمدەك كۆرۈنسىمۇ، ئومۇمىي جەھەتتىن ئۆلچەم بولۇشقا لايىق ئەمەس.

ئادالەت ئىسلامنىڭ خاراكتېرى بولۇپ، ئۇ ئەخلاق - پەزىلەتلەرنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاپ، ھەر بىر پەزىلەتنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرىدۇ . مانا بۇ، ئومۇمىي ۋە ئاخىرقى ئۆلچەمدۇر.

ئادالەتنىڭ ئۇلۇغلىقى ۋە ئۇنىڭ كائىناتنىڭ قۇرۇلمىسىغا ئاساس بولۇشى بەلكىم اللہ تائالانىڭ مۇنۇ ئايىتىگە تايىنىشى مۇمكىن: ﴿اللہ ئادالەتنى بەرپا قىلغان ھالدا گۇۋاھلىق بەردىكى، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر. پەرىشتىلەرمۇ، ئىلىم ئەھلىلىرىمۇ شۇنداق گۇۋاھلىق بەردى﴾.[4]

ئىسلامدا ئۇلۇغ اللہ نىڭ غايىۋىي بولۇشىغا قارىتا ئېتىقاندا، ئۇلۇغ اللہ نىڭ ئۆزى ئۈچۈن شاھىد كەلتۈرگەن ئادالەت ـ ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ خاراكتېرى بولۇشى كېرەك.

ئىسلامدىكى ئادالەت پەقەت ئىقتىسادىي ئادالەت، ئىرادىي ئادالەت ياكى جازا ئادالىتىدىنلا ئىبارەت ئەمەس. بەلكى بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ۋە ئۇلاردىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ھايات ئۇسلۇبى، مېتودى ۋە ئىسلامنىڭ ئاساسىي خاراكتېرىدۇر.

ئىسلامغا مەيلى قايسى تەرەپتىن قارىماڭ، ئادالەتنىڭ ھەر نەرسىدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى كۆرىسىز. بۇرۇنقى دىنلارمۇ ئادالەت بەردى. زامانىمىز جەمئىيىتى بىلەن

---

[4] سۈرە ئال ئىمران 18 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

كىشىلەر ئارىسىدا، دۇنيا بىلەن دىن ئارىسىدا، ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئارىسىدا، باي بىلەن يوقسۇلنىڭ ئارىسىدا، ھۆكۈمران بىلەن مەھكۇم ئارىسىدا ئادالەت بار. ھەتتا ئاسمان ـ زېمىن ئادالەت بىلەن تولۇپ تاشماقتا. شۇڭا، الله تائالا ئۆزىگە «ئادىل» يەنى «ئادالەتلىك» ئىسمىنى بەرگەندى.

ئۈندىن باشقا، ئىسلامنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى بار. يەنى ئىسلام پەيغەمبەرلەرنىڭ كەلگىنىگە ئۇزاق بولغىنىغا ئوخشاشلا كونا بىر دىن ئىدى. يۇنۇس سۈرىسىدە ھەزرىتى نۇھ مۇنداق دېگەن ئىدى: ﴿ئەگەر سىلەر (مېنىڭ نەسىھىتىمدىن) يۈز ئۆرۈسەڭلار، سىلەردىن (يۈز ئۆرۈشۈڭلارغا سەۋەبچى بولىدىغان) ھەق سورىغىنىم يوق، مەن ئەجرىمنى پەقەت الله دىن سورايمەن، مەن (الله غا) بويسۇنغۇچىلاردىن بولۇشقا بۇيرۇلدۇم» دېدى﴾. [1]

بەقەرە سۈرىسىدە ھەزرىتى ئىبراھىم بىلەن ھەزرىتى ئىسمائىلنىڭ كەبىنى ياساۋېتىپ مۇنداق دېيىشكەنلىكى تەسۋىرلىنىدۇ: ﴿«پەرۋەردىگارىمىز! بىزنىڭ (خىزمىتىمىزنى) قوبۇل قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن (دۇئايىمىزنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن، (نىيىتىمىزنى) بىلىپ تۇرغۇچىسەن. پەرۋەردىگارىمىز! ئىككىمىزنى ئۆزەڭگە ئىتائەتمەن قىلغىن، بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىزدىنمۇ ئۆزەڭگە ئىتائەتمەن ئۈممەت چىقارغىن، بىزگە ھەججىمىزنىڭ قائىدىلىرىنى بىلدۈرگىن، تەۋبىمىزنى قوبۇل قىلغىن، چۈنكى سەن تەۋبىنى ناھايىتى قوبۇل قىلغۇچىسەن، ناھايىتى مېھرىبانسەن﴾. [2]

ھەزرىتى ئىبراھىم باللىرىغا ۋەسىيەت قىلىشنى ئۇنۇتمىغان ئىدى. ھەزرىتى ياقۇبمۇ ئۆلەرنىڭ ئارىسىدا ئىدى. ھەزرىتى ياقۇب باللىرىغا ئۆلەرنىڭ بۇ دۇنيادىن مۇسۇلمان پېتى ئۆلۈشنى ۋەسىيەت قىلدى. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىبراھىم ۋە يەئقۇب ئۆز ئوغۇللىرىغا ۋەسىيەت قىلىپ: «ئى ئوغۇللىرىم! الله سىلەرگە مۇشۇ دىننى (يەنى ئىسلام دىنىنى) تاللىدى، پەقەت مۇسۇلمان پېتىڭلارچە ئۆلۈڭلار (يەنى ئىمانىڭلاردا مەھكەم تۇرۇڭلار، تاكى ئىمان بىلەن كېتىڭلار)» دېدى﴾. [3]

ھەزرىتى ياقۇب سەكراتقا چۈشكەن چاغدا، باللىرىنى ئەتراپىغا يىغىپ: ﴿«مەن ئۆلگەندىن كېيىن سىلەر كىمگە ئىبادەت قىلىسىلەر؟» دەپ سورىدى. ئۇلار: «سېنىڭ ئىلاھىڭ ۋە ئاتا ـ بوۋىلىرىڭ ئىبراھىم، ئىسمائىل، ئىسھاقلارنىڭ ئىلاھى بولغان بىر الله غا ئىبادەت قىلىمىز، بىز ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغۇچىمىز» دېدى﴾. [4]

الله تائالا يۇنۇس سۈرىسىدە مۇسانىڭ قەۋمىگە مۇنداق دېگەنلىكىنى بىلدۈردى: ﴿«ئى قەۋمىم! ئەگەر الله قا ئىمان ئېيتقان بولساڭلار، الله قا بويسۇنغان بولساڭلار،

[1] سۈرە يۇنۇس 72 ـ ئايەت.
[2] سۈرە بەقەرە 127 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى ۋە 128 ـ ئايەت.
[3] سۈرە بەقەرە 132 ـ ئايەت.
[4] سۈرە بەقەرە 133 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇنىڭغا تەۋەككۈل قىلىڭلار (يەنى ھەممە ئىشىڭلارنى اللہ قا تاپشۇرۇڭلار. ھەرقانداق ئەھۋالدا اللہ قا يۆلىنىڭلار)» دېدى﴿.

ھەزرىتى سۇلايماننىڭ سەبە خانىشى بىلقىس بىلەن بولغان رىۋايىتىگە قارىغاندا، ھەزرىتى سۇلايمان مۇسۇلمان ئىدى. چۈنكى خانىش سەپەر قىلىپ، ئۇنىڭ قېشىغا بارغاندىن كېيىن مۇنداق دېگەنىدى: ﴿«پەرۋەردىگارىم، مەن ھەقىقەتەن (اللہ قا شېرىك كەلتۈرۈپ، قۇياشقا چوقۇنۇش بىلەن) ئۆزەمگە زۇلۇم قىلدىم. سۇلايمان بىلەن بىللە ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللہ قا بويسۇندۇم (يەنى سۇلايماننىڭ دىنىغا ئەگىشىپ ئىسلامغا كىردىم)»﴿.

ئەنە يۇسۇف، ئۇ اللہ قا دۇئا قىلماقتا. اللہ تىن ئۆزىنى مۇسۇلمان پېتى ۋاپات قىلدۇرۇشنى ۋە سالىھ (ياخشى) كىشىلەر بىلەن بىرگە قىلىشنى تىلىمەكتە. اللہ تائالا يۇسۇف سۈرىسىدە ھەزرىتى يۇسۇف ھەققىدە مۇنداق دېگەنىدى: ﴿پەرۋەردىگارىم! ماڭا ھەقىقەتەن پادىشاھلىق ئاتا قىلدىڭ، چۈش تەبىرىنى بىلدۈردۈڭ. ئى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆرنەكسىز ياراتقۇچى زات! دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مېنىڭ ئىگەمسەن، مېنى مۇسۇلمان پېتىمچە قەبزى روھ قىلغىن، مېنى ياخشى بەندىلەر قاتارىدا قىلغىن» دېدى﴿.

مائىدە سۈرىسىدە اللہ نىڭ ھەۋارىيونلارنى ئۆزىگە ۋە پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتىشقا بۇيرىغانلىقى بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇلار مۇنداق دېگەن: ﴿«بىز ئىمان ئېيتتۇق، گۇۋاھ بولغىنكى، بىز (ئەمرىڭگە) بويسۇنغۇچىلارمىز» دېدى﴿.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئايەتلەرنىڭ مەنىلىرىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھەزرىتى نۇھ، ئىبراھىم، ئىسمائىل، ياقۇب، مۇسا، ھارۇن، سۇلايمان، يۇسۇف ۋە ئىسا قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان ئىدى. باشقا پەيغەمبەرلەرمۇ بىرلىككە كەلگەن مەۋھۇم كۆز قاراشلارغا ئاساسەن مۇسۇلمان ئىدى. ئۇنداق بولغان ئىكەن، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى بولغان ھەزرىتى مۇھەممەد قانداقسىگە تۇنجى مۇسۇلمان بولسۇن؟

اللہ تائالا ئاخىرقى پەيغەمبىرىگە خىتاب قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «مېنىڭ نامىزىم،قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم (دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللہ ئۈچۈندۇر. اللہ نىڭ شېرىكى يوقتۇر، مەن مۇشۇنىڭغا (يەنى يالغۇز اللہ قىلا خالىس ئىبادەت قىلىشقا) بۇيرۇلدۇم، مەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋۋىلىمەن»﴿.

اللہ تائالا ھەج سۈرىسىدە يەنە مۇنداق دېگەنىدى: ﴿سىلەرگە دىندا ھېچقانداق مۈشكۈللۈكنى قىلمىدى (سىلەرنى سىلەر تاقەت قىلالمايدىغان ئىشلارنى قىلىشقا تەكلىپ

سۈرە يۇنۇس 84 ـ ئايەت.
سۈرە نەمل 44 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
سۈرە يۇسۇف 101 ـ ئايەت.
سۈرە مائىدە 111 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
سۈرە ئەنئام 162 ـ 163 ـ ئايەتلەر.

قىلمىدى). (بۇ) ئاتاڭلار ئىبراھىمنىڭ دىنىدۇر (بۇ توغرا دىن بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى مەھكەم ئۇچلاڭلار). الله سىلەرنى ئىلگىرى (يەنى قۇرئاندىن ئىلگىرىكى كىتابلاردا) مۇسۇلمان دەپ ئاتىدى﴾. □

كۆپلىگەن مۇسۇلمان پەيغەمبەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بۇرۇن كېلىشى بىلەن ئۇنىڭ تۇنجى مۇسۇلمان بولۇشى ئارىسىدا زىتلىق يوق. بۇ يەردىكى «تۇنجى» سۆزى ۋاقىتنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىنلىكىنى ياكى ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىش تارىخىنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىنلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ. بەلكى مۇسۇلمان ئىپادىسىنى « ئەڭ مۇكەممەل » دېگەن مەنىدە ئىپادىلەپ كەلمەكتە.

...

كىشىلەر مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى ھەزرىتى ئائىشەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى توغرۇلۇق سورىدى. ھەزرىتى ئائىشە يىغىنچاق ۋە چۈشىنىشلىك قىلىپ: ئۇنىڭ ئەخلاقى قۇرئاندۇر، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

قۇرئاندا ئەخلاق تېمىسىنىڭ بەكمۇ ئاز تەرىپلەنگەنلىكى ۋە ئەخلاقنىڭ ئەڭ يۈكسەك پەللىسى بىلدۈرۈلۈش بىلەن بىرگە، پەزىلەتنىڭ تۇنجى بالداقلىرىمۇ كۆرسىتىلگەنلىكى ھەممىگە ئايان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىگە قاراپ باقايلى!

ئۇ، ”مۇقتەسىد“ يەنى ئىقتىساتچانمۇ؟

ئۇ، ”ياخشىلىق ئۈچۈن چان پىدالىق قىلغۇچى بىرى“ مۇ؟

ئۇ، ”ئەسھابىل يەمىن“ يەنى ئوڭچىلمۇ؟

ئۇ، ”مۇقەررەب“ يەنى الله قا ئەڭ يېقىنمۇ؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇلارنىڭ ھەممىسىگە مەنسۇپ بولۇپلا قالماي، ئەخلاقي جەھەتتىن كۆنسېرى يېتىلىپ، ئاخىرىدا ئەڭ يۈكسەك پەللىگە ئۇلاشتى ۋە شۇ ئارقىلىق ئۇ الله نىڭ ئۆزى ھەققىدىكى مۇنۇ سۆزىگە لايىق كۆرۈلدى: ﴿(ئى مۇھەممەد!) سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاققا ئىگىسەن﴾. □

مۇپەسسىرلەر بۈيۈك ئەخلاقنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشتى. بەزىلىرى ئۇنىڭ قۇرئان ئىكەنلىكىنى ئېيتسا، بەزىلىرى ئىسلام ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. يەنە بەزىلىرى بولسا: پەقەت الله نىڭ ۋىسالىغا يېتىشىنىلا ئارزۇ قىلىش دېگەنلىك بولىدۇ، ـ دېدى.

---

□ سۈرە ھەج 78 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

□ سۈرە قەلەم 4 ـ ئايەت.

قۇرئـان تـۆۋەندىكى ئىككـى ئايەتتـە ئـۇ ئـەخلاقنى بايـان قىلىـش ئـارقىلىق بـۇ ئىختىلاپلارنىڭ ھەممىسىگە خاتىمە بەردى.

ئۇ ئايەتلـەرنىڭ بىرىنچىسى مۇنـۇ ئـىدى: ﴿(ئى مۇھەممـەد!) ئېيتقىـنكى، «مېنىـڭ نـامىزىم، قۇربـانلىقىم، ھايـاتىم ۋە مامـاتىم (دۇنيـادا قىلغـان ياخشـىلىقلىرىم ۋە تائـەت ئىبـادەتلىرىم) ئالەملـەرنىڭ پەرۋەردىگـارى اللە ئۈچـۈنـدۇر. اللە نـىڭ شېرىكى يوقـتۇر، مـەن مۇشـۇنىڭغا (يـەنى يـالغۇز اللە قـىلا خـالىس ئىبـادەت قىلىشـقا) بۇيـرۇلدۇم، مـەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋۋىلىمەن»﴾.

مۇتلـەق ھالدا ئۇلارنىڭ تۇنجىسى... مۇكەممەللىك، ئۇستۇنلۇك، شەرەپ، كامالـەت، ئەخلاق ـ پەزىلەت ۋە مەرھەمەتتە ئۇلارنىڭ تۇنجىسى ئىدى.

گـەرچە ئـۇ پـەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسـى بولـۇپ كەلگـەن بولسـىمۇ، بـەلكىم پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى بولۇپ كەلگەنلىكى ئۈچـۈن پـەيغەمبەرلەر سـارىيىنىڭ ئـەڭ مۇتـىۋەرى بولـۇپ تاللانغـان ئـىدى. بۇ سـارايلارنىڭ ئـەڭ مۇتـىۋەرى بولـۇش ئۈچـۈن ئىنسـان ئوغۇللىرى ئىچىدىمۇ ئەڭ يۈكسەك پەللىگە چىقىشى لازىم ئىدى.

ئىككىـنچى ئايـەت ئۇلـۇغ اللە نـىڭ ئـەنبىيا سۈرىسـىدىكى شـۇ سـۆزى ئـىدى: ﴿(ئـى مۇھەممەد!) سېنى بىز پۈتۈن ئەھلى جاھان ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق﴾.

ئۇ پەقەت ئەرەبلەرگە، قۇرەيش قەبىلىسىگە، ئۆز زامانىغا ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلىغىلا ئەمـەس، بـەلكى پـۈتۈن ئـەھلى جاھانغـا رەھمـەت قىلىـپ ئەۋەتىلگـەنىدى. شـۇنداق، ئـۇ ئالەملەرگە قىلىنغان رەھمەت ئىدى. ھازىرمۇ شۇنداق، كەلگۈسىدىمۇ ھەم شۇنداق بولـىدۇ. دەسلىپـىدە: "ئـىقرا" يـەنى "ئوقـۇ!" ئـايىتى ئۇنىڭغـا نـازىل قىلىنغـاندىن تـارتىپ تـاكى بەندىلەر يەر يۈزىگە ۋارىس بولۇپ تۇرۇلغان ۋە قىيامەت قايىم بولغانغا قەدەر، ئۇ رەھمەت سۈپىتىدە ۋە ئالامىتىدىدۇر.

ئۇ، ئالەملەرگە ھەدىيە قىلىنغان ۋە كۆز قاماشتۇرىدىغان مۆجىزىلەر داۋاملىق تۇرىدە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولغان بىر رەھمەتتۇر. شـۇنداقلا، ئـۇ يەنـە ئەقىللـەرنى ئىككى كىتـابنى ئوقۇشقا يېتەكلىگەن رەھمەتتۇر.

بىرىنچىسى ـ كائىنـات كىتـابىنى يـاكى يارىتىلغـان قۇرئـاننى ۋە يـاكى مىليونلارچـە شەكىل ۋە سۈرىتى بولغان اللە نىڭ كەلىمىلىرىنى ئوقۇشقا يېتەكلىگەندۇر.

ئىككىنچىسى ـ روھۇلقۇددۇس (يەنى جىبرىئىل) ئېلىپ كەلگەن قۇرئاننى (بۇ اللە نىڭ ئۆزگەرمەس كالامىدۇر) ئوقۇشقا يېتەكلىگەندۇر.

كائىناتنىڭ كىتابى مىڭلارچە يولنى، مىڭلارچە سەپەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالماقتا.

سۈرە ئەنئام 162 ـ 163 ـ ئايەتلەر.

سۈرە ئەنبىيا 107 ـ ئايەت

﴿سەن (بۇ كۇففارلارغا) ئېيتقىن: «زېمىندا سەير قىلىڭلار، گۇناھكارلار (يەنى پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغۇچىلار) نىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قاراڭلار»﴾. [1]
ياكى ئەقىلگە خىتاب قىلماقتا: ﴿ئۇلارغا بىز تاكى ئۇلارغا قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكى ئېنىق بولغۇچە، (ئاسمان ـ زېمىن) ئەتراپىدىكى ۋە ئۆزلىرىدىكى (قۇدرىتىمىزگە دالالەت قىلىدىغان) ئالامەتلەرنى كۆرسىتىمىز﴾. [2]

ۋەياكى ئىلىم ـ پەن تەتقىقاتىغا ئۈندىمەكتە: ﴿زېمىننى (ئىنسانلارغا ۋە ھايۋانلارغا) تۇرالغۇ قىلغان، ئۇنىڭ تۇرلۇك تەرەپلىرىدە دەريالارنى ئاققۇزغان، ئۇنىڭ ئۈستىدە (تەۋرەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) تاغلارنى ئورناتقان، ئىككى دېڭىز ئارىسىدا (يەنى تاتلىق سۇ بىلەن شورلۇق سۇ ئارىسىدا ئارىلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) توساقلارنى قىلغان كىم؟ الله دىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟ (باشقا ئىلاھ يوق) ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ تولىسى بىلمەيدۇ﴾. [3]

الله نىڭ يارىتىلغان كەلىملىرىنى كائىنات كىتابىدىن ئوقۇش ئۈچۈن مىڭلارچە يول بولسا، الله نىڭ ئۆزگەرمەس كالامىنى ئوقۇش ئۈچۈن پەقەت بىرلا يول بار. ئۇ بولسىمۇ، قۇرئاننى قەلب كۆزى بىلەن ۋە سەزگۈ ھېسسىياتى بىلەن ئوقۇش ئىدى. بۇ ئارقىلىق قۇرئان مۇمكىن بولغانغا قەدەر ئۇنىڭ ئەخلاقىغا سىڭىدۇ. قۇرئان نازىل قىلىنىشتىن بۇرۇن كائىنات روھىي، ماددىي، قانۇنىي ۋە ئىدارىي جەھەتتىن بەكمۇ كەمچىل ئىدى.

مۇسۇلمانلارنىڭ تۈنجىسى ۋە ئەڭ مۇكەممىلى بولغان ھەزرىتى مۇھەممەد ئەۋەتىلىشتىن بۇرۇن كائىنات الله قا يۈزلىنىشكە ۋە گۈزەل ئەخلاقنىڭ يۈكسەك پەللىسگە يېتەلمىگەنىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەۋەتىلگەندىن كېيىن، ئۇ ئىنساننىڭ قىممەت ـ ئېتىبارى ۋە ئۇلۇغلىقىنى تاماملىدى. شۇنداقلا، بۇنىڭ يۈكسەك پەللىسگە يەنى ئاخىرىغا ئۇلاشتى.

الله مانا بۇ ئۇلۇغ كىتاب ۋە مەرھەمەتلىك پەيغەمبىرى ئارقىلىق ئىنسانلارغا ئەۋەتىدىغان دىن ۋە نېمەتلىرىنى تاماملىدى. الله تائالا مۇنداق دېگەنىدى: ﴿بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم﴾. [4]

ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنىڭ كۆپىنچىسىنى، يەر ـ ئاسماندىكىلەرنى الله قا ھەمدى ئېيتىشقا لايىق ھالغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن جىھاد قىلىشى لازىم ئىدى ۋە شۇنداق قىلدى. مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھقا ئوخشاش كۆڭلى قاتتىق رەنجىتىلگەن بىر پەيغەمبەرنى بىلمەيمىز. الله يولىدىكى ئېغىر جاپا ـ مۇشەققەتكە ۋە قىيىن ـ قىستاققا بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىزدەك چىداشلىق بەرگەن ۋە سەۋر ـ تاقەت قىلغان پەيغەمبەرنىمۇ ھەم بىلمەيمىز. الله ئالەملەرگە

---

[1] سۈرە نەمل 69 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە فۇسسىلەت 53 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە نەمل 61 ـ ئايەت.
[4] سۈرە مائىدە 3 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

رەھمەت قىلىپ ئەۋەتكەن كىشىنىڭ بىر ئىنسانغا بەتدۇئا قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەمما ئۇ ئادەم مۇتتەھەم كاپىرلاردىن بولۇپ قالسا، ئۇ چاغدا ئەھۋال باشقىچە بولىدۇ.

ئۇ دۇئاغا لايىق بولغانلارغا دۇئا قىلاتتى. چىشىنى چىشلەپ سەۋر قىلاتتى. كۆڭلىنىڭ يېتىشىچە بەرداشلىق بېرەتتى. ماغدۇرىدىن كەتكىچە تىرىكىشەتتى. ئاندىن قەلبى ئۇ مەمنۇنىيەتكە ۋە كۆزلىرى ياشقا تولغان ھالدا اللہ قا مۇنداق دەپ مۇناجات قىلاتتى: «ئەگەر ماڭا ئاچچىقلىمايدىغانلا بولساڭ، مەن بۇنىڭغا پىسەنت قىلمايمەن.»

اللہ نىڭ مەمنۇنىيىتى ئالدىدا پۈتۈن مەۋجۇدىيەت ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېچنىمىگە ئەرزىمەيتتى.

...

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى كەلگەندىن كېيىن، ئىلاھىي دەۋەتتە يېڭى بىر ۋەزىيەت شەكىللەندى. بۇ ۋەزىيەت مەخپىي شەكىللەندى ۋە ئۈچ يىل داۋام قىلدى.

ئۇنىڭغا تۇنجى بولۇپ ئىمان كەلتۈرگەن كىشى مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى خەدىچە بىنتى خۇۋەيلىد بولدى. ئۇنىڭ ھېمايىسىدە ياشاۋاتقان بالا يەنى جىيەنى ئەلى ئىبنى مۇتەللىب ۋە دوستى ئەبۇبەكرىمۇ دەسلەپ ئىمان ئېيتقانلاردىن بولدى. ئاندىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئازاد گەردىسى زەيد ئىبنى سابىت ئىمان ئېيتتى. بۇ ئارىدا، ئەبۇبەكرى كىشىلەرنى اللہ قا دەۋەت قىلىشقا باشلىدى. دوستلىرى ئوسمان ئىبنى ئەففان، تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ ۋە سەئد ئىبنى ئەبۇۋەققاس قاتارلىقلارنى دەۋەتكە قوشتى. خرىستىئان بولغان ۋەرەقە ئىبنى نەۋفەلمۇ ئىمان ئېيتتى. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ اللہ نىڭ نەزىرىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك كىشىلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالغانلىقىنى كۆردى. ئۇندىن كېيىن، ئەبۇزەر ئەل غىفارى، زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام، ئامىر ئىبنى ئەبەسە ۋە سەئد ئەل ئاس قاتارلىقلار مۇسۇلمان بولدى. ئىسلام مەككىگە مەخپىي ھالدا يېيىلىۋاتاتتى.

بۇ يېڭى ئېتىقاد ھەققىدىكى خەۋەرلەر قۇرەيش چوڭلىرىغا يېتىپ كەلدى. ئۇلار بۇنى پىسەنتكە ئالمىدى.

بەلكىم ھەزرىتى مۇھەممەد ھىرا غارىدا ئىبادەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ئۇنى ئۇمەييە ئىبنى ئەسسالت ۋە قۇس ئىبنى سەئدكە ئوخشاش ئىلاھىيەت ھەققىدە توختىماي سۆزلەيدىغان كىشىلەردىن بىرى بولۇپ قالغانلىقىنى گۇمان قىلىشقاندى... بۇ ئارقىلىق مەخپىيلىك يېڭى ئېتىقادنىڭ بىخەتەرلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى. ئىمان دەۋەتتىكى مەخپىي ۋەزىيەت داۋام قىلغان ئۈچ يىلدا تۇنجى مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبلىرىنى مۇكەممەل قىلىپ يېتىلدۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى تەربىيەلەيتتى. ئۇلارنىڭ كۆڭۈل - خاھىشلىرىنى ئۆزگەرتەتتى ۋە ئۇلاردىن ئىسلام قوشۇنىدىكى تۇنجى باھادىرلارنى يېتىشتۈرمەكتە ئىدى.

...

بىر كۈنى، جىبرىئىل ئاللاھ نىڭ مۇنۇ سۆزىنى ئېلىپ كەلدى: ﴿يېقىن خىش ـ ئەقرىبالىرىڭنى ئاگاھلاندۇرغىن﴾. [8] بۇ ئارقىلىق ئاللاھ ئىسلامنىڭ ئەتراپقا يېيىلىشىنى بۇيرىغانىدى.

ئىش باشلاندى، پەيغەمبەرنىڭ ئەتراپىنى ياش يىگىتلەر ئورىدى. ئۇنىڭغا ئاللاھ يولىدىكى دەۋەتنى ئوچۇق ئېلان قىلىش ۋە ئەڭ يېقىن تۇغقانلىرىنى ئاگاھلاندۇرۇش بۇيرىقى بېرىلدى. پەيغەمبەر بۇ بۇيرۇقنى ئورۇنلاش بىلەنلا دەۋەت ئىككىنچى باسقۇچلۇق ۋەزىيەتكە قەدەم قويدى.

دەۋەتچىلەرنى قىيىن ـ قىستاققا ئېلىش، قارىلاش ۋە ئۇلارغا ئىقتىسادىي ئىمبارگو يۈرگۈزۈش باشلاندى. قۇرەيشلىكلەر ھەزرىتى مۇھەممەدنىڭ ئىشىنىڭ ئىلاھىيەت ھەققىدىكى سۆزلىرىدىنمۇ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. چۈنكى ئۇ يېڭى بىر دىنغا، يەنى ئۇنىڭدا بۇتلىرىغا، ئىلاھلىرىغا، ئىجتىمائىي مەركەزلىرىگە ۋە ئىقتىسادىي مەنپەئەتلىرىگە يەر قويمايدىغان دىنغا، شۇنداقلا، ئۇنىڭدا ئاللاھ تىن باشقا ئىلاھ بولمىغان، ئاللاھ تىن باشقا ئەمر قىلغۇچى ۋە ھۆكۈم قىلغۇچى بولمىغان دىنغا دەۋەت قىلىۋاتاتتى.

بۇ مەككىلىكلەرنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرىدىغان، ھۆكۈمدارلارنى ئەندىشىگە سالىدىغان دىن ئىدى.

دەۋەت ئوچۇق ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇرۇشنىڭ باشلىنىشى نورمال ئىدى. ئۇرۇش يۇرت چوڭلىرى ۋە كاتتىلىرى تەرىپىدىن بەكمۇ شىددەتلىك باشلاندى. ئىسلامغا ھۇجۇم قىلغانلارنىڭ تۇنجىسى مەككە كاتتىلىرىدىن بىرى بولغان ئەبۇلەھەب ئىدى.

ئىمام بۇخارىنىڭ كىتابىدا مۇنداق بىر ھەدىس بار: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەفا تېغىغا چىقىپ، قۇرەيش ئەھلىنى ۋە مەككە قەبىلىلىرىنى يېنىغا چاقىردى. ئۇلار ئەتراپىغا توپلانغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى: «بۇ تاغنىڭ ئارقىسىدا سىلەرگە ھۇجۇم قىلماقچى بولغان ئاتلىق قوشۇن بار دېسەم، ماڭا ئىشىنەمسىلەر؟» ئۇلار: شۇنداق، سېنىڭ يالغان سۆزلىگىنىڭنى ھېچ كۆرۈپ باقمىدۇق. ـ دېدى. ئۇ: «مەن سىلەرگە قاتتىق ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇشقا مەسئۇل قىلىندىم» دېدى. بۇ چاغدا، ئەبۇلەھەبمۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بار ئىدى. ئۇ: ۋاي ساڭا! بۇگۈن بىزنى مۇشۇ ئىش ئۈچۈن توپلىدىڭمۇ؟ ـ دېدى.

ئىسلامغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇش، مانا بۇ كەمسىتىش ۋە يەڭگىلتەكلىك قىلىش بىلەن باشلاندى. مۇسۇلمانلار دەسلەپتە ئۆزلىرىنى قوغدىيالمىغاچقا، ئاللاھ ئۇلارنى قوغداشقا باشلىدى. ئاللاھ تائالا ئەبۇلەھەبنىڭ بۇ سۆزىگە مۇنداق جاۋاب بەردى: ﴿ئەبۇ لەھەبنىڭ ئىككى قولى قۇرۇپ كەتسۇن! (ئەمەلدە) قۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭغا مال ـ مۈلكى ۋە ئېرىشكەن نەرسىلىرى ئەسقاتمىدى. ئۇ لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا (يەنى دوزاخقا) كىرىدۇ.

[8] سۈرە شۇئەرا 204 ـ ئايەت..

ئۇنىڭ ئۇتۇن توشۇغۇچى (يەنى سۇخەنچى) خوتۇنىمۇ لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا كىرىدۇ. ئۇنىڭ بويىندا مەھكەم ئېشىلگەن ئارغامچا بولىدۇ﴾.

ئەبۇلەھەب بۇ قىسقا ۋە مۇھكەم ئايەتلەر بىلەن تارىخنىڭ ئەڭ تار ۋە ئەڭ قەبىھ بېتىگە يېزىلدى. ئۇنىڭ ھالى ئۆزى ۋە ئايالىنىڭ مەسخىرىسى بىلەن بىرلىكتە مەڭگۈلۈككە قىلىپ يېزىۋېتىلگەندى. شۇڭا ئۇ، ئۇنى كۆرمىگەن كېيىنكى نەسىللەرنىڭ مەسخىرىسىگە قالدى. چۈنكى ئۇلار ئۇنىڭ ھالىنى الله تائالا تەسۋىرلىگەن پېتى كۆرەلىگەندى. يەنى مال ـ مەنپەئەتكە زىيان ـ زەخمەت يېتىشىدىن قورققانلىقى ئۈچۈن، ھەقنىڭ دەۋىتىگە جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەن بىرىنى كۆرگەندى. بۇلار بۇياقتا تۇرۇپ تۇرسۇن، ئۇنىڭ تىقىپ ـ تېجىگەن مال ـ دۇنياسى ئۇنى الله نىڭ ئەمرىدىن قۇتۇلدۇرالمايتتى. ئەنە ئۇ لاۋۇلداپ يېنىپ تۇرغان ئوتنىڭ ئىچىگە تاشلانماقتا. خوتۇنى ئوتنى ئۇلغايتىش ئۈچۈن ئوتۇن توشۇماقتا. ئۇنىڭ بويىندا خورما تالالىرىدىن ئېشىلگەن ئارغامچا بار ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇ ھالى ھېچنېمىنى ئاڭقىرالمايدىغان ھايۋانلارنىڭ ھالىغا سىمۋول قىلىنغانىدى.

يەنى دەۋەتكە قارشى چىقىپ، جاھىللىق قىلغانلارنىڭ كۆپىنچىسى بۇ ئەقلسىز ھايۋانلارغا ئوخشايتتى. الله تائالا فۇرقان سۈرىسىدە مۇنداق دېگەن ئىدى: ﴿ئۇلارنىڭ تولىسىنى (گېپىڭنى) ئاڭلايدىغان ياكى چۈشىنىدىغان ئادەملەر دەپ گۇمان قىلامسەن؟ ئۇلار (چۈشەنمەسلىكتە) پەقەت چاھارپايلارغا ئوخشاشتۇر، بەلكى ئۇلاردىنمۇ بەتتەر گۇمراھتۇر﴾.

زامانىمىزدىكى كاپىر ۋە مۇشرىكلارنىڭ قارشىلىقىنى تەتقىق قىلىدىغان بولساق، چوقۇم ھاڭ ـ تاڭ قالغان بولاتتۇق. الله يەنە ساد سۈرىسىدە مۇنداق دېگەن ئىدى: ﴿ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئىچىدىن بىر ئاگاھلاندۇرغۇچى (يەنى پەيغەمبەر) كەلگەنلىكىگە ئۇلار ھەيران قېلىشتى. كاپىرلار ئېيتتى: «بۇ بىر يالغانچى سېھىرگەردۇر. ئۇ نۇرغۇن ئىلاھلارنى بىر ئىلاھ قىلماقچىمۇ؟ بۇ ھەقىقەتەن غەلىتە ئىش»﴾.

ئەسلىدە ئىلاھلارنى بىردىن كۆپ دەپ ئويلايدىغان قەۋمنىڭ جاھىللىقىنى ئويلاپ بېقىڭ! ئىلاھنىڭ يالغۇز بولۇشى ئۇلارنى دەھشەتلىك ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدى. ئۇلار تەبىئى ۋە ئوچۇق مەسىلىدە بىر غەلىتىلىك بارلىقىنى ھېس قىلىشتى. ئۇلۇغ الله فۇرقان سۈرىسىدە مۇنداق دېگەندى: ﴿ئۇلار سېنى كۆرسە پەقەت مەسخىرە قىلىۋېلىپ: «الله پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن مۇشۇمۇ؟ ئەگەر دىنىمىزدا چىڭ تۇرمىساق، (مۇھەممەد) بىزنى ئىلاھلىرىمىزدىن ئازدۇرۇۋەتكىلى تاس قالاتتى» (دېدى)﴾.

سۈرە مەسەد.
سۈرە فۇرقان 44 ـ ئايەت.
سۈرە ساد 4 ـ ۋە 5 ـ ئايەتلەر.
سۈرە فۇرقان 41 ـ ۋە 42 ـ ئايەت.

قەۋمىنىڭ جاسارىتىگە قاراڭ! ئۇلار الله نىڭ ئەلچىسىنى مەسخىرە قىلىۋاتىدۇ. ھالبۇكى، ئۇ ئۇلارنى ئوتتىن قۇتۇلدۇرۇشقا كەلگەنىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ ئۆز ئىلاھلىرىغا ئىشەنگەنلىكىگە قاراڭ!

كونا ـ يېڭى جاھىللىق شەكىللىرى ئوخشاش بولۇپ، كۇفرىلىق، شېرىك ۋە جاھىللىق ئۆز پېتى تەكرارلىناتتى. چۈنكى يامانلىق ھەرقانچە ئۇزۇن داۋام قىلسىمۇ، دائىرىسى چەكلىك بولغان بىر ئادەت ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، ئازغۇنلۇق ھەقنى، جاھالەت ئىلىمنى مەسخىرە قىلىدۇ.

باتىل رەڭلىك تۈكلىرىنى ھۈرپەيتىدۇ ۋە ئۆزىنى تاشتىن، ياغاچتىن ۋە خورمىدىن ياسالغان ئىلاھلىرىنى تەرك ئېتىشتىن ساقلاپ قالغان ئەقلى بىلەن پەخىرلىنىدۇ. ئۇلار سۈپەتلىك خورما دەرەخلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىلاھلىرى قىلىۋېلىپ، ئۇلارغا چوقۇناتتى. ئاندىن ئۇنىڭ مېۋىسىنى يەيتتى ۋە: ”ئىلاھلىرىمىز بىزنى ئاچلىقتىن قۇتۇلدۇردى“ ياكى ”بىز پەقەت ئۇلارنىڭ بىزنى الله قا يېقىنلاشتۇرۇشى ئۈچۈن ئۇلارغا چوقۇنىمىز“ دېيىشەتتى. بارلىق مەسىلە الله قا يېقىنلاشتۇرۇش مەسىلىسى ئىدى.

پەيغەمبەرنىڭ دەۋىتى داۋاملاشتى. يەر يۈزىدە مۇشرىك تىكەنلەرمۇ يېتىشىپ چىقتى.

ئۇلار پەيغەمبەرگە كاھىن، ساراڭ، سېھىرگەر ... دېگەندەك بەدناملارنى چاپلاش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ كەلتۈرگەن نەرسىسىنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنىدى ۋە ”بۇ ھەقتە باشقىلاردىن ياردەم ئېلىۋاتىدۇ“ دەپ تۆھمەت چاپلاپ مۇنداق دېيىشتى: ”بۇلار بۇرۇنقىلاردىن قالغان چۆچەكلەردۇر. مۇھەممەد بۇلارنى باشقىلارغا يازدۇرۇپ، ئەتىگەن ۋە ئاخشىمى يادلاۋاتىدۇ“.

ئۇلار پەيغەمبەردىن بەزى مۆجىزىلەرنى كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار ئۆزلىرىگە يەردىن بىر بۇلاق چىقىرىپ بەرمىگىچە، خورما ۋە ئۈزۈم بېغى پەيدا قىلىپ بەرمىگىچە، ئۇ (پەيغەمبەر) ئوتتۇرىغا قويغاندەك، ئاسمان جازالاش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ئۈستىگە پارچە ـ پارچە بولۇپ چۈشمىگىچە، الله ۋە پەرىشتىلەرنى كەلتۈرمىگىچە ۋە ئۇلارئۇ دەۋەت قىلغان نەرسىنىڭ راستلىقىغا كاپالەتلىك قىلمىغىچە، ئالتۇندىن ئۆيى بولمىغىچە ۋە ئاسمانغا چىقمىغىچە ئۆزلىرىنىڭ ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدىغانلىقىنى، ئاسماندىن ئۆزلىرى ئوقۇيدىغان بىر كىتاب كەلتۈرگەندىلا ئاندىن ئۇنىڭغا ئىشىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئىسلام، ئەقىل ۋە ھۆرلۈككە ئېرىشىش ئۈچۈن بۇ مۆجىزىلەرنى تەلەپ قىلمايۋاتقانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ ئۆزىگە قوپال مۇئامىلە قىلغانلارغا ناھايىتى سىلىق ـ سىپايىلىق بىلەن جاۋاب بېرىش بىلەن بىرگە، ئۆزىنىڭ ھەقىقىي پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى. ئۇلارغا ئاتىنىڭ بالىغا، مال ۋە پەرزەنتلەرنىڭ ئاتىغا پايدىسى بولمايدىغان، ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇلمايدىغان بىر كۈنىنىڭ كېلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئۇقتۇردى.

ئىسلام ـ ئۆزىدىن بۇرۇنقى دىنلارغا ئوخشاش ئەتراپىغا يەر يۈزىدىكى ئاقىل، يوقسۇل ۋە مەزلۇملارنى توپلاشقا باشلىدى. مەككىنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى زالىم تەبىقىلەرنىڭ ئېزىشى ئۈچۈن چەتكە قاققان بىر مۇنچە يوقسۇل ئىمان ئېيتتى. ئىسلام جەمئىيەت تىراگېدىيىسىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن ھەل قىلىپلا قالماي، ئىنسانىيەتنىڭ ئومۇمىي مەسىلىلىرىگىمۇ ئىلاھىي چىقىش يولى تېپىپ بەرگەندى. ئىسلام ئىنساننىڭ پەقەت تائام بىلەن تولدىغان ئاشقازان، كىيىم كىيدىغان ۋۇجۇد ۋە جىنسىي شەھۋەتتىنلا تەركىپ تاپقان بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭدا روھ، ئەقىل ـ ئىدراك ۋە ھېس ـ تۇيغۇنىڭمۇ بارلىقىنى بىلدۈرگەندى ۋە بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز تەركىبىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەندى.

بۇ، ئىنساننىڭ ۋۇجۇدى ۋە روھىي قۇرۇلمىسىدىكى بىرىكىش ئەمەس. بەزىدە روھ ئەڭ خەتەرلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغاندا، ۋۇجۇد ھاياتتا نېمەتلىرى ئىچىدە ئۈزۈپ يۈرىدۇ. ئىنسان ئورگانلىرىدىن بىرىنىڭ ئېھتىياجىنىڭ قامدىلىشى ئىنساننى مۇكەممەللىككە ياكى خۇشاللىققا ئېلىپ بارمايدۇ. شۇڭا ئىنساننىڭ بۇ مەسىلىنى ئۆز ئىچىدىن ھەل قىلىشىغا توغرا كەلدى. بۇ ئۆزگىرىشنىڭ يۈكى قۇرئانغا يۈكلەندى. قۇرئان كۆڭۈلۈك ھايات نىزامىغا ئايلانماقتا، ئۇنىڭ ئايەتلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا چۈشمەكتە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى مۇسۇلمانلارغا بىلدۈرمەكتە ئىدى. قۇرئان بازارلارنى ئايلىنىپ يۈرىدىغان ۋە مەككىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغانلارنىڭ تەختىگە تەھدىت سالىدىغان ''بىر ئۈچۈم كىشىلەر'' گە ئايلانماقتا ئىدى. مۇشرىكلارنىڭ مەسخىرە، ھاقارەت ۋە تەھدىتلىرى ۋە بۇنىڭ نەتىجىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قايغۇسى ئارتماقتا ئىدى. الله تائالا ئۇنىڭغا ياردەم قىلدى. ئۇلارنىڭ ئۇنى يالغانچىغا چىقارمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئەمما ئۇلار ئاۋۋال ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلىپ، الله نىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلدى. ھالبۇكى، پەيغەمبەر الله نىڭ ئايەتلىرىدىن (مۆجىزلىرىدىن) بىرى ئىدى. ئۇلۇغ الله ئەنئام سۈرىسىدە مۇنداق دېگەندى: ﴿ئۇلارنىڭ سۆزى سېنى قايغۇغا سالىدىغانلىقىنى بىز ئوبدان بىلىمىز. ئۇلار سېنى (ئىچىدە) ئىنكار قىلمايدۇ (لېكىن ئۇلار تەرسالىقتىن ئىنكار قىلىدۇ)، (ھەقىقەتتە) زالىملار الله نىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىدۇ﴾.[1]

مۇشرىكلار پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە ئۈزلۈكسىز تۈردە زۇلۇم ۋە ئەزىيەت يەتكۈزۈۋاتاتتى. قارشىلىق دەرىجىسى رەددىيە بېرىش ۋە مەسخىرە قىلىشتىن ھالقىپ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى قىيناش، ھەتتا ئۆلتۈرۈش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتى. ئۇ ۋاقىتتىكى ئىسلام دۈشمەنلىرى ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمانلارغا قىلىۋاتقان زۇلۇملىرى تۈپەيلىدىن، ئۇلارنىڭ تېخىمۇ كۆپ زىيانكەشلىككە ئۇچرىماسلىقى ئۈچۈن بۇ دەۋالىرىدىن ۋاز كېچىدىغانلىقىنى ياكى ئەڭ بولمىغاندا، بۇ دەۋانى تېخىمۇ كەڭ يېيىش ـ يايماسلىق توغرىسىدا بىر ـ بىرى بىلەن ئىختىلاپ قىلىشىدىغانلىقىنى خىيال قىلاتتى. ئەمما مەككە كاتتىلىرى بۇ زۇلۇملارنىڭ دەۋەتنىڭ

[1] سۈرە ئەنئام 33 ـ ئايەت.

تېخىمۇ كەڭ قانات يېيىشىغا تۈرتكە بولغانلىقىنى ۋە ھېچكىمنىڭ تەۋرەپمۇ قويمىغانلىقىنى كۆردى.

مۇسۇلمانلار اللە نىڭ سۆزىنى دۇنياغا، دۇنيانىڭ يوقىتىپ قويغان ئەقلى ـ ھۇشىنى جايىغا كەلتۈرىدىغان، غايىب بولغان ئىنسانىي خىسلىتىنى، خانىۋەيران قىلىنغان گۈزەللىكنى ۋە ئىشغال قىلىنغان ھۆرلۈكنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغان سۆزنى روھلىرىغا سىڭدۈرمەكتە ئىدى. مانا بۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا مەھكەم يەرلەشتۈرگەن ئىمان ئىدى.

مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقادى مەككىدە كىچىك بىر ۋەتەن قۇرۇش، بۇزۇلغان جەمئىيەتنى يەنى ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش ئىدى. ئۇلار ئىنسانلارنى يېڭىدىن ئىنسان بولۇشقا تېگىشلىك شەكىلدە بەرپا قىلماقتا ۋە دۇنياغا ياراتقۇچىنىڭ ئۇلۇغلىقىغا ۋە كۈچ ـ قۇدرىتىگە ئائىت تۈنجى ئابستىراكت شەكىلنى تەقدىم قىلماقتا ئىدى.

ئىسلامدىن بۇرۇن ئەرەبلەر ھالاكەتلىك ھالدا ئىدى. ئۇلار كونا ۋە يېڭى مەدەنىيەت ئۆلچەملىرىگە نىسبەتەن ئېتىقاندا يوقنىڭ ئورنىدا ھېسابلىناتتى. چۈنكى، ئۇلار دۇنياغا قىممەتلىك ئىلىم ـ مەدەنىيەت ياكى بىرەر ئەسەر بېرەلمىگەنىدى. ئىسلام دىنى كەلگەندىن كېيىن، ئۇلار ئىنسانىيەتنىڭ يول باشلىغۇچىلىرى، ھەقىقىي خوجايىنلىرى ۋە ئالىملىرىغا ئايلاندى. غەرب ئۆز تەرەققىياتىغا كېرەكلىك بولغان نەرسىلەرنى ئۇلاردىن ئالدى. ئەمما ئۇلارنى داۋاملىق تۈردە ئىسلامدىن يىراقلاشتۇرۇشقا ئۇرۇندى. نىھايەت، ئىسلام پەقەت كىتابلاردىكى ئىلىمغىلا ئايلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ ئىنسانلارغا تەسىر كۆرسەتكىدەك تەرىپى قالمىغانىدى. كېيىنچە، غەربلىكلەرنىڭ مۇسۇلمانلاردىن ئۆگەنگەن ئىلىملەرنى پايدىلىنىپ ئۇلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشى ۋە ئۇلارنى ئۇركۈگەن پادىدەك، ئۆز بايلىق ۋە ئىجادلىرى تېپىلغان ئېغىل ـ قوتانلىرىغا سولاپ قويۇشى بەكمۇ ئاسانغا توختىدى. ئەگەر مۇسۇلمانلار ئىسلامنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىپ، ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرگەن بولسا، بۇلار ئۆز بايلىق ۋە ئىجادلىرى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان بولاتتى.

ئىسلامنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدە، مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ توختاۋسىز مۇجادىلىە قايىنمىغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى چۈشەنگەنىدى. شۇڭا، ئەزىيەت چەككەنسېرى قەلبى ئىمان بىلەن يېيىنىپ تۇتۇشتى. قۇرەيشلەرنىڭ زۇلمى ئارتقانسېرى ھەققە تېخىمۇ مەھكەم ئېسىلدى. مەككە دەل شۇ كۈنلەردە دۇنياغا ھاكىم بولغان ئىقتىسادىي نىزام (بۇ، قۇللۇق تۈزۈم ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىقتىساد ئىدى) نىڭ قۇربانى بولغان قۇل ـ ياسىرغا زۇلۇم قىلدى. مەككە ھەقىقىي ھۆرلۈككە پەقەت ئىسلام ئارقىلىق ئېرىشەلەيدىغانلىقىغا ئىشەنگەن بۇ كىشىنى قاتتىق قىيىن ـ قىستاققا ئالدى. ئۇنى ۋە ئايالىنى چۆلنىڭ ئىچكىرىگە ئېلىپ كىرىپ قىينايتتى. بىر كۈنى، ئۇنىڭ ئايالىنى كاپىرلىقىغا قايتىشقا قاتتىق قىستىدى. ئايال ئېتىقادىدا چىڭ تۇرۇپ، ئەبۇجەھىلگە تىل ـ ئاھانەت ياغدۇردى. ئەبۇ جەھىل غەزەپتىن قولىدىكى نەيزىسىنى ئۇنىڭغا تىقىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئۇ ئىسلامدىكى

تۈنجى شېھىتلىك شەرىپىگە نائىل بولدى. ئۇ ياسىرنىڭ ئايالى بولۇپ ئىسمى سۇممەيە ئىدى. ئۇ، شۇ مەزگىلدىكى جەمئىيەت نىزامىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھۆر ئايال ئەمەس، بەلكى بىر قۇلنىڭ ئايالى ئىدى. ئۇلۇغ الله نىڭ ئىرادىسى قۇلنىڭ قېنىنى ھۆر بولغانلارنىڭ قېنىدىن ئۇلۇغلاپ، ئېتىبارلىق ھالغا كېلىشىگە مۇۋەپپەق قىلغانىدى.

جاھىللار ئىسلامنىڭ قۇللۇق تۈزۈمىنى قولللايدىغانلىقىنى ياكى ئۇنىڭغا قارشى چىقمايدىغانلىقىنى ۋەيكىا ئۇنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىشتى. ئەمما ئۇلار ئىسلامنىڭ بارلىق قۇللارنى ھۆرلۈككە چىقىرىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنى ئىنسانلارنىڭ مېلى بولۇشتىن قۇتۇلدۇرۇپ، الله نىڭ مۈلكىگە ئايلاندۇرغانلىقىنى ئۇنتۇشقانىدى.

ئىسلام دىنى قۇللۇق تۈزۈمىنى ھارام قىلىش ئۈچۈن بىۋاستە ھۆكۈملەرنى تەپسىلىي نازىل قىلمىغىنىغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئومۇمىي قائىدىلىرى ۋە ئاساسىي پرىنسىپلىرى (سۆزدە ئەمەس، ئەمەلىيەتتە) بۇ نىزامنىڭ مەنبەلىرىنى تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇۋاتاتتى. ئىسلام دەۋاسىنىڭ ساھىبى بولغان الله، قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ ئاستا - ئاستا ئەمەلدىن قالىدىغان، ۋاقىتلىق تۈزۈم ئىكەنلىكىنى ئەلۋەتتە بىلەتتى. ئىسلام دىنى پەقەت شۇ دەۋرنىڭ ئۆزىگىلا خاس قىلىپ چۈشۈرۈلمىگەن بولغاچقا، ئۇ بۇ خىل ئىجتىمائىي تۈزۈملەرنىڭ شەكلىنى تاشلاپ، ئۇنى شەكىللەندۈرگەن ئىچكى ماھىيەتنى ئوتتۇرىغا چىقاردى ۋە ئۇنى ھارام قىلدى. مانا بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق ئىسلام ئىچىملىك ۋە قۇللۇق تۈزۈمىنى پەيدىنپەي ئەمەلدىن قالدۇردى. ھارام نەرسىلەرنى پەيدىنپەي ئەمەلدىن قالدۇرۇشمۇ ئىسلامنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىدىن بىرى ئىدى. چۈنكى ئىقتىسادىي تۈزۈملەر بىر قارار بىلەنلا ئۆزگەرمەيدۇ.

ئەگەر بىرى بىزگە ئىسلامنىڭ مۇجاھىدلارغا ئۇرۇشتا ئەسىر ئېلىنغانلارنى قۇل قىلىشقا رۇخسەت قىلغانلىقىنى ئېيتىپ قالسا، بىزمۇ ئۇنىڭغا ئۇلارنىڭ پەقەت ئۆزلىرىگە قىلىنغاننىڭ ئۆز ئەينىنى قىلغانلىقىنى ئېيتساق بولىدۇ. چۈنكى ئىسلام دۈشمەنلىرى ئەسىر ئالغان مۇسۇلمانلارنى ئۆزلىرىنىڭ قۇلى قىلىۋالاتتى. ئۇلار قىلغاننىڭ ئۆز ئەينىنى مۇسۇلمانلارنىڭمۇ قىلىشى نورمال ئىدى. ئەگەر ئىسلام ئۇنىڭدىن ئارتۇقىغا يول قويغان بولسا، بۇ ئىش ئىنسان خائىشىغا باغلىنىپ قېلىپ، ئىشنىڭ جىددىيلىكى، ماھىيىتى ئۆزگىرىپ كەتكەن بولاتتى.

...

ئەزىيەت ۋە زۇلۇم ئىسلام دەۋاسىغا توسقۇنلۇق قىلالمىدى. زۇلۇم تارتقۇچىلار تارتقان زۇلۇملىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېيتقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا دەۋەتچىلەرنىڭ دەۋالىرىنى كەڭ يېيىشى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ راھەتلىرىدىن، ھۇزۇرلىرىدىن، ھەتتا قان ۋە جانلىرىدىن ۋاز كېچىشى كېرەك ئىكەنلىكىنى ئوچۇق ئېيتتى.

ھۆرلۈككە بەدەلسىز ئېرىشكىلى بولمايدۇ.

تارىخ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ سىرتقى ۋە ئىچكى دۈشمەنلىرىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن تۆككەن قانلىرى بىلەن تولدى.

بەلگىلىك ۋاقىت ۋە ماكاندا بىر مىللەتنى ھۆرلۈككە ئېرىشتۈرمەكچى بولغان ئادەمنىڭ ئەھۋالى بۇ بولسا، پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ھۆرلۈكى ئۈچۈن جان پىدالىق قىلغان ئادەمنىڭ ھالى قانداق بولار؟!

بىر مۇسۇلمان ئۆز دەۋاسىنى ئۇچۇق ئېلان قىلىشتىن بۇرۇن ئۆزىنىڭ سۆيىقەست، سۈرگۈن، زۇلۇم، زىندان، ئىقتىسادىي بېسىم ۋە ھەر خىل ناچارلىقلارغا دۇچ كېلىدىغانلىقىنى قوبۇل قىلىشى لازىم.

مانا بۇ، دەۋانىڭ يېيىلىشىنىڭ بەدىلىدۇر. مانا بۇ ھۆرلۈكنىڭ بەدىلىدۇر.

مۇنچىلىك بەدەلنى بەزى باتىل ئېتىقادتىكى ئىقتىسادى بار كىشىلەر ئىختىيارىي تۆلىگەن يەردە، ھەق يولدا ماڭغانلار بۇنچىلىك بەدەل بېرىشكە نېمىشقا ئىككىلىنىسۇن؟

ئەسلى مەسىلە، ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ھاياتتا قېلىش، زۇلۇم ۋە ئۆلۈمدىن قورقۇش تۇيغۇسىغا مەھكۇم قىلىنىشى ئىدى. شۇڭا ھەقىقىي مۇسۇلماننى باشقىلاردىن پەرقلەندۈرىدىغان نەرسە، ئۇنىڭ قورقۇش ۋە ھاياتتا قېلىش تۇيغۇلىرىدىن قۇتۇلۇشى ئىدى. مانا بۇ، ھەقىقىي مۇسۇلماننى نوپۇس دەپتىرىدىكى مۇسۇلمانلاردىن ئايرىش ئۈچۈن ئەڭ توغرا ئۆلچەمدۇر. ھەقىقىي مۇسۇلمان كۈچ، ھۇزۇر، رىزىق ۋە ئەجەلنىڭ الله نىڭ ئىلكىدە ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. شۇڭا ئۇ دەۋەت يېيىش مۇجادىلىسىگە مانا بۇ ئىمان بىلەن باشلايدۇ. الله يولىدا ئەزىيەت چېكىدۇ. باشقىلارنىڭ ھۆرلۈكىنىڭ بەدىلىنى ئۇ ئۆز قېنى بىلەن تۆلەيدۇ. ئۇ بۇلارنىڭ ھەممىسىگە قورقۇدىن خالىي ھالدا بەرداشلىق بېرىدۇ. چۈنكى، ئىسلام ئۇنى قورقۇدىن خالىي قىلىدۇ. مۇشرىكلار ھەددىدىن ئېشىپ، مۇسۇلمانلارنى تىرىك تۇرغۇزۇپ، ھەرىدەپ ئۆلتۈرمەكتە ئىدى.

ھەبباب ئىبنى ئەل ئەرەت ئۆزىنى قۇرەيشلىكلەرنىڭ زۇلۇمىدىن قۇتۇلدۇرۇشنى تەلەپ قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە: بىزگە ياردەم قىل! بىزگە ياردەم قىل! ـ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «سىلەردىن بۇرۇنقى مۇسۇلمانلار تۇتۇلۇپ، ئازگالغا كۆمۈلەتتى ۋە تىرىك پېتى ھەرىدىلەتتى. ئۇلار ئىككىگە بۆلۈنۈپ كېتەتتى. ئەمما ئۇلار دىنىدىن ۋاز كەچمىدى. الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، الله بۇ ئىشنى ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرىدۇ. ئەمما سىلەر سەل ئالدىراڭغۇلۇق قىلىۋاتىسىلەر.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ كەسكىن ۋە جەسۇر سۆزلىرى ئارقىلىق ئۆزىدىن ياردەم تەلەپ قىلىپ كەلگەنلەرگە ھۆرلۈك بەدىلىنى تۆلەشنىڭ ئىمانىي پۈتۈنلەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى.

شۇنىسى ئېنىقكى، ئىسلام مۇسۇلمان بولغانلارغا ھېچقايسى جەھەتتىن مەنپەئەت بىلەن تەمىنلىمەيتتى.

تۇنجى مۇسۇلمانلار ھەرگىزمۇ: بۇ ئېتىقادتىن نېمە مەنپەئەتكە ئېرىشىمىز؟ - دەپ سورىمىغانىدى. بەلكى ئۇلار: ئىسلامغا نېمە بېرەلەيمىز؟ - دەپ سورىغانىدى ۋە ئۇنىڭ جاۋابىنىمۇ ئالغانىدى. ھەممە نەرسىنى، بىر چىشلەم ناندىن تارتىپ، ئەڭ ئاخىرقى بىر تامچە قېنىغىچە ھەممە نەرسىنى ...

تۇنجى مۇسۇلمانلار ئىسلام ئۈچۈن ھەممە نەرسىسىنى اللە نىڭ ئۆزلىرىگە ياردەم قىلىدىغانلىقىغا تولۇق ئىشەنگەن ھالدا پىدا قىلدى. ئۇلارنىڭ قەلبى ھەقتىن كەلگەن نەرسىنىڭ ئۈستۈنلىكىگە دائىر چوڭقۇر ئىشەنچ بىلەن تولغانىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كىسرا ۋە قەيسەرلەرنىڭ سەلتەنىتىنى ئۆرۈپ تاشلايدىغانلىقىنى ۋە چاقىرىقلىرى بىلەن يەر يۈزىنىڭ خوجايىنلىرىغا ئايلىنىدىغانلىقىنى ئېلان قىلماقتا ئىدى.

ئۇلارنى مەسخىرە قىلغانلار مەسخىرىلىرىدە بۇ ئىشەنچنى ئۇنۇتقانىدى. ئەل ئەسۋەد ئىبنى ئەل مۇتەللىب ۋە ئۇنىڭ سەبداشلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىگە ئۇچراپ، ئۇلارنى مەسخىرە قىلاتتى ۋە مۇنداق دەيتتى: قاراڭلار! ئەتە كىسرا ۋە قەيسەرنىڭ سەلتەنىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدىغان، يەر يۈزىنىڭ خوجايىنلىرى كېلىۋاتىدۇ... ئاندىن ئۇلار ئىسقىرتىپ، چاۋاك چېلىشاتتى. مۇسۇلمانلار ئۇلارغا پىسەنت قىلماي ئۆتۈپ كېتەتتى.

مۇشرىكلار مۇسۇلمانلارنى مەسخىرە قىلىشنى تاشلاپ، ئۇلارنى دەۋالىرىدىن توسۇشقا ئۆتتى.

قۇرەيشلىكلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سۇيىقەست پىلانلاش ئۈچۈن ئارىلىرىدا تارىخىي خاراكتېرلىك يىغىلىش ئۆتكۈزدى. مۇشرىكلار ئۇنىڭغا كاھىن، سېھىرگەر، شائىر. ساراڭ دېگەندەك بەدناملارنى چاپلايتتى. ئۇ كۈنى، ئۇنىڭغا ”سېھىرگەر“ نامىنى بېرىشكە كېلىشتى. ۋەلىد ئىبنى مۇغىرە باشچىلىقىدىكى كېڭەش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ”سېھىرگەر“ دېگەن نامنى بېرىش قارارىنى ئالدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئۇ، قېرىنداشلارنى ۋە ئەر - خوتۇنلارنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋەتمەكچى ئىدى (ماھىيەتتە ھەقنى قوبۇل قىلغانلار بىلەن قوبۇل قىلمىغانلار ھەرقانچە يېقىن قان - قېرىنداش، ئاتا - بالا ۋە ئەر - ئايال بولسىمۇ، ئېتىقادى ئۈچۈن بىر - بىرىدىن ۋاز كېچىشى تەبىئىي ئىدى).

زالىملىق ۋە جاھىللىقنىڭ پېشۋالىرى مەككىگە كەلگەنلەرنى مۇھەممەد ئىسىملىك بىر سېھىرگەردىن، ئاتىلىرى چوقۇنغان نەرسىگە چوقۇنىدىغان قەۋمىگە، ئۇرۇق - تۇغقان ۋە يېقىنلىرىغا قارشى چىققان مۇھەممەد ئىسىملىك بىر سېھىرگەردىن قوغداش ئۈچۈن مەخسۇس گۇرۇپپىلار تەشكىللىدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھەرخىل يوللار

ئارقىلىق: «مېنى ئۆز قەۋمىنىڭ ئارىسىغا قوبۇل قىلدىغانلار يوقمۇ؟ چۈنكى قۇرەيش قەبىلىسى مېنى رەببىمنىڭ سۆزىنى تەبلىغ قىلىشتىن توستى...» دېيىشكە مەجبۇرلىدى.

ئەھۋال گەرچە شۇنداق ئېغىر بولسىمۇ، بەلكىم شۇنداق بولغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئىسلام ئاستا ـ ئاستا ۋە مەزمۇت قەدەم بىلەن داۋاملىق تۈردە يېيىلىۋاتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرى زاماننىڭ ئەقلىنى ئويغاتماقتا، ئىنسانلارنى ئۇلار تېخى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋۇجۇدىدىكى زەررە ۋاقتىدىلا اللە نىڭ ئۇلاردىن ئەھدە ئالغان كۈندىكى ۋەزىيەتكە ئېلىپ كىرمەكتە ئىدى. اللە ئۇلاردىن مۇنۇ ئەھدىنى ئالغانىدى:

﴿«مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار ئەمەسمۇ؟» دېدى (يەنى اللە ئۆزىنىڭ ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى ئىكەنلىكىگە ۋە بىرلىكىگە ئادەم باللىرىنى ئىقرار قىلدۇردى، ئۇلار ئىقرار قىلىپ بۇنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى). ئۇلار: «ھەئە، سەن بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىزدۇرسەن» دېدى﴾.[1]

مۇسۇلمانلار سانىنىڭ كۆپىيىشى قۇرەيشلىكلەرنى قورقۇتتى. ئۇلار باشقا چارە ئىزدەشكە باشلىدى. ئۇلار سۇلھ تۈزۈش ۋە كېلىشىم ھاسىل قىلىشنى پەقەتلا ئويلىمىغانمىدۇ؟

قۇرەيشلىكلەر ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىدا ئەقىللىق ۋە ئېغىر ـ بېسىق دەپ تونۇلغان ئۇتبە ئىبنى رابىيەنى ھەزرىتى مۇھەممەد بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئەۋەتتى.

ئۇتبە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:

ـ ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! سەن بىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئېسىل نەسەبلىك بىرىسەن، ئەمما سەن قەۋمىڭنىڭ بېشىنى بالاغا تىقتىڭ، ئۇلارنى پەرىشان قىلدىڭ، مەن ساڭا بەزى تەكلىپلەرنى سۇناقچىمەن، بەلكىم ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى قوبۇل قىلىشىڭ مۇمكىن، ـ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ قېنى ئېيتقىن، ئى ئۇتبە! ـ دېدى.

ئۇتبە:

ـ ئەگەر سەن بۇ ئىشلارنى باي بولۇش ئۈچۈن قىلىۋاتقان بولساڭ، بىز ئۆزئارا مال توپلاپ، سېنى ئەڭ بايلىرىمىزدىن قىلايلى، ئەگەر شەرەپلىك بىرى بولماقچى بولساڭ، سېنى بېشىمىزغا تاج قىلايلى، ئەگەر پادىشاھ بولماقچى بولساڭ، سېنى ئۆزىمىزنىڭ پادىشاھى قىلايلى، ئەگەر ساڭا جىن يېپىشىۋالغان بولسا، بىز سېنى داۋالىتىش ئۈچۈن پۈتۈن مال ـ بارلىقىمىزنى پىدا قىلايلى! ـ دېدى ۋە سۆزىنى تۈگىتىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جاۋابىنى كۈتتى.

[1] سۈرە ئەئراف 172 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:

﴿ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللە نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن. ھا مىم.(بۇ) ناھايىتى شەپقەتلىك، مېھرىبان اللە تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان (ۋەھىيدۇر). ئايەتلىرى ئوچۇق بايان قىلىنغان كىتابتۇر، بىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن نازىل بولغان ئەرەبچە قۇرئاندۇر. (مۆمىنلەرگە جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچىدۇر، (كاپىرلارنى دوزاخ بىلەن) ئاگاھلاندۇرغۇچىدۇر. ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار)نىڭ تولىسى (ئۇنىڭ ئايەتلىرىنى پىكىر قىلىشتىن) يۈز ئۆرۈدى. ئۇلار (ئۇنىڭغا) قۇلاق سالمايدۇ. ئۇلار (پەيغەمبەرگە): «بىزنىڭ دىللىرىمىز سەن بىزنى دەۋەت قىلغان نەرسىلەردىن پەردىلەنگەن، قۇلاقلىرىمىز ئېغىر، سەن بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا پەردە (يەنى دىنىي جەھەتتە ئوخشىماسلىق) بار، سەن ئۆز ئىشىڭنى قىل، بىزمۇ ھەقىقەتەن ئۆز ئىشىمىزنى قىلايلى (يەنى سەنمۇ ئۆز دىنىڭ بىلەن بول، بىزمۇ ئۆز دىنىمىز بىلەن بولايلى)» دەيدۇ. سەن (ئۇ مۇشرىكلارغا): «مەن سىلەرگە ئوخشاش ئىنسانمەن، ماڭا، ئىلاھىڭلار بىر ئىلاھتۇر، دەپ ۋەھيى قىلىنىدۇ. ئۇنىڭغا (ئىمان ۋە تائەت ـ ئىبادەت بىلەن) يۈزلىنىڭلار ۋە ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلەڭلار!» دېگىن، مۇشرىكلارغا ۋاي! ئۇلار زاكات بەرمەيدۇ، ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدۇ. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا ئەلۋەتتە ئۈزۈلۈكسىز ساۋاب بېرىلىدۇ. (سەن ئۇلارغا) «سىلەر زېمىننى ئىككى كۈندە ياراتقان اللە نى ئىنكار قىلامسىلەر ۋە ئۇنىڭغا شېرىكلەر كەلتۈرەمسىلەر؟ ئۇ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر» دېگىن. ئۇ زېمىننىڭ ئۈستىدە نۇرغۇن تاغلارنى ياراتتى، زېمىننى بەرىكەتلىك قىلدى، ئەھلى زېمىننىڭ رىزقىنى بەلگىلىدى، (زېمىننى يارىتىش بىلەن ئاھالىسىنىڭ رىزقىنى بەلگىلەشنى كەم ـ زىيادىسىز) باراۋەر تۆت كۈندە (تاماملىدى)، (زېمىننىڭ ۋە ئۇنىڭدىكى نەرسىلەرنىڭ يارىتىلىش مۇددىتىنى) سورىغۇچىلار ئۈچۈن (بۇ جاۋابتۇر). ئاندىن ئۇ ئاسماننى (يارىتىشقا) يۈزلەندى، ھالبۇكى، ئۇ تۇمان ھالىتىدە ئىدى، ئاسمان بىلەن زېمىنغا: «ئىختىيارىي ياكى ئىختىيارسىز ھالدا كېلىڭلار (يەنى ئەمرىمنى قوبۇل قىلىڭلار)» دېدى. ئىككىلىسى «ئىختىيارىي كەلدۇق» دېدى. اللە يەتتە ئاسماننى ئىككى كۈندە ياراتتى. ھەر ئاسماننىڭ ئىشىنى ئۆزىگە بىلدۈردى (يەنى ھەر ئاسماننىڭ ئېھتىياجلىق ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى). ئەڭ تۆۋەنكى ئاسماننى يۇلتۇزلار بىلەن زىننەتلىدۇق ۋە قوغدىدۇق، بۇ ئەنە شۇ غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى اللە نىڭ تەقدىرىدۇر. ئەگەر ئۇلار (بۇ بايانلاردىن كېيىن ئىماندىن) يۈز ئۆرۈسە (سەن ئۇلارغا): «سىلەرنى ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئازابقا ئوخشاش ئازابتىن ئاگاھلاندۇرىمەن» دېگىن﴾.[8]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جاۋابى ئاياغلاشتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزلەپ:

[8] سۈرە فۇسسىلەت 1 ـ ئايەتتىن 13 ـ ئايەتكىچە.

﴿ئەگەر ئۇلار (بۇ بايانلاردىن كېيىن ئىماندىن) يۈز ئۆرۈسە (سەن ئۇلارغا): «سىلەرنى ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئازابقا ئوخشاش ئازابتىن ئاگاھلاندۇرىمەن» دېگىن﴾. □ دېگەن يەرگە كەلگەندە، ئۆتبە قورقۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە قۇرەيشلىكلەرنىڭ يېنىغا قاراپ ماڭدى.

ئۇ، خۇددى بېشىغا چاقماق چۈشكەندەك بولۇپ قالغانىدى. ئۇ قۇرەيشلىكلەرنىڭ يېنىغا بېرىپلا، ئۇلارنىڭ ھەزرىتى مۇھەممەدنى ئۆز ھالىغا قويۇپ بېرىشنى تەكلىپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، قۇرەيشلىكلەرنىڭ تۇنجى مۇسۇلمان (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام) بىلەن بولغان سۆھبىتى مۇۋەپپىقىيەتسىز ھالدا ئاياغلاشتى.

بۇ سۆھبەتنىڭ نەتىجىسىز ئاخىرلىشىشى، ئەزىيەت ۋە زۇلۇمنىڭ قايتا ئەۋج ئېلىشىدىن دېرەك بېرەتتى. مۇشرىكلار مۇسۇلمانلارغا باشقا ـ باشقا يوللار بىلەن زۇلۇم قىلىشقا باشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ جەبىر ـ جاپادىن بەكمۇ پەرىشان بولدى. مۇسۇلمانلار ئېتىقادلىرىنىڭ بەدىلىنى تولۇق تۆلەپ، الله يولىدا بارلىقىنى پىدا قىلغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ھىجرەت قىلىشقا بۇيرىدى. خالىغانلارنىڭ ھىجرەت قىلىشىغا رۇخسەت قىلدى. ھىجرەت كارۋانلىرى تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ يولغا چىقتى. بۇ ۋەقە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيي كەلگەندىن بەش يىل ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋىتىنى ئوچۇق ئېلان قىلغاندىن ئىككى يىل كېيىن يۈز بەردى. **16** مۇسۇلمان ھەبەشىستانغا (ئېفىئوپىيە) غا ھىجرەت قىلدى. ئۇلار مەخپىي يولغا چىقىپ، دېڭىز تەرەپكە قاراپ ئىلگىرىلىدى. چۆلدە ياشايدىغانلارنىڭ ئۇلارنى ياقتۇرماسلىقى، ئۇلاردىن قورقۇش ۋە دېڭىز سەپىرىنىڭ بەكمۇ خەتەرلىك بولۇشىغا قارىماي، داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىدى ۋە كېمىگە چىقتى.

بىرىنچى كارۋاندىن كېيىن، ئىككىنچى كارۋان يولغا چىقتى. بۇ كارۋاندا **83** ئەر، **19** ئايال بار ئىدى.

قۇرەيشلىكلەر مۇھاجىرلارغا زۇلۇم قىلىشتا ھەددىدىن ئېشىپ، قوللىرىنى ھەبەشىستانغا ئۇزاتتى. قۇرەيشلىكلەر ھەبەشىستان پادىشاھى نەجاشىغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ مۇھاجىرلارغا قارشى چىقىشىنى، چۈنكى ئۇلارنىڭ مەككىدىكى ئەجدادلىرىنىڭ دىنىنى تاشلىۋەتكەنلىكىنى ۋە نەجاشىنىڭ دىنى بولغان خىرىستىيانلىقنىمۇ قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرمەكچى بولدى. شۇنداقلا، قۇرەيشلىكلەر مۇھاجىرلارنى يولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىلىشىنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن نەجاشىغا سوۋغا ـ سالاملارنى ئەۋەتىشنىمۇ ئۇنۇتمىغانىدى.

ئېيتىلىشىچە، نەجاشى ئەقىللىق ئادەم ئىدى. ئۇ، بۇ يېڭى دىن ھەققىدە مەلۇماتقا ئىگە بولۇش ئۈچۈن مۇھاجىرلارغا ئادەم ئەۋەتتى. مۇھاجىرلار ئۇنىڭ ھۇزۇرىدا، ئۇنىڭغا

□ سۈرە فۇسسىلەت 13 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىسلام دىنى ھەققىدە مەلۇمات بەردى. نەجاشى ئۇلاردىن ھەزرىتى ئىسا توغرۇلۇق سورىدى. مۇھاجىرلار مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:

ـ ئۇ، الله نىڭ بەندىسى، ئەلچىسى، روھى، پاك ۋە نومۇسلۇق مەريەمگە ئاتا قىلغان كەلىمىسى (دىن تۆرەلگەن بوۋاق)...

بۇنى ئاڭلىغان نەجاشى يەردىن كىچىك بىر تاياقنى قولىغا ئېلىپ:

ـ سىلەر ئىسا ھەققىدە مۇشۇنچىلىكمۇ يالغان سۆزلىمىدىڭلار. خاتىرجەم بولۇڭلار! سىلەرگە ھېچقانداق خىيىم ـ خەتەر يەتمەيدۇ، ـ دېدى. ئاندىن قۇرەيشلىكلەرگە: الله مەندىن پارا ئالمىغان تۇرسا، مەن نېمە دەپ سىلەردىن پارا ئالغۇدەكمەن؟ مەن خەلقنى ھىمايە قىلمىغىچە خەلق ماڭا ئىتائەت قىلمايدۇ، ـ دېدى.

شۇنداق قىلىپ، مۇھاجىر مۇسۇلمانلار ئىشەنچلىك بىر مەملىكەتكە يەنى ھەبەشىستانغا، توغرا يولنى تاپقان، چېركاۋدىكى پوپلارنىڭ پەرقلىق ئېتىقادلىرىغا قارىماي، ئىسانىڭ ئىنسانىي قۇرۇلمىسىغا ئىشەنگەن بىر كىشىنىڭ مەملىكىتىگە ئورۇنلاشتى.

ئىلاھىي قۇدرەتنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، مۇسۇلمان جەمئىيىتىكى بۇ خەتەرلىك ئەھۋال ئىسلامنىڭ زەئىپلىشىشىگە سەۋەب بولالمىدى. ئەكسىچە، ئۇنى تېخىمۇ كۈچلەندۈردى، ئۇلۇغ الله ئىككى بۈيۈك شەخسنىڭ ئىمان ئېيتىشى ئارقىلىق ئىسلام دەۋىتىگە چوڭ يار ـ يۆلەكتە بولدى. بۇلارنىڭ بىرى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ھەمزە، يەنە بىرى ھەق ئادىمى ئۆمەر فارۇق بولۇپ، ھەر ئىككىسى مەككىنىڭ ئابرۇيلۇق ۋە كۈچلۈك كىشىلىرىدىن ئىدى. ئەزىز ۋە ئۇلۇغ الله نىڭ ئىرادىسى مەككىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ئىككى كىشىسىنىڭ ئەزەلدىن ئۆزلىرىدە بار بولغان، ئەمما تا شۇ كەمگىچە سىرتىغا چىقىرالمىغان مەرھەمەتلىرىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋەتكەنىدى.

ھەمزە غەزەپ، تەرەپبازلىق ۋە ئۆزىنى قوغدىيالمايدىغان كىشىگە بولغان ھېسداشلىق تۇيغۇسىنىڭ تەسىرىدە مۇسۇلمان بولغانىدى.

بىر كۈنى، بىر ئايال ھەمزىگە: ئى ئەبۇلھاكەم! ئىبنى ھىشام (ئەبۇ جاھىل) نىڭ جىيەنىڭ مۇھەممەدكە قىلغانلىرىنى بىر كۆرگەن بولساڭ، ئۇ قىلغۇلۇقنى قىلىپ بولۇپ كېتىپ قالدى. مۇھەممەد ھېچنىمە دېمىدى، ـ دېدى.

ھەمزەنىڭ كۆزلىرىگە قان تولدى ۋە دەرھال ئەبۇجەھىلنى ئىزدەشكە باشلىدى. ئۇ ئەبۇجەھىلنى قەۋمى ئارىسىدا ئولتۇرغان يەردىن تاپتى ۋە: سەن مۇھەممەدكە ھاقارەت قىلدىڭمۇ؟ بىلىپ قوي! مەنمۇ ئۇنىڭ دىنىغا كىردىم، ـ دەپ ۋارقىردى. ئاندىن قولىدىكى ئوقيانى كېرىپ، ئەبۇ جەھىلنىڭ بېشىغا قارىتىپ ئاتتى.

ھەمزەنىڭ ئىسلامغا كىرىشى مانا مۇشۇنداق باشلانغانىدى.

ھەمزە ھەققەتەن ئابرۇيلۇق كىشى ئىدى.

جىيەنىنىڭ زۇلۇمغا ئۇچرىشى ئۇنى غەزەپلەندۈرگەنىدى. گەرچە ھەزرىتى مۇھەممەد ھەمزەنىڭ جىيەنى بولسىمۇ، ھېچكىم ئۇنىڭ ھەققىگە ھۆرمەت قىلمايۋاتاتتى. مانا بۇ، ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىنىڭ باشلانغۇچى ياكى ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىغا تۈرتكە بولغان سەۋەب ئىدى.

الله ھەمزەگە تۆيدۈرمىغان ھالدا، ئۇنىڭ تەبىئىتىگە مەرھەمەتنى سىڭدۈرۈۋەتكەنىدى. بۇ پەقەت كىشىلەرنى الله قا دەۋەت قىلغۇچىلارنىڭ زەئىپ ۋە ئاجىزلىقى تۈپەيلىدىن ئېزىلىشىغا چىداپ تۇرالمايدىغان مەرھەمەت ئىدى. شۇڭا ئۇ ھەزرىتى مۇھەممەدنىڭ ئەڭ يېقىن يارەمچىسىگە ۋە باشپاناھىغا ئايلانغانىدى.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب چۇس مىجەزى، جەسۇرلۇقى ۋە كەسكىنلىكى بىلەن مەشھۇر ئىدى. ئۇ تېخى ئىمان ئېيتمىغان ۋاقىتلاردا مۇسۇلمانلارغا كۆپ زۇلۇم قىلغانىدى.

ئۇنىڭ زۇلۇمىغا ئۇچرىغانلارنىڭ ئارىسىدا ئامىر ئىبنى رەبىئە ۋە ئۇنىڭ ئايالىمۇ بار ئىدى. ئامىر ۋە ئايالى ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىشقا قارار بەردى. بىر كۈنى، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئۇلارنى ئىزدەپ كەلدى. ئامىرنى تاپالمىدى، ئايالى بار ئىدى. ئۆمەر ئايالىنىڭ ھىجرەتكە تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى، ئۇ (ئىچىدىكى مەرھەمەت تۇيغۇسى ئۇرغىغان ھالدا):

- ئى ئۇممۇ ئابدۇللاھ! ھىجرەت قىلامسىلەر؟ - دەپ سورىدى.

ئايال غەزەب بىلەن:

- شۇنداق، الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇ يەرلەردىن كەتمەكچىمىز، سىلەر بىزگە كۆپ زۇلۇم، بېسىم قىلدىڭلار، الله بىزنى خاتىرجەم قىلغانغا قەدەر توختىماي ماڭىمىز، - دېدى.

ئۆمەر:

- الله سىلەر بىلەن بىللە بولسۇن! - دېدى.

ئايال ئۇنىڭ يۈزىدە بىر خىل مۇلايىملىق ۋە غەمكىنلىك تۇيغۇلىرىنى ھېس قىلدى. ئامىر قايتىپ كەلگەندە، ئۇنىڭغا ئۆمەرنىڭ مۇسۇلمان بولۇش نىيىتىنىڭ بارلىقىنى ئېيتتى، ئەمما ئامىر: ئۆمەرنىڭ ئېشىكى مۇسۇلمان بولمىغىچە، ئۆمەر مۇسۇلمان بولمايدۇ، - دېدى.

ئامىر ئۆمەرنىڭ چۇس مىجەزىنى بىلگەچكە شۇنداق دېگەنىدى. ئەمما ئۇنىڭ ئايالىنىڭ تۇيغۇلىرى ئامىرنىڭ كۆز - قاراشى ۋە ئۇنىڭ ئۆمەر ھەققىدە چىقارغان كەسكىن قارارىدىنمۇ كۈچلۈك ئىدى. ئۇلار ھىجرەت قىلىپ، بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئۆمەر مۇسۇلمان بولدى.

مۇھاجىرلار ئۇنىڭ دىلىدىكى مەرھەمەت ئىشكلىرىنى ئېچىۋەتكەنىدى، ئۆمەر ئۆزىگە ھەيران قالدى. ئۇ بۇ مەسىلىنى تۈپ يىلتىزىدىن ھەل قىلىشقا ۋە ھەزرىتى مۇھەممەدنى ئۆلتۈرۈشكە قارار بەرگەنىدى، قىلىچىنى قولىغا ئېلىپ ئۇدۇل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ماڭدى. يولدا كېتىۋاتقاندا، ئۇنىڭ ئەلپازىغا قاراپ نىيىتىنى بىلىۋالغان بىرى ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ، نەگە ماڭغانلىقىنى سورىدى.

ئۆمەر:

- ئەرەبلەرنىڭ خاتىرجەم بولۇشى ئۈچۈن مۇھەممەدنى ئۆلتۈرىمەن، - دېدى.

ئۇ ئادەم ئۆمەرنى مەسخىرە قىلغان ھالدا:

- مۇھەممەدتىن بۇرۇن ئۆز ئائىلەڭدىن باشلىساڭ بولمامدۇ؟ - دېدى.

ئۆمەر غەزەپ بىلەن:

- مېنىڭ ئائىلەمگە نېمە بوپتۇ؟ - دەپ سورىدى.

ئۇ ئادەم:

- سىڭلىڭ ۋە ئۇنىڭ يولدىشى مۇسۇلمان بولدى، سېنىڭ تېخى خەۋىرىڭ يوق، - دېدى.

ئۆمەر سىڭلىسىنىڭ ئۆيىگە باردى، بىرى ئۇلارنىڭ يېنىدا قۇرئان ئوقۇۋاتاتتى، ئۇلار ئۆمەرنى كۆرۈپ، قۇرئان ئوقۇغۇچىنى يوشۇرۇشقا تىرىشتى، ئۆمەر: مەندىن يوشۇرۇن نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈردۈڭلار؟ - دەپ سورىدى.

سىڭلىسى ئۇنىڭ ئاڭلىغانلىرىنى ئىنكار قىلدى. يولدىشى ئارىغا كىرمەكچى بولىۋىدى، ئۆمەر ئۇنى تۇتۇۋالدى، سىڭلىسى يولدىشىنى قوغداش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى. ئۆمەر سىڭلىسىنىڭ يۈزىگە بىر تەستەك سالدى. سىڭلىسىنىڭ يۈزىدىن قان ئېقىشقا باشلىدى. قاننى كۆرگەن ئۆمەرنىڭ ئىچى ئېچىشتى، قەلبىدە مەخپىي ساقلىنىپ كېلىۋاتقان مەرھەمەت بىردىنلا ئوتتۇرىغا چىقتى.

ئۆمەر قۇرئان ئوقۇش ئۈچۈن تاھارەت ئالدى ۋە ئوقۇدى...

ئوقۇپ بولۇپ، قىلىچىنى بېلىگە ساڭگىلاتقىنىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرەپكە قاراپ ماڭدى، ئۆمەر ئىسلامنى ھېچ ئىككىلەنمەيلا قوبۇل قىلدى. ئۇ ھەزرىتى مۇھەممەدنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن كۆتۈرگەن قىلىچىنى ئەمدى ھەزرىتى مۇھەممەدنى قوغداش ئۈچۈن كۆتۈرۈشى كېرەك ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن ئولتۇراتتى، بىرى كېلىپ ئىشىكنى قاقتى، ساھابىلەردىن بىرى بېرىپ ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن قارىدى. ئىشىكنىڭ ئالدىدا ئۆمەر قىلىچىنى ئاسقان ھالدا تۇراتتى. ساھابە بۇ ناخۇش ئەھۋالنى پەيغەمبەرگە يەتكۈزدى.

- ئۆمەر ئىبنى خەتتاب كەپتۇ. ئۇ چوقۇم يامان نىيەت بىلەن كەلدى...

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئۆزىگە قويۇپ بېرىشنى بۇيرۇپ ئورنىدىن تۇردى ۋە بېرىپ ئىشىكنى ئېچىپ: نېمە ئۈچۈن كەلدىڭ؟ - دەپ سورىدى. ئۆمەر ئۆزىنىڭ كەلىمە شاھادەت ئېيتىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاياجىنىنى باسالماي، يۇقىرى ئاۋازدا تەكبىر ئېيتتى. ئۇنىڭ دۇئاسى ئەمەلگە ئاشقانىدى:

- ئى رەببىم! ئىسلامنى ئىككى ئۆمەرنىڭ بىرى بىلەن كۈچلەندۈرگىن!

ئۆمەر بىلەن ھەمزەنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى، قۇرەيشلىكلەرنى ئەندىشىگە سالدى، مەككىنىڭ رەئىسلىرى ۋە ئەڭ بۈيۈك كىشىلەر مۇسۇلمان بولغانىدى. ئۆمەر مۇسۇلمان بولۇشتىن بۇرۇن، مۇسۇلمانلار كەئبىنى يوشۇرۇن ۋە ئەندىشە ئىچىدە تاۋاپ قىلىپ كېلىۋاتقانىدى.

ئۆمەر مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، ئىمانىنى ھەممەيلەنگە ئوچۇق ئېلان قىلدى ۋە ئۆزىگە قارشى چىقماقچى بولغانلارغا جەڭ ئېلان قىلدى. شۇڭا ھېچكىم ئۇنىڭ تاۋاپ قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلمىدى. مەككە خەلقى كۆپ ئۆتمەي ئەرەب يېرىم ئارىلىدا، ھەممە ئىشنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىدىغان بىر دەۋاغا دۇچ كېلىدىغانلىقىنى چۈشەنگەنىدى.

قۇرەيش كاتتىلىرى ئېغىر ۋەھىمىگە چۈشتى. ئۇلار مۇسۇلمانلارغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن مەسخىرە ۋە زۇلۇم قىلىش يولىدىن پۈتۈنلەي يېڭىچە يولغا كىرىشمەكچى بولدى.

ئۇلار مۇسۇلمانلارغا ئىقتىسادىي ۋە ئىنسانىي جەھەتتىن بېسىم ئىشلىتىشكە قارار بەردى.

مۇشرىكلار مۇسۇلمانلارغا بېسىم ئىشلىتىش ھەققىدە بىر ئۇقتۇرۇش چىقاردى. ئاندىن ئۇقتۇرۇشنىڭ مەزمۇنىغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش ئۈچۈن، بۇ ئۇقتۇرۇشنى كەبىنىڭ ئىچىگە ئېسىپ قويدى. مۇشرىكلار گەرچە ئۆزلىرىنى الله قا يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن كەبىنى بۇتلارغا تولدۇرىۋەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا ئۇ ئۇقتۇرۇشقا ھۆرمەت بىلدۈرەتتى. ئۇقتۇرۇشنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن، مەككە خەلقىنىڭ مۇسۇلمانلارغا ھېچنەرسە ساتماسلىقى ۋە ئۇلاردىن ھېچنەرسە ئالماسلىقى، ئۇلارغا قىز بەرمەسلىكى ۋە ئۇلاردىن قىز ئالماسلىقى لازىم ئىدى.

ئۇلار، بۇ رەھىمسىز ئۇقتۇرۇش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنى ئاچ قويۇپ، ئۆلتۈرۈشكە قارار بەردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن بىرلىكتە بەنى ھاشىم مەھەللىسىدە پاناھلىنىشقا مەجبۇر بولدى.

الله نىڭ دۈشمىنى بولغان ئەبۇجەھلىدىن باشقا، بەنى ھاشىم قەبىلىسىدىكى مەيلى مۆئمىن ياكى كاپىر بولسۇن، ھەممەيلەن ئۇلارغا غەمخورلۇق قىلدى. ئەبۇجەھىل قۇرەيش كاپىرلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۆز جامائىتىگە قارشى چىقتى.

مۇسۇلمانلارغا قارىتا ئىقتىسادىي بېسىم يۈرگۈزۈلۈشكە باشلاندى. ئۇلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكى ئۈزۈلۈپ بەكمۇ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. مەككىگە كارۋان كەلگەن چاغلاردا، ساھابىلار بالا ـ چاقىلىرىغا يېگۈدەك بىر نەرسە ئېلىش ئۈچۈن بازارغا كىرەتتى. ئەمما ئەبۇلەھەبمۇ بازارغا پەيدا بولاتتى ۋە كارۋانلارغا: ئى كارۋانلار! مۇھەممەدنىڭ ئادەملىرىگە قىممەت باھا قويۇڭلار. ئۇلار سىلەردىن بىر نەرسە ئالالمىسۇن. خاتىرجەم بولۇڭلار. سىلەر زىيان تارتمايسىلەر. ساتالمىغان مېلىڭلارنى مەن ئۆزەم سېتىۋالىمەن، ـ دەيتتى. كارۋانلار مۇسۇلمانلارغا بەكمۇ يۇقىرى باھا قوياتتى. مۇسۇلمانلار باللىرىنىڭ يېنىغا قۇرۇق قول قايتاتتى.

كارۋانلار ساتالمىغان ماللىرىنى ئېلىپ ئەبۇلەھەبنىڭ ئالدىغا باراتتى. ئەبۇلەھەب مۇسۇلمانلار ئالالمىغان ماللارنى ئۆزى سېتىۋالاتتى.

بۇ ئەھۋال، تاكى مۇسۇلمانلار ئاچ ـ يالىڭاچ ۋە قاتتىق ماغدۇرسىزلانغانغا قەدەر داۋاملاشتى. بۇ ئىقتىسادىي بېسىمنىڭ قانچىلىك داۋام قىلغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟

تولۇق ئۈچ يىل داۋام قىلدى. بۇ ئۈچ يىل داۋامىدا ساد ئىبنى ئەبۇۋەققاسنىڭ بېشىغا مۇنداق بىر ئىش كەلدى: ئۇ بىر كۈنى تەرەت قىلىش ئۈچۈن سىرتقا چىقتى. تەرەت قىلىۋېتىپ سۈيدۈكى چۈشكەن يەردىن بىر ئاۋاز كەلگەنلىكىنى بايقىدى. قارىسا، ئۇ بىر پارچە قۇرۇپ كەتكەن تۆگە تېرىسى ئىكەن. ساد ئۇنى ئېلىپ تازىلىدى، ئاندىن ئوتقا قاقلاپ يۇمشىتىپ، ئۇششاق پارچىغا بۆلدى ۋە سۇنىڭ ياردىمىدا ئۇلارنى يۇتۇۋەتتى.

بۇ، ئۇنىڭ ئۈچ كۈنلۈك يېمەكلىكى بولغانىدى.

بۇ ئۈچ يىل جەريانىدا خۇددى ھېچ ئىش يۈز بەرمىگەندەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا توختىماي ۋەھيى كېلىپ تۇردى.

الله دىنىغا ئەگەشكەنلەرنى بارلىق شەرت ـ شارائىتقا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان قىلىپ يېتىشتۈرۈۋاتاتتى، مۇسۇلمانلار ئۈچ يىل ئېغىر بالاغا ـ قازاغا يولۇققان بولسىمۇ، ئىسلام بۇرۇنقىدەكلا تۆت ئەتراپقا يېيىلىۋاتاتتى، ئوت ئۆچمىدى ياكى ئاجىزلاپ قالمىدى.

مۇسۇلمانلار ھەج مەزگىلىدە باشقىلار بىلەن ئۇچرىشاتتى. ئۇلارغا الله قا، الله نىڭ مەرھەمىتى ۋە مەغپىرىتىگە دەۋەت قىلاتتى. دىللىرىغا ساقلانغان ھەقىقەتكە بولغان ئىنتىلىشىنى ئاشۇراتتى، بۇ جاسارەت ۋە غەيرەتتىن كۆپلىگەن كىشىلەر تەسىرلەندى ۋە ئىسلامغا كىردى. بەزى مۇشرىكلار ئۆز ـ ئۆزىدىن ئۆزلىرىنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنىڭ توغرا ـ خاتالىقىنى سوراشقا باشلىدى. ھەقىقەتكە بولغان بۇ ئىنتىلىش ئۇلارنىڭ يۈرەك تارىلىرىنى چەكتى. ئۇندىن باشقا، مۇسۇلمان بولمىغانلارنىڭ ئارىسىدا تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىمۇ مۇھىم رول ئوينىدى. قۇرەيشلەر بىر قېتىملىق جېدەل ـ ماجىرادىن كېيىن ئۇقتۇرۇشنى ئەمەلدىن قالدۇردى. مۇسۇلمانلارنىڭ بەكمۇ ۋايساپ كەتمەسلىكى ۋە ئۇلارنىڭ تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىشى نەتىجىسىدە، ئۇلارغا قارشى يۈرگۈزۈلگەن ئىقتىسادىي بېسىم ئۆز كۈچىنى يوقاتقانىدى. مۇسۇلمانلار ۋە باللىرى بەكمۇ ئورۇقلاپ، خۇددى جىن ـ

ئەرۋاھلاردەك بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ سانى كۆپىيىپ، ئىمان ۋە الله قا بولغان ئىشەنچىسى تېخىمۇ ئاشقانىدى.

...

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇسىبەت يىلى يېتىپ كەلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچ يىل داۋاملاشقان بېسىمدىن كېيىن، ئەركىن بىر نەپەس ئالماي تۇرۇپلا ۋە تۇرمۇش ۋە دەۋەت ئىشىنى باشلىماي تۇرۇپلا، ئايالى يەنى مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى ھەزرىتى خەدىچە بىلەن ئەجدادلىرىنىڭ دىنىدا چىڭ تۇرۇپ ئۆلگەن تاغىسى ئەبۇتالىبنىڭ ۋاپاتىغا دۇچ كەلدى.

ئەبۇتالىب مەككىنىڭ ئەڭ ئابرۇيلۇق كىشىسى ئىدى، ئەبۇتالىبنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆز ھىمايىسىگە ئېلىشى بىلەن مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەزىيەت يەتكۈزۈشتىن توختىغانىدى.

خەدىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھامىيسى ۋە باشپاناھى ئىدى. ئۇ، ھەزرىتى مۇھەممەدكە پەيغەمبەرلىك بېرىلىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ خاتىرجەم ئويلىنىشىغا ئىمكان يارىتىپ بەرگەن، پەيغەمبەرلىك بېرىلگەندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ دەرتلىرىگە دەرمان بولغان، مەرھەمەتلىك قەلب ئىگىسى ئىدى. شۇنداقلا، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سادىق ھەمراھى، ئايالى، دوستى ۋە خىزمەتكارى ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ۋاپاتىغا بەكمۇ ئېچىنغانىدى، ھەتتا تارىخچىلار بۇ يىلنى «مۇسىبەت يىلى» دەپ ئاتاشتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ مۇسىبىتى مۇشرىكلارنى بەكمۇ سۆيۈندۈردى، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنى قوغدايدىغان ۋە ھىمايە قىلىدىغان تاغىسىدىن ۋە روھى جەھەتتىن مەدەت بېرىپ، خىزمىتىنى قىلىدىغان ئايالىدىن ئايرىلىپ قالغانىدى. قۇرەيشلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تېخىمۇ كۆپ ئەزىيەت چەكتۈرۈشكە باشلىدى. مۇشرىكلار قۇربانلىق قىلىنغان بىر تۆگىنىڭ ئىچ - قارنىنى ئېلىپ كېلىپ، سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرۈۋاتقان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈستىگە ئارتىپ قويۇشتى.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان قىزى فاتىمە، دادىسىنى ئۇ يەردىن ئېلىپ كېتىش ۋە (ئەسلىدە دادىسى قىزىنى قوغداش كېرەك بولغان بىر مۇھىتتا) دادىسىنى قوغداش ئۈچۈن دەرھال ئۇ يەرگە كەلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام الله يولىدا بۇنىڭغىمۇ سەۋر - تاقەت قىلىپ بەرداشلىق بەردى.

بىر كۈنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەقىف قەبىلىسى يەرلەشكەن تائىفكە بارماقچى بولدى. بەلكىم ئۇ: بۇ يەردىكىلەرنىڭ قەلبى باتىللىقتىن تاشتەك قېتىپ كەتتى. سەقىفكە

بىرىپ باقاي، بەلكىم الله ئۇ يەردە ئىسلام دەۋىتى ئۈچۈن بىر چىقىش يولى بېرىپ قالار.- دەپ ئويلىغانىدى.

دەۋەتكە قارىتا يۈزگۈزۈلگەن ئومۇمىيۈزلۈك بېسىم بەكمۇ شىدەتلىك تۈسكە كىرگەچكە، بىر قەدەم ئالغا ئىلگىرىلەش مۇمكىن بولمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئەھۋالدىن پەرىشان بولدى ۋە ئەتراپقا قۇرۇلغان چەمبەرسىمان توساقنى يېرىپ بېقىش نىيىتىدە تائىفكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. مەككە بىلەن تائىفنىڭ ئارىلىقى 70 كىلومېتىردىن ئارتۇق بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تائىفكە پىيادە يۈرۈپ بېرىپ كەلدى. بۇ مۇشرىك قەۋمنى الله قا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن كېتىۋاتقىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نېمىلەرنى ئويلىغانلىقى بىزگە نامەلۇم. بىز پەقەت ئۇنىڭ تائىفكە دۇنيا ۋە ئاخىرەت مەرھەمىتىنى ئېلىپ ماڭغانلىقىنىلا بىلىمىز. تائىفلىكلەر ئۇنى جاھالەت دەۋرىنىڭ ئۇسلۇبىدا كۈتىۋالدى. ئۇنىڭغا قوپال مۇئامىلە قىلدى ۋە ئۇنى ئىنكار قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ يەردە ئون كۈن تۇردى. ئۇ بۇ ئون كۈننى ئۆيلەر، بازارلار ۋە يوللارنىڭ ئارىسىدا قاتراپ ئۆتكۈزدى. ھېچكىم ئۇنىڭغا قۇلاق سالمىدى. دەۋەتكە ھېچكىم ئىشەنمىدى. ئۇلار بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، ئۇنى مەسخىرە قىلدى ۋە ھەتتا ئۇرماقچى بولدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىگە قايتىشقا قارار بەردى. ئۇ قايتىشتىن بۇرۇن تائىف خەلقىدىن ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىنىڭ سەۋەبىنى مەككىلىكلەرگە ئېيتماسلىقنى، بولمىسا ئۇلارنىڭ ئىسلامغا بولغان مەسخىرە ۋە زۇلۇملىرىنىڭ تېخىمۇ ئېشىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. تائىف خەلقى بۇ ئاخىرقى ئۆتۈنۈشنىمۇ قوبۇل قىلمىدى.

ئۇلار بۇنى ئاز كۆرگەندەك، ئۇنىڭغا بىر ئىنسانغا قىلىنىدىغان ئەڭ ئېغىر يامانلىقنى قىلدى. ئۇلار كىچىك باللارنى، قۇللارنى، ساراڭ، ئەخمەقلەرنى يىغىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھۇجۇم قىلىشقا كۈشكۈرتتى. ئۇلار ئىككى سەپ بولۇپ تىزىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تاش ياغدۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ تاشلىرى ئارىسىدا تائىفتىن چىقتى. تاشلار پۇتلىرىغا تېگىپ قانىتىۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پېشىغا چۈشكەنلەر تۈپەيلىدىن تائىفلىق ئىككى باي كىشىگە تەۋە بىر باغقا كىرىپ، ئۇ يەردە ساقلىنىشقا مەجبۇر بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باراڭ سايىسىدا ئولتۇردى. باغنىڭ ئىگىلىرىمۇ شۇ يەردە ئىدى. باغنىڭ ئىگىسى ساراڭلانى ئارقىسىغا ياندۇرۇۋېتىپ، ئۇلار قوغلاپ كەلگەن ياردار ئادەمنى كۆردى ۋە خىزمەتكارىدىن ئۇنىڭغا بىر ساپاق ئۈزۈم ئەۋەتتى، خىزمەتكار بىر خرىستىئان بولۇپ، ئىسمى ئادداس ئىدى.

خىزمەتكار ئۈزۈمنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا قويدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم» دەپ قولىنى ئۈزۈمگە ئۇزاتتى.

ئادداس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:

- بۇ، بۇ يەرلىكلەرنىڭ سۆزى ئەمەسقۇ؟- دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- سەن قەيەرلىك؟ - دەپ سورىدى.

ئادداس:

- مەن نوۋالىق خرىستىئان، - دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- سالىھ كىشى يۇنۇس ئىبنى مەتتانىڭ يۇرتىدىنمۇ؟ - دەپ سورىدى.

ئادداس:

- يۇنۇسنى سەن قانداق بىلىسەن؟ - دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ئۇ مېنىڭ قېرىندىشىم، ئۇ پەيغەمبەر ئىدى، مەنمۇ پەيغەمبەرمەن، - دېدى.

ئادداس ئۆزىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياقلىرىغا ئاتتى. ئۇ بىر تەرەپتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قوللىرىنى سۆيسە، بىر تەرەپتىن توختىماي يىغلايتتى.

بۇ ئىخلاسمەن خرىستىئان تائىفتىن ئىسلامغا ئاۋاز قوشقۇچى بىردىنبىر كىشى ئىدى. ئۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى ھەپتە ۋاقىت ۋە ئېتىلغان تاشلار چىقارغان قانلار بىلەن بەدىلىنى تۆلىگەن قوشۇلغۇچى ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تائىفتىن خۇددى مەككىدە ئىنكار قىلىنغاندەك، ئىنكار قىلىنغان ھالدا مەككىگە قايتتى. شۇنداق بولسىمۇ، قىلچە ئۈمىدسىزلەنمەي، دەۋەت ۋە جىھادقا داۋام قىلدى.

ئىنكارچىلارنىڭ قەبىھ قىلمىشلىرى ئاشقانسېرى، ئۇنىڭ غەيرەت ۋە مەرھەمىتىمۇ ئاشماقتا ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسلام ھەرىكىتى يالغۇز ۋە ياردەمچىسىز شەكىلدە تۇيۇقسىز باشلاشقا مەجبۇر بولىدىغان ۋاقىتلىرى كەلگەنىدى.

كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تەرك ئەتكەن ۋاقىتتا، ئىشقا ئاسمان ئارىلاشتى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ چوڭ مۆجىزىسى بولغان «مىراج ۋە ئىسرا مۆجىزىسى» مەيدانغا كەلدى.

بۇ، ئىسلامىي دەۋەت بىلەن ئالاقىسى بولمىغان مۆجىزە ئىدى. شۇنداقلا بۇ، بۇ داۋانى ئىسپاتلاش ۋە قولىلاش مەقسىتىدە ئەمەس، بەلكى پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قولىلاش، ئۇنى ئۇلۇغلاش ۋە شەرەپلەندۈرۈش ئۈچۈن كەلگەنىدى.

بەلكىم الله، بۇ مۆجىزە ئارقىلىق ئىنسانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ۋە دەۋاسىنى ئىنكار قىلغان بولسا، ئۆزىنىڭ ئۇنى پەيغەمبەرلىككە تاللاپ، شەرەپلەندۈرگەنلىكىنى ۋە

ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا دەلىل بولىدىغان بەزى نەرسىلەرنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئۇنى ئۆزىگە چاقىرغانلىقىنى بىلدۈرمەكچى بولغانىدى.

«ئىسرا ۋە مىراج مۆجىزىسى» پەيغەمبەرلەر تارىخىدا ھېچبىر پەيغەمبەرنىڭ قىسمىتىدە تەكرارلانمىغان، پەقەت پەيغەمبىرىمىزگىلا خاس بولغان بىر مۆجىزە سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەنىدى.

بىز پەيغەمبەرلەر تارىخىدا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ «اﷲ نىڭ دوستى» دەپ ئاتالغانلىقىنى، ھەزرىتى مۇسانىڭ اﷲ بىلەن ھېچقانداق ۋاستىسىز ھالدا سۆزلەشكەنلىكىنى، شۇنداقلا، ھەزرىتى ئىساغا روھۇلقۇددىس بىلەن اﷲ تەرىپىدىن ياردەم بېرىلگەنلىكىنى بىلىمىز .

ئەمما بىز اﷲ نىڭ تۈنجى قېتىم بىر پەيغەمبەرنى ئۆزىگە چاقىرغانلىقىنى كۆرىۋاتىمىز.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە يۈكسەلدى. جىبرىئىل ئۆزىگە رۇخسەت قىلىنغان يەرگىچە كېلىپ توختىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يالغۇز يۈرۈپ كەتتى.

مانا بۇ، قەلەملەر ئىپادىلەشكە ئاجىزلىق قىلغان ۋە سىناق قىلىپ بېقىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىغان ئۇلۇغلۇق دەرىجىسى ئىدى.

پەيغەمبەرلەرنىڭ ئارىسىدا رەببىدىن ئۆزىگە ئۇلۇكلەرنى قانداق تىرىلدۈرگەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويۇشنى تەلەپ قىلغان ۋە اﷲ: «تېخىچە ئىشەنمىدىڭمۇ؟» دەپ سورىغاندا: ئىشەندىم، ئەمما كۆڭلۈمنىڭ تېخىمۇ ئەمىن تېپىشىنى ئۈمىد قىلىمەن، ـ دېگەن پەيغەمبەرنىڭ (ھەزرىتى ئىبراھىم) بارلىقىنى؛ شۇنداقلا، يەنە اﷲ سۆيگۈسى بىلەن ئالغا ئىنتىلىپ:

﴿«پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئۆزەڭنى كۆرسەتكىن، سېنى بىر كۆرۈپ ئالاي»﴾. دەپ سورىغان پەيغەمبەرنىڭ بارلىقىنىمۇ كۆردۇق. اﷲ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئۆزىنى ئىنسانلارنىڭ كۆرەلىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، ھېچبىر يارالغۇچنىڭ ئۆز ياراتقۇچىسىنىڭ جامالىغا قاراشقا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى.

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ اﷲ تىن مۆجىزە ياكى ئۆزىنى كۆرۈشنى تەلەپ قىلمىغانىدى. ئۇنىڭ قەلبىنىڭ تولۇق قانائەت ھاسىل قىلىشىغىمۇ ھاجىتى يوق ئىدى.

ئۇنىڭ اﷲ قا بولغان سۆيگۈسى سۆيگۈدە ۋايىغا يەتكەن چوڭ ـ كىچىك ھەرقانداق بىرى ئويلاپ يېتەلمىگۈدەك دەرىجىدە ئىدى.

چۈنكى ئۇنىڭ سۆيگۈسى ھېچقانداق سوئال سوراشنىڭ ھاجىتى بولمىغان، تەلەپ قىلىش دەرىجىسىدىن ئۆتۈپ، تەسلىم ۋە رازى بولۇش دەرىجىسىگە يەتكەن سۆيگۈ ئىدى.

سۈرە ئەئراف 143 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەقەت اللە نىڭ ئۆزىدىن مەمنۇن بولماسلىقىدىن ئەندىشە قىلاتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تائىفتىن ئىنكار قىلىنغان، قوغلانغان ۋە يارىلانغان ھالدا چىقىپ كېتىۋېتىپ مۇنداق دېدى:

«ئى اللە! ئەگەر سەن ماڭا ئاچچىقلانمىغانلا بولساڭ. مەن بېشىمغا كەلگەنلەرگە پىسەنت قىلىپمۇ قويمايمەن».

بۇ سۆيگۈنىڭ ئېسىللىقىغا قاراڭ! ئۇ ئۆزىنى كەمتەرلىك دۇنياسىغا ئاتىۋەتكەنىدى. شۇڭا ئۇ: ئەگەر ماڭا ئاچچىقلىمىغانلا بولساڭ... ئۇ مەمنۇنىيەت تەلەپ قىلمىغانىدى. ئۇنىڭ تەلەپ قىلغىنى پەقەت اللە نىڭ ئۆزىگە ئاچچىقلانماسلىقى ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ اللە قا بولغان ئەدەب ـ ئەخلاقى تۈنجى ۋە ئەڭ مۇكەممەل مۇسۇلمانغا لايىق بولغان ئەدەب ـ ئەخلاق ئىدى.

ئۇ تەلەپ قىلماي تۇرۇپ ئۇنىڭغا بېرىلىشى ۋە ئۇ كۈتمەي تۇرۇپ ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلىنىشى تۈنجى ۋە ئەڭ مۇكەممەل مۇسۇلماننىڭ ھەققى ئىدى. ئىسرا ۋە مىراج كېچىسى ئەنە شۇنداق ھالەتتە مەيدانغا كەلگەنىدى.

ئۇ، پەيغەمبەرنىڭ شەخسىيىتىنى ئۇلۇغلاش مەقسەت قىلىنغان ئەقىل ۋە كۆڭۈلنى بىرلىكتە جەلىپ قىلىدىغان مۆجىزە ئىدى.

اللە نىڭ بارلىق پەيغەمبەرلىرىگە يەر يۈزىدە مەيدانغا كەلگەن مۆجىزىلەر بىلەن ياردەم قىلىنىدى. ھەتتا ھەزرىتى ئىدرىس ۋە ھەزرىتى ئىسادەك پەيغەمبەرلەر ئۆلتۈرۈلۈش ياكى دارغا ئېسىلىشتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كېتىلدى. ئۇلارنىڭ يەر يۈزىدىكى پائالىيەتلىرى، ئۇلارنىڭ ئاسمانغا چىقىپ كېتىش مۆجىزىسى بىلەن تەڭ ئاياغلاشقانىدى.

تۈنجى قېتىم ئەسلى ئورنى ئاسماندا بولغان بىر مۆجىزىگە دۇچ كەلدۇق، بۇ بىر پەيغەمبەرنىڭ تىرىك ھالدا جىسمى ۋە روھى بىلەن ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈش مۆجىزىسى ئىدى. ئۇ يەردە اللە ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ بەزى بۈيۈك ئىسپاتلىرىنى كۆرسەتتى. ئاندىن ئۇ دۇنيا خەلقى دۇچ كەلگەن بارلىق ئازاب ـ ئوقۇبەتنى يەتكىچە تارتقان دۇنياغا قايتتى.

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ يەر شارىدىن ھالقىپ، ئاي، قۇياش، سامان يولى سىستېمىسى ۋە يۇلتۇزلاردىن ئۆتكەن ۋە يۇقىرى ئۆرلىگەن تۇنجى ئىنسان ئىدى. كۈنىمىزدە بىز تاشقى پىلانېتلاردا ئايلىنىپ يۈرگەن تۇنجى ئىنسانلارغا شاھىت بولماقتىمىز. ئىنساننىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ، 14 ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىن بارالىغان پىلانېتىسى، يەر بىلەن بولغان ئارىلىقى ئەڭ قىسقا بولغان ئاي شارى ئىدى. ئىسلام پەيغەمبىرى بولسا، 14 ئەسىر بۇرۇن تاشقى پىلانېتلارنىڭ ھەممىسىنى بىرلەپ ـ بىرلەپ

ئـايلىنىپ ئـۆتۈپ، سـىدرەتۇل مۇنتـەھاغا يـەنى ئـەڭ ئـاخىرقى ئۇچىغـا قـەدەر يېـتىپ بارغانىدى.

شـۇنداق، ئـۇ يارىتىلغـان كائىنـاتنىڭ ئـاخىرقى نۇقتىسـىغا ۋە غـايىب ئالـەمنىڭ باشلانغۇچ نۇقتىسىغا يېتىپ بارغانىدى. جەننەت غايىب ئالەمنىڭ بىر پارچىسى ئەمەسمۇ؟ ئەنە ئۇ شۇ جەننەتكە يېتىپ باردى. ئۇ، الله نىڭ كىتابىدا جەننەتۇلمەئۋا دەپ ئاتىغان جەننەت ئىدى.

يـارالغۇچىنىڭ بىلىمى ئەسلا يېتەلمەيدىغان، هـەقىقەتنى پـەقەت الله لا بىلىدىغـان نۇقتىغا يېتىپ بارغانىدى.

ئىسـرا ۋە مىـراج مـۆجىزىلىرى گـەرچە بىـر كـېچىدە يـۈز بەرگـەن بولسـىمۇ، ئـايرىم - ئايرىم مۆجىزە ئىدى. بۇ ئىككى مۆجىزە قۇرئاننىڭ ئىككى سۈرىسىدە ئايرىم - ئايرىم بايان قىلىنغانىدى.

الله تائالا ئىسرا مۆجىزىسى ھەققىدە سۈرە ئىسرادا مۇنداق دەيدۇ:

﴿الله (بارچە نۇقسانلاردىن) پاكتۇر، ئۇ (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) قۇدرىتىمىزنىڭ دەلىللىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، بەندىسىنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى) بىر كېچىدە مەسجىدى ھەرامدىن ئەتراپىنى بەرىكەتلىك قىلغان مەسجىدى ئەقساغا ئېلىپ كەلدى. ھەقىقەتەن الله ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾.

الله تائالا مىراج مۆجىزىسى ھەققىدە نەجم سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ئۇ جىبرىئىلنى ھەقىقەتەن ئىككىنچى قېتىم سىدرەتۇلمۇنتەھا (دەرىخىنىڭ) يېنىدا كۆردى. جەننەتۇلمەئۋا بولسا سىدرەتۇلمۇنتەھانىڭ يېنىدىدۇر. (ئۇ) سىدرەتۇلمۇنتەھانى (ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ نۇرى) قاپلىغان چاغدا (كۆردى). (پەيغەمبەر) نىڭ كۆزى (ئوڭ - سولغا) بۇرالمىدى، (كۆزلەنگەن نەرسىدىن) ئۆتۈپ كەتمىدى. شۈبھىسىزكى، ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ (قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان بۈيۈك ئالامەتلەرنى) كۆردى﴾.

ئىسرا ۋە مىراج كېچىسى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام الله قا دۇئا قىلغاچ كەبىنى تاۋاپ قىلدى. ئۇنىڭ يۈزى سولغۇن، كۆزى ياشقا تولغان ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاۋاپ قىلىۋاتقاندا، يېنىدا ھېچكىم يوق ئىدى. مۇشرىكلار ۋە كاپىرلار ئۇنىڭ تاۋاپ ۋە دۇئا قىلىشىغا ناھايىتى ئۆچمەنلىك بىلەن قارىشاتتى.

ئۇلۇغ الله بەندىسىگە قارىدى، ئاندىن ھەزرىتى جىبرىئىلغا بەندىسى مۇھەممەدنى مەسجىدى ھەرەمدىن مەسجىدى ئاقساغا ئېلىپ بېرىشىنى، ئاندىن رەببىنىڭ بۈيۈك ئىسپاتلىرىنىڭ بەزىلىرىنى كۆرۈشى ئۈچۈن ئۇنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىشنى ئەمر قىلدى.

سۈرە ئىسرا 1 - ئايەت.
سۈرە نەجم 13 - دىن 18 - ئايەتكىچە.

...

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىكى ئەڭ شەرەپلىك ۋە يوقسۇل بىر ئۆيدە ئۇخلاۋاتاتتى. بىردىنلا پۈتۈن چۆلنى جىمجىتلىق بېسىشى ۋە بارلىق مەۋجۇداتنىڭ سۈكۈناتقا چۆمۈشى ھەققىدە بۇيرۇق كەلدى. پۈتۈن كېچە سۈكۈناتنىڭ ئەڭ يۈكسەك پەللىسىگە چىقتى. كېچە قۇشلىرى قورقۇنچتىن لام ـ جىم دېمەي بۇيرۇققا بويسۇندى. يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ قەلبى يۇمشاپ، ئۈن ـ تىن چىقىرىشمىدى. زەمزەم سۈيى تىنىق ھالدا، ئاۋاز چىقارماي ئېقىشقا باشلىدى. شامالمۇ ھۇشقىرتىشنى تاشلاپ، ئەتراپقا قۇلاق سالماقتا ئىدى. دۇنيانىڭ يۈرىكى بۇ مەرھەمەتتىن تەۋرەپ كەتتى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام چۆلگە چۈشتى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئۇنىڭ باش تەرىپىدە قاراپ تۇردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى جىبرىئىلنىڭ قارىشىدىن ئويغىنىپ كەتتى ۋە كۆزلىرىنى ئېچىپ، ئورنىدىن تۇردى.

جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:

ـ ئەسسالامۇ ئەلەيكە ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! الله ئۆزىنىڭ كائىناتتىكى بەزى ئىسپاتلىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن سىنى ئېلىپ كېلىشكە مېنى بۇيرىدى، ـ دېدى.

جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئېلىپ يولغا چىقتى، ئىككىسى ئۆيدىن چىقىپ تۇرىشىغا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇراقنى كۆردى. بۇراق قۇشقا ئوخشاپ قالىدىغان بىر مەخلۇق ئىدى.

ئۇ چاقماقتىن يارىتىلغان مەخلۇق بولۇپ، بۈركۈتنىڭكىدەك قاناتلىرى بار ئىدى. يارىتىلغان شەيئىلەرنىڭ ئىچىدە سۈرئىتى ئەڭ تېز بولغىنىنىڭ يورۇقلۇق ئىكەنلىكى ھەممىيلەنگە مەلۇم. يورۇقلۇقنىڭ سېكونت تېزلىكىنىڭ 186 مىڭ مىل ئىكەنلىكىمۇ بىزگە مەلۇم. يورۇقلۇق تېزلىكىدە ماڭغان ھەر قانداق نەرسە يورۇقلۇققا ئايلىنىپ كېتىدۇ. بۇ، بىر ئىلمىي ئاساستۇر.

بەزى ئالىملار، بۇ سەپەردە يورۇقلۇقنىڭ كۈچى ۋە تېزلىكىدىن پايدىلىنىلغانلىقى ھەققىدىكى كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويىدى. گەرچە بۇ ئۇسۇلدا قىلىنغان سەپەر ھەققىدە بەزى مۇجمەل تەرەپلەر بولسىمۇ، كۆڭلىمىز بۇ كۆز قاراشقا مايىل بولماقتا. قۇرئان سەپەردە قوللىنىلغان قاتناش ۋاستىسىنى تەسۋىرلىمەي، بىۋاستە بۇ سەپەرنىڭ سەۋەبىگە يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ الله نىڭ بەزى ئايەتلىرىنى (دەلىللىرىنى) كۆرۈش ئىكەنلىكىگە ئۆتۈپ كەتكەنىدى. ھەدىسلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇراققا مىنگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. بۇراق ھەر بىر قەدىمىنى كۆزى يەتكەن يەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نۇقتىسىغىچە بولغان يەرگە ئاتىدىغان ھايۋان ئىدى. بۇ، ئۇنىڭ سۈرئىتىنىڭ پەۋقۇلئاددە تېز ئىكەنلىكىنىڭ سىمۋولىدۇر.

بىز. بۇ سەپەردە قوللىنىلغان قاتناش ۋاستىسى ھەققىدە توختالمايمىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇرۇندىن قالغان ھېچقانداق تەجرىبىسى بولماي تۇرۇپ، تاشقى ئالەملەردىن قانداق ھالقىغانلىقى، بېرىپ ـ كېلىش ئۈچۈن قانچىلىك ۋاقىت كەتكەنلىكى، سۈرئىتىنىڭ نەقەدەر تېز ئىكەنلىكى، تاشقى ئالەمگە قىلىنغان بۇ سەپەرنىڭ جەريانى ھەققىدە ھېچقانداق سوئال سورىمايمىز. مۇلاھىزە قىلمايمىز ۋە ھەيران بولمايمىز. چۈنكى بىزدە يېتەرلىك جاۋاب بار: «الله تائالا شۇنداق بولۇشنى بۇيرىغانىدى». ئۇ بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە: «ۋۇجۇتقا كەل!» دېگەنىدى ۋە ۋۇجۇتقا كەلگەنىدى.

ئالىملار ئىسرا ۋە مىراج ۋەقەسىنىڭ پەقەت روھ بىلەنلا ياكى ھەم روھ ھەم بەدەن بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىدە ئىختىلاپ قىلىشتى. ھەققەت ئەھلىلىرى ئۇنىڭ ھەم روھ ھەم بەدەن بىلەن بولغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەم روھ ھەم بەدەن بىلەن ئاسماندىكى يۈكسەك پەللىنىڭ ئەڭ چوققىسىغا قانداق چىققانلىقىغا ۋە تېخى ياتقان ئورنى سوۋۇماي تۇرۇپ قانداق قايتىپ كېلىپ بولغانلىقىغا ھەيران بولۇپ، سوئال سورىشىدۇ. قايسى بىر مۆجىزە مەنىينى ئىنسانغا ئايلاندۇرغان، ئۇرۇقنى دەرەخكە ئايلاندۇرغان، سۇنىڭ تۇپراقنى تىرىلدۈرۈش ياكى ئۇسسۇزنى قاندۇرغان، ھەتتا سۆيگۈنىڭ بۇرۇندىن تارتىپ ھېچقانداق ئالاقىسى بولمىغان ئىككى يۈرەكنى بىرلەشتۈرگەن مۆجىزىسىدىنمۇ ئۈستۈن كېلەلەيدۇ؟ دۇنيادا بۇلاردىنمۇ بەكرەك ئەجەبلىنەرلىك مۆجىزە بارمىدۇ؟

بۇراق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرەپكە ئېگىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى جىبرىئىل بىلەن بىرلىكتە ئۇنىڭغا مىندى.

بۇراق مەككە تۆپىلىكلىرى ۋە چۆلدىكى قۇم بارخانلىرىدىن خۇددى يورۇقلۇقتىن ياسالغان نۇردەك تېز ئۆتۈپ، شىمال تەرەپكە يۈزلەندى.

جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام سىنا تېغىنى كۆرسەتتى، بۇراق توختىدى.

جىبرىئىل:

ـ بۇ مۇبارەك يەردە الله تائالا ھەزرىتى مۇسا بىلەن سۆزلەشكەن، ـ دېدى.

بۇراق يولغا قايتىدىن داۋام قىلدى ۋە بەيتۇل مۇقەددەسكە بېرىپ توختىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۈرئىتى يورۇقلۇقتىن مىڭلارچە ھەسسە تېز بولغان، ئەمما يورۇقلۇققا ئايلىنىپ كەتمىگەن بۇ ئايروپىلاندىن يەرگە چۈشتى ۋە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بىلەن بەيتۇل مۇقەددەسكە كىردى.

ئۇلار مەسجىدكە كىرىپ، الله نىڭ بارلىق پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئۆزلىرىنى كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. الله ئۇ دۇنيادىن پەيغەمبەرلەرنىڭ شەكىللىرىنى ئەۋەتىپ، ھەممىسىنى ئۇ يەرگە جەم قىلغانىدى.

پەرىشتىلەر ئۇنىڭ ئالدىغا، بىرىگە سۈت، يەنە بىرىگە شاراپ تولدۇرۇلغان ئىككى كۈپ كەلتۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۈت تولدۇرۇلغان كۈپنى قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭدىن ئىچتى.

ئۇنىڭغا: سەن فىترەت (تەبىئى بولغان نەرسە) نى تاللىدىڭ، ئۈممىتىڭمۇ شۇنى تاللايدۇ، ـ دېيىلدى.

پەيغەمبەرلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىغا توپلاندى (ئولاشتى). ناماز ۋاقتى كەلگەندى. پەيغەمبەرلەر ئۆز ئىچىدە ئويلاشتى: بىزگە كىم ئىمام بولۇپ بېرىدۇ؟ ئادەم ئەلەيھىسسالاممۇ، نۇھ ئەلەيھىسسالاممۇ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالاممۇ، مۇسا ئەلەيھىسسالاممۇ ياكى ئىسا ئەلەيھىسسالاممۇ؟

شۇ پەيتتە، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: اللە تائالا سىنىڭ پەيغەمبەرلەرگە ئىمام بولۇپ بېرىشىڭنى بۇيرىدى، ـ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇلارغا ئىمام بولدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكى ۋە ھەزرىتى مۇھەممەدنىڭ ئەڭ مۇكەممەل مۇسۇلمان ئىكەنلىكى ھەممىمىزگە مەلۇم.

ھەزرىتى مۇھەممەدكە بېرىلگەن كىتابنىڭ باشقا پەيغەمبەرلەرگە بېرىلگەن كىتابلارنى قوغداش مەقسىتىدە كەلگەنلىكىگە قارىغاندا، پەيغەمبەرلەرگە ئىمام بولۇشى مەنتىقىغە ئۇيغۇن ئىدى.

ھەزرىتى مۇھەممەد ئۇلارغا قۇرئان ئايەتلىرىدىن ئوقۇدى. ئوقۇۋېتىپ يىغلىدى. بۇ ئىخلاسمەنلىك باشقا پەيغەمبەرلەرنىمۇ يىغلاتتى، پەيغەمبەرلەر ئىمامنىڭ ئارقىسىدىن سەجدە قىلغاندا، دەل ـ دەرەخ ۋە يۇلتۇزلارمۇ تەڭ سەجدە قىلدى.

ناماز ئاخىرلاشتى، پەيغەمبەرلەر كۆزدىن غايىب بولۇشتى. ھەر بىرى سامادا ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان ماكانلىرىغا قايتىشقانىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام مەسجىددىن چىقىپ، بۇراققا مىندى.

بۇراق چاقماق تېزلىكىدە يۇقىرىغا قاراپ ئۆرلىدى ۋە ئەڭ چوققىغا ئۇلاشتى. بىرىنچى ئاسمانغا كەلگەندە، ئۇلار ھەزرىتى ئادەمنى كۆردى.

ئالەملەرنىڭ رەببى ئەمر قىلدى:

ـ بەندەم تېخىمۇ يۇقىرىغا ئۆرلىسۇن!

اللە نىڭ بەندىسى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ يۇقىرىغا ئۆرلىدى.

ئاسمانلاردىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتتى. ئۇ يەرلەردىن ماددىي ۋە روھىي ماكان ھالىتىدە ئۆتتى. اللە نىڭ ھۇزۇرىدا تۇرۇشقا تەييارلىنىۋاتاتتى.

بىرىنچى ئاسماندىكى ھەزرىتى ئادەمنىڭ روھىي ماكانىدىن ئۆتتى. ئىككىنچى ئاسماندىكى ھەزرىتى يەھيا بىلەن ھەزرىتى ئىسانىڭ ماكانىدىن ئۆتتى.

اللہ تائالا يەنە:

ـ بەندەم ئېخىمۇ يۇقىرىغا ئۆرلىسۇن! ـ دېدى.

اللہ نىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى ئېخىمۇ يۇقىرى ئۆرلەپ، ئۈچىنچى، تۆتىنچى، بەشىنچى، ئالتىنچى ۋە يەتتىنچى ئاسمانلاردىن ئۆتتى. پۈتۈن كائىناتتىن ماددىي، روھىي، جەۋھەر، ھەقىقەت ۋە ھۆكۈم سۈپىتىدە ئۆتتى. يەنە داۋاملىق يۇقىرى ئۆرلىدى ۋە نىھايەت اللہ تائالا سىدرەتۇلمۇنتەھا دەپ ئاتىغان يەرگە يېتىپ باردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ يەردە جەننەتۇل مەئۋانى كۆردى. ئۇ بىز بىلمەيدىغان ھەم چۈشەنمەيدىغان ۋە بىز ئويلاپ باقمىغان نەرسىنى كۆرگەنىدى.

﴿(ئۇ) سىدرەتۇلمۇنتەھانى (ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ نۇرى) قاپلىغان چاغدا (كۆردى)﴾. [1]

بۇ يەرگە قەدەر ھەر ئىش ئوچۇق ئىدى، يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ ئەسلى ئېنىق بايان قىلىنمىغان بولسىمۇ، اللہ تائالا بۇ ئۈستى يېپىق ۋە ئىلھام بەخش ئەتكۈچى كۈچ ئارقىلىق بىزگە بەزى ئىشلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكىدىن خەۋەر بەرگەنىدى.

اللہ نىڭ بىز ئۈچۈن مەخپىي قىلغان نەرسىسى ئەنە شۇ بولۇپ، ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆرگەنىدى. بۇ ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس مۆجىزىسى ئىدى. بۇ، ئىنسانىيەت چۈشەنچىسىنىڭ سەۋىيىسىدىن يۈكسەك بولغانلىقى ئۈچۈن، سىر پەردىسى ئېچىلمىغان سۆيگۈ دەرىجىلىرىدىن بىرى ئىدى.

جەننەت بىلەن جەھەننەمنىڭ رەببى ئەمر قىلدى:

ـ بەندەم ئېخىمۇ يۇقىرىغا ئۆرلىسۇن!

اللہ نىڭ بەندىسى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئېخىمۇ يۇقىرى ئۆرلىدى. ئارقىسىغا قارىۋىدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز جايىدا اللہ غا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. جىبرىئىل ئەمدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەر يۈزىدە ئۇنى كۆرگەن شەكىلدە ئەمەس ئىدى. ئۇ اللہ ياراتقان پەرىشتە ھالىغا قايتقانىدى. ھەزرىتى مۇھەممەد جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامغا دىققەت قىلىپ قارىدى. ئۇ اللہ نىڭ ئۆزىگە كۆرسەتمەكچى بولغان ئەڭ چوڭ ئىسپاتى (ئايىتى) ئىدى.

﴿(پەيغەمبەر) نىڭ كۆزى (ئوڭ ـ سولغا) بۇرالمىدى، (كۆزلەنگەن نەرسىدىن) ئۆتۈپ كەتمىدى﴾. [2]

---

[1] سۈرە نەجم 16 ـ ئايەت.
[2] سۈرە نەجم 17 ـ ئايەت.

بۇ كۆرۈش كۆز، قەلب، بىزگە بىلىنگەن ۋە بىلىنمىگەن ھېس ـ تۇيغۇلار بىلەن ئەمەلگە ئاشقان ئوپئوچۇق كۆرۈش بولۇپ، ھەرگىزمۇ ۋۇجۇت بىرلىكى ئۇچۇن ئېلىپ بېرىلغان زېھنىي پائالىيەت ياكى ھېچ ئوخششى بولمىغان پىسخولوگىيىلىك تاكتىكا ۋەياكى خىيال، تەسەۋۋۇر، پىلان ۋە مەقسەتلىك بىر ئىش ئەمەس ئىدى.

بۇلارنىڭ ھېچقايىسى بولماسلىقىدىكى سەۋەب شۇكى، بۇ ئىش بۇلاردىن بەكمۇ يىراق ۋە بەكمۇ ئەھمىيەتلىك ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەدىنى ۋە روھى بىلەن كۆرگەنىدى...

﴿(پەيغەمبەر) نىڭ كۆزى (ئوڭ ـ سولغا) بۇرالمىدى، (كۆزلەنگەن نەرسىدىن) ئۆتۈپ كەتمىدى﴾. [4]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تېخىمۇ يۇقىرى ئۆرلەپ چىقتى. نىھايەت، ئاسمان ـ زېمىننىڭ پەرۋەردىگارى، دۇنيانىڭ رەھمان ۋە ئاخىرەتنىڭ رەھىم سۈپەتلىك رەببىنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ تۇردى.

...

تۇنجى مۇسۇلمان: "ئەتتاھىياتۇل ئەل مۇبارەكەتۇ ۋەسسالاتۇ تەييىبەتۇ لىللاھى" دەپ كائىناتنىڭ رەببىگە سەجدە قىلدى.

ﷲ تائالا: "ئەسسالامۇ ئەلەيكە ئەييۇھەننەبىييۇ ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەرەكاتۇھۇ" دېدى.

پەرىشتىلەرمۇ: "ئەسسالامۇ ئەلەينا ۋە ئەلا ئىبادىللا ھىسسالىھىين" دەپ تەسبىھ ئېيتىشتى.

بۇ جۈملىلەر، مۇسۇلمانلار ھەر كۈنى نامازلىرىدا تەكرار ـ تەكرار ئوقۇيدىغان «ئەتتاھىييات» دۇئاسىنىڭ بېشى ئىدى. بۇ بۈيۈك كۆرۈشۈشتە مۇسۇلمانلارغا نامار پەرز قىلىندى، يەنى مۇسۇلمانلارغا كۈندە بەش ۋاخ ناماز ئوقۇش پەرز قىلىندى.

كۆپىنچە مۇسۇلمانلارنىڭ قارىشىچە، ﷲ دەسلەپتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەللىك ۋاقىت نامازنى پەرز قىلغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەسكە چۈشۈۋېتىپ، ھەزرىتى مۇسا بىلەن ئۇچراشتى. ھەزرىتى مۇسا ئۇنىڭدىن قانچە ۋاقىت ناماز پەرز قىلىنغانلىقىنى سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەللىك ۋاخ ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. مۇسا: ئۈممىتىڭنىڭ بۇنىڭغا كۈچى يەتمەيدۇ. قايتىپ بېرىپ، رەببىڭدىن بۇنى يېنىكلىتىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلغىن! ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەرۋەردىگارىنىڭ يېنىغا قايتتى، ﷲ ئون ۋاخنى ئازايتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى مۇسانىڭ يېنىغا قايتتى، ھەزرىتى مۇسا ئۇنى يەنە ئاگاھلاندۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ﷲ نىڭ يېنىغا قايتا چىقتى.

[4] سۈرە نەجم 17 ـ ئايەت.

شۇنداق قىلىپ، مەسىلە ئەللىك ۋاخ ناماز قىسقارتىلىپ بەش ۋاخقا ئۆزگەرگەندە ئاندىن ئاياغلاشتى. ئەمما بۇ بەش ۋاخ نامازغا ئەللىك ۋاخ نامازنىڭ ساۋابى بېرىلەتتى.

بۇ ئۇچرىشىش كۈچ ـ قۇدرەت، ھەيۋەت ۋە مەرھەمەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدىغان، ئىنساننىڭ چۈشەنچە ۋە ئىدراكىغا سىغمايدىغان ھەرقانداق نەرسىدىن ئۈستۈن بولغان نەرسىلەرنى كۆرگەنىدى.

قۇرئاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆرگەن نەرسىلەر تىلغا ئېلىنمايدۇ. چۈنكى ئۇلار ئاللاھ تائالا بىلەن پەيغەمبىرىنىڭ ئارىسىدىكى سىر ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خاس مۆجىزە، شۇنداقلا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شەخسىيىتىنى ئۇلۇغلايدىغان نەرسىلەر بولۇپ، قۇرئان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ بەزى بۈيۈك ئايەتلىرىنى (ئىسپاتلىرىنى) كۆرگەنلىكىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن بۇلارنى تىلغا ئالمىغانىدى.

شۇڭا، بىزمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نېمىلەرنى كۆرگەنلىكىنى بىلمەيمىز. بىز پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ قا بولغان ئىتائىتى سەۋەبىدىن ئاللاھ قا سەجدە قىلغانلىقىنى، سۆيۈنچىتىن كۆز يېشى تۆككەنلىكىنى، قەلبىدىكى ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنىڭ كەلمەسكە كەتكەنلىكىنى (تامامەن يوقىغانلىقىنى) ۋە ئۇنىڭ خۇشاللىقىدىن قاتتىق ھاياجانلانغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سىرنى كۆرۈپ، مەدھىيە ۋە ئۇلۇغلاشلارغا ئېرىشكەندىن كېيىن، بۇراقنىڭ يېنىغا قايتىپ، ئۇنىڭغا مىندى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئۇنى دۇنياغا قايتۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن بىرلىكتە يولغا چىقتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، تۆشىكىنىڭ تېخى سوۋۇمىغانلىقىنى كۆردى. ئۇ قانداق بېرىپ، تۆشىكى تېخى سوۋۇماي تۇرۇپ قانداق قايتىپ كەلگەنىدى؟

بۇ سەپەرگە قانچىلىك ۋاقىت كەتكەنىدى؟ بۇلارنىڭ جاۋابىنى ئاللاھ لا بىلىدۇ. بىز پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسرا ۋە مىراجدىن كېيىن تۆشىكىگە قايتىپ كەلگەنلىكىنىلا بىلىمىز.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق خۇشال، ئىچى مەمنۇنىيەتكە ۋە ئاللاھ يولىدا كۆرسىتىدىغان پىداكارلىققا تولغانىدى.

...

تاڭ ئاتتى...

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرگە كېچىدە قىلغان سەپىرىنى سۆزلەپ بەردى. كىشىلەر ئۇنىڭغا ئىشەندى. ئىنكار قىلغانلارمۇ بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا پەرۋا قىلمىدى ۋە يەر يۈزىدە ئاللاھ نىڭ دەۋىتىنى يېيىش ئۈچۈن سەۋر ـ تاقەت بىلەن يولىغا داۋام قىلدى. مەككىدە ئىسلام دەۋىتىگە ھېچقانداق ئورۇن قالمىغانلىقى تولۇق ئاشكارىلاندى. بۇ ئەھۋال، ئىخلاسمەن بولمىغان مۇسۇلمانلارغا ئېغىر (ھار) كەلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋانى تېخىمۇ بىر قەدەم ئالغا ئىلگىرىلەتتى. ﷲ ئۇنىڭ ھىجرەت قىلىشىنى بىلدۈردى.

قارار ئېلىندى. ﷲ يولىدىكى ھىجرەت سەپەرلىرى باشلاندى. مەككىدە ئۆتكەن ئون ئۈچ يىلدىن كېيىن... ئىسلامنىڭ ئۆز دۆلىتىنى قۇرۇش، مۇھاسىرە ئىچىدە قېلىش ۋە قوغدىنىش ئەھۋالىدىن مۇھاسىرىنى بۆسۈپ ھۇجۇمغا ئۆتۈش ۋاقتى كەلگەنىدى.

ھۇجۇمغا ئۆتۈش جان ۋە ئېتىقادلىرىنى ھىمايە قىلىش ۋاستىلىرى ئەمەس ئىدى.

دەسلىپىدە، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىدا كىچىككىنە ئۆزگىرىش ھاسىل بولدى.

مەدىنىدىن بىر ھەيئەت ھەج ئۈچۈن مەككىگە كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلدى ۋە ئۇلار دەۋەتنى قوبۇل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەتراپتىكى مۇھاسىرە يېمىرىلدى. مەدىنە ئەرەبلىرى يەھۇدىيلار بىلەن قوشنا بولۇپ ياشايتتى ۋە ئۇلاردىن تەۋراتتا خۇش - بېشارىتى بېرىلگەن بىر پەيغەمبەر ھەققىدە بەزى گەپ - سۆزلەرنى ئاڭلاپ تۇراتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر دائىملىق ئادىتى بويىچە، ھەج مەۋسۇمىدە ئەرەب قەبىلىلىرىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ دەۋەت قىلىشقا چىقتى.

ئۇ ئەقەبەدە خەزرەج قەبىلىسىدىن بىر گۇرۇپپا كىشى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئۇلاردىن: سىلەر كىم؟ - دەپ سورىدى. ئۇلار:

- بىز خەزرەجتىن، - دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- يەھۇدىيلارنىڭ خوجايىنلىرىمۇ سىلەر؟ - دەپ سورىدى. ئۇلار:

- ھەئە. شۇنداق، - دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ئولتۇرۇڭلار! بىر ئاز سۆھبەتلىشەيلى، - دېدى. ئۇلار:

- بولىدۇ، - دېدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئولتۇردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ﷲ قا دەۋەت قىلدى. ئىسلامنى چۈشەندۈردى، ئۇلارغا قۇرئان ئوقۇپ بەردى.

ئالتە كىشى ئۇن - تىن چىقارماي ئۇنىڭغا قۇلاق سالدى، سۆزلىرىنىڭ ھەممىسىنى تەستىقلىدى ۋە قوبۇل قىلدى، ئاندىن ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتتى.

ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۆزلىرىنىڭ رەزىللىك ۋە قانخورلۇق پاتقىقىغا پاتقان قەۋملىرىنى تەرك ئەتكەنلىكىنى ئېيتتى، بەلكىم ﷲ بۇ پەيغەمبەر ئارقىلىق ئۇلارنى بىرلەشتۈرۈشى مۇمكىن ئىدى. ئۇلار ئۆز قەۋملىرىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەۋىرىنى بەرمەكچى ۋە ئۇلارغا پەيغەمبەرنىڭ دەۋىتىنى يەتكۈزمەكچى بولدى.

ئۇ ئالتە كىشى تۇنجى قەدەمدە سىناپ بېقىش ئۈچۈن مەدىنە مۇنەۋۋەرگە قاراپ يولغا چىقتى. مەدىنە جاھىلىيەت دەۋرىدە ”يەسرىب“ دەپ ئاتىلاتتى. كېيىن ”مەدىنە مۇنەۋۋەرگە“ ئۆزگەرتىلدى.

الله ئۇ يەرنى ئىسلام بىلەن نۇرلاندۇرماقچى ئىدى. ئۇچقۇن مەككىدىن چىقىپ، مەدىنە مۇنەۋۋەرگە يېتىپ باردى. ئۇ ئالتە كىشى مەدىنىگە بېرىپلا ئىسلام دەۋىتىگە كىرىشتى ۋە بىر مۇنچىلىغان كىشى مۇسۇلمان بولدى. بىر يىل كېيىنكى ھەج مەۋسۇمىدە مەدىنە مۇسۇلمانلىرىدىن ئون ئىككى كىشى مەككىگە كەلدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر يىل بۇرۇن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن سۆھبەتلىشىپ، ئىمان ئېيتقان ئالتە كىشىمۇ بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلار بىلەن ئەقەبەدە كۆرۈشتى. بىر الله قا ئىمان ئېيتىش، ھەق دەۋانى ۋە ئىنسانىنىڭ ئىنسانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن ئۇلاردىن بەيئەت ئالدى. ئۇلار مەدىنىگە قايتتى. ئىسلامنىڭ تەشۋىقاتچىسى راستچىل كىشىسى مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير ئۇلار بىلەن بىللە ئىدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىدىكى ئەلچىسى سۈپىتىدە مەدىنىلىكلەرگە ئىسلامنى يېيىش، قۇرئان ئوقۇشنى ئۆگىتىش ۋە ئۇلارنى ھەققە دەۋەت قىلىش ئۈچۈن ماڭغانىدى. ئىسلام مەدىنىگە كەڭ يېيىلدى. مەدىنىلىكلەر ئۆز ـ ئۆزلىرىدىن سوراشقا باشلىدى: مەككىدىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىز نېمە ئۈچۈن زۇلۇم چېكىدۇ؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارغا مەرھەمەت ئېلىپ كەلگەن تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن بۇنچىۋالا ئەزىيەت چېكىدۇ؟ بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قاچانغىچە زۇلۇم ۋە مەككە تاغلىرىدا قوغلىنىپ يۈرۈشكە تاشلاپ قويىمىز؟ بىز مەدىنىدە گۆش ـ قانلىرىمىز بىلەن بىر يول ياسىمساق، باشقا نېمە ئىشقا يارايمىز؟

شۇنىڭ بىلەن، مەدىنە خەلقىدىن يەتمىش كىشى مەككىگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى يالغۇز، بەزىلىرى توپلاشقان ھالدا ئەقابەگە يېتىپ كەلدى. ئىسلامنىڭ تۇنجى مېۋىسى ئۇلارنىڭ قەلبلىرىگە تىكىلدى. ئۇلارنىڭ قەلبلىرى الله، پەيغەمبەر ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ سۆيگۈسى بىلەن تولدى. مۇسۇلمانلارنىڭ دەرت ـ ئەلىمى، گەرچە يىراق يەردە بولسىمۇ، ئۇلارنى ئازابلىماقتا، ئۇلارغا تەسىر قىلماقتا، ئۇلارغا ئۇيقۇ نېمىتىنى، تائامنىڭ تەمىنى ۋە ھاياتنىڭ مەنىسىنى ھارام قىلماقتا ئىدى.

بۇ سالىھ كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قوغداش، ئۇنىڭغا ياردەم قىلىش، ئۇنى ھىمايە قىلىش ۋە ئۇنىڭ يولىدا جانلىرىنى قۇربان قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلغىلى كەلدى.

ئىسلام ئۇلارنىڭ قەلبىنى ئىگەللىۋالغاندىن كېيىن، ئۇنى قايتۇرۇۋېلىشقا ئەمەس، بەلكى بارلىقى بىلەن بېغىشلاشقا، تولۇق تەسلىم قىلىشقا ۋە بۇ يېڭى دەۋا ئۈچۈن مال ۋە جانلىرىنى پىدا قىلىشقا تەييارلانغان ئاشىقلار ھالىتىدە كەلدى. ئاشىقنىڭ ئەسلى مەنىسىمۇ، باشقىلاردىن ئېلىۋاتىمەن دەپ ئويلاپ تۇرۇپ، باشقىلارغا بېرىشتىن ئىبارەتتۇر.

ئەقابە بەيئىتىدە بولۇپ ئۆتكەنلەر ھەدىس كىتابلىرىدا مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: ئابباس ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە كەلدى. ئۇ چاغدا، ئابباس تېخى بۇرۇنقى دىنىدا ئىدى. ئۇ بۇ يەرگە جىيەنى (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام) نىڭ مەسىلىسىنىڭ بېشىدا تۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا ياردەمدە بولۇش مەقسىتىدە كەلگەنىدى. ئۇ يەردە ئولتۇرغاندىن كېيىن سۆز باشلاپ مۇنداق دېدى: مۇھەممەد ئۆز قەۋمى ئىچىدىكى ئەڭ شەرەپلىك كىشى، شۇڭا ئۇ بۇ يەردە قوغدىلىۋاتىدۇ. ئەمما بۇ يەردىن چىقىپ، سىلەرنىڭ يېنىڭلاردا تۇرۇشنى ئويلىشىۋاتىدۇ. ئەگەر بەرگەن سۆزۈڭلاردا تۇرۇپ ئۇنى قوغدىيالىساڭلار، ئۇنى ئۆزەڭلار بىلەن بىللە ئېلىپ كېتىڭلار. ئەگەر ئۇنى ياردەمچىسىز تاشلاپ قويۇپ، دۈشمەنلىرىگە تەسلىم قىلىدىغان ئىشىڭلار بولسا، ئۇنى يەنىلا ئۆز يۇرتىدا تاشلاپ كېتىڭلار!

ئابباس ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ بۇ سۆزلىرى قەبىلىۋازلىق ۋە ئائىلىۋى مۇناسىۋەتتىن كېلىپ چىققان سۆزلەر ئىدى. شۇنداقتىمۇ مەدىنىلىكلەر ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئانچە ئېرەڭشىپ كەتمىدى، چۈنكى ئۇ تېخى مۇسۇلمان بولمىغانىدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كۆيۈنۈشتە تېخى ئۇلارنىڭ دەرىجىسىگە يېتەلمەيتتى.

ئابباس ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىب مەدىنىلىكلەرنىڭ جاۋابىنى كۈتۈپ تۇردى، ئۇلار: سېنىڭ ئېيتقانلىرىڭنى ئاڭلىدۇق، ئى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام! سەن بىر نېمە دېگىن. بىزدىن ئۆزەڭ ئۈچۈن ۋە پەرۋەردىگارىڭ ئۈچۈن خالىغىنىڭنى تەلەپ قىلغىن! ـ دېدى.

مەدىنىدىن كەلگەن تۇنجى تۈركۈم مۇسۇلمانلارنىڭ بەرگەن بۇ جاۋابىغا كېلەيلى: الله نىڭ پەيغەمبىرى بىر نېمە دېسۇن... ئابباس ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ كۈتكەن جاۋابى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىنىڭ ئىچىگە ساقلانغانىدى. ئىش تۈگىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىدىن كېيىن قىلىنىدىغان ھېچقانداق گەپ ـ سۆز يوق ئىدى.

ئۇنىڭ سۆزلىرى ئۇلارنىڭ ئىتائەت قىلىشى ئۈچۈن يېتەرلىك ئىدى. ئەنە ئۇلار ئۇنىڭدىن ئۆزى ۋە رەببى ئۈچۈن ئۆزلىرىدىن خالىغان نەرسىنى ئېلىشنى تەلەپ قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆز قىلدى، قۇرئان ئوقۇدى، الله قا دەۋەت قىلدى، ئىسلامنى چۈشەندۈردى، ئۇلارنىڭ ئۆز ئائىلە ـ تاۋاباتلىرىنى قوغدىغاندەك، ئۆزىنىمۇ قوغدىشى ھەققىدە ئۇلاردىن بەيئەت تەلەپ قىلدى. ئۇلارمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلدى. مانا شۇنىڭ بىلەن بۈيۈك ئەقابە بەيئىتى مەيدانغا كەلدى.

الله تائالا تەرىپىدىن تاللانغان بۇ كىشىلەر يېقىندا ئۆزلىرىنىڭ قىلىچلىرىنى قولىغا ئېلىشقا، شۇنداقلا، قىلىچلىرىنىڭ سايىسىدە ئۆلۈمگە چاقىرىلىدىغانلىقىنى بىلدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۆزلىرىنىڭ قەھرىمان كىشىلەر ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭ ئۆزلىرىگە ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن مىراس قالغانلىقىنى ئېيتتى.

بۇ يەتمىش كىشىدىن بىرى مۇھىم بىر مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ كىشى ئەبۇل ھەيسەم بولۇپ، ئۇ مۇنداق دېگەنىدى: مەدىنە ئەرەبلىرى بىلەن يەھۇدىيلىرى ئارىسىدا

كېلىشىم بار. بىز بۇ كېلىشىمنى ساقچى قىلغان بۇ بەيئەتىمىز بىلەن بۇزغان بولدۇق. ئەگەر ئىش مۇشۇنداق بولۇپ، يەھۇدىيلار بىلەن ئارىمىزنى بۇزغاندىن كېيىن، ﷲ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ياردەم قىلىپ، ئۇنىڭغا غەلىبە ئاتا قىلسا، بىزنىڭ ئەھۋالىمىز نېمە بولماقچى؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى يەھۇدىيلارغا تاشلاپ قويۇپ، ئۆزى مەككىگە قايتىپ كەلمەكچىمۇ؟

بۇ سوئالدىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان مېھرى ـ مۇھەببەت ۋە ئۇنىڭ يېنىدا داۋاملىق قېلىش ئارزۇلىرىغا قاراڭ!

ئابباس ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ جاۋاب كۈتكەن مەسىلە، يەنى ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھىمايە قىلىش مەسىلىسى مەدىنىلىكلەرنىڭ ئارىسىدىن تاللانغان بۇ كىشىلەرنىڭ مۇنازىرىسىدە يوق بولۇپ، ھەتتا ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزلىرىنى ھىمايە قىلىشىنى، يەنى ئۇنىڭ ئۆزلىرى بىلەن مەدىنىدە قېلىشىنى ئويلاشماقتا ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ ئېتىقاد مۇناسىۋىتىنى قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ئۈستىگە قويغان ھالدا مۇنداق دېدى: «مېنىڭ قېنىم سىلەرنىڭ قېنىڭلار، مېنىڭ زىيىنىم سىلەرنىڭ زىيىنىڭلار، مەن سىلەردىن، سىلەرمۇ مەندىن، سىلەر ئۇرۇش قىلغانلار بىلەن مەنمۇ ئۇرۇشىمەن، سىلەر ئىتتىپاقلاشقانلار بىلەن مەنمۇ ئىتتىپاقلىشىمەن.»

مەدىنىلىكلەر يۇرتلىرىغا قايتماقچى بولۇپ يولغا چىقتى، بۇ بەيئەتكە مۇناسىۋەتلىك خەۋەرلەر مەككە كاتتىلىرى ۋە مۇشرىكلارنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە مۇسۇلمانلارغا بولغان ئىسسىمنى تېخىمۇ ئاشۇردى. مەككە چوڭلىرى دارۇ نەدۋە (نەدۋە قوروسىدا) دا توپلىنىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەققىدە كەسكىن ھۆكۈم چىقىرىشقا قارار بەردى. ئۇلاردىن بىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى زەنجىرلەر بىلەن باغلاپ، ئاچلىقتىن ئۆلگەنگە قەدەر زىندانغا تاشلىنىشى ھەققىدىكى پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. يەنە بىرى، ئۇنىڭ مەككىدىن قوغلىنىشى ئارقىلىق، قۇرەيشلىكلەرنىڭ ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشى ھەققىدە تەكلىپ بەردى.

ئەبۇجەھىل قۇرەيش ئائىلىلىرىنىڭ ھەر بىرىدىن بىردىن كۈچتۈڭگۈر يىگىتنى توپلاپ، ئۇلارغا ناھايىتى ئۆتكۈر قىلىچ بېرىلىشىنى ۋە ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى خۇددى بىر ئادەم چېپىپ تاشلىغاندەك تەڭلا چېپىشىنى تەكلىپ قىلدى. ئەگەر ئۇلار ئۇنى ئۆلتۈرەلىسە، ئۇنىڭ قېنى بارلىق قەبىلىلەرگە بۆلۈپ بېرىلەتتى، بەنى ھاشىم ھېچبىر ئەرەب قەبىلىسى بىلەن ئۇرۇشالمايدىغان ۋە ئۇنىڭ دىيىتىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولىدىغان ھالغا كېلەتتى. سۇيىقەست پىلانلىنىپ ۋاقتى بېكىتىلدى. كاپىرلارنىڭ بۇ سۇيىقەستى قۇرئاندا مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ:

﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۆز ۋاقتىدا كاپىرلار سېنى قاماققا ئېلىش، ياكى ئۆلتۈرۈش ۋە ياكى (مەككىدىن) ھەيدەپ چىقىرىش ئۈچۈن مىكىر ئىشلەتتى، ئۇلار مىكىر ئىشلىتىدۇ. الله ئۇلارنىڭ مىكىرىنى بەربات قىلىدۇ، الله نىڭ تەدبىرى ئۇلارنىڭ مىكىرىدىن ئۈنۈملۈكتۇر.﴾

الله پەيغەمبىرىنى ھىجرەت قىلىشقا بۇيرىدى. پەيغەمبەر دەسلەپتە ئۈتۈق قازىنىشنىڭ بارلىق سەۋەبلىرىگە ئورۇنلاندى.

ئەھۋالنى مەخپىي تۇتتى، بۇنى ئۆزىگە ھەمراھ بولىدىغانلىقىنى بىلىدىغان كىشىلەرگىمۇ ئېيتمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چۆلنى بەش قولدەك بىلىدىغان بىرىنى ئۆزىگە يول باشلىغۇچى قىلىپ تاللىدى، بۇ يول باشلىغۇچىنىڭ مۇشرىك ئىكەنلىكى كىشىنى بىر ئاز ھەيران قالدۇرىدۇ. مانا مۇشۇنىڭدەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر تېمىدا ئەھلىيلەشكەن ھەر قانداق بىرىنىڭ ئېتىقاد ياكى قىزىقىشىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭدىن پايدىلانغانىدى.

مۇشرىكلار پىلانلاپ بېكىتكەن سۇيىقەست كېچىسى يېتىپ كەلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كېچىسى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبنى ئۆز ئورنىدا يېتىشقا بۇيرۇپ، يېرىم كېچىدە ئۆيىدىن چىقتى.

مەككە ياشلىرى قىلىچلىرىنى يالىڭاچلىغان ھالدا ئۆيىنىڭ ئەتراپىنى قورشىۋالغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر سىقىم توپىنى ئېلىپ ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغانلارنىڭ ئۈستىگە چاچتى. ئۇلارنى مۈگدەك بېسىشقا باشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قورشاۋ ئىچىدىن ئۆتۈپ، ھىجرەت قىلىش ئۈچۈن مەككىدىن چىقتى.

مۇسۇلمانلارنىڭ ھىجرىيە تارىخى مانا بۇ مۇبارەك قەدەم بىلەن باشلاندى. ھەزرىتى ئىسانىڭ تۇغۇلۇشى بىلەن مىلادىيە يىلى باشلانغان بولسا، ئىسلامنىڭ يىللىرى الله يولىدا بېسىلغان بۇ قەدەملەر بىلەن باشلىنىدۇ.

ئاجىزلىق، قورشاۋ ۋە زۇلۇمنىڭ مەركىزىدىن كۈچ ـ قۇۋۋەت، كېڭىيىش ۋە ھۇجۇم مەركىزىگە قاراپ بېسىلغان قەدەملەر...

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەقەت زۇلۇمدىن قېچىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى بۇ پاسسىپ ھالەتتىن زېرىككەنلىكى ئۈچۈن ھىجرەتكە قەدەم قويغانىدى.

ھىجرەت ـ خاتىرجەملىككە ئېرىشىش ئەمەس، بەلكى خەتەرلىك يولغا قەدەم قويۇش دېگەنلىكتۇر. مەككىدىكى ئىسلام ئۆزىنى پەقەت مۇداپىئەلىنىش يولى بىلەن قوغداۋاتاتتى، مەدىنىگە كېلىش بىلەنلا ئەھۋال ئۆزگىرىپ، ھۇجۇم قىلىش يولى بىلەن قوغدىنىشقا ئايلىناتتى.

سۈرە ئەنفال 30 ـ ئايەت.

مەككىدە ئۆتكەن يىللار بويىچە، ھېچبىر مۇسۇلمان اللە يولىدا قولىغا قورال ئالمىغانىدى، ئۇلار مەدىنىگە بېرىپلا قوللىرىغا قورال ئېلىپ، ئۇرۇشلارغا قاتنىششقا باشلىدى. خۇددى دوختۇر كېسەلنى ئوپېراتسىيە قىلىپ، ئۇنى ساقايتىش ئۈچۈن قولىغا پىچاق ئالغىنىدەك، مۇسۇلمانلارمۇ قوللىرىغا قورال ئېلىشقا باشلىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلامىي ھاياتنى ئۆزگە قىلىنغان ھۇجۇملارغا قارشىلىق بىلدۈرۈش بىلەنلا ئۆتكۈزۈشكە بولمايدىغانلىقىنى چۈشەنگەنىدى.

ئىسلامنىڭ تۆت ئەتراپقا كەڭ يېيىلىشى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ تۇنجى دۆلىتىنى قۇرۇشى لازىم ئىدى. بۇ ئادالەت، مەرھەمەت، ئەمەلىيەتچان، غايىۋىلىك، اللە يولىدىكى پىداكارلىق ۋە ئىنسانغا بولغان ئىززەت ـ ھۆرمەتتە دۇنيا دۆلەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى بېسىپ چۈشىدىغان دۆلەت ئىدى.

مانا بۇ، ھىجرەتنىڭ ئەسلى مەنىسى ئىدى.

ئىسلام دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى... ئاۋۋال شەخسىي، ئاندىن جەمئىيەت، ئاندىن دۆلەت بەرپا قىلىنىدۇ ۋە ئۇندىن كېيىن دەۋەت ئىشى باشلىنىدۇ.

كىتابخانلارنىڭ ئەقلىگە: ئىسلام دىنى دۇنيا سەھنىسىدە بارغانسېرى چېكىنىۋاتقاندا ۋە مۇسۇلمانلارغا زۇلۇم قىلىنىۋاتقاندا، نېمە ئۈچۈن مەسجىدلەرنىڭ سانى بارغانسېرى كۆپىيىپ كېتىۋاتىدۇ؟ ـ دېگەن سوئال تۇغۇلۇشى مۇمكىن، بىز كىتابخانلىرىمىزنىڭ پەيغەمبەرنىڭ مەدىنىگە بېرىپ، تۇنجى مەسجىدنى بەرپا قىلىشىنىڭ ھاياتنىڭ جەۋرى ـ جاپالىرىدىن قوتۇلۇش ئۈچۈن ئەمەسلىكىنى بىلمىگۈدەك دەرىجىدە ئەخمەق ئەمەسلىكىنى بىلىمىز، مەسجىد ئىسلام غازاتلىرىنىڭ قوماندانلىق مەركىزى بولۇپ، ئىنسانلار ئاۋۋال مەسجىدلەردە اللە نىڭ نۇرى بىلەن دىلى يورىغاندىن كېيىن قاتناشقان غازاتلىرىدا ئۆز قانلىرى بىلەن پاكلىناتتى.

ئەسلى سوئال مۇنداق ئىدى: ئۇلارنىڭ قايسىسى اللە يولىدا ئۆز قېرىندىشىدىن بۇرۇن ئۆلتۈرۈلەتتى؟

ئۇلار بىر ـ بىرى بىلەن مانا مۇشۇنداق بەسلىشەتتى ۋە ئىسلام مانا مۇشۇنداق يېيىلدى.

...

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە دوستى ھەزرىتى ئەبۇبەكرى سەۋر تېغىدىكى بىر غارغا يوشۇرۇندى، مۇشرىكلار قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئىز قوغلاپ كېلىۋاتاتتى، ئۇلار تاغقا يېقىنلاشتى. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ھەمراھى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا: ئۇلاردىن بىرسى پۇتى تەرەپكە قاراپ قالسىلا، بىزنى كۆرۈپ قالىدۇ. ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناھايىتى پەس ئاۋازدا: ئەبۇ بەكرى! ئۈچىنچىسى اللە بولغان ئىككى كىشى ھەققىدە مۇشۇنداق ئويلىدىڭمۇ؟ ـ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى تۈگىمەي تۇرۇپلا، ئۆمۈچۈك غارنىڭ ئاغزىغا تور توقۇپ بولدى. تەرجىمىھال كىتابلىرىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: مۇشرىكلار ئىز قوغلاپ غارنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئىز بەكمۇ چىگىشلىشىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تاغقا يامىشىۋېتىپ غارغا ئۇچراپ قالىدۇ ۋە غارنىڭ ئاغزىنى ئۆمۈچۈك تورى قاپلىغانلىقىنى كۆرىدۇ. ئۇلار: ئەگەر غارغا بىرى كىرگەن بولسا، ئۆمۈچۈك تورى بولمىغان بولاتتى، ـ دەپ ئويلاشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ يەردە ئۈچ كۈن تۇردى. شۇنچە نازۇك ئۆمۈچۈك تورى مۇشرىكلارنىڭ پارقىراپ تۇرغان قىلىچلىرىدىن غالىب كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ھەمراھىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغانىدى. ئاندىن بۇ ئىككى مۇھاجىر مەدىنىگە قاراپ يولغا چىقتى.

مەدىنىلىكلەرمۇ ئۇلارنى قارشى ئالغىلى ئالدىغا چىققانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ھەزرىتى ئەبۇبەكرى مەدىنىگە يېتىپ كەلگەندە، خەلق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەمتەرلىكى ۋە ھەمراھىغا ئىسلام قېرىنداشلىقى بويىچە مۇئامىلە قىلغانلىقىغا قاراپ، ئۇلارنىڭ قايسىسىنىڭ پەيغەمبەر، قايسىسىنىڭ ھەمراھى ئىكەنلىكىنى ئايرىيالمىغانىدى.

نىھايەت، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىنى نۇرلاندۇردى.

ئۇ، مەسجىدنى بىنا قىلدى، دۆلەتنى قۇردى، دۈشمەنلىرى بىلەن ئۇرۇشتى، ئىسلامنى كەڭ يايدى، مەككىنى فەتھى قىلدى.

بەيتۇل ھەرەمنى بۇتلاردىن تازىلىدى. ئەقىل ۋە قەلبلەرگە ئۆچمەس نۇر ياقتى.

مەدىنىدە ئون يىلنى تىنىم ـ تاپماي ئۆتكۈزدى، ئۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ مەككىدە ئون ئۈچ يىلنى شۇنداق ئۆتكۈزگەنىدى.

...

ئۇ، تاغلارمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان ئېغىر يۈكلەرگە بەرداشلىق بەرگەنىدى. يالغۇز بولۇشىغا قارىماي، ئۇلۇغ اللە تاغۇ ـ تاش، يەر ـ زېمىن ۋە ئاسمانلارغا تەكلىپ قىلسا، ئۇلار رەت قىلغان ۋە ھۆددىسىدىن چىقالماسلىقىدىن قورققان ئامانەتنى ئۆز زىممىسىگە ئالغانىدى.

ئۇ ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى ۋە ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقتى.

بۇ، اللە تىن ئالغاننى تەبلىغ قىلىش، ئىنسانىيەت ئەقلىنى بىمەنىلىك ۋە خۇراپىيلىقتىن تازىلاش، پەقەت اللە قىلا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىش ئامانىتى ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كىرىۋاتقاندا، ئۇنىڭ كاللىسىدا ئۆتمۈش ھەققىدىكى خىياللىرى ئۆتۈشكە باشلىدى. ئەنە، ھىرا غارىدا ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىك ۋەھيىسى كەلمەكتە، ئارقا ـ ئارقىدىن كەلگەن قورقۇنچ ۋە چوڭقۇر مىننەتدارلىق

تۈيغۇلىرى... ئۇنىڭ ئارقىدىن قايغۇ بورانلىرى چىقىشقا باشلىدى. بوران قۇملارنى، غەيۋەت ـ شىكايەتلەرنى ۋە پىتنە ـ پاساتلارنى ئۇچۇرۇپ كېلىپ، ئۇنىڭ يۈزىگە ئۇردى.

ئۇ، قەلبى چۆلنىڭ ۋە يالغۇزلۇقنىڭ دولقۇنلىرى، مۇشەققەت بورانلىرى ئارىسىدا تىترىگەن ۋە لەۋلىرى كۈلۈمسىرىگەن ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ شۇنى جاكارلىدى:

ـ ئى ئىنسانلار! بىر اللە دىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر.

بۇ جۈملىنىڭ شۇنچە ئاددىي بولۇشىغا قارىماي، دۇنيا ئۇنىڭغا قارشى ئورنىدىن قوزغالدى، بىر مۇنچىلىغان بۇتپەرەستلەر ئۇنىڭغا قارشى ھەرىكەتلەندى، ئۇلار زۇلۇم ۋە ئۆچمەنلىك قورالىنى قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭغا ھۇجۇم باشلىدى.

رەھبەرلەر، قوماندانلار، پۇل، ئالتۇن، ئەمەل ـ مەنسەپلەر، شەيتاننىڭ كونا ئۆچمەنلىكلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىر اللە دىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر» دېيىشى بىلەنلا، ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىگە ئايلاندى.

ھىرا غارىدا بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى سۆزلەپ بەرگەن ۋەرەقە ئىبنى نەۋفەلنى ئەسلىدى، ۋەرەقە ئۇنىڭغا: خەلقىڭ سېنى ئۆز يۇرتۇڭدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ، ـ دېمىگەنمىدى؟

ھىجرەتنىڭ ئۇزۇن ۋە قىيىن كۈنلىرى ئارقىدا قالدى. قوياش بەكمۇ قىززىپ كەتكەن بولۇپ، ئىسسىقتىن ئىنسان مېڭىسى چىڭقىلىپ كېتەتتى.

ئەنە ئۇ، ھىجرەتنى ئاياغلاشتۇرۇپ مەدىنىگە كىرمەكتە، ئەنسارىلار ئۇنى ناھايىتى قىزغىن كۈتۈۋالدى، ئۇ ئەنسارىلارنىڭ يېنىغا ئۆزى يالغۇز كەلدى، ئەنسارىلارمۇ ئۇنىڭغا ياردەم قولىنى سۇنغانىدى. ئۇ قورقىدىن تىترىگەندە، ئۇنى خاتىرجەملىككە ئېرىشتۈرگەن، ئاچ قالغاندا تويغۇزغان، قوغلانغاندا باغرىغا باسقانىدى.

مەدىنىدە ئىسلام ھاكىمىيىتى قۇرۇلۇشقا باشلىدى. ئاۋۋال بۇ ھاكىمىيەتنىڭ ئىنسانلىرى تەشكىل قىلىنغاندىن كېيىن، ھاكىمىيەتنىڭ ئۆزى بەرپا قىلىنىشقا باشلىدى.

ئاۋۋال خەلق، ئاندىن ھاكىمىيەت...

قەغەز ئۈستىدىكى قۇرۇق پرىنسىپلار ئۈستىگە قۇرۇلغان نىزامنىڭ ھېچقانداق قىممەت ـ ئېتىبارى يوق. پرىنسىپلارنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى ھەرقانداق بىر نىزامنىڭ قىممەت ـ ئېتىبارىنى بەلگىلەيدىغان ئاخىرقى ئۆلچەمدۇر. تۇنجى كۈنلەردە، ئىسلامنىڭ يولغا قويۇلۇشىدىن ئىنسانىيەت ئادالەت، قېرىنداشلىق ۋە مەرھەمەتتە ھېچ ئوخشىشى كۆرۈلمىگەن بىر نىزام مەيدانغا كەلدى. كېيىنكىلەرنىڭ قولىدا قۇرۇق مۇراسىم ۋە زىننەت بۇيۇملىرىغا ئايلىنىپ قېلىشى ئىسلامنىڭ گۇناھى ئەمەس، بەلكى كېيىنكىلەرنىڭ گۇناھىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇنجى بولۇپ تۆگىسى چۆككەن يەرگە مەسجىد سالدى. مەسجىد بەكمۇ ئاددىي سېلىنغانىدى. سېلىنچىلىرى قۇم ـ شېغىللاردىن، ئۆگزىسى خورما

شاخلىرىدىن، تۈۋرۈكلىرى خورما ياغاچلىرىدىن قىلىنغان بولۇپ، يەر يامغۇردا پاتقاق بولۇپ كەتسە، ئۈگزە شامالدا ئۇچۇپ كېتەتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئازغۇنلارنى يولغا سېلىپ، مۇشتۇمزورلارنى مەغلۇپ قىلغان، ھەقىقەتنى ئەسلى مەرتىۋىسىگە ئىگە قىلغان ۋە ئىسلامنى يەر يۈزىگە يايغان ئۇ كىشىلەرنى مانا بۇ ئاددىي جايدا يېتىشتۈرگەنىدى. مەسجىد گەرچە كىچىك ۋە يوقسۇل بولسىمۇ، شىر يۈرەك ئادەملەرگە لىق تولغان بولۇپ، ھەرگىزمۇ توخۇ يۈرەك ئىنسانلارنىڭ تولۇپ تاشقان چوڭ ۋە ھەشەمەتلىك مەسجىدلىرىگە ئوخشىمايتتى. مەسجىدتە قۇرئان ئوقۇلاتتى. قۇرئان تىڭشىغانلار ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا تەتبىقلىشى كېرەك بولغان ئەمر - پەرمان دەپ قارايتتى. قۇرئان مەسجىدتە مۇناجات ۋە كۆڭۈل ھۇزۇرى ئۈچۈن ئوقۇلمايتتى. ئۇ يەردە ئولتۇرغانلارمۇ قۇرئان ئوقۇغۇچىنىڭ ماھارىتىگە قايىل بولغانلىقى ئۈچۈن تەنتەنە قىلىشمايتتى.

ئىسلامدا مەسجىد پەقەت ناماز ئوقۇش يېرىلا ئەمەس، مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن يەر يۈزىنىڭ ھەر قانداق يېرىدە ئىبادەت قىلغىلى بولىدۇ. مەسجىد ئىلىم، ھۆرلۈك ۋە قېرىنداشلىققا ئىشەنگىنىدەك. الله قا ۋە ئاخىرەتكىمۇ ئىشىنىدىغان مەدەنىيەتنىڭ سىمۋولىدۇر.

پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى قېرىنداشلىقنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ۋە كىشىلەرنى ئەڭ گۈزەل سۆزلەر بىلەن قېرىنداشلىققا چاقىرغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولسا، قۇرئان كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىگە تولۇق سىڭگەنلىكتىن، قېرىنداشلىقنى ھەقىقىي تۈردە ئۇلارنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئايلاندۇرغانىدى.

مۇھاجىرلار ئەنسارلارنىڭ مېھمانلىرى ئىدى. ئەنسارلار ئىنسان ئۇلارغا كۆرسىتەلەيدىغان ئەڭ ئېسىللىقنى كۆرسەتتى. ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىدىكى قان قېرىنداشلىقى چىقىرىپ تاشلىنىپ، دىن قېرىنداشلىقى مەھكەم ئورنىتىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارلارنىڭ ئارىسىدا قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى ئورناتتى.

مەدىنە بايلىرىدىن بىرى بولغان ئەنسارى سەئد ئىبنى رەبىيئەگە مۇھاجىرلاردىن ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف بىلەن قېرىنداش بولۇش نېسىپ بولدى. سەئد ئابدۇرراھمانغا مۇنداق دېدى:

- مەن ئەنسارىنىڭ ئەڭ باي كىشىلىرىدىن بىرى. مېلىمنىڭ يېرىمى سېنىڭ بولسۇن! مېنىڭ ئىككى ئايالىم بار، ئۆزۈڭ قاراپ ياقتۇرغىنىڭنى تاللىۋالغىن، مەن ئۇنى قويۇپ بېرەي، سەن ئۆيلەنگىن!

ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف مۇنداق جاۋاب بەردى:

ـ اﷲ سىنىڭ ئائىلەڭ ۋە مال ـ مۈلكۈڭنى بەرىكەتلىك قىلسۇن! سەن ماڭا بازارنى كۆرسىتىپ قويغىن!

ئابدۇرراھمان ئىش ئىزدەپ بازارغا بېرىپ، قورسىقى تويغۇدەك پۇل بىلەن قايتىپ كەلدى. ئۇ سادنىڭ ئىلتىپاتىنى قوبۇل قىلمىدى. چۈنكى ئۇ اﷲ قا ئۆز ئىمانى، بىلىكى ۋە ئەجرىگە تايانغان ھالدا ئىشىنەتتى. ئاز بىر مۇددەتتىن كېيىنلا، ئۇ ئۆيلىنەلىگۈدەك پول تاپقان ۋە ئايالىغا بەش دەرھەم ئالتۇن مېھىر ھەققى بېرەلەيدىغان بىرىگە ئايلاندى.

كۈنلەر ئۆتتى.

مۇسۇلمان خەلق ئەجىر ـ مېھنەت، سۆيگۈ ـ مۇھەببەت، ھۆرلۈك، شۇرا (مەسلىھەت) ۋە جىھاد قاتارلىقلارنىڭ ئۈستىگە ئۇل سېلىۋاتاتتى.

ئىسلامدىكى ئىش ـ ئەمگەك زامانىمىز مەدەنىيىتىدە تىلغا ئېلىنغان بىر بۇردا نان ياكى بىر پارچە گۆش ئۈچۈن كېچە ـ كۈندۈز تىرىشىش بولماستىن، بەلكى بۇ ماددىي ئېھتىياجتىن ھالقىپ ئۆتۈپ، مەنىۋىي جەھەتتە يۈكسەك پەللىگە چىقىشنى كۆرسىتىدۇ.

﴿(ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «(خالىغان) ئەمەللەرنى قىلىڭلار، قىلغان ئەمەلىڭلارنى اﷲ، اﷲ نىڭ پەيغەمبىرى ۋە مۆمىنلەر كۆرۈپ تۇرىدۇ﴾.

ئەمەللىرىمىزنىڭ اﷲ قا يېتىپ تۇرۇشىنى ئويلاش كىشىگە نان ۋە گۆشنىڭ تەمىدىن ھالقىغان بىر خىل ھۇزۇر ئاتا قىلىدۇ، ئەمەلدىن كېيىن كەلگەن سۆيگۈ...

ئىسلامدىكى سۆيگۈ قەلبكە ئورۇنلاشقان، ئەمەل تەستىقلىمايدىغان ھېس ـ تۇيغۇ ئەمەس، بەلكى ئىنسانلارنى ئۆز ئەتراپىدىكى ھاياتىي شەكلىنى ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈرۈشكە ئۈندەيدىغان كۈندىلىك پائالىيەت باسقۇچىدۇر.

مۇسۇلمانلار ئالەملەرنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان اﷲ نى، اﷲ نىڭ پەيغەمبىرىنى، مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىنى ۋە ئۆزلىرى بىلەن تېنىچ ـ ئىتتىپاق ئۆتىدىغان باشقا ئېتىقادتىكىلەرنى، كىچىك باللارنى، ھايۋانلارنى، گۈل ـ چېچەكلەرنى، قۇم ـ تۇپراقلارنى، تاغۇ ـ تاشلارنى سۆيىدۇ. ھەتتا، مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدە جانسىزلارغا نىسبەتەن سۆيگۈ ـ مۇھەببەت تۇغۇلىدۇ.

ھەقىقىي مۇسۇلمان داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ كائىنات ۋە جانلىقلارغا بولغان ھېس ـ تۇيغۇسىغا ئىگە بولغان بولىدۇ. بۇ، سوپىلارنىڭ قەلبىنى چۇلغىغان ھېسسىياتتۇر.

شۇنداقلا، ئۇ ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىنىڭ ياخشى تەرەپلىرىگە بولغان ھېس ـ تۇيغۇسىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن بولىدۇ. ئۇ، ئۆلۈك ئىتنىڭ ئۆلۈكىگە قاراپ، چىشلىرىنىڭ ئاق ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ.

سۈرە تەۋبە 105 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىنسانلارنىڭ ھاياتىدا مەيدانغا كېلىپ، ئىنسانلارنى ھالقىپ ئۆتۈپ ھايۋان ۋە جانسىزلارغىچە بېرىپ يەتكەن بۇ سۆيگۈ بىرقارار بىلەنلا ئەمەلگە ئاشمايدۇ. ھېچبىر قانۇن ئۇنىڭغا توغرا كەلمەيدۇ. ئۇ ئومۇمەن، ئەقىل ۋە قەلبنىڭ كۆڭۈللەرنى مايىل قىلىدىغان ئاقىللارنىڭ نۇرىدىن كەلگەن بۈيۈك ئەمرلەرگە بولغان ئېتىقادتىن كېلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەنە شۇ ئەمرنى بەرگۈچى قوماندان ئىدى. ئۇ باشقىلارغا ئۆرنەك بولۇپ، غايىۋي ۋە ئەڭ يۈكسەك پەللىدە ئىدى. ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئىچىدە ئىسلام ئۈچۈن ئەڭ كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەن ۋە ئىسلامنىڭ قولغا كەلگەن مېۋىلىرىدىن ئەڭ ئاز مەنپەئەتلەنگەن كىشى ئىدى. ئەڭ ئاددىي ئەسكەردىنمۇ كەمتەر، ياشايدىغان تۆشىكى پاكىزە، ئەمما قاتتىق. ئۆيدە بىر ئاينىڭ بىر نەچچە كۈنىدىلا قازان قاينايدىغان، كۆپىنچە ھاللاردا قۇرۇق نانني ياغ بىلەنلا يەيدىغان. ئەڭ بۈيۈك ئارزۇسى ئىسلامنى يېيىشتىن ئىبارەت بولغان بىر قوماندان ئىدى.

مۇسۇلمانلار الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ئۆزىدىن، ئائىلىسىدىن، مال ـ بىساتىدىن، پايدا ـ مەنپەئەتىدىن، ئىززەت ـ ئابرۇيىدىن ۋە باشقا ھەر نەرسىنىڭ سۆيگۈسىدىن تېخىمۇ ئۈستۈن، ئەزىز ۋە ئەلا دەپ بىلگەندىلا، ئاندىن ئىسلامنىڭ مۇكەممەللىككە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشەندى. شۇنداق، مۇسۇلمانلار قوماندانلىرىنىڭ ھاياتىنى ئۆز ھاياتلىرىدىنمۇ ئەۋزەل دەپ بىلەتتى.

ئىسلام دۆلىتى ئەمەل ۋە سۆيگۈدىن باشقا، ھۆرلۈك، شۇرا ۋە جىھاد ئاساسلىرى ئۈستىگە قۇرۇلدى.

ئىسلامدىكى ھۆرلۈك ئىسلامنىڭ قۇرۇلمىسىغا قوشۇلغان زىنىنەت بولۇپ، ئۇ جانلىق ھۆجەيرىلەرنىڭ توقۇلمىسىدۇر. الله مۇسۇلمانلارنى باشقىغا ئىبادەت قىلىشتىن قۇتۇلدۇرغانلىقى ئۈچۈن بارلىق مۇناسىۋەتلەر ئەقىل، قەلب ۋە جەمئىيەتنىڭ ئۈستىگە دۇم كۆمتۈرۈلدى. ئىسلامدا مۇسۇلمانلار ھەر نەرسىنى ئەقلى بىلەن تەتقىق قىلىش، ئەقلى بىلەن پىكىر يۈرگۈزۈش، ۋىجدانى قوبۇل قىلغان نەرسىگە ئىشىنىش، ئېتىقاد قىلىش ھۆرلۈكىگە ئىگە. ئىسلامدىكى ھۆرلۈك ئانارخىست (ھۆكۈمەتسىزلىك، باشباشتاقلىق) نىڭ چوققىلىرىغا يەتكەن مۇتلەق ھۆرلۈك ئەمەس، بەلكى ئۇ مەسئۇلىيەتچان ھۆرلۈكتۇر.

قۇرئاندا ياكى سۈننەتتە كەلگەن كەسكىن ھۆكۈم بويىچە، مۇسۇلمانلارنىڭ تەتبىقلاش جەھەتتە ئىختىيارى ھالدا بىر ـ بىرى بىلەن بەسلىشىش ھۆرلۈكىدىن باشقا چارىسى يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مۇسۇلمانلار پۈتۈنلەي ھۆردۇر.

ئىجتىھاد يولى پۈتۈنلەي ئوچۇقتۇر. چۈنكى ئىجتىھاد يولى ئەقىل بولۇپ، ئۇ يولنىڭ ئېتىلىشى ئەقىلنىڭ قۇلۇپلىنىشى، بۇزۇلۇشى ۋە ئاخىرىدا ئۆلۈشى دېگەنلىك بىلەن باراۋەر.

ئىسلام، ئەقلى ئۆلگەن (نابۇت بولغان) ياكى بۇلغانغان ۋەياكى كاردىن چىققان ئىنسانلارنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئىسلام ئەسلىدە ئەقىل ۋە قەلب بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىش دېگەنلىك بولىدۇ.

ئىسلام دۆلىتى شۇرا (كېڭەش) ئۈستىگە قۇرۇلغان.

ئۇلۇغ الله مۇنداق دەيدۇ:

﴿ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن:﴾[4]

شۇرا ـ زامانىۋىي سىياسىي ئاتالغۇدىكى دېموكراتىيەنىڭ ئۆزى بولۇپ، ئىسلام بۇ دېموكراتىيەنىڭ شەكلى، تۈرى ياكى دەرىجىلىرىنى ئېنىق بەلگىلىمەي، بەلكى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقىللىرىگە، زامان ۋە ماكانغا قاراپ ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشقا قويۇپ قويدى. ئاساسىي قانۇن يەنى قۇرئان ـ كەرىم شۇرانى يولغا قويدى.

شۇرا ـ خەلقنىڭ سىمۇۋل قىلىنىشى ۋە ھەر يەردە ئۆز ـ ئۆزىنى ئىدارە قىلىشى بولۇپ، پەقەت ۋەھىيدە كەلگەن ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەۋەر بەرگەن كەسكىن ھۆكۈملەرگە ئائىت يەرلەر بۇنىڭغا كىرمەيدۇ. بۇ يەرلەرگە پەقەت الله تائالا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ، ئۇنىڭ سىرتىدىكىلەرگە ئىنسانلار ئىگىدارچىلىق قىلالايدۇ. چۈنكى ئۇلار دۇنيا ئىشلىرىنى ۋە زاماندا سودىغا ئايلانغان (ئېتىبارغا ئېرىشكەن) نەرسىلەرنى تېخىمۇ ياخشى بىلىدۇ.

ئەمەل، سۆيگۈ، ھۆرلۈك ۋە شۇرادىن باشقا جىھادمۇ بار بولۇپ، جىھاد بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بېشىدا كېلىدۇ.

ئىسلامدىكى جىھاد ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ: بىرى، چوڭ جىھاد بولۇپ، ئۇ نەپسىنىڭ ئارزۇ ـ ئىستەك ۋە كەيپىي مايىللىقى بىلەن بولغان جىھاد (مۇجادىلە) نى كۆرسىتىدۇ.

يەنە بىرى، كىچىك جىھاد بولۇپ، ئۇ دۈشمەن بىلەن بولغان جىھادنى يەنى دۈشمەنگە دۈشمەنلىك قىلىش، ئۇنىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلىش ۋە پۈتۈن كۈچى بىلەن جىھادقا تەييارلىنىش.

ئىلاھىي ھۆكۈملەردە ھەر ئىككى جىھادنىڭ الله يولىدا ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك ئىكەنلىكى ھۆكۈم قىلىنغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىكى ئون ئۈچ يىلنى چوڭ جىھاد بىلەن ئۆتكۈزدى. مۇسۇلمانلارنى ئۆز قولى بىلەن يېتىشتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن كىچىك جىھادقا ئۆتتى.

ئىسلامنىڭ غالىبىيىتى ۋە كەڭ يېيىلىشى بىلەن ئاخىرلاشقان بىر قاتار قانلىق جەڭلەر ئۇنىڭ كىچىك جىھادلىرى ئىدى.

[4] سۈرە ئال ئىمران 159 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئەرەب يېرىم ئارىلىغا يېيىلغان پەسكەشلىك تەختلىرىنىڭ مەدىنىدە قۇرۇلغان سۆيگۈ ۋە ھوقۇق دۆلىتىگە تەڭ كېلەلىشى بەكمۇ قىيىن ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، ئەھۋال پۈتۈنلەي ئۆزگەردى. ئەڭ مەرھەمەتلىك ۋە تېنچلىقپەرۋەر بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىلىچىنى قېنىدىن سوغۇرۇشقا، ساۋۇت - دۇبۇلغىلىرىنى كىيىشكە، پەسكەشلىككە تولغان ھۆكۈمرانلىقلارنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئىلاھىي سۆيگۈگە تولغان ھاكىمىيىتىنى قوغداش ئۈچۈن كۈچ - قۇۋۋەت ئىشلىتىشكە مەجبۇر بولدى.

مۇشرىكلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئارىسىدا توقۇنۇشلار يۈز بېرىشكە باشلىدى. كاپىر ۋە مۇشرىكلارنىڭ سانى كۆپ، مۇسۇلمانلار ئاز ئىدى. جەڭلەر بارغانسېرى ئەۋج ئېلىشقا، قان بىلەن قۇم بىر - بىرىگە ئارىلىششقا، ئۆلۈم بۇلۇتلىرى ئەگىپ، ۋەھىمە قۇشلىرى قونۇشقا، قانلار توختىماي ئېقىشقا باشلىدى. جەڭلەرنىڭ بىرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چىشلىرى سۇنۇپ، مۇبارەك بېشى يېرىلدى. ئۇ ئىنساننىڭ الله قا ئىمان ئېيتىشى ھەققىنى قوغداش ئۈچۈن، قېنى ئېقىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇرۇشتىن قەتئىي ۋاز كەچمىدى.

كاپىرلارنىڭ كۆپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئاز بولۇشىغا قارىماي، كۆپ ساندىكى مۇشرىكلار يېڭىلدى.

الله تائالا نىڭ، الله نىڭ ئەلچىلىرىنىڭ، ئىككى تەرەپتىن الله قا ئەڭ يېقىن بولغان ۋە زەپەر قازىنىش يوللىرىغا تېخىمۇ چىڭ ئېسىلغانلارنىڭ غالىب كېلىشى كېرەك بولغان ئىلاھىي ۋە ئەزەلىي قائىدىگە ئاساسەن، سانى كۆپ بولغان مۇشرىكلار يېڭىلدى.

ھەزرىتى مۇھەممەد ۋە خەلىپىلىرى زامانىدا ئېلىپ بېرىلغان ئىسلامىي جىھادلار ھەقنى قوغداپ، زۇلۇمنى يوقىتىش، دۈشمەننى يېڭىش ۋە مۇشتۇمزورلۇقنى پاچاقلاپ تاشلاش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان بولسا، ئۇنىدىن كېيىنكى جىھادلار قۇل - مەزلۇملارنى زۇلۇمنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قوتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغانىدى. ھۆكۈمدارلارنىڭ بىر يەرنى فەتىھ قىلىش ئۈچۈن ئىسلامدىن پايدىلىنىشى ئىسلامغا ھېچقانداق زىيان - زەخمەت ئېلىپ كەلمەيدۇ. بەلكى، ئىسلامنىڭ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشى ئورنىغا، ئۇنىڭ ئىسلامدىن پايدىلانغانلىقى ئۇنىڭدىن پايدىلانغۇچىغا زىيان ئېلىپ كېلىدۇ.

چۈنكى ئىسلام ئىنسانلارنى ۋەزىپىلەندۈرگەندە، پەقەت فەتىھ ئۈچۈنلا ئەمەس، فەتىھ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھۆرلۈك ئۈچۈنمۇ ۋەزىپىلەندۈرىدۇ.

ئىشغال قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، ھىدايەت قىلىش ئۈچۈن؛ ئىنسانلارنىڭ بويۇنتۇرۇقلىرىنى چىڭىتىش ئۈچۈن ئەمەس، بارلىق بويۇنتۇرۇقلارنى پاچاقلاپ تاشلاش ئۈچۈن...

بۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئېلىپ بېرىلغان ئىسلام جەڭلىرىنىڭ بىر تۈرى ئىدى. ئۇ ھايات ۋاقتىدىكى بارلىق جەڭلەر دۈشمەن قىلىچلىرىنىڭ

ياراتقۇچىنىڭ يالغۇز ئىكەنلىكىگە ۋە مەۋجۇدىيەتىنىڭ سۆيگۈسىگە ئىشەنگەن. ئاياللار، باللار ۋە ئەرلەرنىڭ بويۇنلىرىغا تېگىشىنى توسۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغانىدى.

بەدر غازىتى ئىسلامىيەت ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان شۇ شىددەتلىك جەڭلەرنىڭ تۇنجىسى ئىدى.

قۇرەيشلىكلەرگە تەۋە چوڭ كارۋاننىڭ ناھايىتى كۆپ مال ـ بايلىق بىلەن مەككىگە قايتىش ئۈچۈن شام تۆپىلىكلىرىدىن چۈشۈپ كېلىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر مەدىنىگە يېتىپ كەلدى.

ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھەرب **40** قا يەتمىگەن ئادەم بىلەن مىڭ تۆگىلىك كارۋانغا باش بولۇپ كېلىۋاتاتتى. مۇسۇلمانلار بۇ كارۋاننى قولغا كىرگۈزۈۋالسا، مەككىلىك زالىملارغا قانچىلىك ئېغىر زىيان سالغان بولاتتى ـ ھە؟!

تۇنجى مۇسۇلمان قوشۇنى يولغا چىقتى، بۇ قوشۇنغا مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ قوماندانلىق قىلغانىدى.

ئەسكەرلەرنىڭ سانى **317** كىشى بولۇپ، **86** كىشى مۇھاجىر، **231** كىشى ئەنسارلاردىن ئىدى، ئەنسارلارنىڭ **170** كىشىسى خەزرەج، **61** كىشىسى ئەۋس قەبىلىسىدىن ئىدى.

مۇسۇلمانلار قوشۇنى بەكمۇ يوقسۇل، ئادەمنىڭ ئىچىنى ئاغرىتقۇدەك دەرىجىدە ھارغىن ۋە ئىنسانىي ئۆلچەملەرگە نىسبەتەن بەكمۇ ئاجىز ئىدى. ھەر ئۈچ كىشى بىر تۆگىگە نۆۋەت بىلەن مىنەتتى. مەدىنە بىلەن بەدر ئارىسىدىكى مۇساپە كارۋانلارنىڭ كونا يولى بىلەن، **200** كېلومېتىردىن ئارتۇق ئىدى. بۇ قوشۇن كارۋاننىڭ ئالدىنى توسماقچى بولۇپ ماڭغانىدى. ئەمما كارۋان ئۆلاردىن قۇتۇلۇپ چىقتى. ئەبۇسۇفيان كارۋاننىڭ بېشىنى بۇراپ، ئۆلاردىن سالامەت قۇتۇلدۇرۇپ قالغانىدى. ئۇ، قۇرەيشلىكلەرنى مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا چاقىرىش ئۈچۈن مەككىگە خەۋەر سالدى.

قۇرەيشلىك جەڭچىلەردىن مەيدانغا كەلگەن مىڭ كىشىلىك قوشۇن مەككىدىن يولغا چىقتى، مۇسۇلمانلار گەرچە باشقا بىر مەقسەت بىلەن يولغا چىققان بولسىمۇ، قۇرەيشلىكلەر بىلەن جەڭ قىلماقچى بولۇپ قالدى.

اللە تائالا ئەنفال سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ئۆز ۋاقتىدا اللە ئىككى گۇرۇھ (بىرى مۇشرىكلار كارۋانى، يەنە بىرى مۇشرىكلار قوشۇنى) دىن بىرىنىڭ قولۇڭلارغا كەلتۈرۈلۈشىنى ۋەدە قىلدى، سىلەر قورالسىز گۇرۇھنىڭ (يەنى كارۋاننىڭ) قولۇڭلارغا كەلتۈرۈلۈشىنى ياقتۇردىڭلار. اللە ئۆز سۆزلىرى ئارقىلىق

ھەقنى ھەق قىلىشنى (يەنى ئىسلام دىنىنى ئۈستۈن قىلىشنى)، كاپىرلارنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتۇشنى خالايدۇ».

مۇسۇلمان قوشۇنى يوقسۇل، موھتاج ۋە ئېغىر ئىقتىسادىي ئەھۋالدا بولغانلىقى ئۈچۈن قوراللىق قوشۇننىڭ ئەمەس، بەلكى ئۈزلىرىگە ئوخشاش كۈچسىز، ئەمما مال ـ بايلىققا لىق تولغان كارۋاننىڭ ئالدىغا چىقماقچى بولغانىدى. دەۋەتلىرىنى ئەتراپقا يېيىش ئۈچۈن پۇل ۋە مالغا ئېھتىياجلىق ئىدى. الله ئۇلارنىڭ شۇ ھالىتى بىلەن مۇشرىكلارنىڭ قوشۇنىغا قارشى چىقىشى ئارقىلىق مۇشرىكلارنىڭ نەسلىنى قۇرۇتۇپ، ھەقنى ئوتتۇرىغا چىقارماقچى بولدى.

الله تائالا بەدر جېڭىنىڭ مەدىنەنىڭ يوقسۇللۇققا بەرداشلىق بېرىشى ئۈچۈن مەككىدىكى كۈپرىلىقنىڭ كاتتىلىرىنىڭ يوق قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان مۇشەققەتلىك جەڭ بولۇشىنى ئورۇنلاشتۇرغانىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئەسكىرى قوماندانى بولۇش سۈپىتى بىلەن) ئۈزلىرى دۇچ كېلىدىغان مۇشەققەت ۋە ئاۋارىچىلىقنىڭ ئەسلى مەقسەت بىلەن چىققان قولاي ئەھۋالغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى قوشۇنىغا بىلدۈرۈپ قويۇشى كېرەكلىكىنى چۈشەندى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن كېڭەشتى. ئەبۇبەكرى سىددىق سۆز قىلدى. ئۆمەر سۆز قىلدى، ئەل مىقداد ئىبنى ئامىر سۆز قىلدى، نەتىجە ۋە زىيان ـ زەخمەتنىڭ نېمە بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ھەممەيلەن ئۇرۇش قىلىش ھەققىدە پىكىر بىرلىكىگە كەلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە:

«ئى جامائەت! ماڭا مەسلىھەت بېرىڭلار!» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزنى ئەنسارلارغا قاراتقانىدى، ئۇ ئۆزى بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بەيئەتنىڭ پەقەت مەدىنىگە ھۇجۇم قىلىنغاندا، ئۇنى قوغداش شەكلىدە چۈشەنگەنلىكىدىن قورققانىدى. ئەسلىدە بەيئەت ۋاقتىدىكى سۆزلەر بۇ ئەھۋالنى ئوچۇق بىلدۈرمەكتە ئىدى.

ئۇلار ئۇنىڭغا: «ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بىزنىڭ تۇپراقلىرىمىزغا كېلىشتىن بۇرۇن ساڭا مەسئۇل ئەمەسمىز، بىزگە كەلگەندىن كېيىن پۈتۈنلەي بىزنىڭ زىممىمىزگە يۈكلەنگەن بولىسەن» دېمىگەنمىدى؟

ئەسكەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئەنسارلاردىن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇرۇش باشلىنىشتىن بۇرۇن ئۇلارنىڭ قارارىنى بىلمەكچى بولغانىدى.

سۈرە ئەنفال 7 ـ ئايەت.

ئەنسارلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزلىرىنىڭ پىكىرلىرىنى بىلمەكچى بولغانلىقىنى چۈشەندى. ساد ئىبنى ئەۋف: «ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سەن بىزنى كۆزدە تۇتۇۋاتىسەن» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شۇنداق» دەپ جاۋاب بەردى. ئەنسارلار قارارىنى بىلدۈردى.

ئەنسارلارنىڭ سۆزى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەندىشىسىنى يوقىتىپ، كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلدى. چۈنكى ئەنسارلار ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىشەنگەنلىكىنى، ئۇنى سۆيىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا بويسۇنىدىغانلىقىنى ۋە ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى ئىپتقانىدى.

سەئد ئىبنى مۇئاز مۇنداق دېدى: «ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! سەن خالىغىنىڭنى قىلغىن، بىز ھەر دائىم سەن بىلەن بىللە. سېنى ھەق دىن بىلەن ئەۋەتكەن اللە نىڭ نامىدا قەسەم قىلىمەنكى، سەن بىزگە دېڭىزنى كۆرسەتسەڭ، بىز ھېچ ئىككىلەنمەي دېڭىزغا كىرىمىز، بىزدىن ھېچكىم قېلىپ قالمايدۇ.»

ئىش ئايدىڭلاشتى، بۇ سۆزلەر ئىسلام غازاتلىرىدىن ئەڭ مۇھىم بولغان بىر جەڭنىڭ نەتىجىسىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغانىدى.

ئەنسارلار بىلەن مۇھاجىرلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قوشۇنى ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرى يەھۇدىيلارنىڭ ھەزرىتى مۇساغا: سەن ۋە رەببىڭ ئۇرۇشۇپ كېلىڭلار، بىز مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرايلى، ـ دېگەن سۆزلىرىدىن پەرقلىق بولۇپ، ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا دولقۇنلارنى يېرىپ، دېڭىزدىن ئۆتۈشنى بۇيرۇق قىلسا، ئۇلار چوقۇم شۇنداق قىلاتتى، سۇدا بوغۇلۇپ ئۆلۈشتىن يانمايتتى. ئۇلاردىن ھېچكىم بۇيرۇققا قارشىلىق بىلدۈرمەيتتى.

مۇسۇلمانلار ئۇرۇشقا تەييارلاندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاللىغان بىر يەرگە بارگاھ قۇرۇلدى.

اللە تائالا مۇسۇلمانلارغا ئۇرۇشتىكى ئەڭ مۇھىم قائىدىلىرىدىن بىرىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئەلچىسىگە يەرنى خاتا تاللاتقۇزدى. ئەسلىدە، قوشۇن قوماندانى تەجرىبىلىك كىشىلەرنىڭ پىكرىگە ئاساسەن بارگاھ قۇرۇشى كېرەك ئىدى.

ئەل خۇبەيب ئىبنى ئەل مۇنزىر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ مۇنداق دېدى: بارگاھ قۇرۇلغان بۇ يەر بىز ھېچقانداق ئۆزگەرتەلمەيدىغان، اللە ۋە پەيغەمبىرىنىڭ تاللىغان يېرىمۇ ياكى كۆز قاراش، ئۇرۇش ۋە تاكتىكا مەسىلىسىمۇ؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: بۇ كۆز قاراش، ئۇرۇش ۋە تاكتىكا مەسىلىسى، ـ دېدى.

ئەل خۇبەيب: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! بۇ يەر بىز ئۈچۈن مۇۋاپىق ئەمەس، ـ دېدى.

بۇ تەجرىبىلىك ساھابە مەدىنە قوشۇنى سۇ ئىچەلەيدىغان، ئەمما مەككە قوشۇنى ئىچەلمەيدىغان بىر يەرنى تاللىدى.

شۇنىڭ بىلەن، قوشۇن ئەسكىرىي تەجرىبىسى بار كىشىلەر قارار بەرگەن يەرگە يۆتكەلدى.

مەككە قوشۇنى يېتىپ كەلدى. ئەسكەر سانى مىڭغا يېقىن ئىدى. ئۇلار ۋادىنىڭ ئەڭ يىراق تاغ باغرىغا (دۆڭگە) ئورۇنلاشتى.

بەدردىكى مۇشرىك قوشۇنىنىڭ ئىچىدە قۇرەيشنىڭ خوجايىنلىرى، قەھرىمانلىرى ۋە جەڭگىۋار ياشلىرى بار ئىدى.

بەدردىكى مۇسۇلمان قوشۇنلىرىدا دۈشمەن قوشۇنىدىكىلەرنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بار ئىدى. ئۇلۇغ اللە جەڭ مەيدانىدا ئاتىنىڭ بالىسى بىلەن، ئاكىنىڭ ئىنىسى بىلەن، كۈيئوغۇلنىڭ قېيىنئاتىسى بىلەن ئۇچرىشىشىنى تەقدىر قىلغانىدى. چۈنكى پرىنسىپلار ئۇلارنىڭ يولىنى ئايرىپ، قىلىچلار بىر ـ بىرىگە قارىتىلغانىدى.

شۇنداق، بەدر جېڭى قان قېرىنداشلىقنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئەسلىي ۋە مۇھىم بىر قائىدىگە يەنى ئىسلامنىڭ دىنىي قېرىنداشلىقىغا ئاساس سالدى.

ئۇتبە ئىبنى رەبىيئە مەككە قوشۇنلىرى بىلەن كېڭەشىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ ئۇلارنى قايتىپ كېتىشكە ئۈندىدى:

ـ ئى قۇرەيش جامائىتى! اللە قا قەسەم قىلىمەنكى، سىلەر مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى بىلەن قارشىلىشىپ ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيسىلەر. ئەگەر ئۇنى ئۆلتۈرسەڭلار، بىرى يەنە بىرىنىڭ يۈزىگە ياخشى نىيەت بىلەن قارىمايدۇ. چۈنكى ئۇ تاغىسىنىڭ ئوغلىنى ياكى ئانا جەمەتىدىن بىرىنى ۋە ياكى ئۆز تۇغقانلىرىدىن بىرىنى ئۆلتۈرىدۇ. سىلەر قايتىپ مۇھەممەدنى باشقا ئەرەب قەبىلىلىرى بىلەن دۈشمەن قىلىپ قويۇڭلار! ئەگەر ئۇلار مۇھەممەدنى ئۆلتۈرۈۋەتسە، سىلەرنىڭ تىلىكىڭلار ئەمەلگە ئاشقان بولىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولماي قالسا، ئۇ چوقۇم سىلەرنىڭ ئالدىڭلارغا كېلىدۇ. سىلەر ئۇنىڭ بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلىسىلەر.

ئەقىلگە ئۇيغۇن ۋە مەنتىقىلىق بۇ سۆزلەر مەككە قوشۇنىدىكى تۇنجى سۆز ئىدى. قوشۇندىكى بىر مۇنچىلىغان كىشى بۇ ئۇرۇشنى پايدىسىز دەپ ئويلايتتى. بۇ ئۇرۇش ھەقىقىي بىر ئۇرۇش ئەمەس ئىدى. ئەقىلسىزلەرنىڭ سۈرەن ـ چۇقانلىرى بۇ سۆزلەردىن ئېشىپ چۈشتى. ئەبۇجەھىل ئۇتبە ئىبنى رەبىيئەنى قورقۇنچاق دەپ ئەيىبلىدى. ئۇنىڭ ئەيىبلىشى ئۇتبەنى نىيىتىدىن ياندۇردى. ئۇمۇ مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇشۇشقا قارار بەردى.

ئەبۇجەھىل ھۇجۇم قىلغان قوشۇننىڭ قوماندانى بولۇپ، ئۇ ھەزرىتى مۇھەممەدنىڭ يالغان سۆزلىمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى.

تارىخ كىتابلىرىدا ئەل ئەھنەس ئىبنى شەرقىنىڭ بەدر جېڭى باشلىنىشتىن بۇرۇن ئەبۇ جەھىل بىلەن يالغۇز بىر يەردە تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن مۇنداق دەپ سورىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ:

- ئى ئەبۇل ھاكىم! سەن مۇھەممەدنىڭ يالغان ئېيتقانلىقىغا ئىشىنەمسەن؟

ئەبۇ جەھىل بۇ سوئالغا مۇنداق جاۋاب بەردى:

- ئۇ الله يولىدا قانداقمۇ يالغان سۆزلىسۇن؟ بىز ئۇنىڭغا ”ئىشەنچلىك“ دېگەن ئىسمنى بەرگەن ئىدۇق. ئەمما سىكايە (ھاجىلارغا سۇ تارقىتىش)، رىفادە (يوقسۇل ھاجىلارغا ياردەم بېرىش، تائام تارقىتىش)، ھىجابە (كەبىنىڭ يوپۇقىنى قوغداش) ۋە مەشۇەرەت (كېڭەش) قاتارلىقلار ئابدۇمەنناف قەبىلىسىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. ئاز كۈندىن كېيىن پەيغەمبەرلىكمۇ ئۇلارغا ئۆتۈپ كەتسە، بىزگە نېمە قالىدۇ؟

دېمەككى، بۇ جەڭ پەيغەمبەرنى يالغانچىغا چىقىرىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى مەنپەئەت ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋاللارنى قوغداش ئۈچۈن ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، سەپلىرىگە ھايۋانلارنىمۇ قېتىۋالغان مۇشرىكلار دۇنيانىڭ ئەڭ ئاددىي نېمەتلىرىنى قوغداش ئۈچۈن، سەپلىرىگە پەرىشتىلەر قېتىلغان مۇسۇلمانلار بولسا دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئەڭ قىممەتلىك مەنپەئەتلىرىنى قوغداش ئۈچۈن بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى كېلىپ تۇرۇشتى.

كېچە بولدى.

ئۈچ يۈزگە يېقىن مۇسۇلمان مىڭغا يېقىن مۇشرىكنىڭ قارشىسىدا تۇراتتى.

مۇشرىكلارنىڭ ھەممىسى ئۇلاغقا مىنگەن. تولۇق قوراللانغانىدى. مۇسۇلمانلار بولسا، ھەر ئۈچى بىر ئۇلاغقا مىنگەنىدى.

مۇشرىكلارنىڭ كىيىملىرى يېڭى، قىلىچلىرى ئۆتكۈر، ساۋۇت - دۇبۇلغىلىرى پارقىراپ تۇراتتى. قوراللىرى ئۈستۈن، تەييارلىقى تولۇق ئىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ كىيىملىرى جۇل - جۇل، قىلىچلىرى كونا، ساۋۇت - دۇبۇلغىلىرىنى دات بېسىپ كەتكەنىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز قوشۇنىغا قاراپ ئىچ ئاغرىتتى ۋە رەببىگە مۇنداق دەپ دۇئا قىلدى:

«ئى الله! ئۇلار ئاچ، ئۇلارنى تويغۇزغىن، ئۇلار يالىڭاچ، ئۇلارنى كىيىندۈرگىن، ئۇلار پىيادە (ئۇلاغلىرى يوق)، ئۇلارنى ئۇلاغقا مىندۈرگىن!»

ھارغىن بەدەنلەرنى ئارام ئالدۇرۇش ئۈچۈن كۆزلىرىگە ئۇيقۇ كەلدى. يېرىم كېچىدە، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەتراپىدىكى ھاۋا سالقىنلاپ، سىم - سىم يامغۇر ياغدى. ئاياق ئاستىدىكى قۇملار چىڭدىلىپ، پۇت سىيرىلمايدىغان ھالغا كەلدى. بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قۇم ئۈستىدىكى ھەرىكىتى ئاسانلاشتى. سىم - سىم يامغۇر سەپەر ھارغىنلىقىنى ۋە توپا

- چاغلىرىنى بېسىقتۇردى. ئۇلارنىڭ قەلبىنى پاكىزلاپ، اللە نىڭ ياردىمىغا بولغان ئىشەنچىنى ئاشۇردى.

اللە تائالا مۇنداق دېگەنىدى:

﴿ئۆز ۋاقتىدا اللە تېنچلاندۇرۇش يۈزىسىدىن سىلەرگە ئۇيقۇ بېغىشلىدى: (تاھارەت ئېلىپ، غۇسلى قىلىپ) پاك بولۇشۇڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىنى كەتكۈزۈش ئۈچۈن، (اللە نىڭ ياردىمىگە ئىشەنچ قىلىپ) كۆڭلۈڭلارنىڭ توق تۇرۇشى ئۈچۈن، قەدىمىڭلارنىڭ (قۇمغا پېتىپ كەتمەي) مەزمۇت تۇرۇشى ئۈچۈن، اللە سىلەرگە بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى﴾.[4]

تاڭ ئاتتى. قۇرەيش قوشۇنى ھۇجۇم باشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمان قوشۇننى مۇداپىئەلىنىشكە بۇيرىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «دۈشمەن سىلەرنى قورشىۋالسا، ئۇلارغا قارىتىپ ئوق ياغدۇرۇڭلار، رۇخسەت بېرىلمىگىچە ھۇجۇمغا ئۆتمەڭلار!»

بۇ ھېكمەتلىك ھەربىي قارار مۇسۇلمانلارنىڭ ھۇجۇمىنىڭ بارلىق چىقىمىنى كۆزلەنگەن زىيان - زەخمەت بىلەن بىرلىكتە دۈشمەنلەرنىڭ زىممىسىگە يۈكلەش ئۈچۈن ھېچقانداق چىقىم تارتمىغان ھالدا ئۆز جايلىرىدا تۇرۇش دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. بىز ھازىرقى ھەربىي تاكتىكىلاردىن شۇنى بىلىۋالالايمىزكى، ئۇرۇشتا ھۇجۇم قىلغان تەرەپنىڭ ئەسكىرىي كۈچى (ھۇجۇمنىڭ قارشى تەرەپكە تەسىر قىلغۇدەك دەرىجىدە بولۇشى ئۈچۈن) قارشى تەرەپنىڭ ئەسكىرى كۈچىدىن ئۈچ، تۆت ھەسسە كۈچلۈك بولۇشى كېرەك. مۇشرىكلارنىڭ سانى مۇسۇلمانلاردىن ئۈچ ھەسسە ئارتۇق بولۇپ، ئۇلارغا نىسبەتەن غەلىبە ئۈچۈن يېتەرلىك كۈچ تەييار ئىدى. مۇشرىكلارنىڭ قورallىرى سەرخىل، ئۇلاغلىرى كۆپ ئىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈچتىن ئىككىسى پىيادە ئىدى. ئەھۋال، دەلىل - پاكىت پۈتۈنلەي مۇشرىكلارنىڭ غەلىبىسىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى، ئەمما جەڭدە غەلىبە قازىنىش سانىنىڭ كۆپلۈكىگە، قورال - ياراق ۋە كۆرۈنۈپ تۇرغان كۈچ - قۇۋۋەتنىڭ ئۈستۈنلۈكىگە باغلىق ئەمەس. بەزىدە جەڭدە كۆرۈنمەيدىغان بىر مەنىۋي تەرەپ غەلىبە قازىنىدۇ. ئەسكەرنىڭ مەنىۋي كۈچى، ئۆزى قوغداۋاتقان نەرسىگە بولغان ئىمانى، ئىككى ياخشىلىقتىن بىرىنى يەنى غەلىبە ياكى ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىشى، شېھىتلىككە ئىنتىلىشى، ئىچىدىكى قايغۇنى يېڭىشى... مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەسكەرنى يېڭىلمەس بىر مەخلۇققا ئايلاندۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن، ئۇ مەغلۇبىيەتكە رازى بولمىسىمۇ ئۆلۈشى مۇمكىن.

مۇسۇلمانلار قوشۇنى مانا مۇشۇنداق ئىدى.

ئەتراپىنى چاڭ - توزان قاپلىدى. ئىككى قوشۇن بىر - بىرىگە كىرىشىپ كەتتى. مۇسۇلمانلار ناھايىتى چوڭ غەيرەت كۆرسەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوشۇنغا قارىدى

[4] سۈرە ئەنفال 11 - ئايەت.

ۋە ئۆز قوشۇنىنىڭ مۇشرىكلارنىڭ قوراللىرى ئارىسىدا بەكمۇ ئاجىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، رەببىدىن ياردەم تىلەپ دۇئا قىلدى:

ـ ئى اللە! بىزگە ياردەم قىل! ئى اللە! ماڭا ۋەدە قىلغان نەرسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىن!

ـ ئى اللە! سەن بۇ قوشۇننى ھالاك قىلساڭ، يەر يۈزىدە ساڭا ئىبادەت قىلىدىغان ھېچكىم قالمايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇرۇش ۋاقتىدىكى ئەندىشىسىنى ئويلاپ كۆرسەكلا، نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ قوشۇنىنىڭ غەلىبە قازانغانلىقىنى بىلۋالالايمىز.

ئەڭ چوڭ قوشۇننىڭ قوماندانى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ اللە يولىدا ئۇرۇش قىلغىلى چىقتى.

ئەنە ئۇلۇم، ئۇ مۇسۇلمانلارغا دىققەت بىلەن قارىماقتا... پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ خەتەرلىك پەيتتە نېمە ئويلاۋاتىدۇ؟

ئۇنىڭ خىيالى شۇ پەيتتىن ھالقىپ ئۆتۈپ، كېلەچەككە يەنى كەلگۈسىدە يەر يۈزىدە اللە قا ئىبادەت قىلىدىغانلارغا كەتكەنىدى.

«ئى اللە! بۇ قوشۇننى ھالاك قىلساڭ، يەر يۈزىدە ساڭا ئىبادەت قىلىدىغان ھېچكىم قالمايدۇ»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ھالاك بولۇشىدىن قورقمايتتى. چۈنكى ئۇلار ھاياتتىن ئايرىلىدۇ. ئۇ ھەممىدىن بەك بۇندىن كېيىن يەر يۈزىدە اللە قا ئىبادەت قىلغۇچىنىڭ قالماسلىقىدىن ئەندىشە قىلىۋاتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇددى اللە قا ئۇنىڭ تېخىمۇ ياخشى بىلىدىغان نەرسىنى ئەسلىتىش ئارقىلىق ئۇنىڭدىن ياردەم تەلەپ قىلىۋاتاتتى...

جىبرىئىل باشچىلىقىدىكى پەرىشتىلەر يېتىپ كەلدى (چۈشتى).

اللە تائالا ئەنفال سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ئۆز ۋاقتىدا (دۇئا قىلىپ) پەرۋەردىگارىڭلاردىن ياردەم تىلىدىڭلار، اللە: «سىلەرگە ئارقىمۇئارقا (چۈشىدىغان) مىڭ پەرىشتە بىلەن ياردەم بېرىمەن» دەپ دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلدى. اللە سىلەرگە پەقەت (غەلىبە قىلىدىغانلىقىڭلارغا) بېشارەت بېرىش ۋە كۆڭلۇڭلارنى ئارام تاپقۇزۇش ئۈچۈنلا ياردەم بەردى. ياردەم پەقەت اللە تەرىپىدىنلا كېلىدۇ. اللە ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾. [8]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جەڭگە قوماندانلىق قىلىۋاتقان كەپىدە كۆزلىرىنى بىردەم يۇمۇپ تۇردى. ئاندىن كۆزلىرىنى ئېچىپ ئەبۇبەكرىگە مۇنداق دېدى:

[8] سۈرە ئەنفال 9 ـ ۋە 10 ـ ئايەتلەر.

- ئى ئەبۇبەكرى! خۇشخەۋەر! ساڭا اللە نىڭ ياردىمى كەلدى. ئەنە قارا! جىبرىئىل ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ تۇرىدۇ.

پەرىشتىلەر مۇسۇلمانلارغا ياردەم بېرىش ۋە خۇشخەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن چۈشكەن بولۇپ، بۇ پەرىشتىلەرنىڭ جەڭگە قاتناشقانلىقىنى بىلدۈرىدىغان مۆجىزە ئەمەس ئىدى.

ھۆكۈملەر پەرىشتىلەرنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ خۇشخەۋەر، يەتكۈزۈش. مەنىۋى ياردەم بېرىش ۋە كۆڭۈللەرنى خاتىرجەملىككە ئېرىشتۈرۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى تەكىتلىمەكتە.

بۇ ئارقىلىق ئۇلۇغ اللە پەرىشتىلەرگە ئۆزىنىڭ ئۇلار (يەنى پەرىشتىلەر) بىلەن بىللە ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. شۇڭا ئۇلارغا: ئىمان ئېيتقانلارنىڭ قەدەملىرىنى مۇستەھكەم قىلىڭلار! اللە تائالا ھەقنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ قەلبلىرىگە قورقۇنچ سالىدۇ. مۇسۇلمانلار كاپىرلارنى قىلىچلىرى بىلەن چېپىپ، اللە ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىسۇن! - دەپ ۋەھيى قىلدى.

ئۇلۇغ اللە ئەنفال سۈرىسىدە مۇنداق دېگەنىدى:

﴿ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە: «مەن سىلەر بىلەن بىللە، مۆمىنلەرنى (ئۇرۇش مەيدانىدا) ساباتلىق قىلىڭلار. كاپىرلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سالىمەن» دەپ ۋەھيى قىلدى. (قىلىچ بىلەن كاپىرلارنىڭ) گەدەنلىرىگە چېپىڭلار (يەنى باشلىرىنى كېسىڭلار)، ئۇلارنىڭ بارماقلىرىغا (ھەممە ئەزاسىغا) چېپىڭلار. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار اللە قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشىلىق قىلدى. كىمكى اللە قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشىلىق قىلىدىكەن، اللە ئۇنى قاتتىق جازالايدۇ. (ئى كاپىرلار جامائەسى! بۇ دۇنيادا) مۇشۇنداق جازانى تېتىڭلار. كاپىرلار (ئاخىرەتتە) دوزاخ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ﴾.[4]

مۇسۇلمانلارنىڭ قىلىچلىرى كاپىرلارنىڭ يۈز ۋە بويۇنلىرىغا خۇددى شىددەتلىك يامغۇردەك تاراسلاپ تېگىشكە باشلىدى. مەككە قوشۇنى پېتراپ كەتتى.

جەڭدە كاپىرلاردىن 70 ئادەم ئۆلدى، 70 ئادەم ئەسىرگە چۈشتى، قالغانلىرى قېچىپ كەتتى.

بۇ جەڭدە نەپرەت ۋە دۈشمەنلىك رەھبەرلىرى بىلەن جاھىلىيەت ھۆكۈمدارلىرى يەر بىلەن يەكسان بولدى. قوشۇن قوماندانى ئەبۇجەھىلمۇ يەرگە يىقىلدى.

مەككە خەلقى قەھرىمانلىرىغا نالە - زار قىلىشتى، كاپىرلارنىڭ جەسەتلىرى قۇدۇققا تاشلاندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ يەرگە كېلىپ مۇنداق دېدى:

---

[4] سۈرە ئەنفال 12 - ئايەتتىن 14 - ئايەتكىچە.

«ئى قۇدۇق ئىچىدىكىلەر! ئى ئۇتبە ئىبنى رەبىيئە! ئى شەيبە ئىبنى رەبىيئە! ئى ئۇمەييە ئىبنى خەلەپ! ئى ئەبۇجەھىل ئىبنى ھىشام! رەببىڭلار ۋەدە قىلغان نەرسىنى ئەمەلىيەتتە كۆردۇڭلارمۇ؟ مەن رەببىمنىڭ ماڭا ۋەدە قىلغان نەرسىسىنى كۆردۇم.»

مۇسۇلمانلار:

ـ ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! يۇراپ كەتكەن جەسەتلەرگە سۆزلەۋاتامسەن؟ ـ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ سىلەر مېنىڭ سۆزۈمنى ئۇلاردەك ئېنىق ئاڭلىيالمايسىلەر، ئەمما ئۇلار ماڭا جاۋاب بېرەلمەيدۇ، ـ دېدى.

جەڭ ھىجرەتنىڭ ئىككىنچى يىلى، رامىزان ئېيىنىڭ ئون يەتتىنچى كۈنى ئاخىرلاشتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەدردە ئۈچ كېچە قونغاندىن كېيىن، ئەسىر ۋە غەنىمەتلەرنى ئېلىپ مەدىنىگە قايتتى.

مۇسۇلمانلار ئەسىرلەرنى ئۆلتۈرۈش ياكى ئۆلتۈرمەسلىك مەسىلىسىدە كۆپ تالاش ـ تارتىش قىلىشتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇبەكرى بىلەن ئۆمەردىن مەسلىھەت سورىدى. ئەبۇبەكرى مۇنداق دېدى:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! بۇلار بىزنىڭ تاغىلىرىمىزنىڭ ئوغۇللىرى، ئۆز قەبىلىمىزدىن چىققان قېرىنداشلىرىمىز. مەنچە ئۇلاردىن فىدىيە ئالايلى. بۇ فىدىيەلەر بىزنىڭ كاپىرلارغا بولغان كۈچىمىزنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ. بەلكىم اللە ئۇلارغا ھىدايەت ئاتا قىلىپ قالسا، بىزگە ياردەمچى بولۇشىمۇ مۇمكىن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمەرگە بۇرۇلۇپ:

ـ سەن قانداق قارايسەن؟ ئى ئۆمەر! ـ دېدى.

بۇ كاتتا ئادەم:

ـ اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن ئەبۇبەكرىنىڭ سۆزلىرىگە قوشۇلمايمەن، ماڭا رۇخسەت قىلغىن، بىرىپ پالانچى يېقىنىمنىڭ بوينىنى چېپىۋېتەي. ئەلىگىمۇ رۇخسەت قىلغىن، ئۇمۇ بىرىپ پالانچى يېقىنىنىڭ بوينىنى چېپىۋەتسۇن. ھەمزىگە رۇخسەت قىلغىن، ئۇمۇ بىرىپ پالانچىنىڭ بوينىنى چېپىۋەتسۇن. بۇ ئارقىلىق اللە قەلبلىرىمىزدە مۇشرىكلارغا نىسبەتەن ئاجىزلىق ۋە رەھىم ـ شەپقەت دېگەن نەرسىنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى بىلسۇن. بۇلارنىڭ مۇشرىكلارنىڭ كاتتىباشلىرى ۋە قوماندانلىرى ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىسىلەر، ـ دېدى.

مەككە ۋە مەدىنە قوشۇنى پۈتۈنلەي بىر ـ بىرى بىلەن تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى بولغان ئائىلىلەردىن تەركىب تاپقانىدى. ئۇلۇغ تەقدىر ئاكا ـ ئىنى، ئاتا ـ بالىنىڭ بىر ـ بىرىنى ئۆلتۈرۈشىنى تىلىگەنىدى. ئۆمەر مۇشرىكلارغا ئىسلامنىڭ ئۇلار بىلەن قەتئىي بىر يەرگە كېلەلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇشنى ۋە قەتئىي نىيەتتىن يانماسلىقنى تەلەپ قىلىۋاتاتتى.

ئىش ئايدىڭلاشتى، الله يولىدىكى ئۇرۇش باشلىدى. قولغا قورال ئېلىپ ئۇرۇشقا قاتنىشىش ۋاز كەچكىلى بولمايدىغان مۇھىم ۋەزىپىگە ئايلاندى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارغا قارىدى ۋە ئۇلارنىڭ ئەبۇبەكرىنىڭ پىكرىگە مايىل ئىكەنلىكىنى كۆردى. كۆپچىلىك بۇنى تەلەپ قىلىۋاتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆپچىلىكنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى. ئەمما كۆپچىلىك خاتالاشقان بولۇپ، پەقەت ئۆمەرلا ھەق ۋە توغرا سۆزنى قىلغانىدى.

ئۆمەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېتىشتۈرگەن ئەسكىرىي ستراتېگىيىلىك ئالدىن كۆرەرلىك ۋە ئەقىل ـ پاراستى ئارقىلىق بۇ مەسىلىنىڭ پەقەت ئەسىرلەرنىڭ بويۇنلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ ئائىلىرى فىدىيە ئورنىدا بېرەلەيدىغان مال ـ بايلىقتىن بىرىنى تاللاش مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىن كۆپ دەرىجىدە ھالقىپ چۈشكەن باشقا بىر مەسىلە ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەنىدى.

بۇ، ئىسلام تارىخىدىكى تۇنجى جەڭ ئىدى. مۇسۇلمانلار ئىسلامنىڭ الله نىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ قېنىنى تەلەپ قىلغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن، ئىنكارچىلارنى قورقۇتۇپ، يۈرىكىنى ئېزىش، يەنى ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈپ، ئىنسانىي ھېس ـ تۇيغۇدىن كېلىپ چىققان شەپقەتنى ئۇنتۇپ كېتىشى كېرەك ئىدى.

الله تائالا كىتابىدا ئۆمەر ئىبنى خەتتابنى قوللىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئەبۇبەكرى ئەتىسى ئۆز خاتالىقلىرىنى بىلىپ يىغلىشىپ كەتتى. ئۆمەر ئۇلارنىڭ يېنىغا كىردى. ئۇلارنىڭ يىغلىغىنىنى كۆرۈپ: الله نىڭ پەيغەمبىرىنى ۋە ئۇنىڭ غارىدىكى دوستىنى يىغلاتقان نەرسە نېمە؟ ـ دەپ سورىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇدى:

﴿پەيغەمبەرگە زېمىندا دۈشمەننى كۆپرەك ئۆلتۈرمەي تۇرۇپ (يەنى مۇشرىكلىكنىڭ ھەيۋىسىنى يوقىتىپ، ئىسلامغا قۇۋۋەت بەرمەي تۇرۇپ)، ئەسىرلەردىن فىدىيە ئېلىش لايىق ئەمەس ئىدى. (ئى مۆمىنلەر! سىلەر فىدىيە ئېلىش بىلەن) دۇنيا مەنپەئەتىنى كۆزلەيسىلەر، الله سىلەرگە ئاخىرەتنى (يەنى ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى) تىلەيدۇ. الله غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. الله نىڭ (ئوچۇق چەكلىمىگەن ئىشنى

قىلغانلارنى جازالىماسلىق دېگەن) ھۆكمى ئەزەلدە بولمىسا ئىدى، (ئەسىرلەردىن) فىدىيە ئالغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە زور ئازابقا دۇچار بولاتتىڭلار﴾.

بۇ ئايەتلەردە، ھازىرقى ۋاقىتنىڭ ئەسىرگە ئېلىش ۋە ئۇلاردىن فىدىيە ئېلىپ قويۇپ بېرىش ۋاقتى ئەمەسلىكى، ئۇنىڭ تېخى پەيتى يېتىپ كەلمىگەنلىكى بايان قىلىنماقتا، كۆپ ئۇرۇشماي، كۆپ جىھاد قىلماي، دۈشمەنگە يەر چىشلەتمەي ۋە ئۇزۇن دەۋتىنى تۆت ئەتراپقا كەڭ يايماي تۇرۇپ دۈشمەندىن فىدىيە پەيغەمبەرگە توغرا كەلمەيدۇ. بولۇپمۇ، تۇنجى ئۇرۇشلاردا ھەرگىز ...

ئايەتلەر ئەسىرلەر ئۈچۈن فىدىيە ئېلىشنىڭ ئارقىسىدىكى غايىنى ئوچۇق ئىپادىلەپ بەردى:

﴿(ئى مۆمىنلەر! سىلەر فىدىيە ئېلىش بىلەن) دۇنيا مەنپەئەتىنى كۆزلەيسىلەر، الله سىلەرگە ئاخىرەتنى (يەنى ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى) تىلەيدۇ. الله غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾.

بۇ، پەقەت شۇ ۋاقىتتىكى قىيىن شارائىتقا ئاساسەن چىقىرىلغان قارار. يەنى ھازىرقى ئىبارىلەر بىلەن ئېيتقاندا، تاكتىكىلىق قارار بولۇپ، ئۇنىڭ ستراتېگىيە بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇلار ئادەتتىكى ئەسىرلەر ئەمەس، بەلكى مۇشتۇمزور ئۇرۇش جىنايەتچىلىرى بولغاچقا، ئۇلار ئەسىرگە ئېلىنغان ھامان، بايلىق ۋە ئەمەل ـ مەنسەپلىرىنىڭ نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، دەرھال يوق قىلىنىشى كېرەك ئىدى.

ئىسلام ـ بايلىق ۋە ئەمەل ـ مەنسەپنى ئەمەس، بەلكى ئىماننى تونۇيدۇ. ئۇندىن باشقا، دۇنيانىڭ ئۆتكۈنچى نېمەتلىرىگە ھېچقانداق ئۆلچەم قويمايدۇ.

قۇرئان ھۆكۈملىرى داۋاملىشىدۇ ۋە غەلىبە قازانغانلارنىڭ خاتالىقلىرىنىڭ ئۇندىن بۇرۇنقى مەرھەمىتى ۋە كاتتا مەغپىرىتى يۈزىدىن اللە نىڭ ئۇلارنى كەچۈرگەنلىكىنى خاتىرلىتىدۇ.

﴿الله نىڭ (ئوچۇق چەكلەنمىگەن ئىشنى قىلغانلارنى جازالىماسلىق دېگەن) ھۆكمى ئەزەلدە بولمىسا ئىدى، (ئەسىرلەردىن) فىدىيە ئالغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە زور ئازابقا دۇچار بولاتتىڭلار﴾.

ئازاب ئۇلارغا ئۇلارنىڭ قېشىدا تۇرغان دەرەختىنمۇ يېقىن ئىدى. الله ئۇلارنى كەچۈرۈۋەتتى، بەدر غازىتىغا قاتناشقانلارنىڭ بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلدى.

سۈرە ئەنفال 67 ـ ۋە 68 ـ ئايەتلەر.
سۈرە ئەنفال 67 ـ ئايەت.
سۈرە ئەنفال 68 ـ ئايەت.

قۇرئان مۇسۇلمانلارنى مانا مۇشۇنداق زاھىد قىلىپ يېتىشتۈرمەكتە ئىدى. ئىش ئايدىڭلاشتى. ئىسلامىي غازاتلار باشلاندى. بۇلار پەقەت الله يولىدا. قىيىن شارائىتلارنىڭ زورلۇق ئېھتىياجىغا ئاساسەن مەيدانغا كېلىشى كېرەك بولغان غازاتلار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى قايسى ھەرىكىتىنىڭ (ئەمەلىنىڭ) ئۆتكۈنچى دۇنياغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى، يەنى ئۆزلىرىگە مەغلۇبىيەت ۋە جازا كېلىدىغان ـ كەلمەيدىغانلىقىنى ئاستا ـ ئاستا بىلىشكە باشلىدى.

ئۇھۇد جېڭىدا مۇشرىكلارنىڭ سانى ئۈچ مىڭ ئىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ سانى (مۇناپىقلارنىڭ باشچىسى ئابدۇللاھ ئۇبەي ئارىلىرىدىن چېكىنىپ چىققاندىن كېيىن) يەتتە يۈزگە چۈشۈپ قالدى.

مۇسۇلمانلار تاغ باغرىغا بارگاھ قۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جەڭدە زەپەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن بىر پىلان تۈزدى ۋە ئوقياچىلارنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقا تەرىپىنى قوغداش ئۈچۈن تاغقا ئورۇنلاشتۇردى.

ئۇلارغا دۈشمەننىڭ ئاتلىق قوشۇنىنىڭ مۇسۇلمانلارغا ھۇجۇم قىلىشىدىن توسۇشنى بۇيرىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوقياچىلارغا جەڭ ۋەزىيىتىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر (يەنى مۇسۇلمانلار يەڭسۇن ياكى يېڭىلسۇن) ئۆز ئورۇنلىرىدىن ھەرگىز قوزغالماسلىقى كېرەكلىكىنى چۈشەندۈردى. بۇ (يېڭىش ياكى يېڭىلىشى) ئوقياچىلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقا تەرىپىنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن ئۇلار ئۆز ئورۇنلىرىدىن مىدىرلىماسلىقى كېرەك ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەنىدى: «بىزنىڭ ئارقا تەرىپىمىزنى قوغداڭلار. بىزنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىمىزنى كۆرسەڭلارمۇ ياردەم قىلغىلى كەلمەڭلار. بىزنىڭ غەنىمەت يىغىۋاتقانلىقىمىزنى كۆرسەڭلارمۇ، ئۇ يەردىن قوزغالماڭلار!»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوشۇنىنىڭ ئارقا سەپلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئالدى تەرەپكە ئۆتتى.

جەڭ باشلاندى.

ئىسلام ئەسكەرلىرى ئۈچ مىڭ مۇشرىكنىڭ ئارىسىغا بوراندەك ئېتىلىپ كىردى. جەڭنىڭ دەسلەپكى ۋەزىيىتىدىن مۇسۇلمانلارنىڭ مۇشرىكلارنى تارمار قىلىۋېتىدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مەككە قوشۇنى غەلىبىدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن ھالدا جەڭگە كىردى. ئەسلىدە، ئۇلار سان جەھەتتىن تۆت ھەسسە كۆپلۈك ئىدى. سان ۋە قورال ـ ياراقلىرىنىڭ ئۈستۈن بولۇشىغا قارىماي، مۇسۇلمانلارنىڭ جەڭگە زەپەر قۇچۇش ياكى ئۆزلىرىگە قەتئىي قارشىلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن كىرگەنلىكىنى كۆردى.

مەككە قوشۇنى پېتىراپ قېچىشقا باشلىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئورۇنلاشتۇرغان ئوقياچىلار غەنىمەتلىرىنى ئويلاشقا باشلىدى. مەككە قوشۇنى چېچىلدى ۋە ئارقىسىغا قاراپ قېچىشقا باشلىدى. ئوقياچىلار تاغدىن چۈشۈپ غەنىمەت يىغسا، نېمە بولاتتى؟ ھالبۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا نېمە بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ئۆز ئورۇنلىرىدىن قوزغالماسلىقنى بۇيرىغانىدى. ئوقياچىلار مەدىنىنىڭ ئىمانلىق قوشۇنلىرىنىڭ غەلىبە قىلغانلىقىنى ئويلاپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ بۈيۈك قوماندانىنىڭ بۇيرۇقىغا قارشى چىقتى.

ئوقياچىلار الله نىڭ ئۆز خاتالىقلىرىنى كەچۈرىدىغانلىقىنى ۋە ئۆزلىرى غەنىمەت يىغىپ بولغىچە ئارقا تەرەپنى قوغداپ تۇرىدىغانلىقىنى ئويلىغانىدى.

بەزى ئەسكەرلەر بۇيرۇققا بىنائەن ئۆز ئورۇنلىرىدىن قوزغالمىدى. ئوقياچىلارنىڭ تاغدىن چۈشۈشى بىلەنلا جەڭ ۋەزىيىتىدە تۇيۇقسىز ئۆزگىرىش يۈز بەردى.

مۇشرىكلارنىڭ ئاتلىق قوشۇنىنىڭ قوماندانى خالىد ئىبنى ۋەلىد ئىدى (كېيىنچە ئۇ الله نىڭ كۈچلۈك قىلىچى ۋە ئەڭ كۈچلۈك مۇسۇلمانلاردىن بولۇپ قالدى). خالىد ئىبنى ۋەلىدتە ناھايىتى كۈچلۈك ئەسكىرىي قابىلىيەت بار ئىدى. ئۇ ئوقياچىلارنىڭ تاغدىن يېنىپ چۈشكەنلىكىنى كۆرۈپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقا تەرىپىنىڭ مۇداپىئەسىز قالغانلىقىنى پەملىدى. ئاتلىرىنىڭ بېشىنى بۇراپ، ئارقا تەرەپتىن مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىگە تۇيۇقسىز باستۇرۇپ كەلدى.

خالىدنىڭ زەربىسى بەكمۇ تۇيۇقسىز ۋە شىددەتلىك بولدى. مۇشرىكلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قېچىشتىن توختاپ ھۇجۇم قىلىشقا ئۆتتى. مۇسۇلمانلار قوشۇنى ئالدى ۋە ئارقا تەرەپتىن قورشىۋالغان ئاتلىق قوشۇننىڭ ئارىسىدا قالدى.

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ قوشۇنىدىكى ئۆلۈكلەرنىڭ سانى كۆپىيىپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قوغداۋاتقان بىر مۇنچە كىشى شېھىت بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يارىلاندى. ئىككى چىشى سۇنۇپ، مۇبارەك بېشى يېرىلدى، قان توختىماي ئېقىۋاتاتتى. ئەتراپقا مۇھەممەدنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ھەققىدە سۆز - چۆچەك تارقالدى. بۇ قايغۇلۇق سۆزنى ئاڭلىغان مۇسۇلمانلارنىڭ جەڭدىن رايى يېنىپ، تەرەپ - تەرەپكە چېچىلىشقا باشلىدى. بەزىلىرى مەدىنىگە قاراپ ماڭدى. بەزىلىرى تاغقا يامىشىشقا باشلىدى. ئەڭ سەرخىل ئەسكەرلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىنى قوغداپ تۇردى. ئەنەس ئىبنى نادىر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلىغان ۋاقىتتا ئەتراپىدىكىلەرگە مۇنداق دەپ ۋارقىرىغانىدى: «قوزغىلىڭلار! سىلەرمۇ ئۇنىڭدەك ئۇرۇشۇپ ئۆلۈڭلار. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ياشاپ نېمە قىلىسىلەر؟»

مۇسۇلمان قوشۇنى شىددەت بىلەن جەڭ قىلىۋاتاتتى. مۇشرىكلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا، ساھابىلىرىگە ۋە ئەسكەرلىرىگە بولغان بېسىمى كۈچەيدى. بۇ، تارىخنىڭ ئەڭ قىيىن سائەتلىرى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشرىكلارنىڭ ئۆزىنىڭ

ئۈستىگە باستۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى ۋە ئۇزىنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: «كىم بۇلارنى چېكىندۈرسە، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ» دەپ ۋارقىردى.

مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىغا توپلاندى. ئۇلاردىنمۇ بىر قانچىسى شېھىد بولدى. ئەبۇدۇجانە ئۆز بەدىنى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قالقان بولدى. ئوقلار ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قوغداۋاتقان بەدىنىنى ئۆتمە تۆشۈك قىلىۋەتتى. جەڭ ئاخىرلاشتى. مەككە قوشۇنى قولغا كەلتۈرگەن بۇ غەلىبىسىنى يېتەرلىك بىلىپ چېكىندى.

جەڭ مۇشرىكلارنىڭ نۇرغۇنلىغان مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرۈشى ۋە قوشۇنىنىڭ ئەڭ بۈيۈك قوماندانىنى يارىلىشى بىلەن نەتىجىلەندى.

بۇلارنىڭ ھەممىسى پەقەت بىرلا خاتالىق تۈپەيلىدىن يۈز بەرگەندى.

بۇ خاتالىق، ئوقياچىلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمرىگە بويسۇنماي، ئۆز ئورۇنلىرىدىن ئايرىلىپ كېتىشى ئىدى.

مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبلىرىدىكى زاھىدلىق ۋە پىداكارلىق روھى ئاجىزلىشىپ كېتىشى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بۇ خاتالىقنىڭ بەدىلىنى جەسۇر ۋە ئەڭ پەزىلەتلىك كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ قانلىرى بىلەن تۆلىدى.

ئاسماندىن مۇسۇلمانلارنىڭ ھېچبىرىگە ياردەم كەلمىدى، ئىسلام قوشۇنىنىڭ مۇداپىئەسىز قېلىپ قالغان ئارقا تەرىپىنى قۇتۇلدۇرۇشقا مۇداخىلە قىلىنمىدى.

مۇسۇلمانلار خاتا قىلدى. ئۇلار ئۆتكۈزگەن خاتالىقنىڭ بەدىلىنى پەيغەمبەر تۆلىدى.

ئۇنىڭ يۈزى يارىلاندى، يارىسىدىن توختىماي قان ئاقتى، يارىنى سۇ بىلەن يۇغانسېرى قان تېخىمۇ جىق چىقتى. قان پەقەت بىر پارچە بورىنى كۆيدۈرۈپ يارىغا باسقاندىن كېيىنلا توختىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئازابلىغان ماددىي يارىلىرى ئەمەس، بەلكى مەنىۋىي يارىلىرى ئىدى.

ئۇنىڭ ئەڭ ئېتىبارلىق تۇغقىنى ئۆلتۈرۈلدى. تاغىسى ھەمزە شېھىت قىلىندى. ئەبۇ سۇفيانىنىڭ ئايالى ئۇنىڭ قارنىنى يېرىپ، جىگىرىنى ئاغزىغا سېلىپ چاينىۋەتتى.

قۇرەيشلىكلەر ئۆلگەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئورگانلىرىنى كېسىپ، دەرت ـ ئەلىمىنى ئۇلاردىن چىقاردى. ئەگەر الله نىڭ مەرھەمىتى بولمىغان بولسا، مۇسۇلمانلار ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان بولاتتى. مۇسۇلمانلارنى كامىل زاھىد ۋە چوڭقۇر ئىخلاسمەن قىلىپ يېتىشتۈرۈش، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاخىرەتنى كۆزلەيدىغانلارنىڭ بولۇشى بىلەن بىللە دۇنيا مەنپەئەتنى كۆزلەيدىغانلارنىڭمۇ بولغانلىقى تۈپەيلىدىن بۇ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئايەت نازىل قىلىندى. بۇ غەلىبە قازىنىشنىڭ يولى ۋە

مۇسۇلمانلاردىن كۆتۈلگەن ئۈمىد ئەمەس ئىدى. ئەسلىدە، بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ الله يولىدا چىن ئىخلاس بىلەن زاھىدلىقتا يۈزلىنىشى ۋە ھەممىسىنىڭ ئاخىرەتنى كۆزلىشى كېرەك ئىدى. شۇنداق قىلغاندىلا، الله ئۇلارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەت مۇكاپاتىنى بېرەتتى.

الله تائالا ئال ئىمران سۈرىسىدە ئۇھۇد جېڭى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿بەزىلىرىڭلار دۇنيانى كۆزلىدىڭلار، بەزىلىرىڭلار ئاخىرەتنى كۆزلىدىڭلار. ئاندىن الله سىناش ئۈچۈن سىلەردىن دۈشمەننى قايتۇردى (يەنى سىلەرنى غەلىبىدىن مەغلۇبىيەتكە يۈزلەندۈردى) ۋە سىلەرنى ھەقىقەتەن ئەپۇ قىلدى. الله مۆمىنلەرگە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر﴾.

الله تائالا بۇ خاتالىقنى ئەپۇ قىلدى، مۇسۇلمانلار ئۆلگەنلەرنىڭ سانىنى ئېلىپ، يارىدارلارنىڭ يارىسىنى تېڭىشقا باشلىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاغىسى ھەمزەنى سورىدى. ئۇنى ئۆلگەنلەرنىڭ ئارىسىدا ئۈچەي ـ باغرى كېسىلگەن ھالدا ياتقانلىقىنى كۆرۈپ يىغلاپ كەتتى ۋە: ھېچ بىر ۋاقىت ساڭا قايغۇرغاندەك قايغۇرمايمەن، ـ دېدى.

ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئورنىدىن تۇرۇپ، اللهغا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتتى. ئۆلگەن مۇسۇلمانلارنىڭ جەسەتلىرىنىڭ ئۇلار ئۆلگەن يەرلەرگە قايتۇرۇلۇشىنى بۇيرىدى. ئائىلىلىرى ئۇلارنىڭ جەسەتلىرىنى قەبرىلەرگە ئېلىپ ماڭغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆلگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى بىر يەرگە توپلاپ، ئاندىن كىمنىڭ قۇرئاننى كۆپ ياد ئالغانلىقىنى سوراشقا باشلىدى. قۇرئاننى كىم كۆپ ياد ئالغان بولسا، ئاۋۋال ئۇنىڭ جەسىتىنى يەرلىككە قويۇشقا ۋە جەسەتلىرىنى يۇماي، نامىزىنى چۈشۈرمەيلا، قانلىرى بىلەن كۆمۈشكە بۇيرىدى.

الله تائالا ئۇنىڭغا قىيامەت كۈنى ئۇلارنى قانداق تىرىلدۈرىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى، ئۇ كۆپچىلىككە مۇنداق دېدى: «الله ئۈچۈن يولىدا شېھىت بولغانلارنى قىيامەت كۈنى يارىسىدىن قانلىرى ئېقىۋاتقان ھالدا تىرىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭ قېنىنىڭ رەڭگى قاننىڭ رەڭگىدە، پۇرىقى مۇشكى ـ ئەنبەرنىڭ پۇرىقىدا بولىدۇ.»

مۇسۇلمانلار ئۇھۇد جېڭىدا پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە بويسۇنمىغانلىقى يۈزىسىدىن ئاچچىق ساۋاق ئالدى.

بۇ ساۋاقلارنىڭ داۋامى ۋەھىي ئارقىلىق كېلىپ تۇرماقتا ئىدى. ئىتائەت قىلىشتىن كېيىن كەلگەن بۇ ساۋاقلارنىڭ ئەڭ مۇھىمى مۇسۇلمان يىغىلغان مەركەزنىڭ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ئىدى.

---

سۈرە ئال ئىمران 152 ـ ئايەت.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شەخسىيىتى مۇسۇلمانلار يىغىلىدىغان مەركەز ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ شەخسىيىتى ھەر قانداق بىر سەۋەب بىلەن بۇ دۇنيادىن كەتكەندە، مۇسۇلمانلار تارقىلىپ كېتەتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزى مەركەز بولماسلىقى كېرەك، مۇھىم بولغىنى ئۇنىڭ پىكىرلىرىدۇر.

شۇڭا قۇرئان كەرىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدە سۆز ـ چۆچەك تارقالغاندا، قولىدىكى قورالىنى تاشلىۋەتكەنلەرگە غەزەپلەندى. ئەگەر مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدىلا ئۇنىڭ ئەتراپىغا يىغىلسا، ئۇ ئۆلگەن ياكى ئۆلتۈرۈلگەندە قولىدىكى قورالنى تاشلاپ ئۆز ئىشىغا ماڭسا، ئىسلام ئاخىرقى نۇقتىسىغا يېتىپ بارالمايدۇ. مۇسۇلمانلار شەخسلەرگە ئەمەس، پرىنسىپلارغا ئەگىشىدىغان كىشىلەر بولۇشى لازىم. مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى ۋە ئەڭ ئاخىرقىسى، اللە نىڭ مەخلۇقاتلىرىنىڭ ئەڭ خەيرلىكى بولسىمۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇ ئۆلگەندە ياكى ئۆلتۈرۈلگەندە، بىر مۇسۇلماننىڭ قولىدىكى قورالنى تاشلىشى توغرا بولمايدۇ. مۇسۇلماننىڭ ھەر ۋاقىت قولىغا قورال ئېلىشى، ئۇنى پەقەت ئىككى ئەھۋالنىڭ بىرىدە، يەنى غەلىبە قازانغاندا ياكى ئۆلگەندە ئاندىن تاشلىشى كېرەك.

بۇلاردىن بۇرۇن تاشلىۋېتىلگەن قورال پەقەت ئۇرۇشتىن قاچقانلىقنى بىلدۈرىدۇ...

قۇرئان ھۆكمى مۇسۇلمانلارنى پەيغەمبەرنىڭ شەخسىيىتىگە ئەمەس، ئىسلام ئېتىقادىغا باغلاشتا ناھايىتى كەسكىن ئىدى. ئۇلۇغ اللە ئۇھۇد جېڭىدىن كۆپ ئۆتمەي مۇنداق دېگەنىدى:

﴿مۇھەممەد پەقەت بىر پەيغەمبەردۇر، ئۇنىڭدىن بۇرۇن كۆپ پەيغەمبەرلەر ئۆتتى (ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلگەن، بەزىلىرى باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن): ئۇ ۋاپات بولسا ياكى ئۆلتۈرۈلسە، ئارقاڭلارغا يېنىۋالامسىلەر؟ (يەنى ئىماندىن يېنىپ مۇرتەد بولامسىلەر؟) كىمكى ئارقىسىغا يېنىۋالىدىكەن (يەنى مۇرتەد بولىدىكەن)، ئۇ اللە قا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. اللە شۈكۈر قىلغۇچىلارنى مۇكاپاتلايدۇ﴾.

ئۇھۇد جېڭى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈرىكىدە چوڭقۇر ئىز قالدۇردى. ئۇ بۇ كۈننى ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇنۇتالمىدى. مەدىنىنى قوغداپ تۇرىدىغان ئۇھۇد تېغىنىڭ تاشلىق باغرىدا ئىسلامنىڭ ئەڭ كاتتا ۋە ئۆز كۆڭلىگە ئەڭ يېقىن كىشىلەردىن ئايرىلىپ قالغانىدى. ئۇھۇدتا ئۆلتۈرۈلگەنلەر مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر ۋە ئەڭ تەقۋالىرى، شۇنداقلا تۇنجى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ مۆئمىن كىشىلىرى ئىدى. ئۇلار ئىسلامنىڭ دەسلەپكى جاپالىق كۈنلىرىدە دەۋەتنىڭ يۈكىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. اللە يولىدا ئۇرۇق ـ تۇغقان ۋە دوست ـ بۇرادەرلىرىدىن ئادا ـ جۇدا بولغانىدى. ھىجرەتتىن بۇرۇن ۋە كېيىن ئۆز

سۈرە ئال ئىمران 144 ـ ئايەت.

ئېتىقادلىرى ئۇچۇن باشقىلار تەرىپىدىن يەكلەنگەن. بارلىقىنى اللە قا ئاتىغان ۋە جەڭلەرگە قاتناشقانىدى. سەۋر - تاقەت قىلغان ۋە باشقىلارغا سەۋر - تاقەتنى تەۋسىيە قىلغانىدى. ئەڭ خەتەرلىك پەيتتە، ئىسلام قوشۇنى قورشالغاندا، كاپىرلارنىڭ قىلىچلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېقىنلاشقاندا، ئۇلار ئۆز قانلىرى بىلەن كاپىرلارنى غەرق قىلىپ، پەيغەمبەرنى قوغدايدىغان، ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتىدىغان ۋە تەۋھىد ئېتىقادىنى قۇتقۇلدۇرىدىغان دېڭىز بەرپا قىلغانىدى.

ئۇھۇد جېڭى مۇسۇلمانلارنىڭ تۇنجى پىداكارلىقلىرى ئەمەس. شۇنداقلا ئاخىرقى جېڭىمۇ ئەمەس بولۇپ، ئۇ پەقەت ئىسلامنىڭ اللە نىڭ كەلىمىسىنى يەر يۈزىگە يېيىش ۋە بەندىلىرىگە تەبلىغ قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرىدىن بىرى ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇھۇد جېڭىدا كۆرسەتكەن پىداكارلىقلىرى ئۇنىڭ ئىسلام ئۈچۈن كۆرسەتكەن تۇنجى ياكى ئاخىرقىسى ئەمەس ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارغا پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلگەندىن كېيىن، شەخسىي تۇرمۇشقا ۋە ئارام ئېلىشقا قىلچە ۋاقىت ئايرىلمىغان بىر ھايات ياشىدى. چۈنكى بارلىقىنى دەۋەتكە ئاتىۋەتكەنىدى. ھەر تۈرلۈك جەڭلەرگە قاتناشتى. ھەر تۈرلۈك ئىشلارغا بەرداشلىق بەردى. ھەرقانداق جەبىر - زۇلۇمدىن قورقۇپ قالمىدى. بىر كىرىزىستىن قۇتۇلماي تۇرۇپ، يەنە بىرىگە تۇتۇلدى. ھاياتى باشتىن - ئاخىرغىچە مۇجادىلە ئىچىدە ئۆتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىنىڭ ئۆزىڭىز ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان بىر تەرىپىنى ئويلاپ كۆرۈڭ ياكى ئۆزىڭىزگە ئەڭ مۇۋاپىق سەۋىيىدە ئىنچىكلەپ تەتقىق قىلىپ بېقىڭ! مەيلى قانداقلا قىلىسىڭىز، پەقەت بىر چوڭ ھايات مۇجادىلىسىنىڭ ھېكايىسىگە دۇچ كېلىسىز.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر - بىرىگە مۇناسىۋەتلىك ۋە كەينى - كەينىدىن كەلگەن جەڭلەردە ئوتتۇرىغا چىققان ئەسكىرىي كۈرەشنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. شۇنداقلا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېلىشىملەر ۋە ئەتراپىدىكى ھۆكۈمدار، پادىشاھلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن يازغان مەكتۇبلىرىدا كۆرۈلگەن سىياسىي كۈرەشكە ئاتلاندى. ئۇ پسىخولوگىيىلىك ۋە نېرۋا توقۇنۇشلىرىغا يولۇقتى. ئۇنىڭ شەخسىي ھاياتى ۋە ئۆيىمۇ بۇ كۈرەش - توقۇنۇشلاردىن ئۆز نېسىۋىسىنى ئالغانىدى. ھەزرىتى ئىبراھىم ھەر ۋاقىت اللە قا يېقىنلىشىش يولى تەرەپكە قاراپ ماڭسا، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەر ۋاقىت اللە يولىدا كۈرەش قىلاتتى.

ئۇھۇد جېڭى مۇسۇلمانلارغا يامان تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى. چۆلدىكى بەدەۋىلەر، يەھۇدىيلار، مۇناپىقلار ۋە قۇرەيش مۇشرىكلىرى ئۇلارغا قارشىلىق بىلدۈردى. يېپەك پەردىلەرنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان سىرلىق كۆلەڭگىلەر ئۆزلىرىنى ئاشكارىلاشقا جۈرئەت قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسكىرىي ئۇرۇشلارغا كىرىشتى.

ھىجرەتنىڭ تۆتىنچى يىلى يېتىپ كەلدى. مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇھۇدتىكى يارىلىرى تېخى پۈتۈنلەي ساقىيىپ بولالمىغانىدى. تۇيۇقسىزلا بەنى ئەسەد قەبىلىسىنىڭ مەدىنىگە ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقانلىقى ھەققىدە خەۋەر يېتىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى ھەرىكەتلىنىشتىن بۇرۇن ئەۋەتكەن كىچىك بىر قوشۇن بەنى ئەسەد قەبىلىسىنى يەڭدى. ئىسلام مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇشماقچى بولغان بەدەۋىلەرنى ئەتراپقا توپلىغان يەنە بىر گۇرۇھنىڭ ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇردى. مۇسۇلمانلار ئىسلامنىڭ قىلىچىنى قۇياش نۇرى ئاستىدا ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئوچۇق ـ ئاشكارە ۋە مەردلەرچە جەڭ قىلغان بولسىمۇ، بەزىلىرى باشقىلارنىڭ نامەردلەرچە پىلانلىغان جىنايەتلىرىگە قۇربان بولۇپ كەتتى.

بەدەۋىلەردىن بىر ھەيئەت ئۆزلىرىنىڭ ئىسلام توغرىسىدا بەزى خەۋەرلەرنى ئاڭلىغانلىقىنى، دىنىنىڭ ئاساسىنى ئۆگىنىدىغان بىر قانچە دەۋەتچىنى ئۆزلىرى بىلەن ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاسىم ئىبنى سابىت باشچىلىقىدىكى دەۋەت ھەيئىتىنى ئۇلار بىلەن بىللە ئەۋەتتى. خائىنلار يولدا دەۋەتچىلەرگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۈچ كىشىدىن باشقىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئەسىرگە ئالغان ئۈچ مۇسۇلماننى مەككىگە ئاپىرىپ ساتتى. ئۇلار مەككىگە، يەنى ئۇلارنى ساقلاپ تۇرغان قۇرەيشلىك قاتىللارغا تاپشۇرۇپ بېرىلگەنىدى. مەككىلىكلەر بۇ ئۈچ ئەسىرنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. مۇسۇلمانلار دىن ئادەملىرىنىڭ مۇنداق ئېچىنىشلىق ئۆلتۈرۈلگىنىنى ئۇقۇپ بەكمۇ ئازابلاندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نەجدە قەبىلىسىدىن ئىسلامنى يېيىش ئۈچۈن دەۋەتچى ھەيئەتنىڭ ئەۋەتىلىشىنى تەكلىپ قىلغان كىشى كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزەر ئەيلەش ۋە ئىسلامنىڭ يېيىلىشىغا مۇناسىۋەتلىك ئامىللارنى دەڭسەپ كۆردى ۋە ئادەملەرنى خەتەرگە ئىتتىرگىنىنى، ئۇلارنى اللہ تىن باشقىسى بىلمەيدىغان مەجھۇل ئاقىۋەتكە يوللىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنىلا ئىسلامنى يېيىشنى توغرا تاپتى. ئەمما خېيىم ـ خەتەر ئىسلام دەۋىتى ياشىغان ھاياتنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئىشەنمەيدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ دىن ئادەملىرىگە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن قورققانلىقىنى تىلغا ئالغىنىدا، دەۋەتچى تەلەپ قىلىپ كەلگەن ئۇ ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دەۋەتچىلەرنى ئۆزىنىڭ ھىمايە قىلىدىغانلىقىغا دائىر ۋەدە بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەڭ سەرخىل ئادەملىرىدىن يەتمىش كىشىنىڭ اللہ يولىدا ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقىشىغا ئەمر قىلدى.

«قۇررا» نامى بىلەن تونۇلغان كىشىلەر ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇلار دەۋەتچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرى بولۇپ، ھاياتلىرىنى كۈندۈزلىرى ئوتۇن يىغىش، كېچىلىرىنى ناماز ئوقۇش بىلەن ئۆتكۈزەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا يولغا چىقىشقا ئەمر قىلغاندا، ئۇلار باشقىلارنى اللہ يولىدا جىھاد قىلىشقا دەۋەت قىلىدىغانلىقىغا سۆيۈنگەن ھالدا يولغا چىقتى ۋە مەزمۇت قەدەملەر بىلەن مۇناپىقلار ۋە خائىنلارنىڭ تۇپراقلىرىغا كىرىپ كەلدى. ئۇلار مائۇنە قۇدۇقى دېگەن يەرگە يېتىپ كەلگەندە، بىرىنى بۇ ئەتراپتىكى كاپىرلارنىڭ

كاتتىبېشىغا ئەۋەتتى. دەۋەتچى ئۆز كۆڭلىدە ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان بولىدىغانلىقىنى ئۈمىد قىلغان ھالدا قولىنى پەيغەمبەرنىڭ مەكتۇبى بىلەن بىرلىكتە ئۇزاتتى.

ئەمما ئۇ خائىنلارچە قىلىنغان زەربىگە دۇچ كەلدى. دەۋەتچى يەرگە يىقىلىۋېتىپ: «ئېرىشتىم، كەئبىنىڭ رەببىگە قەسەملەر بولسۇن!» دېدى.

كاپىرلارنىڭ كاتتىبېشى قولىغا قورال ئېلىپ، خائىنلارنىڭ قەبىلىلىرىنى ئەتراپقا توپلىدى ۋە دەۋەتچىلەرگە قاراپ ئېتىلىپ كەلدى.

تاللانغان دەۋەتچىلەر مائۇنە قۇدۇقى دېگەن يەردە شېھىت قىلىندى، ئۇلارنىڭ جەسەتلىرىنى يىرتقۇچ قۇشلار يەپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرى ساق قۇتۇلۇپ چىقىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا قايتىپ كەلدى. ئۇ مۇسۇلمان دەۋەتچىلەر ۋە تاللانغان كىشىلەرنىڭ باشلىرىغا كەلگەن بۇ خائىنلىقنى سۆزلەپ بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ پالاكەتكە مۇناسىۋەتلىك خەۋەرلەرنى ئاڭلاش ئۈچۈن ئالدىغا بىر ئاز ئېڭىشتى. بېشىنى كۆتۈرۈپ جامائەتكە مۇنداق دېدى:

- سەبداشلىرىڭلار ئۆلتۈرۈلدى، ئۇلار رەببىدىن مۇنداق بىر نەرسىنى تەلەپ قىلغانىدى: ئى رەببىمىز! قېرىنداشلىرىمىزغا بىزنىڭ سەندىن مەمنۇن ئىكەنلىكىمىزنى، سېنىڭمۇ بىزدىن مەمنۇن ئىكەنلىكىڭنى بىلدۈرگىن! دەۋەتچىلەرنىڭ مائۇنەدە شېھىت قىلىنىشى ئىسلام ئۈچۈن چوڭ يوقىتىش بولۇپ، بەدەۋىي ۋە كاپىرلارنىڭ ئىسلامغا قارشى قىلغان بۇ خائىن قىلىقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەكمۇ ھار كەلدى. بۇ ئەھۋال ئۇنىڭ دەرھال ھەرىكەتلىنىشى ۋە ئىسلامنىڭ ئېتىبارىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن قەتئىي كۈرەش قىلىشىغا تۈرتكە بولدى. دەل شۇ كۈنلەردە، بىر يەھۇدىي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سۇيىقەست قىلماقچى بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇنيالىق بىر مەسىلە ئۈچۈن بەنى نادىرغا بارغانىدى. يەھۇدىيلار ئۇنىڭ سۆزلىرىنى قوبۇل قىلغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ئۇنى بىر قەلئەنىڭ سايىسىدا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. ئۇنىڭغا بىر سۇيىقەست پىلانلىغانىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز ئولتۇرغان پەيتتە، يەھۇدىيلار ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشلارنى تاشلىماقچى بولدى. اللہ تائالا پەيغەمبىرىگە بۇ خەتەرلىك ئەھۋالنى بىلدۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆيىگە قاراپ ماڭدى، دەرد - ئەلەملىرىگە يېڭى بىرى قېتىلغانىدى.

بۇ خائىنلىقنى ئىسلامدىن پەقەت جىددىي ئەسكىرىي مۇداخىلە ئارقىلىقلا يىراقلاشتۇرغىلى، ئىسلامنىڭ ئېتىبارىنى پەقەت مۇشۇ يول ئارقىلىق قايتۇرۇۋالغىلى ۋە دىن ئادەملىرىنى قاراڭغۇ كېچىلەردە، مەخپىي ئۆۋلاۋاتقان قوللارنى پەقەت مۇشۇ چارە بىلەن يوق قىلغىلى بولاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەنى نەزىرنى مەدىنىدىن چىقىپ كېتىشكە بۇيرىدى ۋە ئۇلارغا ئون كۈن مۇھلەت بەردى. مەدىنىدىكى مۇناپىقلار يەھۇدىيلار بىلەن بىرلىشىپ ئىسلامغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا قارار بەردى. مۇسۇلمانلار ئۇلار بىلەن

ئۇرۇشۇپ، يەھۇدىيلارنى مەغلۇپ قىلدى. ئۇلار ئىسلامنىڭ ئۆزلىرىنى يۇرتلىرىدىن سۈرگۈن قىلىش قارارىنى قوبۇل قىلدى. يەھۇدىيلارنىڭ قوغلانغانلىقىنى ۋە مۇناپىقلارنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىپ ھاشىر سۈرىسى چۈشۈرۈلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ قېتىملىق ئەسكىرىي غەلبىدىن كېيىن، «قۇررا» ئاتلىق ساھابىلىرىنىڭ ئۆچىنى ئېلىپ، ئىسلام دەۋاسىنىڭ ئېتىبارىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ھەرىكەتلەندى. بۇ ئەسكىرىي ھەرىكەت مۇسۇلمانلارغا خائىنلىق قىلغان بەدەۋىلەرنىڭ يۈرەكلىرىگە ۋەھىمە سالدى. مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسمى چىقىشى بىلەنلا، بۇرۇنقى چۆل بۆرىلىرى تام تۆشۈكلىرىگە يوشۇرۇنۇۋالغان قورقۇنچاق چاشقانلارغا ئايلىنىپ قالاتتى. قۇرەيش قەبىلىسىگە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەسكىرىي ھەرىكەتكە ئاتلانغانلىقى ھەققىدە خەۋەرلەر يېتىپ كەلدى. زاھرانغا يېقىنلاپ قالغان قۇرەيش قوشۇنى كەينىگە چېكىندى. مۇسۇلمانلار ئۇھۇدتا قارارلاشتۇرۇلغان جەڭنى كۈتۈش ئۈچۈن بەدرگە بارگاھ قۇردى. ئۇلار سەككىز كۈنگىچە ئۇرۇش ئېلان قىلىش ۋە كۈتۈش ئۈچۈن ئوت ياقتى. نەتىجىدە، قۇرەيشلىكلەر ئارقىغا چېكىنىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، مۇسۇلمانلار ئالدىنقى قېتىملىق ئۇھۇد جېڭىنىڭ مەغلۇبىيىتىدىن قۇتۇلغان بولدى.

مۇسۇلمانلار جەنۇپ تەرەپتىكى ئېتىبارىنى قايتا تىكلىگەندىن كېيىن، ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ شىمالىغا قاراپ يۈرۈش قىلدى.

«دۇمەتۇل جەندەل» شامغا يېقىن يەر بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى قەبىلىلەر يولدىن ئۆتكەن كارۋان ۋە يولۇچىلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ، مال - پۇلىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلاتتى. ئۇلارنىڭ يۈرىكى بارغانسېرى يوغىناپ، ھەتتا مەدىنىگە ھۇجۇم قىلىدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنىدى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن يولغا چىقتى. ئۇ، كۈندۈزلىرى ئەسكەرلىرى بىلەن يوشۇرۇنۇپ، كېچىسى يول يۈرەتتى. قوشۇن ئون بەش كېچە ئۆتكەندە، ئۇلار ئورۇنلاشقان يەرگە يېتىپ كەلدى ۋە ئۇلارنى تارمار قىلىۋەتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قوشۇندىكى ئاخبارات تەشكىلاتىنىڭ ناھايىتى ئۈستۈن ئىكەنلىكى بىلىنمەكتە. شۇنداقلا، مۇداپىئە تاكتىكىسى ناھايىتى ئۈستۈن ئىدى. بۇ تۇيۇقسىز ھۇجۇم مۇداپىئە تاكتىكىسىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك شەكلى بولۇپ، ھەرىكەتتىكى تېزلىك ئىسلام قوشۇنىنىڭ مەخپىي ۋە تۇيۇقسىز ھەرىكەت قىلىش كۈچىنى ئىپادىلەپ بەرمەكتە ئىدى.

ئەسكىرىي يۈرۈشلەر شۇنىڭ بىلەن ئاياغلاشقانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈستىدىن ساۋۇتىنى چىقىرىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ نەپسىنى قايتىدىن قولىغا ئېلىپ تۇراتتى. لېكىن ھايات ئۇنى ساۋۇتىنى قايتا كىيىشكە ۋە يەنە ئۇرۇش قىلىشقا مەجبۇر قىلدى.

ئۇنى كۆزىتىپ تۇرغان ئىسلام دۈشمەنلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىسلام قوشۇنىغا تاقابىل تۇرىدىغان كۈچ - قۇۋۋىتىنىڭ ئاجىزلاپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، يېڭىچە ئۇرۇش تاكتىكىسى

قوللىنىش نىيىتىگە كەلگەنىدى. بۇ تاكتىكا، پسىخولوگىيىلىك ئۇرۇش ۋە يالغان سۆز - چۆچەك تارقىتىش ياكى قۇرئان كەرىمدە «ئىفق» (يەنى بۆھتان) دەپ ئاتالغان تاكتىكا ئىدى.

يەنى مۇستەلىق ئۇرۇشىدىن كېيىن (بۇ ئۇرۇشتا مۇسۇلمانلار ناھايىتى تېزلا غەلىبىگە ئېرىشتى)، ئىككى نادان خىزمەتچى سۇ تالىشىپ قىزىرىشىپ قالدى. بىرى: ئى مۇھاجىرلار! بۇ يەرگە كېلىڭلار، - دېسە، يەنە بىرى: ئى ئەنسارلار! بۇ يەرگە كېلىڭلار! - دەپ توۋلاشتى.

مۇناپىقلارنىڭ باشچىسى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي بۇ كىچىككىنە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مۇھاجىرلارنى ئەنسارلارغا قارشى كۈشكۈرتۈشكە ۋە ئىسلام دىنى ئەمەلدىن قالدۇرغان جاھىلىيەت دەۋرىدىكى سۇخەنچىلىكنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن توختىماي قاتراشقا باشلىدى.

ئابدۇللاھ مۇنۇلارنى دېدى:

بۇلارنىڭ (يەنى مۇھاجىرلارنىڭ) قىلغان ئىشىنى كۆردۈڭلارمۇ؟ ئۇلار يۇرتىمىزدا بىزگە چوڭچىلىق قىلىشىۋاتىدۇ. الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەدىنىگە قايتقاندا، كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى قوغلاپ چىقىرىدۇ.

زەيد ئىبنى ئەرقەم بۇ مۇناپىقنىڭ سۆزلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزدى. ئۇ بۇ سۆزلىرى ئارقىلىق ئەنسارلارنى مۇھاجىرلارغا قارشى كۈشكۈرتۈشكە، ئارىلىرىنى بۇزۇشقا ۋە ئۇلارنى بىر - بىرىدىن ئايرىشقا تىرىشىۋاتاتتى... مۇناپىق ئۇنداق دېمىگەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن دەرھال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ماڭدى. مۇسۇلمانلار بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چوڭقۇر ئويلاشمايلا، مۇناپىقنىڭ سۆزلىرىگە ئالدىنىپ كەتتى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سۆز يەتكۈزگەن كىشىنى بۇ سۆزلەرنى خاتا چۈشىنىۋالدى دەپ ئەيىبلىدى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى چۈشىنىپ يەتكەنىدى. بۇ ئىش ئۇنىڭ كۆڭلىنى تولىمۇ يېرىم قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇرۇنقىدەكلا دەرھال يولغا چىقىشقا بۇيرىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كۈنى ساھابىلىرىنى ئەتىگەندىن كەچكىچە ۋە كېچىدىن ئەتىسى ئەتىگەنگىچە ماڭغۇزدى. تاڭ يورۇپ قۇياش نۇرى جاننى قىيىنغۇدەك بولغاندا، ئاندىن توختاپ ئارام ئالغۇزدى.

ناھايىتى تېز ۋە تۈيۈقسىز قىلىنغان بۇ سەپەر مۇناپىق ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەينىڭ قىلغان يالغان سۆزى تۈپەيلىدىن بولغانىدى. ئۇ، قەستەن ئوت قويۇرۇقلۇق قىلىش مەقسىتىدە يالغانچىلىق قىلغانىدى.

مۇناپىقلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىدىن يىتىنە - پاسات چىقىرىشقا تىرىشتى.

مۇناپىقلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى جەڭ ياكى سەپەردىن ئارقىلىق يوقىتالمىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئاياللىرىدىن بىرىگە، مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسىغا، ئەڭ پاك، ئەڭ مەسۇم بىر قىزغا پسىخولوگىيە ۋە مەنىۋى جەھەتتىن سۇيىقەست قىلماقچى بولۇشتى.

ھەزرىتى ئائىشە تاھارەت سۇندۇرغىلى چىقتى، ئۇ بويىنىدىكى مارجاننىڭ چۈشۈپ قالغانلىقىنى سەزمىدى. قايتىپ بارغىنىدا، كارۋان يولغا چىقىشقا تەييارلىنىۋاتاتتى. ھەزرىتى ئائىشە مارجىنىنىڭ چۈشۈپ قالغانلىقىنى بايقىدى ۋە ئۇنى ئىزدەپ بېرىپ مىڭ تەستە تاپتى. ئۇنىڭ كاجۋىسىنى ئېلىپ ماڭدىغانلار كېلىپ، ئائىشەنى ئۇنىڭ ئىچىدە دەپ ئويلاپ، كاجۋىنى تۆگىنىڭ ئۈستىگە تاڭدى. ئائىشەنىڭ ۋۇجۇدى كىچىك ۋە ئورۇق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ كاجۋىدا بار - يوقلۇقىنى پەرق قىلالمىغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قوشۇنى ئائىشەنىڭ ئىچى بوش كاجۋىسىنى ئېلىپ يولغا چىقتى.

ئائىشە مارجىنىنى تېپىپ، قايتىپ كەلگىنىدە، كارۋان كېتىپ بولغانىدى.

ئائىشە ھېچكىمنىڭ قالمىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ چۆل ئوتتۇرىسىدا يالغۇز قالغانلىقىنى كۆرۈپ بەكمۇ قورقتى. ئەمما ئۇ ئەڭ توغرا ئىشنى قىلىپ، ئۆزىنىڭ تۆگىسى چۆكتۈرۈلگەن يەرگە كېلىپ، كىيىملىرىگە چىڭ ئورىنىپ ئولتۇردى ۋە ئۆز - ئۆزىگە: كارۋاندىكىلەر مېنىڭ يوقلۇقىمنى بىلىپ، مېنى ئىزدەپ كېلىدۇ ۋە مېنى تاپىدۇ، - دېدى.

سەفۋان ئىبنى ئەل مۇئەتتال بەزى ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن كارۋاننىڭ كەينىدە قالغان بولۇپ، شۇ كېچىسى كارۋاندىن ئايرىم يەرگە چۈشكەنىدى.

يىراقتىن كېلىۋېتىپ، بىر نەرسىنىڭ قارىسىنى كۆردى. سەفۋان يېقىنلىشىپ كېلىپ، ئۇنىڭ ھەزرىتى ئائىشە ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇ ئائىشەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىغا ھىجابلىنىش بۇيرۇقى كېلىشتىن بۇرۇن كۆرگەن ئىدى.

سەفۋان ئائىشەنى كۆرۈپ: «ئىننە لىللاھى ۋە ئىننە ئىلەيھى راجىئۇن...» دېدى ۋە كەينىگە يېنىپ تۆگىسىنى چۆكتۈرۈپ ۋە ئۇنىڭغا: تۆگىگە مىنگىن! - دېدى.

ئائىشە تۆگىگە مىندى. سەفۋان تۆگىنىڭ چۇلۋۇرىدىن يېتىلەپ، كارۋاننىڭ ئىزىنى بويلاپ يۈرۈپ كەتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قوشۇنى بىر يەرگە كېلىپ توختىغانىدى. ئۇلار ئائىشەنى كاجۋىنىڭ ئىچىدە دەپ ئويلايتتى. سەفۋان تۆگىنى يېتىلەپ كەلگەندە، ئاندىن ئائىشەنىڭ كاجۋىدا يوقلۇقىنى بىلدى.

مۇناپىقلارنىڭ باشچىسى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي دەرھال ئوتتۇرىغا چىقتى ۋە بۇ مەنزىرىگە قاراپلا، بىر ھېكايە توقۇپ چىقىپ، پەيغەمبەرنىڭ ئايالىغا تۆھمەت چاپلىدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئىشنىڭ سىرتقى كۆرۈنىشىگە ئىشىنىدىغان غاپىللارنى ۋە باشقىلار ھەققىدە توقۇلغان يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەرنى تارقىتىشقا ھېرىسمەن. ئىچى تار مۇسۇلمانلارنى ئۆز ئەتراپىغا توپلىۋالغانىدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي بۇ يول بىلەن ھەسەن ئىبنى سابىت مىستاھ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى زەينەب بىنتى جەھشنىڭ سىڭلىسى ھەمنە بىنتى جەھش قاتارلىقلارنى ئۆزى قۇرغان تۆھمەت تورىغا چۈشۈردى. بۇ ئۈچى ئۇنىڭ تۆھمىتىگە ئالدىنىپ، باشقىلار ئارىسىدا پىتنە ـ پاسات تېرىشقا باشلىدى. تۆھمەتچىلەرنىڭ دېمىگەن سۆزى قالمىدى. بۇ سۆزلەر قوشۇن ئىچىدە غۇلغۇلا پەيدا قىلدى. ئائىشەنىڭ بۇ ئىشلاردىن ھېچقانداق خەۋىرى يوق ئىدى.

بۇ پىتنە ـ پاسات ئىسلامغا ھاقارەت قىلىش ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن تېرىلغان بولۇپ، بۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئىسلامغا بىلدۈرۈلگەن قارشىلىقنىڭ بىر قىسمى، شۇنداقلا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىنىڭ ۋە ئايالىنىڭ پاكلىقىغا قىلىنغان زەربە ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزلىرى قىلغان سۆزگە قارشى ئىش قىلىدىغان كىشىلەر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىش مەقسىتىدە توقۇلغان يالغانچىلىق ئىدى.

قوشۇن مەدىنىگە قايتتى. ئائىشە تۇيۇقسىز ئاغرىپ قالدى. ئۇنىڭ سىرتتىكى پىتنە ـ پاساتتىن ھېچقانداق خەۋىرى يوق ئىدى. بۇ پىتنە ـ پاسات پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ، ئائىشەنىڭ دادىسى ئەبۇبەكرى ۋە ئانىسىنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. ئۇلار ئائىشەگە بۇ توغرۇلۇق ئېغىز ئاچمىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ بۇ توغرۇلۇق ئائىشەگە ھېچنېمە دېمىدى. ئەمما ئۇنىڭغا بۇرۇنقىدەك سىلىق ۋە يۇمشاق مۇئامىلە قىلمىدى.

ئائىشەنىڭ ئانىسى ئۇنىڭ كېسىلى بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشەنىڭ يېنىغا كىرىپ قالسا: «ئەھۋالىڭىز قانداقراق؟» دېگەندىن باشقا ھېچنېمە دېمەيتتى.

ئائىشە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىنىڭ كېسىلىگە بەك ئېرەنگىشىپ كەتمىگەنلىكىنى كۆرۈپ ئاچچىقى كەلدى. بىر كۈنى ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:

ـ ماڭا رۇخسەت بەرسەڭ، ئانامنىڭ قېشىدا تۇرسام، ـ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئىختىيارىڭ، ـ دېدى.

ھەزرىتى ئائىشە ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز ھالدا ئانىسىنىڭ يېنىغا كەتتى .

[8] ئەسكەرتىش: توغرا رىۋايەتلەردە ئائىشە ئۆزىگە تۆھمەت چاپلانغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆنى ئانا ـ ئانىسىدىن سوراپ ئېنىقلاش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئانىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىشقا رۇخسەت سورىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

ئۇ ئانىسىنىڭ يېنىدا يىگىرمە نەچچە كۈن تۇرۇپ تولۇق ساقايدى. ئەمما ئۇ ئۆزى ھەققىدە سۆزلەنگەن پىتنە ـ پاساتتىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز ئىدى.

مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە بۇ تۆھمەت ۋەقەسىنى قانداق ئۇققانلىقىنى ۋە اللە نىڭ ئۆزىنىڭ پاك ئىكەنلىكىنى قانداق ئىسپاتلىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

بىز ئەرەبلەر ئەرەب بولمىغان باشقا مىللەتكە ئوخشاش تاھارەتخانىمىزنى ئۆيىنىڭ ئىچىدە ئەمەس، بەلكى سىرتقا چىقىپ سۇندۇراتتۇق. ئاياللار ھەر كېچىسى تاھارەت سۇندۇرغىلى سىرتقا چىقاتتى. بىر كېچىسى مەن مىستەھنىڭ ئانىسى بىلەن بىللە سىرتقا چىقتىم. ئۇ يولدا كېتىۋېتىپ پۇركەنجىسىنى دەسسىۋالدى ۋە: مىستەھكە لەنەت بولسۇن! ـ دېدى.

مەن: سەن بەكمۇ يامان گەپ قىلدىڭ. بەدىر غازىتىغا قاتناشقان مۇھاجىر مىستەھ ھەققىدە نېمە ئۈچۈن بۇنداق گەپ قىلىسەن؟ ـ دېدىم. مىستەھنىڭ ئانىسى: ئى ئەبۇ بەكرىنىڭ قىزى! ساڭا خەۋەر يەتمىدىمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. مەن: نېمە خەۋەر؟ ـ دېدىم. ئۇ تۆھمەتخورلارنىڭ سۆزلىرىنى ماڭا دەپ بەردى. مەن: مۇشۇنداق ئىشلار يۈز بەردىمۇ؟ ـ دېدىم. ئۇ: شۇنداق، ـ دېدى.

ئائىشە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى: اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، تاھارەت قىلماي قايتىپ كىرىپ، قاتتىق يىغلاپ كەتتىم. شۇنداق قاتتىق يىغلىدىمكى، يىغىدىن كۆزلىرىم قارىغۇ بولۇپ كېتىغاندەك ھېس قىلدىم. ئانامغا: خەق مېنىڭ كەينىمدىن شۇنچە سۆز ـ چۆچەك قىلسا، سىلەر ماڭا ھېچنېمە ئېيتماپسىلەر، ـ دېدىم. ئانام: قىزىم! سەن ھەرگىز ئەپسۇسلانمىغىن! اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىر ئايال سەندەك چىرايلىق ۋە سۆيۈملۈك بولۇپ، ئۇنىڭ يېنىدا يەنە بىر نەچچە كۈندىشى بولسا، ئۇلار چوقۇم ئۇنى قىزغىنىدۇ ۋە ئۇنىڭ ھەققىدە بىر مۇنچە سۆز ـ چۆچەك تارقىتىدۇ. ئۇنداق قىلمايدىغانلىرى بەك ئاز كۆرۈلىدۇ. ـ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام چىقىپ جامائەتكە سۆز قىلىپتۇ (بۇ ئىشتىن مېنىڭ خەۋىرىم يوق ئىدى). ئۇ اللە قا ھەمدۇ سانا ئېيتقاندىن كېيىن مۇنداق دەپتۇ: «ئى جامائەت! مېنى ئائىلەم ھەققىدە خاپىلىققا سالغان ۋە ئۇلار توغرىسىدا ناتوغرا سۆزلەرنى قىلغانلارغا سىلەر قانداق قارايسىلەر؟ اللە نىڭ نامىدا قەسەم قىلىمەنكى، مەن ئائىلەم ھەققىدە ياخشىلىقتىن باشقىنى بىلمەيمەن. ئۇلار شۇنداق بىرى ھەققىدە پىتنە ـ پاسات چىقاردىكى، مەن ئۇنىڭ ھەققىدىمۇ ياخشىلىقتىن باشقىنى بىلمەيمەن. مەن ئۇنىڭ يېنىدا بولمىغان تەقدىردە، ھېچكىم ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپ باققان ئەمەس. بۇ ئىش، مىستەھ ۋە ھەمنە بىنتى جەھشنىڭ سۆزلىرى بىلەن بىللە، خەزرەجلىك بەزى ئەرلەر ئارىسىدا ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي تەرىپىدىن كۆپتۈرۈلۈپ چوڭايتىۋېتىلدى».

ھەمنە بىنتى جەھشنىڭ ئاچىسى زەينەب بىنتى جەھش پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئايالى بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئاياللىرى ئىچىدە ئۆز مەۋقەسى بىلەن ماڭا

رەقىب بولالايدىغان بىردىنبىر ئايال ئىدى. ئەمما ئۇلۇغ ﷲ ئۇنى شۇنداق تەقۋا قىلغاچقا، ئۇ ياخشى سۆزدىن باشقا ھېچنەرسە سۆزلىمەيتتى. ھەمنە ئۇنىڭ ئاچچىقىغا بولغان رىقابىتىمنى سۇندۇرۇش ۋە مېنى ئۇنىڭ ئالدىدا ئۇسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن، ئېغىزغا ئالغىلى بولمايدىغان سۆز - چۆچەكلەرنى تارقىتىپ يۈرەتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن ئۇسەيد ئىبنى ھۇدەيىر ئورنىدىن تۇرۇپ: ئى ﷲ نىڭ پەيغەمبىرى! ئەگەر ئۇلار ئەۋس قەبىلىسىدىن بولسا، بىز ئۇلارنى تۇسۇپ قالالايمىز. ئەگەر ئۇلار خەزرەجلىك قېرىنداشلىرىمىز بولسا، بىزگە ئەمر قىلغىن، ئۇلار بويۇنلىرى كېسىلىشكە لايىق كىشىلەردۇر، - دېدى [1].

سەئد ئىبنى ئۇبادە بۇ سۆزنى ئاڭلاپ: ﷲ نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سەن يالغان گەپ قىلىۋاتىسەن، سەن ئۇلارنىڭ بويىنىنى چاپالمايسەن، سەن ئۇلارنىڭ خەزرەج قەبىلىسىدىن ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، شۇنداق دەۋاتىسەن، ئەگەر ئۇلار ئۆز قەبىلەڭدىن بولغان بولسا، ھەرگىز مۇنداق دېمەيتتىڭ، - دېدى. بۇ ۋەقەدىن بۇرۇن مۇسۇلمانلار سەئد ئىبنى ئۇبادەنى تەقۋا بىرى دەپ بىلەتتى.

ئۇسەيد يەنە: ﷲ نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سەن يالغان سۆزلەۋاتىسەن، سەنمۇ بىر مۇناپىق ئىكەنسەن، مۇناپىقلارغا بولۇشۇپ بىزگە قارشى چىقىۋاتىسەن، - دېدى.

جامائەت ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كەتتى، بىر - بىرىگە كىرىشىپ كەتكىلى ئاز قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب بىلەن ئۇسامە ئىبنى زەيدنى چاقىرىپ، ئۇلارنىڭ پىكرىنى سورىدى. ئۇسامە ھەمدۇ سانا ئېيتقاندىن كېيىن: ئى ﷲ نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇلار سېنىڭ ئائىلەڭ، بىز ئۇلار ھەققىدە ياخشىلىقتىن باشقىنى بىلمەيمىز، بۇلارنىڭ ھەممىسى يالغان ۋە قۇرۇق گەپلەر، - دېدى.

ئەلى: ئى ﷲ نىڭ پەيغەمبىرى! ئاياللار كۆپ، سەن ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىرىنى تاپالايسەن، ئەگەر خالىساڭ، سەن ئۇنىڭ خىزمەتچىسىدىن بىر سوراپ كۆر، ئۇ ساڭا توغرىسىنى ئېيتىپ بېرىدۇ، - دېدى.

شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەرىرەنى چاقىردى. ئەلى بەرىرەنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا راست گەپ قىل! - دەپ ئۇنى قاتتىق ئۇردى. [2]

بەرىرە: ﷲ نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇنىڭ ھەققىدە ياخشىلىقتىن باشقىنى بىلمەيمەن، ئائىشەدە بىرەر ئەيىب - خاتالىق كۆرمىدىم. ئەمما بىر قېتىم مەن خېمىر يۇغۇرۇپ، ئائىشەگە خېمىرغا قاراپ تۇرۇشقا تاپىلىغانىتىم، ئۇ ئۇخلاپ قېلىپ، خېمىرنى قوي يەپ كەتكەنىدى، - دېدى.

---

[1] ئەسكەرتىش: يازغۇچى بۇ سۆزلەرنى ئۇسەيد ئىبنى ھۇدەيرنىڭ قىلغانلىقىنى يازغان، ھالبۇكى، مەنبەلەردە بۇ سۆزلەرنى قىلغان كىشىنىڭ ساد ئىبنى مۇئاز ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان، بەلكىم يازغۇچى خاتا يېزىپ قويغان بولۇشى مۇمكىن – تەرجىماندىن.
[2] ئەسكەرتىش: ھەزرىتى ئەلىنىڭ بەرىرەنى ئۇرغانلىقى رىۋايەت قىلىنمىسىمۇ، بەزى يازغۇچىلار (سۆھەيلىگە ئوخشاش) بۇنى قوبۇل قىلمايدۇ - تەرجىماندىن.

ئائىشە سۆزلىرىنى داۋاملاشتۇرماقتا: كېيىن مەن، ئانام، ئاتام ۋە ئەنسارلاردىن بىر ئايال بىلەن ئولتۇرغىنىمىزدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەلدى. مەن ۋە ئەنسار ئايال ئىككىمىز يىغلاۋاتاتتۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئولتۇرۇپ، اللە قا ھەمدى ـ سانا ئېيتقاندىن كېيىن: ئائىشە! سېنىڭ ھەققىڭدە ماڭا بەزى گەپ ـ سۆزلەر يەتكۈزۈلدى. سەن اللە دىن قورققىن! ئەگەر كىشىلەر ئېيتقاندەك، ئۇنداق گۇناھقا يېقىنلاشقان بولساڭ، اللە قا تەۋبە قىلغىن! چۈنكى اللە بەندىلىرىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ. ـ دېدى.

اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆز تۈگىشى بىلەنلا، كۆز ياشلىرىم توختاپ قالدى. بىر تامچە ياشمۇ چىقمايۋاتاتتى. ئاتا ـ ئانامنىڭ مېنىڭ ئورنۇمدا جاۋاب بېرىشىنى كۈتتۇم، ئەمما ئۇلار ھېچنېمە دېمىدى.

اللە نى نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇلۇغ اللە نىڭ مېنىڭ مەسىلەم ھەققىدە بىر ۋەھيى چۈشۈرۈشىنى ھېچ ئويلاپ باقمىغانىتىم، چۈنكى مەن ئۆزەمنى شەخسىيىتىمگە مۇناسىۋەتلىك بىر مەسىلە ئۈچۈن قۇرئاندا اللە تەرىپىدىن تىلغا ئېلىنىشتىن بەكمۇ يىراق ۋە بەكمۇ تۆۋەن ھېس قىلاتتىم. شۇڭا مەن پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇيقىسىدا بىر چۈش كۆرۈشىنى ۋە اللە نىڭ ئۇ چۈش ئارقىلىق مېنى تۆھمەتتىن قۇتۇلدۇرۇشىنى ئۈمىد قىلاتتىم.

ئاتا ـ ئانامنىڭ گەپ قىلمىغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇلارغا: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا جاۋاب بەرمەمسىلەر؟ ـ دېدىم. ئۇلار: اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇنىڭغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشىمىزنى بىلەلمىدۇق، ـ دېيىشتى. اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەبۇبەكرى ئائىلىسىنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ كۈنلەر قايسىبىر ئائىلىنىڭ بېشىغا كەلدىكىن؟ ئاتا ـ ئانامنىڭ مەن ئۈچۈن جاۋاب بەرمەسلىكىگە قاراپ ھەيران قالدىم ۋە يىغلاشقا باشلىدىم. ئاندىن: اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ھېچقاچان سىلەر ئېيتقان ئۇ ئىشلار ئۈچۈن اللە قا تەۋبە قىلمايمەن. ئەگەر مەن ھازىر سىلەرگە يامان ئىش قىلدىم دەپ ئۆزەمگە تۆھمەت قىلسام (مېنىڭ ئۇنداق قىلمىغانلىقىمنى اللە بىلىدۇ)، سىلەرنىڭ دەرھال مېنى تەستىقلايدىغانلىقىڭلارنى بىلىمەن. ئەگەر سىلەرگە ئۇنداق ئىشنى قىلمىدىم دېسەم (ئۇنداق قىلمىغانلىقىمنىمۇ اللە بىلىدۇ)، ماڭا ئىشەنمەيسىلەر... ئاندىن ھەزرىتى يەئقۇبنىڭ ئىسمىنى ئەسلەشكە تىرىشتىم. ئۇنىڭ ئىسمىنى ئېسىمگە ئالالماي، سىلەرگە يۈسۈفنىڭ دادىسىنىڭ:

﴿مەن پەقەت چىرايلىقچە سەۋر قىلىمەن، سىلەرنىڭ (مۇشۇ يالغان) سۆزۈڭلارنى كۆتۈرۈشۈمگە اللە مەدەتكاردۇر» سۆزىنى ئېيتىشتىن باشقا چارەم يوق»﴾ دېدىم.

اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تېخى ئورنىدىن قوپماي تۇرۇپلا، ئۇنىڭغا ۋەھيى كەلدى. ئۇ كىيىملىرىگە چىڭ يۆگەندى، مەن بېشىغا بىر ياستۇق قويۇپ بەردىم. ئۇنىڭ بۇ ئەھۋالىنى بۇرۇنمۇ كۆرگەنىدىم. اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى،

[8] سۈرە يۈسۈف 18 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

مەندە قورقۇنچ ۋە ھولۇقۇش دېگەن نەرسە يوق ئىدى. چۈنكى ئۆزەمنىڭ پاك ئىكەنلىكىمنى ۋە الله نىڭ ماڭا ھەقسىزلىق قىلمايدىغانلىقىنى بىلەتتىم.

ئاتا ـ ئانامنىڭ ئەھۋالىغا كەلسەك، ئائىشەنىڭ جېنى ئۆز ئىلكىدە بولغان الله نىڭ نامىدا قەسەم بولسۇنكى، ئۇلار: خەلقنىڭ گەپ ـ سۆزلىرى الله تەرىپىدىن توغرىلىنىپ قالارمۇ؟ ـ دەپ قورقۇپ تىللىرى تۇتۇلۇپ، جانلىرى چىقىپ كېتەيلا دەپ قالغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە كېلىپ ئولتۇردى، قىش مەۋسۇمى بولۇشىغا قارىماي، ئۇنىڭ پىشانىسىدىن چىپ ـ چىپ تەر ئېقىپ تۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ: ئى ئائىشە! خۇشخەۋەر! ئۇلۇغ الله سېنىڭ پاك ۋە قىلىنغان تۆھمەتتىن يىراق ئىكەنلىكىڭنى بىلدۈردى، ـ دېدى. مەنمۇ: ئەلھەمدۇلىللاھ! ـ دېدىم. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جامائەتنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئۇلارغا سۆز قىلدى ۋە مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇدى: ﴿شۈبھىسىزكى، سىلەردىن بىر گۇرۇھ ئادەم (ئائىشەگە) بوھتان چاپلىدى. بۇ سىلەر ئۈچۈن يامان ئەمەستۇر، (سەۋر قىلغانلىقىڭلار بىلەن ساۋابقا ئېرىشىدىغانلىقىڭلار ئۈچۈن ۋە ئائىشە، سەفۋانلارنىڭ پاكلىقى ئاشكارا بولىدىغانلىقى ئۈچۈن) بەلكى ياخشىدۇر، بوھتان چاپلىغۇچىلاردىن كىمنىڭ قانچىلىك گۇناھى بولسا، ئۇنىڭغا شۇنچىلىك جازا بېرىلىدۇ، بوھتاننىڭ چوڭ قىسمىنى تارقاتقان ئادەم (يەنى ئابدۇللا ئىبنى ئۇبەي) قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾.

شۇنداق قىلىپ، جىبرىئىل ئائىشەنىڭ تۆھمەتلەردىن پاك ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. مۇسۇلمانلار ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى ئېچىلغان پسىخولوگىيىلىك ئۇرۇش مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى.

كاپىرلار يېڭى بىر ئۇرۇش تاكتىكىسى قوللىنىشقا مەجبۇر قالغانلىقىنى چۈشەندى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چېگرا ئۇرۇشىغا دۇچ كەلدى.

خەندەك جېڭى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇچ كەلگەن چېگرا ئۇرۇشىنىڭ ئەڭ چوڭ ئۆرنىكى ئىدى.

يەھۇدىيلار مۇشرىكلار بىلەن بىرلىشىۋالدى. يەھۇدىي كاتتىلىرى بىلەن مۇشرىك ئەرەب كاتتىلىرىنىڭ ئارىسىدا كېلىشىم ۋە تەرتىپ ـ ئىنتىزام ھاسىل قىلىنىشقا باشلىدى. يەھۇدىي ئالىملىرى بۇتلارنى ئىلاھ قىلىۋالغان قۇرەيش دىنى ۋە جاھىلىيەت ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنىڭ قۇرئاننىڭ ئەمرلىرىدىن ۋە مۇھەممەدنىڭ كۆپ ئىلاھلىقنى يالغۇز بىر ئىلاھقا ئۆزگەرتكەن دىنىدىن تېخىمۇ ئۈستۈن ئىكەنلىكى ھەققىدە پەتىۋا بەردى. يەھۇدىيلارنىڭ سىياسىي پىلانى مۇشرىك قەبىلىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇلارنى مۇسۇلمانلارغا قارشى قوزغاشتا مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. ئون مىڭ كىشىلىك قوشۇن مەدىنىگە قاراپ تەييارلاندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بۇ پىلاننىڭ ئۇچۇرى كەلدى. ئۇ، يەھۇدىيلارنىڭ (تەۋھىدكە دەۋەت قىلىدىغان بىر دىننىڭ مەنسۇپلىرى بولغان ھالدا) تەۋھىدكە دەۋەت قىلىدىغان بىر

سۈرە نۇر 11 ـ ئايەت.

دىنغا قارشى چىقىپ، مۇشرىكلار بىلەن بىرلىشىۋېلىشىغا ھەيران قالمىدى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاقىت ئۆزىرىغانسېرى يەھۇدىيلارنىڭ تاش يۈرەك بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ۋاقىت يەھۇدىيلار بىلەن ھەزرىتى مۇسا شەكىللەندۈرگەن پاكىزە مەنبەنىڭ ئارىلىقىنى يىراقلاشتۇرۇۋەتكەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ سىرتى تەۋھىد بىلەن قاپلانغان، ئەمما ئىچى شېرىك ئەقىدىسى بىلەن چۈرۈگەن مېۋىگە ئايلانغانلىقىنى چۈشەنگەنىدى.

ئەمما ئەڭ مۇھىمى يەھۇدىي ۋە مۇشرىك ئەرەبلەرنىڭ مەنپەئەتىنىڭ بىرلىشىشى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ خەتەرلىك ئەھۋالنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا تىرىشتى ۋە بۇ زور قوشۇن بىلەن ئوچۇقچىلىقتا توقۇنۇشنىڭ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن پايدىسىز ئىكەنلىكىنى پەملىدى. شۇڭا مەدىنىنى سىرتقا چىقماي قوغداشنى ئويلاشتى. ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى ھەربىي تاكتىكىسى پەرقلىق ئىدى. ئۇندىن بۇرۇنقى جەڭلەردە مەدىنىدىن چىقىپ، يىراق جايدا بارگاھ قۇراتتى ۋە ئۇ يەردە مەدىنىگە ھۇجۇم قىلماقچى بولغانلارغا قارشى تۇراتتى. ئەمما بۇ قېتىمقى ئەھۋال باشقىچە بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قارارى ئەھۋالنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكىگە قاراپ ئۆزگىرەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شەھەرنى قوغداش ھەققىدە پىكىر ئېلىش ئۈچۈن ساھابىلىرى بىلەن ھەربىي كېڭەش ئۆتكۈزدى. سەلمان فارىسى مەدىنەنىڭ ئەتراپىغا كەلكۈنگە توسقۇنلۇق قىلالايدىغان، ئاتلار ئۆتەلمەيدىغان ۋە مۇسۇلمانلار ئارقىدا تۇرۇپ قوغدىنالايدىغان شەكىلدە چوڭقۇر خەندەك قېزىلىشىنى تەكلىپ قىلدى.

بۇ تەكلىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن بولمايدىغاندەك ياكى مۇمكىن بولمايدىغان دەرىجىدە قىيىندەك كۆرۈنگەن بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ تەكلىپنى مۇۋاپىق تاپتى. ئۇ، ئىلھاملاندۇرۇلغان ئەسكىرىي ھېسسىياتى بىلەن مۇھىم ئىشنى ھەل قىلىش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ غەيرەت كۆرسىتىلىشى كېرەكلىكىنى چۈشەنگەنىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىنىڭ ئەتراپىغا خەندەك كولاش ھەققىدە ئەمر بەردى. قىش مەۋسۇمى بولغاچقا، ھاۋا بەكمۇ سوغۇق، شارائىت قىيىن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىقتىسادىي كىرىزىس مەدىنە ئۈچۈن ئەڭ چوڭ خەتەر ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، خەندەك كولاش، چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە كېڭەيتىش ئىشى باشلاندى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كولاش ۋە توپا توشۇش ئىشلىرىغا ياردەملەشتى. ئۇ، ئەڭ قىيىن ۋە ئەڭ ئېغىر ئىشلارنى قىلاتتى. ئۇنى كۆرگەن مۇسۇلمانلار تېخىمۇ غەيرەتلىنەتتى. شۇنداق قىلىپ، خەندەك پۈتۈنلەي كولىنىپ بولدى.

بۇ، ئەرەبلەر بۇندىن بۇرۇن ئاڭلاپ باقمىغان ۋە ئۇرۇشلاردا كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر ئىش ئىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ ھايات شارائىتلىرىنىڭ قىيىنلىقى، ئۇلارنىڭ يوقسۇل ۋە ئاچ - يالىڭاچلىقىغا قارىماي، مۇسۇلمان قوشۇنىنىڭ كەيپىياتى ناھايىتى ئۈستۈن ئىدى. چۈنكى ئۇلار الله نىڭ ئۆزلىرىگە غالىبىيەت ئاتا قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. الله تائالا ئەھزاب سۈرىسىدە مۇنداق دېگەنىدى:

﴿مۆمىنلەر ئىتتىپاقداش قوشۇننى كۆرگەن چاغدا: «بۇ (يەنى قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش) الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىزگە ۋەدە قىلغان ئىشتۇر. الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى راست ئېيتتى» دېيىشتى. (بۇ ئىش) ئۇلارنىڭ (الله قا بولغان) ئىمانىنى ۋە (الله نىڭ بۇيرۇقلىرىغا بولغان) بويسۇنۇشىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى﴾.

قۇرەيش قوشۇنى مەدىنىگە يېتىپ كەلدى.

مەدىنە بىردىنلا قورقۇنچلۇق دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ناھايىتى گۈزەل ئارالغا ئايلىنىپ قالغاندى. دېڭىز توختىماي دولقۇنلاپ، ئارالدىكىلەرنى بوغۇۋېتىشكە ئۇرۇناتتى. مۇسۇلمانلارنىڭ ئوقلىرى سانجاق ـ سانجاق. ئاچ بۆرىدەك قۇتۇراپ تۇرغان قوشۇننىڭ ئۈستىگە يامغۇردەك ياغدى. قۇرەيش قوشۇنى گاڭگىرىغان ھالدا خەندەكنىڭ ئەتراپىدا توختىماي ئايلىناتتى. بۇ نېمە ئىش؟ مۇسۇلمانلار بۇنى قانداقمۇ قېزىپ بولغاندۇ؟.... دۈشمەن ئاتلىرى خەندەكتىن ئاتلاپ ئۆتەلمەكچى بولدى، ئەمما مۇسۇلمانلار قاتتىق قارشىلىق بىلدۈردى.

ئەھزاب (قەبىلىلەر) ئۇرۇشى داۋاملاشتى.

ئەسلىدە، بۇ بىر چېكرا ئۇرۇشى ئىدى.

دۈشمەنلەرنىڭ قورشاۋى ئۈچ ھەپتە داۋاملاشتى. بۇ ئۈچ ھەپتە داۋامىدا، كۈندۈزلىرى ھۇجۇم توختىمىدى، كېچىلىرى كۆزلەر يۇمۇلمىدى، مۇسۇلمانلار قورقۇپ كەتكەنلىكىدىن مەدىنىنىڭ ئىشغال قىلىنغان ياكى قىلىنمىغانلىقىنى، دۈشمەنلەرنىڭ بىرەر كاماردىن شەھەرگە كىرگەن ياكى كىرمىگەنلىكىنى بىلەلمىدى. بەزىدە، كەلكۈن خەندەكتىن تېشىپ شەھەرگە، ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگىچە بېسىپ كېلەتتى. ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسى قەتئىي قارشىلىق بىلدۈرۈش ۋە ئاجايىپ كۈچلۈك چىدامچانلىق نەتىجىسىدە ئارقىغا چېكىندۈرۈلمەكتە ئىدى. سۇنىڭ كاماردىن ئېتىلىپ چىقىشى ماددىي قانۇنلارغا ئۇيغۇن بولسىمۇ، ئەمما چىققان كامارغا قايتىپ كىرىشى مۇتلەق بىر مۆجىزىگە باغلىق ئىدى.

مۇسۇلمانلار مەدىنە قورشاۋغا ئېلىنغان مەزگىللەردە، بۇ مۆجىزىنى بىر نەچچە قېتىم ئەمەلگە ئاشۇردى .

ئۇلۇغ الله خەندەك ئۇرۇشىنىڭ ئەھۋالىنى مۇنۇ سۆزلىرى بىلەن تەسۋىرلەيدۇ:

﴿ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار يۇقىرى تەرىپىڭلاردىنمۇ، تۆۋەن تەرىپىڭلاردىنمۇ (ھۇجۇم قىلىپ) كەلگەن ئىدى. بۇ چاغدا كۆزۈڭلار چەكچىيىپ قالغان، يۈرىكىڭلار ئاغزىڭلارغا قاپلىشىپ قالغان، الله ھەققىدە تۈرلۈك گۇمانلاردا بولغان ئىدىڭلار. بۇ يەردە مۆمىنلەر سىنالغان ۋە

---

سۈرە ئەھزاب 22 ـ ئايەت.

يازغۇچى «مۆجىزە» كەلىمىسىنى زامانىمىزدىكى «مەشھۇر» كەلىمىسىنىڭ ئورنىدا قوللانغان. مۆجىزە ـ الله نىڭ ئىزنى بىلەن پەيغەمبەرلەر تەرىپىدىن مەيدانغا كەلتۈرۈلىدۇ. جۈملىنىڭ ئۇسلۇبى ۋە راۋانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، يازغۇچىنىڭ ئىپادىسىنى ئۆز پېتىچە ئالدۇق. ئەمما ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك بۇ ئىپادىنى ماقۇل كۆرمەيمىز ـ ت.

(بېشىغا كەلگەن كۈننىڭ قاتتىقلىقىدىن گويا ئۇلارنى يەر سىلكىگەندەك) قاتتىق تەۋرىنىشكە ئۇچرىغان ئىدى﴾.

يەھۇدىيلارنىڭ مۇسۇلمانلار بىلەن بولغان كېلىشىمنى بۇزۇپ، مۇشرىك قەبىلىلەرگە قوشۇلۇشى ئەھۋالنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى.

بەنى قۇرەيزەمۇ بەنى نەزىر قەبىلىسىنىڭ خائىنلىقى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارنى سۈرگۈن قىلغانلىقىنى ئۇنتۇپ، مۇسۇلمانلار بىلەن بولغان كېلىشىمنى بۇزدى.

ئەھۋال كۈنسېرى ئېغىرلىشىۋاتاتتى، مۇسۇلمانلارنىڭ چېگرالىرى سىناق قىلىنىۋاتاتتى.

خەتەر يۈكسەك پەللىگە چىقتى. مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بۇ خەتەرلىك پەيتتە قانداق قىلىشى كېرەكلىكىنى سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: "ئى الله! ئۇلارنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراتقىن! بىزگە ياردەم قىلغىن!" دەپ دۇئا قىلىڭلار! ـ دېدى.

ئۆز ۋەزىپىلىرىنى تولۇق ئورۇندىغان، ھۇجۇملارغا قارشى تۇرۇش يولىدا مۆجىزىلەرنى ياراتقان بۇ جامائەت اللە قا توختىماي دۇئا قىلماقتا ئىدى.

ئۇلارنىڭ اللە قا دۇئا قىلىشتىن باشقا چارىسى قالمىغانىدى. ئۇلۇغ اللە ھەر نەرسىنى ئەڭ ياخشى ئاڭلىغۇچى ۋە قوبۇل قىلغۇچىدۇر.

ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغانلارنىڭ ئاۋازىنى ئەڭ ياخشى ئاڭلىغۇچى...

جاۋاب قايتۇرۇشقا لايىق بولغانلارغا جاۋاب قايتۇرغۇچىدۇر...

اللە نىڭ مەرھەمىتى مۇسۇلمانلارغا يېتىپ كەلدى. ئۇرۇش ۋەزىيىتى چۈشىنىكسىز بىر شەكىلدە ئۆزگەردى. ھۇجۇمچى قوشۇن ئۆزلىرىنىڭ تالاپەتكە ئۇچرىغانلىقىنى چۈشەندى. ئۈچ ھەپتىدىن بېرى مەدىنىگە ھۇجۇم قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەنىدى.

ئۈمىدسىز بىر تىرىشچانلىق بىلەن تەر تۆكمەكتە ئىدى. ئۇلار بۇ شەكىلدە يەنە ئۈچ يىل تۇرالايتتى. ئەمما شامال كۈچىيىپ، ھاۋا سوۋۇپ كەتتى. قەبىلىلەر قوشۇنىدىن مەخپىي شەكىلدە تارقىلىپ چىقىشقا باشلىدى.

مۇسۇلمانلار ئىلگىرى ھېچ كۆرۈپ باقمىغان شۇرغانلىق ۋە قاراڭغۇ بىر كېچىگە دۇچ كەلدى. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ھاۋا تېخىمۇ قاراڭغۇلىشىپ، شامال تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىۋاتاتتى. شامالنىڭ ئاۋازى خۇددى گۈلدۈرمامىدەك ئاڭلىناتتى.

ھېچكىم قاراڭغۇدا ئۆزىنىڭ بارمىقىنىمۇ كۆرەلمەيتتى ۋە ھەركىم سوغۇقتىن تىترەپ، ئۆز ئورنىدىن مىدىرلىيالماس ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى.

سۈرە ئەھزاب 10 ـ 11 ـ ئايەتلەر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇزەيفە ئىبنى ئەل يامانىنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇ ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇپمۇ ئۇنى كۆرەلمىگەنىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: سەن كىم؟ ـ دەپ سورىدى. ھۇزەيفە:

ـ مەن ھۇزەيفە، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ھۇزەيفەمۇ سەن؟ ـ دېدى.

ھۇزەيفە بۇ سوغۇق ۋە قاراڭغۇ كېچىدە ئورنىدىن تۇرۇشنى خالىمىغانلىقى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىگە بىرەر ۋەزىپە تاپشۇرۇشىدىن ئەندىشە قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۆز جايىدا دۈگدىيىپ تۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇزەيفەگە: بىر خەۋەر ئاڭلاپ قالدىم. سەن بېرىپ ئۇقۇپ باققىن! ـ دېدى.

ھۇزەيفەنىڭ ئىچىگە قاتتىق ۋەھىمە چۈشتى. سوغۇق ئۇنىڭغا قاتتىق ئېغىر كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇ ئورنىدىن قانداق تۇرۇپ، مەدىنىدىن قانداق چىقاتتى؟ دۈشمەن قوشۇنىنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا قانداق سىڭىپ كىرەتتى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇ يەردىكى ئىشلاردىن قانداق خەۋەر بېرەتتى؟

ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن ئورنىدىن تۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئۈچۈن خەيرلىك دۇئا قىلدى. ھۇزەيفە خۇددى ھامامغا كىرىپ قالغاندەك بولۇپ قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ھەم ئەمر بېرىپ ھەم دۇئا قىلغانىدى. ئۇنىڭ ئىچىگە تولغان ئىمانىنىڭ ھارارىتى كۆڭلىنى قاپلىغان قاراڭغۇلۇق ۋە سوغۇقنى يېڭىپ چۈشكەنىدى.

ھۇزەيفە مەدىنىدىن چىقىپ، دۈشمەن قوشۇنىنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا خەۋەر ئېلىپ قايتقۇچە باشقا ئىشقا ئارىلاشماسلىقنى تاپىلىغانىدى، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى پەقەت ئەھۋال ئىگەللەش ئىدى. ئۇ دۈشمەن ئارىسىغا سىڭىپ كىردى، دۈشمەنلەر ئوت يېقىش ئۈچۈن ھەپىلىشىۋاتاتتى، ئەمما ئوت تۇتاشماي تۇرۇپ شامالدا ئۆچۈپ قالاتتى. ئوتنىڭ يېنىدا يوغان ۋە قارا تەنلىك بىر ئادەم تۇراتتى. ئۇ ئادەم ئىسسىنىش ئۈچۈن قولىنى ئوتقا ئۇزىتىپ، ئاندىن ئىككى بېقىنىنى تۇتاتتى. بۇ ئادەم مۇشرىكلارنىڭ باشلىقى ئەبۇسوفيان ئىدى. ھۇزەيفە يايىغا ئوق بەتلەپ، ئۇنىڭغا قارىتىپ ئاتماقچى بولدى. ئەگەر ئوقنى ئاتسىلا، ئۇنى چوقۇم ئۆلتۈرەلەيتتى. مۇسۇلمانلارمۇ ئۇنىڭدىن قۇتۇلغان بولاتتى، ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاپىلىغان سۆزىنى يادىغا ئېلىپ، يايىنى جايىغا ئېسىپ قويدى. ئەبۇ سوفيان:

ـ ئى قۇرەيش قوشۇنى! سىلەر بۇ يەردە تۇرالمايسىلەر، شۇڭا قايتىپ كېتىڭلار! مانا مەن قايتىپ كېتىمەن، ـ دېدى.

ئەبۇسۇفيان چۆكتۈرۈلگەن تۆگىسىگە مىندى ۋە ئۇنى قامچىلىدى. تۆگە ئورنىدىن تۇردى.

ھۇزەيفە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قەبىلىلەرنىڭ چېكىنىش قارارىنى ۋە ھۇجۇمنىڭ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغانلىقىنى يەتكۈزدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ مۇنداق دېدى:

- ھۇجۇم قىلىش نۆۋىتى بىزگە كەلدى. ئۇلار ئەمدى ھۇجۇم قىلالمايدۇ...

قەبىلىلەر قوشۇنى مەغلۇبىيەت ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىشقا تەييارلىنىۋاتقاندا، مەدىنىدىن چىققان بىر قوشۇن قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىنىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ كەلدى. يەھۇدىيلار پەيغەمبەر بىلەن بولغان كېلىشىمگە خىلاپلىق قىلىپ، خەتەرلىك پەيتتە مۇسۇلمانلارغا خائىنلىق قىلغانىدى. ئۇنداق ئىكەن، مانا ئەمدى خائىنلىقنىڭ بەدىلىنى تۆلەش ۋاقتى يېتىپ كەلگەنىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارغا ئۇلارنىڭ نامازدىگەرنى قۇرەيزە قەبىلىسىنىڭ يۇرتىغا بارغاندا ئاندىن ئوقۇيالايدىغانلىقى ئېيتتى. مۇسۇلمانلار بۇ سۆزنىڭ، ئۆزلىرىنىڭ كۈن پېتىشتىن بۇرۇن يەھۇدىي قەلئەلىرىگە ھۇجۇم قىلىدىغانلىقىنىڭ بېشارىتى ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. يەھۇدىيلار يېڭىلدى. قىلمىشلىرى ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىلىشى ئۈچۈن سەئد ئىبنى مۇئازنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلدى. سەئد ئەۋس قەبىلىسىنىڭ رەھبىرى بولۇپ، جاھىلىيەت دەۋرىدە ئەۋس قەبىلىسى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىنىڭ ئىتتىپاقدىشى ئىدى. يەھۇدىيلار بۇ كونا مۇناسىۋەتنىڭ ئۆزلىرىنىڭ چىقىش يولى بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. شۇنداقلا، ئەۋس قەبىلىسىدىكىلەرمۇ ئۆز ئادەملىرىنى كونا ئىتتىپاقداشلىرىغا ئىللىق مۇئامىلە قىلىدۇ دەپ ئويلايتتى. سەئد يارىلانغانىدى. ئۇنىڭغا قەبىلىلەر ئاتقان ئوق تەگكەچكە، چېدىردا ياردار ھالدا ياتاتتى. ئۆز قەبىلىسىدىكىلەر ئۇنىڭدىن بولۇپمۇ، ئۆزلىرىنىڭ كونا ئىتتىپاقداشلىرىدىن بولغان يەھۇدىيلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشنى تەلەپ قىلدى. سەئد ئۇلارغا شۇ مەشھۇر سۆزنى قىلدى: «سەئد ئۈچۈن اللە نىڭ ھۆكمىدە ئەيىبلىگۈچىلەرنىڭ ئەيىبلىشى ئۇنى چېكىندۈرمەيدىغان ۋاقىت كەلدى». شۇنداق قىلىپ، سەئد ئەرلەرنىڭ ئۆلتۈرۈلۈپ، ئايال ۋە باللارنىڭ ئەسىرگە ئېلىنىشىنى ۋە ماللارنىڭ تەقسىم قىلىنىشىنى بۇيرىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ سەئدنىڭ بۇ كەسكىن ھۆكمىنى قوبۇل قىلدى ۋە ئۇنىڭغا: «ئۇلارغا اللە نىڭ يەتتە ئاسمان ئۈستىدىكى ھۆكمىدەك ھۆكۈم قىلدىڭ» دېدى. سەئد تارازىنىڭ بىر تەرىپىدە سالاپلار، ئىلتىماسلار، ئۆتۈنۈشلەر ۋە كونىلارنىڭ نازارىتى بار بولسا، يەنە بىر تەرىپىدە ئىسلامنىڭ كېلەچىكى بارلىقىنى چۈشەنگەنىدى. خەندەك ئۇرۇشىغا قۇرەيزە قەبىلىسى سەۋەبچى بولغانىدى. ئۇلار يۈرگۈزگەن سىياسىي نەيرەڭلەر ئىسلامنى قىسماققا ئېلىپ، ئۇنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن ئىدى. ئۇنداق بولغانىكەن، بۇ زەھەرلىك ئوت - چۆپلەرنى ۋاقتىدا يۇلۇپ تاشلاش كېرەك ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن مەدىنە يەھۇدىيلاردىن تازىلاندى.

...

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۈرىشى داۋاملاشتى. ئۇنىڭ ھەربىي ۋە سىياسىي كۈرىشى بىرلىكتە داۋاملىشىۋاتاتتى.

قۇرەيشلىكلەر بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلىشى، ئۇنىڭ سىياسىي كۈرىشىنىڭ ئەڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئىپادىسى ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمرە ھەج قىلىش ۋە ھەرەم بەيتىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن، مىڭ تۆت يۈز كىشى بىلەن بىرلىكتە كەبە تەرەپكە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلار مەككىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى ھۇدەيبىيە دېگەن يەرگە يېتىپ كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆگىسى يەرگە چۆكۈۋېلىپ، مەككە تەرەپكە ماڭغىلى ئۇنىمىدى. مۇسۇلمانلار:

- قەسۋە ئەسكى خۇي چىقارغىلى تۇردى، - دېيىشتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: قەسۋە خۇي چىقارمىدى. ئۇنىڭ ئۇنداق ئەسكى خۇيى يوق. مەنچە پىلنى مەككىگە كىرىشتىن توسۇپ قالغان كۈچ، مانا ئەمدى تۆگىنى توسۇپ تۇرۇۋاتىدۇ، - دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارغا ھۇدەيبىيەدە قونۇشنى بۇيرىدى. مۇسۇلمانلار ئەتىسى سەھەردە مەككىگە كىرىش ئۈمىدى بىلەن ئۇ يەردە قونۇپ قالدى. ئۇ ئاي ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئاي ئىدى.

پۈتۈن قۇرەيشلىكلەر توپلىنىپ مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئۇلارنىڭ ھېچبىرىنى مەككىگە كىرگۈزمەسلىك قارارىغا كەلدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەلچى ئەۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇشۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى الله قا مىنەتدارلىق ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ئۆمرە ھەج قىلىشقا كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. مەككە مۇسۇلمانلار بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلىشقا قارار بەردى. كېلىشىم بويىچە، مۇسۇلمانلار بۇ يىل مەككىگە كىرمەي قايتىپ كېتىپ، كىلەر يىلى كېلىپ تاۋاپ قىلسا بولاتتى. قۇرەيشنىڭ ئەلچىسى كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى قوبۇل قىلىپ، تېنچلىق ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ كەينىگە قايتىشىنى شەرت قىلغان كېلىشىمنىڭ ماددىلىرىنى ئاڭلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەممە شەرتنى قوبۇل قىلدى. شەرتلەر مۇسۇلمانلار ئۈچۈن پايدىسىز بولۇپ، مۇسۇلمانلارنى ئەسكىرىي ۋە سىياسىي جەھەتتىن چېكىنىپ قالغاندەك ھېس - تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويىدى.

ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ مەسىلە ھەققىدە ھېچكىمدىن مەسلىھەت سورىماسلىقىغا ھەيران قالدى. بۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئادىتى ئەمەس ئىدى.

---

قەسۋە – پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆگىسىنىڭ ئىسمى – ت.

مۇسۇلمانلار شەرتنامە يېزىلىپ، ئىمزالىنىدىغان ئىش قالغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشىلىق بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭدىن مۇنۇ سوئاللارنى سورىدى: سەن ﷲ نىڭ پەيغەمبىرى ئەمەسمۇ؟ بىز مۇسۇلمان، دۈشمەنلىرىمىز مۇشرىك ئەمەسمۇ؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇلارنىڭ ھەممىسىگە: شۇنداق، ـ دەپ جاۋاب بەردى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب قايتىلاپ سورىدى: دىنىمىزغا قىلىنغان بۇ ھاقارەتنى بىز قانداق قوبۇل قىلالايمىز؟

بۇلارنى زامانىمىز تىلى بىلەن ئىپادىلىسەك، ئۇلارنىڭ دېمەكچى بولغىنى مۇنۇلار ئىدى: بىز ھەقلىق تۇرۇپ نېمە ئۈچۈن ئارقىمىزغا قايتىمىز؟ مۇشرىكلارغا پايدىلىق بولغان بۇ تەڭسىز شەرتنامىنى بىز قانداق قوبۇل قىلىمىز؟ ياكى بىز ئۇلاردىن قورقۇۋاتامدۇق؟ ئۇنداقتا، نېمە ئۈچۈن ئۇلارنىڭ تېنچلىق شەرتنامىسىنى قوبۇل قىلىمىز؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: مەن ﷲ نىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرىمەن، ئۇنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلالمايمەن، ئۇ مېنى تەرك ئەتمەيدۇ، ـ دېدى.

مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ جاۋابىنى ئاڭلاپ ھاڭ ـ تاڭ قېلىشتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزلىرى ئارقىلىق ئۇلارغا: مېنىڭ ئەمرلىرىمگە قارشىلىق بىلدۈرمەي ئىتائەت قىلىڭلار، بىز ئاز سەۋرچان بولۇڭلار، ـ دېمەكچى بولغانىدى.

كېيىنكى كۈنلەر، بۇ تالاش ـ تارتىشقا سەۋەبچى بولغان كېلىشىمنىڭ مۇسۇلمانلار قولغا كەلتۈرگەن ئەڭ چوڭ غەلىبە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. بۇ، قۇرەيشلىكلەرنىڭ ئەقلى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھېكمىتى ئارىسىدىكى سىياسىي كۆرەش ئىدى.

قۇرەيشلىكلەر مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ يىل مەسجىدى ھەرەمگە كىرمەسلىكى ۋە قايتىپ كېتىشى ئۈچۈن بارلىق ئەقلىنى ئىشقا سالدى. ھالبۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھېكمىتى دۈشمەنلەرنىڭ ئەقلى يەتمىگەن كەلگۈسى كۈنلەرنى ئالدىن كۆرەلىگەنىدى. كېلىشىم ھازىرچە مۇسۇلمانلارنى يېڭىلگەندەك ۋە ئۇلارنى قۇرەيشلىكلەرنىڭ شەرتنامىسىگە تەسلىم بولغاندەك كۆرسەتسىمۇ، بىر نەچچە ئايدىن كېيىن ئەھۋال پۈتۈنلەي باشقىچە بولاتتى.

سۇھەيل ئىبنى ئامىر قۇرەيشلىكلەرنىڭ ۋەكىلى، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ كېلىشىمنامىدىكى كاتىبى ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلىگە: «رەھمان ۋە رەھىم سۈپەتلىك ﷲ نىڭ ئىسمى بىلەن ياز!» دېدى.

قۇرەيشنىڭ ۋەكىلى: مەن بۇنى بىلمەيمەن، «ئى ﷲ ! سېنىڭ ئىسمىڭ بىلەن (بىسمىكەللاھۇممە)» دەپ ياز! ـ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلىگە: «ئى ﷲ! سېنىڭ ئىسمىڭ بىلەن» دەپ يازغىن! ـ دېدى.

قۇرەيشنىڭ ۋەكىلى قەستەن پۈتاق چىقاردى.

ئەمەلىيەتتە «بىسمىكەللاھۇممە» بىلەن «بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم» نىڭ ھېچقانداق پەرقى يوق ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلىگە: «بۇ، ﷲ نىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد بىلەن قۇرەيش ۋەكىلى سۇھەيل ئىبنى ئامىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن كېلىشىمنىڭ ماددىلىرىدۇر» دەپ يازغىن! ـ دېدى.

سۇھەيل بۇ سۆزگىمۇ ئېتىراز بىلدۈرۈپ: سېنى ﷲ نىڭ پەيغەمبىرى دەپ تونىغان بولسام، ھەرگىز سەن بىلەن ئۇرۇشمايتتىم. كېلىشىمگە ئۆز ئىسمىڭنى ۋە داداڭنىڭ ئىسمىنى يازغىن! ـ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلىگە: «بۇ، مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ بىلەن سۇھەيل ئىبنى ئامىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن كېلىشىمنىڭ ماددىلىرىدۇر» دەپ يازغىن! ـ دېدى.

بۇ، بىر قاراشتا ئىككىنچى قېتىملىق چېكىنىش ھېسابلىناتتى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تېخى سىر پەردىسى ئېچىلمىغان ۋە ھازىرچە ئېچىلمايدىغان قانداقتۇر بىر غايىگە يەتمەكچى بولۇۋاتاتتى. بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىسى ﷲ تىن كەلگەن ئىلھام بىلەن ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى.

ئەلى يېزىشنى داۋاملاشتۇردى: «مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ بىلەن سۇھەيل ئىبنى ئامىر مۇنۇ ئىشلارنى قارارلاشتۇردى: خەلقنىڭ خاتىرجەم ھايات كەچۈرۈشى ئۈچۈن ئون يىل ئۇرۇش قىلىنمايدۇ. ئەمما قۇرەيشتىن بىر كىشى مۇسۇلمان بولۇپ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ رازىلىقىنى ئالماي تۇرۇپ مۇھەممەدنىڭ يېنىغا كەلسە، مۇسۇلمانلار ئۇنى قۇرەيشكە قايتۇرۇپ بېرىدۇ. مۇھەممەدنىڭ يېنىدىكىلەردىن بىرەرسى قۇرەيشكە ئۆتۈپ كەتسە، قۇرەيش ئۇنى مۇسۇلمانلارغا قايتۇرۇپ بەرمەيدۇ.»

بۇ شەرت مۇسۇلمانلارغا بەكمۇ ئېغىر كەلدى.

ئەلى داۋاملىق يازدى: «مۇسۇلمانلار بىلەن قۇرەيشلىكلەر ئارىسىدا بىر ـ بىرىگە ياخشىلىق ۋە ۋاپادارلىق قىلىسا بولىدۇ. ئوغرىلىق ۋە بىر ـ بىرىگە خىيانەت قىلىشقا بولمايدۇ. مۇھەممەدنىڭ ھىمايىسىگە كىرىشنى خالىغانلار ئۇنىڭ ھىمايىسىگە كىرەلەيدۇ. قۇرەيشنىڭ ھىمايىسىگە كىرىشنى خالىغانلار قۇرەيشنىڭ ھىمايىسىگە كىرەلەيدۇ. مۇھەممەد بۇ يىل مەككىگە كىرمەي قايتىپ كېتىدۇ. كېلەر يىلى قۇرەيش يېنىپ چىققاندىن كېيىن، ئۆمرە قىلغىلى مەككىگە كىرىدۇ ۋە ئۈچ كۈن تۇرۇپ قايتىپ چىقىدۇ.»

شەرتنامىنىڭ ماددىلىرى مۇسۇلمانلارغا بەكمۇ ئېغىر كەلدى. قايتىشنىڭ سىرىنى ھېچكىم بىلەلمىگەنىدى. كېلىشىم يېزىلىۋاتقاندا يۈز بەرگەن بىر ۋەقە مۇسۇلمانلارنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرۇپ، قاتتىق چۆچۈتىۋەتتى. شەرتنامىگە ئىمزا قويۇلۇۋاتقان ۋاقىتتا، قۇرەيشنىڭ ۋەكىلىنىڭ ئوغلى مۇسۇلمانلاردىن پاناھلىق تىلىدى. ئۇ ئىسلامنى تاللاپ، مۇسۇلمانلاردىن پاناھلىق تىلەپ كەلگەنىدى. دادىسى سۇھەيل بېرىپ ئۇنى ئۇرماقچى ۋە قەبىلىسىگە قايتۇرۇپ بەرمەكچى بولۇپ، ئوغلىنىڭ يېنىغا كەلدى. مۇھاجىر مۇسۇلمان دىنىدىن قايتماسلىق ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزىنى قۇتقۇلدۇرۇۋېلىشىنى تەلەپ قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا سەۋر ـ تاقەت قىلىش ۋە الله تىن ئەجىر ـ مېھنەت كۈتۈشنى ئېيتتى. چۈنكى الله ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىغا ئەجىر ـ مېھنەت ۋە قۇتۇلۇش يولى ئاتا قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنىڭ قۇرەيشلىكلەر بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلغانلىقىنى، بۇ ھەقتە الله قا ۋەدە بەرگەنلىكىنى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ سۆزلىرىدىن يانالمايدىغانلىقىنى چۈشەندۇردى.

مۇسۇلمان بالا چارىسىز ھالدا مەككىگە قايتۇرۇپ بېرىلدى.

مۇسۇلمان ۋە مۇشرىكلار كېلىشىمنى ئىمزالىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېلىشىم ئىمزالىنىپ بولغاندىن كېيىن، ساھابىلىرىگە قۇربانلىقلىرىنى قىلىشنى، ئۆمرە ئېھرامىدىن چىقىپ، مەدىنىگە قايتىش ئۈچۈن چاچ ـ ساقاللىرىنى ئېلىشنى ئۇقتۇردى. ئەمما ساھابىلىرىدىن ھېچقايسىسى ئورنىدىن قوزغالمىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئەمرىنى قاتتىق قايغۇ ۋە ھەيرانلىقتىن ئۈن ـ تىن چىقارمىغان ساھابىلىرىنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى. ئاندىن بىر تۆگىنى قۇربانلىق قىلدى. ساتىراشنى چاقىرىپ، چاچلىرىنى ئالدۇردى. ھېچقايسى مۇسۇلمانغا گەپ قىلمىدى. مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ خاپا بولغانلىقىنى ۋە ئۆزلىرىدىن بۇرۇن ئۆمرىنىڭ ئېھرامىدىن چىققانلىقىنى كۆرۈپ، ماللىرىنى قۇربان قىلىش ۋە بىر ـ بىرىنىڭ چاچ ـ ساقىلىنى ئېلىش ئۈچۈن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

كېيىنكى كۈنلەر كېلىشىمنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئويلىغىنىنىڭ دەل ئەكسىچە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

بۇ، مەغلۇبىيەت ئەمەس، بەلكى غەلىبە ئىدى. شۇنداقلا بۇ تەسلىم بولۇش ئەمەس، بەلكى فەتىھ قىلىش ئىدى.

كېلىشىم ئىمزالانغان كۈندىن ئېتىبارەن، ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى كاپىرلار ناھايىتى تېزلىك بىلەن توپلىنىشقا باشلىدى. قۇرەيش مۇشرىكلىرى كۇپرىنىڭ يولباشچىسى ۋە ئىسلامغا قارشى تۇرغۇچىلارنىڭ بايراقدارى ئىدى. قۇرەيش مۇشرىكلىرىنىڭ مۇسۇلمانلار بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر ئەتراپقا يېيىلىشى بىلەن قۇرەيش

ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان مۇناپىقلارنىڭ پىتنە - پاساتلىرى توختاپ، بۇتپەرەستلەر ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ ھەر تەرىپىگە تارقالدى.

قۇرەيشنىڭ ئىش - پائالىيىتى توختىشى بىلەن مۇسۇلمانلار پائالىيەتكە ئۆتۈپ، ھەقىقەتكە مايىل بولغان ھەر قانداق كىشىنى ئۆزلىرىگە تارتىشقا باشلىدى.

كېلىشىم ھاسىل قىلىنىپ ئىككى يىل ئۆتمەيلا، مۇسۇلمانلارنىڭ سان بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە كۆپىيىپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇدەيبىيەگە مىڭ تۆت يۈز كىشى بىلەن كەلگەنلىكى، ئەمما مەككە فەتھە قىلىنغاندا ئون مىڭ مۇسۇلماننىڭ كەلگەنلىكى بۇنىڭ دەلىلى ئىدى. مەككە كېلىشىم ھاسىل قىلىنىپ ئىككى يىلدىن كېيىن فەتھە قىلىنغانىدى.

مۇسۇلمانلارنىڭ سانى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھېكمىتى ۋە ئالدىن كۆرەرلىكى بىلەن ئىككى يىل ئىچىدە شىددەتلىك دەرىجىدە كۆپەيدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سىياسىي كۈرەشتە زەپەر قۇچقانىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ زىيىنىغا تۈزۈلگەن شەرتلەر قۇرەيشلەرنىڭ زىيىنىغا ئايلاندى.

مۇسۇلمانلار مۇسۇلمانلىقتىن كېچىپ، كاپىر بولغانلار ۋە قۇرەيش مۇشرىكلىرىدىن پاناھلىق تىلىگەنلەرنى ئۆز يېنىدا تۇتۇپ تۇرۇشى كېرەك ئىدى. اللە ئىسلامنى بۇ خەتەردىن ساقلىدى.

كاپىرلاردىن مۇسۇلمان بولۇپ، مۇسۇلمانلاردىن پاناھلىق تىلىگەنلەرنى، قۇرەيشلەرگە قايتۇرۇپ بېرىشى كېرەك ئىدى. بۇ ئارقىلىق قۇرەيشنىڭ ئىچىدە مۇسۇلمانلارغا تەۋە جاسۇسلار شەكىللەندى. ۋەياكى ئۇلار قەبىلىلەرنىڭ يولىنى توسۇيدىغان ۋە قۇرەيشلىكلەرنىڭ ئارىسىدا ئۈچلۈق تىكەندەك ياشايدىغان كىچىك بىر جەڭ تەشكىلاتى قۇرۇش ئۈچۈن قۇرەيشتىن قاچاتتى.

كۆپ ئۆتمەي، قۇرەيشلىكلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۆزلىرىدىن قېچىپ مۇسۇلمان بولغانلارنىڭ ئۆزلىرىگە قارشى ئېتىلغان ئوقتەك قايتۇرۇپ بېرىلمەي، مۇسۇلمانلارنىڭ يېنىدا تۇرۇپ قېلىشىنى تەلەپ قىلىپ ئادەم ئەۋەتتى.

شۇنداق قىلىپ، قۇرەيشلىكلەر ئۆزلىرى مەجبۇري يازدۇرغان ۋە ھەزرىتى مۇھەممەد خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلغان شەرتلەردىن ۋاز كەچتى.

قۇرەيشلىكلەرنىڭ كېلىشىمدىن ۋاز كېچىشى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى يەھۇدىيلار ئۈچۈن ۋاقىت چىقىرىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. يەھۇدىيلار داۋاملىق تۈردە مۇسۇلمانلارغا قارشى خىيانەت ۋە سۇيىقەست ھەرىكەتلىرى ئېلىپ بېرىۋاتاتتى. مۇسۇلمانلار بىلەن مۇشرىكلار ئارىسىدىكى تېنچلىق كېلىشى مۇسۇلمانلارنىڭ يەھۇدىيلارنىڭ خىيانەت ۋە سۇيىقەست ھەرىكەتلىرىگە قارشى تۇرۇشىغا پۇرسەت يارىتىپ بەردى.

بىر قانچىلىغان ئۇرۇشلار نەتىجىسىدە، يەھۇدىيلارنىڭ كۈچى زەئىپلىشىپ، سۈرگۈن قىلىنىشقا باشلىدى. كېيىن قۇرەيشلەر كېلىشىمدىن ۋاز كەچتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى ئۈزلۈكسىز مەيدانغا كەلگەن مۇجادىلە ۋە ئىستىراھەت ئۈچۈن ھېچقانداق ۋاقىت بولمىغان توختاۋسىز ئالدىراشلىق ئىچىدە ئۆتتى. ئۆيى ۋە شەخسىي ھاياتى ئالدىراشچىلىقنىڭ مەركىزى ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توققۇز نەپەر ئايالغا ئۆيلەندى. توققۇز ئايالغا ئۆيلىنىش، ئىسلامىي دەۋەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغىلا خاس ئالاھىدىلىك ئىدى. بۇ باشقا مۇسۇلمانلارغا. ئادىل مۇئامىلە قىلىش شەرتى بىلەن تۆت ئايالغا ئۆيلىنىشكە رۇخسەت قىلغان دەۋەت ئىدى. ئادىل مۇئامىلە قىلالماسلىقتىن قورققان مۇسۇلمانلارنى بىرلا ئايال بىلەن كۇپايىلىنىشكە بۇيرىدى. مۇشرىك ۋە ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ كۆپىنچىسى بۇ ئىشنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇيغۇن دەپ قارىمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ توققۇز ئايالغا ئۆيلىنىشى، ئۇلارنىڭ ئەڭ كۆپ تەنقىد قىلىش تېمىسى ۋەياكى تەنقىد قىلالىشى پەرەز قىلىنىدىغان بىردىنبىر تېمىسى ئىدى. ئەمەلىيەتتە بولسا، بۇ ئۆيلىنىشنىڭ كۆپىنچىسى ئىسلامىي دەۋەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك سىياسىي ۋە ئىنسانىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بولغان ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك ھادىسىلەردە، ئۇنىڭ يىگىرمە بەش يېشىدا ھەزرىتى خەدىچەگە ئۆيلەنگەنلىكىنى ۋە ئۇ ۋاقىتتا خەدىچەنىڭ قىرىق ياشتا ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ ئۆتتۇق. خەدىچە ئانىمىز تاكى ئاتمىش بەش ياشقا كەلگىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەقەتلا ئۇنىڭ بىلەنلا ئۆي تۇتتى. خەدىچە ئانىمىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەللىك ياشتىن ئۆتكەندىن كېيىن ئالەمدىن ئۆتكەندى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى خەدىچەگە ئۆزىگە پەيغەمبەرلىك بېرىلىشتىن بۇرۇن ئۆيلەنگەن ئىدى ۋە پەيغەمبەرلىك سۈپىتى بىلەن تاكى ۋاپات بولغانغا قەدەر خەدىچەگە سادىق بولۇپ ئۆتكەندى. ئەمما پەيغەمبەرلىك يولى، جىھاد مۇشەققىتى، ئىنسانىي مەرھەمەتى، ئىسلام ئۈچۈن كۆرسەتكەن پىداكارلىقى ۋە الله نىڭ ئەمرى ئۇنى ئاياللىرىنىڭ سانى توققۇزغا يەتكۈچە ئۆيلىنىشكە مەجبۇر قىلغانىدى.

ئۇنىڭ ھەزرىتى ئائىشەگە (گەرچە يېشى كىچىك بولسىمۇ) ئۆيلىنىشى، ھەزرىتى ئەبۇبەكرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىش ئىدى. چۈنكى ئائىشە ئەبۇبەكرىنىڭ قىزى ئىدى. شۇنداقلا، ئۇنىڭ ھەفسەگە (ئۇ گەرچە ئالاھىدە بىرى بولمىسىمۇ) ئۆيلىنىشى، ھەزرىتى ئۆمەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىش ئىدى. چۈنكى ھەفسە ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ قىزى ئىدى.

ئۇ الله يولىدا شېھىت بولغان قوماندانىنىڭ تۇل قالغان ئايالى ئۇممۇ سەلەمەگە ئۆيلەندى. ئۇممۇ سەلەمە ئېرى بىلەن بىرلىكتە ھەبەشستان ۋە مەدىنىگە قىلغان ھىجرەتنىڭ

رىيازەتنى يەتكۈچە تارتقان ئىدى. ئۇنىڭ ئېرى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ھايات بورانلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يالغۇز قالغاچقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئۆيىگە ئېلىپ كەلگەنىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەۋداغا ئۆيلىنىش ئارقىلىق ئۇنىڭ مۇسۇلمانلىقىنى، ياشانغانلىقىنى، ئەرلەردىن يىراق تۇرۇشىنى ۋە ھاياتتىكى يالغۇزلۇقىنى كۆزدە تۇتقان ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زەينەپ بىنتى جەھشكە ئۆيلىنىشى بولسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن قىلىنغان چوڭ سىناق ئىدى. الله تائالا جاھىلىيەت دەۋرىدە ئومۇملاشقان بالا قىلىۋېلىش ئادىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زەينەپكە ئۆيلىنىشنى ئەمر قىلدى.

زەينەپ بەنى ھاشىم قەبىلىسىدىن بولۇپ، ئۇ زەيد ئىبنى ھارىسقا ئۆيلىنىشنى رەت قىلغۇدەك دەرىجىدە ئېسىل نەسەبلىك ئىدى. زەيد بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئازاد گەردىسى بولۇپ، ئۇنى ئۆز نەسەبىگە قېتىۋالغان، ئۆزىگە ئەۋلاد قىلىۋالغان ۋە زەيد ئىبنى مۇھەممەد دەپ ئاتىغان ئاسراندىسى ئىدى.

زەينەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پىكرى ۋە الله نىڭ ئەمرىگە رازىلىق بىلدۈرۈپ، زەيدكە ياتلىق بولغانىدى.

﴿الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان چاغدا، ئەر ـ ئايال مۆمىنلەرنىڭ ئۆز ئىشىدا ئىختىيارلىقى بولمايدۇ (يەنى الله ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان ئىكەن، ھېچ ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشىغا بولمايدۇ)، كىمكى الله غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلسا، ھەقىقەتەن ئۇ ئوپئوچۇق ئازغان بولىدۇ﴾.

بۇ تۇرمۇشنىڭ داۋاملاشمايدىغانلىقى باشتىن ئېتىبارەن ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. چۈنكى، زەينەپ زەيدنى ياقتۇرمايتتى. زەيد ئۆزىنى ياقتۇرمايدىغان بىرى بىلەن داۋاملىق ئۆي تۇتۇشقا تاقەت قىلالمىدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىپ شىكايەت قىلدى ۋە ئايالىنى قويۇۋېتىشى ئۈچۈن رۇخسەت بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. الله پەيغەمبىرىگە زەيدنىڭ ئايالىنى قويۇۋېتىشكە رۇخسەت قىلىشنى ۋە ئۇنى ئۆز ئەمرىگە ئېلىشنى بىلدۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاتتىق ئازابلاندى. زەيدكە زەينەپ بىلەن بولغان ھاياتىنى داۋاملاشتۇرۇشنى ۋە سەۋر ـ تاقەت قىلىشنى تەۋسىيە قىلدى. ئۇ، خەلقنىڭ ئۆزى ھەققىدە: “ئوغلىنىڭ ئايالى بىلەن ئۆيلەندى” دېيىشىدىن ئەندىشە قىلغان ئىدى. ئەمما، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەندىشە قىلغان ئىش الله تائالا ئەمەلدىن قالدۇرماقچى بولغان ئىش ئىدى. زەيد ئۇنىڭ بېقىۋالغان ئوغلى ئىدى. لېكىن ئىسلامدا بالا قىلىۋېلىش سىستېمىسىغا رۇخسەت قىلىنمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، زەيد زەينەپنى قويۇۋېتىشى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلامنىڭ ھۆكمىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن زەينەپنى ئۆز ئەمرىگە

سۈرە ئەھزاب 36 ـ ئايەت.

ئېلىشى، شۇنداقلا، خەلقنىڭ ئۇزى ھەققىدە تېرىيدىغان گەپ ـ سۆزلەرنى پىسەنتكە ئالماسلىقى لازىم ئىدى. بۇ، ئۇنىڭ ئىسلام ئۈچۈن قىلغان نۇرغۇنلىغان پىداكارلىقلىرىدىن بىرى ئىدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنىدى: ﴿ئۆز ۋاقتىدا سەن الله نېمەت بەرگەن، سەنمۇ ئىنئام قىلغان كىشىگە: «خوتۇنۇڭنى نىكاھىڭدا تۇتقىن. الله دىن قورققىن!» دېدىڭ. الله ئاشكارىلىماقچى بولغان نەرسىنى كۆڭلۈڭدە يوشۇردۇڭ. كىشىلەرنىڭ تەنە قىلىشىدىن قورقتۇڭ. الله دىن قورقۇشۇڭ ئەڭ ھەقلىق ئىدى. مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ بالا قىلىۋالغان ئوغۇللىرىنىڭ قويۇپ بەرگەن خوتۇنلىرىنى نىكاھلاپ ئالسا گۇناھ بولماسلىقى ئۈچۈن، زەينەبنى زەيد قويۇۋەتكەندىن كېيىن ساڭا نىكاھلاپ بەردۇق. الله نىڭ (سېنىڭ زەينەبنى ئېلىشىڭ توغرىسىدىكى) ئەمرى چوقۇم ئورۇنلىنىدۇ﴾.

قۇرەيشلەرنىڭ رەھبىرى ۋە قوماندانى ئەبۇسوفيان ئىبنى ھارىسەنىڭ قىزى ئۇممۇ ھەبىبە مۇسۇلمان بولۇپ، ئېرى بىلەن بىللە ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلدى. مۇساپىرلىق، يالغۇزلۇق ۋە الله تىن قورقۇشنىڭ تەمىنى ئوبدان تېتىدى. كېيىن ئېرى ئۆلۈپ كېتىپ، ئۆزى يالغۇز قالدى. ئۇنىڭ ئىسلامغا بولغان ئەقىدىسى ۋە ئاتىسىغا قارشى تۇتقان پوزىتسىيەسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنى ئۆز ئەمرىگە ئېلىشىغا تۈرتكە بولغان ئىدى.

ئۇممۇ ھەبىبە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمرىگە ئۆتتى. بىر كۈنى، ئەبۇ سوفيان ئۇنىڭ يېنىغا كىردى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سېلىنچىسىنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرماقچى بولۇۋىدى، ئۇممۇ ھەبىبە سېلىنچىنى ئۇ يەردىن ئېلىۋەتتى. ئاتىسى ئۇنىڭدىن: سېلىنچىنى مەندىن ئايىدىڭمۇ ياكى مېنى ئۇ سېلىنچىدىن ئايىدىڭمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇممۇ ھەبىبە جاسارەت بىلەن: بۇ، الله نىڭ پەيغەمبىرىنىڭ سېلىنچىسى، سەن بىر مۇشرىك سەن، ئۇنىڭدا ئولتۇرساڭ بولمايدۇ. ـ دېدى.

سەفىيە بىنتى ھۇيەيىنىڭ ئاتىسى يەھۇدىيلارنىڭ ھۆكۈمدارى ئىدى. جۇۋەيرە بىنتى ئەل ھارىسەنىڭ ئاتىسى بولسا، بەنى مۇستەلىق قەبىلىسىنىڭ رەھبىرى ئىدى. يەھۇدىيلار ۋە بەنى مۇستەلىق قەبىلىسى بىلەن بولغان ئۇرۇش غەلىبە بىلەن ئاياغلىشىپ، ئۇلارنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ قىزلىرى ئەسىرگە ئېلىندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېڭىلگەنلەرنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ قىزلىرىنى ئۆز ئەمرىگە ئالدى. ئىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئويلىغىنىدەك بولدى. مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇرۇغ ـ تۇغقانلىرىنىڭ ئەسىرگە ئېلىنىشىنى قوبۇل كۆرمىدى. شۇنىڭ بىلەن، بەنى مۇستەلىق قەبىلىسى قايتىدىن ھۆرلۈككە ئېرىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتى ئارقىلىق مۇسۇلمانلارغا ئۆزىنىڭ ئۇرۇشتىكى ئىنسانىي مېھرى ـ شەپقىتىنى ۋە ئىنسانىي قېرىنداشلىقنى كۆرسەتمەكچى ئىدى. ئەسلىدە ھېچكىم ئۇرۇش قىلىشنى خالىمايدۇ. ئەمما ئىسلامنى قوغداش مەجبۇرىيەتتۇر. ئىسلامنىڭ ئەسلى مەنىسى مەرھەمەت ۋە مېھرى ـ

سۈرە ئەھزاب 37 ـ ئايەت.

شەپقەت دېگەنلىك بولغاچقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېڭىلگەنلەر ۋە ئەسىرگە چۈشكەنلەرنىڭ ھۆرلۈك ۋە شان - شەرىپىگە ئېرىشىشى، ئەگەر خالىسا، ئىسلامغا كىرىشى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ قىزلىرىغا ئۆيلەنگەنىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇقەۋقىسنىڭ ئۆزىگە جارىيە سۈپىتىدە ئەۋەتكەن قىبتى مەريەمنى ئۆز ئەمرىگە ئېلىشى، مۇسۇلمانلارغا قۇرئاندا كۆرسىتىلگەن ئىسلام - خرىستىئانلىق ئارىسىدىكى دوستلۇققا سەمىمىي بولۇش ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھلى كىتاب ئاياللىرىغا ئۆيلىنىشىنىڭ ھالال ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئىدى. مەريەم بىر ئوغۇل تۇغدى، ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلەرنىڭ دادىسى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بوۋىسى بولغان ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمى قويۇلدى. ئەمما ئىبراھىم كۆپ ئۆتمەي، تېخى بوۋاق چېغىدىلا ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ۋاپاتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن بىر ئىمتىھان، شۇنداقلا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەركەك ۋارىسلىرىنىڭ ئۆز نەسلىدىن بولغان باللاردىن ئەمەس، بەلكى قۇرئانغا مەھكەم ئېسىلغان ۋە ئىسلامىي بۇرچىنى ئادا قىلغانلاردىن بولىدىغانلىقىنىڭ ئىلاھىي ئىشارىتى ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ئۆيىدە ئۆز زامانىدىكى ھەرقانداق بىر مۇسۇلماندىن ئۇزۇنراق تۇرغانلىقىنى ئۆيلىگەنلەر چوقۇم خاتالاشقان بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۆز ئۆيىدىكى ھاياتى تاقەتتىن زىيادە تەقۋا ھايات ئىدى. ھەتتا ئاياللىرىدىن بەزىلىرى ئۇنىڭغا نارازىلىق بىلدۈردى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەرگە ئوخشاش بايلارنىڭ ئائىلىلىرىدىن كەلگەنلەرمۇ بار ئىدى. بەزى ئاياللىرى نەپىقىلىرىنى ئۆستۈرۈشنى تەلەپ قىلىش ئۈچۈن ئۆز ئارا بىرلىشىۋالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرىنى تەرك ئەتتى. بۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەممە ئاياللىرىنى قويۇۋەتكەنلىكى ھەققىدە سۆز - چۆچەك تارقالدى. ئاندىن ئۇلارنى ئۆز ئىختىيارلىرىغا قويۇۋېتىش توغرىسىدا ئايەت چۈشتى. بۇ ئايەتلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنى پەيغەمبەر بىلەن ئۆي تۇتۇشتىكى قىيىن تۇرمۇش بىلەن تالاق قىلىنىشتىن ئىبارەت ئىككىسىنىڭ بىرىنى تاللاش ئىختىيارلىقىغا قويۇپ بېرىش ئۈچۈن چۈشكەنىدى. الله تائالا ئەھزاب سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى پەيغەمبەر! (ئارتۇق خىراجەت سوراپ سېنى رەنجىتكەن) ئاياللىرىڭغا ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر دۇنيا تىرىكچىلىكىنى (يەنى پاراۋان تۇرمۇشنى) ۋە دۇنيانىڭ زىبۇ زىننىتىنى كۆزلىسەڭلار، كېلىڭلار، سىلەرگە بىر ئاز نەرسە بېرەي، سىلەرنى چىرايلىقچە قويۇپ بېرەي. ئەگەر سىلەر اللە نى ۋە اللە نىڭ پەيغەمبىرىنى، ئاخىرەت يۇرتىنى ئىختىيار قىلساڭلار، اللە ھەقىقەتەن ئىچىڭلاردىكى ياخشى ئىش قىلغۇچىلارغا چوڭ ساۋابنى (يەنى كۆز كۆرمىگەن، قۇلاق ئاڭلىمىغان ۋە ئىنساننىڭ كۆڭلىگە كەلمىگەن نازۇ نېمەتلەر بار جەننەتنى) تەييار قىلدى»﴾.

سۆز - چۆچەك ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىدىكى تالاش - تارتىش ئاخىرلاشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى تەقۋالىقنى، قىيىن تۇرمۇشنى ۋە

سۈرە ئەھزاب 28 - ۋە 29 - ئايەتلەر.

ئاخىرەت يۇرتىنى دۇنيا ھاياتىدىن ئەلا بىلدى. ئەمەلىيەتتە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنىڭ تەلەپلىرى چەكتىن ئېشىپ كەتمىگەنىدى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالەملەرگە ئۈرنەك بولۇۋاتقان ۋە ئۈرنەك بولغۇسى بىر ئىنسان ئىدى. ئالەملەرگە ئۈرنەك بولغۇچى، مۇسۇلمانلارنىڭ رەھبىرى بولغۇچىلارنىڭ ھاياتىغا ئۈرنەك بولۇش ئۈچۈن پۈتۈن ھاياتىنى زاھىدلىق ئىچىدە ئۆتكۈزىشى كېرەك ئىدى.

اللہ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىغا ئۇلارنىڭ پىداكارلىقىنىڭ مۇكاپاتىنى بەردى. اللہ تائالا ئۇلارنىڭ دەرىجىلىرىنى ئۈستۈن قىلدى ۋە ئۇلار مۆئمىنلەرنىڭ ئانىلىرى بولدى. اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەيغەمبەر مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ ئۆز نەپسلىرىدىنمۇ چارىدۇر، پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرى ئۇلارنىڭ ئانىلىرىدۇر﴾. 

بۇ مەنۇي ئانىلىقنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئۇلار ناھايىتى مەھكەم ئورۇنۇشقا بۇيرۇلدى. بۇ، مۇسۇلمان ئاياللارغا بۇيرۇلغاندىن تېخىمۇ ئۈستۈن دەرىجىدە ئورنىنش ئىدى.

...

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۈرىشى توختاۋسىز داۋاملاشتى. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ھۆكۈمدارلار، پادىشاھ ۋە قەبىلە رەھبەرلىرىگە ئەۋەتكەن مەكتۇپلىرى ئىسلامنىڭ ئالەمشۇمۇل ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە ۋە قوللاپ قۇۋۋەتلىمەكتە.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزانس پادىشاھى قەيسەرگە مەكتۇپ ئەۋەتىپ، ئۇنى ئىسلامغا دەۋەت قىلدى. ئۇ يەنە دەمەشق (شام) ئەمرىگە، بىزانسنىڭ باسرا ۋىلايىتى ( ھازىرقى ئىراقتا ) ئەمرىگە، قىبتىلارنىڭ باشلىقىغا، ئىران ھۆكۈمرانى كىسرا پەرۋىزگە ۋە بەھرەيىننىڭ مەجۇسى ئەمرىگە مەكتۇپ ئەۋەتتى. ئۇ مەكتۇپلارنى بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەنىدى.

ھەزرىتى مۇھەممەدنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇپ ئالغانلار ھەر خىل ئىپادە بىلدۈردى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە، ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، مەكتۇبنى كەلتۈرگەن ئەلچىنى سوۋغا ـ سالاملار بىلەن يولغا سېلىپ قويغانلار، ئاچچىقىدىن مەكتۇپنى يىرتىپ تاشلىغانلار، ئەلچىنى خۇش چىراي قارشى ئېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا لايىقىدا جاۋاب قايتۇرغانلار ۋە ھەقىقەتەن ئىمان ئېيتىپ، مۇسۇلمان بولغانلار بار ئىدى.

بۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنىڭ ئومۇمىي ۋە ئالەمشۇمۇل ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشى، تېخى سىر پەردىلىرى ئېچىلمىغان كۆڭلەرنىڭ تەييارلىقى ئىدى.

...

 سۈرە ئەھزاب 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

كۈنلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باشچىلىقىدا ئارقا ـ ئارقىدىن مەيدانغا كەلگەن قاينام ـ تاشقىنلىق ئىچىدە ئۆتتى. نىھايەت، مەككە فەتىھ قىلىندى. ئەرەب يېرىم ئارىلى بۇتلاردىن تازىلاندى. كىشىلەر اللە نىڭ دىنىغا توپ ـ توپ بولۇپ كىرىشكە باشلىدى.

اللە مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىنى پۈتۈنلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ۋىدالىشىش ھەججىنى قىلدى. ئەرەفات تېغىدا ئۇنىڭغا مۇنداق ۋەھيى قىلىندى: 《بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم》. ▯

بۇ ئايەتنى ئاڭلىغان ئەبۇبەكرى يىغلاپ كەتتى. ئۇ، ئۇلۇغ اللە نىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەزىپىسىنى ئاياغلاشتۇرغانلىقىنى، شۇنداقلا، قۇرئاننىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن خەۋەر بېرىۋاتقانلىقىنىمۇ چۈشەنگەن ئىدى.

...

هەزرىتى ئائىشە ئۆيىنىڭ ئالدىدا چۇرقىرىشىپ ئويناۋاتقان باللارغا: ۋارقىراشماڭلار! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مىجەزى يوق، ـ دېدى. باللار جىمىقتى ۋە بىردىنلا ئۇلارنىڭ ئىچىگە ۋەھىمە چۈشتى. ئۇلار يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇرۇنقىدەك ئۆزلىرىنى ئەركىلىتىپ ئويناتمىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ھەمىشە تەبەسسۇم يېغىپ تۇرىدىغان ۋە ئالتۇن تاۋاقتەك پارقىراپ تۇرىدىغان نۇرلۇق چېھرىنى سولغۇنلۇق قاپلىغانلىقىنى ئاڭقىرغانىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام فازىل ئىبنى ئابباس ۋە ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىبنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆيگە كىردى. ئۇنىڭ پۇتلىرى گەۋدىسىنى كۆتۈرەلمىگىدەك ھالغا كېلىپ قالغانىدى. ھارغىن ۋە بىئارام كۆرۈنەتتى. كۈن كەلدى. ئۇ ئۇلۇغ ۋۇجۇد تۆشەككە، كېسەل گىردابىغا ۋە ئۆلۈم ئەلچىلىرىگە تەسلىم بولدى.

ئائىشە ئۇنى قاتتىق تۆشەكگە ياتقۇزۇپ، قولىنى پىشانىسىگە ئۇزاتتى. پىشانىسى ئوتتەك قىززىق ئىدى. ئائىشە كۆزىگە لىق ياش ئالغان ھالدا: ئاتا ـ ئانام پىدا بولسۇن! ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! بىر يېرىڭ ئاغرىۋاتامدۇ؟ ـ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن كۈلۈمسىرىدى ۋە مۈگدەشكە باشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زېھنىدىن بىر قاتار ئەسلىمىلەر ئۆتۈشكە باشلىدى.

ئەنە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ھىرا غارىدا ئۇنىڭغا ۋەھيى ئېلىپ كەلمەكتە.

ئۇ مۇبارەك ۋاقىتتىن توپتوغرا 23 يىل ئۆتتى. مانا ئەمدى، خۇددى چۈشتەك كۆرۈنمەكتە. ئۆتۈپ كەتكەن شۇنچە يىل خۇددى بىر مىنۇتتەك تۇيۇلماقتا.

▯ سۈرە مائىدە 3 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

الله يولىدا قىلىنغان ھەر بىر ئىش ئۇنىڭغا يەڭگىل تۇيۇلاتتى. ئۇ ئۆز تاقىتىدىن بىر نەچچە ھەسسە ئېغىر ئازابلارغا بەرداشلىق بەردى. ھېچقاچان ئۆزىگە شىكايەت قىلىپ كەلگەنلەرگە بويۇن ئەگمىدى. ئېتىقاد قىزغىنلىقى ئەگەشكۈچىلىرىگە چەكسىز كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە تەجرىبە ئاتا قىلدى.

الله قا ھەمدۇسانالار بولسۇن! نىھايەت ئىسلام كۈچلەندى ۋە ئۇنىڭ مەنبەسى چوڭقۇرلاشتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بىر دەم داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئاندىن ھەزرىتى ئائىشەنىڭ يەڭگىل يىغا ئاۋازىدىن ئۆزىگە كەلدى. كۆزلىرىنى ئېچىپ ئائىشەنىڭ يۈزىگە قارىدى. بېشىنىڭ قاتتىق ئاغرىقى، قىززىتما ۋە ئاغرىق ئازابىغا چىداپ تۇرۇپ، ئائىشەنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن يەنە كۈلۈمسىرىدى. ئاندىن كۆزلىرىنى يۇمدى ۋە ھوشىدىن كەتتى.

ئائىشە نېمە ئۈچۈن يىغلاۋاتقاندۇ؟ الله مەككىنىڭ فەتھى ۋە بەيتۇللاھنىڭ تازىلىنىشى ئارقىلىق بۇ زور جىھادنى ئەڭ چوڭ غەلىبىگە ئېرىشتۈرمىدىمۇ؟ ئەسلىملەر داۋاملىق ئۇنىڭ خىيال ئېكرانىدىن ئۆتۈشكە باشلىدى. قۇرەيشلىكلەرنىڭ ھۇدەيبىيە كېلىشىمىنى ۋە مۇسۇلمانلار بىلەن بولغان ئىتتىپاقىنى بۇزۇپ، قۇزائە قەبىلىسى بىلەن ئۇرۇشقانلىقى ۋە بەيتۇللاھنىڭ ئىچىدە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقى يادىغا كەلدى. خەۋەرلەر پەيغەمبەرگە يېتىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئون مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن يولغا چىقتى. قوشۇن بەكمۇ ھەيۋەتلىك بولۇپ، مۇسۇلمان ئەسكەرلىرى مەككە تاغلىرىدىن خۇددى ھېچقانداق توساققا ئۇچرىمىغان كەلكۈندەك ئېقىپ چۈشتى.

سەپ ـ سەپ، رەت ـ رەت... ئوقچىلار، قىلىچلىقلار ۋە ئاتلىقلار ئۆتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام يېشىل رەڭلىك سەپنىڭ ئىچىدە، ئەتراپىدا يەنە مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارلار بار ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆز قارىغۇچىدىن باشقا ھېچبىر يېرى كۆرۈنمەيتتى. چۈنكى پۈتۈن بەدىنى ساۋۇت ۋە قورال ـ ياراغ بىلەن ئورالغانىدى.

ئىسلامنىڭ قىلىچلىرى پارقىرىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام تۆگىسىگە مىنگەن ھالدا، مەككىنى فەتھى قىلغان بۇ قوشۇننىڭ ئوتتۇرىدا كېلىۋاتاتتى. الله قا بولغان مەمنۇنىيىتى ۋە كەمتەرلىكىدىن بېشى ئالدىغا ئېگىلىپ، تۆگىنىڭ لوكىسىغا تېگەيلا دەپ قالغانىدى.

مەككە دەرۋازىلىرى بۇ قوشۇن ئۈچۈن داغدام ئېچىلدى. مەككىنىڭ كاتتىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى مۇسۇلمانلارغا تەسلىم بولدى. ئۇ يەردە الله نىڭ كەلىمىلىرى يۈكسەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بەيتۇللاھقا كىرىپ، كەبىنى تاۋاپ قىلدى. ھاسىسى بىلەن كەبىگە تىزىلغان بۇتلارنى ئۇرۇپ ھەممىسىنى چېقىۋەتتى. بۇتلار يەرگە چۈشۈپ پارچە ـ پارچە بولۇپ كەتتى. كەبىنىڭ ئىشىكىنى ئاچقۇزدى. ئۇ يەر رەسىم بىلەن تولغانىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھەزرىتى ئىبراھىم بىلەن ھەزرىتى ئىسمائىل ئەلەيھسسالاملارنىڭ

رەسىملىرى بار بولۇپ، بۇ ئىككى پەيغەمبەر قوللىرىدا پال ئوقى تۇتقان ھالدا قىسمەت تىلەۋاتاتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئىككى پەيغەمبەرگە قىلىنغان ئاھانەتنى لەنەتلەپ: « الله بۇ ئىشنى قىلغانلارنى ھالاك قىلسۇن! الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى! بۇ ئىككى پەيغەمبەر ھەرگىزمۇ بۇنداق قىسمەت تىلىمىگەن ئىدى » دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇلارنىڭ ھەممىسىنى يوق قىلدى. مەسجىدنى بۇتلاردىن تازىلاپ، ئۇنى قايتىدىن الله ياراتقان شەكىلگە، مۇتلەق تەۋھىدكە ئائىت بىر ئۆيگە ئۆزگەرتكەندىن كېيىن، قۇرەيش قەۋمىگە يۈزلەندى. ئۇلارنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە الله قا دەۋەت قىلدى. ئاندىن ناماز ۋاقتى كىردى. بىلال كەبىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئەزان توۋلىدى. مەككە خەلقى تاغلارنىڭ ئارىلىرىغىچە ياڭرىغان بۇ ئاۋازغا قۇلاق سالدى:

الله ھۇ ئەكبەر، الله ھۇ ئەكبەر، الله ھۇ ئەكبەر، الله ھۇ ئەكبەر.

ئەشھەدۇ ئەنلا ئىلاھە ئىللاللاھ، ئەشھەدۇ ئەنلا ئىلاھە ئىللاھ.

ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇلۇللاھ، ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ.

ھەييەئەلەسسالاھ، ھەييە ئەلەسسالاھ،

ھەييە ئەلەلفەلەھ، ھەييا ئەلەلفەلەھ،

الله ھۇ ئەكبەر، الله ھۇ ئەكبەر.

لا ئىلاھە ئىللاللاھ!

نىھايەت، بەيتۇللاھنىڭ مۇقەددەس ۋە ئۇلۇغلۇقى قايتىدىن ئەسلىگە كەلدى.

ئەسلىملەر داۋاملىق ئۆتمەكتە.

ئەنە... مەغلۇبىيەت، زەپەر ۋە غەنىمەتلىرى بىلەن ھۇنەيىن جېڭى... مانا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى كۈن بۇرۇن مەككە خەلقىدىن ئىسلامغا كىرگەنلەرگە غەنىمەتلەرنى تارقاتماقتا. ئەنسارلارغا ئوخشاش ئىسلام ئۈچۈن بارلىقىنى پىدا قىلغانلارغا تارقاتمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەنسارلاردىن ھېچقايسىسىغا ھۇنەيىن غەنىمەتلىرىنى نېسىۋە بەرمىگەندى. ئەنسارلاردىن بىرى: الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، الله نىڭ پەيغەمبىرى ئۆز قەۋمىگە قايتا ئېرىشتى، ـ دېدى.

سەئد ئىبنى ئۇبادە بېرىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەنسارلارنىڭ نارازىلىقىنى بىلدۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: قايسى ئىش ئۈچۈن نارازى بولۇشتى؟ ـ دەپ سورىدى. سەئد: سەن غەنىمەتلەرنى بەرگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز قەمىڭگە تەۋە بولغان كىشىلەردۇر. ئەنسارلارنىڭ ھېچبىرى غەنىمەتلەردىن نېسىۋە ئالمىدى، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەئد ئىبنى ئۇبادەدىن: ئى سەئد! سەن بۇ ئىشقا قانداق قارايسەن؟ ـ دەپ سورىدى. سەئد:

مەن پەقەت ئۆز قەبىلەمنىڭ بىر ئەزاسىمەن. ـ دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: سەن بېرىپ قەبىلەڭنى يىغقىن، ئاندىن ماڭا خەۋەر بەر! ـ دېدى.

سەئد بېرىپ، ئەنسارلارنىڭ ھەممىسىنى بىر يەرگە يىغدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خەۋەر بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇ اللە قا ھەمدۇ سانا ئېيتقاندىن كېيىن مۇنداق دېدى: «ئى ئەنسارلار جامائىتى! سىلەر يولدىن ئاداشقان مۇشرىك ئىدىڭلار. اللە سىلەرنى مېنىڭ دەۋىتىم ئارقىلىق ھىدايەتكە ئېرىشتۈرمىدىمۇ؟ سىلەر يوقسۇل ئىدىڭلار. مەن ئاراڭلارغا كەلگەندىن كېيىن. اللە سىلەرگە مال ـ مۈلۈك ئاتا قىلمىدىمۇ؟ سىلەر بىر ـ بىرىڭلارغا دۈشمەن ئىدىڭلار. مېنىڭ مەدىنىگە بېرىشىم بىلەن اللە سىلەرنى بىرلەشتۈرمىدىمۇ؟» دېدى.

ئۇلار: شۇنداق. سەن ئېيتقاندەك بولدى. ـ دەپ جاۋاب بېرىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئەنسارىلار جامائىتى! جاۋاب بېرىڭلار!» دېدى.

ئۇلار: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! نېمە دەيمىز؟ قانداق جاۋاب بېرىمىز؟ مىننەت ۋە نېمەت اللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئائىتتۇر. ـ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى! ئەگەر سىلەر خالىساڭلار. مېنىڭ سوئالىمغا مۇنداق جاۋاب بېرەلەيتتىڭلار: سەن بىزگە قوغلانغان ھالدا كەلدىڭ. بىز ساڭا قۇچاق ئاچتۇق. قەۋمىڭ سېنى تەرك ئەتتى. بىز ساڭا ياردەم قىلدۇق. سەن قورققان ھالدا كەلدىڭ. بىز ساڭا خاتىرجەملىق ئاتا قىلدۇق.»

ئۇلار: مىننەت اللە قا ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىگە خاستۇر. ـ دېيىشتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئەنسارلار گۇرۇھى! ئىمانىنى سۆيدۈرۈش ئۈچۈن باشقىلارغا مال بېرىپ سىلەرگە بەرمىگەنلىكىم ئۈچۈن ماڭا نارازى بولدۇڭلارمۇ؟ ئى ئەنسارلار جامائىتى! باشقىلار تەقسىماتتىن ئالغان مال، قوي، تۆگىلەربىلەن ئۆيىگە ماڭغان بولسا. سىلەر ئۆيلىرىڭلارغا پەيغەمبەر بىلەن قايتىشنى خالىمامسىلەر؟ جېنىم ئىلكىدە بولغان اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى! ئەنسارلار بىر يولغا. باشقا ئىنسانلار باشقا بىر يولغا ماڭغان بولسا. مەن چوقۇم ئەنسارلار بىلەن ماڭغان بولاتتىم. ھىجرەت بولمىغان بولسا. مەن ئەنسارلاردىن بىرى بولغان بولاتتىم. ئى اللە ! ئەنسارلارنىڭ باللىرىغا ۋە باللىرىنىڭ باللىرىغا رەھىم ـ شەپقەت قىلغىن!» دېدى.

ئەنسارلار ساقاللىرى ھۆل بولغىچە يىغلاشتى ۋە مۇنداق دېيىشتى: رەببىمىز ئۈچۈن اللق غا. نېسىۋىمىز ئۈچۈن اللە نىڭ ئەلچىسىگە رازى بولدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئەنسارلار مەمنۇن بولغان ھالدا تارقالدى.

ئەنسارلارغا بېرىلگەن بۇ دەرس مۇسۇلمانلارغا ھەر دائىم جان پىدالىق قىلىشىغا ۋە بۇ دۇنيادا مۇكاپات كۈتمەسلىككە ئىشارەت بولغىيمىدى؟ ئەنسارلار ھەقىقي مۇسۇلمانىنىڭ

دۇنياغا بىر نەرسە ئېلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى بېرىش ئۈچۈن كېلىدىغانلىقىنى چۈشەندى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئويغىنىپ، ھۆجرىدا ئۆزىنىڭ يالغۇز ئىكەنلىكىنى كۆردى. پۈتۈن ۋۇجۇدى ئاغرىق ۋە قىززىتمىدىن يېنىۋاتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشەنى چاقىرىپ، ئۇنىڭدىن سەگىدەش ئۈچۈن سۇ سورىدى. ئائىشە جىققىدە سۇ ئېلىپ كەلدى. مۆئمىنلەرنىڭ ئانىلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سۇ سېپىشتى ۋە بۇنى تاكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىززىتمىسى چۈشكەنگە قەدەر داۋاملاشتۇردى.

...

ۋاقىت ئاستا ـ ئاستا ئۆتۈۋاتاتتى. ئاغرىق ئازابى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تېخىمۇ بىئارام قىلىۋاتاتتى. ئۇ، جامائەتكە ناماز ئوقۇپ بېرەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، ئەبۇبەكرىنى جامائەتكە ناماز ئوقۇپ بېرىشكە بۇيرىدى. ئائىشە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزلىرىگە ئەبۇبەكرىنىڭ ناماز ئوقۇپ بېرىشىنى خالىماي قېلىشىدىن ئەندىشە قىلغانلىقى ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بۇ ھەقتە بىر قانچە قېتىم يالۋۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەل رەنجىگەن ھالدا مۇسۇلمانلارغا ئۆزىنىڭ سەۋر غارىدىكى ھەمرىيىنىڭ ناماز ئوقۇپ بېرىشىنى قايتا بۇيرىدى.

ئاغرىق ئازابىنىڭ بىئارام قىلىشى بىلەن پات ـ پات كېلىپ تۇرغۇن ئۇيقۇنىڭ راھىتى ئارىسىدىكى ۋاقىتلاردا ئەسلىمىلەر ئۇنىڭ زېھنىدىن توختىماي ئۆتۈپ تۇراتتى. مۇسۇلمانلارغا ئېيتمىغان نېمە ئىش قالغاندۇ؟ ئۇ مۇسۇلمانلارغا ھەممە نەرسىنى تەبلىغ قىلدى. ئۆگەتتى. ئۇلارغا ئۆزىدىن كېيىن مەھكەم ئېسىلغانلارنى ھېچ ئازدۇرمايدىغان بىر كىتاب قالدۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئاز مۈگىدىدى. زېھنىدىن ئەسلىمىلەر داۋاملىق ئۆتۈپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىنى ۋىدالىشىش ھەججىدىكى ھالىتىدە كۆردى. مۇشرىكلارغا بېرىلگەن ۋەدىنىڭ ۋاقتى توشۇپ، ئۇلارنىڭ مەسجىدى ھەرەمگە كىرىشى چەكلەندى.

ئەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارغا ھەج ئىبادىتىنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى ئۆگەتمەكتە.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەلبىيە ئوقۇغان، بويىنىنى ئەگكەن ۋە ھەققە تەسلىم بولغان ھالدا بەيتۇللاھقا يۈزلەنگەن ۋە ئەجدادلىرى، الله نىڭ دوستى ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى تىرىلدۈرىدىغان مىڭلارچە مۇسۇلماننى ئويلىماقتا، ئەسلىمەكتە.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇتبە ئوقۇش ئۈچۈن ھاجىلارنىڭ ئارىسىدا ئورنىدىن تۇردى. مەخپىي بىر ئاۋاز ئۇنىڭغا ئۇنىڭ دۇنيا ھاياتىنىڭ ئاخىرلىشاي دەپ قالغانلىقىنى بىلدۈرمەكتە. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ كارۋاننىڭ يول باشچىسىز ھەرىكەتلىنىدىغانلىقىنى سەزگەچكە، دەۋىتىنى كۈپەيتىپ، كارۋانغا ئىسلامنى تەۋسىيە قىلماقتا. ئۇنى الله قا دەۋەت قىلماقتا. الله يولىدا ئېلىپ بارغان 23 يىللىق دەۋەت

كۆرىشىدىن كېيىن ئۇلاردىن سورىماقتا: «تەبلىغ قىلدىمۇ؟» ئۇ ئىنسانلار ئۇنىڭ قىلغان تەبلىغىگە ۋە ئاڭلىغان - بىلگەنلىرىگە گۇۋاھ بولماقتا.

ئەنە ئۇ. مۇئاز ئىبنى جەبەلنى چاقىرىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا ئىنسانلارنى الله قا قانداق دەۋەت قىلىدىغانلىقىنى، ئۇلارغا دىننى قانداق ئۆگىتىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرمەكتە. ئاندىن ئۇنىڭغا بەزى ئىشلارنى تەۋسىيە قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن شەھەر سىرتىغا قاراپ ماڭماقتا. مۇئاز تۆگىسىنىڭ ئۈستىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ يېنىدا ماڭغاچ تەۋسىيەلىرىنى بىلدۈرمەكتە، چۈشەندۈرمەكتە.

«ماڭا نىسبەتەن كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى، مەيلى ئۇ كىم ياكى نەدە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەڭ تەقۋا بولغىنىدۇر.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەرھەمەتلىك بولۇشتا، قېرىنداشلىق ۋە كەمتەرلىكتە پۈتۈن ئىنسانلارغا ئۈلگە ئىدى. ئۇ، مۇسۇلمانلارنى قۇرئان بىلەن باشقۇراتتى. ئەمما ئۇ سەلتەنەت، رەھبەرلىك ۋە رەئىسلىك كۆرۈنۈشلىرىدىن ھېچقايسىسى بىلەن كۆرۈنۈشنى قوبۇل قىلمايتتى ھەم ساھابىلىرىگە مۇنداق دەيتتى: «مەن پەقەت الله نىڭ بەندىسىمەن، مېنى الله نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەپ چاقىرىڭلار!»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر توپ ساھابىلىرىنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇلار ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئۆزى ئۈچۈن ئورنىلىرىدىن تۇرماسلىقنى بۇيرىدى. ئۇ ساھابىلىرى ۋە تالىبلىرى بىلەن كۆرۈشكىلى بارغاندا، ئۇلار ئولتۇرغان يەرنىڭ ئەڭ تۆۋەن تەرىپىدە ئولتۇراتتى. ساھابىلىرى بىلەن چاخچاقلىشاتتى. ئۇلارنىڭ ئارىلىرىدا ئولتۇرۇپ سۆھبەتلىشەتتى. ئۇلارنىڭ باللىرىنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئەركىلىتەتتى. چوڭ - كىچىك دېمەي، ھەممەيلەننىڭ دەۋىتىگە ئىلتىپات كۆرسىتەتتى. شەھەرنىڭ ئەڭ يىراق يەرلىرىدىكى كېسەللەرنى يوقلايتتى. ئۆزرە ئېيتىپ كەلگەنلەرنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلاتتى. ئالدىغا ئۇچرىغان كىشىگە ئاۋۋال سالام بېرەتتى. ساھابىلىرى بىلەن ھەممىدىن بۇرۇن قول سىقىشىپ كۆرۈشەتتى. ئۆزى ناماز ئوقۇۋاتقاندا بىرەرسى كېلىپ قالسا، نامىزنى قىسقا ئوقۇيتتى ۋە كەلگەن كىشىنىڭ دەردىگە قۇلاق سالاتتى. ئۇلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولغاندىن كېيىن نامىزنى داۋاملاشتۇراتتى. ئۇ، ئىنسانلار ئىچىدە ئەڭ كۆپ تەبەسسۇم قىلىدىغان ۋە ئەڭ ساپ يۈرەك كىشى ئىدى. ئۆيىدە ھەم ئۆزىگە ھەم ئائىلىسىگە خىزمەت قىلاتتى. كىر - قاتلىرىنى ئۆزى يۇيۇپ، ئۆزى ياماپتتى. قوي ساغاتتى. ئايىقىنى ياماپتتى. تۆگىنى سۇغىراتتى. خىزمەتچىلىرى بىلەن بىرلىكتە غىزالىناتتى. ئاجىز، يوقسۇل، بىچارە ۋە غېرىبلارنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقاتتى. قەلبىنىڭ يۇمشاقلىقى ۋە مەرھەمىتى ئۇ قەدەر ئىدىكى، ناماز ئوقۇۋاتقاندا نەۋرىلىرى دۈمبىسىگە چىقىۋالسا، ئۇلارغا يول قوياتتى. ئۇنىڭ مەرھەمىتى پەقەت ئىنسانلار ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ھايۋانلار، قۇشلار، دەل - دەرەخ...لەرگىچە يېتىپ باراتتى. سوغۇقتىن توڭلىغانلىقى ئۈچۈن ئۆيىگە كىرمەكچى بولغان مۈشۈككە ئۆزى ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىك ئېچىپ بېرەتتى. ماللارغا ئۆز قولى بىلەن يەم بېرەتتى.

سۇغىراتتى. مېھرىبانلىق قىلاتتى. كېسەل بولۇپ قالغان بىر ئىتنى ئۆز قولى بىلەن داۋالىغان ئىدى. ئېتنى كۆڭۈلىكىنىڭ پېشى بىلەن سىلايتتى. دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھلارنى يۇلمايتتى. غازاتقا ماڭغان ۋە ئىسلامنىڭ ئادالىتىنى يايدىغان مۇسۇلمان قوشۇنىغا بوۋاق، ياشانغان، ئايال ۋە بالىلارغا چېقىلماسلىقنى، دەل - دەرەخلەرنى كەسمەسلىكنى ۋە ئۆيلەرنى ئۆرۈۋەتمەسلىكنى بۇيرۇيتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېلىپ كەلگىنى پەقەت ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى تۈزىتىدىغان بىر قانۇن ئەمەس ئىدى. شۇنداقلا يەنە، پەقەت ياشاش شارائىتلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈنلا ئەمەس ئىدى. بۇلار، ئۇنىڭ ھايات يولىنىڭ بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت ئىدى - خالاس!

ئۇ، ئىنسان بىلەن كائىنات ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەكشۈرىدىغان، جانلىق ئىنسان بىلەن ۋەھشىي بولمىغان كائىنات ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئورناتقاندا، مەۋجۇدىيەتنى قايتىدىن رەتلەشكە ئېرىشتۈرىدىغان بىر مەدەنىيەت ئېلىپ كەلگەن ئىدى. شۇنداق بولغاندىلا، ھەم ئىنسان ھەم كائىنات ئۇلۇغ الله قا يۈزلىنىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاياتىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىگىچە دەۋەتنىڭ كېلەچىكى بىلەن مەشغۇل بولغانىدى. ئەلچىلىكىنىڭ نەتىجىسىدىن، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىدىن ئەندىشە قىلغانىدى. قەلبى ئۈممىتىنىڭ ۋە كەلگۈسى مۇسۇلمانلارنىڭ مەسىلىلىرى ئۈچۈن سوقاتتى.

الله ئۇنىڭ قەلبىنى ۋاپاتىدىن بۇرۇنلا ھۇزۇرغا تولدۇردى. الله ئۇنى تاللىغان دۈشەنبە كۈنى سەھەر...

مۇسۇلمانلار ئۆيلىرىدىن چىقىپ مەسجىدكە كەلدى. ئەبۇبەكرىنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ، ھۇزۇر ئىچىدە نامازلىرىنى ئوقۇدى. ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ قىرائىتى جامائەتنى بەكمۇ ھاياجانغا سالاتتى. ئايەتلەرنى ئوقۇغاندا ھەم ئۆزى يىغلايتتى ھەم جامائەتنى يىغلىتاتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشەنىڭ ھۇجرىسىدىن چىقتى. جامائەتنىڭ نامىزى ئاخىرلىشاي دەپ قالغان ئىدى. ئۇلار ئۇنىڭغا ئۆز ئارىلىرىدىن ئورۇن بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ، نامازلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشنى بىلدۈردى ۋە ئۇلارنىڭ ناماز ئوقۇۋاتقان كۆرۈنىشىگە قاراپ كۈلۈمسىرىدى.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىياللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى شۇ ۋاقىتتىكىدەك مەمنۇن ھالدا كۆرمىگەنىدىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇجرىسىغا قايتتى. مۇسۇلمانلار ئۇنى كېسىلىدىن ساقىيىپ قالدى دەپ ئويلاشتى.

ئائىشە مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىدتىن قايتىپ كىرىپ، بېشىنى قۇچىقىمغا قويۇپ ياتتى. ئەبۇبەكرىنىڭ ئائىلىسىدىن بىرى قولىدا يېشىل مىسۋاكنى

تۇتقان ھالدا يېنىمىزغا كىردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ قولىغا قارىدى. مەن ئۇنىڭ مىسۋاكنى ئالماقچى بولغانلىقىنى چۈشەندىم. مەن مىسۋاكنى ئېلىپ يۇمشىتىپ ئۇنىڭغا بەردىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىسۋاكنى چىشلىرىغا سۈركىگەندىن كېيىن قويۇپ قويدى.

...

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆزلىرىنى يۇمدى. ھەزرىتى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز يۇرىكىنىڭ ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆردى. ھەزرىتى جىبرىئىل: ئەسسالاتۇ ۋەسسالامۇ ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! ئۆلۈم پەرىشتىسى يېنىڭغا كېلىش ئۈچۈن سەندىن رۇخسەت سوراۋاتىدۇ. ئۇ سەندىن بۇرۇنقى ھېچبىر ئىنساندىن رۇخسەت سوراپ باقمىغانىدى. سەندىن كېيىنكى ھېچبىر ئىنساندىنمۇ سورىمايدۇ. اللە سېنى دۇنيا ئەبەدىيلىكى بىلەن ئۆز زاتىنى كۆرستىش ئارىسىدا ئۆز ئىختىيارىلىقىڭغا قويدى، ـ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇنيا ئەبەدىيلىكىنى خالىمىدى. ئۇنىڭ قەلبى رەببى بىلەن ئۇچرىشىشنى ئارزۇ قىلغان ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى جىبرىئىلنىڭ ئۆزىنى مىراجغا ئېلىپ چىققان كۈننى ئەسلىدى. قەلبى خۇددى شۇ كۈندىكىدەكلا سۆيۈنۈپ كەتتى.

ھەزرىتى جىبرىئىل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جاۋابىنى ئېلىپ، ئورنىنى ئۆلۈم پەرىشتىسىگە قويۇپ قويدى. ئۆلۈم پەرىشتىسى قاناتلىرىنى يىغىپ، ھەمدۇ سانا ئېيتقان ھالدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇجرىسىغا كىردى.